

يۇسۇپ ئىلياس (قازاقىستان)

# ئېغىر تىنىقلار

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

يۇسۇپ ئىلياس

ئېغىر تىنىقلار

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-13501-1

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

يۈسۈپ ئىلياس (قازاقىستان)

# ئېغىر تىنىقلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

( تارىخىي رومان )

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

沉闷的年代.2：维吾尔文/（哈）玉素甫·伊力亚斯著；阿布都肉苏里·吾买尔改写. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010.8 （2015.7 重印）
ISBN 978-7-228-13501-1

Ⅰ.沉… Ⅱ.①玉… ②阿… Ⅲ.① 长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①Ⅰ247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第118782号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾尔肯·希力甫 |
| 编　　辑 | 阿扎提·阿里玛斯 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔，再米拉 |
| 特约校对 | 万力·再顿 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 1/32开本 |
| 印　　张 | 23.375 |
| 版　　次 | 2010年8月第1版 |
| 印　　次 | 2015年7月第4次印刷 |
| 印　　数 | 10001 — 13000 |
| 定　　价 | 62.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرىسى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 15
ئۈچىنچى باب ........................................ 31
تۆتىنچى باب ........................................ 45
بەشىنچى باب ........................................ 77
ئالتىنچى باب ........................................ 106
يەتتىنچى باب ........................................ 127
سەككىزىنچى باب ........................................ 156
توققۇزىنچى باب ........................................ 187

## ئىككىنچى قىسىم

بىرىنچى باب ........................................ 205
ئىككىنچى باب ........................................ 245
ئۈچىنچى باب ........................................ 278
تۆتىنچى باب ........................................ 308

## ئۈچىنچى قىسىم

بىرىنچى باب ........................................ 352
ئىككىنچى باب ........................................ 378
ئۈچىنچى باب ........................................ 403

تۆتىنچى باب ........................................ 438
بەشىنچى باب ........................................ 463
ئالتىنچى باب ........................................ 480
يەتتىنچى باب ........................................ 502
سەككىزىنچى باب ........................................ 519
توققۇزىنچى باب ........................................ 539

## تۆتىنچى قىسىم

بىرىنچى باب ........................................ 567
ئىككىنچى باب ........................................ 591
ئۈچىنچى باب ........................................ 617
تۆتىنچى باب ........................................ 639
بەشىنچى باب ........................................ 650

## بەشىنچى قىسىم

بىرىنچى باب ........................................ 669
ئىككىنچى باب ........................................ 692
ئۈچىنچى باب ........................................ 701
تۆتىنچى باب ........................................ 704
بەشىنچى باب ........................................ 720
خاتىمە ........................................ 727
مۇئەللىپتىن ........................................ 745

تارىخ دېگىنىمىز ، خەلقنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان،
بۈگۈنكى ھاياتنى چۈشەندۈرىدىغان ۋە كېلەچەك ھاياتقا
يول كۆرسىتىدىغان ئىلىمدۇر.

— مۇئەللىپتىن

# بىرىنچى قىسىم

## بىرىنچى باب

بەزىدە دىن ئىلمىنى سۈدەك سۈمۈرۈۋالغان ئۆلىما ئادەملەرمۇ بېشىغا ئېغىر كۈلپەت چۈشكەندە تۇرلۇك ھېسسىياتلارغا بېرىلىپ، روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ قالىدىكەن. ياقۇپ خوجىمۇ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن خېلى ۋاقىتلارغىچە ئەنە شۇنداق ھالەتنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇنىڭ نەزىرىچە، ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى يۈرىكىنىڭ يېرىمىنى ئەكەتكەندەك، مەيۈس، پەرىشان بولۇپ يۈردى. ئۇ ئىككى ئىشكى بار دەپ ئاتالغان بۇ پانىي دۇنياغا «بىر يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەر كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۈچ يۈز ئون ئۈچ نەپىرى مۇرسەل، يەنى جىبرىئىل (جەبرائىل) دېگەن پەرىشتە ۋەھيي ئەكەلگەن پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ئارىسىدا تۆت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋزەل پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىكىنى، ھەزرىتى ھەقتائالانىڭ يەتتە پەيغەمبەرگە بىر يۈز تۆت كىتاب ئەۋەتكەنلىكىنى، شىش ئەلەيھىسسالامغا ئەللىك سەھىپە، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا ئوتتۇز كىتاب، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا يىگىرمە كىتاب ئەۋەتكەنلىكىنى، يەنە ‹تەۋرات›نى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، ‹ئىنجىل›نى ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا، ‹زەبۇر›نى داۋۇد

ئەلەيھىسسالامغا، ‹قۇرئان›نى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەنلىكىنى»[1] ۋە شۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭمۇ ۋاقىت ـ سائىتى كېلىپ پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا رەھلەت قىلغانلىقىنى؛ بۇلاردىن باشقا قانچە مىڭلىغان پادىشاھ، خان ۋە سۇلتانلارنىڭ، سان ـ ساناقسىز بەندىلەرنىڭ ھەم رىزقى تۈگىگەندە باقىي دۇنياغا سەپەر قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى ۋە بۇ يورۇق ئالەمنى ئادەم باللىرى ئۆچۈن بىر ئىشىكىدىن كىرىپ يەنە بىر ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىدىغان «كارۋان ساراي» دەپ چۈشىنەتتى. ئۇ ئاتىسىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئەنە شۇنداق «كارۋان ساراي»دا تۇرۇۋاتقان ئادەملەر دەپ ھېسابلايتتى. بىراق، دانىيال خوجىنىڭ ئاغرىق كۆرپىسىدە يېتىپ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە مىختەك ئورۇنلىشىپ قالغاندى.

— ئادەم بالىسىنىڭ ئۆمرى بىر نەرسىنى باغلاشقا يارىمايدىغان قىسقا يىپقا ئوخشايدىكەن، بالام. مەن تېخى تۇنۇگۇنلا خان بولۇپ تەختتە ئولتۇرغاندەك قىلىۋېدىم. ھازىر ئويلاپ كۆرسەم ئون بەش يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، لېكىن پۇقرالار رازى بولغۇدەك بىرەر ئىش قىلماپتىمەن. ئىۋۋېچىنىڭ قولىغا چۈشكەن ئارسلان قانچىلىك كۈچلۈك ۋە يۈرەكلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ئەسىر قىلىپ ئويناشقا ئۈگەنگەن خوجىسىنىڭ رايىچە بولغاندەك، مەنمۇ خۇددى شۇنداق بولدۇم ـ دە ... — دېگەنىدى ئۇ.

دانىيال خوجا ئۆلۈشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ياقۇپ خوجا بىلەن يۈسۈپ خوجىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— سىلەرگە يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاپ يۈرگەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈم بار، سىلەرنى ياراتقان ئاللاغا تاپشۇردۇم. قېرىنداشلىرىڭلارنى تەربىيەلەشنى ئەستىن چىقارماڭلار، خۇدايىتائالادىن غاپىل بولماڭلار ۋە شەرئى ھۆكۈمدىن باش

[1] «قىسسەسۇل ئەنبىيا» 15 ـ بەتتىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

تارتماڭلار. بىزگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالامدىن ئىلىم مىراس قالغان، ئالتۇن ـ كۈمۈش قالغان ئەمەس. مەن بۇ جۇڭغارلارغا ئىنقىيات (بويسۇنۇش) پەرمانىبەردارلىقتىن ئۆزگە چارە تاپالمىدىم، ئۇلارغا ئادالەت تىغىنى سۇرەلمىدىم. نە چارە، شۇ ئارزۇ بىلەن ئاخىرەتكە كېتىۋاتىمەن. ئەمما، سىلەر بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسىلەر، ــ دېگەنىدى.

ياقۇپ خوجىنىڭ يادىغا ئاتىسىنىڭ ئاشۇ سۆزلىرى كەلسىلا، ۋۇجۇدى ئېغىرلىشىپ، ئولتۇرغان ئورنىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئويلىنىپ كېتەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاتىسىنىڭ بېشىدىن كەچكەن قىسمەتلەر، خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، ھۆكۈمدار جۇڭغار ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئارقىمۇئارقا تىزىلىپ ئۆتەتتى، بولۇپمۇ ئاتىسىنىڭ قەشقەرىيەگە خان بولۇش ئالدىدا قوبىدىن خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدان①نىڭ ئوردىسىغا ئۆزى بىلەن داندارنى ئەگەشتۇرۇپ كەلگەنلىكى ۋە خۇنتەيجىنى مەدرە بايرىمىغا ئاپىرىپ مىڭلىغان جۇڭغارلارنىڭ ئالدىدا بۇتنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر ئاياق ئەركە② ئىچىشكە مەجبۇر قىلغانلىقى، شۇ چاغدا روھىي ھالىتى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ئاتىسىنىڭ سۇنىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي، ئاتنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئاقىدىغان ئېقىن سۇدا غۇسۇل قىلىپ: «ئەي ئۇلۇغ رەببىم! ماڭا ئوخشاش زالىمنىڭ زۇلمىغا گىرىپتار بولغان قۇلۇڭنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىپ، ئۇنىڭغا نۇسرەت بېرىش پەقەت ساڭىلا خاس پەزىلەتتۇر. سەن ھەممىگە قادىر. يوقنى بار، بارنى يوق قىلغۇچى ئۆزۈڭ» دەپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئاللاغا مۇناجات قىلغانلىقى ۋە ئۆزىنى كۆرۈپ: «تۈنۈگۈندىن بېرى تۇۋا ئۈستىگە تۇۋا قىلىش بىلەن بولۇۋاتىمەن، بالام ...» دېگەنلىرى؛

① چىۋاڭ رابدان ــ بەزى تارىخىي كىتابلاردا «سىۋان رابدان» دەپمۇ ئېلىنىغان.
② ئەركە ــ سۈتتىن ياسالغان موڭغۇل ھارىقى.

كېيىن خۇنتەيجى ئۇلارنى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىپ گۆرۈلۈككە تۇتۇپ قالغاندا: «ھېچقانداق چۈشكۈنلۈككە بېرىلمەڭ، بالام، ھازىرچە سىزدىن ئايرىلىپ يىراققا كەتسەكمۇ، ئوي - خىيالىمىز سىلەردە بولىدۇ. ۋاقتىڭىزنى بوشقا ئۆتكۈزمەي مۇتالىئە قىلىڭ. مۇشۇنداق چاغلاردا ئالىم، پازىللارنىڭ كىتابلىرى مەدەت ۋە سەۋر بېرىدۇ ...» دېگەن سۆزلىرى قۇلىقىدا جاراڭلىغاندەك بولاتتى.

«بىچارە ئاتام ئويلىغان ئىشلىرىنى، ئالدىغا قويغان مەقسەتلىرىنى روياپقا چىقىرالماي، تېشى پۈتۈن، ئىچى تۈتۈن بولۇپ، بۇ بىۋاپا دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ - دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — دېمىسىمۇ بۇ جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىزنىڭ ئەلدىن باشقا جايلارنىمۇ زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلارغا قارشى تىغ كۆتۈرۈش تېخىمۇ خانىۋەيران بولۇشقا سەۋەبكار بولمامدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرىدە ‹دۈشمىنىڭنى يېڭىشكە كۆزۈڭ يەتمىسە مادارا قىل›، دېگەنغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بىزنىڭ خەلقىمىز مەزھەپ تۈپەيلى تائىپىلەرگە بۆلۈنۈپ، بىر - بىرىگە نەپرەت بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلار ئىتتىپاق بولۇشنىڭ ئورنىغا بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىشىدۇ، ئاداۋەت تۇتۇشىدۇ. ئالىم - ئەللامىلىرىمىز، بەگ - ھاكىملىرىمىز خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان. ئەلنىڭ تىنچلىقى دېگەن چۈشەنچىلەرنىڭ ئورنىنى مەزھەپلەر - سۇلۇكلەر كۈرىشى ئىگىلىۋالغان. توۋا، تىلىمۇ، خېتىمۇ، دىنىمۇ، ئۆرپ - ئادىتىمۇ، ياشاۋاتقان يېرىمۇ بىر بولغان خەلقنى تۈرلۈك مەزھەپلەرگە، پالانى يەرلىك، پوكۈنى شەھەرلىك دەپ، شۇنچىلىك پاراكەندىچىلىك سالغان بارمۇ؟ خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى غۇرۇرنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تۇنجۇقتۇرۇش، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا مەھكۇملۇق كىشەنلىرىنى سېلىش — كەچۈرگىلى بولمايدىغان جىنايەتقۇ؟ ئەگەر

‹ئىسھاقىيە›چىلەر (قارا تاغلىقلار) بىلەن ‹ئاق تاغلىق›لار بىر-بىرى بىلەن چىقىشالمىسا، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزلىرى ئەيىبلىك ئەمەسمۇ؟ ئاۋام خەلقتە نېمە گۇناھ بار؟ ئۇلارنىڭ پۇتىغا سېلىنغان مەھكۇملۇق كىشەنلىرىنى ئېلىپ تاشلاش شۇ خەلققە ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان بىزدەك ئادەملەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەسمۇ؟ بۇ ۋەزىپىنى قانداق قىلىپ ئادا قىلىش لازىم؟ قاچانغىچە خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جاراھەتلەرنى شايى-ئەتلەسلەر بىلەن چۈمكەپ يۇرىمىز؟» ياقۇپ خوجىنىڭ ئويى مۇشۇ سوئالغا كەلگەندە توختاپ قالدى. بۇ سوئالغا ياقۇپ خوجىلا ئەمەس، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇغا ئوخشاش شەھەرلەردە ئەمەل تۇتۇپ ھاكىم بولغان ئادەملەرمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ بېشىغا ئۇنداق سوئاللارمۇ كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئوي-خىيالى قانداق قىلىپ مەنسەپ-ئەمىلىنى ئۆستۈرۈش، قانداق قىلىپ جىقراق مال-دۇنيا توپلاشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇنىڭ ئوي-خىياللىرىنى ئىشىك يېنىدا پەيدا بولغان يۇسۇپ خوجا بۆلۈۋەتتى.

— ئىلى تەرەپتىن چاپارمەن كەپتۇ، مېھمانلار كېلىۋاتسا كېرەك.

ياقۇپ خوجا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردا تەرەپكە ماڭدى-دە:

— ئابدۇللا باقاۋۇل بارمۇ؟ — دەپ سورىدى قىزىل-كۆك خىشلار يېيىتىلغان يولدا كېتىۋېتىپ.

— بار، ماڭا شۇ ئادەم ئېيتتى.

ئۇلار ئوردا ھويلىسىغا يېقىنلاشقاندا، ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقان ئابدۇللا باقاۋۇل بىلەن نىياز بەگنى ئۇچراتتى.

— چاپارمەننىڭ گېپىگە قارىغاندا، — دېدى باقاۋۇل سالام-سەھەتتىن كېيىن، — كېلىۋاتقان مېھمانلارنىڭ بىرى خۇنتەيجى ئوردىسىدا تىلماچلىق قىلىدىغان موللا ئىبراھىم مەشھۇر، يەنە بىرەيلەن داندار دورغا دېگەن ئەمەلدار ۋە زەئىپىلىرى ئايشەم ئاغىچىلار ئوخشايدۇ.

— ئۇلار قاچان يېتىپ كېلىدىكەن؟

— چاپارمەننىڭ گېپىگە قارىغاندا، كۈن ئولتۇرغۇچە يېتىپ كەلگۈدەك.

ياقۇپ خوجا ئاسمانغا قارىدى. يۈزنى نېپىز بۇلۇتلار قاپلىغان قۇياش غەرب تەرەپكە قىڭغىيىپ، دەرەخلەرنىڭ سايىسى ئۇزىراشقا باشلىغانىدى.

— دەرھال ئاتلارنى توقۇپ، مەپىلەرنى تەييارلاڭلار، — دېدى ياقۇپ خوجا.

— سىلىمۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقامدىلا؟ — دېدى نىياز بەگ.

— شۇنداق، — دېدى ياقۇپ خوجا.

— مېنىڭچە، سىلى چىقمىسىلا، ئاكا. سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا بىز نىياز بەگلەر بىلەن چىقىپ كۈتۈۋالايلى.

— يۇسۇپ خوجا توغرا دەيدۇ، — دېدى ئابدۇللا باقاۋۇل، — پەرمانقۇل ئىشاننىڭ گېپىگە قارىغاندا، ھازىر دانىيال خوجام رەھمەتلىكنىڭ قەدىسەللاھۇ روھۇھۇل ئەزىز (ئاللاتائالا ئۇ كىشىنىڭ روھىنى مۇقەددەس قىلسۇن) مەكتەپ تەرەپتىكى مۇرىتلىرىدىن بىرقانچىسى تەزىيەت ئېيتقىلى كېلەرمىش.

ياقۇپ خوجا رازىلىق بەردى. دېمىسىمۇ دانىيال خوجا ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئارىدىن بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ھەر كۈنى دېگۈدەك تەزىيە بىلدۈرۈپ كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۇچا، ئەردەۋىل (ئاقسۇ)، بارچۇق، قەشقەر تەرەپلەردىن؛ بەزىلىرى خوتەن، لوپ، چەرچەن، چاقىلىق، ھەتتا تۇرپان تەرەپلەردىن كېلىشەتتى. بۇلار پىرلارنى — دىنىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرغۇچىلار، ئۆز ئۆمرىنى بەندە مۇسۇلمانلارغا ئىمان يولىنى، ئىمان خىسلىتىنى، ئىمان رىسالىسىنى، ئىمان ساداسىنى بىلدۈرۈش، سىڭدۈرۈشكە ئاتىغانلار؛ غاپىل - باتىل بەندىلەرگە توغرا يول كۆرسەتكۈچىلەر. شۇڭا، «پىر رازى - خۇدا رازى» دەپ

چۈشىنىدىغان سوپى ـ دەرۋىشلەر ئىدى. بۇ ئادەملەر دانىيال خوجىنىڭ مۇردىسى چىققان ئۆيگە ئۆزلىرى قول بەرگەن پىر ـ ئىشانلارنىڭ باشلامچىلىقىدا توپ ـ توپ، گۇرۇھ ـ گۇرۇھ بولۇپ كېلىشەتتى ـ دە، قىسقىغىنا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ قەبرىستانلىققا ماڭاتتى. شۇ ئارىلىقتا بەزى سوپى ـ دەرۋىشلەر دانىيال خوجىنىڭ قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغان پەرىجە ـ پەشمەتلىرىنىڭ ئېتەك ـ پەشلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپمۇ ـ ۋالاتتى. قەبرىستانلىققا بارغاندىن كېيىن بولسا يەر ئۈستىدە تومپىيىپ تۇرغان تۇپراقنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، دانىيال خوجىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان تامام قىلىشاتتى. بەزىلىرى «تەۋەررۇك» قىلىش ئۈچۈن قەبرىنىڭ توپىسىدىن بىر چىمدىم ئېلىۋالاتتى ۋە ئۆيلىرىگە بارغاندا، بۇ توپىنى رەختنىڭ پۇرۇچىدىن ياسالغان تۇمارغا سېلىپ، بالىلىرىنىڭ ياكى نەۋرىلىرىنىڭ دىيانەتلىك مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن بويىنىغا ئېسىپ قوياتتى.
دانىيال خوجىنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن كۆڭۈل ئېيتىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى «ئىسھاقىيە» مەزھىپىدىكى ئادەملەر ئىدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ «ئىشقىيە» مەزھىپىدىكى ئادەملەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى «بۇ دېگەن ئۆلۈمغۇ، كەلگەنگە نېمە بولاتتى؟» دېگەن ئويغا كېلىپ قەدەم تەشرىپ قىلسا، بەزىلىرى «رەھمەتلىك دانىيال خوجا سامساق سوپى ۋاپات بولغاندا، ئۇ ئادەمنى ‹ئىشقىيەچى› دېمەي، جىنازا نامىزىنى ئۆزى ئوقۇدىغۇ، ئالتۇنلۇقتىكى ئاكىسى شۇئەيب خوجىنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلدۇردىغۇ» دەپ قەدەم تەشرىپ قىلاتتى.
ئىلى تەرەپتىن كېلىۋاتقان مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يۈسۈپ خوجا باشلىق ئادەملەر دەرۋازىدىن چىقىشى بىلەن ياقۇپ خوجا ئوردىنىڭ ئالدىدىكى پېشايۋانغا كۆتۈرۈلدى. ئالدى تەرەپتىكى نامازشامگۈللىرى يامىشىپ ئۆسكەن بۇ جاي ھەم سالقىن، ھەم شاماللىق ئىدى.

«... موللا ئىبراھىم بۇ ئۇزۇن يوللاردا تازا جاپا تارتىپتۇ» دەپ ئويلىدى ياقۇپ خوجا. چۈنكى، جۇڭغار خۇنتەيجىسىنىڭ ئوردىسىدا ئوتتۇز يىلغا يېقىن تىلماچلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ يېشى ئاتمىشقا كىرمەيلا چاچ - ساقىلى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ئۈچ ئايدەك ئىلگىرى دانىيال خوجىنىڭ ئاغرىقىنىڭ خېلى ئېغىرلىقىنى ۋە ئوغلى ياقۇپ خوجىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ خۇنتەيجىگە يازغان خېتىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەندە، غالدان سېرىن بىرھازاغىچە قاش - قاپىقىنى تۈرۈپ، ئاندىن يېنىدا ئولتۇرغان ساغا نويانغا: «ياقۇپ خوجىغا چاپارمەن ئەۋەتىڭلار، دەرھال يېتىپ كەلسۇن !» دەپ بۇيرۇق بەرگەنىدى. ئاندىن موللا ئىبراھىم مەشھۇرغا قاراپ: «سىز داندارغا ئېيتىڭ، ياقۇپ خوجىغا ھەم ھەمراھ، ھەم خىزمىتىنى قىلىدىغان ھىراۋۇللاردىن ئۈچ كىشىنى تەييارلىسۇن» دەپ كېلىپ، ساغا نويانغا: «يارۇغچى نويانغا بۇيرۇق بېرىڭ، ياقۇپ خوجىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان خىراجەتنى بىر ھەسسە كۆپەيتسۇن» دېگەنىدى.

ياقۇپ خوجا شۇ كۈننىڭ ئەتىسىلا خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. كېلىشى بىلەنلا ئۇنى ساغا نويان قوبۇل قىلىپ: «ئاتىڭىزنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۇلۇغ ئەمىرچىمىز سىزنىڭ يەكەنگە بېرىشىڭىزغا ئىجازەت بەردى» دېگەنىدى.

ساغا نويانىنىڭ بۇ گېپى ياقۇپ خوجىنى مەڭدىتىپ قويدى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا ئوردا سەلتەنەتىگە لايىق «ئۇلۇغ ئەمىرچىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي» دېگەنگە ئوخشاش دەبدەبىلىك گەپلەردىن بىرەرسىنىمۇ ئېغىزىدىن چىقارماي ساغا نويانىنىڭ ھۇزۇرىدىن پەرىشان ھالەتتە چىقتى - دە، موللا ئىبراھىم مەشھۇرنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ ئىتىنى يېتىلەپ موللا ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ ئۆيىگە كەلدى - دە، ئىشىك ئالدىدا تاھارىتىنى يېڭىلاۋاتقان تىلماچىنى كۆردى ۋە سالام - سەھەت قىلىشىنىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئۇنتۇپ:

— موللا ئىبراھىم ئاكا، ئاتام تىرىكمىدۇ؟ — دەپلا ئۆكسۈپ كەتتى.

— ئۇنداق گەپنى ھەرگىز ئېغىزلىرىدىن چىقارمىسىلا، خوجام، — دېدى ياقۇپ خوجىنىڭ پەرىشان ھالىتىنى كۆرۈپ پايپېتەك بولغان تىلماچ، — دانىيال خوجام قاتتىقراق زۇكامداپ قالغان بولسا كېرەك، — ئۇ ياقۇپ خوجىنى ئۆيىگە باشلاپ، — كېلىنشىلىرى ھازىرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق. ئوردىغا بېرىپ ساغا نويان بىلەن كۆرۈشۈپ كەلدىم.

تىلماچ بۇ گەپتىن ياقۇپ خوجىنىڭ ئاخشام تۈن يېرىمىدا يولغا چىققانلىقىنى بىلدى ـ دە، تۈنۈگۈن ئوردىدا بولغىنىدا دانىيال خوجىدىن كەلگەن خەتنى غالدان سېرىنغا ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپ خوجىنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئەمىن تاپقاندەك بولۇپ، يەكەنگە مېڭىش تەرەددۇتىغا كىرىشىپ، چۈشتىن كېيىن داندار دورغا تەييارلىغان ھىراۋۇللارنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا چىققانىدى. شۇ چاغدا موللا ئىبراھىم مەشھۇر:

— ئايشەم ئاغىچا بىلەن بالىلاردىن ئەنسىرىمىسىلە، خوجام. ئۇلارغا ئۆيدىكىلەرنى ئەۋەتىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن، — دېگەنىدى.

يىگىرمە نەچچە يىللىق ئۆمرى جۇڭغارلارنىڭ قولىدا گۆرۈدە ئۆتكەن ياقۇپ خوجا يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقىغا، يولنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي بالىچاقىلىرىغا ھەم ھەمراھ، ھەم ئىگە بولۇپ يەكەنگە كېلىۋاتقان تىلماچىنىڭ بۇ سەپىرىدىن تولىمۇ خۇشال بولدى. ئۇ ئەمدى ئېلى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بۇ مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ كۈتۈۋېلىش ھەققىدە ئويلاپ تۇراتتى.

— خوجا بالام، بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپتىلىغۇ؟ — دېگەن

ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ياقۇپ خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ پېشايۋاننىڭ گىرۋىكىگە كەلدى ـ دە، ئۈستىگە سۆسۈن رەڭ كىمخابتىن پەرەنجە ئارتقان، يۈزىگە تارتقان چۈمبەلنىڭ بىر تەرىپىنى قايرىپ ئېچىۋەتكەن ئوتتۇرا بوي، تولۇققىنا كەلگەن ئىززەت ئاغىچا بىلەن يەنە بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنى كۆردى ـ دە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دېدى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دەپ ياقۇپ خوجىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغان ئىززەت ئاغىچىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتتى، — ئۆيدە دۇنيادىن بىخەم ئولتۇرۇپ مۇنۇ خېنىمغا (ئۇ يېنىدىكى ئايالنى كۆرسەتتى): «ئاخشام چۈشۈمدە ئايشەم ئاغىچا قىزىمنى ناھايىتى ئوچۇق كۆردۇم، بىراق ئۇ ماڭا قارىمىغۇدەك. قۇچاقلاي دېسەم قۇچاقلاتمىغۇدەك ...» دەپ سۆزلەپ بېرىۋاتسام، دادىلىرى (نىياز بەگنى دېمەكچى) سىپاھلارنىڭ بىرىدىن: «بۈگۈن كەچتە ئايشەم ئاغىچا بالىلىرى بىلەن كېلىدىكەن، مەن شۇلارنى كۈتۈۋالغىلى ماڭدىم» دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرالايمەنمۇ؟ قورۇدىكى مەپىكەشنى تېپىپ، ئۇنىڭ مەپىگە ئات قوشۇپ يولغا چىقىشقا تاقەت قىلالماي، كوچىدا كىرا قىلىپ يۈرگەن مەپىكەشلەرنىڭ بىرىنى توختىتىپ شۇنىڭ مەپىسى بىلەن رېگىستانغىچە (ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغىچە) كەلدۇق.

— قېنى، ئۆي تەرەپكە بېرىشسىلا، — دېدى ياقۇپ خوجا قېيىنئانىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— سىلىمۇ ئايشەم ئاغىچىنى كۈتۈپ تۇرامدىلا، بالام، سىلىمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇلارنى سېغىنىپ كېتىپتىلا ـ دە، — دېدى ئۇ.

شۇ ئارىدا پېشايۋان يېنىدا يەردىن ئوقچۇپ چىققاندەك پەيدا بولغان پەرمانقۇل ئىشاننىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خوجام !» دېگەن بوم ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىززەت ئاغىچا دەرھال چۈمبىلىنى چۈشۈرۈپ، ئۈركۈگەن قېرى مېكىياندەك يېنىدىكى ئايال بىلەن باغ تەرەپكە ماڭدى.

— مەكىت تەرەپتىن كەلگەن مۇخلىسلىرىمىز ئۆزلىرىنى كۇتۇپ تۇرىدۇ.

ياقۇپ خوجا بۇ گەپنى ئاڭلاپ پېشايۋاندىن چۈشتى — دە، پەرمانقۇل ئىشان بىلەن قاتارلىشىپ ماڭدى.

※ ※ ※

ئادەتتە پادىشاھ، خان ۋە سۇلتانلارنىڭ بىرسى دۇنيادىن ئۆتسە، ئۇلارنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ۋارىسلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرەش باشلىنىدۇ. نەتىجىدە تالاي ئادەملەرنىڭ قېنى تۆكۈلۈپ، يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ ياكى قاراڭغۇ زىندانغا چۈشىدۇ. ئاخىرىدا يېڭىپ چىققىنى تەختكە ئولتۇرۇپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزىدۇ.

كونا تارىخلارنى ۋاراقلىساق، مۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى كونا تارىخلارغا جەلپ قىلماي، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى جۇڭغارلارنىڭ خۇنتەيجىسى چىۋاڭ رابداننىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن تەخت تالاشلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتسەك كۇپايە بولار.

خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدان تىرىك چېغىدىلا ئۆزىنىڭ تاجۇتەختىنى چوڭ خانىش — كۇنكە دېگەن خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى غالدان سېرىنگە قالدۇرۇشنى نىيەت قىلغانىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئويىغا ئوتتۇرانچى خانىشى دۆلەن كىنىزىك ئېدىل (ۋولگا) دەرياسى بويىدىكى جۇڭغارلارنىڭ خانى ئايۇكەنىڭ قىزى سەتەرجاپ ئىككىسى قوشۇلمايدۇ — دە، بۇ ئىككى خانىش مەسلىھەتلىشىپ غالدان سېرىنگە ئوغا بېرىپ ئۆلتۈرۈشكە كېلىشىدۇ. لېكىن، ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ئېپىنى كەلتۈرەلمەي ئېرى چىۋاڭ رابدانغا ئوغا بەرمەك بولۇشىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى بىلىنىپ قېلىپ، بۇ ئىككى توقال خانىشلار غالدان سېرىن

تەرىپىدىن ئەتراپىدىكى ئادەملەر بىلەن قوشۇپ يوقىتىلىدۇ[1].

قەشقەرىيەدە ئون بەش يىلدەك خان بولۇپ تەختتە ئولتۇرغان دانىيال خوجىنىڭ تەخت تالىشىدىغان ئوغۇللىرى يېتەرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى ئىخىزىدىن چىقارمىدى. بۇنداق بولغىنى ئۇلار ئاتىسىدىن قالغان تەختكە ئۆزلىرى ئەمەس، جۇڭغار خۇنتەيجىسى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئوردا ئەركانلىرى بىلەن «قارا تاغلىق» خوجىلار ئارىسىدا ھەر خىل پەرەزلەر دانىيال خوجىنىڭ جەسىتى لەھەتكە چۈشمەي تۇرۇپلا باشلانغانىدى. «مېنىڭ پەرىزىمچە، خوجامنىڭ مۇقەددەس تەختىگە ياقۇپ خوجام ۋارىسلىق قىلىشى لازىم» دەپ ئويلايتتى ھوشۇر قازى. «ئەگەر ياقۇپ خوجا ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرسا، دانىيال خوجىدەك دىنىي ئىسلامنى ‹ئىسھاقىيە› سۇلۇكىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن نۇرلاندۇرالامدۇ؟ جۇڭغارلار قولىدا ئۇزاق يىللار گۆرۈدە تۇرغان بۇ خوجىنىڭ ئىمانى سۇسلىشىپ كەتتىمۇ، كىم بىلىدۇ؟ !» دەپ گۇمان قىلاتتى ئابدۇقادىر مۇپتى. غازى بەگ بولسا «دانىيال خوجام بىللە بىلەن ‹قارا تاغلىق›لارنىڭ ئامىتى كەتمىسە بولاتتىغۇ، ھېلىقى غالدان سېرىن دېگەن خۇنتەيجى ئەمدى شەھەر سوراش نۆۋىتى ‹ئاق تاغلىق›لارغا كەلدى دەپ ‹ئىشقىيە› سۇلۇكىدىكى خوجىلارنىڭ بىرىنى تەختكە ئولتۇرغۇزمىسا بولاتتىغۇ» دەپ ئەندىشە قىلاتتى. نىياز بەگ بولسا «خۇدايىم جۇڭغار خۇنتەيجىسىگە ئىنساب بېرىپ ياقۇپ خوجامنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا خان قىلىپ بەلگىلىسە، ئەجەبمۇ ياخشى بولاتتى ــ دە. مېنىڭمۇ ئوردا ئەركانلىرى بىلەن پۇقرالار ئالدىدىكى ئابرۇيۇم ئۆسەتتى. قىزىم ئايشەم ئاغىچىمۇ بالىلىرى بىلەن چۆرىلىكتىن قۇتۇلۇپ، رەھمەتلىك دۇردۇن ئاغىچىغا ئوخشاش ‹مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى› دېگەن شەرەپلىك ئاتاققا ئىگە

---

① جانىبەك تاۋاسار ئوغلى: «ئاتا ــ بوۋامدىن ئۆزۈمگىچە» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى، ئالمۇتا، 1993 ــ يىلى نەشرى.

بولاتتى ...» دەپ تەمە قىلاتتى. قەشقەر ھاكىمى خۇش كېيپەك دېگەن كىشى «تەخت دېگەن قۇشلار قونىدىغان دەرەخنىڭ شېخىغا ئوخشاش. بەزى قۇشلار بۇ شاختا ئولتۇرۇپ بۇلبۇل سىياقى سايرايدۇ، ئادەملەرگە ئارام بېرىدۇ. بەزىلىرى قاغىدەك قاقىلدايدۇ، سېغىزخاندەك شاراقلايدۇ. ھۆۋقۇش مىسالى ۋەھىمىلىك ئاۋاز چىقىرىدۇ. ياراتقان ئىگەم بۇ جۇڭغارنىڭ دىلىغا ئىنساب بېرىپ پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەيدىغان بىر خوجىنى خان قىلسا بولاتتىغۇ» دەپ ئويلايتتى. ئابدۇللا باقاۋۇلنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككەن نامزاتلىرى بار ئىدى. ئۇ «ئەگەر جۇڭغار خۇنتەيجىسى ياقۇپ خوجامنى گۆرۈلۈكتىن بوشاتسا، بۇ تەختكە شۇ ئادەم لايىق. دانىيال خوجامنىڭ چوڭ بالىسى، ئۆزى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم. ئەگەر بۇ خوجامنى گۆرۈلۈكتىن بوشاتمىسا، يۇسۇپ خوجام لايىق. بۇ خوجام جىگىرى بار. گەپ يورغىلىتىشنى بىلمەيدىغان، توغرا سۆزلۈك، دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم ...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى.

بۇلاردىن باشقا، دانىيال خوجا ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى ئىتتىش چىقارماي ئورۇنلايدىغان پەرمانقۇل ئىشاندەك ئىشانلار بىلەن چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭمۇ ئوي ـ پىكىرلىرى ئاساسەن مۇشۇنداق ئىدى. ئۇلار دانىيال خوجا ئۆلۈپ ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتسىمۇ، مۇشۇنداق ئوي ـ پىكىرلەردىن خالىي بولالمايتتى ۋە بۇ ئويلىرىنى بىر ـ بىرى بىلەن ئورتاقلىشالماي، ئۆز ئىچىدە ئۆزلىرى قورۇلۇپ يۈرۈشەتتى.

موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن داندار دورغىلار تۇنۇگۈنلا دانىيال خوجىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بايان ئاغىچىغا ۋە ياقۇپ خوجا باشلىق غوجىزادىلەرگە تەزىيە بىلدۈرۈپ كۆڭۈل ئېيتقانىدى. بۈگۈن بولسا دانىيال خوجا ۋاقتىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئوردا ئەركانلىرىنى سورۇنخانىغا يىغىپ مەجلىس ئۆتكۈزدى.

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىز غالدان سېرىن جانابلىرى ئىسلام

ئەھلىنىڭ پېشۋاسى، ھەرقايسىڭلارنىڭ ھۆرمەتلىك ئادىمى بولغان دانىيال خوجامنىڭ دۇنيادىن ئۆتكىنىگە سىلەرگە ئوخشاشلا ماتەم لىباسىنى كىيىپ، بىرنەچچە كۈنگىچە مەيۈسلىنىپ يۈردى، — دەپ سۆز باشلىدى داندار دورغا، ئۇنىڭ سۆزىنى موللا ئىبراھىم تەرجىمە قىلىپ تۇردى، — مەرھۇم دانىيال خوجام ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىز مەرھۇم چېۋاڭ رابدانىنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى جۇڭغارلارنىڭ بۈگۈنكى ئەمرچىسى غالدان سېرىنمۇ دانىيال خوجىنى: «دادام رەھمەتلىكنىڭ دوستى ئىدى» دەپ قەشقەرىيەنىڭ تەختىدە داۋاملىق ئولتۇرغۇزغانىدى، شۇنىڭدەك دانىيال خوجام رەھمەتلىك جۇڭغارلار ئوردىسىدىكى نۇرغۇنلىغان نويان، دورغىلارنىڭ، تەيجىلەر بىلەن زايسانلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى ئىدى. جۇڭغار ئوردىسىغا تېگىشلىك باج ـ خىراجلارنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ تۇراتتى، — ئۇ مۇشۇنداق سۆزلەردىن كېيىن ئوردا ئەركانلىرىغا خۇنتەيجى باشلىق نويانلارنىڭ دانىيال خوجا بىلەن قەشقەرىيە خانلىقىدا بىللە ئىشلىگەن ئادەملەرگە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىشىنىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دۇگىلەك بۇلغارى قاپچۇقتا سېلىنغان ئۇلۇغ ئەمرچى غالدان سېرىنىنىڭ يارلىقلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. خۇنتەيجىنىڭ ئەۋەتكەن يارلىقىدا ياقۇپ خوجىنىڭ يەكەنگە، ئايۇپ خوجىنىڭ ئەردەۋىلگە، يۇسۇپ خوجىنىڭ قەشقەرگە، ئابدۇللا خوجىنىڭ خوتەنگە خان قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى يېزىلغانىدى. سورۇنخانىدا بىرھازاغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئوردا ئەركانلىرىدىن ھېچقايسىسىنىڭ ئوي ـ خىيالىغا كەلمىگەن بۇ تەيىنلەش ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تاڭ قالدۇرغانىدى.

«بۇ بىزنى بۆلۈپ پارچىلاشمۇ؟» دەپ پىچىرلىدى خۇنتەيجىنىڭ يارلىقىغا نارازى بولغان يۇسۇپ خوجا قېشىدا ئولتۇرغان ياقۇپ خوجىغا.

— سەۋر قىلىشنى ئۇنتۇماڭ ئۇكام، — دېدى ئۇ. ئوردا

ئەركانلىرى بولسا ھامان سۆكۈتتە ئىدى.

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ يارلىقى بىزنىڭ غېمىمىزنى قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، — دېدى بىر چاغدا ياقۇپ خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز، يەنى قەشقەرىيەدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى مەرھۇم ئاتىمىزنىڭ ۋاقتىدا جۇڭغار خانلىقىغا قانداق ئىتائەتتە بولساق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق ئىتائەتتە بولىمىز. تېگىشلىك خىراجلارنى بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ تۇرىمىز ۋە ئۇلۇغ ئەمرچىمىز غالدان سېرىن جانابلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەيمىز.

سورۇنخانىدىن «شۇنداق، شۇنداق» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— ھازىر خانىدانلىقىمىزنىڭ ئىشلىرى ئالدىراش، — دېدى داندار دورغا، — شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئىچىدە يۈسۈپ خوجىنى قەشقەرگە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئايۇپ خوجىنى ئېلىپ ئەردەۋىلگە ماڭىمەن. موللا ئىبراھىم مەشھۇر ئابدۇللا خوجىنى خوتەنگە ئاپىرىپ، ئۇ يەردىكى خەلقلەرگە ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزىدۇ، — ئۇ مەجلىس تۈگىدى دېگەندەك قىلىپ موللا ئىبراھىم مەشھۇرغا بېشى بىلەن شەرەت قىلدى ـ دە، سورۇنخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا مۆپتى ئابدۇقادىر، غازى بەگ، نىياز بەگ قاتارلىق بىرقانچە ئادەملەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ياقۇپ خوجىنى مۇبارەكباد قىلىشقا باشلىدى. بىرقانچىلىرى باشقا غوجىزادىلەرنىمۇ مۇبارەكلەشتى.

## ئىككىنچى باب

داندار دورغىنىڭ قەشقەرگە ماڭىدىغان پىلانى بىرنەچچە كۈن كېچىكتى. ئۇ ئۆز شەنىگە بېرىلگەن زىياپەتتە قويۇلغان ئۈزۈم شارابىنى جىقراق ئىچىپ قويۇپ، بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆزىگە كېلەلمىدى. بۇ ھال موللا ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ دانىيال خوجىنىڭ قەبرىگە بېرىپ زىيارەت قىلىشىغا، ياقۇپ خوجا

باشلىق غوجىزادىلەر بىلەن كەڭ ـ كۈشادە ئولتۇرۇپ سۆھبەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

ــ بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىز كىچىككىنە بولغىنى بىلەن ھەممە نەرسىگە ــ غەللىگە، مېۋە ـ چېۋە ۋە مال ـ ۋارانغا پاراۋان، سۈيى مول، تېرىلغۇ يەرلىرى بىلەن يايلاق ـ قىشلاقلىرى كەڭ شەھەردۇر، ــ دەپ گېپىنى داۋام قىلدى يۇسۇپ خوجا، ــ خەلقىمىز ئالىم ـ پازىللارنى ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ يەردە «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ ئىشانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىمۇ يېتەرلىك. شەھىرىمىز كىچىك بولغىنىغا قارىماي، ئون ئالتە ئورۇندا خانىقا بار. ھەربىر خانىقادا ئاز دېگەندىمۇ يۈز، بولمىسا ئىككى ـ ئۈچ يۈزدىن «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىدىكى سوپى ـ ئاشىقلار ئۆزلىرى قول بەرگەن پىر ـ ئىشانلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەق دىدارىغا يېتىش ئۈچۈن رىيازەت چېكىشىدۇ، ئۆز ۋاقتىدا، يەنى سەئىدىيە خانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن زامانلاردا ئەللىك بىر ئورۇندا مەكتەپ ـ مەدرىسە، ئۈچ يۈز ئەللىك يەردە ئېغىز سۈيى ئۈچۈن كولانغان كۆل، بەزى كوچىلاردا بىردىن، بەزىلىرىدە ئىككىدىن مەسچىتلەر بولغانىكەن. جۇڭغارلار ئىشغالىيىتىگە دۇچار بولغاندىن كېيىن ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرى پۈتۈنلەي توختاپ قالغان.

ــ نېمىشقا؟ دانىيال خوجام تەختتە ئولتۇرغان يىللاردا ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر.

ــ ئاتام رەھمەتلىكنىڭ بۇ تەرەپتىكى نۇقسانلىرىنى بولسا، ئۇنى تۈزىتىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىزدۇر، ــ دېدى ياقۇپ خوجا.

ــ ئاكامنىڭ ئېيتقانلىرى ئارى راست. ئاتام رەھمەتلىكنىڭ پىكىر ـ خىيالى جۇڭغار خانلىرى بىلەن مادارا ـ مۇرەسسە قىلىش بىلەنلا ئۆتتى. ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنى خىراجەتسىز يولغا قويۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس

ئىدى. خىراج ئۇلۇغ خۇنتەيجىنىڭ گېلىدىن ئاشمىدى.

موللا ئىبراھىم مەشھۇر يۇسۇپ خوجىنىڭ گېپىنى ماقۇللىغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى. شۇ ئارىدا بۇلارنىڭ قېشىغا ئابدۇللا باقاۋۇل كىرىپ ئالتۇنلۇققا — قەبرىستانلىققا بېرىش ئۈچۈن مۇپتى ئابدۇقادىر، ھوشۇر قازى، نىياز بەگ ۋە غازى بەگ قاتارلىق ئادەملەرنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

— قېنى ئەمىسە، سۆھبىتىمىزنىڭ قالغىنىنى ئالتۇنلۇقتىن كەلگەندە داۋام قىلايلۇق، — دېدى ياقۇپ خوجا.

※ ※ ※

بۇ چاغدا ئوردىنىڭ ھەرەمخانىسىدىكى ئاغىچىلارمۇ ئۆزلىرىگە خاس ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۈگۈن دۆردۆن ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشقان ئايشەم ئاغىچا ھاردۇقى چىقىپ، ئۆزىنى قەپەستىن بوشانغان قۇشتەك يېنىك ھېس قىلاتتى. ئۇ ياقۇپ خوجا بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن بۇيانقى ئۆمرىنىڭ جۇڭغارلار ئىشغال قىلىۋالغان ئىلى ۋادىسىدا ئالتە ئاي قىشنى تار ئۆتكەل دېگەن يەردە، ئالتە ئاي يازنى قابا دېگەن يەردە ئۆتكۈزۈپ، بالىلىق، ياشلىق چاغلىرى ئۆتكەن يەكەن شەھىرى بىر ئۆمۈر ئايرىلىپ قالغان قىممەتلىك نەرسىدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بەزى چاغلاردا ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىنى، بىللە ئۆسكەن، بىللە يۈرگەن دوستلىرىنى چۈشىدە كۆرۈپ قالسا، بىرنەچچە كۈنگىچە مەيۈسلىنىپ يۈرەتتى، ھەتتا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ يىغانى چىققۇچە يىغلىۋالاتتى. بۇ جۇدالىق قېيىنئانىسى رەھمەتلىك دۆردۆن ئاغىچا بىلەن نىسا بېگىملەر بار چاغلاردا ئانچە بىلىنمەيتتىكەن. ئۇلار كېتىپ ئارىدا ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھەربىرى ئايدەك، ئايلار بولسا يىلدەك بىلىنىپ كېتەتتى. توغرا، يېنىدا ئېرى — ياقۇپ خوجا بىلەن ئوغلى سىدىق خوجا باشلىق بالىلىرى، ئۆيىنىڭ

غىزا ـ تاماقلىرىنى قىلىپ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيىدىغان ۋە بوش ۋاقتىدا ئۆزىنى تۇزەشكە ياردەملىشىدىغان مەتتاشە (كۆتكۈچى ئايال) مۇبارەك خېنىم بار. بىراق، ھەركىمنىڭ ئۆز دەردى ئۆزى بىلەن دېگەندەك، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى، ئۆزىگە تۇشلۇق ئىش ـ كۈشلىرى بار. ياقۇپ خوجا ئىككى كۈننىڭ بىرىدە دېگۈدەك يا خۇتەيجىنىڭ ئوردىسىغا، يا باشقا جۇڭغار نويانلىرىنىڭ ئۆيىگە كېتەتتى. ئۆيدە بولغان كۈنلىرى ھەر تۈرلۈك كىتاب ـ رىسالىلەرنى ئوقۇشتىن باش كۆتۈرمەيتتى. ئۇلاردىن قولى بوشىسا، سىدىق خوجامغا دەرس ئۆتەتتى. باشقا بالىلىرى قورسىقى ئاچقاندا ئۆيگە كىرمىسە، كۆپرەك ئويۇنغا قىزىقىپ تالادىن كىرمەيتتى. مۇبارەك خېنىمنىڭ غىزا ـ تاماقتىن كېيىن قولى بىرئاز بوشاپ قالاتتى. لېكىن، بۇ خوتۇننىڭمۇ دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ بەزى كۈنلىرى مەكتەپ دېگەن يەردە قالغان تۆت ياشلىق بالىسىنى، بەزى كۈنلىرى «ئىشقىيە»چى بىر ئىشانغا مۇرىت بولۇپ، تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەن ئېرىنى ئەسلەپ بىرنەچچە كۈنگىچە بۇرۇقتۇرما بولۇپ كېتەتتى. بەزى كۈنلىرى «كېتەر جاھاننىڭ كارى» دېگەندەك دىمىقىدا ناخشا ئېيتىپ ئايشەم ئاغىچىغا تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەن ئېرى بىلەن بولغان ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى سۆزلەپ كېتەتتى. سۆزلىگەندە گېپىنىڭ ئاخىرىنى «دۇنيادا ئۇنىڭدەك ئوغۇل بالا يوق دېسىلە جۇما، ئۇنىڭ بىر تال بۇرۇتى ھازىرقى ئەر خەقلىنىڭ ئونىغا تېتىيدۇ دېسىلە، بىزنىڭ مەكتەپتە خوتۇن خەق قىس بولغىنى بىلەن، ئەر خەق دېگەن ماگدامدا بىر ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ جۇڭغار خوجاملار بار يەردە ئەر خەق دېگەن ئەنقانىڭ تۇخۇمىدەك بولىدىكەن ئەمەسما» دەپ، كۈيىگە كەلگەن غۇنچىنىدەك ئېغىز ـ بۇرنىنى پۇرۇشتۇرۇپ قوياتتى.

ھازىر ئايشەم ئاغىچا، خۇداغا مىڭ شۈكۈر، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىغا كەلدى. بىرنەچچە يىل داۋام قىلغان سەرگەردانلىق

ئارقىدا قالدى. ئۇ ھازىر دۇنيادا بۇنداقمۇ خۇشاللىق كۈنلەر بولىدىكەن دېگەندەك، ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىگە كۈلۈپ زوقلىنىپ قارايتتى. ئۇنى شام نامىزىغا تاھارەت ئالماقچى بولۇپ ھويلىغا چىققان بايان ئاغىچا بىرىنچى بولۇپ قارشى ئالدى.

— ۋاي، جېنىم، بۇ ئايشەم ئاغىچىغۇ؟ ھارماي ئوبدان كەلدىلىمۇ؟ — دېدى - دە، كېلىنىنىڭ بوينىغا قولىنى سالدى، ئاندىن، — خوجا ئاتىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدۇق، — دەپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئايشەم ئاغىچىمۇ: «ۋاي، ئاتام، خوجا ئاتام!» دەپ كۆز يېشى قىلدى. مېھمانخانىدا نىسا بېگىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىززەت ئاغىچا «ھويلىدا يىغىنىڭ ئۈنى چىقىۋاتىدۇغۇ؟ ئاغىچا قىزىم كەلمىگەندۇ؟» دېگەن ئويغا كېلىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ قېشىغا يۈسۈپ خوجىنىڭ كىچىك بالىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ئىلىدىن ئاغىچا ئانامالار كەلدى! — دېدى. شۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن ھەرەم ھويلىسىغا چىقىشتى - دە، ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىنى تۇتۇپ ھازا ئېچىشتى.

بۇ كېچە موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن بىرھازاغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ياقۇپ خوجا بىلەن يۈسۈپ خوجىلارنىڭ شۇ يەردىلا قونۇپ قالىدىغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن ئىززەت ئاغىچىمۇ قىزىنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدى.

— ياراتقان ئىگەمگە مىڭ قەتلە شۈكۈر، قىزىم، — دېدى ئۇ، — سىلى تۇرمۇشقا چىقىپ، ياقۇپ خوجا بىلەن ئۆي تۇتقاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئۆيلىرىدە قونۇۋاتىمەن.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇنىڭدىن كېيىن كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، ئانا. سىلىمۇ پات - پات كېلىپ تۇرسىلا، مەنمۇ پات - پات يوقلاپ تۇرىمەن، — دېدى ئايشەم ئاغىچا ۋە ئىسسىقلاپ كەتكەندەك ئۈچىسىدىكى جىلىتكىسىنى يېشىپ، ياغلىقىنى ئېلىۋەتتى. ياغاچ كاتىنىڭ يېنىغا قويۇلغان شىرەدىكى

شامنىڭ يورۇقىدا ئايشەم ئاغىچىنىڭ قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقا ۋە ئۇنىڭ زۇمرەت كۆزى يالتىراپ كەتتى.

— جۇدالىقنىڭمۇ دەردى يامان بولىدىكەن، بىر چاغلاردا قوزۇق قاقسىمۇ ئۆتمەيدىغاندەك مىقىدە بەدەنلىرىدىن ئەت قېچىپ، بويۇنلىرى ئىنچىكىلەپ قالغانمۇ نېمە؟ — دېدى ئىززەت ئاغىچا قىزىنىڭ مۈرىلىرى بىلەن دۈمبىسىنى سىلاپ، — ھېچ گەپ يوق، خۇدا بۇيرۇسا، بىرنەچچە كۈندىلا ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك تولۇپ كېتىدىلا، بالام. ھېلىقى خۇنتەيجى ياقۇپ خوجا ئىككىڭلارنى ياندۇرۇپ ئەكەتمەيدىغاندۇ؟

— ياق، ئاپا، بىز ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرىمىز، غالدان خۇنتەيجى كۈيۈ ئوغۇللىرىنى مۇشۇ يەكەنگە خان قىلىپ بەلگىلەپتۇ.

— نېمە داۋاتىدىلا، قىزىم؟ — ئىززەت ئاغىچا قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك يېنىشلاپ سورىدى.

— شۇنداق، ئاپا. خۇنتەيجىنىڭ بۇ ھەقتىكى يارلىقىنى داندار دورغا بىلەن موللا ئىبراھىم مەشھۇر دېگەن كىشىلەر ئەكەلدى. ئەتە ـ ئۆگۈن ئوردا ئەركانلىرىنى يىغىپ ئۇقتۇرسا كېرەك.

— يا، قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدايىم، — دېدى خۇشاللىقتىن ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىززەت ئاغىچا، — بەرگەن كۈنلىرىڭگە مىڭ قەتلە شۈكۈر، — ئۇ تومۇرلىرىدا قان ئەمەس، خۇشاللىق ئېقىۋاتقاندەك ھۇزۇرلىنىپ كەتتى. كۆڭلىدە بولسا «ئەمدى مەن يەكەن خانىنىڭ قېيىنئانىسى بوپتىمەن.. قىزىم بولسا رەھمەتلىك دۇردۇن ئاغىچىغا ئوخشاش ‹مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى› دېگەن مۇقامىغا يېتىپتۇ. خۇدايىم ئاقىۋىتىنى بەرسۇن» دېگەن ئويلار پەيدا بولدى.

ئىززەت ئاغىچىنىڭ بۇ خۇشاللىقى بىرپەستىن كېيىن ئىچىگە سىغماي، يىگىرمە نەچچە يىل كۆرمەي، ئەمدى دىدارلاشقان قىزى ئايشەم ئاغىچا بىلەن بىللە قونۇش

نىيىتىدىن يالتايتتى.

— خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغمايۋاتىدۇ، قىزىم. ئاتىلىرىڭغا بېرىپ ئۇنىڭمۇ كۆڭلىنى خۇش قىلمىسام، يۇرىكىم يېرىلىپ كېتىشى مۇمكىن. مۇنۇ گەپلىرى قىزىم، جۇڭغارلار شەھىرىدىن يۇز ئۇلاغقا ئارتىپ ئەكەلگەن سوۋغا ـ سالامىلاردىنمۇ ئوشۇق كۆڭلىمىزنى خۇش قىلدى. مەن كېتەي، — ئۇ قىزىنىڭ «كەچ بولۇپ قالدىغۇ، بايىلا بىر كىچە بولسىمۇ قېشىمىزدا قونىاي دېگەنىدىلىغۇ» دېگەن گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي ئورنىدىن تۇردى. ئانىسىنىڭ دېگەن گېپىدىن يانمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئايشەم ئاغىچا نىسا بېگىمنى چاقىرىپ مەپە تەييارلاشنى تاپشۇردى.

※ ※ ※

ئەمدى ئىززەت ئاغىچىنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئوي ـ خىياللارنىڭ ئورنىنى دانىيال خوجا بىلەن قۇدا بولۇپ قېلىشقا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن يىگىرمە ئۈچ يىل ئىلگىرى «ئىشقىيە» سۇلۇكىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «چىلتەنلىرىم» مازارىنى ئالتە يىلدەك تاۋاپ قىلىپ ياتقان نىياز بەگ «ئىسهاقىيە» سۇلۇكىنىڭ مەشھۇر ئىشانى ۋە دانىيال خوجىنىڭ يېقىن سەپدىشى بولغان مەۋلانە ھەزرەتكە قول بېرىپ مۇرىت بولغانىدى. شۇ چاغدا مەۋلانە ھەزرەت: «بىزنىڭ سۇلۇكىمىزگىمۇ مۇرىت بولۇپ كىردىلە، لېكىن سىلىگە كۆڭلۇمىنىڭ يېقىنلىقىنى ئىزھار قىلىپ بېرىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار. ئۇ بولسىمۇ ‹ئىسهاقىيە› سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى، دىنىي ئىسلامنىڭ پاسىبانى بولغان دانىيال خوجام جانابلىرىنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ، سۇلۇكىمىزگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن بىر باكىرە[1] قىز

---

[1] باكىرە — ئەر كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىغان قىز.

بالىنى ھەدىيە قىلىپ خوجامنىڭ دوئاسىنى ئالسىلا، نۇر ئۈستىگە نۇر بولاتتى» دېگەندى. بۇ چاغدا نىياز بەگنىڭ ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن ئايشەم ئىسىملىك قىزى بولۇپ، مەۋلانە ھەزرەتنىڭ قۇشناچىمىدا ساۋاق ئالاتتى. ئۇ ئۆز دېمەتلىكلىرى ئىچىدە زېھنى ئۆتكۈر، خاتىرىسى كۈچلۈك قىز ئىدى. قۇرئاننىڭ ئاخىرىدىكى ئۇششاق سۈرىلەر تۇرماق، خېلى چوڭ ـ چوڭ سۈرىلەرنى بىر كۈندىلا يادلاپ بولاتتى. خەت ساۋاتىنىمۇ بالدۇر چىقارغانىدى. قۇشناچىمنىڭ ساقلىقى بولماي ياكى بىرەر ئىشلار بىلەن بىرياققا بارماق بولسا، ئايشەم قىزنى ئورنىغا قويۇپ كېتەتتى.

ئەلۋەتتە، بۇ كىچىككىنە قىزنى دانىيال خوجىنىڭ نەزىرىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن دۇئا قىلدۇرۇشقا نىياز بەگنىڭ غۇرۇرى يول قويمايتتى. بىراق، شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە بىرەر ئەمەلدار ياكى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ بىرەرى ئوغلىغا سوراتسا، ھەرگىز ياق دېمىگەن بولاتتى. ۋاھالەنكى، تېخىچە ئۇنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان ئادەم بولمىدى.

نىياز بەگ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر «قىز بالا دېگەن قاچانلا بولسا ياقا يۇرتلۇق، كونىلار ئۇلارنى ‹سالغىنىنىڭ تېشى› دەپ بىكارغا ئېيتمىغان. تەۋەككۈل خۇدا دەپ ئايشەم قىزىمنى دانىيال خوجىغا تۆھپە قىلسام قىلاي. خوجىنىڭ ئىنسابى بولسا ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، ئوغلىغا چېتىۋالار. بولمىسا ئۇ يېقىنى كۆرەرمەن» دېگەن قارارغا كەلدى. نىياز بەگ بۇ قارارىنى ئىززەت ئاغىچىغا ئېيتىۋىدى، ئۇ: «بۇ گەپلىرىنى تامغا ئېيتسىلا، دانىيال خوجا ئەۋلىيا بولسا ئۆزىگە ئەۋلىيا، قىزىمنى ئوردىدا تۇتماي، سېسىق تېكىدەك ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن موخلىسلىرىنىڭ بىرسىگە بېرىۋەتسە، ياق، ياق ! بۇ مېنىڭ ئالتۇن قىزىمنىڭ ئوت ـ ئۇۋالىغا قالغۇچىلىكىم يوق !» دەپ قارشىلىق بىلدۈردى. لېكىن، دانىيال خوجامنىڭ قۇرئان ساۋاتى بار، خەت تونۇيدىغان ئايشەم قىزنى ئۆز ئوغلىغا

www.uyghurkitap.com

چېتىۋېلىش ئېھتىمالىنىڭمۇ بارلىقىنى، ئەگەر خۇدا ئوڭلاپ شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى بىلەن قۇدا بولۇپ، يۇمشاق پەيلىك قوشنىڭ باغرىغا كىرىپ، راھەت - پاراغەتتە ياشايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن رازىلىق بەرگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىلاھىي تەقدىر ئايشەمگۈلنىڭ تەقدىرىنى نىياز بەگ ئويلىغاندەك يەشتى. ئۇ ئىككى توشقاننى بىر تاياقتا سوقۇۋالغان ئادەمدەك خۇرسەن بولدى. چۈنكى، مەۋلانە ھەزرەت بىلەن دانىيال خوجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئايشەمگۈلنى ھەدىيە قىلىپ، خوجىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ نەزىرىگە چۈشتى. ئىككىنچىدىن، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي دانىيال خوجا بىلەن قۇدا بولدى. غوجىزادە ياقۇپ خوجا كۈيۈ ئوغۇل بولدى. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتەر - ئۆتمەي جۇڭغار لەشكەرلىرى قەشقەرىيەگە ئىككىنچى قېتىم باستۇرۇپ كىردى - دە، دانىيال خوجىنى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن تۇتقۇن قىلىپ ئىلىغا ئەكەتتى. ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتكەندە جۇڭغار خاندانلىقى دانىيال خوجىنى خان قىلىپ بەلگىلىدى، ياقۇپ خوجا ئۇلارنىڭ قولىدا گۆرۈلۈكتە قالدى. ئۇ، دانىيال خوجا ئۆلگەندە گۆرۈلۈكتىن قۇتۇلۇپ، يەنە يەكەننىڭ خانى بولۇپ بەلگىلەندى.

«بۇ نىياز بېگىم ئېگىز تاغدا تۇرۇپ دەريا بويىدىكى قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالغان يىڭنىنى كۆرىدىغان تازقارىدەك يىگىرمە يىلدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى، يەنى نەچچە بالا پاتقان ئىچمىگە پاتماي كېتىۋاتقان بۇ خۇشاللىقلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى سەزگەنىكەن - دە ... ئىلاھىم، بۇ خۇشاللىقىمىز تومۇزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدەك، قىشنىڭ كېچىلىرىدەك ئۇزاق بولغاي ...»

مۇشۇنداق خىياللارغا بېرىلگەن ئىززەت ئاغىچا ئۆيىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزمەي قالدى. مەپىكەش ئاتنىڭ بوجىسىنى تارتىپ مەپىسىنى توختاتتى - دە:

— كەلدۇق، ئاغىچا خېنىم، — دېدى شوتىدىن يەرگە چۈشۈپ.

※ ※ ※

بۈگۈن بولسا ئۆز قوندىقىدا خاتىرجەم ئۇخلىغان ياكى قۇرۇق كۆلگە خالىغانچە ئېغىناپ ئورنىدىن تۇرغان مېكىياندەك ئايشەم ئاغىچا ئىشتىها بىلەن ناشتا قىلدى ـ دە، ئۆزىگە پەرداز قىلىش ئۈچۈن نىسا بېگىمنى چاقىردى.

— سىلىنىڭ تارىمنىڭ بېلىقىدەك سىلىق قوللىرىنى سېغىنىپ قاپتىمەن، — دېدى ئۇ نىسا بېگىم ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، — ئاۋۇ مۇبارەك خېنىم مەكىتىنىڭ قارا يانتاق دېگەن يېرىدە ئۆسكەچكىمۇ، يوقنى بار قىلىشنىڭ ئورنىغا، بار ھۆسنۈمنىمۇ ئوخشىتالمايدىغان بولۇپ قالدى.

نىسا بېگىم مىيىقىدا كۈلدى ـ دە:

— سىلىنىڭ ھۆسن ـ جامالىرى ھېچقانداق پەردازغا موھتاج ئەمەسقۇ، ئاغىچا، — دېدى ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ.

— شۇنداقتىمۇ، گۈزەللىكنى ياقتۇرمايدىغان كىم بار دەيدىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەكەننىڭ خانىغا لايىق ئاغىچا بولۇشۇم كېرەك ـ دە.

نىسا بېگىم ئۆينىڭ بۇلۇڭى تەرەپتىكى پەرداز ـ ئەنداز قۇتىلىرى جايلاشقان ئۈچ بۇرجەك شىرەنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن پەرداز بۇيۇملىرى قاچىلانغان قۇتىلارنى ئالدى. ئاندىن ئايشەم ئاغىچىنى دېرىزە قېشىغا ئەكىلىپ ياۋا قاشلىرىنى تەردى. بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن كۆزىنىڭ ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى قاپاقلىرىغا كىچىككىنە پەلكۈچ بىلەن قارا ـ كۆك، لېكىن قانداقتۇر خۇش پۇراقلىق بىر نەرسىنى (سۈرمە بولۇشى كېرەك) سۈركىدى. ئاندىن ئىككى مەڭزى بىلەن بويۇنلىرىغا ئاۋۋال ئاق، كېيىن قىزغۇچ

بىر نەرسىلەرنى سۈركەپ سىڭدۈرگەندىن كېيىن ئىككى لېۋىنى جىنەستە رەڭ ئەڭلىك بىلەن بويىدى. ئاخىرىدا مەرھۇم دۆردۈن ئاغىچىدىن قالغان (ئۆز ۋاقتىدا ھىندىستانلىق تۇججارلار سوۋغا قىلغان) ئەتىر بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئايشەم ئاغىچىنىڭ گەجگىسىگە، قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا، قولتۇقلىرىغا، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا، ئاندىن كۆكرىكىنى ئېچىپ، ھال تاۋاردىن تىكىلگەن باغىردىقىغا سۈركىدى. ئۆينىڭ ئىچى ئەتتارنىڭ (ئەتىر ساتىدىغان ئادەم) دوكىنىدەك خۇش پۇراقلارغا تولۇپ كەتتى.

— ئەمدى ياقۇپ خوجام ئۆزلىرىنى كۆرۈپ پەرۋانىدەك ئەتراپلىرىنى چۆرگىلەپ يۈرمىسە بولاتتىغۇ، — دېدى نىسا بېگىم ۋە، — كۆزۈم تەگمىسۇن، — دەپ، ئۆپچۆرىسىگە بىرنەچچە قېتىم «تۇف، تۇف» دېگەن بولدى.

دېمىسىمۇ ئايشەم ئاغىچا شىرە ئۈستىدىكى تاش ئەينەكتە پەردازدىن كېيىن گۈلدەك ئېچىلىپ، گۈزەللىشىپ كەتكەن جامالىغا بىر ۋاقىتقىچە زوقلىنىپ قارىدى. نىسا بېگىم دېمىسىمۇ ئايشەم ئاغىچىنىڭ تاش ئەينەكتە كۆرۈنگەن يېڭى چىققان ئايدەك قىيا قارا قاشلىرى ئۇنىڭ ئاق پىشماق چىرايىنىڭ ئېقىنى ئاق، قىزىلىنى قىزىل كۆرسەتتى. تال - تال ئۇزۇن كىرپىكلىرىگە ئورالغان شەھلا كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تۇراتتى. ئاغىچا ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك گۈزەللىشىپ كەتكىنىگە زوقلىنىپ، قىزغۇچ لەۋلىرىنى تەمشىپ - تەمشىپ قويدى.

— ماڭا قارىسىلا، ئاغىچام، — دېدى بىر چاغدا ئۆز ھۈنىرىدىن مەمنۇن بولغىنىنى بايقىغان نىسا بېگىم، — جاۋغايلىرىنىڭ يۇقىرىسىغا كىچىككىنە مەڭ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — ئۇ كىچىككىنە بىر قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇچى ئىنچىكە پەلكۈچنى سالدى - دە، ئايشەم ئاغىچىنىڭ سول تەرەپتىكى مەڭزىنىڭ سەل تۆۋەنرەكىگە چوڭلۇقى تېرىقتەك

قارا چېكىت قويدى ۋە ئۇنى بىر قولى بىلەن بىرپەس يەلپۈپ تۇردى ـ دە، ــ مانا، ئەمدى ئەينەككە يەنە بىر قاراپ كۆرسىلە، يەكەندىكى ئاغىچا ـ ئاپپاقلارنىڭ ئىچى كىرىپ قالغۇدەك گۈزەللىشىپ كەتتىلە، ــ دېدى.

نىسا بېگىم دىمىسىمۇ جاۋغىيى ئۇستىگە قويۇلغان كىچىككىنە سۇنئىي مەڭ ئايشەم ئاغىچىنىڭ چىرايىنى ئالاھىدە ئېچىۋەتكەنىدى.

ــ قوللىرىغا دەرد كەلمىسۇن، نىسا بېگىم، ــ دېدى ئۇ رازىلىق بىلدۈرۈپ.

ــ مۇنۇ كۆڭلەكلىرىنى يېشىپ، بايىقى شاپتۇل چېچەكلىك تاۋار كۆڭلەكلىرىنى كىيىۋالسىلا، ــ دېدى نىسا بېگىم، ــ ئەتلىرى ئاق، كۆكرەكلىرى تولۇق بولغاچقا، شۇ كۆڭلەكلىرىدە ئىسكەتلىرى تېخىمۇ بەلەن كۆرۈنەتتى.

شۇ چاغدا مۇبارەك خېنىم كىرىپ كەلدى ـ دە، ئىززەت ئاغىچا باشلىق بىرقانچە ئاياللارنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

※ ※ ※

ئادەتتە ئېرى ئۆلگەن خوتۇنلار «ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولمايدىكەن»، «ئۆلۈم ھەممىمىزگە بار، سەۋر قىلىش لازىم» دېگەنگە ئوخشاش تەسەللى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، كۈنلەر، ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەقدىرگە تەن بېرىشىدۇ ـ دە، ئۆز تىرىكچىلىكىنىڭ تەشۋىشىدە بولىدۇ. بايان ئاغىچىمۇ بۇنى بىلىدۇ. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا ئاتىسى بادەننىڭ، ئانىسى بۇلغۇنتاينىڭ ئۆلۈملىرىنى كۆرگەن. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ چاغلىرىدىكى ئېغىر كۈنلەرنىڭ ھەممىسى ئارقىسىدا قېلىپ، ئەستىن چىقىپ كەتكەنىدى. بۇ كۈنلەرنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىدە يالغۇز ئۆتكەن ۋاقىتلارلا ئەمەس، دانىيال خوجىنىڭ

ئۆزىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغانىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەر- خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت كېيىنكى چاغلاردا تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كەتكەنىدى. دانىيال خوجا قىزى تۇغۇلغاندا: «بۇ قىزىمنىڭ ئىسمىنى سىلى قويسىلا، قىز بالا دېگەن ئانىسىغا يېقىن بولىدۇ» دەپ تۇرۇۋېلىپ، بايان ئاغىچا بۇ قىزىغا «ئەزىزە» دەپ ئىسىم قويغانىدى. دانىيال خوجا: «يۈسۈپ خوجامنى بۇنداق نارەسىدە چاغلىرىدا كۆتۈرۈپ ئەركىلەتمىگەنىدىم» دەپ، قولى بوش بولسىلا ئەزىزەنى بىردەم - يېرىمدەم كۆتۈرۈپ ئەركىلىتەتتى. ئوغلى يۈسۈپ خوجا ئۆيلىنىپ، ئۆيىگە جەملە ئىسمىلىك قىز بالا كېلىن بولۇپ كىرگەندە، بايان ئاغىچا بىلەن دانىيال خوجىنىڭ كەم يەرلىرى تولۇپ كەتكەندەك خۇشال بولۇشقانىدى. ئۇ ئېرى هايات ۋاقتىدا باشقا مىللەتنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى دانىيال خوجا بىلەن بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغاندەك سېزەتتى. ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر ئېرىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن تۈگەپ كەتكەندەك بىلىندى. ئۇ مۇشۇ ئۆتكەن ئىككى ئايدەك ۋاقىتنى يىغلاپ - قاقشاپ ئۆتكۈزدى. كېچىلىرى تۈن يېرىمىغىچە كۆز يۇماي ھەسرەتلىنىپ يۈردى. بىرنەچچە قېتىم نىسا بېگىم بىلەن يۈسۈپ خوجىنى ئېلىپ ئالتۇنلۇق مازارىغا چىقتى ۋە ئېرىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلدى.

«ئۆلگەن ئادەمگە دۇئا - تەكبىردىن باشقا نەرسە كېرەك ئەمەس، — دېگەنىدى دانىيال خوجا ئاغرىقى ئېغىرلاشقان بىر كۈنى غوجىزادىلەر بىلەن بايان ئاغىچىغا قاراپ، — ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، يىغلاپ - قاقشاپ ئۆزۈڭلارنى ئاۋارە قىلماڭلار...»

«رەھمەتلىك خوجام شۇ چاغدا ساقىيالمايدىغانلىقىنى سەزگەنىكەن، — دەپ ئېغىر نەپەس ئالدى بايان ئاغىچا، — خوجام تارىمۇشىغا ئىلىنىپ يۈرگەن دەرۋىشلەردەك قېرىپ

كەتكەن. ئەمەستىغۇ...»

ئۇنىڭ خىيالىنى ئۆيگە كىرگەن يۇسۇپ خوجا بۆلۈۋەتتى.

— يەنە خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپ ئولتۇرامدىلا، ئانا؟ «ئاللا سەۋر قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ نەچچە مەرتەم ئېيتتىمغۇ، — دېدى، ئاندىن گېپىنى يۆتكىدى، — بۈگۈن كەچتە موللا ئىبراھىم ئاكامنى ئۆيگە چاقىرىپ قويايمىكىن دەپ ئويلىنىۋېدىم. ياقۇپ خوجامغا دېسەم، «كىچىك ئانامنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلىسىلا» دېدى. ئۇ ئادەمنىڭ مېنى باينىبۇلاقتىن خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىغىچە ئېگەرنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەكەلگىنى شۇنچە ئىشلار ئۆتسىمۇ زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

— ناھايىتى توغرا ئويلاپسىز، بالام. ئۇ ئادەمنى ئوردا مېھمانخانىسىدا ئەمەس، قاچان كەتكۈچە، ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇزساقمۇ ئەرزىيدۇ.

— ئەمىسە، شام نامىزىدىن كېيىن باشلاپ كېلەي.

— داندار دورغىمۇ بىللە كېلەمدۇ؟

— ياق، ئۇ كىشى «ئەجدىھاباغ»قا چىقىپ بىر - ئىككى كۈن دەم ئالماقچى.

— تولا ئوبدان بوپتۇ، مەن نىسا بېگىم بىلەن جەمىلە ئاغىچىلارغا ئېيتاي، تەييارلىق قىلسۇن.

※ ※ ※

كۆز باغلىنارغا يېقىن ھەرەم ھويلىسىنىڭ تۆت - بەش يېرىگە قويۇلغان چىراغپايلارغا ئوت يېقىلدى. بايان ئاغىچا ناماز شامنى ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈۋېدى، ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ جەمىلە ئاغىچا كىرىپ كەلدى. ئۇ بايان ئاغىچىنىڭ جايىنامازدىن تۇرۇشىغا:

— مېھمانلار ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ، — دېدى. بايان

www.uyghurkitap.com

ئاغىچىنىڭ بۇ كېلىنى دۈگىلەك يۈزلۈك، ئەگمە قاش، كۆزلىرى يوغان، ئوتتۇرا بوي جۇۋان ئىدى.

— ئابدۇللا خوجام ئۇخلاپ قالدىمۇ؟ — دېدى بايان ئاغىچا ھەمىشە دېگۈدەك كېلىنىنىڭ ئېتىكىگە يامىشىپ يۈرىدىغان نەۋرىسىنى سوراپ.

— شامنى ئوقۇغۇچە ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويدۇم، — دېدى جەمىلە ئاغىچا.

بايان ئاغىچا كېلىنى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈستىبېشىنى يەڭگۈشلەپ مېھمانخانىغا چىقتى. ئۇنى كۆرگەن موللا ئىبراھىم مەشھۇر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى ۋە بايان ئاغىچىنىڭ:

— ھارمىغايلا ! — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چىرايى سۇنۇق، تولا يىغلاۋەرگەچكە كۆزلىرى كىرتەيگەن، ئۇچىسىغا ئېتەكلىرى ئوشۇقىغىچە چۈشۈپ تۇرغان قارىلىق كۆڭلەك كىيىۋالغان زىلۋا بويلۇق بۇ ئايالنىڭ بايان ئاغىچا ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلدى - دە:

— خوجامنىڭ ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي ! — دېدى ئۇ شىرە ئەتراپىغا سېلىنغان بەقەسەم كۆرپىگە قايتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، — «ئاللاتائالا سەۋر قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدىكەن»، سەۋر قىلسىلا، — دېدى - دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. دۇئادىن كېيىن موللا ئىبراھىم مەشھۇر ئورنىدىن يەنە تۇرۇپ بايان ئاغىچا بىلەن ئەھۋاللاشتى.

— تەقدىرگە تەن بەرمەي ئىلاج يوق ئىكەن. مانا مۇشۇنداق قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمۈلۈپ ياشاۋاتىمىز، — دېدى بايان ئاغىچا، — خوجام رەھمەتلىك ئۆزلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى تولىمۇ مىننەتدارلىق بىلەن قىلاتتى. ئەمدى ئۇ ئادەممۇ ... — ئۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي، ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى كۆزىگە باستى.

ئۆي ئىچىدە بىردەمگىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. شۇ

ئەسنادا ئاپتوۋا بىلەن چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ، مۇرىسىگە پۆپۈكلۈك لۆڭگە ئېسىۋالغان سىدىق خوجا كىرىپ كەلدى ـ دە، قولغا سۇ ئالماق بولدى.

— ئاتلىرى كىرگۈچە بىرئاز تەخىر قىلالايلىمىكىن؟ — دېدى يۇسۇپ خوجا.

— ئاتام كېچىكىپ كىرەرمىكىن، ئۆيگە چوڭ ئاتام كېلىپ قالغانىكەن، — دېدى ئۇ.

— نىياز بەگمۇ؟ ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى. ئۇ كىشىنى ئۆزۈم چىقىپ باشلاپ كىرەي، — يۇسۇپ خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ هويلىغا چىقتى. بىراق، خېلىغىچە قايتىپ كىرمىدى. ئۇ ياقۇپ خوجا تۇرۇۋاتقان ئۆيگە يېقىنلاشقاندا، ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئۆكتەم ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى.

— خوجا ئاتام بولمىغاندىن كېيىن بۇ ئۆينىڭ چوڭى سىلى ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بولغاندىكىن موللا ئىبراهىم ئاكامنى مېهمان قىلىش ئالدى بىلەن سىلىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداق گەپنى ئاغزىلىرىدىن چىقارمىسىلا، ئاتام بولمىغان بىلەن، كىچىك ئانام بارغۇ. هازىر ئۆينىڭ چوڭى شۇ ئايال بولىدۇ، — دېدى ياقۇپ خوجا. ئاندىن نىياز بەگنىڭ ئۈنىگە قوشۇلۇپ:

— ياقۇپ خوجىنىڭ دېگىنى توغرا، قىزىم. ئۇنداق گەپنى هەرگىز ئاغزىلىرىدىن چىقارمىسىلا، موللا ئىبراهىم مەشهۇر كۆتۈپ قالمىسۇن، سىلى چىقىۋەرسىلە، بالام، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سىلىمۇ مەن بىلەن بىللە چىقىدىلا. كىچىك ئاناممۇ خۇش بولۇپ قالىدۇ. يۈرسىلە، — ياقۇپ خوجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

يۇسۇپ خوجا ئۇلارنىڭ قېشىغا يا كىرىشنى، يا كىرمەسلىكنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغىچە ئۇدۇلدىكى ئىشىك ئېچىلىپ نىياز بەگ بىلەن ياقۇپ خوجا چىقتى. ئۇلارنى كۆرۈپ:

— مەن سىلەرنى باشلاپ كىرەي دەپ يېڭىلا چىقىۋىدىم، — دېدى يۈسۈپ خوجا ۋە ئىككىسىنى ئەگەشتۈرۈپ مېھمانخانىغا كىردى.

## ئۈچىنچى باب

ئوردا ئەمەلدارلىرى بۈنىڭدىن بىرنەچچە يىللار بۇرۇن دانىيال خوجىنىڭ قەشقەرىيەگە خان بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، شەھەر كوچىلىرىدىكى توپا - چاڭلارغا سۇ چاچتۇرۇپ، ئەخلەت - چاۋارلارنى تازىلاتقانىدى ۋە كۈننىڭ ئىسسىقىغا قارىماي، ئاغىچا - ئاپپاقلىرى بىلەن تاغارچى دېگەن يەرگىچە ئالدىغا چىققانىدى. بىراق، ياقۇپ خوجىنىڭ يەكەن ۋىلايىتىگە خان بولۇپ بەلگىلەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ خوجىغا قانداق مۇناسىۋەت قىلىشنى بىلەلمەي بىر كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ يولىنى تاپقان كىشى ئابدۇقادىر مۇپتى بولدى. ئۇ ئازنا مەسچىتىدە خۇتبىگە چىقىپ: «بارات كېچىسى ئەردى ... تاھارەت ئېلىپ، ئىستىغپار ئوقۇپ قىبلىگە يۈزلىنىپ ئولتۇرغان ئەردىم. شۇل ھالەتتە ئېسىمدىن كەتتىم. ۋەقەدە كۆررۈپتۇمەنكى، بىر ئۇلۇغ ئىمارەتكە، ئېگىزلىكى ئاسمان بىلەن باراۋەر، نەزەر ئەيلىدىم، كۆزلىرىم خىرەلەشتى. بۇ ئىمارەتتىكى تەختلەردىن نۇرلار زاھىر بولۇپ، ئالەمنى ئاپتاپتەك يورۇتۇپ تۇرار ئىدى. ماڭا بۇ ئىمارەتكە كىرىشكە يول بەردى. كىرىپ بىر جايدا تۇرۇپ نەزەر سالدىم. بىر شاھانە سۇپا ئۈستىدىكى ئالتۇندىن ياسالغان تەختتە بىر كىشى ئولتۇررۇپتۇكى، ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان نۇر - زىيانىڭ ئالدىدا ئىككى شاھزادە ئولتۇررۇپتۇ. بىرى لىباسسىز، بىرى قىزىل لىباس كىيىپتۇ. بۇ بۇزرۇكۋارنىڭ ئەتراپىغا يەنە تۆت نىمتەخت (يېرىم تەخت) قويۇلۇپتۇ. ئۇنىڭدا تۆت نەپەر مەرد نۇرانە ئولتۇررۇپتۇلەر، بۇلارنىڭ ئەتراپىدا سەپ ۋە سەپسىز بولۇپ ئۇلۇغ زاتلار جامائەتى

ئولتۇرۇپتۇكى، ئۇلارنىڭ سانىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن. كېيىن ئۆزۈمگە كېلىپ بىراۋدىن: «بۇ تەخت ئۆزرە ئولتۇرغانلار كىملەردۇر؟» دەپ سورىدىم. ئۇل كىشى: «تەخت ئۆزرە ئولتۇرغان ئىككى جاھاننىڭ خوجىسى ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالامدۇر. بۇ تۆت نىمتەختتە ئولتۇرغانلار تۆت چارىيادۇر. ئالدىدىكى ئىككى يىگىت ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۇسەنلەردۇر. بۇلار ئەسھابىلەر، ئەۋلىيا ئۇممەتلەردۇر. ھالا بىر قۇتبىل ئەقتاب① ئالەمدىن رەھلەت قىلىپتۇرلەر. شۇنىڭ ئورنىغا قۇتبىلىق مەنسىپىگە كىشى تەيىن قىلۇرغا ئولتۇرۇپتۇرلەر» دېدى. شۇ چاغدا ھەزرىتى خوجا جاھان (ياقۇپ خوجا)نى ئىككى كىشى باشلاپ كىردىلەر. ھەزرىتى خوجا جاھان تەۋازۇ بىلەن سالام قىلدىلەر. ئانھەزرەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام جاۋاب سالام بېرىپ: «كېلىڭ پەرزەنت» دەپ، پېشانىسىگە بۆسەلەر قىلىپ: «ئەي پەرزەنت، سىزنىڭ ئىستىبداتىڭىز ھەممىدىن بەلەندۇر. بۇ مەنسەپ ئەلاغا سىز لايىقسىز» دەپ، قۇتبىلىق لىباسىنى كەيدۇردىلەر. ئولتۇرغان ھەممە خالايىق مۇبارەكباد قىلدىلەر. «كونا لىباسىنى خوجا جاھاننىڭ خادىملىرىغا بېرىڭلار» دەپ ئەمر قىلدىلەر. مەن شۇل سائەتتە يۇگۇرۇپ بېرىپ ئەردىم. كونا لىباسلىرىنى ماڭا ئىلتىپات قىلدىلەر، مەن ئېلىپ كىيدىم. ھەزرىتى خوجا جاھان خوجام ئەرز قىلىپ: «يا رەسۇلىللا، بۇ مەنسەپ ماڭا بىسيار ئۇلۇغدۇر. پەقىردە بۇنداق ئىقتىدار يوقتۇر» دېدىلەر. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتتىلەركى: «ئەي، پەرزەنت، ئۇ بەخشىش② خۇدادۇر. ھەممىمىز سىزگە مەدەتكاردۇرمىز» ... شۇ سائەتتە ئۆزۈمگە كەلدىم. كۆردۈمكى، قىبلە تەرەپكە قاراپ ئىستىغپار ئوقۇپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئەلھال بۇ خۇش خەۋەرنى

① قۇتبىل ئەقتاب — ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، مىڭ يىلدا بىر قېتىم دۇنياغا كېلىدىغان كاتتا ئەۋلىيا دېگەن مەنىدە.

② بەخشىش — خۇدا خالىغان.

يەتكۈزۈپ مۇبارەكباد قىلغايمەن دەپ ئوردا سارايغا يۈگۈردۈم»[1] دېدى. ئابدۇقادىر مۇپتىنىڭ بۇ كارامىتى شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا پىرلار بىلەن ئىشانلار تەرىپىدىن ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا يۆتكىلىپ، ئون ئالتە خانىقادىكى سوپى ـ ئىشانلارغا، مەدداھ ـ دەرۋىشلەرگە ۋە ئۇلار ئارقىلىق پۈتۈن يەكەن شەھىرىگە ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ـ قىشلاقلارغا تارالدى. ئۇلار ياقۇپ خوجىنى تېخى كۆرمەي، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، دانىيال خوجىنىڭ بالىسى بولغىنى ۋە يەكەن تەختىگە ئولتۇرغىنى ئۈچۈن «خوجا جاھان» دەپ تەرىپلەشكە باشلىدى.

ئابدۇقادىر مۇپتىنىڭ بۇ كارامەتنى ئويلاپ چىقىرىشتىكى مەقسىتى ياقۇپ خوجىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇپتىلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى جەمئىيەت ئىشلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەردە تۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ تادان ئەمەلدار «ماختانمايدىغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ماختىغاننى ئۆچ كۆرىدىغان ئادەم بولمايدۇ» دېگەن چۈشەنچە بىلەن ئەنە شۇنداق يول تۇتقانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ياقۇپ خوجا پۈتۈن قەشقەرىيەگە خان بولسىمۇ ياكى يالغۇز يەكەننىڭ ئۆزىگە خان بولسىمۇ بەرىبىر ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ مۇپتىلىق ھوقۇقىغا يەكەندىن باشقا شەھەرلەرنىڭ خەلقى ئانچە موھتاج ئەمەس ئىدى.

غازى بەگ بىلەن پەرمانقۇل ئىشانلار باشقىچە كۆزقاراشتا بولدى. ئۇلار ئېگىز ئۆگزىگە چىقىش ئۈچۈن شوتىدىن پايدىلانغاندەك، ياقۇپ خوجىغا يېقىش ۋە ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا قېيىنئاتىسى نىياز بەگدىن پايدىلانماق بولدى. ئۇلار دانىيال خوجا ھايات چاغدا بۇ ئادەمنى «كۆزى كىچىك، خەسىس» دەپ ئانچە ئېتىبار قىلمايتتى. ئادەتتىكى ئوردا ئەركانلىرىنىڭ بىرى دەپ

---

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

قارايتتى، ھەتتا غازى بەگ مەۋلانە ھەزرەت ئۆلگەندە، ئۇنىڭ سۆيگە كىرىشكە ئۇنىمىغان نىياز بەگنى «بۇ خەسىس غەسساللىقنىمۇ[1] بىلمەيدىكەن» دەپ كەمسىتكەندى. بۇ گەپ نىياز بەگكە خېلى ئېغىر كەلسە كېرەك. دانىيال خوجا ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئوتتۇرا يۇغۇچىغا كىرمەك بولغان غازى بەگكە: «سىلى دانىيال خوجامنىڭ ماڭا قۇدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ مەن تۇرغاندا سىلىگە تەگمەيدۇ» دەپ، ئۇنىڭدىن تارتىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسى سەل يىراقلاشقاندەك بولۇپ، بىر - بىرىگە ئۇدۇل كېلىپ قالغاندا سالام - سەھەت قىلىشمىسا، باشقا چاغلاردا كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈشەتتى.

ياقۇپ خوجىنىڭ يەكەنگە خان بولغانلىقى توغرىسىدىكى پەرمان ئوردا ئەركانلىرىغا ئوقۇتۇرۇلغاندىن كېيىن نىياز بەگنىڭ ئابرۇيى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى - دە، غازى بەگنى يىراقلىشىپ قالغان ئارىلىقنى يېقىن قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

— ھازىرلا نىياز بېگىمنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ كۆڭلىمىزنىڭ يېقىنلىقىنى ئىزھار قىلايلى، — دېدى پەرمانقۇل ئىشان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— شۇنداق، دورىنى «ئاچچىق» دەپ ئىچمىگەن ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ناچارلاپ كەتكەندەك، نىياز بەگكە ئاچچىق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يىراقلاشتۇرۇش ئاقىللىق ئەمەس. زىراكى، بېھىشتە بىر ئوبدان يۈرگەن ئادەم ئاتىغا ئاللاتائالا تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان بۇغداينى يېيىشكە سەۋەبكار بولغان ھاۋا ئانىمىزغۇ.

— بارىكاللا، بارىكاللا، بۇ گەپنى تېپىپ ئېيتتىلا، بېگىم، — سۆزلەپ كەتتى پەرمانقۇل ئىشان، — بەلەن ئوخشىتىش بولدى - دە. بىراق، ئۇ ھاۋا ئانىمىزنىڭ ئاتا -

[1] غەسسال — مېيىت يۇغۇچى.

ئانسى يوق ئىدى. بۇ «ھاۋا ئانىمىز»نىڭ نىياز بەگدەك ئاتىسى، ئىززەت ئاغىچىدەك ئانىسى بار. ياقۇپ خوجىنىڭ بۇغداي ييىشىگە مانا شۇلار سەۋەبكار بولىدۇ.
— شۇنىڭ ئۈچۈن نىياز بېگىم ...
— ئىززەت ئاغىچىنى قوشۇپ قويسىلا، — لوقما سالدى پەرمانقۇل ئىشان.
— شۇنداق، ئىززەت ئاغىچا قىزى ئارقىلىق ياقۇپ خوجامغا تەسىر قىلىدىغان شەيتاننىڭ نەق ئۆزى دېسىلە، — غازى بەگ بۇ گېپىگە ئۆزى مەست بولۇپ كۈلۈۋەتتى ـ دە، گېپىنى داۋام قىلىپ، — بۇ ئىشنى كېچىكتۈرمەي پېشىنىدىن كېيىنلا زەئىپىلىرىمىز بىلەن ئىززەت ئاغىچىنى مۇبارەكباد قىلغىلى بارايلى، — دېدى.
— تولا ئوبدان، — پەرمانقۇل ئىشان ئورنىدىن تۇردى.

※ ※ ※

دانىيال خوجىنىڭ باش يۇغۇچىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان، كۈمۈش رەڭلىك كۆلا بىلەن زەرلىك يېشىل سەللىنى بېشىغا كىيگەن غازى بەگ ئۈچىسىدىكى كالاۋاتۇن پەشمەتنىڭ يېڭىنى سىلىپ، پېشايۋانغا چىقتى ـ دە، خىزمەتكارىنىڭ يۆلىشى بىلەن بوز ئېتىغا مىندى، ئاندىن ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان مەپىكەشكە قاراپ:
— سىلەر مېنىڭدىن ئارغامچا بويى كېيىن مېڭىڭلار، — دەپ دەرۋازىدىن چىقتى.
غازى بەگ يەكەن شەھىرىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى «خوجا مىڭدۈك» دېگەن تەرەپتە «ئاق تاغلىق» ئىشانلارنىڭ بىرىدىن مۇسادىرە قىلىنغان باغلىق ئۆيدە تۇرۇۋاتقان نىياز بەگنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ھويلا ئىچىدە تۇرغان بىرنەچچە سايىۋەنلىك مەپىلەر بىلەن لەمپە ئاستىدا باغلاقلىق ئاتلارنى كۆرۈپ ھەيران

بولدى. «بۇلار كىمكىنە؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە شۇ ھامان ھوشۇر قازى بىلەن ئابدۇللا باقاۋۇلنىڭ مەپىكەشلىرىنى تونۇپ قالدى ـ دە، «بۇلارمۇ كەپتۇ» دېدى ئىچىدە.

نىياز بەگنىڭ ئۆيىنىڭ سىرتى كۆرۈمسىز بولغىنى بىلەن ئىچى چىرايلىق ئىدى. ھويلىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە مەزمۇت بادرىلار بىلەن ياسالغان باراڭلاردا ئۆسكەن شاپ ئۈزۈملەر پېشايۋاننىڭ ئۆگزىسىگە يامىشىپ كەتكەنىدى. دەرۋازىدىن كىرگەن يەردە ئاسمان ـ پەلەك ئۆسۈپ كەتكەن چىنارنىڭ سايىسىدا ئىككى ئادەم سويۇلغان قوينىڭ گۆشىنى پارچىلاۋاتاتتى. پېشايۋاننىڭ ئۆي تەرەپتىكى تاملىرى گەج بىلەن سۇۋالغان بولۇپ، دېرىزىلەرنىڭ ئەتراپى قاپارتما نەقش بىلەن بېزەلگەنىدى.

خىزمەتكارلارنىڭ بىرى غازى بەگنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، يەنە بىرى ئۆيگە يۈگۈردى. پېشايۋاندا شاپاق دوپپا كىيگەن نىياز بەگنىڭ ئورۇق گەۋدىسى پەيدا بولدى.

ــ خۇش كەپسىلا، بېگىم، ــ دېدى ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان غازى بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ــ قەدەملىرىگە ھەسانەت، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا.

غازى بەگنى كۆرۈپ ئۆيدە ئولتۇرۇشقانلارنىڭ ھەممىسى دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىشتى ۋە ئۇنى ئانارگۈللۈك گىلەم تارتىلغان تۆر تەرەپكە تەكلىپ قىلدى.

نىياز بەگنىڭ ئۆيىدە ياقۇپ خوجا باشلىق غوجىزادىلەر بىلەن ئوردا ئەركانلىرىدىن باشقا ئەلىم ئاخۇن ئۆمەر باقى، ھاجى ئابدۇللا ئاخۇن، ھاجى ئەبەيدۇللا، ئۆمەر بەگلەر، مۇدەررىس، خەلپىلەردىن ئەزىز خەلپە، ئابدۇراخمان خەلپە، سالىھ خەلپە قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم ۋە قەشقەر بىلەن خوتەن تەرەپتىن كەلگەن شاھ زىياۋۇدۇن خەلپە، خوجالىق خەلپە ھەم توختىخوجا ئاق بۇرۇت دېگەن كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇنداق چاغلاردا كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ گەپدانلىق

قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئابدۇقادىر مۇپتى بىرىنچى بولۇپ سۆز باشلىدى:

— خۇدايىتائالاغا مىڭ قەتلە ھەمدۇسانا بولسۇنكى، ھەممىمىزنىڭ نىيىتى خالىس ئىكەن. غازى بېگىمنى زۇكامداپ قالدىمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋىدىم. ئىنشائاللا، بۇ كىشىمۇ بىلگەندەكلا ئارىمىزغا كېلىپ كۆڭلىمىزنى خاتىرجەم قىلدى. ئەمدى ھېچبىر چاقىر - تەكلىپسىز نىياز بېگىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بۇ خانىدانىنى زىيارەت قىلىشتىكى مۇددىئايىمىز جۇڭغارلار قولىدا يىگىرمە يىلدىن ئوشۇق گۆرۈدە تۇرغان كۇيۇ ئوغلى رەسۇل ئەكرەم قۇتبىلىق لىباسىنى كىيدۇرگەن جاھان خوجام، يەنى ياقۇپ خوجام بىلەن قىزى ئايشەم ئاغىچىلارنىڭ بىزگە ئوخشاش ئىتائەتمەن ئۇممەتلىرىنىڭ ئارىسىغا كېلىپ قوشۇلغانلىقىنى مۇبارەكباد قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

— مۇپتى جانابلىرىنىڭ بايانى ئەلۋەتتە راستتۇر، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ھوشۇر قازى، — قاراڭغۇ تاغدا ياشايدىغان چارۋىچىلاردا «ئاتىنىڭ ئىزىنى تاي باسىدۇ» دېگەن گەپ بار. ھەزرىتى دانىيال خوجا دارىلباقىيغا سەپەر قىلىپ، ھەرقايسىمىزنىڭ كۆڭۈللىرىنى قايغۇ - ھەسرەت بۇلۇتلىرى قاپلاپ كېتىۋىدى، خۇدايىتائالاغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، دانىيال خوجىنىڭ مۇبارەك تەختى ئۇ كىشىنىڭ ئوغلى، يەنى بۈگۈنكى جاھانىنىڭ خوجىسى — ياقۇپ خوجام ھەزرەتلىرىگە نېسىپ بولدى. بۇ بولسىمۇ بىزگە ئوخشاش ھىدايىتۇللا ئىشان دەۋرىدە «ئىشقىيە»چى ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن دەرد - ئەلەم تارتقان بەندە مۆمىنلەرگە ئاللاتائالا تەرىپىدىن قىلىنغان شاپائەتتۇر.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق. پايانى يوق بۇ پانىي دۇنياغا تىرەك بولۇش رەسۇلىللانىڭ نەسەبلىرىگىلا خاستۇر، — دېدى غازى بەگ، — ھەزرىتى ياقۇپ خوجام شۇ نەسەبكە خاس ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئوي - خىيالى رەئىيەت (پۇقرا) نىڭ دىلىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتۇش، دىيارىمىزدىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ

باقىي دۇنيادىكى پاراغىتى ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ھەزرىتى ياقۇپ خوجامنىڭ شۇنچە ئۇزاق يىللار مابەينىدە دىنسىزلار قولىدا بولۇپ، ئۆتنىڭ ئىچىدە ساقلىغان پاختىدەك زەخمىلەنمەي ئامان قېلىشى گويا ئاللاتائالانىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن نەمرۇت① تەرىپىدىن يورۇقى ئۇچ كۈنلۈك يەرگە كۆرۈنگۈدەك ئۆتنىڭ ئىچىگە مەنچاناق بىلەن تاشلانغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆيمەي ئامان قالغىنىدەك بىر ئىشتۇر. ئەگەر ھەرقايسىلىرىغا مالال كەلمىسە، ھەزرىتى ياقۇپ خوجامنىڭ ئۇزاق يىللار ئامان بولۇشى ئۈچۈن ئاللا ۋە تابارەككە مۇناجات قىلىپ دۇئا قىلساق.

— ئامىن ! — دەپ قول كۆتۈردى ئابدۇقادىر موپتى.

— ئامىن ! — ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ھەممە مېھمانلار قول كۆتۈرۈشتى.

— ئەركانى ھاكىمىيەت ئىگىلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەر بىز ئۈچۈن دۇررى گۆھەردىنمۇ قىممەتلىكتۇر، — دەپ سۆز قىستۇردى دۇئادىن كېيىن سالىھ خەلپە. بۇ ئادەمنىڭ جۇغى كىچىك بولغىنى بىلەن، ئاۋازى توم ئىدى، — ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئۆز ھەدىسلىرىنىڭ بىرىدە: «بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەن كەلىمىنى زىكرى قىلغانىكەن. خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ يارلىقىدا دانىيال خوجامنىڭ ھۆكمى - پەرمانى يۇرۇۋاتقان قەشقەرىيەنى تۆت خانلىققا بۆلۈپ، ھەربىرىگە بىردىن غوجىزادىنى خان قىلىپ بەلگىلەپتۇ. بۇ دېگەن ... — ئۇ «پارچىلاپ ئىدارە قىلىش ئەمەسمۇ؟» دېگەن گېپىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي توختاپ قالدى. شۇ چاغدا:

— خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ بۇ تەدبىرى تولىمۇ دانالىقنىڭ بەلگىسىدۇر، — دېدى ئابدۇقادىر مۇپتى خەلپەمنىڭ ئېيتالماي قالغان سۆزلىرىگە جاۋاب بېرىپ، — قەشقەرىيەدىكى

① نەمرۇت — ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى بۇتپەرەسلەرنىڭ پادشاھى.

شەھەرلەرگە بەلگىلەنگەن خانلارنىڭ ھەممىسى رەھمەتلىك دانىيال خوجىنىڭ ۋارىسلىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇلارمۇ «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ جان كۆيەرلىرىدۇر.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى غازى بەگ، — بىزگە مۇشۇ يەكەن دىيارىدىكى خانلىقتا خىزمەت قىلىشىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. باشقا شەھەرلەرگە خان بولغان غوجىزادىلەر ئۆز خاندانلىقىدا يېڭىدىن ئوردا ئەركانلىرىنى بەلگىلەپ، خۇنتەيجى ئەۋەتكەن ئەمىر - پەرمانلارنى بەجا كەلتۈرسە، بىزنىڭ ئىشلارمۇ كۆپ دەرىجىدە يېنىكلەيدۇ.

ئۆيگە بوينى ئىنچىكە، قورسىقى پارقىراپ تۇرغان مىس ئاپتۇۋا بىلەن مىس چىلاپچا كۆتۈرگەن، مۈرىسىگە ئارتىۋالغان چۆچىلىق لۆڭگىسى بار بۇرۇتلۇق كىشى كىرىپ كەلدى - دە، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇشقا باشلىدى.

— نىياز بېگىمنى مۇبارەكباد قىلىمىز دەپ بىرمۇنچە ئاۋارىگەرچىلىككە سالدۇقمۇ نېمە؟ — دېدى ھوشۇر قازى سېمىز بارماقلىرىنى لۆڭگىنىڭ چۆچىسىغا سۈرتۈپ.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، — نىياز بەگ ئۈچۈن غازى بەگ جاۋاب بەردى، — ياقۇپ خوجامدەك خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ئۇلۇغ زاتقا قېيىنئاتا بولۇش مۇقامىغا يەتكەن كىشى ئۆز خۇشاللىقىنى ئون ئالتە خانىقانىڭ قازىنىنى قايىنتىپ، سوپى - دەرۋىشلەر بىلەن، ئۇلاردىن باشقا مەكتەپ - مەدرىسىلەردە تەھسىل كۆرۈۋاتقان ئىلمىي تالىپلار، شۇ قاتاردا يەكەن شەھىرىنىڭ بازار - گۇزەرلىرىنى ئاۋات قىلىۋاتقان تۇججار - تىجارەتچىلەر بىلەن ھەمكارلاشمىسا، ئىززەت ئاغىنچىنىڭ تاپا - تەنىسىگە قالار.

— بۇ گەپلىرىچە نىياز بېگىم بىزدىن مۇشۇ داستىخان بىلەن قۇتۇلىدىكەن - دە، — كۇلكە ئارىلاش سۆز قىستۇردى ھوشۇر قازى.

— ئەسلا ئۇنداق ئەمەس، بۇ داستىخىنىمىز «خېمىر

ئۈچىدىن پېتىردۇر»، — دېدى نىياز بەگ، — بۇنداق كۈنلەرگە مۇشەررەپ بولۇش كۆرگەنلا كىشىلەرگە نېسىپ بولمايدۇ. بۇنىڭغا مىڭ قەتلە شۈكۈر دېسىلە. ياقۇپ خوجامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھەرقايسىڭلارغا داستىخان سېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، جانىنى قۇربان قىلسامۇ ئەرزىيدۇ دېسىلە، — ئۇ ئولتۇرغانلارغا مەغرۇرانە قاراپ قويدى ...

※ ※ ※

غازى بەگ نىياز بەگنىڭ ئۆيىگە ھەممىدىن كېيىن كەلگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى لالىگۈل ئاغىچا پەرمانقۇل ئىشاننىڭ قۇشناچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئاياللاردىن بىرىنچى بولۇپ كەلدى. غازى بەگنىڭ نىياز بەگ بىلەن ئېپى قانداق كېلىشمىسە، لالە ئاغىچىنىڭمۇ ئىززەت ئاغىچا بىلەن شۇنداق كېلىشمەيتتى. ياش جەھەتتىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان بۇ ئاغىچىلار جىسمانىي جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ پەرق قىلاتتى. ئىززەت ئاغىچا چىراي ـ شەكلى ئاققا مايىل ئايال بولۇپ، ھەر يىلى ئۈچ ئاي نەپلى روزا① تۇتسىمۇ ئېتىدىن چۈشمەيتتى. لالىگۈل ئاغىچا بولسا كۈنىگە بىرنەچچە قېتىم يەم ـ بوغۇز بېرىپ باقسىمۇ ئىچى چىقمايدىغان قىسىر بايتالدەك سىپتا ئايال بولۇپ، بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى ئۇپا ـ ئەڭلىكتىن، قاش ـ كۆزلىرى ھىندىستان تەرەپتىن كېلىدىغان سۈرمىدىن خالىي بولمايتتى.

غازى بەگ پېشىندىن كېيىن نىياز بەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ كىشىنى كۈيۈ ئوغلى ياقۇپ خوجىنىڭ خان بولغانلىقى ۋە قىزى ئايشەم ئاغىچىنىڭ جۇڭغارلار قولىدىن قۇتۇلۇپ كەلگەنلىكى سەۋەبلىك ئۇلارنى مۇبارەكلەپ كېلىدىغانلىقىنى

① نەپلى روزا — قوشۇمچە روزا.

www.uyghurkitap.com

ئېيتقاندا، لالىگۈل ئاغىچا:

— ئىززەت ئاغىچىنىڭ تۇمشۇقى راسا كۆتۈرۈلىدىغان بوپتۇ ـ دە، — دېدى ئىچى قارىلىق بىلەن.

— هاي، هاي، لالە ئاغىچا، — دېدى غازى بەگ ئۇنىڭغا هاي بېرىپ، — ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا. نىياز بەگ بىلەن ئىززەت ئاغىچا ئاچچىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار هازىر شىپالىق بەخش قىلىدىغان دورىغا ئوخشاپ قالدى. ئۇلاردىن مۇنارىنىڭ ئۈستىگە چىقىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان پەلەمپەي مىسالى پايدىلىنىشىمىز كېرەك، پەرمانقۇل ئىشانمۇ قۇشناچى بىلەن بارماق بولدى. سىلىمۇ بارسىلا، مېنى قايىل قىلىدىغان پاراسەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئىززەت ئاغىچىنىڭ پۇتىغا هۆل خىش قويۇشنى ئەسلىرىدىن چىقارمىسىلا. پەيتى كەلگەندە ئۇ خىشنىڭمۇ پايدىسى تېگىدۇ، — ئېرىنىڭ ئاخىرقى گېپى لالىگۈل ئاغىچىنىڭ كەيپىنى چاغ قىلىۋەتتى. شۇڭا، ئۇ نىياز بەگنىڭ هويلىسىغا كىرگەندە، ئالدىغا چىققان ئىززەت ئاغىچىنى كۆرۈپ:

— خۇدا بەرگەن خۇشاللىقلىرى مۇبارەك بولغاي، ئاغىچا! — دېگەن پېتى ئۇنىڭ سېمىز يەلكىلىرىنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى، — بۇ خەۋەرنى غازى بەگدىن ئاڭلاپ، ئۆزلىرىگە يەتكۈچە كۆڭلۈم غىزاغا تارتمىدى.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئىززەت ئاغىچىنىڭ ئىچكى هويلىسىدىكى چاققانغىنا مېهمانخانا يەكەندىكى بەگزادىلەر بىلەن ئىشانۇ ئىماملارنىڭ ئاپپاقۇقۇشناچلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. لېكىن، بۇ ئاياللارنىڭ سانى ئەر كىشىلەرگە قارىغاندا ئازراق بولسىمۇ، ئىززەت ئاغىچا ئۈچۈن يەكەندىكى پۈتۈن ئاياللار ئەهلى يىغىلىپ كېلىپ ئۆزىنى تەبرىكلەۋاتقاندەك بىلىندى. بىر ـ بىرىدىن ئېسىل كۆڭلەكلىرى، چەت ـ چۆرىسىگە چىلتەك ئورنىغا بەش قۇردىن ئۈنچە تۇتقان لاسكاتلارنى — جىلىتكىلەرنى كىيىپ، قۇلاقلىرىغا گۆهەر كۆزلۈك هالقا

ئېسىپ، بىلەكلىرىگە توم ۋە ياپىلاق قىلىپ سوقۇلغان بىلەزۈكلەرنى جۈپلەپ سېلىۋالغان ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئاغىچا-ئاپپاقلىرى ئىززەت ئاغىچىنىڭ ئۆيىنى بىرپەستىلا «قۇشلار بازىرى»غا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

— ھۆرمەتلىك ئاغىچىلار! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى بىر چاغدا سەكسەندىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۆزىدىن كىچىكلەرنىڭ «ھەدە» دەپ ئاتىشىنى ياقتۇرمايدىغان مەۋلانە ھەزرەتنىڭ ئاپپىقى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن ھەممە ئاياللار گەپ-سۆزلىرىنى توختىتىشىپ ئاپپاققا قاراشتى.

— ئۆتكەن ئازنا ئاخشىمى كۆرگەن چۈشۈمدە ئىززەت ئاغىچىنىڭ قۇرۇق بۆشۈكنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېنىغا بارسام: «بۇ ئايشىگۈل قىزىمنى بۆلىگەن بۆشۈك ئىدى، شۇ قىزىمنى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى كۆرمەي ئىچ-قارنىم ئۆرتىلىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا پايلىماي كۆز-ياش تۆكۈپ سېغىنىش ئوتىنى ئۆچۈرمەكچى بولۇۋاتىمەن» دېمەمدا، توۋۋا قىلدىم خۇدايىم، شۇ مەھەلنىڭ ئۆزىدە: «ئاپا، كەتكەن ئادەم كېلىدۇ، كەتمەنلىگەن ئادەم كەلمەيدۇ دەيتتىڭغۇ» دەپ ئايشەم ئاغىچا پەيدا بولدى، بېشىغا يىرتىلىپ كەتكەن تار ياغلىق، ئۇچىسىغا ئېتىكىگە ياماق چۈشكەن شاتىۋار كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ. چىرايى جۇدەڭگۈ، شەھلا كۆزلىرى كىرتىيىپ ئارانلا ئېچىلىپ تۇرىدۇ، ئىززەت ئاغىچا: «ۋاي، ئالتۇن قىزىم!» دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. دەرھال تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدۇم. ئارىدىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئايشەم ئاغىچىنىڭ جۇڭغارلار قولىدىن قۇتۇلۇپ كەلگىنىنى، بۈگۈن بولسا ياقۇپ خوجىنىڭ يەكەنگە خان بولۇپ، ئايشەم ئاغىچىنىڭ «خان ئاغىچا» مۇقامىغا يەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سىلەرگە ئوخشاش ئىززەت ئاغىچىنى مۇبارەكباد قىلغىلى كەلدىم. ياراتقان ئىگەم ئاغىچامنىڭ بۇ خۇشاللىقىنى ئۆمۈر باقىي قىلسۇن! — دېدى.

— ئېيتقانلىرى كەلسۇن، ئاپپىقىم، — دەپ چۇرقىراشتى ئاياللار.

— مېنىڭ بىر چوڭ ئاپام بار. بۇ يىل بەش كەم يۈز ياشقا كىردى، — دەپ سۆز باشلىدى پەرمانقۇل ئىشاننىڭ ئاپپىقى، — قۇلىقى سەل ئېغىر، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆزىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. تىلىنىڭ ئاستىدا كىچىككىنە مەڭ بار. قارغىۋەتكەن ئادىمى ھېچقاچان روناق تاپمايدۇ. شۇ چوڭ ئاپام بۇگۈن ئەتىگەن بىر نەۋرىسىنى ئەۋەتىپ: «ئاپپاققا ئېيتقىن، ئىززەت ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ ئاغىچىنى مۇبارەكباد قىلسۇن. بۇگۈن شەھەردىكى ھەممە ئاغىچىلار ئىززەت ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالمىسۇن» دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ ...

— بۇ ھەقتە ئىشان ھەزرەتلىرى بىرنېمە دېمەپتۇ ـ دە؟ — دەپ سورىدى لالىگۇل ئاغىچا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — يا ئۇ ھەزرەت قاغىلىق تەرەپكە كەتكەنمىدى؟ — ئۇ ئاخىرقى گېپى بىلەن ئاپپاقنىڭ قاغىلىقتا تۇرىدىغان كۈندىشىنى ئېسىگە سالدى.

— يوقسۇ، ھازىر قاغىلىققا بېرىش تۇرماق، ئۇ تەرەپكە قاراشقىمۇ يىرگىنىدىغان بولدى.

— ئەجەبا، — دېدى ھوشۇر قازىنىڭ ئاغىچىسى، — ئىشان ھەزرەتلىرى ئۇ خېنىمدىن ئاسانلا يېنىپ قاپتۇغۇ؟

— ۋاپاسىز مىدە تازغۇن دېگەن يەردە تۇرىدىغان «ئاق تاغلىق» بىر ھاڭگا بىلەن نەگىدۇر بىر ياققا غايىب بوپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — ھەيران بولدى يەنە بىر ئاغىچا، ئاندىن بۇ گەپنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكىدى، — مەن ئۈچ كۈن ئۇدا چوڭ ئاپپىقىم① دەمىدە قىلغان ناۋاتنى سېلىپ چاي ئىچكۈزگىنىمگە قارىماي كېلىن ئاغىچام يەنە يامانلاپ كەتتى.

— بۇ گەپلىرىگە قارىغاندا، چوڭ ئاپپاقنى ئوبدانىراق رازى

① مەۋلانە ھەزرەتنىڭ ئايالى.

قىلمىغان ئوخشىمامدىلا، — پەگاھ تەرەپتە ئولتۇرغان بىر ئايال كۈلكە ئارىلاش گەپ قىستۇردى. يەنە بىر ئايال:

— ناۋاتقا دەمىدە قىلغىنى ئۈچۈن ھەق ئالمىسىمۇ مەۋلانە ھەزرىتىمدىن قالغان دۇنيا - دەپىنە چوڭ ئاپپاقتا لوقمان ھېكىمدەك ياشىسىمۇ يېتىپ ئاشار، — دېدى.

بۇ ئىككى ئايالنىڭ گېپى خۇددى تاغ شامىلىدەك ئولتۇرغانلارنىڭ كۆڭلىنى سەگىتىۋەتتى.

شۇ چاغدا لالىگۇل ئاغىچا ئىززەت ئاغىچىغا مۇراجىئەت قىلىپ:

— ئايشەم ئاغىچا بۈگۈن كېلەمدۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئاغىچا جاۋاب بەرگۈچە، چوڭ ئاپپاق:

— ئەمدى ئۇ قىزىمنى ئايشەم ئاغىچا دېمەي، «ئايشەم خان ئاغىچا» دەيلى، — دەپ تۈزەتتى.

— خان بالامنىڭ ئىشلىرى بۈگۈن تولىمۇ ئالدىراش ئىكەن، — دېدى ئىززەت ئاغىچا ياقۇپ خوجام دېگەندىن كۆرە، «خان بالام» دېسە، ئۆزىنىڭ باشقا ئاغىچىلاردىن بىر بالداق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىپ، — خان ئاغىچا قىزىم ئوردىدا بولمىسا، خان بالامنىڭ بەزى ئىشلىرى يۈرۈشمەيدىكەن.

«ئاتە پاختاڭنى، ماختانچاق، — دېگەن ئوي كەلدى لالە ئاغىچىنىڭ كاللىسىغا، — رەھمەتلىك دۇردۇن ئاغىچا توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان ياقۇپ خوجىنى بىر قېتىممۇ ‹خان بالام› دېمەي دۇنيادىن ئۆتتى. ئەمدى بۇ پىخسىقنىڭ ئىگە بولۇپ ‹خان بالام› دەپ كەتكىنىنى قارا.»

لېكىن، ئۇ ئىچىدىكى بۇ ئويىنىڭ ئەكسىچە گەپ قىلدى:

— ئايشەم ئاغىچام بىلەن ياقۇپ خوجام جۈگەرلار ئارىسىدا ئۇزاق يىللار قوش مېغىزدەك بىللە يۈرۈپ، بىر - بىرىگە ئىچەركىشىپ كەتكەن - دە !

— شۇنداق، شۇنداق، — لالە ئاغىچىنىڭ سۆزىنى

قۇۋۋەتلىدى ھوشۇر قازىنىڭ ئاغچىسى.

— ئەمدى ئىززەت ئاغىچام «خان ئاغىچا» قىزىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنلىغان قويلارنى سويۇپ شاھانە زىياپەت بېرەر، — دېدى پەرمانقۇل ئىشانىنىڭ ئاپىقى، — خۇدا بۇيرۇسا، شۇ چاغدا ئايشەم خان ئاغىچا بىلەن كەڭ ـ كۇشادە مۇلاقاتتا بولارمىز.

— ئىلاھىم شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزسۇن. قېنى قىزىم، قولغا سۇنى مۇنۇ تەرەپتىن ئالسىلا، — دېدى ئىززەت ئاغىچا پەگاھ تەرەپتە بېشىغا رەڭگى قىزغۇچ نېپىز ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىپ، ياغلىقىنىڭ رەڭگىدە بەل پۈرمە كۆڭلەك كىيىۋالغان ۋە ئىككى سېكىلىكى ئېگىكىگە چۈشۈپ تۇرغان چوكانغا قاراپ.

## تۆتىنچى باب

ئۇزۇن يازنى جۇڭغارلار ئىشغالىيىتىگە چۈشۈپ قالغان قازاق دالاسىنى ئارىلاپ سودا ـ سېتىق بىلەن ئۆتكۈزگەن ئەدەن قېچىر كۈچاغا كەلگەندە بىر ئايدىن ئوشۇق تۇرۇپ قالدى. بۇنداق بولغىنى بىر جايدا ھەپتىدىن ئوشۇق تۇرمايدىغان بۇ تىنىمسىز ئادەم كۈنەس، يۇلتۇز تەرەپلەردىكى جۇڭغارلاردىن ئالغان ئاتلىرىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا، كۆكىنەك داۋىنىدا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەن ھەمراھى ساۋۇت يانتاقنىڭ بىر ئايىغى زەخىملىنىپ قالغانىدى.

ئۇ ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئاتلارنى شەھەر سىرتىدىكى بىر ئادەمنىڭ قورۇسىغا كىرگۈزۈپ تېڭىقچى ئىزدىمەك بولدى.

— ئاۋارە بولمىسىلا، مەن يېتىمنىڭ پۇتىنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى تەمبەللىك ۋە ئۇچلۇق ساقال ساھىبخانا.

— سىلىنىڭ تېڭىقچىلىقتىن خەۋەرلىرى بارمۇ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئەدەن قېچىر.

— خەۋىرىم بولمىسا، مەنمۇ سىلى بىلەن تېڭىقچى ئىزدەشكەن بولاتتىم.

ئەدەن قېچىر بىر ئىشنىپ، بىر ئىشەنمەي بۇ ئۇچلۇق ساقال ئادەمنى ساۋۇت يانتاقنىڭ قېشىغا باشلاپ كەلدى. ئۇ ساۋۇت يانتاقنىڭ ئاغرىق پۇتىنى كۆرمەك بولۇۋىدى، ئۆتۈكىنى تارتىپ چىقىرالمىدى. پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا چىديالمىغان ساۋۇت يانتاقنىڭ چىرايى تۇرۇلۇپ كەتتى. ساھىبخانا دەرھال بىلىدە ساڭگىلاپ تۇرغان غىلىپىدىن پىچىقىنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، ئۆتۈكىنىڭ ئارقا تىكىچىنى ئاپقۇتىغىچە كېسىپ ساۋۇت يانتاقنىڭ پۇتىنى چىقاردى. ئۇنىڭ بىر قەۋەت كىرلىشىپ كەتكەن پايپىما ئورالغان پۇتى ئىششىپ كەتكەنىدى.

— سىلى بۇ يېتىمنىڭ مۇرىسىنى بېسىپ تۇرسىلا، — دېدى ئۇ ئادەم ئەدەن قېچىرغا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئون ياشلار چامىسىدىكى قارىمۇتۇق بالىغا قاراپ، — قارىي بالام، غاچىدە ئۆيگە كىرىپ ئىككى تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى، ئاندىن تۆگىنىڭ جوغدىسىدىن پىشكە ئاچىقە، — دېدى ـ دە، ئەدەن قېچىرغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ يېتىمنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى پىشكە ئاغرىپ قاپتۇ. ئۆزى رۇستىمى داستاندەك بەستى بار يىگىتكەنۇ، پۇتىنى مۇنداق سىلاپ قويغانغا چىدىماي، شۇنچە ئىنجىقلايدىيا، — ئۇ ئىششىپ كەتكەن پۇتىنى تۇتۇپ قايرىغاندەك قىلدىمۇ ياكى باسقاندەك قىلدىمۇ، ئىشقىلىپ، ساۋۇت يانتاق چىديالماي ۋارقىرىۋەتتى.

— مانا ئەمدى بولدى، قارىي بالام، تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى ئەكەل، — دېدى ۋە ئۇنى ئۇشۇقنىڭ چۆرىسىگە ئايلاندۇرۇپ سۈركىدى، ئاندىن بىر تۇتام تۆگە يۇڭىنى تۇخۇم سۈركەلگەن يەرگە يېپىشتۇردى ۋە قوزۇقتا ئىسسىقلىق تۇرغان ماتانى تار قىلىپ يىرتتى ـ دە، ساۋۇت يانتاقنىڭ پۇتىنى تېڭىۋەتتى. شۇ ئاردا ساۋۇت يانتاقنىڭ پۇتىدىكى ئاغرىق سەل ـ پەل بېسىلغاندەك بولدى ئەتىمالىم، ئۇ ساۋۇت يانتاقنىڭ چىديالماستىن ۋارقىراپ كەتكىنىگە خىجىل بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

— قانداقراق، ئاغرىق سەل بېسىلغاندەك قىلدىمۇ؟ — دېدى تېڭىقچى ساۋۇتقا قاراپ، — پۇتۇڭلا ئۇشۇقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ ئەمەسما، ھېلىمۇ غەيرەتلىك ئىكەنسىلە، باشقا ئادەم بولسا ئاللا ـ توۋىنى سېلىپ ئالەمنى مالەم قىلاتتى، — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئەدەن قېچىر بىلەن پاراڭلىشاي دەپ تۇراتتى، ئىشىك ئالدىدىكى قورۇنىڭ قېشىغا كەلگەن بىر ئادەمنىڭ:

— پۇتۇڭلارغا تاش باغلىۋالغاندەك ماڭماي، چاققان ـ چاققان دەسسەڭلارچۇ؟ تەلىيىمىزگە تېڭىقچى ئۇستام ئۆيىدە ئىكەن، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇچلۇق ساقال ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ قورۇ تەرەپكە ماڭدى ۋە كېچىكمەي پېشانىلىرى تەرلەپ كەتكەن ئىككىيلەن تالدىن توقۇلغان زەمبىل بىلەن بىر ئادەمنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ساھىبخانا ئۇ ئادەملەرنى يان تەرەپتىكى ئۆيگە باشلىدى.

— ھېلىما بەختىڭلار بار ئىكەن جۇما، — دېدى ئەدەن قېچىر خېلى ئارام ئېلىپ قالغان ساۋۇت يانتاققا قاراپ، — خۇدانىڭ ئۆزى تېڭىقچى ئۇستامنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ ئەمەسما.

※ ※ ※

كەچ كىرىپ كوچا ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار يېغى تۈگەپ قالغان چىراغدەك پىلدىرلاپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەدەن قېچىر تارغىنا پېشايۋانغا قويۇلغان شىرەدە چاي ئىچكەچ ساھىبخانا بىلەن تونۇشۇپ ئۇلگۈردى.

— كەسپىلىرى ياخشى ئىكەن، — دېدى ئەدەن قېچىر.

— بۇ مېنىڭ ئاتا كەسپىم، — دېدى ھوشۇر ئاخۇن، — ئادەتتە كۆپلىگەن ئاتىلار ئۆز باللىرىغا مال ـ دۇنيا مىراس قالدۇرۇشقا ھەۋەسمەن كېلىدۇ. لېكىن، مېنىڭ ئاتام مۇشۇ كەسپىنى قالدۇرۇپ كەتتى. «تېڭىقچىلىق ھەم كەسىپ، ھەم

ھۇنەر، — دەيتتى رەھمەتلىك ئاتام، — بۇنى ئۆگىنىۋالساڭ، خەلقنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىپ رەھمىتىنى ئالىسەن، خەلقنىڭ ھالىغا يېتىپ رەھمىتىنى ئالغان ئادەم يامان كۈنگە قالمايدۇ. خەلق تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇلارغا «رەھمەت»مۇ دېمەيدۇ. تېگىشىغا بولسا «رەھمەت» دېمەيدىغان ئادەم يوق.»

— بۇ دېگەنلىرى راست، ھۈنەرۋەن بىلەن كاسىپلارنى خۇدانىڭ دوستى، «ئىسراپخورلارنى شەيتاننىڭ دوستى» دەپ بىكار ئېيتمىغان. پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ «ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆزىدىن باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىدۇر. ئەگەر بىر كىشىنىڭ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگۈدەك قۇدرىتى بار تۇرۇپ مەنپەئەت يەتكۈزمىسە ياكى باشقىلاردىن مەنپەئەتلەنسە، ئۇنىڭ ئۇچۇن كەچۈرۈپ بولمايدىغان ئەيىبتۇر» دېگەن سۆزلەر بار ئىكەن.

— شۇنداق، — ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتتى ھوشۇر ئاخۇن، ئاندىن ئەدەن قىچىرغا سوئال قويدى، — ئۆزلىرىنى نەدىن سورايمىز؟

ئەدەن قىچىر ئۆزىنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان تۇججارلىق بىلەن شەھەرمۇشەھەر كېزىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. شۇ چاغدا قورۇنىڭ ئىشىكى تاراقلاپ كەتتى - دە، ھويلىغا باياتىن بېرى كۆرۈنمەي قالغان قارىي ئىسمىلىك بالا بىلەن دۇتار كۆتۈرگەن بىر ئايال كىرىپ كەلدى.

— بۈگۈن كەچرەك كېلىشتىلىغۇ، گۈلبادام؟ — دېدى ھوشۇر ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، — ئۆيگە داۋان ئېشىپ، تاغ ئارقىسىدىن مېھمانلار كېلىپ قالدى ئەمەسما.

— خۇش كەپتىلا، — دېدى ئايال ئەدەن قىچىرغا، ئاندىن، — قارىي بالام، سېكىنە ئاچاملارنىڭكىگە كىرىپ خام قايمىقىدىن ئىككى ھېجىر ئاچىقە، — دېدى.

بىرپەستىن كېيىن شىرەدىكى سىنچاينىڭ ئورنىنى خام قايماق بىلەن ئەتكەنچاي ۋە پىياز سېلىپ يېقىلغان بىجاق نانلىرى ئىگىلىدى. گۈلبادام چىراغنى يېقىپ شىرەنىڭ چېتىگە قويۇۋېتىپ ئەدەن قېچىرنىڭ ئارقا تەرىپىدە ياتقان ساۋۇت يانتاقنى كۆردى ـ دە:

— ماۋۇ پۇتىنى چىقىرىپ ياتقان مېھمان ئوخشىمامدۇ؟ نېمىشقا شىرەگە تەكلىپ قىلمايسىلەر؟ — دېدى ھوشۇر ئاخۇنغا قاراپ.

— ئۇ مېھمانغا ھازىر سىلىنىڭ ئەتكەنچايلىرىدىن كۆرە، ئۈيقۇنىڭ لەززىتى ئەلا. بىچارە يېتىم ئىككى ـ ئۈچ كۈننىڭ بۇياقى تازىمۇ قىينىلىپتۇ ئەمەسما.

ئەدەن قېچىر ھوشۇر ئاخۇننىڭ: «ئۆيگە ئورۇن راسلاپ قويدى» دېگىنىگە ئۇنىماي پېشايۋاندىكى ساۋۇت يانتاقنىڭ قېشىدا ياتتى.

«ئەجەب بىر كىلىشمەسلىك بولدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆك گۈمبىزىگە يېيىلغان باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئايغا قاراپ، — بۇ بالىنىڭ پۇتى بەش ـ ئون كۈنگىچە ياخشى بولۇپ قالسا بولاتتىغۇ؟ ھېلىمۇ خۇدا ئوڭلاپ پۇتى چىقىپ كېتىپتۇ. ئەگەر سۇنۇپ ياكى ئۈنىڭدىنمۇ يامان بىرەر ئەھۋال يۈز بەرگەن بولسا قانداق قىلار ئىدىم ... مۇز داۋان بىلەن كېتەيلى دېسەم ئۇنىماي، كۇچا، شايارلارنى كۆرگەچ كېتەيلى دەپ تۇرۇۋالغان ئۆزى ئەمەسما، بىچارە بۇنداق بولارىنى نەدىن بىلسۇن ... — ئۇ سول تەرىپىگە ئۆرۈلۈپ ياتتى، — دېگەنبىلەن ھوشۇر ئاخۇن تېڭىقچىنىڭ زەئىپىسى خۇش چىراي، قولى ئەپچىل مەزلۇم ئىكەن. بۇ كۇچا دېگەن يەرنىڭ مەزلۇملىرى بىزنىڭ قەشقەردىكى مەزلۇملارغا ئوخشاش سەرۋى قامەت، شەرم ـ ھايالىق كېلەمدۇ نېمە؟ بۇ مەزلۇمنىڭ كەچتە دۇتار كۆتۈرۈپ يۇرگىنىگە قارىغاندا، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ بۇلبۇلگوياسى بولسا كېرەك ...»

ئۇ كۆزىنىڭ قاچان ئىلىنىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى.



www.uyghurkitap.com

※ ※ ※

ئاخشام كەچ ياتقىنىغا قارىماي، ئەدەن قېچىر بامدات نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— تاھارەت ئالسىلا، مانا ئىئورىق، — دېدى ئۇنىڭدىن بالدۇر تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ ئولگۇرگەن ھوشۇر تېڭىقچى.

ئۇلار قاراڭغۇ ـ ماراڭغۇدا مەھەللىنى تۆۋەنلەپ كەتتى ـ دە، كوچىنىڭ دوقمۇشىغا سېلىنغان مەسچىتتە بامدات نامىزىنى ئوقۇشتى.

— يۇرسىلە، — دېدى ھوشۇر تېڭىقچى كەلگەن كوچا بىلەن قايتماقچى بولغان ئەدەن قېچىرغا، — ناشتا قىلايلى.

— ئۆيگە بېرىپ ناشتا قىلمايمىزمۇ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئەدەن قېچىر.

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن «بۇ تۇججار ئاشخانىدا ناشتا قىلىش ئۇچۇن پۇلنىڭ كۆزىگە قاراۋاتسا كېرەك» دېگەن ئويغا كەلگەن ھوشۇر تېڭىقچى:

— قورقمىسىلا، ئاخشام تاماقسىز ياتتىلا، ئاشخانىنىڭ پۇلىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن، — دېدى.

— گەپ پۇلدا ئەمەس، — دېدى بۇ گەپنى ئېغىر ئالغان ئەدەن قېچىر، — مەن بۇنداق مەھەلدە ئاشخانىلار ئېچىلامدۇ دەپ ئويلاپتىمەن.

— بىزنىڭ كوچادا ئۇنداق گەپ يوق، — دەپ چۈشەندۇردى ھوشۇر تېڭىقچى، — بۇ يەردە ئاشخانا ئاچقان ئادەملەرنىڭ ئۆيقۇسى قۇشلارنىڭكىگە ئوخشاش قىسقا بولىدۇ. ھەر كۈنى مۇشۇ مەھەلگە ئۆلگۇرتۇپ كوچالىقلارغا ناشتىلىق تەييارلايدۇ. خەلق بۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆگىنىپ كەتكەنكى، ھەركىم ئۆز مەھەللىسىگە يېقىن يەرلەردىكى ئاشخانىلاردا ناشتىلىق يەپ، شۇ يەردىنلا ئىشلىرىغا كېتىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

— ھەممە ئادەملەر شۇنداق قىلامدۇ؟

— شۇنداق قىلىدۇ دېيىشمۇ بولىدۇ. يۇرت بولغاندىكىن، ناشتا قىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە كېتىدىغان ئادەملەرمۇ چىقىپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇلارنى باشقىلار «خەسىس» دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق ئادەملەردىن ئەدەپ - ئەخلاققا دائىر بىرەر سەۋەنلىك ئۆتۈپ قالسا، «بۇ ناشتىلىققا بارمايدىغان خەسىس ئەمەسما» ياكى «ئاشخانىغا بېرىپ ناشتا قىلىشقا قورۇنغان ئادەم تۇرۇقلۇق نېمىدەپ باشقىلارغا چوڭ گەپ قىلىدۇ» دەپ مازاق قىلىشىدۇ.

ئەدەن قېچىرلار يەردىن كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئاشخانىغا كىردى، قاتار قويۇلغان شىرەلەردە ئورۇن بولمىغاچقا، ئۈستىگە كىگىز بىلەن گىلەم سېلىنغان بۇلۇڭدىكى شىرە چۆرىسىدە ئولتۇردى. شۇ ھامان ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك، بېشىغا شاپاق دوپپا كىيىۋالغان بىر ئادەم سىرى ئۆچۈپ كەتكەن پەتنۇس بىلەن بىر چەينەك چاي، ئىككى پىيالە، ئىككى دانە قاتلىما نان ئەكەلدى. ئۇلار تېخى بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىپ تۈگەتمەيلا ھورى پۇرقىراپ تۇرغان بىر تەخسە يۇتا، دورا - دەرمەك سېلىپ پىشۇرۇلغان كاللا - پاچاق شورپىسى ۋە كېچىچە قايناپ مەررە بولۇپ كەتكەن قوينىڭ بېشىنى ئەكىلىپ قويدى.

— قېنى ئەدەنباي، بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ غىزالىنايلى، — دېدى ھوشۇر تېڭىقچى. ئۇلار پىيالىدىكى چايلار بىلەن ھېجىرلاردىكى شورپىنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ، يۇمشاق پىشقان كاللىغا تۇتۇش قىلدى، ئاندىن ئارىلاپ - ئارىلاپ نان تەگكۈزۈپ شورپىدىن ئىچىشتى - دە، ئەڭ ئاخىرىدا چەينەكتە تاۋلىنىپ قالغان چايدىن قۇيۇشتى.

— بۇلار ناشتىلىق تەييارلاشقا تولىمۇ ئۇستا، — دېدى ھوشۇر تېڭىقچى.

— بۇ ئاشخانىدا باشقا تائاملارنى ساتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەدەن قېچىر.

— ھەممە تائامنى ساتىدۇ. مەسىلەن، لەڭمەن بىلەن مانتىنى سائەت ئون بىرلەرگە، پولۇنى بولسا چۈش ۋاقتىغا ئۇلگۇرتۇپ تەييارلايدۇ. ئارىلىقلاردا قوي گۆشىدىن پىشۇرۇلغان ئاچچىق - چۈچۈك قورۇمىلارنى، تۇرۇپ، شوخلا، كۆك لازا ۋە ئاق پالەكتىن تەييارلانغان خام سەيلەرنىمۇ سېتىپ تۇرىدۇ.

— بۇ گەپچە، كۇچالىقلارنىڭ زەئىپلىرى قازان بېشىغا چىقمايدىكەن - دە؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ قازان شەھرىنىڭ خوجايىنلىرى شۇلار دېسىلە. ئۇلار ناشتىلىق ئۈچۈن ئاشخانىغا بارمايدىغان، كەچلىك تاماقنى ئۆيگە كېلىپ بالىلىرى بىلەن يېمەيدىغان ئەرلەرنى ئەر قاتارى ھېسابلىمايدۇ دېسىلە.

— ھە، بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام، ياش چېغىمدا كۇچاغا كېلىپ ئۆيلىنەتتىمكەن - دە، — دەپ چېقىشتى ئەدەن قېچىر.

— ھەيدەپ يۈرگەن ئاتلىرىغا قارىغاندا، ھەربىر شەھەردىن بىردىن چوكاننى نىكاھلىرىغا ئېلىۋالسىلىمۇ بولغۇدەك، بۇنداق نىكاھ بىزدەك ئورۇق ئاتلارغا دۇرۇس بولمىغىنى بىلەن، سىلىدەك تۇجارلارغا راۋا بولىدۇ.

— ھوشۇر ئاخۇن، — دېدى ئەدەن قېچىر گەپنىڭ ماۋزۇسىنى يۆتكەپ، — ئىككىيلەنغۇ كۈن چىقار - چىقماي ئىچىگە قوناق تىققان تاغاردەك تىككىدە بولۇپ كەتتۇق. ئۆيدە قالغان ساۋۇت يانتاق بىلەن بالىلىرىغا ناشتىلىق ئېلىۋالمايلىما؟

— بولىدۇ. بۇنداق قىلساق ھەممىدىن بۇرۇن ئاشپەز ئۇستام خۇش بولۇپ كېتىدۇ، — ئۇ ئاشخانىدا ھەپىلىشىپ يۈرگەن ئۇستامنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئەدەن قېچىرمۇ سوڭدىشىپ بىللە باردى.

— بىر كىشىلىك ناشتىلىق بەرسىلە. قاچىلىرىنى ھازىرلا ياندۇرۇپ كېلىمەن، — دېدى ھوشۇر تېڭىقچى.

— ياق، ئۈچ كىشىگە تۇشلۇق بەرسىلە، — دەپ تۈزەتتى ئەدەن قېچىر.

— ساۋۇت يانتاقنىڭ قورسىقى شۇنچە يامانما؟ — تېخنىكچى ھەيران بولۇپ ئەدەن قېچىرغا قارىدى.
— ياق، قارىي بالا بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىمۇ بارغۇ.
— ماۋۇ مېھمانىنىڭ گەپلىرىنى قارىسىلا، ئۇستام، — دېدى ھوشۇر تېخنىكچى ئۇنىڭ گېپىنى ياقتۇرمىغان ئەلپازدا، ئاندىن ئۇنىڭ رايىغا باققان بولۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بوپتۇ، ئىككى كىشىلىك بەرسىلە، ئۇستام، — ئاخىرىدا ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئەدەن قېچىرغا چۈشەندۈردى، — گۈلبادامغا ئالغانلىرى بىلەن ئۇ خېنىم ھازىر ئۆيدە يوق. بۇگۈن كۆكيارلىق لەيلىگۈل دېگەن سىڭلىسىنىڭ تويى بولماقچى، ئۇ ھازىر شۇ ياققا كەتتى.
ئۇلار ئۆيگە يېقىنلاشقاندا ئالدىراپ كېلىۋاتقان گۈلبادامنى كوچىدا ئۇچراتتى.
— تويىدىن بالدۇر يېنىپ كەپتىلىغۇ؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولغان تېخنىكچى.
— ياق، تويغا ئەمدى كېتىۋاتىمەن. مېھمانلارنى چۈشتە ئاشخانىغا ئاپارسىلا، كەچتە ئۆزۈم كېلىپ تاماق قىلىمەن، — دېدى گۈلبادام ۋە ئالدىراپ كېتىپ قالدى. ئەدەن قېچىرلار پېشايۋاندىكى شىرە ئەتراپىدا ئولتۇرغان ساۋۇت يانتاق بىلەن قارىي بالىنىڭ يېنىغا باردى. لېكىن، شىرەنىڭ ئۈستىدىن ئەكەلگەن تاماقلىرىنى قويىدىغان ئورۇن تاپالمىدى. ئۆزۈنلۈكى بىر مېتىردەك كېلىدىغان شىرەنىڭ ئۈستى پۈتۈن پېتىچە تۇرغان ۋە ئۇشتۇلغان نانلاردىن باشقا، قورۇلغان تۇخۇم، ياپىلاق ھېجىرلارغا قويۇلغان قايماق، چايلىرى يېرىمىلىشىپ قالغان چىنىلەر ۋە قوشۇق، چوكىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

※ ※ ※

كۈن تېخى ئارغامچا بويى ئۆرلىمەيلا ھوشۇر تېخنىكچىنىڭ ئۆيىگە تەرەپ - تەرەپتىن ئادەملەر كېلىشكە باشلىدى. بۇلار

ئەدەن قېچىر تاغ ئارقىسىدىن ئەكەلگەن ئاتلارنىڭ خېرىدارلىرى بولۇپ، ھەممىسى ئەرزان باھادا ئېلىشنى ئويلايتتى. ئۇلارغا ئەدەن قېچىرمۇ بوش كەلمەيتتى ۋە: «ئالمىساڭلار مەيلى، ئەمما ئاتلارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرمەيمەن. ھازىر كۆكنەك داۋىنىنى قار بېسىپ قالدى. ئەمدى ياز چىقمىغۇچە ئۇياقتىن ھېچكىم ئات ئەكەلمەيدۇ. خالىساڭلار مەن دېگەن باھاغا ئېلىڭلار. بولمىسا بۇگۈن ــ ئەتە ساۋۇت يانتاقنىڭ ئايىغى ياخشى بولۇپ قالغاندا، ئەردەۋىل بىلەن قەشقەرگە ئاپىرىپ ساتىمەن» دەيتتى. كۇچالىق تۇججارلار ئۇنى ئۆزلىرى دېگەن باھاغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن: «بىزغۇ ئۇرۇشلاردا جۇڭغارلار قولىغا ئولجا بولۇپ چۈشكەن ئاتلارنى ئالماقچى ئەمەستۇق. لېكىن، سىلىنىڭ بۇ ئاتلارنى ئەكەلگۈچە تارتقان جاپالىرىنى ئويلاپ، بوپتۇلا، ھەممىمىز بىر مۇسۇلمانغۇ، بىزدىن كەتسە ياتقا كەتمەيدىكەن دېگەن يەرگە كېلىپ، شۇ باھاغا ئالايلى دەۋاتىمىز، ئۇنى ئاز كۆرسىلە يەنە ئون تەڭگىدىن قوشۇپ قويايلى» دەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئات سودىسىدىكى تالاش ــ تارتىش ئەۋجىگە چىققان بىر پەيتتە، نەدىن پەيدا بولغىنىنى بەلگىسىز، يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئات بېدىكلىرى پەيدا بولاتتى ــ دە: «ساتقان ئادەم ھەرقاچان ئەرزان ساتتىم دېمەيدۇ. ئالغان ئادەممۇ قىممەت ئالدىم دېمەيدۇ. قېنى قوللىرىنى بېرىشسىلە، ئوتتۇراڭلاردا خالىس بولۇپ بىر باھانى دەيلى، سىلى تۇججار بولغاندىكىن شۇ باھاغا بەرسىلە، سىلىمۇ گەپلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالماي، قاپچۇقلىرىنىڭ ئاغزىنى يوغانراق ئېچىپ ماقۇل دېسىلە» دەپ، ئۇلارنىڭ ئالىقانلىرىنى بىر ــ بىرىگە چاپلاپ «بابەرىكە» قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ، پېشىن بولغۇچە ئەدەن قېچىرنىڭ ھەممە ئاتلىرى سېتىلىپ بولدى. ئېغىلدا ئۆزلىرى مىنىپ كەلگەن ئاتلاردىن باشقا، يېشىغا تولغان قۇلا تايچاق بىلەن بىر بايتاللا قالدى.

كۈنلەر ئۆتۈپ ساۋۇت يانتاقنىڭ پۇتى ياخشى بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ھوشۇر تېگىنچى تېگىشلىك دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن داۋالاپ تۇراتتى. بۇگۈن بولسا:

— ئەمدى ماۋۇ تاياقنى قولۇڭلاردا تۇتۇپ ھويلا ئىچىدە مېڭىپ بەرسىلە، — دەپ ئەگىر تاياقنى قولىغا بەردى.

ئەدەن قىچىرمۇ شۇ كۈنلەر ئىچىدە خۇددى كۆچادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەندەك ئۆزلىشىپ كەتتى. نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن تونۇشتى. بازارلارنى ئارىلاپ مال باھالىرىنى ئۇقۇشتى. ئەتىگەنلىكى بامداتتىن كېيىن ئاشخانىلارغا بېرىپ ناشتا قىلىشنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ھوشۇر تېگىنچىمۇ بىكارلا بولسا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كوچا شەھەرنى، ئۆزىنىڭ يارۇ بۇرادەرلىرىنى تونۇشتۇراتتى.

— بىزنىڭ خەلقىمىز ناھايىتى ئىتتىپاق، خۇشخۇي، نازۇك تەبىئەتلىك، قىز ـ جۇۋانلىرىمىز ئەرلەردىنمۇ ھىممەتلىك ۋە جۈرئەتلىك. ئىلىم ـ ئەمەلدە، كەسىپ ـ ھۈنەردە كەمتۈكسىزدۇر. بۇ يەردە ئادەملەرگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ يەر ـ زېمىنلىرى كۆپ ۋە ئۈنۈملۈك. ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۆزىگە يېتىدۇ. مال ـ ۋارانلىرى بولسا ئۆزلىرىگە يېتىپ ئاشىدۇ. خۇسۇسەن ھەر تۈرلۈك مېۋە ـ چىۋە، يەل ـ يېمىش ۋە باشقا يېمەك ـ ئىچمەكلىرى باشقا شەھەرلەرگە قارىغاندا تولىمۇ ئەلۋەك. بىزنىڭ شەھىرىمىزدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ قىلغان مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ مۇبارەك مازارى بار،① — دەپ غۇرۇرلانغان ھالدا سۆزلەپ كەتتى ھوشۇر تېگىنچى.

— سىلى تەرىپاتلىرىنى قىلغان مازار خوجامنى ساۋۇت يانتاقنىڭ پۈتى ساقايغاندا بىللە بېرىپ تاۋاپ قىلساق بولىدىكەن، — دېدى ئەدەن قىچىر، — يۇرسىلە، ھازىر ھېلىقى قايماق بازىرىنىڭ قېشىدىكى ئاشخانىغا بېرىپ بىردەم ـ

---

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»دىن ئېلىندى.

يېرىمدەم نەغمە ئاڭلايلى، — ئەدەن قىچىرغا كۆچادىكى ئاشخانىلارنىڭ ئىلگىرى خېرىدارلارنى ئۆزلىرىگە كۆپرەك جەلپ قىلىش ئۈچۈن شەھەردىكى مەشھۇر سازەندىلەردىن بىر - نەچچىسىنى تەكلىپ قىلىپ، پېشىندىن تارتىپ تا خۇپتەنگىچە نەغمە - ناۋا ئۇيۇشتۇرىدىغانلىقى، سازەندىلەرگە يېگەن - ئىچكىنىدىن باشقا، ئۇلار رازى بولغۇدەك ھەق تۆلەيدىغانلىقى يېقىنقى قالغانىدى. ئۇ ھەربىر ئاشخانىدىكى سازەندىلەرنىڭ ناخشا - سازلىرىنى ئاڭلىغاچ، ئۇ يەرگە كېلىپ تاماق يەيدىغان ئادەملەرنىڭ ھەر خىل ياش ۋە ھەر خىل كەسىپكە بۆلۈنىدىغانلىقىنىمۇ بايقىغانىدى.

بەزى ئاشخانىدىكى سازەندىلەر ياشلارغىلا خاس ئىشق - مۇھەببەتكە بېغىشلانغان شوخ ۋە يېنىك ناخشىلارنى ئېيتىپ، ياشلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغىسا، بەزى ئاشخانىدىكى سازەندىلەر زاماندىن زارلىنىدىغان ئادەملەردىكى ئىنساب - تەۋپىقنى، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۇلۇغلايدىغان ئىبرەتلىك ناخشىلارنى ئېيتاتتى. بەزىلىرى بولسا سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بۇ دۇنيانىڭ بىۋاپالىقى، ئۇ دۇنيادىكى راھەت - پاراغەتلەر، ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ كارامەتلىرى ھەققىدىكى ناخشىلارنى، ھۆكمەتلەرنى ئېيتاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ بۇ ئاشخانىلارنىڭ سازەندىلەر ئۈچۈن تەييارلىغان سەيناسىدا گۈلباداممۇ پەيدا بولاتتى - دە، قەشقەرىيەدىكى خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئاجرىماس ئۈچۈن ئادەملەرنى پىرقىلەرگە بۆلۈپ، خانىۋەيران قىلىۋاتقىنى ھەققىدىكى خەلق تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان قوشاقلارنى ئېيتاتتى. ئۇ مۇشۇنداق ناخشىلارنى ئېيتقىنى ئۈچۈن «چاكار چوكان» ئاتىلىپ دانىيال خوجا تەرىپىدىن جۇڭغار خۇنتەيجىسىگە ھەدىيە تەرىقىسىدە ئىلىغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىر دەقىقىمۇ ئېسىدىن چىقارمايتتى. لېكىن، شۇنىڭغا قارىماي، بەزى - بەزىدە ئاشۇنداق قوشاقلارنى ئېيتىش بىلەن ئىچ -

قارنىنى بوشىتىۋالاتتى. ئۇنىڭ باشقا قوشاق ـ ناخشىلاردىن يۈزنى ئېيتسىمۇ ئېچىلمايدىغان كۆڭلى خوجىلارنى كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىدىغان قوشاقلاردىن بىرنى ئېيتسىلا ئېچىلىپ كېتەتتى ۋە پىغانى تارقاپ، دۈشمىنىدىن ئۆچ ئالغاندەك يايراپ قالاتتى. كېيىنكى چاغلاردا گۇلبادامنىڭ ئاشخانىغا كېلىدىغىنىنى بايقىغان كوچالىقلار بىرنەچچە ئىشەنچلىك ئادەملەرنى كۆزەتكە قويۇپ، خوجىلارنىڭ جەندە كىيىپ دەرۋىش سىياقى يۈرىدىغان تىڭتىڭچىلىرىدىن ئاگاھ بولۇشاتتى.

ئەدەن قېچىر بىلەن هوشۇر تېڭىقچى ئاشخانىغا كىرىپ هە دېگەندە ئورۇن تاپالماي، بىرنەچچە دەقىقە ئۆرە تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا:

ئۇرغىلى بولماس خوجىنى،
تىللاشقا بولماس خوجىنى.
مۇسۇلماننى خار قىلغان،
خۇدا ئۇرسۇن خوجىنى ...

دەپ ناخشا ئېيتقان ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— گۇلبادامنىڭ ئۇنىغۇ؟ — هوشۇر تېڭىقچى ئالدىنى توسۇپ تۇرغان ئادەمنى ئىتتىرىپ سەيناغا قارىدى.

ئېرىنىڭ بۇ ئاشخانىغا كىرىشى ئوڭى تۇرماق چۈشىگىمۇ كىرمىگەن گۇلبادام دۇتارنىڭ سازىنى يەنە بىر تەكشەپ بار ۋۇجۇدى بىلەن داۋام قىلدى:

ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق،
قىلغان ئىشلىرى چاغلىق.
زېمىنغا تەرگىنى پىتنە،
يېگەن تامىقى ياغلىق.

ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق،
خوجىلارنىڭ بەرگىنى.
شۇنداق مۇنبەت زېمىنغا،
ئازغان تىكەن تەرگىنى.

بۇ تىكەنلەر سانجىلار،
قەدەم باسساق تاپانغا.
خوجام ياتار بوستاندا،
پەرياد چەكتۇق باياۋاندا.

ناخشا شۇ يەرگە كەلگەندە، ئاشخانا ئىشىكىدە پەيدا بولغان بىر يىگىت: «ئېچىق بېشىغا كىشى كەلدى !» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلىغان گۈلبادام دەرھال ناخشىسىنى يۆتكەپ، قايسىدۇر مۇقامنىڭ مەشرىپىنى باشلىۋەتتى:

قادىرەم قۇدرەت بىلەن بىزنى ئەزىز جان ئەيلىدى،
شۇكۇرىلىللا جان بېرىپ نۇر بىلەن ئىمان ئەيلىدى.
يا نەقشىۋەن، يا باھاۋۇدۇن، يا نەقشىۋەن،
ئاللا، يەنە ئاللا، يەنە بەندەم دېگەن ئاللا.

ئۈسۈپ كەتكەن چاغدا ساقاللىرىغا يېتىم قىزلارنىڭ چېچىدەك چىگىش كىرىپ كەتكەن، چىراي ـ شەكلىگە توپا قونۇپ كىرلەشكەن، جۇل ـ جۇل جەندىسىنىڭ مۈرىسىگە خۇرجۇن ئېسىپ، بېلىگە ئاپقۇر ـ چىنىدەك سىرىقداپ كەتكەن قۇلۇلىلەرنى ئېسىۋالغان سوپى ـ دەرۋىش تىڭتىڭچىلار ئاشخانا ئىچىدىن چىقىۋاتقان ناخشا ئاۋازىنى تىڭشاپ ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇردى ـ دە:

— بۇ مەزلۇم خەقنىڭ ئاۋازىغۇ؟ — دېدى بىرسى.

— مەزلۇم خەق بۇ يەردە نېمە قىلسۇن، مەزلۇم مىجەز خۇنسا بولسا كېرەك، — دېدى ئىككىنچىسى.

www.uyghurkitap.com

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ تۇكلىرى ئۆسۇپ كەتكەن قۇلىقىغا ناخشىنىڭ مۇڭلۇق مىسرالىرى ئاڭلاندى.

ئاقتۇرۇپ ئۇل چەشمىلەرنى، ياقۇزۇپ يامغۇرنى،
ئۇندۇرۇپ تۇرلۇك گىياھ تاغلارنى بوستان ئەيلىدى.
يا، نەقشىۋەن، يا باھاۋۇدۇن، يا نەقشىۋەن،
ئاللا، يەنە ئاللا، بەندەم دېگەيسەن، ئاللا ...

— يۇرسىلە، بۇ يەردە بىدئەت غەزەللەر ئوقۇلمايدىكەن، — دېيىشتى سوپى — دەرۋىشلەر. تىڭتىڭچى دەرۋىشلەرنىڭ كەتكەنلىكى ئىشارە قىلىنغاندىن كېيىن گۇلبادام دۇتارنى سازلاپ، باھار سەلكىنىدەك كۆڭلىنى غىدىقلايدىغان شوخ پەدىگە يۆتكىدى — دە، يەنە بىر ناخشىنى باشلىۋەتتى.

بوغماق خۇمخان،
تاماكۇ سېپ بەر.
تاماكىنى چەكمەيمەن،
يارىمنى تېپ بەر.

كۆزلىرى چولپان،
لەۋلىرى شېكەر.
شۇ لەۋگە يەتسەم،
ھەسرىتىم كېتەر.

قەشقەرىيەدىكى كۆپلىگەن ناخشىچى — مۇقامچىلارنىڭ غەزەللىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا ئۆزىچە باھا بېرىپ يۇرگەن ئەدەن قېچىر گۇلبادامنىڭ ناخشىلىرىغا قايىل بولدى. ئۇنى قايىل قىلغان نەرسە بۇ ئايالنىڭ دۇتار چېلىش ماھارىتى بىلەن ئاۋازىنىڭ ياخشىلىقى ئەمەس، بەلكى ھەربىر ناخشىنى بارلىق ئىشتىياقى بىلەن ھەم زارلىنىپ، ھەم زوقلىنىپ

ئېيتىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتىگەن قايغۇ ـ ئەلەملەر، يۈرىكىدە ساقلانغان دەرد ـ پىغانلار ناخشىلىرى ئارقىلىق ئەتراپقا تارىلىپ، ئاڭلىغۇچىلارنى مەھلىيا قىلاتتى، ھەتتا گۈلبادامنىڭ شۇنچە ئادەملەر ئالدىدا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقىنىنى كۆرگەندە، ئۆزىگە ئىگە بولالماي ھودۇقۇپ كەتكەن ھوشۇر تېڭىقچىمۇ بىرپەستىن كېيىن شاۋقۇنى بېسىلىپ، ئاققىنى بىلىنمەي قالغان ئېقىن سۇدەك مۆلايىملىشىپ قالدى. ئۇلار گۈلبادامنىڭ ناخشىسى تۈگەپ سەينادا ئولتۇرغان باشقا سازەندىلەرگە نۆۋەت كەلگەندە، مەززىلىك تاماقتىن كېيىن تەمى يوق ئۇسسۇلۇق ئىچىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك كوچىغا چىقىشتى.

※ ※ ※

— سىلىنىڭ زەئىپلىرىدىمۇ ھۈنەر جىق ئىكەن، جۇما، — دېدى ئەدەن قېچىر سول تەرەپتىكى ناۋايخانىدىن ئۆتكەندە، — سىلى ئادەم باللىرىنىڭ تېنىدىكى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەزالىرىنىڭ سۇنغان، چىققان يەرلىرىنى تېڭىپ، مەلھەم يېقىپ ساقايتىسىلا، زەئىپلىرى ئادەملەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، يۈرەك ـ باغرىغا جايلىشىۋېلىپ ئازابلايدىغان قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى قوغلاپ، خۇشاللىق بېغىشلاپ، كۆڭۈللىرىنى كۆتۈرىدىكەن ئەمەسما.

«بۇ ئادەمنىڭ گېپىدىمۇ جان بار، — دەپ ئويلىدى تېڭىقچى، — لېكىن گۈلبادام باشتىكى غەزەللىرى بىلەن خوجاملارغا تىل تەگكۈزۈپ گۇناھكار بولۇپ قالدى ـ دە، ‹ئاسماندىن يامغۇرنىڭ يېغىشى، يەر ـ زېمىندا گىياھلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى ئاشۇ خوجاملارغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئەۋلىيالارنىڭ دۇئايى ـ بەرىكاتىدىن ئىكەنلىكىنى› بىلمەيدىكەن ـ دە.»① ئۇلار

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە»دىن ئېلىندى.

دوپپا بازىرىدىن ئۆتۈپ خالىيراق بىر كوچىغا كىرگەندە:

— ھوشۇر ئاخۇن، — دېدى ئەدەن قېچىر تېڭىقچىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، — باياتىن بېرى سىلىمۇ، مەنمۇ جىممىدە، ئۆز خىيالىمىز بىلەن بولۇپ كەتتۇق. بايقىشىمچە، سىلى بىتاھارەت يەر دەسسىمەيدىغان تەقۋا ئادەم ئىكەنلا، زەئىپىلىرى بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە خوجا ـ ئىشانلارغا ئۆچ ـ تەك كۆرۈندۇ. بىر ـ بىرىڭلار بىلەن قانداقلارچە تىل تېپىپ جاھاندارچىلىق قىلىۋاتىسىلەر؟ شۇنىڭغا ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تېڭىقچى ھە دېگەندە «بۇنداقمۇ سوئال بولامدۇ؟» دېگەن ئويغا كەلدى، ئاندىن:

— بۇنى سىلىگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن خېلى ۋاقىت كېتىدۇ، — دېدى.

— مەيلى ئەمەسمۇ؟ بىزنى قوغلاۋاتقان ئادەم يوققۇ، يۈرسىلە، ئاۋۇ بوستانلىقتىكى چايخانىغا بارايلى.

ئۇلار خېرىدارلار ئانچە كۆپ كەلمەيدىغان چايخانا ئالدىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىغا كەلدى. بۇ يەردە ئۈستىگە ئاتنىڭ قىلىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچ تاشلاپ قويۇلغان كىچىككىنە شىرە بىلەن بىر تال ئورۇندۇق تۇراتتى.

— مۇشۇ يەردە بىرپەس ئولتۇرۇپ سەگىدەيلى دەپسىلەر ـ دە. تازا بەلەن يەرنى تاللاپسىلەر، بۇ يەرنىڭ شاملى خۇش قامەت چوكانلارنىڭ تىنىقىدەك جانغا ئارام بېرىدۇ، — دېگىنىچە ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى چايخانىچى ۋە كۆتۈرۈپ كەلگەن ئورۇندۇقنى يەرگە قويۇپ، شىرە ئۈستىنى دەسمالّلىدى.

— بىزگە ئاچچىقراق قىلىپ بىر چەينەك چاي بەرسىلە، — دېدى ئەدەن قېچىر.

— تولا ئوبدان، — چايخانىچى مۇلايىملىق بىلەن قوبۇل قىلدى، — ئۆزلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىرىنى كۆرۈپلا، تونۇردىن سويۇۋالغان ئىسسىق سامسىمۇ بار. ھەربىرلىرىگە ئىككىدىن تۆت تالنى ئالغاچ كېلەيما؟ ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا بەگىنىڭ

ئاغىچىسى خىزمەتكارىنى مەپە بىلەن ئەۋەتكەنىكەن، ئوتتۇز تال سامسىنى جامغا سېلىپ داستىخانغا يۆگەپ بېرىۋىدىم. ئاغزىلىرىغا تېتىسا پۇل بېرىشەلا، — ئۇ ئەدەن قېچىر بىلەن هوشۇر تېگىنقچىغا ئېغىز ئاچۇرماي، — ئېغىزلىرىغا تېتىمىسا، مېهمىنىم بولۇپ كېتەرسىلەر... — دېدى.

— بوپتۇ، سامسىلىرىنىمۇ ئەكەلسىلە، — دېدى ئەدەن قېچىر كەلگەن خېرىدارغا كانىدەك چاپلىشىپ بىرتامچە قان ئالمىسا ئاجرىمايدىغان چايخانچىنىڭ رايىغا بېقىپ.

— تازىمۇ ۋالاقتەككۇر نېمىكىنە بۇ، — دەپ غودۇڭشىدى تېگىنقچى. ئەمما، ئەدەن قېچىر ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلماي:

— ئۇنداق دېمىسىلە، بۇ ئادەمنىڭ خېرىدارلارنى ئىللىق قارشى ئېلىپ سامسىسىنى ماختاپ سودا قىلىشى ماڭا يېقىپ قالدى. سودىدا خېرىدارنى قاچۇرغان ئادەم نان تېپىپ يېيەلمەيدۇ، — دېدى.

ئۇلار ئالا بۇلۇتلۇق ئاسماندىكى كۆن دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— شۇنداق قىلىپ قارىسىلا، — دېدى تېگىنقچى، — بىر كۈنى هاكىم ئابدۇكېرىم بەگ بىلەن خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىغا كەتكەن ئىنىم ئەتىگەندىلا هويلامغا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۆيگىمۇ كىرمەي: «ئاكا، ماڭ، ئۆيگە بارىمىز» دەپ ئەكەتتى. يول بويى ئىلى تەرەپتىن ئاخشام يېرىم كېچىدە كەلگەنلىكىنى، دانىيال خوجام خۇنتەيجىگە هەدىيە قىلىش ئۈچۈن يەكەن تەرەپتىن ئەكەلگەن چوكانلارنى هاكىم ئابدۇكېرىم بەگنىڭ ئۆزى بىلەن كۈچاغا قاچۇرۇۋەتكەنلىكىنى، شۇلارنىڭ ئىچىدە گۈلبادام دېگەن بىرىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا پەم ـ پاراسەتلىك هەم يېشىنىڭمۇ چوڭراق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ، بۇ چوكانغا يولدا كېلىۋېتىپ: «كۈچادا زەئىپىسى ئۆلۈپ، بىر بالا بىلەن قالغان ئاكام بار، سىلىنى شۇ كىشىگە چېتىپ، ئۆزۈمگە يەڭگە قىلىۋالايمىكىن» دېسەم، «ئەگەر ئۇ ئاكىلىرى ئۆزىنىلا ئويلىماي، سىلىگە ئوخشاش

باشقا خەقلەرنىمۇ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئادەم بولسا، سىلىگە يەڭگە بولماي، كىمگە بولاتتىم» دەپتۇ. كۆچاغا كەلگەن كۈنى: «ئاكامنى ئەكىلەيمۇ، يەڭگە» دېسە، «هاكىم بېگىمدىن قورقمىسىلا ئىختىيار ئۆزلىرىدە» دەپتۇ. ئۇكام: «ئۇ يېقىمدىن خاتىرجەم بولسىلا» دەپ، ماڭا يۈگۈرۈپتۇ. چۈنكى، هاكىم ئابدۇكېرىم بەگ جانابلىرى ئۇنىڭغا: «كۆچاغا بارغاندىن كېيىن بۇ خېنىملارنى تالالىق قىلىۋەت. ئۇلار جۇڭغارلارنىڭ ئۆيىدە دېدەك بولۇپ، هارام غىزا يېگەندىن كۆرە، بىرەر مۇسۇلماننىڭ تاھارىتىگە سۇ بېرىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ» دېگەنىكەن، — هوشۇر تېڭىقچى ئۆزىچىلا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — «ئۇيقۇسى كەلگەن يەر تالىلىماس» دېگەندەك، ئۈچ يىلدىن بېرى بىر بالا بىلەن بويتاقچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقاچقىمۇ ياكى ئىنىمنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، ماڭا تاپقان «يەڭگىسى»نى كۆردۈم. بىر ئاز ئولتۇرۇپ سۆزلەشتىم. نىكاھ ئوقۇتتۇق — دە، گۈلبادام بىلەن ئۆي — ئوچاقلىق بولۇپ قالدۇق.

— قالغان چوكانلارچۇ؟

— «تۆشۈك مونچاق يەردە قالامتى.» گۈلبادام بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ بىر ھەپتە ئۆتەر — ئۆتمەيلا، ئۇلارمۇ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن يىگىتلەرنىڭ قولىغا چۈشتى. هازىر ھەربىرىنىڭ ئىككى — ئۈچتىن بالىسى بار، — ئۇ كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى — دە، ئالدىرىماي سۆزىنى داۋام قىلدى، — هازىرچىغۇ يامان ئەمەس تۇرۇۋاتىمىز. گۈلبادام قورساق كۆتۈرمىگەن بىلەن قارىي بالامنى ئۆزى تۇغقاندەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزىنىڭمۇ پەم — پاراسىتى بار ئىكەن. مېنىڭ هۈنىرىمنىمۇ تەلتۆكۈس ئۆگىنىۋالدى. ماڭا قارىغاندا ئۇنىڭ خېرىدارى كۆپ، مەزلۇم خەق دېگەن تولا كالانپاي كېلىمدۇ نىمە؟ ئۇ هازىر پۈت — قولى سۇنغان، چىققان، قايرىلغان مەزلۇملارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ يۈرىدۇ. كۆچالىقلار مېنى «هوشۇر ئاخۇن تېڭىقچى» دېگەندەك،

ئۇنىمۇ «تېڭىقچى گۈلبادام» دەيدىغان بولۇۋالدى. سىلى كەلگەن كۈنى كەچتە بىر دۇتار كۆتۈرۈپ كېلىۋىدىڭىز، ئەسلىرىدە بارمۇ؟ ھە، شۇ دۇتارنى قولىنى سۇندۇرۇۋالغان بىر چوكان ساقايغاندىن كېيىن: «ئەمدى بۇنىڭ لازىمى يوق، سىلىگە يادىكار بولسۇن، ئاچا» دەپ تۆھپە قىپتۇ.

— ھەرھالدا، ھوشۇر ئاخۇن بۇ زەئىپەڭلا زامانىنىڭ رەپتارىدىن قورقمايدىكەن، يۈرىكىدە ئوتى بار چوكان ئىكەن جۇما.

— بىراق، ئەدەنباي، زامانىنىڭ رەپتارىدىن قورقمايمەن دەپ، چامى يەتمەيدىغان چوماقنى كۆتۈرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۇرۇۋالىدۇ - دە، — دېدى تېڭىقچى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر خوجاملار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشۈۋاتقان زامان، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— بۇ دېگەنلىرىڭىز راست.

ئۇلار كۈن ئولتۇرارغا يېقىن ئۆيگە قايتتى.

※ ※ ※

ئەدەن قېچىر تالادىن كىرىپلا قارىي بالىدىن تېڭىقچىنى سورىدى.

— قوشنىلار يىت ساپتىكەن، شۇلارنىڭكىگە چىقىپ كەتتى، — دېدى ئۇ.

— سېنىڭ ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ — ئۇ پېشايۋاننىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرغان ساۋۇت يانتاققا قارىدى.

— ياخشى.

— يولغا يارىغۇدەك چامىڭ بارمۇ؟

— بولمامدىغان، ھازىر بولسىمۇ تەييارمەن، تاغا.

— تولا ياخشى. خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە يولغا چىقىمىز. ھېلىمۇ كۈچا دېگەن بۇ شەھەردە تۇخۇم باسقان چار توخۇدەك تازىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇزاق ياتتۇق.

شۇ ئارىدا ھوشۇر ئاخۇن ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— بايتالنى ئالىمەن دېگەن ھېلىقى ئادەملىرى يېقىن يەردىما؟ — دەپ سورىدى ئەدەن قېچىر.

— نېمە بولدى؟ بايتالنى شۇ كىشىگە ساتماقچى بولۇپ قالدىلىمۇ؟

— ھەئە.

— چاقىرىپ كەلسۇنما؟

— ماقۇل.

— قارىي بالام، — دېدى ھوشۇر ئاخۇن، — ماڭە، غاچچىدە بېرىپ ئىمىن تاغاڭنى باشلاپ كەل.

ئەدەن قېچىرنىڭ يىلقىلىرىدىن سېتىلماي قالغىنى شۇ بايتال بىلەن بىر ياشلىق قۇلا تاي ئىدى.

— ساۋۇت باينىڭ پۇتى يولغا ياراما؟ — دەپ سورىدى ھوشۇر ئاخۇندىن پېشايۋاننىڭ گىرۋىكىگە ئولتۇرغان ئەدەن قېچىر.

— نېمە، قايتماقچى بولۇۋاتامدىلا؟

— شۇنداق، يەكەندە تۇرىدىغان بىر بۇرادىرىم ۋاپات قىپتۇ. قىرقىغا بولسىمۇ ئۇلگۇرۇپ باراي دېۋىدىم.

ھوشۇر تېگىقچى «قالۇ ئىننە لىللاھى ۋە ئىننە ئىلەيھى راجىئۇن»① دەپ دۇئا قىلىپ:

— ئىمانى يولداش بولسۇن، — دېدى، — ساۋۇت يانتاقنىڭ ئايىغى كۇندۇزى ئانچە - مۇنچە مېڭىپ يۇرگەچكىمۇ، كەچقۇرۇنلۇقى بىرئاز ئىششىپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇلاق ئۇستىدە ئولتۇرسا ئانچە زو كەلمەس.

قورۇدىن قارىي بالا بىلەن بويى پاكار، كەتمەن ساقاللىق بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

— كەلسىلە، ئىمىن ئاخۇن، — دېدى ھوشۇر ئاخۇن.

① بىز ئاللانىڭ ئىلكىدە، يەنە ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىمىز.

ئۆلار سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، كۆرۈشكەندىن كېيىن:
— جىرەن بايتالنى ئاخىر سىلىگە بۇيرۇپتىكەن، — دېدى ئەدەن قېچىر، — ئەتە ـ ئۆگۈن يولغا چىقىلى دەۋاتىمىز. ئۇلۇشكۈن بەرگەن باھالىرىغا ئون ـ ئون بەش تەڭگە قوشۇپ بېرىپ بايتالنى ئەكەتسىلە.
— قوشقۇدەك ماجالىم بولسا، شۇ چاغدىلا قوشاتتىم، — ئىمىن ئاخۇن بايتالنىڭ باھاسىنى يەنە ئازراق كېمەيتىشنىڭ قازىنىنى ئاستى، — ئۆيدىكىلەر بوگۇن ئەتىگەن بىزەچە پۇلنى خەج قىلىپ قويۇپتۇ. سەپەرلىرىنىڭ سەدىقىسى بولار، ئون ـ ئون بەش تەڭگىنى كېمەيتىپ بەرسىلە.
— شاماللىق يەردىكى خۇمدانىنىڭ خىشىمۇ سىلىدەك قاتتىق بولماس، مەن لەۋزىدە تۇرمىغان ئادەم بىلەن سودا قىلالمايمەن، — دېدى ئەدەن قېچىر پەش قىلىپ.
— ھەي، ھەي، ئەدەنباي، — ئارىغا چۈشتى ھوشۇر ئاخۇن، — ئىمىن ئاخۇن لەۋزىدىن يانىدىغان ئادەم ئەمەس. سودىدىن يالتايمىسىلا، — ئۇ ئىمىن ئاخۇنغا قاراپ، — ماڭسىلا، پۇللىرىنى ئاچىقسىلا، — دېدى.
ئىمىن ئاخۇننىڭ پۇلى يېنىدا ئىدى. ئۇ بىر پارچە لاتىغا ئوراپ پەشمىتىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سېلىنغان پۇلنى چىقىرىپ ساناشقا باشلىدى. لېكىن، يەنە بىر بايتالغا يەتكۇدەك پۇلى ئېشىپ قالدى.
— شۇنچە پۇللىرى تۇرۇپ يەنە «كېمەيتىپ بەرسىلە» دەمسىلە، — دېدى ئەدەن قېچىر بايتالنىڭ پۇلىنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئاندىن، — بوپتۇ، سىلىگە مال بولسۇن، — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.
— تايچاقنى قانداق قىلىدىلا؟ — دەپ سورىدى ئىمىن ئاخۇن ساۋۇت يانتاق يېتىلەپ چىققان بايتالنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ، — باھاسىغا كېلىشىپ قالساق ئىككىسىنى بىراقلا ئەكەتتەي.
— ئۇنىڭ ئىگىسى بار، — قىسقىلا جاۋاب بەردى ئەدەن قېچىر.

— پۇلنى ياخشى تۆلەيمەن، ياۋاش تاي ئىكەن، كۆڭلۈمگە يېقىپ قالدى. بايتالنىڭ يېرىم پۇلىنى بەرسەمغۇ ساتالا؟

— يېلىمدەك چاپلىشىۋالدىغان ئادەمكەنسىلە جۇما، تايچاق سېتىلمايدۇ، — دېدى يەنە.

— ئەستا، — ماۋۇ ئادەمنىڭ گېپىنى، ئاز كۆرسىلە يەنە ئوتتۇز تەڭگە قوشاي، ئەمدىغۇ ساتالا.

— ياق، — ئەدەن قېچىر يېنىدا تۇرغان بالىغا قاراپ، — قارىي بالا، ماۋۇ ئادەمگە: «تايچاقنىڭ ئىگىسى مەن. ئەدەن تاغام ماڭا بەرگەن» دېگىنە؟ — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قارىي بالىمۇ، هوشۇر تېڭىقچىمۇ، ئىمىن ئاخۇنمۇ هەيران قېلىشتى.

— شۇنداق، بىز داۋان ئېشىپ كەلگەندە قورۇنى ئېچىپ بەرگەن مۇشۇ بالا، مەن شۇ چاغدىلا قۇلا تايچاقنى مۇشۇ بالىغا ئاتىۋەتكەن، ئۇقتۇلىمۇ؟ — دەپ چۈشەندۈردى ئەدەن قېچىر ۋە قارىي بالىغا قاردى، — تايچىقىڭغا ئىگە بول، جۇمۇ بالام، جۇڭغارلارنىڭ بالىلىرى كۆندۈرۈپ قويغان تايچاقتا مۇنۇ ئادەمنىڭ كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. «رەھمەت، تاغا» دېمەي، داداڭنىڭ بىقىنىغا كىرىۋالغىنىڭ نېمىسى؟

بالىسىنىڭ راستتىنلا تايچاقلىق بولۇپ قالغىنىغا كۆزى يەتكەن هوشۇر ئاخۇن تېڭىقچى:

— رەھمەت تاغا، دېگىن ئوغلۇم، — دەپ بالىسىنىڭ ئاغزىغا لوقما سالدى.

— رەھمەت! — دېدى قارىي بالا.

— بالامغا قوشۇلۇپ، مەنمۇ رەھمەت دەپ قوياي، ئەدەنباي، تولىمۇ جوۋاپ كېتىپتىلا، — دېدى تېڭىقچى.

※ ※ ※

ئەدەن قېچىر بىلەن ساۋۇت يانتاق بۈگۈن سەھەردىلا يولغا چىقتى. ئۇلار بىلەن ساھىبخانىلار قورۇ تۇۋىدىلا خوشلاشتى.

ــــ خەير، ئاقيول بولسۇن، ــــ دېدى هوشۇر تېڭىقچى.
ــــ سەپىرىڭلار بىخەتەر بولسۇن، ــــ دېدى گۇلبادام.
ئەدەن قېچىرىنىڭ «ۋاپات قىپتۇ» دېگەن يېقىن بۇرادىرى دانىيال خوجا ئىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى قەشقەردىن كەلگەن سودىگەرلەردىن ئاڭلاپ، هە دېگەندە ئىشەنمىدى. كېيىن دانىيال خوجىنىڭ ۋاپاتىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى تەپسىلاتلارنى، مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىككى ئايدەك ئورۇن تۇتۇپ ياتقانلىقىنى، بۇنى ئاڭلاپ جۈگارلار قولىدا گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان ئوغلى ياقۇپ خوجىنىڭ كەلگەنلىكىنى، رەھمەتلىك شۇ ئوغلىغا تارتىشىپ تۇرغان چېغى، ئارىدىن ھەپتە - ئون كۈن ئۆتكەندە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى ۋە ئادەتتە ئۆزى كۆپ تەكرارلايدىغان «بۇ دۇنيا دېگەن ئىككى ئىشىكى بار كارۋان ساراي، بىرىدىن كىرىمىز، ئىككىنچىسىدىن چىقىمىز. بىچارە خوجا ئىككىنچى ئىشىكتىن چىقىپتۇ - دە» دېگەن سۆزلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.
ئۇنىڭ هوشۇر تېڭىقچىغا دانىيال خوجىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى دېمەسلىكىدىكى سەۋەب، كىچىكىدىن تارتىپ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن مىجەزى بويىچە كىشىلەردىن ئاڭلىغان كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ھېچ كىمگە چىش يارماي ئىچىدە ساقلايتتى. خۇش خەۋەر بولسا، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئېيتىشقا ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئائىلىدىكىلەر يالغۇز بىر خوجىغىلا ئەمەس، ھەممە خوجىلارغا ئۆچ ئىدى. هوشۇر تېڭىقچى كۆرۈنۈشتە تەقۋا، خۇداگۇي ئادەملەر قاتارىغا كىرسىمۇ، ماھىيەتتە خوجا - ئىشانلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە ناهايىتى ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. «بەزىدە بۇ خوجىلارنى ئاللاتائالانىڭ ئەركە بالىلىرىمىكىن دەپ قالىمەن، ــــ دەپ ئويلايتتى ئەدەن قېچىر، ــــ بەزىدە ئۇلارنىڭ بېھىش بىلەن دوزاخنىڭ ئاچقۇچى قولىدا تۇرغاندەك سۆزلىرىگە قاراپ، شۇنچىمۇ ھەددىدىن ئاشقان بارمۇ؟ كىمنىڭ بېھىشقا، كىمنىڭ

دوزاخقا كىرىشى ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئەمەسمۇ، بۇ خوجاملارزە، ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىشقا ئارىلىشىشتىن باش تارتمايدىكەن ـ دە.»

شۇڭا، ئەدەن قېچىر ئۇلارغىمۇ، ھەتتا ساۋۇت يانتاقىمۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماي چىققانىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈنلۈك ئۇزۇن يولدا باشقا سودىگەرلەرگە ئوخشاش قايسى تاۋارنىڭ قايسى شەھەردە پۇل بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىماي، رەھمەتلىك دانىيال خوجا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ئېسىدە قالغان خاتىرىلەرنى ئەسلەش بىلەن بولدى.

شۇ خاتىرىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ قەلبىگە مىختەك ئورنىشىپ قالغىنى ئەردەۋىل تەۋەسىدە قاراخانىلارغا ئۇچراپ، بارلىق بىساتىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، دانىيال خوجىنىڭ جۇڭغارلار تەرىپىدىن گۆرۈگە ئېلىنىپ ئىلى تەۋەسىگە چىقىپ ئۇنىڭدىن ھال سورىغانلىقى، شۇ چاغدا رەھمەتلىك خوجىنىڭ خۇددى ئاسماندىن پەرىشتە چۈشكەندەك خۇش بولۇپ قوي سويۇپ كۈتۈۋالغىنى ۋە ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىغا باشلاپ بېرىپ ئەڭگۈشتەردەك كۆچى بار ئالتۇن دەستەك ئېلىپ بەرگىنى ئىدى، شۇنىڭدەك ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاتىسى سامساق سوپىنىڭ يەكەندىكى ھېلىم يۇمشاقنىڭ كارۋان سارىيىدىكى غېرىبانە كۆلبىسىگە «مەن قەشقەرىيەنىڭ خانى» دەپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتماي يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ۋە جىنازا نامىزىنى ئۆزى ئوقۇپ، خانلار بىلەن خوجىلارنىڭ جەستى قويۇلىدىغان ئالتۇنلۇققا، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ ئاكىسى شۇئەيب خوجىنىڭ قەبرىسى قېشىغا دەپنە قىلدۇرغانلىقى ئىدى.

«بىراق، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بۇ خوجامنىڭ ياقۇتخاننى ‹ئۇچىنچى ئاغىچام بولىدۇ› دەپ مەن بىلەن ئىلىغا ئەۋەتىپ، ‹قايتقاندا بۇ خېنىمنىڭ جېنىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قەبزى روھ قىلىسىلا› دېگەن گېپىنىڭ مەنىسىگە ياقۇپ خوجام

ئىككىيلەن مۇتلەق چۈشەنمىدۇق ـ دە. رەھمەتلىك خوجام شۇ سىرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەتتى ـ دە ... لېكىن رەھمەتلىك تولىمۇ ھوشيار، يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدە مىدىرلىغان يىلاننىڭ ھەرىكىتىنى بىلەتتى ـ دە ... شۇ چاغدا ياقۇتخاننى قەبرى روھ قىلماي، مۇنۇ يانتاققا چېتىپ قويغىنىمنىمۇ بىلىۋالغان ئوخشايدۇ. «ھەممىسىنى بىلىمەن» دېگەندەك قىلىپ ئاغزىمنى ئاچۇرمىدى ياكى: «سىلى ئىشنىپ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى تۈزۈكرەكمۇ بېجىرمەپتىلا» دەپ بىر ئېغىزمۇ گەپ ـ سۆز قىلمىدى، رەھمەتلىك تولىمۇ پاراسەتلىك، كەچۈرۈمچان ئادەم ئىدى ...

ئۆتكەن يىلى خوتەندىن گىلەم بىلەن ئەتلەس ئېلىپ قايتىشىمدا ھېلىم يۇمشاقنىڭ سارىيىغا چۈشۈپ، ئۇلاغلارنىڭ بېلىنى بوشىتىپ ئەمدى بىرەر چىنىدىن چاي ئىچەيلى دەپ، داستىخان چۆرىسىگە ئولتۇرساق، ئىشىكنى يوغان ئېچىپ ئابدۇللا باقاۋۇل كىرىپ كەلدى ـ دە، سالام ـ سەھەتتىن كېيىن:

— ئەدەنباي ئاكا، سىلىنى دانىيال خوجام جانابلىرى كۈتۈۋاتىدۇ، يۈرسىلە، — دېمەمدا.

— ئەمدىلا كەلگەن تۇرسام، خوجام قانداق بىلىدۇ، چاقچاق قىلمىسىلا، باقاۋۇل.

— چاقچاق ئەمەس، سىلىنىڭ بۈگۈن سەھەردە پوسكامدىن چىققانلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر بار ئىكەن، — دېدى باقاۋۇل.

خوجامنىڭ بۇ باقاۋۇلىمۇ قىزىق، پەيزى بار ئادەم ـ دە. بىرەر چىنىدىن چاي ئوتلاپ ئاندىن بارايلى دېسەم، «خوجامنىڭ ئۆيىدە چاي ئىچسەم، جۇڭغارلارغا تۆلەيدىغان خىراجىغا تەسىرى يېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتامدىلا» دېمەمدا. بۇ باقاۋۇلنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق بىگىسى بار ئادەم جۇما، مېنى كۆرسىلا ئاشۇنداق ئەستىرى بار گەپلەرنى قىلىدۇ.

ئۇستىبېشىمنى تۈزەپ باقاۋۇل بىلەن ئوردىغا باردىم. رەھمەتلىك دانىيال خوجام خۇددى مەككىدىن كېلىۋاتقان ھاجىلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغاندەك تەقەززا بولۇپ تۇرغانىكەن. شۇ چاغدا ئۇ:

— قەدىناسلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ، ئەدەنباي، بىر يىلدىن ئېشىپ قالدى. قارىلىرىنىمۇ كۆرسەتمىدىلە، بايان ئاغىچا بىلەن يۈسۈپ خوجاملارمۇ: «ئەدەنباي ئاكام بىزدىن رەنجىپ قالمىغاندۇ، كەلمەس بولۇپ كەتتى، دەپ تولا گەپلىرىنى قىلىشىدۇ» دەپ، رەنجىش ئارىلاش يېقىنچىلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

شۇ كۈنى ئۇ دانىيال خوجا بىلەن خۇپتەنگىچە ھەمسۆھبەت بولۇپ، خوتەندىن بۇگۈنلا كەلگەنلىكىنى، ئىش - كۈشلىرىنى بىرەر قۇر جۆندىۋېلىپ، خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە كېلىپ قونىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتقانىدى.

ئەدەن قېچىر ۋەدىسىدە تۇرۇپ ئەتىسى كەچتە كېلىۋىدى، ئابدۇللا باقاۋۇل:

— خوش كەپتىلا، — دېدى ئالدىغا چىقىپ، — بۈگۈن خوجام جانابلىرى بىتاب بولۇپ قالغاچقا، ھەرەمخانىدىن چىقمىدى. جىنىدەك تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، مەن بېرىپ ئۇقۇشۇپ كېلەي، — دېدى.

دانىيال خوجا باقاۋۇلغا قوشۇپ، يۈسۈپ خوجامنى «ئەدەنباينى باشلاپ كېلىڭلار» دەپ ئەۋەتىپتۇ. خوجامنىڭ راستتىنلا مىجەزى يوق ئىكەن، يۈزلىرى ئوتۇقۇپ قالغاندەك بولۇپ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ قاپتۇ.

— ئىچ - باغرىمنى گەز باغلاپ كەتسە كېرەك، — دېگەنىدى شۇ چاغدا ئۇ، — ئاخشام سىلى كەتكەندىن كېيىن بېشىم قايغاندەك بولۇپ، ھارارىتىم ئېشىپ قالدى. ئەتىگەندىن بېرى تېۋىپ بەرگەن سوغۇقلۇق دورىلارنى ئىچىپ، ھازىر بەدىنىم سەل

يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى، — ئۇ يۈسۈپ خوجىغا سۆز ئېلىپ، داستىخان سېلىشنى بۇيرۇدى.

كىچىكمەي شىرەگە زەرلىك دەستىخان سېلىنىپ، جانان تاۋاق بىلەن ئۈستىگە ئۇلار گۆشى بېسىلغان پولۇ قويۇلدى.

— سىلى ماڭا قارىماي بەھۇزۇر بېقىۋەرسىلە، ئەدەنباي، — دېگەندى شۇ چاغدا دانىيال خوجا، — مەن سىلى كېلىشتىن سەللا بالدۇر بىر چىنە ئۇلار شورپىسى ئىچىۋالغان.

ئۇ شۇنداق بولسىمۇ، مېھماننىڭ ئىشتىھاسى بۇزۇلمىسۇن دېگەندەك تاۋاققا قول سۇنۇپ تۇرغانىدى.

تاماقتىن كېيىن يۈسۈپ خوجا بىر چەينەك ئانار شەربىتى ئەكىلىپ پىيالىلەرگە قۇيدى.

— قېنى، شەربەتلەرگە باقسىلا، بەزىلەر بەشكېرەمنىڭ ئانارىنى داڭلايدىكەن، مېنىڭچە، قاغىلىقنىڭ ئانارىدىن چىققان شەربەتكە يەتمەيدۇ، — دېدى دانىيال خوجا ۋە يۈسۈپ خوجا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — شائىرلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتسام، بۇ ئانارلارنىڭ قىزىللىقى باكىرە قىزلارنىڭ يۈزىگە ھەم لېۋىگە ئوخشايدۇ. شىرنىسىدىن چىققان شەربەت بولسا، شۇ لەۋلەرنىڭ لەززىتىنى ئەسلىتىدۇ.

قەشقەرىيەنىڭ خانى، دىنىي ئىسلامنىڭ پېشىۋاسى بولغان ئادەمنىڭ بۇنداق گەپنى قىلىشى مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى، مەن بۇ خىل گەپلەرنى ئۆتەڭ ـ راباتلاردا بويتاقلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدىم.

خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن دانىيال خوجىنىڭ رەڭگىگە قاراپ ھارارىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى پەملىدىم ـ دە، قونۇشتىن يالتىيىپ، قايتىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدىم.

— بۇ تازىمۇ قىزىق ئىش بولدى ـ دە، ئەدەنباي. تۈنۈگۈنكى لەۋزىلىرىدىن بوگۇن يېنىۋالغانلىرى نېمىسى؟ ياكى يەكەننىڭ خېنىملىرىنىڭ بىرەرى بىلەن خىلۋەتخانىدا

www.uyghurkitap.com

ئۇچراشماقچىمىدىلە؟ — ئۇ گەپنى مەشەدە توختىتىپ: «يۇسۇپ خوجام، هاي، يۇسۇپ خوجام!» دەپ ۋارقىرىدى ۋە بالىسى كىرگەندىن كېيىن، — ئانىڭىزغا ئېيتىڭ، ئەدەنبايغا ئىسسىق چاي دەملەپ كىرگەي، — دېدى، ئاندىن، — زەئىپلىرىنىڭ جېنى تۆمۈردەك مەزلۇم ئىكەن، ئەدەنباي، — دەپ سۆز قاتتى ئىككىيلەن ئوڭچە قالغاندا، — «هېلىقى سودىگەر سودىغا كەتسە، ئولتۇرۇپ قان يۇتقىلى» دېگەن غەزەلنىڭ باش تەرىپى قانداقتى؟ ھە، ئېسىمگە كەلدى: «مەن غېرىبقا كىم قويۇپتۇ سودىگەر يار تۇتقىلى» دېگەن غەزەلنى شۇ سىلىنىڭ زەئىپلىرىگە ئوخشاش مەزلۇملار توقۇپ چىقارغانمىكىن؟ ...

مەن تېخىمۇ هەيران بولۇپ خوجامغا قارىدىم. شۇ ئەسنادا ئىشىك تۈۋىدە بىر چەينەك كۆتۈرگەن ئايالنىڭ زىلۋا قەددى كۆرۈندى. ئۇ خۇددى مەخمەل كۆشۈگىنى قايرىپ چىققان كېلىنلەردەك ياسىنىۋاپتۇ. ئۇچىسىغا كۈمۈش رەڭلىك زەر تۇتۇلغان ئاق كۆڭلەك، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئېتەك ـ ياقىلىرىغا بىرنەچچە قۇردىن مەرۋايىت تۇتۇلغان قايرىما ياقىلىق جىلىتكە كىيىپتۇ. بېشىغا سىڭارىيان تاڭغان ياغلىقنىڭ زەرلىرى شامنىڭ يورۇقىدا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلىغۇچە مۇشۈك ـ ئەنبەرنىڭ پۇرىقى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى.

— مۇنۇ ئەدەنباي ئاكىلىرى بايان ئاغىچا چاي قۇيۇپ بەرمىسە قونمايمەن دېگەچكە، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىشقا توغرا كەلدى، — دەپ سۆز قاتتى خوجام خۇددى يېنىدا تۇرغان ياش مېكىيانغا زوقلانغاندەك.

— ۋايىيەي، خوجام ئۇ نېمە دېگەنلىرى! ئەدەنباي ئاكامنىڭ كۆڭلى مەن چاي قۇيۇپ بەرگەنگە خۇش بولسا ھەمىشە تەييارمەن. «ئاچارچىلىقتا بەرگەن قۇيىقنىڭ تەمى ئاغزىدىن كەتمەپتۇ» دېگەندەك، ئەدەنباي ئاكامنىڭ هېلىقى يىللاردىكى سەرگەردانلىقتا قىلغان ياخشىلىقىنى بىر ئۆمۈر چاي قۇيسامۇ

ئۈزەلمەسمەن.

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە، ئاغىچا، — دېگەن بولدۇم مەن.

— بايان ئاغىچا ھەق گەپنى دەۋاتىدۇ، ئەدەنباي. مېنى دۇردۇن ئاغىچا يېرىم يولدا تاشلاپ دارىلىباقىيغا كەتكەن بىلەن، بايان ئاغىچا ئۆمرۈمنىڭ ئىنتىھاسىغىچە (ئاخىرىغىچە) ھەمدەم بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، شۇ كۈنى دانىيال خوجىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانىدىم. ئەتىگەنلىكى ناشتا قىلىۋېتىپ:

— سىلىگە بىر ئەقىل سۆزلەپ بېرەي، ئەدەنباي، — دېگىنىچە سۆزلەپ كەتكەنىدى ئۇ پىيالىسىنى شىرەگە قويۇپ، — سىلى ماڭا قارىغاندا سەپەردە تولا يۈرۈپ، تاغ - داۋان، چۆل - جەزىرىلەرنى جىق كەزدىلە. چوڭ - كىچىك كارۋانلارنى كۆردىلە. ئەنە شۇنداق بىر كارۋاننىڭ ئىچىدە ئۈستىگە يۈك ئارتىلغان تۆگە بىلەن ئۇنىڭ كەينىدە كېتىۋاتقان بوتىلىقى بار ئىكەن. كارۋان بىرنەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ، قۇش ئۇچسا قانىتى كۆيىدىغان بىر جەزىرىگە كەپتۇ. بوتىلاق يول ئازابىغا چىدىماي: ‹جېنىم ئانا، بىردەم توختىساڭچۇ؟ كىچىككىنە دېمىمنى ئېلىۋالاي، يولنى شۇنىڭدىن كېيىن ماڭايلى› دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بىراق، تۆگە ئۇنىماپتۇ. لېكىن، بوتىلاق يالۋۇرۇۋەرگەندىن كېيىن: ‹بوينۇڭغا باغلىغان چۇلۋۇرنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ — دەپتۇ تۆگە، — خەقنىڭ قولىدا تۇرىدۇغۇ. ئەگەر ئىختىيار ئۆزۈمدە بولسا ئۈستۈمدىكى يۈكتىن قۇتۇلۇپ، سېنىڭ بىلەن خالىغان يەردە ئوتلاپ، يېتىپ - قوپۇپ يۈرگەن بولاتتىم› دەپتۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، قارىسىلا، ئەدەنباي، مېنىڭ بوتىلاقلىرىممۇ بەزى چاغلاردا ئەنە شۇنداق سوئاللارنى قويۇشىدۇ. بولۇپمۇ يۇسۇپ خوجام. لېكىن، بۇ بالىغا بوينۇمدىكى چۇلۋۇرنىڭ ئاسانلىقچە يېشىلمەيدىغانلىقىنى ياكى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەلمەي كېلىۋاتىمەن، دەپ ئېغىر

تىنىپ نەپەس ئالغانىدى ...»

ئەدەن قىچىر دانىيال خوجىغا مۇناسىۋەتلىك مۇشۇ خاتىرىلەرنى ئەسكە ئالغاندا ئىختىيارسىز ئۇھ تارتتى ـ دە: «بىچارە خوجامنى قەشقەرىيەنىڭ خانى بولدى دەپ كۆڭلىمىز خۇش بولۇپ يۈرگىنى بىلەن دەردى ئىچىدە ئىكەن ئەمەسمۇ» دەپ پىچىرلىدى ...

ئۇ مۇشۇنداق ئوي ـ خىياللار ئىلكىدە بولۇپ ساۋۇت ياناتاق بىلەن پاراڭلىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. پەقەت «توغراقلىقساي» دېگەن يەردىن ئۆتۈپ ئوڭغا بۇرۇلغاندىلا:

— ساۋۇتباي بالام، — دېدى ئادەتتىكىدەك ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ، — ياقۇتخاننى نەچچە قېتىم چۈشۈڭدە كۆردۈڭ؟

— ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى ئۇ بىردىن قىزىرىپ.

— ياقۇتخاننى هازىرغىچە ھەجەرخان دەپ ئاتاپ يۈرەمسىلە؟

— شۇنداق بولمايچۇ؟ ئۆزلىرى شۇنداق دېگىن دەپ ئۆگەتكەن ئەمەسمۇ؟

— ئەمدى بالام، ھەجەرخان دېمەي ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىساڭمۇ بولىۋېرىدۇ.

ساۋۇت ياناتاق ئۈنچىقمىدى. ئەدەن قىچىر يەنە دانىيال خوجىغا مۇناسىۋەتلىك ئوي ـ خىياللارغا بېرىلىپ كەتتى: «رەھمەتلىك خوجامنى قەشقەرنىڭ خانى، ئەۋلىيا ئادەم دەپ ئۇلۇغلۇغىنى بىلەن، قورۇق ئۆستەڭنىڭ مىرابىغا ئوخشاش قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، رەئىيەتتىن خىراج يىغىپ جۇڭغارلارنىڭ چۆنتىكىگە سالىدىغان ئادەم ئىكەن ـ دە ...» ئۇنىڭ كۆڭلىدىن «ئۆلگەن ئادەمنى يامان دېسە گۇناھكار بولىدۇ» دېگەن خىيال پەيدا بولۇپ، چۆچۈپ كەتتى ۋە «يائاللا، قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدايىم ئۆزۈڭ كەچۈرگىن. ھەممە بەندىلەر قىلمىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئۆزۈڭغۇ، بەلكى خوجام جانابلىرىنىڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلىشى

سىڭىلنىڭ ئىزنىڭ بىلەن بولغاندۇ ...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.
— يانتاقباي ! — دېدى ئۇ بىر چاغدا «شوربۇلاق» دېگەن يەردىن ئۆتكەندە.
ئەدەن قىچىرنىڭ لەقىمىنى ئاتاپ مۇراجىئەت قىلغانلىقىغا ساۋۇت ئاخۇن ھەيران بولۇپ قاربدى.
— ياقۇتخان يۇتلىرىغا نېمە بولدى دېسە نېمە دەيسەن؟
— نېمە دەيتتىم، ئەدەنباي ئاكامنىڭ يىلقىلىرىنى ھەيدەيمەن دەپ قايرىۋالدىم دەيمەن.
— ئەگەر مېنىڭدىن «راستىمۇ؟» دەپ سورىسا، باشقا گەپ دەيمەن.
— قانداق گەپ دەيدىلا؟
— ياقۇتخان قىزىم، بۇ يانتاقنىڭ يۇتىنى تاسما بىلەن باغلاپ قويمىسىلا بولمايدىكەن، مىدە كۆرگەن ھاڭگىدەك قالايمىقان يۈگۈرۈپ يۇتىنى سۇندۇرغىلى تاس قالدى، دەيمەن شۇ ...
— ئەستا ... ما تاغامنىڭ گېپىنى؟ مېنىڭدە ئالالماي يۈرگەن ئۆچلىرى بارما؟ — ساۋۇت يانتاق جىلە بولۇپ قالدى.
— خاپا بولما بالام، ئۇنداق دېمىسەم دېمەي، — دېدى ئەدەن قىچىر كۈلۈمسىرەپ، — ساۋۇتباي كوچاغا كېلىپ قونغان كۈنى يېرىم كېچىدە ئۈندەرەپ: «ۋاي، ياقۇتخان ! كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتىلىغۇ؟» دېگىنىچە پېشايۋاندىن يىقىلىپ چۈشتى دېسەمچۇ.
ساۋۇت يانتاق ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى ـ دە:
— ئويلاپ تاپمايدىغان گەپلىرى يوق ئىكەن ـ دە، تاغا، — دېدى.
ئەدەن قىچىر ئەنە شۇنداق گەپ ـ سۆزلەر، ئوي ـ خىياللار بىلەن ئۇزۇن يولنى قىسقارتىپ قەشقەرگە كەلدى ۋە ئىككى كۈن دەم ئېلىپ يەكەنگە ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب

خۇنتەيجىدىن كەلگەن يارلىق ئىككى ئايغا يېقىن مەرھۇم دانىيال خوجىنىڭ ئوردىسىنى قاپلىغان مۇسىبەت بولۇتىنى تارقىتىپ، ئوردا ئەركانلىرىنىڭ چىھرىدە كۆلكە ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلدى. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا ئوردا ئىچىدە بولسۇن، ياقۇپ خوجىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنى داغدۇغىلىق نىشانلاشنى، شۇ باھانىدە ئۆزلىرىنىڭ ساداقىتىنى نامايان قىلىشنى ئويلايتتى.

بولۇپمۇ ئوردا ئەركانلىرىدىن ئابدۇقادىر مۇپتى بىلەن شەھەر ھاكىمى غازى بەگلەر ياقۇپ خوجىنى ئۆزلىرىگە رام قىلىش ۋە دانىيال خوجا ۋاقتىدىكى لاۋازىملىرىنى ساقلاپ قېلىشتا نىياز بەگنىڭ ئورنى چوڭ دەپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئويلايتتى. لېكىن، دانىيال خوجا دەۋرىدە ئۇلارنىڭ كەمسىتىشىگە ۋە مۇزەممىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماقمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇنداق بولغىنى نىياز بەگ بىر مەزگىل يەكەنگە ھاكىم بولۇپ، بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، ئورنىغا خوتەن ھاكىمى غازى بەگنىڭ قويۇلغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن كۆرمەي، «بۇ ئىش مۇپتى ئابدۇقادىرنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن بولدى» دەپ گۇمان قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ئىشكئاغىلىق لاۋازىمىغە بەلگىلەنگەنلىكىنى ئىززەت ـ ئابرۇيۇمنىڭ تۆۋەن چۈشكىنى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئوردا ئايلىنىپ يۈرۈش دانىيال خوجىنىڭ كۆز قىرىدا بولۇش دېگەنلىك، دەپ مەيۈسلىنەتتى. لېكىن، بۇ خىل نارازىلىقلارنى ئىچىدە ساقلاپ ھېچ كىشىگە بىلدۈرمەيتتى.

دېمىسىمۇ، ئوردىدا بولغان سۆھبەت ـ مەسلىھەتلەردە، زىياپەت ـ ئولتۇرۇشلاردا دائىم دانىيال خوجىنىڭ يېنىدا

ئابدۇقادىر مۇپتىدىن كېيىنلا ئولتۇرۇپ كۆنۈپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ ئورنىنى غازى بەگ ئىگىلىگەنىدى. بۇنداق ئىمتىيازدىن ئايرىلىپ قېلىش نىياز بەگكە ئىنتايىن ئەلەم قىلاتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئۇنىڭ مەنسىپىدىكى بۇ ئۆزگىرىش يەكەندىكى بەگزادىلەر بىلەن غوجىزادىلەرنىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا ئۆيلەرنىڭ تۆرىدە دۇردۇن ئاغىچا بىلەن قاتار ئولتۇرۇپ يۈرگەن ئىززەت ئاغىچىنىڭ ئابرۇيىغىمۇ تەسىر يەتكۈزۈپ، غازى بەگنىڭ ئاغىچىسىدىن تۆۋەنرەك جايغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

دانىيال خوجا بار چاغلاردا ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئوردا ئەمەلدارلىرى ئائىلىلەردە يۈز بەرگەن خۇشاللىقلىرى تۇپەيلى ئۆز ئۆيلىرىدە ياكى «شامالباغ»، «ھەيدەرباغ»قا ئوخشاش مەنزىرىلىك جايلاردا زىياپەت بېرىدىغان ئادەتلىرى بار ئىدى. بۇنىڭدىن ھەتتا دانىيال خوجىمۇ چەتتە قالمايتتى. ئۇ يۈسۈپ خوجىنى ئۆيلىگەندە، قىزى ئەزىزە تۇغۇلغاندا، ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئەمەلدارنى تەكلىپ قىلىپ، بىر قېتىم «شامالباغ»دا، يەنە بىر قېتىم «ھەيدەرباغ»دا زىياپەت بەرگەنىدى. ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئارىسىدا «قارا قازانلىقى» بىلەن مەشھۇر بولغان نىياز بەگ ئاشۇنداق زىياپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە داخىل بولاتتى. لېكىن، ئۆزى بىرەر قېتىممۇ داستىخان سالمايتتى.

ئۆتكەن يىلى باھاردا ئابدۇللا باقاۋۇلنىڭ شۇ چاغقىچە قىز بالىدىن باشقا پەرزەنت تۇغماي كېلىۋاتقان ئايالى بىردىنلا قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇپ، ئابدۇللا باقاۋۇلغا ئېيتقۇسىز خۇشاللىق بېغىشلىدى. ئۇنى رەھمەتلىك دانىيال خوجىدىن تارتىپ، ئوردا دەرۋازىسىدا كۆزەتچىلىك قىلىدىغان سىپاھلارغىچە تەبرىكلەشتى. خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمىغان باقاۋۇل دانىيال خوجا باشلىق ئوردا ئەركانلىرىنى، ئەمەلدارلارنى، شەھەردىكى كۆڭلى يېقىن ئادەملىرىنى چاقىرىپ

زىياپەت بەردى. بۇ زىياپەتكە ئىككى ئادەم داخىل بولالمىدى. بىرى، دانىيال خوجا؛ يەنە بىرى، نىياز بەگ. دانىيال خوجىنىڭ ئۆزرىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ هارارىتى ئۆرلەپ، تاۋى قىچىپ قالغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. ئەمما، نىياز بەگنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلمىگىنى نامەلۇم ئىدى. ھەركىم ھەر تۈرلۈك تەخمىن قىلىشاتتى. بەزىلەر ئەتىگەندە كۆرگەنلىكىنى، بەزىلەر جۈمە نامىزىدا بىر سەپتە تۇرغانلىقىنى ئېيتىشتى. بەزىلەر: «بىر ھېسابتا ئۇ ئادەمنىڭ كەلمىگىنى ياخشى» دېيىشتى ... ئاخىر ئۇلارنىڭ گېپىدىكى ئاساسىي ماۋزۇ نىياز بەگنىڭ خەسىسلىكى ھەققىدە راۋاجلاندى.

— خەسىسلەرمۇ نەچچە تۈرلۈك بولىدىكەن، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى غازى بەگ، — قايسىدۇر بىر كىتابتىن ئوقۇغىنىم بار. بامداتتىمۇ، شامدىمۇ، ئىشقىلىپ، تىقىلىپ كەتكەن بىر باي كىشى بولغانىكەن. يەيدىغان تامىقى پەقەت قوينىڭ كاللىسى ئىكەن، كاللا بولغاندا، يەنە كېلىپ ئاشخانىلاردا پىشۇرۇلغان كاللا ئەمەس، خام كاللىنى ئەكىلىپ خىزمەتچىسىگە پىشۇرغۇزۇپ يەيدىكەن.

— ئۇ باي كاللىنى ھەر كۈنى يەمدىكەن ياكى سېغىنغاندا يەمدىكەن؟ — دېدى كىمدۇر بىرى.

— ئۇ پەقەت مەھەللىسىدە توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ياكى خىش - ئەقرىبالىرى بىلەن يار - بۇرادەرلىرى چايغا چاقىرغان كۈنلىرىلا باشقا تائاملارنى يەيدىكەن؛ ئەمما، يار - بۇرادەرلىرى ئۆيىگە كەلسە، ئۇلارغا بىرىدىغان زىياپىتى يەنىلا قوينىڭ كاللىسى ئىكەن. بىر كۈنى بۇرادەرلىرىنىڭ بىرى:

— بۇ كاللىغا نېمانچە ئىشتىياقلىرى چۈشۈپ كەتتى؟ بىزەچە ئۇستىخان ئەكەلدۇرۇپ شورپا قىلدۇرسىلا ياكى بىزەچە گۆش بىلەن باشقا غىزا ئەتكۈزۈپ يېيىسلە بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سىلىمۇ قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا. بىرىنچىدىن، كاللىنى

پىشۇرغان خىزمەتكار ئۇنىڭ بىر يېرىگىمۇ خىيانەت قىلالمايدۇ. چۈنكى، كاللىنىڭ قايسى يېرىدىن بولسۇن بىر كېسىم ئېلىپ يەپ قويسا بىلىنىپ قالىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىر كاللىدا بىرنەچچە تۈرلۈك تائاملار مۇجەسسەملەشكەن. مەسىلەن، قۇلىقى، كۆزى، تىلى، تاڭلىيى، مېڭىسى، ئېڭەكلىرىدىكى گۆشلەر، ھەتتا بۇرنىنىڭ ئىچىدىكى كۆمۈرچەكلەر، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا تەمى بار، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان لەززەتلىك تائاملار - دە. تېخى مېڭىسى بىلەن شورپىسىنىڭ تاتلىقلىقىنى دېمەمدىلا.

— بۇ گەپلىرىچە كاللىنىڭ سۆڭىكىدىن باشقا كېرەكسىز يېرى يوق ئىكەن - دە.

— نېمىشقا سۆڭىكىنى كېرەكسىز دەيدىلا، سۆڭىكىنى ھاۋانچىدا سوقۇپ تالنىڭ يىلتىزىغا كۆمسە، ئۈزۈم دېگەن ئاجايىپ ئوخشايدۇ - دە ... بىراق كاللا يېيىشنىڭ ئادەمگە ئېغىر كېلىدىغان بىرلا يېرى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئوتۇن جىق كېتىدۇ. ئۇنى ئوتۇنسىز تازىلىغىلى، ئوتۇنسىز پىشۇرغىلى بولمايدۇ.

— يەنە مۇنداق بىر نەقىل بار، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى پەرمانقۇل ئىشان، — قايسىدۇر بىر شەھەردە يۈز تۆگىگە مال ئارتىپ سودا قىلىدىغان بىر باي بار ئىكەن. گۆش، ياغ دېگەن نەرسىلەرنى زادى ئالمايدىكەن، ناھايىتى خەسىس ئىكەن. ئۇنىڭ ئالىدىغىنى تۇخۇم ئىكەن، تۇخۇم ئالغاندا يانچۇقىدىن تەڭگىنى چىقىرىپ شۇنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكەن تۇخۇمنى ئالىدىكەن.

— باي ئاكا، كۇندىلا تۇخۇم ئالىدىلىغۇ؟ — دەپ سورىغانلارغا باي غازى بېگىم ئېيتقان خەسستەك:

— تۇخۇم دېگەننىڭ ئىچىدە ئىككى تۈرلۈك تائام بار: بىرى، ئاق، يەنە بىرى سېرىق. ئىككىنچىدىن، بىر تۇخۇمدا بىر توخۇنىڭ گۆشىدىكى كۈچ - قۇۋۋەت بار. شۇنى بىلەمدىلا، — دەيدىكەن.

بىر كۈنى شۇ خەسىس ئۆيىگە يېقىن كەلگەندە، يانچۇقىدىن بىر تىيىننىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكىنىنى سېزىپ قاپتۇ ــ دە، ئىزدە ــ ئىزدە تاپالماي، ئاخىر ئۆيىگە كىرىپ غەلۋىر ئاچىقىپ بايىقى كوچىدىكى توپىلارنى تاسقاشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ئادەملەر:

ــــ ھاي، باي ئاكا، توپىغا مىلىنىپ نېمە قىلىۋاتىدىلا دېسە، ــــ ئۇ ئىزامۇ تارتماي:

ــــ باياتىن بىر تىيىنىم مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ كېتىۋىدى، شۇنى ئىزدەۋاتىمەن. توپىنى تاسقىسام غەلۋىرنىڭ تۆشۈكىدىن ھەممىسى چۈشۈپ كېتىپ تىيىن قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ ــــ دەپتۇ.

ــــ بىر تىيىن ئۈچۈن شۇنچە ئاۋارە بولۇپ توپىغا مىلەنگەن بارمۇ؟

ــــ قىزىق ئادەمكەنلا، بىر تىيىنغا بىر تال مىخ سېتىۋېلىپ تامغا قېقىپ قويسام، ئۆمرۈم بويىچە ئۆزۈمگىلا ئەمەس، بالىلىرىم بىلەن نەۋرىلىرىمگىمۇ سەللىنى ئاسىدىغان قوزۇق بولمامدۇ، ــــ دەپتۇ.

غازى بەگ بىلەن پەرمانقۇل ئىشانلار بۇ نەقىللەرنى قىزىقچىلىق قىلىپ باشقىلارنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتتىمۇ ياكى خەسىس ئادەملەرگە بولغان نەپرىتىنى ئىزھار قىلماقچى بولدىمۇ، ھەرھالدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى راھەتلىنىپ كۈلۈشكەندى ...

باقاۋۇلنىڭ زىياپىتىدە بولغان مۇشۇ گەپ ــ سۆزلەر ئەتىسىلا نىياز بەگنىڭ قۇلىقىغا قانات ــ قۇيرۇق چىقىرىپ يېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ غازى بەگ بىلەن ئىشانغا بولغان مۇناسىۋىتى كەچ كۈزنىڭ ھاۋاسىدەك سالقىنلىشىپ قالغانىدى. دانىيال خوجىنىڭ ۋاپات بولۇشى ئوردا ئەركانلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى مىسكىنلەشتۈرۈۋەتتىمۇ، ئىشقىلىپ، نىياز بەگنىڭ يۈرىكىگە ئورنىشىپ قالغان ئاچچىق ئاداۋەت پەسىيىپ، غازى بەگ بىلەن پەرمانقۇل ئىشانغا

بۇرۇنقىدەك سەممىي سالام بېرىدىغان، يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولدى. بولۇپمۇ بۇ يېقىنچىلىقنى غازى بەگ بىلەن پەرمانقۇل ئىشاننىڭ ئايالى بىلەن ئايشەم ئاغىچىنىڭ جۇڭغار قولىدىن بوشىنىپ كېلىشىنى، ياقۇپ خوجىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشىنى تەبرىكلەپ كېلىشى نىياز بەگنىڭ قالغان - قاتقان ئاچچىقلىرىنىمۇ تارقىتىۋەتكەن بولدى. بىراق، هازىر ياقۇپ خوجىنىڭ «خان» بولۇشى ئىززەت ئاغىچىنىڭ «ئەمدى بىزدىن بەختلىك ئادەم يوق، بىز يەكەندىكى ئەڭ مۆتىۋەر ئادەملەردىن بولۇپ قالدۇق» دېگەن گەپلىرى يادىغا كېلىپ، «لەيلىنىڭ نۆۋىتى ئۆتتى، مەجنۇننىڭ نۆۋىتى كەلدى» دېگەندەك تۇمشۇقىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

ئۇ پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولغىنىغا قارىماي، جايناماز ئۇستىدە تەسۋى سىيرىپ ئۆز خىياللىرى بىلەن ئولتۇراتتى، ئىززەت ئاغىچا سۆزلىگەن پېتى كىرىپ كەلدى:

— جاينامازغا چاپلىشىپ قالدىلىمۇ؟ ئوردىدىكىلەر يەنە كىشى ئەۋەتىپتۇ.

نىياز بەگ خۇشاللىقىدىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە، «ئەمدى بۇ ئوردا ئەركانلىرى مېنىڭسىز بىرەر ئىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ - دە» دېگەن خىيالغا كېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇچىلىرىغا دانىيال خوجامنىڭ مۇنۇ تەۋەررۇك تونلىرىنى كىيىۋالسىلا، — دېدى ئىززەت ئاغىچا دانىيال خوجىنىڭ بەل يۇغۇچىغا كىرگىنى ئۈچۈن نىياز بەگكە بەرگەن زەرباب يېشىل پەرىجىسىنى قوزۇقتىن ئېلىپ.

— ياقۇپ خوجام بۇ تونىنى كۆرۈپ، ئاتىسىنى كۆرگەندەك بولۇپ قالسۇن.

نىياز بەگ دانىيال خوجىنىڭ بۇ پەرىجىسىنى ئۈندىمەستىن كىيدى - دە، يۈزلىگەن، مىڭلىغان مۇرىت - مۇخلىسلىرى شاپائەت تىلەپ كۆزلىرىگە سۈرتكەن بۇ كونا پەرىجىدىن دانىيال

خوجىنىڭ ئەۋلىيالىق خىسلىتى ۋۇجۇدىغا دارتۋاتقانىدەك مەغرۇرلىنىپ كەتتى.

※ ※ ※

— تېخىچە كەلمەيۋاتقىنىنى قارىسىلا.
— شۇنى دېسىلە، پېشىنىنى بىز بىلەن مەشەدىلا ئوقۇسا بولاتتى.
— ئۆيدە شۇنچە مۇھىم نېمە ئىشى باركىنە؟
— ئۇنىڭ نېمە ئىشى بولىدۇ؟ ئۆزىنى بازارغا سېلىۋاتىدۇ ـ دە.
— ياقەي، ياقۇپ خوجامنى «خان» بولدى دەپ بۇنداق قىلسا، خەقنىڭ تاھارىتىدە ناماز ئوقۇغاندەك بولمامدۇ؟
— ئەسلىدىغۇ شۇنداق، لېكىن بۇ ئادەم ئۇ تەرەپلىرىنى ئويلىمايدۇ. ئۇچىسىغا بىرەر تەنتەنىلىك مۇراسىمغا بارغاندا كىيىدىغان شاھانە تونلارنى كىيىپ، ئوردا پېشايۋىنىدا پاراڭلىشىۋاتقان بۇ ئىككى ئادەم غازى بەگ بىلەن ئابدۇقادىر مۇپتى ئىدى. ئۇلارنىڭ گېپى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە:
— نىياز بەگنىڭ بۇ نېمە قىلغىنى؟ — دېگىنىچە ئۇلارنىڭ قېشىغا ھوشۇر قازى كەلدى، — ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا شۇنچە ساقلىتىدۇ؟
— سەۋر قىلسىلا، ھوشۇر ئاخۇن. يەنە ئازراق كۈتەيلى، — تەسەللى بەردى ئابدۇقادىر مۇپتى ۋە، — قېنى، مونۇ كۇرسىغا كېلىپ ئولتۇرسىلا، — دەپ تەكلىپ قىلدى.
— ئەمدى كۆرىدىغانىنى بۇ خەسىستىن كۆرىدىغان ئوخشايمىزغۇ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن غودۇراپ. شۇ چاغدا بېشىغا زەرلىك يېشىل سەللە، ئۇچىسىغا پەرىجە كىيىۋالغان نىياز بەگ دەرۋازىدىن كىردى.
«ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ مۇبارەك تونىنى تەۋەررۇك

قىلىپ ساقلىشىنىڭ ئورنىغا كىيىۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان بۇ خەسىسىنىڭ» دەپ پىچىرلىدى هوشۇر قازى. ئابدۇقادىر مۇپتىنىڭ يادىغا سەئدى شىرازىنىڭ:

پەس كىشى مال ـ دۇنيا كۆتۈرمەس بىشەك،
ئېشەك ئەتلەس توقۇمى بىلەن هەم ئېشەك.

دېگەن مىسرالىرى كەلدى.
ئاڭغىچە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەن نىياز بەگ سالام قىلىشىنىڭ ئورنىغا سالام تەمە قىلغاندەك يۆتىلىپ قويدى.
— كەلسىلە، بېگىم، — دېدى ھەممىدىن بۇرۇن ھوشۇر قازى سالامىنىڭ ئورنىغا، لېكىن غازى بەگ:
— ئەجەب ئاغىچىلىرىنىڭ يېنىدىن چىقالماي كەتتىلە. بۇ ئىش ھەممىمىزگە ئورتاق ئىش ئىدىغۇ؟ — دەپ نارازىلىق بىلدۈردى.
— ھېچ گەپ يوق، نىياز بەگنىڭ كەلگىنى غەنىمەت، — دېدى ئابدۇقادىر مۇپتى ئۇنىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىگە.
— نىياز بېگىممۇ كەپتۇغۇ، — ئابدۇللا باقاۋۇل پېشايۋانغا چىقتى، ئاندىن ئولتۇرغانلارغا قاراپ، — قېنى، ئۆيگە كىرىپ داستىخانغا مەرھەمەت قىلىشسىلا، مېھمانلار كۈتۈپ قالدى. مەن ياقۇپ خوجامنى باشلاپ كېلەي، — دېدى ـ دە، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ھەرەم تەرەپكە ماڭدى.
ئابدۇقادىر مۇپتى باشلىق ئوردا ئەركانلىرى ئانارگۈللۈك يېكەندازلارنى دەسسەپ، كەڭ ۋە يورۇق سورۇنخانىنىڭ كۆپتۈرمە نەقىشلىك ئېغىر ئىشىكىنى ئاچتى. بۇ يەردىكى گۈللۈك دۇخاۋىدىن زەدىۋال تارتىلغان تاملارغا ياقىلىتىپ سېلىنغان شايى كۆرپىلەردە بىرمۇنچە ئادەملەر پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار ئۆمەر باقى ئاخۇن، ھاجى ئابدۇللا ئاخۇن،

هاجى ئەبەيدۇللا ئاخۇن باشلىق يەكەن شەھىرىدىكى ئۆلىمالار، ئەزىز خەلپە، ساۋۇر داموللا، سالىھ خەلپە قاتارلىق مۇدەررىسلەر؛ مىرزا توقال، مىرزا تۇرسۇن، جىرجىس خوجا قاتارلىق ئەمەلدارلار، شەھەردىكى نوپۇزلۇق تۇججارلار، پەرمانقۇلغا ئوخشاش ئىشانلار؛ قەشقەر بىلەن خوتەندىن كەلگەن شاھ زىياۋۇدۇن، خوجا ئەلا خەلپەم، توختى ئاق بۇرۇت قاتارلىق ئادەملەر ئىدى. خېلىدىن بېرى ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بۇ ئادەملەر ئوردا ئەركانلىرى كىرىشى بىلەن دەررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە ئۇلارنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى تۇتۇپ كۆرۈشتى.

ئوردىدا بولۇۋاتقان بۇ زىياپەتتە ياقۇپ خوجا: «ھاجىتى يوق، تېخى قولىمىز ئىشقا تەگمەي تۇرۇپ بۇنداق تەنتەنىلىك زىياپەتلەر بىلەن شۇغۇللانساق، رەئىيەت ئالدىدا ئۇياتقا قالىمىز» دەپ ئېتىراز بىلدۈرسىمۇ، ئوردا ئەركانلىرى ئۇنىماي، تەرەپ ـ تەرەپتىن بۇ زىياپەتنىڭ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيىتى بارلىقىنى سۆزلەپ كەتكەندى.

— ھەزرىتى ياقۇپ خوجامغا سىر ئەمەسكى، — دەپ سۆز باشلىغانىدى ئابدۇقادىر مۇپتى، — بۇ يەكەن شەھىرى بۇنىڭدىن 221 يىل مۇقەددەم، يەنى ھىجرىيەنىڭ 920 ـ يىلى (مىلادىيەنىڭ 1541 ـ يىلى) دىن تارتىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، جاھان ئەھلىگە تونۇلغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ئوردىدا ئىسلام نۇرى بىلەن رەئىيەتنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ كۆپلىگەن دىنىي پېشۋالار ئۆتتى. ئۇلارنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى تەگكەن، «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىپ، ھەدىس شېرىپىنى تەشۋىقات قىلغان لەۋزىلىرى ياڭرىغان بۇ ئاستانىمىز كېيىنكى ئون بەش يىلدا بۇزرۇكۋارلىرى ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ ھىدايەت قىلىشى بىلەن تېخىمۇ ئاۋاتلاشقانىدى. شۇ ئۇلۇغ پىرۇكامىللارنىڭ روھى پاكلىرىنى خوش قىلىش ئۈچۈن، ئوردىمىزدا شاھانە داستىخان تەييارلاش ھەرقايسىمىز ئۈچۈن

مۇقەددەس ئىشتۇر.
— مۇپتى ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزىگە شۇنى قوشۇمچە قىلايلى، — دېدى غازى بەگ، — بىزنىڭ بۇ شاھانە داستىخىنىمىزغا داندار دورغا بىلەن موللا ئىبراھىم مەشھۇرلار ئىشتىراك قىلسا، يەكەنلىكلەرنىڭ ئۆز خوجىسى، يەنى مەرھۇم دانىيال خوجامنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغان ھەزرىتى ياقۇپ خوجامغا بولغان ھۆرمىتىنى كۆرگەن ۋە ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ بۇ غەمخورلۇقىغا مىننەتدار بولغانلىقىمىزنى بىلگەن بولار ئىدى.

— ئۇنىڭدىن باشقا، بىز مۇشۇنداق داستىخان ھازىرلاشنى خىلى ئۇزاقتىن بېرى مەسلىھەتلىشىپ، تەييارلىق ئىشلىرىنى كۆرۈپ قويغاندۇق، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ھوشۇر قازى، — ۋاھالەنكى، شۇ ئىشىمىزنى قىلىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى. ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ يارلىقى ئېلان قىلىندى. بۇنداق چاغلاردا ئەجدادلىرىمىزغا ئوخشاش خانلىق تەختىگە مۇيەسسەر بولغان ئادەمنى ئاق كىگىز بىلەن كۆتۈرۈپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇش ياكى ئاق ئاتقا مىندۈرۈپ شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلىتىش، يۈزلەپ قويلارنى سويۇپ توي ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش مۇراسىملارنى قىلالمىساقمۇ، شەرتىنى ئادا قىلىشقا ئىجازەت بەرسىلە، خوجام.

— مېنىڭ ھەم خاھىشىم شۇنداق، — دېدى نىياز بەگ خۇددى زىيايەت بېرىشكە ئىجازەت بېرىش ياكى بەرمەسلىك ياقۇپ خوجىنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس، مېنىڭ ئىختىيارىمدا دېگەندەك ئەلپازدا، — ئەگەر بۇنىڭغا خوجا بالام ئىجازەت قىلمىسا، بىزنىڭ، يەنى ئوردا ئەركانلىرىنىڭ خەلق ئالدىدىكى ئابرۇيىنىڭ چۇشۇشى بەرھەق. زىراكى، بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدىن شەھىرىمىزدىكى كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ خەۋىرى بار. — ئۇ مۇپتىغا قاراپ سورىدى، — شۇنداققۇ دەيمەن، ھەزرەتلىرى؟

— نىياز بېگىمنىڭ ئېيتقانلىرى ئەينى ھەقىقەت! — دېدى

مۇپتى، — ئەتە - ئۆگۈندىن قالماي قەشقەر بىلەن خوتەندىن چاقىرغان مېھمانلارمۇ كېلىشكە باشلايدۇ.

ياقۇپ خوجا ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا، مەرھۇم ئاتىسىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە، ئۇنىڭغا ئارا بولۇش ئۈچۈن داۋان ئېشىپ خوتەنيجى چىۋاڭ رابدانىنىڭ ئالدىغا بارغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق يىللار بىللە ئىشلىگەن ۋە ئاتىسى ۋاپات بولغاندا ئۆزىگە ئوخشاشلا مۇسىبەت لىباسىنى كىيىپ ھازىدار بولغان ئادەملەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىلسا، ئۇلارنىڭ دىلى ئاغرىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇ:

— بوپتۇ، — دېگەنىدى رازىلىق بىلدۈرۈپ، كەينىدىن مۇنداق گەپنى قوشۇپ قويغانىدى، — لېكىن بۇ زىياپەت ئوردىمىزدا بولغىنى ئۈچۈن بارلىق خىراجىتى ئوردا تەرەپتىن بولىدۇ. مەن ھازىر خەزىنىچىبەگنى چاقىرىپ يارلىق بېرەي.

ئوردا ئەركانلىرى ياقۇپ خوجىنىڭ ئاخىرقى گېپىگە ئەھمىيەت بەرمەي، ئۇنىڭ ئىجازەت بەرگىنىگە خۇشال بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقانىدى ...

※ ※ ※

ئەدەن قېچىر بۈگۈن ئەتىگەندىلا كونا تونۇشى ھېلىم يۇمشاقنىڭ كارۋان سارىيىدىن چىقىپ، ئوردا تەرەپكە ماڭدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىدىكى پۆپۈكلۈك نەيزە تۇتۇپ تۇرغان تونۇش سىپاھلار بىلەن سالاملىشىپ ياقۇپ خوجىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىۋىدى، ئۇلار: «خوجام ھەزرەتلىرى ھېلىلا يۇسۇپ خوجام بىلەن ھەرەم تەرەپكە كەتتى» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەدەن قېچىر قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي، بىرپەس ئويلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ تېڭىرقاپ قالغىنىنى كۆرگەن سىپاھلارنىڭ بىرى:

— يۇرسىلە، مەن ئاپىرىپ قوياي، — دېدى.

— ياق، ياق، ئاۋارە بولمىسىلا، ئۆزۈم تېپىپ بارالايمەن، — ئەدەن قېچىر ئوردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى ۋە كۆك خىش يېيىتىلغان يول بىلەن راۋاق كۆلنى ئايلىنىپ ھەرەمخانىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ ئاكا ـ ئۇكا خوجاملار چىقىپ كەلدى. ئەدەن قېچىر بۇ ئىككى خوجىنى كۆرۈپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىمكى مېيىتتا يىغلايدىكەن، ئۇنىڭ يىغلىغانلىقى تۇپەيلى مېيىت ئازابقا قالىدۇ» دېگەن ھەدىسىگە ئەمەل قىلماي، — دانىيال خوجام ... — دېگىنىچە ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

— سەۋر قىلسىلا، ئەدەنباي ئاكا، — دېدى تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ياقۇپ خوجا ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ. لېكىن، ئەدەنباي ئۆزىنى تۇتالمايۋاتاتتى، كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان ياشلىرى توختىمايتتى.

— سەۋر قىلسىلا، ئەدەنباي ئاكا، — دېدى يۈسۈپ خوجا گېپىنى تەكرارلاپ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەن قېچىر بېلىگە سەۋر پوتىسىنى باغلاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— سەۋر قىلسىلا دېگەن گەپنى مەن سىلەرگە دېمەي، سىلەرنىڭ ماڭا دېگىنىڭلار قىزىق بولدى ـ دە، — دېدى ئۇ، — بوپتۇ، ھەرقايسىلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتتى. رەھمەتلىك دانىيال خوجام بىلەن ئۇزاق يىللىق قەدىناس ئەمەسمىدىم.

ئەدەن قېچىر ھەرەمخانىغا كىرىپ بايان ئاغىچا، ئايشەم ئاغىچىلار بىلەن كۆرۈشكەندە، كۆزىدىن ياش چىقارمىدى ۋە بايىلا ئۆزى ئەمەل قىلمىغان ھەدىسنى شېپى كەلتۈردى ۋە تەسەللى بېرىپ:

— سەۋر قىلىشسىلا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «كىمكى مېيىتقا يىغلايدىكەن، ئۇنىڭ يىغلىغانلىقى تۇپەيلى مېيىت ئازابقا قالىدۇ» دەپتىكەن، — دېدى ـ دە، دانىيال خوجىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇدى. دۇئادىن كېيىن يەنە كۆز يېشى

قىلغان بايان ئاغىچىغا، ــ سەۋر قىلسىلا، ئاغىچا، پەيغەمبىرىم: «سەۋر قىلغان ئادەم ئاللا بىلەن بىقىندۇر، يەنى ئۇنىڭ يېقىنىدۇر» دەپتىكەن. ئارقىسىدا ئوغۇللىرى قالغان ئادەمنى ئۆلدى دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ياقۇپ خوجامدەك بىرنەچچە ئوغۇللىرى بار. ئاللادىن شۇلارنىڭ ئۆمرىنى تىلىسىلە، ــ دېگەن سۆزلەرنى ئېيتىپ، مېهمانخانىغا چىقتى.

ــ كەلگەنلىرى تولا ئوبدان بولدى، ــ دېدى ياقۇپ خوجا ۋە داستىخان ئۈستىدىكى چىنە ـ قاچىلار يىغىلغاندىن كېيىن گەپنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكەپ، ــ ئەته خۇدايىم بۇيرۇسا، داندار دورغا يۇسۇپ خوجامنى قەشقەرگە، ئايۇپ خوجامنى ئەردەۋىلگە، موللا ئىبراھىم مەشھۇر ئابدۇللا خوجامنى خوتەنگە ئاپىرىپ، خۇنتەيجى جانابلىرى بەرگەن ئەمەللەرگە ئورۇنلاشتۇرماقچى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوردا ئەركانلىرى ئۇلارنى ئۇزىتىش ئۈچۈن زىياپەت ئۆتكۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن...

ــ ئۇلار نەدە؟ ــ ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئەدەن قىچىر ۋە «ئۇلار» دېگەن سۆزىگە ئىزاھات بېرىپ، ــ موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن داندار دورغا دېگەنلىرى، ــ دېدى.

ــ داندار دورغا ھازىر «ھەيدەرباغ»دا، ئۇ كىشىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماي، شۇ جايدا داۋالىنىپ يېقىندا ساقايدى. موللا ئىبراھىم ئاكام بىلەن دېۋانبېگى سىلى كېلىشتىن سەل ئىلگىرى دورغىنى ئەكىلىش ئۈچۈن شۇ ياققا كەتكەن.

ــ باشقا غوجىزادىلەر كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

ــ ئۇلارمۇ ھازىر يېتىپ كېلىدۇ. ئالتۇنلۇقتا ئاتامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېتىشۈدى.

شۇ چاغدا يوغان پەتنۇسقا قويۇلغان چەينەك بىلەن بىرنەچچە پىيالىنى كۆتۈرۈپ يۇسۇپ خوجا كىرىپ كەلدى ـ دە:

ــ ئانام: «ئەدەنباي ئاكاڭ ئاتاڭ بىلەن دورا ـ دەرمان

سېلىنغان چاي ئىچىپ مۇلاقات قىلاتتى» دەپ چاي دەملەپ بەردى، — دېدى ۋە شىرەنىڭ بىر چېتىگە ئولتۇردى ـ دە، قانداقتۇر بىر پۇرىقى بار چايدىن قۇيۇشقا باشلىدى.

«بايان ئاغىچىنىڭ دىتى بار مەزلۇم جۇمۇ، — دەپ ئويلىدى ئەدەن قېچىر، — ئۆتكەن يىلى خوتەندىن قايتىپ مۇشۇ ئۆيدە دانىيال خوجا بىلەن مۇلاقات قىلغىنىم يادىغا كەپتۇ ـ دە.»

ئۇلار ئىككى پىيالىدىن چاي ئىچىپ تۇراتتى، ئابدۇللا باقاۋۇل كىرىپ كەلدى ـ دە، سالام ـ سەھەتتىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئۇنتۇپ ئەدەن قېچىر بىلەن ئامانلىق سورىشىپ كەتتى، ئاندىن:

— قاچان كەلدىلە؟ — دېدى ۋە بۇ سوئالغا جاۋاب كۈتمەيلا گېپىنى داۋام قىلدى، — بەندىچىلىك ئىكەن، ئەدەنباي، خوجامنى دارىلباقىيغا ئۇزىتىپ قويدۇق.

ئۆي ئىچىدە بىر دەقىقە سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى.

— بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا باقاۋۇلغا قاراپ.

— مېھمانلار يىغىلىپ قېلىۋىدى.

— داندار دورغىلار كەلدىمۇ؟

— سىلىگە باراي دەپ ئوردىدىن چىقسام، ھويلىدا ئاتتىن چۈشۈۋاتقانىكەن.

— ئايۇپ خوجاملارچۇ؟

— ئۇلارمۇ كەلدى.

— ئەمىسە بىزمۇ چىقايلى، — ياقۇپ خوجا قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغان يېشىلغا مايىل كىچىككىنە دەستارىغا قول سۇندى، ئاندىن يۇسۇپ خوجىغا، — سىلىمۇ كىيىنىپ چىقسىلا، — دىگىنىچە ئەدەن قېچىرغا مۇراجىئەت قىلدى، — يۈرسىلە، ئەدەنباي ئاكا.

— مەن بارمىساممۇ بولارمىكىن، خوجام، — دېدى تارتىنشقاندەك بولۇپ ئەدەنباي.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق گەپنى ئېغىزلىرىدىن چىقارمىسىلا، سىلى بىلەن قىلىشىدىغان گەپلەر خېلى كۆپ، زىياپەتتىن كېيىن پاراڭلىشىمىز. قېنى، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا.

ئەدەن قېچىرغا رازىلىق بىلدۈرۈشتىن باشقا ئامال قالمىدى.

※　　　※　　　※

ئوردىدىكى زىياپەت پېشىنىدىن كېيىن باشلىنىپ نامازدىگەرگىچە داۋام قىلدى. بۇ يەردە بولغان گەپ - سۆزلەر، تەييارلىغان تائام - غىزالار ھەركىمگە ھەر تۈرلۈك تەسىر قىلدى. بولۇپمۇ قوي بىلەن كالىغا ئوخشاش تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ سۈدا قاينىتىلىپ ياكى ئوتقا قاقلىنىپ پىشۇرۇلغان گۆشىنى يەپ ئۆسكەن داندار دورغىنى ھەم كاۋاپنىڭ، ھەم قازاندا پىشۇرۇلغان گۆشنىڭ تەمى بار تونۇر كاۋىپى، كۆك جىيەكلىك تەخسىلەرگە سېلىنغان قىيما كاۋاپلار بىلەن كەكلىك ۋە ئۇلار گۆشلىرىدىن قىلىنغان كاۋاپلار، ئىچىگە خام قايماق قۇيۇپ پىشۇرۇلغان ئۆپكە - ھېسىپلار، تۈرلۈك ئوتياشلار ئارىلاشتۇرۇلغان ئاچچىق - چۈچۈك قورۇمىلار ھەيران قالدۇردى. ئۇ ھەربىر تائامدىن تېتىپ كۆرۈپ، يېنىدا ئولتۇرغان ياقۇپ خوجا بىلەن ئىبراھىم مەشھۇردىن:

— بۇ نېمىنىڭ گۆشىدىن پىشۇرۇلغان، — دەپ سورىدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى قوينىڭ گۆشىدىن، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇلار.

— مۇنۇلارمۇ قوينىڭ گۆشىدىنمۇ؟

— ياق، بۇلار كەكلىك، ئۇلارغا ئوخشاش قۇشلارنىڭ گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپلار.

— سىلەر ئۇلارنىڭمۇ گۆشىنى يەمسىلەر؟ ئۇلارنى قانداق

تۇتىسىلەر؟

— تۇتىدىغان ئادەملەر قىلتاق ياكى تور قويۇپ ئوڭايلا تۇتۇۋالىدۇ.

— مۇنۇ تونۇر كاۋىپى بىلەن قىيما كاۋاپ دېگەنلىرىڭلارنىڭ تەمى بىز يېگەن گۆشلەرنىڭ تەمىگە ئوخشىمايدىكەن.

— ئۇنداق بولغىنى، بۇلارنى پىشۇرۇشتىن ئاۋۋال تۈرلۈك دورا - دەرمەكلەرنى ئارىلاشتۇرىدۇ.

داندار دورغا گۆش بىلەن تەييارلانغان تائاملارنى ياخشى كۆرسىمۇ، لېكىن قورسىقى توق ئادەمدەك، ھەرقايسىسىنى چىمقىلاپ تەمىنى تېتىش بىلەن بولدى. لېكىن، نېپىز يېيىلغان چۆپ ئۈستىگە قوينىڭ يانپىشى بىلەن ئوتران يىلىكى بېسىلغان تاۋاقنى ئالدىغا قويغاندا، خۇددى بىرنەچچە كۈن ئاچ قالغان بۆرىدەك ئىشتىھاسى ئېچىلىپ كەتتى ...

ياقۇپ خوجىغا بولسا زىياپەت جەريانىدا بولغان گەپ - سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى تەسىر قىلدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە داندار دورغىنىڭ: «ياقۇپ خوجا يىگىرمە نەچچە يىل بىزنىڭ ئارىمىزدا بولغاچقا، ئۆزىمىزنىڭ ئىنىسىدەك بولۇپ كەتكەن. شۇڭا، بۇ ئادەمگە ئۇلۇغ ئەمرچىمىز غالدان سېرىندىن تارتىپ بارلىق نويانلار، تەيجى - زايسانلار دانىيال خوجىغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىدۇ. قالغان غوجىزادىلەر بىزنىڭ تەربىيەمىزنى ئالمىغان بولسىمۇ، يىڭنە قاياقتا ماڭسا، يىپ شۇ ياققا دېگەندەك، ياقۇپ خوجىنىڭ ئىزىدىن مېڭىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا جۇڭغار خانلىقىنىڭ غەمخورلۇقىدىن بەھرىمەن بولىسىلەر، ئولتۇرغان تەختىڭلارغا ھېچقانداق خەۋپ كەلمەيدۇ...» دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئوردا ئەركانلىرىنىڭ: «جاھان مۇسۇلمانلىرىنىڭ پېشۋاسى، تائەت - ئىبادەت مەيدانىنىڭ شىرى، يەر - جاھاننى قىزدۇرىدىغان قۇياشتەك، يەكەن ئاسمىنىدا نۇر چاچىدىغان قۇياشىمىز، ‹ئىسھاقىيە› سۇلۇكىنى راۋاجلاندۇرغۇچى ئەقتاب، ئاللاتائالانىڭ يەر يۈزىدىكى سايىسى...» دېگەنگە ئوخشاش

تەنتەنىلىك مەدھىيەلەر بىلەن تەرىپلەشلىرى بولدى. «بۇ ئادەملەر قىزىق ئىكەن ـ دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەن دېگەن ئاتامغا ئوخشاش جۇڭغارلارغا ھەر يىلى پالان تەڭگە تۆلەيدىغان بىقىندى خان تۇرسام، خۇددى جاھاننىڭ يېرىمىنى ئۆزىگە قاراتقان ئەمىر تۆمۈر كوراگاننى مەدھىيىلىگەندەك ماختىشىدا؟ ئاۋۇ پەرمانقۇل ئىشاننىڭ تەرىپاتىغا كۆلگۈم كېلىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىچە، مېنىڭ ئاغزىمدىن چىققان سۆز تۇرماق، ئايىغىمدىن چىققان چاڭ ـ توزانمۇ دىنىي ئىسلامغا كۈچ بېغىشلارمىش؟ مۇنداق مەدھىيەنى ھەزرىتى رەسۇلىللامۇ، چارىيالارمۇ ئاڭلىمىغان بولغىيدى؟ بۇ ئوردا ئەركانلىرى مېنىڭ ئۆچۈن يەكەن تەختىگە خان بولۇپ ئولتۇرۇشتىن كۆرە، جۇڭغارلار ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمىسە كېرەك؟ بۇنى ئۇلارغا قانداقمۇ چۈشەندۈرەرمەن. ئانا يۇرتنىڭ مېھرى ئانىنىڭ مېھرىگە ئوخشاش ئادەملەرنى ھۇزۇرلاندۇرغۇچى كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ توپىسىغا كەئبىگە باش قويغاندەك باش قويۇش كېرەكلىكىنى قانداق يوللار بىلەن چۈشەندۈرەرمەن؟ بىزغۇ بۇ يەردە دۇنيادىن بىغەم، سالقىن يايلاقتا چۆپنىڭ ئۈچىنى يەپ، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچىپ يۈرگەن ئاتلار مىسالى تېرىمىزگە پاتماي، خۇددى ئەركىنلىككە مۇشەررەپ بولغان ئادەملەردەك كېرىلىپ، كېكىرىپ ئولتۇرىمىز. باشقىلارچۇ؟ ئېتىزلاردا داغ سۇ ئىچىپ، زاغرا يەپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلار، بېلى مۈكچىيىپ كەتكەن بايكارلارچۇ؟ بىز مۇشۇ زىياپەتكە داخىل بولغانلار شۇ خەلقىمىزنىڭ بىر تال زەررىچىلىك ئەمەسقۇ.»

دىگەر نامىزىغا چاقىرىلغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن زىياپەت تۈگەپ ھەممىيلەن قوزغىلىشتى. داندار دورغىنى ئابدۇللا باقاۋۇل مەخسۇس بۆلمىگە ئەكەتتى. قالغانلىرى تاھارەت يېڭىلاپ خانلىق مەدرىسە تەرەپكە مېڭىشتى.

— بايا تىن داندار دورغا دېگەن گەپلەرگە دىققەت

قىلدىلىمۇ؟ ــ دېدى يۈسۈپ خوجا ئۆزى بىلەن بىللە كېلىۋاتقان ئەدەن قېچىرغا، ــ بۇلار زېمىنىمىزنى ئىشغال قىلىپ بېقىنىدى ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغىنىنى «بىزنىڭ سىلەرگە قىلغان غەمخورلۇقىمىز» دەپ ئاتايدىكەن. شۇ چاغدا بىز جۇڭغار خۇنتەيجىلىرى غەمخورلۇق قىلمىسا ياشىيالمايمىزمۇ؟

ــ ئەمدى خوجام، ــ دېدى ئەدەن قېچىر ئاۋازىنى سوزۇپ ۋە ئېنىق جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالماي، ــ تىل دېگەننىڭ سۆڭىكى بولمايدىكەن. دورغىنىڭ ھەممە گېپىنى ئاڭلىدىم. بۇ دورغىنىڭ تىلى سازلىقتا ياشايدىغان پاشىنىڭ تىلىغا ئوخشايدىكەن ئەمەسمۇ؟

ئۇنىڭ گېپىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەن يۈسۈپ خوجا سورىدى:

ــ قانداقلارچە؟ ئېيتقانلىرىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىدىم؟

ــ بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەقىل بار، ــ دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، ــ بىر كۈنى سازلىقتا قاتتىق شامال چىقىپ قومۇشلارنى، ئەتراپتىكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ. شۇ چاغدا يوغان بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ ئۆز جېنىنى ساقلاپ قالغان پاشا: «ھە، سېنى تۇتماي قويۇۋېتەيمۇ؟ ئەگەر قويۇۋەتسەم مۇنۇ بوراندا ئاللىقاچان قومۇرۇلۇپ، ئۇچۇپ كېتەتتىڭ. مەن سېنى تۇتۇپ تۇرغاچقىلا تىك تۇرۇۋاتىسەن !» دەپ ماختانغانىكەن. مۇنۇ دورغىنىڭ گېپىمۇ شۇنداق گەپلەرنىڭ بىرى دېسىلە ...

بۇ زىياپەتنى ئورۇنلاشتۇرغان ئوردا ئەركانلىرىنىڭمۇ تەسىراتى خىلمۇخىل ئىدى.

«ياقۇپ خوجامنىڭ شەنىگە ئېيتقان تەرىپاتلىرىمىز بىلەن سۆزلىرىمىزدە كەم ـ كوتىلىق قىلغان يەرلەر بولمىغاندۇ؟ ــ دەپ ئويلىدى ئابدۇقادىر مۇپتى ئوڭ قولىدىكى تەسۋىنى يانچۇقىغا سېلىپ، ــ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قورساقتىكى

ھەممە گەپنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئەدەپتىن ئەمەس. ھازىرچە مۇشۇ گەپلىرىمىزمۇ يېتەر.»

«خەپ ! ئىغىزدىن چىققان سۆزنى قايتۇرۇۋالغىلى بولماس دېگەن گەپ مۇنداقمۇ توغرا بولماس، — دەپ ئۆكۈندى نىياز بەگ ئىچىدە، — مەن ئەخمەق نېمە ئۈچۈن ياقۇپ خوجامنى ‹خان بالام› دېمەي، ياقۇپ خوجام دېگەندىمەن؟ خۇدا بۇيرۇسا بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئىش قىلىشتىن ياكى تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ‹بىسمىللا› دېگەندەك، ‹خان بالام› دېيىشنى ئادەت قىلىمىسام ...»

زىياپەت جەريانىدا مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلغاچ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى تاۋاقلارغا كۆزى چۈشكەن غازى بەگ «مۇنۇ خەسىسنىڭ ئاشقازىنى ئىككىمىكىنە؟» دەپ ئويلىدى نىياز بەگنىڭ ئالدىدا كاۋاپتىن بوشىغان زىخلارنى، چايناپ تاشلانغان كۆمۈرچەكلەرنى، قۇرۇقدىلىپ قالغان تەخسە ـ تاۋاقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — بۇگۈن ئاغرىمىسا ھېچقاچان ئاغرىمايدۇ ...»

ھوشۇر قازى بولسا داندار دورغىنىڭ ئاخىرقى تاماق تارتىلغاندا ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ كەتكىنىنى يادىغا ئېلىپ «بۇ دورغىنىڭ ھە دېگەندە توق بېسىق ئادەمدەك ئولتۇرغىنىغا قاراپ قارنى توق بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىۋىدىم، بايا ئۇ ئاخىرقى تاماققا ئىشتەي ساقلاپ تۇرغانىكەن ـ دە، تاۋاقتىكى يانپاش بىلەن ئوتران يىلىكىنى يالغۇز ئۆزى سوقۇۋەتتى» دەپ ئويلىدى.

شۇنداق قىلىپ، زىياپەت تۈگىگەندىن كېيىن ھەركىم ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، يول تەييارلىقىغا كىرىشتى.

شام نامىزىدىن كېيىن ياقۇپ خوجا ئۈچ ئۆكىسىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئەمدى تەقدىرنىڭ ھۆكمى بىلەن بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلىپ ياشايدىغان بولدۇق، — دېدى، — رەئىيەتنىڭ مەنپەئەتى بېسىلغان ھارۋىنى ھەرقايسىمىز يەككە ـ يېگانە تارتىدىغان بولدۇق. خەلق ھەرقاچان ئۆزلىرىگە خان بولغان

ئادەملەردىن ئادىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادىللىق بىلەن ئەل سورىغان خانلارنىڭ نامى ئۆچمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشلىرىڭلاردا ئادىل بولۇشنى ئۇنتۇماڭلار. «قۇرئان كەرىم»دە «كىشىلەرگە پايدا كەلتۈرگۈچى نەرسىلەرلا خېلى ۋاقىتقىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ» دېگەن ئايەت بار. تەكەببۇر بولماڭلار، چۈنكى مېۋىلىك دەرەخ ئېگىز بولمايدۇ. بىز مەرھۇم ئاتىمىز ئارمان قىلىپ يېتەلمىگەن ئىشلارنى قىلىشىمىز لازىم. يەنە دەيدىغىنىم، ئەتە قىلىنىدىغان ئىشنى بۈگۈن قىلىمەن دېيىشتىن ساقلىنىڭلار. بۇ، كۈن پېتىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ياقىدىغان شامنى ئەتىگەنلىكى قۇياش چىققۇۋاتقاندا ياققانغا ئوخشاش مەنىسىزلىك بولىدۇ. ئاندىن كېيىن خوتەندىمۇ، قەشقەر بىلەن ئەردەۋىلدىمۇ، ئۇلاردىن باشقا شەھەرلەردىمۇ خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان «كۆز - قۇلاق»لارنىڭ بارلىقىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماڭلار. ھەرقانداق ئىش قىلماقچى بولساڭلار، ئەقىل بىلەن ئويلاپ قىلىڭلار. چۈنكى، ئادەمنى توغرا يولغا باشلاپ، ئەگرى يولدىن قايتۇرىدىغان نەرسە — ئەقىلدۇر. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەڭلار. نەپسىنى ئەقىلنىڭ ئۈستىگە قويغان ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى بولمايدۇ، — ئۇ يەنە نېمە دېسەم بولىدىكىن دېگەندەك بىردەم توختاپ، يەنە گېپىنى داۋام قىلدى، — ھەر ئىشتا سەۋر - تاقەتلىك بولۇڭلار. سەۋرلىك ئادەملەر ئاللاغا يېقىن بولىدۇ. بارغان شەھەرلەردە ئالىم - پازىللار بىلەن يېقىنلىشىڭلار، چۈنكى بۇ تائىپىدىكى ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن دىنىي ئىسلام ۋارىسلىرىدۇر...

※ ※ ※

ئۇلار شامدىن كېيىنلا راۋاقكۆلىنىڭ ياقىسىغا ياسالغان يۆلەنچۈكى بار ياغاچ سۇپىدا خېلىدىن بېرى پاراڭلىشىپ

ئولتۇراتتى.

ــ شۇنداق قىلىپ، گۇلبادامنى كوچادا كۆردۈم دېسىلە. ئىشقىلىپ، تېنى ساق، ئوبدان تۇرۇپتۇمۇ؟ ــ دەپ سورىدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر.

ــ ساق بولغاندا قانداق دېمەمدىلا؟ بەدەنلىرى مىخ قاقسىمۇ ئۆتمىگۈدەك تولۇپ كېتىپتۇ دېسىلە، ــ دېدى ئەدەن قېچىر.

ــ دۇنيا دېگەن شۇ ئىكەن، ــ دېدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر ئېغىر تىنىپ، ــ ئۇ خېنىمنىڭ ئاتىسى ئەردەۋىلدە تۇرىدىغان يۇنۇس ھاجى دېگەن بىلىملىك كىشى ئىدى. بىچارە مەزلۇمنىڭ بېشىغا جىق سەۋدالار چۈشۈپ، ئاخىر توختىغان يېرى كوچا بوپتۇ ـ دە، ئىلاھىم، بۇنىڭدىن كېيىن بەختىنى بەرگەي.

ئۇلار بىر دەقىقە جىمىپ قالدى. چۆل تەرەپتىن سوقۇۋاتقان لەرزان شامال راۋاقكۆلىنىڭ قىرغىقىدا ئۆسكەن مەجنۇنتاللارنىڭ شاخلىرىنى تەۋرىتىپ، كۆلنىڭ سەتھىنى جىمىرلىتاتتى.

ــ بۇ ئوردا ئەركانلىرى دېگەن ئادەملەر ياقۇپ خوجىنىڭ ئاستىغا راسا پوستەك قويدى. كېيىن، قويغان پوستەكلىرىنى تارتىۋېلىپ داق يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويارمۇ؟ ــ دېدى بىر چاغدا ئەدەن قېچىر زىياپەت جەريانىدا پەيدا بولغان ئويىنى ئورتاقلاشماق بولۇپ.

ــ سىلىمۇ ماڭا ئوخشاش ئويلاپتىلا، ــ دېدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر، ــ لېكىن، ياقۇپ خوجا تولىمۇ ھوشيار، ئەقىللىق ئادەم. ئۇ شۇنچە يىل جوڭغار نويانلىرى بىلەن تىل تېپىپ، ياشاشنى بىلگەن، ئۇلارغا قارىغاندا ئوردا ئەركانلىرى دېگەن ئۆزىمىزغۇ.

ــ ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما «يىغا ــ ياندىن، بالا ــ قېرىنداشتىن» دېگەن گەپ بار ـ دە.

ــ توغرا دەيدىلا، بىراق شۇنىڭغا ئىمانىم كامىلكى، ياقۇپ

خوجام ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ يوللىرىنى بىلىدۇ.
— ئىلاھىم، سىلى دېگەندەك بولغاي.
— مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم يۈسۈپ خوجام. ئۇ كىشى پاراسەتتە يېتۈك بولسىمۇ، لېكىن تەمكىنلىكتە ياقۇپ خوجىدەك ئەمەسمۇ، قانداق؟
— مەن بۇ خوجام بىلەن بىرەر قېتىممۇ مۇلاقات قىلىپ كۆرمىدىم، — دېدى ئەدەن قېچىر، — لېكىن بايقىشىمچە، ئۆزلىرى دېگەندەك، پاراسەتتە يېتۈكتەك كۆرۈنىدۇ. باياتىن زىياپەتتىن كېيىن: «ئەگەر جۇڭغارلار غەمخورلۇق قىلمىسا، بىز خەق ياشىيالمايمىزمۇ، ئەدەنباي ئاكا» دەپ، داندار دورغا دېگەن گەپلەرگە نارازىلىقىنى ئىزھار قىلدى. پاراسەت بولمىسا، ئۇنداق دېمەيدۇ - دە.
— بۇ دېگەنلىرى توغرا، بىراق ئۇ خوجامنىڭ بۇ گېپىدىن ياقۇپ خوجىدەك ئېغىر - بېسىق، تەمكىن ئەمەسلىكى سېزىلىپ تۇرىدۇ.
«بىر ھېسابتا مۇنۇ تىلماچنىڭ گېپىدىمۇ جان بار، — دەپ ئويلىدى ئەدەن قېچىر، — دورغىنىڭ گېپىدىكى كىبىرلىكنى ياقۇپ خوجاممۇ سېزىپ تۇردى، لېكىن بىركىمگە چىش يارمىدى.»
ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئابدۇللا باقاۋۇل كېلىشى بىلەن باشقا مەزمۇنغا يۆتكەلدى.
— دورغا نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى مولla ئىبراھىم مەشھۇر.
— ئۇ كىشى بىلەن باياتىن بىرى يۈك - تاقىنى قاچىلىدۇق. ئاندىن ياخشى كۆرىدىغان ئۇسسۇلۇقنى سورىۋىدى، بىر كوزا ئەكىرىپ بەردىم، — دېدى باقاۋۇل، — ھازىر ئۇ كىشى شۇنىڭ بىلەن بەند.
شۇ ئارىدا ياقۇپ خوجىنىڭ ئوغلى سىدىق خوجا كەلدى - دە:

— ئاتام خوپتەن نامىزىنى بىللە ئوقۇيمىز دەپ، سىلەرنى كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى.
ئۇلار ئورۇنلىرىدىن قوزغالدى.

※ ※ ※

ئەتىسى ئەتىگەندىلا سەپەر تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى. ئۈچ خوجىنىڭ مىنىدىغان ئاتلىرىغا ئېگەر توقۇلدى. ئۇلارنىڭ ئاغىچىلىرى بىلەن خىزمەتكارلىرى چۈشىدىغان، يۈك - تاقلىرىنى باسىدىغان هارۋىلارنىڭ چاقلىرى مايلاندى. ئۇلارغا هەمراھ بولۇپ بارىدىغان سىپاھلارمۇ ئاتقا مىنىشكە تەييارلاندى. ھەرەمدىكى غۇلاملار ئۈچ ئاغىچا بىلەن بايان ئاغىچىنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ھەش - پەش دېگۈچە ھارۋىلارغا بېسىپ بولدى. ئەمدى ئۇلار چۈمبەللىرىنى يۈزىگە تارتىپ، پەرەنجىلىرىنى بېشىغا ئارتىپ، ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان سايىۋەنلىك ھارۋىلارغا ئولتۇرسىلا سەپەر باشلىنىپ كېتەتتى. لېكىن، ئاشخانىدا نىسا بېگىم بىلەن پاراڭلىشىپ قالغان بايان ئاغىچا ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى - دە، يۈسۈپ خوجىنى چاقىرىپ:
— مېنىڭ يۈك - تاقامنىمۇ ھارۋىغا باستىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— نېمىشقا باسمايمىز، ئانا؟ بىز بىلەن قەشقەرگە بارمامدىلا؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەيران بولۇپ.
— ياق، بالام، سىلەر بالدۇر بېرىپ جايلىشىۋېلىڭلار، مەن بىرەر - يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن بارارمەن.
— راست دەۋاتامدىلا، ئانا؟
— راست بولمايچۇ، بالام، ئاتىڭىزنىڭ قەبرىسىنى بىرەر يىل توشماي تاشلاپ كەتسەم ... — ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

يۈسۈپ خوجا ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن بىسوراق ئىش قىلغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى ۋە غۇلاملارنى چاقىرىپ ئانىسىنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى قايتىدىن ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇشنى تاپشۇردى. كىچىككىمەي بايان ئاغىچىنىڭ ساندۇقىنى كۆتۈرگەن ئىككى غۇلام ھەرەم ھويلىسىدا پەيدا بولدى. بۇنى ئۆينىڭ ھويلىغا قاراپ تۇرغان دېرىزىسىدىن كۆرۈپ قالغان ئايشەم ئاغىچا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، ساندۇق كۆتۈرگەن غۇلاملارغا ھۆرپەيدى:

— بۇ نېمە ئىش؟ نېمىشقا بۇ ساندۇقنى قايتۇرۇپ ئەكىردىڭلار؟

— بايان ئاغىچا قەشقەرگە بارمايدىكەن، — دېدى بىر غۇلام.

— نېمىشقا بارمايدۇ؟ خوجا ئاتام بولمىغاندىكىن، ئۇ خوتۇنغا بۇ يەردە نېمە بار؟ ئۇنىڭ يۈكلىرىنى ئەكىرمەي تۇرۇڭلار، — ئايشەم ئاغىچا غۇلاملارغا شۇنداق بۇيرۇق بەردى ـ دە، خۇدىنى بىلمەي ياقۇپ خوجىنىڭ يېنىغا سۈرمە قۇشتەك ئېتىلىپ كىردى ۋە، — ھېلىقى جۇڭغار ئاغىچا: «قەشقەرگە بارمايمەن» دەپ يۈكلىرىنى قايتىدىن ئۆيىگە ئەكىرىۋاتىدۇ، — دېدى قەھرى بىلەن، — ئۇ خوتۇنغا پۈتۈمغا پۈتلىشىپ بۇ يەردە نېمە بار ئىكەن؟

— هاي، هاي، سەۋر قىلسىلا، سەۋر، ئۆيدە مېھمانلار بار، — دېگىنىچە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ياقۇپ خوجا.

ئايشەم ئاغىچا شۇ چاغدىلا ئۆينىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان ئەدەن قېچىر بىلەن موللا ئىبراھىم مەشھۇرنى كۆرۈپ ئۈركۈگەن تاغ ئۆچكىسىدەك چىقىپ كەتتى.

ياقۇپ خوجا بايان ئاغىچىنىڭ قېشىغا كىرمەك بولۇۋىدى، ھەرەم ھويلىسىدا يۈسۈپ خوجا ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئانام سىلەر بىلەن قەشقەرگە كەتسەم، ئاتىڭىزنىڭ روھى قورۇنۇپ قالارمىكىن دەپ، سەپەر قىلىشقا ئۇنىمىدى، — دەپ سۆز قاتتى ئۇ ياقۇپ خوجىغا، — مەنمۇ بۇ ھەقتە ئانامغا

مەسلىھەت قىلماي، يۇك - تاقلىرىنى ھارۋىغا باستۇرۇپ ساپتىمەن.

— كىچىك ئانام ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— ئۆزىنىڭ ئۆيىدە.

ئۇلار بايان ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە كىردى ۋە تاملىرىغا تارتىلغان، سۇپىلىرىغا سېلىنغان گىلەملەر ئېلىنىپ يالىڭاچلانغان ئۆيدە دېرىزىگە يۆلىنىپ ئۆرە تۇرغان بايان ئاغىچىنى كۆردى. تېخىچە قارىلىق كىيىمىنى يەشمەي، ياغلىق تېڭىۋالغان بايان ئاغىچىنىڭ كىرتەيگەن كۆزلىرى ياش بىلەن يالتىراپ كەتكەندى. ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى ساندۇقىنى كۆتۈرگەن غۇلاملارغا ئايشەم ئاغىچا ئېيتقان سۆزلەر تاتىلاپ قانىتىۋەتكەچكە، كۆڭلى ئىنتايىن مىسكىنلىشىپ كەتكەندى. شۇڭا، ياقۇپ خوجىلار ئۆيگە كىرگەندە، ئۆزىنى تۇتالماي پاكىدە يىغلىۋەتتى.

— سەۋر قىلسىلا، كىچىك ئانا، — دېدى ياقۇپ خوجا.

— مېنى كەچۈرسىلە، ئانا، — دېدى يۈسۈپ خوجا، — مېنىڭدىن چوڭ سەۋەنلىك ئۆتۈپتۇ. سىلىدەك ئەتراپلىق ئويلىماپتىمەن.

— ياق، ياق، جېنىم بالام، سەۋەنلىكنى مەن ئۆتكۈزۈپتىمەن. ئانا بولغاندىكىن سىزنى بۇرۇنراق ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى.

— ئەمىسە، نەۋرىلىرىنى سىلىگە تاشلاپ قوياي، — دېدى يۈسۈپ خوجا ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىپ.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، بالام. نارەسىدە بالا دېگەن ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھرىگە قېنىپ چوڭ بولغىنى ياخشى. خىزمەتلىرىدىن چارچاپ كەلگەندە، قۇچاقلىرىغا ئېلىپ ئەركىلەتسىڭىز ھاردۇقلىرى چىقىپ كېتىدۇ. ئاندىن كېيىن بالا دېگەن ئاتا - ئانىنىڭ رىشتىنى بىر - بىرىگە باغلاپ

تۇرىدىغان دانىكار، مەن بۇ يەردە ھېچقاچان زېرىكمەيمەن،
ئاللاغا بولغان تائەت ـ ئىبادىتىمدىن قولۇم بوشىغاندا، ئىسا
بىگىم بىلەن ئالتۇنلۇقتا بېرىپ ئاتىلىرىغا دۇئا ـ تەكبىر
قىلىپ تۇرىمەن. مېنىڭدىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ.
ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ،
ياقۇپ خوجىنىڭ كۆڭۈل تارلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ
بايان ئاغىچىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىشتىكى سەۋەبىنى ئۇنىڭ ئەر
كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدىغان ياشلىقىدىن ۋە جۇشقۇنلارغا خاس
گۈزەللىكىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى. لېكىن، يەكەنگە
كەلگەندىن كېيىن پۈتۈنلەي باشقىچە ئويدا بولدى ... چۈنكى
بايان ئاغىچا دانىيال خوجىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىنى خۇدا سالغان
كېسەل ئىكەن دېمەستىن، مېنىڭ ياخشى كۆتەلمىگەنلىكىمدىن،
دەپ ئويلايتتى. دانىيال خوجا بولسا خۇدادىن شىپالىق تىلەپ
ئەتراپىدا ئولتۇرغان بالىلىرىنى: «مېڭىڭلار، بىرئاز ئۇخلاپ دەم
ئېلىپ كېلىڭلار. مېنىڭ ھالىمدىن بايان ئاغىچا خەۋەر
ئېلىۋاتقاندىكىن بولدى» دەپ چىقىرىۋېتەتتى. بايان ئاغىچا
دانىيال خوجا ئۇچۇن پىشۇرۇلغان تاماقلارنى، ھەتتا تېۋىپلار
بەرگەن دورىلارنى، ئۇسسۇلۇقلارنى شۇ پېتى بەرمەي، ئالدى
بىلەن ئۆزى تېتىپ، ئاندىن بېرەتتى. بىر قېتىم ياقۇپ خوجا:
«بۇ دورىلار سىلىگە زىيان قىلىپ قالمىسۇن، كىچىك ئانا»
دېگەندە، بايان ئاغىچا: «ماڭا زىيان قىلسا ئۇنىڭ كارايىتى
چاغلىق، ئاتىلىرىغا زىيان قىلسا بولمايدۇ» دېگەنىدى. ياقۇپ
خوجا ئاتىسى ئاغرىق ۋاقتىدا بىر ھەپتە دېگۈدەك يېنىدا
بولدى. لېكىن، بايان ئاغىچىنىڭ يا كېچىسى، يا كۈندۈزى
ئازراق بولسىمۇ كۆز ئىلغىنىنى كۆرمىدى. ئۆزى بولسا تەپسە
تۆمۈر ئۆزگۈدەك ئەر كىشى بولغىنىغا قارىماي، ئولتۇرغان
يېرىدە بىرنەچچە قېتىم ئۇخلاپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە
بايان ئاغىچا: «ياقۇپ خوجام، يول ئازابى دېگەن يامان نەرسە،
ئۆزۈن يولدىن كەلدىڭىز، ئاتىلىرىنىڭ يېنىدا مەن

بولغاندىكىن، مۇنۇ كاتقا چىقىپ جىنىدەك ئارام ئېلىۋېلىكچۇ؟ ھاردۇقلىرى چىقىپ تېتىكلىشىپ قالىسىز» دەپ تۇراتتى. بايان ئاغىچىنىڭ ئاغرىق ياتقان ئاتىسىنىڭ ئەتراپىدا سەدپارە بولۇپ، بىردەم بېشىنى، بىردەم پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇشى، پىشانىسىنى سىلىشى، ھېلىدىن ـ ھېلىغا «كىچىككىنە ئۇسسۇلۇق ئىچەمدىلا؟» ياكى «مۇنۇ غىزادىن يەنە بىر قوشۇق زورلاپ بولسىمۇ يەۋەتسىلە» دېيىشلىرى ياقۇپ خوجىنىڭ ئېسىگە ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئۆزىگە بولغان بەزى كۆيۈنۈشلىرىنى كەلتۈرەتتى. بىر قېتىم ئۇ قابادىكى چېغىدا تۇيۇقسىز بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ ئاغرىپ كەتتى. ھاراربتى ئۆرلەپ، بەدەنلىرى ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ، كالپۇكلىرى قورۇپ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇسسۇلۇق ئىچەتتى. ئۇ تۈن يېرىمىدا ئايشەم ئاغىچىنى ئويغىتىپ ئۇسسۇلۇق ئۇچۇن كىچىككىنە سۈت بېرىشنى سورىدى. شۇ چاغدا ئايشەم ئاغىچا: «ھازىرچە يانلىرىدىكى سۇنى ئىچىپ تۇرسىلا، بۇ قاراڭغۇ تۈندە قازناقتا قانداق چىقىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇر يېغىۋاتىدۇ ...» دەپ ئۇنىمىغانىدى.

ياقۇپ خوجا ئېسىدىن چىقارماي كېلىۋاتقان بۇ ۋەقەدىن ئايشەم ئاغىچىغا قارىغاندا بايان ئاغىچىنىڭ ئىنتايىن ۋاپادار، ئېرىگە سادىق ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەمدى بولسا: «رەھمەتلىك ئاتام ئۆزىگە جۈپ تاللاشتا يېڭىلمىگەنىكەن ـ دە. ۋاپادار ئاياللار توغرۇلۇق سۆزلەرنى خەقنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان، كىتابلاردىن ئوقۇغان بولسامۇ، لېكىن كۆرمىگەنىدىم. مۇنۇ ئانام شۇنداق ئاياللار جۈملىسىدىن ئىكەن ـ دە» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. شۇڭا، ئۇ ئىختىيارسىز بايان ئاغىچىنىڭ گېپىنى قوللاپ:

ـــ كىچىك ئانامنىڭ گەپلىرى توغرا، يۇسۇپ خوجام. بىز بۇ كىشى ئېيتقان سۆزلەرنى ئاتامنىڭ سۆزلىرى ئورنىدا ھېسابلاپ ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك، ـــ دېدى.

شۇ ئارىدا ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولغان غۇلاملارنىڭ بىرى

يۈسۈپ خوجىغا قاراپ:
— ئاغىچىنىڭ يۈكلىرىنى ئەكىرىۋېتەيلىمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ياقۇپ خوجا جاۋاب بەردى:
— دەرھال ئەكىرىڭلار، ئاندىن كېيىن نىسا بېگىم بىلەن مۇبارەك خېنىملارغا ئېيتىڭلار، ئۇلار كىچىك ئانامنىڭ ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەرسۇن. سىلى كىچىك ئانا ... — ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا هويلا تەرەپتىن ئابدۇللا باقاۋۇلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ياقۇپ خوجام بىلەن يۈسۈپ خوجاملار نەدە؟ داندار دورغا بىلەن موللا ئىبراھىم ئاكاملار كۈتۈپ قالدى.
— ئۇلار بايان ئاغىچىنىڭ ئۆيىدە، — دەپ جاۋاب بەردى بىرى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ياقۇپ خوجا:
— يۈرسىلە، كىچىك ئانا، يولۇچىلارغا ئاقيول تىلەپ دۇئا بەرسىلە ! — دېدى.
بايان ئاغىچا ھەرەم هويلىسىدىن چىقىپ يولغا چىقىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئادەملەرگە سەپەرنىڭ بىخەتەر بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن يۈسۈپ خوجا باشلىق غوجىزادىلەرنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، كېلىن ئاغىچىلارنى باغرىغا بېسىپ، نەۋرىلىرىنى ئانىلىق مېھرى بىلەن مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ خوشلاشتى.
بىرىنچى بولۇپ كېلىن ئاغىچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى ئولتۇرغان سايىۋەنلىك مەپىلەر، ئۇلارغا سوغدىشىپ يۈك - تاق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك قاچىلانغان ھارۋىلار ھەرەمخانىدىكىلەرنىڭ سىرتقا چىقىشى ئۈچۈن ياسالغان دەرۋازىلارغا قاراپ ماڭدى.
ياقۇپ خوجا، موللا ئىبراھىم هوشۇر، ئەدەن قېچىر ۋە غوجىزادىلەر پىيادە راۋاقكۆل ئارقىلىق دىۋانخانا تەرەپكە بۇرۇلدى. بۇ يەردە ئوردا ئەركانلىرى، يەكەندىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار، ئىشانلار بىلەن مولللار، غوجىزادىلەر

بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن توپ - توپ بولۇپ كۆتۈشۈپ تۇرۇشاتتى. ئوردا پېشايۋىنىنىڭ ئۈستىدىكى كۇرسىدا داندار دورغا ئابدۇقادىر مۆپتى ۋە نىياز بەگلەر بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. دەرۋازىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى ياغاچ كەرمىلەرگە باغلانغان ئېگەرلىك ئاتلار باشلىرىنى سىلكىپ، نوختىلىرىدىكى تۆمۈر ھالقىلارنى شىرىقلىتاتتى.

— قېنى، ئاتلارنى ئەكىرىڭلار، — دېدى داندار دورغا ياقۇپ خوجىلار كېلىشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە پېشايۋاندىن يەرگە چۈشتى. سىپاھلارنىڭ بىرى ئۈستىگە گىلەم خۇرجۇن ئارتىلغان ئاتنى ئەكەلدى - دە، دورغىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ مىندۈردى. شۇ چاغدا:

— قېنى، مۆپتى ھەزرەتلىرى، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى پەرمانقۇل ئىشان، — غوجىزادىلەرنىڭ سەپىرى بەختەر بولۇشى ئۈچۈن دۇئا بەرسىلە !

— ئامىن ! — ئابدۇقادىر مۆپتى ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېرىمىنى ئىچىدە، يېرىمىنى تېشىغا چىقىرىپ ئانچە ئۇزۇن ئەمەس بىر ئايەتنى ئوقۇدى - دە، ئاندىن كۆپچىلىك ئاڭلىغۇدەك ئاۋاز بىلەن، — يۈسۈپ خوجام باشلىق سەپەرگە ئاتلانغان غوجىزادىلەرنىڭ يولىنى ئاللاتائالا بىختەر قىلغاي ! قەشقەرىيەدىكى ھاكىملارنىڭ پېشۋاسى، شەرىئەتنىڭ دوستى، مەدھىيىلەشكە لايىق پەرزەنتلىرى، تولۇپ تاشقان دانىشمەنلىكىنىڭ چېكى يوق ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ مۇبارەك روھى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەي ! بۇ غوجىزادىلەر بارغان شەھەرلىرىدە قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتىدىغان شامنىڭ نۇرىغا ئوخشاش ئىسلامنىڭ نۇرىنى چاچقاي ! دانا تەدبىرلىرى بىلەن «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە مادارى بولغاي، ئاللاھۇئەكبەر ! — دەپ يۈزىنى سىيپىدى.

سەپەرچىلەر ئاتلىرىغا مىنىشىپ دەرۋازىدىن رىگىستانغا چىقىشتى. دەل شۇ چاغدا ئالدىدا كېتىۋاتقان داندار دورغا

ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپ ئارقىسىغا ياندى ۋە ياقۇپ خوجىنى چەتكە ئېلىپ:

— سىزگە ساغا نويانىنىڭ بىر ئامانەت سۆزى بار ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئىسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ، ھازىر يادىمغا كەلدى. ساغا نويان: «يۈسۈپ خوجا قەشقەرگە بارغاندا، خۇدايار ـ بەگكە ئىشىكئاغىلىق مەنسەپنى بەرسە. مۇشۇ سالىمىمنى ياقۇپ خوجامغا يەتكۈزۈپ قوي» دېگەنىدى، — دېدى.

— خوپ، — دېدى ياقۇپ خوجا بېشىنى لىڭشىتىپ.

داندار دورغا خاتىرجەم بولغاندەك ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قامچا سالدى، ياقۇپ خوجا بولسا يۈسۈپ خوجا تەرەپكە ماڭدى.

## ئالتىنچى باب

خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ياقۇپ خوجا ئىشىنى قەيەردىن، نېمىدىن، قانداق باشلاش كېرەكلىكى ھەققىدە باش قاتۇراتتى. ئۆتكەن ھەپتىدە دېۋانبېگى، ئابدۇللا باقاۋۇللار بىلەن ئىسمايىلخان زامانىدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ كەلگەن «توقىقۇزكەنت»نى ئارىلاپ كۆڭۈلى ھېچ نەرسىدىن سۇ ئىچمەي، پەرىشان ھالەتتە قايتىپ كەلدى. قايسى كەنتكە بارسۇن، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ـ مەئىشەتىنىڭ ناچارلىقىنى كۆردى. ماتا يەكتەكلىرىنىڭ پەش ۋە دۈمبىلىرىگە ياماق سېلىنغان، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن يالاڭ ئاياغ ئادەملەرگە، چوكراق بالىلىرىنى يېتىلەپ، كىچىكلىرىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ ئېتىز ـ ئېرىقلارغا كېتىۋاتقان ياكى كېلىۋاتقان، شاتاۋار كۆكلەكلىرىنىڭ يىرتىق يەرلىرىدىن قارايغان بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئاياللارغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن سۆزلىشىپمۇ كۆرگەنىدى. شۇ چاغدا خۇددى ئەپكەشتەك ئېگىلىپ، بېلى مۈكچەيگەن بىر ئادەم:

— ئاۋۋال ھەزرىتى ۋەلىيۇللا خوجامنىڭ، ئۇنىڭدىن قالسا

www.uyghurkitap.com

ھېدىل سوپىنىڭ دۇئايى بەرىكاتلىرى بىلەن قارنىمىز توق، ئۇستىمىز پۈتۈن ياشاۋاتىمىز، — دېگەنىدى.

يەنە بىر ئادەم:

— پىرنى رازى قىلىش — خۇدانى رازى قىلىش دېمەكتۇر. خوجام، ئىشقىلىپ، ئەۋلادى پەيغەمبەر بولغان خوجاملار رازى بولسا، بىزنىڭ تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىمىزنىڭ كارايىتى چاغلىق، — دېگەنىدى. يەنە بىرى سۆزلەپ:

— بۇ بىۋاپا دۇنيا بىزگە ئوخشاش مۆمىن بەندىلەر ئۈچۈن ئازاب تارتىشقا، باشقىلار ئۈچۈن راھەت ـ پاراغەت كۆرۈشكە يارىتىلغانىكەن، ھەر يىلى دېگۈدەك مۇنۇ قوشنا يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ئاشلىقلىرىغا، بېدىلىكلىرىگە جۇڭغار نۆكەرلىرى ئاتلىرىنى قويۇپ زار ـ زار قاقشىتىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرگە ئۇلارنىڭ بىرىمۇ، ھەتتا باشلىقلىرىمۇ ئېتىنى يېقىن يولاتمايدۇ. بۇنىڭ بائىسى شۇكى، بۇ يەرلەر ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ نەزىرى تەگكەن يەرلەردۇر، — دېگەنىدى.

ياقۇپ خوجا بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ كىرىپ كۆردى، ئادەتتىكى سوقما تام بىلەن ياسالغان پەنجىرىگە خوتەن قەغىزى چاپلانغان، تاملىرىنىڭ ئىچى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان پاكار ـ پاكار ئۆيلەر، ئۆي ئىچىدىكى بىساتلىرىمۇ چاغلىق. بەزى ئۆيلەرنىڭ سۇپىلىرىغا بورىيالار، بەزىلىرىگە ئۇ يەر ـ بۇ يېرى تېشىلگەن كىگىزلەر سېلىنغان. ئۇ بىر ئۆيگە كىرىپ ئۇسسۇلۇق سورىۋىدى، بالىسىنىڭمۇ ياكى ئۆزىنىڭمۇ، ئىشقىلىپ، بىر كونا كىيىمنى ياماپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياش بىر ئايال دەرھال ئاغزى بورىيا بىلەن يېپىلغان تەشتەكتىن قاپاق چۆمۈچتە سۇ ئەكەلدى.

— قېتىقلىرى يوقمىدى؟ — دەپ سورىدى باقاۋۇل ھويلىدا باغلاقلىق تۇرغان موزايىنى كۆرۈپ.

— بۇگۈن قېتىقىمىزنى ھېدىل سوپىلارغا بېرىدىغان كۈن

بولغاچقا، باللارنىڭ ئاتىسى شۇ ياققا ئەكەتكەنىدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

ياقۇپ خوجا باقاۋۇلغا قاراپ:

— ئۇ ھېدىل سوپى دېگەن كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ كىشى مۇشۇ كەنتتىكى دېھقانلارغا قارايدىغان ئادەم، — دەپ جاۋاب بەردى باقاۋۇل. بايىقى ئايال ئۆيىگە كەلگەن بۇ كىشىلەرگە قېتىق بېرەلمەي، سۇ بەرگىنىگە خىجىل بولدىمۇ:

— نانغا بولسىمۇ ئېغىز تېگىشسىلە، — دېدى ۋە دەرھال لەمپىگە ئېسىلغان تەڭنىدىن ئۈچ - تۆت دانە زاغرا ئېلىپ داستىخانغا قويدى.

ياقۇپ خوجا قورساقى توق بولسىمۇ، دىۋانبېگى بىلەن باقاۋۇلدىن بالدۇر قول سۇنۇپ زاغرىنى ئوشتۇپ، بىر پارچىنى ئاغزىغا سالدى. ئۇ قوناق ئۇنىدىن پىشۇرۇلغان ناننىڭ زاغرا دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى تالاي قېتىم ئاڭلىسىمۇ، لېكىن شۇ ياشقا كەلگۈچە يەپ كۆرمىگەنىدى. «بۇغداي ئۇنىدىن قىلىنغان نانغا قارىغاندا سەل يىرىكرەك بولسىمۇ، مەززىلىك ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. دىۋانبېگى بىلەن باقاۋۇل ياقۇپ خوجىنى باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن دەپ، زاغرا نانغا ئېغىز تەگدى.

— ئەمدى باياتىن سىلى دېگەن ھېدىل سوپىنىڭ ئۆيىگە بارايلى، — دېدى ياقۇپ خوجا.

ئۇلار ئەتراپىدا ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆسكەن، ئىشىك ئالدىدا بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ تۇرغان، ئەتراپى ئېگىز ۋە ئۇستىگە جىغان تۇتۇلغان تاملار بىلەن قورشالغان ئۆينىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. ھويلىدىكى ئۇزۇم بارىڭىنىڭ سايىسىدىكى بۇگلۈك①تە، ئولتۇرۇپ تە بىر قانچە چوڭ - كىچىك خالتىلارغا سېلىنغان ئۇششاق تاشلارنى ساناش ۋە

① بۇگلۈك — سۇپا ئورنىدا يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ كارىۋات.

خالتىدىن ـ خالتىغا يۆتكەش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان ئاق ساقال، شاپاق دوپپىلىق ئادەم «بۇلار كىمكىنە؟» دېگەندەك، هويلىغا كىرگەن ئادەملەرگە سەپسېلىپ ئۇزاقىچە قاراپ تۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھېبدۇل سوپى! — دېدى دىۋانبېگى، — كۆزلىرىگە ماي پۇتۇپ كەتكەنمۇ نېمە؟

— ھەي، دىۋانبېگىمۇ؟ — ھېبدۇل سوپى ياش باللاردەك ئىرغىپ تۇرۇپ بۇگلۇكتىن چۈشتى ـ دە، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

— ئابدۇللا باقاۋۇلنىغۇ تونۇيدىلا، مۇنۇ كىشى ھەزرىتى خوجامنىڭ ئوغلى ياقۇپ خوجام جانابلىرى بولىدۇ.

بۇ گەپ ھېبدۇل سوپىنى تېخىمۇ پايپېتەك قىلىۋەتتى.

— مۇبارەك قەدەملىرىگە ھەسانەت، ھۆرمەتلىك خوجام! — دېدى ھېبدۇل سوپى ھودۇقۇپ، — قېنى، مەرھەمەت، خانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلسىلا.

ياقۇپ خوجا پېشايۋانغا چىقتى. بۇ يەردىكى تۈۋرۈكلەرگە ئېسىلغان سۆزمە خالتىلاردىن ماكچايغان كونا داس، چىلەكلەرگە چىپىلداپ ئېقىۋاتقان سېرىق سۇلار چۈشۈپ تۇراتتى.

ھېبدۇل سوپىنىڭ ئۆيى ئانچە ياسداق بولمىسىمۇ، سالقىن ئىدى. يوغان پەنجىرىدىن چۈشۈۋاتقان يورۇقتا تامغا ئېسىقلىق تۇرغان قۇلۇلە سۆڭەكلىرى، ئۇستىخان ساپلىق ساپايىلار، ياغاچ قوزۇقتا ئىلىپ قويغان يېشىل پەرىجە بىلەن سېرىق كۆلالىق سەللە، ئىككى قوزۇقتا ئورنىتىلغان تاختاي ئۈستىدىكى تىزىقلىق تەشتەك، كومزەكلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— كەمىنە قۇللىرىنىڭ غېرىبانە كۆلبىسىگە مۇبارەك قەدەملىرى يەتكەندە، قۇشناچىنىڭ ئۆيدە يوق بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان ... — دېدى خىجالەت بولۇپ ھېبدۇل سوپى، ئاندىن دىۋانبېگى بىلەن باقاۋۇلغا قارىدى، — مەن غاچچىدە

قوشنىلارنىڭ بىرسىنى زەئىپىسى بىلەن باشلاپ كېلەي، قوتاندا سېمىزلىقىدىن قۇيرۇقى كۆكچە قوغۇندەك يېرىلىپ كەتكەن پاقلاندىن ئىككىسى بار ...

— ئاۋارە بولمىسىلا، بىز ھازىرلا قايتىمىز، — دېدى ياقۇپ خوجا، ئاندىن ھېدىل سوپىدىن بۇ كەنتتە نەچچە ئادەم بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ مەيدانى، چارۋا ـ ماللارنىڭ سانىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سوراپ ـ سۈرۈشتۈرۈپ بىرپەس ئولتۇرغاندىن كېيىن پاتىھە قىلدى ـ دە، ساھىبخانىنىڭ كانىدەك چاپلىشىپ خېرىدارلىق قىلغىنىغا قارىماي ئېتىغا مىندى ۋە كەلگەن يول بىلەن مېڭىپ ئوڭغا بۇرۇلغاندا:

— ھېدىل سوپىنىڭ تاشلارنى ساناپ ئولتۇرغىنىغا قارىغاندا بۇ ئادەم پال سالامدۇ؟ — دەپ سورىدى دېۋانبېگىدىن.

— يوقسۇ، بۇ سوپى ساۋاتسىز بولغىنى ئۈچۈن، ئادەملەر بىلەن بولغان ئالدى ـ بەردى ئىشلىرىنى ئاشۇ تاشلارنى ساناپ بىر خالتىدىن يەنە بىر خالتىغا يۆتكەش بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ.

— سوپىنىڭ ئۆيىدە ئېسىقلىق تۇرغان قۇلۇلە ئۇستىخانلىرى بىلەن ساپايىلارنى كۆرگەندەك قىلدىم. ئۇلارنى ئۆزى چالامدۇ ياكى بالىلىرىمۇ؟

— بۇ كىشىدە بالا يوق، تەخسىر. ئۇلارنى ئۆزى چالىدۇ. مەرھۇم ئاتىلىرى بۇ كىشىگە ئاشۇ يىل ئىرشاتنامە يېزىپ بېرىپ، بۇ يەردىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتۇشنى تاپشۇرغان. ھازىر بۇ ئادەم ھەپتىسىگە بىر ـ ئىككى نۆۋەت ئۆز تەۋەسىدىكى ئادەملەرگە تەلقىن قىلىپ زىكىر سوقۇشنى ئۆگىتىدۇ.

ئۇلار يان تەرەپتىكى دەرەخلىرى قارىيىپ كۆرۈنگەن كەنتكە قاراپ ماڭدى. لېكىن، بۇ يەرگە كېلىپ مەھەللە ئىچىدە يۈرگەن ئەركەك زاتىنى كۆرمىدى. ئابدۇللا باقاۋۇل ئىشىك ئالدىدا يىپ

ئېگىرىپ ئولتۇرغان بىر مومايدىن سورىدى.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى خانىقا تەرەپكە كېتىشكەن، — دېدى موماي، — ئۆزلىرىمۇ شۇ ياققا بېرىشسىلا، رەھمەتلىك دانىيال خوجامنىڭ تەختىگە ئۇ كىشىنىڭ ئوغلى ئولتۇرۇپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان كەنتىمىزنىڭ ئىشانى قازان قاينىتىۋاتىدۇ.

ياقۇپ خوجىلار ئاتلىرىنى دېۋىتىپ بىرئاز ماڭدى ـ دە، ئوڭغا بۇرۇلدى. كەنتنىڭ ھەممە ئادەملىرى يىغىلغان بۇ خانىقانىڭ ھويلىسىنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، چېپىشىپ، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ يۈرگەن ئۇششاق باللار بىر ئالغان، قوللىرىدا چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر خىل ھېجىر، ئاياق ۋە ياغاچ قوشۇقلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ، ئۇچىلىرى كۆڭلەكسىز بولسىمۇ، لېكىن قارىمۇتۇق چىرايلىرىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى. ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۇستى قومۇش بىلەن يېپىلغان لەمپىنىڭ ئاستىدا پەشتاما تارتىۋالغان بىرنەچچە ساقاللىق ئادەملەر يۈرقىراپ ھور چىقىۋاتقان قازانلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. ئوڭ تەرەپتىكى قېرى سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئەللىك ـ ئاتمىشتەك ئادەم چۆرگىلەپ ئولتۇرۇپ، ئىنچىكە ئۇزۇن ساقىلىنى سىلىكىپ سۆزلەۋاتقان يوغان سەللىلىك ئىشاننىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاۋاتاتتى.

— ھازىر بىز ئۇممەتلەرنىڭ بەختىگە، دىنىمىزنىڭ پاسىبانى بولۇپ، ھەزرىتى ياقۇپ خوجام خانلىق تەختىگە ئولتۇردى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئىشان، — ئۇل ھەززەتلىرى رەھمەتلىك ئاتىسىغا ئوخشاش بىزنىڭ ۋەلىيۇللا پىرىمىز ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتى بولغان ئۇلۇغ خوجىمىزدۇر. شۇڭا، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ھېسابلىغان ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ نىيەت ـ پىئىللىرىنى ئاشۇ ۋەلىيۇللا پىرىمىز ياقۇپ خوجامنىڭ نىيەت ـ پىئىللىرى بىلەن بىر

قىلماق ھەربىر تىنىق، ھەربىر قەدىمىدىكى خۇدالىق قەرزدۇر ۋە ئىككى ئالەملىك ۋەزىپىسىدۇر. ھەربىر قوۋم ۋە رەئىيەتنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ ئەزىز ۋەلىيۇللا پىرىمىز ياقۇپ خوجامنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويۇنتاۋلىق قىلسا، ئۇ كىشى ھەرگىز رازى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقايسىمىز توغرا نىيەتتە بولۇشىمىز لازىم. توغرا نىيەت ــ ۋەلىيۇللا پىرىمىز ياقۇپ خوجام بىلەن بىر نىيەتتە بولۇش دېمەكلىكتۇر ...

ئۇنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بىرنەچچە ئادەم ھويلىنىڭ ھاۋاسىنى تىترىتىپ تەلقىن ئېيتتى:

پىر رازى ــ خۇدا رازى،
مۇھەممەد مۇستاپا رازى.
يا ئاللاھۇم، يا ئاللاھۇم ! ...

※ ※ ※

ياقۇپ خوجا بىرنەچچە كۈن ئەتىدىن ـ كەچكىچە دىۋانخانىدا ئولتۇرۇپ دانىيال خوجىدىن قالغان مال ـ دۇنيا ھېسابى، خەزىنىگە توپلانغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى، جۇڭغارلارغا تۆلەيدىغان يىللىق خىراجىنىڭ يەكەن خانلىقىغا تېگىشلىك ئۈلۈشى، شۇنىڭدەك ئوردا ئىقتىسادىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارنىمۇ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى.

«ئاتام رەھمەتلىكمۇ خېلى دۇنيا ـ دەپىنە توپلىغانىكەن. مۇشۇلارنىڭ ئۆزىمۇ جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان خىراجغا ئىككى ـ ئۈچ يىلغىچە يەتسە كېرەك. ئەمدىكى يىللاردا خەلقتىن يىغىلىدىغان باج ـ سېلىقلار، ئۆشرە ـ زاكاتلار، ۋەخپىلەردىن چۈشىدىغان مەبلەغلەر جەملىنىدىغان بولسا، خانلىقىمىزنىڭ ئىقتىسادى ياخشىلىنىپ قالار. ئەمدىكى گەپ قەشقەر بىلەن ئەردەۋىل ۋە خوتەندىكى خانلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى

بىلىش لازىم. خۇنتەيجى غالدان سېرىن ئۆزلىرىگە بىۋاسىتە قارايدىغان قىلىپ قۇرۇۋالغان بۇ خانلىقلاردىكى قاياشلىرىمنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئىشنى نەدىن، قاچان باشلاشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ يۈرەمدىكىن؟ ئۇلاردىن يا نامە، يا چاپارمەن كەلمىدى...»

ئۇ مۇشۇنداق خىياللار ئىلكىدە تۇراتتى، ئابدۇللا باقاۋۇل كىرىپ كەلدى ـ دە:

— ئۆزلىرىنى سالىھ خەلپە كۈتۈپ تۇرغىنىغا خېلى بولدى، — دېدى.

— نېمىشقا دەرھال خەۋەر قىلماي، ساقلىتىپ قويدىلا؟ — دېدى ياقۇپ خوجا تەنبىھ بەرگەن ئەلپازدا، — رەسۇلۇللانىڭ: «ئالىملارغا يېقىنلىشىڭلار، ئۇلار بىلەن مۇلاھىزەت قىلىڭ. چۈنكى، بۇ تائىپىدىكى ئادەملەر پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ ۋارىسلىرىدۇر» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىماپتىكەنسىز ـ دە، — دېدى ـ دە، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك دىۋانخانىدىن چىقىپ، قوبۇلخانىغا كىردى.

سالىھ خەلپە خىيالغا چۆمگەندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى.

— ماڭا خەۋەر قىلماي سىلىنى ساقلىتىپ قويۇپتۇ، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى ياقۇپ خوجا سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، — باقاۋۇلغا بىرمۇنچە كايىدىم.

بۇ گەپلەردىن ياقۇپ خوجىنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلغانلىقىنى سەزگەن سالىھ خەلپە:

— ئۆزلىرىنى خەۋەردار قىلماي كەلگىنىمگە ئۆزرە سورايمەن، — دېدى، ئاندىن، — مەن كەلگەنگىمۇ ئانچە ئۇزاق بولغىنى يوق، — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى ـ دە، ـ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى زايە قىلىشنى خالىمايمەن، — دەپ سۆز باشلىدى، — كېيىنكى يىللاردا، جۇڭغارلار ئىستىلاسىغا دۇچار بولغاندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ مەرىپەت ئىشلىرى

يـوقـنـىڭ ئـورنـىدا بولـۇپ قـالدى. مـەرھـۇم دانـىيـال خـوجـام ھەزرەتلـىـرى (خۇدا ئۇ كـىشـىنـىڭ روھىنـى پـاك قىلـسۇن) مەدرىسىلەر خىراجىتى ئۈچـۈن ۋەخپىلـەرنىڭ دارامـىتـىدىن ئـاز ـ تولا بولسىمۇ مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرەتتـى. ئۇ كـىشـىنـىڭ كـۆزى يۇمۇلۇشى بىلەن مەبلەغمۇ توختىتىلدى. ھازىر مەدرىسىلەردىكى خـەلپەتلـەرنىڭ كۆپ كـەچۈرۈشى غورىگـىل ھـالـەتكە چۈشـۈپ قالدى. ئىككىنچىدىن، مەدرىسـىلەردە تالـىپلارغا ئـوقۇلۇۋاتقـان ئـىقلـىمـەت (جۇغراپىيە)، خەنـدەسە (گېئـومېتـىـرىيە)، تـارىـخ قاتارلىق ئـىلىمـلـەرمۇ ھەزرىـتى خوجام ۋاپـات قىلـىشى بىلـەن مەنئى قىلىندى. ئۆزلـىرىنى بۇ ئىشلاردىن ۋاقىپ قىلىش ۋە بۇ ھەقتىكى ئوي ـ پىكـىرلىرىـنى بىلـىش ئۈچۈن ھـۇزۇرلىرىغـا كەلگەندىم.

ئۇنىڭ كـۆڭلىدە يـاقۇپ خوجىـنى خەۋەردار قىـلىدىغـان ۋە ئـىچى پۇشـۇپ يۈرگەن ئـىشلار خېلـى نۇرغۇن ئـىدى. لېكـىن، ھازىرچـە يـۇقـىرىـدىكى ئـىـككى مەسـىلىنـى يـېتـەرلـىـك دەپ ھېسابلىدى. يـاقۇپ خوجا يـەكەنگە كـەلگەندىـن بېرى، يا ئـوردا ئەركانلىرى بىلەن، يا چوڭ ـ كىچىك باشقا ئەمەلدارلار بىلـەن بولغـان سۆھبەتلـىرىدە بـۇنداق گەپلـەرنى ھېچـقايسـىسـىنـىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىمىغانىدى.

ئۇلار يەكەندىكى ھەممە مەدرىسـىلەرنـىڭ ئىشلـىرى جايـىدا، مۇدەررىسـلەر بىلـەن خەلپەتـلەر ئىلـمىي تالـىپلارنـىڭ دىلىنـى ئىسلام بىلەن يورۇتماقتا. تالىپلار بولسـا خۇددى چۆلدە يـۈرۈپ چاڭقىغان ئادەملەرگە ئوخشاش ئىلىم ـ بىلـىم شەربەتـلىرىنـى سۈمۈرمەكتە. ھەتتا بـەزى مۇدەررىسلـەردە رەھمەتلـىك دانىيـال خوجامنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن «ئىشقىيە»چىلەرنىڭمۇ بـالىلىـرى تەھسىل قىلماقتا، دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى.

ياقۇپ خوجا سالىھ خەلپىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكـە ئالدىرىماي:

— سىلى ئىشلەيدىغان مەدرىسىدە «ئىشقىيە»چى ئادەملەرنىڭ

پەرزەنتلىرىمۇ ئوقۇمدۇ؟ — دەپ سورىدى. سالىھ خەلپە هودۇقۇپ قالدى. ئۇنداق بولغىنى ئۇ ئۆزى ساۋاق بېرىدىغان مەدرىسىدىكى بالىلاردىن بىرنەچچىسى مۇشۇ يېقىندىلا ئاتىلىرى «ئىشقىيە» سۇلۇكىدە بولغىنى ئۈچۈن مەدرىسىدىن چىقىرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا «ئىسهاقىيە» سۇلۇكىدىكى ئادەملەرنىڭ بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

— بۇ ھەقتە بىرنەرسە دېيىشىم قىيىن، تەخسىر، — مۇجمەل جاۋاب بەردى ئۇ.

— نېمىشقا؟ ماڭا ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، يەكەندىكى مەدرىسلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان بالىلارنى ئاتىلىرىنىڭ قايسى سۇلۇكتە بولغىنىغا قارىماي ئوقۇتۇۋاتقانغا ئوخشايدۇغۇ.

— شۇنداق، لېكىن ...

— تارتىنمىسىلا، ئىلىم - مەرىپەت ھەققىدە سۆزلەشكەندە، مېنىڭ مەنسىپىمنى ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىلىم ئەھلىنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىسىلا.

بۇ گەپتىن سالىھ خەلپە رىغبەتلىنىپ قالدى بولغاي:

— لېكىن، دېگىنىمنىڭ بائىسى بۇرۇنلاردا شۇنداق ئىدى. ئەمما، ھازىر ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ۋە ئۆزى ساۋاق بېرىۋاتقان مەدرىسىدە يۈز بەرگەن ئەھۋالنى، مۇشۇ يېقىندا بىرنەچچە زېرەك ۋە تىرىشچان بالىلارنى «بۇلارنىڭ ئاتىسى «ئىشقىيە» سۇلۇكىدە ئىكەن» دەپ، مەدرىسىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— شۇنداق دېسىلە، — ياقۇپ خوجا ئاۋازىنى سوزۇپ خېلىغىچە دىمى چۈشۈپ كەتكەندەك تۇرۇپ قالدى ۋە، — سىلىچە قانداق ئويلايدىلىكىن، ئىلىم - مەرىپەت دېگىنىمىز، خەلقىنىڭ ئىستىقبالىدۇر. مەن شۇنداق ئويلايمەن. بۇنىڭغا ئېتىبار بەرمەسلىك قاراڭغۇ ئۆيدە يىپ ئېگىرىپ، خام توقۇغاندەك ياكى خوجىلىق ئىشلىرىنىڭ ھېسابىنى ئۇششاق

تاشلارنى ساناش بىلەن ئېلىپ بارغاندەك بىر ئىش، — دېدى توققۇز كەنتتىكى ھېدىل سوپىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — قەدەم تەشرىپلىرىدىن ئىنتايىن مەمنۇنمەن، ئاللا نېسىپ قىلسا، مەدرىسە ـ مەكتەپلەرنى پات يېقىندا زىيارەت قىلىمەن. ئۇلارنىڭ خىراجەت مەسىلىسى، ئوقۇتىدىغان ساۋاقلىرى ھەققىدە سىلىگە ئوخشاش خەلپە ـ مۇدەررىسلەر بىلەن مەشۋەرەت[1] قىلىپ، ھەل قىلارمىز.

شۇ ئارىدا ئوتتۇرا بوي، ئورۇققىنا بىر غۇلام پەتنۇس بىلەن چاي كۆتۈرۈپ كىردى.

— ھەرقانداق پادىشاھ ياكى خانلىقنىڭ ئەقىل ـ كۈچلىرى، مېنىڭچە، ئالىملار بىلەن بىلىملىك ئادەملەردۇر، — دېدى ياقۇپ خوجا قولىدىكى پىيالىنى خەلپىگە سۇنۇپ، — ھەزرىتى ئەمىر تۆمۈر كوراگانمۇ، ھەزرىتى ھۈسەيىن بايقارامۇ ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى ئوقۇمۇشلۇق، پازىل ۋە ئەللامە ئادەملەر بىلەن بار مەسلىھەت ۋە شۇلارغا يۆلىنىپ ئېلىپ بارغان. شۇنداققۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، شۇنداق ! — قۇۋۋەتلىدى سالىھ خەلپە.

— ئاللا نېسىپ قىلسا، بىزمۇ شۇلارغا ئوخشاش ئۆز خانلىقىمىزدا ئىلىم ـ مەرىپەت چىراغلىرىنى يېقىشقا تىرىشىمىز. زىراكى، بۇ مۇددىئانى دەرھال ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھازىرچە ئىمكانىيىتى يوق، — ياقۇپ خوجا ئېغىر تىنىپ قويدى ـ دە، — بىز ھازىر ئۆز ئىشىمىزدىن مەھرۇم قىلىنغان ئادەملەرمىز. خەزىنىمىزگە بىر چاقا (تىيىن) چۈشسە، شۇنىڭ يېرىمىنى جۇڭغارلارغا بېرىشكە مەجبۇرمىز. بۇ ھال يەنە قانچە زامان داۋام قىلىدۇ، ئۇنى بىلمەيمىز. لېكىن، ھازىرچە بىر ئىلاج قىلىپ خەلقىمىزنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنى يولغا قويالىساق، كۆتكەن مەنزىلگە بىر قەدەم بولسىمۇ چامدىغان

[1] مەشۋەرەت — مەسلىھەتلەشمەك، كېڭەشمەك.

www.uyghurkitap.com

بولىمىز، — ئۇ نۇرغۇن سۆزلەپ كەتتىممۇ دېگەندەك گېپىنى توختىتىپ، سالىھ خەلپىنىڭ چىنىسىگە يەنە چاي قۇيدى — دە، گېپىنىڭ ماۋزۇسىنى يۆتكىدى، — ئۆزلىرى قايسى مەدرىسىدە تەھسىل قىلىۋاتىدىلا؟

— قەشقەردىكى «ساقىيە» مەدرىسىسىدە.

— بالىچاقىلىرى بارمۇ؟

— ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىم بار.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە يەنە بىرپەس پاراڭلىشىپ ئولتۇردى...

※ ※ ※

بۇ كۈنلەردە ئوردا ئەركانلىرىمۇ ئۆز پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتكەنىدى. ئۇلار دانىيال خوجا قەشقەرىيەگە خان بولۇپ كەلگەندە، بۇ ئادەمنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيىنى كۆتۈرۈپ، «قارا تاغلىق» (ئىسھاقىيەچى) خوجىلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە ۋە «ئاق تاغلىق» (ئىشقىيەچى)لاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن قانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسا، ياقۇپ خوجا خان بولۇشى بىلەن يەنە شۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

يەكەندىكى مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇيدىغان جامائەت ئابدۇقادىر مۇپتى، غازى بەگ باشلىق ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئاغزىدىن ياقۇپ خوجىنى «قۇتبىل ئەقتاب»①، «ۋەلىيۇللا پىر»، «جاھان خوجا» دەپ ماختىغان تەرىپاتلارنى ئاڭلاشقا باشلىدى. ئۇلار ياقۇپ خوجىنىڭ يەكەن تەختىدە ئولتۇرۇشىنى ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە قىلغان شاپائىتى، يەكەن دىيارىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا ۋە ئەزىزانلار بىلەن مەرھۇم دانىيال خوجىنىڭ روھى قوللىغانلىقى دەپ چۈشەندۈرەتتى. شەھەرلىك خانىقالاردا بولسا مىڭلىغان سوپى ـ دەرۋىشلەر بىلەن شەھەر

① قۇتبىل ئەقتاب — ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، مىڭ يىلدا بىر قېتىم دۇنياغا كېلىدىغان كاتتا ئەۋلىيا دېگەن مەنىدە.

يوقسۇللىرىغا ئۇنلىغان قويلار، كالىلار ۋە قوتازلار سويۇلۇپ، ئاش ـ تاماق تارتىلاتتى.

بۇ قېتىم بۇ ئىشلارغا خەجلەنگەن مەبلەغنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوردا ئەركانلىرىنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئىشىكئاغا نىياز بەگ ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى يۇمۇق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئالىقانلىرى ئېچىلىپ كەتتى. «خان بالامنىڭ ھۆرمىتىگە ھېچ نەرسىنى ئايىمايمەن» دەپ، خانىقالارغا يىگىرمە قوي، ئىككى كالا بەردى. ئوردا ئەركانلىرى ئۇنىڭ بۇ سېخىيلىقىنى ئەرەب ئەپسانىلىرىدە تەڭدىشى يوق مەرد كىشى ئاتالغان ھاتەم تايىغا ئوخشىتىپ ماختاپ قويۇشتى. ئەمما، ئۇلار نىياز بەگنىڭ بۇ «سېخىيلىقى ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە» دېگەنگە ئوخشاش ياقۇپ خوجىغا ئەرز ـ دادى بار ئادەملەرنىڭ ئۆز مۇشكۇلىنى ئاسانلاشتۇرۇش ياكى بەزى ئىشلارنى پۈتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن بەرگەن سوۋغا ـ سالاملىرى ھېسابىغا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، بىلسىمۇ بىلمەسكە سالاتتى.

شۇنىڭدەك پەرمانقۇل ئىشانىنىڭمۇ ئىشلىرى ئالدىراش بولدى. ئۇ يەكەندىكى خانىقالارنىڭ ئىشانلىرى بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا تۈرلۈك ئەمر ـ پەرمان ۋە تاپشۇرۇقلارنى بېرىپ تۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئابدۇقادىر مۇپتى، غازى بەگلەرنىڭ يوليورۇقى دەپ چۈشەندۈردى، ھەتتا بەزى ئىشانلارغا ئۆزىنى ياقۇپ خوجىنىڭ ئىشەنچلىك يېقىن ئادىمى سۈپىتىدە كۆرسىتىش ياكى شۇنداق تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن «بۇ ۋەلىيۇللا خوجامنىڭ تاپشۇرۇقى» دەپمۇ قوياتتى.

دانىيال خوجىنىڭ ۋاقتىدا پۈتۈن قەشقەرىيە بىلەن ئىلى ۋادىسىدىمۇ تىكتىڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سوپى ـ دەرۋىشلەرنى باشقۇرۇپ كەلگەن بۇ ئىشان ھازىر ياقۇپ خوجىنىڭ قانداق يول تۇتۇشىنى، يوليورۇق بېرىشىنى كۈتمەي، قول ئاستىدىكى بارلىق تىكتىڭچىلىرىنى — سوپى ـ دەرۋىش

ۋە مەدداھلىرىنى ئىشقا سېلىشۋەتتى.

يەكەننىڭ بازار ـ گۇزەرلىرى، چايخانا ـ ئاشخانىلىرى ۋە باشقا ئادەملەر توپلىنىشىدىغان يەرلەردە مەدداھلارنىڭ ئاۋازلىرى ياڭرايتتى.

— تەڭرى تائالاغا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، ئەي، ئەھلى مۇسۇلمانلار! — سۆز باشلايتتى بىر مەدداھ، — خۇدايىتائالا مۆمىنلەرنىڭ غېمىنى قىلىدىغان، خىزمىتىنى قەدىرلەيدىغان ئۇلۇغ ۋەلىيۇللا پىر ياقۇپ خوجامنى بىزگە ئاتا قىلدى. بىز مۇشۇ ئۇلۇغ زات بىلەن بىر زاماندا ياشاۋاتقىنىمىز ئۈچۈن شادىمان بولۇشىمىز كېرەك. ئەي، پانىي دۇنيانىڭ ئادەملىرى! ئاللاتائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى چوڭ بىر بېلىقنىڭ قارنىدا قىرىق كۈن ساقلىغان بولسا، بىزنىڭ ئۇلۇغ پىرىمىز ياقۇپ خوجامنى جۇڭغارلارنىڭ قولىدا يىگىرمە نەچچە يىل ساقلاپ، مۇسۇلمانلار قوۋمىغا قايتۇرۇپ بەردى. بۇ ئاللاتائالانىڭ بىزگە كۆرسەتكەن مۆجىزىسى ئەمەسمۇ؟

يەنە بىر جايدىكى مەدداھ بولسا، مىسىر پادىشاھى رويانىنىڭ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئون ئىككى يىل تۇتقۇن قىلىپ زىندانغا سالغانلىقىنى جۇڭغار خۇنتەيجىلىرىنىڭ ياقۇپ خوجامنى يىگىرمە نەچچە يىل گۆرۈدە تۇتقانلىقى بىلەن تەققاسلاپ، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى يۈزىگە سۈركىگەن، رەڭگى كېچىدەك قارا زەڭگىلەر (ھەبەشلەر)نىڭ يۈزلىرى ئاقىرىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ھەزرىتى ياقۇپ خوجامنىڭ مۇبارەك قوللىرى پېشانىسىگە تەگكەن مۆمىن بەندىلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت بولىدۇ. ئۇ دۇنياغا بارغاندا ھەزرىتى خوجاملار بىلەن بېھىشتا، بىر قاچىدا كەۋسەر سۈيى ئىچىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ، ئاخىرىنى «ھەزرىتى ياقۇپ خوجام يىگىنگە ئوخشاش ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ لىباسىنى تىكىدۇ، ئەمما ئۆزى يالىڭاچ، ئۇ ئادەم بەئەينى شامغا ئوخشاش بىزنىڭ ماڭار يولىمىزنى

يورۇتىدۇ، ئەمما ئۆزى كۆيۈپ تۈگەيدۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تۈگىتەتتى.
مەدداھلارنىڭ بۇ خىل تەشۋىق ۋە تەرىپاتلىرىغا ھەمنەپەس بولۇپ، مەسچىتلەرنىڭ خۇتبىلىرىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئېيتىلىپ تۇرىدىغان بۇنداق سۆزلەر يەكەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى مۇستەھكەملەپ، پېشۋالىرىغا بولغان ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئاشۇراتتى. بولۇپمۇ، «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىگە سادىق سوپى - دەرۋىشلەرنى ئەسەبىي ھالەتكە كەلتۈرەتتى. ئۇلار خانىقا - تۈنەكخانىلاردا، مازارلاردا كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ، بەزىلىرى ھوشىدىن كەتكۈچە ساماغا چۈشۈپ تەلقىن قىلاتتى، زىكىر سوقاتتى. ئۆزلىرىنى بۇ دۇنيانىڭ ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن ھېسابلاپ، ھەق دىدارىغا يېتىش ئۈچۈن بەل باغلىغان سوپا - دەرۋىشلەر بۇنداق رىيازەت چېكىشنى بەخت - سائادەت ھېسابلايتتى.
پەرمانقۇل ئىشان شەھەر - يېزىلاردا تۇرۇۋاتقان تىگىتىگچىلىرىدىن (ئۇنىڭ تىگىتىگچىلىرى سوپى - دەرۋىشلەر، ياماقچى - موزدۇزلار بىلەن ئىمام - مەزىنلەر ئارىسىدىمۇ بار ئىدى) كەلتۈرگەن مەلۇماتلارنىڭ قايسىسىنى بالدۇر، قايسىسىنى كېيىن ياقۇپ خوجىغا يەتكۈزۈشنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ ياقۇپ خوجىنى خېلىدىن بېرى زىيارەت قىلىش نىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى تەكلىپ قىلىشنى كۈتۈپ يۈرەتتى. قېرىشقاندەك، ياقۇپ خوجا تەختكە ئولتۇرغىنىغا خېلى بولسىمۇ، تېخىچە پەرمانقۇل ئىشان بىلەن سۆزلەشمىگەنىدى...
بۇلاردىن باشقا، ئوردا ئەركانلىرى «سۆھبەت ئادەملەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ» دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، ھەر ھەپتىنىڭ بىر كۈنى زىياپەت بېرىشنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ زىياپەتنى ئابدۇقادىر مۇپتى باشلاپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار داۋاملاشتۇردى. زىياپەتلەردە بولىدىغان گەپ - سۆزلەر ئاساسەن رەھمەتلىك دانىيال خوجىنىڭ ئاپاق خوجا دەۋرىدە تارتقان ئازاب -

ئوقۇبەتلىرى، «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىگە كىرگەن ئادەملەرنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر قىسمەتلەر، شۇنىڭدەك دانىيال خوجا تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنى راۋاجلاندۇرۇپ ئاپاق خوجا زامانىدا ئىمانى سۇسلىشىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ قاراڭغۇ دىلىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتقانلىقى ھەققىدە بولاتتى.

— رەھمەتلىك خوجام يار ـ بۇرادەرلىرىگە تولىمۇ ۋاپادار، مېھرى ـ مۇھەببىتىنىڭ چېكى يوق ئادەم ئىدى، — دەپ ئەسكە ئالاتتى مۇپتى، — مەۋلانە ھەزرەت ۋاپات قىلغاندا، ئۇ مەرھۇمنى دەپنە قىلىش جەريانىدا سەرپلەنگەن بارلىق خىراجەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالغانىدى.

— يالغۇز ئۇلا ئەمەس، — دەپ قوشۇمچە قىلاتتى نىياز بەگ، — ھېلىقى ھىدايىتۇللا ئىشانغا قىرىق يىل مۇرىت بولغان سامساق سوپى دېگەن ئادەم ئۆلۈپ قالغاندا، ئۇنى «ئىشقىيە»چى دېمەي، جىنازا نامىزىنى ئۆزى ئوقۇغان ئەمەسمىدى.

— توغرا دەيدىلا، — دېدى غازى بەگ، — ئۇ «ئىشقىيە»چى سوپى دانىيال خوجامنىڭ يېقىن يارەنلىرىدىن بولغان ھېلىقى ئەدەنباي دېگەن تۆججارنىڭ ئاتىسى ئىكەن ئەمەسمۇ.

— ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ سەئىدلەر①نىڭ مازارلىرىنى ھەج ئورنىدا تاۋاپ قىلىش نىيىتىدە ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ ھىجرەتكە (سەپەرگە) چىقىشىنى تەشەببۇس قىلغىنىنىڭ ئۆزى دىنىي ئىسلامنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قىلىنغان مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىدۇر، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى پەرمانقۇل ئىشان، — پېقىر دانىيال خوجامنىڭ تەكلىپى بىلەن خوتەن تەۋەسىدىكى ئىمام جەئفەرى سادىق②، ئىمامى جەئفەر تەيران،

① سەئىدلەر — پەيغەمبەر ئەۋلادى.

② جەئفەرى سادىق — ئىمامىيەن مەزھىپىدىكى ئون ئىككى ئىمامنىڭ بىرى.

ئىمام زەبىھۇللا، ئەردەۋىل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان «كورمىش سەيدىل مۇسلىمىن»① دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك مازارلارغا بەزىدە بىر، بەزىدە بىر يۈز بىر نەپەر مۇرىت - مۇخلىسلار بىلەن زىيارەتتە بولدۇم ...

— بۇنداق سەپەرلەرگە چىققان مۇرىت - مۇخلىسلارنىڭ سەپەر خىراجىتى، يېمەك - ئىچمىكى ۋە يولدا كېرەكلىك ئۇلاغلىرىنى ئاتام رەھمەتلىك ئۆز زىممىسىگە ئالاتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— يوقسۇ، بىزگە ئوخشاش ئىشانلار بىلەن مۇرىتلار خوجامنىڭ مەبلىغىدىن ھەرگىز تەمە قىلمايتتۇق. ھىجرەت سەپەرلىرىگە كېتىدىغان ھەممە خىراجەتنى شۇ ئۇلۇغ مازارلارنى تاۋاپ قىلىشقا بارالمىغان پۇقرالار ئۆز زىممىسىگە ئالاتتى.

تۇنۇگۇن غازى بەگنىڭ ئۆيىدە بولغان زىياپەتتىكى ئاساسىي گەپ ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا) دەۋرىدە ھاكىمىيەت ئۈستىدە ئولتۇرغان «ئىشقىيە»چى خوجىلارنىڭ «ئىسھاقىيە» خوجىلىرىنىڭ بېشىغا سالغان ئېغىر قىسمەتلىرى توغرۇلۇق بولدى.

— ئېسىمدە قېلىشىچە، ھىدايىتۇللا ئىشان يەكەننى ئىشغال قىلغاندا، — دەپ سۆز باشلىدى ئابدۇقادىر مۇپتى، — بۇ يەردىكى چوڭ ئەرбابلىرىمىزدىن سەكسەن بىر نەپەر كىشىنى قەتل قىلغان. ئۇنى ئاز دەپ جۇڭغار لەشكەرلىرى ئارقىلىق ئالتۇنلۇقتىكى مەسچىتتە جۈمە نامىزى ئوقۇۋاتقان مىڭدىن ئارتۇق ئەھلى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرگەن، ئازنا مەسچىتكە ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى مەدرىسىگە ئوت قويۇپ، ئىلمىي تالىپلار ياتىدىغان ئۈچ يۈز ئاتمىش ئېغىز ھۇجرىنى كۆيدۈرۈپ

① بۇ ئادەممۇ ئاتەشپەرەسلەر بىلەن غازات قىلىپ شېھىت بولغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

تاشلىغان.

— مۇپتى ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزىگە شۇنى قوشۇمچە قىلايلى، — دېدى غازى بەگ، — شۇ يىلىنىڭ كۈزىدە يېڭىسار، گۇما، قاغىلىق، قەشقەر، مەكىت قاتارلىق بىرنەچچە شەھەر، ناھىيەلەردە ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆز غەلىبىسىنى نىشانلاش ئۈچۈن «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان خوجىلاردىن تۆت يۈز نەپەردىن ئارتۇق ئادەمنى «قارا مۇسۇلمان» دەپ ئۆلتۈرگەن. بىر مىڭ ئۈچ يۈزدەك «قارا تاغلىق»لارنىڭ ئۆي - جايىغا ئوت قويۇپ، ئۆزلىرىنى چۆل - جەزىرىلەرگە بەدەرغە قىلىپ، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان. كېيىن ئېنىقلىنىشىچە، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ شۇ يىلى ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقىدا ئون سەككىز تۈمەن ئادەم ئەجەل شەربىتىنى ئىچكەن.

— ئون سەككىز تۈمەن دەمدىلا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— شۇنداق، بۇلارنىڭ سىرتىدا «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ يېزا - كەنتلەردە ئېلىپ بارغان غازاباتلىرىدا قولغا چۈشكەن بىر مىڭ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق «قارا تاغلىق» لارنى «بالا قۇم»، «قۇشقۇسار»، «ئاقتالاپ»، «بوزقۇم» دېگەنگە ئوخشاش يەرلەرگە ئاپىرىپ، چالما - كېسەك، يەنى تاش بوران قىلىپ ئۆلتۈرگەنلىكى كېيىن مەلۇم بولدى.

— مەن شۇ يىلى قەشقەردە ئىدىم، — دەپ سۆزگە قوشۇلدى ھوشۇر قازى، — ئاپاق خوجا پازىل - ئۆلىمالارنى، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنى، ئەدىب - تىلماچلارنى دارغا ئېسىپ، بەزىلىرىنى بەدەرغە قىلدى. «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەپتىيەكتىن باشقا كىتابلارنى كوچا - كوچىلاردا مەشئەل يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئاپاق خوجا سۇلۇكىدىكى «ئاق تاغلىق»لار بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، سەئىدىيە خانلىرىنىڭ زامانىدىن تارتىپ خەلقنىڭ ئادىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئون ئىككى

زاتقا ھۆرمەت ۋە ئېتىبار قىلىشنى مەنئى قىلغانىدى.

— بۇ ئۇن خىل زات دېگەنلىرى كىملەر؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— بۇلار ئاتا ـ ئانا، ئۇستاز، ئالىم، تېۋىپ، ئەدلە سىپاھ، پاسىبان، ھۈنەرۋەن، دىلناۋاكەش (شائىر، يازغۇچى، سازەندە، غەزەلچى ۋە ئارتىسلار)، نەققاش، مېمار، ئويمىكار (ھەيكەلتىراش)لاردۇر. خەلقىنىڭ ئەقلىي يېتەكچىلىرى بولغان بۇ ئادەملەرنى «كۇپۇرلۇق قىلغۇچىلار»، «دەھرىيلەر» دېگەندەك گۇناھلار بىلەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى دارغا ئاستى، بەزىلىرىنى پىچىۋېتىپ «تۇۋا» قىلدۇردى ۋە بەزىلىرىنى ئىلى تەرەپكە — جۇڭغارلارنىڭ ئىختىيارىغا سوۋغا قىلىۋەتتى.

— گەپلىرىگە قارىغاندا، — سۆزگە ئارىلاشتى نىياز بەگ ئاپاق خوجىنىڭ بەزىبىر ئىشلىرىدىن ئۆزىنىڭمۇ خەۋەردارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ، — ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ ئاز كەم دېگەندە يىگىرمە يىل ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرىدە مەرھۇم ئىسمايىلخان زامانىدىن تارتىپ قەشقەرىيەدە ساقلىنىپ كەلگەن بىر مىڭ ئالتە يۈز توقسان ئورۇندىكى مەكتەپ، بەش يۈز يەتمىش ئۈچ مەدرىسە، تۆت يۈز ئوتتۇز سەككىز ھاممام كۆيدۈرۈلۈپ تاشلانغانىكەن. شۇنىڭدەك، «ئىسھاقىيە» سۇلۇكى بويىچە دىنىي ئىسلامغا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ توققۇز يۈز قىرىق سەككىز خانىقاسى «ئاق خانىقا»غا ئۆزگەرتىلىپ، يېڭىدىن بەش مىڭ سەككىز يۈز ئاق خانىقا بەرپا قىلىنىپتۇ. پۈتۈن ۋەخپە ۋە دىنىي ھۆكۈملەرنى شۇ خانىقالارنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋەتكەنىكەن.

ياقۇپ خوجا بۇ چاغلاردا كىچىك بالا بولغىنى ئۈچۈن ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ گەپلەرنى قىزىقىپ ئاڭلىدى، ھەتتا بەزى يەرلەردە سوئال قويۇپ تۇردى. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان مىرشەپبېگى:

— ئۇ چاغلاردا ئاپاق خوجا باشلىق «ئاق تاغلىق»

خوجىلاردىن تارتقان دەردىمىزنى تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى سىياھ، تەكلىماكاندىكى توغراقلارنى قەلەم، دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنى قەغەز قىلىپ يازساقمۇ تۈگىمەيدۇ، — دېگىنىچە سۆزلەپ كەتتى، — پېقىرنىڭ خەۋەردار زاتلاردىن سۈرۈشتە قىلىپ ئېنىقلىشىمچە، ئاپاق خوجا بىر يۈز قىرىق جايدا ھەپسە (زىندان) قۇرغانىكەن. شۇ ھەپسىلەردە «قارا تاغلىق»، «ئىسيانچى»، «جەدىت»، «ئۆز پىرىغا ئاسىيلىق قىلغان» دېگەنگە ئوخشاش بەتناملار بىلەن ياتقان ئادەملەرنىڭ سانى بىر تۈمەندىن ئاشىدىكەن. ئاپاق خوجا بۇ ھەپسىلەردىكى ئادەملەرنى «خۇدالىق تۆت يول»نى ياساشقا ئەۋەتكەنىكەن.

— «خۇدالىق تۆت يول» دېگەنلىرى قايسى يوللار ئىكەن؟

— بۇلار قاغىلىق ـ ئارساڭ، لاداق ئارىلىقىدىكى ئوتتۇز ئالتە ئۆتەڭلىك تاغ ـ ئارت يولى. ئىككىنچىسى، خوتەن ـ قۇمبەل ئارىلىقىدىكى ئوتتۇز سەككىز ئۆتەڭلىك جىن ـ چىغىر، يەنى خوتەن ـ ھىندىستان يولى. ئۈچىنچىسى، ئەردەۋىل بىلەن ئىلى ئارىلىقىدىكى ئون سەككىز ئۆتەڭلىك مۇز داۋان ـ شوتا يولى (بۇ يول «قازا يولى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). تۆتىنچىسى، قەشقەر ـ نارىن ئارىلىقىدىكى كارۋان يولى، — دېدى مىرشەپبېگى سۆزىنى يەنە داۋام قىلىپ، — ئاپاق خوجا يەنە شۇنداق «گۇناھكار» دەپ ئەيىبلەنگەن ئادەملەردىن بىر مىڭ قىرىق بىر ئادەمنى تاللاپ، بىر مىڭ قىرىق بىر ئات بىلەن، ھەربىر ئاتقا بەش چارەكتىن كۈجىدان (بۇغداي، گۈرۈچ ۋە تېرىق)، يۈز جىڭ ئېغىرلىقتا گەزمال (ماتا ـ چەكمەن)، بىر قاپتىن كىشمىش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئارتىپ، كارۋان سىياقى يۈز جۇڭغارنىڭ قورۇقچىلىقىدا تىبەتتىكى دالاي V (بۇددالا گۈلۈڭ) ئوردىسىغا خۇشامەت قىلىپ سوۋغا ئەۋەتكەن. بۇ ئادەملەر ئون بەش كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ «مىڭگەبىر» داۋىنىغا ئۇلاشقاندا، ئۇلارنىڭ قىرىق نەپىرىلا تىرىك قالغان، قالغانلىرى يۈكنىڭ ئېغىرلىقى، قورساقنىڭ ئاچلىقى،

ئاياغلىرىنىڭ يالاڭلىقى، ماغدۇرسىزلىقى دەستىدىن جۇدۇن – چاپقۇنلاردا توڭلاپ ئۆلگەن.

— يەنە شۇ نەرسىنى قوشۇپ قويايلى، — دېدى پەرمانقۇل ئىشان، — ئاپاق خوجا: «پىر دېگەن پەيغەمبەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى پەيغەمبەرنىڭ ئۇممەتلىرىگە ئوخشاش، پەيغەمبەرگە قانداق ۋەھيي كەلگەن بولسا، پىرغىمۇ (ماڭىمۇ) شۇنداق ۋەھيي كېلىدۇ. پەيغەمبەر بىلەن پىرنىڭ مەرتىۋىسى ئوخشاش. مەن مۇرىتلىرىمنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ ھەممە ئۆلۈكنى تىرىل دېسەم، ھازىرلا تىرىلىدۇ...» دەپ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلغان. ئۇ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان قەسەم خائىنىدۇر، — ئۇ بىرپەس تۇرۇۋېلىپ، ئاپاق خوجىنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن شۇ چاغدىكى «قارا تاغلىق»لارنىڭ پېشۋاسى شۇئەيب خوجىغا «قەشقەرىيەنى بىللە سورايلى» دەپ خەت يېزىپ، ئۇ ئادەم بالىچاقا ۋە بىر قىسىم يارەنلىرى بىلەن يەكەن تەۋەسىگە كەلگەندە، ئۇلارنى دەريا بويىغا مۆكتۈرۈپ قويغان تۆت يۈز نەپەر سوپى - دەرۋىشلىرى ئارقىلىق ئۆلتۈرگۈزۈپ، دەرياغا تاشلاتقۇزغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، — ئاپاق خوجا يەكەن تەختىگە ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇچ ھاكىمى مۇھەممەد ئىمىنخانغا كۈچى يەتمەي، ئۇ كىشىگە: «ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ دىيارىمىزنىڭ ئالىي خانى ئۆزلىرى بولغاي، قان تۆكمەك جايىز ئەمەستۇر» دەپ نامە ئەۋەتىپ، كۈيۈ ئوغۇل بولۇش تەمەسىنى بىلدۈرىدۇ. مۇھەممەد ئىمىنخان ئۇنىڭ قەسىمىگە ئىشىنىپ ئۆزىگە كۈيۈ ئوغۇل قىلىدۇ. ئارىدىن يىگىرمە جۇمەلىك ۋاقىت ئۆتۈپ، يىگىرمە بىرىنچى جۇمە كېچىسى ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك پىچاقچى مۇرىتلىرىنى بۇيرۇپ، مۇھەممەد ئىمىنخاننى ئون توققۇز مۇلازىمى، ئۇچ پەرزەنتى ۋە ئىككى مېھمىنى بىلەن قوشۇپ بوغۇزلاپ ئۆلتۈرىدۇ. كەينىدىن ئۆيىگە ئوت قويۇپ كۈل قىلىۋېتىدۇ...

ئوردا ئەركانلىرى ئاپاق خوجا تەرىپىدىن قىلىنغان زۇلۇم ۋە جىنايەتلەردىن يەنە قايىسىنى ئۇنتۇپ قالدۇق دېگەندەك، بۇنىڭدىن قىرىق ـ ئەللىك يىل ئىلگىرى قەشقەرىيەدە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى يادىغا كەلتۈرەتتى.

ياقۇپ خوجا بولسا، بىر ئۇرۇقتىن تارتىلغان ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىنىڭ نەقەدەر ئېچىنىشلىق، نەقەدەر ئۆچمەنلىك بىلەن تولۇپ تاشقانلىقىنى ۋە ئۇلار ئالغا سۈرگەن سۇلۇك ـ مەزھەپلەر مىليونلىغان ئاددىي پۇقرالارنى ئىككى قاشقا بۆلۈپ، پاراكەندىچىلىككە مۇپتىلا قىلغانلىقىنى ئويلايتتى.

## يەتتىنچى باب

ئابدۇللا باقاۋۇل دانىيال خوجا بىلەن خىراج تۆلەش ئۈچۈن ئىلىغا بارغان چاغلىرىدا ياقۇپ خوجىنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن، سۆزلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن دانىيال خوجا خۇنتەيجى چىۋاڭ رابداننىڭ تويى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭغار ئوردىسىغا سوۋغا ـ سالاملارنى ئەكەلگەندە، گۇلبادام باشلىق ئۈچ چوكاننى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشتا ياقۇپ خوجىنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرلىرىگە قايىل بولۇپ، «مانا بۇ خوجامنى ھەقىقىي خوجا دېسە بولىدىكەن» دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىدە ياقۇپ خوجىغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولۇپ، ئۇنى يەنە بىر كۆرۈشنى، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمدى ئەمەلگە ئاشقانىدى. ئۇ دانىيال خوجىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشتىن باشلاپ تا بۈگۈنگە قەدەر ھەر كۈنى دېگۇدەك ياقۇپ خوجا بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇلاقاتتا بولۇپ تۇراتتى. ياقۇپ خوجا خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوردىدا ئىشلەيدىغان باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك ئالاقە قىلاتتى. ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە: «ئابدۇللام،

ئەته بىرنەچچە مەدرىسىلەرگە بېرىپ زىيارەت قىلىش نىيىتىم بار، ئەتىگەنرەك كېلەرلا، سىلىگە ئۆگىنىپ قاپتىمەن. دىۋانبېگىنىڭ ئىشى جىقتەك تۇرىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا، ياقۇپ خوجا بۈگۈن ئەتىگەن ئوردىغا كېلىپلا ئاتلارنى تەييارلاشنى تاپشۇردى.

دانىيال خوجىنىڭ ئوردىسىدا شۇنچە يىل ئىشلىسىمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ مەدرىسىلەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىنى بىلمەيدىغان ئابدۇللا باقاۋۇل «بۇ خوجام ئاتىسى رەھمەتلىكنىڭ يادىغا كەلمىگەن ئىشلارنى قىلىدىكەن - دە» دېگەن ئوي بىلەن ئاتخانا تەرەپكە ماڭدى. چىللە ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكىنى ئۈچۈنمۇ ھاۋا سالقىن ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ياقۇپ خوجا ئۈچىسىغا يېنىك قارا پەشمەت، بېشىغا سەرپۈش تۇماق كىيىۋالغانىدى.

ئۇلار ئېگەرلىگەن ئاتلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئوردا دەرۋازىسىدىن دىۋانبېگى بىلەن خەزىنىچىبەگلەر كىرىپ كەلدى - دە، سەللىسىز ۋە شاھانە تونسىز، يېنىغا ھېچقانداق مۇھاپىزەتچى سىپاھلارنى ئالماي، بىر ياقىقا بارماق بولغان ياقۇپ خوجىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى ۋە ئابدۇللا باقاۋۇلدىن:

— نەگە؟ نېمىشقا مۇھاپىزەتچى سىپاھلارنى ئالمىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— مەدرىسىلەرنىڭ بىرىگە بارىدىكەنمىز، — دېدى ئابدۇللا باقاۋۇل، — «مۇھاپىزەتچىلەرنى ئېلىۋالايلى» دېسەم، خوجام: «ئۇلارنى ئاۋارە قىلمىسىلا، ئۇلار بىزنى ئۆزىمىزنىڭ خەلقىدىن مۇھاپىزەت قىلامدۇ؟» دەپ ئۇنىمىدى.

شۇ ئارىدا ئېتىغا مىنىپ ئۈلگۈرگەن ياقۇپ خوجا دىۋانبېگى بىلەن خەزىنىچىبەگكە قاراپ:

— تۈنۈگۈنكى ئىشنى مەن قايتىپ كەلگۈچە تۈگىتىڭلار، بىز پېشىندىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز، — دېدى - دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىلكىپ دەرۋازىدىن چىقتى.

ئۇلار شەھەر ئىچىگە ئاپىرىدىغان دەرەخسىز كوچىلار بىلەن

مېڭىپ، كاۋاپ بىلەن ئىسسىق ناننىڭ پۇرىقى ھاۋانى قاپلىغان كىچىككىنە بىر بازارغا كەلدى. بۇ يەردە ئۆز تىرىكچىلىكىنىڭ غېمى بىلەن يۈرگەن ئادەملەرنىڭ، بويىنغا ئېسىۋالغان مەسە ـ كالاچلىرىنى ماختاپ يۈرگەن كاسىپلارنىڭ، لاخشىگىر ـ كەپكۈرلىرىنى جاراڭلاتقان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ، تونۇردىن يېڭىلا سويۇۋالغان نانلىرىنى داڭلىغان ناۋايلارنىڭ، ئېشەكلەرگە ئارتىپ، ھارۋىلارغا بېسىۋالغان ئوتۇنلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن خېرىدار چاقىرىپ ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىشقان ئوتۇنچىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى؛ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تىلتۇمار بىلەن كۆز مونچاقلارنى سېتىپ يۈرگەن پەرەنجىلىك مومايلارمۇ ئۇچراپ قالاتتى. سامان بېسىۋالغان ھارۋىلارنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە مەيدانغا ئولىشىۋالغان بىر توپ ئادەم چاڭگا ساقاللىق بىر مەدداھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

ياقۇپ خوجا ئاتتىن چۈشۈپ مەدداھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى، لېكىن ئۆزىنى كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە بىرى بولمىسا بىرى تونۇپ قېلىپ، گەپ پەيدا بولۇشتىن ئېھتىيات قىلدى ـ دە، «مىرزا ھەيدەر» مەدرىسىسى تەرەپكە ماڭدى. مىرزا ئابابەكرى① تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ مەدرىسىنىڭ (بەزى تارىخي مەنبەلەردە بۇ مەدرىسە — «مەدرىسەئى ئىلمات» — جاھان مەدرىسىسى دەپمۇ ئاتالغان) مۇنارىسى ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، ئوتتۇز چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەكەن دەرياسىنى كۆرگىلى بولاتتى. يەكەندىكى ھەيدەرباغ، جاھانباغ دېگەن چوڭ يېزىلار مۇشۇ مەدرىسىنىڭ ۋەخپىلىرى ئىدى.

ياقۇپ خوجا بۇ مەدرىسىنىڭ تەرىپاتلىرىنى كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپلا بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر چاغدا

---

① مىرزا ئابابەكرى — 1480 ـ يىلىدىن 1514 ـ يىلىغىچە قەشقەرىيەنىڭ خانى بولغان.

سالىھ خەلپە بىلەن بولغان سۆھبەتتە تېخىمۇ تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولغانىدى. ئۇلار ئاتلىرىنى دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخلەرگە باغلاپ، مەدرىسىنىڭ ھويلىسىغا كىردى ــ دە، ھويلىنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە غۇژمەك بولۇپ ئولتۇرۇشقان، ئۆرە تۇرۇشقان بىرەر يۈزدەك ئادەمنى كۆردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياش يىگىتلەر بولۇپ، مۇشۇ مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەددى ــ قامىتى كېلىشكەن، چاڭگا ساقال، ئاق يەكتەكنىڭ ئۈستىدىن پوتا باغلىۋالغان بىر ئادەم مەدداھلىق قىلىۋاتاتتى.

ــ يۇرسىلە، ئابدۇللام، ــ دېدى ياقۇپ خوجا، ــ مەدداھلار توغرۇلۇق كىتابلاردا يېزىلغان تەرىپلارنى ئوقۇغانىدىم. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ، ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغانىدىم.

ــ بىزنىڭ شەھەردە نېمە تولا، مەدداھ تولا، ــ دېدى باقاۋۇل، ــ بۇلارنىڭ گەپلىرى، يەنى ئېيتىدىغان رىۋايەتلىرى تولىمۇ قىزىق. ئاز ــ تولا لاپمۇ ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

ــ ئەلۋەتتە، خەلقنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن سىلى دېگەندەك ئاز ــ تولا لاپ ۋە مۇبالىغىدىنمۇ پايدىلىنىش كېرەك ــ دە.

ئۇلار ئاشۇنداق پاراڭلار بىلەن مەدداھنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئادەملەرنىڭ قېشىغا باردى.

ــ ھەرقايسىلىرىغا ئەمدى بايان قىلىدىغىنىم، ــ دەپ سۆزلەۋاتاتتى چاڭگا ساقال مەدداھ، ــ جۇڭغارلارنىڭ خۇنتەيجىسىدىن ھەزرىتى ياقۇپ خوجامنى يەكەن خانلىقىغا بەلگىلەپ يارلىق چاكارلانغاندىن كېيىن ئابدۇقادىر مۇپتى جانابلىرىغا شۇ نەرسە ئايان بوپتۇكى، ئۇ كىشى بارات كېچىسى تەۋەججۇھ[1] قىلىپ ئولتۇرغانىكەن. ئىچىگە ئالتۇندىن ياسالغان تەختلەر ئورنىتىلغان ئالىي ئىمارەتكە كىرىپتۇ. بۇ تەختلەردىن قۇياش نۇرىدىنمۇ كۈچلۈك شولىلار تارقىلىدىكەن، قارىسا، بىر

[1] تەۋەججۇھ ــ يۈزلىنىش، قارىماق.

شاھ سۇپا ئۈستىدىكى تەختتە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ مۇبارەك جامالىدىن تارقىلىۋاتقان نۇرنىڭ ئالدىدا قۇياشنىڭ نۇرى زەررىچىلىك بىلىنمەيدىكەن، ئالدىدىكى ئىككى ئالتۇن تەختنىڭ بىرىدە لىباسسىز بىر كىشى؛ ئىككىنچىسىدە، ئۈستىگە قىزىل لىباس كىيگەن بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ. بۇلار ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۇسەنلەر (ھەزرىتى ئەلىنىڭ باللىرى) ئىكەن. يەنە شۇنداق تەختلەرنىڭ تۆتىدە تۆت چاريا ئولتۇرغانمىش. ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئېدىتى يوق ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار قورشىۋالغانمىش. ئۇ ئالىي ئىمارەتكە پەيغەمبىرىمىزدىن تارتىپ بۇنداق ئالىي زاتلارنىڭ جەم بولۇشىدىكى سەۋەب ئىسلام دۇنياسىدىن بىر قۇتبىل ئەقتاب دارىلباقىيغا رەھلەت قىلغانىكەن ـ دە. شۇ كىشىنىڭ ئورنىغا بىر كىشىنى تەيىن قىلماق ئىكەن. دەل شۇ چاغدا ئىككى ئادەم قولتۇقىدىن تۇتۇپ ھەزرىتى جاھان خوجامنى (ياقۇپ خوجىنى) رەسۇلىللانىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. جاھان خوجام تەۋازۇ بىلەن سالام بېرىپتۇ. سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام: «كېلىڭ پەرزەنتىم» دەپ، پېشانىسىگە بوسە قىلىپ: «سىزنىڭ ئىستىپداتىڭىز ھەممىدىن بەلەندۇر. بۇ مەنسەپ ئەلاغا سىز لايىقدۇرسىز» دەپ، قۇتبىل ئەقتابلىق لىباسىنى كىيدۇرۇپتۇ. ئۇ يەرگە يىغىلغان ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ھەممىسى جاھان خوجامنى مۇبارەكباد قىلىشىپتۇ. ھەزرىتى جاھان خوجام ئەرز قىلىپ: «يا رەسۇلىللا، بۇ مەنسەپ بىسيار ئۇلۇغدۇر، پېقىردە بۇنداق ئىقتىدار يوقتۇر» دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي، پەرزەنت، ئۇل خۇدانىڭ خاھىشىدۇر. ھەممىمىز سىزگە مەدەتكاردۇرمىز» دەپتۇ ... شۇ سائەتتە ھەزرىتى ئابدۇقادىر مۇپتى ئۆزىگە كېلىپ، كۆزىنى ئاچسا قىبلە تامانغا قاراپ ئولتۇرغانىكەن...

ياقۇپ خوجا بېشىنى ئىرغىتقىنىچە ئېغىر تىنىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى. مەدداھنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قالغان

باقاۋۇل ئۇنى بايقىماي تۇرىۋەردى.

— بىزنىڭ بۇ خوجىمىز، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى مەدداھ، — ئەنە شۇنداق ئاللاتائالانىڭ خاھىشى، رەسۇلۇللانىڭ ئۆزى مەدەتكار بولغان ئۇلۇغ خوجىدۇر. بۇ زاتنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش ھەربىر مۆمىن مۇسۇلمانىنىڭ بوينىدىكى پەرزدۇر...

باقاۋۇلنىڭ دىققىتىنى ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋاز بۆلۈۋەتتى. ئۇ دەرھال ئۆپچۆرىسىگە قاراپ ياقۇپ خوجىنى كۆرەلمىدى. شۇ چاغدا:

— مەن بۇ يەردە، — دېدى ئۇ دەرۋازىنىڭ قېشىغا كېلىپ.

باقاۋۇل شۇ چاغدىلا ئېتىغا مىنىپ، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ياقۇپ خوجىنى كۆردى ۋە:

— سىلىنىڭ كەتكەنلىرىنى تۇيماي قاپتىمەن، — دېدى خىجالەت بولۇپ.

ئۇلار مەدرىسە ھويلىسىغا كىرگەندە، ھېچكىم دىققەت قىلمىغانىدى. ھويلىدىن چىقىپ كەتكەندىمۇ شۇنداق بولدى.

— مەدرىسىگە كىرمىدىلىغۇ؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولغان باقاۋۇل.

— يالتىيىپ قالدىم، — قىسقىلا جاۋاب بەردى ياقۇپ خوجا ۋە بىرەر مىنۇتتەك جىم ماڭغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن بۇنىڭدىن ئۈچ ئەسىردەك مۇقەددەم ھىرات شەھىرىدە ياشىغان ھۈسەيىن ۋايىز كاشىپى دېگەن ئادەمنىڭ «فوتوۋەتنامە سۇلتانى» دېگەن بىر كىتابىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇغانىدىم. شۇ كىتابتا مەدداھلارنىڭ نەچچە خىل بولىدىغانلىقى يېزىلغان، يەنى بىرىنچى خىلى، شائىر تەرىپىدىن پۈتۈلگەن غەزەللەرنى ئىپادىلىك ئوقۇپ، ئاڭلىغۇچىلارغا زوق بېغىشلايدۇ؛ ئىككىنچى خىلى، نەسرىي ئەسەرلەرنى، قىسسىلەر بىلەن داستانلارنى يادلىۋېلىپ خەلقلەرگە سۆزلەپ بېرىدۇ؛ ئۈچىنچى خىلى، نەزم بىلەن نەسرنى ئارىلاشتۇرۇپ بايان

قىلىدۇ. بۇ خىل مەدداھلار «سۆز ئۇستىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمدى بۇلاردىن باشقا يەنە بىر خىل مەدداھلار بار. بۇ تائىپىدىكىلەر ھەر خىل غەزەل ۋە رىۋايەتلەرنى يادلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا راست ـ يالغاننى قوشۇپ بازار ـ گۇزەرلەردە سۆزلەپ نان يېغىدۇ. بۇلار مەدداھلىقنى ــــ تىلەمچىلىك دەپ چۈشىنىدىغانلار جۈملىسىگە كىرىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر يېزىلغانىدى. بايىقى چاڭگا ساقال ئادەم شۇنداقلارنىڭ تائىپىسىگە كىرىدىكەن.

ياقۇپ خوجا ئېتىنىڭ بېشىنى سولغا بۇراپ ئازراق ماڭدى ـ دە، ئوڭ تەرەپتىكى كوچىغا كىردى.

ــــ بۇ تەرەپتە مەدرىسە يوققۇ، خوجام؟ ــــ دېدى باقاۋۇل.

ــــ بىلىمەن، مىرشەپخانا مۇشۇ كوچىدىغۇ دەيمەن.

ــــ شۇنداق، تەخسىر.

ــــ مەدرىسىنى زىيارەت قىلغاندىكىن، مىرشەپخانىنىمۇ زىيارەت قىلايلى ـ دە. بۇ يەرگە كېلىشىمۇ خېلىدىن بېرى ئويۇمدا بار ئىدى.

ــــ تولا ئوبدان، خوجام، ــــ دېدى باقاۋۇل ئازراق ماڭغاندىن كېيىنلا ئېتىنى توختىتىپ، ــــ مانا مىرشەپخانا مۇشۇ ھويلىدا.

※ ※ ※

بۇ چاغدا مىرشەپخانىنىڭ يەردىن كۆتۈرۈپ ياسىغان ئېگىز بىر ئۆيىدە مىرشەپبېگى بىلەن پەرمانقۇل ئىشان خېلىدىن بېرى سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. مىرشەپبېگى ئۆز قارىمىقىدىكى ھەپسىلەرنىڭ «گۇناھكار»لار بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنى بۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇشقا قارىغاندا، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەشنىڭ قىيىن بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتاتتى. پەرمانقۇل ئىشان بولسا قەشقەرىيە، يەكەندىن باشقا شەھەرلەردە

«قارا تاغلىق»لارنى يامانلايدىغان پىتنە - ئىغۋالارنىڭ تارقىلىشقا باشلىغانلىقىنى، بۇنداق ئىغۋاگەرلەرنىڭ قەشقەر بىلەن مەكىتتە كۆپرەك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئىككى دەپتەرنىڭ سەھىپىسى توشۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ:

— ئەگەر دانىيال خوجام جانابلىرى ھايات بولغان بولسا، بۇ خىل تەپرىقىچىلەرنىڭ جازاسىنى ئاللىقاچان بېرىپ بىر تەرەپ قىلاتتى. ياقۇپ خوجام جانابلىرىنىڭمۇ تەختتە ئولتۇرغىنىغا خېلى بولۇپ قالدى. شۇ چاغقىچە بىرەر قېتىممۇ ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ، مۇلاقاتتا بولمىدى. مەرھۇم دانىيال خوجام، ئۆزلىرىنىڭمۇ خەۋەرلىرى بار، ھەر ئون كۈندە بىر ھۇزۇرىغا چاقىرىپ سۆھبەتلىشەتتى. قەشقەرىيەدىكى خەلقلەرنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى، — دېدى.

— دانىيال خوجام دېگەن كۆپنى كۆرگەن، ئەل باشقۇرۇپ بېشى پىشقان ئادەم ئىدى - دە. ياقۇپ خوجام خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان بىلەن تېخى تەجرىبىسىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە يىگىرمە نەچچە يىل جوڭغارلار قولىدا گۆرۈدە تۇرغاچقا، ئەل ئىشلىرىنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى ئانچە بىلىپ كەتمىسە كېرەك. بولمىسا سىلى بىلەن بىز قىلىۋاتقان ئىشلار خانلىقنى مۇستەھكەملەشتە، ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشتا كەم بولمايدىغان مۇھىم ئىشلاردۇر، — دېدى مىرشەيپېگى.

— بۇ دېگەنلىرىمۇ دۇرۇس، — ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى پەرمانقۇل ئىشان، — قايسى كۈنى غازى بەگنىڭ ئۆيىدە بولغان زىياپەتتە ئاپاق خوجىنىڭ قىلمىشى توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ گەپ - سۆزلەرنى قىلىشتۇق. بولۇپمۇ سىلىنىڭ شۇ چاغدا «ئاق تاغلىق»لارنىڭ ھەپسىلىرى ۋە ئۇلاردا ياتقان ئادەملەرنىڭ پاجىئەلىك قىسمەتلىرى ھەققىدە ئېيتقان گەپلىرىنى ياقۇپ خوجام تولىمۇ قىزىقىپ ئاڭلىغانىدى.

— يېڭىسارلىقلارنىڭ بىر گېپى بار، ئىشان جانابلىرى:

«پىچاق يېڭى بولغىنى بىلەن ھەممىلا نەرسىنى كېسىۋەرمەيدۇ، بىسى قايرىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ پىچاقنى بىلەي سۈركەپ تۇرۇش لازىم. شۇ چاغدىلا ئۇ پىچاق ھەممىنى كېسىدۇ» دەيدىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىزنىڭ ھەربىر زىياپەتتە ئېيتقان سۆزلىرىمىز ياقۇپ خوجامغا بىلەيدەك تەسىر قىلسا، ئەينى مۇددىئا بولاتتى.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي!

— ئاندىن كېيىن ئىشان ھەزرەتلىرى، ئاشۇ يىلى ھەپسىگە ئېلىنغان ئون بىر ئادەمنىڭ قەشقەردىكى تۇججار تۇغقانلىرى كېلىپ شۇ كىشىلەرنى ھەپسىدىن ئازاد قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ بەدىلىگە بېرىدىغان نەرسىلەرنى دېگەنىدى. ئۇ چاغدا دانىيال خوجام ۋاپات قىلىپ، ھەممىمىز ھازىدار ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تۇججارلارنىڭ بېرىدىغان بەدىلىنى ئاز كۆرگەنىدىم. ھازىر شۇ ئىشنىڭ پۇرسىتى كەلگەندەك تۇرىدۇ. ياقۇپ خوجامغا زىياپەت بېرىمەن دەپ (ئۇ ئۆزىنى قوشۇشنى ئەپسىز دەپ) مۇپتى ھەزرەتلىرىمۇ، سىلىمۇ بىرمۇنچە چىقىمدار بولدۇڭلار...

— بولدى، گەپلىرىنى چۈشەندىم. ماڭا شۇ تۇججارلارنىڭ تۇرار جايى بىلەن ئىسىملىرىنى يېزىپ بەرسىلە، بۇ ئىشنى ھەپتە - ئون كۈن ئىچىدە پۈتكۈزۈپ بېرىمەن، — دېدى جانلىنىپ كەتكەن پەرمانقۇل ئىشان، — مېنىڭ زىياپەت ئۈچۈن چىقىمدار بولغىنىم چاغلىق. مېنى قوشمىسىلا، مەن سىلىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا باشقا ھاجەت بىلەن كەلدىم. ماڭا شۇنى ھەل قىلىپ بەرسىلە بىشىم كۆككە يەتكەن بولاتتى.

— سىلىنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقىش مېنىڭ ئەينى مۇددىئايىمدۇر، تەخسىر.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىشان خۇشاللىقىدىن:

— بارىكاللا، مىرشەيپېگىم، بارىكاللا! — دەۋەتتى - دە، پەرىجىسىنىڭ ئىچكى يانچۇقىدىن ئون سەككىز ئادەمنىڭ

ئىسمى يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى ئىلىپ مىرشەپبېگگە سۇندى، ـــ بۇ قەغەزگە ئىسمى پۈتۈلگەن ئادەملەرنىڭ ئاتىلىرى ماڭا قول بەرگەن مۇرىتلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەپسىدە ياتقىنىغا ئالدى ـ كەينىگە بىر يىلدەك بوپتۇ. ئاللا يولىدىكى ساۋاب ئۈچۈن، شۇ كىشىلەرنى ئازادلىققا مۇشەررەپ قىلسىلا، ھاتەم تايدىنمۇ ئارتۇق سېخىيلىق قىلغان بولاتتىلە.

«مۇنۇ ئىشانىنىڭ مەككارلىقىنى قارا؟ ـــ دەپ ئويلىدى مىرشەپبېگى، ـــ بۇ ئۇن سەككىز ئادەمنىڭ ئاتايۇتاغىلىرىدىن ئاز بولغاندا يىگىرمە كالا ئالغاندۇ ھەرقاچان!...»

ئۇ شۇنداق ئويغا كەلسىمۇ:

ـــ بولىدۇ، ئىشان ھەزرەتلىرى، ـــ دېدى، ـــ مەن بۇ ئۇن سەككىز ئادەمنى باياتىن مەن دېگەن «ئاق تاغلىق»لار بىلەن بىر كۈندە ھەپسىدىن چىقىرىشقا ۋەدە بېرەي.

ـــ ئاندىن كېيىن مىرشەپ جانابلىرى، مېنىڭدە ياقۇپ خوجام تەختكە چىققاندىن بېرى ئۇ كىشىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىغۋا قىلىپ يۈرگەن بىرنەچچە ئادەملەرنىڭ تىزىمى بار. ھەپسىدىن بوشىغان ئورۇنلارنى شۇ ئىغۋاگەرلەر بىلەن تولدۇرسىلا، ياقۇپ خوجامنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ، كۆلگە چۈشكەن تاشتەك ئورناپ قالاتتىلە.

بۇ گەپتىن خۇشال بولغان مىرشەپبېگى:

ـــ سىلى بىلەن بىز بىر سۇلۇكتىكى ئادەملەر بولغاچقا، ئۆزلىرىدەك دانا پىرلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىمىز ـ دە، ـــ دېدى.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى نەق مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مىرشەپخانىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ بىرى ئىشىكنى رۇخسەتسىزلا ئېچىپ كىردى ـ دە، ھودۇققان ھالدا:

ـــ جانابىي مىرشەپبېگىم، ياقۇپ خوجام ھەزرەتلىرى كەلدى ! ـــ دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن مىرشەپبېگى، پەرمانقۇل ئىشانلار

خەۋەر يەتكۈزگەن خىزمەتچىدىنمۇ بەتتەر ھودۇقۇپ كەتتى.

«بۇ نېمە ئىش؟» دەپ ئويلىدى ئىشان. «نېمىشقا خەۋەر قىلماي كەلگەندۇ؟» دەپ ئويلىدى مىرشەپبېگى. ئۇلار ياقۇپ خوجىنىڭ تۇيۇقسىزلا مىرشەپخانىدا پەيدا بولغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، خېلىغىچە تۇرۇپ قېلىشتى. چۈنكى، دانىيال خوجا خان بولغان يىللاردا بۇنداق ئەھۋال زادىلا بولمىغانىدى. ئۇ ئادەم قايسى مەھكىمىگە بارماق بولسا، بىر كۈن بۇرۇن خەۋەر قىلىپ، ئاندىن كېلەتتى. شۇ ئارىلىقتا مەھكىمە خىزمەتچىلىرى تەييارلىق كۆرۈپ، ھويلا ـ ئارامىلارنى تازىلىتاتتى. خوجامنىڭ ھۆرمىتىگە داستىخان تەييارلاپ، ماڭىدىغان يوللارغا پاياندازلارنى سالاتتى. بۈگۈن ياقۇپ خوجىنىڭ تۇيۇقسىزلا كېلىشى مىرشەپبېگىگە كۈن ئوچۇق چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك تەسىر قىلىپ، مەڭدىتىپ قويدى.

ئاڭغىچە ئۇلارنىڭ قېشىغا ياقۇپ خوجا بىلەن باقاۋۇل ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ مىرشەپخانىنىڭ بىرقانچە خىزمەتچىلىرى كىرىپ كەلدى.

مىرشەپبېگى بىلەن پەرمانقۇل ئىشان بېشىغا زەرلىك يېشىل سەللىسىنى، ئۇچىسىغا كالاۋاتۇن پەرىجىسىنى كىيمەي، بېشىغا سەرپۇش تۇماق، ئۇچىسىغا پەشلىرى تىزىنىڭ يۇقىرىسىغا كېلىدىغان قارا پەشمەت كىيىۋالغان ياقۇپ خوجىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى ۋە ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇپ:

— كەلسىلە، جانابىي ئالىيلىرى، ھەزرەتلىرى، — دېدى قول قوۋۇشتۇرۇپ.

ئۇلارنىڭ رەڭگىرويىدىكى ھودۇقۇشنى ئۆزىنىڭ تۇيۇقسىز كەلگەنلىكىدىن دەپ چۈشەنگەن ياقۇپ خوجا:

— مۇشۇ كوچىغا يولۇم چۈشۈپ قېلىۋىدى، ئابدۇللام مىرشەپخانىنى موشۇ ھويلىدا دېگەچكە، ھەربىرلىرىنى زىيارەت قىلىپ ئۆتۈشنى خالىدىم، — دېدى.

— تولا ئوبدان بوپتۇ.

— قەدەملىرىگە ھەسەنات! — دېيىشتى ئۇلار.
بىرپەستىن كېيىن كىرگەن ئادەملەر چىقىپ كېتىپ، ئۆيدە ياقۇپ خوجا بىلەن ئابدۇللا باقاۋۇل ۋە مىرشەپبېگى بىلەن پەرمانقۇل ئىشان تۆتىلا قالدى.
— سىلىنى زىيارەت قىلىشىمنىڭ بائىسى، — دېدى ياقۇپ خوجا بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، — ماڭا ئەتىدىن قالدۇرماي ئۆزلىرىگە قاراشلىق ھەپسە - زىندانلاردا ياتقان مەھبۇسلارنىڭ رويخېتىنى تەييارلاپ بەرسىلە دېمەكچىدىم.
ھېچبىر كۈتۈلمىگەن، ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمىگەن بۇ تەلەپ مىرشەپبېگىنى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇپ قويىدى.
— سىلىنى كۆرگىنىممۇ ياخشى بولدى، — دېدى ياقۇپ خوجا پەرمانقۇل ئىشانغا قاراپ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزلىرى بىلەن مۇلاقاتتا بولۇشنىڭ پۇرسىتىنى تاپالماي يۈرەتتىم، مۇبادا ۋاقىتلىرى يار بەرسە، دىگەر نامىزىدىن كېيىن ئوردىغا قەدەم تەشرىپ قىلسىلا، خۇشال بولاتتىم.
— مېنىڭ ھەم شۇنداق ئۈمىدىم بار ئىدى، ئەلۋەتتە. ھۇزۇرلىرىغا بارىمەن، خوجام، — دېدى ئىشان.
— ئەمىسە بىزگە رۇخسەت قىلىڭلار، — ياقۇپ خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ باقاۋۇلغا قارىدى، — يۈرسىلە، ئابدۇللام.
ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى مىرشەپخانىدىكىلەرنى قانداق ھەيران قالدۇرغان بولسا، كېتىشىمۇ شۇنداق ھەيران قالدۇردى.

※ ※ ※

— سىلىنى ئۇخلىغىلى قويماي چاقىرتىپ كەلگىنىمنىڭ بائىسى، — دەپ چۈشەندۈردى ياقۇپ خوجا بىرنەچچە شامنىڭ نۇرىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن ئىشخانىسىغا كىرگەن باقاۋۇلغا قاراپ، — يەنە دۆمبىسىدە يۈكى دەستىدىن ئارام

ئالالمىغان ھامماللىنىڭ ھالىتىگە چۈشۈپ قالدىم. بۇنداق ھالەتكە، ئەسلىرىدە بارمۇ، خۇنتەيجىگە سوۋغات ئورنىدا تويغا ئېلىپ بارغان «چاكار چوكان»لارنى قۇتۇلدۇرىمىز دەپ بىر قېتىم دۇچار بولغانىدىم. شۇ چاغدا دۇمبەمدىكى يۇكنى چۈشۈرۈشتە سىلى بىلەن كۆچا ھاكىمى ئابدۇكېرىم بەگ ھەمدەمدە بولغانىدى. ھازىر مۇشۇنداق ياردەمگە موھتاج بولۇۋاتىمەن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، خوجام. مىڭ جېنىم بولسىمۇ، سىلىگە ئارام بەرمەيۋاتقان يۇكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قۇربان قىلىمەن، — دېدى باقاۋۇل بۇ ئادەمنى يەنە نېمە ئىش بىئارام قىلىۋاتىدىغاندۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ.

ياقۇپ خوجا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە:

— مەن سىلىگە ئۆگىنىپ قاپتىمەن، ئابدۇللام. بۇرۇنقى دانالار كۆڭلى يېقىن ئادەملەرنى قورساقنى تويدۇرىدىغان غىزاغا، غەم ـ قايغۇنى تارقىتىدىغان داۋاغا ئوخشاتقانىكەن،

— ئەلۋەتتە، خوجام.

— ئۇنداق بولسا، ئەتە چۈشكە يېقىن ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئەمەلدارلارنى، شەھىرىمىزدىكى مۆتىۋەر زاتلارنى، مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىرى بىلەن خەلپىلەرنى، چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىنى ئوردىغا يىغىپ، دۇمبەمدىكى يۇكنى شۇلارنىڭ ئالدىدا يەرگە چۈشۈرۈش قارارىغا كەلدىم. شۇڭا، سىپاھلاردىن بىرنەچچىسىنى ئېلىپ شۇ ئادەملەرنى خەۋەردار قىلسىلا ياخشى بولاتتى.

— باش ئۈستىگە، خوجام، — دېدى باقاۋۇل ۋە خۇپتەن نامىزىنى يېگىلا ئوقۇپ ئارام ئېلىشقا باشلىغان سىپاھلاردىن ئىككىسىنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەر تەرەپكە ئاتلاندى.

ياقۇپ خوجا خىلى كەچكىچە ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، ئەتە بولىدىغان ئۇچرىشىشتا دەيدىغان گەپ ـ سۆزلىرى، ئوردا ئەركانلىرى بىلەن مۇدەررىس خەلپىلەردىن، ئىمامۇ ئاخۇنلار

تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى مۇمكىن دېگەن سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋابلار ھەققىدە ئۇزاق ئويلاندى ۋە ئىككى پارچە قەغەزگە يوغان ـ يوغان قىلىپ نېمىلەرنىدۇر يازغان بولدى ـ دە، شاملارنى ئۆچۈرۈپ ئوردا پېشايۋانىغا چىقتى. بىرپەس ئوچۇق ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ سالقىن ھاۋادىن بەھرىمەن بولدى، ئاندىن ئوردىدىكى ئارامخانىسىغا كىردى.

ئۇ شۇنچە كەچ ياتقىنىغا قارىماي، بامدات نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزاننى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تاھارەت ئېلىپ، ئارامخانىدىلا بامدات نامىزىنى ئوقۇدى، ئاندىن شامنىڭ يورۇقىدا ئاخشام يازغان ئىككى بەت قەغەزنى كۆزدىن كەچۈردى. «خۇداغا تەۋەككۇل، — دەپ پىچىرلىدى بىر چاغدا، — بۇرۇنقى پادىشاھلار بىلەن سۇلتانلار ئۆز سىرلىرىنى باشقىلاردىن پىنھان تۇتۇپ ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرىدىن پايدىلىناتتىكەن. گەرچە مەن ئۇلاردەك پادىشاھ ـ سۇلتان بولمىساممۇ، قولۇمدىن كېلىدىغان كىچىككىنە ياخشى ئىشلارنى قىلسام، ئاللا مەدەت بېرەر.» ئۇ شامنى ئۆچۈرۈپ ئارامخانىدىن چىقىۋىدى، ئوغلى سىدىق خوجا بىلەن ئۇچراشتى.

— ئاخشام يەنە ئۆيگە كېلىپ قونماپتىلىغۇ؟ — دېدى ئوغلى سالام قىلغاندىن كېيىن.

— ئىشىم بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بالام، كېچىچە دېگۈدەك ئىش بىلەن بەند بولدۇم.

— ناشتا قىلغىلى بارالا؟

— قورسىقىمغۇ ئانچە ئېچىپ كەتمىدى، — دېدى ئۇ ئوغلىنىڭ رايىنى ياندۇرغۇسى كەلمەي، — سەل تۇرۇپ ئوردا ئەركانلىرى باشلىق بىرقانچىلىغان ئادەملەر كەلمەكچى، شۇڭا بىر پىيالە سۈت بىلەن ئازراق نان ئەكەلسىڭىز بوپتىكەن.

سىدىق خوجا دەرھال چىقىپ كەتتى. ياقۇپ خوجا سورۇنخانىغا كىردى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىلەر جايىدا، شۇنداق سەرەمجان ئىدى. ئۇ دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە يۆلىنىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان پېتىچە يەنە خىيال سۈردى: «ھەقىقەت بىلەن ئادىللىق غەلىبە قىلماي تۇرۇپ، رەئىيەتنىڭ تۇرمۇشى ئوڭلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار جاھالەتنىڭ راۋاج تېپىشىغا يول قويمايدىغان چوڭ كۈچلەردۇر. مۇشۇ ھەقىقەتنى مەن دېمىسەم كىم دەيدۇ؟ جەڭچىنىڭ كەمىرىدىكى قىلىچ غىلاپىنىڭ ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئىگىسى بەرىبىر ئۆزىنى قۇدرەتلىك ھېس قىلىدۇغۇ، قولۇمدا مىڭلىغان لەشكەرلىرىم بولمىغان بىلەن ‹خان› دېگەن نامىم بارغۇ؟...»

ئۇنىڭ خىيالىنى سىدىق خوجا بۆلۈۋەتتى.

— كومزەكتىكى سۈتنىڭ تەمىنى چوڭ ئانام (بايان ئاغىچىنى دېمەكچى) تېتىپ كۆرۈپ، ئاندىن ماڭا بەردى، — دېدى سىدىق خوجا خالتا بىلەن ئەكەلگەن نەرسىلەرنى دادىسىغا بېرىپ.

ياقۇپ خوجا كومزەكتىكى ئىسسىق سۈتتىن پىيالىگە قۇيۇپ نان چىلىدى. ئۇ پىيالىگە ئىككىنچى قېتىم سۈت قۇيۇپ تۇرۇشىغا، دەھلىز تەرەپتىن بىركىملەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئاڭلاندى. ياقۇپ خوجا پىيالىگە قۇيغان سۈتنى سۈمۈرۈۋېتىپ:

— كىشىلەر كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۇلارنى ئارامخانىغا ئەكىرىپ قويۇڭ، — دېدى سىدىق خوجىغا خالتا، كومزەك ۋە پىيالىلەرنى بېرىپ.

※ ※ ※

كېچىسى خەۋەر قىلىنغاچقىمۇ، ئوردىغا چاقىرىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك كېلىپ، سورۇنخانىدىن ئەمەل ـ دەرىجىسىگە قاراپ ئورۇن ئېلىشتى. ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدە «ياقۇپ خوجام نېمە دەيدىغاندۇ؟ بىرەر جىددىي ئىش بارمىكىنە؟» دېگەندەك ئوي ـ خىياللار غەلىيان قىلاتتى. ئانچە ھايال بولمايلا ياقۇپ خوجا سورۇنخانىغا كىرىپ

كەلدى. بۇرۇندىن تارتىپ كىلىۋاتقان ئەنئەنە بويىچە ئوردا ئەركانلىرى باشلىق ھەممە ئادەملەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام قىلىشتى.

— ھۆرمەتلىك ئوردا ئەركانلىرى، ھۆرمەتلىك مۆتىۋەرلەر، ھۆرمەتلىك دىنىمىزنىڭ پىشۋالىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە: «مەسلىھەتكە چاقىرىلغان ئادەملەر — ئىشەنچلىك ئادەملەردۇر» دەپ زىكىر قىلىنغانىكەن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ياقۇپ خوجا ھەممەيلەن ئورۇنلىرىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، — ھەرقايسىڭلار خانلىقىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق ئىشەنچلىك ئادەملىرى، ئۇلۇغ ساھىبقىران ئەمىر تۇمۇر كۆرەگانى: «ئىلىم ۋە دىنىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھەتلىرى بىلەن ھەمىشەم پادىشاھلارغا مەسلىھەت بېرىپ كەلگەن» دەپتىكەن. زىراكى، مېنىڭ مۇقامىم (دەرىجەم) ئۇ كىشى ئېيىتقان پادىشاھلار دەرىجىسىدە بولمىسىمۇ، خانلىق تەختىمىزنىڭ تەقدىرى جۇڭغارلارنىڭ قولىدا بولسىمۇ، لېكىن ھازىر شۇ تەختتە ئولتۇرغان ھوقۇقۇمدىن پايدىلىنىپ بەزى ئىشلارنى قىلماقچىمەن، — ئۇ گېپىنى توختىتىپ ئولتۇرغانلارغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇلار بولسا بۇ خوجام نېمە دەيدىكىن دېگەن ئەلپازدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايتتى، — ئاللاتائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كەلىمىلەر بار، — دېگىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى ياقۇپ خوجا، — «كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزگۈچى نەرسىلەرلا يەر يۈزىدە ساقلىنىپ قالىدۇ»، «ئاللا ھەققانىي بولۇشقا، ئېھسان قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالىرىغا رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. گۇناھلاردىن، ناچار قىلىقلاردىن ۋە زۇلۇمدىن مەنئى قىلىدۇ. ئاللا سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇ. ئاللانىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاڭلار»، «ئاللاتائالا بەندىلەرنىڭ تاغدەك گۇناھىنى كەچۈرىدۇ. بەندىلەر بىر - بىرىنىڭ ئازراق گۇناھىنى كەچۈرەلمەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش كەلىمىلىرىگە،

رەسۇلىللانىڭ «تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بۇ ئادەملەر بىلەن دوستلىشىشتۇر»، «كىمكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ناشۈكۈر بولسا، تەڭرىگە نىسبەتەن ناشۈكۈر بولىدۇ»، «كىشىلەرگە سىلە ـ رەھىم قىلمايدىغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ»، «ئەپۇنى دوست تۇتقىن» دېگەنگە ئوخشاش ھەدىسلىرىگە ئاساسەن، خانلىقىمىزنىڭ ھەپسە ـ زىندانلىرىدا يېتىپ ئازاب تارتىۋاتقان مۆمىن مۇسۇلمانلارغا ئەپۇ ـ ئومۇمىيە جاكار قىلماقچىمەن!

سورۇن ئەھلى بۇ گەپلەردىن سېھىرلىنىپ قالغاندەك سۈكۈتكە چۆمدى. چۈنكى، ئۆزلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ بىلىمدانلىرى دەپ يۈرگەن بۇ ئادەملەر جۇڭغارلارنىڭ قولىدا يىگىرمە نەچچە يىل گۆرۈدە تۇرغان ياقۇپ خوجىنىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شەرىپتىن كەلتۈرۈلگەن مىساللارنى بالدۇر ئەرەب تىلىدا بايان قىلىپ، ئاندىن ئۇيغۇر تىلىدا يېشىپ بەرگىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇلار ئادەتتە ئۆزلىرى كۆندە كۆرۈپ يۈرگەن ياقۇپ خوجىنى ئەمەس، بەلكى ياقۇپ خوجا شەكلىگە كىرگەن ئەۋلىيانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولدى. كۆپچىلىك «بۇ ئادەم زاتىل ئەقتابمۇ نېمە؟» دېگەن ئويلاردا بولدى.

ــ ھازىر يەكەن خانلىقىدىكى ھەپسە ـ زىندانلاردا بىرەر مىڭ نەپەردىن ئارتۇقراق بەندە مۇسۇلمانلار ئازاب چېكىۋاتىدۇ، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ياقۇپ خوجا، ــ مىرشەپبېگىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، يەكەننىڭ ئۆزىدىلا «ئىشقىيە»چى بولغىنى ئۈچيۈز ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم، قاغىلىقتا يەتمىش سەككىز ئادەم ھەپسىدە يېتىپتۇ. بۇلاردىن باشقا، دەھرىيلىكتە ئەيىبلەنگەنلەر، چوڭ ـ كىچىك ئوغرىلىق قىلغانلار، بىر ـ بىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ پىچاق كۆتۈرگەنلەر، ئالۋان ـ ياساق تۆلەشكە ئۇنىمىغانلار ئۈچ يۈز قىرىق ئالتە نەپەر كىشى ئىكەن، يەنە خوجا ـ ئىشانلارنىڭ تىرىلغۇ يەرلىرىدە، ھويلا ـ

ئاراملىرىدا ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى كۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشكە بۇيرۇقۋازلىق قىلغانلار بىلەن تېرىلغۇ يەرلىرىدىن، باغىۋاراڭلىرىدىن ئالغان ھوسۇلىنىڭ باش بۇرنىنى خوجىلارغا ھەدىيە قىلىشتىن باش تارتىپ ساتقانلار ئىككى يۈز سەكسەن بىر نەپەر بولۇپ (بۇلارنىڭ ئارىسىدا يىگىرمە سەككىز نەپىرى ئايال)، ئۇلارنىڭ ئالدى ئىككى يىل، كەينى تۆت ئايدىن بېرى ھەپسىدە يېتىپتۇ. ئەگەر ئۆيدە بىر ئادەم كېسەل بولسا، شۇ ئۆيدىكى ئادەملەرمۇ كېسەل ئازابىنى تارتقىنىغا ئوخشاش، ھازىر ھەپسە ـ زىندانلاردا يېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ دەردىنى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانا، بالىچاقىلىرى ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرى بولۇپ نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر تارتىۋاتىدۇ. مېنىڭ ئەپۇ ـ ئومۇمىيە جاكارلىشىمغا سەۋەب بولغان ئامىلنىڭ يەنە بىرى مۇشۇدۇر... — ياقۇپ خوجا نەپسىنى رۇسلىۋېلىپ سورۇن ئەھلىگە بىرقۇر كۆز تاشلاپ چىقتى، — ھەرقايسىلىرىنىڭ مەسلىھەتكە ھاۋالە قىلىدىغان يەنە بىر مەسىلە «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شېرىپلەردۇر. بۇ كىتابلاردا «ھېچكىم ھېچكىمدىن ئارتۇق ئەمەس»، «ئۆزۈڭگە نەزەر سال. سەن قىزىل ياكى قارا تەنلىك ئادەملەردىن ئارتۇق ئەمەسسەن، بەلكى تەڭرىدىن قورقۇش ۋە تەقۋادارلىقىڭ بىلەنلا پەزىلەتىڭ زىيادە بولۇشى مۇمكىن...» دەپ بايان قىلىنىغان. مۇشۇ كەلىمىلەرگە ئەمەل قىلغان ھالدا زىرائەت تېرىپ، باغۋەنچىلىك قىلىپ، تېگىشلىك ئۆشرە ـ زاكاتلىرىنى بېرىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ باش ـ بۇرنىنى خوجىلارغا ھەدىيە قىلىشتەك، شۇنىڭدەك رەئىيەتىنىڭ ھەر ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى كۈن خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئېتىزلىرىدا، باغىۋاراڭلىرىدا ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشتەك ئادەتلەرنى بۇگۈندىن باشلاپ مەنئى قىلىشنى لازىم تاپتىم.

ياقۇپ خوجا سۆزىنى توگىتىپ قانداق مەسلىھەت، پىكىر بېرىسىلەر دېگەندەك سورۇن ئەھلىگە قارىدى. بىراق، ئۇلار

نېمە دەپ، نېمە ئېيتىشنى بىلەلمەي ئىچىنى تىڭشاپ تۇراتتى. ياقۇپ خوجىنىڭ كۆزى سول تەرەپتە ئولتۇرغان مۇدەررىسلەرگە چۈشتى. ئۇلارمۇ جىم، پەقەت بېشىدىكى سەللىسى باشقىلارنىڭكىدىن يوغانراق بىر مۇدەررىس يېنىدا ئولتۇرغان بىرىنىڭ بىقىنىنى نوقۇپ: «سىلى گەپ قىلسىلا» دېگەندەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇ ئادەم يوغان سەللىلىك مۇدەررىسنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغاندەك بېشىنى چايقىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ياقۇپ خوجىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى بولغاي:

— ھۆرمەتلىك ساۋۇر ئاخۇنۇم ھەزرەتلىرى، سىلىگە رۇخسەت. گەپ قىلىدىغان ئوزايىلىرى باردەك تۇرىدۇغۇ، — دېدى. بۇ ساۋۇر ئاخۇن ئىسىملىك مۇدەررىس ئۆز ۋاقتىدا يۈسۈپ خوجىلار ئوقۇغان خانلىق مەدرىسىنىڭ خەلپىسى ۋە دىۋانبېگىنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى بولۇپ، ئۆتكەن يىل ۋاپات بولغان مۇدەررىسنىڭ ئورنىدا ۋاقىتلىق ئىشلەۋاتاتتى.

— ئارتۇقچۇ گېپىم يوق، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۆزلىرىگە بېرىدىغان سوئالىم بار ئىدى.

— مەرھەمەت.

— ئەپۇ ـ ئومۇمىيە ئېلان قىلغانلىقلىرى مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى. لېكىن، بۇ ئەپۇ ـ ئومۇمىيەدىن ھەپسىلەردە ياتقان «ئاق تاغلىق»لارمۇ بەھرىمەن بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ئۇلار دېگەن بىزنى بىرىنچى بولۇپ جوڭغارلار ئاسارىتىگە گىرىپتار قىلغان ئادەملەرغۇ؟

ساۋۇر ئاخۇنىنىڭ بۇ سوئالى سورۇنغا قاتناشقان كۆپچىلىكنىڭ ئويىدا بار ئىدى، لېكىن تېشىغا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي تۇرغانىدى. شۇڭا، ھەممىنىڭ كۆزى ياقۇپ خوجىغا تىكىلدى.

— ئۇلارنىڭ جوڭغارلارنى ماكانىمىزغا باشلاپ كەلگىنى

راست. لېكىن، ماكانىمىزنى بۇگۇنكىدەك مۇشكۇل ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلار ھەممە «ئاق تاغلىق»لار ئەمەس، بەلكى شۇ سۇلۇكىنىڭ پېشۋالىرىدۇر. ھازىرقى «ئاق تاغلىق»لاردا ھېچقانداق گۇناھ يوق. ئۇلارمۇ سىلى بىلەن ماڭا ئوخشاشلا ئەھلى مۇسۇلمان ۋە بىزنىڭ قان - قېرىنداشلىرىمىزدۇر، — ياقۇپ خوجا گېپىنى مەشەدە توختىتىپ، ئابدۇقادىر مۇپتىغا مۇراجىئەت قىلدى، — شۇنداققۇ دەيمەن مۇپتى ھەزرەتلىرى؟

— ئارى راست، خوجام ھەزرەتلىرى تولىمۇ ئادىل قارارغا كەپتۇ، — دېدى ئۇ ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلغىنىدىن روھى كۆتۈرۈلۈپ.

ئوردا ئەركانلىرى بىلەن مۇدەررىسلەر خۇددى مۇپتىنىڭ گېپىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ماقۇللاپ كەتتى.

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە «ئاللانىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئۇلۇغ تۇتماق ۋە ئۇنىڭ ياراتقانلىرىغا مېھرىبان بولماق لازىم» دېگەن سۆزلەر بار، — دېدى غازى بەگ بۇ ھەدىسنى ئاران يادىغا كەلتۈرۈپ، — ھەزرىتى ياقۇپ خوجامنىڭ ئەپۇ - ئومۇمىيە جاكارلىشى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى خانلاردا كۆرۈلۈپ باقمىغان كاتتا جاسارەتتۇر.

شۇ چاغدا گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن نىياز بەگنى يېنىدا ئولتۇرغان ھوشۇر قازى تۈرتۈپ قويۇۋىدى، ئۇ توختاپ قالدى.

— ئىبادەت مەيدانىنىڭ شىرى بولغان ھەزرىتى ياقۇپ خوجامنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن چىققان گەپلەرنىڭ ھەممىسى سەدەپ ئىچىدىكى دۇر - ئۇنچىلەردىنمۇ قىممەتتۇر، — دەپ سۆز باشلىدى پەرمانقۇل ئىشان، — ھەزرىتى خوجامنى دارىلباقىيغا رەھلەت قىلغان دانىيال خوجامنىڭ روھى - پاكلىرى كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي !

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مىرشەپبېگى «مۇنۇ ئىشاننىڭ مۇناپىقلىقىنى قارىمامدىغان» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— سىياسەتنىڭ كۈچى ئادىللىقتۇر، — دېدى بىر قېرى

www.uyghurkitap.com

مۇدەررىس، — تەمكىنلىك بىلەن ئادىللىق بولسا ئۇلۇغ مەرتىۋىگە يېتىشتىكى ۋاسىتىدۇر. مەن ھەزرىتى خوجامنىڭ جاكارلىماقچى بولغان ھەر ئىككى پەرماننى ئادىللىقنىڭ نەمۇنىسى دەپ ھېسابلايمەن.

— دىن بىلەن پادىشاھلىق قوشكېزەكتۇر، — دېدى يەنە بىر ئورۇق مۇدەررىس، — ساۋابلىق ئىشلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئەۋزىلى ساخاۋەت بىلەن خەير - ئېھساندۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خەير - ساخاۋەت شۇنداق بىر دەرەختكى، ئۇ جەننەتتە ئۈنگەن ۋە كەۋسەر لېۋىدە ئۆسۈپ كامالەتكە يەتكەن» دەپ تەرىپلىگەنىكەن. ئىسلام ئەھلىنىڭ سۆيۈنچلۈكى بولغان ھەزرىتى ياقۇپ خوجامنىڭ بۇ ئىشلىرى رەئىيەتكە قىلىنغان ئەنە شۇنداق خەير - ساخاۋەتتۇر.

قېرى مۇدەررىسنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ سورۇنخانىنىڭ پەگاھ تەرىپىدە ئولتۇرغان سالىھ خەلپە سۆز باشلاپ:

— مەنغۇ ھەرقايسىلىرىدەك يۇقىرى لاۋازىمدىكى ئادەم ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ياقۇپ خوجامنىڭ ئۆز پائالىيىتىنى مۇنداق ئىشلار بىلەن باشلىشى بۇرۇنقى دانالىرىمىز ئېيتقاندەك: «پۇقرالارنىڭ خاتىرجەملىكى ئۆز پاسىبانىنىڭ ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈشى بىلەن بولىدۇ. ئادىللىقنىڭ روناق تېپىشى ئۇنىڭ پەم - پاراسىتى بىلەن بولىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى يادىمغا كەلتۈردى. ياقۇپ خوجامنىڭ، بولۇپمۇ «قارا تاغلىق»، «ئاق تاغلىق» دېگەن پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ، پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان خەلقىمىزنى ھەممىمىز بىر خەلق، بىر قاياش دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىشى ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تائىپىلەرگە بۆلۈشكە چەك قويىدۇ، ئۆزئارا ئۆچمەنلىكنى يوقىتىپ، بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدۇ...

ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا، مەجلىسنىڭ بۇنداق ئۇتۇقلۇق بولۇشى خوجامنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ

بۇگۈن قىلىدىغان ئىشنى ئەتىگە قالدۇرمايدىغان ئادىتى بويىچە:
— ئەگەر ھەربىرلىرىگە مالاللىق كەلمىسە، — دېدى سورۇن ئەھلىگە مۇراجىئەت قىلىپ، — پېشىن نامىزىنى ئوقۇپلا ھەممىمىز مىرشەپخانىغا بارساق ۋە ئۇ يەردىكى ھەپسىلەردە ياتقان ئادەملەرنى — قاياشلىرىمىزنى ئازادلىققا مۇشەررەپ قىلساق. ھەپسىدىن قۇتۇلغان قېرىنداشلىرىمىز ئەپۇ ـ ئومۇمىيە ئۈچۈن يالغۇز ماڭىلا ئەمەس، ھەممىمىزگە مىننەتدارلىق ئىزھار قىلغان بولاتتى.
ئولتۇرغانلار بىردەك رازىلىق بىلدۈرۈپ:
— ئەلۋەتتە، خوجام، شۇنداق قىلايلى ! — دەپ قوللاشتى.

※ ※ ※

بۇ كۈنى ئابدۇللا باقاۋۇلمۇ ياقۇپ خوجا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش بىلەن بولدى. ئۇ بىرقانچە مىرشەپلەرنى ئىشقا سېلىپ، شەھەر كوچىلىرىدىكى دوكانلاردا ئىشلەيدىغان ۋە قوللىرىغا سۇ تولدۇرۇلغان ئۇزۇن بىلەن كۇرسى (قاتلىنىدىغان ئورۇندۇق) ۋە ساتىراشلارنى يىغىپ مىرشەپخانىغا ئەكەلدى ـ دە، مەھبۇسلارنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرگۈزدى. ساقاللىرىنى قىسقارتىپ بۇرۇتلىرىنى چەكتۈردى. ئاندىن مىرشەپلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە ھاممامغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇردى. ئاشخىچە دىۋانبېگى بىلەن خەزىنىچىبەگلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا مىرشەپخانىنىڭ ھويلىسىغا ئورنىتىلغان قازانلاردىكى تائاملارمۇ تەييار بولدى. چۈشكە يېقىن ھەممە مەھبۇسلارغا تاماق تارتىلدى. بۇ غەمخورلۇقلارنىڭ نېمە ئۈچۈن قىلىنىۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇشقان مەھبۇسلار بىر ـ بىرىدىن سورىشاتتى. لېكىن، ھېچقايسىسى جاۋاب بېرەلمەيتتى. كۆپچىلىكى بولسا «بۇ خۇدادىن قورققان بىر سېخىي ئادەمنىڭ بىزگە قىلغان خەير ـ سەدىقىسىدۇر» دەپ

ئويلايتتى.

پېشىندىن كېيىن ياقۇپ خوجا باشلىق ئوردا ئەركانلىرى، مۇدەررىسلەر بىلەن ئۆلىمالار مىرشەپخانىغا كېلىپ ئۇستىگە گىلەم سېلىنغان پېشايۋانغا چىقتى ـ دە، ياقۇپ خوجىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن غازى بەگ «بۇ نېمە ئىشتۇر؟» دېيىشىپ، ھەيران بولغان مەھبۇسلارغا ھەزرىتى ياقۇپ خوجىنىڭ ئەپۇ ـ ئومۇمىيە جاكارلىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئابدۇقادىر مۇپتى بولسا:

— ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسى بويىچە يەكەن تەختىگە ئولتۇرغان ھەزرىتى ياقۇپ خوجام ئەپۇ ـ ئومۇمىيەدىن باشقا، رەئىيەتنىڭ خوجاملارغا ھەر ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى كۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدىغان ۋە ئۆلارغا ئالغان ھوسۇلىنىڭ باش ـ بۇرنىنى پۇلسىز بېرىدىغان مەجبۇرىيەتلەرنى بۈگۈندىن ئېتىبارەن مەنئى قىلدى، — دەپ كېلىپ، — ھەزرىتى ياقۇپ خوجامنىڭ بۇ ئىشى ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خوجامنىڭ دىلىغا سېلىشى تۈپەيلىدىندۇر. شۇڭا، بۈنىڭدىن كېيىن ھەربىر بەندە مۇسۇلمان ھەزرىتى ياقۇپ خوجامنىڭ مەزكۇر شاپائىتىنى ئۇنتۇماي، ئۇنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىشى لازىم، — دېگەن سۆزنى تەكىتلىدى.

بىرپەستىن كېيىن كۈتۈلمىگەندە ھەپسىدىن ئازاد بولغىنىغا خۇشال بولغان يۈزلىگەن ئادەملەر يۈك ـ تاقلىرىنى دۈمبىسىگە يۈدۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ياكى تۇغقان ـ تونۇشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە، سارايلارغا ۋە يېقىن ئەتراپتىكى يېزا ـ كەنتلەرگە تاراپ كەتتى.

※ ※ ※

— ئاقىۋللۇق ئىكەنلا، ئەدەنباي، — دەپ سۆزلەپ كەتتى ھېلىم يۇمشاق، — يەكەن شەھىرى خانلارنىڭ ئوردىسى

بولغاندىن بۇيان ھېچكىم ئۇيلىمىغان ياخشى ئىشلار بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ. بۈگۈن ياقۇپ خوجام ئىككى ئېسىل پەرمان جاكارلاپتۇ ئەمەسمۇ...

ئەدەن قېچىر ھېلىم يۇمشاقنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەرگە ھە دېگەندىلا ئانچە ئىشەنمىدى. كېيىن ھەپسىدىن چىقىپ ھېلىم يۇمشاقنىڭ سارىيىدا قونۇپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن ئۈچ كىشىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇ خوجام تولىمۇ ئادالەتلىك ئىشلارنى قىپتۇ - دە، ئۆزىنىڭمۇ زوۋۇلىسى يوغان ئۇزۇلگەن غوجىزادە ئىدى» دەپ، ياقۇپ خوجىدىن رازى بولۇپ قالدى.

ھېلىم يۇمشاقنىڭ سارىيىغا كېلىپ قونغان ئادەملەرنىڭ بىرى قىزىنى «ئاق تاغلىق» ئادەمنىڭ بالىسىغا بەرگىنى ئۈچۈن، قالغان ئىككىسى «قارا تاغلىق» بىر خوجىنىڭ ئېتىزىدا ھەقسىز ئىشلەشكە ئۇنىماي بويۇنتاۋلىق قىلغىنى ئۈچۈن بىر يىلدىن بۇيان ھەپسىدە ياتقان ئادەملەر ئىدى.

— ئادالەتپەرۋەر پادىشاھلارنى خۇدانىڭ يەردىكى سايىسى دەپ مانا مۇشۇ خوجامدەك كىشىلەرنى دېسە بولىدىكەن جۇمۇ، ئەدەنباي، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى سارايۋەن. ئۇ «دانىيال خوجا» دېگەن ئىسمىنى ئاتاشقا جۈرئەت قىلالماي، — مىرشەپبېگىملەرمۇ تازا قىزىقىقان - دە، «قولۇمنى ئۆتكەن يىلى ئىشىك قىسىۋالغاندى» دەپ، بۇ يىل يىغلىغان كىچىك بالىدەك، ئەللىك نەچچە يىل بۇرۇن «ئاق تاغلىق»لارنىڭ پېشۋاسى ئاپاق خوجام جۇڭغارلار بىلەن ناجى (موڭغۇلچە يېقىن ئاغىنە) بولۇپ، ئۇلارنى قەشقەرىيەگە باشلاپ كەلسە، بۇنىڭغا ھازىرقى «ئاق تاغلىق»لار جاۋابكار ئەمەس - دە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ياقۇپ خوجام ھەزرەتلىرىمۇ شۇنداق دەپتۇ. ئۇ زاتى ئالىيلىرى: «جۇڭغارلارنى بۇ دىيارغا باشلاپ كەلگەنلەر ئۆز ۋاقتىدا تېگىشلىك جازاسىنى يېدى. ھازىرقى ‹ئاق تاغلىق›لارنىڭ ھېچبىر گۇناھى يوق. ئۇلار بىزنىڭ قۇرداش -

www.uyghurkitap.com

قاياشلىرىمىزدۇر» دەپ، ھەپسىدىكى «ئاق تاغلىق»لارنىمۇ ئازاد قىلىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟

— ئۆزلىرىچۇ؟ قايسى تاغلىق بولىدىلا؟ — دەپ سورىدى ئەدەن قېچىر.

— سىلىچۇ، ئەدەنباي؟ — دېدى ئۇ جاۋاب بەرمەي.

— مەن بۇ مەزھەپنىڭ ھېچقايسىسىدا يوق. خۇدانىڭ قۇلى، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن.

— ماۋۇ گەپنى دېگەن ئاغزىلىرىغا ناۋات، ئەدەنباي. مەنمۇ سىلىگە ئوخشاش. بۇلار ئەھلى مۇسۇلمانلارنى خۇدا بۇيرۇغان بەش پەرز بىلەن پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىنى ئادا قىلىپ ياشىغىلى قويماي، بىر خوجام چىقىپ: «ماڭا مۇرىت بول، بولمىسا دوزاخقا چۈشىسەن» دەپ، يەنە بىر خوجام: «ياق، ماڭا مۇرىت بول، مېنىڭ پېشىمنى تۇتساڭ، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىسەن» دەپ، خۇددى دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتۇۋالغاندەك رەئىيەتنى مالماتالڭ قىلىۋەتتى جۇمۇسلا.

— شۇنداق دېسىلە، — دېدى ئەدەن قېچىر، — ھازىر ھەممە يەردە شۇ گەپ. يۇقىرا دېگەن قايسى خوجامنىڭ ئېيتقىنى توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا، ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، قايسى خوجام كۈچلۈك، قايسىسى كۈچسىز شۇنىڭغا قاراپ ئەگىشىدىغان بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ.

— بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا، يۇقىرا دېگەن مەرتىۋىسى يوق ئادەم، توغرا گەپ قىلسىمۇ، ئۇنىڭ گېپىنى قۇلىقىغا قىستۇرمايدۇ. لېكىن، يۇقىرى مەرتىۋىسى بار ئادەم قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلسىمۇ، خۇددى پەرىشتە ئەكەلگەن ۋەھىينى ئاڭلىغاندەك قۇلاق سالىدۇ. ئەگەر ياقۇپ خوجامنىڭ بۇگۈنكى گەپلىرى ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقسا، ئاللىقاچان ئۆزىنى ھەپسىدە كۆرەتتى.

ئەدەن قېچىر ئۈنچىقمىدى. ئۇ ئۇزۇن يولدىن ھېرىپ كەلگەچكىمۇ ئەسنەشكە باشلىدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، دەم ئالسىلا، — دېدى ھېلىم يۇمشاق ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇ ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىشى بىلەن ئەدەن قېچىر ياتار ئورنىنى راسلاپ، شامنى ئۆچۈردى.

※ ※ ※

— سىلىنى يېڭىلا ئەسكە ئېلىپ تۇراتتىم، — دېدى ياقۇپ خوجا ئابدۇللا باقاۋۇل بىلەن كىرىپ كەلگەن ئەدەن قېچىرغا قاراپ، — كەلسىلە، مۇنۇ كۇرسىغا ئولتۇرسىلا، — ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەدەن قېچىر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن، — قاچان كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— تۈنۈگۈن.

باقاۋۇل ئۇلارنى خالىي قالدۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ياقۇپ خوجا:

— سىلى نەگە ماڭدىلا، ئابدۇللام؟ تۈنۈگۈن دۈمبەمدىكى بىر يۈكنىڭ چۈشكىنىنى كۆرۈپ «خوجام ئەمدى ئارام ئالدى» دەپ ئويلامدىلا، — دېدى كۈلۈپ.

— شۇنداق، خوجام. دېگەنلىرى راست، رەھمەتلىك دانىيال خوجامۇ قىلالمىغان چوڭ ئىشلارنىڭ بىرىنى تۈنۈگۈن ئەمەلگە قويدىلا.

— ئۇنچىلىك ئەمەس، تېخى دۈمبەمدىكى يۈكلەرنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ بولغىنى يوق، — دېدى ياقۇپ خوجا، ئاندىن دىۋانبېگىنى چاقىرىپ كىرىشنى تاپشۇردى - دە، ئەدەن قېچىرغا تۈنۈگۈن يەكەن خانلىقى بويىچە ئەپۇ - ئومۇمىيە ئېلان قىلىپ ھەپسە - زىندانلاردا ياتقان ئادەملەرنى ئازادلىققا مۇشەررەپ قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. شۇ ئارىدا باقاۋۇل بىلەن دىۋانبېگىمۇ كىرىپ كەلدى.

— مانا مۇنۇ ئىككى قەغەزگە پەرمان يېزىپ، مۆھرۈمنى بېسىپ قويدۇم، — دېدى ياقۇپ خوجا، — بۇلارنى بۈگۈنلا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەنتكە ئاپىرىپ، پوقرالارغا ئوقۇپ بېرىڭلار.

دىۋانبېگى بىلەن باقاۋۇل قوللىرىغا ئالغان قەغەزگە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ـ دە، ھەيران بولغىنىدىن تۇرۇپلا قالدى.

— نېمىشقا ھەيران قالىسىلەر؟ — دېدى ياقۇپ خوجا كۈلۈمسىرەپ، — مەن تۈنۈگۈن ئىشنى ئۆزۈمدىن باشلىماي، مىرشەپخانىدىن باشلاپتىمەن. خەير، ياخشى ئىشلارنى قىلىش قاچان بولسۇن كەچلىك قىلمايدۇ.

— ئۇ دېگەنلىرىغۇ توغرا، بىراق بۇ ئىشلىرى «ئۆينىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرسا، تۈيىقى سىرقىرار» دېگەندەك، كۆپلىگەن خوجا ـ ئىشانلارنىڭ مەنپەئىتىگە تەسىر يەتكۈزەرمىكىن، — دېدى دىۋانبېگى ئېھتىيات قىلىپ.

— بىزدە، ئەدەنباي ئاكا، «جاڭگالغا كىرگەن ئادەم بۆرىدىن قورقماس» دېگەن تەمسىل بارغۇ، ھە؟ — دېدى ياقۇپ خوجا ۋە ئۇنىڭ «ھەئە» دېگىنىنى ئاڭلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ئادەم ئەنە شۇ بۆرىدىن قورقماي جاڭگالغا كىرگەن ئادەمگە ئوخشايدۇ. ھە راست، قولۇڭلاردىكى پەرمانىنىڭ مەزمۇنىدىن ھېلىقى ھېدىل سوپى بىلەن ئۇزۇن ساقاللىق ئىشانىمۇ خەۋەردار قىلىڭلار، — باقاۋۇلغا قارىدى، — بۇمۇ دۈمبەمنى بېسىپ ئارام بەرمەيۋاتقان يۈكلەرنىڭ بىرى، ئابدۇللام.

دىۋانبېگىلەر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىشتى. بۇلار بىلەن بولغان گەپ ـ سۆزلەردىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەن ئەدەن قېچىر ياقۇپ خوجىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— بۇلارغا بەرگەن پەرمانىم، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، — توققۇزكەنت دېگەن يەرلەر ئاتا ـ بوۋىمىزدىن تارتىپ بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا ئىكەن. ئۇ يەرلەردە تۇرۇۋاتقان ئادەملەر شۇ يەرلەردە تېرىقچىلىق قىلىپ، مال بېقىپ كۈن كۆرىدىكەن، يېقىندا شۇ كەنتلەرگە بېرىپ پوقرالارنىڭ تىرىكچىلىكى بىلەن تونۇشۇپ كەلدىم. ئۇ بىچارىلەرگە ھېچكىمنىڭ، ھەتتا ياراتقان ئاللانىڭمۇ ئىچى ئاغرىماپتۇ. ئۇچىسىغا پۈتۈن ئېگىن كىيگەن

بىر ئادەمنىمۇ كۆرمىدىم. يېگەن ـ ئىچكەنلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق. ھەممىسى غورىگىل ھايات كەچۈرىدىكەن. بىراق، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار: «بىزگە خوجاملارنىڭ نەزىرى چۈشكەن، شۇڭا خوجاملار ئوبدان ياشىسا، بىزنىڭ كارايىتىمىز چاغلىق» دەپ كۆپ ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇ كەنتلەرنى نازارەت قىلىشقا بەلگىلەنگەن سوپى ـ ئىشانلاردا قىلچە ئىنساب قالماپتۇ. ئادەملەرنى بىكار ئىشلەتكىنىگە قانائەت قىلماي، ئۇلارنىڭ كالا ـ ئۆچكىلىرىدىن سېغىۋالغان سۈتلىرىنى ھەپتىدە بىر قېتىم يىغىۋالىدىكەن، — ئۇ ئېغىر تىنىپ بىرپەس تۇردى ـ دە، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — شۇنىڭ بىلەن قارىسىلا، بۇگۈن ئەتىگەندە كېلىپ توققۇزكەنتتىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش مەئىشىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرلەردە ئىشلەۋاتقان ئادەملەرگە ئالغان ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى، ئۆسكەن چارۋا ـ مالنىڭمۇ يېرىمىنى ئۆزلىرىگە قالدۇرۇش قارارىغا كېلىپ پەرمان يازدىم.

— بۇ ئىشلىرى تولىمۇ ساۋابلىق ئىش بوپتۇ، — دەپ خۇشاللىقىنى بىلدۈردى ئەدەن قېچىر.

— «ئىش جىق، كۆمۈر ئاز» دېگەندەك، ئەدەنباي ئاكا، قىلىدىغان ئىشلار قوتازنىڭ مويىدىنمۇ نۇرغۇندەك تۇرىدۇ. بىراق، ئۇلارنى بىر ۋاقىتتىلا قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. خانلىقىمىزنىڭ گەدىنىدە جۇڭغارلارغا تۆلەيدىغان خىراج بولمىسا، يەنە خېلى ئىشلارنى قىلغىلى بولاتتى.

— ئۇ دېگەنلىرى توغرا، رەھمەتلىك ئاتىلىرىمۇ شۇنداق دەيدىغان.

ئۇلار بىرپەس جىمىپ قالدى. بىر چاغدا:

— سىلى، ئەدەنباي ئاكا، ئاتام مەرھۇمغا خوجەندتىكى چاغلىرىدا بەيئەت قىلغانمۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— مەن ئۇ كىشى بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلاشقان ئەمەس. ئۇ كىشىمۇ بەيئەت قىلىش ھەققىدە ئېغىز ئاچمىغان. بىز مۇنداقلارچە، يەنى مۇھاجىرەتتە، مۇساپىرلىقتا يۈرۈپ بىر ـ

بىرىمىزگە قەدىردان بولۇپ قېلىشقان.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇنىڭ گېپىگە ياقۇپ خوجا ھەيران بولدى، — مەن تېخى سىلىنى ئاتامغا قول بەرگەن ۋە سادىق مۇرىتلىرىنىڭ بىرى دېگەن ئويدا يۈرۈپتىمەن.

— قول بېرىپ مۇرىت بولمايمۇ دانىيال خوجامدەك دىنىي پېشۋا ئادەم بىلەن يېقىن بولۇش مۇمكىن ئەمەسمۇ؟

— ياق، ياق ! مەن ھەرگىز ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، — ئېتىراز بىلدۈردى ياقۇپ خوجا.

— بەلكى ئاتىلىرى مېنىڭ ئاللا بۇيرۇغان بەش پەرز بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىنى ئىزچىل ئادا قىلىپ يۈرگىنىمنى بايقاپ، ئۆزىگە يېقىن ئادەملەر قاتارىدا ھېسابلىغاندۇ.

— توغرا دەيدىلا. «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شەرىپنى ئۆزىگە دەستۇر قىلغان ئادەملەرلا ئۆزىگە ئوخشاش مۇسۇلمان ئەھلى بىلەن ھەرگىز دۈشمەن بولمايدۇ. ئەكسىچە، كۆڭلى يېقىن ۋە دوست بولالايدۇ. بىزنىڭ پاجىئەيىمىز تۈرلۈك سۇلۇكلەرنى ئويلاپ چىقىرىپ، رەئىيەتنى «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دېگەن مەزھەپلەرگە بۆلۈۋەتكەنلىكىمىزدىدۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شەرىپلەردە ئېيتىلغانلارغا ئەمەل قىلمىغانلىقىمىزدىدۇر، — ئۇ گېپىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، — قەشقەرگە قاچان قايتماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— خۇدا بۇيرۇسا ئەتە، بولمىسا ئۆگۈنلۈككە چوقۇم قايتىمەن.

ياقۇپ خوجا سەل ئويلىنىپ تۇردى ـ دە:

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن كەچتە بىزنىڭكىگە كېلىپ قونسىلا، يەنە مۇلاقاتتا بولايلى، ئاندىن كېيىن يۇسۇپ خوجامغا نامە پۈتۈپ بېرەي، ئالغاچ كەتسىلە، — دېدى.

ياقۇپ خوجا گۆرۈدىكى چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلىشىپ يۈرگەن ئەدەن قېچىر بۇ ئادەم خان بولغاندىن كېيىن بىرئاز تەپ تارتقاندەك قىلىۋىدى، لېكىن خانلىق مەنسەپ ياقۇپ خوجىنىڭ مىجەز - خۇلقىغا تەسىر يەتكۈزمىگەنلىكىنى بايقاپ خاتىرجەم بولدى - دە، شۇ كۈنى كەچتە خوجىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ يەنە مۇلاقاتتا بولدى.

## سەككىزىنچى باب

ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆز ئىشىنى ئاتىسى دانىيال خوجىغا قارىغاندا باشقىچىرەك ئېلىپ بېرىشى ئوردا ئەركانلىرىغا ياقماي قالدى. لېكىن، ئۇلار ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەر بولغىنى ئۈچۈن ياقۇپ خوجىغا بولغان نارازىلىقلىرىنى سىرتىغا چىقارماي، ئەپلىك پۇرسەت كېلىشىنى كۈتەتتى. ياقۇپ خوجا بۇنداق پۇرسەت پەيدا قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى قوللاشقا ۋە ئورۇنلاشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئۇ ئۆز پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشتا جەمئىيەتنىڭ سىياسىي كۈچلىرى ھېسابلانغان بىلىملىك ئادەملەرنىڭ، ئالىم - پازىللارنىڭ توپىنى يېتىشتۈرۈشكە، شەكىللەندۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئوردا ئەركانلىرىنى ھازىرچە خەلق ئىچىدىكى نوپۇزىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن كېرەكلىك سىمالار دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئوينىي ئوردا ئەركانلىرىمۇ بىلىپ قالغانىدى. ئۇلار ياقۇپ خوجىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىغان تەرىپاتلىرىنىڭ، بەرگەن زىياپەتلىرىنىڭ، قىلغان ھۆرمەتلىرىنىڭ ۋە «ئىشقىيە» سۇلۇكىنى يامانلاپ قىلغان گەپ - سۆزلىرى، كەلتۈرگەن دەلىل - ئىسپاتلىرىنىڭ بۇ ئادەمگە ئانچە تەسىر قىلمىغانلىقىنى پەملەشكەن، دىنىي ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشتا ئۆزلىرىدەك «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن

ئەمەل قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى، ھەتتا ياقۇپ خوجىنىڭ ئالىم ـ پازىللار بىلەن پات ـ پات مۇلاقاتتا بولۇشىغا، مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىگە، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق قىلماي، يەنى «قارا تاغلىق»، «ئاق تاغلىق» دەپ ئايرىماي، ھەممىگە بىردەك مۇناسىۋەت قىلىشىغا قاراپ «بۇ خوجام ئۆز ئەجدادلىرىغا ئوخشاش ‹ئىشقىيە›چىلەرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى تارتمىغاچقا، ھەزرىتى دانىيال خوجامنىڭ يولىدىن ماڭمايدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ گۇمان قىلىشاتتى. لېكىن، ئۇلار ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆز قارىمىقىدىكى ۋەخپە يەرلەردىن ئالىدىغان ھوسۇلىنىڭ يېرىمىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى شۇ يەرلەردە ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئىختىيارىدا قالدۇرۇش ئۈچۈن پەرمان بەرگىنىنى ئاڭلاپ، خۇددى بىركىم يانچۇقلىرىغا قول سالغاندەك چىدىيالماي قېلىشتى. ئۇلار ھە دېگەندە ياقۇپ خوجىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ «بۇ ئىشنى بىمەسلىھەت قىلغانلىرى قانداق؟» دەپ نارازىلىق بىلدۈرمەكچىمۇ بولۇشتى. كېيىن ئابدۇقادىر مۇپتىنىڭ: «بۇ ئىشتا بىر ئاز سەۋر قىلايلى، بەلكى بۈگۈن ـ ئەته ياقۇپ خوجامنىڭ ئۆزىمۇ ئېغىز ئېچىپ قالار» دېگەن سۆزى بىلەن توختاپ قېلىشقا تايىن تاپقاندەك بولۇۋىدى، ئاخىر «خوجامغا بارمىساق بارمايلى، لېكىن نىياز بېگىمگە بېرىپ ئۇقۇشۇپ كۆرسەك قانداق؟» دېگەن غازى بەگنىڭ تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ تەكلىپ ھەممىگە ماقۇل كەلدى. ئۇلار شۇ ھامانلا نىياز بەگنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. بۇنداق بولغىنى ياقۇپ خوجىنىڭ ئىلگىرىكى پەرمانلىرىغا چىشىنى چىشلەپ يۈرگەن بۇ ئادەملەر ئەمدى ياقۇپ خوجىنىڭ بۇ پەرمانى ئۆزىگە تېگىشلىك توققۇز ـ كەنتتىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش نىيىتىدە چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەكەن تەۋەسىدە ۋەخپە يەرلىرى بار بىرقانچە ئونلىغان خوجا ـ ئىشانلارنىڭ مەنپەئىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى،

ئۇنداق ۋەخپە يەرلەردە كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئەمگەك قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، نەچچە ئون مىڭغا يېتەتتى. شۇ قاتاردا ئوردا ئەركانلىرىمۇ «ئەگەر بۇنىڭ ئالدىنى ئالمىساق، بىزگە ئوخشاش ‹ئىسھاقىيە› سۇلۇكىنىڭ راۋاجى ئۈچۈن تەر تۆكۈۋاتقان خوجا ـ ئىشانلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يېتىشى چوقۇم» دەپ ئويلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ پەرمان خەلق ئىچىگە تارقالسا، ئۇنىڭ ئابرۇيى تاغدەك كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت ـ ئېتىبارى چۈشۈپ كېتەتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ئويىنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

كېيىنكى چاغلاردا ئۆزىنى پات ـ پات يوقلايدىغان بولۇپ قالغان ئوردا ئەركانلىرىنىڭ بۈگۈن يەنە يوقلاپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، نىياز بەگنىڭ تېنى تېرىسىگە سىغماي قالدى. «بۇ ھەم خان كۈيۇ ئوغلۇمنىڭ شاپائىتى» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇلارنى:

— كېلىشىسلە، قەدەملىرىگە ھەسەنات، — دېگەن گەپلەر بىلەن كۈتۈۋالدى.

— سىلىنىڭ مۇبارەك دىدارلىرىنى كۈنگە بىرەر مەرتەم كۆرۈپ تۇرمىساق، كېچىلىرى بىر مەزگىلگىچە بىدار بولىدىكەنمىز، — دېدى غازى بەگ مېھمانخانىغا سېلىنغان يۇمشاق كۆرپىلەرگە ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلىشقاندىن كېيىن.

— مەنمۇ شۇنداق، ھەرقايسىلىرىنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرمىگەن كۈنى بىئاراملىق ھېس قىلىپ، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، — نىياز بەگمۇ ئۇنىڭ گېپىگە يارىشا جاۋاب بەردى.

— سىلىنى زىيارەت قىلىشىمىزنىڭ بائىسى، — دەپ سۆز باشلىدى ئابدۇقادىر مۇپتى، — «خان ئوغۇللىرى»نىڭ يېڭى پەرمانى توغرۇلۇق...

— يېڭى پەرمان دەمدىلا؟ — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى نىياز بەگ، ئۇ راستتىنلا ياقۇپ خوجىنىڭ يېڭى پەرماندىن خەۋەرسىز ئىدى.

— سىلىنىڭ ئۇ پەرماندىن خەۋەرلىرى يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى غازى بەگ.

— قايسى پەرماندىن دەيدىلا؟ — دېدى ئۇ.

— ياقۇپ خوجام توققۇزكەنتتە تۇرۇۋاتقان ئادەملەرگە ئۇ يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئوردىغا بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ. قالغىنى ئۆزۈڭلارغا قالسۇن، دەپ پەرمان بېرىپتۇغۇ.

— ھە، بۇ گەپنى دېسىلە، — دېدى نىياز بەگ خۇددى ياقۇپ خوجا پەرمان بېرىشتىن ئاۋۋال ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندەك بىپەرۋالىق بىلەن، — مەن تېخى خان خوجا بالام ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېڭى پەرمان چىقاردىمىكىن دەپ قاپتىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوردا ئەركانلىرى بىر - بىرىگە مەنىلىك ھالدا قاراشتى.

— سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا خوجامنىڭ بۇ پەرمانىغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى مەسلىھەتلىشەيلى دەپ كېلىۋىدۇق، — دېدى غازى بەگ.

نىياز بەگ گەرچە ياقۇپ خوجىنىڭ بۇ پەرمانىنى ئاڭلاپ، خۇددى ئوردا ئەركانلىرىغا ئوخشاش ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئىلاجى بار ئۇنى بىلىندۈرمەسكە تىرىشتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بېشى ياقۇپ خوجىنىڭ پەرماندىن نەچچە ھەسسە مۇھىم ۋە ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدىغان تەشۋىشلەر بىلەن قېتىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ بۇ تەشۋىشلىرى بەجايىكى موزدۇزلار ئۇلتاڭغا قاقىدىغان ئۇششاق مىخلاردەك مېڭىسىگە سانجىلاتتى ياكى ئەتىيازنىڭ قويۇق تۇمانلىرىدەك كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلاشتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى پاراكەندە قىلغان بۇ تەشۋىشلەر ياقۇپ خوجا خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان كۈنى قىزى ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە كېلىشى بىلەن باشلانغانىدى.

نىياز بەگ ئوردىدا بولغان زىياپەتتىن قايتىپ كەلگەندە،

خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان ئىززەت ئاغىچا:
— ئاتىسى، بىزنى خان ئاغىچا قىزىم يوقلاپ كەپتۇ، — دەپ ئالدىغا چىققانىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاغىچىسىدىن ئارتۇق خۇشال بولغان نىياز بەگ:
— ئالتۇن قىزىمنىڭ مۇبارەك قەدىمى بىشىمىزنى كۆككە يەتكۈزۈپتۇ، — دەپ قىزىنى قۇچاقلاپ، پىشانىسىگە سۆيگەنىدى.
ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتىسمۇ، ئايشەم ئاغىچا تۇتۇۋاتقان ئۆيۈم، تەربىيەلەۋاتقان باللىرىم بار دېمەي، ئەر چىقمىغان قىزلاردەك دومسىيىپ يۈرىۋەردى. بۇ ھال نىياز بەگنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ ئىززەت ئاغىچىدىن گەپ ئالماق بولۇپ:
— خان قىزىمىنىڭ ھۆرمىتىگە غوجىزادىلەر بىلەن بەگزادىلەرنىڭ ئاغىچىلىرىنى چاقىرىپ زىياپەت بەرسەك قانداق بولىدىكىن؟ — دېۋىدى، ئىززەت ئاغىچا ئېتىراز بىلدۈرۈپ:
— خان قىزىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىمەن دېسە، ئالدى بىلەن شۇلار زىياپەت بەرمەمدۇ؟ — دېدى.
«بىر ھېسابتا بۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، — دەپ ئويلىدى نىياز بەگ، — خان قىزىم ئۇلارنىڭ زىياپىتىگە بارسا، ئەقلى بار ئادەملەر ئۇچۇن كاتتا ئابرۇي ئەمەسمۇ؟...»
ئارىدىن ھەپتە ـ ئون كۈن ئۆتتى، ئاڭغىچە ئىززەت ئاغىچىنىڭ قۇلىقىغا يەكەندىكى ئاغىچىلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەپقاچتى گەپلەر يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى: «ئايشەم ئاغىچا سىمىزلىكىنى كۆتۈرەلمەي، يامانلاپ كەپتۇ»... «ياق، ياقۇپ خوجامنىڭ دىلىنى ئاغرىتقانىكەن، قوغلىۋېتىپتۇ!»، «ئۇنداق ئەمەس، ھېلىقى بايان ئاغىچا دېگەن ئۆزىنىڭ جۇڭغار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئايشەم ئاغىچىغا قېيىنئانىلىق قىپتىكەن، شۇنىڭغا چىدىماپتۇ!» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەردىن ئىبارەت ئىدى. بىر كۈنى گەپتىن گەپ چىقىپ، ئايشەم ئاغىچىدىن سورىۋىدى، ئۇ:
— سىلى ئانا، كىچىك بالىدەك خەقلەرنىڭ گەپلىرىگە

www.uyghurkitap.com

ئىشەنمىسىلە، ئەردىن باشقا ئەرمىكى يوق بىكارچى خېنىملارنىڭ ئاغزىنى ياپقىلى بولامدۇ؟ مەن سىلەردىن ئايرىلىپ كەتكەنگە يىگىرمە نەچچە يىل بوپتۇ. ھەر يىل ئۈچۈن بىر كۈن تۇرساممۇ يىگىرمە نەچچە كۈن تۇرۇپ، كۆكسى ـ قارنىمنى قاندۇرمايمەنمۇ؟ — دېدى.

«بۇمۇ توغرا گەپ، — دېگەن ئويغا كەلدى ئىززەت ئاغىچا، — ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۆيى، قانچە تۇرسا تۇرىۋەرمەمدۇ، بۇ ئەپقاچتى گەپلەر ئايشەم قىزىمنىڭ خان ئاغىچا بولغىنىغا چىدىماي ئىچى كۆيگەن خوتۇنلارنىڭ تاپقان گەپلىرىدۇ. تىل دېگەننىڭ سۆڭىكى يوق نەرسە ـ دە ...» ئۇ مۇشۇنداق ئويلار بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بەرگەن بولسىمۇ، بەربىر كۆڭلى ئەمىن تاپالماي، ئەتىسى ئوردا ھەرەمخانىسىغا باردى. لېكىن، ئۇ يەردىكى مەتتاشە ئاياللار نىسا بېگىم بىلەن مۇبارەك خېنىمدىن ھېچ نەرسە ئۇقالمىدى. بايان ئاغىچىدىن سوراشقا پېتىنالمىدى.

شۇ كۈنى ئىززەت ئاغىچا نىياز بەگنىڭ قېشىغا كىرىپ قىزىدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى سۆزلەپ، ئاخىرىدا:

— خان قىزىمغا خان بالام بىر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلماپتۇ. مەتتاشە ئايال مۇبارەك خېنىمنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ھېلىقى بايان ئاغىچا دېگەن جۇڭغار خوتۇن ئوغلى بىلەن قەشقەرگە كەتكىلى ئۇنىماپتىكەن، خان قىزىم شۇ خوتۇننىڭ ھەرەمخانىدا قالغىنىغا بىزە جىلە بولۇپ ئاچچىقىغا پايلىماي، بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنىكەن، — ئۇ سەل توختىۋېلىپ، — دېمىسىمۇ، ئۇ ئاغىچا رەھمەتلىك دانىيال خوجام بولمىغاندىن كېيىن ئوغلى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، شۇ يەردە كىرىلىپ يۈرمەمدۇ؟ — دېدى.

— شۇنداقمۇ؟ شۇنداقمۇ ئىشلار بوپتىكەن دېسىلە، ئاغىچا؟ — دېدى نىياز بەگ، — شۇ «بىر بالاسى بولمىسا، چۆلدە قويرۇق نە قىلۇر» دېگەندەك ئىش بوپتۇ ـ دە، — ئۇ بىرىپەس جىم

تۇرغاندىن كېيىن، — قايسى كۈنى زىياپەت بەرگەندە خان خوجا بالىمىز خان قىزىمىز بىلەن كۆرۈشمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كۆرۈشۈشنىغۇ كۆرۈشتى، بىراق خان خوجا بالام خۇددى خان قىزىم دېگەندەك: «سىلىمۇ ماڭا ئوخشاش جۇڭغارلارنىڭ قولىدا ئۇزاق يىللار مۇهاجىرەتتە بولۇپ، رىيازەت چەكتىلە، كۈن ئارىلاپلا ئاتام بىلەن ئانامنى چۈشەپ قاپتىمەن، دەپ كۆز ياشلىرىنى تۆكەتتىلە، مانا ئەمدى ئۇلار بىلەن دىدارلىشىش پۇرسىتى كەپتۇ. ئاغىچا ئانام بىلەن بەگ ئاتامنىڭ يېنىدا يۈرەكلىرى قانغۇچە تۇرسىلا ...» دەپتۇدەك.

— شۇنداق دېسىلە. خان قىزىم تۇتۇۋاتقان ئۆيۈم بىلەن تەربىيەلەۋاتقان بالىلىرىم بار دەپ ئويلىمامدىكەن؟

— نېمىشقا ئويلىمىسۇن؟ ئۇلارنىڭ گېپىنى كۈنىگە نەچچە قېتىم قىلىدۇ.

— ئەمىسە چۈشەندۈرۈپ ئېيتسىلا، «قىز بالا دېگەن ئەردە ياخشى» دېگەن گەپ بار. خان قىزىمنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىدىن خان خوجا بالامنىڭ ئۆيىدە تۇرغىنى ئۆزى ئۈچۈنمۇ، بىز ئۈچۈنمۇ كاتتا بەخت ـ سائادەت.

— خان بالام ئۆزى كېلەلمىسىمۇ، بىرەر كىمنى ئەۋەتىپ قويسا بوپتىكەن.

— گەپنىڭ مېغىزى شۇ يەردە، خان خوجا بالام كىشى ئەۋەتمىگەندىكىن، خان قىزىم ئۆزى بېرىشى كېرەك.

— نېمە دەيدىلا؟ — دېدى جەھلى چىققان ئىززەت ئاغىچا ساغا هۇرپەيگەن مېكىياندەك، — خان قىزىمنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنى سىلىگە ئېغىر كەلسە، ماڭا ئېغىر كەلمەيدۇ. قىزلىرىغا سىلى ئىگە بولالمىسىلا، ئۆزۈم ئىگە. زېرىككۈچە تۇرىۋەرسۇن.

جەھلى قېتىپ تۇرغان ئادەمگە گەپ قىلىشنىڭ هاجەتسىزلىكىنى بىلىدىغان نىياز بەگ ئۈنچىقمىدى.

كۈنلەر يەنە ئۆتىۋەردى. يا ياقۇپ خوجا نىياز بەگنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆيگە كىشى ئەۋەتمىدى، يا ئايشەم ئاغىچا ئۆيگە قايتمىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان كېسەلنىڭ ساقىيىشى ئەمرىمەھەل بولغاندەك، قىزىنىڭ ئۇزاققىچە ئۆيگە بارماي تۇرۇۋېلىشى، ياقۇپ خوجىنىڭ بۇ ھەقتە ھېچقانداق سۈرۈشتە قىلماسلىقى نىياز بەگنىڭ تەشۋىشىنى ئاشۇراتتى. «بۇنى قانداق قىلىش كېرەك، ھە؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — يا بىر ئادەمگە ئېيتىپ مەسلىھەت سورىغىلى بولمىسا، يا بۇ خان قىزىم تەتۈرلۈك قىلىپ ئۆيگە كەتمىسە، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ياقۇپ خوجامنىڭ نەزىرىدىن قېلىشىمغا سەۋەب بولمامدۇ؟»

نىياز بەگ مۇشۇنداق چىگىش خىياللارغا بېرىلىپ يۈرگەندە، ياقۇپ خوجىنىڭ يېڭى پەرمانىغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى سوراپ ئوردا ئەركانلىرىنىڭ كېلىشى گويا دۇمبىسىدىن تۈگلۈك ئاچقاندەك ئىچ - قارنىنى يورۇتۇپ، كاللىسىدىكى چىگىش خىياللىرىنى، ئۇيقۇسىنى قاچۇرغان تەشۋىشنى ھەيدەپ تاشلىغاندەك بولدى. ئۇ ياقۇپ خوجىنىڭ توققۇزكەنتتىكى دېھقانلارغا بەرگەن پەرمانىنى قوللاپ، ئۆزىمۇ ئۆزىگە قاراشلىق ۋەخپە يەرلەردىكى ئادەملەرگە شۇنداق ئىمتىياز بېرىشنى، بۇ ئارقىلىق ياقۇپ خوجىغا قېيىنئاتىسىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ۋە خان خوجا كۈيۈ ئوغلىنىڭ ئالدىدا ئايشەم ئاغىچىنىڭ تىلىنى ئۇزۇن قىلىشنى ئويلىدى - دە:

— خان بالامنىڭ بۇ پەرمانى تولىمۇ ئادىل. كىشىلەرگە بولغان خەيرخاھلىق بىلەن ساخاۋىتىنىڭ نەمۇنىسىدۇر، — دېدى، — مەنمۇ مەزكۇر پەرماندىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۆزۈمگە قاراشلىق ۋەخپە يەرلەردىكى دېھقانلار تاپشۇرىدىغان ھوسۇلنىڭ يېرىمىدىن كەچمەكچى بولۇۋاتىمەن.

ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئارىسىدا خەسىسلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان نىياز بەگنىڭ بۇ گېپى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلار بۇ ئادەمگە ياقۇپ خوجىنى ئۆز پەرمانىدىن

يالتىيىشقا تەسىر قىلىدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن كەلگەنىدى. ۋاھالەنكى، ئۇنداق بولمىدى، ئۆيدە بىر دەقىقە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— سىلى قانداق ئويلايدىلا، مۇپتى ھەزرەتلىرى؟ — دەپ سۆز قاتتى بىر چاغدا غازى بەگ، — ئۆزلىرى تەۋەججۇھ قىلىپ ئولتۇرغانلىرىدا رىسالەتپاناھ ئەلەيھىسسالام «قۇتبىل ئەقتاب»لىق لىباسىنى كىيدۈرگەن خوجا جاھان خوجامنىڭ، يەنى ياقۇپ خوجامنىڭ بۇ پەرمانىنى ئىلگىرىكى پەرمانلىرىغا ئوخشاش قوللايدىغاندىلا؟

ياقۇپ خوجىنىڭ بۇنداق پەرمانلارنى بېرىشىنى، خانلىق ئىشلاردا ئاتىسىدىن ئۆزگىچىرەك يول تۇتۇشىنى ئويلاپ كۆرمىگەن ئابدۇقادىر مۇپتى ئۆزىنىڭ بارات ئاخشىمى تەۋەججۇھ قىلىپ ئولتۇرغاندا كۆرگەن كارامەتلىرىنى جۈمە مەسچىتىنىڭ خۇتبىسىغا چىقىپ، جامائەتكە سۆزلىگەنلىرىنى ۋە بۇ كۆرگەن كارامىتىنى مەدداھلار ئارقىلىق كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن پەرمانقۇل ئىشانغا يېزىپ بەرگىنىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— ئەلۋەتتە قوللايمەن! مەنمۇ ياقۇپ خوجامنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ، ئۆز ۋەخپەمدە ئىشلەۋاتقان ئادەملەرگە ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى ھەدىيە قىلىمەن، — دېدى.

— مەنمۇ ھەم سىلىگە ئوخشاش قارارغا كەلدىم، — دېدى غازى بەگ ئۆز ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ.

— مەنمۇ قاتاردىن قالمايمەن، — دېدى پەرمانقۇل ئىشان، — «پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ» دېگەندەك، ياقۇپ خوجىنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈش ھەم ۋاجىپتۇر.

قاتتىق يامغۇردىن كېيىن پەيدا بولغان سەل ئۆز يولىدا بىردەم سايىنىڭ ئۇ ياقىسىنى، بىردەم بۇ ياقىسىنى يالاپ ئاققىنىغا ئوخشاش، بايلا ياقۇپ خوجامنىڭ ئاخىرقى پەرمانىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي نىياز بەگ بىلەن

www.uyghurkitap.com

مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بۇ ئادەملەر ئەمدى نارازىلىقىنى ئۇنتۇپ، ياقۇپ خوجىنىڭ مەزكۇر پەرمانىنى خەلققە بولغان خەير ـ ساخاۋەتنىڭ نەمۇنىسى دەپ ھېسابلاشتى.

ــ كوزىغا قويۇلغان لاي سۇ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن تىنىپ، سۈزۈلۈپ قالغانغا ئوخشاش، ــ دەپ سۆزگە ئارىلاشتى باياتىن ئېغىز ئاچماي ئولتۇرغان ھوشۇر قازى، ــ ئەتىگەندىن بېرى ئوي ـ خىياللىرىمىزنى چۇلغىۋالغان ئەندىشە ـ تەشۋىشلەر تارقىلىپ، ئىنشائاللا ئەقىل ـ پاراسىتىمىز غالىب كەلدى. ئەگەر ھەربىرلىرىگە توغرا كەلسە، پېشىندىن كېيىن ئوردىغا بېرىپ ھەزرىتى خوجامنى زىيارەت قىلساق ۋە ئۇ زاتنىڭ توققۇزكەنتتىكى دېھقانلارغا قىلغان ساخاۋىتىدىن تەسىرلىنىپ، بىز ھەم ئۆز ۋەخپىلىرىمىزدە ئىشلەيدىغان دېھقانلارغا شۇ يوسۇندا ساخاۋەت قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىمىزنى ئىزھار قىلساق، ئۇ كىشى بىسيار خۇشال بولار ئىدى.

ــ ئەلۋەتتە...

ھوشۇر قازىنىڭ تەكلىپىگە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى.

※ ※ ※

بۈگۈن ياقۇپ خوجا ئابدۇللا باقاۋۇل بىلەن «خانلىق» مەدرىسىگە باردى. ئۇنى شەھەرلەردىكى باشقا مەدرىسىلەردىن كەلگەن مۇدەررىسلەر، خەلپىلەر ۋە ئىمام ـ خاتىپلار بولۇپ ئەللىككە يېقىن ئادەم كۈتۈپ تۇراتتى. ياش قۇرامى بىلەن بوي ـ تۇرقى ۋە ئۈچىسىغا كىيگەن كىيىملىرى ھەر خىل بۇ ئادەملەرنىڭ باشلىرىغا ئورىغان سەللىلىرى بىر خىل ئىدى. پەقەت ئىككى نەپەر ئاق ساقاللىق ئادەملا سەللە ئورىماي،

يېنىككىنە سەلۋە تۇماق كىيىۋالغان.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەئىدخان نامىدا سېلىنغان بۇ مەدرىسە يىللارنىڭ ئۆتۈشى، زامانلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆز نامىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، سىرتى ـ سىپاتىدىن ئايرىلىپ خارابلاشقانىدى. بولۇپمۇ ئاپاق خوجا جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ يەكەننى ئىشغال قىلغاندا، ئىنتايىن خانىۋەيران بولۇپ، رەڭدار كاھىشلار يېپىلغان قۇببىلىرى بۇزۇلغان، نەقىشدار تاملىرىنىڭ سۇۋاقلىرى سويۇپ تاشلانغان، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى سۇندۇرۇلغان ياكى كۆيۈپ كەتكەنىدى. مەدرىسىنىڭ كىتابخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازمىلار، شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك دىۋانلىرى، پارس ـ ئەرەب تىلىدىكى كۆپلىگەن كىتابلار، رىسالىلەر كۆيدۈرۈپ تاشلانغانىدى. دانىيال خوجىنىڭ دەۋرىدە بۇ مەدرىسىنىڭ ئالدىدىكى مەسچىت بىلەن مۇدەررىس ۋە ئىلمىي تالىپلار تۇرىدىغان بىرنەچچە ئۆيلەر ئاز ـ تولا تەمىر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسمى يەنىلا ۋەيرانە ھالەتتە ئىدى. بۇ يەردە ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر ئاللىقاچان ئۇۋىسى بۇزۇلغان قۇشلاردەك تېزىپ كەتكەن. ھازىر بارلىرى بولسا ئۆز تىرىكچىلىكىنى ئىلمىي تالىپلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بەرگەن ئاز ـ تولا خەير ـ ئېھسان بىلەن ئۆتكۈزەتتى. مەدرىسىدە ئوقۇتۇلىدىغان ساۋاقلارمۇ ئىنقىرازغا ئۇچراپ، پەقەت دىنىي ئىسلامغا دائىر ۋە ئۇلارغا قوشۇپ «ئىسھاقىيە» مەزھىپىنى ئۇلۇغلايدىغان ساۋاقلار ئوقۇتۇلاتتى. مەدرىسىنى تاماملاپ چىققان تالىپلار شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەرگە ئىمام ـ خاتىپ بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلەتتى.

ــــ ھۆرمەتلىك ئۆلىمالار، مۇدەررىسلەر، خەلپىلەر، ئىشانلار ۋە ئىمام ـ خاتىپلار، ــــ دەپ سۆز باشلىدى ياقۇپ خوجا، ــــ

رەسۇلـلـلانىڭ «سۆھبەت ئادەملـەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ» دېگـەن ھەدىسىگە ۋە دانىشمەنلەرنىڭ «بىلىملىك ئادەملەر جەمئىيەتنىڭ راۋاج تېپىشىدا ئاساسىي كۈچ مەنبەلىرىدۇر» دېگەن سۆزلىرىگە ئاساسەن سىلەرنى كەڭتاشا سۆھبەتلىشىشكە تەكلىپ قىلدىم. سىلەردىن تـەلەپ قىلىدىغىنىم، خانلىقىمىزدىكى ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرى ھازىر قانداق كېتىۋاتىدۇ؟ ئۇنى ياخشىلاش ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىش لازىم؟ مەدرىسىلەردە ئوقۇلۇۋاتقان ساۋاقلار ئىلمىي تالىپلارنى قانائەتلەندۈرۈۋاتامدۇ؟ مانا مۇشۇلار ھەققىدە ھەرقايسىڭلارنىڭ پىكىر ـ مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاي دېۋىدىم.

— ئەقىل ـ پاراستى بىلەن خەلقىمىزنىڭ دىلىغا نۇر چاچىدىغان ھۆرمەتلىك ياقۇپ خوجام ھەزرەتلىرى، — دېگەن تەنتەنىلىك تەرىپاتلار بىلەن سۆز باشلىدى مۇشۇ مەدرىسىنىڭ ۋاقىتلىق مۇدەررىسى ساۋۇر ئاخۇن، — مۆتىۋەر كىتابلاردا «دىن بىلەن پادىشاھلىق قوشكېزەكتۇر» دەپ يېزىلغانىكەن. مەرھۇم دانىيال خوجام ھەزرەتلىرى بىر قولىدا دىنى ئىسلامنى، يەنە بىر قولىدا ئەل ئىشلىرىنى تۇتۇپ ئېلىمىزگە تىنچلىق، رەئىيەتكە بەخت ـ سائادەت كەلتۈرگەنىدى. مەكتەپ، مەدرىسىلەردىكى دىنىي بىلىملەر «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ پېشۋالىرىنى ئۇلۇغلايدىغان، ئۇلارنىڭ كارامەتلىرى بىلەن ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى مۇستەھكەملەيدىغان ساۋاقلار ئوقۇتۇلۇۋاتىدۇ. نەتىجىدە بەزى مەدرىسىلەردىكى ئىلمىي تالىپلار تېخى ياشلىقىدا قارىماي «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ ئىشەنچلىك مۇخلىسى بولۇپ، ئىشانۇ مۇرشىتلىرىمىزغا بەيئەت قىلدى. «ئىشقىيە»چى خوجا ـ ئىشانلار دەۋرىدە «قارا مۇسۇلمان» دەپ ئەيىبلەنگەن «ئىسھاقىيە»چى مۇخلىسلارنىڭ باللىرى ھازىر ھەربىر جايدىكى مەدرىسىلەردە ئىلىم تەھسىل قىلماقتا. ۋاھالەنكى، بەزى مەدرىسىلەردە ئىلىم ـ مەرىپەت

ئىشلىرىدىكى مۇنداق تەرەققىياتلارغا قانائەت قىلماي، ئىقلىمات (جۇغراپىيە)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، شىپاھىيە (تېببىي ئىلىم)، ئىلمىي غايىب (كان ـ مەدەن) دېگەنگە ئوخشاش ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئىلكىدىكى شەيئىلەرنى ئوقۇتۇپ، دىنىمىزنىڭ رەۋناقىغا تەسىر يەتكۈزگەن ئەھۋاللارمۇ سادىر بولغانىدى. خۇداغا شۈكۈر، شەھىرىمىزدىكى «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىگە سادىق ئىشان ـ موللىلىرىمىزنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن بۇ بىدئەت ساۋاقلارنى ئوقۇتۇش مەنئى قىلىندى.

— تاۋارىخ بىلەن ئەدەبىيات ساۋاقلىرىنىمۇ مەنئى قىلدۇق، — دەپ قوشۇمچە قىلدى چەتتىرەك ئولتۇرغان بىر خەلپە.

— مەزكۇر ساۋاقلارنى مەنئى قىلىپ ئالغان پايدىمىز شۇ بولدىكى، تالىپلارنىڭ «ئىسھاقىيە» سۇلۇكى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرراق بىلىم ئېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى، — ساۋۇر ئاخۇن ئىككى كەتمەن توپىنى چەتكە تاشلاپ «ئاكاڭ قارىغاينى كۆردۈڭلارمۇ؟» دېگەن ئەلپازدا ئولتۇرغانلارنىڭ «بارىكاللا» دېگەن ئالقىشىنى كۈتۈپ، ئەتراپتىكىلەرگە تەكەببۇرلۇق بىلەن كۆز تاشلىدى. لېكىن، ئولتۇرغانلار ئۇنى ئالقىشلاشنىڭ ئورنىغا بىر دەقىقە جىمىپ كەتتى. ئۇلار «ساۋۇر ئاخۇننىڭ گەپلىرىگە ياقۇپ خوجا قانداق قارايدىكىن؟» دېگەن خىيالدا بولدى. ساۋۇر ئاخۇن بولسا «قىلغان گەپلىرىم ھەممە ئادەمنى قايىل قىلسا كېرەك» دېگەن ئويغا كېلىپ، يەنە سۆزلىمەك بولۇۋىدى، ياقۇپ خوجا:

— ئەمدى باشقا كىشىلەرگە نۆۋەت بېرەيلى. ئۇلارنىڭمۇ ئوي ـ پىكرى باردۇر، — دەپ توختىتىپ قويدى. شۇ چاغدا:

— مېنىڭ ئېيتىدىغانلىرىم ھۆرمەتلىك ساۋۇر ئاخۇننىڭ گەپلىرىگە ئوخشىمايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېگەن سالىھ خەلپىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنىڭغا جاۋابەن:

— قېنى، قېنى، سىلىنىڭ گەپلىرىنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى، —

دېدى ياقۇپ خوجا. بۇ گەپ سالىھ خەلپىگە ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئالدىغا قويۇلغان چىمنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ راۋان ئېقىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقاندەك تەسىر قىلدى. ئۇ ياقۇپ خوجىنىڭ شەنىگە ھېچقانداق مەدھىيە سۆزلەر قىلماي، سۆزىنى باشلىدى:

— بىزدە «ئاتىسى ياخشى ئۆينىڭ نېنى پۈتۈن بولىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. بۇ دېمەك، پاسىبانى ياخشى ئەلنىڭ تۇرمۇشى پاراۋان بولىدۇ، دېگەن سۆزدۇر. بۈگۈن ھەزرىتى ياقۇپ خوجامنىڭ ئالىم ـ پازىللار بىلەن مۇلاقاتتا بولۇشى خەلقىمىزنىڭ غېمىنى قىلىپ ئىلىم ـ مەرىپەتكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. بىر چاغلاردا بىزنىڭ بۇ دىيارىمىزدىن ئىلىم ـ مەرىپەتتە ئىسلام دۇنياسىغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر زاتلاردىن مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئەللامىلار يېتىشىپ چىققانىدى. سەئىدىلەر زامانىدا بولسا كاتتا ئەرباب سەئىدخان، ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر سۇلتان ئابدۇرېشىتخان، مۇقامشۇناس ئالىمە ۋە شائىرە ئامانىساخان، تارىخچى ئەدىب مىرزا مەھمۇد چۇراس قاتارلىق كۆپلىگەن ئادەملەر يۇلتۇزدەك پارلىغانىدى. بۇ چاغلاردا يەكەن، قەشقەرگە ئوخشاش شەھەرلەردە كاتتا مەدرىسىلەر بەرپا قىلىنىپ، ئۇلارغا ئاتاقلىق ئالىملار مۇدەررىسلىك قىلاتتى. بۇ مەدرىسىلەرگە كۆپلىگەن باشقا ئەللەردىن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. خەلقىمىزنىڭ مەرىپەت ئىشلىرى شۇنچىلىك راۋاج تاپقانىدىكى، ئەرەب ـ پارس، ھىندى تىللىرىدا پۈتۈلگەن كىتابلار تەرجىمە قىلىنىپ، ئەل ئىچىگە تارىلاتتى. سەئىدىيە خانلىقى مۇنقەرزگە ئۇچراپ، ئاپاق خوجا ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن خەلقنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. مەن بۇ ھەقتە تەپسىلىي سۆزلىمىسەممۇ ھەربىرىڭلارغا بەش قولدەك ئايان. ھەزرىتى دانىيال خوجام دەۋرىدە بەزى مەدرىسە،

مەكتەپلەر ئاز ـ تولا ئىسلاھ قىلىنىپ، تالىپلار بىلىم ئېلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن قانائەت قىلغۇدەك بولمىدى، — ئۇ گېپىنى توختىتىپ بىرپەس دېمىنى رۇسلىۋالدى ـ دە، — مەن پەيغەمبىرىمىنىڭ «تەڭرىنىڭ نەزىرىدە، ئەڭ ياخشى گەپ راست گەپتۇر» دېگەن ھەدىسىگە ئاساسلىنىپ، ئۆزۈمنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە راست گەپلىرىمنى ئېيتماقچىمەن، — دېگىنىچە گېپىنى داۋام قىلدى، — ھازىر خەلقىمىز سەئىدىلەر زامانىسىدەك بىر پۈتۈن ئەمەس. بۇنىڭ بائىسى ئەجدادلىرىمىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنىمىزنى تەرىقەتچى خوجا ـ ئىشانلار شاخلاندۇرۇپ، ئۆزلىرى ئويلاپ تاپقان بىرقانچە مەزھەپلەرگە، مەسىلەن، غەۋسىيە، كۇبرىيە، ئىسھاقىيە، ئىشقىيە، داۋانىيە، چىستىيە، ئىمامى رەببانى، نەقشبەندىيە، خوپىيە، قادىرىيە، قەدىمىيە، جەھرىيەگە ئوخشاش مەزھەپلەرگە بۆلۈۋەتتى. ھەرقايسى ئىشان ئۆزلىرىگە مۇرىت ـ مۇخلىسلارنى توپلىدى. خەلقىمىزنىڭ بىرلىكى پارچىلىنىپ كەتتى. بۇ مەزھەپ ۋە سۇلۇكلەرنى قوبۇل قىلغان ئادەملەر بولسا ئاللاتائالا بىلەن رەسۇلىللا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ خاھىشىغا — تەرىقىتىگە (سۇلۇكىگە) ماسلاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىدىغان بولدى. ئاخىرقى دەۋرلەرگە كەلگەندە، بۇ كۆپلىگەن مەزھەپلەر ئىچىدە «ئىشقىيە»چىلەر بىلەن «ئىسھاقىيە»چىلەر ئۆز پائالىيىتىنى كۈچەيتىپ، «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» گۇرۇھلىرىنى پەيدا قىلدى ۋە بۇ مەزھەپلەرنىڭ پېشىۋالىرى بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالماي، ئۆتكەن ئەللىك يىلنىڭ ئىچىدە مىڭلىغان ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ تالاپەت تېپىشىغا سەۋەبكار بولدى. ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئورنىنى جاھالەت ئىگىلىدى. ئاللا ـ تائالانىڭ: «دىنىنى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار!»، «سىلەر دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە ـ پىرقە بولۇپ، ھەربىر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشاللىنىدىغانلاردىن بولماڭلار !» دېگەن كالاملىرىغا، رەسۇلىللا ئەكرەمنىڭ: «بۆلۈنۈپ كېتىشتىن

ساقلىنىڭلار... كىمكى جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇشنى خالىسا، كۆپچىلىك بىلەن بىللە بولسۇن» دېگەن ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلمىدى...

سالىھ خەلپىنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، ساۋۇر ئاخۇن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— سىلى، سالىھ خەلپە، مۇشۇ مەسلىھەت يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان خوجامنىڭ «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، — دېدى.

ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يەنە بىر مۇدەررىس:

— «ئىشقىيە»چىلەر بىزنى «قارا مۇسۇلمان» دەپ تەقىپ قىلغاندا، ئۇلارغىمۇ مۇشۇنداق ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئېيتقان بولسىلا بوپتىكەن، — دەپ تەنە قىلدى.

دېرىزە تەرەپتە ئولتۇرغان ئۆچكە ساقاللىق بىر كىشى:

— بۇ خەلپە كوزا دەسسەپ سالغان ساتىراشتەك گەپ قىلىپ كەتتىغۇ، — دېۋىدى، ئولتۇرغانلارنىڭ بىر قىسمى پىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سۆزلىرىنى داۋام قىلسىلا، خەلپە، — دېدى ياقۇپ خوجا «ئىسھاقىيە» مەزھىپىگە سادىق بۇ ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار بەرمەي.

— ئەگەر «ئىشقىيە»چىلەر دەۋرىدە مۇشۇ ياشتا بولسام، — دەپ سۆز باشلىدى سالىھ خەلپە سىپايىلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ، — ئۇلارنىڭ پېشۋالىرىغىمۇ مۇشۇنداق گەپلەرنى ئېيتقان بولاتتىم. لېكىن، ئۇ چاغلاردا رەھمەتلىك ئانام ئېغى يوق ئىشتان كىيدۈرۈپ، كۆڭلىكىمنىڭ ئارقىسىنى چىگىپ قوياتتىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ياقۇپ خوجا باشلىق بىرقانچە ئادەملەرنىڭ چىرايىدا كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى.

— پەرەز قىلىشىمچە، تارىخىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ياقۇپ خوجام ئىنكار قىلمىسا كېرەك. ئەمدى مېنىڭ

گەپلىرىمنى «كوزا دەسسىگەن ساتىراشنىڭ گېپى»گە تەققاسلىغان جانابقا بېرەر جاۋابىم شۇكى، ئۇ ساتىراش دەسسىگەن يېرىدە ئىچى ئالتۇن بىلەن تولغان كوزا بارلىقىنى بىلمەي پادىشاھىئالەمگە ھەيۋە قىلغان بولسا، مەن ھەزرىتى ياقۇپ خوجامنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپلا «ئەپۇ ـ ئومۇمىيە» جاكارلىغانلىقى، رەئىيەتنىڭ خوجىلار بىلەن ئىشانلارغا ھەپتىدە بىر ياكى ئىككى كۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشنى مەنئى قىلغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ۋەخپە يەرلىرىدە ئىشلەۋاتقان ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش مەئىشىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۇلارغا ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى قالدۇرغانلىقىدەك ئالتۇندىنمۇ قىممەت پەرمانلىرىنى ئاڭلاپ، يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم.

ئولتۇرغانلار بۇ گەپكە ياقۇپ خوجا نېمە دەيدىكىن دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراشتى. ياقۇپ خوجا سالىھ خەلپىگە رازى بولغان ۋە زوقلانغان قىياپەتتە نەزەر تاشلىدى.

— گېپىمنىڭ ئاخىرىدا دېمەكچى بولغىنىم، ھۆرمەتلىك ياقۇپ خوجام ھەزرەتلىرى، — دېدى سالىھ خەلپە، — بىزنىڭ دىنىمىز «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شېرىپنى ئوقۇتۇش بىلەن چەكلەنمەيدۇ. رەسۇلى ئەكرەم ئىلىملىك ئادەملەرنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشىتىپ: «ئادەملەر يەردىمۇ، دېڭىزدىمۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ يولىنى تاپالايدۇ. ئەگەر يۇلتۇزلار ئولتۇرسا ياكى كۆرۈنمىسە، يولۇچىلار تېنەپ قېلىشى مۇمكىن»① دېگەنىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، بىزنىڭ مەدرىسە، مەكتەپلىرىمىزدە ساۋۇر ئاخۇن جانابلىرى دېگەندەك دىنىي بىلىملەر بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئىقلىمات، ئىلمىي نۇجۇم، شىپاھىيە، ئىلمىي غايىب، تاۋارىخ بىلەن ئەدەبىياتلارنىمۇ ئوقۇتۇشىمىز لازىم.

① «مىڭ بىر ھەدىس» كىتابى، 153 ـ ھەدىس.

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭمۇ ئىككى ئېغىز لەۋزى بىلدۈرگۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى سىرتى ئۆڭۈپ كەتكەن تۇماق كىيىۋالغان ئاق ساقاللىق ئادەم.

— مەرھەمەت، — دېدى ياقۇپ خوجا.

— مەن سالىھ خەلپىنىڭ گەپلىرىگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. مەدرىسە، مەكتەپلەردە دىنىي بىلىملەردىن باشقا، دۇنيا ئىلىملىرىنى ئوقۇتۇش ھەرگىزمۇ بىدئەت ئەمەس، پەيغەمبىرىم: «گەرچە چىندا بولسىمۇ ئىلىم ئۆگىنىشكە ئىنتىلىڭلار، ئىلىم ئۆگىنىش ھەربىر مۆمىنگە پەرز» دېگەن. ئاندىن كېيىن خوجام، كېيىنكى چاغلاردا «ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى ‹ئىشقىيە› سۇلۇكىدىكى ئادەملەر ئىكەن» دەپ، بىرنەچچە تالىپلارنى مەدرىسلەردىن چىقىرىش ئەھۋاللىرى سادىر بولدى. بۇنداق قىلىشمۇ دىنىمىزنىڭ ئەھكاملىرىغا توغرا كەلمەيدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدە «ئاتىسىنىڭ گۇناھى ئۇچۇن بالىسى جاۋابقا تارتىلمايدۇ» دەپ يېزىلغان.

— مېنىڭ قوشۇمچە قىلىدىغىنىم مۇنداق، — دېدى پەگاھ تەرەپتە ئولتۇرغان چار ساقاللىق بىر ئادەم، — بۇرۇن ھەربىر مەدرىسىنىڭ ئىختىيارىدا ئاز ـ تولىدىن بولسىمۇ ۋەخپە يەرلىرى بولىدىغان، مەدرىسىدىكىلەر شۇ يەرلەردىن چىققان دارامەتلەردىن بەھرىمەن بولاتتى. كېيىن ئۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوردا ئىختىيارىغا ئۆتۈپ كەتتى ـ دە، مۇدەررىسلەرمۇ، خەلپىلەرمۇ ئىنسابلىق ئادەملەرنىڭ خەير ـ ئېھسانلىرىغا، تالىپلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بەرگەن سەدىقىلەر بىلەن كۈن كەچۈرمەكتە...

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ ئوردا ئەركانلىرى كىرىپ كەلدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ياقۇپ خوجا ئۇلارنى سورۇنخانىنىڭ يۇقىرىسىغا — ئۆزى تۇرغان تەرەپكە تەكلىپ قىلدى ۋە باياتىنقى ساقاللىق ئادەمگە قاراپ:

— گەپلىرىنى داۋام قىلسىلا، — دېدى.

— ھۆرمەتلىك خوجام ۋە ئوردا ئەركانلىرى، — چار ساقاللىق ئادەم ئوردا ئەركانلىرى دېگەن ئاتالمىنى ئۇلارنى خۇش قىلىش ئۈچۈن قوشۇپ قويدى، — لايىق كۆرسە مەدرىسىلەر ئىختىيارىدىكى شۇ ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئىلاجى بولسا ھەممىسىنى، بولمىسا يېرىمىنى بولسىمۇ قايتۇرۇپ بەرسە.

— قېنى، ئەمدى سىلى گەپلىرىنى داۋام قىلسىلا، — دېدى ياقۇپ خوجا تۇماق كىيگەن ئادەمگە، — مۇنۇ ئىبراھىم خەلپە سىلىنىڭ سەل - پەل دەم ئېلىپ تۇرغان پۇرسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ گەپلىرىنى بۆلۈۋەتكەنىدى.

— ئىبراھىم خەلپىنىڭ گېپىمنى بۆلگىنىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم، زىراكى بۇ خەلپە مېنىڭ دېمەكچى بولغان ئويلىرىمنى بىلىپ قالغاندەك ئەينەن ئۆزىنى ئېيتتى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۆمەر باقى ئاخۇن، — ئاللانىڭ كالامىدا، يەنى «ھۇجۇرات» سۈرىسىنىڭ ئونىنچى ئايىتىدە «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار. رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللادىن قورقۇڭلار» دېسە، ئون بىرىنچى ئايەتتە «ئى مۆمىنلەر! بىر قوۋم يەنە بىر قوۋمنى (يەنى بىر جامە يەنە بىر جامەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قوۋم (ئاللانىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قوۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن» دېيىلگەن. ۋاھالەنكى، بىز بەندىلەرنىڭ كۆپ ئىشلىرى بۇ كەلىمىلەرگە مۇۋاپىق ئەمەس، يەنى «ئىشقىيە» ۋە «ئىسھاقىيە» سۇلۇكلىرىنىڭ پېشۋالىرىغا قول بېرىپ مۇرىت - مۇخلىس بولغان مۆمىنلەر بىر - بىرى بىلەن قۇدا بولۇشمايدۇ، داستىخانلىرىغا بىر - بىرىنى چىللاشمايدۇ، ھەتتا بىر بەندە مۇسۇلمان «ئىشقىيە» سۇلۇكىدىن يالتىيىپ «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنى قوبۇل قىلماق

بولسا، يەتتە يىل ئۆتكۈچە «چىلتەنلىرىم»① مازارىدا يېتىپ سىناقتىن ئۆتۈشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق دىنىمىزنىڭ ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نامۇۋاپىق ئىشلار تېخىچە داۋام قىلماقتا. ئالاھازەل بۇنداق ئىشلارغا خاتىمە بېرىش، ئەلۋەتتە لازىمدۇر.

ياقۇپ خوجىنىڭ يەكەن ئۆلىمالىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى مۇشۇ تەرىقىدە بىرنەچچە سائەت داۋام قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ خوجام «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ پىكىر بەرسەك خوجامنىڭ نەزىرىگە چۈشىمىز دېگەن ئويدا «ئىشقىيە»چىلەرنى يامانلاپ، «ئىسھاقىيە»چىلەرنى ماختاپ سۆزلىدى. بەزىلىرى «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىگە مۇرىت بولسىمۇ ماختىمىدى. بەزىلىرى ئۇ سۇلۇككىمۇ، بۇ سۇلۇككىمۇ تېگىشمەي، ئۆز پىكىرلىرىنى ئېھتىيات بىلەن ئېيتىشتى. ئادەتتە بۇنداق سۆھبەتلەردە ئاساسىي مەسىلىلەرنى خاننىڭ ئۆزى ھەل قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەملەر سۈكۈت قىلىشتى. بەزى ئۆلىمالار بولسا ئۆزلىرىنىڭ «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىگە كىرمەي «خۇدانىڭ قۇلى، مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى» بولۇپ تۇرۇۋاتقىنى ئۈچۈن دىنىي ساھەدىكى مەرتىۋە - ئورنىنىڭ تۆۋەنلىتىلگەنلىكىنى ئېيتىشتى.

— بۈگۈن ھەرقايسىلىرى بىلەن بولغان مۇلاقىتىمىز تولا ئوبدان بولدى، — دەپ رازىلىقىنى بىلدۈردى ياقۇپ خوجا، — بەرگەن پىكىر - مەسلىھەتلىرىڭلاردىن ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم، — ئالدىدىكى شىرەدىن بىرنەچچە بەت خەت يېزىلغان قەغەزلەرنى ئالدى، — سىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئۆلىمالار ئاللاتائالانىڭ ئامانىتىنى خەلققە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشىنىپ تاپشۇرغان مەسئۇل كىشىلەردۇر» دېگەن ھەدىسىنى، «ئىلىم

① چىلتەنلىرىم — بەزى تارىخىي مەنبەلەردە چىلتەن ئاتالغان يەتتە ئادەم 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە يەكەنگە كېلىپ، مۇشۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەنمىش.

ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر. تەقۋالار دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر» دېگەن ھەدىسلىرى بىلەن «روزا ـ ناماز ۋە سەدىقە قىلىشتىنمۇ ئەۋزەل ئەمەلدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇ ئىككى كىشىنى ياخشى ـ خوپ قىلىپ قويۇشتۇر»، «ئادەملەر ئارىسىدا چېقىمچىلىق ۋە بوھتان گەپلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەن ھەدىسلىرىنى، شۇنىڭدەك «دۇنياغا تۆت تائىپە ئادەملەر يارىتىلغان، ئۇلارنىڭ بىرى بىركىمگە ئاللاتائالا بايلىق ئاتا قىلغان بولسا، شۇ بايلىقىدىن ئۆزىلا پايدىلانماي قوۋم ـ قېرىنداشلىرىغا ھەم ئىنايەت قىلىپ تۇرسا ۋە ئىلمى سەۋەبلىك تەڭرىنىڭ ھەققىنى ھەم ئادا ئەتسە — بۇ مەرتىۋىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. ئىككىنچى، بىركىمگە ئىلىم بېرىپ، بايلىق بېرىلمىسە، مېنىڭدە بايلىق بولسا مۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلاتتىم دەپ چىن نىيىتى بىلەن دېسە، شۇنىسى بىلەن سېخىي باينىڭ ساۋابىغا ئىگە بولىدۇ. ئۈچىنچى، بىركىمگە مال ـ دۇنيا بېرىلىپ، ئىلىم ئاتا قىلىنمىسا، قوۋمى ـ قېرىنداشلىرىغا مۇرۇۋۋەتتە بولماي، تەڭرىنىڭ ھەققىنى ئادا ئەتمىسە — بۇ مەرتىۋىلەرنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. تۆتىنچى، بىركىمگە مال ـ دۇنيا ۋە ئىلىم نېسىپ ئەتمىگەن بولسا، ئۇ مال ـ دۇنيايىم ياكى ئىلىمىم بولغان بولسا، پالانچىلارغا ئوخشاش ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولاتتىم دېسە، بۇ نىيىتى بىلەن ئۇلار بىلەن تەڭ ساۋاب تاپىدۇ، تەڭرى ئۇممەتلىرىنى زالاكەتكە (ناتوغرا يولغا) بىرلەشتۇرمەيدۇ. تەڭرى كۆپچىلىككە ياردەم بېرىدۇ. كىمكى كۆپچىلىكتىن ئاجرالسا، دوزاخقا يول ئالغان بولىدۇ»، «قايسىبىر مۆمىن ئىككىنچى بىر مۆمىن بۇرادىرىگە تىغ كۆتۈرسە، تەڭرىنىڭ پەرىشتىلىرى تاكى شۇ تىغنى قايتۇرۇپ ئورنىغا قويمىغۇچە لەنەت ئېيتىپ تۇرىدۇ: بىر ـ بىرىڭلارنى كولاشماڭلار، ئۆزئارا تارتىشماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان كۆرۈشمەڭلار، يۈز ئۆرۈشمەڭلار، ئاللانىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى بولۇڭلار. ھەممە كىشى ئۆلگەندىن كېيىن ساۋابى تېگىپ

تۇرىدىغان ئەمەللەر، ئۇنىڭ تارقاتقان ئىلمى (يەنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن ئىلمى) ئارقىسىدا قالغان پەرزەنتى، مىراس قالدۇرغان قۇرئانى، ياساتقان مەسچىتى، يولۇچىلار ئۈچۈن بىنا قىلغان مېھمانخانىسى، كولاتقان ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرى ۋە تىرىك چاغدا سەدىقە ـ ئېھسان ئۈچۈن ئاجراتقان مېلى»[①] دېگەن ھەدىسلىرىدىن تولۇق خەۋەردار تائىپىدىكى ئادەملەردىن ھېسابلىنىسىلەر، — ئۇ قولىدىكى قەغەزنى شىرەگە قويۇپ، باشقىسىنى ئالدى، — «قۇرئان كەرىم»نىڭ «فاتىھە» سۈرىسىدىكى «ئاللانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللادىن قورقىدىغانلار پەقەت ئالىملاردۇر. ئاللا ھەقىقەتەن غالىبتۇر» دېگەن ئايەتنى، «فۇسسىلەت» سۈرىسىدىكى «ياخشى ئىش يامان ئىش بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. ياخشى خىسلەت ئارقىلىق يامان خىسلەتكە قارشى تۇرغىن، شۇنداق قىلساڭ سەن بىلەن ئاداۋىتى بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئايەتنى، «شۇرا» سۈرىسىدىكى «دىنىنى بەرپا قىلىڭلار. كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى تۈزىسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللا بېرىدۇ. ئاللا ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. كىمكى (ئەزىيەتكە)[②] سەۋر قىلسا (ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن)، ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر» دېگەن ئايەتنى، شۇنىڭدەك «قەلەم» سۈرىسىدىكى «قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى (ھاكاۋۇر)، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم (يەنى ۋەلەد ئىبىن مۇغىرە)گە ئىتائەت قىلمىغىن» دېگەن ئايەتلىرىنى نەچچە قېتىملاپ ئوقۇپ چىققان پازىل ئادەملەرسىلەر، — ئۇ گېپىنىڭ مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە، —

---

① يۇقىرىدىكى ھەدىسلەر «مىڭ بىر ھەدىس» ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان.

② ئەزىيەت — رەنج، ئازار، زىيان ـ زەخمەت.

شۇنداقمۇ دەيمەن، مۇپتى ھەزرەتلىرى؟ — دەپ ئابدۇقادىر مۇپتىغا مۇراجىئەت قىلدى.

— ئارى راست، — دەپ قوللىدى مۇپتى. ئۇ ياقۇپ خوجىنىڭ يەكەندىكى ئۆلىما - پازىل ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلغىنىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

ياقۇپ خوجا قالغان ئوردا ئەركانلىرىغا قاراپ:

— سىلەر بۇ سۆھبىتىمىزگە كېچىكىپرەك كېلىپ داخىل بولدۇڭلار. لېكىن، شۇنىڭغا قارىماي، بۇ ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىنىڭ پىكىر - مەسلىھەتلىرىنى ماڭا ئوخشاشلا قوللاپ - قۇۋۋەتلەيسىلەرغۇ دەيمەن.

ئوردا ئەركانلىرى بولسا:

— شۇنداق، خوجام، شۇنداق، — دېيىشىپ باشلىرىنى لىڭشىتتى.

ئاندىن كېيىن ياقۇپ خوجام سورۇن ئەھلىگە قاراپ:

— سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا سىلەرگە شۇ نەرسىنى ئېيتىمەنكى، — دېدى ئولتۇرغانلارنىڭ كۆڭلىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىغان سوئاللار ھەققىدە توختىلىپ، — مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام ۋاپاتىدىن بىرنەچچە كۈن مۇقەددەم ۋەسىيەت قىلىپ: «ئەي، ئادەملەر ! مەن سىلەرگە شۇنداق نەرسىلەرنى قالدۇرماقتىمەنكى، ئەگەر ئۇلارنى مەھكەم تۇتۇپ ئەمەل قىلساڭلار ھېچقاچان ئاداشمايسىلەر، بۇ نەرسىلەر ئاللانىڭ كىتابى (قۇرئان كەرىم) ۋە رەسۇلۇللانىڭ سۈننىتىدۇر»① دېگەنىدى. بىز ھەممىدىن بۇرۇن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇشۇ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىمىز، شۇنىڭدەك بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرىمىزدا خەلقىمىزنىڭ ئىلىم - مەرىپىتىگە، ئۆلىما - پازىللىرىمىزنىڭ تۇرمۇش - مەئىشىتىد-

---

① بۇ ھەدىس «مۇختەسەر» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

گە قانچىلىك ئىمكانىيىتىمىز بولسا شۇنچىلىك ياردەم بېرى-مىز. دىنىمىزدىكى گۇرۇھۋازلىق، تەپرىقچىلىكلەرگە يول قويـ-مايمىز. مەدرىسە، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلىدىغان ساۋاقلارنى ھەم تەرتىپكە سالىمىز. رەسۇلۇللا: «ئادەملەرنىڭ يامىنى ئادەملەر ئارىسىدىكى يامان ئالىملاردۇر. ئادەملەرنى (توغرا يولدىن) چالـ-غىتىپ، ناھەق يولغا باشلايدىغان ئىماملار دەججال ①دىن ھەم خەۋپلىكتۇر»② دېگەن. بۇنىڭدىن كېيىن دىنىمىزدىكى گۇ-رۇھۋازلىق ۋە تەپرىقچىلىك قىلغۇچىلارغا ھەرگىز يول قويـ-مايمىز. بىزنىڭ دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شېرىپدۇرا — ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېسەم بولىدۇ دېگەندەك بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدى. نەق شۇ چاغدا خانلىق مەدرىسىنىڭ مەزد-ىنى جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن دىگەر نامىزىغا چاقىرىپ ئەزان ئېيتىشقا باشلىدى. ئەزان تۈگەپ، دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — ھەممىلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپلىرىگە رەھـ-مەت. خۇدا بۇيرۇسا، سىلەر بىلەن ۋاقىت يار بەرگەندىلا مۇ-شۇنداق سۆھبەتلىشىپ تۇرىمەن.

※ ※ ※

ياقۇپ خوجىنىڭ ئالىم - پازىللار بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ سۆھبەت مەجلىسى ھەركىمگە ھەر تۈرلۈك تەسىر قىلدى. «ھەر — كىم كۆلىنىڭ سۈيىنى ئۆز چېلىكىگە لايىق ئالىدۇ» دېگەندەك، ئەقىل چېلىكى چوڭ ۋە چوڭقۇرراق ئادەملەر جىقراق ۋە ياخشىراق تەسىر ئېلىشتى. بولۇپمۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ياقۇپ خوجىنى زىيارەت قىلغاچ ئوردىغا كېلىپ بىر قېتىم سۆھبەتتە بولغان سالىھ خەلپە ئۆزى بىلەن ھەمنەپەس مۇدەررىس ۋە

① دەججال — زامان ئاخىرى بولغاندا پەيدا بولىدىغان مەخلۇق.
② «مىڭ بىر ھەدىس» كىتابىدىكى 397 - ھەدىس.

خەلپىلەرگە ياقۇپ خوجىنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىك، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندە ئۇلار ئانچە ئىشەنمەي، «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق» دېگەن تەمسىلنى ئەسلىرىدىن چىقارمىسىلا، دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈشكەندى. ھازىر بولسا سالىھ خەلپىنىڭ تىلى ئۇزارغاندەك بولۇپ:

— مەن شۇ چاغدىلا سىلەرگە «بالدۇر چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ.» بۇ خوجام ئاتىسى رەھمەتلىككە باققاندا تولىمۇ پاراسەتلىك تۇرىدۇ دېگەن ئەمەسمىدىم، راستىمكەن؟ — دېدى.

— بۇ دېگەنلىرىگە قوشۇلماي ئىلاج يوق، خەلپەم، — دېدى مۇدەررىس، — راستىمنى ئېيتسام، مەن شۇ چاغدا جۇڭغارلار قولىدا ئۇزاق يىللار تۇرۇپ كەلگەن بۇ خوجامنى بۇنچىلىك ئىمانى كامىل دەپ ئويلىمىغانىدىم.

— مەن ئۇ چاغدا سىلىدىن باشقىچىرەك، يەنى ھەرقانداق يېڭى ھۆكۈمدار دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋېلىش ئۈچۈن رەئىيەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن دەيدۇ. كېيىن، يەنى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن خىزمەت قىلىشنى ئۇنتۇپ، رەئىيەتكە خوجايىن بولىۋالىدۇ. بۇ خوجاممۇ شۇنداق خانلارنىڭ بىرسى دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى يەنە بىر مۇدەررىس، — بەكمۇ غەلەت ئويلىغانىكەنمەن.

— مەن سىلەرگە راستىمنى ئېيتسام، — دېدى يەنە بىر خەلپە، — بۇ خوجامنىڭ قۇرئاندىكى ئايەتلەر بىلەن ھەدىس شېرىپتىن كەلتۈرگەن مىساللىرىنى ھېچبىر دۇدۇقلىماي، كەينى - كەينىدىن بايان قىلىپ، ئۆز پىكرىنى شۇلارغا ئاساسلانغان ھالدا ئىزھار قىلىشنى ئاڭلاپ، خۇدادىن شۇنداق ئادىللىقنى سۆيىدىغان خانلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغىن، دەپ تىلەپ كەتتىم.

بېشىغا تۇماق كىيىۋالغان ئاق ساقاللىق ئادەم بولسا:
— مەن ئۆزۈمنىڭ سەكسەن يىللىق ئۆمرۈمدە تالاي ئۆلىمالارنىڭ، ھاكىملار بىلەن خانلارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولغانىدىم. لېكىن، بۇ ياقۇپ خوجامدەك خۇشخۇي ۋە ناتىق ئادەمنى ئۇچراتمىغانىكەنمەن. ئەگەر بىز جۇڭغارلارنىڭ ئىستىبلاسىدا بولماي، ئۆز ئالدىمىزغا ھاكىمىيەت سورىغان بولساق، بۇ خوجامنىڭ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇشىغا كۆزۈم يەتتى، — دېدى.
— سىلىنىڭ ئېيتقانلىرىغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن، — دېدى تۇماقلىق ئىككىنچى ئادەم، — مېنىڭ ھەيران قالغىنىم، بۇ خوجام بەزى سۆزلەرنى قىلغاندا، مېنىڭ ئېيتقانلىرىمغا كېيىن ئوردا ئەركانلىرى قارشى چىقمىسۇن دېگەندەك، كۆپىنىڭ ئالدىدا ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىپ تەستىقلىتىۋالدىكەن ۋە شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭمۇ ئابرۇيىنى كۆتۈرۈپ قويىدىكەن.
— شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بۇ خوجامغا قايىل بولغىنىمنى ئىزھار قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئاق ساقاللىق ئادەم...
كونا مەسچىتنىڭ ئىمامى بىلەن ساۋۇر ئاخۇننىڭ تەسىراتى باشقىچە بولدى.
— سىلى ئىمام ئاخۇنۇم، — دېدى ساۋۇر ئاخۇن، — ئاتىنىڭ روھىنى خۇش قىلىش پەرزەنتنىڭ ۋەزىپىسىمۇ، ئەمەسمۇ؟ قانداق قارايدىلا؟
— ئەلۋەتتە، ھەربىر پەرزەنت شۇنداق قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئاتىسىز ھېچقانداق پەرزەنت دۇنياغا كەلمەيدۇ - دە!
— ئۇنداقتا، بۇ خوجامنىڭ گەپلىرى ئاتىسى رەھمەتلىكنىڭ سۆلۈكىگە ئانچە توغرا كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇغۇ؟
— ئەمدى ساۋۇر ئاخۇن ھەزرەتلىرى، — دەپ دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى ئىمام، — بىر پەلەكتە چۈشكەن قوغۇنىنىڭمۇ، بىر بېدىشتا پىشقان ئۈزۈمنىڭمۇ تەمى ھەر خىل بولىدۇ - دە، —

دېدى ۋە بۇ ئوخشىتىشقا خۇش بولۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ھەرھالدا بۇ خوجامنىڭ سۆزلىرى كۆڭلۈمدە بىر ئاز گۇمان پەيدا قىلدى.

ئىمام ھېچقانداق گەپ قىلماي ئورنىدىن قوزغالدى.

ياقۇپ خوجىنىڭ خانلىق مەدرىسىگە كەتكەنلىكىنى ئۇققان ئوردا ئەركانلىرى بىرپەس ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلاردا شۇ يەرگە بېرىش ۋە خوجىنىڭ يەكەندىكى ئۆلىما ــ پازىللار بىلەن قىلغان سۆھبىتىگە داخىل بولۇش ئىشتىياقى پەيدا بولۇپ مەدرىسىگە كەلگەندى ۋە بۇ سۆھبەت تۈگىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ۋەخپىلىرىدىن ئېلىنىدىغان ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى شۇ يەردىكى دېھقانلارغا قالدۇرۇش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، ياقۇپ خوجىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشمەك بولغانىدى. ئەمما، سۆھبەت مەجلىسى باشلىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭغا قارىماي سورۇن ئەھلى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوردا ئەركانلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ياقۇپ خوجا بولسا ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلدى. پىكىر بېرىۋاتقان ئىبراھىم خەلپىنىڭ: «ھۆرمەتلىك خوجام ئوردا ئەركانلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرسە» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالىم ــ پازىللار ئالدىدا ھەم ھۆرمەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ قالغانىدى. لېكىن، ياقۇپ خوجىنىڭ: «بىزنىڭ دەستۇرىمىز قۇرئان بىلەن ھەدىستۇر» دەپ، ئاتىسى رەھمەتلىك پېشۋالىق قىلغان «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنى تىلغا ئالمىغىنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى.

— بىزنىڭ گۇمانىمىز توغرا چىقىۋاتامدۇ نېمە، غازى بېگىم؟ — دەپ پىچىرلىدى پەرمانقۇل ئىشان.

— قايسى گۇمانىمىزنى دەيدىلا؟

— ئەتىگەندىلا ياقۇپ خوجامنى ئاتىسى دانىيال خوجامنىڭ ئىزىدىن ماڭمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ دېيىشىۋىدۇققۇ؟

— ھە، ھە، ھازىر ئۇ گۇمانىمىز ھەقىقەتكە ئايلاندى. ياقۇپ

خوجام بۇنىڭدىن كېيىن دىنىمىزدىكى گۇرۇھۋازلىققا، تەپرىقىچىلىككە يول قويمايمىز دەپ ئوچۇق ئېيتتىغۇ.
— بۇ «ئىسھاقىيە»، «ئىشقىيە»، يەنى «قارا تاغلىق»، «ئاق تاغلىق» دەپ بۆلۈشكە يول قويمايمىز دېگەن سۆزمۇ؟
— نېمىشقا ھەممىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ مۇغەمبەرلىك قىلىدىلا؟

پەرمانقۇل ئىشان غازى بەگنىڭ ئۆزىنى سىلىكىۋەتكىنىگە قاراپ «ئەمدى بۇ خوجامنىڭ رايىچە بولۇپ ئىش قىلىشتىن ئۆزگە چارە يوق، ئەتىدىن باشلاپ مەدداھلارنى ئىشقا سېلىپ، ياقۇپ خوجامنىڭ ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەتتە ئوتتۇرىغا قويغان گەپلىرىنى قوللاپ رەئىيەت ئارىسىغا تارقىتىش لازىم...» دېگەن ئويلاردا بولدى.

ئابدۇقادىر مۇپتى بولسا «بۇ خوجام راستتىنلا قۇتبىل ئەقتاب ئوخشىمامدۇ، ‹قۇرئان كەرىم› بىلەن ھەدىستىن كەلتۈرگەن مىساللىرىنى شۇنچە ئۆلىمالار تۇرسىمۇ، ئۇلارغا ئەمەس، ماڭا مۇراجىئەت قىلىپ ئابرۇيۇمنى كۆتۈرۈۋەتتا» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

نىياز بەگ «ئايال خەقنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، دەپ بىكار ئېيتمايدىكەن ـ دە. ھېلىقى ئايشەم دېگەن قىز تالاق تاۋاقتا ئالسا تۇرماي، دومىلاپ چۈشكەن كالىلىدەك يامانلاپ كېلىۋالغىنىنى قارىمامدىغان؟ ھوشى بار ئايال بولسا بۇنداق ئۆلىما خوجامنىڭ ئايىغى ئاستىغا سالغان پاياندار مىسالى خۇش چىراي كۆرسىتىپ، چىداپ يۈرمەمدۇ، ئەمدى ئۇ بەتبەختنىڭ كاساپىتى ماڭا تەگمىسە بولاتتىغۇ؟» دېگەن خىياللارنى قىلدى.

ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆلىما ـ پازىللار بىلەن بولغان بۇ سۆھبەتتە دېگەن سۆزلىرى ئابدۇللا باقاۋۇلغا قالتىس تەسىر قىلدى. ئۇ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى دانىيال خوجا بىلەن ئۆزئارا ئولتۇرغاندا گەپتىن ـ گەپ چىقىپ: «بىز خەق تولىمۇ بۆلۈنۈپ كەتكەچكە ‹بۆلۈنگەننى بۆرە يەر› دېگەندەك

جۇڭغارلارغا بېقىندى بولۇپ قالدۇق جۇمۇسلا، خوجام، ئەمدى شۇ خەقنى ‹ئاق تاغلىق›، ‹قارا تاغلىق› دەپ ئايرىماي بىرلەشتۈرگىلى بولماسمۇ؟» دەپ سورىغىنىمدا، دانىيال خوجا: «بۇ دېگەنلىرى بىرىنچىدىن، تولىمۇ مۇرەككەپ ئىش؛ ئىككىنچىدىن، مۇشۇنداق گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ تۇرغان رەئىيەتنى باشقۇرۇش ئاسان بولىدۇ» دېگەنىدى. بۇگۇن بولسا ياقۇپ خوجىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە جاۋاب ئاڭلىدى. «ھەقىقەتەنمۇ شۇ ـ دە، — دەپ ئويلىدى باقاۋۇل، — كۆپچىلىك دېگەن كۆپ ـ دە. خەلقىمىز ‹كۆپ قورقۇتىدۇ، چوڭقۇر كۆل چۆكتۈرىدۇ› دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە، مۇنۇ ياقۇپ خوجام ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدى. مەن بۇ خوجامنىڭ نوچىلىقىنى ئاشۇ يىلى دانىيال خوجام خۇتەنجگە سوۋغا قىلىش ئۈچۈن ئاپارغان ‹چاكار چوكان›لارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىدىن بايقىغانىدىم. ئۇنىڭ يەكەنگە خان بولغاندىن كېيىن چىقارغان پەرمانلىرى پۈتۈن خەلقنى خۇشال قىلغانىدى. بۇگۇنكى گەپ ـ سۆزلىرى بولسا مەن تۇرماق، ئۆلىما ـ پازىللارنىمۇ قايىل قىلدى...»

بۇگۇنكى سۆھبەت مەجلىسىدىن ياقۇپ خوجىمۇ مەمنۇن ئىدى. «ساۋۇر ئاخۇن بىلەن ئىككى ـ ئۈچ ئادەمنىڭ پىكىرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ئۆلىما ـ پازىللار بەرگەن پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى توغرا، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بىراق ئوردا ئەركانلىرىنىڭ سۆھبەتخانىغا تۈيۈقسىز كىرىپ كېلىشى بەزى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن گەپلىرىنى ئېيتىشقا ھەرەجلىك قىلدى ـ دە... بىر ھېسابتا ئۇلارنىڭمۇ كەلگىنى ياخشى بولدى. خانلىقىمىزنىڭ ئاساسىي ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئادەملەر شۇلارغۇ. مۇشۇ يەردە ئازراق سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپتىمىز ـ دە. خۇدا بۇيرۇسا، بۇ قېتىم سۆھبەت ئۇيۇشتۇرغاندا، ئوردا ئەركانلىرىدىنمۇ قاتناشتۇرسام بولىدىكەن...»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇ مۇشۇنداق ئويلار بىلەن سۆھبەتخانىدىن چىقىشۋىدى، ئابدۇقادىر مۇپتى:

— ئۆلىما - پازىللارغا قىلىنغان مەرۇزىلىرى تولىمۇ تەسىرلىك بولدى، — دېدى ياقۇپ خوجىنىڭ قولىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ باشقا ئەركانلارمۇ، ئالىم - پازىللارمۇ ياقۇپ خوجىنىڭ يېنىغا كېلىپ قىلغان سۆزلىرىدىن رازى بولغىنىنى ئېيتىپ، مىننەتدارلىق ئىزهار قىلىشتى - دە، ناماز ۋاقتى يېقىنلاپ قالغىنى ئۈچۈن بەزىلىرى تاھارەت يېڭىلاشقا ئالدىرىدى، بەزىلىرى مەسچىت تەرەپكە ماڭدى.

مەسچىتكە كىرىدىغان چوڭ ئىشىكنىڭ ئۈستىدىكى قۇببىلىك مۇنارنىڭ ئاستىغا «لائىلاهە ئىللەللا» دەپ يېزىلغان چوڭ ۋە چىرايلىق خەتكە ئالتۇن رەڭلىك ھەل بېرىلگەن. كۆپتۇرمىلىك نەقىشلىرى يالتىراپ تۇرغان ئېگىز ئىشىكنىڭ بىر تەرىپىگە «دۇئايى قۇنۇت» دېگەن ئايەت يېزىلىپ، ئۇلارغىمۇ ئالتۇن رەڭلىك ھەل بېرىلگەنىدى.

— مېنىڭدىن كاتتا سەۋەنلىك ئۆتۈپتۇ، — دېدى ياقۇپ خوجا دىگەر نامىزىنى ئوقۇپ تالاغا چىققاندا ئۆپچۆرىسىدە تۇرغان ئوردا ئەركانلىرىغا قاراپ، لېكىن ئۇلار بۇ گەپتىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي ھەيران قېلىشتى. ئابدۇقادىر مۇپتى «بۇ نېمە ئىش؟» دېگەندەك ئۆزىگە چوڭ كېلىپ قالسىمۇ، ئوردىغا كەلگىنىدە دانىيال خوجىنىڭ تەۋەررۇكى دەپ كىيىۋالىدىغان زەرباب تونلۇق نىياز بەگكە، ھوشۇر قازى بولسا دانىيال خوجىنىڭ يېشىل سەللىسىنى بېشىغا ئورىۋالغان پەرمانقۇل ئىشانغا قارىدى.

— بۈگۈنكى ئالىم - پازىللار بىلەن بولغان مۇلاقات مەجلىسىگە، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ياقۇپ خوجا، — ھەرقايسىلىرىنى ئاۋارە بولۇپ قالارمىكىن دەپ تەكلىپ قىلماپتىمەن.

ئۆزلىرىنىڭ بۇ سۆھبەت مەجلىسىگە تەكلىپ قىلىنمىغانلىقىدىن رەنجىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئۇردا ئەركانلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، خوجام ! — دېدى.

— ئەسلىدە مۇنداق سۆھبەت مەجلىسىنى بىز ئۇيۇشتۇرۇپ، سىلىنى تەكلىپ قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، — دەپ ياقۇپ خوجىغا يەنە بىر قېتىم مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

مۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي پايدىلىنىشنى ئويلىغان نىياز بەگ:

— خان خوجا بالام، ئۆزلىرىنىڭ توققۇزكەنتتىكى دېھقانلارغا قىلغان خەير ـ ساخاۋەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، بىزمۇ ئۆز ۋەخپىلىرىمىزدىكى ئادەملەرگە سىلىگە ئوخشاش ساخاۋەت قىلىش قارارىغا كەلدۇق، — دېدى.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇلارنىڭ بۇنداق خەيرلىك ئىشقا قەدەم بېسىشىنى ئويلىمىغان ياقۇپ خوجا ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولدى.

— شۇنداق، خوجام ! — دېدى ئابدۇقادىر مۇپتى.

— بىز بۈگۈن پېشىندىن ئىلگىرى نىياز بېگىمنىڭ ئۆيىدە مەشۋەرەت قىلىپ شۇنداق قارارغا كەلدۇق، — دەپ ئۇلارنىڭ جاۋابىنى تولۇقلىدى غازى بەگ.

— تولا ئوبدان ئىش بوپتۇ، — ياقۇپ خوجا خۇشاللىقىنى بىلدۈردى، — ئاللاتائالا: «كىمكى ياخشى ئىش قىلغانىكەن، ئۇ قىلغان ئىشىدىنمۇ ياخشى مۇكاپاتقا (يەنى قىلغان ئىشىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ساۋابقا) ئېرىشىدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا: «يېنىدىكى قوشنىسى ئاچ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قارنىنى تويدۇرۇپ يۈرگەن ئادەملەر مۆمىن ـ كامىللاردىن ئەمەس. ئادەملەرنىڭ ياخشىلىرى ئادەملەرگە پايدىلىقراقلىرىدۇر» دېگەن.

— ئەمدى بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدىن تەۋەيمىزدىكى خوجا ـ

ئىشانلار ئۇلگە ئالسا ئەجەب ئەمەس، رەئىيەتمۇ خۇرسەن بولاتتى، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى پەرمانقۇل ئىشان.

— ئەلۋەتتە ئۇلگە ئالىدۇ. سۇنىڭ بىشى سۇزۇلگەندىكىن، ئايىغىمۇ سۇزۇلىدۇ - دە، — دېدى ھوشۇر قازى.

ئۇلار مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن ئوردا قىشىغا كېلىشتى.

## توققۇزىنچى باب

ئىككى كۈندىن بىرى يا كۈننىڭ، يا ئاينىڭ يۈزىنى كۆرسەتمەي يەكەن ئاسمىنىنى قاپلىۋالغان بۇلۇتلار بۈگۈن ئەتىگەندىلا بىر قارارغا كەلگەندەك، ئۆز باغرىدا ساقلاپ تۇرغان يامغۇرلىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى. كۈنبويى بىردەم ئاستا، بىردەم شارىلداپ چۈشۈۋاتقان بۇ يامغۇر شامالدىن كېيىن توختىغاندەك قىلدى - دە، يەر - جاھاننى سالقىن ھاۋا قاپلاپ كەتتى.

مۇنداق چاغلاردا ئۇزاق يىللاردىن بىرى كېلىۋاتقان ئادىتى بويىچە كىتاب كۆرۈشكە ئولتۇرغان ياقۇپ خوجا ئىلگىرى نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققىنىغا قارىماي، مىرزا ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» دېگەن كىتابىنى يەنە قولىغا ئالدى - دە، ئۇنىڭ خەتكۈچ سېلىنغان بېتىنى ئوقۇشقا باشلىدى: «ئەگەر بىركىمگە يۇرتدارچىلىق ئىشى مۇناسىپ بولغان بولسا، پادىشاھلىقنىڭ شەرتلىرىنى بىلىش لازىم. ئۇشبۇ سەلتەنەت شەرتلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

بىرىنچى شەرت: ھەر ۋەقەگە دۇچ كەلگەندە ھەركىم ياكى پادىشاھ ئۆزىنى پۇقرا دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشى لازىم. ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمىگەي.

ئىككىنچى شەرت: پۇقرانىڭ ھاجىتىنى راۋا كۆرۈشنى خۇداغا قىلىدىغان تائەت - ئىبادەتتىن ئەۋزەل كۆرمەكلىك لازىم.

ئۈچىنچى شەرت: يەپ - ئىچىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالماسلىق لازىم.

تۆتىنچى شەرت: ھۆكۈمدە سۆزنى مۇددىئا بىلەن قىلىش، سەۋەبسىز قاتىللىقتىن ساقلىنىش، كۆپ ھۆججەتلەرنى كۆرۈشتىن قاچىماسلىق كېرەك. ئاجىز ـ مىسكىنلەر بىلەن سۆزلىشىشتىن نومۇس قىلماسلىق لازىم.

بەشىنچى شەرت: خەلقنىڭ رازىلىقىنى دەپ ھۆكۈمدە سۇسلۇق قىلماسلىق، ھەر كىشىنىڭ خۇشلۇقىنى ئىزدەپ شەرىئەتكە خىلاپ ھۆكۈم قىلماسلىق لازىم. بىلىسۇنكى، ھۆكۈمەتنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ھەمىشە ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا ھاكىمدىن خۇش بولىۋەرمەيدۇ. چۈنكى، دۈشمەننى ھەق بىلەن خۇش قىلغىلى بولمايدۇ. ئادىل ھاكىمنىڭ ھەممە ئادەمنى رازى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. غەرەزسىز بولسا، ھۆكۈمدە ھەقىقەتنى ئىزدىسە، ئادەملەرنىڭ ئاچچىقى كېلىشتىن قورقمىسا، ئەندىشە قىلمىسا، خۇدا ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ، خەلقىمىز رازى بولىدۇ.

ئالتىنچى شەرت: ھۆكۈمەت ۋىلايەتلەرگە كېلىۋاتقان خەۋەردىن بىخەۋەر بولمىغاي، شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، قورال بىلەن سائادەتتە ئەبەدىي ياخشى نام ھاسىل بولىدۇ. زامان ھاكىم ـ شاھلارنىڭ تولىسى پانىي دۇنيانىڭ داغدۇغا ھاياتىغا مەغرۇر بولۇپ، ھاۋايى ـ ھەۋەس، نەپسى بالانىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئۆزىنى ۋەيران قىلغان، ئىمانىنى شامالغا بەرگەن. بۈگۈن ئىشتىياق تىزگىنىنى قولىدا بار چاغدا ۋە دۆلەتنى ئاخىرەت كىرىپتارلىقىنىڭ ئوزۇقى قىلماسلىققا تىرىشىش لازىم. ئادالەت يولىدا خىزمەت قىلىشنى غەنىيمەت بىلىش كېرەك.

يەتتىنچى شەرت: ئالىملار سۆھبىتىگە رىغبەت قىلغۇچى بولۇش لازىم. گەرچە بۇ زاماندا ئۇنداق قىلىشلار ئاز بولسىمۇ، بۇ تائىپەنى ئۆز ھاياتىنىڭ سائادىتى بىلگەي، بىلىمسىزلەر سۆھبىتىدىن ھەزەر قىلغاي، چۈنكى بۇنداق قوۋم ئىلىمنى ۋەيران قىلىدۇ.

سەككىزىنچى شەرت: جەبىر ـ زۇلۇم، تەكەببۇرلۇق بىلەن خەلقنى ئۆزىدىن ئۈركۈتمىگەي، بەلكى ئادىل، ئىنساب بىلەن قول

ئاستىدىكىلەرگە شەپقەت قىلىش بىلەن ئۆزىنى پۇقرالارنىڭ مەھبۇبى قىلغاي.

توققۇزىنچى شەرت: زالىملارنىڭ ئىشىنى تەپتىش قىلىپ تۇرۇش لازىم. بۆرە قىلىقلىق زالىملارنى پۇقرا ئۈستىگە قويمىغاي، بىرىدىن زۇلۇم ۋە خىيانەت كۆرۈلسە، ئۇنى جاۋابكارلىققا تارتىپ ئازابلىغاي، شاھلىق خىزمىتىدە سۇسلۇق قىلماسلىق لازىم.

ئونىنچى شەرت: پادىشاھلار ھەربىر ھادىسە، ۋەقە يۈز بەرگەندە، ئۇنى چوڭقۇر ئويلاش لازىم. پەم ۋە ئەقىل بىلەن ھۆكۈم قىلىش، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇش، ئەقىل كۆزى بىلەن مۇشۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا قاراش كېرەك. ئەگەر ئۇ روشەن يورۇقلاردىن بولسا مەسىلىنى قانۇن بويىچە ھەل قىلغاي؛ مەخپىي، چىگىش تەپسىلاتلاردىن بولسا، ئۇنىڭ سىرىنى پاراسەت نۇرى بىلەن تېپىش لازىم. بۇ مەنىدە چېقىمچىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىك كېرەك.

بىلگىنكى، پۇقرانىڭ پادىشاھىدا (ھاكىملاردا) ھەققى بار. بۇ ھەقنى ئادا قىلىش ھاكىم ـ پادىشاھلار ئۈچۈن ۋاجىپتۇر. بۇ ھەق شۇلكى، پۇقراغا سىلىق، يۇمشاق بولغاي، ۋالىي ھۆكۈمرانلىق سەۋەبى بىلەن ھېچقانداق پۇقراغا تەكەببۇرلۇق قىلمىغاي، خۇدا ئۆزىنى يوغان تۇتقۇچىلارنى، جەبىر قىلغۇچىلارنى (ئۆزىگە) دۈشمەن تۇتىدۇ. پاسىقلار، غەرەز ئىگىلىرى سۆزنى بۇزۇق غەرەز بىلەن سۆزلەيدۇ، كۆرەلمەسلەر ھەممە ھۈنەرنى ئەيىب دەپ بىلىدۇ ...»

ياقۇپ خوجا سول قولى بىلەن پېشانىسىنى تۇتۇپ «دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئويلىدى، — ئاللاتائالا ماڭا ئوخشاش بىر مۆمىنگە ئالىي مەرتىۋە ئاتا قىلغانىكەن، شۇنىڭغا يارىشا پۇقرالارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشۇم كېرەك... پۇقرانىڭ ھاجىتىدىن چىقىش، ئۇنىڭ مۇشكۈلىنى يېنىكلىتىش ھەقىقەتەن خۇداغا قىلىدىغان تائەت ـ ئىبادەتتىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ شەيخ

سەئىدى ھەزرەتلىرىمۇ: «ئىبادەت ئەسلىي خەلققە خىزمەت قىلىش، مەسچىت ـ جاينامازدا ئەمەس بۇ ئىش، دەپ بىكار يازمىغان.» ئۇنىڭ يادىغا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ خەلق خىزمىتىنى تائەت ـ ئىبادەتتىن ئۈستۈن قويۇپ ھەج سەپىرىدىن يالتايغانلىقى كەلدى. ياقۇپ خوجا يىگىت چاغلىرىدا ئاتىسى بىلەن مۇھاجىر بولۇپ يۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە سەمەرقەنت دېگەن يەردىن بىر ئۆلىما كەلگەنىدى. شۇ كىشى خەلق خىزمىتىنى قىلىش تائەت ـ ئىبادەتتىن ئەۋزەللىكى توغرىسىدا ئەلىشىر نەۋائىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: ئەلىشىر نەۋائى جانابلىرى يېشى چوڭىيىپ بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا ھەجگە بېرىپ تاۋاپ قىلىشنى نىيەت قىلىپ، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا جانابلىرىدىن رۇخسەت سورىغاندا: «سىز ھەجگە بېرىپ كەلگەن كىشىلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغان مۆتىۋەر، تەقۋا ئادەم» دەپ رۇخسەت بەرمەپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە يەنە كەپتۇ. بۇ چاغدا سۇلتان: «سىز بولمىسىڭىز (خەلقنى، دۆلەتنى) باشقۇرۇش قىيىن، مېنى دوستۇم دەپ بىلسىڭىز يالغۇز تاشلاپ، ھېچ ياققا بارماڭ» دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. ئەلشىر نەۋائى كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەن دوستى ھەم سۇلتانىنىڭ رايىغا بېقىپ، بۇ يىلمۇ ھەج سەپىرىگە چىقماپتۇ. ئەمما، ئۈچىنچى قېتىمدا قەتئىي جەزم قىلىپ سۇلتانىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. لېكىن: «سىزنىڭ ھەج سەپىرىگە ماڭغىنىڭىزنى ھېچكىم بىلمىسۇن، كېچىسى يولغا چىقىڭ» دەپتۇ. نەۋائى دوستى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۆيىگە كەلسە ئادەم دېگەن ھويلىسىغا تولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ھويلىغا كىرىشى بىلەنلا:

— بىزنى تاشلاپ سەپەرگە ئىختىيار قىلغانلىرى راستمۇ تەخسىر؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى. ئەلشىر نەۋائى راست دەي دېسە، تۇرغان خەلقتىن خىجالەت بولۇپ، ياق دەي دېسە، يالغان ئېيتىشتىن قورقۇپ جىم تۇرىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ

شاگىرتلىرىدىن بىرى:

— خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار! ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائىي جانابلىرى تاڭ سەھەردە ھەج سەپىرىگە جۆنەپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك ۋاڭ-چۇڭ قىلىشقا باشلاپتۇ.

— ھەزرەت ئەلىشىرنى بۇ سەپەردىن قايتۇرۇش لازىم. ئۇ كىشى بولمىسا، ھالىمىز نېمە بولىدۇ؟

— نېمە بولاتتى؟ يۇرتىمىزنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلۇپ، يەنە ناھەق قان تۆكۈشلەر باشلىنىدۇ.

— ھەزرەت ئەلىشىر جانابلىرى، سەپەرنى تەرك ئەتسىلە! — دەپ مۇراجىئەت قىپتۇ بىر دوستى، — سىز بولمىسىڭىز ھالىمىز زەبۇن بولىدۇ. ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ چېپىلىشى، بىنالارنىڭ قۇرۇلۇشى توختاپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزىنى باشقا بىرى قوللاپ:

— خەلق مەسچىت دېسە مەسچىت سالدۇردىڭىز، مەكتەپ، مەدرىسىلەرنى قۇرۇپ بەردىڭىز. سىز بىنا قىلدۇرغان ھاماملار، كۆۋرۈكلەر، كولاتقان ئېرىق-ئۆستەڭلەر، كۆللەر، بىنا قىلغان باغلار، كىتابخانىلار ھەج ساۋابىدىن ئارتۇق ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

يەنە بىرى:

— سىلى يېتىملەرگە ئاتا، ماكانسىزلارغا ئۆي، تەشنالارغا ئىچىدىغان سۇ بەردىلە، سىلىنىڭ رەھىم-شەپقەت، مۇرۇۋۋەتلىرىدىن ئادەملەرلا ئەمەس، جانىۋارلار، ھەتتا ھاشاراتلارمۇ بەھرىمەندۇر. شۇلارنىڭ ئۆزى كاتتا ساۋاب ئەمەسمۇ؟

— بۇ ئادەممۇ ھەق گەپنى ئېيتتى. ئاخىر ئۆزىڭىز:

«ئادەمىي ئەرسەڭ دېمەگىل ئادەمىي،
ئانىكىم يوق خەلق غەمىدىن غەمى.»



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېمىگەنمىدىڭىز ! بىز سىزدىن بۇ سەپىرىڭىزنى كېچىكتۈرۈشنى ياكى پۈتۈنلەي قالدۇرۇشنى ئۆتۈنىمىز.

ئەلىشىر نەۋائى كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ھەجگە بېرىش نىيىتىدىن يالتايغانىكەن.

ياقۇپ خوجىغا شۇ سەمەرقەنتلىك مويسىپىتنىڭ يۇقىرىقى گېپى تەسىر قىلدىمۇ ياكى شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئادالەت، ھەقىقەت، ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدە يازغان كىتابلىرى تەسىر قىلدىمۇ، ھەرھالدا ياشلىق چېغىدىن تارتىپلا ئادەم بالىسى ئۈچۈن بىردىنبىر ياخشى پەزىلەت ئۆزىدىن باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش دېگەن چۈشەنچىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ چۈشەنچىسى جۇڭغارلار قولىدا گۆرۈدە يۈرگەن چاغلىرىدا تېخىمۇ كېڭىيىپ مۇستەھكەملەندى. ھازىر خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندا بولسا مەزكۇر چۈشەنچىسىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىق قىلىش، يەنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت كەلگەنىدى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ غېمى ئۈچۈن بىرنەچچىلىگەن پەرمانلارنى ئېلان قىلدى. قارىماققا بۇ پەرمانلار پۇقرالارغا ياخشى تەسىر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى دېگەندەك يولغا قويۇلمايۋاتاتتى.

ياقۇپ خوجا گۆرۈدە تۇرغان چاغلىرىدىلا قەشقەرىيە خەلقىنىڭ بۆگۈنكىدەك بېقىندى ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىنى «ئىشقىيە» ۋە «ئىسھاقىيە» مەزھىپىنىڭ پېشۋالىرى ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن ئالغا سۈرگەن سۈلۈكلىرىنى ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بۇيان ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان قۇرئان تەلىماتلىرى بىلەن ھەدىس شېرىپىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ئۈستۈن قويغانلىقى دەپ بىلەتتى. لېكىن، بۇ مەزھەپلەرنىڭ خەلق ئىچىدە بۇنچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىنى، خەلقنىڭ ھەقىقىي ئىسلام دىنى بىلەن خوجا ـ ئىشانلار تەرىپىدىن تەشۋىق قىلىنغان مەزھەپچىلىكنى پەرق قىلماسلىقتەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىنى

www.uyghurkitap.com

بۇنچىلىك دەپ تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. «خەلقىمۇ مەيلى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئۇلار ئوقۇمىغان، قارىتورۇك ئادەملەر، باشقىلارچۇ؟ مەسىلەن، مۇدەررىسلەر بىلەن ئۆزلىرىنى دىنىي بىلىملەردىن خەۋەردارمىز دەپ يۈرىدىغان ئالىم ـ پازىللارچۇ؟ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن قىسىملىرىدا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئەمەلدارلارچۇ؟ بۇلارمۇ ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمدۇ؟ ياق، بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئىسلامغا سادىق، مەزھەپلەرنى تەن ئالمايدىغان، دىن بىلەن ئىلىم ـ مەرىپەتنى قوشكىزەك دەپ قارايدىغان سالىھ خەلپىدەك ئادەملەر ئاز بولسىمۇ بار ئىكەن، بىر چاغدىكى سۆھبەتتە بۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرنەچچىسى ئۆز پىكىرلىرىنى ئېيتتى. بىراق، كۆپچىلىك ئۆلىما ـ پازىللار مەزھەپلەر قايىنىمىدا تۇنجۇقۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئەنە شۇنداق ئادەملەر بىلەن كۆپرەك مۇناسىۋەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئالغا قويغان ئىشلارنى رويابقا چىقىرىشتا يار ـ يۆلەك بولىدىغان ئادەملەردۇر...»

ياقۇپ خوجىنىڭ كۆڭلىدە «ئوردا ئەركانلىرىچۇ؟» دېگەن سوئال پەيدا بولدى. ئۇنىڭ نەزىرى بويىچە ئاتىسىنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ئوردا ئەركانلىرى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ يۈرگەن بۇ ئادەملەر خەلق ئارىسىدا تونۇلغان ۋە مەلۇم دەرىجىدە ئاتاق ـ ئابرۇيغا ئىگە نوپۇزلۇق ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۆزلىرىنى «بىز يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكلىرى» دەپ ئويلىشاتتى. بۇلار كۆرۈنۈشتە بىر ـ بىرى بىلەن خۇش چىراي كۆرۈشۈپ، كۈلۈمسىرەپ يۈرسىمۇ، ماھىيەتتە بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلاتتى. ئۇلار ئاتاق ـ ئابرۇيغا شۇنچىلىك ئامراق ۋە ھېرىس ئىدىكى، پەيتى كەلسە بىر ـ بىرىنى چارپۇتلاپ يىقىتىشتىن يانمايتتى. شۇنىڭ بىلەن دانىيال خوجا دەۋرىدىن تارتىپ مەنسەپ ـ ئەمەلنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك لاۋازىمىدىن

ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىشتىن ھەرگىز قول ئۈزمەيتتى. «ئەگەر جۇڭغارلارغا بېقىنماي، ھاكىمىيەت سورىغىنىمىزدا مۇنداق ئادەملەر ئۆز كۆلىبىلىرىدە تەسۋى سىيرىپ، خۇداغا قۇلچىلىق قىلغان بولاتتى، ــ دەپ ئويلىدى ياقۇپ خوجا، ــ لېكىن ھازىرچە ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجى يوق. شۇڭا، بۇ ئەركانلارنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۈمىدلەندۈرۈپ، ئىشقا سېلىش لازىم...»

ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىشىك ئېچىلىپ بايان ئاغىچا بىلەن نىسا بېگىم كىرىپ كەلدى.

— كېلىشسىلە، ــ دەپ ئورنىدىن تۇردى ياقۇپ خوجا. ئۇ كۈتۈلمىگەندە كىرىپ كەلگەن بۇ ئىككى ئايالنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، بىردەم ئۇزۇن قارا كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن قارا جىلىتكە كىيىپ، قارا ياغلىق تېڭىۋالغان بايان ئاغىچىغا، بىردەم كۆك گۈللۈك كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن گۈلە ـ قاق رەڭلىك يېڭى كالتە پەشمەت كىيىۋالغان نىسا بېگىمگە قارايتتى.

— سىلىگە مەسلىھەت قىلىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، ــ دەپ سۆز باشلىدى بايان ئاغىچا ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، ــ ئاتىلىرى رەھمەتلىك: «ئاللاتائالا ئايال كىشىنى ئەر كىشىنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار قوۋۇرغىدەك ئەگرى كېلىدۇ. قوۋۇرغىنى تۈزلىگىلى بولمىغاندەك، ئاياللارنىمۇ تۈزلىگىلى بولمايدۇ. ئۇلار بىلەن مادارا قىلىپ ياشاش كېرەك» دەيدىغان. رەھمەتلىكنىڭ شۇ گېپى يادىمغا كېلىپ ئالدىلىرىغا كەلدىم. ئىجازەت بەرسىلە، نىسا بېگىمنى ئىززەت ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ، ئايشەم ئاغىچىنى ئەكەلدۈرەي دېۋىدىم.

— تولا ئوبدان ئويلاپتىلا، ــ بىردىن رازىلىق بەردى ياقۇپ خوجا، ــ ئەسلىي مەن سىلىدىن ئىجازەت سورىسام بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئىشلار كۆپ بولۇپ ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

— رەھمەت، خوجام ! — دېدى بايان ئاغىچا، — نىسا بېگىم يالغۇز بارامدۇ ياكى مۇبارەك خېنىم ئىككىسى بارسۇنمۇ؟

— نىسا بېگىمنى ئاۋارە قىلمايلى، كىچىك ئانا، مېنىڭچە، مۇبارەك خېنىم بارسىمۇ كۇپايە.

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ئايشەم ئاغىچىغا بولغان ئاچچىقىنىڭ خېلى بارلىقىنى پەملىگەن بايان ئاغىچا:

— بوپتۇ، — دېدى - دە، نىسا بېگىمگە قارىدى، — يۈرسىلە، سىلى غۇلاملارنىڭ بىرىگە مەپە قوشتۇرسىلا، مەن مۇبارەك خېنىمغا ياقۇپ خوجىنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزەي.

«ئادەمنىڭ كۆڭلى دېڭىزغا ئوخشاش بولىدىكەن - دە، — دەپ ئويلىدى ياقۇپ خوجا بايان ئاغىچىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — دېڭىزنىڭ سۈيى تاغدەك - تاغدەك ۋەزنى بار يۈكلەر بېسىلغان كېمىلەرنى كۆتۈرگىنى بىلەن، ئوشۇقچىلىك تاشنى ياكى داشگالنى كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، خانلىقىمىزدىكى مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل بىر - بىرىدىن مۇرەككەپ ئىشلارغا داخىل بولۇپ، ئۇنىڭ تۈگۈنلىرىنى يېشىشكە جۈرئەت قىلىپ، كۆڭۈل بۆلۈپتىمەنۇ، مۇنۇ ئايشەم ئاغىچىغا بىر قېتىممۇ كۆڭۈل بۆلمەپتىمەن، ھەتتا ئۇنىڭ بار - يوقلۇقىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۇ ئىشىم راستىنى ئېيتقاندا ئادالەت بولماپتۇ. ئايشەم ئاغىچىدىن ھەرقانچە سەۋەنلىك ئۆتكەن بولسا، چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. چۈشەنگىلى ئۇنىمىسا بېشىمىزنى قوشقان ئاتام رەھمەتلىكنىڭ ۋە تۆت پەرزەنتىمىنىڭ يۈز - خاتىرى ئۈچۈن كەچۈرۈۋېتىشىم كېرەك ئىدى. ھېلىمۇ كىچىك ئانام بۇ ئىشنى يادىمغا سالدى. بولمىسا، يەنە قانچە ۋاقىتقىچە ئېسىمگە كەلمەيتتىكىن؟» ئۇ ئۆزى دېگەندەك، كېيىنكى چاغلاردا، خۇددى ئايشەم ئاغىچا بىلەن ئۇزاق يىللار ئۆي تۇتۇپ، بالىچاقىلىق بولغىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ھايات كەچۈرۈۋاتاتتى. بۇنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم بولغان سەۋەبى بايان ئاغىچىنىڭ يۇسۇپ

خوجا بىلەن قەشقەرگە كېتىشىگە ئۇنىماي، يەكەن ئوردىسىدا بىر مەزگىل قالماقچى بولغاندا، ئايشەم ئاغىچىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشى ۋە موللا ئىبراھىم مەشھۇر، ئەدەن قېچىرلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ياقۇپ خوجىغا سۇرمە قۇشتەك ھۇرپىيىپ جاڭجال قىلىشى ئىدى. شۇ چاغدا يەر يېرىلسا كىرىپ كەتكۈدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا يىگىرمە نەچچە يىل جۇڭغارلار قولىدا گۆرۈدە تۇرۇپ، شۇ جەريانىدا بىرنەچچە بالا تېپىپ، ئەمدى ئۆز دىيارىغا كەلگەندە، ئايشەم ئاغىچىنىڭ بىردىن مۇنداق «ھۇنەر» كۆرسىتىشى ناھايىتى ئەلەم قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئۆز قەدرى ـ قىممىتىنى سىناپ كۆرۈش ياكى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ ماڭغانىدا: «ئۇنداق قىلمىسىلا» دەپ خېرىدارلىق قىلىشىنىڭ ئورنىغا: «بىلگىنىڭنى قىل» دەپ، ئوردىغا كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تالاي كۈنلەر ئۆتتى. ياقۇپ خوجا ئوردا ئىشلىرى بىلەن بولۇپ ئايشەم ئاغىچا توغرۇلۇق ئويلاشقىمۇ ۋاقىت تاپالمىدى. بەزى كۈنلىرى ھەرەمخانا ھويلىسىدا ئويناپ يۈرگەن باللىرىنى كۆرگەندىلا ئايشەم ئاغىچىنى ئەسلەيتتى. ئەسلىگەندە «سۆيگەن يارىم ئىدى» دەپ ئەمەس، پەقەت «باللىرىمنىڭ ئانىسى» دەپ ئېسىگە ئالاتتى. بۇنداق بولغىنى ياقۇپ خوجىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇشىغا، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتى ئەمەس، بەلكى دانىيال خوجىنىڭ كۆڭۈل خاھىشى سەۋەب بولغانىدى. كىچىكىدىن ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەت قىلىپ ئۆسكەن ياقۇپ خوجا «ئاتا رازى ـــ خۇدا رازى» دېگەن ئەقىدىگە بويسۇنغانىدى. ئۇ ئۆيلىنىپ بىرەر يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن جۇڭغارلار قولىغا چۈشۈپ ئىلى ۋادىسىغا كەلدى. بۇنداق سەرگەردانچىلىقتا «يېنىمدا كىم ئولتۇرسا، چىرايلىقنىڭ شۇ» دېگەندەك، ئايشەم ئاغىچىنىڭ ھەر دائىم يېنىدا بولۇپ، ياشلارغا خاس مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشى ياقۇپ خوجىنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىنى كۆتۈرۈپ، كۆڭلىگە ئارام بېغىشلايتتى...

ئۇ تۇنجى ئوغلى سىدىق خوجىدىن كېيىن يەنە ئىككى ئوغلى — يەھيا خوجا بىلەن مۇھەممەد خوجىلار تۇغۇلغاندا «ئۆيلىنىش دېگەن قۇدۇققا چۈشكەنگە ئوخشاش، بالا تېپىش بولسا شۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى يېپىش ئۈچۈن قويۇلغان تاشتۇر» دېگەن گەپنىڭ توغرىلىقىنى چۈشەندى. بۇنداق بولغىنى ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ كىدىيىپ كەتكەن ئايشەم ئاغىچىنىڭ مىجەزى بىردىن ئۆزگىرىپ كەتتى - دە، يوقىلاڭ ئىشلارغا خاپا بولىدىغان، دومسىيىپ چىرايىنى ئاچمايدىغان قىلىق چىقاردى. بىراق، بۇ خىل دومسىيىشلار ئەتىيازنىڭ بۇلۇتلۇق كۈنلىرىدەك ئۇزاق داۋام قىلماي تارقاپ كەتتى. ئايشەم ئاغىچا تۆتىنچى بالىسى، يەنى ئەزىزەم ئىسىملىك قىزى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنى چىش - تىرنىقىغىچە قوراللانغان ۋە ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان جەڭچىدەك ھېس قىلدى بولغاي، ئۆزىنىڭ ئايال زاتىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ياقۇپ خوجا بىلەن تاكاللىشىدىغان، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى قولىقىنىڭ قىسىلچىقىغىمۇ ئالمايدىغان ياكى تۇرغان تامغا بىكاردىن - بىكار ئۇسىدىغان ئاساۋ غۇنىجىنلەردەك بولۇۋالدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، قەشقەر تەرەپتىن ياكى ئىلى تەرەپتىن بىرەر مېھمان كېلىپ قالسا، خۇددى جىن - ئالۋاستى كېلىپ قالغاندەك، پۈركىلىپ يېتىۋالىدىغان قىلىق چىقاردى. گەرچە ئۇ كەلگەن مېھمان ئۈچۈن ئوت يېقىپ، قازان قايناتمىسىمۇ، بۇنداق ئىشلارنى بېجىرىدىغان ئاشپەز ئايالنىڭ پائالىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلاتتى. يەنى، ئۇ ئىشلىتىدىغان پىچاقلارنى ياكى چىنە - چەينەكلەرنى، لۆڭگە، داستىخانلارنى تىقىپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇنداق پەسكەشلىكىگە تاقەت قىلالمىغان ياقۇپ خوجا:

— ئايشەم ئاغىچا، مېھمان دېگەن مۇساپىر، شۇڭا ئۇ ھەممىدىن ئۇلۇغ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رىزقى ئۆزى بىلەن بىللە كېلىدۇ، — دەپ سۆز باشلىسا، ئۇ:

— بىزمۇ مۇساپىرنىڭ ئەڭ چوڭى! نەلەردىندۇر تېنەپ -

تەمتىرەپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئۆيۈمنى قالايمىقان قىلىشىنى خالىمايمەن ! — دەيتتى زەردە بىلەن ۋە دوڭغاسلىغان پېتى هويلىغا چىقىپ كېتەتتى. «هوي، هوي بۇنىڭ مىجەزى بىر تۈرلۈك بولۇپ كەتتىغۇ؟ — دەپ غودۇرايتتى ياقۇپ خوجا خۇددى ئايشەم ئاغىچىنى بۇگۇنلا كۆرۈۋاتقاندەك هەيران بولۇپ، — ئۆيگە كەلگەن مېهماننى چىرايلىق كۈتۈۋېلىش هەرقانداق ئادەمنىڭ ئىنسانىي بۇرچى ئەمەسمۇ، كەلگەن مېهماننى دەپ قولىنى ئىسسىق سۇغا تىقمايدىغان بۇ خېنىم نېمە ئۇچۇن شۇنداق پەسكەشلىك قىلىدىكىنە؟»

ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ هەرقانداق يولسىز ئىشلىرىغا كەچۈرۈمچانلىق بىلەن قارايتتى. «بۇ گىرىپتارلىق ئېغىر كۈنلەرگە گاهىدا مەنمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي قالىمەن. هېلىمۇ ئايال كىشى تۈرۈپ ئايشەم ئاغىچا چىداپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مېنىڭدىن باشقا يۆلىنىدىغان كىمى بار؟ ياراتقان ئىگەم بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى، يەنە بىر كۈنى گىرىپتارلىقتىن قۇتۇلدۇرسا، هەممە ئىشلار ئوڭلىنىپ كېتەر» دەپ قارايتتى. ئۇلار بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە گىرىپتارلىقتىن قۇتۇلدى. ئۇلارنىڭ قەدەملىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ يەكەن دىيارىغا يەتتى. ياراتقان ئاللا ياقۇپ خوجىنى خانلىق تەختىگە، ئايشەم ئاغىچىنى بولسا «خان ئاغىچا» بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلدى. مانا مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئايشەم ئاغىچىنىڭ خان ئوردىسىغا لايىق سالاپەتلىك، كەڭ قورساق ۋە ئېغىر ـ بېسىق بولۇش ئورنىغا ياقۇپ خوجا تېخىچە كۆرمىگەن يەنە بىر يېقىمسىز تەرىپىنى كۆرسەتكەنىدى...

«خەيرىيەت، — دەپ ئويلىدى ياقۇپ خوجا بايان ئاغىچىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — ئۇ ئەمدى كېلەرمۇ ياكى تەتۈرلۈك قىلىپ كەلمەسمۇ؟ مۇبادا كېلىپ قالسا، قولۇاقتا بىللە ئولتۇرۇپ يەنە دېڭىزغا چىقمىسىز.» ئۇ ئۆيدىن پېشايۋانغا چىقتى. بايا توختىغاندەك قىلغان يامغۇر ئۆز ئورنىنى قارغا ئۆتۈنگەن چېغى، ئاسماندىن لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى كۆرۈندى.

ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن چۈشكەن يورۇقتا هويلىدىكى مەپىنىڭ ئىزى كۆرۈندى. بىر چاغدا بايان ئاغىچىنىڭ ئۆيىدىن چىققان نىسا بېگىم خىزمەتكارلار تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ:

— ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە ياققان ئوتۇڭلار كۆيۈۋاتامدۇ؟ — دېگەن ئاۋازى بىلەن كىمدۇر بىرىنىڭ:

— هەئە، هازىرلا كىرىپ چىقتىم، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

※ ※ ※

ياقۇپ خوجا ئەۋەتكەن سايىۋەنلىك مەپە هويلىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن مۇبارەك خېنىم چىققاندا خۇشاللىقىدىن نىمە قىلارىنى بىلەلمەي هودۇقۇپ قالغان ئىززەت ئاغىچا ئۇنى كۇتۇۋېلىشنىڭ ئورنىغا نىياز بەگنىڭ قېشىغا يۈگۈردى. بۇ چاغدا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغان نىياز بەگ جايناماز دىن قوپماي:

— ئەي، پەرۋەردىگار، سېنىڭدىن باشقا رەببىم يوق، — دەپ خۇداغا نالە قىلىۋاتاتتى، — ئاسمان ـ زېمىن، تاغ ـ دەريالارنى، ئۇ يەرلەردە ماكان تۇتقان بارلىق ئادەمزاتنى، ئۇچار قۇش، هايۋاناتنى يوقتىن بار قىلىپ ياراتقان رەببىمىزسەن. بۇ پانىي دۇنيادا ئۆتكۈزگەن چوڭ ـ كىچىك گۇناهلىرىم بولسا مەغپىرەت قىلغىن. ياقۇپ خوجامنىڭ دىلىغا ئىنساب ـ تەۋپىق ئاتا قىلغىن. نەۋرىلىرىمنى يېتىم بولۇشتىن ساقلىغىن، سېنىڭدىن ئۆزگە پاناهىم يوق.

— هوي، مۇنۇ ئادەم تېخىچە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرىدۇغۇ، — دەپ ئۇنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ نوقۇشلىدى ئىززەت ئاغىچا.

نىياز بەگ ئايالىنىڭ چىرايىدىن ئەكس ئەتكەن خۇشاللىقنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدىلا؟ بىر كوزا تىللا تېپىۋالغانلەك خۇشال بولۇپ كېتىپتىلىغۇ؟ — دېدى.

— تىللا دېگەنمۇ گەپمۇ؟ خان ئاغىچا قىزىمنى ئەكىتىش ئۈچۈن خوجام مەپە ئەۋەتىپتۇ.

— ھە! ... — نىياز بەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ لاسسىدە بوشاپ كەتتى، قاغجىراپ قالغان كالپۇكلىرى بولسا: «خۇداغا شۈكۈر، پەرۋەردىگارىم» دېگەن سۆزلەرنى پىچىرلىدى. شۇ تاپتا ئۇ سۇ ئاپىتىگە ئۇچراپ نەچچە قېتىم تۇنجۇقۇپ، ئۆلۈم خەۋپىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقاندا قىرغاققا چىقىپ قالغان ئادەمدەك ھەم خۇشال، ھەم ھالسىز ئىدى.

— مەن سىلىگە مېنىڭ ئەمدى تۇغار قورسىقىم يوق. خوجا بالام كىشى ئەۋەتمىگۈچە، خان قىزىمنى ئوردىغا ئەۋەتمەيمەن دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقانىغۇ، راستمىكەن؟ مانا مېنىڭ دېگىنىمدەك بولدى، — كەلگەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ماختىنىشقا باشلىغان ئىززەت ئاغىچىنىڭ بۇ گەپلىرىگە نىياز بەگ قىلچە ئېتىبار قىلماي جايىنامازدىن تۇردى - دە:

— نېمىشقا ئاشىق بولۇپ قالغاندەك ماڭا قاراپ تۇرىدىلا؟ ئوردىدىن كەلگەن خېنىمنى كۈتۈۋېلىش كېرەكقۇ؟ — دېدى.

— ۋاي، ئېسىم قۇرۇسۇن، — ئىززەت ئاغىچا ئۆزىنى جىمىلەپ، نىياز بەگنىڭ قېشىدىن پېشايۋان تەرەپكە چىقتى. بىراق، ئۇ مۇبارەك خېنىمنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئايشەم ئاغىچا تۇرۇۋاتقان ئۆي تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى.

— شۇنداق قىلىپ، قارىسىلا، سىلىنىڭ يۈرەكلىرى دۇنيادىكى ئەڭ قاتتىق تاشنىمۇ چېقىپ كېتىدىغان ئوخشىمامدۇ، خوجام، ئايشەم ئاغىچىنىڭ تولۇن ئاي كۆرسە، خىجىل بولۇپ بۇلۇتنىڭ دالدىسىغا كىرىۋالىدىغان، بېھىشتىكى ھۆر قىزلار كەلسە، تارلىق قىلىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدىغان گۈزەل جامالى، تارىمنىڭ بېلىقىدەك سىلىق يوتىلىرى ۋە خام قايماق بىلەن قۇيغان ئۆپكىدەك دىرغىپ تۇرغان كۆكرەكلىرى

چۈشلىرىگە كىرمىدىمۇ دېسەم، «كىرمەمدىغان، ئايشەم ئاغىچا كۈندۈزى ھەرەمدە بولمىغان بىلەن، بەندىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان پەرىشتىدەك ھەر كېچىدە يېنىمدا پەيدا بولىدۇ» دېمەمدا. مەن ئۇ خوجامنىڭ گەپلىرىگە چىنپۈتمەي: «مېنى ئۇنداق دەپ گوللىمىسىلا، خوجام، ماۋۇ يېغىۋاتقان قارنى كۆردىلىما، ئەتىيازنىڭ بۇنداق سوغۇق كېچىلىرىدە ئايشەم ئاغىچا ئۇ ياقتا، سىلى بۇ ياقتا كارغا كەلمەيدىغان ئادەملەردەك تىزلىرىڭلارنى قۇچاقلاپ ياتساڭلار، ياراتقان خۇدامۇ راۋا كۆرمەس» دېۋىدىم، كۈلۈپ كەتتى ـ دە: «بوپتۇ، مۇبارەك خېنىم، ئايشەم ئاغىچىنى سىلىمۇ سېغىنىپ قاپتىلا، مەن چىقىپ مەپە قوشتۇراي، سىلى بېرىپ ئاغىچىنى ئەكەلسىلە» دەپ ئەۋەتتى...

«شۇ، مۇشۇنداق بولارىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ يۈرەتتى» دەپ ئويلىدى ئىززەت ئاغىچا مۇبارەك خېنىمنىڭ يانپاشقا ئۆرۈپ تاپقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاندىن قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى ئېچىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كىردى.

— سىلىما، ئاغىچا ھەدە، — دەپ سۆز باشلىدى مۇبارەكخان تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، — تۆت بالا تۇغۇپ ئۆستۈرسىمۇ ئېتى چۈشمەي، ئەمدىلەتىن بويىغا يەتكەن باكىرە قىز يالىدەك تۇرغان ئايشەم ئاغىچىنىڭ ياشلىقىنى ئىسراپ قىلىپ، تۇخۇم باسقان مېكىياندەك باغرىلىرىغا بېسىپ ياتقانلىرى نېمىسى؟ خوجا كۈيۈ ئوغۇللىرى تەكلىماكان چۆللىرىدە يۈرۈپ چاڭقاپ كەتكەن ئوۋچىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالدى ئەمەسمۇ، — ئۇ گېپىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ ئايشەم ئاغىچىغا قارىدى، — قېنى، چاققانراق جابدۇنسىلا خېنىم، خېرىدارى بولسا يانتاقمۇ پۇل بولىدۇ. خۇدايىم بىزگە ئوخشاش ئايال خەقنى خېرىدارسىز قېلىشتىن ساقلىسۇن جۇمۇ، — ئۇ ئايشەم ئاغىچىنىڭ بىقىنىغا قولىنى تەگكۈزۈپ گېپىنى داۋام قىلدى، — ياپىرىم، بەدەنلىرى نېمانداق تولۇپ كەتكەن؟ مىخ قاقسىمۇ ئۆتمىگۈدەك چىڭىپ كېتىپتۇغۇ؟ تۇف ... تۇف ...

تۇف ... تىلىم تەگمىسۇن، ئاغىچا ئانىلىرى باشقا نېمە بەرمەي ياڭاقنىڭ مېغىزى، قوينىڭ يىلىكى بىلەن باققان ئوخشىمامدۇ.

— خان قىزىم تەييارلىقىنى قىلسۇن، — دەپ سۆز قاتتى ئىززەت ئاغىچا، — يۇرسىلە، ئاشخانا تەرەپكە كىرىپ بىر پىيالە بولسىمۇ چاي ئىچسىلە.

— سىلىنىڭ قوللىرىدىن ئىچكەن چاي دورىدەك شىپالىق دېسىلە، — بىردىن رازىلىق بىلدۈردى مۇبارەك خېنىم، — خوجا كۈيۈ ئوغۇللىرىنى ئىززەت ئاغىچا چاي دەملەپ بىر ئاز تۇتۇپ قالدى دېسەم، قېيىنئانىسىنىڭ مېھماندوستلۇقىدىن خۇش بولۇپ كېتىدۇ دېسىلە.

ئىززەت ئاغىچىنىڭ مۇددىئاسى چاي ئىچكەچ مۇبارەك خېنىمدىن ياقۇپ خوجا بىلەن بايان ئاغىچىلار ئايشەم ئاغىچىنىڭ يامانلاپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق قانداق كۆزقاراشتا بولغانلىقىنى بىلىش ئىدى. لېكىن، كۆرۈنۈشتە چايقىلىپ، تۆكۈلۈپ، ئىچىدە بىر تامچىمۇ سۇ قالمايدىغان قاچىدەك كۆرۈنگەن مۇبارەك خېنىم ئىززەت ئاغىچىنىڭ نىيىتىنى ئېيتماي تۇرۇپلا چۈشىنىۋالغاندەك سۆزلەپ كەتتى:

— مەن بايان ئاغىچىنى كۆرمىگەن چاغدا، ئۇ قېرى خوجام ئەۋلىيا بولغىنى بىلەن نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، بۇ جۇڭغار قىزىنىڭ ياشلىقىغا قىزىقىپ ئالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ خېنىمنى كۆرۈپ رەھمەتلىك دانىيال خوجام مال تونۇيدىغان ئەۋلىيا ئىكەن ئەمەسمۇ دەپ ئويلىدىم. بۇ بايان ئاغىچا دېگەن خېنىم جۇڭغار قىزى بولسىمۇ، لېكىن تۆت تەرىپىدىن ئايلىنىپ قارىسىمۇ، بىر تال قۇسۇرى يوق يالتىراپ تۇرىدىغان بەدەخشاننىڭ ياقۇتىدەك ئايال ئىكەن ئەمەسمۇ، تاھارەتسىز يەر دەسسىمەيدۇ. بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلمايدۇ. بىرپەس بىكار ئولتۇرۇپ قالسا، يانچۇقىدىن كىچىككىنە تەسۋىسىنى ئېلىپ، ئاللاغا مۇناجات ئوقۇيدۇ. ھەرەمدىكى ھەممە ئاياللار بىلەن خۇددى كىچىكىدىن

www.uyghurkitap.com

تارتىپ بىللە ئۆسكەندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ھېچ كىمگە قاپاق تۈرمەيدۇ. «مەن دېگەن دانىيال خوجىنىڭ ئاغىچىسى بولىمەن» دەيدىغان كىبىرلىكى يوق. ھەتتا بەزى كۈنلىرى، ئەتىمالىم رەھمەتلىك دانىيال خوجام چۈشىگە كىرىپ قالغان كۈنلىرى بولسا كېرەك. ھەرەمدىكى ئايالLارغا كۆڭلەكلىك رەختلەرنى، ياغلىقلارنى ھەدىيە قىلىدۇ. بىر قېتىم ئۇ خېنىم بىلەن مۇلاقاتتا بولۇپ: «يۈسۈپ خوجام قەشقەرگە خان بولۇپ كەتتى، ئانىسى بولغاندىكىن سىلى نېمىشقا بارمايدىلا؟» دېسەم، ئۇ: «يۈسۈپ خوجا بالام خۇنتەيجىنىڭ ئەمرى بىلەن كەتتى. مەن بولسام دانىيال خوجامنىڭ ئەمرىدىكى ئايال، شۇڭا خوجامنىڭ قەبرىسىنى بىر يىل توشماي، قانداقمۇ تاشلاپ كېتىمەن» دېمەسما. توغرا ئەمەسمۇ؟ سىلى قانداق دەيدىلا؟ بايان ئاغىچىدىن باشقا ئايال بولسا: «ئېرىمنى يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۇزاتتىم، بۇ يەردە تۇرغىنىم بىلەن ئۆلگەن ئادەم تىرىلىپ كېلەتتىمۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە، قەشقەرگە بېرىپ، ‹يۈسۈپ خوجىنىڭ ئانىسى› دېگەن ئالىي دەرىجە بىلەن شۇ يەردىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئىگە بولاي» دېمەمدۇ.

ئىززەت ئاغىچا ماقۇللىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بايان ئاغىچىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئېيتىپ بەرسەم، سىلىمۇ ھەيران قالىدىلا، — گېپىنى داۋام قىلدى مۇبارەك خېنىم، — باياتىن ئۆتكەن كېچە كۆرگەن چۈشۈمنى ئەسلەپ ئولتۇرسام، چوڭ بېشىنى كىچىك قىلىپ قېشىمغا كىرىپ كەلدى ـ دە: «مۇبارەكخان ئۇكام، ياقۇپ خوجام يالغۇزلۇق تارتىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەرەمنىڭ ئىچىمۇ چۆلدەرەپ كەتتى. ھازىر خوجا بالامنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ چىقتىم. ئىسا بېگىم مەيە قوشتۇرۇۋاتىدۇ. شۇ مەيگە غاچچىدە ئولتۇرۇپ ئايشەم ئاغىچىنى ئەكەلسىلىچۇ» دېمەمدا، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەتتا قۇلاقلىرىممۇ كۈلۈپ كەتتى دېسىلە.

«گەپ بۇياقتا ئىكەن ـ دە، — دەپ ئويلىدى ئىززەت ئاغىچا، —

مەن تېخى خان قىزىمنى خان خوجامغا چېقىشتۇرغان شۇمىكىن دەپ جۇڭغار ئاغىچىدىن گۇمانلىنىپ يۈرۈپتىمەن.»

ئۇلار مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا، ئايشەم ئاغىچىمۇ تەييارلىقىنى تۈگىتىپ ئۆيدىن چىقتى.

— بولدى، ئاتا، پېشايۋاندىن چۈشمىسىلە، — دېدى ئۇ مەپىگە چىقىۋېتىپ.

— خەير ئەمىسە، ئاغىچا هەدە، — دېدى مۇبارەكخان.

مەپىكەش ئېتىنىڭ بوجىسىنى سىلكىپ هويلىدىن چىقتى. قار بولسا ئۇچقۇنداپ چۈشۈۋاتاتتى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دەۋەتتى نىياز بەگ مۆرىسىنى باسقان يۈكتىن قۇتۇلغان هامالدەك، — بۇ قىزىمنىڭ ئۆيۈمگە كەلگىنى بىر خۇشاللىق بولىۋىدى، كەتكىنى ئۇنىڭدىن نەچچە هەسسە ئارتۇق خۇشاللىق بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# ئىككىنچى قىسىم

## بىرىنچى باب

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئىككى خەۋەر ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا تېز يېتەرمىش: بىرى، كىشىلەرنى خۇش قىلىدىغان ياخشى خەۋەر. يەنە بىرى، ئۇلارنى نارازى قىلىدىغان يامان خەۋەر. خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان ئادەملەر ئۇچۇق ـ ئاشكارا بىر ـ بىرىگە يەتكۈزسە، يامان خەۋەرنى ئاڭلىغانلار ئەتراپىغا ئېھتىيات بىلەن قاراپ، بىر ـ بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىشارمىش. شۇنىڭغا قارىماي بۇ خەۋەرمۇ تېز ئارىدا ھەممە ياققا تارىلىپ كېتەرمىش.

شۇنىڭدەك، ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياخشى ـ يامان خىسلەتلەرمۇ مەخپىي بولماي، ئۆز تەرىپىدىكىلەرگە بەش قولدەك ئايان بولۇپ، خۇددى ياخشى ـ يامان پۇقرالاردەك بىرنەچچە چاقىرىم يەرگە تارقىلىپ تۇرارمىش. ئەگەر ئۇ ئادەم بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا بارماقچى بولسا، ئۇنىڭ ياخشى ـ يامان پەزىلەتلىرى قانىتى بار قۇش مىسالى ئۆزىدىن ئىلگىرى يېتىپ بارارمىش.

شۇنىڭغا ئوخشاش، جوڭغار خۇنتەيجىسىنىڭ يارلىقى بىلەن يۇسۇپ خوجىنىڭ قەشقەرگە «خان» بولۇپ بەلگىلەنگەن خەۋىرى ئاددىي پۇقرالارغا ئانچە تەسىر قىلمىسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە «خان»، «بەگ» ياكى «ھاكىم» بولغان ئادەملەردىن ھېچقانداق ۋاپا كۆرمىگەچكە، ھاكىمىيەت ئۇستىگە كەلگەن ئادەملەرگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئۇلار «بىز دېگەن پۇقرا، بىزگە تىنچلىق بولسىلا بولدى، پۇقرالىق ۋەزىپىمىزنى ئۆتەپ، يەنى

تاپاۋىتىمىزگە قاراپ تۆلىنىدىغان ئۆشرە ـ زاكاتنى ۋە باشقا ئالۋان ـ ياساقلارنى تۆلەپ كۈنىمىزنى كەچۈرسەك بولدى» دەپ ئويلىشاتتى. شەھەرنىڭ كۆزى ئوچۇق ئادەملىرى بولسا، جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى، ۋەزىيەتنى دائىم كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆز ھەمسۆھبەتلىرى بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا يۈسۈپ خوجا ھەققىدە بىلگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى بىر ـ بىرى بىلەن ئورتاقلىشاتتى.

— بۇ خوجام دانىيال خوجىنىڭ جۇڭغار خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بالا ئىكەنغۇ؟ — دەيتتى بىرى.

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، يەنى گەپ يەردە ئەمەس، ئۇرۇقتا. يەرگە بۇغداينىڭ ئۇرۇقى تېرىلسا — بۇغداي، ئارپىنىڭ ئۇرۇقى تېرىلسا — ئارپا ئۈنۈپ چىقىدۇ.

— بۇ گەپلىرىچە يۈسۈپ خوجامنى «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنى داۋاملاشتۇرغۇچى دەپ چۈشىنىمىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، «قۇش ئۇۋىسىدا كۆرگەننى» قىلىدۇ ـ دە.

— مەن سىلەرنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرىڭلارغا ئانچە قوشۇلمايمەن، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ئۈچىنچى بىر ئادەم، — ئىشەنچلىك بىر كىشىدىن ئاڭلىغىنىمغا قارىغاندا، بۇ خوجامۇ ئاكىسى ياقۇپ خوجىغا ئوخشاش ھېچبىر سۇلۇكنى قوللىماسمىش.

— ياقۇپ خوجا ئاتىسىدىن ئۆزگىچە يول تۇتۇپتۇمۇ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى بىرىنچى ئادەم.

— تېخىچە خەۋەرلىرى يوقمۇ؟ ئۇ خوجام: «بىزنىڭ دەستۇرىمىز ئاللانىڭ كالامى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسى» دەپ جاكارلاپتۇ، شۇنىڭدەك يەكەندىكى ھەپسە ـ زىندانلاردا ئاق تاغلىق «ئىشقىيە»چى ئادەمنى بوشىتىپ، «بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز بىر خەق، بىر مىللەت، بىر دىن، بىر زەباندىكى ئادەملەر بولغاندىكىن، تۈرلۈك سۇلۇكلەرنى دەپ گۇرۇھلارغا بۆلۈنمەيلى» دەپ ۋەز ئوقۇپتۇ.

— ۋايتوۋا ! راستتىنلا شۇنداق دەپتۇمۇ؟

— راست بولغاندا قانداق؟ ئۇ خوجامنىڭ گەپلىرىنى ئوردا ئەركانلىرى بىلەن يەكەندىكى ئۆلىما - پازىللارنىڭ ھەممىسى قوللاپتۇ.

— ھەرھالدا يىراقنىڭ خەۋىرىگە ھە دېگەندىلا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى بىرىنچى ئادەم.

— توغرا دەيدىلا، — ئۇنىڭ سۆزىنى قوللىدى ئىككىنچىسى.

... بۇ چاغدا ئۆستەڭ بويىدىكى كونا خانىقانىڭ ھۇجرىسىدا ئۈچ نەپەر مويسىپىت ئادەممۇ ئۆزئارا سۆزلىشىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئاق كۇلاھى ئۇستىگە يۆگىگەن سەللىسى، پەرىجىسىنىڭ ياقىسى بىلەن پەشلىرىگە تۇتۇلغان ئاق جىيەكلىرىگە قاراپ «ئىشقىيە» سۇلۇكىگە مەنسۇپ ئادەملەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— قانداق قىلىمىز؟ يېڭى خانىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى سىمىزلىكتىن بويىنى كۆرۈنمەي قالغان ساقى موللا.

— ئىشان ھەزرەتلىرى نېمە دەيدىكىن؟ مېنىڭچە، گۇمان پەيدا قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقساق، — دېدى بومبا ساقال پاكار بويلۇق يەھيا سوپى.

— ئەلۋەتتە، ئۇ خوجامنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىش ئۆز مەزھىپىمىزدىن كېچىش دېگەنلىك ئەمەس، — دېدى يوغان باشلىق باقى ئىسىملىك ئىشان، — ھازىر بىزدە «ئىسھاقىيە»چىلەرگە تاقابىل تۇرغۇدەك قۇۋۋەت بولمىغاندىن كېيىن مادارا قىلماقتىن ئۆزگە يول يوق.

— تۇنۇگۈن خۇدايار بەگنىڭ ھۇزۇرىدا بولدۇم، — دېدى ساقى موللا، — ئۇ كىشىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، دانىيال خوجىنىڭ باللىرى ئىچىدە مۇشۇ خوجىنىڭ زوۋۇلىسى خېلى چوڭ ئوخشايدۇ. يەكەندىكى خانلىق مەدرىسىنىڭ ۋاقتلىق

مۇدەررىسى ساۋۇر ئاخۇنۇم شەھەرىمىزگە تەشرىپ قىلغاندا، خۇدايار بەگنىڭ ئۆيىدە قونۇپ: «دانىيال خوجامنىڭ بۇ بالىسىدا ئىككى مىللەتنىڭ قېنى بولغاچقا، زېھنى بەك ئۆتكۈر، تولىمۇ شىجائەتلىك بالا» دەپ تەرىپلىگەنىكەن. خۇدايار بەگمۇ يۇسۇپ خوجا بىلەن «تىكىنىنى يوپۇرماققا يوشۇرغان گۈلگە ئوخشاش» مۇناسىۋەتتە بولۇشقا مەسلىھەت بەردى.

— قېنى، ئۇ تەرەپلىرىنى كېيىن كۆرەرمىز. «كېلىنىنى كۆرگەندە، بۆكىنى كىيگەندە كۆر» دېگەن گەپ بارغۇ، مولللام، — دېدى باقى ئىشان.

— ئىشان ھەزرەتلىرى تولىمۇ دانا مەسلىھەت بەردى، — دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى يەھيا سوپى، — يامغۇر ياغماي تۇرۇپ ھۆل بولۇۋالساق قاملاشماس.

بۇلار ئاپاق خوجا دەۋرىدە يۇقىرى ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغان «ئىشقىيە» مەزھىپىدىكى پېشىۋالارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، دانىيال خوجا ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن سىياسىي پائالىيىتى چەكلىنىپ قالغان ئادەملەر ئىدى. ھازىر ئۇلار «ئىشقىيە» سۇلۇكىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن بىرەر پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالماي، شەھەر ئىچى بىلەن سىرتىدىكى خانىقالار بىلەن تۇنەكخانىلارنى ياقىلاپ يۈرگەن سوپى ـ ئاشىقلار ئارىسىدا يوشۇرۇنچە ھەرىكەت قىلاتتى. ھەرقايسىسىنىڭ قولىدا ئۆزلىرىگە بەيئەت قىلغان مۇرىتلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تىرىكچىلىكتىن قول ئۈزگەن، رىيازەت چېكىشنى، تەركىدۇنيا بولۇشنى ھەقىقە يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ قارايدىغان؛ ئۆي تۇتۇپ، بالىچاقىلىق بولۇشنى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەنلىك دەپ ھېسابلايدىغان؛ ھېچ يەردە ئىشلىمەي خانىقالاردا قايىنىتىلغان شالانلار بىلەن ياكى خەقلەردىن تىلىۋالغان بىر پارچە نان بىلەن قورسىقىنى تويدۇرۇپ قانائەت قىلىدىغان سوپى ـ دەرۋىشلەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئىختىيارىنى پىرلارغا ئاتىغان،

«پىرلارنى رازى قىلساق، خۇدا رازى بولىدۇ، پىرلار دېگەن بەندىلەرنى بېھىش بىلەن دوزاختا ئايرىغۇچىلاردۇر» دېگەن چۈشەنچە ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇلگەن بۇ ئادەملەر خوجا - ئىشانلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يەر - زېمىنلىرىدا، باغ - ئاراملىرىدا ھەقسىز ئەمگەك قىلاتتى. ئاپاق خوجا دەۋرىدە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك مۇرىت بولغان مۇنداق سوپى - ئىشانلارنىڭ سانى ئۈچ يۈز مىڭ ئادەمگە يەتكەن بولسىمۇ، ھازىر بۇ سان بىرنەچچە ھەسسە ئازايغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆز سۇلۇكلىرىنى باھانە قىلىپ، ئاۋام خەلقنى گۇرۇھلارغا بۆلۈشتە بۇ تائىپىدىكى ئادەملەر ھازىرمۇ مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينايتتى...

قەشقەردىكى ئەمەلدارلار بىلەن ئۆلىما - پازىللار، خوجا ئىشانلار يۈسۈپ خوجا باشلىق ئادەملەرنى «دۆلەتباغ»دا كۈتۈۋالدى. ئۇزۇن يولدىن كەلگەن مېھمانلار ئۆزلىرىگە پېشۋا چىققان ئادەملەر بىلەن سەممىمي كۆرۈشۈپ، دەرەخلەر ئارىسىغا سېلىنغان زىلچىلار ئۈستىدىكى كۆرپىلەرگە ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلىشتى.

— قەدەملىرىڭلارغا ھەسەنات! — دېدى شەھەر ھاكىمى خۇش كېيىپ. كەڭ يەلكىلىك، پالۋان قامەت بۇ ئادەم ئەسلى خوتەنلىك بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ بىلىمدانلىرىدىن ئىدى. قەشقەر تەۋەسىدە ئاپاق خوجىنىڭ تەسىر دائىرىسى كۈچلۈك بولغاچقا، بۇ شەھەرگە «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىدىكى بىرەر ئادەمنى ھاكىم قىلىپ بەلگىلىسە، «ئىشقىيە» سۇلۇكىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقى كۈچىيىپ كېتىشىدىن، «ئىشقىيە» سۇلۇكىدىكى بىر ئادەمنى بەلگىلىسە، ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرىگەن دانىيال خوجا ھېچبىر سۇلۇكتە يوق خالىس ئادەم دەپ خوتەنلىك مۇشۇ ئادەمنى قەشقەرگە ھاكىم قىلىپ بەلگىلىگەنىدى ۋە ئۇنىڭغا بىرىنچى ۋەزىپە قىلىپ ھەر يىلى جۇڭغارلارغا تۆلەيدىغان خىراجنى ۋاقتىدا يىغىپ

تۇرۇشنى، ئاندىن كېيىن «ئىشقىيە»چىلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە يول قويماسلىقنى تاپشۇرغانىدى. خۇش كېپەك هاكىم ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ هۆددىسىدىن چىقىش بىلەن قەشقەر خەلقىگىمۇ يېقىپ قالغانىدى.

يۇسۇپ خوجىلار «دۆلەتباغ»دا بىرەر سائەتتەك چۈشكۈن قىلىپ، هاردۇق چىقارغاندىن كېيىن ئۆزلىرىگە تەيىنلەنگەن ماكان ـ جايلارغا بېرىپ ئورۇنلاشتى.

※ ※ ※

هەر قېتىم قەشقەرىيەگە كەلگەندە، بىرنەچچە ئۇلاغ سوۋغا ـ سالام ئېلىپ ئۆگىنىپ كەتكەن داندار دورغا ياقۇپ خوجا تەييارلاپ بەرگەن ئىككى ئۇلاغ مالنىڭ ئۇستىگە يۇسۇپ خوجىلار تەييارلاپ بەرگەن بىر ئۇلاغ مالنى كۆرۈپ:

— بۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ بەرىكىتى مەرھۇم دانىيال خوجا بىلەن كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئۆزىنى ئۇزىتىش ئۇچۇن ئەتراپىدا ئۆرە تۇرغان يۇسۇپ خوجا، خۇش كېپەك هاكىم ۋە يېڭىدىن ئىشكىئاغا ئەمىلىگە تەيىنلەنگەن خۇدايار بەگلەرگە قاراپ، — بۇ ئۇلاغدىكى نەرسەڭلار يالغۇز ئۆزۈمگىلا بولغان بولسا رەھمەتتىن باشقا ئېيتار سۆزۈم يوق ئىدى، لېكىن ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇپ تۇرغان مېنىڭدىن باشقا نويانلار بىلەن دورغىلارمۇ بار ـ دە. ئۇلارنى ئۇنتۇپ قېلىش...

— دورغىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندىم، — دېدى يۇسۇپ خوجا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەمەلدار ئالدىغا كىرگەن پۇقرادىن: «ئىسمىڭ نېمە؟» دەپ سورىسا، ئۇ ئادەم: «ئىسمىم — خۇدا» دەپ، «بەردى»سىنى ئېيتقۇچە، ھېلىقى ئەمەلدار تاقەت قىلالماي: «سەن خۇدالىق دەۋاسىنى قىلدىڭ» دەپ ئۇرۇپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، داندار

دورغىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلدى ـ دە، ــ دەپ يېنىدا تۇرغان خۇدايار بەگكە قارىدى، ــ شەھۋادۇن باقاۋۇللار نېمىشقا كىچىككىپ قالدىكىن، تېزلەتسىلەچۇ؟

شۇ ئارىدا ئوردا سىپاھلىرىدىن بىرى داندار دورغىنىڭ ئېتىنى، يەنە بىرى شەھۋادۇن باقاۋۇل بىلەن ئۇستىگە يۇك ئارتىلغان ئىككى قېچىرنى يېتىلەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇلارنى كۆرۈپ داندار دورغىنىڭ قىسىق كۆزلىرى خىجالەت بولۇشنىڭ ئورنىغا، خۇشاللىقىدىن پارقىراپ كەتتى.

ــ ئاتام رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا: «مۇبادا داندار دورغا بىرەر خىزمەت بىلەن قەشقەرىيەگە كېلىپ قالسا ئوبدان كۈتۈپ، ياخشى مېھمان قىلىڭلار، زىراكى ئۇ ئادەم خۇنتەيجى جانابلىرى بىلەن ساغا نويانلار ئىشىنىپ ئىش تاپشۇرىدىغان، مەن بىلەن كۆڭلى يېقىن پاراسەتلىك ئادەم» دېگەن سۆزلەرنى ھەمىشە تەكرارلاپ يۈرىدىغان، ــ دېدى يۈسۈپ خوجا.

دانىيال خوجا بولسا ئەسلىدە: «ئىنسان ئېھسانىنىڭ قۇلى»، بالىلىرىم، مۇبادا سىلەرگە جۇڭغارلارغا تۆلەيدىغان خىراجنى ئاپىرىشقا توغرا كېلىپ قالسا، ئۇ يەردىكى نويانلار بىلەن دورغىلارغا سوۋغا تەقدىم قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار، ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا بېرىش ئۈچۈن يېڭىسارنىڭ پىچىقىدىن، قىزلىرىغا بولسا يەكەنلىك كاسىپلار كالا مۈڭگۈزىدىن ياسايدىغان تارغاقلاردىن بولسىمۇ ئاز ـ تولا ئالغاچ بېرىڭلار» دېگەنىدى. يۈسۈپ خوجا بولسا داندار دورغىنىڭ يۇتىغا «ھۆل خىش» قويغان ھېسابتا يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى قىلدى.

ــ ماۋۇ بىرىنچى قېچىردىكى سوۋغا ـ سالامنى، ــ دەپ چۈشەندۈردى يۈسۈپ خوجا، ــ خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ ئوردىسىدىكى نويانلارغا بېرەرسىز، ئۇ كىشىلەر ھازىرچە ئاز بولسىمۇ كۆپكە تەۋە قىلىپ قوبۇل قىلغاي. مۇنۇ ئىككى قېچىردىكىلەر بولسا، شەخسەن ئۆزىڭىزگە تەقدىم قىلغان سوۋغىمىز.

— رەھمەت، خوجام، رەھمەت ! — دەپ خۇشاللىقىنى بىلدۈردى دورغا، — ئاتام مەرھۇم: «ئاتىنىڭ ئىزىنى تاي باسۇر» دەيدىغان، مۇنداقمۇ توغرا بولارمۇ؟ دانىيال خوجامنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمىدىڭىز. ئۇ رەھمەتلىك ئىلىغا ھەر قېتىم بارغىنىدا، مەن تۇرماق مېنىڭ قېرى ئاۋغېيىمنىڭمۇ كۆڭلىنى ئالاتتى. ئەڭ بولمىغاندا: «مۇنۇ تارغاقنى دۈردۈن ئاغىچا ئەۋەتتى» دەپ ئىچ يانچۇقىغا سېلىپ كەلگەن مۇڭگۇز تارغاقنى بېرىپ خۇشال قىلاتتى.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئېتىغا مىندى.

※ ※ ※

شۇ كۈنى يۈسۈپ خوجا شەھەر ھاكىمى خۇش كېپەك بىلەن ئۇزاق ئولتۇرۇپ، قىلىدىغان ئىشلار ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. خۇش كېپەك ھاكىم قەشقەردىكى ھەر تەبىقە ئادەملىرىنىڭ، ئۆلىما ـ پازىللارنىڭ، ئاخۇن ـ ئاكابىرلارنىڭ، چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن كۆزقاراشلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— ئۆز ۋاقتىدا ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ كانى، جاھان ئەھلىنى تاڭ قالدۇرغان مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەسرىدىن رابغۇزىغا ئوخشاش مەشھۇر زاتلار يېتىشىپ چىققان بۇ شەھەر ئاپاق خوجا دەۋرىدە قاتتىق ئىنقىرازغا ئۇچرىدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئىشى بارنىڭ قەدرىگە يېتىش، يوقنى بار قىلىش بولماي، بەلكى بار نەرسىنى يوقىتىش، ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت بولدى، — دېدى سۆزىنى داۋام قىلىپ، — خەلق ئاغزىدا «ئەزىزانە قەشقەر» دەپ ئاتالغان بۇ شەھەردە ئاپاق خوجا تەرىپىدىن ئاتىسى ئۈچۈن ياغدۇ دېگەن يەرگە ياسىتىلغان گۈمبەزدىن باشقا كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىرەر ئىنشائات يوق. ھازىر ئۇ ئادەمنىڭ (ئاپاق خوجىنىڭ) ئۆلگىنىگە قىرىق يىلدىن

ئوشۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن رەئىيەتنىڭ ئېڭىغا سىڭدۇرۇپ كەتكەن «ئىشقىيە» مەزھىپى خۇددى ئۆزى بار ۋاقىتتىكىدەك ھۆكۈم سۈرمەكتە، يەنى بۇ مەزھەپ ئۇدۇم تالىشىدىغان كېسەلدەك ئاتىدىن بالىغا ئۆتۈپ كەلمەكتە.

— بۇ دېگەنلىرى ھەقىقەت، — ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا قوشۇلدى يۇسۇپ خوجا، — سىلىچە بولغاندا كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ ئۇخلاۋاتقان بۇ ئادەملەرنى قانداق قىلىپ ئويغاتقىلى بولار؟

خۇش كېپەك ھاكىم خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى.

— تارتىنماي دەۋەرسىلە، — دەپ قىستىدى يۇسۇپ خوجا.

— بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم: «سۈنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، تۈگمەننىڭ چاقپەلىكىنى چۆرگىلىتىشنى بىلىمەن، لېكىن ئادەملەرنىڭ كۈچىنى قانداق قىلىپ ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلارغا ئايلاندۇرۇشنى بىلمەيمەن» دەپتىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، بۇ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن.

يۇسۇپ خوجا كۈلۈۋەتتى ـ دە:

— بۇ گەپلىرىگە قارىغاندا «كونا كېسەل ئاسانلىقچە ساقايمايدۇ» دېگىنلىرى بارمۇ، قانداق؟ — دېدى.

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ.

— مېنىڭچە، پۇقرالارغا تەسىر قىلىدىغان، ئۇلارنى قوزغىتالايدىغان بىرەر چارە ـ تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويساق قانداق بولار؟

— قانداق چارە ـ تەدبىر؟ — قىزىقىپ سورىدى خۇش كېپەك ھاكىم.

— مەسىلەن، تەرىقەت پېشۋالىرىنىڭ تۈرلۈك مەزھەپلەرنى ئويلاپ چىقىپ، ئەجدادلىرىمىز بۇرۇندىن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنىمىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋەتكەنلىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىرلىك ـ ئىتتىپاقى

مۇستەھكەم خەلقىمىزنى بىرنەچچە گورۇھلارغا بۆلۈۋەتكەنلىكىنى پۇقرالارغا چۈشەندۇرسەك.

— ناھايىتى بەلەن پىكىر، — خۇش كىپەك ھاكىم جانلىنىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەن يۇسۇپ خوجىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپنىڭ چىقىشىنى كۇتمىگەنىدى.

— بىزنىڭ دىنىي دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم» بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ھەدىس شەرىپى، شۇنداققۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ خوجا.

— شۇنداق بولماي، ئەلۋەتتە، شۇنداق! — دېدى خۇش كىپەك.

— ئۇنداق بولسا تۆرلۈك مەزھەپلەرنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

خۇش كىپەك ھاكىم يەنە ئويلىنىپ قالدى. كاللىسىدا «بۇ خوجام مۇنۇ گەپلەرنى چىن دىلىدىن دەۋاتامدۇ ياكى مېنى سىنىماقچى بولۇۋاتامدۇ؟» دېگەن ئوي پەيدا بولدى. شۇ ئەسنادا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، يۇسۇپ خوجىغا قاراپ:

— ئەدەنباي دېگەن بىر ئادەم سىلى بىلەن كۆرۈشەتتىم دەپ كەپتۇ، — دېدى.

— باشلاپ كىرسىلە، — دېدى يۇسۇپ خوجا ۋە «ئەدەنباي ئاكام كەپتۇ ـ دە» دەپ، خۇش كىپەك ھاكىمغا قارىدى.

— بۇ ئەدەنباي دېگەنلىرى...

— بۇ ئادەم ئاتام رەھمەتلىكنىڭ يېقىن بۇرادىرى، شۇنىڭ بىلەن ئانام ئىككىمىزنىڭ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشىمىزغا سەۋەبكار بولغان ئادەم، — دېدى يۇسۇپ خوجا خۇش كىپەككە قاراپ. شۇ ئارىدا ئەدەن قېچىر بىلەن باقاۋۇل كىرىپ كەلدى. يۇسۇپ خوجا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى ۋە ئىككى قوللاپ سەمىمىي كۆرۈشتى. ئاندىن گۇللۇك پەنجىرە تەرەپتىكى كۇرسىغا ئولتۇرغۇزدى ـ دە:

— تىنچ ـ ئامان، ھارماي ـ چارچىماي كەلدىلىمۇ؟ — دەپ

ئەھۋال سورىدى.

— خۇداغا شۈكۈر، ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟ كېلىن بالا بىلەن بالىلار ئۆگىنىپ قالدىمۇ؟

«يۈسۈپ خوجامنىڭ ‹ئەدەنباي ئاكام› دېگەن ئادىمى مۇشۇ ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى ئۇلارنىڭ سەممىي مۇناسىۋىتىگە ھەيران بولغان خۇش كېپەك ھاكىم.

— غۇلاملارغا ئېيتسىلا، بىزگە بىر چەينەك چاي ئەكىرسۇن، — دېدى يۈسۈپ خوجا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلغا قاراپ، ئۇ يۈسۈپ خوجىنىڭ بۇ تۇججارغا بولغان مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ، خۇددى خۇش كېپەك ھاكىمدەكلا ھەيران بولغان ھالدا چىقىپ كەتتى.

— بۇ كىشى شەھىرىمىزنىڭ ھاكىمى — خۇش كېپەك جانابلىرى بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى يۈسۈپ خوجا ئەدەن قېچىرغا.

— تولا ئوبدان، مەن خېلىدىن بېرى بۇ كىشىنىڭ ياخشى تەرىپاتلىرىنى ئاڭلاپ يۈرەتتىم، — دېدى ئەدەن قېچىر خۇش كېپەككە باشتىن ـ ئاياغ نەزەر تاشلاپ، — لېكىن دىدارلىرىنى كۆرۈش پۇرستى كەلمىگەنىدى.

— مەنمۇ سىلى توغرۇلۇق ئاڭلاپ يۈرگەنىدىم، — دېدى خۇش كېپەك، — تونۇشۇپ، مۇلاقاتتا بولۇش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى نۆۋەت ئىزدىنىپمۇ كۆردۈم. لېكىن، ھەر قېتىمدا ئۆيلىرىدە يوق ئىكەنلا.

— تۇججار دېگەن يانپىشىنى يەرگە تەگكۈزمەي، جاھان كېزىپ يۈرمىسە كۆڭلى تىنچىمايدىغان خەق ـ دە، — دەپ كۈلكە ئارىلاش جاۋاب بەردى ئەدەن قېچىر.

— ئېسىمدىن چىقمىسا، ئۆيلىرى سېپىل ياقىسىدىكى تار كوچىدىغۇ دەيمەن، — دېدى خۇش كېپەك راستتىنلا ئىزدەپ بارغىنىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن.

— شۇنداق، — دېدى ئەدەن قېچىر، — كۆڭلىدە بولسا «بۇ ئادەمگە نېمە ئۈچۈن لازىم بولۇپ قېلىۋېدىمكىن؟» دېگەن

www.uyghurkitap.com

سوئال پەيدا بولدى.

ئۆيگە قارا قاش، بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن، تولغىماچ بۇرۇتلۇق غۇلام كىرىپ تام تەرەپتە تۇرغان پاكار شىرەنى كۇرسىنىڭ ئالدىغا يۆتكەپ، ئۈستىگە پارقىراپ تۇرغان زەرلىك داستىخاننى يايدى ـ دە، چىقىپ كېتىشكە تەمشەلگەندە:

ـــ شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلغا ئېيتىڭ، بىز بىللە چايخورلۇق قىلسۇن، ـــ دېدى يۇسۇپ خوجا.

بىرھازادىن كېيىن بايىقى غۇلام بىلەن باقاۋۇل كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قەنت ـ گېزەك سېلىنغان پەتنۇس بىلەن ھورى چىقىپ تۇرغان نانلار ۋە پىيالىلەر بار ئىدى.

ـــ قېنى كۇرسىلارنى شىرەنىڭ قېشىغا سۈرۈپ، يېقىنىراق ئولتۇرايلى، ـــ دېدى يۇسۇپ خوجا، ئاندىن ئۆزى ئولتۇرغان كۇرسىنى ئەدەن قېچىرىنىڭ ئۇدۇلىغا يۆتكىگەندە، خۇش كېيەككە قاراپ قويدى، ـــ سىلى ئەدەنباي ئاكامنىڭ قېشىدا ئولتۇرسىلا، ـــ ئاندىن شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلنىڭ «چاينى قۇياي» دېگىنىگە ئۇنىماي، چەينەكنى ئېلىپ پىيالىلەرگە قۇيۇشقا باشلىدى.

ـــ سىلىنىڭ كەلگەنلىرى تولىمۇ ئوبدان بولدى، ـــ دەپ سۆز باشلىدى ئۇ قولىدىكى پىيالىنى شىرە ئۇستىگە قويۇپ، ـــ بىز ھاكىم جانابلىرى بىلەن خانلىقىمىزنىڭ ئىشىنى نېمىدىن باشلاش ھەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتۇق. ھاكىم جانابلىرى: «مەن سۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تۈگمەن چاقىنى ئايلاندۇرۇشنى بىلىمەن. لېكىن، پۇقرالارنىڭ كۈچىنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلارغا ئايلاندۇرۇشنى بىلمەيمەن» دەپ كېلىپ، كونا كېسەل ئاسان ساقايمىغاندەك، يۈز يىللاردىن بېرى خەلقىمىزگە سىڭىپ كەتكەن مەزھەپچىلىك بىلەن تەپرىقىچىلىكمۇ ئاسانلىقچە تۈگىمەيدۇ، دېگەندەك قىلىدۇ. مەن بولسام: «بۇ مەزھەپلەرنى ئويلاپ تاپقان ئادەملەر ئەجدادلىرىمىز

www.uyghurkitap.com

ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىمىزنى چۇپەيلەشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سۇلۇكلىرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، خەلقىمىزنى بىرنەچچە گۇرۇھ ـ مەزھەپلەرگە بۆلۈۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۇقرالارغا بىزنىڭ دىنىي دەستۇرىمىز ئاللانىڭ كالامى بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ، ھەر تۈرلۈك مەزھەپلەرنىڭ راۋاج تېپىشىغا چەك قويۇشىمىز لازىم» دەۋاتىمەن.

— ناھايىتى توغرا ئويلاپسىلا، خوجام. يەكەندە ياقۇپ خوجامۇ خۇددى مۇشۇنداق يول تۇتۇپتۇ، — دېدى ئەدەن قېچىر ۋە ياقۇپ خوجىنىڭ ئارقىمۇئارقا چىقارغان پەرمانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، گېپىنى داۋام قىلدى، — ئىشىنىڭمۇ يولى شۇ ـ دە، خوجام، بەرىكەت دېگەن نەرسە قەيەردە بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بولسا، شۇ يەردە بولىدىكەن ئەمەسمۇ. ئەگەر بىز خەقنىڭ بىر قىسمى «ئىسھاقىيە»، بىر قىسمى «ئىشقىيە» سۇلۇكىنى ياقىلىماي، ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ، «مەن پالانى خوجامنىڭ مۇرىتى، مەن پۇستانى خوجامنىڭ مۇرىتى» دېمەي، ھەممىمىز بىر خۇدانىڭ قۇلى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇممىتى بولۇپ يۈرسەك، تاغ ـ تاشلاردا كۆچۈپ ـ قونۇپ يۈرگەن جۇڭغارلارغا ھېچقاچان بوزەك بولمايتتۇق. مانا ئەمدى ئۆزلىرى ئەمەل تۇتقان ئادەملەر، ئويلاپ كۆرۈشسىلە، ئەگەر بىر ياقتىن يېغا كېلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر بولسا، بىرى تاغنىڭ ئۇ جىراسىدا، يەنە بىرى بۇ جىراسىدا كۆچۈپ يۈرىدىغان خەق. شۇڭا، ئۇلار بىز خەققە ئوخشاش بىر پەستە ئەمەس، بىر كۈندىمۇ جەم بولالمايدۇ. ئەمما، بۇ خەقنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىرلىك، ئىتتىپاقى بەلەن ئىكەن. ئۇلار بىزگە ئوخشاش «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» بولۇپ بۆلۈنمەيدىكەن. ھەممىسى پادىشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىكەن، — ئەدەن قېچىرنىڭ كۆڭلىدە «تېخى سىر ئېلىشمىغان خۇش كېپەك بىلەن باقاۋۇلنىڭ ئالدىدا ئەجەب

قورسىقىمدىكىنى ئاشكارا دەۋەتتىما» دېگەن ئەندىشە پەيدا بولدى، — ئەمدى ھەرقايسىلىرىدىن ئاشىدىغان ئەقىل يوق. ماۋۇ يۈسۈپ خوجام سورىغاچقا، ئويلىغانلىرىمنى دەپ سالدىم جۇمۇ.

— ناھايىتى بەلەن گەپلەرنى قىلدىلا، ئەدەنباي، — دېدى ئۇنىڭ گەپلىرىدىن مەمنۇن بولغان خۇش كېپەك ھاكىم، — بىز خەق قاچانكى مەزھەپلەر تۈپەيلى بۆلۈندۇق، شۇنىڭدىن باشلاپ «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەندەك، بۆرىنىڭ ئاغزىغا چۈشۈپ قالدۇق، بۇنى سىلەرگە ئوخشاش چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئاز. ھازىرمۇ ئۆزلىرى كىرىپ قالغان مەزھەپلەردىن كېچەلمەي يۈرگەن ئادەملەر خېلى نۇرغۇن.

— ئەدەنباي ئاكام خۇددى مېنىڭ ئويۇمدىكى گەپلەرنىلا قىلدى، — دەپ شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل سۆز قاتتى، — بەزى ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە خانلىقى يۈز يەتمىش يىلدەك شەھەر سوراپ، ئۇ يېقى قۇمۇلدىن بەدەخشانغىچە، بۇ يېقى يەتتىسۇدىن تىبەتكىچە بولغان يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغانىكەن. خەلقلەرنى مەزھەپلەرگە بۆلۈپ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە قارشى چىققان خوجا ـ ئىشانلارنىڭ بەزىلىرىنى جازالاپ، بەزىلىرىنى ئۆز زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارغانىكەن. كېيىنكى چاغلاردا شۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى بولغان ئىسمايىلخانمۇ «ئىشقىيە» مەزھىپىنى ئىلگىرى سۈرگەن ھىدايىتۇللا خوجىنى ئۆز دىيارىمىزدىن قوغلىۋەتكەنىكەن. ۋاھالەنكى، شۇ خوجا جۇڭغارلار بىلەن بىرلىشىپ، خانلىقىمىزنى بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈرۈپتۇ...

— گەپلىرىنى بۆلگىنىمگە خاپا بولمىسىلا، ئۇكام، — دېدى ئەدەن قېچىر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئۆتكەن ئىشلارنى قانچە سۆزلىسەك تۈگىمەيدۇ. مېنىڭچە، يۈسۈپ خوجام دېگەندەك، ئەمدى قىلىدىغان ئىشلار ھەققىدە گەپ قىلساق.

— مەسىلەن؟ — سوئال قويدى خۇش كېپەك ھاكىم.

— مەسىلەن دەمدىلا؟ — دېدى ئەدەن قېچىر، — بۇنىڭ يولى ئاسان. پۇقرالارغا بۇنىڭدىن كېيىن ئىناق، ئىتتىپاق بولايلى، ھەممىمىز بىر خەق بولغاندىن كېيىن «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دەپ بۆلۈنمەيلى، ئىشانلار دېگەن مەزھەپلەرگە ئەمەس، خۇدانىڭ كالامى بىلەن رەسۇلۇللانىڭ ھەدىس شېرىپىگە ئەمەل قىلايلى دەپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش لازىم.

ھەممەيلەن بىر دەقىقە جىم بولۇپ قېلىشتى. شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل بوشىغان پىيالىلەرگە چاي قۇيدى.

— ئەدەنبايى ئاكامنىڭ دېگەنلىرى توغرا، — دېدى بىر چاغدا يۇسۇپ خوجا، — كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ؟ دەپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەي، ئەتىلا خانلىقىمىزنىڭ دەستۇرىنى كۆپچىلىككە ئېلان قىلايلى.

ئۇلار ھەممىسى بۇ پىكىرگە قوشۇلۇشتى. شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل ئوردىنىڭ سورۇنخانىسىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش، خۇش كېيەك ھاكىم بولسا ئەتە بولىدىغان مەجلىسكە تەكلىپ قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ تىزىمىنى تەييارلاپ، ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن قوزغالدى. ئۆيدە يۇسۇپ خوجا بىلەن ئەدەن قېچىر ئىككىسى قالدى.

— ياقۇپ خوجام سىلىگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن نامە بەرگەنىدى، — دەپ پەشمىتىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا قول سالدى ئەدەن قېچىر ۋە ئالىقاندەك لىپاپىنى ئېلىپ يۇسۇپ خوجىغا سۇندى ـ دە، ۋەزىپەم تۈگىدى دېگەندەك، كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، يۇسۇپ خوجا:

— ئەتە، ئەتىگەنرەك كەلسىلە، — دېدى.

※ ※ ※

بۈگۈن ئوردىنىڭ ئىچى ئەتىگەندىلا جانلىنىپ كەتتى. ھويلا ـ ئارامىلار تۇرماق، ئوردا ئالدىدىكى كوچىلارمۇ

سۇپۇرۇلۇپ تازىلاندى. قەشقەردىكى پۇقرالار يۇسۇپ خوجىنىڭ بۇ شەھەردىكى ئۆلىما ـ پازىللار ۋە ئەمەلدارلارنى يىغىپ، مەجلىس ئۆتكۈزۈشىدىن خەۋەرسىز بولغىنى بىلەن، ياقۇپ خوجىنىڭ يەكەن شەھىرىدە يۈرگۈزگەن يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەر تاپقانىدى.

مۇنداق بولغىنى پەرمانقۇل ئىشاندىن يېڭى يولىيورۇقلارنى ئالغان مەدداھلار قەشقەر شەھىرىدىكى بازار ـ گۈزەرلەردە پەيدا بولۇپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتكەنىدى.

— ياراتقان ئاللانىڭ يەردىكى سايىسى بولغان ھەزرىتى ياقۇپ خوجام يەكەن شەھىرىگە خان بولۇشى بىلەنلا پۇقرالارنى خۇدانىڭ قۇلى، پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى بولۇشقا چاقىردى. ئۇ كىشى پۇقرالارنىڭ بۇگۈنكىدەك ئېغىر كۈنگە دۇچار بولۇشىنى ئۆتمۈشتىكى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئۆز مەزھەپلىرىنى «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شېرىپتىن ئۇستۈن قويغانلىقىدىن دەپ چۈشەندۈردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئابرۇيىنى تىكلەش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى «ۋەلىيۇللا پىر»، «مۆمىنلەرنى دوزاخ بىلەن بېھىشقا ئايرىغۇچى ئەۋلىيا» دەپ، ئۆز مەزھەپلىرىنى تارقاتتى. ئۆز مەزھەپلىرىگە كىرگەنلەرنى باقىي دۇنيادىكى بېھىش بىلەن ئۈمىدلەندۈردى. كىرمىگەنلەرنى دوزاخ بىلەن قورقۇتتى. نەتىجىدە رەسۇلىللانىڭ: «كىمكى قوۋمىنىڭ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈشىگە سەۋەبكار بولسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس①، «دائىم كۆپچىلىك بىلەن بولۇڭلار، بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار. شەيتان يالغۇز ئادەم بىللە بولىدۇ. ئىككى كىشىدىن يىراقلىشىدۇ»②، «مۆمىنلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشتە ۋە بىر ـ بىرىگە مېھرىبان، مەرھەمەتلىك بولۇشتا، خۇددى تەنگە ئوخشايدۇ. تەندىكى بىر ئەزا ئاغرىسا، ئۇنىڭ تەسىرى پۈتۈن ئەزالارغا تارقىلىپ، ھەممە ئەزانىڭ ھارارىتى

① «مىڭ بىر ھەدىس» كىتابىدىكى 860 ـ ھەدىس.

② «مىڭ بىر ھەدىس» كىتابىدىكى 186 ـ ھەدىس.

كۆتۈرۈلىدۇ ياكى سوۋۇپ كېتىدۇ» دېگەن ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلمىدى، ــ دەيتتى ھېيتكا مەيدانىدىكى چاڭگا ساقال مەدداھ، ــ ئەي، مۆمىن مۇسۇلمانلار ! خوجا ـ ئىشانلاردىن ئەمەس، ئۆزۈڭلارنى ياراتقان ئاللادىن قورقۇڭلار ! خۇدا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى بېجىرىڭلار. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىڭلار. بىز مۆمىنلەرنىڭ شاپائەتكارى ئەۋۋەلەن خۇدا، ئاندىن مۇھەممەد مۇستاپادۇر. بىزنى بېھىش بىلەن دوزاخقا خوجا ـ ئىشانلارنىڭ مەزھەپلىرى ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ ياخشى ـ يامان ئەمەللىرى ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر بىز «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شېرىپكە ئەمەل قىلساق، شۇ چاغدىلا ئەھلى مۇسۇلمان، ئەھلى جەننەت بولالايمىز...

تۇماق بازىرىدا پەيدا بولغان ئورۇق، قېرى مەدداھ بولسا:

ــ ئەي، مۆمىن مۇسۇلمانلار ! ئەقىل ـ پاراسىتى ئاسماندىكى قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ھەزرىتى ياقۇپ خوجام بىز مۆمىنلەر ئارىسىغا يۈز يىلدا بىر كېلىدىغان قۇتبىل ئەقتابىدۇر، ــ دەپ جار سالاتتى، ــ ئۇ زاتى ئۇلۇغ جانابلىرى يەكەن تەختىگە ئولتۇرۇشى بىلەن ئەپۇ ـ ئومۇمىيە ئېلان قىلىپ، ھەپسە ـ زىندانلاردا ئازابلىنىۋاتقان «ئاق تاغلىق»لارنىڭ ھەممىسىنى ئازادلىققا مۇشەررەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ مەكتەپ، مەدرىسلەردىن قوغلانغان پەرزەنتلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، مەكتەپ، مەدرىسلەرگە قوبۇل قىلدى. زاتى ئالىي خوجام مۇسۇلمانلارنىڭ گۇرۇھ ـ تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈشىنى مەنئى قىلىپ، رەسۇلىللانىڭ: «ھەممە ئادەم تارغاقنىڭ چىشىدەك باراۋەر» دېگەن ھەدىسىنى جارى قىلدى. يەكەن شەھىرىدە شۇنداق ياخشى ئىشلار سادىر بولۇشقا باشلىدىكى، «ئاق تاغلىق»لار بىلەن «قارا تاغلىق»لار بىمالال بىر ـ بىرىدىن قىز ئېلىپ، قىز بېرىشىپ قۇدا بولىدىغان بولۇشتى. بىر ـ بىرىنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكىگە قاتنىشىپ، رەسۇلىللانىڭ: «مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە بۇرادەر.

ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىدىن ئارتۇق ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق ـ كەملىكى تەقۋالىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ»[1] دېگەن سۆزلىرىگە ئەمەل قىلماقتا. ئەي، مۆمىن مۇسۇلمانلار! ئۇ زاتى ئۇلۇغ خوجام يەكەن دىيارىدىكى پۇقرالارغا ئالغان ھوسۇلىنىڭ باش ـ بۇرنىنى خوجا ـ ئىشانلارغا پۇلسىز بېرىدىغان قائىدە ـ يوسۇنلارنى بىكار قىلدى. پۇقرالار ئاشلىقىنى، قوغۇن ـ تاۋۇزىنى، ئالما ـ ئۆرۈك، شاپتۇل، ئانارغا ئوخشاش مېۋىلىرىنى بازاردا ساتىدىغان ياكى ئۆزلىرى يەيدىغان ئەركىنلىككە ئېرىشتى. ئەي مۇسۇلمانلار! ئاللانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، ئۇنىڭ يۈز ئىسمى بىلەن مىڭ سۈپىتى بارلىقىنى ۋە ھەممىگە قۇدرىتى يېتىدىغانلىقىنى شېپى كەلتۈرۈپ شۇنى ئېيتىمەنكى، ھەزرىتى ياقۇپ خوجام يالغۇز يەكەننىڭلا ئەمەس، پۈتۈن جاھاننىڭ خوجىسىدۇر. روشەن كۆڭۈللۈك بۇ خوجام يىگىنىگە ئوخشاش ھەممە مۆمىنلەرنىڭ لىباسىنى چىكىدۇ. ئەمما، ئۆزى يالىڭاچ، زاتى ئۇلۇغ بۇ خوجام چىراغقا ئوخشاش ئۆزى كۆيۈپ باشقىلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ.

يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن تۇججارلار چۈشىدىغان خان كوچىدىكى كارۋان سارايىنىڭ ئالدىغا توپلانغان ئادەملەرگە يەنە بىر مەدداھ يەكەندىكى ئابدۇقادىر مۇپتىنىڭ قىبلىگە قاراپ تەۋەججۇھ قىلغىنىدا تاملىرىدىن نۇر چىقىپ تۇرغان ھەشەمەتلىك بىنانىڭ ئىچىگە قويۇلغان ئالتۇن تەختنى ۋە ئۇنىڭدا ئولتۇرغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، يەنە شۇنداق تەختلەردە ئولتۇرغان ئىمام ھۇسەن، ئىمام ھەسەنلەرنى، تۆت چارىيارنى ۋە ناھايىتى نۇرغۇن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنى كۆرگەنلىكىنى، شۇلارنىڭ ئالدىدا ياقۇپ خوجامغا رەسۇلۇللانىڭ ئۆزى «قۇتبىل ئەقتاب» دېگەن ئاتاقنى بېرىپ، ئۈستىگە تون

① «مىڭ بىر ھەدىس» كىتابىدىكى 624 ـ ھەدىس.

كىيدۇرگەنلىكىنى بار ئاۋازى بىلەن چىڭقىلىپ سۆزلەۋاتاتتى. دەۋر قىلىپ تۇرۇشقان ئادەملەر ئارىسىدىن شادىپاچاق، ئۇزۇن ساقال، چاچلىرى ئۆسۈپ مۇرىسىگە چۈشكەن، بېشىغا ئاق پۆپۈكلۈك كۇلا كىيىۋالغان جۇل - جۇل كىيىملىك بىر ئادەم غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ چىقتى - دە، بايىقى مەدداھنىڭ كانىيىغا ئېسىلىپ:

— ماۋۇ خۇشامەتچى قارا گۇينىڭ (قارا تاغلىق دېمەكچى) ئۆز خوجىسىنى بازارغا سېلىپ «قۇتبىل ئەقتاب» دەپ ماختاۋاتقىنىنى قارا! — دېدى - دە، چىڭقىلىپ سۆزلەپلا كەتتى، — هوي، قارا ئازما، قۇتبىل ئەقتاب دېگەن كىم، بىلەمسەن؟ قۇتبىل ئەقتاب دېگەن بىزگە ئوخشاش ئاللانىڭ دىدارىغا ئاشىق «ئىشقىيە»چىلەرنىڭ پىرى — هەزرىتى ئاپاق خوجامدۇر. ئۇ كىشى: «پىر دېگەن پەيغەمبەرگە ئوخشاشتۇر، مۇرىت دېگەن پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتىگە ئوخشاشتۇر. پەيغەمبەرگە ئاللادىن قانداق ۋەھيي كەلسە، ماڭىمۇ شۇنداق ۋەھيي كېلىدۇ» دېگەن. ئۇ كىشى يەنە: «ئەۋلىيا ئۇچۇن شاراب بولۇشى كېرەك. شاراب ئىچكەندىن كېيىن مەست بولۇش كېرەك. مەست بولغاندىن كېيىن سەكرەش كېرەك. جەررە - سۆھبەت قىلغاندىن كېيىن تەلەپ قىلىش كېرەك. تەلەپ قىلغان ئادەم، ئەلۋەتتە خۇدانى تاپىدۇ. خۇدانى تاپقان ئادەم بىلەن خۇدانىڭ ئارىلىقىدا نېمە پەرق بولىدۇ. مەن مۇرىتلىرىمنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ هەممە ئۆلۈكنى تىرىل دېسەم هازىرلا تىرىلىدۇ. ئەمما، خۇدانىڭ ئادىتۇللاسىغا (كارامەت ئادىتىگە) توغرا كەلمەيدۇ. هەر ئادەم نەغمە - ناۋا، ئويۇن - كۈلكە بىلەن بولسا، كۆيۈۋاتقان ئوتقا سۇ چاچسا، ئۆچۈپ قالغاندەك ئۇنىڭ دىلىدا خۇدانىڭ ئىشقى توختايدۇ. هەرقانداق ئادەم ئۆمرىنى راھەت بىلەن ئۆتكۈزسە، ئاخىرەتنىڭ راھىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ... ئۆمرۈڭنى مۇشەققەتنىڭ كېمىسى بىلەن بەرھەق ئاچ - ئاجىزلىق دەرياسىدا غەرق قىلىۋەتمىسەڭ،

خۇداغا يېتىشىمەن دېگىنىڭ بىكار. ھەرقانداق كىشى ئۆيىدىن، بالىچاقىسىدىن، دۇنيانىڭ راھىتىدىن دىلىنى ئۈزۈپ، يىغلاپ، يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ ئۆتسە، ئاخىرەتتە راھەت ـ پاراغەتتە بولىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان بىر يىلغىچە سوغۇق سۇ بىلەن قۇرۇق نان يېسە، پىشقان ئاش، قاينىغان سۇ تەلەپ قىلمىسا، ئۇ ئادەم ھەقنى ئىزدەيمەن دەيدىكەن، مۇشۇنداق رىيازەتكە سەۋر قىلمىسا، ھەقتىن بۇنى ئالالمايدۇ»[1] دېگەن. ھوي، «قارا تاغلىق» ئازما، «قۇتبىل ئەقتاب»نىڭ كىملىكىنى بىلدىڭما؟!

ياقۇپ خوجامنىڭ تەرىپاتىنى سۆزلەۋاتقان مەدداھ:

— ماۋۇ هارامتاماق سوپىنىڭ گېپىنى قارا، — ئۇ كانىيىغا ئېسىلغان ئۇزۇن ساقال سوپىنىڭ قولىنى ئۆزىدىن ئاجراتتى، — ھەي، بىر چېكىم نەشە بەرسە، سېپىلغا ئۇسىدىغان بەڭگى! بۇتقا چوقۇنىدىغان دىنسىزلارنى دىيارىمىزغا باشلاپ كەلگەن ئاپاق خوجىنى ئەجەب ماختاپ كەتتىڭا؟

— ماۋۇ «قارا تاغلىق»نىڭ يوغان گېپىنى؟ ھەي، قارا ئازما، ئاپاق خوجامغا تىل تەگكۈزگىنىڭ ئۈچۈن دولاڭدىن تۈگۈلۈك ئاچىمەن، جۇما، — دەپ بېلىگە ئېسىۋالغان غىلاپتىن پىچاق چىقاردى ـ دە، مەدداھقا قاراپ ئېتىلدى. بىراق، جۇدۇنى ئۆرلەپ تۇرغان مەدداھمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ ئاق كۇلاھلىق سوپى ـ ئاشىقنىڭ پىچاق تۇتقان قولىغا بىرنى تەپتى. ئاق ساپلىق ئۆتكۈر پىچاق ھاۋادا يالت قىلىپ كۆرۈندى ـ دە، كوچىنىڭ قاسىنقىدا كېتىۋاتقان سەللىلىك ئادەمنىڭ يەلكىسىگە قادالدى. ئۇ ئادەم ئەتراپىغا تېڭىرقىغاندەك بىرپەس قاراپ تۇردى ـ دە، ئاندىن لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاڭغىچە بۇ ئادەمنى تونۇپ قالغان بىرى:

— قازى ھەزرەتلىرى يىقىلىپ چۈشتىغۇ، — دەپلا سەللىلىك ئادەمنىڭ قېشىغا يۈگۈردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان، «ئاپاق خوجىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىدىن» دېگەن ماقالىدىن.

كۆپچىلىك پىچاق تەگكەن ئادەمنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. شۇ ئەسنادا مەدداھنىڭ پەشۋاسىنى تىتىپ كۆرگەن سوپى ـ ئاشىق غىپپىدە قىلىپ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى.

قازى ھەزرەتنىڭ قېشىغا بىرىنچى بولۇپ بارغان ئادەم ئۇنىڭ يەلكىسىگە سانجىلغان پىچاقنى ئېلىپ، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنى يەشتۇردى. يەنە بىرى دەرھال تېۋىپ ئىزدەشكە كەتتى. قازىنىڭ ئۆپچۆرىسىگە ئولىشىۋالغان ئادەملەر بىردەم ئۇنىڭ تاتارغان چىرايىغا، بىردەم قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن يەلكىسىگە قارايتتى.

خەلق ئارىسىدا «قازى ھەزرەت» دەپ ئاتالغان بۇ ئادەمنىڭ ئەسلىي ئىسمى سابىر بولۇپ، ھېچقانداق مەزھەپنى تەن ئالمايتتى. ئۇ «بەشئېرىق» مەھەللىسىدىكى «لايپەشتاق» مەدرىسىسىنى تاماملاپ، شۇ مەھەللىدىكى مەسچىتكە ئىمامەتچىلىك قىلىپ يۈرگىنىدە موللا سابىر دەپ ئاتالدى. پارس، ئەرەب تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئىسلام ئالىمى ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر ئالىملاردىن ئىمام بۇخارى، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبە ۋە باشقا مەشھۇر مۇدەررىسلەرنىڭ ھەدىس كىتابلىرى جۇغلانغانىدى. ئەنە شۇ مۆتىۋەر ھەدىسلەردىن بەھرىمەن بولغان سابىر موللا ئۆز تىرىكچىلىكىنى ئاتىسىدىن قالغان كىچىككىنە يېرىدە دېھقانچىلىق قىلىپ ئۆتكۈزەتتى. «بەشئېرىق» مەھەللىسىدىكىلەر بۇ ئادەمنى «داۋۇد پەيغەمبەر[1] دەك ئۆز مېھنىتى بىلەن نان تېپىپ يەيدىغان ئادەم» دەپ ئاتىشاتتى.

خۇش كېپەك بەگ قەشقەرگە كېلىپ بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭغا قازىلىق دەرىجىسىنى بەردى. شۇنىڭدىن بېرى پۇقرالارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، دەۋاگەرنىمۇ، جاۋابكارنىمۇ رازى قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئادەمنىڭ «قازى ھەزرەت» ۋە «ئادىل قازى» دەپ ئاتىلىشىغا

[1] داۋۇد پەيغەمبەر تۆمۈرچىلىك كەسپى بىلەن كۈن كەچۈرگەن.



كىتاب تورىبىكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆتكەن يىل كۈزدە چىقارغان بىر ھۆكمى سەۋەب بولغانىدى.

... بىر كۈنى قازىخانىغا يېشى ئەللىكلەرگە كەلگەن بولسىمۇ، ياش چوكانلاردەك تاۋلىنىپ، شەھلا كۆزلىرى ئوينىاپ تۇرىدىغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى ـ دە، خۇددى ئۆگەي ئانىسىدىن تاياق يېگەن يېتىم قىزدەك ئۆكسۈپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئەرز ـ داد قىلدى.

— سىلىگە كېلىشىمىدىكى سەۋەب، — دېدى ئۇ سابىر قازىغا، — ئالتە ئايلىق ۋاقتىمدىن تارتىپ مېنىڭ تەسلىكتە يەتتە ياشقا كىرگۈزگەن بىر قىزىم بار ئىدى. ئىسمى — دىلناز. شۇ قىزىمنىڭ ئۆلۈكىنى بۈگۈن ئەتىگەن ئۇدۇل قوشنامنىڭ ھويلىسىدىن تاپتىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ موللا سابىر بىلەن قازىخانىدىكى ئادەملەر ھەيران بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ئۆلگەن قىز بالىنىڭ جەسىتى نەدە؟ — دەپ سورىدى قازى.

— شۇ خوتۇننىڭ ھويلىسىدا.

موللا سابىر قازى بىرپەس ئويلاندى ـ دە، خىزمەتچىلىرد.
نىڭ بىرىگە:

— سىلى بۇ ئايال بىلەن بىللە بېرىپ، قىز بالىنىڭ جەسىتىنى كۆزدىن كەچۈرسىلە، — دېدى، ئاندىن يەنە بىر خىزمەتچىگە قاراپ، — سىلى قىز بالىنى ئۆلتۈرگەن ئايالنى دەرھال قازىخانىغا ئەكەلسىلە، — دەپ جېكىلىدى.

خىزمەتچىلەر ئەمدى ماڭايلى دەپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، بېشىغا تور ياغلىق ئارتىۋالغان ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئايال كىرىپ كەلدى ـ دە:

— قازى ھەزرەتلىرى سىلى بولامدىلا؟ — دەپ سورىدى ئۇدۇلدا تۇرغان سەللىلىك ئادەمگە قاراپ.

— يوقسۇ، ئەنە ئاۋۇ ئولتۇرغان كىشى، — دېدى ئۇ سابىر قازىنى كۆرسىتىپ.

www.uyghurkitap.com

شۇ ئارىدا تور ياغلىق ئارتىۋالغان ئايال ئۇدۇل قوشنىسىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە:

ــ هوي، نومۇسسىز، شەرمەندە ! ــ دېگەن پېتى ئۇنىڭغا ھۇرپەيدى، ــ بىر تاتلىق قىز بالىنى ئۆلتۈرۈپ، مېنىڭ ھويلامغا تاشلىغىنىڭ نېمىسى؟ نارەسىدە بالىنىڭ ئۇۋالىدىن قورقمىدىڭمۇ؟

ــ ھەي، ھەي ! سەۋر ! ــ دېدى سابىر قازى، ئاندىن كېيىن تور ياغلىق ئارتىۋالغان ئايالغا قارىدى، ــ بۇ خېنىم قىزنىڭ ئۆلۈكىنى سىلەرنىڭ ھويلىدىن تېپىپتۇغۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى سىلىدىن كۆرۈۋاتىدۇ.

ــ ماشائاللا ! ــ دەپ ھەيران بولدى تور ياغلىق ئارتىۋالغان ئايال، ــ ئۇ قىز بالىنى مەن ئۆلتۈرۈپتىمەنما؟ هوي، قارا يۈز ! ــ ئۇ يەنە دەۋاگەر ئايالغا ھۇرپەيدى، ــ مەھەللىمىزدە نومۇسسىزلىقىڭ بىلەن مەشھۇر ئىدىڭ. ئەمدى تۆھمەتخورلۇق بىلەن مەشھۇر بولاي دەپسەن ـ دە، توۋا قىلدىم خۇدايىم، ئاياللار ئىچىدە مۇشۇنداق ناكەس، قارا يۈرەك خوتۇنلار چىقىدىكىنە، ــ ئۇ قازى تەرەپكە قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى، ــ بىر ھېسابتا بۇ ئۇياتسىزنىڭ مۇشۇ يەرگە كەلگىنىمۇ ياخشى بوپتۇ. خەلقىئالەم ئالدىدا تېخىمۇ شەرمەندە بولىدىغان بولدى. ھۆرمەتلىك قازى ئاخۇنۇم، ماڭا ئىشەنسىلە، مەن ئۇ قىز بالىنى ئۆلتۈرمەك تۇگۇل، كۆرمىگىلى ئۈچ ـ تۆت كۈن بولدى، پەيزاۋاتتا چوڭ ئانام ئۆلۈپ، بورناكۈن شۇ ياققا كەتكەنىدىم. باياتىن كېلىپ ھويلىغا قارىسام، ھويلىدا دىلنار قىزنىڭ ئۆلۈكى يېتىپتۇ. ئۆيگىمۇ كىرمەي، بۇنىڭ ئۆيىگە كىرسەم ئىشىكىدە قۇلۇپ، قولۇم ـ قوشنىلارنى چاقىرىپ ئۆلۈكنى كۆرسەتتىم ـ دە، ئاندىن بۇياققا كەلدىم.

موللا سابىر قازى بۇ ئىككى خوتۇننى ئىككى ئۆيگە سولاپ، ئۇلار تۇرغان مەھەللىگە باردى. قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ كۆردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تور ياغلىق ئارتىۋالغان

ئايالنىڭ بۇنداق قاتتىللىق قىلىشىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «مەھەللىمىزدىكى ئەڭ تەقۋا ئايالالرنىڭ بىرى» دېيىشتى. دەۋاگەر ئايالنى بولسا باشتىن ـ ئاياغ يامانلىدى، بەزى قوشنىلىرى: «بۇ گۈلزار خېنىم دېگەن پەرىشتىنىمۇ يولدىن چىقىرىدىغان هازازۇل خوتۇن. ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئۇن بىرىنچى ئېرىدىن ئاجراشقان» دېدى. بەزىلەر گۈلزار خېنىم دەپ ئىسمىنى ئاتىماي: «ئۇ قارا تۇغماسنىڭ قولىدىن هەر بالا كېلىدۇ. ئەللىكتىن ئاشسىمۇ قۇرتى ئۆلمىگەن بۇ خوتۇن تامغا يېقىپ قويغان تېزەككە قونغان ئەركەك چىۋىنغىمۇ قىلتاق قويۇشتىن يانمايدۇ، بېقىۋالغان قىزى ئۇنىڭ ئويۇن ـ كۈلكىسىگە پۇتلىكاشاڭ بولغاچقا، ئۆزى ئۆلتۈرگەندۇ» دېيىشتى. مەھەللىدىكى ئەركەك ئادەملەر بولسا گۈلزار خېنىمنى: «هېچكىمنىڭ دىلىنى رەنجىتمەيدىغان، خۇشخۇي ئايال، ئۇنىڭ قولىدىن ئادەم بالىسى تۇرماق قۇشقاچنىمۇ ئۆلتۈرۈش كەلمەيدۇ» دېيىشتى.

لېكىن، سابىر قازى «بىر مەھەللىدە بىرلا تۇل خوتۇن بولسا، شۇ مەھەللىدىكى هەممە ئاياللار ئۇنىڭغا كۈنداشلىق قىلىدۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ، ئايال قوشنىلارنىڭ گەپلىرىگىمۇ، هەرقانداق مېكىياننى كۆرسە قانات سۆرەيدىغان خورازلارغا ئوخشاش ئەر خەقلەرنىڭ گەپلىرىگىمۇ ئىشەنمىدى. ئۇ بېشىغا تور ياغلىق ئارتىۋالغان ئايالنى ئەيىبكار دەپ هېسابلىسا، ئۇنىڭ قىز بالا ئۆلۈشتىن ئىلگىرى پەيزاۋاتقا كېتىپ، ئۆيگە بۇگۈن ئەتىگەن كەلگىنى ئېنىق. گۈلزار خېنىمنى ئەيىبكار دېسە، هەرقانداق ئانىنىڭ ئۆز بالىسىغا قەست قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇنداق ئويلار ئىلكىدە قالغان سابىر قازى بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن قەسەم ئېلىش قارارىغا كەلدى. لېكىن، بۇ ئۇسۇلمۇ نەتىجە بەرمىدى. ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى ئۆزلىرى دېگەننى راست دەپ قەسەم ئىچىشتى. «ئەمدى بۇ ئىشنىڭ هەقىقىتىنى

ئىنقىلاشتا يەنە بىر ئۇسۇل قالدى» دەپ ئويلىغان سابىر قازى دەۋاگەر ئايالغا قاراپ:

— سىلى قىزىمنى ئۆلتۈرگەن شۇ ئايال دەۋاتىدىلا، ئەگەر شۇ ئىپتقانلىرى راست بولسا، مۇشۇ ئادەملەر ئالدىدا كىيىملىرىنى باشتىن ـ ئاياغ سېلىپ ئىسپاتلىسىلا، — دېدى.

گۈلزار خېنىم ھېچقانداق ھايال قىلمايلا، ھېچكىمدىن تەپ تارتماي، بىردەمدىلا كۆڭلەك ـ ئىشتانلىرىنى يېشىپ تۇغما يالىڭاچ بولدى ۋە:

— قىزىمنى ئۆلتۈرگەن مۇشۇ خوتۇن، — دېدى.

قازىخانىدا ئولتۇرغان ئادەملەر ئۇيالغىنىدىن تەتۈر قارىۋېلىشتى.

— دەرھال كىيىنسىلە! — دېدى غەزەپلەنگەن قازى، ئاندىن تور ياغلىق ئارتقان ئايالغا قارىدى:

— نۆۋەت سىلىگە كەلدى. قىز بالىنى ئۆلتۈرمىگەن بولسىلا، شۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېشىنىپ يالىڭاچ بولسىلا.

بىراق، بۇ ئايال ئۆز ئاتىسىدەك، ئاكىسىدەك مويسىپىت ئادەملەر ئالدىدا يېشىنىشكە ئۇنىماي:

— مەيلى، ئۇ قىز بالىنى ئۆلتۈرگەن مەن بولاي، لېكىن يېشىن دەپ قىستىماڭلار، — دېدى.

قازىخانىدىكىلەر بىرھازاغىچە جىمىپ كەتتى.

— سىلى ئۆيلىرىگە كېتىۋەرسىلە، — دېدى بىر چاغدا سابىر قازى تور ياغلىق ئارتىۋالغان ئايالغا قاراپ، — سىلىدەك شەرم ـ ھايالىق ئايال ئادەم بالىسى تۇرماق چۈمۈلىنىمۇ ئۆلتۈرمەيدۇ. جازا مۇنۇ ئايالغا لايىق. بۇنداق ئۇياتنى بىلمەيدىغان شەرمەندە ئاياللار ھېلىغۇ بىر بالا ئىكەن، ئون بالا بولسىمۇ ئۆلتۈرۈپ، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىشتىن يانمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، قوشنىسىنىڭ ئابرۇيىنى كۆرەلمەي، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغان گۈلزار خېنىمغا قاتتىق جازا بېرىش



www.uyghurkitap.com كىتاب تورىبېكىتى

ھۆكۇم قىلىنىدى. سابىر قازىنىڭ بۇ ھۆكمى شەھەر خەلقىگە ئاداۋەت ئەمەس، ئادالەت يېگىپ چىقىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن كۆپچىلىك ئادەملەر سابىر قازى دېيىشنىڭ ئورنىغا «ئادىل قازى» دېيىشىدىغان بولۇشتى.

شۇنىڭ ئۇچۇن بولسا كېرەك، سابىر قازىنىڭ تۇيۇقسىز بالا ـ قازاغا ئۇچرىشى بىرپەستىلا خۇش كېپەك ھاكىمغا ئاڭلاندى. ئۇ يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن يۇسۇپ خوجىنى خەۋەردار قىلىپ، دەرھال «خان» كوچىسىغا كەلدى. شەھەر ھاكىمىنى كۆرگەن خەلقلەر ئىككى تەرەپكە سۈرۈلۈپ يول بەردى. بۇ چاغدا سىپىل ياقىسىدا تۇرىدىغان قېرى تېۋىپ سابىر قازىنىڭ يەلكىسىدىكى قاننى توختىتىپ، قانداقتۇر بىر مەلھەمنى سۈركەۋاتاتتى. سابىر قازى بولسا دورىنىڭ ئېچىشتۇرغىنىغا چىدالماي ۋاتقاندەك تۈرۈپ ـ تۈرۈپ چىرايىنى تۈرۈپ قوياتتى.

— قازى جانابلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دەپ سورىدى خۇش كېپەك تېۋىپ بوۋايغا مۇراجىئەت قىلىپ.

— ياخشىمەن، ھاكىم جانابلىرى، — دېدى سابىر قازى تېۋىپتىن بۇرۇن جاۋاب بېرىپ.

— قورققۇدەك ئىش يوق، — دەپ چۈشەندۈردى تېۋىپ، — قازى ھەزرەتنىڭ يەلكىسىدىكى تومۇرلار بىلەن سىڭىرلىرى ساق ئىكەن. پىچاقنىڭ ئۇچى كىيىملەرنى تېشىپ، ئەتكە ئازراق كىرىپتۇ.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى شەھەر ھاكىمى.

ئاڭغىچە قېرى تېۋىپمۇ ئوتتۇرىدىن ئۈزۈنىسىغا تىلىنغان ئاق ماتا بىلەن سابىر قازىنىڭ يەلكىسىنى تېڭىپ، كىيىملىرىنى كىيدۈردى ـ دە:

— سىلى قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن غاچچىدە مەپە تېپىپ كېلەي، ئۆيلىرىگە بېرىپ ئارام ئالسىلا. خۇدا بۇيرۇسا، ئىككى كۈندىن كېيىن ئوڭلىنىپ كېتىدىلا، —

دېدى.

خۇش كېيپەك ھاكىم ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئىنقىلاپ بىلگەندىن كېيىن سابىر قازىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سىلى تېۋىپنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۆيلىرىگە بېرىپ ئارام ئالسىلا، خۇدايىم شىپالىق ئاتا قىلغاي، — دەپ ئوردا تەرەپكە ماڭدى.

قىرى تېۋىپ بىلەن قېرىشقاندەك، كوچىلاردا پۈتلىشىپ يۈرىدىغان مەپىلەرمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ بازار - گۈزەرلەرنى ئارىلاپ ئاران دېگەندە بىر مەپىنى تېپىۋىدى، ئازراقلا مېڭىپ بىر چاقى كاتاڭغا چۈشۈپ كەتتى - دە، ئوقى سۇنۇپ ماڭالماي قالدى. تېۋىپ يەنە ئارقىسىغا قايتىپ باققاللار بازىرىغا كەلدى ۋە مەپە ياللاپ سابىر قازىنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇ چاغدا جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ۋە بەقۇۋۋەت قازى گويا پىچاقنىڭ ئۇچى يەلكىسىگە سانجىلماي ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتكەندەك، چۆرىسىگە ئولاشقان ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— «قوتۇر ئاتنىڭ تۇكى دورا بولسا، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا بېرىپ ئوتلايدۇ» دېگەندەك، كېرەك چاغدا بۇ مەپىلەرنىڭ ئەتىۋار بولۇپ كەتكىنىنى كۆرسىلە، — دېدى قىرى تېۋىپ كېچىكىپ قالغانلىقىغا ئۆزرە سورىغاندەك، — ماۋۇ ئۇستامنى باققال بازىرىدىن باشلاپ كەلدىم دېسىلە.

سابىر قازى تېۋىپنىڭ ياردىمىسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ مەپىنىڭ قېشىغا باردى. ئۆزىنى بايقاپ كۆرسە ھېچ يېرى ئاغرىمىغاندەك، پەقەت مەپىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن شوتىغا كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا تېڭىقلىق مۈرىسىنىڭ چىمىمىدە قىلىپ قالغىنىنى سەزدى.

— سىلەرگە كۆپ رەھمەت! — دېدى سابىر قازى قىرى تېۋىپقا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— ئەرزىمەيدۇ، ھەزرەت، خۇدا بۇيرۇسا ئەتە ئەتىگەندە

ئۆيلىرىگە بېرىپ، مەلھەمنى يېڭىلايمەن، ــ دېدى قېرى تېۋىپ.

مەپىكەش بوجىسىنى سىلىكىدى. سامان قورساق بولۇپ كەتكەن ئورۇق ئات ئون قەدەم يەرگە قاتراپ ماڭدى ـ دە، قايتىدىن ئۆز مېڭىشىغا چۈشتى.

ــ ئۆزلىرىنى قاياققا ئاپىرىمەن، خوجام؟ ــ دەپ سورىدى مەپىكەش.

سابىر قازى تۈنۈگۈن ئاخشام شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلدىن ئەتە يۇسۇپ خوجام شەھەردىكى مۆتىۋەر زاتلار، ئۆلىما ـ پازىللار ۋە چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، خانلىقنىڭ يېڭى دەستۇرىنى ئېلان قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ «بۇ خوجام، قازى ھەزرەتلىرى، سىلى بىلەن بىز ئويلاپ يۈرگەندىنمۇ ئارتۇقراق ئىشلارنى قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئىلاجى بار ئەتىگەنرەك كەلسىلە» دېگەن سۆزى قۇلىقىغا ئورنىشىپ قالغانىدى. ھازىر شۇ سۆز قۇلىقىدا جاراڭلىغاندەك بولدىمۇ، مەپىكەشنىڭ سوئالىغا ئۆيى بار كوچىنى ئېيتىشنىڭ ئورنىغا «ئوردا تەرەپكە ھەيدىسىلە» دېدى.

مەپىكەش ئېتىنىڭ بوجىسىنى تارتىپ، مەپىسىنى ئوڭ تەرەپتىكى كوچىغا ئايلاندۇردى ـ دە، بىرئازدىن كېيىن ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى رېگىستانغا يېتىپ كەلدى.

※ ※ ※

قەشقەر ئوردىسىدىكى بۇ سورۇنخانىنىڭ ئىچى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن چىرايلىق ئىدى. تورۇسى گەج بىلەن سۇۋالغان بولۇپ، تاملىرى قاپارتما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. ئېدەندىن بىرەر مېتىردەك ئېگىزلىكتە خۇددى زەدىۋالغا ئوخشىتىپ، تۇرلۇك گۈللەرنىڭ رەسىملىرى سىزىلىغانىدى. ئۈستى ئەگىمەچ كەلگەن پەنجىرىلىك دېرىزىلەردە ھۆسنخەت

بىلەن يېزىلغان قۇرئان ئايەتلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. سورۇنخانىنىڭ تۆت تېمىغا كونىراق بولسىمۇ، لېكىن ئىسكەتتىدىن چۈشمىگەن كۇرسىلار بىلەن ساپالار يۆلەپ قويۇلغان، ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئۈستى شايى داستىخان بىلەن يېپىلغان شىرەلەر ئىگىلىگەنىدى.

يۈسۈپ خوجا چاقىرغان بۇ مەجلىسكە كەلگەن ئادەملەر بۇرۇندىن كېلىشۋاتقان ئادەت بويىچە سورۇنخانىدىن ئۆزلىرىنىڭ دەرىجىلىرىگە قاراپ ئورۇن ئېلىشتى. ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئوڭ تەرەپتە نوپۇزلۇق ئاخۇن ـ ئاكابىرلار، مۇھەددىس ـ مۇدەررىسلەر؛ سول قول تەرەپتە ئالدى ئىككى، كەينى بىر قېتىم مەككىگە بېرىپ كەلگەن ھاجىلار، يىراق ـ يېقىندىكى شەھەرلەرگە يۈزلەپ تۆگە ـ قېچىرلاردا مال ئاپىرىپ، مال ئەكىلىدىغان باي تۇججارلار، ناھىيەدىن كەلگەن بەگلەر ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئولتۇرۇشتى. پەگاھ تەرەپتە يېڭىدىن ئوردىنىڭ «ئىشىكئاغىلىق» لاۋازىمىغا بەلگىلەنگەن خۇدايار بەگ، شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل باشلىق بىرنەچچە كىشى بىلەن ئەدەن قېچىرلار جايلاشتى.

خۇش كېپەك ھاكىم سورۇنخانىغا كىرىپ كەلگەندە ھەممە ئادەم سوئال نەزىرى بىلەن، بەزىلىرى قىزىقىپ، بەزىلىرى ئەندىشە بىلەن قاراشتى. چۈنكى، ئۇلارمۇ سابىر قازى توغرۇلۇق يامان خەۋەرنى ئاڭلىغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك:

ـــ ھۆرمەتلىك جامائەت! ـــ دېدى يۈسۈپ خوجا سورۇنخاندىكىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، ـــ ھاكىم، خۇش كېپەك جانابلىرى كەلدى. سۆھبىتىمىزنى باشلاشتىن ئاۋۋال بۇ كىشىنى سۆزگە تەكلىپ قىلساق، سورۇن ئەھلىگە موللا سابىر قازى جانابلىرى ھەققىدە تارقالغان يامان خەۋەرنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغان، شۇ ھەقتە مەلۇمات بەرسە.

ـــ يەنە شۇ مەدداھلار بىلەن سوپى ـ ئاشىقلارنىڭ جېدىلى، ـــ دەپ سۆز باشلىدى خۇش كېپەك ھاكىم، ـــ ۋەقە

يۈز بەرگەن جايغا بارسام، تېۋىپ قازى ھەزرەتنىڭ پىچاق ئۇچىدىن زەخىملەنگەن يەلكىسىگە مەلھەم سۈركەۋاتقانىكەن. شۇ ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر كۆرگەن كىشىلەرنىڭ گېپىگە قارىغاندا، يەكەن تەرەپتىن كەلگەن بىر مەدداھ ياقۇپ خوجامنىڭ ئۇ يەردە قىلغان ئىشلىرىنى تەرىپلەپ ۋەز ئوقۇغانىكەن. بىر سوپى - ئاشىق بۇ مەدداھنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ: «ماۋۇنىڭ ياقۇپ خوجىنى ‹قۇتبىل ئەقتاب› دەپ ماختاۋاتقىنىنى قارا. ‹قۇتبىل ئەقتاب› دېگەن بىزنىڭ پىرىمىز ئاپاق خوجامدۇر» دەپ، ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ. يەكەنلىك مەدداھ بولسا: «سېنىڭ پىرىڭ دىيارىمىزغا بۇتپەرەس جۇڭغارلارنى باشلاپ كەلدىغۇ. ئۇ قانداقلارچە ‹قۇتبىل ئەقتاب› بولسۇن» دەپتىكەن، ھېلىقى سوپى - ئاشىق غىلاپىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ مەدداھقا ھەملە قىپتۇ. بىراق، ئۇ مەدداھ ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ سوپى - ئاشىقنىڭ قولىغا تەپكەنىكەن، پىچاق ھاۋاغا قاڭقىپ مەجلىسىمىزگە كېلىۋاتقان قازى ھەزرەتنىڭ يەلكىسىگە سانجىلىپتۇ.

— مەدداھ بىلەن پىچاقچى سوپىنى تۇتمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپ خوجا.

— يوقسۇ، قېچىپ ئۈلگۈرۈپتۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى تونۇيدىغان ئادەملەر بار ئىكەن.

سورۇنخانا بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى.

— ئەمدى سۆھبەت مەجلىسىمىزنى باشلايلى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى يۈسۈپ خوجا. دەل شۇ چاغدا سورۇنخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ موللا سابىر قازى كىرىپ كەلدى. يۈسۈپ خوجا كۆزلىرىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك بىرنەچچە قېتىم يۇمۇپ ئاچتى - دە:

— كەلسىلە، قازى ھەزرەتلىرى، — دەپ ئالدىغا چىقتى.

ئولتۇرۇشقانلارمۇ خۇددى مۆجىزە كۆرۈۋاتقاندەك بىرپەس ھاڭ - تاڭ بولۇشتى - دە، كېيىن ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشتى.

— نېمىشقا ئۆيلىرىدە ئارام ئالماي، بۇ يەرگە كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى خۇش كېپەك ھاكىم.

— ئارام ئالغۇدەك ئىش يوق، جانابلىرى، كەيپىياتىم ياخشى بولغاچقا، يۇسۇپ خوجامنىڭ سۆھبەت مەجلىسىگە قاتنىشاي دەپ كەلدىم.

خۇش كېپەك ھاكىم ئۆزى ئولتۇرغان كۇرسىنى بوشىتىپ، قازىنى ئولتۇرغۇزدى. شۇ ئارىدا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل پەگاھ تەرەپتىن بىر كۇرسىنى كۆتۈرۈپ يۇسۇپ خوجىنىڭ قېشىدىكى بوش ئورۇنغا قويدى. ئۇنىڭغا خۇش كېپەك ھاكىم ئولتۇردى.

— ئەمدى مەجلىسىمىزنى باشلايلى، — دەپ تەكرارلىدى يۇسۇپ خوجا، — موللا سابىر قازى ھەزرەتلىرىمۇ غەيرەت قىلىپ كەپتۇ. بۇنىڭدىن ھەممىمىز مەمنۇن بولدۇق، — دېگىنىچە ئاساسىي مەقسەتكە ئۆتتى، — ھەممىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كىچىكى مەن ئىكەنمەن. كۆپچىلىكىڭلار ئاتام دېمەتلىك، كۆپنى كۆرگەن، ھاياتىمىزدىن كۆپلىگەن تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئالغان ئالىم - پازىللار، شۇنىڭدەك مەككە - مۇكەررەمنى تاۋاپ قىلغان، تىجارەت بىلەن ئۆز رىزقىنى كۆپەيتىپ، پۇقرالارنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەيدىغان، شەھەر - ناھىيەلەردىكى خەلقلەرگە پاسىبانلىق قىلىدىغان تائىپىدىكى ئادەملەرسىلەر، شۇنداقمۇ دەيمەن؟

كۆپچىلىك باشلىرىنى لىڭشىتىپ ماقۇللاشتى.

— مېنىڭ سىلەردىن سوراپ بىلمەكچى بولغان بىرنەچچە سوئالىم بار، — ئۇ كۆپچىلىككە نەزەر تاشلىدى، — شۇ سوئاللىرىمغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بەرسەڭلار.

ئولتۇرغانلاردا بىردىن قىزىقىش پەيدا بولدى.

— ئۇنىڭ بىرىنچىسى، بىز ئاللانىڭ بىرلىكىگە، مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىگە چىن دىلىمىز بىلەن ئىشىنىمىزمۇ - يوق؟

سورۇندىكىلەر بۇ سوئالنى ئاڭلاپ، تەرەپ - تەرەپتىن

چۇرقىراشتى:
— ئەلۋەتتە، شۇنداق.
— ئىنشائاللا، شۇنداق.
— ئىككىنچى سوئالىم، بىز ئاللانىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم»گە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىس شېرىپلىرىگە ئەمەل قىلىمىزمۇ - يوق؟
كۆپچىلىك يەنە چۇرقىرىشىپ كەتتى:
— شۇنداق بولمايچۇ!
— دىنىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىمۇ «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شېرىپتىن ئىبارەت.
— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. مېنى ئوقۇتقان خەلپەتلەرمۇ مۇشۇنداق دېگەن، — دېدى كۆپچىلىكنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولغان يۇسۇپ خوجا، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمنى ئاخىرقى قېتىم ھەج قىلغاندا، يەنى ئايەم كۈنى ئادەملەرگە مۇراجىئەت قىلىپ: (ئۇ مەزكۇر ھەدىسنى ئەرەبچە تەلەپپۇز قىلىپ، ئاندىن مەنىسىنى ئېيتىپ بەردى) «ئەي، ئىنسانلار! مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار، چۈنكى بۇ يىلدىن كېيىن سىلەر بىلەن يەنە ئۇچرىشىمەنمۇ، يوقمۇ بىلمەيمەن. سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كېتىۋاتىمەن. ئەگەر شۇ ئىككى نەرسىنى مەھكەم تۇتساڭلار، ھاياتتا ئەسلا ئاداشمايسىلەر، بۇ ئىككى نەرسە نېمە دەپ سورىساڭلار — ئاللانىڭ كىتابى ‹قۇرئان كەرىم› بىلەن پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى ‹ھەدىستۇر›»[1] دېگەن.
— ھەق، راست، — دەپ قۇۋۋەتلىدى سابىر قازى.
— رەسۇلۇللانىڭ بۇ سۆزلىرى بارلىق ئىلىم ئەھلىگە ئاياندۇر، — دەپ ئىزاھلىدى شاپاق دوپپىسىنىڭ ئۇستىدىن

---

① «تەبىھىگە» (ئاللانىڭ بىرلىكىنى تونۇش) ناملىق كىتابنىڭ 23 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

چاقىرغىنىدا سەللە ئورىۋالغان مۆھەندىس.

باشقىلارمۇ ئۇلارنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى، لېكىن يۈسۈپ خوجا بۇ جاۋابلارغا قانائەتلەنمىگەندەك ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان بىر ئۆلىمادىن سورىدى:

— سىلىچە، بىز رەسۇلۇللانىڭ مەزكۇر ھەدىسىگە ئەمەل قىلساق بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئاللانىڭ كالامى بىلەن رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسىگە ئەمەل قىلمىساق، مۇرتەت بولۇش دېگەن سۆزدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كىشى.

— سىلىچۇ؟ سىلىنىڭ پىكىرلىرى قانداق؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپ خوجا ئۇ كىشىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان يوغان باش باقى ئىشاندىن.

— مەنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىستىن باشقا ئەمەل قىلىدىغان دەستۇرى يوق دەپ ھېسابلايمەن، — دېدى ئىشان.

يۈسۈپ خوجا شۇ تەرىقە بىرنەچچە ئۆلىما ـ پازىللارغا سوئال قويۇپ، جاۋاب ئالغاندىن كېيىن دېدى:

— ئۇنداق بولسا ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ زاتلار! بىزگە نېمە ئۈچۈن بەندە مۆمىنلەرنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، گۇرۇھلارغا بۆلۈۋېتىدىغان مەزھەپلەرنىڭ كېرىكى بار؟ — ئۇنىڭ دانىيال خوجىنىڭكىگە ئوخشاش سارغۇچ كۆزلىرى يالتىراپ كەتتى.

بۇ سوئالغا سورۇندىكىلەر دەرھال جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە موللا سابىر قازىغا ئوخشاش مەزھەپلەرنى تەن ئالمايدىغان بىرنەچچە ئادەمدىن باشقىسى «ئىشقىيە» مەزھىپىنىڭ مۇخلىسلىرى بولۇپ، ھازىر ئۇلار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغان، پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەن دىنىي پېشۋالار ئىدى.

— ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ھۆرمەتلىك خوجام، — دېدى بىر چاغدا موللا سابىر قازى، — ئۇلارنىڭ

كۆپچىلىكى نىمىدىن مەنپەئەتدار بولسا، شۇنىڭغا مايىل كېلىدۇ. ئادالەتلىك ئادەمنىڭ ئىپتقان ھەقىقىتىگە قارىغاندا، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئارتۇق ئادەمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ خەلقىمىز نەچچە يۈز يىللاردىن ئۆزلىرىنى ياراتقان ئاللاغا، ئاللانىڭ رەسۇلى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە چىن دىلى بىلەن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن خەلق ئىدى. بۇنى بايقىغان بەزىبىر چەت يۇرتلۇق ئىشانلار: «مەن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يىگىرمە نەچچىنچى ئەۋلادى بولىمەن. مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتىمەن. يۇرتنى تۇرلۇك بالا ـ قازالاردىن ھىمايە قىلىمەن!» دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى ـ دە، شۇ چاغدىكى پادىشاھ ـ خانلىرىمىزنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولدى. مەسىلەن، 1514 ـ يىلى، يەنى بۇنىڭدىن ئىككى يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغان سۇلتان سەئىدخان — مەھدۇمى نۇرانى، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان — خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋار، سۇلتان ئابدۇكېرىمخان — ئىسھاق ۋەلى دېگەن كىشىلەرگە بەيئەت قىلىپ مۇرىت بولغانىدى. لېكىن، بۇ سۇلتانلار ئۆزلىرى قول بەرگەن پىر ـ ئىشانلارنى خانلىقنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماي، ئۇلارنى رەئىيەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقىلا قويغانىدى. خەلق بولسا ئۆز پادىشاھ ـ خانلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۆزلىرىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ نىجاتكارى، مۆمىنلەرنىڭ شاپائەتچىسى دەپ تونۇشتۇرغان بۇ پىر ـ ئىشانلارغا توپ ـ توپى بىلەن مۇرىت بولۇشتى. دىيارىمىزدا پەيدا بولغان پىر ـ ئىشانلارنىڭ بۇنداق پائالىيىتى بەش ـ ئون يىللاپ ئەمەس، يۈز يىللاپ داۋام قىلدى. نەتىجىدە «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شېرىپكە ئاساسلانغان مۇسۇلمانچىلىقىمىز بىر ياقتا قېلىپ، «ئىسھاقىيە»، «ئىشقىيە» مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئاساسلانغان مۇسۇلمانچىلىق پەيدا بولدى، — موللا سابىر قازى دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ئىسىگە كەلتۇرمەكچى بولغاندەك ئويلىنىپ

بىرپەس تۇردى ـ دە، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ مەسىلەن، «ئىشقىيە» مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى سەئدىيە خانلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپ تۈزۈمىنى، يەنى شەكلى ــ دىن، مەزمۇنى ــ ئىجتىمائىيەت (ئوقۇيدىغىنى ــ دىن، شۇغۇللىنىدىغىنى ــ جەمئىيەت) دېگەن تۈزۈمنى ئۆزگەرتىپ، قۇرئاندىن باشقا ھەممە كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. «ئىسھاقىيە» مەزھىپىنىڭ پېشۋالىرى بولسا «زەرۇرى ئىسھاقىيە» (ئىسھاق زۆرۈرىيەتلىرى) دېگەن دىنىي قائىدە چىقىرىپ، مىللىي مائارىپىمىزدا شەكلىمۇ ــ دىن، مەزمۇنىمۇ ــ دىن، ئوقۇيدىغىنىمۇ ــ دىن، شۇغۇللىنىدىغىنىمۇ ــ دىندىن ئىبارەت پۇقرالارنى جاھالەتتە ساقلايدىغان قۇرۇلمىنى يولغا قويدى. خەلق ئىچىدە نۇسەندىلىككە (خەت يېزىشنى ئۆگىنىشكە) قارشى ھەرىكەتنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى ھالدا نادانلىقنىڭ ئۇلىنى قۇرماقچى بولۇشتى①.

پۇقرالار ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەرگە قارىغاندا، گۇمىنىڭ يېنىدىكى بىر كەنتتە ناسىر ئاتلىق بىر كىشى ئىسھاقىيەنى پىر تۇتۇپ، ئالتە يىل مازار ـ ماشايىخلارنى كېزىپ ئىبادەت قىپتۇ. ئاندىن ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى قەغەزگە بېيىت قىلىپ يېزىپ چىقىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان «ئىسھاقىيە» ھۆكۈمرانلىرىدىن بولغان شاھىتخان بۇ ئادەمنىڭ خەت يازغان ئوڭ قولىنى كېسىپ، ئەھلى ئىسلامغا ئىبرەت قىپتۇ ۋە ئۇ زات: «‹قەلەم نۇسىبىتى› (قەلەم تۇتۇش ئامىتى) خاس ئۇلۇغلارغا مۇناسىپتۇر. بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرىغا قەلەم تەۋرەتكەن ھەرقانداق ئەھلى مۇسۇلماننىڭ ئۆزى ــ مۇرتەت، خوتۇنى ــ تالاق؛ يېگىنى ــ زۇقۇم، كىيگىنى ــ كېپەن بولغايلەر» دەپ دۇئايىبەت قىلغان...

مۇللا سابىر قازى «ھازىرچە مۇشۇ ئېيتقانلىرىمۇ يېتەر»

① «يەكەن ـ سەئدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتىن.

دېگەن ئويغا كېلىپ يۈسۈپ خوجىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ھۆرمەتلىك خوجام، دىنىمىزنىڭ ساپلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېيتقان سۆزلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، ئىچ - قارنىمىنى بۇرۇقتۇرما قىلىپ يۈرگەن بىرمۇنچە گەپ - سۆزلەرنى دەپ سالدىم. سورۇن ئەھلىگە ياراتقان ئاللادىن ئامانلىق تىلەيمەن. سىلىگە نىيەت قىلغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، باسقان قەدەملىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ياراتقان ئىگەمنىڭ مەدەت بېرىشىنى تىلەيمەن. ئاللاھۇ - ئەكبەر ! — دەپ جايىغا ئولتۇردى.

— رەھمەت، قازى ھەزرەتلىرى، — دېدى يۈسۈپ خوجا كۆپچىلىككە قاراپ، — يەنە كىمنىڭ پىكرى بار؟

لېكىن، ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى.

— ھاجى - ھاجىم جانابلىرىنىڭ قورسىقىدا ئازراق گەپ باردەك تۇرىدۇغۇ، — دېدى يۈسۈپ خوجا ئۇچۇق چىراي بىلەن سەدەپ تەسۋىنى سىيرىشنى ئۈنتۇپ، ئويلىنىپ قالغان ساقاللىق ئادەمگە قاراپ. ئۇ ئىككى قېتىم ھەج قىلغىنى ئۈچۈن خەلق ئارىسىدا «ھاجى - ھاجىم» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بۇ ئادەم توغرۇلۇق يەكەندىكى چاغلىرىدا سالىھ خەلپىدىن نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى.

— مەن بۇ جاھاننىڭ جىق يوللىرىنى كۆرگىنىم بىلەن، قازى ھەزرەتكە ئوخشاش ئوقۇغان ۋە سۆزگە چېچەن ئادەم ئەمەس، — دېدى ئۇ، — يۈسۈپ خوجام رەسۇلى ئەكرەمنىڭ: «ئاق ساقاللار بىلەن سۆھبەتتە بولۇڭلار، ئۆلىمادىن مەسلىھەت سوراڭلار، ھۆكۈمرانلار بىلەن ئارىلىشىپ تۇرۇڭلار»① دېگەن ھەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ھەرقايسىمىز بىلەن مۇلاقاتتا بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشالمەن. مەن كۆرگەن ئەللەردىكى مۇسۇلمانلار رەسۇل ئەكرەم ئۆز ھەدىسلىرىدە:

① «مىڭبىر ھەدىس» كىتابىدىن ئېلىندى.

«ئىلىم ئۆگىنىش ھەربىر مۆمىن ئۈچۈن پەرزدۇر. ئىلمىي تالىپ ئۈچۈن ھەممە نەرسە، ھەتتا دېڭىزلاردىكى بېلىقلارمۇ ئۇنىڭ گۇناھىنى سوراپ ئىستىغپار ئېيتىدۇ» دېگەن سۆزلىرىگە بىنائەن خۇداغا قۇلچىلىق قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى بېجىرىدىكەن. مەكتەپ، مەدرىسىلەردىكى تالىپلارغا دىنىي ئىلىملەردىن باشقا ئىلىملەرنىمۇ ئۆگىتىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ يەردىكى كىشىلەر پاراخوت دېگەن نەرسىلەرنى ياساپ، سۇلارنىڭ تېگىدە ياتقان ئۈنچە ــ مەرۋايىتلارنى، تاغ ــ تاشلاردىكى لەئەل ــ ياقۇتلارنى كولىۋالىدىكەن. بىزنىڭ ئادەملەر بولسا تېخىچە داپ ــ دۇمباق چېلىپ، مازار ــ ماشايىخلارنى ئايلىنىپ، خانىقالارنىڭ ئۆمىچىنى ئىچىپ جەرە ــ تەلقىن قىلىپ كۈن كەچۈرۈپ يۈرىدۇ. كۆلالچىلىرىمىز لايدىن ياسالغان ئىمۈرىق بىلەن ھېچىردىن باشقا، مىسكەرلىرىمىز ئاپتۇۋا بىلەن چىلاپچىدىن باشقا، تۆمۈرچىلىرىمىز پىچاق بىلەن خەنجەردىن باشقا، باپكارلىرىمىز ماتا بىلەن شاتىۋاردىن باشقا تۈزۈكرەك بىر نەرسىلەرنى چىقىرالماي كېلىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى قازى ھەزرەت دېگەندەك، تۇرلۇك مەزھەپلەرگە بۆلۈنگەن خەلقىمىزگە يۇققان نادانلىق بىلەن جاھالەتنىڭ كاساپىتى...

ئۇ باشقا ئېيتار سۆزۈم يوق دېگەندەك، ئورنىغا ئولتۇرۇۋالدى.

ـــ سىلەرچۇ؟ ئاغزىغا سۇ ئېلىۋالغان ئادەمدەك جىم تۇرىسىلەرغۇ؟ ـــ دېدى يۈسۈپ خوجا تۇججارلارغا كۈلۈپ قاراپ.

ـــ تۇججار خەق پۇل چىقمايدىغان يەرگە ئاغزىنى خوراتمايدۇ، خوجام، ـــ دېدى ئەدەن قېچىر. ئۇنىڭ گېپى ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا يۈسۈپ خوجىنىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى.

ـــ بىز خەق ئۇنچىلامۇ ئەمەس، ئەدەنباي، ـــ دېدى ئۇنى

يوغان قارا ساقاللىق تۇججار، — بىز دېگەن بازارلارغا رىزىق كەلتۈرگۈچى كىشىلەر. پەيغەمبىرىمىز بۇنداق كىشىلەرنى ئاللا يولىدا جىهاد قىلغانلارغا ئوخشاتقانىكەن، — ئۇ قازى ھەزرەتكە قاراپ، — شۇنداققۇ دەيمەن، ھەزرىتىم؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — لېكىن رەسۇلۇللانىڭ: «بازارغا كەلتۈرگەن رىزقىنى قىممەت ساتىمەن دەپ ئېلىپ ساقلاپ قويغانلار ئاللانىڭ كىتابى (قۇرئان كەرىم)نى ئىنكار قىلغۇچى مۇلغىتلار كەبىدۇر»① دېگەن ھەدىسمۇ بار.

— ھەر ئىككىلىرى ھەق گەپنى دېدىلە، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى چەتتە ئولتۇرغان بىر ئۆلىما، — «مۆمىنلەرنىڭ ياخشىلىرى بۇ دۇنيانىڭ ئىشىنى دەپ ئاخىرەتنى، ئاخىرەتنى دەپ بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى تاشلىمايدىغان ۋە باشقىلارغا مالالىق چۈشۈرمەيدىغان ئادەملەردۇر»②. مەزھەپ پېشىۋالىرىدىكى بىر سەۋەنلىك شۇكى، ئۇلار رەسۇلۇللانىڭ مۇشۇنداق ھەدىسلىرىنى ئىنكار قىلدى. بىز، يەنى دىنىي ئىلىملارنى بىلىدۇ، دەپ ھېسابلىغان ئۆلىمالار بىلەن ئاخۇن ـ ئاكابىرلار بۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق ھەدىسلىرىنى بارغان ـ تۇرغان يەرلىرىمىزدە ئەھلى جامائەتكە چۈشەندۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇنداق قىلمىساق...

— ئەگەر بۇنداق قىلمىساق، — دەپ سۆز قىستۇردى يەنە بىر ئۆلىما، — «ئىلىم ئۆگىنىپ ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتمەسلىك، گويا مال ـ دۇنيا يىغىپ، سەرپ قىلماي كۆمۈپ قويغانغا ئوخشايدۇ.»③

— ئەگەر بۇنداق قىلمىساق، — گېپىنى داۋام قىلدى سۆزى بۆلۈنۈپ كەتكەن ئۆلىما، — رەسۇلى ئەكرەمنىڭ: «ئادەملەرنىڭ يامىنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆلىمالارنىڭ يامىنىدۇر»④ دېگەندەك، يامان ئۆلىمالاردىن بولۇپ قالىمىز.

بۇ سۆھبەت مەجلىسىدىن كۆڭلى خۇش بولغان يۇسۇپ

---

①②③④ بۇ ھەدىسلەر «مىڭ بىر ھەدىس» كىتابىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

خوجا ئىككىنچى مەسىلىنى كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى.

— تۇنۇگۇن ھاكىم خۇش كېيپەك جانابلىرى بىلەن مۇلاقاتتا بولۇپ سۈرۈشتۈرسەم، قەشقەر شەھىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە ناھىيەلەرنىڭ ھەپسە ـ زىندانلىرىدا ھەر خىل جىنايى ئىشلار بىلەن يېتىۋاتقان تۆت يۈزدىن ئوشۇق ئادەم بار ئوخشايدۇ. «باشتىكى ھارۋا قايسى يول بىلەن ماڭسا، كەينىدىكى ھارۋىمۇ شۇ يول بىلەن ماڭغاندەك»، مەنمۇ يەكەن تەختىدە ئولتۇرغان ئاكام ياقۇپ خوجىغا ئوخشاش ھەپسە ـ زىندانلاردا يېتىۋاتقان ئادەملەرگە «ئەپۇ ـ ئومۇمىيە» ئېلان قىلماقچىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سورۇندىكىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈشتى.

— بارىكاللا، خوجام!

— خانىنىڭ كەڭچىلىكى ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىدىن دېرەكتۇر.

— تولىمۇ ساخاۋەتلىك ئىش قىلدىلا، خوجام!

— يەنە بىر دەيدىغىنىم، — دېدى يۈسۈپ خوجا، — ھەرقايسىڭلارغا مەلۇمكى، مەرھۇم ئىسمايىلخان زامانىدىن تارتىپ پەيزاۋات زېمىنى «ئىسھاقىيە» خوجىلىرىنىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ كەلگەن. بۇ زېمىن ئاپاق خوجا دەۋرىدە «ئىشقىيە» خوجىلىرىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ، مەرھۇم ئاتام يەكەن تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە «ئىسھاقىيە» خوجىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. ھازىر بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئادەملەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالغان دارامىتىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى خەزىنىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرى سىرىق تال ھايات كەچۈرمەكتە. شۇڭا، بۈگۈندىن باشلاپ پەيزاۋات زېمىنى «ئىسھاقىيە» خوجىلىرىنىڭ ۋەخپىسى بولماي، شۇ يەردە ياشاۋاتقان دېھقانلارنىڭ زېمىنىدۇر ۋە ئۇ يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىمۇ تولۇقى بىلەن شۇلار ئىگە بولسۇن، دېگەن قارارغا كەلدىم.

ئولتۇرغانلار يۇسۇپ خوجىنىڭ بۇ قارارىنىمۇ قىزغىنلىق بىلەن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى. لېكىن، ئاپاق خوجا دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان ۋەخپە يەرلەرگە ئىگە بولۇپ، ھازىرغىچە شۇ يەرلەرنىڭ ئۇستىخىنىنى غاجاپ، يىلىكىنى شوراپ كۆن كەچۈرۈۋاتقان بەزى ئىشانلارغا ياقماي قالدى. ئەمما، ئۇلار ئۆز نارازىلىقىنى باشقىلارغا بىلىندۈرمەي، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇشتى.

يۇسۇپ خوجىنىڭ سۆھبەت ئەھلىگە جاكارلىغان بۈگۈنكى قارارلىرىدىن خۇرسەن بولغان موللا سابىر قازى:

— بەزى دانىشمەنلەر خانلىق دېگەننى مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشىتىدىكەن، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سۆزلەپ كەتتى، — ئەنە شۇ خانلىق دەرىخىنىڭ غولى ئۆز ئېلىدىكى ئۆلىما ـ پازىللار بولسا، يىلتىزى رەئىيەتتۇر. ئەگەر ئۇ دەرەخنىڭ غولى مۇستەھكەم، يىلتىزى چوڭقۇر بولسا، بوران ـ چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرىپ مېۋە ھاسىل قىلغىنىغا ئوخشاش، خانلىقىمىزنىڭ، يەنى يۇسۇپ خوجامنىڭ بۈگۈنكى قارارلارنى قوبۇل قىلىشىغا ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يار ـ يۆلەك بولساق، مېنىڭچە، ھەممە ئىشلىرىمىز روناق تاپقۇسىدۇر...

سابىر قازى گېپىنى تۈگىتىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يۇسۇپ خوجا ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، — دېدى سورۇندىكىلەرگە قاراپ، — ھەربىرلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپلىرىگە رەھمەت.

ئۇ سۆھبەت مەجلىسىنى ئاخىرلاشتۇردى. گويا مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بىرىنچى بولۇپ سابىر قازى باشلىق ئۆلىما ـ پازىللار، ئاندىن يوغان باش باقى ئىشان بىلەن ھاجى ـ ھاجىم ۋە تۇججارلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ يۇسۇپ خوجىنى مۇبارەكباد قىلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

باھار كەلدى. قەشقەر ئاسمىنىدا پەيدا بولغان بۇلۇتلار بەزەن گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، شارىلداپ يامغۇر تۆكۈپ دەل ــ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە شاخلىرىنى سىلكىپ ئۆتتى ــ دە، ئاندىن كائىناتنى يورۇتقۇچى قۇياش كۈلۈمسىرەپ يۈزىنى كۆرسەتتى. بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن قىش پەسلى ئۆز ئورنىنى باھار پەسلىگە بوشىتىپ بەردى. باھار پەسلى بولسا كىرمەكچى بولغان ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرماقچى بولغان ياش كېلىنلەردەك دالا ــ تۈزلەردىن يېشىل مايسىلارنى ئۆستۈرۈشكە، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدىن بىخلارنى چىقىرىشقا باشلىدى. جان ــ جانىۋارلار كونا تۈكلىرىنى تاشلاپ يېڭىدىن تۈك چىقىرىشقا، قۇرت ــ قوڭغۇزلار ئۈيقۇلىرىدىن ئويغىنىشقا، ئۇچار قاناتلار چۇرۇقلىشىپ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ھەر يىلى ئەتىياز كەلسە سوغۇقتىن قۇتۇلۇپ، دۈمبىمىز ئىسسىپ قالدۇ دەپ يۈرگەن قەشقەرلىكلەر بۈگۈنمۇ كۈندىكىدەك بامدات نامىزىدىن كېلىپلا ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئەمما، بۇ يىللىق ئەتىيازدا قەشقەرلىكلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ھاياتقا بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتىشكە يۈسۈپ خوجا تەرىپىدىن ئارقىمۇئارقا جاكارلانغان يېڭى پەرمانلار ـــ «ئەپۇ ــ ئومۇمىيە» ئېلان قىلىنىشتىن باشقا، دېھقانلار بىلەن باغۋەنلەرنىڭ ئۆز قارىمىقىدىكى يەرلەردىن ئالغان ھوسۇلىنىڭ باش ــ بۇرنىنى خوجا ــ ئىشانلارغا پۇلسىز بېرىش ۋە ئۇلارغا ھەپتىسىگە بىر ــ ئىككى كۈن بىكار ئىشلەپ بېرىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى تەسىر قىلىپ، شەھەر خەلقى بىلەن يېزا ــ كەنتلەردىكى دېھقانلارنى خۇشال قىلىۋەتتى.

ـــ خان دەپ مۇشۇ خوجامنى دېسە بولىدىكەن جۇمۇ...

— خان دېگەننىڭ نوچىسى خەقنىڭ گېپىنى قىلسا، ھەممە ئادەم ئۇنى ھۆرمەت قىلىدۇ - دە... — دېيىشتى ئۇلار.

لېكىن، ھەرقانداق خانلار بىلەن پادىشاھلارنىڭ ئادىل ئىشلىرىنى ياقتۇرماي، قۇسۇر چىقىرىدىغان ئادەملەر ھەربىر زاماندا بولغىنىغا ئوخشاش، يۇسۇپ خوجىنىڭ قىلغان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ نارازىلىق بىلدۈرىدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىدى. بولۇپمۇ ھەر ھەپتىنىڭ بىر ياكى ئىككى كۈنىدە ئادەتتىكى خەلقنى ئۆز زېمىنلىرىدا ھەقسىز ئىشلىتىپ، ئۇلار ئالغان ھوسۇلنىڭ باش - بۇرنىنى ئېلىپ، مېۋە - چىۋىلەرنىڭ بالدۇر پىشقانلىرىنى بىكارغا يەپ ئۆگىنىپ قالغان خوجا - ئىشانلار (پىرلار) بۇ ئىمتىيازلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئۈچۈن چىدىمايتتى. ئۇلارنىڭ بىر - ئىككىسىنىڭ بېشى قوشۇلۇپ قالسا «يۇسۇپ خوجامنىڭ بۇ پەرمانلىرى بىزدىن، يەنى ‹ئىشقىيە›چى خوجا - ئىشانلاردىن ئۆچ ئېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئاللاتائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن رىزقى - نېسىۋىمىزنى كېمەيتىش ئۈچۈن رەئىيەتنىڭ قولىغا چوماق تۇتقۇزغانلىقتۇر. بۇ يۇسۇپ خوجا دېگەن ‹قارا تاغلىق› ھەزرىتى ئاپاق خوجام زامانىدىن تارتىپ ئۆرپ - ئادىتىمىزگە سىڭىپ كەتكەن ئۇدۇملىرىمىزغا قارشى چىقتى. قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەردە تۇرۇۋاتقان خەلقلەرنىڭ تىنچ - ئامانلىقى، رىزقى - نېسىۋىسىنىڭ موللۇقى، پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى بولغان مەرھۇم ئاپاق خوجامنىڭ شاراپىتىدىندۇر. ئەگەر بۇ يەردىكى خەلقلەر يۇسۇپ خوجىنىڭ پەرمانىغا ئەمەل قىلىپ، بىزگە ئوخشاش خوجا - ئىشانلارنىڭ دۇئاسىنى ئالمىسا، ئۇلارنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى قىلىپ نەزىرىگە چۈشمىسە، بىزنىڭ قارغىشىمىزغا ئۇچراپ، ئاخىرەت ئۈچۈن قىلغان تائەت - ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ...» دېگەنگە ئوخشاش گەپ - سۆزلەرنى تارقىتىشقا باشلىدى.

يۇسۇپ خوجا بۇنداق گەپلەرنى بەزىدە خۇش كېپەك

ھاكىمدىن، شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايتتى ۋە ئۇلارغا:

— شەھەر سورىماقنى ئاسان ئىش دەپ ئويلامسىلەر؟ سىلەر بىلەن بىز ساپانغا قوشۇلغان ئۇيغا ئوخشايمىز. ئۇينىڭ ۋەزىپىسى ساپاننى سۆرەپ دېھقانغا يەر ھەيدەپ بېرىش، ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا ياكى ساغرىسىغا قونغان چىۋىننىڭ چاققىنىغا چىدىيالماي ساپاننى سۆرىمىسە، دېھقاننىڭ تايىقىنى يەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بىزمۇ پالانى ئۇنداق دەۋاتىدۇ، پۇستانى مۇنداق دەۋاتىدۇ دەپ، باشلىغان ئىشىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرمىساق، پۇقرالارنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ قالىمىز. شۇ نەرسە ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، مەنسەپ ـ ئەمەلگە ئىگە بولغان ئادەمنىڭ خۇشاللىقى ۋە غەم ـ قايغۇسى كۆپ بولىدۇ. شۇ نەرسىنى ئۇنتۇماڭلاركى، بۇ دۇنيادا ھەممە ئادەملەر رازى بولۇپ «ياخشى» دەيدىغان بىرمۇ خان ياكى ئەمەلدار بولغان ئەمەس، ھەتتا خۇدانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد پەيغەمبىرىمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمىغان. مەسىلەن، «رەسۇلۇللانىڭ تاغىسى ئەبۇلەھەب ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپمۇ ئۇنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاغا يىراق كىشىلەردىنمۇ بەتتەر ئەزىيەت يەتكۈزەتتى. ئۇ رەسۇلۇللانىڭ قوشنىسى ئىدى. رەسۇلۇللانىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا نىجاسەتلەرنى تاشلاپ قوياتتى. رەسۇلۇللا بولسا: ‹ئەي، ئابدۇماناپ جەمەتى، بۇ قانداق قوشنىدارچىلىق؟› دەپ، نىجاسەتلەرنى ئېلىپ تاشلايتتى. ئەبۇلەھەبنىڭ خوتۇنى ھەم رەسۇلۇللانى كۆپ تىللايتتى، غەيۋىتىنى قىلاتتى. ‹مەسەد›① سۈرىسى نازىل بولغاندىن كېيىن ئۇلار تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ كەتكەنىدى.»② بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى، دۇنيادا ئىنسان بالىلىرى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، يورۇقلۇق بار يەردە سايىمۇ بولىدۇغۇ، سايىنىڭ

① «قۇرئان كەرىم» دىكى «مەسەد» سۈرىسى.

② مۇھەممەد خۇزەرى: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

بولۇشى ھەممىگە ئايانغۇ... — دېگەندى.

شاھاۋۇدۇن باقاۋۇللار شەھەر سىرتىغا چىقىپ، باھار پەسلىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئويلاپ بىرنەچچە سىپاھلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردىدىن ئاتلىنىپ چىقتى. خېلىدىن بېرى تۇغرالغان بېدە بىلەن يەم - بوغۇزلارنى يەپ سەمرىپ كەتكەن ئاتلار قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ، تىزگىنىنى بوشىتىپ قويسا قىيغىتىپ چاپىدىغان ئەلپازدا چەبدەسلىك بىلەن قەدەم تاشلايتتى.

ئۇلار ئادەملەر ئاز ماڭىدىغان كوچىلار بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ، قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ياغدۇ ۋادىسى تەرەپكە ماڭدى. يولنىڭ تۇپا - چاڭلىرىنى تۇزۇتۇپ سۆكسۆك ۋە توغراقلارنى باسقان ھارۋىلار، ئۇستىگە ئوتۇن ئارتىلغان ئېشەكلەر، پىيادە كېلىۋاتقان ئادەملەر، ئارىلاپ - ئارىلاپ پەرەنجە يېپىنىپ، چۈمبەل تارتىشقا كۆچى يەتمەي ئادەتتىكى تور ياغلىق بىلەن باش - كۆزىنى ئوراپ ئېشەكلەرگە مىنىۋالغان ۋە بىرنەرسىلەر قاچىلانغان سېۋەتلەرنى تۇتقان ياكى تۆت - بەش ياشلىق بالىسىنى مىنگەشتۈرۈۋالغان ئاياللار؛ ئۇلارنىڭ كەينىدە سايىغا ئوخشاش ئەگىشىپ كېلىۋاتقان گەۋدىلىك ئەرلەر كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. توپىلىق يولدا ئاتلارنى دېۋىتىپ ئىتتىك مېڭىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇلار پات - پاتلا ھارۋىلارغا يول بېرىپ، يولنىڭ چېتىگە چىقاتتى.

— مانا مۇشۇ يەرنىڭ بۇ يېقى «ياغدۇ» دەپ ئاتىلىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى خۇش كېپەك ھاكىم چوڭ ئېقىننىڭ ئۇستىگە سېلىنغان ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە.

يۇسۇپ خوجا ھەۋەسلىنىپ ئالدىدىكى ۋادىغا كۆز تاشلىدى. چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان بۇ تۇزلەڭلىكنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە توپ - توپ ئۆسكەن دەرەخلەر، ئۇلارنىڭ دالدىسىدا تۇتۇنى كۆككە كۆتۈرۈلگەن سوقما تاملىق ئۆيلەر كۆرۈندى.

— ئەنە، ئاۋۇ دەرەخلىكتە، — دېدى يەنە خۇش كېپەك ھاكىم

سول تەرەپتىكى دەرەخلىكنى كۆرسىتىپ، — ئاپاق خوجىنىڭ ئاتىسى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئۇچۇن سالدۇرغان ھەشەمەتلىك مازارى بار.
— ئۇنداق بولسا شۇ ياققا بارايلى، — بىردىن قىزىقىپ قالدى يۇسۇپ خوجا.
— كۆرۈپ ئۆتىمىزمۇ؟
— شۇنداق، ھەم كۆرىمىز، ھەم زىيارەت قىلىمىز.
ئۇنىڭ بۇ سۆزى خۇش كېپەك ھاكىمغا ياقماي قالدى.
— نېمىشقا گەپ قىلمايدىلا؟ — دېدى يۇسۇپ خوجا ئەجەبلىنىپ، — قايسى كۈنىلا «ھەممە ئىشتا ئۆزىمىز خەلققە ئۆرنەك بولايلى» دېيىشىدۇققۇ. بەزى چاغلاردا تىرىكلەرنى خۇش قىلىش ئۈچۈن مەرھۇملارنى زىيارەت قىلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ.
— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن، مەن دېگەن «مەرھۇم» بۇ كىشى ئەمەس، — دېدى خۇش كېپەك، — بىزنىڭ بۇ خوجىنى (ھىدايىتۇللا ئىشاننى) زىيارەت قىلغىنىمىزدىن خەۋەر تاپسا، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى تەھقىق جانلىنىپ كېتىدۇ.
يۇسۇپ خوجا ئويلىنىپ قالدى ـ دە:
— بۇ گەپلىرىنىڭ جېنى بار ئىكەن. ئەمدى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن مازارنىڭ قۇرۇلۇشىنى سىرتتىن بولسىمۇ كۆرۈپ كېتەيلى.
خۇش كېپەك ھاكىم بەرگەن مەسلىھەتكە يۇسۇپ خوجىنىڭ قوشۇلغىنىغا رازى بولۇپ قالدى ـ دە:
— بۇ دېگەنلىرى باشقا گەپ، مازارنىڭ قۇرۇلۇشى كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ، — دېدى.
ئۇلار مازار تەرەپكە ماڭدى. لېكىن، ھەربىر قەدەمدە توختاشقا توغرا كەلدى. چۈنكى، مازارغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەملەر يول تۇرماق ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوش يەرلەرگىمۇ تولۇپ كەتكەنىدى. يېڭىدىن چوكان چىقىرىپ ئۆزىگە رەڭ بېرىۋاتقان تال ـ سۆگەتلەرنىڭ تۈۋىگە

جايلىشىۋالغان ئاشپەزلەر كاللا ـ پاچاق، ئۆپكە ـ ھېسىپ ۋە پوستومبا كاۋاپلىرىنى ماختاپ ۋارقىرىشاتتى. يوغان جاملارغا، لېگەنلەرگە داستىخان بىلەن ئوراپ سېلىنىۋالغان نەرسىلىرىنى بېشىغا قويۇۋالغان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى «ئىسسىق نان !» بەزىلىرى «گۆشگىردە» ۋە بەزىلىرى «پاقلان گۆشىدىن پىشۇرۇلغان سامسا !» دەپ خېرىدار چاقىراتتى. بۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بېسىلار ـ بېسىلمايلا سوغىدىكى مۇزدەك سۇنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن بىر سۇچى بار ئاۋازى بىلەن:

«سوغىدىكى سۇ ئەمەس، زەمزەمنىڭ ئۆزى،
ئاپاق خوجام سۇ ئىچكەن بۇلاقنىڭ سۇيى.
بىر ھېجىر ئىچكەنلەر دەرماندا بولۇر،
خەسىسلىك قىلغانلار ئارماندا بولۇر.
مومايلار ئىچسە ئىككى پىيالە،
ياشىرىپ كېتەر قىز بالا بولۇپ.
بوۋايلار ئىچسە بېلى مۈكچەيگەن،
قىران بولادۇر كۈچكە تولۇپ...»

دەپ ۋارقىرايتتى. شۇ ھامان ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر توپلىنىپ سودىسى يۈرۈشۈپ كەتتى.

يۇسۇپ خوجىلار تال ـ دەرەخلەر ئارىسىدىن ئاستا مېڭىپ ئىلگىرىلىدى. ئوڭ تەرەپتىكى قېرى سۆگەتنىڭ تۆۋىدە ئۇزۇن ساقىلى چىگىشلىشىپ كەتكەن بىر ئادەم ئالدىدا ئېچىقلىق تۇرغان يوغان كىتابقا قاراپ: «ئاللا ياراتقان ھەربىر كۈن ئۈچۈن كۆك ئاسماندا بىردىن يۇلتۇز بولىدۇ. شۇ كۈنى ھاۋانىڭ ئوچۇق ياكى تۇتۇق بولۇشىنى، يېغىنگەرلىك ياكى شامالىق بولۇشىنى شۇ يۇلتۇز بەلگىلەيدۇ. ئەگەر يىلنىڭ بېشى يەكشەنبە بولسا، شۇ يىلى كۈن ئىسسىق ۋە قۇرغاقچىلىق بولىدۇ. ئاشلىق ياخشى بولمايدۇ. قەھەتچىلىك بولىدۇ... ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ! قايسى

كۆن ئاسماندىكى ئاي ئۇخدىسىغا چىقتى. ئاخىرەت يۇلتۇزى سامانىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئارغامچا بويى قوزغالدى، زۆھرە يۇلتۇزى زۇلمەتتىن چىقتى. مانا مۇشۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى قەھەتچىلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەي، مۆمىن مۇسۇلمانلار! بۇنداق قەھەتچىلىك ۋە قىممەتچىلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئاپاق خوجامنى زىيارەت قىلىڭلار. ئۇ ئۇلۇغ ئەۋلىيانىڭ شاپائىتىگە مۇشەررەپ بولۇش ئۈچۈن خەير - سەدىقە قىلىڭلار!» دەيتتى.

بارغانسېرى ئادەملەر توپى قويۇقلىشىپ ئاتلىق مېڭىش ئىمكانى بولمىغاچ، يۈسۈپ خوجىلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئۇلارنى سىپاھلارنىڭ بىرىگە تاپشۇردى - دە، پىيادە مېڭىشتى. ئۇلار تىقما - تىقما ئادەملەر ئارىسىدىن ئون نەچچە قەدەم مېڭىپلا، بادام دوپپىسىنى قولىدا تۇتۇپ، قارا ساقىلىنى سىلىكىپ زوق - شوق بىلەن سۆزلەۋاتقان مەدداھنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى زاھىت، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى مەدداھ، — ئالدىغان خوتۇنلۇق «ۋەدۇت، ۋەلۇت ۋە سالىھ» بولسۇن دەپتۇ. ئۇنىڭ «ۋەدۇت» دېگىنى تەگكەن ئېرىگە مېھرىبان ۋە ئامراق بولسۇن دېگىنى ئىكەن؛ «ۋەلۇت» دېگىنى تۇغىدىغان خوتۇن بولسۇن دېگىنى ئىكەن؛ «سالىھ» دېگىنى ئېرىگە خىيانەت قىلمايدىغان بولسۇن دېگىنى ئىكەن.

— ھوي، بۇ تونۇشلا ئاۋازغۇ؟ — دەپ تېڭىرقاپ قالدى يۈسۈپ خوجا.

يەنە شۇ زاھىت: «ئۈچ تۈرلۈك خوتۇندىن ئۆزۈڭنى تارت» دەپتۇ. بۇلار: خەننانە، مەننانە ۋە ئەننانە دەپ ئاتىلىدىكەن... ئەي، قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى تىترىتىپ ناخشا توۋلايدىغان ئەزىمەتلەر! ئەي، بىر خامان نەسىھەتنى بىر تال قوناقنىڭ دېنىغا ئالمايدىغان، پالۋان قامەت ئېرەنلىرىم! — مەدداھ سۆزلەۋاتقان ماۋزۇسىدىن چەتنەپ، ئولتۇرغانلارغا مۇراجىئەت قىلدى، — بىزنىڭ ئاتا - ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بۇيان يالغۇز ئاللانىڭ

قۇلى بولۇپ كەلگەنىدى. ھازىر بولسا خەلقىمىزنى بىرنەچچە قاشقا بۆلۈۋەتكەن پىشۋالارنىڭ قۇلى بولۇپ قالدۇقۇ؟ ئۇ پىشۋالار كۈچىمىزنى بۆلۈپ، غەيرىي مەخلۇقلارنىڭ ئاياغ ئاستىغا تاشلاپ بەردىغۇ. ھازىر ھەممە يۇرتلاردىكى خەلقىمىز گۇلدۇرمامىدەك پەرياد چېكىپ، چاقماق مىسالى ئاھ ئۇرۇۋاتىدۇغۇ. دۇنياغا يارالغاندىن بېرى پۈتۈن جاھاننى ئوراپ تۇرغان ئاسمان گۈمبىزى شۇنچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسىمۇ، بىزگە ئوخشاش ئۆزگىلەرگە خار بولۇپ ئازاب - ئوقۇبەتكە ئۇچرىغان بەندىلەرنى كۆرمىگەن بولغىيدى.

يۇسۇپ خوجا ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن قارا ساقاللىق مەدداھقا كۆز تاشلاپلا «بۇ تەھقىق شۇنىڭ ئۆزى» دېگەن قارارغا كەلدى. بۇ چاغدا قارا ساقاللىق مەدداھ گېپىنى توختىتىپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ قارىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك كىچىككىنە بالا مەيدانغا چىقتى - دە، بار ئاۋازى بىلەن «دوست !» تارتىپ ۋارقىرىدى.

— شۇنىڭ بىلەن ئەقىل - ھوشى ئۆزلىرىگە يېتىپ ئاشىدىغان قېرىنداشلىرىمىز ! — دەپ سۆز باشلىدى مەدداھ، — ھېلىقى زاھىت: «ئۈچ تۈرلۈك خوتۇندىن ئۆزۈڭنى تارت» دەپتۇ. بۇلار: خەننانە، مەننانە ۋە ئەننانە دەپ ئاتىلىدىكەن. خەننانە دېگىنى يۈزى ئوچۇق چوكان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆيلەنسەڭ، دائىم ئىلگىرىكى ئېرىنى ئەسلەپ يۈرىدۇ. مەننانە دېگىنى باي، پۇلى كۆپ خوتۇن ئىكەن. بۇنداق خوتۇننى ئالسا، دائىم پۇل - مېلىنى مىننەت قىلىپ ئارام بەرمەيدىكەن. ئەننانە دېگەن ھىيلىگەر خوتۇن ئىكەن، بۇنداق خوتۇنلار ئېرى يوق چاغدا ساق يۈرۈپ، ئېرىنى كۆرگەندە كېسەل بولۇۋالىدىكەن.

«بۇ تەھقىق شۇ ئەمەت ئاخۇن، — دەپ جەزملەشتۈردى يۇسۇپ خوجا، — ئۇنىڭ ئاياللار ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ گەپلىرى مەدرىسىدە يۈرگەن چاغلىرىمدا بىللە ئوقۇغان ‹كەلىلە ۋە دېمنە› دېگەن كىتابتا يېزىلغان سۆزلەرغۇ، شۇ سۆزلەرگە قىستۇرۇپ

ئېيتقان سۆزلىرى شۇ چاغدا ئىچىمىز پۇشۇپ ئۆزئارا پاراڭلىشىدىغان گەپلەرغۇ؟»

— ئەي، ئەزىزانە قەشقەرنىڭ شىر غەررانلىرى ! — دەپ يەنە ماۋزۇدىن چەتنىدى مەدداھ، — بىز خەقنىڭ پاجىئەسى شۇكى، بىر - بىرىمىزگە نەپرەت بىلەن قارايمىز. ھەسەت قىلىشىمىز، ئىتتىپاق بولۇپ بىرلەشمەيمىز، بىز تارقاق، بىرلىكى يوق، مەزھەپلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەل بىلەن خەلق غېمىنى ئۇنتۇپ قالغان خەق. شەھەر سورىغان خانلار بىلەن دىنىي پېشۋالار ئۆزلىرىنىڭ خەلققە مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى. روھىي ھالىتىمىزنى نەچچە يىللار داۋامىدا يۈز بېرىپ كەلگەن مەزھەپلەر كۈرىشى خامۇشلاندۇرۇۋەتتى. ھاياتنىڭ مەنىسى بىر ئامال قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشتىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان - ياسىقىنى تۆلەشتىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. خەلقىمىز گويا يەردىن چىققان ئوتنى يېيىشتىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدىغان پادىغا ئوخشاپ قالدى. يەپ - ئىچىشتىن، بالا تېپىشتىن باشقا تەشۋىشىمىز يوق. بىز يۈز يىللاردىن بېرى شۇنداق ياشاپ كېلىۋاتىمىز.

قارا ساقال مەدداھ بۇ گېپىنى شۇ يەردە توختىتىپ، ھېلىقى زاھىتنىڭ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى زاھىت خوتۇنلارنىڭ يىگىرمە ياشقىچە بولغان مەزگىلىنى ھەۋەس ۋە ئۈمىد مەزگىلى، يىگىرمىدىن ئوتتۇز ياشقىچە بولغان مەزگىلىنى تەلەپكار، كۆڭۈلنىڭ راھىتى، جان بىلەن تەننىڭ لەززىتى...

— شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل، — دېدى يۇسۇپ خوجا مەدداھنىڭ قىلغان گەپلىرىگە ئېتىبار قىلماي، — مۇنۇ قارا ساقال مەدداھنىڭ ئىسمىنى بىلەمدىلا؟ ئەمەت ئاخۇن ئەمەستۇ؟

ھەيران بولغان باقاۋۇل جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا:

— سىلى بۇ ئەمەت ساقالنى بىلەمدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدى يۇسۇپ خوجا ۋە بۇ ھەقتە گەپ قىلىشنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خالىماي، ئاپاق خوجىنىڭ گۈمبىزى تەرەپكە ماڭدى.
ئۇلار گۈمبەزنىڭ قېشىغا بارماي، ئەللىك ـ ئاتمىش مېتىردەك بېرىدا توختاپ قالدى. چۈنكى، بۇ يەرگە ئولاشقان خەلق شۇنچىلىك نۇرغۇن ئىدىكى، مېڭىش مۇمكىن بولماي قالدى. يىراق ـ يېقىندىن بۇ مازارنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ھەر خىل ياشتىكى ئادەملەر گويا ئۈۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك ئورىۋالغانىدى. بەزىلىرى مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندەك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ گۈمبەزگە قوللىرىنى سۇنۇپ تۇرۇپ ۋە: «دەردىمگە داۋا، رەنجىمگە شىپا ئاتا قىلسىلا، خوجام! ئاستانىلىرىگە ئىككى كۈن يول مېڭىپ ئاران كەلدىم. گۇناھلىرىم بولسا ئەپۇ قىلىپ شاپائەت قىلسىلا؛ ئۈچ يىلدىن بېرى ماڭالماي قالغان قېرى ئاتامنىڭ ئايىغىغا مەدەت بەرسىلە، خوجام!» دەپ نالە قىلاتتى. بۇ نالەرگە ئارىلىشىپ بەزى ئاياللارنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بېرى بالىچاقىسىنى تاشلاپ، تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەن ئەرلىرىگە ئىنساب ـ تەۋپىق بېرىشنى، بەزىلىرىنىڭ جۇڭغارلار قولىغا چۈشۈپ، دېرەكسىز يوقالغان پەرزەنتلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ياردەم بېرىشنى ۋە بەزىلىرىنىڭ رۇستەمى داستاندەك ئوغۇل ئاتا قىلىشنى سورىغان پىغانلىق ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.
يۈسۈپ خوجىنىڭ دىققىتىنى يان تەرەپتىكى كىچىككىنە تالنىڭ دالدىسىغا جايلىشىۋالغان خام سېمىز، ئاق ياغلىقىنىڭ يېرتىق يەرلىرىدىن ئۇنۇپ چىققان شىۋاقتەك كۆرۈنىدىغان ئاق چاچلىق بىر موماي جەلپ قىلدى. ئۇ ئالدىغا كىرلىشىپ كەتكەن ماتا داستىخانغا چوڭلۇقى گازىر ـ پۇرچاقتەك بىرمۇنچە تاشلارنى قويۇپ پالچىلىق قىلىۋاتاتتى ۋە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئايالغا:

«قارا تاشقا قارىسام،
قاراقاش بالىكەن دەيدۇ.
ئاق تېشىمغا قارىسام،
ئاپپاق بالىكەن دەيدۇ.

سىرىق تاشلىق باللىرىمنى،
سىن ـ سىپاتلىقكەن دەيدۇ.
كۆك تىشىمدىن سورىسام،
قىلىقى تاتلىقكەن دەيدۇ...»

دەپ تاشلارنى يىغىۋالدى ـ دە، قايتىدىن داستىخانغا يەنە تاشلاپ مۇنداق نەزم ئوقۇدى:

باللارنىڭ ئۆمرى ئۇزاقكەن،
لوقمان ھېكىمدەك ياشارمىش.
بىر قولىدا ئاق قارچىغا،
تاغ ـ داۋاننى ئاشارمىش.
ئۇ قارچىغا چىشىكەن،
بىر دېھقاننىڭ قىزىكەن.
باشقا قىزغا زورلىماڭ،
شۇ قىز بالا خىلىكەن.

پال ئاچقۇرغان ئايال قانائەتلەندى بولغاي ئەتىمالىم، قول ياغلىقىغا ئورىۋالغان پۇللاردىن بىرنەچچىسىنى ئېلىپ پالچى موماغا بەردى.

بۇ چاغدا كۆن رەسمىي ئۆرلەپ ھاۋا قىزىپ كەتكەنىدى. يۈسۈپ خوجا قول ياغلىقى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى ۋە بېشىدىكى تۆمىقىنىڭ ئىچكى جىيەكىنى سۈرتۈپ:

ــ ئەمدى ماڭايلى، ۋاقىت يار بەرسە، بۇ خوجامنىڭ مازارىنى يەنە بىر كۆنى كېلىپ كۆرەرمىز، ــ دېدى.

ــ شۇنداق قىلايلى، ــ دەپ قوشۇلدى خوش كېيپەك ھاكىم.

ئۇلار كەلگەن ئىزى بىلەن ئارقىسىغا قايتىپ ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە، بەشكېرەم يولىغا چۇشتى.

* * *

بەھرەم بەگ يۈسۈپ خوجا قەشقەرگە خان بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئوردىغا كېلىپ ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم كۆرۈنۈش قىلاتتى. كۆپنى كۆرگەن ۋە خېلى يىللاردىن بېرى ئەمەل تۇتۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەم ھۆرۈن خوتۇنلارنىڭ ئىچ كۆڭلىكىنىڭ تىكىشىگە ئورنىشىۋالغان بۈرگىدەك سېمىز ۋە چاققان ئىدى. ئۆزىگە پايدىلىق ئىشلارنى تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئېلىپ باراتتى. ئۇ باشقا بەگلەرگە ئوخشاش تاپقان ـ تەرگىنىنى پوكىنىغا بېسىپ ياتماي، پەيتى كەلگەندە تۆكۈپ ـ چېچىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشنى، دوست ـ دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە بۇ تۆكۈپ چاچقان دۇنياسىنى ھوقۇق ـ ئەمەلدىن پايدىلىنىپ، ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدىلا تولدۇرۇۋالاتتى.

بەھرەم بەگنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، ئۇلار بىرنەچچە قېتىمدىن قورساق كۆتۈرۈپ ئالتە قىز تۇغۇپ بەردى. قىز بالىنى «سېسىقى چىقمىدىغان بىر پارچە گۆش» دەپ ھېسابلايدىغان بەھرەم بەگ قەشقەردە تۇرىدىغان خۇدايار بەگنىڭ قىزى ھاۋا خېنىمنى ئۈچىنچى خوتۇنلۇققا ئالدى.

ھاۋا خېنىم ئۆزىنىڭ پەرىشتىلەرنىمۇ يولدىن ئازدۇرىدىغان كۈنداشلىرىدەك گۈزەل بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياشلىقى بىلەن يۇمران بەدىنى بەھرەم بەگنى مەپتۇن قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر يىلدىن كېيىن ھاۋا خېنىم ماڭلىيى بىر غېرىچ قوچقاردەك ئوغۇل تۇغۇپ، كۈنداشلىرىنى داغدا قالدۇردى ۋە بەھرەم بەگنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنىغا ئايلىنىپ قالدى. بۈگۈن بەھرەم بەگنىڭ ئەنە شۇ ئوغلىنىڭ تويى بولماقچى.

يۈسۈپ خوجا تۈنۈگۈن ئەتىگەندە خۇش كېپەك ھاكىمغا:

— بەھرەم بەگنىڭ تويىغا سىلى قاتنىشىپ كەلسىلە

بولارمىكىن، مەن تېخى ھېچقانداق ئىش قىلماي تۇرۇپ، توي ـ تۆكۈنلەرگە بېرىپ يۈرسەم بولماس، ـــ دېدى.

ـــ ئۇ دېگەنلىرىڭىز راست، ـــ دېگەنىدى خۇش كېپەك ھاكىم، ـــ مەنمۇ سىلىگە ئوخشاش ئويغا كېلىۋىدىم. كېيىن بۇ ئويۇمدىن يالتايدىم، ئويلاپ كۆرسەم، بەھرەم بەگ ئادەتتىكى بىر ئادەم بولماي، بىر ناھىيەنىڭ بېگى ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېيىنئاتىسى خۇدايار بەگ ئوردىمىزدا «ئىشىكئاغا» لاۋازىمىدىكى ئادەم. دېمەك، ئۇلار خانلىقىمىزنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدىغان، ئىشىنى قىلىدىغان مۇھىم ئادەملەردۇر. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ تويغا ئىشتىراك قىلساق، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغاندىن باشقا، خەلق ئالدىدىكى ئابرۇيىمىزمۇ ئاشۇرغان بولىمىز، بۇنىڭ ھېسابىغا بۇ ئادەملەر خانلىقىمىزنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان، تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى جان كۆيدۈرۈپ بېجىرىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باھار پەسلى ئىكەن. بىر ـ ئىككى كۈن تەبىئەتنى كۆرۈپ، باھار پەسلىنىڭ خۇش پۇراق ھاۋاسىدىن بەھرىمەن بولغاچ سەگىدەپ كەلسىلە ياخشى بولاتتى.

يۈسۈپ خوجا رازىلىق بىلدۈرۈپ:

ـــ بوپتۇ، سىلى دېگەندەك بولسۇن، مەن ھازىر خۇدايار بەگكە ئېيتاي، ئۇ كىشى بەشكېرەمگە بۈگۈنلا كېتىۋەرسۇن، ـــ دېگەنىدى.

ئۇلارنىڭ «بەشكېرەم»گە كېلىشىدىكى سەۋەب شۇ ئىدى. بۇ يوللاردا بىرنەچچە قېتىم ماڭغان خۇش كېپەك ھاكىم كۆز ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان ياغدۇ ۋادىسىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەرلەرنىڭ قەشقەردىكى يارمۇھەممەد باي دېگەن كىشىگە قارايدىغانلىقى، كېيىن ئۇ يەرلەرنى ھىدايىتۇللا ئىشانغا نەزىر ھېسابىدا ھەدىيە قىلىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.①

يۈسۈپ خوجىلار «بەشكېرەم»نىڭ چېتىگە كەلگەندە،

---

① بەزى تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، بۇ يارمۇھەممەد باي دېگەن كىشى مەزكۇر زېمىننى بىراقلا ئەمەس، ئىككىگە بۆلۈپ ھەدىيە قىلغانلىقى يېزىلغان.

ئىشىكئاغا خۇدايار بەگ، بەھرەم بەگ ۋە ئاتۇشتىن كەلگەن ئابدۇساتتار بەگ ھەمدە تۇنۇگۈن قەشقەردىن كەلگەن باقى ئىشان باشلىق بىرقانچىلىغان ئاخۇن ـ ئاكابىرلار ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇچىلىرىغا سەرپاي تون، باشلىرىغا چوڭ ـ كىچىك سەللىلەر ئوراپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى چەكتۈرگەن بۇ ئادەملەرنىڭ گەردىشى كىچىك قۇندۇز تۇماق بىلەن ئادەتتىكى قەشقەر باپكارلىرى توقۇغان چەكمەندىن پەشمەت كىيىۋالغان يۈسۈپ خوجا باشلىق خۇش كېپەك ھاكىمنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىدىن قىزغانغاندەك ئالدىراپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى.

— قەدەملىرىگە ھەسەنات ! — دېدى خۇدايار بەگ.

— خۇش كەپتىلا، بېشىمىز كۆككە يەتتى ! — دەپ قوشۇمچە قىلدى بەھرەم بەگ.

ئۇلار بىرپەس تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن بەشكېرەم ئىچىگە كىرىپ ئوڭ ياقتىكى كوچىغا بۇرۇلدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بەش ـ ئالتە بادرىدىن غورۇ ياسالغان سوقما تاملىق، پەنجىرىلىك ئۆيلەر كۆرۈنەتتى. ئىشىك ئالدىغا ئاندا ـ ساندا ياسالغان سۇپىلاردا يىپ ئېگىرىپ ياكى نەۋرىلىرى بىلەن ئەرمەك بولۇپ ئولتۇرغان مومايلار، ھاسىغا ئېگىلىپ تىرەپ تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان بوۋايلار كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. لېكىن، بۇ كوچا مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۇچۇن سۇ چېچىپ، پاكىز تازىلانغان، توپا ـ چاڭنىڭ ئەسىرىمۇ يوق ئىدى.

يۈسۈپ خوجىلار بەھرەم بەگنىڭ ئۆيىگە ئاز قالغاندا، يان تەرەپتىكى تار كوچىدىن تاۋۇت كۆتۈرگەن بىرنەچچە ئادەم چىقىپ كەلدى. يۈسۈپ خوجا ئېتىنى توختىتىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قول كۆتۈرۈشتى. تاۋۇت ئىچىدە ياتقان ئايال كىشى بولسا كېرەك. يوپۇقنىڭ ئۈستىگە قىزىل جىيەكلىك بار داكا ياغلىق ئارتىپ قويۇلغان، ماتا يوپۇقنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرى يىرتىلىپ كىرلىشىپ كەتكەنىدى.

بىر چاغدا يۈسۈپ خوجا يۈزىنى سىيپاپ دۇئاسىنى تامام قىلدى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ دۇنيانىڭ ئىشى شۇ، خوجام، — دېدى خۇش كېيپەك ھاكىم، — بىر يەردە توي بولسا، يەنە بىر يەردە ھازا.

ئاڭغىچە تاۋۇت كۆتۈرگەنلەر بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭغانلار ئۇدۇلدىكى كوچىغا كىرىپ كەتتى.

— بۇ تاۋۇتنىڭ يوپۇقى نېمانچە مەينەت؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ خوجا.

ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە ھېچكىم ئالدىرىمىغاندىن كېيىن:

— مەرھۇمنىڭ ئىگىلىرىنىڭ يېڭى يوپۇق ئېلىشقا چامى بولماي، تاۋۇتنى مۇشۇنداق «غېرىب يوپۇق» بىلەن ياپقان ـ دە، — دېدى شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل.

— بىز تەرەپلەردىمۇ شۇنداق، — دېدى ئاتۇشتىن كەلگەن ئابدۇساتتار بەگ، — زىراكى ھەممە ئادەمنىڭ يېڭى يوپۇق ئېلىشقا چامىسى يەتمەيدۇ. شۇڭا، مەھەللىلەردە تاۋۇتنى يېپىش ئۈچۈن بىر يوپۇقتىن پايدىلىنىشنى يولغا قويغان.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن توپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان بەھرەم بەگ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى. شۇ ھامان ياغاق ياغىچىدىن نەقىشلەپ ياسالغان، زىغىر يېغى بىلەن مايلانغان يوغان دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتى ئېچىلدى. يۇسۇپ خوجىلار چۈچۈتۈلگەن ياغ، پىشۇرۇلۇۋاتقان كاۋاپلارنىڭ پۇرىقى بىلەن تولۇپ كەتكەن ھويلىغا كىرىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن بەھرەم بەگ يۇسۇپ خوجىلارنى نەقىشلىك تۈۋرۈكلەرنىڭ تورۇسقا تاقاشقان يېرى كېمىر شەكلىدە ياسالغان گۈللۈك پېشايۋانغا باشلىدى. ئۇ يەردىن ئۆستى يېپىلغان دالان ئارقىلىق ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى باغقا ئاچىقتى ـ دە، يېڭىدىن چېچەكلەشكە باشلىغان ئالمىلارنىڭ ئارىسىغا ياسالغان بۇگلۇككە تەكلىپ قىلدى.

— بەھۇزۇر ئارام ئېلىشسىلا، — دېدى بەھرەم بەگ پاتىھە

قىلىشقاندىن كېيىن، — ھەرقايسىلىرى ئۇچۇن ئۆيگە قارىغاندا مۇشۇ ھاۋالىق يەرنى ئوبدانراق كۆردۈم.

— تولا ئوبدان بوپتۇ، — دېدى خۇش كېپەك ھاكىم، — ئوچۇق ھاۋادا، يەنە كېلىپ بۇنداق چېچەكلەرنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر غەنىيمەت.

— شۇنداق، شۇنداق، — ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەشتى باشقىلار.

ئاشخانىچە قاقىر بويۇن، ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان مىس ئاپتۇۋىلىرى بىلەن تۇۋى كىچىككىنە ئۇستى كەڭ مىس چىلاپچىلارنى كۆتۈرۈپ، ئۆشنىسىگە ناۋات رەڭ لۆڭگىلەرنى ئېسىۋالغان مۇلازىملار مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئېلىشتى، ئاندىن داستىخان سېلىپ قەنت - گېزەكلەر بىلەن تولدۇرۇلغان پەتنۇسلارنى قويدى. باغنىڭ ھاۋاسى تونۇردىن يېڭىلا سويۇۋېلىنغان ئىسسىق نانلارنىڭ پۇرىقى بىلەن ئارىلىشىپ تېخىمۇ خۇش پۇراق بولۇپ كەتتى. شۇ چاغدا مېھمانلارنىڭ قۇلىقىغا قانداقتۇر بىر يوچۇن ۋە سوزۇپ ئېيتىلغان ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. بىردە بوش، بىردە چىڭ چىقىۋاتقان بۇ ئاۋازلار بەھرەم بەگنىڭ ئۆيىگە تۇنۇگۇن كەچتە كېلىپ قونۇپ قالغان ئامبۇنلار (قاراخانلار) بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە كەيپ ئىدى.

يۈسۈپ خوجىلار بىر پىيالىدىن چاي ئىچىپ، بۇ يىل ھاۋا رايىنىڭ ياخشى بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قېشىغا ئورغاقتەك ئەگرى پۇتلىرى بىلەن ئالچاڭلاپ بىرنەچچە ئامبۇنلار كەلدى - دە، بۇگلۇكنىڭ ئۇستىگە چىقتى. شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ بىرى — ھەممىدىن ئېگىزى بۇگلۇكنىڭ پەلەمپىيىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. باشلىرىغا سىلىندىردەك ئېگىز قالپاق، ئاياغلىرىغا قىزىل كۆندىن تىكىلگەن ئۆتۈك، ئۇچىسىغا سېرىق تاۋاردىن يېنى يېرىق چاپان كىيىۋالغان بۇ ئامبۇنلارنىڭ قىيسىق كۆزلىرى خۇمارلىشىپ،

چىرايلىرىدىن تەپچىرەپ تۇرغان تەرلىرى كۆرۈنەتتى.
— ئەۋرەنتى (سالام)، خوجا، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى.
— ئەۋرەنتى، — دەپ تەكرارلىدى ئىككىنچىسى.
ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن شۇ سۆزلەر چىقىشى بىلەن ئولتۇرغانلارنىڭ دىمىقىغا ئاچچىق شارابنىڭ قاڭسىق پۇرىقى ئۇرۇلدى. يۈسۈپ خوجا باشلىق مېھمانلار يىرگەنگەندەك ئەلپاز بىلەن قاراشتى.
— خوجام، كەچۈرۈۋەتسىلە، — دېدى بەھرەم بەگ ئۇچۇن ئۇنىڭ قېينىئاتىسى خۇدايار بەگ، — بىز ھەرقايسىلىرىنىڭ كەيپىياتىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۇچۇن بۇ ئامبۇنلارنى ئالاھىدە ئۆيگە ئولتۇرغۇزغانىدۇق. تەنتەك توپاقلار قورسىقى تويغاندا بويۇنچىقىنى ئۈزۈۋالغاندەك ئىش بولدى.
— قېنى، ئامبۇنلارغا چاي قۇيۇڭلار، — دېدى خۇش كېيپەك خۇدايار بەگنىڭ گېپىگە ئېتىبار بەرمەي.
يۈسۈپ خوجا بۇ ئامبۇنلارنىڭ ئىككىسىنىڭ مارالبېشى بىلەن مەكىتتە تۇرىدىغىنىنى تونۇيتتى. بوگلۇكنىڭ پەلەمپىيىدە يىقىلغان ئېگىز ئامبۇنى بولسا تونۇمايتتى. شۇڭا، ئۇ خۇش كېپەك ھاكىمغا بۇرۇلۇپ سورىدى:
— ئاۋۇ كالانپاي قەيەردە تۇرىدىغان ئامبۇن؟
— ئاتۇشتا، — دېدى ئۇ.
«بۇلارنى نېمىشقا چاقىرىپ يۈرىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى يۈسۈپ خوجا ۋە يادىغا موللا ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ «مەكىتتە تۇرىدىغان چولاق ئامبۇن خۇنتەيجى غالدان سېرىننىڭ جىيەنى. ئۇنىڭ بىر قولىنى ئاشۇ يىلى يەتتىسۇدا بولغان سوقۇشتا قازاق باتۇرلىرى جەينىكىدىن چېپىۋەتكەن. مارالبېشىدىكى ئاقساق ئامبۇن بولسا خۇنتەيجىنىڭ تونۇق دېگەن چوڭ دادىسىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، ئۇنىڭ ئاكىسى شامال باتۇر دېگەن خۇنتەيجىنىڭ ئىشەنچلىك سەردارلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، توقسان نەپەر قازاقنىڭ بېلىگە تاش باغلاپ ئىلى دەرياسىغا تاشلاپ،

جۇڭغارلار ئارىسىدا داڭ چىقارغان. كېيىن قازاقلارنىڭ باتۇرى نەۋرۇز باي دېگەن كىشى يەكمۇيەك جەڭدە شامال باتۇرنى ئۆلتۈرگەن. شۇ چاغدا پۈتىمدىن يارىدار بولغان بۇ جۇڭغارنى غالدان سېرىن ئامبۇنلۇق مەنسىپى بىلەن مارالبېشىدىكى جۇڭغار لەشكەرلىرىگە باشلىق قىلىپ ئەۋەتكەن»① دېگەن سۆزلىرى كەلدى. يۇسۇپ خوجا ئاتۇشتا تۇرىدىغان ئامبۇنىڭمۇ خۇنتەيجىگە ئانا جەمەت تۇغقان بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

يۇسۇپ خوجىنىڭ ئويىچە بەھرەم بەگ ئوغلىنىڭ تويىنى بەشكېرەمدىن بىرقانچە پەرسەڭ يىراقتا تۇرىدىغان بۇ ئامبۇنلارنى چاقىرماي قىلىۋەرسىمۇ بولاتتى، ئۇلارمۇ رەنجىمەيتتى. بۇنىڭسىزمۇ ئۇلارنىڭ سوراپ ـ سورىماي، بۇلاپ ـ تالاپ ئېلىۋاتقان نەرسىلىرى ئاز ئەمەس ئىدى.

ــ قېنى خوجام، كاۋاپقا ئىلتىپات قىلسىلا، ــ دېدى ھەيدەر بەگ.

يۇسۇپ خوجا جۇڭغار ئامبۇنلىرى توغرىسىدىكى خىيالىدىن پارىغ بولۇپ، ئالدىغا قارىدى ـ دە، چىنە تاۋاقتا تىزىپ قويۇلغان كاۋاپلارنى كۆردى. ياپىلاق زىخلار بىلەن باغرى تېشىلگەن، ھەر تۈرلۈك دورا ـ دەرمەكلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلغان بۇ كاۋاپلاردىن ھەتتا قورسىقى توق ئادەمنىڭمۇ ئىشتىھاسىنى قوزغايدىغان خۇش پۇراقلار چىقاتتى. بوگلۇكتە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى يۇسۇپ خوجىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ كاۋاپقا قول سۇنۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بىراق، شۇ چاغدا ھېچكىم كۈتمىگەن ئەھۋال يۈز بەردى. ئاتۇشتىن كەلگەن ئامبۇن ئالدىغا قويۇلغان كاۋاپنى كۆرمىدىمۇ، ئۇزۇن قولىنى سوزۇپ يۇسۇپ خوجىنىڭ ئالدىدىكى تاۋاقتىن بىرنەچچە زىخ كاۋاپنى ئالدى ـ دە، ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلىدى. خۇش كېپەك

① جانىبەك تاۋاسار ئوغلى: «ئاتا ـ بوۋامدىن ئۆزۈمگىچە» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

هاكىم جوڭغار ئامبۇنلىرىنىڭ ھەر خىل ئەدەپسىزلىكىنى تالاي قېتىم كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق تۈرىنى كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ جىمى قانلىرى باش تەرىپىگە ئۇرغۇپ چىققاندەك گۈرەن تومۇرى كۆپۈپ، چىرايى قارىداپ كەتتى ـ دە، يۈسۈپ خوجىنىڭ ئالدىدىكى تاۋاقنى ئېلىپ:

— مانا، بۇنىمۇ يېسىلە، — دەپ ئامبۇننىڭ ئالدىغا قويدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان تەخسىدىكى كاۋاپنى يۈسۈپ خوجىنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە، — بىزدە «چىلبۆرىنىڭ ئايغى تەگكەن بۇلاقتىن يولۋاس سۇ ئىچمەيدۇ» دېگەن تەمسىل بار، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك ئادەملەر خۇش كېيىپەك ھاكىمغا تەسەننا دېيىشتى. لېكىن، ئۇيغۇر تىلىنى ئانچە ـ مۇنچە يامىداپ سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالغان ئېگىز بوي ئامبۇن خۇش كېيپەك ھاكىمنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي، ئەكسىچە «مېنى ھۆرمەت قىلىپ، خوجىنىڭ ئالدىدىكى كاۋاپنى بېرىۋاتىدۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ خۇشال بولدى ۋە چولاق ئامبۇن بىلەن ئاقساق ئامبۇنغا پەخىرلەنگەن ھالدا قاراپ قويدى.

كاۋاپتىن كېيىن بۇگلۇكتە ئولتۇرغان مېھمانلار پېشىن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. باقى ئىشان باشلىق بەزىبىر ئادەملەر تاھارەت يېڭىلاش ئۈچۈن باغنىڭ ئىچىدىكى خالىي جايلارغا كېتىشتى. بەھرەم بەگ بۇگلۇكتىن يەرگە چۈشكەن يۈسۈپ خوجىدىن ئېگىز ئامبۇننىڭ ئەدەپسىزلىكى ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى.

— كەچۈرمەسكە چارە يوق، — دېدى يۈسۈپ خوجا، — بۇلار دىيارىمىزدا بولىدىكەن، بۇنداق ئەدەپسىزلىكلەرمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — ئۆزىنى ئاقلىدى بەھرەم بەگ، — مېنىڭ بۇلارنى تويغا چاقىرىش نىيىتىم يوق ئىدى. مۇنۇ ئادەم (خۇدايار بەگنى ئىشارە قىلدى) قايسى كۈنى ئۆيگە كېلىپ: «سىلىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تويى بولسا، مېنىڭ نەۋرەمنىڭ تويى. ئەڭ

بولمىغاندا ئاشۇ ئۈچ ئامبۇننى چاقىرىپ قويسىلا، ئۇلار دېگەن خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى، كېرەك بولىدىغان ئادەملەر» دەپ تۇرۇۋالدى.

شۇ چاغدا مارالبېشىدىن كەلگەن ئاقساق ئامبۇن:

— هاي، جىرغال جىبە! — دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ هويلا تەرەپتىن ئۇزۇن سېرىق چاپانلىق، تاقىر باش بىر جۇڭغار چىقىپ كەلدى. ئۇمۇ ئاقساق ئامبۇنغا ئوخشاش شارابقا تويغان بولۇپ، قىيسىق كۆزلىرى غىل ـ پال ئېچىلىپ تۇراتتى.

— ئالا تايچاقنى ئەكەلگىن، مۇشۇ بەهرەم بەگكە ئۆز خوجىسىنىڭ ئالدىدا تاپشۇرىمەن، — دېدى.

— ها ـ ها ـ ها... — دەپ كۈلۈۋەتتى ئۇ چولاق ئامبۇننىڭ قېشىغا كېلىپ، — هوي، بىز تۇنۇگۈن ئاخشاملا تويغا دەپ ئەكەلگەن تارتۇقلىرىمىزنى بەگكە تاپشۇرۇۋەتكەنغۇ. ئۇنى قايتىلاپ يەنە تاپشۇرغىنىڭ نېمىسى؟

— هە، شۇنداق قىلغانىمىدۇق؟ — هاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى ئاقساق ئامبۇن، ئاندىن يەنە ئىچكۈسى كەلدىمۇ ياكى دېگەن گېپىگە ئۇيالدىمۇ، چولاق ئامبۇننىڭ ساق قولىدىن تۇتۇپ سۆرىدى، — يۈرە، ئارباتۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرهانىغا چوقۇنسۇن، بىز ئۆيگە كىرىپ شاراب ئىچەيلى، — دېدى.

※ ※ ※

بەهرەم بەگنىڭ بۇ تويى ئاپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىنكى ئەللىك نەچچە يىلنىڭ ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن تويلارنىڭ ئەڭ هەشەمەتلىكى بولدى. يالغۇز ئوغلىنى ئۆيلەش ئۈچۈن ئىككى ئالتىنىنى بولۇشىچە ئېچىۋەتكەن بەهرەم بەگ ئاپاق خوجىدەك: «دۇنيانىڭ راهىتى يېمەك، كىيمەك، چاچماقتىن ئىبارەت» دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدەك «دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ

چوڭ توي سورۇنى تۈزۈلمىگەي» دەپ، ئوتتۇز مىڭ يىلقا سوۋغا ـ سالام قىلىپ، ئوتتۇز مىڭ قوي، ئوتتۇز مىڭ كالا سويۇپ، قىرىق جايدا يۈز كۈن داستىخان سېلىپ مېھمان ئۈزىتىش① قولىدىن كەلمىسىمۇ، ئوغلىنىڭ توينى بىر ھەپتە قىلىپ، ئوتتۇز قوي، ئوتتۇز كالا سويۇشنى، ئوتتۇز ئات سوۋغا ـ سالام قىلىشنى ۋە بۇ تويغا قەشقەرنىڭ خاننى، ئوردا ئەمەلدارلىرىنى، ئاخۇن ـ ئاكابىر، ئىشانلارنى، ناھىيەدىكى بەگلەرنى، جۇڭغارلارنىڭ ھەر يەردە تۇرۇۋاتقان ئامبۇنلىرىنى ۋە شۇ ئارقىلىق قەشقەر بويىچە تېخى ھېچكىم قولىغا كىرگۈزەلمىگەن شۆھرەتكە، ئاتاق ـ ئابرۇيغا ئىگە بولۇشنى ئويلىغانىدى. ھازىر بەھرەم بەگنىڭ بۇ ئويلىرى ئەمەلگە ئاشتى. بەزى بەگلەر: «مېنىڭ ئوقۇرۇمدىن موزاي ـ توپاقلار يەم يېگەن» دەپ ماختانسا، بەھرەم بەگنىڭ: «مېنىڭ ئوقۇرۇمدىن نار تۆگىلەر بىلەن ئارغىماقلار يەم يېگەن» دەپ ماختىنىشقا تولۇق ھەققى بار.

بىز ئادەتتە ئەتىياز پەسلىنى ئۈزۈكچىلىك ۋاق دەپ ئاتايمىز. لېكىن، بۇ گەپ بەھرەم بەگكە نىسبەتەن ئېيتقاندا توغرا كەلمەيدىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ تويغا سويغان قويلىرى بىلەن كالىلىرى يايلاقتىن بۈگۈنلا ئەكەلگەندەك سېمىز، داستىخانلارنىڭ ئۈستى ھەر خىل قۇرۇق مېۋىلەر، يېڭىلا ئۈزۈۋالغاندەك بىجىرىم ساقلانغان ئانار ـ نەشپۈت، ئۇياتلىق قىزلارنىڭ يۈزىدەك قىزىرىپ پىشقان ئالمىلار، ھەر خىل سامسىلار، گۆشگىردە، پەرمۇدىلەر بىلەن تولۇپ تۇراتتى. قەشقەرىيەدىن ئەكەلگەن ئۇستا ئاشپەزلەرنىڭ بىرنەچچىسى قازان بېشىدا پائالىيەت كۆرسەتتى. قېرى ئادەملەرنىڭ بىلىگە قۇۋۋەت بېرىدۇ دەپ، قۇشقاچ شورپىسى تەييارلايدىغان بىر ئاشپەز بىرنەچچە كۈن بۇغداي بىلەن تېرىق بېرىپ بېقىلغان يۈزدىن ئارتۇق

① «ئاپاق خوجا ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزىلەر — قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» 1984 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن.

ئەركەك قۇشقاچنى ئۆلتۈرۈپ، يۇڭداپ، دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن مەخسۇس قازاندا پىشۇرۇۋاتاتتى.

تەرىقەت پىرى دەپ ئاتالغان ھىدايىتۇللا خوجا ئۆز تويىغا سويغان ئوتتۇز مىڭ قوي بىلەن كالىنى قەشقەرىيە بويىچە قۇرۇلغان خانىقالاردىكى داش قازانلاردا، ئۆزىنى پىر تۇتقان ئۈچ يۈز مىڭدەك سوپى ـ ئىشانلارنى بىر قېتىم تويدۇرۇپ، ئوتتۇز مىڭ يىلقىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىگە مۇرىت توپلايدىغان ئىشانلارغا، يەنە بىر قىسمىنى قەشقەرىيەدە تۇرىدىغان جۇڭغار ئامبۇنلىرى بىلەن «كېرەكلىك ئادەم»لەرگە سوۋغا قىلغان بولسا، بەھرەم بەگ بالىسىنىڭ تويىغا ئاتىغان ئوتتۇز قوي بىلەن ئوتتۇز كالىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلار ئۈچۈن قالدۇرۇپ، قالغىنىنى قەشقەر بىلەن بەشكېرەم، ئاتۇشلاردىكى خانىلىقلارنىڭ داش قازانلىرىدا قاينىتىپ، شۇ يەرلەردە رىيازەت چېكىۋاتقان سوپى ـ ئاشىقلارنىڭ قۇرۇقداپ كەتكەن ئۈچەيلىرىنى مايلاشقا ئاتىدى. ئۇ قېيىنئاتىسى خۇدايار بەگنىڭ سوۋغا ـ سالام ئۈچۈن تەييارلىغان ئوتتۇز ئاتنى كىملەرگە بېرىش ھەققىدىكى مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئايالىنىڭ سۆزلىرى بىلەن بايان قىلدى:

— قايسى كۈنى قىزلىرى ھاۋا خېنىم بىلەن مەسلىھەت قىلىۋىدىم، ئۇ خېنىم : «نەچچە يىللاردىن بېرى قىزلىرىنى ئەرگە بېرىدىغان توي قىلىپ داستىخان ساپتىلا، بۇ يىل بولسا خۇدايىتائالا رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ يالغۇز ئوغۇللىرىنى ئۆيلەشكە نېسىپ قىپتۇ. يۇسۇپ خوجام باشلىق قەشقەرنىڭ كاتتىلىرىنى، جۇڭغارلار قويغان قاراخانلارنى چاقىردىم دەيدىلا، ئەگەر ئۇ كىشىلەر كەلسە، ئۇلارغا مەپىگە قوشىدىغان ئېتى يوقتەك ياكى خامانمۇ خامان يۈرىدىغان كەپسەنچىلەرگە بەرگەندەك بىردىن ئات يېتىلىتىپ قويسىلا بەھرەم بەگ دېگەن ئاتلىرىغا لايىق ئىش بولماس. شۇڭا، يۇسۇپ خوجام بىلەن خۇش كېپەك ھاكىمغا ئوخشاش بىرنەچچە ئادەمگە بېرىدىغان ئاتلىرىنىڭ

ئۇستىگە ئىككى ـ ئۈچ مىھرابلىق گىلەملەردىن بىرنى؛ جۇڭغار خانلىرىغا بېرىدىغان ئاتلارغا بولسا ئادەتتىكى گىلەملەردىن بىرنى ئارتىپ قويسىلا، ئاندىن كېيىن بۇ ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئاتام بىلەن ئۆزلىرىگە بولغان ئىخلاسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك زەرباب تونلارنى، زەر ئارىلاش توقۇلغان سەللە ـ كۇلاھلارنىمۇ ھەدىيە قىلايلى. جۇڭغار خانلىرىغا بىرنەچچە كېيىملىكتىن رەخت ماتا ـ چەكمەن بېرەيلى» دېۋىدى. مەن قىزلىرىنىڭ گېپىنى يەردە قويماي «ماقۇل» دەپ، ئۇلارنىمۇ تەييارلاپ قويۇپتىكەنمەن، ــ دېدى.

خۇدايار بەگ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قىزى ھاۋا خېنىمنىڭ پاراستىگە ۋە ئۇنىڭ بەھرەم بەگنى بوينىدىن باغلىۋالغىنىغا، دېگىنىنى قىلىشقا كۆندۈرگىنىگە قايىل بولۇپ:

ــ ئەمدى بالام، ــ دېگەنىدى ئاۋازىنى سوزۇپ، ــ بۇ ھاۋاخان قىزىم ئىككىڭلار بار مەسلىھەت قىلغان ئىش بولغاندىكىن، مەن نېمە دەيمەن، تويدىن كېيىن قىسىلىپ قالمىساڭلارلا بولدى.

ــ ئۇ يېقىدىن خاتىرجەم بولسىلا، ئاتا، ــ دېگەنىدى بەھرەم بەگ، ــ سىلى بىلەن بىز بېدىلىكنىڭ ئىگىلىرىگە ئوخشاش يىلىغا بىرنەچچە نۆۋەت ئوروپ تۇرىمىز، شۇڭا بىر ـ ئىككى نۆۋەت ئورىغان بېدىنى خەجلىۋەتسەك، ھېچ نەرسە بولمايدۇ. بۇ يىلتىزى چوڭقۇر نەرسە يەنە ئۆسۈپ چىقىدۇ.

ــ بوپتۇ، ــ دېگەنىدى خۇدايار بەگ مىيىقىدا كۈلۈپ، ــ جۇڭغار ئامبۇنلىرىغا بېرىدىغان سوۋغاتلارغا كۆن ئۆتۈك قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، زىراكى ئۇلار سىلى بىلەن بىزنىڭ ئۆگزىگە چىقىشىمىزدا شوتىدەك ۋەزىپە ئۆتەيدۇ جۇمۇ.

بەھرەم بەگ بىلەن خۇدايار بەگ يۇقىرىقىدەك «ئازغىنە بولسىمۇ تويىمىزنىڭ يارىشىقى» دېگەن نام بىلەن تەييارلىغان سوۋغا ـ سالاملىرىنى نىكاھتىن كېيىن بولىدىغان ئاساسىي زىياپەت تۈگىگەندە تەقدىم قىلماقچىدى. بىراق، نىكاھ ئوقۇلۇپ

بولغاندىن كېيىنلا يۈسۈپ خوجا بىلەن خۇش كېيەك ھاكىملار ساھىبخانىلاردىن ئىجازەت سورىدى.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، خوجام؟ — دەپ نارازىلىق بىلدۈردى بەھرەم بەگ.

— ئەڭ بولمىغاندا ناماز دىگەرگىچە تەخىر قىلىشسىلا، تويىمىزنىڭ زىياپىتى ئەمدى باشلانماقچى، — دېدى خۇدايار بەگ.

— ئۆزرە، — دەپ قولىنى كۆكسىگە قويدى يۈسۈپ خوجا، — باياتىن بىرى دەستىخاندا ئولتۇرۇپ لەززەتلىك تائاملاردىن بەھرىمەن بولدۇق.

— شۇنداق بولمىسا...

— خوجامنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشسىلا، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى خۇش كېپەك ھاكىم. ئاندىن شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلغا قاراپ، — قېنى، ئاتلارنى ئەكەلدۈرسىلە، — دېدى.

سىپاھلار ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى بىردەمدىلا يېتىلەپ كەلدى. يۈسۈپ خوجا ئۆزەڭگىگە پۇتىنى سالاي دەپ تۇراتتى. قېيىنئاتىسى بىلەن كۈسۈرلىشىۋاتقان بەھرەم بەگ ئالدىراپ يېنىغا كەلدى ـ دە:

— ئەڭ بولمىغاندا يېرىم سائەتتەك ۋاقىتلىرىنى بەرسىلە، خوجام، — دەپ ئىلتىماس قىلدى ئۇ.

ئۇنىڭ مەقسىتى يۈسۈپ خوجىلارنى ئۆيىگە باشلاپ، تەييارلىغان سوۋغا ـ سالاملىرىنى تەقدىم قىلىشىۋېلىش ئىدى. بەھرەم بەگنىڭ چالمىسى بۇ قېتىممۇ سوغا چۈشتى.

— سىلى بىرنەرسە دېسىلە، — دېدى ئېتىغا مىنىپ بولغان يۈسۈپ خوجا خۇش كېپەك ھاكىمغا قاراپ، — بۇلار بىزنىڭ كەلگىنىمىزگە خۇش بولۇپ، كەتكىنىمىزگە خاپا بولىدىغاندەك تۇرىدۇغۇ.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىسىلا خوجام! — دەرھال سۆز قىستۇردى خۇدايار بەگ، — «خانىنىڭ ئەمرى ۋاجىپ»، ھەممە ئىش سىلىنىڭ خاھىشلىرى بويىچە بولىدۇ. ئۇنىڭسىز بىشىمىز

كۆككە يەتتى.

— خەير ئەمىسە، — دېدى خۇش كىيىپەك ئىتىنىڭ بېشىنى كوچا تەرەپكە بۇراپ.

— خەير.

— يولىرى بولغاي... — دېيىشتى باشقىلار. لېكىن، خۇدايار بەگ بۇ ئادەملەرگە ھومىيىپ قارىدى ـ دە، بەھرەم بەگكە بۇرۇلۇپ:

— سىلى نېمىشقا ھاڭۋېقىپ تۇرىدىلا؟ ئاتلىرىغا مىنسىلە، خوجامىلارنى مەھەللىنىڭ سىرتىغىچە بولسىمۇ ئۇزىتىپ قويايلى، — دېدى.

نىكاھ مۇراسىمىغا قاتناشقانلار بىردىن ھەرىكەتكە كەلدى ـ دە، ئۇپۇر ـ توپۇر ئاتلىرىغا مىنىشىپ، يۇسۇپ خوجىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشتى ۋە ئۇلارغا بىر ئازدىن كېيىنلا يېتىشىۋالدى.

※ ※ ※

بەھرەم بەگنىڭ قۇدىسى ئالتۇن ئايىم دېگەن ئايال. ئۇنىڭ ئېرى جاماق سوپى 1710 ـ يىلى قەشقەر خانى ئەخمەت خوجىنىڭ ئىرشات (توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئىشان) نامىغا ئىگە بولۇپ، ئىشانلىق مۇقامىغا يەتكەن. بىراق، دۇنيا دېگەن بىردە كۈلۈپ قارىسا، بىردە قاش ـ قاپىقىنى تۈرۈپ قارايدىكەن. 1713 ـ يىلى جۇڭغارلار ئىككىنچى قېتىم قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئەخمەت خوجىنى تۇتقۇن قىلىپ ئىلى تەرەپكە ئەكەتتى. يېڭىدىن ئىشانلىق مۇقامىغا يېتىپ، مۇرت توپلاش بەختىگە ئىگە بولغان جاماق سوپى جۇڭغارلارنىڭ تەقىپ قىلىشىدىن قېچىپ، خۇراسان تەرەپكە ھىجرەت قىلدى. ئۇ شۇ كەتكىنىچە توققۇز يىل سەرسان بولۇپ، ئاخىر مەككە شەھرىگە كېلىپ كەئبىنى زىيارەت قىلدى. ئۇن يىل دېگەندە قەشقەرىيەگە قايتتى ۋە كۈندۈزى

خەقلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ ئۆيىگە كېچىسى كەلدى. بۇ چاغدا يېڭىدىن قەشقەرىيەگە خان بولۇپ كەلگەن دانىيال خوجا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن «ئىشقىيە» سۇلۇكىدىكىلەر بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا كۈرەش قىلماي، كۆرۈنۈشتە مادارا قىلىش يولىنى تۇتقانىدى. شۇنىڭغا يارىشا قەشقەردىكى «ئىشقىيە»چىلەرمۇ «ئىسھاقىيە»چىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى بۇرۇنقىدەك ئوچۇق داۋراڭ سالماي، پىچىقىنى يەڭ ئىچىگە يوشۇرغان ھالدا ئۆز پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغانىدى.

— سىلىنىڭ ساق ـ سالامەت كەلگەنلىرى بەشكېرەم مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئاللا تەرىپىدىن قىلىنغان شاپائەتتۇر، — دېيىشتى جاماق ھاجىنى مۇبارەكلەپ كەلگەن كونا مۇرىتلىرى.

لېكىن، ئۇ مۇنداق گەپلەرگە ئۈچۈپ «ئىشقىيە» سۇلۇكى ئۈچۈن بۇرۇنقىدەك جان تىكىپ كەتمىدى، شۇنىڭدەك «ئىسھاقىيە»چىلەرگىمۇ قارشى سۆز ـ ھەرىكەت قىلمىدى. پەقەت ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش كۈندىكى بەش ۋاخ نامىزىنى ئوقۇپ، بوش ۋاقىتلىرىدا تۈرلۈك كىتابلارنى مۇتالىئە قىلىپ، ئارقىسىدىكى ئانارلىق بېغىدا ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈردى. مەھەللىدىكى ئىشلارغىمۇ ئارىلىشىپ كەتمىدى. بۇرۇنقىدەك ئىككى ئادەمنى كۆرسە توختىماي سۆزلەپ كېتىدىغان ئادىتى يوقاپ، ئاغزىغا سۇ ئېلىۋالغاندەك جىم تۇرۇۋالىدىغان بولدى. بۇ ھال ئايالى ئالتۇن ئايىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىمۇ يۈز بەردى.

ئېرىنىڭ مىجەزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشكە ئالتۇن ئايىممۇ دىققەت قىلدى. بىر چاغلاردا جاماق سوپىنى «سۆزگە كىرمەيدىغان تىرتەك» دەپ قاقشاپ يۈرىدىغان ئالتۇن ئايىم ئېرى ھاجى بولغاندىن كېيىن «يۇمشا قولىدا، ئاچسا ئالىقىنىدا» بولىدىغان ياۋاش ـ يۇمشاق ئەرگە ئايلىنىپ قالغىنىغا ھەم خۇشال، ھەم ھەيران بولاتتى.

جاماق هاجى قىزىغا بەھرام بەگدىن ئەلچى كىرگەندە:

— بۇ قىزنى توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان، ئاق سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئالتۇن ئايىم. شۇڭا، ئۇ كىشى نېمە دېسە، مەن شۇ. ماقۇل دېسە، مەنمۇ ماقۇل دەيمەن، ياق دېسە، مەنمۇ ياق دەيمەن، — دەپ ھەممە ھوقۇقنى خوتۇنىغا بەرگەنىدى. بىراق، ئۇ رەھمەتلىك هاجىمغا قىزىنىڭ تويىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىغانىكەن، ئۆتكەن يىلى جۈمە نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ، مەسچىتتىلا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنى «ھوشىدىن كەتتى»، «تىلىقىپ قالدى» دەپ ئويلىغان بەشكېرەملىكلەر زەمبىل بىلەن كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكەلدى. ۋاھالەنكى، جان ئالغۇچى پەرىشتە پېستىرمىدىن چىققاندەك ھەملە قىلغانىكەن.

دۇنيانىڭ ئىشلىرى قىزىق ئىكەن. ئۆتكەن يىلى بۇ ئۆيدىن جاماق هاجىمنىڭ مېيىتى چىقىپ، ئالتۇن ئايىمنىڭ يىغا ـ زارى ئاڭلانغان بولسا، بۇ يىل قىزىنىڭ تويىنى قىلىپ، بويىنىغا ئىككى قۇر كەھرىۋا ئېسىپ، بېشىغا ھەرەمنىڭ ياغلىقىنى ۋە ئەرەب خوتۇنلىرىغا ئوخشاش يېڭى بىلەن ئېتىكى ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگۈزۋالغان ئالتۇن ئايىمنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

شۇ تاپتا بەشكېرەمدىلا ئەمەس، قەشقەر شەھىرىدە تۇرىدىغان ئايالالر ئىچىدە ئالتۇن ئايىمدەك بەختلىك ئادەم يوق ئىدى. ئۇ قۇرئاننىڭ ئىچىگە ئېلىپ ساقلىغاندەك بېقىپ ئۆستۈرگەن قىزىنى ھەم بەگنىڭ ئوغلىغا، ھەم خان ئوردىسىدا ئىشىككاغا لاۋازىمىغا ئىگە بولغان خۇدايار بەگنىڭ نەۋرىسىگە بېرىپ، ئۇلار بىلەن قۇدا بولدى. قىزىنىڭ نىكاھ مۇراسىمىغا قەشقەرنىڭ خانى، ھاكىمى ۋە ئاخۇن ـ ئاكابىرلىرى قاتنىشىپ، نىكاھىنى يوغان باش ئىشاننىڭ ئۆزى ئوقۇدى. دېمىسىمۇ، بەشكېرەمدەك بىر ناھىيەدە تۇرىدىغان بىر تۇل خوتۇن ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنى ھەقىقەتەن چوڭ خۇشاللىق، ھەتتا بەخت دېسە بولاتتى.

ئەمما، يۈسۈپ خوجىلارنىڭ نىكاھنى تۈگىتىپلا قايتىپ كېتىشى كۆپ يىللاردىن بېرى دېگىنىنى قىلىپ، باشقىلارغا

قىلىدۇرۇپ ئۆگىنىپ كەتكەن بەھرەم بەگ بىلەن خۇدايار بەگلەرنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ قويدى.

— ئۇنداق ئادەم شۇنچە يەردىن ئات تەرلىتىپ كەلمىسە بوپتىكەن، — دەپ غودۇڭشىدى بەھرەم بەگ.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر پېلەكتىن چۈشكەن خەمەكلەر، — دېدى خۇدايار بەگ. ئۇنىڭ «بۇلار» دېگىنى «خوجىلار» دېگىنى ئىدى، — خانىقالارنى چۆرگىلەپ جان بېقىپ يۈرگەن بۇ بىرنېمىلەرنى ئەتىۋارلاپ بېشىمىزغا كۆتۈرگەندىكىن ئۆزىمىزگە ئاز.

— شۇنى دېسىلە، ئاتا ـ بوۋىلىرى خەقنىڭ پوشكىلىنى يەپ چوڭ بولغاچقا، قائىدە ـ يوسۇن دېگەن نەرسىلەرنىمۇ بىلمەيدىكەن. بىر گەپنىڭ ئىككىسى بولسا «جۇڭغارلار»، «قاراخانلار» دەپ گىجىنىپ كېتىمىز، شۇلار چېغىدا تويىمىزغا بىردىن تاي يېتىلەپ كېلىشتى. بۇ خوجام «خان» دېگەن ئۇلۇغ نامغا ئىگە بولسىمۇ، ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ كەپتۇ.

— سىلى، بەھرەم بەگ بالام، سىبىمىز توخۇنىڭ تۇغمايدىغانلىقىنى بىلمەمدىلا؟ بۇلار جەددى ـ جەمەتىدىن تارتىپ ئېلىپنى ئوقۇغان، بەنى ئوقۇمىغان خەق ئەمەسمۇ؟

— ئۇ دېگەنلىرى راست، بىراق «ئىتنىڭ بېشىنى تەخسىگە ئالسا تۇرمايدۇ» دېگەندەك، شۇنچە خىرىدارلىق قىلساق ئۇنىماي، كېتىپ قالغىنى ئەلەم قىلدى ـ دە.

— ئۇنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، «بۇ جاھان ئۆزۈن جاھان...» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، بىر كۈنى بولمىسا، يەنە بىر كۈنى پەلەكنىڭ چاقىنى چۆرگىلىتىش بىزنىڭ قولىمىزغا تېگىپ قالار. ئەمدىچۇ بالام، ئۇلارغا ئاتىغان سوۋغا ـ سالاملارنى باشقىچە يول بىلەن ھەدىيە قىلىشنى ئويلىشايلى.

— ياق، ئاتا! سىلىنىڭ بۇ پىكىرلىرىگە قوشۇلمايمەن. «ھېيتتا قويمىغان ئوسمىنى ھېيتتىن كېيىن قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟»

— ئۇنداق كالتە ئويلىمىسىلا، بالام، «بەرگەننى خۇدامۇ ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. بىر كۈنى ئېپىنى كەلتۈرۈپ سوۋغىلارنى گېلىغا ئۇرىمىز. ھازىر بىزنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىمىز نېمىلا قىلىپ بولسۇن، ئۇنىڭ نەزىرىگە چۈشۈش، ئىشەنچىگە ئىگە بولۇش.

ئۇلار مۇشۇ تەقلىدتە بىرپەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن كۆڭۈللىرىدە پەيدا بولغان غەشلىرى تارقاپ، ئىچ ـ قارنى يورۇپ قالغاندەك بولدى ـ دە، تويغا كەلگەن مېھمانلارنى ئۇچۇق چىراي بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

※ ※ ※

كۈن قەشقەر ئاسمىنىنىڭ غەرب تەرىپىگە ئۆتكەن بولۇپ، سايىلار ئۇزىراشقا باشلىغانىدى. يۇسۇپ خوجىلار، ھەتتا يولنىڭ يېرىمى تۈگىگۈچە گەپ ـ سۆز قىلىشماي ماڭدى. توپىلىق يولدا قەشقەر تەرەپتىن قايتقان ھارۋىلىق، ئېشەكلىك ۋە پىيادە ئادەملەر پات ـ پات ئۇچراپ تۇراتتى. ئادەتتىكى ماتا ـ چەكمەنلەردىن تىكىلگەن كىيىملىرى ئۆڭۈپ، بىرنەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن بۇ ئادەملەرنىڭ كەيپىياتى ئۇستۇن، كۆڭلى خۇش كۆرۈنەتتى. ھەتتا بەزىلىرى نېمە ئۇچۇندۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ، يېنىدا كېلىۋاتقانلارنىڭ بىقىنىنى نوقۇپ قوياتتى. ئېشەكلەر ئۈستىدە كىچىككىنە تۈگۈنچەكلەرنى ياكى ئۇچ ـ تۆت ياشلىق باللارنى چومىنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇۋالغان ئاياللار نامەھرەملىكنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، يۈزىنى يېپىۋالغان تور ياغلىقلىرىنى بېشىدىن ئېلىۋەتكەنىدى.

— سىلى قانداق ئويلايدىلا؟ — دېدى يۇسۇپ خوجا خۇش كېپەك ھاكىمغا مۇراجىئەت قىلىپ ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەي سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېنىڭچە بولغاندا، خەلققە پاسىبان بولغان ئادەملەر بەئەينى تېۋىپ مىسالىدۇر. چۈنكى، بارچە



www.uyghurkitap.com

پۇقرالار ئۇنىڭغا موھتاج. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىرىپ كۆچىدىن قالغان، بەزىلىرى يوقسۇزچىلىقتا ئاچ ـ يالىڭاچ، بەزىلىرى قايغۇ ـ ئەلەمدە، ۋاھالەنكى پاسىبان بولغان ئادەم ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ دەردىگە داۋا بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش لازىم.

خۇش كېپەك ھاكىم گەپ قىلىشقا ئالدىرىماي، يەنە سۈكۈت قىلدى.

— بىر كىتابتىن ئوقۇغىنىم يادىمغا چۈشتى. ئۇنىڭدا «بىر پۇقرانىڭ يامان بولۇشى ئۇنىڭ شەخسىي ئۆزى ئۇچۇندۇر. ھاكىمنىڭ ياكى خاننىڭ يامان بولۇشى پۈتۈن پۇقرالار ئۇچۇندۇر» دەپ يېزىلغانىكەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى يۈسۈپ خوجا، — شۇنىڭ ئۈچۈن خەلققە پاسىبان بولغان ئادەم پۇقرانىڭ خوجايىنى بولدۇم دەپ ئويلىماي، بەلكى چاكىرى، يەنى خىزمەتكارى مەن دەپ ئويلىشى، ھەر دائىم پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش كويىدا يۈرۈشى لازىم. ئەمما، بەشكېرەمدىكى پۇقرالارنىڭ ئۆلگەن ئادەملەرنى يىگى يوپۇق بىلەن يېپىشقا چامىسى كەلمەيۋاتقان چاغدا، ئۇلارغا پاسىبان بولغان بەھرەم بەگنىڭ ئادەتتىكى ئوغۇل تويىغا بۇنچىلىك ھەشەمخورلۇق قىلىشى پىسەنتىمگە سىغمىدى.

— ئېيتقانلىرى يۈز پائىز توغرا، — دېدى خۇش كېپەك. ئۇ ھەم بەھرەم بەگنىڭ ھەشەمەتخورلۇقىنى ياقتۇرمىغانىدى، — پۇقرالارغا پاسىبانلىق قىلىدىغان ئادەم ئەسلىنى ئالغاندا باغۇبوستان ۋە ھەر خىل گىياھلارنى ئۆستۈرىدىغان زىلال سۇدەك بولۇشى لازىم. چۈنكى، بۇنداق پاسىبانلىق قىلىدىغان ئادەملەر ناھايىتى كەم، يەنى ئەمەل تۇتقانلار جىق بولسىمۇ، لېكىن پۇقراغا پايدا يەتكۈزۈۋاتقانلار يوقنىڭ ئورنىدا. ھازىر بىزدە پۇقرالارنىڭ مەئىشىتى ناھايىتى تۆۋەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋان ـ سېلىقى، ئۆشرە ـ زاكاتقا ئوخشاش تۈرلۈك دىنىي سېلىقلاردىن باشقا، يۈز يىللاردىن بېرى تەرىققەتچىلەر تەرىپىدىن ئالغا سۈرۈلگەن تەركىدۇنياچىلىق ۋە دۇئا بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە

www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىپ قالغان سوپى ـ ئىشانلار، كۆپىيىپ كەتكەن. ئۇلارمۇ پۇقرالارنىڭ يانچۇقىغا قول سالىدۇ. بىچارە پۇقرالار بولسا قورساقتىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئۇلار بىر قېتىم يەپ ـ ئىچىۋالسا، ئۆزلىرىنى بەختلىك دەپ ھېسابلىشىدۇ.

— قىسقىسى، پۇقراغا پاسىبان بولۇش تەس، تەشۋىشى بىلەن مۇشەققىتى كۆپ دېسىلە.

— شۇنداق.

— خەلققە پاسىبانلىق قىلىش سىلى دېگەندەك ھەقىقەتەن تەس، رەھمىتى ئاز، لەنىتى كۆپ ئىش بولسىمۇ، بەربىر ئۇلارغا پايدا يەتكۈزۈشكە تىرىشىش لازىم. ئەمما، گالنى پاكىز تۇتۇپ، ھالال لوقما يېيىش كېرەك.

ئۇلار مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ مازارىغا يېقىنلاشتى. كۈنمۇ ئۆز ئۇۋىسىغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. مازارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەملەر يەنىلا كۆپ ئىدى. يولنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدىكى دەرەخلەر ئارىسىدا بىر پارچىدىن كىگىزلىرىنى يېيىپ ئولتۇرۇشقان، يېنىچە ياتقان ئادەملەر، ئاياللار، ياش باللار كۆزگە چېلىقاتتى. سول تەرەپتە مەجنۇنتالنىڭ دالدىسىدا چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر قانچە ئادەم چۆرىدەپ زىكرىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى، يەنە بىر قانچىلىرى چىلىم تارتىشىۋاتاتتى. ئەتراپنى نەشىنىڭ پۇرىقى بىر ئالغانىدى.

— بۇلار، — دەپ چۈشەندۈردى خۇش كېپەك ھاكىم، — ئاپاق خوجىنىڭ «ئاللاغا ئاشىق بولۇشنىڭ ئۆلچىمى — قانغۇدەك نەشە چېكىپ، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى خۇدانىڭ ئىشىغا ئاتاش» دېگەن تەلىماتىغا ئەمەل قىلىۋاتقان سوپى ـ دەرۋىشلەر ئىكەن.

يۈسۈپ خوجىلار يەنە بىر ئاز مېڭىشىدى، ئوڭ تەرىپىگە توپلانغان ئادەملەر ئارىسىدىن:

— ھەزرىتى ئاپاق خوجام رەسۇلۇللانىڭ يىگىرمە يەتتىنچى ئەۋلادىدۇر. شۇڭا، بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ مازارىنى تاۋاپ قىلىش كەئبەگە بېرىپ ھەج قىلغان بىلەن ئوخشاشتۇر. ئاپاق خوجام ھەزرىتى ھايات ۋاقتىدا بىرلا سۇف دەپ «قوشگۇمبەز» دېگەن يەردە تۇرىدىغان قىرىق يىللىق ئەمانىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتكەن. «بەشتوغراق» دېگەن يەردە ئۇ ھەزرەت دەمىدە قىلغان سۇنى ئىچىپ، يەتتە نەپەر كېسەل ساقىيىپ كەتكەن. «دۆڭمازار»دا بۇ ھەزرەتكە شەك كەلتۈرگەن ئىككى ئادەم شۇ كېچىسىلا جان تەسلىم قىپتۇ. ئۇ بەتبەختلەرنىڭ گېلىدا ئەزرائىلنىڭ تىرنىقىنىڭ ئىزى قاپتۇ !... — دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىدى.

— بۇ مەدداھ دېگەن نەرسىلەر پۇقرالارنى ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان سۇلۇككە نوقتا سېلىنغان ئاتتەك يېتىلەپ ماڭىدىكەن - دە، — دېدى يۇسۇپ خوجا.

— تولىمۇ ئوخشىتىپ ئېيتتىلە، — ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى خۇش كېيپەك ھاكىم، — لېكىن بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تورغاي مىجەز كېلىدۇ. قايسى سۇلۇك جىقراق دان سېپىپ بەرسە، شۇ سۇلۇكنى مەدھىيەلەپ مۇبالىغە قىلىدۇ، — ئۇ دانىيال خوجامۇ دېمەكچى بولۇپ سۆزىنى يۇتۇۋەتتى - دە، — «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ پېشۋالىرىمۇ مەدداھلارنىڭ پائالىيىتىدىن كەڭ تۈردە پايدىلانغان، ھەتتا ئۇلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى مەلۇم ئىشانلىرىغا تاپشۇرغان.

يۇسۇپ خوجىنىڭ يادىغا دەرھال يەكەندىكى پەرمانقۇل ئىشان كەلدى. ئۇ ئىشان رەھمەتلىك ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا ئوردىدا ئاندا - ساندا، غىل - پال كۆرۈنۈپ، كۆپ ۋاقتىنى خانىقالاردا ئۆتكۈزەتتى. «مەنمۇ ئۆز دەستۇرۇمنى تەرغىب قىلىش ئۈچۈن ئاتامغا ئوخشاش مەدداھلاردىن پايدىلانسام بولغۇدەك» دېگەن ئويغا كەلدى. لېكىن، بۇ ئوينى ئىچىدە ساقلاپ:

— ئەگەر مەدداھلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتمۈشى، سەلتەنەت قۇرغان خانلارنىڭ ئادىل سىياسەتلىرى، زالىم خانلارنىڭ

زۇلۇم ـ سىتەملىرى ھەققىدە پۈتۈلگەن قىسسەلەرنى سۆزلەپ بەرسە، ئاڭلىغۇچىلار كاتتا مەنپەئەت ئالىدۇ. ئۆزىمۇ خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، — دېدى.

— بۇنىڭ ئۈچۈن مەدداھلىق قىلغۇچى ئادەملەردە ئالاھىدە بىلىم ۋە تىڭشىغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان ئىستېدات بولۇشى لازىم، — قوشۇمچە قىلدى خۇش كېپەك ھاكىم.

— بۇرۇنقى پادىشاھلار جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن قەھرىمانلارنىلا ئەمەس، سۆز مەيدانىدا تىڭشىغۇچىلارنى قايىل قىلغان ناتىقلارنىمۇ ھۆرمەت قىلغانىكەن. ھەتتا ئۇلارنى باشقا ئەلنىڭ پادىشاھ ـ خانلىرىغا ئەلچى قىلىپمۇ ئەۋەتكەنىكەن. بىراق، ئۇلار سىلى دېگەندەك بىلىملىك ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولغان.

«خوجامنىڭ بۇ گەپلىرى بىسيار ئورۇنلۇق، — دەپ ئويلىدى خۇش كېپەك ھاكىم، — بىزدە شۇنداق ئەقىل ـ پاراسەتلىك مەدداھلار بارمىدۇ؟ بىزدىكى مەدداھلارنىڭ ھەممىسى بىر چىشلەم ناننىڭ غېرىبى، قايسى خانىقادىن بىر چىنە ئۇماچ ئىچسە، شۇنىڭ تەرىپاتىنى قىلىدۇ...»

— راستتىنلا، — دېدى يۈسۈپ خوجا ئارقىسىدا كېتىۋاتقان باقاۋۇلغا قاراپ، — ئەتىگەن ئەمەت ئاخۇننى تونۇيمەن دېگەندەك قىلىۋىدىلە. ئۇ كىشى قاچاندىن بېرى بۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ؟

— ئۇ كىشىنىڭ بۇ شەھەردە پەيدا بولغىنىغا بىر يىلدەك بولۇپ قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى باقاۋۇل ۋە يۈسۈپ خوجىنىڭ بۇ ئادەم بىلەن قانداقلارچە تونۇشىسىلەر، دەپ سورىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، — ئەمەت ساقال بىزگە كۈيۈ ئوغۇل بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ، — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

— شۇنداقمۇ؟ — قىزىقىش بىلەن قارىدى يۈسۈپ خوجا.

— شۇنداق. ئۆتكەن كۈزدە تاغا ئاچام (تاغىسىنىڭ ئايالى)نىڭ كەنجى قىزىنى نىكاھلاپ قويغانىدۇق.

— تولىمۇ ساۋابلىق ئىش قىپسىلەر، — خۇشاللىقىنى

بىلدۈردى يۈسۈپ خوجا، ئاندىن گېپىنى يۆتكەپ، — بىر كۈنى بۇ كۈيۈ ئوغۇللىرىنى باشلاپ كەلسىلە، مەنمۇ تونۇشۇپ قوياي، — دېدى.

— بولىدۇ، خوجام...

ئۇلار كۈن غىلاپىغا كىرىشكە باشلىغاندا شەھەر ئىچىگە كىرىشتى.

## ئۈچىنچى باب

دەرۋازا قېشىغا بىرنەچچە ئادەم توپلانغان بولۇپ، ئوردىغا كىرىش ئۈچۈن تەلپۈنەتتى. لېكىن، قولىغا پۆپۈكلۈك نەيزە تۇتقان سىپاھلار «خوجام تۇرماق باقاۋۇلمۇ تېخى كەلمىدى» دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توساتتى. شۇ چاغدا ئوردا ھويلىسىدا پەيدا بولغان يۈسۈپ خوجا دەرۋازا قېشىغا كەلدى ـ دە، توپلانغان ئادەملەرگە سالام قىلدى.

— بىز يۈسۈپ خوجام بىلەن كۆرۈشەيلى دەپ كېلىشۋىدۇق. مۇنۇ سىپاھلار ئوردىغا كىرگۈزمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئادەملەرنىڭ بىرى.

— يۇرۇڭلار، — دېدى يۈسۈپ خوجا ۋە ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ قوبۇلخانىسىغا ئەكىرگەندە، ئۇ يەرگە قويۇلغان كۇرسى ـ دىۋانلارنى كۆرسىتىپ، — قېنى ئولتۇرۇشسىلا، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

شۇ چاغقىچە مۇنداق ئۆي جاھازلىرىدا ئولتۇرماق تۇگۇل ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ دېھقانلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى.

— تارتىنماڭلار، ئولتۇرۇڭلار ! — تەكرارلىدى يۈسۈپ خوجا ۋە ئەيمىنىپ ئولتۇرغان دېھقانلارغا قاراپ ئوچۇق چىراي بىلەن، — قېنى، گەپ قىلغاچ تۇرۇڭلار، — دېدى.

دېھقانلار سەن گەپ قىل دېگەندەك بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇ يەرگە باشلاپ كىرگەن ئادەمنىڭ يۈسۈپ خوجا ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ئۇنى ئوردىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ بىرى دەپ ئويلىدى ئەتىمالىم:

— بىز يۈسۈپ خوجا بىلەن كۆرۈشەيلى دەپ كېلىشۈدۇق، — دېيىشتى.

— تولا ئۇبدان بوپتۇ، سىلەر كۆرۈشەيلى دەپ كەلگەن يۈسۈپ خوجا مەن بولىمەن.

دېھقانلار خۇددى ئۆزلىرىدەكلا ئاق يەكتەك بىلەن بادام دوپپا كىيىۋالغان يۈسۈپ خوجىغا تازا ئىشەنمىگەندەك قاراشتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىچە خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان ئادەم زەرباب تون كىيىپ، بېشىغا زەرباب سەللە ئورىغان، پۇتىغا پارقىراپ تۇرىدىغان كۆن ئۆتۈك كىيگەن سالاپەتلىك ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى.

يۈسۈپ خوجا بۇ ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىگىلىۋالغان قىسىلىش ۋە ئەيمىنىشكە ئوخشاش ھالەتلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئەگىمەچ بۇرۇتلۇق غۇلامغا چاي ئەكىرىشنى ۋە شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل كەلگەن بولسا دەرھال قوبۇلخانىغا كىرىشنى تاپشۇردى، ئاندىن ئۆزى يەنە بىر غۇلام بىلەن تام تۈۋىدە تۇرغان شىرەلەرنى كۆتۈرۈپ دىۋان بىلەن كۇرسىدا ئولتۇرغان دېھقانلارنىڭ ئالدىغا قويدى. شۇ ئارىدا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلمۇ پەيدا بولدى. ئۇ سالام بېرىپ قوبۇلخانىدىكى ئادەملەرگە كۆز تاشلىدى ـ دە:

— ھوي، ماۋۇ داۋۇت دىڭقاش بىلەن ئاسىم بۇرۇتقۇ؟ — دەپلا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كەتتى. ئاڭغىچە:

— باقاۋۇل بولغاندىن كېيىن شاھاۋۇدۇن ئاخۇننىڭ كۆزىنى ماي باغلاپ كېتىپتۇ ـ دە، — دېدى چەتتە ئولتۇرغان بىرى.

شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قارىدى:

— ئاپلا، سىلىمۇ بۇ يەردىمۇ تۇراخۇن ئاكا؟ — دېدى ۋە قول بېرىپ كۆرۈشتى.

شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلنىڭ كىرىشى بىلەن دېھقانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان قىسىلىش بىلەن ئەيمىنىش سېزىملىرى بىر ئاز تارقىغاندەك بولدى، ئاڭغىچە قەنت ـ گېزەكلىرى بىلەن ئىسسىق نانلار قويۇلغان پەتنۇسلارنى، چاي دەملەنگەن چۆگۈن بىلەن پىيالىلەرنى كۆتۈرگەن غۇلاملار كىرىپ كەلدى. چاينى شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل قۇيماقچى بولۇۋىدى، يۈسۈپ خوجا ئۆزۈم قۇياي دەپ ئۇنىمىدى ۋە پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن:

— خۇش كەپسىلەر ! قېنى، چايغا باقايلى، — دېدى.

چاي ئۈستىدە بولغان پاراڭلاردىن مەلۇم بولدىكى، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۈچى «تازغۇن» دېگەن مەھەللىدە، ئىككىسى «پاختەكلى» دېگەن مەھەللىدە تۇرىدىكەن. يۈسۈپ خوجا ھۇزۇرىغا كەلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل بىلەن قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرىگە دىققەت قىلدى.

— تۇخان خېنىمنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دەپ سورىدى باقاۋۇل.

— تىنچلىق، يۇتىنىڭ ئارىسىدىن شامال ئۆتۈپ يۈرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى داۋۇت دېڭقاش.

— ھېلىقى كەپتەرۋازنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويدۇڭلىما؟

— خۇدا شۇ كۇنگە يەتكۈزسە، ئالدى بىلەن سىلىنى چاقىرىپ ئۆينىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇزاتتىم.

— سىلىنىڭ ئاغىچىلىرىچۇ؟ ھازىرمۇ دوپپىچىلىق قىلىۋاتامدۇ؟ — دېدى باقاۋۇل ئاسىم بۇرۇت دېگەن كىشىگە قاراپ.

— ياق، ئۇ خېنىم ھورى چىقىدىغان ئىش قىلاي دەپ سامسا سېتىۋاتىدۇ.

— شۇڭلاشقا بۇرۇتلىرى دىڭگىيىپ كېتىپتۇ ـ دە.

— سامسا يېگەنگە ئەمەس، باقاۋۇل. ئۆتكەن ئايدا قاسىم ئاخۇننى ئۆيلىنۋىدىم ئەمەسمۇ.

— مۇبارەك بولسۇن، ئەمدىكى نۆۋەت ھاشىم ئاخۇنغا كەپتۇ ـ دە.

— شۇنداق، بىراق ئۇ بالا يۈزى ئوچۇق ئايالنى ئالمايمەن، ئاۋۋال ئاچامنى ياتلىق قىلىۋېتىڭلار، دەپ ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— ئۇ قىز بالىنى سوراۋاتقانلار يوقمۇ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، شاھاۋۇدۇن ئاخۇن. بويىغا يەتكەن قىز بالىغا خېرىدار چىقمامدۇ؟ — دېدى ئاسىم بۇرۇت ئۇنىڭ سوئالىنى ياقتۇرماي.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ياتلىق قىلىۋەتمەيدىلا؟

— ئەگەر قىزىمنىڭ ئۆز خىلى بولسا، ئاللىقاچان شۇنداق قىلاتتىم. ئىشىكىمنى ئېچىۋاتقانلارنىڭ بىرى ئۆتكەن يازدا قوشناچى ئۆلۈپ، تۆت بالا بىلەن قالغان مەھەللىمىزنىڭ ئىمامى، يەنە بىرى «خانئېرىق»تا تۇرىدىغان نوقانچى (كەپسەنچى) ئىشان. ھەر ئىككىلىسى ئۆزۈم دېمەتلىك ئادەملەر.

ھە دېگەندە خان ئوردىسىدا قورۇنۇپ، قىسىلغاندەك بولۇپ ئولتۇرغان بۇ ئادەملەر ھازىر قەدىناس بۇرادىرىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار پەتنۇسلارغا قويۇلغان قەنت ـ گېزەكلەرگە قارىغاندا، ماي ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلغان نانلارنى ئىشتىھا بىلەن يەۋەتتى. يۇسۇپ خوجا ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان غۇلامنى شەرەت بىلەن چاقىرىپ، ناننى جىقراق ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. غولام بولسا نېنى تۆگەپ، قەنت ـ گېزەكلىرىلا قالغان پەتنۇسلارنى نان بىلەن توشتۇرۇۋەتتى. قوبۇلخانىنىڭ ئىچى ئىسسىق ناننىڭ پۇرىقى بىلەن تولۇپ كەتتى.

شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل تونۇشلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى:

— سىلىنىڭ ئەھۋاللىرى قانداق تۇراخۇن ئاكا؟ — دېدى پاختەكلىدىن كەلگەن چار ساقال ئادەمگە قاراپ.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى تۇراخۇن چايناۋاتقان نېنىنى يۇتۇۋېتىپ، — خەقلەرگە ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن باغىبارانلىق،

ساندۇقلاپ مال ـ دۇنيا مىراس قالسا، ماڭا تۆگمەيدىغان قىرسىق مىراس قاپتىكەن. نەچچە يىلدىن بېرى ئاتام رەھمىتى چوڭ خانىقاغا ۋەخپە قىلىۋەتكەن يەرنى تاتىلاپ جان بېقىۋاتاتتىم، ھازىر ئۇنىڭمۇ پېيىزى گىچىلداپ قالدى.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى باقاۋۇل.

— ئۇنداق بولغىنى مەھەللىمىزدىكى كالتە ساقال ئىشان: «ھازىر زامانىنىڭ رەپتارى يامان. قەشقەرگە خان بولۇپ كەلگەن ‹قارا تاغلىق› خوجا ئالدى بىلەن بىزگە ئوخشاش ‹ئاق تاغلىق› ئىشانلار بىلەن خوجىلارنىڭ خۇدا بەرگەن رىزقىغا چاڭ سالدى. جۇڭغارلارغا خىراج تۆلەيمىز دېگەن باھانە بىلەن، بىزنىڭ دۇئايىمىز بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتقان پۇقرالارنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يانچۇقىنى تولدۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋام خەلقنىڭ بىزنى ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىپ بېرىدىغان ھەدىيە ـ ئېھسانلىرى ئازىيىپ، ئۇلارنىڭ ئىنساب ـ تەۋپىقى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، مانا بۇ قىيامەتنىڭ بەلگىسىدۇر. ئەگەر سىلى ئۆز ماكانىمدا تۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىمەن دېسىلە، ئارتۇقچە تۇرىدىغان ئامبۇنىنىڭ نۆكەرلىرىگە بەش ـ ئالتە ئاي ئاشپەزلىك قىلسىلا، ئۆي ـ ماكانسىز يۈرگەن سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ بىرىگە ئۆيلىرىنى بوشىتىپ بەرسىلە» دېدى.

بۇ چاغدا چاي ئىچىلىپ بولغان چېغى، تۇراخۇن چار ساقال دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئاندىن ھەممىسى بىردەك رەھمەت دېيىشتى.

— قېنى گەپ قىلغاچ تۇرىلى، تۇغقانلار، — دېدى يۈسۈپ خوجا تازغۇندىن كەلگەن ئادەملەرگە قاراپ، — ھەرقايسىلىرىنى ئوردا تەرەپكە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن جىمىپ قالدى. داۋۇت دىڭقاش ئاسىم بۇرۇتقا، تۇراخۇن بولسا يەنە بىرىگە «قېنى، سەن گەپ قىلە؟» دېگەندەك قارايتتى. لېكىن، ھېچقايسىسى خوجىنىڭ ئالدىغا نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىشقا جۈرئەت

قىلالمىدى. قوبۇلخانىدىكى جىمجىتلىق خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى.

— ئاغزىڭغا سۇ ئېلىۋالدىڭمۇ؟ — دېدى بىر چاغدا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل ئاسىم بۇرۇتقا قاراپ، — گەپ ئىزدەپ يانچۇققا قول سالىدىغان ئادىتىڭ يوق ئىدىغۇ؟ قورسىقىڭدىكىنى دېمەمسەن؟

— ئەمدى نېمە دەيمىز؟ — دۇدۇقلاپ قالدى ئاسىم بۇرۇت، — خوجامنىڭ ئۆزى ھەممىنى بىلىدىغان ئادەم.

— مېنىڭ بىلگىنىم سىلەرگە توغرا كېلەرمىكىن...

— نېمىشقا توغرا كەلمەيدۇ؟ — خوجىنىڭ سۆزىنى بۆلدى داۋۇت دىڭقاش، — سىلى دېگەن پۈتۈن قەشقەر خەلقىگە پاسىبان بولۇپ تۇرغان ئادەم تۇرسىلا.

— ئۇنداق دېگىنىمنىڭ بائىسى، — دەپ چۈشەندۈردى يۈسۈپ خوجا، — مېنىڭچە، قەشقەردىكى ھەممە ئادەم، يەنى بۇ زېمىندىكى خوجا - ئىشانلاردىن تارتىپ ھەممە مۇسۇلمانلار ياراتقان ئاللانىڭ قۇلى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدنىڭ ئۈممەتلىرى، شۇنداققۇ دەيمەن؟

— شۇنداق بولماي، — دېيىشتى ئۇلار.

— ئۇنداق بولسا ھەركىم ئۆز بۆشۈكىنى ئۆزى تەۋرىتىشى كېرەكقۇ؟ ئەگەر بىركىم قىلىدىغان ئىشلىرىغا ئۆزى يېتىشەلمەي، باشقىلارنى ئىشلەتسە، ئۇ ئادەمگە تېگىشلىك ھەققىنىڭ ئورنىغا دۇئا بېرىمەن دېسە قانداقمۇ ئادالەت بولىدۇ؟ مەسىلەن، سىلىنىڭ تەرگەن ئاشلىقلىرى پىشىپ قالدى، ۋاقتىدا ئورۇۋالمىسىلا دېنى قېقىلىپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ئاشلىقلىرىنى ئورۇماي خوجامنىڭ ياكى ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ ئاشلىقىنى تەرلەپ - پىشىپ ئورۇپ بېرىدىلا. ئۇلار بولسا سالقىندا سەگدەپ ياتىدۇ. ئاشلىقى بولسا بىر تال دېنى زايە بولماي ساڭغا چۈشىدۇ. سىلىنىڭ ئاشلىقلىرى بولسا قېقىلىپ، ھوسۇلى ئازىيىدۇ. لېكىن، سىلىگە: «ئۆزۈڭنىڭكىنى قويۇپ،

مېنىڭ ئاشلىقىمنى يىغىپ بەردىڭ» دەپ، بىر چارەك بولسىمۇ ئاشلىق بېرەمدۇ؟

— ياق، — دېدى تۇراخۇن.

— ھەق تۆلىمىگەن بىلەن ئۇلارنىڭ نەزىرىگە چۈشىمىز ـ دە، — دېدى ئاسىم بۇرۇت.

— دۇئاسىنى ئالىمىز دېسىلە، — دەپ تۈزەتتى داۋۇت دىڭقاش.

يۇسۇپ خوجا يەنە كۈلۈۋەتتى ـ دە:

— مېنىڭ بىلگىنىم سىلەرگە توغرا كەلمەيدۇ دېگىنىم مانا شۇ يەردە، — دېدى ئالدىرىماي سۆزلەپ، — سىلەرمۇ مېنىڭ يەكەندىكى تونۇشلىرىمغا ئوخشاش، سەللە ئورىغان بىر ئادەم كۆلۈپ قارىسا ياكى سالىمىڭلارنى ئىلىك ئېلىپ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېسە، «خىزىر يولۇقتى» دەپ خۇشال بولامسىلەر قانداق؟ ئۇ يەردىكى تونۇشلىرىمنىڭ بەزىلىرى ئىشانلار بىلەن پىرلارنىڭ نەزىرىگە چۈشۈش ياكى دۇئاسىنى ئېلىش ئۈچۈن بىكارغا ئىشلەپ بېرىشنىڭ سىرتىدا باكىرە قىزلىرىنى ھەدىيە قىلىشاتتى. ياقۇپ خوجام ئۇ يەرگە خان بولغاندىن كېيىن بۇنداق ئىشلارنى مەنئى قىلدى. مەنمۇ شۇ كىشى بىلەن بار مەسلىھەت دىنىمىز ئىسلام بولغىنى ئۈچۈن دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شېرىپ دەپ جاكارلىدىم. ئويلاپ كۆرۈشسىلە، تىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئوخشاش بىر زېمىندا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنى تەرىقەتچى خوجا ـ ئىشانلار «ئىسھاقىيە»، «ئىشقىيە» دېگەن سۇلۇكلەرگە مۇرىت قىلىپ ياكى «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دەپ بۆلۈۋېتىش توغرىمۇ؟ بىز شەھەر ـ ناھىيەلەردە ياشاۋاتقان بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىڭ ئاكىسى «ئاق تاغلىق»، ئۇكىسى «قارا تاغلىق» ئىشانلارغا مۇرىت بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكىگە قاتناشمايدىغان ھالەتكە يەتكەن. بەزى ئىشانلار «ئاق تاغلىق»لار بىلەن «قارا تاغلىق»لارنىڭ قۇدا ـ باجا بولۇشىنى، بىرلىشىپ تىجارەت ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېھقانچىلىق قىلىشىنى چەكلىگەن.

— دېگەنلىرى يۈزدەيۈز راست، — دەپ سۆز قىستۇردى يۈسۈپ خوجىنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ كەتكەن ئاسىم بۇرۇت، — مېنىڭ بىر ئۆيدە تۇغۇلۇپ بىللە ئۆسكەن ئاكامنى ئاشۇ يىلى تازغۇنلۇقتىكى سوپى - ئىشانلار قىزىنى يەكەنلىك بىر ئاغىنىسىنىڭ بالىسىغا بەرگىنى ئۈچۈن ئۆز يۇرتىغا سىغدۇرماي كۆچۈرۈۋەتتى.

— بىزنىڭ مەھەللىدىمۇ تۇراق دېگەن بىر سوپى - ئاشىق ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن قىزىنى سەمەندىكى بىر ئىشانغا دۇئا ئالىمەن دەپ ھەدىيە قىلىۋىدى، بىچارە قىز بىر كېچىدىلا يەر يۇتقاندەك يوقاپ كەتتى، — دەپ قوشۇمچە قىلدى پاختەكلىدىن كەلگەن تۇراخۇن.

— ئۇنداق ئىشلار بۇرۇنقىغا باققاندا ئازراق سېلىكىپ قالدى، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى داۋۇت دىڭقاش، — ئاتام رەھمەتلىكنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن ئوتتۇز - قىرىق يىل ئىلگىرى خوجا - ئىشانلارغا قىز بالىلارنى ھەدىيە قىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىكەن.

— بۇ يەردىكى خوجا - ئىشانلارمۇ قىزلىرىنى باشقىلارغا ئوخشاش ھەدىيە قىلامدۇ؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپ خوجا.

— شۇنداق، — داۋۇت دىڭقاش جاۋاب بەردى، — بىراق ئۇلار ئۆزلىرىگە ئوخشاش خوجا - ئىشان ياكى بەگلەرنىڭ بالىلىرىغا بېرىدۇ دېسىلە. «تەڭ تېگى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ.

— دېمەك، پۇقرادىن قىز ئالىدۇ، لېكىن ئۇلارغا قىز بەرمەيدۇ دېسىلە.

— توپتوغرا گەپ قىلدىلە.

— خوجا - ئىشانلار پۇقرالارنىڭ بالىلىرىغا قىزىنى بەرسىمۇ قۇتاتمايدۇ، خوجام، — دېدى تۇراخۇن، — بىزگە ئۆزىمىزگە ئوخشاش دېھقانلارنىڭ قىزى باب كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ

قىزلىرى ئېتىز - ئېرىق بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆي تازىلاشقىمۇ يارىمايدۇ. سۈپۈرگە تۇتسا، قولى قاپىرىپ كېتىدۇ.

يۇسۇپ خوجا گەپنىڭ ماۋزۇسىنى يۆتكىمەكچى بولغاندەك:

— سىلىدىن بىر نەرسە سوراي، تۇراخۇن ئاكا، — دېدى چار ساقال ئادەمگە قاراپ.

— خوش.

— سىلى مۇرىت بولغانغا نەچچە يىل بولدى؟

— يىگىرمە ئۈچ يىل.

— سىلىچۇ؟ — يۇسۇپ خوجا داۋۇت دىڭقاشقا قارىدى.

— ماڭىمۇ يىگىرمە يىلدىن ئاشتى، — دېدى داۋۇت دىڭقاش، — ئىشانلارنى پىر تۇتۇپ مۇرىت بولۇش ئاتا - بوۋىلاردىن قالغان مىراس دېسىلە.

شۇ تەرىقىدە باشقىلارمۇ ئۆزلىرى پىر تۇتقان ئادەملەرنى مەغرۇرلانغان ھالدا سۆزلەپ كەتتى.

— مەن ھەزرىتى ئاپاق خوجامنى كۆرگەن سامساق سوپىغا مۇرىت بولغان.

— مەن يوغان باش ئىشاننىڭ ئىنىسى سادىر ئىشانغا مۇرىت بولغان.

شۇ ئارىدا داۋۇت دىڭقاش يۇسۇپ خوجىغا سوئال قويدى:

— سىلىچۇ؟

— مەن ھېچقانداق ئىشانغا، خوجىغا مۇرىت بولمىغان.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى يۇسۇپ خوجىغا قاراپ ھاڭقىيىپ قالدى.

— ئىشەنمەيۋاتامسىلەر؟ — دېدى يۇسۇپ خوجا ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن «ئاق تاغلىق» ئىشانلارنىڭ «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىمۇ، «قارا تاغلىق» ئىشانلارنىڭ «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىمۇ قوللىمايمەن. ئۇلار بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئەمەل قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانچىلىقنى ئۆزلىرى ئويلاپ تاپقان سۇلۇكلەر ئارىسىدىكى مۇسۇلمانچىلىققا ئايلاندۇرۇۋالغان. مەن

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسي دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شېرىپكە ئەمەل قىلىدىغان مۇسۇلمانچىلىقنى قوللايمەن.

ئولتۇرغانلار «توۋا بۇنداقمۇ ئادەم بولىدىكەن؟» دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ئەمدى مەن سىلەردىن بىرنەرسە سوراي، — يۇسۇپ خوجا داۋۇت دىگقاشقا قارىدى، — سىلى ئۆزلىرىنى ياراتقان ئاللادىن جىقراق قورقامدىلا ياكى ئۆزلىرى مۇرىت بولغان ئىشان ۋە باشقا بەندىلەردىن قورقامدىلا؟

— ئەلۋەتتە، ھەممىمىز ئاللاتائالادىن قورقىمىز.

— مېنىڭ چۈشەنچەممۇ خۇددى شۇنداق. «قۇرئان كەرىم» دە: «دىنىنىڭ ئاساسى ئاللاغا سادىق بولۇش، ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولۇش...»[1] دېگەن. شۇنىڭدەك: «... توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام، ئاللاغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللانى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە ئورتاق بولغان ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلايلى»[2] دېگەن ئايەتلىرى بار. ۋاھالەنكى، «ئىشقىيە»، «ئىسھاقىيە» سۇلۇكلىرىنى تەرغىب قىلغان خوجا - ئىشانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ (ئىسلام دىنىنىڭ) ئاشۇنداق ئاساسي تەلىملىرىگە قارىمۇقارشىدۇر.

مەسىلەن، «ئىشقىيە»چى ئىشانلار بىلەن پىرلار مۆمىن مۇسۇلمانلارغا «جاھاندىن قول ئۈزۈپ، ئۆي - روزغار تۇتماي، خوتۇن ئالماي، پەرزەنت كۆرمەي، بىر جايدا ماكانلاشماي، جايدىن - جايغا يۆتكىلىپ، جاھان كېزىپ، بۈگۈن تاپقىنىنى ئەتىگە قالدۇرماي يەپ تۈگىتىش بىلەن ھايات كەچۈرۈشنى (تەركىدۇنيا بولۇشنى)، توپلانغان جايدا ياكى يەككە - يېگانە ھالدا قانغۇچە چىلىم تارتىپ، نەشە چېكىشنى، ئىبادەت

---

① «قۇرئان كەرىم»، «تەۋبە» سۈرىسى، 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «قۇرئان كەرىم»، «ئىمان» سۈرىسىنىڭ 64 - ئايىتى.

قىلىشنى، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاللاغا ئاشىقلىقىنى بىلدۇرۇشنى، چاچلىرىنى بولۇشچە قويۇۋېتىپ ساراڭلارچە ھايات كەچۈرۈشنى» تەشەببۇس قىلسا، «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنى تەرغىب قىلغۇچى ئىشانلار بولسا كۈندۈزى ھالقا شەكلىدە ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇشنى، ئاندىن خەتمە قىلىپ ساماغا چۈشۈشنى، ئاھ ـ ۋاھ دەپ يىغا ـ زار قىلىپ، بۆرۈن ئۆتكەن ئەۋلىيا ـ پىرلار ھەققىدە دۇئا ـ تەكبىر قىلىشنى تەشەببۇس قىلدۇ[1].

يۈسۈپ خوجا بىر دەقىقە توختاپ قالدى.

ئولتۇرغان ئادەملەر بولسا ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرى پىر تۇتقان ئىشانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شەرىپكە ئەمەل قىلدىغان مۇسۇلمانچىلىقنى ئەمەس، باشقىچىرەك مۇسۇلمانچىلىقنى تەرغىب قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندەك بولۇپ، يۈسۈپ خوجا ئېيتقان ھەربىر سۆزنى «راست ئەمەسمۇ؟ ئەسلىدە مۇشۇ خوجام دېگەندەك بولۇشى كېرەككقۇ؟» دەيتتى. لېكىن، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ «پىرلار مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا باشلىغۇچىلاردۇر، دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئالقىشى — بەرىكەت، قارغىشى — بالا ـ قازالاردۇر، شۇڭا ئۇلارنى رازى قىلىش — ئاللانى رازى قىلىش بىلەن باراۋەر»دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر سىڭگەك ـ سۆڭىكىگە سىڭىپ كەتكەن بۇ ئادەملەر چىلە پۇراپ كەتكەن قورۇدا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە يەم ـ بوغۇز يەپ ئۆسكەن، ئەمما يەم ـ بوغۇز سېلىنغان خالتىنى دەرەخ سايىسىغا ئەكىلىپ تەڭلىسە، ئاغزىنى قاچۇرمايدىغان ئاتلارغا ئوخشايتتى.

— ماڭا قانداق ئىش بىلەن كېلىۋىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپ خوجا سۈكۈتكە چۆمۈپ ئولتۇرغان ئادەملەرگە مۇراجىئەت قىلىپ.

---

[1] ھاجى نۇراجى: «يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 249 ـ، 250 ـ بەتلەر.

ئۇلار بولسا بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بىر - بىرىگە قارىشاتتى.

— سىلى گەپ قىلسىلا، ئاسىم ئاخۇن، — دېدى بىر چاغدا داۋۇت دىڭقاش.

بۇلارنىڭ يادىغا ئوردىغا كىلىشتىن ئىلگىرى ئىشانلار ئۆگەتكەن گەپلەرنى يۈسۈپ خوجىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرقايسىسىغا ئىككى چارەكتىن بېرىلگەن بۇغدايلار كەلگەنىدى. ئەگەر ئۇلار ئىشانلار ئۆگەتكەن گەپلەرنى ئېيتايلى دېسە، «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شېرىپكە ئاساسلانغان مۇسۇلمانچىلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش مىڭلىغان مۇسۇلمانچىلارنىڭ پايدىسىغا ئەمر - پەرمان جاكارلىغان يۈسۈپ خوجىدىن خىجالەت بولاتتى. ئېيتماي دېسە، ئۆزلىرى قول بەرگەن ئىشانلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، ئۇلاردىن ئالغان ئىككى چارەك ئاشلىقتىن ئايرىلىپ قالاتتى. ئۇلار مۈشۈنداق ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، دېلىغول بولۇپ تۇراتتى:

— نېمىشقا گاچا بولۇپ قالغاندەك گەپ قىلماي جىم تۇرىسىلەر؟ — دېدى قوبۇلخانىغا كىرگەندىن بېرى ئۈنچىقماي ئولتۇرغان پالۋان قامەت ئادەم. ئۇ ئۆتكەن يىلى پاختەكلىكگە كۆچۈپ كەلگەن ۋە كالتە ساقال ئىشانغا مۇرىت بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ۋەخپە يەرلەردە دېھقانچىلىق قىلىدىغان ساۋۇت يانتاق ئىدى. ئۇنى ئاتا - ئانىسى ئىنىسىنى ئۆيلىگەندىن كېيىن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بۆلۈپ قويغانىدى. بۇ چاغدا بەش بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغان ساۋۇت يانتاق بىر يىلنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، تاپقان پۇلى ئىجارىدىن ئاشمىدى، ئاخىر سامان بازىرىغا گۇرۇچ پاخلى ئەكەلگەن تۇراخۇن چار - ساقال بىلەن پاختەكلىكگە كۆچۈپ بارغانىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن تۇراخۇن چارساقال ساۋۇت يانتاقنى كالتە ساقال ئىشانغا باشلاپ باردى. جۇغى كىچىك بۇ ئىشان ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان

كۆزلىرى بىلەن ساۋۇت يانتاقتا سىنچىلاپ قارىدى ـ دە «ئەجەبمۇ قامەتتى بار يىگىت ئىكەن. مۇنداق ئادەملەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنى بىلسە، ھەرقانداق مۈشكۈل نەرسىنى ئاسان قىلغىلى بولىدۇ. ‹دۈمبىسى قىچىشقان ئېشەك، تۆگمەنگە كېلىدۇ› دېگەندەك، بۇ يىگىتنى ئالدىمغا ئەكەلگەن خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇ دۈمبىسى قىچىشقان ئېشەككە نوختا سېلىشۋېلىش كويىدا:

— ئۆزلىرى بىرەر ئىشانغا مۇرىت بولغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى ساۋۇت يانتاق.

— بۇ ئىشلىرى قاملاشماپتۇ. ئۆزلىرى مۇسۇلمان بالىسى تۇرۇپ «ئىشقىيە» سۇلۇكىنى ياقلايدىغان بىرەر ئىشانغا مۇرىت بولمىسىلا، ياراتقان ئاللانىڭ ئالدىغا بارغاندا نېمە دەيدىلا؟ ئەگەر بۇ سۇلۇككە مۇرىت بولسىلا، بالىچاقىلىرىنىڭ تاڭلا مەشھەردە دوزاخ ئازابىنى تارتماي، بېھىشكە كىرىشكە ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ ئۆزى شاپائەت قىلىدۇ ئەمەسمۇ.

ساۋۇت يانتاق نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا تۇراخۇن چار ساقال ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «سىلىگە مۇرىت بولاي دېسىلە» دەپ پىچىرلىدى.

— ئەمىسە ئۆزلىرىگە قول بېرەي، تەخسىر، — دېدى ساۋۇت يانتاق.

— خۇدا دىللىرىغا سالغاچقا، بۇ گەپنى دېدىلە. تولا ئوبدان، — دېدى كالتە ساقال ئىشان، ئاندىن تۇراخۇن چار ـ ساقالغا قارىدى، — ساۋۇت باينى بۈگۈن كەچتە نامان گاچا ئولتۇرغان ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويسىلا. بىر ئېغىز بولسىمۇ، ھازىرچە شۇ يەرگە جايلاشسۇن. ئاستا ـ ئاستا يەنە بىر ئېغىز ئۆي ياسىتۋالا. ئەتە جۈمەدىن يېنىپ ساۋۇت يانتاقنى بىزنىڭ ئۆيگە باشلاپ كەلسىلە. مۇرىتلىققا قوبۇل قىلايلى.

شۇنىڭ بىلەن ساۋۇت يانتاق كالتە ساقال ئىشانغا مۇرىت

بولۇپ پاختەكلىدە تۇرۇپ قالغانىدى...
ساۋۇت يانتاق يۇسۇپ خوجىنى كۆرگەندىن بېرى ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان سەممىمىي مۇئامىلىسىگە، ئادەتتىكى ئەمەلدارلار ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان، سالىمىنى ئىلىك ئالمايدىغان ئادەملەرنى ھۆرمەتلىك مېھمانلاردەك ئۇچۇق چىراي كۈتۈۋالغىنىغا، ھەتتا بىر شەھەرنىڭ خانى تۇرۇقلۇق ئۇلارغا ئۆزى چاي قۇيۇپ بەرگىنىگە ھەيران بولۇپ، «بۇ خوجام ئىشان ھەزرەتلىرى دېگەندەك ئۆزى ‹قارا تاغلىق› خوجا بولسىمۇ، لېكىن تولىمۇ كىچىك پېئىل ئادەم ئىكەن ـ دە» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنىدى. ئەمما، ئۇنىڭ «مەن ھېچقانداق مەزھەپنى تەن ئالمايمەن، ‹قۇرئان كەرىم› بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىگىلا ئەمەل قىلىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا قەلبى يورۇپ كەتكەندەك بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ باشقىلارنىڭ بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرغىنىغا ئىچى پۇشۇپ، بۇ يەرگە كېلىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ:
— مەنمۇ پاختەكلىدە تۇرىمەن. ئىسمىم ساۋۇت، لېكىن ھەممە ئادەم ساۋۇت يانتاق دەپ ئاتايدۇ. بىزگە ئوخشاش ئوتتۇر ئوقەت قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ خان ئوردىسىغا كېلىپ سىلىگە ئوخشاش ئۇلۇغ زاتنى ئاۋارە قىلىشقا قانداقمۇ ھەددىمىز بولسۇن. ئۇ كىشى بىزگە ئىككى چارەكتىن بۇغداي بەردى. مۇنۇ داۋۇت بايلارنىمۇ تازغۇندىكى يەرلىرى ئەۋەتىپتۇ. بۇلارغىمۇ ئىككى چارەكتىن ئاشلىق بەرگەن ئوخشايدۇ. بىز سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كېلىپ خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىدە ھەقسىز ئىشلەپ بېرىش تۈزۈمىنى يوقىتىش ھەققىدە چىقارغان پەرمانلىرىغا نارازىلىقىمىزنى بىلدۈرۈشمىز كېرەك ئىكەن، — دېدى ۋە داۋۇت دىڭقاشقا قارىدى، — توغرا دېدىمۇ، داۋۇت باي ئاكا؟
داۋۇت دىڭقاش ئېتىراز بىلدۈرمەي، يەرگە قارىۋالدى.
— دىڭقاشنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى، — دېدى باقاۋۇل

ھەمدە ئاسىم بۇرۇتقا قارىدى، — ساۋۇت ياتتاقنىڭ گېپى توغرا ئوخشىمامدۇ؟
ئاسىم بۇرۇتمۇ گەپ قىلماي تۆۋەن قارىۋالدى.
— مانا مۇشۇنداق گەپلەر، خوجام، — دېدى ساۋۇت ياتتاق، — سىلىگە كەلگىنىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ. مەن باشقىلارنى بىلمەيمەن، ھازىر ئۆيگە بارىمەن ـ دە، ئىككى چارەك بۇغدايىنى يۇدۇپ كالتە ساقال ئىشانغا قايتۇرۇپ بېرىمەن. باياتىن بېرى سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ شۇنىڭغا كۆزۈم يەتتىكى، ئىشانلارغا مۇرىت بولمايمۇ مۇسۇلمان بولغىلى بولىدىكەن.
— مەنمۇ گەپلىرىگە قوشۇلدۇم، ساۋۇت باي، — دېدى داۋۇت دىڭقاش، — بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئىشان ھەزرەتلىرى ئۆز ئىلكىدىكى ۋەخپە يەردىن قوغلىۋەتسە، ئىككى قولۇمغا بىر ئەر ئىش تېپىلىپ قالار. مەنمۇ ئۇ ھەزرەت بەرگەن ئاشلىقنى بۈگۈنلا قايتۇرۇۋېتىمەن.
قالغان دېھقانلار «كۆمىسەم پىشارمۇ؟ ياپسام پىشارمۇ؟» دېگەندەك بىر قارارغا كېلەلمىدى...
يۇسۇپ خوجا بۇ ئادەملەرنى ئوردا دەرۋازىسىدا كۆرگەندىلا «بىرەر مۇھىم ئىش بىلەن كەلسە كېرەك» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ ئۆز پەرمانلىرىنىڭ ئادەتتىكى پۇقرالارغا ياقىدىغانلىقىنى، ئەمما خوجا ـ ئىشانلارغا ياقمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، ئۇلار ئۆز نارازىلىقىنى پۇقرالارنىڭ گېپىنى مايلاش ئارقىلىق ئىپادىلىشىنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ:
— مېنىڭ پەرمانلىرىم پۇقرالارغا ياقامدۇ، ياقمامدۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، ئارقىدىنلا:
— ئەلۋەتتە ياقىدۇ، — دەپ چۇرقىراشتى ھەممىسى.
— سىلەرگىچۇ؟
— بىزگىمۇ ياقىدۇ. لېكىن، خوجام، كەچۈرۈۋەتسىلە، بىزدىن سەۋەنلىك ئۆتۈپتۇ، — دېدى تۇراخۇن چار ساقال، — بەندىچىلىك، شۇ ئىككى چارەك ئاشلىقنى دەپ...

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى يۇسۇپ خوجا، — ھەممە بەندىلەرنىڭ ئاجىز تەرىپى شۇكى، كۆپ چاغلاردا نەپسى شەيتان تۇپەيلى ئېزىپ قالىمىز. ھېلىمۇ ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا. كالتە ساقالغا ئوخشاش ئىشانلارنىڭ نەزىرىگە چۈشىمىز، دۇئاسىنى ئالىمىز دەپ بىر يىل ئون ئىككى ئاي ئۇلارنىڭ ئىشىنى قىلساڭلارمۇ مەيلى. مەن سىلەردىن پەرمانىمغا ئەمەل قىلماپتۇ، دەپ رەنجىمەيمەن.

ئۇلار مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇشتى ـ دە، قايتىشقا ئىجازەت سورىدى. ئۇلارنى يۇسۇپ خوجا بىلەن شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

※ ※ ※

ئوغۇل بالا تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىلا ئەمەس، قارا يەرنىڭ تېگىدە ياتقان تاشلار چېغىدا «بىزمۇ كۈننىڭ نۇرىنى كۆرىدىغان بولدۇق» دەپ خۇشال بولارمىش. چوڭ ئوغلى ئابدۇللا خوجا مەدرىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ھويلا ـ ئارامدا ئويناپ يۈرگەندە، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ يورۇق دۇنياغا كېلىشى يۇسۇپ خوجىلارنى ئىنتايىن خۇش قىلدى. ئۇلار بۇ خۇشاللىقنى تەڭ كۆرۈش ئۈچۈن يەكەندىكى بايان ئاغىچا بىلەن ياقۇپ خوجىغا، قېيىنئاتىسى ئۆمەر خەلپىلەرگە خەت يېزىشقا جەزم قىلدى ـ دە، يۇسۇپ خوجا خەت يېزىشقا ئولتۇردى. ئۇ ئەمدىلا ئىككى قۇر يېزىپ، ئۈچىنچى قۇرنى باشلىغاندا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل ئۆڭسۈلى يوق كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان خۇشخۇي چىرايى تۇتۇق، يوغان كۆزلىرى ھاياجانلانغاندىن يالتىراپ كەتكەنىدى.

— سىلىگە كەلگىنىم خوجام، — دېدى شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل سالامدىن كېيىنلا، — ئۆتكەن ئاخشام سەمەن تەرەپتە قاتىللىق

يۈز بېرىپتۇ. ئاخشام تۈنۈگۈن ھۇزۇرلىرىدا بولغان ساۋۇت ياتتاق دېگەن كىشىگە سۈيىقەست قىلىنىپتۇ.

يۈسۈپ خوجا قەلىمىنى شىرەگە قويۇپ، دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

ــ ھاكىم جانابلىرىغا خەۋەر بەردىڭلىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل:

ــ مەن بۇ خەۋەرلەرنى شۇ كىشىدىن ئاڭلىدىم. ھازىر ھاكىم جانابلىرى ئۆزلىرىنى ئوردىدا كۈتۈپ تۇرىدۇ، ــ دېدى.

ئۇلار دەرھال ئوردا تەرەپكە ماڭدى، بۇ يەردە يۈسۈپ خوجىنى يالغۇز خۇش كېپەك ھاكىملا ئەمەس، ئەدەن قىچىر بىلەن يەنە بىرنەچچە تونۇش ئادەم كۈتۈپ تۇراتتى. يۈسۈپ خوجا بۇ ئادەملەر بىلەن سالاملىشىپ، ئۇلارنى ئوردىغا باشلاپ كىردى.

ــ بىز سىلىنىڭ مەھكىمىلىرىگە بارغانىدۇق، ــ دېدى ئەدەن قىچىر خۇش كېپەك ھاكىمدىن ئۆزرە سورىغاندەك، ــ ئۇ يەردىن ئوردىغا كەتكەنلىرىنى ئاڭلاپ بۇياققا كەلدۇق. بۇ كىشى، ــ ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان شالاڭ ساقاللىق ئادەمنى كۆرسەتتى، ــ ساۋۇت ئاخۇننىڭ ئاتىسى مامۇت ئاخۇن بولىدۇ.

ــ بالىلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ــ دەپ سورىدى خۇش كېپەك ھاكىم.

ــ كۆزىنى ئاچماي ياتىدۇ.

يۈسۈپ خوجا مامۇت ئاخۇننىڭ ياش بىلەن يالتىرىغان كۆزلىرىگە قاراپ، تەسەللى بەردى:

ــ مەن ئۇ بالىلىرىنى تۈنۈگۈنلا كۆرۈۋىدىم، چۆچەكلەردە ئېيتىلىدىغان باتۇرلاردەك قامەتلىك ئادەم ئىكەن. بىر يۇرتقا يەتكۈدەك پاراستىمۇ بار ئىكەن. خۇدايىتائالا بۇنداق ئادەملەرگە شىپالىق بېرىدۇ. كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا.

ــ شۇنداق دېسەم ئۇنىماي، ماڭا ئەگىشىپ كەلدى ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى ئەدەن قىچىر، ــ ساۋۇت ياتتاق، ــ ئۇ دەرھال گېپىنى تۈزەپ داۋام قىلدى، ــ ساۋۇتباي ئاسانلىقچە

جان بېرىدىغان لەقۋالاردىن ئەمەس، تېۋىپنىڭ گېپىگە قارىغاندا، سوپى ـ ئاشقىلارنىڭ پىچىقى بەدەننىڭ بىرنەچچە يېرىگە ئۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچ ـ قارنى ساق ئىكەن. بىراق، قان جىقراق چىقىپ كەتكەچكە ھالسىزلىنىپ كېتىپتۇ.

— بۇ ئىش ئاخشام قايسى چاغدا يۈز بېرىپتۇ؟ — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سورىدى خوجا.

— ئەل ياتقان مەزگىلدە.

— ساۋۇت ئاخۇن ئۇ پىچاقچىلارنى تونۇمدىكەن؟ — سورىدى خۇش كېپەك ھاكىم.

— تونۇيدىغان ئوخشايدۇ. ياقۇتخاننىڭ، يەنى زەئىپىسىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ساۋۇت ئاخۇن: «ماڭا پىچاق سالغانلار ھۆمە سوپى بىلەن تاجى بەڭگى» دېگەن ئوخشايدۇ.

— سىلى مىرشەپبېگىگە دەرھال ئادەم ئەۋەتسىلە، — دېدى يۇسۇپ خوجا باقاۋۇلغا قاراپ، — دەرھال يېتىپ كەلسۇن.

باقاۋۇل چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يۇسۇپ خوجا خۇش كېپەككە قاراپ:

— ئاخشام سەمەندىمۇ قاتىللىق يۈز بېرىپتۇمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق. لېكىن، قاتىللار ھەپسىگە ئېلىنىدى.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، خوجام، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — قاتىللار ئىككى كىشى بولۇپ، بىرى يەكەندە تۇرىدىغان دالىم خوجا، يەنە بىرى ئۇنىڭ مۇخلىسى ئىكەن.

بۇ گەپ يۇسۇپ خوجىنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى، ئۇنىڭ يادىغا يەكەندىكى «خوجا مىڭدۆڭ» دېگەن يەرگە كېتىدىغان كوچىدا تۇرۇشلۇق بۇ ئادەم مەدرىسىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئەمەت ئاخۇن ئىسىملىك ساۋاقدىشىنى مىرشەپخانىغا سولاتقانىدى. يۇسۇپ خوجا خۇش كېپەكتىن سورىدى:

— ئۇ ئادەم بۇ ياقتا نېمە قىلىپ يۈرۈپتۇ؟

— دەسلەپكى سوراقتا ئېنىقلىنىشىچە، ئۇ خوجام بۇنىڭدىن

ئۈچ كۈن بۇرۇن قەشقەرگە كەلگەننىكەن. بۇنىڭدىن يىگىرمە يىللىدەك بۇرۇن سىڭلىسىنىڭ «ئاق تاغلىق» بىر ئادەمگە تېگىۋالغىنىنى ئاڭلاپ، سەمەنگە چىقىپتۇ ۋە سىڭلىسىنى كۆرگەن هامان غەزىپى ئۆرلەپ: «شۇنچە ئەرسىز قېلىپ كەتكەن بولساڭ، ‹ئاق تاغلىق›قا خوتۇن بولغۇچە، ‹قارا تاغلىق›لار مىنىپ يۈرگەن هاڭگىغا تېگىۋالساڭ بولمامدۇ؟» دەپ، ئېسىدىن كەتكۈچە ئۇرۇپتۇ. سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى بولسا، ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن مۇخلىسلىرى بىلەن پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

— ۋاي، بەتبەخت! — دەۋەتتى يۈسۈپ خوجا.

— ئۆزى ئۆتۈپ كەتكەن تەرسا ھەم ئەخمەق ئادەم ئىكەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى هاكىم، — ئۆزلىرى كۆپنى كۆرگەن، ئىلمى بار ئادەم ئىكەنلا، بىر مىللەتنى مەزهەپلەرگە بۆلۈشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە ھەزرىتى ياقۇپ خوجام بىلەن يۈسۈپ خوجاملار يۈرگۈزۈۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرلىرى يوقمۇ؟ دېسەم، «مەن ‹قارا تاغلىق›لارنىڭ پېشۋاشى دانىيال خوجامنىڭ روھىنى خۇش قىلدىم. ئۇ رەھمەتلىك بىر ئۆمۈر ‹ئاق تاغلىق›لار بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۆتتى. بىراق، ئۇ ئادەمنىڭ بالىلىرى ئۆز پەدەرىنىڭ ئىزىدىن ماڭمىدى» دەيدۇ قارىسىلا.

— ئۇ خوجا راستتىنلا ئەخمەق ئىكەن، — دېدى يۈسۈپ خوجا.

شۇ ئارىدا مىرشەپخانىنىڭ بېگى بىلەن باقاۋۇل كىرىپ كەلدى.

خۇش كېپەك هاكىم ئۆتكەن ئاخشام پاختەكلىدە يۈز بەرگەن ۋەقەنى سۆزلەپ ھۆمە سوپى بىلەن تاجى بەگگى دېگەن ئادەملەرنى دەرهال ھەپسىگە ئېلىشنى تاپشۇردى.

— دەرهال يولغا چىقسىلا، — دېدى يۈسۈپ خوجا، ئاندىن شاهاۋۇدۇن باقاۋۇلغا قارىدى، — سىلىمۇ مىرشەپبېگىم بىلەن بىللە بارسىلا.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يۈسۈپ خوجا ئەدەن قېچىرغا

قاراپ:

— سىلىنىڭ بۇ مامۇت ئاكام بىلەن تۇغقانچىلىقلىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەدەن قىچىر تۇغقانچىلىقى يوقلۇقىنى، ئەمما بۇ ئادەمنى بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئىلىدىكى «بايىنبۇلاق» دېگەن يەردە تۇرىدىغان بىر جۇڭخاردىن سېتىۋېلىپ قەشقەردىكى بالىچا - قىسىغا تاپشۇرغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ساۋۇت يانتاقنىڭ ئۆيلىنىشىگە سەۋەبكار بولغانلىقىنى، شۇنىڭدىن بېرى مامۇت ئاخۇنلار بىلەن قېرىنداشلاردىنمۇ چارە باردى - كەلدى قىلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— بىر تۇغقان قېرىنداشلارنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ياخشى ئىشلارنى قىپتىلا، — دېدى ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن خۇش كېپەك ھاكىم.

ئەدەن قىچىر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ:

— مامۇت ئاخۇننىڭ بەشكېرەمدە ئۆي - جايى ۋە باغلىرى بار ئىكەن. بىراق، بۇ ئادەم جۇڭخارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن شۇ چاغدىكى بەشكېرەم بېگى ئۇ يەرلەرنى ۋەخپىگە ئېلىۋېلىپ، خوتۇن - بالىلىرىنى كۆچۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئادەم ئېتىزلىقتىكى چۆپلەرنىڭ دالدىسىنى ماكان تۇتقان بۆدۇنىدەك خەقلەرنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ساۋۇتبايمۇ بالىلىرى كۆپەيگەندىن كېيىن بۆلەردىن بۆلۈنۈپ، بۆدۇنىدەك ياشاپ، ئاخىر بىر يىلىنىڭ ئالدىدا پاختەكلىكگە ئورۇنلىشىپ قالغانىكەن.

— بەشكېرەمدىكى ئۆي - جايلىرىنى تەلەپ قىلمىدىلىما؟ — خۇش كېپەك مامۇت ئاخۇندىن سورىدى.

ئۆمرىدە مۇنداق چوڭ مەنسەپ ئىگىلىرىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقان مامۇت ئاخۇن ھودۇقۇپ قالدى - دە: «سىلى جاۋاب بەرسىلە» دېگەندەك ئەدەن قىچىرغا قارىدى.

— تەلەپ قىلمامدىغان، مامۇت ئاخۇن جۇڭخارلاردىن قۇتۇلۇپ

كەلگەن يىلىلا بەشكېرەم بېگىمگە ئىككى نوۋەت ئەرز سۇندى. لېكىن، سادا بولمىدى. ئاخىر «پېشانەمگە خۇدانىڭ يازغىنى شۇ چېغى» دەپ، تەقدىرگە تەن بەردى. كېيىن سۈرۈشتە قىلىپ كۆرسەم، بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە جايلاشقان ئىمام پاختەكلىدىكى كالتە ساقال ئىشاننىڭ ئاكىسى ۋە يوغان باش ئىمامنىڭ قۇدىسى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن «ئويناشمىغىن ئەرباب بىلەن...» دېگەندەك، بەرىبىر ئالالمايمىز دېگەن ئويغا كېلىپ، بولدى قىلغانىدۇق.

يۇسۇپ خوجا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەدەن قېچىرنىڭ ئاددىي بىر تۇججار تۇرۇقلۇق باشقىلارنىڭ غېمىنى، تەشۋىشىنى قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى. «ئادەتتىكى بىر تۇججار بولسىمۇ، جۇڭغارلارغا قوللۇقتا چۈشكەن مۇنۇ ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. ئۇنى ئاز دېگەندەك، ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇپتۇ، — دېگەن ئوي كۆڭلىگە كەچتى، — مەن بولسام بۇ شەھەرنىڭ خانى تۇرۇپ، مۇنۇ ئادەمچىلىك بىرەر مۇسۇلماننىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلالماي يۈرىمەن.» ئۇ ئېغىر تىنىپ قويدى ـ دە، خۇش كېيپەك ھاكىمغا قاراپ:

— مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە مامۇت ئاخۇن ئاكامنىڭ ئۆيىنى ۋەخپىدىن ئېلىپ، ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلىسىلا، — دېدى، ئاندىن مامۇت ئاخۇنغا بۇرۇلۇپ، — ئەگەر ساۋۇت ئاخۇن ئەدەنباي ئاكام دېگەندەك بۆدۈنىگە ئوخشاش ھايات كەچۈرمەي، ئۆز ماكانىدا ياشىغان بولسا، بۇ پاجىئەگىمۇ ئۇچرىماس ئىدى، — دەپ تونۇگۈن ئەتىگەندە تازغۇن بىلەن پاختەكلىدىن كەلگەن بىرنەچچە ئادەملەر بىلەن ئىككى سائەتتىن ئوشۇق مۇلاقاتتا بولغانلىقىنى (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساۋۇت ئاخۇنمۇ بارلىقىنى)، شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا قارشى بولغان ئىشانلار مەزكۇر دېھقانلارغا ئىككى چارەكتىن ئاشلىق بېرىپ، شۇلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقلىرىنى ئىزھار قىلغانلىقلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، — مېنىڭچە بولغاندا، —

دەپ خۇش كېپەك ھاكىمغا قارىدى، ــــ ساۋۇت ئاخۇنغا قىلىنغان سۇيىقەستتە كالتە ساقال ئىشاننىڭ قولى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

يۇسۇپ خوجىنىڭ بۇ گېپى خۇش كېپەك ھاكىمغا يىپىنىڭ ئۇچىنى تېپىپ بەرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا بۇ ئىشاننى نازارەت قىلىش لازىم، دېگەن ئوي پەيدا بولدى. شۇ چاغدا يۇسۇپ خوجا ئەدەن قېچىردىن:

ــــ سىلەر ئوردىغا نېمە بىلەن كەلدىڭلار، ــــ دەپ سورىدى ۋە بۇ سوئالىغا جاۋاب ئالماستىنلا، ــــ ھازىر پاختەكلىككە بېرىپ ساۋۇت ئاخۇننى يوقلاپ كېلەيلى، بىزگە ئات تەييارلىسۇن، ــــ دېدى ـ دە، قوبۇلخانىدىن چىقىپ، ھەرەم تەرەپكە ماڭدى.

※ ※ ※

ساۋۇت يانتاقنىڭ ئىچ ـ قارنى ساق بولغىنى بىلەن بەدىنىنىڭ يەتتە يېرىگە پىچاق ئۇرۇلۇپ، ساپان چۈشكەن ئېتىزدەك تىلىنىپ كەتكەندى. ئەگەر ئايالى ئەنسىرەپ تالاغا چىقمىغان بولسا، كۆزى قارايغان سوپى ـ ئىشانلار ساۋۇت يانتاقنىڭ يەنە بىرقانچە يېرىگە پىچاق سالغان بولاتتى. لېكىن، ئۇلار ياقۇتخانىنىڭ تالاغا چىققىنىنى كۆرۈپ، خۇددى ئۈركۈگەن توشقانلاردەك قېچىپ كېتىشتى.

ياقۇتخان ئالمان ـ تالمان ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ ياتقان ساۋۇت يانتاقنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە: «ۋاي، نېمە بولدىلا؟» دەپلا ئۇنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى. ساۋۇت يانتاق بولسا ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي:

ــــ ھوي، كىسىپۇرۇش، ھەزلەكلەر! ھوي، نامەرد بەڭگىلەر! ــــ دەپ كىملەرنىدۇر تىللايتتى.

ــــ ھوي دادىسى، نېمە بولدۇڭلا؟ ــــ دېدى ياقۇتخان كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ.

ــــ نېمە بولاتتىم، ھېلىقى ھۆمە ھەزلەك بىلەن تاجى بەڭگى

ئىككىسى بىر بولۇپ... — ساۋۇت يانتاق گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ھوشىدىن كەتتى.
نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالغان ياقۇتخان:
— ھوي، خالايىق! ھەي، مۇسۇلمانلار! ياردەم بەرسەڭلارچۇ؟
— دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئانىسىنىڭ داد - پەريادىنى ئاڭلىغان باللار ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى.
— تۇراخۇن چوڭ داداڭنى چاقىرىپ كەل! — دېدى ياقۇتخان چوڭ ئوغلىغا.
— سەن، بالام، ياسىن چوڭ داداڭنى باشلاپ كەل، — دېدى يەنە بىر بالىسىغا.
بەش - ئالتە ياشقا كىرىپ قالغان قوشكېزەك باللار پۇتلىرى يەرگە تەگمەي، ئۇچقان قۇشتەك غايىب بولۇشتى. ياقۇتخان بولسا «ئەمدى قانداق قىلارمەن» دەپ نالە قىلىپ بېشىدىكى ياغلىقى بىلەن ساۋۇت يانتاقنىڭ يۈزىدىكى قانلارنى سۈرتۈشكە باشلىدى.
شۇ چاغدا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك كالتە ساقال ئىشان پەيدا بولدى - دە:
— ھوي، بالام، كىچىككى تۇندە نېمانداق پەرياد چېكىپ يۈرىدىلا؟ — دېدى. ياقۇتخان:
— ساۋۇتۇمنى پىچاقلاپ كېتىپتۇ، موللام، — دېدى - دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.
— بۇ قايسى بەتبەختنىڭ ئىشىكىنە؟ — دېدى كالتە ساقال ئىشان.
ياقۇتخان ئۇنىڭ سوئالىغا بىرنېمە دەپ جاۋاب بەرگۈچە، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇراخۇن چار ساقال يېتىپ كەلدى - دە، بىھوش ياتقان ساۋۇت يانتاقنىڭ قېشىغا كەلدى.
— باللىرىم يېتىم قالارمۇ تۇراخۇن ئاكا؟ — دەپ يىغلىۋەتتى ياقۇتخان.
— نىيەتلىرىنى يامان قىلمىسىلا، — ياقۇتخاننى سىلكىۋەتتى تۇراخۇن چارساقال.

www.uyghurkitap.com

ئاڭغىچە ياسىن ئاخۇن دېگەن كىشىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ساۋۇت يانتاقنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى. ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنى يېشىپ، قان چىقىپ تۇرغان يەرلىرىگە پاختا كۆيدۈرۈپ باستى، ياقۇتخان بەرگەن لاتىلار بىلەن تېڭىپ باغلاپ قويدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن بۇنىڭدىن باشقا ئىشمۇ كەلمەيتتى. كالتە ساقال ئىشان تۇراخۇن چارساقالنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپلا كېتىپ قالغانىدى.

— سىلى ساۋۇت ئاخۇننىڭ قېشىدا بولسىلا، مەن غاچچىدە قېرى تېۋىپنى باشلاپ كېلەي، — دېدى تۇراخۇن چارساقال.

ئۇ يېرىم كېچىلەردە بىر تېۋىپنى باشلاپ كەلدى. تېۋىپ چىراغ يورۇقىدا ساۋۇت يانتاقنىڭ جاراھەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ياقۇتخانغا سۇ قاينىتىشنى بۇيرۇدى. ئاندىن ئۆزى ئالغاچ كەلگەن دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم تەييارلىدى ـ دە، سوۋۇپ ئىلمانلاشقان سۇ بىلەن ساۋۇت يانتاقنىڭ جاراھەتلىرىنى يۇدى. تەييارلىغان دورىسىنى (مەلھەمنى) سۇركىدى ۋە ئاق ماتانى ئۇزۇنغا يىرتىپ، ساۋۇت يانتاقنىڭ بېلىدىن يۇقىرىلىتىپ بويىغىچە ئوراپ قويدى. ئۇنىڭ بىلەك ۋە بويۇنلىرىدىكى پىچاق تەگكەن جايلارنىمۇ دورىلاپ تاڭدى.

— بۇ يىگىتنىڭ ئۇچەي ـ قارنى بىلەن يۈرىكى ساق ئىكەن، خۇدايىم شىپالىق بەرسە ئوڭلىنىپ كېتىدۇ، — دېدى تېۋىپ يۈزىدىكى تەرلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈپ، ئاندىن ساۋۇت يانتاقنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بىرپەس تۇردى، — تومۇرىنىڭ ئۇرۇشى سەل ئاجىزراق، قانسىراپ قالغان ئوخشايدۇ.

«ھە دېگەننىڭ ئۆزى بىر مەدەت» دېگەندەك، تېۋىپنىڭ بۇ گېپى ياقۇتخاننىڭمۇ، باشقىلارنىڭمۇ كۆڭلىگە ئاز ـ تولا مەدەت بەرگەندەك بولدى. ياقۇتخان گۈرۈچ پاخلىغا ئوت يېقىپ چاي قايناتتى. ئۇ تېۋىپ بىلەن باشقىلارنىڭ تاڭ ئاتقۇچە ئۆيدىن كەتمەسلىكىنى خالايتتى.

— ھازىر بۇ يىگىت ئۇيقۇغا كەتتى، — دېدى بىر چاغدا

تېيىپ، — سىلەر، — ئۇ تۇراخۇن چار ساقال بىلەن ياسىن ئاخۇنغا قارىدى، — ئۆيلىرىڭلارغا بېرىپ ئارام ئېلىڭلار، مەن تاڭ ئاتقۇچە مەشەدە بولىمەن، ئەتىگەندە يەنە بىر مەرتەم دورا سۈركەپ ئاندىن قايتىمەن.

— ياق، سىلى مۇشۇ چەتتە يېتىپ بىرپەس ئارام ئالسىلا، ساۋۇت ئاخۇننىڭ قېشىدا بىز ئولتۇرۇپ تۇرىمىز، — دېدى تۇراخۇن چار ساقال.

ئاڭغىچە ياقۇتخاننىڭ چېيىمۇ تەييار بولدى. ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ھېچقايسىسىنىڭ كۆز ئىلىپ ئارام ئالغۇسى كەلمىدى. بىر چاغدا بامدات نامىزىغا چاقىرغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى.

※ ※ ※

ئەدەن قېچىرنىڭ سەۋەبى بىلەن تىرىك قالغان ياقۇتخان يەنە شۇ ئادەمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆيلىنىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ قالغان ساۋۇت يانتاق ئىككىسى غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، لېكىن ئىشىكىنى كۈمۈش بىلەن تاقايدىغان توققۇزى تەل ئادەملەردىنمۇ بەختلىك ئىدى. ئۇلار ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا تۆت ئوغۇل بىلەن ئىككى قىزغا ئاتا ـ ئانا بولۇشقان، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققاندى. شۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىسى رازىلىق بېرىپ، رازىلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، ئەدەن قېچىر: «ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن كېلىدۇ، دېگەندەك، سىلەرنىڭ ئەقلىڭلارمۇ كېچىكىپ كەپتۇ ـ دە، يانتاق، بوپتۇ، مامۇتباي بىلەن گۈلسەنەم رازىلىق بەرگەندىن كېيىن ئۆيۈڭلارنى تۇتۇڭلار. ئوغۇل بالا دېگەن ئۆز بۆشۈكىنى ئۆزى تەۋرىتىپ، ئۆز قوتۇرىنى ئۆزى تاتىلىغان ياخشى» دېگەنىدى. بىراق، ئۇلار بۆلۈنۈپ چىققاندىن كېيىن تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ كەتتى.

بىر كۈنى گەپتىن گەپ چىقىپ، ياقۇتخان:

— ئاتاملاردىن بۆلۈنۈپ چىققاندىن بۇيان تولىمۇ جۇلمەرەپ كەتتۇق. يا يېگىنىمىزنىڭ، يا كىيگىنىمىزنىڭ تايىنى بولماي كەتتى. بۇنداق قىسىلىپ يۈرگەندىن گۇمىغا كۆچۈپ كەتسەك بولمامدۇ؟ ئۇ يەردە ئاتامدىن قالغان تەييار ئۆي بار. ئىشلەيمەن دېسىلە تېرىلغۇ يەر بىلەن باغلارمۇ بار، — دېۋىدى، شۇ چاغقىچە ئايالىغا قاتتىق گەپ قىلمىغان ساۋۇت يانتاق بىردىن ھۈرپىيىپ:

— گۇمىغا بېرىپ «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ قولىدا ئۆلگىلى كېلىپ قالدىمۇ؟ — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇتخانمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇلار پاختەكلىكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ياقۇتخان دانىيال خوجىنىڭ ئورنىغا بالىلىرىنىڭ خان بولغانلىقىنى ئاڭلىدى.

— ئەمدى گۇما تەرەپكە بارساق بولغۇدەك، — دېدى بىر كۈنى ياقۇتخان، — دانىيال خوجا ئۆلۈپتۇغۇ.

— ئۆلسە ئۆلمەمدۇ، — دېدى قوپاللىق بىلەن ساۋۇت يانتاق، — خان بولىدىغان خوجىلار كەممۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خەق، بىر تەسۋىنى سىيرىيدۇ. ئەجەب شۇ گۇمىنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدىلىيا. ماڭا تەگكەندىن بېرى ئاچ قالغان كۈنلىرى بارمۇ؟ سىلىنى يېسۇن دەپ تۆت تال گۆشگىردىنى ياكى بەش تال سامسىنى بېلىمگە تۈگۈپ كېلىمەنغۇ، — دېدى.

پاختەكلىكە كۆچۈپ كېلىپ ئانچە ئۆتمەيلا:

— ياقۇتخان، — دېدى ساۋۇت يانتاق ئۇنى ئەركىلەتكەن ھەم ماختىغان ئەلپازدا، — ئەمدى بۇ دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكىدىنمۇ، ئازاب - ئوقۇبىتىدىنمۇ ۋايىم قىلمىساق بولغۇدەك.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيدىلا؟ بىر كوزا تىللاغا ئۇچراپ قالمىغانلا؟ — دەپ سورىدى ياقۇتخان.

— ئۇمۇ گەپ بولامدىكەن، بۇگۈن ھەزرىتى ئاپاق خوجىمىزنىڭ يولىنى تۇتقان كالتە ساقال ئىشانغا مۇرىت بولۇپ

كەلدىم. ئۇ جانابىلىرىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، مېنىڭ مۇرىت بولۇش تۇيەيلىدىن ئاخىرەتكە بارغاندا باللار بىلەن سىلەرگىمۇ دوزاخ ئوتى هارام بولارمىش؛ يەنە تېخى ئىشان هەزرەتلىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن بۇ دۇنيادىكى تىرىكچىلىكىمىز روناق تاپارمىش.

— ئۆزلىرىنى خوجاملارنىڭ هەممىسىگە ئۆچمىكىن دەپ يۇرسەم، «ئاق تاغلىق» خوجىلارغا ئىچلىرى تارتىدىكەن ـ دە، — دېدى ياقۇتخان.

ئۇلۇشكۇن كەچتە ساۋۇت يانتاق ئىككى چارەك بۇغداينى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، ئىشىك تۇۋىگە تاشلىدى ۋە:

— ياقۇتخان، — دېدى گويا بىر سايىنىڭ مېلىنى قورۇسىغا هەيدەپ كەلگەندەك مەغرۇر هالدا، — ئىشان هەزرەتلىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن نېنىمىز پۇتۇن بولىدۇ دېسەم، ئانچە ئىشەنمىگەندەك قىلىۋىدىلە، مۇنۇ تاغاردىكى ئاشلىقنى كۆردۈڭلىما، شۇ ئىشان هەزرەتلىرى هەدىيە قىلدى. ئەتە سەهەردە تۇراخۇن ئاكام بىلەن شەهەرگە كىرىپ چىقىمەن، شۇنىڭغىچە ئۇگۇتتەك تازىلاپ قويۇڭلا. ئۇن تارتقۇزۇپ كېلىمەن، — دېگەنىدى. لېكىن، شۇ كۇنى قەشقەردىن كېلىپلا تاغاردىكى بۇغداينى تۇگمەنگە ئەمەس، كالتە ساقال ئىشاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرگەنىدى. ئەتىسى بولسا قۇراق كۆرپىدە چالا مەست ئادەمدەك ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي ياتتى.

ياقۇتخان ئېرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇشۇ خاتىرىلەرنى ئەسكە ئېلىپ پەرىشان هالەتتە ئولتۇراتتى. تالادا ئويناپ يۇرگەن باللىرى يۇگۇرۇشۇپ كىردى ـ دە:

— ئانا، چوڭ ئانام بىلەن داۋۇت دادام كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

ياقۇتخان دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ـ دە، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى.

— ساۋۇت بالامنىڭ ئەهۋالى قانداق؟ — دېدى گۇلسەنەم ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىنى سۇرتۇپ.

— بىر خىللا، گەپمۇ قىلماي ئۇخلىغان پېتى ياتىدۇ، — دېدى ياقۇتخان.
ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. گۈلسەنەم ساۋۇت يانتاقنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئورۇق ئالىقانلىرىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە ياقتى.
بەزىلەر ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھرى ئۇنىڭ يۈرىكىدە بولىدۇ دەيدىكەن، لېكىن گۈلسەنەمنىڭ مېھرى قولىدا ئوخشايدۇ. ساۋۇت يانتاق ئانىسىنىڭ ئالىقىنى پېشانىسىگە تېگىشى بىلەن دەرھال كۆزىنى ئېچىپ گۈلسەنەمنى كۆردى ـ دە:
— ئانا، شۇنچە يەردىن ئاۋارە بولۇپ كەپتىلا ـ دە. قېرىغاندا سىلىنىمۇ بىئارام قىلىۋەتتىم، — دېدى.
ئۇنىڭ ئاۋازى پىچىرلىغاندەك چىقاتتى. لېكىن، ئېيتقان سۆزلىرى دانە ـ دانە ئاڭلاندى. گۈلسەنەم بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى ـ دە، ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.
— ئەنسىرىمە، ئانا، بالىلىرىڭنىڭ بەختىگە تىرىككەنسەنغۇ، بالام، — دېدى بىر چاغدا ئانىلارغا خاس تەمكىنلىك بىلەن، — شۇنچە بالا بەرگەن خۇدايىم، ئۇلارنىڭ ئاتىسىغا شىپالىقمۇ بېرەر.
شۇ ئەسنادا تالا تەرەپتىن بىر كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى بىلەن ئاتلارنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى. كىچىككەي كىمدۇر بىرىنىڭ:
— ياقۇتخان، هاي ياقۇتخان! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
— ئەدەنباي ئاكام ئەمەستۇ، — دېدى ياقۇتخان ئورنىدىن تۇرۇپ.
ئاڭغىچە ئۆينىڭ ئىچىگە بىرىنچى بولۇپ مامۇت ئاخۇن بىلەن ئەدەن قېچىر كىرىپ كەلدى ـ دە، ساۋۇت يانتاقنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.
— كىچىككىنە ياخشى، — دېدى ياقۇتخان سولغۇن ھالەتتە.
شۇ ئارىدا گۈلسەنەمگە كۆزى چۈشكەن ئەدەن قېچىر:
— سىلى قاچان كەلدىلە؟ بىزنىڭ گېپىمىزنى

ئاڭلىماپتىلا ـ دە؟ ـــ دېدى.
ـــ كەلمەستىن قانداق چىدالايمەن؟ ـــ دېدى ئۇ.
ـــ ئەمىسە، ياقۇتخان بالام، كۆرپە سېلىپ ئۆيلىرىنى رەتلىسىلە، يۇسۇپ خوجام بىلەن خۇش كېپەك ھاكىملارمۇ ساۋۇت يانتاقنى يوقلاپ كەلدى، مەن چىقىپ ئۇلارنى باشلاپ كىرەي، ـــ دېدى ئەدەن قېچىر.
ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە يۇسۇپ خوجىلار كىرىپ كەلدى.
كۇنگەي تەرەپتە ئىككى پەنجىرىسى بار ئۆينىڭ ئىچى ئاقارتىلمىسىمۇ يورۇق ئىدى. مېھمانلار كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلىشتى. يۇسۇپ خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ ساۋۇت يانتاقنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. لېكىن، جاراھىتىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي، چىشىنى چىشلەپ ياتقان ساۋۇت يانتاق جاۋاب بەرمىدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەن ئەدەن قېچىر:
ـــ بۇ كىشى يۇسۇپ خوجامغۇ، خۇش كېپەك ھاكىم ئىككىسى سىزنى يوقلاپ كەپتۇ، ـــ دېدى.
ساۋۇت يانتاق كۆزىنى ئېچىپ بار غەيرىتى بىلەن يۇسۇپ خوجىغا قارىدى ـ دە:
ـــ ئاۋارە بوپتىلا، خوجام، ـــ دېدى.
ـــ خۇدايىم شىپالىق بېرەر! ـــ دېدى خوجا.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەنە ئولتۇرۇشنى ئەپ كۆرمەي ھويلىغا چىقىشتى. ساۋۇت يانتاقنىڭ قېشىدا ئانىسى بىلەن ئىنىسى قالدى.
ـــ ساۋۇت ئاخۇننىڭ زەئىپىسى كىم بولىدۇ؟ ـــ دەپ سورىدى خۇش كېپەك ئەدەن قېچىرغا قاراپ. ئۇ يۈزىگە كۈل رەڭ تور ياغلىق يېپىنىۋالغان تەمبەللىك جۇۋاننى كۆرسەتتى.
ـــ ساۋۇت ئاخۇن ئۆزىگە پىچاق سالغان ئادەملەرنى ئېيتتىمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ھاكىم ياقۇتخاندىن.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداققۇ دېمىدى، لېكىن «ھۆمە ھەزىلەك بىلەن تاجى بەڭگى ئىككىسى بىر بولۇپ...» دېگەن گەپنى ئېيتتى ـ دە، ھوشىدىن كېتىپ قالدى.

— ساۋۇت ئاخۇن قول بەرگەن ئىشان كەلدىمۇ؟

— ئۇ كىشى ئاخشام بالىلارنىڭ ئاتىسى يىقىلغان يەرگە كەلگەنىدى. كېيىن تۇراخۇن ئاكامنى كۆرۈپلا كېتىپ قاپتۇ. بۈگۈن كەلمىدى، — خۇش كېپەك ھاكىممۇ باشقا گەپ سورىمىدى. ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشتى.

— ئانچە ۋايىم يېيىشمىسىلە، ساۋۇت ئاخۇننى داۋالاش ئۈچۈن شەھەردىن تېۋىپ چاقىرىمەن، — دېدى يۈسۈپ خوجا ۋە سىپاھلارنىڭ بىرىگە ئېگەردىكى خۇرجۇننى ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. يۈسۈپ خوجا سىپاھ ئەكەلگەن خۇرجۇننى ئەدەن قېچىرىغا سۇنۇپ:

— بۇنى ساۋۇت ئاخۇننىڭ زەئىپىسىگە بېرەرلا، — دېدى ـ دە، ئېتىغا مىندى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ساۋۇت يانتاقتا پىچاق سالغانلارنىڭ بىرى ھۆمە سوپى دېگىنى كونا خانىقادا ئاللانىڭ ئىشقىدا ساماغا چۈشۈپ رىيازەت چېكىۋاتقاندا؛ يەنە بىرى — تاجى بەڭگى دېگىنى شەھەر چېتىدىكى بىر كونا گۈمبەزدە ئۆزىگە ئوخشاش ئاللاغا ئاشىقلار بىلەن ھەق دىدارىغا يېتىش ئۈچۈن نەشە چېكىپ ئولتۇرغاندا مىرشەپلەرنىڭ قولىغا چۈشتى.

كالتە ساقال ئىشان بولسا ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. بىر ھەپتىگىچە قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەر، مازارلار بىلەن تۇنەكخانىلار ۋە خانىقالارنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈلدى. بۇ ئىشاننىڭ ئۆزى تۇرماق، ئۇنى كۆردۈم دېگەن ئادەم بولمىدى. قەشقەرگە قاراشلىق ناھىيەلەرنىڭ بەگلىرىگە بۇ ئىشاننى قەيەردە كۆرسە، شۇ يەردە تۇتقۇن قىلىشقا پەرمان بېرىلدى. لېكىن، بۇنىڭدىنمۇ نەتىجە چىقمىدى. ئۇ گويا تۆمەن دەرياسىغا چۈشۈپ كەتكەن بىر پارچە داڭگالدەك ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى.

ئۈچىنچى ھەپتە بولغاندا «كىمكى كالتە ساقال ئىشاننىڭ بار يېرىنى مەلۇم قىلسا ياكى ئۇنى تۇتۇپ بەرسە، تېگىشلىك پۇل بېرىلىدۇ» دېگەن پەرمان جاكارلاندى. بۇ پەرمان شۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا نەتىجە بەردى.

كالتە ساقال ئىشان «قۇمباستى» دېگەن يېزىدا تۇرۇشلۇق نامەت سوپى دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئىكەن. بۇ خەۋەرنى يوغان باش ئىشان يۈسۈپ خوجامغا سادىقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مىرشەپبېگىگە ئېيتقانىكەن. مىرشەپبېگى دەرھال بىرنەچچە مىرشەپلەرنى «قۇمباستى»غا ئەۋەتتى.

— سىلىگە بۇ خەۋەرنى كىم يەتكۈزدى، — دەپ سورىدى يۈسۈپ خوجا.

— يوغان باش ئىشان، — دېدى مىرشەپبېگى.

— ئۆز سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى، ھە؟

— بۇلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن سىڭلىسىنىڭ ئېرى تۇرماق، ئۇنىڭدىن يېقىنىنىمۇ قۇربان قىلىشتىن يانمايدۇ دېسىلە، خوجام.

— بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا، مۇشۇنداق ئىشلار ئۆتمۈشتە كۆپلەپ ئۈچرىغان، بەلكى شۇ تارىخلار تەكرارلىنىۋاتىدىغاندۇ.

## تۆتىنچى باب

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئەدەن قېچىر ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن نەچچە يىل بالدۇر دانىيال خوجا ئاغرىپ ياتقان ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ھېلىم يۇمشاقنىڭ سارىيىغا كەلگەندە، ۋاپات بولغان ئاتىسىنىڭ مېيىت نامىزىنى ئۆزى ئوقۇپ، ئالتۇنلۇقتىكى شۇئەيب خوجىنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلغاندا مۇشۇنداق خۇشال بولغانىدى. شۇ چاغدا پۈتۈن قەشقەرىيەگە خان بولغان ئادەمنىڭ ئادەتتىكى بىر تۇججارغا مۇنداق كۆڭۈل بۆلۈشى ئوردا ئەركانلىرىنى، ئاخۇن —

ئاكابىرلارنى ھەيران قالدۇرغاندى. خەلق ئىچىدە بولسا «ھەزرىتى دانىيال خوجام مۇسۇلمان قوۋمىنى باي ـ گاداي، ‹ئاق تاغلىق›، ‹قارا تاغلىق› دەپ ئايرىماي، ھەممىگە بىردەك غەمخورلۇق قىلىدىكەن» دېگەنگە ئوخشاش گەپ ـ سۆزلەر تارقالغاندى. بۈگۈن بولسا يۈسۈپ خوجىنىڭ مامۇت ئاخۇننىڭ ۋەخپىگە ئېلىۋالغان ئۆيىنى بىر ھەپتە ئىچىدە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە پەرمان بېرىشى، پاختەكلىكگە ساۋۇت يانتاقنى يوقلاپ كېلىشى، يوقلىغاندا يەنە قۇرۇق يوقلىماي، ئىككى بېشى تولغان خۇرجۇن بىلەن يوقلىشى، ساۋۇت يانتاقنى داۋالاش ئۈچۈن قەشقەردىن تېۋىپ ئەۋەتمەك بولغىنىغا گويا ئۆزى ئۈچۈن قىلىۋاتقان ياخشىلىقتەك خۇشال بولدى ۋە «بۇ خوجام ‹بالدۇر چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ› دېگەندەك، دانىيال خوجامدىن ۋە باشقا غوجىزادىلەردىن ئۆزۈپ كېتەمدۇ، قانداق...» دەپ ئويلايتتى.

— چىنىلىرىنى بەرسىلە، ئەدەنباي، — دېدى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ مامۇت ئاخۇن، — ئىسسىق چاي قۇياي.

ئۇلار ھويلىغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۆي تەرەپتىن قولىدا بىرنەرسىلەرنى كۆتۈرگەن گۈلسەنەم كەلدى ـ دە، ئەدەن قىچىرغا:

— خوجام بەرگەن خۇرجۇندىن مۇنۇ نەرسىلەر چىقتى. ئەتىمالىم ئۇ كىشى بۇلارنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالسا كېرەك، — دېدى ۋە بىر پارچە لاتىغا ئورالغان ئىككى مونەك پۇل بىلەن قەغەز خالتىغا توشتۇرۇپ سېلىنغان كەكلىك تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتىكى يۇمىلاق نەرسىلەرنى كۆرسەتتى.

— بۇ نەرسىلەرنى يۈسۈپ خوجام ئۇنتۇپ قالمىدى. ساۋۇت يانتاقا ھەدىيە قىلىپ ئەكەلگەن، — دېدى ئەدەن قىچىر ۋە لاتىغا ئورالغان پۇلنى ئېلىپ كۆزدىن كەچۈردى، — بۇ كىچىكرەك بىر دۇكانغا دەسمايە بولغۇدەك پۇلغۇ، — ئاندىن قەغەز خالتىغا قول سېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۇمىلاچلاردىن

بىرنەچچە تالنى ئالدى، — هوي، بۇلار سوقماققۇ؟ — دېگىنىچە گۇلسەنەم بىلەن مامۇت ئاخۇنغا چۇشەندۇردى، — بۇ ئۇزۇم بىلەن ياڭاقنى ئېزىپ، هەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىغان نەرسە، — بىر تالنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى، — يەپ كۆرسىلە، — گۇلسەنەم بىلەن مامۇت ئاخۇنغا بىر تالدىن بەردى، — بۇنداق نېمەتلەر خوجاملار بىلەن بەگلەرنىڭلا ئۆيىدە بولىدۇ. ئادەمگە، بولۇپمۇ ساۋۇت يانتاقتەك قېنى تۆكۈلگەن ئادەمگە تولىمۇ پايدىلىق ـ دە.

ئۇلار داستىخانغا دۇئا قىلىپ تۇراتتى. ئىشىك ئالدىغا ئۇستىگە يېشىل شايىدىن سايىۋەن ئورنىتىلغان مەپە كېلىپ توختىدى، كۆڭلىگە «ئوردىنىڭ مەپىسىغۇ» دېگەن ئوي كەلگەن ئەدەن قېچىر دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ، مەپىنىڭ قېشىغا باردى ـ دە، ئۇنىڭدىن چۈشمەكچى بولغان ئاق ساقال ئادەمگە سالام بەردى ۋە ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ يەرگە چۈشۈردى.

— ئۆتكەن كېچە پىچاق سېلىنغان ئادەمنىڭ ئۆيى مۇشۇما؟ — دەپ سورىدى ئاق ساقاللىق ئادەم قېرىلارغا خاس يۇختىلىق بىلەن.

— شۇنداق، خۇش كەپتىلا، — دېدى ئەدەن قېچىر.

— مېنى يۇسۇپ خوجام بىلەن خۇش كېپەك هاكىملار ئەۋەتتى، — چۈشەندۈردى ئۇ، — پىچاق سېلىنغان ئادەم ئۇلارنىڭ نېمىسى بولىدۇ؟

— هېچ نەرسىسى ئەمەس، ئاددىي پۇقرالارنىڭ بىرى.

ئاق ساقاللىق ئادەم بۇ گەپكە ئىشەنمىدى. ئۇنىڭ ئويىچە، قەشقەرنىڭ خانى بىلەن هاكىمى ئۆيىگە كېلىپ، جاراهىتىنى داۋالاشنى ئۆتۈنگەن بۇ ئادەم ئادەتتىكى پۇقرا بولماي، بەلكى پۇقرا نامىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇ ئويىنى بىلدۈرمەي، ئىككى پەنجىرىلىك پاكار ئۆيگە كىردى ـ دە، ساۋۇت يانتاقنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، پاتىھەدىن كېيىن:

— بۇ يىگىتنىڭ جاراھىتىنى مېنىڭدىن بۇرۇن بىرى كۆرگەنمىدى؟ — دەپ سورىدى.
— ئاخشام مۇشۇ مەھەللىدىكى غوپۇر تېۋىپ كۆرۈپتىكەن، — دېدى مامۇت ئاخۇن.
— ئۇ كىشىمۇ ياخشى تېۋىپ، — دېدى قېرى ئادەم، ئاندىن قايناق سۇ تەييارلاشنى ئېيتتى.

※ ※ ※

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. بۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئەدەن قېچىرنى تېخىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. يۇسۇپ خوجا بىلەن خۇش كېپەك ھاكىم نامىدىن ساۋۇت ياتاقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن كەلگەن شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل ئەتە بەشكېرەمگە بېرىپ، ۋەخپىگە ئېلىنغان ئۆي - جايىنى تاپشۇرۇۋېلىشنى ئۇقتۇردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مامۇت ئاخۇن بىلەن ئەدەن قېچىر ئۇستىگە ئۇزۇق - تۈلۈك ئارتىلغان تۆگىسىنى تېپىۋالغان يولۇچىدەك خۇش بولسا، گۈلسەنەم يىغلىۋەتتى.
— نېمىشقا خۇش بولماي؟ — دېدى ئەدەن قېچىر.
— ياراتقان ئىگەمنىڭ بۇنداق ياخشىلىقلىرى بارلىقىنى ئويلىماپتىمەن، ئەدەنباي ئاكا، — دېدى گۈلسەنەم يېشىنى سۈرتۈپ، — بەزىدە خۇشاللىق دېگەنمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېزىپ قويىدىكەن.
— شۇنداق، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى مامۇتباي، — بۇ ھەم ئۆزلىرىنىڭ غەمخورلۇقى، قايسى كۈنى بۇ ھەقتە خوجاملارغا گەپ قىلمىغان بولسىلا، ئۇلار بىزنىڭ بەشكېرەمدىكى ئۆيىمىزدىن ئايرىلىپ قالغىنىمىزنى نەدىن بىلەتتى.
— سىلىمىزە، مامۇت ئاخۇن، بىر گەپنىڭ ئىككىسى بولسا «سىلىنىڭ غەمخورلۇقى» دەپ پۇتۇمغا ھۆل خىش

قويىدىكەنلا، — دېدى ئەدەن قېچىر رەنجىگەندەك قىلىپ، — مەن سىلىگە غەمخورلۇق قىلىپ دۇكان ئېچىپ بەردىممۇ ياكى ئالدىلىرىغا تاي - تاي ماتا ئارتىلغان كارۋان سېپى بەردىممۇ؟ ئېيتىدىغان رەھمەتلىرى بولسا يۈسۈپ خوجام بىلەن خۇش كېپەك هاكىمغا ئېيتسىلا، سىلىگە غەمخورلۇق قىلغان ئادەملەر ئەنە شۇلار، قانداق دېدىم؟

— سىلى دېگەندەك بولسۇن، ئەدەنباي، — دېدى مامۇت ئاخۇن، — مەن ئەخمەق سىلى بولمىسىلا ئۇلارنىڭ نەزىرى بىزگە چۈشەمدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىسىلا. ياخشى ئادەم، ياخشى ئەمەلدار دېگەنلەر بارغۇ، مامۇت ئاخۇن، ئاۋۇ قۇياشقا ئوخشاش گۈلگىمۇ، شىۋاقىمۇ شولىسىنى چېچىۋېرىدۇ. يۈسۈپ خوجام بىلەن خۇش كېپەك هاكىملار ئەنە شۇنداق هاكىملار جۇمۇ. ئۇلار ئۆزلىرى تونۇغان - تونۇمىغان ھەممە ئادەمنىڭ ئىشىنى ئادىللىق بىلەن ھەل قىلىدۇ. ھەممە پۇقرانىڭ غەم - قايغۇسىغا ئورتاقلىشىدۇ.

— شۇنداق.

— ئەمدى چۈشەندىلىمۇ؟

— چۈشەندىم.

ئۇلار ئارىسىدا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان گۈلسەنەم مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئەگەر شۇ چاغدىكى ئىشانلار بىلەن بەگلەر ئۆي - جايىمىزنى ۋەخپىگە ئېلىۋالمىغان بولسا، بۇنچىلىك سەرگەردان بولمىغان، ساۋۇت بالامىمۇ مۇنداق كۈنلەرگە قالمىغان بولاتتى، دېگەن ئويلارغا بېرىلىپ، بەشكېرەمدىكى ئۆيىنى، ئانارلىق بېغىنى، كىچىككىنە ئېتىزلىرىنى، كالىسى بىلەن موزىيىنى، ئوت - چۆپ بىلەن تەمىنلەيدىغان بوغداي - قوناقلىقتىكى قىرلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

يۈسۈپ خوجا ئەۋەتكەن تېۋىپنىڭ قولى يېنىكمۇ ياكى ساۋۇت

يانتاقنىڭ ئېتى ياخشىمۇ، ئىشقىلىپ، غىزا ـ تاماق يېمەي، ئاز ـ تولا ئۇسسۇلۇق ئىچىپ، كۆزىنى ئاچماي يېتىۋالغان ساۋۇت يانتاق بۈگۈن چۈشلەر بىلەن كۆزىنى ئاچتى. ياستۇقنىڭ ئۈستىگە قويغان بېشىنى ئۇياق ـ بۇياققا بۇرالايدىغان بولدى.

— ئەمدى ساۋۇت ئاخۇنغا خۇدايىتائالا شىپالىق ئاتا قىلدى. تومۇرىنىڭ سوقۇشىمۇ تۈزۈلۈش تەرىپىگە ئۆتتى، — دېدى ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆيىگە قايتماي مۇشۇ يەردە تۇرغان قىبرى تېۋىپ، — ئۆگۈنلۈككە كېلىمەن، شۇنىڭغىچە ئورنىدىن تۇرمىسۇن، مەن دېگەن نەرسىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بېرىڭلار.

— ماۋۇ خالتىدىكى نەرسىلەرنىمۇ بەرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپتخان خوتەن قەغىزىدىن ياسالغان خالتىنى سۇنۇپ.

قىبرى تېۋىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى سوقماقلارنى كۆرۈپ:

— بۇنى نەدىن تاپتىلا — دېدى ھەيران بولغان ھالدا.

— قايسى كۈنى يۇسۇپ خوجاملار يوقلاپ كەپتىكەن، شۇلار ئالغاچ كەپتۇ.

قىبرى تېۋىپ تېخىمۇ ھەيران بولدى. لېكىن، چالا ئاڭلاپ قالغاندەك:

— ئۇ كىشى كەلگەنمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق. ھاكىم جانابلىرى بىلەن بىللە كەپتىكەن، — ياقۇپتخان ئۇچۇن ئەدەن قىچىر جاۋاب بەردى. قىبرى تېۋىپ «توۋا، دۇنيادا مۇنداقمۇ پۇقراپەرۋەر ئەمەلدارلار بولىدىكىنە؟» دېگەندەك بىرپەس تۇرۇپ قالدى ـ دە، ياقۇپتخانغا بۇرۇلۇپ:

— مەن ساۋۇت ئاخۇنغا ماغدۇر كىرگۈزۈش ئۇچۇن خۇددى مۇشۇنداق سوقماق تەييارلاپ كېلەي دېۋىدىم، قوللىرىدىكى بۇ سوقماق تولىمۇ بەلەن تائام. لېكىن، كۆپ بەرمىسىلە، ئەتىگەندە، كەچتە ئىككى تالدىن يېسۇن، كەچتە باياتىن مەن دېگەن نەرسىلەرنى بەرسىلە، — دېدى ـ دە، بەشكىبىرەمدىكى ئۆي ـ جايىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدە ھاكىمنىڭ پەرمانى قولىغا تەگكەن ماموت ئاخۇن ۋە ئەدەن قىچىرلارغا قوشۇلۇپ شەھەرگە قايتتى.

※ ※ ※

تالاي يىللاردىن بېرى دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى كالتە ساقال ئىشاننى ئۆزلىرىگە پىر تۇتۇپ ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلسا، بەزىلىرى «خۇداگۇي، تەقۋا ئادەم» دەپ ھۆرمەتمىنى قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ سادىق مۇرىتلىرىدىن بولغان ھۆمە سوپى بىلەن تاجى بەگنىڭ تۇتقۇنغا ئېلىنىشى، ئۆزىنىڭ بىر ئاخشامدىلا جىن ئالغاندەك يوقاپ كېتىشى، قەشقەر خانى يۇسۇپ خوجا بىلەن خۇش كېپەك ھاكىملارنىڭ ساۋۇت ياناتاقنى يوقلاپ كېلىشى قاتارلىق ئىشلار بۇ يەردىكى خەلقلەر ئارىسىدا تۈرلۈك گەپ ـ سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

كالتە ساقال ئىشاننىڭ بەزى مۇرىتلىرى: «مۇسۇلمانلارنىڭ پەيلى بۇزۇلغانلىقىدىن ئىشان ھەزرەتلىرى مەھەللىمىزنى تەرك قىلدى، ھۆمە سوپى بىلەن تاجى بەگنىڭ قولغا ئېلىنىشى، ساۋۇت ياناتاقنىڭ پىچاقلىنىشى بولسا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر» دېيىشتى. بەزىلىرى: «تەقدىرسىز قىلمۇ تەۋرىمەيدۇ، ھەر ئىش ئاللانىڭ ئىزنىسى بىلەن بولغان. يۇسۇپ خوجىلارنىڭ ساۋۇت ياناتاقنى يوقلاپ چىقىشى بىر باھانە، ئۇلار پاختەكلىدىكى كالتە ساقال ئىشاننىڭ قارىمىقىدىكى ۋەخپە يەرلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشنى كۆزلەپ، بۇ ياققا قەدەم تاشلىغان» دېيىشتى.

كۆپچىلىك بولسا بۇ گەپلەرنىڭ قايسىسىغا ئىشىنىپ، قايسىسىغا ئىشەنمەسلىكىنى بىلەلمەي يۈرگەندە خىلمۇخىل گەپ ـ سۆزلەر تارقالدى:

ــ كالتە ساقال ئىشان «شەھەر سورىسىڭ، تۈز سورا، بولمىسا ئۆزۈڭنى بوشتىپ قارا تاغ تەرەپكە كەت» دېگەن تەلەپنى يۇسۇپ خوجىغا قويۇش ئۈچۈن بىرقانچە مۇرىتلىرىنى ئەۋەتكەنىكەن. ساۋۇت ياناتاق ياقا يۇرتلۇق بولغاچقا، ئىشان

ھەزرەتلىرى بەرگەن بۇغداينى ئېلىۋاپتۇ ـ دە، يۇسۇپ خوجىغا بارغىلى ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقا مۇرىتلار ئۇنى «ئىمانى سۇس، ھەزرىتى پىرىمىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلىمىدى» دەپ پىچاقلاپتۇ...

— خەقنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالغىلى بولمايدۇ، ئاغىنىلەر، — دېدى قەشقەرگە كۆك بېدە ئاپىرىپ كەلگەن بىر دېھقان، — يۇسۇپ خوجىنىڭ خوجا ـ ئىشانلارنىڭ يېرىدە بىكارغا ئىشلەپ بېرىش، ئۇلارغا ئالغان ھوسۇلنىڭ باش ـ بۇرنىنى پۇلسىز بېرىشكە ئوخشاش تۈزۈملەرنى بىكار قىلىش توغرىسىدا جاكارلىغان پەرمانىغا خوجا ـ ئىشانلار نارازىمىش، بىراق بۇ نارازىلىقىنى ئۆزلىرى دېيەلمەي ساۋۇت يانتاققا ئوخشاش ئادەملەرنى ئىككى ـ ئۈچ چارەكتىن بۇغداي بېرىپ، خوجىغا ئەۋەتىپتۇ. لېكىن، ئۇلار ئوردىغا بارغاندا ئىشان ئۆگەتكەن گەپلەرنى ئوڭلاپ ئېيتالماي، ئۆزلىرىنى ئىشانلارنىڭ ئاشلىق بېرىپ ئەۋەتكەنلىكىنى دەپ سايتۇ.

ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى سۇلار يامغۇر ياغقاندا لايلىشىپ، يامغۇر توختىغاندا سۈزۈلۈپ تېگىدىكى تاشلار كۆرۈنۈپ قالغىنىغا ئوخشاش، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى پاختەكلىدىكى ئادەملەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن يۇقىرىقىدەك گەپ ـ سۆزلەرنىڭ راست ـ يالغىنى ئېنىقلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ كالتە ساقال ئىشان ھەپسىگە ئېلىنغاندىن كېيىن كۆڭلى خاتىرجەم بولغان تۇراخۇن چارساقالنىڭ تۆت ئادەمنىڭ بېشى قوشۇلغان يەردە يۇسۇپ خوجىنىڭ پەرمانىغا نارازى بولغان كالتە ساقال ئىشاننىڭ ئۆزلىرىگە ئىككى چارەكتىن بۇغداي بېرىپ بىرنەچچە ئادەمنى، تازغۇندىكى بىر ئىشان ئۈچ ئادەمنى ئوردىغا ئەۋەتكەنلىكىنى، يۇسۇپ خوجا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىپ ئالدىغا قەنت ـ گېزەكلەرنى قويۇپ كۈتۈۋالغىنىنى، ئىككى سائەتتەك مۇلاقاتتا بولۇپ، مەزكۇر پەرمانلارنى بىزگە ئوخشاش دېھقانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن چىقارغانلىقىنى سۆزلەپ، شۇ چاغدا خوجامنىڭ

گەپلىرىگە، كەلتۈرگەن دەلىل ـ ئىسپاتلىرىغا قايىل بولغان ساۋۇت يانتاق ئۆيىگە كېلىپلا ھېلىقى ئىككى چارەك ئاشلىقنى يۇدۇپ كالتە ساقال ئىشاننىڭ ئالدىغا ئاپارغانلىقىنى ۋە: «ماۋۇ ئاشلىقلىرىنى قايتۇرۇۋالسىلا، مەن سىلىنىڭ ئالدام خالتىلىرىغا چۈشۈپ، ئوردىغا بارغىنىمنى يۈسۈپ خوجامغا سۆزلەپ بەردىم. ئەتە ئۆيلىرىدىن كۆچۈپ كېتىمەن. تېنەپ ئۆلسەممۇ، سىلىنىڭ ۋەخپىلىرىدە ئەمەس، قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرىنىڭ بىرىدە ئۆلەي» دېگەنلىكىنى، ساۋۇت ئاخۇننى ھۆمە سوپى بىلەن تاجى بەگنىڭگە پىچاقلاتقان ئاشۇ كالتە ساقال ئىشان ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا قىلچە شەك قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇ ئىشان نەشە چېكىۋالسا، چېركاۋ بىلەن مەسچىتنى ئايرىيالمايدىغان ئاشۇ ئەخمەقلەرنى ئىشقا سالغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، يۈسۈپ خوجىنىڭ تەرىپاتىنى قىلاتتى:

— شۇ ياشقىچە تالاي خوجىلارنى كۆرۈپتىمەن. راستىمنى ئېيتسام، بۇ ئادەمدەك كىچىك پېئىل، ئوچۇق ـ يورۇق خوجىنى كۆرمەپتىمەن. بىز ئوردىغا بېرىپ خان بىلەن ئولتۇرغىنىمىزنى ئۇنتۇپ، قايسىدۇر بىر سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئۇلپەتلەر بىلەن ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقاندەك بولدۇق. سىلەرگە يالغان، ماڭا راست، يۈسۈپ خوجام ئۆزىنى «مەن قەشقەرنىڭ خانى» دېمەي، بىزگە چاينى ئۆزى قۇيۇپ بەردى. ئۇ ئادەمنىڭ ساۋۇت ئاخۇننى يوقلاپ كېلىشى بىزگە ئوخشاش پۇقرالارنى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر...

بەزى دانىشمەنلەر ئاۋام خەلق دېگەن «كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەقلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ، بەلكى كىمنىڭ كۈچلۈك، كىمنىڭ ئاجىزلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، كۈچلۈكلەر تەرىپىدە تۇرىدۇ. شۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ» دەيدىكەن. ئەگەر مۇشۇ نۇقتىدىن قارىسا، پاختەكلىدىكى خەلقلەر كالتە ساقال ئىشان تەرەپكە ئەمەس، ھەقىقەت تەرەپكە ھەم ھاكىمىيەت ئىگىسى يۈسۈپ خوجا

تەرەپكە مايىل بولۇپ قالغانىدى...

بۇنى پاختەكلىدىكى دېھقانلارنىڭ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ، ھەتتا بەزىبىر يۇرتىدە ئوتى بار چوكانلارنىڭ، قىسقىسى، ساۋۇت يانتاقنى تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ كۆندە دېگۈدەك كېلىپ يوقلاپ تۇرۇشىدىن بىلگىلى بولاتتى. ئۇنى تونۇيدىغان، بىلىدىغان ئادەملەر ھالىنى سوراپ، ياراتقان ئاللادىن شىپالىق بېرىشنى تىلەيتتى. تونۇمايدىغانلار بولسا مۇشۇ باھانىدە قەشقەر خانى بىلەن ھاكىمنىڭ نەزىرىگە چۈشكەن ئادەمنى ــ ساۋۇت يانتاقنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كېلەتتى.

كالتە ساقال ئىشاننىڭ ھەپسىگە ئېلىنغان كۈنى پاختەكلىگە كەلگەن قېرى تېۋىپ ساۋۇت يانتاققا ئورنىدىن تۇرۇشقا، كۈندە بىرەر سائەتتەك ھويلا ـ ئارامنى ئايلىنىپ يۈرۈشكە رۇخسەت بەردى ۋە:

ــ ساقايدى دېگەن مۇشۇ، بالام. يەنە شۇنداق دېسەم قوللىرىغا كەتمەن تۇتۇپ يەر چانىمىسىلا، پالتا تۇتۇپ ئوتۇن يارمىسىلا، لېكىن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پەسكە چۈشۈرۈپ، ئالدى ـ ئارقىلىرىغا ئېگىلىپ، بەدەنلىرىنى ھەرىكەتكە سالسىلا، تاماقلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا يېسىلە. ئۇيقۇنى قانغۇدەك ئۇخلىسىلا، خۇدا بۇيرۇسا، يەنە بىرەر ئايلاردىن كېيىن ئاسمانغا پىچاق ئاتقۇدەك ھالەتكە كېلىدىلا، ــ دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ساۋۇت يانتاق كۈندىن ـ كۈنگە يېڭى چىققان ئايدەك تولۇپ، بۇرۇنقى ئېسىگە كېلىشكە باشلىدى.

ــ ياقۇتخان، ــ دېدى ئۇ بىر كۈنى بالىلىرىنىڭ كۆڭلەكلىرىنى يۇيۇپ يېيىۋاتقان ئايالىغا.

ــ مېنى چاقىردىلىما؟ ــ دېدى ئايالى.

ــ ھە، نېمىشقا ئوسما قويماس بولۇۋالدىلا؟

ــ ۋىيەي، ماۋۇ ئادەمنىڭ گېپىنى؟ قېشىم ئۇنىڭسىزمۇ قارىغۇ.

ــ ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن قاشلىرىدا ئوسما بولسا بارغۇ،



www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ كۆڭلى بۆلەكچە خۇش بولۇپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ.

— ئەستا، ما ئادەمنىڭ گېپىنى؟ يەرنى چىڭراق دەسسىگەنلىرىگە بۈگۈن ئىككى كۈن بولدىغۇ.

— ئۇسما قويسىلا ئەتىمۇ، ئۆگۈنمۇ چىڭ دەسسەۋېرىمەن.

— قېرىغانلىرىنى تۇيمايدىغان ئۇياتسىز ئادەم ئىكەنلا، — ياقۇتخان نازلىنىپ تولغاندى ـ دە، داستا چىلاقلىق تۇرغان كىرلەرنى يۇيۇشقا باشلىدى. كۆڭلى بولسا ئېرىنىڭ ئەستەرلىك گەپلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

شۇ ئەسنادا كوچىدىكى دەرەخكە ئېتىنى باغلاپ هويلىغا كىرگەن ئەدەن قېچىرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— خېلى «تىرىلىپ» قاپسەنغۇ، ساۋۇتباي، — دېدى ئۇ هەۋەس بىلەن قاراپ، — يەرنىڭ تېگىگىچە يىلتىز تارتقان يانتاقتەك جېنىڭ بەك نېمە جۇمۇ.

— ئەسسالام ! — دەپ تەزىم قىلدى ياقۇتخان.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئەدەن قېچىر، ئاندىن ساۋۇت يانتاققا قارىدى، — سەنچۇ؟ نېمىشقا سالام قىلمايسەن؟

— سىلىنى كۆرسەم خىجىللىقىمدىن زۇۋانىم چىقماي قالىدۇ.

— نېمىشقا؟

— مەن ئەخمەق سىلىدىن بىمەسلىھەت شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاشۇ كالتە ساقال ئىشانغا قول بېرىپتىمەن...

ئەدەن قېچىر كۈلۈۋەتتى، ئارقىدىنلا:

— ماۋۇ يانتاقنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىلىما، ياقۇتخان، — دېدى كۈلكىسىنى توختىتىپ، — ئالتە بالىنىڭ ئاتىسى تۇرۇپ، شۇ چاغقىچە شەيتان دېگەن كاساپەتنىڭ تېرە بىلەن ئەتنىڭ ئارىلىقىدا ياشايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن، ئادەم بالىلىرىنى ئازدۇرۇش بۇ شەيتان دېگەن كاساپەتنىڭ ئاتا كەسپى ئەمەسمۇ؟ ئاللانىڭ بېھىشىدە بىر ئوبدان ياشاۋاتقان ئادەمئاتا بىلەن هاۋا ئانىمىزنى ئازغاشتۇرۇپ ئاللاتائالا مەنئى قىلغان نەرسىنى

يېگۈزگەن ۋە ئۇلارنىڭ بېھىشتىن قوغلىنىشىغا سەۋەبكار بولۇپ، ئۈچ يۈز يىل توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇتقان شۇ شەيتان ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سېنىڭ بىلەن ماڭا ئوخشاش ئادەملەر ئۆزىمىزنى چىڭ تۇتمىساق، شەيتاننىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ، يەتمىش بەشنى كۆرىمىز ئەمەسمۇ؟ — ئۇ ھازىرچە مۇشۇ گەپلىرىم يېتەر دېگەندەك ياقۇتخانغا قارىدى، — سىلى نېمانداق ساۋۇت ياتاق يۈرەكلىرىنى يانچۇقىغا سېلىۋالغاندەك ھاڭۋېقىپ تۇرىدىلا؟ كۈننىڭ ئىسسىقىدا شۇنچە يەردىن كەلسەم، چاي بېرىش ئەسلىرىگە كېلەي دېمەيدۇغۇ؟

— ۋييەي، ئەدەنباي تاغا، ئۇ نېمە دېگەنلىرى؟ مانا ھازىر، — ياقۇتخان ئوچاق تەرەپكە ماڭدى.

— تۇنۇگۈن مامۇت ئاخۇنلار بەشكېرەمگە كۆچۈپ باردى، — دەپ سۆز باشلىدى ساۋۇت ياتاقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئەدەن قېچىر، — ئۆيۈڭلارنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، پەيزى قالماپتۇ. شۇنچە يىل ئولتۇرسىمۇ ھېلىقى موللام پوشكال ئىزدەش بىلەن بولۇپ، بىر كومىلاچمۇ لاي سۇركىمەپتۇ. لېكىن، ھويلاڭلار تولىمۇ ئازادە ئىكەن. بەش ـ ئالتە هارۋا بىمالال ئايلىنالامدۇ، نېمە؟ بېغىڭلارمۇ خېلى چوڭ ئىكەن. بىراق، تام ياقىسىدىكى ئانارلار قۇرۇپ كېتىپتۇ. بەڭباشلىرىڭ (باللىرىڭ) هاي، دېگەنگە ئۇنىماي تايچاقلاردەك قېيغىتىپ، ھويلا ـ ئارامنى بېشىغا كىيدى.

ئەدەن قېچىرنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى قۇلىقىغا كىرگەن ياقۇتخان داستىخان سېلىۋېتىپ:

— ئاپام ئۇلارغا هاي دېمەمدىكەن، ئەدەنباي ئاكا؟ — دەپ سورىدى ئەنسىرىگەندەك، — ھېلىقى يوغان باش مەشەدىمۇ مۇشۇككە ئوخشاش دەرەخلەرگە چىقىپ ئارام بەرمەيتتى.

— دەرەخكە چىققىنىنىغۇ كۆرمىدىم، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆگزىگە چىقىپ، يەرگە چۈشۈپ بىر ـ بىرىنى قوغلاپ يۈرگىنىنى كۆردۈم.

— مەيلى ئەمەسمۇ، — دېدى ساۋۇت يانتاق، — ئۇلار بولسىمۇ ئويناپ - كۈلسۇن - دە. بىز ئۇلاردەك چېغىمىزدا ئويناش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر پارچە ناننىڭ غېرىبى بولۇپ يۈرگەنىدۇق.

— ئەمدى، ياقۇتخان، يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرسىلا، — دېدى ئەدەن قېچىر چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، — ھېلى ئاۋۇت ئاخۇن ھارۋا بىلەن سىلەرنى كۆچۈرۈپ كەتكىلى كېلىدۇ.

— بۇگۈنلىما؟ — بۇ گەپ ھەيران بولغان ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىقتى.

— ھە، كۆچكۈڭلار يوقما؟

— نېمىشقا يوق بولىدۇ، كۆچىمىز.

— ئەمىسە نېمىشقا تولغىنىسىلەر؟ — ئەدەن قېچىرنىڭ ئاغزىدىن «يا پىرىمدىن دۇئا ئالامسەن؟» دېگەن سۆز چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى.

— تولغانغىنىمىز، — دېدى ياقۇتخان، — بۇ يەردىمۇ بىر مەزگىل ئولتۇرغاندۇق، ئەھلىمەھەلدىكىلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ تۇز - تەمىنى تېتىدۇق. شۇڭا، بىر قازان ئۇماچ بولسىمۇ قايىنىتىپ، خوشلاشساق دېۋىدۇق - دە.

— بۇ يەرگە كەلگەندە كاللاڭلار ئىشلەپتۇ. ئەسلىي ئادەمگەرچىلىك دېگەن شۇ، — دېدى ئەدەن قېچىر رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، — قېنى ئەمىسە، ماڭا ۋەزىپە تاپشۇرۇڭلار، ئوتۇن تەييارلايمۇ، سۇ ئەكىلەيمۇ؟

— ھەممىسى تەييار، سىلى مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپ بەرسىلەرلا بولىدۇ.

شۇ كۈننىڭ ئەتىسى ساۋۇت يانتاقلار پاختەكلىدىن كۆچۈپ كەتتى.

※ ※ ※

دالىم خوجىنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن مىرشەپخانىدا

بىرنەچچە كۈن ئازابلانغان ئەمەت ئاخۇن ئازادلىقتا چىققاندىن كېيىن مەدرىسىگە كەلمىدى. شۇ چاغدا بىرنەچچە يىل بىللە ئوقۇغان ۋە نۇرغۇن كىتابلارنى مۇتالىئە قىلىشقان، نۇرغۇن ئالىم ـ پازىللار بىلەن جەمئىيەت توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ، ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان بەس ـ مۇنازىرىلەر قىلىشىدىغان ساۋاقدىشىنىڭ بۇ ئىشى يۇسۇپ خوجىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. «ئەمەت ئاخۇن نامازنى تەرك قىلىسىمۇ، ئوقۇشنى تەرك قىلىدىغان بالا ئەمەس. ئاغرىپ قالدىمۇ يا؟ ئائىلىسىدە بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەردىمۇ؟» دەپ ئويلىغان يۇسۇپ خوجا بىر كۈنى ساۋاقتىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ئەمەت ئاخۇن ھويلىسىدىكى چىنارنىڭ سايىسىدا مەجنۇن مىسالى باغرىنى يەرگە يېقىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن يۇسۇپ خوجا:

— نېمە بولدىلا؟ قېرى كالا دەسسىۋەتكەن قوغۇندەك يەرگە چاپلىشىپ كېتىپتىلىغۇ؟ — دەپ سورىدى. ئەمەت ئاخۇن:

— ئاخىر زامان بولۇشقا ئاز قالغانمۇ نېمە؟ — دەپلا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى، — ھازىرلا سىلىنى ئويلاپ، دەردلىرىمنى ئېيتىپ كېلەي دەپ تۇراتتىم.

— يەنە قانداق دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولدىلا؟

— كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، بۇ زېمىنغا مەخدۇم ئەزەم (تەرىقەتچىلەرنىڭ پېشۋاسى) باشلىق خوجا ـ ئىشانلارنىڭ مۇبارەك قەدىمى قاچان يەتتى، شۇنىڭدىن بۇيان قەشقەرنىڭ پەيزى قالمىدى جۇمۇ.

— يەنە شۇ گەپما؟ بۇ ھەقتە بۇرۇن ئېيتقانلىرىمنى يەنە تەكرارلايمەن. سىلى دېگەندەك، پەيزىنى قاچۇرغان خوجىلار كۆپ بولسا بىرەر يۈزنىڭ ئەتراپىدا. لېكىن، بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقلەر نەچچە ئون تۈمەن، نەچچە ئون لەك (يۈز مىڭ) ئەمەسمۇ.

— بىراق، ئۇلار خەلقىمىزنىڭ سەئىدخان بىلەن ئابدۇرېشىتخانلار دەۋرىدىكى جەڭگىۋارلىق روھىنى ئۆز مەزھەپلىرى بىلەن سۇسلاشتۇرۇپ، ياۋاش مۆمىن بەندىلەرگە

ئايلاندۇرۇۋەتتى ئەمەسمۇ؟
— بۇ مۇلاھىزىلىرى توغرا، مېنىڭ نەزىرىمچە، ھەرقانداق نەرسىنىڭ چېكى بولغىنىدەك، ياۋاشلىقنىڭمۇ چېكى بار. خوجا - ئىشانلار بولسا تىكەن تېرىپ، گۈل ئۆستۈرۈۋاتىمەن دەيدىغان ئادەملەرگە ئوخشايدۇ. ھازىر قەشقەرىيەنىڭ خەلقى خوجا - ئىشانلار تەرىپىدىن جاھالەت قىرغىقىغا كېلىپ قالغان كېمىگە ئوخشايدۇ. شۇ كېمىنى سىلى بىلەن بىزگە ئوخشاش كۆزى ئوچۇق ئادەملەر مەرىپەت قىرغىقىغا چىقىرىشىمىز لازىم.
— بۇ دېگەنلىرى تولىمۇ توغرا ھەم تولىمۇ مۇشكۈل ئىش، بىراق ئۇنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش ئىنتايىن قىيىن.
— توغرا دەيدىلا، ئاسان ئىشنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ. سىلى بىلەن بىز شۇنداق مۇشكۈل ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىشىمىز كېرەك.
— مېنىڭ بىلىم نەچچە يەردىن باغلاقلىق، لېكىن ئىشنى نېمىدىن، نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتىمەن.
— مەنمۇ شۇنداق. ھەر نەرسىنىڭ ۋاقىت - سائىتى بار، دېھقانلار ھەمەل كىرمىگۈچە يەرگە ئۇرۇق سالمايدۇ. ئەمما، سىلى بىلەن بىز ھازىردىن باشلاپ مەرىپەت چىرىغىنى يېقىپ، خەلقنىڭ دىلىنى يورۇتۇشىمىز لازىم. قانداق دېدىم؟
— ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىلا.
— ئۇنداق بولسا شۇ مەرىپەت چىرىغىنى ياغ بىلەن تولدۇرۇش ئۈچۈن ئەتىدىن باشلاپ مەدرىسىگە بارسىلا.
— خۇدا بۇيرۇسا.
يۇسۇپ خوجا ئەمەت ئاخۇننىڭ گەپلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۆيىگە قايتقانىدى. لېكىن، شۇ سۆھبەتتىن كېيىن ئەمەت ئاخۇن قارىسىنى كۆرسەتمىگەنىدى، ئىككىنچى قېتىم يەنە ئىزدەپ بېرىۋىدى، ئۇنىڭ قاياققىدۇر كېتىپ قالغانلىقىنى ئۇقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى. يۇسۇپ خوجىنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا بىر مەزگىل پەيدا بولغان ئەمەت

ئاخۇن ئون بەش كۈندىن كېيىنكى ئايدەك ئاستا ـ ئاستا يوقاپ كەتتى. قايسى كۈنى بولسا ھېچبىر كۈتۈلمىگەندە بەشكېرەمگە كېتىۋېتىپ، ئاپاق خوجىنىڭ مازارىدا ساقاللىرىنى بولۇشىچە ئۆستۈرۈۋەتكەن ئەمەت ئاخۇننىڭ مەدداھلىق قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلغا بۇ مەدداھ بىلەن تونۇشۇپ قېلىشنى تاپشۇرغانىدى.

يۈسۈپ خوجىنىڭ بۇ تاپشۇرۇقى بۈگۈن ئورۇنلاندى. ئۇ خۇش كېپەك ھاكىم بىلەن سەمەندە يۈز بەرگەن قاتىللىق ۋە پاختەكلىدە ساۋۇت يانتاقتا قىلىنغان سۈيىقەستنى ئورۇنلاشتۇرغان جىنايەتچىلەرگە كۆرۈلىدىغان چارىنى مۇزاكىرىلىشىپ، بۇ ئىشنى موللا سابىر قازىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى لايىق كۆرۈشتى. لېكىن، ئىشىكئاغا خۇدايار بەگ ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

— بۇ ئىشقا باقى ئىشان ھەزرەتلىرىنى (يوغان باش ئىشاننى دېمەكچى) ئارىلاشتۇرساق، چۈنكى بۇ ھەزرەتنىڭ قەشقەردىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ناھىيە ـ يېزىلاردىمۇ ئابرۇيى كاتتا، نوپۇزى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى «ئىشقىيە»چى ئىشانلارنىڭ پېشۋاسى، — دېدى.

يۈسۈپ خوجا بۇ مەسلىھەتكە دەرھال جاۋاب بەرمەي:

— يەنە كىم بار؟ «قۇرئان كەرىم» بىلەن شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن تولۇق خەۋىرى بار ئۆلىمالار بولسا ئۇلارنىمۇ قاتناشتۇرايلى، — دېدى.

بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان خۇدايار بەگ «ئىشقىيە»چى ئىشانلاردىن يەنە ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى. ئۇلارنىڭ بىرى، «توققۇزاق» دېگەن مەھەللىدە، يەنە بىرى «تۆرۈمتاي كۆلبېشى»دا تۇراتتى.

— بولىدۇ، — دېدى يۈسۈپ خوجا، ئاندىن خۇش كېپەك ھاكىمغا قارىدى، — سىلى گەپ قىلمايدىلىغۇ؟

— مېنىڭچە، بولسا بۇلارغا قوشۇپ ئۆلىما ـ پازىللارنىمۇ

تەكلىپ قىلايلى.
خۇش كېپەك ھاكىمنىڭ بۇ تەكلىپى خۇدايار بەگكە ياقمىدى. ئەتىمالىم ئۇ «ئادەم سانىنى كۆپەيتىشنىڭ ئانچە ھاجىتى يوققۇ» دېمەكچى بولۇپ گەپكە تەمشىلىۋىدى.
— توغرا مەسلىھەت، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — بۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان ئادەملەر بىزگە ئوخشاشلا مۆمىن مۇسۇلمانلاردۇر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىشىنى قىلىنى قىرىق يارغاندەك ئادىل ھەل قىلىش ئۈچۈن موللا سابىر قازى باشلىق شەھىرىمىزدىكى ئۆلىما - پازىللار ۋە پىرۇ ئىشانلارنىڭ بىر قارارغا كېلىپ ھۆكۈم چىقىرىشى لازىم، — ئۇ خۇدايار بەگكە قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى، — سىلى دەرھال شۇ ئادەملەرگە خەۋەر يەتكۈزسىلە. ھەممىسى ئەتە سائەت ئونلار بىلەن قازىخانىغا تەشرىپ قىلسۇن.
خۇدايار بەگ كەينىگە داجىپ، بۆلۈمدىن چىقتى.
— مەن، — دېدى خۇش كېپەك ھاكىم، — بۇ ئىشقا ئىشانلارنى، بولۇپمۇ باقى ئىشاننى ئارىلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىمىغانىدىم. خەيرىيەت، ئۆزلىرىنىڭ رايىغا باقتىم.
— مەنمۇ باشتا سىلىگە ئوخشاش ئويدا ئىدىم، كېيىن يالتايدىم، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — بۇنىڭ بائىسى جىنايەتچىلەردىن كالتە ساقال ئىشان باشلىق ئۈچ ئادەم «ئىشقىيە» مەزھىپىگە، دالىم خوجا باشلىق ئىككى ئادەم «ئىسھاقىيە» مەزھىپىگە تەئەللۇق ئىكەن. شۇڭا، بۇلارغا بىرىلىدىغان جازا ھۆكمىگە سابىر قازىدىن باشقا ئىشانلار بىلەن ئۆلىمالارمۇ قول قويۇشنى لايىق كۆردۈم. ئەمدى يوغان باش ئىشانغا كەلسەك، بۇ ھەزرەت ئۆز سىڭلىسىنىڭ ئېرى كالتە ساقال ئىشاننى ئون نەچچە كۈن ئۆيىدە يوشۇرۇپ، ئىلاج قىلالمىغانلىقتىن، ئايالاردەك كىيىندۈرۈپ «قۇمباستى»غا ئەۋەتىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ تەقىبتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى

يىتىپ، سىلى بىلەن ماڭا ياخشىچاق بولۇش ۋە سادىقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى خەۋەر بېرىپتۇ. بۇ دېمەك، ئىشان دېگەن ئىپتى ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ھېچنېمىدىن يانمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر يوغان باش ئىشان مۇشۇ مەسىلىدە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلسا، مەن ئۇ ھەزرەتكە زەرپا (تون، كىيىم) كىيدۈرۈشنىمۇ ئويلاپ قويدۇم.

خۇش كېپەك ھاكىم بۇ گەپلەرگە قايىل بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ:

— تۇمشۇقى كۆتۈرۈلۈپ كەتمەسما؟ — دېۋىدى، يۇسۇپ خوجا:

— مەن بۇ ئىشاننى تۇمشۇقى كۆتۈرۈلسە، ئەتە - ئۆگۈن خۇنتەيجىگە بېرىدىغان خىراجنى توپلاش ۋاقتىدا ئىشقا سېلىشنى ئويلاپ قويدۇم، — دېدى.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىغا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل كىرىپ، ئەمەت ئاخۇننىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— باشلاپ كىرسىلە، — دېدى يۇسۇپ خوجا، ئاندىن ھاكىمغا قاراپ چۈشەندۈردى، — بۇ ئەمەت ئاخۇن دېگەن ئادەم بىر چاغلاردا مەدرىسىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ دىدار كۆرۈشۈشىگە دەخلى قىلماي دېگەن ئويغا كەلگەن خۇش كېپەك ھاكىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەمىسە ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، — دېدى.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى يۇسۇپ خوجا، — بۇ ئادەم بىلەن بولىدىغان سۆھبەتنىڭ سىلىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك يەرلىرى بار.

خۇش كېپەك ھاكىم ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ئورنىدا ئولتۇردى.

ئۆيگە ئەمەت ئاخۇن كىرىپ كەلدى - دە، سالام بېرىپ يۇسۇپ خوجىلار بىلەن كۆرۈشتى. بىر چاغلاردا ئاق سۈپىتىن تىكىلگەن ئەستەرلىك بۆك، ئۈچىسىغا ئىككى يانچۇقى بار قارا پەشمەت كىيىپ يۈرىدىغان ئورۇق ۋە بويى پاكار كۆرۈنىدىغان ئەمەت

ئاخۇن هازىر بويى ئۆسۈپ، ئۇستىخىنىغا ئەت قونۇپ تولۇقلىنىپ ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ساقال ـ بۇرۇتلىرى قايسى كۈنى ئاپپاق خوجىنىڭ مازارىدا كۆرگەندەك بولماي، زىياپەتكە ياكى تويغا بارىدىغان تۇججارلارنىڭكىدەك چاققان ياسالغانىدى. بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى سەل سوزۇلۇپ، ئاقارغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئازادە ئولتۇرسىلا، — دېدى يۇسۇپ خوجا ئەمەت ئاخۇنغا ئىلتىپات بىلدۇرۇپ، — بۇ كىشى، — دەپ خۇش كېپەك هاكىمنى تونۇشتۇردى.

ئۇلار چاي ئىچكەچ ئۆتكەن ئىشلارنى پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئەمەت ئاخۇن بۇ خىل ئالىي دەرىجىلىك ئادەملەر هوزۇرىدا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى بىلەلمەي قىسىلاتتى. يۇسۇپ خوجا بولسا ئۆزىنىڭ خان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، خۇددى مەدرىسىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىنى، ئۆزلىرىنى ئوقۇتقان خەلپەتلەرنى ۋە بىللە ئوقۇغان تالىپلارنى ئەسلەپ، توختىماي سۆزلەيتتى.

— ئەمدى ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، خوجام، — دېدى خېلىدىن بېرى ئەمەت ئاخۇننىڭ قىسىلىپ ئولتۇرغىنىنى بايقاپ تۇرغان خۇش كېپەك.

— مېنىڭمۇ ئىشىم بار ئىدى، — دەپ ئورنىدىن تۇردى باقاۋۇل.

— شۇنداق قىلىپ، يەنە ئۆيلىرىگە كېتىپ قالمىسىلا، — دېدى يۇسۇپ خوجا باقاۋۇلغا قاراپ. بۇ گەپتىن ئۆزلىرىگە رۇخسەت بېرىلگەنلىكىنى چۈشەنگەن هاكىم بىلەن باقاۋۇل ئورنىدىن قوزغالدى.

— مېنى دەپ بىرمۇنچە ۋاقىتلىرىنى زايە قىلدىلا، مەنمۇ قايتاي، — دېدى ئەمەت ئاخۇن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ سىلى بىلەن قىلىشىدىغان گەپلەرنى تېخى دېيىشمىدۇققۇ؟

— قانداق گەپلەرنى دەيدىلا؟ — سورىدى ئەمەت ئاخۇن.

— سىلىگە ئەمەل بەرمەكچىمەن، — دېدى يۇسۇپ خوجا.

— ماڭا، — ئەمەت ئاخۇن چۆچۈپ كەتكەندەك ئورنىدىن قوزغىلىپ، يەنە ئولتۇردى.

— ھەئە، سىلىگە ئەمەل بەرمەكچىمەن.

ئەمەت ئاخۇن بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى ياكى چاقچاق تەرىقىسىدە ئېيتىلغىنىنى بىلەلمەي خىلىغىچە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە:

— قانداق ئەمەل بېرىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ ئىشلىرىمغا ياردەم بېرىدىغان ئەمەل.

«بۇ قانداق ئەمەلكىنە؟» دەپ ئويلىدى ئەمەت ئاخۇن. لېكىن، كۆڭلىگە «بەلكى خەتتاتلىقتۇ» دېگەن ئوي كەلدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئويلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا خەتنى چىرايلىق ۋە توغرا يازاتتى. خەلپەتلەر تەرىپىدىن ھەر دائىم ماختىلاتتى.

— ئۇنى مۇنداق ئەمەل دەپ ئاتاشنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — ماڭا قايسى كۈنى ئاپاق خوجا مازارىغا زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن ئادەملەرگە قىلغان ئەمرىمەرۇپلىرى يېقىپ قالدى. شۇنىڭدىن بېرى سىلىنى كۆرۈشكە، مۇلاقات قىلىشقا تەقەززا بولۇپ يۈرۈۋىدىم، — دېگىنىچە گېپىنى داۋام قىلدى، — يۇقىرىلارنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ، تەپرىقىچىلىك قىلىدىغان تەرىقەتچىلەرنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىشنى مەقسەت قىلغان بىر مەھكىمىنى قۇرۇش نىيىتىم بار. مۇشۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سىلىنىڭ ياردەملىرىنى ئالسام دېگەن ئويغا كەلدىم. مەدرىسىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا ھەر ئىككىمىز سەئىدخان ۋە ئابدۇرېشىتخانلار زامانىدىكى خەلقىمىزنىڭ جەڭگىۋار روھىنى دىيارىمىزغا تارقالغان ھەر تۈرلۈك مەزھەپلەر سۇسلاشتۇرۇۋەتتى دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنىدۇققۇ.

ئەمەت ئاخۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۇسۇپ خوجىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەنسەپكە ئىگە بولغاندىن كېيىن راھەت ـ پاراغەتتە

خانلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ ياشاشنى خىيالىغا كەلتۈرمەي، ياش چاغلىرىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئۆزگەرتمىگەنلىكىگە، ئاۋام خەلقنى جاھالەت گىردابىغا تاشلىغان مەزھەپ ئەھلىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بەل باغلىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، شۇنداق بولسىمۇ:

— بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ماڭا قارىغاندا مەسچىتلەردىكى ئىمام - خاتىپلارنى ئىشقا سالسىلا، پايدىسى جىقراق بولارمىكىن، — دېدى.

— ئۇلارنىڭ يولى باشقا. بۇ تائىپىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى يەكەندىكى ئىمام - خاتىپلارغا ئوخشاش تەرىقەت پىشۋالىرىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغاچقا، جۇۋازغا قوشۇلغان ئۇيدەك بىر ئورۇندا چۆرگىلەپلا، سامان سېلىنغان سېۋەتكە باش تىقىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ پايدىسى ئازدەك كۆرۈنىدۇ. خوش كېيەك ھاكىم ۋە سابىر قازىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەدرىسىلەردىكى خەلپەتلەرگە، ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان تالىپلارغا مەزھەپلەرنى ئۇلۇغلايدىغان ۋەز - نەسىھەتلەرنى قىلماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەجدادلىرىمىز ئەمەل قىلىپ كەلگەن دىنىي ئىسلامنى، يەنى «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شېرىپتىن كۆپرەك مەلۇمات بېرىشنى تەۋسىيە قىلدۇق. بىراق، بۇ ئىشىمىزمۇ كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشمەيۋاتىدۇ.

ئەمەت ئاخۇن يۇسۇپ خوجا دېمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ چىرادىن كۇچاغىچە بولغان بىرقانچە شەھەر، يېزا - كەنتلەرنى ئارىلاپ يۈرگىنىدە، بۇ يەرلەردىكى مەزھەپ پىشۋالىرىنىڭ نەزىرىگە چۈشكەن ئىمام - خاتىپلارنىڭ «مەن ئىشقىيە تەرەپدارى»، «مەن ئىسھاقىيە تەرەپدارى» دەپ، شۇلارنىڭ سۇلۇكىنى ماختاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدى. بەزى ئادەملەر ئۆزلىرى بىرەر مەزھەپنىڭ ئىشانلىرىغا قول بېرىپ مۇرىت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ: «بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز پالانى مەزھەپكە مۇرىت بولغانىكەن. بىز مۇشۇلارنىڭ ئەۋلادى بولغاندىكىن، شۇ

مەزھەپنىڭ مۇرتى بولىمىز ـ دە» دەپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، يۈز يىللاردىن بېرى جاھالەت پىرلىرى تەرىپىدىن بېشى قايمۇقۇپ كەتكەن ئاۋام خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىش ئۈچۈن يۈسۈپ خوجا قىلغان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلاردىن ئەمەت ئاخۇن خۇشال بولدى. ئۇ «ئەمدى تارتىنىشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن ئويغا كېلىپ:

— بوپتۇ، بېرىدىغان ئەمەللىرىنى بەرسىلە، ئىشلەپ كۆرەي، — دېدى.

— بارىكاللا ! — يۈسۈپ خوجا خۇشال بولۇپ كەتتى، — سىلىنى بىر مەكتەپ ئېچىپ، شۇنىڭغا مەسئۇل قىلسام دەيمەن. لېكىن، ئۇنىڭدا ئوقۇيدىغان تالىپلارنى ئۆزلىرى تاللايدىلا.

ئەمەت ئاخۇن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى.

— تاللىغان تالىپلىرى ئۆزلىرىگە ئوخشاش قىزىق مۇبالىغىلەر، قىزىق ئوخشىتىشلار بىلەن خەلقنى جەلپ قىلالايدىغان، سۆزگە چېچەن ۋە ماھىر بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى بىز تۆلەيمىز. ئەمما، ئوقۇشنى تاماملىغاندا ئىمتىھان ئالىمىز. ئۇلار تۇرلۇك ئۇسۇللار بىلەن پۇقرالار ئارىسىدا بىزنىڭ سىياسەت، يوللىرىمىزنى تەرغىب قىلىدۇ. ئۇلارغا بۇ خىزمىتى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا مائاش بېرىپ تۇرىمىز.

بۇ گەپ قاراڭغۇدا يەنىر ياققاندەك ئەمەت ئاخۇننىڭ ماڭار يولىنى يورۇتۇۋەتتى. چۈنكى، ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىن بېرى ئاۋازى ياخشى، قىزىق گەپلەر، كۇلكىلىك لەتىپىلەر بىلەن ئادەملەرنى مەپتۇن قىلىدىغان باللاردىن بىرنەچچىسىنى شاگىرت ھېسابىدا ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى ۋە ئۇلارغا: «بىز دېگەن بىر دىياردىكى تىلى بىر، دىنى بىر، مىللىتى بىر ئادەملەر بولغاندىكىن ‹ئاق تاغلىق›، ‹قارا تاغلىق› دەپ بۆلۈنمەيلى، ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز زىتلىشىپ يۈرمەيلى...» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىستۇرۇپ سۆزلەشنى ئۆگەتتى. بۇ

باللارنىڭ بىرى ئەپكەشچىلىك (ئەپكەش بىلەن سۇ ساتقۇچى)، بىرى ھامماللىق، يەنە بىرى ياماقچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. ئەمەت ئاخۇننىڭ ئۆزى بولسا قەشقەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ ناۋايلارنىڭ نېنىنى ساتاتتى ۋە ساتقان نېنىغا قاراپ بەزىدە جىقراق، بەزىدە ئازراق پۇل تېپىپ كۈنىنى ئۆتكۈزەتتى. ئەمما، شۇنىڭغا قارىماي، ھەر كۈنى كەچتە ئۆزىنى ئۇستاز تۇتقان بۇ شاگىرتلىرى بىلەن بىرنەچچە سائەت مەشغۇل بولاتتى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئەسىرلەر مابەينىدە تەرىققەتچىلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزلۈكىنى يوقىتىشقا باشلىغان ئاۋام خەلقنى ئۇلارنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك ئىش قىلىمەن دېسە، ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان، ھەتتا مەدەت بېرىدىغان كۈچنىڭ تېپىلغانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

ئۇلار ئىككى سائەتتىن ئوشۇقراق پاراڭلىشىپ، ئاخىرىدا ئەمەت ئاخۇن خەلپەتلىك قىلىدىغان مەكتەپتە ئوقۇتۇلىدىغان ساۋاقلار ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ، شۇ جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆتمۈش تارىخىدا پۇقرالارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان ئادىل پادىشاھلار، خانلار، دۈشمەنلەر بىلەن بولغان جەڭدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن باتۇرلار، خەلقنىڭ شان - شۆھرىتىنى چىقارغان ئۆلىما - پازىللار، شائىرلار، شۇنىڭدەك خەلققە زۇلۇم قىلغان زالىملار، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خەلقنى ساتقان خائىنلار ھەققىدە يېزىلغان تارىخ، تەزكىرە، داستان ۋە رىۋايەتلەرنى ئوقۇتۇشقا ماسلاشتۇرۇپ، مەۋجۇت مەزھەپلەرنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن تەپرىقە - پاراكەندىچىلىكلىرى، بەزى ئىشانلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى بىلەن جىنايەتلىرى ئۈستىدە مەلۇماتلار بېرىشكە كېلىشتى.

— ئۇنداق بولسا، سىلى مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇيدىغان ئادەملەرنىڭ روپىختىنى بەرسىلە، — دېدى يۈسۈپ خوجا، — مەن ئۇلار ئوقۇيدىغان ئورۇننى تەييارلاي.

— بولىدۇ، خوجام.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈسۈپ خوجىنىڭ ھۇزۇرىغا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل كىرىپ كەلدى.

— تازىمۇ ۋاقتىدا كەلدىڭلە، — دېدى يۈسۈپ خوجا، — دەرۋازىدا تۇرىدىغان سىپاھلارغا ئۇقتۇرۇپ قويسىلا، ئەمەت ئاخۇن قاچان ئوردىغا كەلسە، شۇ ھامان كىرگۈزۈۋەتسۇن، — ئۇ گېپىنى يۈتكىمەكچى بولۇپ ئەمەت ئاخۇنغا قارىدى، — ئەتە سائەت ئونلار بىلەن قازىخانىغا كەلسىلە... ئۇ يەردە سابىر قازىنىڭ قاتىللار ئۈستىدە چىقارغان ھۆكۈمنامىسىنى ئاڭلايلى.

— تولا ئوبدان، — رازىلىق بىلدۈردى ئەمەت ئاخۇن.

شۇ كۈنى كەچتە ئەمەت ئاخۇننىڭ ياماق چۈشكەن كىيىملىرىنى، ئايىغىغا سېلىۋالغان كونا كەشىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىئارام بولغان يۈسۈپ خوجا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلدىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر ياغلىققا ئورالغان كىيىم - كېچەك، مەسە - كالاچ ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر قاپ ئۇن، بىر قاپ گۈرۈچ ۋە بىر كوزا ماي ئەۋەتىپ بەردى.

※ ※ ※

قازىخانا بىلەن مىرشەپخانا بىر كوچىدا ئىدى. ئۇنىڭ باشقا كوچىلاردىن پەرقى بىرئاز كەڭرەك ۋە ھويلىسىدا كىچىككىنە كۆللەر بار چوڭ - كىچىك مەسچىتلەردىن بىرنەچچىسى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كوچىدىن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بۈگۈن سەھەردىلا بامدات نامىزىدىن چىققان مىرشەپلەر كۆللەرگە سۇ ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەملەرنى، ئەپكەشلەرنى ئالۋانغا تۇتۇپ، توپىسى ئۆرلەپ كەتكەن كوچىغا سۇ چاچتۇردى، ئەخلەتلەرنى سۈپۈرگۈزۈپ تازىلاتتى.

سائەت توققۇزدىن ئۆتكەندە قازىخانىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ توختىغان مەپىدىن موللا سابىر قازى چۈشتى. بۇ ئادەمنىڭ چىرايى ساقىلىنى بىرئاز قىسقارتىپ، بۇرۇتىنى

چەكتۇرۇۋالغاچقىمۇ، ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇچىسىغا ئاق يوللۇق يېشىل بەقەسەمدىن پەشمەت كىيىپ، بېشىغا چاققانغىنا يېشىل سەللە ئورىۋالغانىدى. ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا قازىخانىدا ئىشلەيدىغان يەنە ئىككى ـ ئۈچ ئادەم هويلىغا كىردى.

ئاپاق خوجامنىڭ دەۋرىدە ئۇنىڭ مەخپىي پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن ساقىلاخۇن ئىسىملىك ئادەم ئولتۇرغان بۇ ئىمارەت دانىيال خوجا قەشقەرىيەگە خان بولغاندىن كېيىن قازىخانىغا ئايلاندۇرۇلغان، لېكىن شۇ چاغقىچە بىرەر قېتىم تەمىر قىلىنمىغاچقا، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ بوياقلىرى ئۆڭۈپ، تام ـ تورۇسلىرى كىرلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭغا قارىماي، سىرى كەتسىمۇ، سىنى قالغان گۈزەللەردەك هازىرمۇ كۆركەم ۋە ئازادە ئىدى.

بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تەكلىپ قىلىنغان ھەممە ئادەملەر يىغىلىپ بولدى. يۇسۇپ خوجا قازىخانىنىڭ سورۇنخانىسىدا ئولتۇرغان ئۆلىما ـ پازىل، ئاخۇن ـ ئاكابىر ۋە ئىشانلارغا نەزەر سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەدەن قېچىر بىلەن ئەمەت ئاخۇننىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلدىن سورىماق بولۇۋىدى، ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئۇلارمۇ كىرىپ كەلدى ـ دە، پەگاھ تەرەپتىكى بوش ئورۇنغا ئولتۇردى. شۇ ئارىدا هويلا تەرەپتىن ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. يۇسۇپ خوجا باشلىق ئولتۇرغانلار «بۇ نېمە ۋاڭ ـ چۇڭ؟» دېگەندەك بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئاڭغىچە ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولغان خۇدايار بەگ سابىر قازىغا قاراپ:

— سورۇنخانىغا كىرىپ جىنايەتچىلەر ئۈستىدىن چىقىرىلغان هۆكۈمنى بىزمۇ ئاڭلىساق، دەپ بىرمۇنچە ئادەم جېدەل قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىگە سابىر قازى جاۋاب بەرمەي، يۇسۇپ خوجىغا قارىدى.

— مەيلى، — دېدى يۇسۇپ خوجا، ئاتدىن، — ئۇلار نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئوتتۇزدەك بار، — دېدى خۇدايار بەگ.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى سورۇنخانىغا سىغمايدۇغۇ؟ — يۈسۈپ خوجا سەل توختاپ، — بوپتۇ. ئىشىكنى ئېچىپ قويايلى، ئۆيگە سىغمىغانلىرى پېشايۋاندا ئولتۇرسۇن، — دېدى.

ئارىدىن ئىككى مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتتى. شۇ ئارىدا ھويلىدا ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىشقان ئادەملەرنىڭ بىرقانچىسى سورۇنخانىدىكى بوش ئورۇنلارغا، قالغانلىرى پېشايۋانغا ئورۇنلاشتى.

سابىر قازى يۈسۈپ خوجىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— مۆھتەرەم ئەھلى ئىسلامنىڭ پېشۋالىرى، مۆھتەرەم ئەھلى جامائەت، — دەپ سۆزىنى باشلىدى، — جىنايەتچىلەرگە ھۆكۈم قىلىنىدىغان جازانى ئىبلان قىلىشتىن ئاۋۋال بۇ جىنايەتكار ئادەملەرنى ۋە ئۇلار سادىر قىلغان جىنايەتلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. بىرىنچى، دالىم خوجا بىننى ھەيدەر خوجا، بۇ كىشى ھىجرىيە 1081 ـ يىلى يەكەندە تۇغۇلغان، ھازىر ئاتمىش بەش ياشتا. ئۇنىڭ ئاتىسى ھەيدەر خوجا «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىدىكى مەشھۇر ئىشانلارنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭغار لەشكەرلىرى يەكەننى ئىشغال قىلغاندا ئاپاق خوجا تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان. ئاتىسىدىن ئالتە ـ يەتتە ياشلاردا يېتىم قالغان دالىم خوجا تۇغقانلىرى بىلەن خوتەن شەھىرىگە قېچىپ كەتكەن. ئون بەش ياشقا كىرگەندە ئاتىسىنىڭ دوستى سالمان ئىشانغا بەيئەت قىلىپ، يىگىرمە ئالتە يېشىدا مۇرشىتلىق (پىر) رۇتبىسىگە (ئەمەل) مۇيەسسەر بولغان ۋە ھىجرىيە 1137 ـ يىلى، يەنى دانىيال خوجام يەكەن تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن يەكەنگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ مۇرشىتلىق مۇقامىغا يەتكەندىن كېيىن ئۆزىدىن كىچىك چېغىدا ئايرىلىپ كەتكەن سىڭلىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ ھېچ يەردىن تاپالمىغان. پەقەت بۇ يىل قىشتىلا تىڭتىڭچى مۇرىتلىرى ئارقىلىق سىڭلىسىنىڭ قەشقەر سەمەندە

تۇرۇشلۇق «ئاق تاغلىق» بىر يىگىتكە تۇرمۇشقا چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈچ بالا تاپقانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئالغان. مۇھەررەم (ئاپرېل)نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىككى مۇرىتى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، سەمەندىكى سىڭلىسى بىلەن كۆرۈشكەن. شۇ كۈنى سىڭلىسى بىلەن كۈيئو ئوغلى بورداۋاتقان قويلارنىڭ بىرىنى سويۇپ، قوندۇرۇپ قالغان. دالىم خوجا كۈيئو ئوغلى ئابدۇش ماتادىن يىگىرمە نەچچە يىلدىن ئىلگىرى، ھېچبىر خەج - خىراجەت سەرپ قىلماي سىڭلىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغىنى ئۈچۈن ئىككى يامبۇنىڭ قىممىتىدە ھەق تۆلەشنى تەلەپ قىلغان. شۇ چاغدا سىڭلىسى دانىخان: «خوجا ئاكا، بۇ قانداق گەپلىرى؟ ئۇ يىلى سىلىمۇ، باشقا تۇغقانلارمۇ ئۆز جېنىڭلارنىڭ قايغۇسىدا بولۇپ، بېشىڭلار قايغان تەرەپكە كەتتىڭلار. مەن بولسام ئىگىسىز كۈچۈكتەك تالادا قالدىم. شۇ چاغدا ماڭا ئىگە بولۇپ ھالىمغا يەتكەن، بېشىمنى سىلىغان مۇشۇ ئابدۇش ئاخۇن» دېسە، دالىم خوجا: «سەن بىر ناكەسنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئەۋلادىمىزنىڭ شەننى بۇلغىدىڭ، يەنە ئېرىڭنىڭ تەرىپىنى ئالسەنا؟ تولا غىدىڭ - پىدىڭ قىلماي مەن رازى بولغۇدەك دەپىنە - دۇنيا تەييارلاپ قوي، كەچقۇرۇن كېلىمەن» دەپ كېتىپ قالغان.

ئابدۇش ماتا دانىخاننىڭ قارشىلىق قىلغىنىغا قارىماي، ئىككى ئېشىكى بىلەن ھارۋىسىنى، ئېغىلدا قالغان يالغۇز قوينى سېتىپ، ئاز - تولا پۇل جەملەپ قويغان. كەچتە دالىم خوجا ئىككى مۇرىتىنى ئەگەشتۈرۈپ يەنە كەلگەن. ئۇلارنى دانىخان بىلەن ئابدۇش ماتا مانتا بىلەن مېھمان قىلغان. دالىم خوجا تاماقتىن كېيىن ئابدۇش ماتادىن تەلەپ قىلغان نەرسىنى سورىغان. ئابدۇش ماتا بولسا: «ھازىرچە بارىمىز مۇشۇ، خوجام، رازى بولسىلا» دەپ، جەملىگەن پۇلنى ئالدىغا قويىدۇ، شۇ چاغدا دالىم خوجا: «ماۋۇ ئاق ئاشقىنىڭ پەسلىكىنى قارا؟» دەپ ئۇنى ھاقارەتلىگەن. ئاچچىقىغا ھاي بەرگەن ئابدۇش ماتا: «قالغان

www.uyghurkitap.com

پۇللىرىغا مەن قەرزدار، خوجام، رازى بولسىلا» دېگەن. لېكىن، دېگىنىنى قىلىپ ئۆگەنگەن دالىم خوجا: «مۇنۇ تېگى پەس ئاشىقنىڭ پەسلىكىنى؟ — دەپ ئابدۇش ماتانىڭ ياڭىقىغا بىرنى ئۇرۇپ، — بۇنىڭدىن باشقا نەرسەڭ يوقمۇ سېنىڭ» دېگەن.

«يوق، خوجام !» دېگەن ئابدۇش ماتا. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دالىم خوجا ئۇنىڭ ياڭىقىغا يەنە بىر مۇشت سالىدۇ. يۈز ـ كۆزى قانغا بويىلىپ كەتكەن، بىكاردىن ـ بىكار مۇنداق خورلۇققا ئۇچرىغىنىغا چىدىيالمىغان ئابدۇش ماتا ئورنىدىن تۇرۇپ: «هوي، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان، ئىت !» دەپلا دالىم خوجىنىڭ يەلكىسىگە بىرنى سالىدۇ. شۇ چاغدا دالىم خوجىنىڭ ئىككى مۇرىتى: «ماۋۇ ئاق ئاشىقنىڭ يوغانچىلىقىنى قاراڭلار، خوجامنىڭ ئۇرغىنىغا خۇشال بولماي، قول ياندۇرۇۋاتىدۇيا؟» دېگىنىچە ئابدۇش ماتاغا تاشلىنىدۇ ـ دە، ئۇرۇپ هوشسىزلاندۇرىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان دالىم خوجا ئابدۇش ماتانىڭ گېلىغا پىچاق سۇركەيدۇ. دەل شۇ ئەسنادا مېهمانلارغا چاي بەرمەك بولۇپ، چىنە ـ چەينەك كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرگەن دانىخاننى مۇرىتلارنىڭ بىرى ئۇرۇپ يىقىتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئابدۇش ماتادىن سېتىۋالغان ئېشەكلەرنى ئەكىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىككى ئادەم چىراغ يورۇقىدا كىمدۇر بىرىنىڭ دانىخاننى ئۇرۇپ يىقىتقىنىنى كۆرۈپ قالىدۇ ـ دە، يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىدۇ ۋە بوسۇغا تەرەپتە ئىڭراپ ياتقان دانىخاننى، كۆزلىرىگە قان تولۇپ كەتكەن دالىم خوجا بىلەن ئىككى ئادەمنى كۆرىدۇ. سېتىۋالغان ئېشەكلىرىنى ئالماقچى بولغان بۇ ئادەملەر كېيىنكە ئېتىلغان ئاچ شىرلاردەك دەرهال هەرىكەتكە كېلىپ، بىر پەشۋا بىلەن دالىم خوجىنى يىقىتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ مۇرىتلىرىغا تاشلىنىدۇ ـ دە، هەش ـ پەش دېگۈچە، ئالغان ئېشەكلەرنى باغلاش ئۈچۈن ئېلىۋالغان تانىلىرى بىلەن دالىم خوجا ۋە ئۇنىڭ بىر مۇرىتىنى باغلاپ تاشلايدۇ. ئىككىنچى مۇرىتى بولسا قېچىپ ئۈلگۈرىدۇ.

مولla سابىر قازى يۈز بەرگەن قاتىللىقنىڭ تەپسىلاتىنى

سۆزلەپ، سورۇنخانىدىكىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويدىمىكىن، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئولتۇرغانلارغا سىنچىلاپ نەزەر تاشلىدى.

— دالىم خوجا دېگەن ئادەم ئۆزلىرىنىڭ بۇ جىنايىتىنى ئىقرار قىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى شۇ چاغدا چەتتىرەك ئولتۇرغان بىر ئادەم.

— مېنىڭ يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىم دالىم خوجا بىلەن ئۇنىڭ مۇرىتى ۋە ئابدۇش ماتانىڭ زەئىپىسى دانىخانلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپلەردۇر. مەن ئۆز يېنىمدىن بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قوشقىنىم يوق، — دېدى سابىر قازى.

— قېنى، داۋام قىلسىلا، — دېدى يۈسۈپ خوجا.

— شۇنىڭ بىلەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى قازى، — مەن بۇ پاجىئەدىن تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە خەۋەر تاپتىم ـ دە، دەرھال مىرشەپخانىغا باردىم. مىرشەپبېگى قولى باغلانغان دالىم خوجىنى سوراققا ئېلىۋاتقانىكەن. ئالاھازەل بىرەر سائەتتەك ئۇ يەردە بولدۇم. دالىم خوجا مىرشەپبېگى تەرىپىدىن قويۇلغان سوئاللارنى كۆزگە ئىلمىغاندەك بەزىلىرىگە جاۋاب بەرسە، بەزىلىرىنى جاۋابسىز قالدۇراتتى، — ئۇ مىرشەپبېگىگە قاراپ، — دالىم خوجا بىلەن بولغان سوئال ـ جاۋابلىرىنى سىلى سۆزلەپ بەرسىلە؟ — دېۋىدى، مىرشەپبېگى سوراق جەريانىدا بولۇنغان گەپلەرنى يۈسۈپ خوجىنىڭ ئالدىدا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي:

— سىلى دەۋەرسىلە، — دەپ سابىر قازىنىڭ ئۆزىگە ھاۋالە قىلدى ۋە خۇددى شۇ چاغدا دالىم خوجا بەرگەن جاۋابلارنى قايتىدىن يادىغا كەلتۈرگەندەك بىرپەس ئويلىنىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — بۇ خوجىنىڭ ھەپسىگە ئېلىنغان چاغدا بەرگەن جاۋابى بىلەن بۇگۇنگىچە بولغان جاۋابى بىر خىللا، يەنى «سىلەرنىڭ بىزنى ھەپسىگە ئېلىشقا ھەققىڭلار يوق، مەن دېگەن ‹ئىسھاقىيە› سۇلۇكىنىڭ شۆھرىتىنى چىقىرىش ئۇچۇن ئۆزۈمنى ئاتىغا ئىشان. ھەمراھلىرىم بولسا مېنىڭ سادىق

www.uyghurkitap.com

مۇخلىسلىرىمدۇر. بىزگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈدەك بىرەر ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلىساڭلار، بىر جان بەدىلىگە مىڭ جان بېرىپمۇ قۇتۇلالمايسىلەر...» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەردىن ئىبارەت.

سابىر قازى دالىم خوجىنىڭ گەپلىرىدە كۆپ تەكرارلىنىدىغان «ھەزرىتى دانىيال خوجام ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن ئۇنىڭ سۆلۈكى ئۆلمىدى. بۇ سۆلۈككە ۋارىسلىق قىلىدىغان بالىلىرى بىلەن دانىشمەن ئوردا ئەركانلىرى بار» دېگەن سۆزلەرنى ئېيتمىدى.

ئولتۇرغانلارنىڭ كۆڭلىدە «بۇ مەسىلىگە يۈسۈپ خوجام قانداق قارايدىكىن؟» دېگەن ئوي پەيدا بولدى.

— ئەمدى، ھۆكۈمنامىلىرىنى ئوقۇسىلا، — دېدى يۈسۈپ خوجا قازىغا قاراپ.

شۇ ئەسنادا ھويلىدىن كىرىپ كەلگەن شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل يۈسۈپ خوجىنىڭ قېشىغا باردى ـ دە:

— يەكەندىن چاپارمەن كەپتۇ، خوجام، تولىمۇ مۇھىم نامە ئەكەلدىم، يۈسۈپ خوجىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرىمەن دەيدۇ، — دەپ پىچىرلىدى.

— باشلاپ كىرسىلە، — دېدى يۈسۈپ خوجا.

باقاۋۇل ھويلىغا چىقىپ يەكەندىن كەلگەن چاپارمەننى باشلاپ كىرگەندە، سورۇنخاندىكىلەر ھەيران بولۇشتى. چۈنكى، چاپارمەننىڭ كىچىككىنە يېشىل سەللىسىنىڭ ئۈستىدە ئەركەك جەرەننىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشاش ئىككى تال بۇلغارى نەيچە دىڭگىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىجىككىنە كەلگەن بۇ چاپارمەن سىپھىرگەرلەرنىڭ قىزىقچىلىرىدەك ئۇچىسىغا قولان تېرىسىگە ئوخشاش يوللۇق بەقەسەمدىن پەشمەت كىيىۋالغانىدى.

يۈسۈپ خوجا بۇلغارى نەيچىنىڭ بىرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن چىققان خەتنىڭ باش تەرىپىگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتى ـ دە:

— بۇ سىلىگە تېگىشلىك ئىكەن، — دەپ سابىر قازىغا سۇندى، ئاندىن ئىككىنچى نەيچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۆزىگە

تېگىشلىك خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئالىي مەرتىۋىلىك ھەزرىتى يۈسۈپ خوجامغا يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ئاڭلىشىمىزچە، سۇلۇكىمىزدىكى مەشھۇر ئىشانلارنىڭ بىرى ــ ئۆمۈر بويى ھەزرىتى دانىيال خوجامغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ ئەگەشكەن دالىم خوجا جانابلىرى قەشقەرگە بارغان زىيارىتىدە ‹ئىشقىيە›چى مۇرىتلارنىڭ بىرى ئۇ كىشىنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي ھاقارەتلەنگەن ئوخشايدۇ. نەتىجىدە كۆڭۈلسىز ئەھۋاللار يۈز بېرىپ، دالىم خوجا ھەپسىگە ئېلىنىپتۇ. بىز شۇ سەۋەبتىن ئۆزلىرىگە نامە پۈتۈپ، مەزكۇر دالىم خوجىغا يەڭگىلتەكلىكى ئۈچۈن تەلىم ـ تەربىيە بېرىپ، يەكەنگە قايتۇرۇشلىرىنى سورايمىز. نامە تامام» دەپ، خەتنىڭ ئاخىرىغا يەكەن شەھىرىنىڭ ھاكىمى غازى بەگ بىلەن ئىشكئاغا نىياز بەگلەر قول قويغانىدى.

يۈسۈپ خوجا خەتنى پۈكلەپ يانچۇقىغا سالدى. سابىر قازىنىڭ قولىدىكى خەتمۇ يۇقىرىقىدەك مەزمۇندا يېزىلغانىدى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «يۈسۈپ خوجام بىلەن پىكىرلىشىۋالسام قانداق بولىدىكىن؟» دەپ ئويلىدى. ئەمما، يەكەندىن كەلگەن خەتكە پەرۋا قىلمىغان يۈسۈپ خوجا سابىر قازىغا قاراپ:

ــ قېنى ھۆكۈملىرىنى ئوقۇسىلا، ــ دېدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن يەكەندىن كەلگەن خەتكە ئېتىبار بەرمىگەنلىكىنى چۈشەنگەن سابىر قازى روھلىنىپ كەتتى ـ دە، ئالدىدىكى رېھىل (كىتاب قويىدىغان كىچىك قاتلىما شىرە)نىڭ ئۈستىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، ئوقۇشقا باشلىدى:

«بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم

ھۆكۈمنامە

ئۇشبۇ ھۆكۈمنامە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ۋەسساللامنىڭ، ــ دەپ سول تەرىپىدىكى قېلىن ھەدىس كىتابىنى ئالدى ـ دە،

ئۇنىڭ خەتكۇش سېلىنغان بەتلىرىنى ئوقۇدى، ــ «كىمكى رەھىم قىلمىسا، ئۇنىڭغا رەھىم قىلىنمايدۇ. كىمكى كەچۈرمىسە، ئۇ ھەم كەچۈرۈلمەيدۇ. كىمكى گۇناھ قىلىشتىن قايتمىسا، ئۇ ھەم جازاغا تارتىلىشتىن قۇتۇلالمايدۇ[1]، كىمكى بىر مۇسۇلمانغا ئازار بەرسە، ماڭا ئازار بەرگەندەك، ماڭا ئازار بەرسە، ئاللاتائالاغا ئازار بەرگەندەك بولىدۇ»[2] دېگەن ھەدىسلەرگە، شۇنىڭدەك، ــ سابىر قازى رىھىلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان بۇلغارى تاشلىق «قۇرئان كەرىم»نى ئالدى، ئۇنىڭ خەتكۇش سېلىنغان بېتىنى ئېچىپ، «بەقەر» سۈرىسىدىكى 178 ـ ئايەتنى ئوقۇدى، ــ «ئى، مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى. ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ، قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن (دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتمەستىن، تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر.» شۇڭا، مۇشۇ ئايەتكە ئاساسەن ئابدۇش ماتانى ناھەقتىن ناھەق ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن دالىم خوجا بىننى ھەيدەر خوجا بىلەن ئۇنىڭ مۇخلىسى مەتمۇسا بىننى مەتتۇرسۇنغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى...»

سورۇنخانىدا بىر دەقىقە سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى. شۇ چاغدا ئورۇندا ئالدى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى:

ــ ئۆلتۈرۈلگۈچى ئابدۇش ماتانىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قىساس ئېلىشنىڭ ئورنىغا دىيەت

---

[1] «مىڭ بىر ھەدىس»تىكى 886 ـ ھەدىس.
[2] «مىڭ بىر ھەدىس»تىكى 761 ـ ھەدىس.

ئېلىشنى تەشەببۇس قىلمىدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— بىز بىر ھەپتىدەك ۋاقتىمىزنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن مىراسخورلىرىنى دىيەت ئېلىشقا تەشەببۇس قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۇق. چۈنكى، بۇ تەشەببۇسلىرىمىزدىن نەتىجە ھاسىل بولمىغاچقا، مۇشۇ ھۆكۈمنامىنى ئېلان قىلىشقا...
ئۆلتۈرگانلارنىڭ ھەممىسى قاتىللارغا چىقىرىلغان ھۆكۈمنى توغرا دەپ ھېسابلىدىمۇ، ھېچقايسىسى يۇسۇپ خوجىدىن بالدۇر ئۆز پىكرىنى ئېيتىشقا ئالدىرىمىدى. بۇنى بايقىغان يۇسۇپ خوجا:
— مېنىڭچە، — دېدى سوراۋنخانىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — موللا سابىر قازى جانابلىرى ئوقۇغان بۇ ھۆكۈمنامە ئاللانىڭ قۇرئانىدا، مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدە بايان قىلىنغان كەلىمىلەرگە تولىمۇ ئۇيغۇن كەپتۇ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سابىر قازىنىڭ ئالدىدىكى رېھىلدە تۇرغان ھۆكۈمنامىغا قول قويۇپ مۆھرىنى باستى.
سوراۋنخانىدىكى ئۆلىمالار بىلەن پازىللار، ئىشانلار بىلەن پىرلار يۇسۇپ خوجىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ھۆكۈمنىڭ توغرا چىقىرىلغانلىقىنى تەكىتلەشتى ۋە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھۆكۈمنامىنىڭ ئاستىغا مۆھرىلىرىنى بېسىشتى.
بۇ چاغدا دەرەخلەرنىڭ سايىسى قىسقىراپ، كۈن قىيامىغا يېقىنلاشقانىدى.
— نۆۋەتتىكى ھۆكۈمنامىنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇساق، — دېدى سابىر قازى.
بۇ تەكلىپ ھەممىگە ماقۇل كېلىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

※ ※ ※

— خەلق سابىر قازىنى بىكارغا «ئادىل قازى» دېمەيدىكەن

جۇمۇسلا، — دېدى ئەدەن قىچىر شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلغا، — ئەگەر بۇ ئادەم «قوينۇمدىكى جانان تاۋاقلارنى تورپاق دەسسۇەتتى»[①] دەيدىغان قازى بولسا، ئاتقان ئوقنى چەنلىگەن يېرىگە تەگكۈزىدىغان ماھىر مەرگەن بولمىسا، شۇنچە ئۆلىما - پازىللارنىڭ ئالدىدا ھودۇقۇپ قالاتتى جۇمۇ.

— شۇنى دېسىلە، بەزى چاغلاردا ئادىللىق دېگەن بۇلبۇل مىسالى خەندان ئۇرۇپ ئالىمنىمۇ، زالىمنىمۇ ئۆزىگە رام قىلىۋالىدىكەن - دە، — دېدى باقاۋۇل.

— ھېلىقى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ قاياشلىرىمۇ، زەئىپىسىمۇ تازا ئەخمەقلەر ئىكەن، — دېدى بىر كىشى مەسچىت تەرەپكە ماڭغان يېنىدىكى ھەمراھىغا، — قىساس ئالمىز دېگۈچە دىيەت ئېلىپ پۇتۇشسە، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئوڭلىنىپ قالمايتتىمۇ.

— شۇنى دېسىلە، بۇ سەمەنلىكلەردە ئۇنداق پاراسەت نېمە ئىش قىلسۇن! — دېدى ئۇ كىشى، — لېكىن بۇ ھۆكۈمنىڭ ماڭا ياققان يېرى سابىر قازى يۇسۇپ خوجىدىن تەپ تارتماي «ئىسھاقىيە»چى ئىشانغا ئۆلۈم جازاسى بەرگىنى بولدى...

يوغان باش باقى ئىشانمۇ مۇشۇنداق ئويغا كەلگەندى. لېكىن، ئۇ لام - جىم دېمىدى...

— يەكەندىن كەلگەن نامەنى غازى بەگ بىلەن نىياز بەگلەر پۇتۇپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ خوجا پېشايۋاندىن چۈشۈۋېتىپ.

— ھەئە، — دېدى سابىر قازى، — كۆرۈپ باقامدىلا؟

— ياق، ھاجىتى يوق. ئۇلار يامان ئادەمنى جازالىماسلىق

① خەلق ئىچىدە بىر دەۋاگەرنىڭ قازىغا جانان تاۋاق بېرىپ ئىشنى ھەل قىلماقچى بولغانلىقى، لېكىن جاۋابكارنىڭ تورپاق بېرىپ ئىشنى ئۆز پايدىسىغا ھەل قىلغانلىقى، دەۋاگەر قازىدىن نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىنى سورىغاندا: «سىلى بەرگەن تاۋاقنى تورپاق دەسسەپ كەتتى ئەمەسمۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى ھەققىدىكى تەمسىل كەڭ تارقالغان.

ياخشى ئادەملەرگە قىلىنغان خىيانەتتۇر دېگەن ھېكمەتنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ.
سابىر قازى بۇ گەپتىن يەكەندىكى ھاكىم ۋە بەگلەرنىڭ يۈسۈپ خوجىغىمۇ دالىم خوجىنى ھىمايە قىلىشنى سوراپ خەت يازغانلىقىنى چۈشەندى...
پېشىن نامىزىدىن كېيىن يۈسۈپ خوجا باشلىق ھەممە ئادەملەر سورۇنخانىغا يەنە جەم بولدى. بۇ قېتىم پاختەكلىدە تۇرۇشلۇق ساۋۇت يانتاقنى پىچاقلىغان ئىككى ئاشىق بىلەن ئۆلارنىڭ پىرى — كالتە ساقال ئىشان ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمنامە ئېلان قىلىندى.
سابىر قازى ھۆكۈمنامىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن كالتە ساقال ئىشانىنىڭ ساۋۇت يانتاق، تۇراخۇن چارساقال قاتارلىق مۇخلىسلىرىغا ئىككى چارەكتىن بۇغداي بېرىپ، يۈسۈپ خوجامنىڭ خوجا ـ ئىشانلارنىڭ يەرلىرىدە ھەقسىز ئىشلەش ۋە ئۆز ھوسۇللىرىنىڭ باش ـ بۇرنىنى ئۇلارغا تەقدىم قىلىش پەرمانىنى كۈچىدىن قالدۇرۇش ھەققىدە نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوردىغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ يۈسۈپ خوجا بىلەن مۇلاقاتتا بولۇپ، بۇ پەرمانىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىكى، نەتىجىدە ساۋۇت يانتاق دېگەن ئادەم ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئالغان ئىككى چارەك ئاشلىقنى كالتە ساقال ئىشانغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى؛ بۇنىڭغا قاتتىق خاپا بولغان كالتە ساقال ئىشانىنىڭ ھۆمە سوپى، تاجى بەگگى دېگەن مۇخلىسلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر تاغاردىن ئاشلىق، بەش مىسقالدىن نەشە بېرىپ ساۋۇت يانتاقنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى ۋە بۇ ئىككى ئاشىقنىڭ ساۋۇت يانتاقنى ئۆيىدىن چاقىرىپ ئاچىقىپ پىچاقلىغانلىقىنى، شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئايالىنى كۆرۈپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ھەپسىگە ئېلىنغانلىقىنى، كالتە ساقال ئىشاننىڭ شۇ كېچىسى غايىب

بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا «قۇمباستى» دېگەن مەھەللىدىكى بىر مۇخلىسنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن تۇتۇلغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— مەزكۇر جىنايەتچىلەرنى مىرشەپبېگى، ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئۈچىمىز بىرنەچچە قېتىم سوئال - سوراق قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىلمىشلىرىغا ئىقرار بولۇشتى، ئاندىن قازىخانىدىكى خىزمەتچىلەر بىلەن بارمەسلىھەت ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازانى بەلگىلىدۇق، — دېدى ۋە گېپىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ رىھىل ئۈستىگە ئېڭىشىۋىدى، كىمدۇر بىرى سوئال قويدى:

— ئۇ پىچاقلانغان ئادەم ھازىر ھاياتمۇ؟

— ھايات، — قازى ئۈچۈن مىرشەپبېگى جاۋاب بەردى، — ئەمما داۋالىنىۋاتىدۇ.

ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى مەمنۇن بولغاندەك يېنىك نەپەس ئېلىشتى. يۈسۈپ خوجا قازىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— قېنى، ھۆكۈمنامىلىرىنى ئوقۇسىلا.

— ئاللانىڭ كالامىدا: «... ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللا (نىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار، ئاللانىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق»[①] دېگەن قەۋلىسى بار. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ھەربىر ئۈممىتىم ئاللانىڭ ئالدىدا كەچۈرۈلۈشى مۇمكىن. لېكىن، ئاشكارا گۇناھ كەچۈرۈلمەيدۇ. بىر - بىرىڭلارنىڭ بوغۇزىغا پىچاق ئۇرىدىغان بولۇپ كەتمەڭلار» دېگەن ھەدىسلىرى بار. بىز ئاللاتائالا بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەزكۇر يوليورۇقلىرىغا ئەمەل قىلغان ھالدا جىنايەتچىلەرگە تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم چىقاردۇق، — دېدى سابىر قازى ھۆكۈمنامىنى ئوقۇپ، — «قۇرئان كەرىم»نىڭ «مائىدە» سۈرىسىدىكى ئايەتنى ئوقۇپ، — « جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە

---

① «قۇرئان كەرىم»، «مائىدە» سۈرىسىنىڭ 2 ـ ئايىتىدىن ئېلىندى.

كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق (يەنى كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش (يەنى كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ) ۋە (كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا، شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا)، بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى)غا كەففارەت بولىدۇ، ئاللا نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر» دېگەن 45 ـ ئايىتىگە، رەسۇلۇللانىڭ: «ئىسلام دىنىدا تۇرۇپ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قىلىقلىرىنى قىلغان ئادەمنى يامان كۆرىمەن»① دېگەن ھەدىسىگە ئاساسەن مۆمىن مۇسۇلمان ساۋۇت بىنىنى مامۇتنىڭ بەدىنىنىڭ يەتتە يېرىگە ئۇرۇلغان پىچاقنىڭ زەربىنى مەزكۇر جىنايەتنى سادىر قىلغان ئادەملەرگە بېرىشنى قارار قىلدۇق، يەنى مەزكۇر جىنايەتنىڭ سەۋەبكارى بولغان كالتە ساقال ئىشاننىڭ بەدىنىدىكى ئۈچ يەرگە — ئوڭ بىقىنىغا، كۆكسىگە ۋە سول قولىنىڭ بىغىشىغا؛ ئىككىنچى، مەزكۇر جىنايەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ھۆمە سوپى بىنىنى ۋارىس بىلەن تاجى ئاخۇن بىنىنى ۋاھىتنىڭ مەيدىسى بىلەن سول يانپىشىغا (ئىچكى ئەزالىرىغا دەخلى يەتكۈزمىگەن ھالدا) پىچاق سانجىلسۇن.

سوراقخانىدا ئولتۇرغانلار بىر دەقىقە جىمىپ قېلىشتى.

— سىلى ئەزىيەت چەككەن كىشى، ئەزىيەت يەتكۈزگۈچىنى ئەپۇ قىلسا، كەففارەت بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ساۋۇت ئاخۇننىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتالىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ خوجا.

— مەنمۇ خوجامنىڭ گېپىگە قوشۇلىمەن، — سابىر قازى جاۋاب بەرگۈچە سۆزگە ئارىلاشتى يوغان سەللىلىك بىر

---

① «مىڭ بىر ھەدىس»دىكى 564 ـ ھەدىس.

ئىشان، — ئەزىيەت چەككۈچىنى كۆندۈرۈش لازىم. بىر - بىرىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىش مۇسۇلمان بەندىلەرنىڭ بۇرچىدۇر. ئەگەر ئەزىيەت چەككۈچى بۇنىڭدىن باش تارتسا، ئەزىيەت يەتكۈزگۈچىلەردىن قىساس ئېلىپ بەرمەي، ئاز - تولا دىيەت ئېلىپ بېرىش لازىم، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىنى بىرنەچچە ئىشانلار قۇۋۋەتلىدى.

— مەنمۇ بۇ ئىشنى دىيەت بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولار دەپ، ساۋۇت ئاخۇن بىلەن بىرنەچچە مەرتەم سۆزلىشىپ كۆردۈم، — دېدى مىرشەپبېگى، — لېكىن ئۇ ئادەم مۇتلەق ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كالتە ساقال ئىشانمۇ: «ھەرقانداق جازا بەرسىمۇ رازىمەنكى، لېكىن دىيەت تۆلەشكە خۇشۇم يوق» دەپ نەچچە قېتىم تەكرارلىدى.

— ھەرقايسىلىرى ئۆز مەسلىھەتلىرىنى توغرا دەپ ئويلىسىلىمۇ، — دېدى سابىر قازى، — مېنىڭ ئاللانىڭ قەۋلىسىگە ئەمەل قىلمىغان زالىم كىشىلەر قاتارىغا كىرگۈم كەلمەيدۇ.

— كالتە ساقال ئىشان تىغ تۇتمىغان تۇرسا، ئۇ كىشىگە چىقىرىلغان ھۆكۈم ئېغىردەك تۇرىدۇ، — دېدى يوغان سەللىلىك ئىشان. بۇ پىكىرنىمۇ يەنە بىرقانچە ئىشانلار قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى.

— ئەگەر، — دېدى سابىر قازى، — كالتە ساقال ئىشان ئۆز مۇرىتلىرىغا تاغارلاپ ئاشلىق ۋە ئادەمنى مەستخۇش قىلىدىغان نەشە بېرىپ بۇ ئىشقا بۇيرۇمىسا، مەزكۇر جىنايەتمۇ سادىر بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئىشانغا تىغ تۇتمىسىمۇ، تىغ تۇتقۇزغىنى ئۈچۈن ئاشۇنداق جازا بېرىش مەتلۇپتۇر (كېرەكتۇر).

باياتىن بېرى بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان يۈسۈپ خوجا يوغان باش باقى ئىشانغا مۇراجىئەت قىلىپ:

— سىلىنىڭ پىكىرلىرى قانداق، ھەزرەتلىرى؟ — دېدى ۋە

ئۇ جاۋاب بەرگۇچە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمنامىگە بولغان كۆزقارىشىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى لايىق كۆردى، — مىنىڭچە، قازى جانابلىرىنىڭ بۇ ھۆكۈمنامىسىمۇ دالىم خوجىلار ئۇستىدىن چىقارغان ھۆكۈمنامىگە ئوخشاش ئادىل ھۆكۈمدۇر.

يۈسۈپ خوجىنىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىشنى كۈتمىگەن يوغان باش ئىشان بىر تەرەپتىن ھودۇقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن «بۇ خوجام شۇنچە ئۆلىما ـ پازىللارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ پىكرىمنى ئاڭلاشنى ئەۋزەل كۆردى» دېگەن ئويغا كېلىپ:

— مەنمۇ ئۆزلىرى ئېيتقان سۆزلەرگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن، بۇ ھۆكۈمنامىسىمۇ ئىلگىرىكى ھۆكۈمنامىگە ئوخشاش ئادىل ھۆكۈمدۇر، — دېدى.

— ئەمىسە ھۆكۈمنامىگە ئىمزا چېكىپ، مۆھۈر باسايلى، — يۈسۈپ خوجا ھۆكۈمنامە يېزىلغان قەغەزگە ئىمزا چېكىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. شۇنىڭ بىلەن قازىخانىغا كەلگەن ئۆلىما ـ پازىللار بىلەن ئىشانلارنىڭ بۇ ھۆكۈمنامىنى تەستىقلاپ ئىمزا چېكىپ، مۆھۈر بېسىشى باشلىنىپ كەتتى.

※ ※ ※

شۇ كۈنى كەچتە قازىخانىغا تەشرىپ قىلىپ، جىنايەتچىلەرگە بېرىلگەن جازالارنى تەستىقلاشقا قاتناشقان ئادەملەرگە خانلىق نامىدىن زىياپەت بېرىلدى. خېلىدىن بېرى شەھەردىكى ئالىم ـ پازىللارغا داستىخان سېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن يۈسۈپ خوجا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. شۇڭا، بۈگۈن ئەتىگەندىلا خۇدايار بەگنى چاقىرىپ زىياپەت تەييارلاش خىزمىتىنى تاپشۇرغانىدى. بۇ ۋەزىپىنى خانىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇشنىڭ پەيتى دەپ ھېسابلىغان خۇدايار بەگ پۈت ـ قولى يەرگە تەگمەي ئورۇنلىدى.

ئۇزاق يىللاردىن بېرى خان ئوردىسىدا يېيىلغان داستىخاننى

كۆرمىگەن ئادەملەر يۈسۈپ خوجىنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولۇش ئۈچۈن دىگەر نامىزىدىن كېيىنلا يىغىلىپ بولدى. ئۇلارنى خۇش كېيەك هاكىم خۇش چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى، هەركىمنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ مېهمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. چاققان كىيىنگەن سۇمباتلىق غۇلاملارنىڭ بەزىلىرى چاي، بەزىلىرى هەر تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى توشۇيتتى. شېرىن ۋە ئاچچىق - چۈچۈك قورۇمىلارنى يەپ، ئىسسىق ۋە قېنىق دەملەنگەن چايلارنى ئىچىپ پېشانىلىرى تەرلىگەن مېهمانلار ئۈنچىدەك پارقىرىغان تەرلىرىنى يوغان ياغلىقلىرى بىلەن سۈرتەتتى. ئۇلارنىڭ هەممىسى يۈسۈپ خوجىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولۇپ، ئۇنى ئىزهار قىلىشنىڭ پەيتىنى كۈتەتتى.

— هۆرمەتلىك مېهمانلار! — دېدى بىر چاغدا يۈسۈپ خوجا — بۈنىڭدىن ئىلگىرى هەرقايسىلىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم مۇلاقاتتا بولغان بولسامىمۇ، لېكىن بۈگۈنكىدەك داستىخان سالمىغانىدىم. رەسۇل ئەكرەمنىڭ: «سۆهبەت ئادەملەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى بۈگۈن قازىخانىدا ۋە مۇشۇ داستىخان ئەتراپىدا بولغان سۆهبەتلەر جەريانىدا يەنە بىر قېتىم كۆردۈم. نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئەهۋاللاشتىم. ئۇلارنىڭ خانلىقىمىزغا بولغان سادىقلىقىنى ۋە قىلىۋاتقان، بۈنىڭدىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزغا يار - يۆلەك بولۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر هېس قىلدىم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن هەربىرلىرىگە قولۇمدىن كېلىشىچە ئاز - تولا هەدىيە تەقدىم قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنىمۇ، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنىمۇ خۇش قىلىشنى ئويلىدىم، — ئۇ گېپىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ هەدىيە ئۈچۈن تەييارلىغان نەرسىلەرنى ئەكىرىشكە ئىشارەت قىلدى. خۇدايار بەگ بىلەن شاهاۋۇدۇن باقاۋۇل ئىچكىرىكى ئۆيدىن يوغان ئىككى بوپىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. هەممە ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى دەرهال

يۇسۇپ خوجىنىڭ يېنىدا تۇرغان بوپىلارغا چۇشتى.
— سىلى رويخەتنى ئوقۇسىلا، — دېدى يۇسۇپ خوجا خۇدايار بەگكە مۇراجىئەت قىلىپ. ئۇ تام تەرەپتىكى تەكچىدىن كۆك مۇقاۋىلىق سوزۇنچاق دەپتەرنى ئالدى ـ دە، بىرىنچى بولۇپ يوغان باش ئىشاننىڭ ئىسمىنى ئاتىدى.
— باقى ئاخۇن ئىشان ھەزرەتلىرى!
ئۆز ئىسمىنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئاتىلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن يوغان باش ئىشان مەغرۇرلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، خۇدايار بەگ:
— خوجامنىڭ ئالدىغا كەلسىلە، ھەزرەتلىرى، — دېدى.
ئۇ سېمىز ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ يۇسۇپ خوجىنىڭ ئالدىدىكى زىلچا سېلىنغان بوش يەرگە كەلدى. يۇسۇپ خوجا شاھاۋۇدۇن تۇتۇپ تۇرغان كالاۋاتۇننى، تىللا رەڭلىك زەر ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان شايى سەللىنى، ئاق شايىدىن تىكىلگەن ۋە بىر مېھرابلىق يىپەك جايىنامازنى قولىغا تۇتقۇزدى.
«ئاق تاغلىق» ئىشانلار ئارىسىدا «مەن ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ نەۋرىسى ئەخمەت خوجامدىن ئىرشاتنامە ئالغان» دەپ ماختىنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ قەشقەردىكى «ئاق تاغلىق» سوپى ـ ئىشىقلاردىن باشقا ئاۋام خەلق ئىچىدىمۇ تەسىر دائىرىسى خېلى بار ئىدى. ئۇ يۇسۇپ خوجىنى «قارا تاغلىقلارنىڭ پېشۋاسى» دانىيال خوجىنىڭ بالىسى بولغىنى ئۈچۈن ئۆچ كۆرەتتى. ئۇنى كۆرگەندە كۇلۇپ، كۆرمىگەندە يامانلاپ غەيۋىتىنى قىلاتتى. ئەمما، يۇسۇپ خوجىنىڭ بۇگۈنكى مۇئامىلىسى، بولۇپمۇ مېھمانخانىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇزۇپ، شاھانە سەرپايىلارنى ھەدىيە قىلىشى يۇرىكىگە ئورنىشىپ قالغان ئۆچمەنلىكىنى ئامبۇر بىلەن سۇغۇرۇپ تاشلىغاندەك بولدى.
— مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى باقى ئاخۇن ئىشان ھەزرەتلىرى خانلىقىمىز قىلىۋاتقان ئىشلارنى، چىقارغان پەرمانلارنى ھەر دائىم قوللاپ كەلدى، — دەپ سۆزىنى داۋام

قىلدى يۈسۈپ خوجا، — بۇ زات ھەرقانداق ئىشنى ئاللانىڭ كالامى، پەيغەمبەرىمىزنىڭ ھەدىس شەرىپلىرىگە ئاساسلانغان ھالدا ئېلىپ بېرىشتا باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسەتتى. خالىقىمىز بۇنداق كۆپنى كۆرگەن ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ياردىمىگە ھەر دائىم موھتاجدۇر.

بۇ گەپلەر يوغان باش ئىشاننىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي:

— رەھمەت، خوجام، — دېگەن سۆز بىلەنلا مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلدى.

يۈسۈپ خوجا خۇدايار بەگكە قاراپ:

— رويخەتلىرىنى ئوقۇسىلا، — دېدى.

— موللا سابىر قازى جانابلىرى!

يۈسۈپ خوجا ئېگىز بويلۇق، چىرايى كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان خۇشخۇي بۇ ئادەمگىمۇ يۈقىرىقىدەك تون كىيدۈرۈپ، شايى سەللە بىلەن شايى كۈلا تەقدىم قىلدى ـ دە:

— مەدرىسىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا بىر خەلپەتنىڭ ئاغزىدىن: «ئىككى قازى دوزاختا، بىر قازى جەننەتتىدۇر...» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ: «بۇ قانداق گەپلىرى، چۈشەندۈرۈپ بەرسىلە؟» دەپ سورىغىنىمدا، ھېلىقى خەلپەت: «ھەقىقەتنى بىلىپ، ھەققانىي ھۆكۈم قىلغان قازى جەننەتتە بولىدۇ. ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن ناھەق ھۆكۈم قىلغان قازى بىلەن ھەقىقەتنى بىلمەي ھۆكۈم قىلغان قازىلار دوزاختا بولىدۇ»① دەپ چۈشەندۈرگەنىدى، — دېيۈدى، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ھەممە مېھمانلار قىزىقىش بىلەن قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشتى، — ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن قازىلارنى كۆرسەم: «بۇ قانداق قازىكىن؟» دەپ ئويلايتتىم. موللا سابىر قازى بىلەن تونۇشۇپ، بۇ ھەزرەتنىڭ ھەققانىيلىق بىلەن چىقارغان

① «مىڭ بىر ھەدىس»كىتابىدىكى 585 ـ ھەدىس.

ھۆكۈملىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «بۇ ئادەم جەننەت ئەھلى ئوخشايدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.

— بۇ گەپلىرىچە، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى خۇش كېپەك ھاكىم چېقىشىپ، — سابىر قازى جانابلىرى «ئىنەكنىڭ سۈتىنى ئىچىش — موزاينىڭ ھەققىنى يېگەنلىك بولىدۇ» دەيدىغان قازىلار تائىپىسىگە كىرىدىكەن - دە؟

بۇ گەپكە مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى كۈلۈۋەتتى.

— شۇنداق، — دېدى يۈسۈپ خوجا جاۋاب بەرگۈچە سابىر قازى، — ئۇ ئىنەكنىڭ يېلىنىغا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ياۋا موزايلار ئېغىز سېلىپ، بىز ئىچىدىغان سۈتنىمۇ قويمايۋاتىدۇ.

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

سابىر قازى يۈسۈپ خوجىغا مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىپ، ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن خۇدايار بەگ قولىدىكى رويخەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

— قاسىم ئاخۇن ئىشان، تىلىۋالدى ئىشان، ئىبراھىم داموللا، ئابدۇسالام بەگ...

شۇ تەرىقىدە بىرقانچە ئۆلىما - پازىل، ئىشان - ئەمەلدارلارنىڭ ئىسمى ئاتىلىپ، ئۇلارغا ھەدىيە تەقدىم قىلىندى.

ئىسمى رويخەتنىڭ ئاخىرىغا يېزىلغان ئەدەن قېچىر بىلەن ئەمەت ئاخۇننى قازىخانىدىكى يىغىنغىمۇ، ئوردىدىكى زىياپەتكىمۇ يۈسۈپ خوجىنىڭ ئۆزى تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرى داخىل بولغان بۇ سورۇنلاردا يۈسۈپ خوجىنىڭ ئۆلىمالار بىلەن ئىشانلارغا بولغان ئەۋرىشىم مۇناسىۋەتلىرىگە قايىل بولۇشقانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۈگۈنكى زىياپەتتە ئۆزلىرىگىمۇ ھەدىيە بېرىدىغانلىقىنى مۇتلەق خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا، خۇدايار بەگ رويخەتكە قاراپ ئۆز ئىسمىنى ئاتىغاندا قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي ياكى سوراشقا جۈرئەت قىلالماي تۇرۇپ

قالغان ئەدەن قىچىر خىلىغىچە ئورنىدىن قوزغالمىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپچىلىكى «بۇ ئەدەنباي دېگەن كىمكىنە؟» دېگەندەك ئۆپچۆرىسىگە قاراشتى.

— ئەدەنباي ئاكا، مەيەرگە كەلسىلە، — دېدى بىر چاغدا يۈسۈپ خوجا. ئەدەن قىچىر شۇ چاغدىلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— خانلارنىڭ مەرھەمىتى كۆلىمۇ، چۆلىمۇ، تاغلار بىلەن دالانىمۇ ئالا قويماي ياغىدىغان يامغۇرغا ئوخشايدىكەن ـ دە، — دەپ يۈسۈپ خوجىنىڭ قېشىغا باردى.

— ئالدىلىرىغا ھارۋا ئەۋەتكىلى تاس قالدۇقمۇ؟ — دەپ چېقىشتى يۈسۈپ خوجا.

— كەچۈرسىلە، خوجام! مەن ئەدەن ئىسىملىك يەنە بىر كىشى بارمىكىن دەپ قاپتىمەن، — دېدى.

يۈسۈپ خوجا ئەدەن قىچىرنىڭ ئۈچىسىغا زەرباب تون يېپىپ، بېشىغا سەرپۇش تۇماق كىيدۈردى.

شۇنىڭدىن كېيىن رويخەتتىن ئەمەت ئاخۇن خەلپەت دېگەن ئىسىم ئوقۇلدى. بۇ ئىسىم ئوقۇلۇشى بىلەن شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ: «سىلىنى دەۋاتىدۇ، تۇرسىلا» دېدى. ئەمەت ئاخۇن خەلپەت ئورنىدىن تۇرۇپ يۈسۈپ خوجىنىڭ قېشىغا كەلگۈچە، ئۆزىگە قاراۋاتقان كۆزلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي قىزىرىپ كەتتى.

— بۇ ئەمەت ئاخۇن خەلپەت دېگەن كىشى مېنىڭ ساۋاقدىشىم بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى يۈسۈپ خوجا، — بىز يەكەندىكى خانلىق مەدرىسىدە بىللە ئوقۇغان، ھازىر بۇ كىشى شەھىرىمىزدە ئېچىلىدىغان مەكتەپتە خەلپەتلىك قىلىدۇ، — ئۇ كىيىنى تۈگىتىپ ئەمەت ئاخۇنغىمۇ زەرباب تون يېپىپ، سەرپۇش تۇماق كىيدۈردى.

شۇنداق قىلىپ، خانلىق زىياپەتكە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپ خوجىدىن رازى بولۇپ قايتىشتى.

# ئۈچىنچى قىسىم

## بىرىنچى باب

جۇڭغارلار ئاپاق خوجىغا ياردەم بېرىمىز دېگەن باھانە بىلەن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە (1679 ـ يىلى) قەشقەرىيەنى ئىشغال قىلىپ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئەكەلگەن بولسا، 18 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چارىكىدە (1723 ـ يىلى) قازاق خەلقىنىمۇ شۇنداق ئېغىر ئازابلىق كۈنلەرگە مۇپتىلا قىلدى. چۈنكى، بۇ يىل قار قېلىن ياغقان بولۇپ، ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭغار خۇنتەيجىسى چىۋاڭ رابدان يەتمىش مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن، ئېدىل ـ يايىق ئارىسىغا ئورۇنلاشقان جۇڭغارلار خانى ئايۇكە دېگەن خان ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن قازاق دالاسىغا بېسىپ كىردى. كۈتۈلمىگەندە بۇ تاجاۋۇزچى لەشكەرلەرنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشى قازاق خەلقىنى ئېسەنگىرىتىپ قويدى. خەلق يىغقان ـ تۆككەن مال ـ دۇنياسىنى، ئارتۇق مۈلكىنى تاشلاپ جەنۇب تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ئورتا يۈز سەمەرقەنت تەرەپكە، كىچىك يۈز خىۋا بىلەن بۇخارا تەرەپكە بېرىپ پاناھلاندى. قىرغىزلار بولسا پامىر تېغىدىكى ئادەمنىڭ ئايىغى تەگمىگەن چوققىلار بىلەن جىرالارغا بېرىپ يوشۇرۇندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ھىسار ۋادىسىغىچە قېچىپ باردى. بۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشقا خۇنتەيجى چىۋاڭ رابداننىڭ ئوغۇللىرى غالدان سېرىن بىلەن چونا دابا (لۇۋزان)لارمۇ بىر تۈمەندىن لەشكەرگە باشلىق بولۇپ قاتناشتى. ئۆز خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ ئېغىر كۈنلەردە قابانباي، بۆگەنباي، جانىبەك دېگەنگە ئوخشاش

بىرقانچە قازاق باتۇرلىرى خەلقنى تەشكىللەپ، شۇ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا تاشكەنت ئەتراپىدا ۋە سىر دەريا بويىدىكى جەڭلەردە جۇڭغارلارغا قاتتىق زەربە بەردى ۋە جۇڭغار خۇنتەيجىسى چىۋاڭ رابدان بىلەن ئىدىل ياقىسىدىكى جۇڭغارلارنىڭ خانى ئايۇكەنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. ھەتتا سەمەكە، ئابىلخايىرخان، باراققا ئوخشاش سۇلتانلار باشلىغان قازاق لەشكەرلىرى ئايۇكە خانغا قاراشلىق سىرىن دۇندۇق بىلەن دورجى نازارلارنىڭ ئىگىلىكىدىكى يەرلەرگە بېسىپ كىردى.

خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدان ئۆلگەندىن كېيىن ئورداباسى دېگەن يەردە قازاقلارنىڭ چوڭ قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، ساۋرىق دېگەن كىشىنى — ئۇلى يۈزنىڭ، بۆگەنباينى — ئورتا يۈزنىڭ، تايلاق دېگەن كىشىنى — كىچىك يۈزنىڭ لەشكەرلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلىدى. قازاق لەشكەرلىرى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاڭىرقاي دېگەن يەردە جۇڭغارلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. قازاق دالاسىنىڭ كۆپلىگەن يەرلىرى جۇڭغارلاردىن تازىلاندى. ئەبىلمەمبەت دېگەن كىشى قازاقلارغا ئۇلۇغ خان بولدى. ئابىلخايىر دېگەن كىچىك يۈزگە، جولبارس دېگەن ئۇلى يۈزگە، سەمەكە دېگەن ئورتا يۈزگە خان بولدى. باراق دېگەن كىشى نايمان قەبىلىسىنىڭ بىر بۆلىكىگە (قىرىق مىڭ تۈتۈن) سۇلتان بولدى.

قازاق دالاسىدا خانلارنىڭ بۇنداق كۆپىيىشىنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىرلىك ـ ئىتتىپاقىنىڭ يوقلۇقىدىن دەپ ھېسابلىغان خۇنتەيجى غالدان سېرىن 1735 ـ يىلى قازاق دالاسىغا ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يەنە بېسىپ كىردى ۋە بۇ ئۇرۇشتا قارا ماللاردىن باشقا ئەللىك مىڭ قوينى ھەيدەپ كەتتى.

ئادەتتە ئۆز ئېلىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ياخشىلاشنىڭ بىردىنبىر يولى باشقا خەلقلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىنى تارتىۋېلىش دەپ چۈشىنىدىغان جۇڭغارلار بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە تېرىسىگە سىغماي ئالچاڭشىپ مېڭىشاتتى.

ئۇلار ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەرلەردە بۇتخانىدىن باشقا بىرەر قۇرۇلۇش سالمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىنى ۋەيران قىلدى... خۇنتەيجى غالدان سېرىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن قازاق دالاسىنى ئىشغال قىلىشنى بىردىنبىر مەقسەت قىلغانىدى. بۇ چاغدا قازاقلار بىلەن چېگراداش بولغان رۇسىيە ھۆكۈمىتى جۇڭغارلار بىلەن قازاقلارنىڭ ئۆزئارا سوقۇشۇپ ھالسىرىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قازاق چېگراسىغا قورغانلار سېلىپ، بەزى خانلار بىلەن سۇلتانلارنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلىپ قازاقلارنىڭ پارچىلىنىشىنى كۈتەتتى.

1731 ـ يىلى غالدان سېرىن قۇبدۇ ۋە خوتۇنتۇر دېگەن جايلاردا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى جەڭ قىلىپ، تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ بىرقانچە يەرلىرىنى بېسىۋالغانىدى. ئاخىر چىڭ سۇلالىسى 1731 ــ 1734 ـ يىللارنىڭ ئارىلىقىدا ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچتى. مۇشۇنداق شارائىتتا كۆرەڭلەپ كەتكەن غالدان سېرىن ئوتتۇرا ئاسىيانى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇپ، قۇدرەتلىك جۇڭغار خانلىقىنى قۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى. لېكىن، بۇ ئويىنى ھېچكىمگە، ھەتتا ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىگە مۇشاۋىر ـ مەسلىھەتچى بولغان ساغا نويانغىمۇ تىنماي، ئىچىدە ساقلىغانىدى. لېكىن، بۇ قېرى نويان ئۇنىڭ بەزىبىر ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، كېيىنكى كۈنلەردە قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەيتتى.

ــ بۈگۈن كېچە شامال باتۇر چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، ــ دېدى بىر كۈنى غالدان سېرىن قاينۇقتىكى قىشلاق ئوردىسىدا ئۆپچۆرىسىدە ئولتۇرغان ساغا نويان باشلىق بىرقانچە يېقىن ئادەملىرىگە قاراپ. ئۇنىڭ شامال باتۇر دېگىنى تونىق دېگەن چوڭ دادىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ قازاقلار بىلەن چېگراداش ئارقاس، ئاڭقاي دېگەن يەرلەردە تۇراتتى. قازاق دالاسىدا بولغان

ئۇرۇشتا بىر تۈمەن لەشكەرنى باشقۇرغان شامال باتۇر ئۇرۇش جەريانىدا رەھىمسىزلىكى بىلەن داڭ چىقارغانىدى. ئۇ يەتتىسۇ تەۋەسىگە قىلغان بىر ھۇجۇمىدا بىرەر يۈزدەك قازاقنى بېلىگە تاش باغلاپ ئىلى دەرياسىغا چۆكتۈرۈۋەتكەنىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا ئىكەن. شامال باتۇر ئوتتۇز ياشقا تولمايلا، بالقاش كۆلى ئەتراپىدا بولغان بىر جەڭدە يەكمۇيەك جەڭگە چۈشۈپ، قازاقلارنىڭ نەۋرۇز باي دېگەن باتۇرىنىڭ چىرمىقىغا چىدىماي ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

— «يامانغا ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۆرۈم يوق» دېگەن گەپ بار، — دېدى ساغا نويان خۇنتەيجى چۈشىدە كۆرگەن شامال باتۇر ئۈچۈن مەيۈسلىنىپ، — ئەگەر شامال باتۇر بۇ كۈنلەرگىچە ياشىغان بولسا جوڭغارلارنىڭ ئاتلىرى ئېدىل بويلىرىدا ئوتلاپ، كىشنەپ يۈرەتتى. بىراق، بۇرھان (خۇدا)مۇ شامال باتۇردەك ياخشى ئادەملەرگە ئامراق ئىكەن - دە، رەھمەتلىكنى ئوتتۇز ياشقا تولمايلا ئۆز يېنىغا ئەكەتتى.

— ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ چۈشىگە شامال باتۇرنىڭ كىرىشى، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى سىپتەن نويان، — ئۇ باتۇرنىڭ روھى يىراققا كەتمەي، تېخىچە جوڭغارلارنى ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بەلكى شامال باتۇرنىڭ روھى ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن ئېيىقتەك كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇ دۇنياغا ئەكەتمەي، ئارىمىزدا تىرىك يۈرگەن بىر جوڭغارغا دارىتىشنى پايلاپ يۈرىدىغاندۇ.

— مەن سىپتەن نويانىنىڭ گېپىگە قوشۇلىمەن، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سارى مانجى ئىسىملىك نويان، — خەلقنى ئاتقا مىندۈرۈپ، قولىغا نەيزە تۇتقۇزغان ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ ئەمرى بولسا ئۇلارنىڭ ئىتتىنى چاپتۇرۇپ، نەيزىسىنى دۈشمەنگە سانجىتىدىغان شامال باتۇردەك قورقماس ئادەملەرنىڭ روھىدۇر.

— نويانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ چۈشىگە

توغرا تەبىر بېرىۋاتىدۇ، — دېدى بىر چاغدا ساغا نويان، — شامال باتۇرغا ئوخشاش دۈشمەنلىرىمىزگە يولۋاستەك ئېتىلىدىغان باتۇرلارنىڭ كۆپ بولۇشى خانلىقىمىزنىڭ شۆھرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيىنى يەنىمۇ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇشلاردا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئادەملەرنى تارتۇقلاش، ئۆلۈپ كەتكەن باتۇرلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن هال سوراشنىڭمۇ ئەهمىيىتى ناهايىتى چوڭدۇر...

بۇ گەپ خۇنتەيجىگە يېقىپ قالدى ئەتىمالىم:

— مەن تېخى تۈنۈگۈنلا لاما دۇرجىغا تۇمەنبېشى بىلەن باتۇرلارنىڭ رويخېتىنى تەييارلىغىن دەپ تاپشۇرغانىدىم، — دېدى ئۇ، — تۇمەنبېشى بىلەن ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى باتۇرلار تۆلكە ئالىدىغان بۈركۈتلىرىمىز ياكى بۆرىنى قوغلاپ تۇتىدىغان بۆرە باسارلىرىمىزدۇر. ئۇلارنى بابىغا كەلتۈرىدىغان ئادەملەر بولسا مۇشۇ ئوردىدا ئولتۇرغان سىلەر بىلەن بىز ئەمەسمۇ.

— شۇنداق، — دېدى سارى مانجى، — مېنىڭچە، لەشكەرلىرىمىزنىڭ بۇ يىل ئاتقا مىنمەي ئۆيلىرىدە ئارام ئالغىنى، ياريدارلارنىڭ داۋالىنىپ ساقايغىنى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ كۆيۈكىنى باسقىنى ياخشىمىكىن.

— مېنىڭ ئويۇممۇ شۇنداق، — دېدى ئۇنى قوللاپ غالدان سېرىن، — هازىرچە بىزگە كېلىۋاتقان خەۋپ يوق، — ئۇ گېپىنى توختىتىپ ساغا نويانغا قارىدى، — تىرىك باتۇرلار بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن باتۇرلىرىمىزنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىدىغان تارتۇقنى قەشقەرىيەدىكى ئارباتۇ[1]لاردىن ئالىدىغان خىراج هېسابىغا قىلساق، قازاق دالاسىدىن هەيدەپ كېلىنگەن ماللار ئوتلاقلىرىمىزدا يېيىلىپ يۈرىۋەرسۇن. ئۇلار خۇدانىڭ يېرىدىن چىققان ئوت ـ چۆپلەرنى يەپ، سايلار بىلەن دەريالاردا

① ئارباتۇ — بېقىنغان، تەۋە بولغان.

ئېقىمۋاتقان سۇلارنى ئىچىپ كۆپىيىۋېرىدۇ. ئەگەر قەشقەرىيەدىن كېلىدىغان خىراجنى ئاز كۆرسەك، ئۇ چاغدا قازاقلار يېرىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان ئەر ـ ئاياللارنى قوشۇمچە تارتۇق قىلساقمۇ بولىدۇ.

— ئەمىرچىمىز ئېيتقان بۇ ئىشلارنى قايسى ئايلاردا ئەمەلگە ئاشۇرساق بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى يارۇغچى نويان.

— 8 ـ ئايدىن كېچىكسە بولمايدۇ. چۈنكى، سوغۇق چۈشۈپ ئالتاي، قوبدۇ ۋە خوتۇنتورغا ئوخشاش يىراق يەرلەردىن كېلىدىغان نويانلار بىلەن باتۇرلارنىڭ قايتىشىغا قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ.

— قەشقەرىيەدىكى ئارباتۇ خوجىلار يىللىق خىراجنى ئادەت بويىچە 9 ـ ئايدا ئەكىلىدۇغۇ.

غالدان سېرىن ساغا نويانغا قارىدى ۋە:

— سىز بۈگۈنلا قەشقەرىيەدىكى ئارباتۇ خوجىلارغا نامە يېزىپ، چاپارمەن ئەۋەتىڭ، ئۇلار 7 ـ ئايدا، كېچىكسە 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يىللىق خىراجنى تاپشۇرسۇن. ئىلاج بار يىللىق خىراجنىڭ ھەممىسىگە بوز (ماتا ـ چەكمەن) ئەكەلسۇن.

— بۇ ئارباتۇ خوجىلار ئاتىسى دانىيال خوجىغا قارىغاندا باشقىچىرەك يول بىلەن مېڭىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى لاما دورجى، — يەكەن تەرەپتىن كەلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ياقۇپ خوجا بىلەن يۈسۈپ خوجىلار ئاتىسىنىڭ ۋاقتىدا زىندانغا سولانغان ئادەملەرگە ئەپۇ ـ ئومۇمىيە ئېلان قىپتۇدەك...

— بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ — دېدى غالدان سېرىن، — ھەرقانداق خان ياكى سۇلتان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئولتۇرغاندا ئۆزىدىن بۇرۇنقى خان بىلەن سۇلتاننىڭ ۋاقتىدا سولانغان ئادەملەرنى ئازادلىققا چىقىرىپ، پۇقرالارنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن

ئۆزلىرىنىڭ سىياسىتىنى يۈرگۈزىدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق. ئۇ خوجىلار خەلقنى مۇشۇنداق يوللار بىلەن ئۆزلىرىگە رام قىلىپ، بىزدىن يۈز ئۆرۈمىسە بولاتتىغۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ غالىدان سېرىن شۇنچىلىك قاتتىق كۈلۈۋەتتىكى، ئوردىدا ئولتۇرغان نويانلار يا ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈشنى، يا كۈلمەي تۇرۇشنى بىلەلمەي قېلىشتى.

— سەن قىزىق ئويلايدىكەنسەن، — دېدى بىر چاغدا غالىدان سېرىن، — مەن دانىيال خوجىنىڭ باشقا بالىلىرىنى بىلمەيمەن، لېكىن ياقۇپ خوجىنىڭ بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇ گۆرۈدە تۇرغان يىللاردا بىزنىڭ ئاجايىپ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنى كۆرگەن ۋە ئۆزى بىلەن ئىنىلىرىنى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزغانلىقىمىزنى چۈشىنىدىغان ئادەم. مېنىڭ پەرەز قىلىشىمچە، ياقۇپ خوجا بىز ئۈچۈن ئاتىسىدىنمۇ ساداقەتلىكرەك، — ئۇ ساغا نويانغا قارىدى، — سىز قانداق ئويلايسىز؟

بۇنداق چاغدا خۇنتەيجىنىڭ پىكرىگە قارشى گەپ قىلىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى ئۆز تەجرىبىسى ئارقىلىق تالاي قېتىم كۆرگەن قېرى نويان:

— مەن ئەمىرچىمىزنىڭ گەپلىرىگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. ياقۇپ خوجا مەرھۇم خۇنتەيجىمىز چىۋاڭ رابدانىنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ بىزنىڭ تەربىيەمىزنى ئالغان. شۇڭا، ئەمىرچىمىز ئېيتقاندەك بىزدىن ئاسانلىقچە يۈز ئۆرۈمەيدۇ. داندار دورغىنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا، قەشقەرىيەدىكى بەزى ئادەملەر بۇ خوجىدىن «ئۇزاق يىللار جۇڭغارلارنىڭ قولىدا تۇرۇپ، دىنىنى ئۇنتۇپ قالغان» دەپ گۇمانلىنىدىكەن. بۇنداق شارائىتتا ئۇ خوجىنىڭ خەلق ھىمايىسىگە ئېگە بولۇشى ئۈچۈن، ئاتىسىنىڭ ۋاقتىدا سولانغان ئادەملەرگە ئەپۇ ـ ئومۇمىيە ئېلان قىلىشى ئىنتايىن توغرا بولغان، — دېدى.

— لېكىن، شۇنىڭغا قارىماي بۇ ئارباتۇ خوجىلارغا كۆز ـ

قولاق بولۇۋاتقان ئادەملەرگە ھوشيار بولۇشنى ئۇقتۇرۇپ تۇرۇش لازىم، — دېدى قوشۇمچە قىلىپ غالدان سېرىن.
شۇ ئارىدا پالۋان قامەتلىك دانچىن دورغا كىرىپ كەلدى ـ دە، خۇنتەيجىگە بىر تىزىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، بېشىنى ئېگىپ سالام قىلدى ۋە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى. بۇنى بايقىغان خۇنتەيجى:
— نېمە گەپ؟ — دېدى ھۆكۈمران ئاۋازدا.
— ئېرەن قابۇرغىدىن بىر كىشى كەلدى. ھېلىقى گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان ئەخمەت خوجا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.
— مەرھۇم ئاتام بىلەن قەشقەردە سوقۇشقان ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسىمۇ؟ — دەپ سورىدى غالدان سېرىن.
— شۇنداق.
ئوردىدا بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.
— ئۇلۇغ ئەمرچىمىز مېنى كەچۈرسۇن، — دېدى بىر چاغدا دانچىن دورغا، — بۇ خوجا بىز ئۈچۈن ئەرزىمەس بىر ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئېلى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئاڭلىنىشى بىلەن، ئۇلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئېرەن قابۇرغا تەرەپكە كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ.
— بۇلار شۇنداق خەق، ئاتام رەھمەتلىك: «بۇ ئۇيغۇرلار ئۆز خۇداسىغا قارىغاندا خوجا ـ ئىشانلارغا جىقراق ئىتائەت قىلىدۇ» دەيدىغان، — دېدى غالدان سېرىن، — مەيلى، ئۆلگەن ئادەم تىرىكلەرگە ھېچقاچان قارشى تۇرالمايدۇ.
— ئۇلۇغ ئەمرچىمىز، مېنىڭ بىر پىكرىم بار، — دېدى ساغا نويان.
غالدان سېرىن ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى.
— ئاپاق خوجىنىڭ ھازىرمۇ قەشقەرىيەدىكى ئارباتۇلار ئارىسىدا خېلى تەسىرى بار، — دېدى ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ، — شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى بېسىش ھەم ئۆزىمىزنىڭ كەڭ قورساقلىقىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆلگەن

خوجىنىڭ ئۆيىگە بىر ـ ئىككى مال بىلەن بەش ـ ئوندەك قوي ئەۋەتسەك ياخشى بولارمىكىن.

خۇنتەيجى بىرپەس تۇرۇپ قالدى. كاللىسىدا «كۆپنى كۆرگەن بۇ قېرى نويانىنىڭ دېگىنىمۇ توغرا» دېگەن ئوي پەيدا بولدى ـ دە:

ــ بولىدۇ، ــ دېدى ۋە يارۇغچى نويانغا قارىدى، ــ بىزگە خەۋەر يەتكۈزۈپ كەلگەن كىشىدىن ئۆلگەن خوجىنىڭ ئۆيىگە ئون قوي بىلەن ئىككى كالا ئەۋەتىپ بېرىڭلار.

※ ※ ※

ياقۇپ خوجا بىلەن يۈسۈپ خوجا باشچىلىقىدا جۇڭغار خانلىقىغا تۆلىنىدىغان خىراج ئارتىلغان كارۋان ئەردەۋىلگە كېلىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە يولغا چىقتى. ئۇلارنى بۇ يەردە ئۈچ ھاكىمى ــ غوجاش بەگ، ئەردەۋىل ھاكىمى ئابدۇۋاھاپ بەگلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك خىراجلىرىنى تەييارلاپ كۈتۈپ تۇرغانىدى.

ئۇلار 7 ـ ئاي بولغىنىغا قارىماي ئۈستى ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان مۇزلۇق داۋانىنى مىڭبىر مۇشەققەتتە بېسىپ، ساي ـ سايلىرى قارىغايلار بىلەن ئارچىلارغا تولغان، ئوت ـ چۆپلىرى سەلكىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان يېشىل تاغلارنى ئارىلاپ شوتا دېگەن يەرگە كەلگەندە يۈكلىرىنى چۈشۈرۈپ، بىر كۈن دەم ئېلىشتى. ياقۇپ خوجا ئابدۇللا باقاۋۇل باشلىق ئىككى ئادەمنى دەم ئالدۇرماي، ئۆزلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن جۇڭغار ئوردىسىغا ئەۋەتتى. بىراق، ئۇلار ئويلىغاندەك، بىر كۈنلۈك يەردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسى بۇ يىل تېكەس ۋادىسىدا بولماي، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى بىر تارمىقى بولغان دىلمۇك تېغىنىڭ تەسكەي تەرىپىدە ئىدى. ياقۇپ

خوجىلار بۇ خەۋەرنى ئابدۇللا باقاۋۇل تېكەس دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئۆتەڭدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەمدىن ئاڭلىدى.

ئۇلار خىراج ئارتىلغان كارۋاننى «سۇ» داۋىنى (هازىر بۇ داۋان «سۇۋاش» دەپ ئاتىلىدۇ) ئارقىلىق دىلمۇك تېغىنى كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن يولغا سالدى ـ دە، ئۆزلىرى ئۇدۇل يول بىلەن، يەنى كىچىك خونخاي دېگەن ساينى ئۆرلەپ ئاخۇر تاغ چوققىسىنىڭ كۈنچىقىشىدىكى سەكرەتمە داۋىنى ئارقىلىق كېتىشنى لايىق كۆردى.

جۇڭغارلارنىڭ قولىدا ئۇزاق يىللار گۆرۈدە تۇرغان ياقۇپ خوجا تېكەس ۋادىسىنى قاپلاپ كەتكەن مال ـ چارۋىنى كۆرۈپ هەيران قالدى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى پايانسىز ئوتلاقلاردا ئۈيۈر ـ ئۈيۈرى بىلەن يۈرگەن يىلقىلار، پادىسى بىلەن يۈرگەن كالىلار، قورۇسى بىلەن يېيىلىپ كەتكەن قويلار تولۇپ كەتكەنىدى. ياقۇپ خوجىنىڭ كۆڭلىگە «بۇلار (جۇڭغارلار) هەممە چارۋا ـ مېلىنى بۇ يىل تېكەس ۋادىسىغا توپلىدىمىكىنە؟» دېگەن ئوي كەلدى. شۇ چاغدا:

— ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرى، — دەپ سۆز قاتتى غوجاش بەگ، — قازاق دالاسىدىن هەيدەپ كەلگەن هەممە قويلىرىنى مۇشۇ ساهىلغا ئورۇنلاشتۇرۇسا كېرەك.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇلار قازاق دالاسىدىن شۇنچە كۆپ چارۋا ـ مال ئولجا ئاپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ خوجا.

— ئۇلۇغ خۇنتەيجى جانابلىرى ئۆتكەن يىلى ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن قازاق ـ قىرغىزلارغا هۇجۇم قىلغاندا پەقەت قويىدىنلا ئەللىك مىڭ تۇياق هەيدەپ كەپتۇ.

— ياپىرىم، — دەۋەتتى يۇسۇپ خوجا، — ئۇ لەشكەرلەرنى غالدان سېرېننىڭ ئۆزى باشلاپ بېرىپتۇمۇ؟

— ياق؟ ئۇلۇغ ئەمىرچىننىڭ سېرىن دۇندۇق ۋە سىپتەن نويان دېگەن باتۇرلىرى باشلاپ بېرىپتۇ.

ئۇلار دىلمۇك تېغىغا يېقىنلىشىپ قالدى. كىچىك خونخاي

غولىدىن كەچتە چىقىدىغان تاغ شامىلى ئۇرۇشقا باشلىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ياقۇپ خوجا، — ھەممىمىز بىر يەرگە چۈشۈپ تۈنەيمىزمۇ ياكى بۆلۈنىمىزمۇ؟

ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار چوڭ ـ كىچىك ئوتتۇزدەك ئادەم بولۇپ، ئارىسىدا ياقۇپ خوجىنىڭ بۇنىڭدىن ئالتە ئاي ئىلگىرى ئۆيلەنگەن ئوغلى مۇھەممەد خوجا بىلەن ئۇنىڭ ئايالى، شۇنىڭدەك يۈسۈپ خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇللا خوجا بىلەن ئەردەۋىلدىكى ئايۇپ خوجا بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان نىزامىدىن خوجا (بۇ ئادەمنى خامۇش خوجا دەپمۇ ئاتايدۇ) ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئايالام دېگەن ئايالى ھەم ئۇلارنىڭ بىرنەچچە خىزمەتچىلىرى بار ئىدى.

— شۇنداق قىلمىساق، قىسىلىپ قالارمىز، — دېدى خۇش كېپەك ھاكىم.

ئۇنىڭ پىكرىنى باشقا شەھەرلەرنىڭ ھاكىملىرىمۇ قوللىدى. ئۇلار كىچىك خونخاي غولىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىككى چاقىرىمدەك ماڭغاندا توختاشتى ـ دە، ئۈچ ھاكىمى غوجاش بەگ بىلەن ئەردەۋىل ھاكىمى ئابدۇۋاھاپلار ئۆزلىرىنىڭ مەھرەملىرىنى ئەگەشتۇرۇپ قۇر دەپ ئاتىلىدىغان يايلاقتا تۇرىدىغان تېكە زەڭگى دېگەن تونۇشىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ياقۇپ خوجا بىلەن يۈسۈپ خوجىنىڭ بىر قىسىم مەھرەملىرى شىرىلداپ سۇ ئېقىۋاتقان غولنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈزلەڭ يەرگە چېدىرلىرىنى تىكىشكە، يەنە بىر قىسمى خەرسەڭ تاشلار تىزىپ، ئوچاق ياساشقا باشلىدى.

— يۈرسىلە، — دېدى ياقۇپ خوجا خۇش كېپەك ھاكىم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ئىنىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، — كۈننىڭ يورۇقىدا ئوتتۇن يىغىپ كېلەيلى.

ئۇنىڭ بۇ گېپى ئۇزۇن يولدا ئاتلىق مېڭىپ، ھاردۇق ئېلىشقا باشلىغان شەھەر ھاكىملىرىنىڭ چىشىغا مۇشت ئۇرغاندەك تەسىر قىلسىمۇ بىلىندۇرمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇن

www.uyghurkitap.com

تېرىپ كېلىشكە بارىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشتى. ئۇلار ياقۇپ خوجىنىڭ: «سىلەر چارچاپ قالدىڭلار» دېگىنىگە ئۇنىماي تاغ قاپتاللىرىغا مېڭىشتى.

— ئەتە، خۇدا بۇيرۇسا، خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىغا يېتىمىز، — دېدى ياقۇپ خوجا يىقىلغان قارىغاينىڭ قۇرۇق شاخلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىپ، — غالدان سېرىنىنىڭ قاچان قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن، يۇسۇپ خوجام، ئۇنىڭ بىزنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. بۇ خۇنتەيجىنىڭ ئۆزىمۇ، ئاتىسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاتام رەھمەتلىككە ئەنە شۇنداق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، قىلغان ئىشلىرىدىن دائىم قۇسۇر چىقىرىپ كەلگەندى، — ئۇ ئۆپچۆرىسىگە ئېھتىيات بىلەن نەزەر تاشلاپ گېپىنى داۋام قىلدى، — سىلىگە بېرىدىغان مەسلىھەتىم، جۇڭغارلارنىڭ قايسىسى بىلەن بولسۇن، تولىمۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇناسىۋەت قىلسىلا. خۇنتەيجىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا توغرا كەلسە، «ئۇلۇغ ئەمىرچىمىز»، «جۇڭغارلار بىلەن بىزنىڭ پاسىبانىمىز» دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ سۆزلەشنى ئۇنتۇمىسىلا، بىز ئۆز ماكانىمىزدا ھۆرمەتلىك بولغىنىمىز بىلەن، بۇ جۇڭغارلار ئۇچۇن ئادەتتىكى بىر ئادەمدىنمۇ تۆۋەن تۇرىمىز. زىراكى، ھەرقانداق ھۆكۈمران ئۆزىنىڭ زالىملىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئادىل دەپ ماختىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. يەنە بىر مەسلىھەتىم، ئۆز ئىچىمىزدىكى بەگلەر ۋە ھاكىملار بىلەن بولغان گەپ - سۆزلەردىمۇ ھوشيار بولسىلا. ئۇلار سىلى بىلەن بىزنى كۆرگەندە بېلى سۇنغۇدەك ئېگىلگەن بىلەن، جۇڭغارلارنى كۆرگەندە بىزنى يامانلاشقا، سېتىۋېتىشكە، چارپۇتلاپ يىقىتىشقا دائىم تەييار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىمىزنى ۋە قىلغان ئىشىمىزنى ئېيىقتىماي - تېمىتماي بۇلارغا يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلىرى بار. ئۆزى مۇسۇلمان

تۇرۇپ خۇدادىن قورقماي، ئۆز قاياشىنى ئورىغا ئىتتىرىدىغان بۇ خىل ئادەملەردىن پايدىلىنىش جۇڭغار ھۆكۇمرانلىرىنىڭ ئاتا كەسپىدۇر، — ئۇ گېپىنى شۇ يەردە توختىتىپ، سۇندۇرغان قارىغاي شاخلىرىنى يىغىشقا باشلىدى. يۇسۇپ خوجا ئاكىسىنىڭ ھەم ئوچۇق، ھەم توغرا گەپلىرىنى ھەزىم قىلالمايۋاتقاندەك بىرھازاغىچە تېڭىرقاپ تۇردى - دە، يوغان بىر شاخنى سۇندۇرۇپ تۆۋەنگە تاشلىدى - دە:

— چىدىسام، تاقىتىم يەتسە بەرگەن مەسلىھەتلىرىگە ئەمەل قىلىمەن. مۇبادا چىدىمىسام، چۇجىسىنى ھىمايە قىلىپ سارغا ھۇرپەيگەن توخۇغا ئوخشاش ھۇرپىيىپ قويارمەن، — دېدى.

— ھەرگىز ئۇنداق قىلمىسىلا، — ياقۇپ خوجا ئېتىراز بىلدۇردى، — ياراتقان ئاللا بۇلارنىڭ زۇلمىنى بىزگە راۋا كۆرگەنىكەن، تارتماسقا ئىلاجىمىز يوق، ئاللا ئۆز بەندىلىرىگە كۆتۈرەلمەيدىغان قايغۇ - ھەسرەتنى بەرمەيدۇ. قايغۇ - ھەسرەتنىڭ ئىچىدە بولسا ھەر دائىم خۇشاللىق كۈنلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. سىلى بىلەن بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ھەممە خورلىنىشلارغا چىداپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان خۇشاللىقنى ئىزدەپ تېپىشتىن ئىبارەت.

«ئاكام توغرا دەۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى يۇسۇپ خوجا يەنە بىر قۇرۇق شاخنى سۇندۇرۇۋېتىپ، — مەنمۇ بىر چاغدا مۇشۇنداق خۇلاسىگە كەلگەنىدىمغۇ. قېنى، ئەللىك نەچچە يىلدىن بېرى رىزقىمىزغا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ جۇڭغارلارنىڭ كارامەتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى.»

ئاڭغىچە سۇندۇرغان شاخلىرىنى يىغىپ، تۆۋەنگە سۆرەپ ماڭماقچى بولغان ياقۇپ خوجا:

— ئەمدى قايتايلى، ئۇكام، مۇشۇ ئوتۇنلارمۇ يېتىپ قالار، — دېدى.

ئۇلار ئوچاق قېشىغا بارغاندا يەنە بىر قاپتالغا ئوتۇن ئالغىلى كەتكەن غازى بەگ بىلەن خوش كېيەك ھاكىملارمۇ

يېتىپ كەلدى.

بىرپەستىن كېيىن چارسىلداپ يانغان قوروق ئوتۇنلار تۈۋى قارىداپ كەتكەن چۆگۈنلەرنى قايناتتى. شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل داستىخان سېلىپ، چاي دەملىدى. يەنە بىر مەھرەم كىچىك ئىككى چۆگۈنگە چاي دەملەپ چېدىرلار تەرەپكە كەتتى. ئۇلار ئوتنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ، شوتىدىن ئېلىنغان نان ـ توقاچلىرى بىلەن بىرەر چىنىدىن چاي ئىچتى. سول تەرەپتىكى جىرادىن ئىككى ئاتلىق ئادەم چىقىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل ياقۇپ خوجىلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشتى ۋە جۈگىلار تىلىدا سالام بەردى. ياقۇپ خوجا بۇلارنىڭ بىرسىنى تونۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە موڭغۇل تىلىدا تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى. ئۇ تونۇپ قالغان جۈگىلار مۇشۇ ئەتراپتىكى ئادەملەر ئىچىدە ھەممىگە تونۇش تېكە زەڭگى ئىسىملىك كۈسا ئادەم، يېنىدىكىسى بولسا ئۇنىڭ خىزمەتكارى ئىدى.

ـــ سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارنى غوجاش بەگدىن ئاڭلىدىم، ـــ دېدى ئۇ، ـــ نېمىشقا بىزنىڭ ئۆيگە بارماي، بۇ يەردە قونالغۇ قىلدىڭلار؟

ـــ سىزگە غوجاش بەگلەر كەتتى، ئۇلارمۇ بىرمۇنچە ئادەم، ئاۋارە قىلمايلى دېدۇق، ـــ دېدى ياقۇپ خوجا.

ـــ سىز قېرى خوجىنى (دانىيال خوجىنى) دورىماپسىز. ئۇ كىشىنىڭ يولى كىچىك خونخايىغا چۈشسە، مېنى يوقلىماي كەتمەيتتى.

ـــ خۇدا بۇيرۇسا، قايتىشىمىزدا يوقلاپ ئۆتەرمىز.

تېكە زەڭگى سىلەرنى ئەكەتكىلى كەلدىم دەپ خېلى قاتتىق تۇردى. ياقۇپ خوجا بولسا چېدىرلارنىڭ تىككىلىپ بولغانلىقىنى، ئايالالارنىڭ يول ئازابى تارتىپ چارچىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىمىدى.

ـــ ئۇنداق بولسا قايتقان ۋاقتىڭلاردا كۈتىمەن، ـــ دېدى تېكە زەڭگى.

ئارىدىن يېرىم سائەتلەردەك ۋاقىت ئۆتۈپ، يەنە شۇ جىرادىن ئىككى ئاتلىق ئادەم چىقىپ كەلدى. ياقۇپ خوجا بۇلارنىڭ يەنە شۇ تېكە زەڭگى بىلەن خىزمەتكارى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— كۆڭلۈم زادى ئۇنىمىدى، — دەپ سۆز باشلىدى تېكە زەڭگى ۋە ئېگىرىنىڭ ئالدىغا ئۆڭكۈرۈۋالغان قوزىنى يەرگە چۈشۈردى - دە، — ھامجىل، — دېدى خىزمەتكارىغا، — نېمە قاراپ تۇرىسەن، قوزىنى چۈشەرمەمسەن؟

پۇتلىرى باغلاقلىق سېمىز قوزىلار ئوچاقنىڭ بىر تەرىپىگە قاتار قويۇلدى.

— ئۆيگە بارغىلى ئۇنىمىدىڭلار، خوجا، — دېدى تېكە زەڭگى، — مۇنۇ قوزىلارنىڭ گۆشىنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىڭلار.

— ئاۋارە بوپسىز، رەھمەت.

— قېرى خوجا بىلەن كۆڭلۈم يېقىن ئىدى، — دەپ سۆزلەپ كەتتى تېكە زەڭگى، — ئۇ كىشى تولىمۇ ياخشى ئادەم ئىدى. ياخشى ئادەمنى خۇدامۇ ياخشى كۆرىدىكەن. مېنىڭ بۇ يايلاقلاردا ئات چېپىپ يۈرۈشۈمگە شۇ قېرى خوجا سەۋەب بولغان.

ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەب، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى جۇڭغار خانلىقىغا خىراج تاپشۇرۇپ قايتقان دانىيال خوجىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن داندار دورغا ئۆزىنىڭ جۇڭغارلار ئارىسىدا ئاتاقلىق ئادەملەردىن تۇغقانلىرى بارلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن: «مايەردە تېكە زەڭگى دېگەن تاغامنىڭ ئۆيى بار، شۇ كىشىنىڭ ئۆيىدىن بولسىمۇ بىر قوزا يەپ كەتمىسىلە رەنجىپ قالىمەن» دەپ ئەكەلگەنىدى. بىراق، بۇ ئۆينىڭ ئادەملىرى قوزا سويۇش تۇرماق، بىر چىنە چايمۇ بېرەلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى ھارارىتى ئۆرلەپ ھالسىز ياتقان تېكە زەڭگىنىڭ ئەتراپىدا ئاۋارە ئىكەن.

تاغىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن داندار دورغا ئۆزى باشلاپ كەلگەن دانىيال خوجا باشلىق مېھمانلارنى ئۇنتۇپ، يىراق -

يېقىندىكى تۇغقانلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، خەۋەر قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتى.

— تاغام تولىمۇ ياخشى ئادەم ئىدى، — دەپ قايغۇردى دانىيال خوجىنىڭ قېشىغا كېلىپ، — ھېلىمۇ خۇدا بۇيرۇغاندەك بۇياققا يولۇم چۈشۈپ قاپتۇ. بولمىسا كۆرەلمەي قالاتتىمكەن.

— ۋايىم قىلماڭ، خۇدايىم شىپالىق بېرەر، — دېدى دانىيال خوجا ۋە بۇ يەردىن قوزغىلىپ كېتىشنى مەسلىھەت بەرگەن غازى بەگكە قاراپ، — مۇنداقلا كەتسەك بولماس، داندار دورغىنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالار. ئۇنىڭدىن تېكە زەڭگىنى يوقلىغان بولۇپ ئۆيىگە كىرەيلى - دە، ئاندىن دورغىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ئاتلىنايلى.

ئۇلار ئالتە كەرگىلىك يوغان ئۆيگە كىرىشتى. بۇلارنى كۆرۈپ تېكە زەڭگىنىڭ بالىچاقىسى بىر تەرەپكە سۈرۈلدى. دانىيال خوجىلار تېكىمەت ئۈستىگە سېلىنغان قېلىن كۆرپىدە كۆزىنى يۇمۇپ ياتقان زەڭگىنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى. داندار دورغا:

— تاغا، سىزنى دانىيال خوجاملار يوقلاپ كەپتۇ، — دېۋىدى، تېكە زەڭگى قارايغان يۈزىدىكى قىسىق كۆزلىرىنى ئاران ئاچتى - دە، گەز باغلاپ كەتكەن قېلىن كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ:

— بىرنەچچە كۈن بولدى ئىچىم كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپ نالە قىلدى، — داخانلارنىڭ ئوقۇشىمۇ پايدا قىلمىدى... — ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. دانىيال خوجا زەڭگىنىڭ چېكە تومۇرلىرىنىڭ لوقۇلداپ تۇرۇشىدىن ئۇنىڭ ئىسسىتمىسىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. بىلەك تومۇرلىرىنى تۇتۇپ، بەدىنىنىڭ ئوت - كاۋاپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ تالاغا چىققاندىن كېيىن ئابدۇللا باقاۋۇلغا خۇرجۇندىكى سانادىن ئازراق ئەكىلىشنى بۇيرۇپ، داندار دورغىغا قايناق سۇ

تەييارلاشنى ئېيتتى. ئاندىن بىر ئاياق قايناق سۇغا بىر ئوچۇم سانانى سېلىپ، ئۈستىنى بىرپەس يېپىپ قويدى ـ دە، ئاندىن ئۇنى يەنە بىر ئاياققا بىر پارچە ماتانى سۈزگۈچ قىلىپ يۆتكىدى، داندار دورغىغا:

— مۇشۇ دورىنى زەڭگىگە ئىچۈرۈڭ، خۇدايىم شىپالىق بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى. جېنى ئاغرىغان ئادەم ئالدى بىلەن خۇدادىن، ئاندىن كېيىن تېۋىپلار بىلەن موللىلاردىن ياردەم سورايدۇ. ئۇلارنىڭ ياردىمىدىن پايدا بولمىسا، ئۆزىگە دۈشمەن بولغان ئادەملەرنىڭ ياردىمىنىمۇ رەت قىلمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، تېكە زەڭگىمۇ دانىيال خوجىنىڭ دورىسىنى رەت قىلماي، ئاياقتىكى تاۋۇلىنىپ قالغان سانا سۈيىنى ئىچىۋەتتى.

— ئەمدى بىزگە رۇخسەت قىلىڭ، قايتايلى، — دېدى دانىيال خوجا كىگىز ئۆيدىن چىققان داندار دورغىغا.

دانىيال خوجىلارنى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە مېھمان قىلىپ ماختانماقچى ۋە كېلەر يىلى قەشقەرىيەدىن كېلىدىغان خىراجلار بىلەن بىللە ئۆزىگە ئاتالغان سوۋغا ـ سالاملارنىڭ كۆپ بولۇشىغا زېمىن ھازىرلىماقچى بولغان داندار دورغا بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەي قالغانىدى. لېكىن، ئۇ دانىيال خوجا بەرگەن دورىنىڭ تېكە زەڭگىگە قانداق تەسىر قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قايتىشىنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇ:

— تاغامنىڭ ئۆيى بولمىسا، ئەنە ئاۋۇ يەردە بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيى بار. شۇ يەرگە بېرىپ مېھمان بولسىلەر، — دېدى ۋە دانىيال خوجىلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇلدىكى دەپسەڭ (تاغ ئۈستىدىكى تۈزلەڭ يەر)گە تىكىلگەن يەنە بىر جوڭغارنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى. بىراق، جوڭغارلارنىڭ ئۆيىدىن ئوچۇق ئاسماننىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرگەن دانىيال خوجىلار ئۆيگە كىرىشكە ئۇنىماي، تالاغىلا كىگىز سالدۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى ئۆي ئىگىلىرىنى خۇشال قىلدى ئەتىمالىم،

www.uyghurkitap.com

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى پارچە كىگىز ۋە بىر دانە گىلەمنى كۆك چۆپنىڭ ئۈستىگە يېيىپ چاي تەييارلىدى.

ـــ بۇ ئۆي جۇڭغارنىڭ بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانلار سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار، ئۇلار ئاۋۇ كەپىدە تۇرىدۇ، ـــ دېدى داندار دورغا ۋە ئۇلارنىڭ قازاق دالاسىدا بولغان ئۇرۇشتا ئۆلجىغا ئېلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئاڭغىچە يېشى توختىغان ئاقساق بىر كىشى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىر قوزىنى يېتىلەپ كېلىپ:

ـــ قېنى، قوناقلار، باتا بېرىڭىزدەر؟ ـــ دېدى.

دانىيال خوجىلار دۇئا قىلىشتى.

تاغلارنىڭ ھەممىسى گۈزەل، ھاۋاسى ساپ بولىدۇ. بولۇپمۇ دىلمۇك تېغىنىڭ قوينىدىكى يەرلىك خەلقلەر «قۇر» دەپ ئاتايدىغان بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىمۇ، مەنزىرىسىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، جەننەت ماكان ئىدى، جۇڭغارلارنىڭ نويانلىرى بىلەن تەيجىلىرى يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزەتتى. بەزى يىللىرى لاما دىنىنىڭ پېشۋالىرى تېكەس ۋادىسىدىكى بۇتخانىدا تۇرىدىغان مەبۇدىسىنى يايلىتىش ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە ئاچىقىپ داغدۇغىلىق ھالدا بايرام قىلاتتى.

دانىيال خوجىلار مۇشۇنداق گۈزەل تاغلارنىڭ پەيزىنى ئۆز خەلقى كۆرمەي، جۇڭغارلارنىڭ كۆرۈۋاتقانلىقى ھەققىدە ئوي ـ خىياللارغا بېرىلىپ ئولتۇرغاندا بىر جۇڭغار ئۇلارنىڭ قېشىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە، داندار دورغىغا تېكە زەڭگىنىڭ خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى، خوجىلارنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، دانىيال خوجا بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى.

ـــ سىز ئاۋارە بولماڭ، دورغا، ـــ دېدى ئۇ، ـــ بىز ئەمدى يولغا چىقايلى. زەڭگىنىڭ ياخشى بولۇپ قالغىنى ھەممىمىز ئۈچۈن خۇشاللىق. زەڭگى بىر ھەپتىگىچە گۆش ـ ماي يېمىسۇن. مەن بايىقى دورىدىن يەنە ئازراق بېرەي، ئىچى

كەلمىگەن چاغدا قايىنىتىپ ئىچسۇن، ـــ ئۇ ئـابدۇللا باقـاۋۇل سۇنغان خالتىدىن ئازراق سانا ئېلىپ داندار دورغىغا بەردى.

شۇنىڭدىن بېرى ئـۆزىنىـڭ تـىرىك قـېلىشـىنى دانىيـال خوجىنىڭ سەۋەب قىلىشىدىن دەپ چۈشەنگەن تېكە زەڭگى دانىيال خوجىنىڭ ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلىغاندا: «ئەگەر يېقىن يەر بولغان بولسا، ئۇ خوجىنىڭ ئۆلۈمىگە يىلقا يېتىلەپ بارغان بولاتتىم» دەپ ئارمان قىلغانىدى. بۈگۈن بولسا دانىيال خوجىنىڭ ئوغۇللىرى خىراج ئەكەلگەنلىكىنى غوجاش بەگلەردىن ئاڭلاپ، دانىيال خوجىنىڭ شۇ ياخشىلىقىنى ئۇنىڭ باللىرىغا قايتۇرۇشنى نىيەت قىلغانىدى.

※ ※ ※

يـاقۇپ خـوجىلار بـامدات نـامىزىنى ئـوقۇپ ناشتا قىلىشتى ـ دە، يولغا چىقتى. ئۇلار تاغ جىرالىرىدىن ئۆرلەپ، ئېگىز قاپتاللارنى ئـارقىغا تـاشلاپ، ئاخىر تـاغ چوققىسىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى «سەكرەتمە» ۋادىسىغا كەلدى. خەرسەڭ تاشلاردىن خۇددى ناباب ئۇستىلار ياسىغان پەلەمپەيدەك ئـوي ـ دوڭغۇل بۇ داۋاندىن يۇقىرىغا چىقىشتىن كۆرە، تۆۋەنگە چۈشۈش مۈشكۈل ئىدى. بۇنداق يەرلەردە ئات مىنىپ ئۆگەنگەن ئادەملەر بولمىسا، باشقا كۆپلىگەن ئادەملەر ئاتلىرىنى يېتىلەپ پىيادە ماڭاتتى. ياقۇپ خوجا باشلىق بىرقانچە ئادەملەرلا بۇ داۋاندىن ئاتلىق چۈشتى. قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىرىنى يېتىلەپ پىيادە چۈشۈشتى. ئۇلار داۋاندىن پەسكە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ «پەس» دەپ ئاتالغان يەرلەر دېلىمۇك تېغىنىڭ ئېگىز يەرلىرى ھېسابلىناتتى. شىمال تەرەپتە سوزۇلۇپ ياتقان ئاق يىلاندەك ئىلى دەرياسى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنىڭ دەل ـ دەرەخلىرى، قـايىنۇق مەھەللىسىگە سېلىنغان كۈمۈش سۈمبە (بۇتخانا)نىڭ ئاپپاق

چېدىرى كۆرۈنەتتى. يولنىڭ سول تەرىپىدە «چوڭ بۇغرا» بىلەن «سوپۇمبۇلاق»، ئوڭ تەرىپىدە جاغىستاي غولى باشلىنىدىغان ئېگىز تاغلار جايلاشقانىدى. داۋاننىڭ ئەتراپىدا يورغىلاپ يۈرگەن ئۈلارلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

ياقۇپ خوجىلار ئېگىز قىرنى بويلاپ مېڭىپ، بىر دۆمبەلگە چىققاندا ئىختىيارسىز ئاتلىرىنى توختاتتى. چۈنكى، كۆز ئالدىدا يېقىنلا يەردە خۇتەنتەيجىنىڭ ئاق ئوردىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا تىكىلگەن قىرىق - ئەللىكتەك كىگىز ئۆيلەر كۆرۈندى. لېكىن، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن ئادەملەر كۆزگە چېلىقمايتتى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى غازى بەگ ياقۇپ خوجىدىن، — خاننىڭ ئوردىسىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ كۆرىمىزمۇ؟

— ياق، ئوردا كۆچۈپ كەلگەن بىلەن ئۇنىڭ ئىگىلىرى تېخى كەلمىگەن ئوخشايدۇ، — دېدى ياقۇپ خوجا ۋە ئۆزىنىڭ بۇ پەرىزىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، — قېنى ئىلگىرىلەيلى، — دېگىنىچە ئېتىنى دېۋىتتى.

ئۈلارنىڭ يولى خاننىڭ ئوردىسى تىكىلگەن «چۆلتەكچە» ناملىق دەپسەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتەتتى. شۇڭا، ياقۇپ خوجىلار يولدىن چىقىپ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى قىرغا بىلەن مېڭىشتى. ئۈلار يۈز مېتىردەكمۇ ماڭماي، ئىككى لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ داندار دورغا يەردىن ئۇنۇپ چىققاندەك پەيدا بولدى ۋە ئۇنىڭ شىددەتلىك تۈرۈلگەن چىرايى ياقۇپ خوجىلارنى كۆرۈپ، خۇددى بۇلۇتى تارقىغان ئاسماندەك ئېچىلىپ كەتتى.

— بىز سىلەرنى يەنە ئون كۈنلەردە كېلەرمىكىن دەپ ئويلىغاندۇق، — دېدى ئۇ ياقۇپ خوجىغا قاراپ، — خىراجنى قانداق قىلدىڭلار؟

— ئەكەلدۇق، — دېدى ياقۇپ خوجا.

— تولا ياخشى بوپتۇ، — داندار ئۆزىچە ماختىنىپ

قويدى، — بۇرناكۇن ئۇلۇغ ئەمرچىمىز قەشقەرىيەدىكى خوجىلار مۇشۇ ھەپتىدە خىراجنى يەتكۈزۈپ كەلسە، تازا ئوبدان بولاتتى دېگەندى.

ياقۇپ خوجا داندار دورغىنىڭ ئۆزىنى ئوردىدىكى نويانلار قاتارىغا قويۇپ پو ئاتقانلىقىغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە:

— بىز ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنى مۇشۇ تاغدا كۈتىمىزمۇ ياكى قىشلاق ئوردىغا بارىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ يەردىمۇ كۈتمەيسىلەر، قىشلاق ئوردىغىمۇ بارمايسىلەر، — دېدى ئۇ، — سىلەر ئۇچۇن «سايىباغ» (بۇ مەھەللە قاينۇقنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، ھازىر ئۇ يەرنى «شەھەرباغ» دەپ ئاتايدۇ. خارابىسى تېخىچە ساقلانغان) دېگەن مەھەللىدە ئورۇن تەييارلىدۇق، — ئۇ يېنىدا تۇرغان لەشكەرلىرىگە قاراپ، — مەن بۇ مېھمانلارنى ئەكىتىۋېرەي، سىلەر ئوردىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىڭلار، — دەپ جېكىلىدى.

ياقۇپ خوجىلار «نۇراخۇنبۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان تاغ بۆكتەرىدە ئىككى سائەتتەك چۈشكۈن قىلىپ، كۈن ئولتۇرارغا يېقىن «سايىباغ» مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن داندار دورغىغا قەشقەرىيەدىكى خوجا ـ ھاكىملارنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئوردىغا خەۋەر يەتكۈزۈشنى تاپشۇردى.

«سايىباغ» دېگەن بۇ كىچىككىنە مەھەللىنىڭ كوچىلىرى تار، سوقما تامدىن ياسالغان ئۆيلىرى پاكار بولۇپ، بۇ يەردە جۇڭغارلارنى ئاشلىق، مىنىدىغان ئاتلىرىنى يەم ـ خەشەك بىلەن تەمىنلەيدىغان بىرقانچە ئۆيلۈك ئۇيغۇر دېھقانلىرى تۇراتتى. ئۇلار قىش پەسلىدىن باشقا چاغلاردا ئىتىز ـ ئېرىقلارغا ياسىۋالغان كەپىلەردە ياشايتتى.

خۇنتەيجى غالدان سېرىن ياقۇپ خوجىلارنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىرىمىدى. ئەمما، بۇلارنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ئوردا

ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان كونا ئەمەلدارلار بىلەن ياقۇپ خوجىنىڭ تونۇش ـ بىلىشلىرى كېلىپ تۇردى. ئۇلار ياقۇپ خوجىدىن ئاتىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە كۆڭۈل سوراپ، خانلىق مەنسىپىنى مۇبارەكلەشتى. دانىيال خوجىدىن سوۋغا ـ سالام ئېلىپ ئۆگەنگەن بەزى ئەمەلدارلار تەمەگەرلىك بىلەن خۇش چىراي كۆرسىتىپ ھال سورايتتى.

ياقۇپ خوجىلارنىڭ كۆپ ۋاقتى ئۆزلىرى بىلەن بىللە كەلگەن ئادەملەردىن باشقا، كۆچا بىلەن تۇرپان تەرەپلەردىن خىراج ئەكەلگەن ھاكىم ـ بەگلەر بىلەن ئۆتەتتى.

بۈگۈن ئۇلارنىڭ قېشىغا موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن سىپتەن نويان كەلدى. بۇ نويان ياقۇپ خوجا بىلەن ھەم قۇرداش، ھەم كۆڭلى يېقىن، تېكەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى «ئاغىياز» دېگەن تاغدا بىرنەچچە سايغا پاتمىغۇدەك مىلى ۋە جۇڭغارلار ئارىسىدا ئاتاق ـ ئابرۇيى بار ئىدى، ئۆتكەن يىلى قازاق دالاسىدا بولغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن خۇنتەيجى غالداننىڭ ئىشەنچلىك نويانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

— سىزگە قەشقەرىيە يېقىپتۇ. (بۇ مەنسەپ يارىشىپتۇ دېگىنى ئىدى) ياشىرىپ قالغاندەك بولۇپ قاپسىز، — دېدى سىپتەن نويان.

— سىلىنىڭ كەلگەنلىرىنى بۈگۈن ئەتىگەن ئاڭلىدىم، — دەپ قوشۇمچە قىلدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر.

جۇڭغارلار ئوردىسىدا بولۇۋاتقان ۋە بولىدىغان چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خۇنتەيجىنىڭ ئۆزىلا خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. ئەمەلدارلار بولسا پەقەت ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئىشلارنىلا قىلاتتى. بىرسى قىلغان ئىشنى يەنە بىرسى بىلمەيتتى. بىرسى ئاڭلىغاننى يەنە بىرسى ئاڭلىمايتتى. مەرھۇم چىۋاڭ رابدان خۇنتەيجىنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ قېلىپلاشقان بۇ ئادەتنى غالدان سېرىن تېخىمۇ

جانلاندۇرۇۋەتكەندى. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان ۋە قىلىدىغان ئىشلارنى باشقىلارنىڭ بىلىشىنى، قىلىشىنى ياقتۇرمايتتى. جۇڭغارلارنىڭ بۇ خىل ئىش ئۇسۇللىرىنى بىلىدىغان ياقۇپ خوجا سىپتەن نويان بىلەن موللا ئىبراھىم مەشھۇرلارغا يوقلاپ كەلگەنلىكى ئۇچۇن ئىنتايىن مىننەتدار بولغانلىقىنى بىلدۇردى.

— ھازىر ئىشلىرىمىز ناھايىتى كۆپ ۋە ئالدىراش، — دېدى سىپتەن نويان، — ئۇلۇغ ئەمىرچىمىز يازلىق ئوردىسىنى كۆچۈرۈپ قويغىنى بىلەن، بەزىبىر مۇھىم ئىشلار تۇپەيلى قىشلىق ئوردىدا تۇرۇۋاتىدۇ، — ئۇنىڭ كۆزى ياقۇپ خوجىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئولتۇرغان يۇسۇپ خوجىغا چۈشۈپ، دەرھال گېپىنى يۆتكىدى، — بۇ يىگىت قەشقەر شەھىرىگە خان بولغان ئىنىڭىزمۇ؟

— شۇنداق.

— چىرايىغا قاراپ شۇنداقمىكىن دەپ ئويلىغۇدىم. كۆزى دانىيال خوجىنىڭكىگە ئوخشاش سارغۇچراق، بۇرنى بولسا قىرلىق ئىكەن.

— ئۇلۇغ ئەمىرچىمىزنىڭ تەن ساقلىقى ياخشىدۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا بۇلارنى خۇنتەيجىنىڭ خاھىشى بويىچە كەلدى دېگەن ئوي بىلەن.

— ئەمىرچىمىزگە تىل تەگمىسۇن، يىلقىلارنىڭ ئارىسىدىكى سېتەردەك قىيغىتىپ، كىشنەپ يۈرىدۇ، — دېدى نويان ۋە، — سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى بۈگۈن ئەتىگەن شۇ كىشىدىن ئاڭلىدىم، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— ئىلاھىم، ئەمىرچىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي، — ياقۇپ خوجا ئىبراھىم مەشھۇرغا قاراپ گېپىنى يۆتكىدى، — سىلىنىڭ ئۆي ئىچى سالامەتمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، ھازىرچە يەر دەسسەپ يۈرىدۇ.

— بۇ ئادەمگە توقال قىلىۋېلىڭ دەپ، بىر قىرغىزنىڭ

قىزنى تارتۇق قىلسام ئالغىلى ئۇنىمىدى، — دەپ چىقىشتى سىپتەن نويان، — ئەگەر ئالغان بولسا ياشىرىپ كېتەتتى - دە...

— قېرىغاندا مومايىنىڭ قارغىشىغا قالماي دېدىم، نويان، — دېدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر.

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ تەربىيەسىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىرنەچچە غوجىزادىلەرنى ئالغاچ كەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، — دەپ ياقۇپ خوجىغا مۇراجىئەت قىلدى سىپتەن نويان. بۇ ئۇنىڭ «گۆرۈگە قويىدىغان ئادەملەرنى ئەكەلدىڭمۇ؟» دېگىنى ئىدى.

— شۇنداق. ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ قولىدا تەربىيەلەنسۇن دەپ، مەن بىر ئوغلۇمنى ۋە ئىنىم نىزامىدىن خوجىنى ئائىلىسى بىلەن، يۈسۈپ خوجا بولسا چوڭ ئوغلىنى ئەكەلدى.

— مەن قېرى خوجىنىڭ ئەۋلادىنى ياقۇپ خوجا ئۆزى تەربىيەلىسىمۇ بولىدۇغۇ دېگەن پىكىردە بولۇۋىدىم، لېكىن باشقىلار: «ئۇنداق قىلساق جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئەنئەنىسىنى بۇزغان بولىمىز» دېيىشتى، — سىپتەن نويان بۇ گېپى ئارقىلىق ئۆزىنىڭمۇ ۋە باشقا جۇڭغار ئەمەلدارلىرىنىڭ ياقۇپ خوجىلارغا نىسبەتەن يامان نىيەتتە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشەنگەن ياقۇپ خوجا:

— جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ بۇ ئەنئەنىسىگە پەقەت ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىلا بويسۇنماسلىقى مۇمكىن، — دېدى.

ياقۇپ خوجىنىڭ ھەربىر گېپىدىن قانائەت ھاسىل قىلغان سىپتەن نويان ئورنىدىن تۇردى - دە:

— خانلىقىمىزنىڭ تەربىيەسىگە ئەكەلگەن ئادەملەردىن ھەرگىز ۋايىم قىلماڭلار. ئۇلۇغ ئەمرچىمىز ئۇ كىشىلەرگە ھەر دائىم غەمخورلۇق قىلىدۇ، — دېگىنىچە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — خىراج ئەكىلىۋاتقان كارۋاننىڭ ئالدى - كەينى كېلىپ بولغۇچە، ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ ئىشلىرى سېلىكىپ قالار، — ئۇ موللا ئىبراھىم مەشھۇرنى ئەگەشتۈرۈپ، ياقۇپ خوجىنىڭ تۇتقىنىغا ئۇنىماي، ئاتلىرىغا مىنىشتى.

— بۇلار شۇنداق خەق، — دەپ يۈسۈپ خوجىغا دەرد تۆكتى ياقۇپ خوجا، — ئۆزلىرىدىن باشقا خەقلەرنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. ئاتام رەھمەتلىك كۈندە بىرنەچچە قېتىم: «ئەي، رەببىم، ماڭا ئوخشاش گۇناھكار قۇللىرىڭنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن، پادىشاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەپ دۇئا قىلىدىغان، ئەمدى يارانقان ئاللاغا شۇنداق دەپ ئىلتىجا قىلىش بىزگە مىراس بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ جۇڭغارلارنىڭ يوغانچىلىقىنى قارالڭ، خۇددى ئاتا - بوۋىسىنىڭ بىزگە ئۆتكۈزۈپ قويغىنى باردەك ياكى بىز خەقنىڭ رىزقىنى ئۆزلىرى بېرىۋاتقاندەك تەكەببۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدا.

— ھۆكۈمران خەقنىڭ مۇئامىلىسى ھەرقاچان مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى يۈسۈپ خوجا.

— توغرا دەيدىلا. ئەمما، بۇلارنىڭ بىزگە قارىتا ئادەتتىكى ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنىمۇ راۋا كۆرمىگىنىنى دەيمەنا. شۇنچە نۇرغۇن مال - دۇنيانى ئارتىپ، شۇنچە يىراق يەردىن ئالدىغا كەلسەك، شىرنىسى يوق شاپاقتەك ئېتىبارسىز قالدۇرغىنىنى قارىسىلا. ھېلىقى موللا ئىبراھىم مەشھۇرمۇ ياۋىلىشىپ قالغاندەك، بىرەر سائەت ئايرىلىپ قالماي سىپتەن نويان بىلەن بىللە كەتتى.

— ئۇ ئادەمدىن رەنجىگەنلىرى توغرا ئەمەس، — دېدى يۈسۈپ خوجا، — خاننىڭ ئوردىسىدىكى تىلماچلار پەگاھقا يېشىپ قويغان كەشكە ئوخشاش، بۇ كەش قايسى نويان ۋە قايسى ئەمەلدارغا لازىم بولسا پۇتىغا سايىدۇ - دە، كېتىۋېرىدۇ.

شۇ ئەسنادا بۇلارنىڭ قېشىغا كۇچا ھاكىمى ئابدۇكېرىم بەگ كىرىپ كەلدى.

— كەلسىلە، — دېدى خۇشال بولغان ياقۇپ خوجا، — تۈنۈگۈن سىلى بۇلارنى: «قولىدىن بۇلاڭچىلىقتىن باشقا ئىش كەلمەيدىغانلار» دەپ زارلانغاندا بىرەر سائەتتەك تەسەللى

www.uyghurkitap.com

بەرگەندىم. ئەمدى تەسەللى بېرىش نۆۋىتى سىلىگە كەلدى.

— بۇ گەپلىرىگە قارىغاندا، پىغانلىرى ئۆرلەپ قاپتۇ ـ دە، خوجام؟ — دېدى ئۇ.

ياقۇپ خوجا بۇنىڭدىن يېرىم سائەت ئىلگىرى سىپتەن نويان بىلەن موللا ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ كەلگەنلىكىنى ۋە ئارىدا بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئېيتىپ:

— ھازىر غالدان سېرىن قانداقتۇر بىر مۇھىم ئىشلار بىلەن بەند ئىمىش. يەنە ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە بىزنى قوبۇل قىلماسمىش، — دېدى.

— مەيلى ئەمەسمۇ، — دېدى ئابدۇكېرىم بەگ، — ئۇنىڭ تەلەتىنى كۆرۈشكە بىزنىڭمۇ خۇشىمىز يوق. ئالدىغان خىراجىنى ئېلىپ، يۇرتىمىزغا قايتۇرسا بولدى ئەمەسمۇ.

— شۇنى دېسىلە، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قوللىدى يۇسۇپ خوجا، — ئاكامنىڭ ئاغزىدىن «ئۆزىمىزنىڭ مەھكۇملۇقىنى، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايلى» دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلايتتىم. بىراق، بۇ گەپكە ئاكام ئۆزى ئەمەل قىلمايۋاتىدۇ.

ياقۇپ خوجا ئېتىراز بىلدۈرمەي:

— مەنمۇ سىلىگە ئوخشاش ئادەم، ئۇكام، — دېدى (بۇ ئۇنىڭ يۇسۇپ خوجىغا تەن بەرگىنى ئىدى)، — خام سۈت ئەمگەن بەندىلەرنىڭ بەزى چاغلاردا مۇشۇنداق پىغانى ئۆرلەپ قالىدىغان چاغلىرى بولىدىكەن ـ دە.

— بۇنداق ئۆرلىگەن پىغاننىڭ دورىسى ئاسان، — دېدى كۈلكە ئارىلاش ئابدۇكېرىم بەگ.

— قانداق؟ — قىزىقىپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— ئۇنىڭ دورىسى ئۆزلىرى دەيدىغان: «ئاللاتائالا بەندىلىرىگە كۆتۈرەلمەيدىغان دەرد ـ ئەلەمنى بەرمەيدۇ» دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلىش.

بۇ گەپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

※ ※ ※

ئەتىسى نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن خىراج ئارتىلغان كارۋان «سايىباغ» مەھەللىسىگە كىرىپ كەلدى. ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن ھايۋانلار — ئاتلار بىلەن قېچىرلار، جېنى مەھكەم ئېشەكلەر دۈمبىسى بوشاپ ئارام ئېلىشتى. ئۇلارنى ئىككى - ئۈچ ئادەم داندار دورغا كۆرسىتىپ بەرگەن ئوتلاقلارغا ھەيدەپ كېتىشتى. خىراج ئۆچۈن كەلتۈرۈلگەن تاۋارلار ھەربىر شەھەرنىڭ ھاكىملىرى بىلەن بەگلىرى تۇردىغان ئۆيلەرگە چۈشۈرۈلۈپ، تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە يارۇغچى نويان بىلەن داندار دورغا كەلدى - دە، خۇنتەيجىنىڭ: «ئەتىدىن قالدۇرماي خىراجلارنىڭ ھەممىسى يازلىق ئوردا تىكىلگەن تاغقا يەتكۈزۈلسۇن، خانلار (خوجىلار) بىلەن ھاكىملارمۇ شۇ يەردە ھازىر بولسۇن» دېگەن بۇيرۇقى يەتكۈزۈلدى - دە، ئاتلىرىدىن چۈشمەيلا كېتىپ قالدى.

ياقۇپ خوجىنىڭ كاللىسىدا «بۇ نېمە ئىش؟» دېگەن سوئال ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولدى. لېكىن، قانچە ئويلىسىمۇ، بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىدى، ئاندىن ئۆزى بىلەن كەلگەن شەھەر ھاكىملىرىنى چاقىرىپ، خۇنتەيجىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى.

## ئىككىنچى باب

خۇنتەيجىنىڭ يازلىق ئوردىسى دىلمۈك تېغىدىكى ئەڭ گۈزەل يايلاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، چوڭ بۇغرا غولى بىلەن جاغىستاي غولى باشلىنىدىغان ئېگىز تاغلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ دەپسەك ئىدى. بۇ يەردە باشقا تاغلاردىكىگە ئوخشاش ياپىلاق يوپۇرماقلىق، ئۇزۇن ئىنچىكە چۆپلەر ئەمەس، پاكار بويلۇق كۆدە ئۆسەتتى. بۇ چۆپنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، بوگۇن مىڭ تۇياق

مال ئوتلاپ، دەسسەپ، ئېغىناپ ئۆتۈپ كەتسە، ئەتىسى ھېچنېمە بولمىغاندەك يەنە يەلپۈنۈپ تۇرۇۋېرەتتى. سالقىن شامال ئۆكسۈمەيتتى. ھاۋاسىدىن تاغ قاپتاللىرىدا ئېچىلغان گۈللەر بىلەن قارىغاي ـ ئارچىلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى كېلەتتى. شۇنداق ئېسىل يايلاقنى ئادەملەرنىڭ نېمە ئۈچۈن گۈلتەكچە دېمەي «چۆلتەكچە» دەپ ئاتىغانلىقىغا كىشى ھەيران بولاتتى ۋە بىز خەقنىڭ ئۆزگە ياققان نەرسىنى «يامان ياخشى» دەپ تەرىپلىگىنىدەك، بۇ گۈزەل تەكچىنىمۇ تىل تەگمىسۇن دەپ ئەتەي «چۆلتەكچە» دەپ ئاتىسا كېرەك، دېگەن خۇلاسىگە كېلەتتى.

بۈگۈن مۇشۇ چۆلتەكچىدە جۇڭغارلار تارىخىدا كۆرۈلمىگەن تەنتەنە بولدى. ئاخشام ئاينىڭ يۈزىنى توسۇۋالغان بۇلۇتلار تارقاپ، ئاسمان شېشىدەك سۈزۈلۈپ كەتتى. جۇڭغار ئوردىسىدا بولىدىغان تەنتەنىنى كۆرۈشكە ئالدىرىغاندەك، قۇياشمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە چۆلتەكچىنىڭ ئۈستىگە يېقىنلاشتى.

ياقۇپ خوجىلارغا تىكىلگەن ئۆي خان ئوردىسىدىن ئىككى چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى ئارچىلىق ئارىسىدا ئىدى. ئۇلار ناشتا قىلىپ چوڭ بۇغرا غولىدىكى ئېگىز تاغلارنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىگە، ياپيېشىل دۆڭلەر بىلەن قاپتاللارغا، ئۇ يەردە ئوتلاپ يۈرگەن مال ـ چارۋىلارغا، سايلارنىڭ تېگىدىن دۆڭلەرنىڭ ئۈستىگىچە ئۆسۈپ كەتكەن قارىغايلارغا زوقلىنىپ قاراۋاتاتتى. ئوردا تەرەپتىن ئىككى ئاتلىق جۇڭغار يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ بىرى داندار دورغا بولۇپ، ئاندا ـ ساندا كىيىدىغان سېرىق چاپىنى بىلەن قىلىن ئۇلتاڭلىق سېرىق ئۆتۈكىنى كىيىۋالغانىدى. ئىككىنچىسى ئادەتتىكى ئوردا ھەراۋۇلى ئىدى.

— مانا مەن كەلدىم، — دېدى دورغا ئېتىدىن چۈشمەيلا، — ئۇلۇغ ئەمرچىمىز كۈتۈۋاتىدۇ. دەرھال ئاتلىرىڭلارغا مىنىڭلار.

ئۇنىڭ گېپى ياقۇپ خوجا باشلىق ھەممەيلەننى پايپېتەك قىلىۋەتتى. ئۇلار ئالمان ـ تالمان ئۆزلىرى تۇرغان ئۆيلەرگە

كىرىپ ئۈستىباشلىرىنى يەڭگۈشلىدى. ياقۇپ خوجا ئوردا سەلتەنەتىگە لايىق زەرباب پەرجىسى بىلەن يېشىل سەللىسىنى ئورىدى، يۈسۈپ خوجىنىڭ ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىلى نېمىشقا كىيىنمەيدىلا؟ — دېدى رەنجىپ، — دەرھال كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىسىلە. بىز كۆرۈنۈشتە بۇلارنىڭ ئالىقىنىدا تۇرغان بېقىندى خانلار بولۇپ ھېسابلانساقمۇ، لېكىن ئىرادىمىز بىلەن قەلبىمىز ھېچقاچان ئۇلارغا بېقىنمايدۇ. غۇرۇرىمىزنى يوقاتمايلى.

ئاكىسىنىڭ گېپى تەسىر قىلدى بولغاي، يۈسۈپ خوجا دەرھال ئۆيگە كىرىپ زەرباب پەرىجىسى بىلەن چاقچاقلانغىنىدا ئورالغان يېشىل سەللىسىنى كىيىپ چىقتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى، ئېگەر ئۈستىدە ئولتۇرۇشى ئاتىسى دانىيال خوجىغا ئوخشىشىپ كەتتى.

ئۇلار خۇنتەيجى ئوردىسىغا بىرەر چاقىرىمدەك قالغاندا بەلگىلىمە بويىچە ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى.

— مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار، — دېدى داندار دورغا. ئۇلار ئاتلىرىنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان ھەمراھلىرىغا تاپشۇردى. داندار دورغا ياقۇپ خوجىلارنى ئۈچىدا بىر تۇتام ئاتنىڭ قىلى بار سېرىق تاۋاردىن قىلىنغان ئاچا بايراق ئورنىتىلغان ئوردىغا ئەمەس، ئۇنىڭدىن بىرەر يۈز ماڭدام يىراقتىكى يالى ـ قۇيرۇقى يەرگە تېگىپ تۇرغان كېيىك باشلىق ئاتلار باغلانغان كەرمىدىن ئۆتۈپ، ئۈستىگە گىلەملەر بىلەن ھەر خىل رەڭدىكى رەختلەردىن تىكىلگەن كۆرپىلەر سېلىنغان يەرگە باشلاپ كەلدى.

— سىلەرگە بەلگىلەنگەن ئورۇن مۇشۇ، — دەپ چۈشەندۈردى داندار دورغا، — ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنى مۇشۇ يەردە كۈتۈڭلار، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئوردىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— بۇ جۇڭغار تازا يالغانچى ئىكەن ـ دە، — دەپ پىچىرلىدى

ياقۇپ خوجىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان يۇسۇپ خوجا، — بايىلا ئۇلۇغ ئەمرچىمىز كۆتۈپ قالدى دەۋاتاتتى، ھازىر يەنە ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنى مەشەدە كۆتۈۋالار دېمەمدا.

— بۇنداق ئۆزى ھارۋىنىڭ سايىسىدا مېڭىپ، ئۇنى سۆرەپ كېتىۋاتىمەن دەپ ماختىنىدىغان ئەمەلدارلار بىزدىمۇ بار، ئۇكام، — دېدى ياقۇپ خوجا.

ئاڭغىچە ئوردىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە تىكىلگەن يوغان ئاق ئۆيدىن بىرنەچچە جۇڭغار چىقتى ـ دە، ياقۇپ خوجىلارغا تەييارلانغان ئورۇننىڭ قېشىغىچە كەڭلىكى بىر يېرىم گەز كېلىدىغان ئۇزۇن، قىزىل پاياندازلاردىن بىرنەچچىنى سالدى. «خۇنتەيجى مۇشۇ ئۆيدىن چىقىدىكەن ـ دە» دېگەن ئوي كەلدى ياقۇپ خوجىلارغا. بىراق، ئۇلار خاتالاشقانىدى. بۇنداق بولغىنى بايىقى ئۆيدىن ھەر خىل ياشتىكى ئوتتۇز ـ قىرىقتەك ئەر ـ ئاياللار چىقتى ـ دە، قىزىل پاياندازلارنى دەسسەپ، ياقۇپ خوجىلارنىڭ قارشىسىغا سېلىنغان كىگىز، گىلەملەردىكى كۆرپىلەر ئۈستىگە ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنى خۇنتەيجىنىڭ ئوغلى لاما دورجى باشلاپ كەلدى.

ياقۇپ خوجا جۇڭغارلار قولىدا شۇنچە يىل تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇيالمىدى. ئۇچىسىغا تۇگمىلىرى يېنىدىن ئېتىلىدىغان ئۇزۇن سېرىق چاپانلار بىلەن تۇمشۇقى ئاسمانغا قارايدىغان قىلىن چەملىك ئۆتۈكلەرنى كىيىۋالغان پالۋان قامەتلىك، كۇسا، بەزىلىرىنىڭ بىرنەچچە تالدىن ساقال ـ بۇرۇتى بار، تاقىر باش بۇ جۇڭغارلار ياقۇپ خوجىلارغا بىر تۈرلۈك قىزىقىش بىلەن قارايتتى. ئۆز نۆۋىتىدە ياقۇپ خوجىلارمۇ خاننىڭ ئوردىسىدا ماڭار يولىغا پاينداز سېلىپ كۈتۈۋېلىنغان بۇ ئادەملەرنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي ھەيران بولاتتى. شۇ ئەسنادا خۇنتەيجى ئوردىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان بىرنەچچە جۇڭغار ئوردا ئىشىكىدىن خۇنتەيجى بىلەن ئوردا نويانلىرى ئۇچۇن تەييارلانغان يەرگىچە سېرىق رەڭلىك

پایاندازلارنی یایدی. یاقۇپ خوجىنىڭ كۆزىگە بۇ پایانداز بىلەن بىللە ئاتىسى دانىيال خوجىنىڭ قىياپىتى گەۋدىلەنگەندەك بولدى. چۈنكى، دانىيال خوجا ئۆلۈشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى مۇشۇ پایاندازلارنى خوتەندىكى ھۈنەرۋەنلەرگە توقۇتۇپ، خىراجىنىڭ سىرتىدا غالدان سېرىنگە سوۋغا قىلغانىدى. شۇ چاغدا بۇ خۇنتەيجى خۇشال بولۇپ، رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئورنىغا: «بوشقا (قېرى) خوجا مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئويماق ئېغىز قىزلىرى بىلەن ئالماي، لاتا ـ پۇتا بىلەن ئالماقچى بوپتۇ ـ دە» دېگەنىدى. «رەھمەتلىك ئاتامغا مېنىڭ قېشىمدا بۇنداق گەپلەرنى قىلىش تازىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى» دەپ ئويلىدى ياقۇپ خوجا ۋە كۆكسىنى كۆتۈرۈپ ئېغىر تىنىۋالدى. شۇ ئارىدا ئوردا تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر سىنىڭ:

— ئۇلۇغ ئەمىرچىمىز كېلىۋاتىدۇ! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۇ ئاۋاز ياقۇپ خوجىلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان جۇڭغارلارنى غايىبانە بىر قول قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇۋەتكەندەك بولدى. ئۇلارغا ئەگىشىپ ياقۇپ خوجىلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. كېچىكمەي بەللىرىگە ياپىلاق كەمەر باغلاپ، سېرىق پۆپۈكلۈك نەيزە تۇتقان، سىلىندىر شەكىللىك قالپىقىنىڭ چوققىسىدا بىرنەچچە تال مارجىنى بار سېرىق پۆپۈكى ساڭگىلاپ تۇرغان بىرنەچچە ھىراۋۇللار كۆرۈندى. ئۇلاردىن بەش قەدەمچە نېرىدا ئۇچىسىغا سېرىق دۇخاۋىدىن تىكىلگەن ئويما ياقىلىق ياللىڭ تون، تاقىر بېشىغا تۆگە يۇڭىدىن نېپىز قىلىپ بېسىلغان تەلپەك كىيگەن تەمبەللىك ئادەم تەكەببۇرانە قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى.

— غالدان سېرىن دېگەن ئاشۇ، — دەپ پىچىرلىدى ياقۇپ خوجا يېنىدا تۇرغان يۈسۈپ خوجىغا. يۈسۈپ خوجا بولسا خۇددى باشقا سەييارىدىن كەلگەن ئادەمگە قارىغاندەك ھەم قىزىقىپ، ھەم سەپسېلىپ قارىدى. جۇڭغارلارنىڭ ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى بۇ

ئەتراپتا ئىسمى تارقالغان بۇ ياپىلاق يۈزلۈك خۇنتەيجى شۇنداق تەكەببۇرلۇق بىلەن قەدەم تاشلايتتىكى، ئۇنىڭ مىڭىشى بەيگىدە بىرىنچى بولۇپ كەلگەن ئاتلارنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغاندىكى قەدەم تاشلىشىغا ئوخشايتتى. قىسىق كۆزلىرى بولسا بۇ يورۇق دۇنياغا قاراپ زېرىككەندەك يېرىم ـ يارتا ئوچۇق. «ئادەمزات تۇرماق ھايۋانلار بىلەن ئۇچار قۇشلارغىمۇ پادىشاھ بولغان ھەزرىتى سۇلايمانمۇ بۇنچىلىك كىبىرلىك قىلمىغاندى، ــ دەپ ئويلىدى يۈسۈپ خوجا، ــ مۇنۇ خۇنتەيجىنىڭ كىبىرلىپ كەتكىنىنى قارا.»

ئاڭغىچە غالدان سىبىرنىمۇ سىرىق پاياندازلارنىڭ ئىككى چېتىدە ھۆرمەت بىلەن سەپ تۈزۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان جۇڭغارلار ئۆز ئادىتى بويىچە ئىككى قولىنى جۈپلەپ پېشانىسىگە تۇتتى، ئاندىن دورغىدەك ئېگىلىپ باشلىرىنى يەرگە تەگكۈزدى. ياقۇپ خوجىلار بولسا ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، سەللىلىك باشلىرىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. بۇنداق ھۆرمەت بىلدۈرۈشلەر خۇنتەيجىنىڭ كەينىدىن ئۆز مەرتىۋىسىگە يارىشا سۈڭدىشىپ كېلىۋاتقان ساغا نويان، سىپتەن نويان، سارى مانجى، يارۇغچى نويانغا ئوخشاش ئوردىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۆتۈپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇنغا، يەنى خۇنتەيجى ئولتۇرغان تەختنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئولتۇرغۇچە داۋاملاشتى.

تەختنىڭ كەينىدە بولسا ئۈستى كىگىز بىلەن يېپىلغان، خوجىلار بىلەن ھاكىملار ئەكەلگەن بۆزلەر (ماتا ـ چەكمەن ۋە شايىلار) بىلەن غىلاپلىق ئەگرى قىلىچلار، پىچاقلار قاچىلانغان ساندۇقلار، چوڭلۇقى داڭقان چۈگۈندەك دومبىيىپ تۇرغان خالتىلار تۇراتتى (بۇ خالتىلارغا ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن چايلار قاچىلانغانىدى). غالدان سىبىرىن قىسماق كۆزلىرى بىلەن ئۆپچۆرىسىگە بىرقۇر قارىۋېتىپ:

ــ ھېلىقى ۋاپاسىزنى ئەكىلىڭلار ! ــ دېدى ھۆكۈمرانلىق

تەلەپپۇزى بىلەن.

بۇ گەپ ئاڭلىنىشى بىلەنلا ئوردا نويانلىرىنىڭ بىرسى ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ بېشىدىكى قالپىقىنى ئالدى ـ دە، ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپلا دېۋىدەك يوغان ئىككى جۇڭغار سۆيى قېچىپ، يىگىلەپ كەتكەن ئالمىدەك ۋىجىككىنە، قولى باغلىنىپ، كۆزى تېڭىلغان بىر توكۇر ئادەمنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. تەختىنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان جۇڭغارلارمۇ، ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان ئۇيغۇر خانلىرى بىلەن ئەمەلدارلارمۇ خۇنتەيجىنىڭ قەھرىگە ئۇچرىغان ئادەمگە ھەيران بولۇپ ھەم ئېچىنىپ قاراشتى. دىلمۇك تېغىنىڭ قەيىرىدىدۇر بىر يېرىدە ھاڭدىن ئۇچۇپ ياكى قاپقانغا چۈشۈپ ئۆلگەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكىنى ئىزدەپ يۈرگەن تازقارىلارنىڭ ئۇچۇپ يۈرگىنىنى، كەرمىگە باغلانغان ئاتلارنىڭ تىزگىنىنى چوقۇلاپ يۈرگەن تاغ كەپتەرلىرى بىلەن سېغىزخانلارنىڭ ھەممىسى گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى.

— بۇ ۋاپاسىز توكۇرنىڭ ئۆلۈكىنى مۇشۇ تاغنىڭ بۆرىلىرى بىلەن تازقارىلىرى، چاشقانلىرى بىلەن سېغىزخانلىرى يېسۇن! — دېدى بىر چاغدا خۇنتەيجى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق قاتتىق چىقتىكى، ھەتتا كەرمىدە باغلاقلىق تۇرغان ئاتلار قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ، ئۇلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا دانلاپ يۈرگەن تاغ كەپتەرلىرىمۇ ئۇچۇپ كەتتى، — جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان بۇنداق ۋاپاسىز ئادەمدىن قۇتۇلغانغا مۇنۇ قارا يەرمۇ، ئاسماندىكى قۇياشمۇ خۇشال بولىدۇ. دەرھال ئەكېتىڭلار ـ دە، قورسىقىغا تاش باغلاپ، مۇنۇ دۆڭنىڭ ئۈستىدىن (ئۇ كۈنچىقىش تەرەپتىكى جاغىستاي غولىنىڭ بېشىنى كۆرسەتتى) سايغا دومىلىتىۋېتىڭلار.

ئەجىلىنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز كېلىشىنى كۈتمىگەن توكۇر جۇڭغار ھوشىنى يوقاتقاندەك بىرپەس تۇرۇپ قالدى ـ دە:

— مېنىڭ گۇناھىم يوق، ئۇلۇغ ئەمرچىم! مەن پۇتۇمغا نەيزە تېگىپ يىقىلىپ چۈشكەندە جىلغارى باتۇر قازاقلار تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ــ دە، خۇدىنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلدى. بايىقى دىۋىدەك يوغان ئىككى ھىراۋۇل بىلەن بىرنەچچە جۇڭغار خۇنتەيجىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاش ئۇچۇن دەرھال دۇم ياتقان تۇتقۇننى يەردىن يۇلۇۋېلىپ، كۇنچىقىش تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارغا يەنە بىرقانچە جۇڭغارلار قوشۇلدى.

دەھشەتلىك جازاغا ئۇچرىغان بۇ توكۇر جۇڭغار يەتتىسۇدا بولغان بىر ئۇرۇشتا مىڭغا يېقىن لەشكەرلىرى بىلەن قازاقلارغا تەسلىم بولغان جىلغارى ۋە مۇرگەر دېگەن جۇڭغار باتۇرلىرىنىڭ قارىمىقىدىكى يۈز لەشكەرنىڭ باشلىقى بولۇپ، پۇتىغا قازاقلارنىڭ نەيزىسى تېگىپ باشقىلار بىلەن تەڭ ماڭالماي، ھالسىزلىنىپ ياتقاندا بىر تۇركۇم جۇڭغار لەشكەرلىرىگە ئۇچراپ قالغانىدى①.

ئۇنى خۇنتەيجىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا جازالىماي بۇگۇنگىچە ساقلاپ كېلىشتىكى مەقسىتى بىرىنچىدىن، قول ئاستىدىكى جۇڭغارلارغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەمنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش؛ ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر خانلىرى بىلەن ئەمەلدارلىرىغا ئۆزىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى نامايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويۇش ئىدى.

ئۆز مەقسىتىگە يەتكەن غالدان سېرىننىڭ غەزەپكار چىرايىغا مۇغەمبەرانە كۇلكە يۇگۇردى ــ دە:

— جۇڭغارلارنىڭ شۆھرىتىنى تەڭرىتاغلىرىدىنمۇ ئېگىز كۆتۈرگەن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يولى بويىچە ئەگرى قىلىچ، ئۆتكۈر نەيزە تۇتۇپ يات ئەللەرنىڭ يېرىدە ئات چاپقان، ھۆرمەتلىك شىر يۈرەك باتۇرلار! — دەپ سۆز باشلىدى سول

---

① جانىبەك تاۋاسار ئوغلى: «ئاتا ــ بوۋامدىن ئۆزۈمگىچە» دېگەن كىتابتىن، ئالمۇتا 1993 ــ يىلى نەشرى.

تەرىپىدە ئۆلتۈرگەن تاقىر باش جۇڭغارلارغا قاراپ، — بىزنىڭ ئاتا – بوۋىلىرىمىز ئالتاي تاغلىرىدىن بۇياققا كەلگىنىگە ئەللىك يىلدىن ئاشتى. بۇ يىللارنىڭ ئىچىدە قولىمىزدىن قىلىچ چۈشمىدى. كۈنچىقىش بىلەن كۈنپېتىشتىكى نۇرغۇن جايلارنى بويسۇندۇردۇق. قارشىلىق قىلغانلىرىنىڭ بېشىنى كېسىپ، قېنىنى تۆكتۇق. مۇشۇ يىللاردا غالدان بوشۇقتۇخان، ئاتام چىۋاڭ رابداندەك ئۇلۇغ خۇنتەيجىلىرىمىزدىن ئايرىلغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ روھى دائىم بىزنى قوللاپ تۇردى. بىز قازاق – قىرغىز دالالىرىدا قىلغان ئۇرۇشىمىزدا ئۇلارنىڭ يىلقىلىرىنى ئۇيۇرى بىلەن، كالىلىرىنى پادىسى بىلەن، قويلىرىنى قوروسى بىلەن تارتىۋېلىپ، ئەرلىرىنى قول، ئاياللىرىنى دېدەك قىلدۇق. بىز جاڭگاللاردا، تاغلاردا يۈرىدىغان يولۋاسلارغا، قاپلانلارغا ۋە بۆرىلەرگە ئوخشايدىغان خەلق بىز. بۈگۈن ئەنە شۇنداق قۇدۇقتا چۈشۈپ كەتكەن تۆگىنى بوينىدىن تۇتۇپ چىقىرىدىغان، ئون ياشلىق كالىنى قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ پىرقىرىتىدىغان، قىلىچنى بىر ئۇرۇپ ئىككى – ئۈچ ئادەمنىڭ كاللىسىنى كېسىدىغان باتۇرلىرىمىزغا رەھمەت ئېيتماقچىمەن! — ئۇ گېپىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، — سايىن بۆلەك! — دەپ ۋارقىرىدى.

سول تەرەپتىكى جۇڭغارلار ئىچىدىن بىر يەلكىسىگە بىر ئادەم ئۆلتۈرگۈدەك گەۋدىلىك، كۆكرىكى بىلەن قولىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى پۈلتىيىپ تۇرغان تاقىر باش ئادەم ئورنىدىن تۇردى.

— ئالدىمغا كەل! — دېدى خۇنتەيجى.

ئۇ غالدان سېرىنىنىڭ قېشىغا كەلدى – دە، ئىككى قولىنى جۈپلەپ پېشانىسىگە تەگكۈزدى. شۇ ئارىدا يارۇغچى نويان تەختىنىڭ ئارقىسىدا تىزىقلىق تۇرغان بۆزلەردىن بىرنەچچە باغلام ئېلىپ خۇنتەيجىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. يەنە بىرسى سېپى كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان قىلىچ بىلەن بۇلغارى غىلاپلىق پىچاقنى ۋە ئىچىگە بىرنەچچە قاداق چاي سېلىنغان خالتىنى

ئەكەلدى.

— ئاتنى ئەكىلىڭلار ! — دېدى خۇنتەيجى.

بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەن بىر جۇڭغار ياقۇپ خوجىلار ئولتۇرغان يەردىن سەل نېرىدىكى كەرمىدە باغلاقلىق تۇرغان ئاتلارنىڭ بىرسىنى يېتىلەپ كەلدى. ئاتنىڭ ئۈستىگە توقۇلغان ئېگەرنىڭ ئالدى قېشى، يۈگەن، تارتما بىلەن ئۈزەڭگىلىرىنىڭ كۈمۈش يالىتىلغان يەرلىرى كۈننىڭ نۇرىدا ۋالىلداپ كەتتى.

— مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا بەرگەن تارتۇقۇم، — خۇنتەيجى ئالدىدا تۇرغان نەرسىلەرنى كۆرسەتتى، ئاندىن، — ئاۋۇ ئاتنىمۇ ساڭا تارتۇق قىلدىم، — دېدى توپلىشىپ ئولتۇرغان ئادەملەردىن ھېيىققاندەك قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ تۇرغان جىرەن ئاتنى كۆرسىتىپ.

— رەھمەت، ئۇلۇغ... — سايىن بۆلەك شۇنچىلىك ھودۇقتىكى، «ئۇلۇغ ئەمىرچىمىز» دېگەن گەپنىمۇ تولۇق ئېيتالماي، قىلىچ بىلەن پىچاقنى تۇتۇپ، ئات تەرەپكە ماڭدى. قالغان نەرسىلەرنى شۇ يەردىكى خىزمەتكارلار ئاپىرىپ بەردى ۋە تارتۇق قىلىنغان ئاتقا مىندى ـ دە، قونغان ئۆيىگە كېتىشىنى ئۇقتۇردى.

— شاخدار باتۇر !

— ئۇباشى !

— ئولجاي !

خۇنتەيجى شۇ تەرىقە بىرقانچە باتۇرلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇلارغا بېرىدىغان سوۋغىلارنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن:

— ناي ـ ناي ئاۋغاي (ئايال ياكى خېنىم دېگىنى)! — دېدى.

ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى بىلىكىدە كۈمۈشتىن ياسالغان ياپىلاق بىلەزۈك، بارماقلىرىدا ئالتۇن ئۈزۈكلىرى بار، سىن ـ سىپاتى كېلىشكەن ئايال كەلدى. بۇ بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپىدا بولغان يەكمۇيەك جەڭدە قازاق ئەسكەرلىرىنىڭ تۇمەنبېشى نەۋرۇزباي باتۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن شامال باتۇرنىڭ ئايالى ئىدى.

جوڭغارلار بۇ باتۇرنى «ئادەم تۇرماق ئالۋاستىنىمۇ بىر سوققا بىلەن مىجىپ تاشلايدۇ» دەپ ماختىشاتتى.

— موخىر باتۇر ! — دېدى غالدان سېرىن.

خۇنتەيجىنىڭ ئالدىغا ئېگىز بويلۇق جوڭغار كەلدى. بۇ ئادەمنىڭ بىر قولى قازاق باتۇرلىرىنىڭ قىلىچىدا چېپىلىپ كەتكەنىدى.

— بارچىن ئاۋغاي ! — دېدى يەنە.

خۇنتەيجىنىڭ ئالدىغا كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسىغىچە چۈشۈپ تۇرغان، ئىككى ئۆرۈمە ئاق چېچى گەجگىسىگىچە چۈشكەن، بېشىغا قارا قالپاق كىيگەن، دۈمبىسىگە قارغا قونسىمۇ قۇيرۇقىنى مىدىرلىتىپ قويمايدىغان بايتالدەك سېمىز ئايال كەلدى. بۇ يەتتىسۇدىكى «دالاتاغ» دېگەن يەردە بولغان يەكمۇيەك سوقۇشتا قازاق باتۇرى ئولجاباي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن يوغان جادامبا دېگەن باتۇرنىڭ ئايالى ئىدى.

خۇنتەيجى مۇشۇ تەرىقىدە قازاق دالاسىدا بولغان ئۇرۇشلاردا خىزمەت كۆرسەتكەن باتۇرلار ۋە ئۆلۈپ كەتكەن باتۇرلىرىنىڭ ئاياللىرى بولۇپ، ئوتتۇز نەچچە ئادەمگە سوۋغا تەقدىم قىلدى. ئۇلار ئۆز ئەمرچىسى بەرگەن سوۋغىلارنى ئېلىپ، ئېگەرلىك سېمىز ئاتلىرىغا مىنىشىپ تۇرالغۇلىرىغا قايتىشتى. ئۇلار ئولتۇرغان گىلەملەر ئۈستىدىكى كۆرپىلەر مىجىلغان پېتىچە كۆنگە قاقلىنىپ قالدى. شۇ چاغدا ئوڭ تەرەپتە قىمىر قىلماي ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغان ياقۇپ خوجىلارغا كۆزى چۈشكەن خۇنتەيجى تەختىدىن تۇردى - دە، ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھە، ياخشى كەلدىڭلارمۇ؟ — دېدى. بۇ ئۇنىڭ جوڭغار ھۆكۈمرانلىقىغا خاس كىبىرلىك بىلەن ھال سورىغىنى ئىدى.

ياقۇپ خوجىلار ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇشتى. غالدان سېرىن باياتىن بېرى ئۇلارغا تەرجىمانلىق قىلىۋاتقان موللا ئىبراھىم مەشھۇرغا قاراپ:

— بۇ كىشىلەرنى تاماق يەيدىغان ئۆيگە باشلاپ بېرىڭ، — دېدى، ئاندىن ياقۇپ خوجىغا قاراپ، — سىز ئەتىلەتىن ساغىنا نويان بىلەن يارۇغچى نويانغا يولۇقارسىز، — دېگىنىچە سىرىق پاياندازغا قەدەم تاشلىدى. ئۇ بۇ يەرگە قانداق سەلتەنەت بىلەن كەلگەن بولسا، شۇنداق سەلتەنەت بىلەن ئوردىسىغا قايتتى.

ياقۇپ خوجىلار بولسا موللا ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ يول باشلىشى بىلەن تاماق يەيدىغان ئۆيگە ماڭدى. بۇ ئۆي خېلى يىراق يەرگە تىكىلگەنىدى. ئۇلار تاماق يېيىشتىن بالدۇر پېشىن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئاشخانىدىن بىرنەچچە چۆگۈن ئالدۇردى ـ دە، تاھارەت يېڭىلىماق بولۇپ ئارچىلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىشتى.

※ ※ ※

بۇگۈن خۇنتەيجىنىڭ يازلىق ئوردىسىدا «ئاق تۆگىنىڭ قارنى يېرىلغان كۈن.» ئوردىدىكى نويانلار بىلەن ئەمەلدارلار ئالتاي، تارباغاتاي ۋە بورتالا تاغلىرىدىن تارتىپ بۇغدا تېغىنىڭ ساي ـ سايلىرىدىن، ئىلىنىڭ شىمالىدىكى تاغلار بىلەن كۈنچىقىشتىكى ۋە تېكەس ۋادىسىدىكى تاغلاردىن كەلگەن باتۇرلار، تەيجىلەر بىلەن زايسانلار، ئوردا خىزمەتچىلىرى بىلەن ھىراۋۇللار چۈشتىن كېيىنلا داستىخان چۆرىسىگە كەلتۈرۈلۈپ سويۇلغان قوزىلارنىڭ گۆشىنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىشتى. مايلاشقان قوللىرىنى ئۆتۈكلىرىنىڭ قونچىغا سۈركەشتى، ئاندىن قۇرت، ئىرىمچىك، قەنت ـ گېزەك ۋە كۈچا ھاكىمى ئەكەلگەن قۇرۇق مېۋىلەر بىلەن ئاتنىڭ قېنىدەك ئاچچىق دەملەنگەن چاي چۆگۈنلىرىنى بىكار قىلىشتى.

دىلمۇك تېغىنىڭ ھاۋاسى شۇنداقمۇ ياكى ئۇنىڭدا ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەرنى يېگەن ماللارنىڭ گۆشى شۇنداقمۇ، ئىشقىلىپ، بۇلارنىڭ يېگەن تاماقلىرى، ئىچكەن قىمىزلىرى ئۈچ سائەتمۇ قورساقتا تۇرماي سىڭىپ كەتتى. يارۇغچى نويانىنىڭ

ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، كۆن ئولتۇرۇشقا يېقىن كەچلىك تاماقتا بۇ يىل بالدۇر ئەتىيازدا تۇغۇلغان قوزىلار بىلەن قىسىر ئەمگەن تايلارنىڭ گۆشى، ئۇنىڭغا قوشۇپ هاراق ـ شاراب تارتىلدى. يارۇغچى نويانىنىڭ قولى ئېچىلىپ كەتتىمۇ ياكى خۇنتەيجىنىڭ بۇيرۇقى شۇنداقمۇ، ئىشقىلىپ، داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن هاراقلارنىڭ ئىچىدە جۇڭغارلارنىڭ ئۆزلىرى سۈتتىن تەييارلايدىغان «ئەركە» دېگەن هاراقتىن باشقا، قەشقەرىيە تەرەپتىن كەلتۈرۈلگەن شارابلار، چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان جەڭلەردە قولغا چۈشۈرۈلگەن، ھەتتا رۇسىيەدە چىقىرىلغان هاراقلارمۇ بار ئىدى.

قاش قارايغاندىن كېيىن ئايمۇ كېچىكىپ قالغان مېھماندەك يۈزىنى كۆرسەتتى. بۇنداق ئايدىڭ كېچىدە سالقىن يايلاقتا شاھانە زىياپەت بولۇۋاتقاندا، خۇداگۈي موناخمۇ بۇتخانىدىكى ئىبادىتىنى توختىتىپ تالاغا چىقىشقا ئالدىرىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭغا قارىغاندا هاراق ـ شارابنىڭ كۈچىدە روهى كۆتۈرۈلۈپ، قىنى قىزىغان جۇڭغارلارنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟

— تولا ئوبدان ئىكەن، — دېدى قېرىغىنىغا قارىماي ئەركە هارىقىدىن بىر ئاياق ئىچىۋالغان ساغا نويان.

— راستىتىنلا شۇنداق ئىكەن، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى غالدان سېرىن.

مۇشۇ گەپتىن كېيىن جۇڭغارلار ئالدىدىكى ھەممە داستىخانلار ئاينىڭ يورۇقىدا تاۋلىنىپ تۇرغان كۆك چۆپلەر ئۈستىگە يۆتكەلدى.

تەنتەنىلىك زىياپەت يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى.

خۇنتەيجى غالدان سېرىن قازاق دالاسى بىلەن تاشكەنت تەرەپكە قىلغان ئۇرۇشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلاتتى.

ئوردا نويانلىرى مەنسەپ، ئەمەللىرىنىڭ ئۆسۈپ، ئۇياق ـ بۇياقلاردىن ئولجا ئېلىنغان مال ـ دۇنيالىرىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىغا تەنتەنە قىلىشاتتى.

خۇنتەيجىنىڭ سوۋغىلىرىغا ئىگە بولغان باتۇرلار «ئەگەر ئۇلۇغ ئەمرچىمىز خالىسا، ئاۋۇ ئاقىرىپ كۆرۈنگەن تاغ چوققىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئايغا سالما تاشلايمىز» دەپ ماختىنىشاتتى.

سوقۇشلاردا ئەرلىرى ئۆلۈپ كەتكەن جۇڭغار ئاياللىرى: «مېنىڭ ئېرىمگە ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ بۈگۈنكى شاپائىتىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىدى ـ دە» دەپ ئارمان بىلەن كۆز يېشىنى تۆكەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان جۇڭغارلار: «ئارقاڭدىن ئەگىشىپ يۈرگەن كۈچۈكلىرىڭ بارغۇ. ئۇلار چوڭ بولسا ئاتىسىدىن نەچچە ھەسسە باتۇر بولۇپ، قورۇيۇڭنى مالغا، ئۆيۈڭنى قول بىلەن دېدەككە تولدۇرۇۋېتىدۇ. شۇنى ئويلىغىن ـ دە، مۇنۇ ئاياقتىكى ھاراقنى سومۇرۇۋەت، كۆڭلۈڭ كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ» دەپ تەسەللى بېرەتتى، ئاندىن جۇڭغارلارنىڭ ئۆتكەن زامانلاردىكى مەشھۇر خۇنتەيجىلىرى ھەققىدە چىقىرىلغان ناخشىلاردىن بىرىنى باشلايتتى. بۇنىڭغا بايىلا كۆز يېشىنى تۆكۈپ، ئېرىنى ئەسلىگەن خوتۇنلار ئىنچىكە ئاۋازلىرى بىلەن قوشۇلاتتى.

غالدان سېرىننىڭ دادىسىغا ئوخشاش ھاراققا ئاغزى تەگسە، تويغۇچە ئىچىپ خۇدىنى بىلمەي قالىدىغان ئادىتى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزى ئولتۇرغان داستىخاندا بىر ئاياق ئەركە ھارىقىنى يېرىم كېچە بولغاندا ئاران ئىچىپ تۈگەتتى. باشقىلارنى بولسا زورلاپ ئىچۈرۈپ، ئاغزىغا كاللەك ـ كاللەك گۆشلەرنى تىقاتتى. ئۇلار بولسا خۇنتەيجىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى ئۆزلىرىگە بولغان ھۆرمەت، ئۇنىڭ قولىدىن يېگەن گۆش پارچىلىرىنى تەۋەررۈك، دەپ بىلىشەتتى.

ئاسماندىكى ئايمۇ جۇڭغار خانلىقىنىڭ بۇ زىياپىتىنى كۆرۈپ زېرىككەندەك غەرب تەرەپتىكى تاغقا يېقىنلاشتى.

— مېھمانلار خالىغانچە ئولتۇرسۇن، ئوينىسۇن، كۈلسۇن، يېسۇن، ئىچسۇن، ھېچ نەرسىنى ئايىماڭلار، — دېدى خۇنتەيجى

ياروغچى نويانغا، — مەن ئۆيگە بېرىپ دەم ئالاي.

بۇ زىياپەتكە داخىل بولغان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى — نويانلار بىلەن ئوردا خىزمەتچىلىرى خۇنتەيجىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ، تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا ئۆيلىرىگە قايتتى. مەست بولغانلىرى داستىخاننىڭ چۆرىسىدىكى كۆرپىلەردىلا ئۇخلاپ قېلىشتى. ياشراقلىرى بولسا تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇشتى. لېكىن، خۇنتەيجى بىلەن ئۇنىڭ ئوردىسىنى مۇھاپىزەت قىلغان ھىراۋۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى ئادەتتىكىدەك ئۇخلىماي، تاڭ ئاتقاندىلا ئۆز ئورۇنلىرىنى نۆۋەتچىلەرگە بوشىتىپ بەردى.

※ ※ ※

ياقۇپ خوجىلارمۇ كەچلىك تامىقىنى جۇڭغارلارغا ئوخشاش ئاينىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ يېدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇچنىڭ ھاكىمى غوجاش، ئەردەۋىلنىڭ ھاكىمى ئابدۇۋاھاپ قاتارلىق بىرقانچە ئادەملەر تورسۇق بىلەن كەلتۈرۈلگەن «ئەركە» هارىقىدىن ئىچىشتى ۋە ئۇلار كۇچا ھاكىمى ئابدۇكېرىم بەگ بىلەن ئابدۇللا باقاۋۇل، ئىشىكئاغا ھەيدەر بەگ، شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل قاتارلىق ئادەملەرگە: «بۇ باشقا ھاراقلاردەك ئەمەس، ئاپپاق سۈتتىن چىقىرىلغان، ئادەمنىڭ بەدىنىگە قۇۋۋەت بەرسە بېرىدۇكى، زىيان يەتكۈزمەيدۇ» دەپ، ئاز ـ تولىدىن ئىچۈرگەن بولدى.

ياقۇپ خوجا بىلەن يۈسۈپ خوجىلار ئىسسىق چاي ئىچكەچ موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— بۇلار (جۇڭغارلارنى دېمەكچى) ئەكەلگەن خىراجىمىز ھەققىدە ھېچقانداق گەپ ـ سۆز قىلمىدىغۇ، — دەپ سورىدى يۈسۈپ خوجا ئاكىسىدىن. بىراق، ياقۇپ خوجا جاۋاب بەرگۈچە موللا ئىبراھىم مەشھۇر:

— هازىر بۇلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتتى. قازاق دالاسىدىن

ھەيدەپ كەلگەن ماللىرىنىڭ سانى يوق، قولغا چۈشۈرگەن نەرسىلىرىمۇ خېلى نۇرغۇن، — دېدى.

— بۇ گەپلىرىگە قارىغاندا، بىز ئەكەلگەن خىراجغا ئانچە ھاجەت ئەمەس ئىكەن ـ دە.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، خوجام، دانىشمەنلەرنىڭ دۇنيا ـ خۇمار ئادەملەر پۈتۈن جاھاننىڭ بايلىقىنى بەرسىمۇ تويمايدۇ، پەقەت كۆزىگە بىر سىقىم توپا قويۇلغاندىلا تويىدۇ، دېگەن گېپىنى ئاڭلىمىغانمىدىلە؟ بۇلار شۇ تائىپىدىن.

— ئاتام رەھمەتلىك ھەر يىلى خىراج تاپشۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ھەربىر بۇيۇمنى كۆمۈشكە چېقىپ ھېسابلايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدىغان.

— ئۇ دېگەنلىرىڭىز راست، لېكىن بۇ قېتىم نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلماي، بارىغا بەرىكەت قىلغانلىقىغا قاراپ، مەنمۇ ھەيران بولۇۋاتىمەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويىدا، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى ياقۇپ خوجا، — مەن بۇ خۇنتەيجىنىڭ تۇتقان يولىنى دادىسىنىڭ يولىدىنمۇ ئىنچكە ئوخشايدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.

— قانداق؟ — قىزىقىپ سورىدى يۈسۈپ خوجا.

— مەن بۇلارنىڭ قولىدا ئۇزاق يىللار گۆرۈدە تۇرۇپ چىۋاڭ رابدان خۇنتەيجىنىڭ بىر قېتىممۇ بۈگۈنكىدەك تەنتەنە ئۆتكۈزۈپ، باتۇرلىرىغا سوۋغا بەرگىنىنى كۆرمىگەن ھەم ئاڭلىمىغاندىم. غالدان سېرىن بولسا بىر يۈز يىگىرمىدەك ئات ۋە شۇنىڭ خۇنچىلىك نەرسىلەرنى باتۇرلىرىغا سوۋغا قىلىپ، پۈتۈن جۇڭغارلارنى رازى قىلىۋەتتى، ئاندىن كېيىن ھېلىقى توكۇر جۇڭغارنى تاغدىن دومىلىتىپ، باتۇرلىرى بىلەن نويانلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىنى كۈچەيتتى، شۇنىڭدەك بىزگىمۇ ئۆزىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ئەسكەرتىپ قويدى.

— بۇ مۇلاھىزىلەرگە يۈز پايىز قوشۇلىمەن، — دېدى موللا

ئىبراھىم مەشھۇر، — بۇ ئادەمنىڭ، يەنى خۇنتەيجىنىڭ بۇگۇنكىدەك تەنتەنە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ۋە ھېلىقى توكۇر جۇڭغارنى جازالايدىغانلىقىنى مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بايىلا بىلدىم.

«بۇلارنىڭ گەپلىرىدە جان بار، — دەپ ئويلىدى يۇسۇپ خوجا، — قانچە دېگەن بىلەن بىرنەچچە ئىشتاننى بۇرۇن يىرتقان ئادەملەر ـ دە. بۇ تەكەببۇر خۇنتەيجى، شۇنچە ئادەم ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۇرسەك ‹ھە، ياخشى كەلدىڭلارمۇ؟› — دېگەندىن باشقا گەپ قىلىشقا خۇشى بولمىدا.» ئۇ ئېغىر تىنىپ قويدى ـ دە: «ھەي خۇدا، بىز خەقنى نېمانداق شور پېشانە قىلىپ ياراتقانسەن؟» دەپ پىچىرلىدى.

— ئەخمەت خوجامنى ۋاپات بوپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق. ئۇ كىشىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقاندىلا؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— يوقسۇ، ئۇ كىشىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئون نەچچە كۈندىن كېيىن ساغا نويان‌دىن ئاڭلىدىم. لېكىن، بۇلارنىڭ ئاغزىدىن بىرىپ كېلىڭ دېگەن گەپ چىقمىدى، مەنمۇ بىرىپ كېلەيمۇ دەپ سورىمىدىم، — دېدى ئىبراھىم مەشھۇر.

— نېمىشقا؟

— ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ سورايدىكەنلا، — موللا ئىبراھىم بۇ سوئالنى ياقتۇرمىسىمۇ، جاۋاب بەردى، — بۇلار قەشقەرگە بېسىپ كىرگەندە ئەخمەت خوجام خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدانغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن ئەمەسمىدى. شۇڭا، ئۆزى ئۆلۈپ كەتكۈچە، ئەخمەت خوجامغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇتقانىدى. ئاتىسىنىڭ ئەخمەت خوجامغا بولغان بۇ ئۆچمەنلىكى غالدان سېرىنغا مىراس بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. بۇ ھەم ئۇ خوجامغا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمىدى. لېكىن، خەقلەردىن ئاڭلىسام، مەرھۇمنىڭ نامىزىغا دەريانىڭ ئۇ يېقىدىكى سەمەردىن (ئۇ چاغلاردا ھازىرقى

www.uyghurkitap.com

ياركەنت، قارغۇجىدىن قورغاسقىچە بولغان يەرلەر شۇنداق ئاتىلاتتى)، بۇ يېقىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن بولۇپ بىرنەچچە مىڭ ئادەم قاتنىشىپتۇ. شۇ چاغدا سەل قىزىپ قالغان كۇچا هاكىمى ئابدۇكېرىم بەگنىڭ:

تورۇق ئېتىم كىشنەيدۇ،
ئورۇق ئېتىم كىشنەيدۇ، دەردىڭ يامان.
تايىقى يوق ئادەمنى،
جۇڭغار ئىتى چىشلەيدۇ، دەردىڭ يامان...

دېگەن ناخشىسى ئاڭلاندى.

— بەللى، ئاداش، — دەپ ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈردى ئۇچ هاكىمى غوجاش. ئۇ ئەركە هارىقىنى خېلى جىق ئىچكەن چېغى، تىلى كالۋالىشىپ قالغانىدى، — ناخشا ئېيتساڭلا بارغۇ، ئوغۇل بالىغا ئوخشاش نوچى ناخشىلارنى ئېيتىڭلا.

ئۇنىڭ گېپىنى ياقتۇرمىغان ئابدۇكېرىم بەگ:

— ئوغۇل بالىنىڭ ناخشىسى قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مانا مۇنداق:

هاڭگا بولما، ئايغىر بول،
ئەللىك بايتال ئالدىڭدا.
تېكە بولما، قوچقار بول،
يۈزلەپ ساغلىق ئالدىڭدا.
قوش تاجلىق خوراز بول،
ئونلاپ مېكىيان ئالدىڭدا.
بىر خوتۇن ئال، يۈز ئاشنا،
بولسۇن دائىم دالدىدا...

ئۇ يەنە نېمە دېسەم بولىدىكىن دېگەندەك تۇرۇپ قېلىشۋىدى، ئابدۇۋاھاپ ھاكىمنىڭ:

— سىلىمۇزە، غوجاش بەگ، خان بولۇپ چۈش كۆرگەن قەلەندەردەك غەزەل ئوقۇيدىكەنلا، «ئاشنا تۇتقان ئادەم خوتۇنسىز قالار» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىلە، — دېگەن گېپى ئاڭلاندى. بۇ گەپكە ئولتۇرۇشقانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— قېنى ئەمىسە، يەنە بىرەردىن يۇتۇۋەتمەيلىمۇ؟ — دەپ يانپاشلاپ ياتقان ئابدۇللا باقاۋۇل چازانى قۇردى ۋە يېنىدا تۇرغان تورسۇققا قولىنى ئۇزاتتى. موللا ئىبراھىم مەشھۇر بولسا:

— خېلى ۋاخ بولۇپ قاپتۇ. مەن قايتاي، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ياقۇپ خوجىلار بىلەن خوشلاشتى، — خەير، ياخشى چۈش كۆرسىلە، خوجام.

— خەير، — دېدى ياقۇپ خوجىلار.

※ ※ ※

بۈگۈن سەھەردە بامدات نامىزىنى ياقۇپ خوجا بىلەن يۇسۇپ خوجا، خۇش كېپەك ھاكىم ۋە ئىككى باقاۋۇل بولۇپ بەش كىشىلا ئوقۇدى. قالغانلىرى ئاخشام كەچ ياتقاچقىمۇ ياكى ئىچكەن ھاراقلىرى ئۇگە ـ ئۇگىلىرىنى بوشىتىۋەتكەنمۇ، ئەتىگەنلىك ناشتىغىمۇ كەلمەي لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلاشتى.

ياقۇپ خوجىلار خۇنتەيجىنىڭ تۈنۈگۈن ئېيتقان سۆزى بويىچە، ساغا نويان بىلەن يارۇغچى نويانىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇردى. ئۇوردا تەرەپتىن كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆزلىرىنى چاقىرغىلى كېلىشىنى كۈتەتتى. بىر چاغدا ئېتىنى يورغىلىتىپ داندار دورغا كەلدى ـ دە، ئەمدى ئۆيقۇدىن ئويغىنىپ يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇۋاتقان غازى بەگ، ئابدۇۋاھاپ بەگ، غوجاش بەگ، ئىشىكئاغا خۇدايار بەگلەرنى سارى مانجى بىلەن سىپتەن

www.uyghurkitap.com

نويانلارنىڭ كۆتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ئوردا تەرەپكە ئەكەتتى. بۇلارنى ئوردا نويانلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن بۇرۇن قوبۇل قىلغانلىقىغا ھەيران بولغان يۇسۇپ خوجا:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجىدىن.

— جۇڭغارلار ئۆزلىرىنى يولۇۋاس بىلەن شىرلارغا ئوخشاتسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوردىسى تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇكام، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — تۈلكە ئۆز جېنىنى ئوۋچىلار بىلەن بۈركۈتچىلەردىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇۋىسىغا كىرىپ - چىقىدىغان بىرنەچچە تۆشۈكلەرنى ياسايدۇ. ئەگەر ئوۋچىلار ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ قوزغالسا ياكى كىرىپ كەتكەن تۆشۈكىگە ئىس قويسا، باشقا بىر تۆشۈكىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر تۆشۈكىنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى بار. ئۆز ئىشىنى شۇ تۆشۈكلەردە ئولتۇرغان نويانلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىزگە ئوخشاش بېقىندى خانلارنى، بەزىلىرى باشقا ئەللەرگە قىلىدىغان ئۇرۇشلارنى، بەزىلىرى جۇڭغارلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىشلارنى، بەزىلىرى ئوردىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى دېگەندەك نەچچە خىل خىزمەتلەرنى بېجىرىدۇ. غوجاش بەگلەرنى ئوردىغا چاقىرغان سارى مانجى بىلەن سىپتەن نويانلار ئوردىنىڭ ئەنە شۇنداق تۆشۈكلىرىنىڭ بىرىدە ئولتۇرغان ئەمەلدارلار.

يۇسۇپ خوجا ئويلىنىپ قالدى.

— بەلكى ئۇ نويانلار، — دەپ ئۆز مۆلچەرىنى ئېيتتى ياقۇپ خوجا، — بىزنىڭ قەشقەرىيەدە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىشلىرىمىزغا قىزىقىدىغاندۇ ياكى بىزنى كەمسىتىش ئۈچۈن ئەتەي ئۇلارنى قوبۇل قىلغاندۇ. ھەرھالدا قانداقتۇر بىر مۇددىئا بىلەن چاقىرىدى. ئاتام رەھمەتلىك: «ئاسماندا پەرۋاز قىلغان قۇشنىڭ قەيەرگە قونىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمىغاندەك، بۇ خۇنتەيجىنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ» دەيدىغان.

ئۇلارنىڭ قېشىغا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل كىرىپ كەلدى - دە، تاماق يەيدىغان ئۆيدە موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن بىرقانچە

ئادەملەرنىڭ كۆتۈۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ياقۇپ خوجا:

— چۈش ۋاقتى بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

يۈسۈپ خوجا:

— ئىبراھىم ئاكام ئەجەب سىپتەن نويانلارنىڭ قېشىدا بولماپتۇغۇ، — دەپ ئاكىسىغا قارىدى.

— ئوردىدا بىزنىڭ زۇۋانىمىزنى بىلىدىغان جۇڭغارلارمۇ بار، سىپتەن نويان بەلكى شۇلارنىڭ بىرسىنى چاقىرغاندۇ، — دېدى ياقۇپ خوجا.

تاماق يەيدىغان ئۆيدە موللا ئىبراھىم مەشھۇردىن باشقا ئابدۇكېرىم بەگ، خۇش كېپەك ھاكىم، ئىككى باقاۋۇل ۋە غوجاش بەگ بىلەن ئابدۇۋاھاپ بەگلەرنىڭ مەھرەملىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ھەممىسى جەم بولۇپ چۈشلۈك تاماق يېيىشتى.

غوجاش بەگلەر پېشىندىن كېيىن قايتىپ كېلىشتى. ئۇلارنى موللا ئىبراھىم مەشھۇر تاماققا تەكلىپ قىلىۋىدى، «قورسىقىمىز توق» دېيىشتى. «سارى مانجىنىڭ قولى ئېچىلىپ كەتكەنىكەن، رەھمەت دېگىنىمىزگە ئۇنىماي مېھمان قىلدى» دەپ قوشۇپ قويدى غوجاش بەگ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە غازى بەگدىن باشقىسىنىڭ كەيپىياتى ئۇستۇن ۋە چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— بۇلارنىڭ قۇيرۇقىنى چىگىپ قويغان چىگە بار، — دەپ تەخمىن قىلدى تىلماچ غوجاش بەگلەر دەم ئېلىش ئۈچۈن ئوتلاقلىرىغا كەتكەندىن كېيىن ياقۇپ خوجامغا قاراپ.

— ئېھتىمال، — دېدى ئۇ.

— ئېھتىمال ئەمەس، تەھقىق شۇنداق، — دەپ سۆز قاتتى ئابدۇكېرىم بەگ.

— بۇلار (جۇڭغارلار) پالتىغا ساپ بولىدىغان ئادەملەرنى ئۆز ئىچىمىزدىن تېپىپ، ئۆزىمىزنى چېپىشقا ئۇستا.

— ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، — دېدى خۇش كېپەك.

— ھەرھالدا بۇنداق گۇمان قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەيلى، — ئۆز پىكرىنى بىلدۈردى يۇسۇپ خوجا، — ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەھلى مۇسۇلمانلارغۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «مۇسۇلمان — مۇسۇلماننىڭ قاياشىدۇر» دېگەن ھەدىسىگە ئەمەل قىلماي، بۇتپەرەسلەرگە كۆز ـ قۇلاق بولماس.

ئۇلار بىر دەقىقە جىم بولۇپ قېلىشتى.

— سىلىنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا، خوجام، — دېدى بىر چاغدا موللا ئىبراھىم، — مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، لېكىن ھايات تەجرىبىلىرىم شۇنى كۆرسەتتىكى، «ئالتۇننى كۆرسە پەرىشتىمۇ يولدىن ئازىدىكەن.» ئەگەر نويانلار ئالىي مۇقاملىق مەنسەپ، ئەمەل بېرىمىز دېسە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قاياشلىرىنى گۇمران قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ چىقىشى مۇقەررەر.

— ئەگەر شۇ تائىپىدىكى ئادەملەر بويىنى كۆرسەتسە، شۇ ھامان تۇنۇگۇنكى توكۇر قالماقتەك تاغدىن غۇلىتىش لازىم.

— بىراق، ئۇكام، ئۇنداق ئادەملەر بويىنى كۆرسەتمەي، دالدىدا تۇرۇپ ئوق ئوۋلايدۇ ـ دە، — دېدى ياقۇپ خوجا.

يۇسۇپ خوجا جاۋاب بېرىشكە تەمشىلىۋىدى، ئابدۇكېرىم بەگ سۆز قىستۇرۇپ ئۈلگۈردى:

— «تادان تۇلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار» دېگەن گەپمۇ بار.

— توغرا دېدىلە. ئەگەر بىز ھوشيارلىقىمىزنى يوقاتمىساق، ئۇنداق ئادەملەرنى ئوڭايلا بىلىۋالىمىز، — دېدى يۇسۇپ خوجا.

— بۇ باشقا گەپ، — ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر.

— شەرق خەلقلىرىدە «پادىشاھ ئۇيقۇغا كەتسە، تەختىنىڭ ئاستىدا چاشقانلار ئوينايدۇ» دېگەن تەمسىل بار. شۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ھوشيار ۋە سەگەك بولۇش لازىم.

شۇ چاغدا ئوردا تەرەپتىن داندار دورغا يەنە كەلدى ـ دە، ياقۇپ خوجا بىلەن يۇسۇپ خوجىلارنى ساغا نويانىنىڭ كۈتۈپ

تۇرغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئىككى باقاۋۇل ئابدۇللا بىلەن شاھاۋۇدۇن خوجىلارنىڭ قارىغاي تۇۋىدىكى سالقىن يەرگە باغلانغان ئاتلىرىنى ئەكىلىپ مىندۇردى.
ياقۇپ خوجىلارنى باشلاپ ماڭغان داندار دورغا ئادەت بويىچە ئوردىغا بىرەر چاقىرىمدەك قالغاندا ئاتتىن چۈشتى ــ دە، خوجىلارنى ئوردىغا بىرتۇتاش دېگۈدەك تىكىلگەن چوڭ ئۆيگە باشلاپ كەلدى.
خۇنتەيجى چىۋاڭ رابداننىڭ زامانىدا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى بولغان ساغا نويان‌نى غالدان سېرىنمۇ ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىۋالغانىدى. ئۇ جۇڭغار دەپ ئاتىلىدىغان خوشۇت، تۇرغاۋۇت، جۇڭغار ۋە دۇربۇت قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشى بىلىدىغان، تىنچلىق ۋاقىتلاردا ئۇلارنى ئۆزئارا ئىت تالاشتۇرۇپ قويۇپ، باشقا ئەللەرگە تاجاۋۇز قىلىدىغان چاغدا بىرلەشتۈرۈپ، مۇشتۇمدەك تۈگۈلۈشتە خۇددى دانىكاردەك رول ئوينايدىغان ئادەم ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ چىۋاڭ رابدان ئۆلگەندە مۇشۇ غالدان سېرىننىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىغا پائال كۈچ چىقارغانىدى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، يېشى چوڭىيىپ قالغان بۇ قېرى نويان‌نى غالدان سېرىن قويىنىدىن چىقارماي، جىق ئىشلاردا مەسلىھەت ئالاتتى، خانلىقىمىزنىڭ كۈچىيىشىگە كۆپ يىللاردىن بېرى ھەسسە قوشۇپ كېلىۋاتقان دانىشمەن دەپ ھۆرمەت قىلاتتى. بىراق، سەكسەندىن ئېشىپ كۈچ ــ قۇۋۋىتى بىلەن ئەقىل ــ پاراستى كېمىيىشكە باشلىغان بۇ نويان‌نى ئوردىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي، بۇلتۇردىن بېرى ئارتۇقچە كۆپ مەسلىھەت ۋە ئەقىل ــ ئىدراك تەلەپ قىلمايدىغان ئىشلارنى تاپشۇراتتى.
شۇنداق ئىشلارنىڭ بىرى تۇنۇگۇن باتۇرلارغا سوۋغا بېرىش مۇراسىمى باشلىنىشنىڭ ئالدىدا خۇنتەيجى ساغا نويانغا: «ئەتە ياقۇپ خوجىلارنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ گۆرۆگە ئەكەلگەن ئادەملىرىنى قېرى خوجا(دانىيال خوجا) تۇرغان

قوبىغا ئورۇنلاشتۇرغىن. كەلگەن خىراجلىرى ئۈچۈن يارۇغچى نويان ئىككىڭلار رەھمەت ئېيتىڭلار. ئاندىن يارۇغچى نويانغا ئېيت، ياقۇپ خوجىلارغا يىغىدىن ياسالغان دەستەكلەردىن يىگىرمە دانە بەرسۇن. ئۇلارنى بىز تەرەپكە ئىش بىلەن كېلىدىغان ئادەملەرگە بېرەر، كۈزگە تارتىپ كونا دەستەكلەر ئىناۋەتسىز دەپ بۇيرۇق چىقىرىمەن» دەپ ئۇقتۇرغانىدى.

ساغا نويان خۇنتەيجىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاخشام ئاز ـ تولا ئەركە ئىچىپ قويغاچقىمۇ ياكى خاتىرىسى ئاجىزلاشقانلىقتىنمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. بۇنىڭدىن يېرىم سائەت ئىلگىرى غالدان سېرىن: «خوجاملارنى يولغا سالدىڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئاندىن ئېسىگە ئالدى ـ دە، ئوردا سىرتىدا ھىراۋۇللار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان داندار دورغىنى چاقىرىپ ياقۇپ خوجىلارنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

ياقۇپ خوجىلار ساغا نويان تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىدا نەيزە تۇتقان ئىككى ھىراۋۇلنى كۆردى. بۇ ھىراۋۇللار مۇھاپىزەتچىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بىرسى ساغا نويانىنىڭ يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلىرىنى، يەنە بىرسى بىرەر چاقىرىمدەك يەردىكى ئاشخانىغا ئاتلىق بېرىپ تاماق، چاي ۋە قىمىزغا ئوخشاش نەرسىلەرنى توشۇيتتى.

ساغا نويان ياقۇپ خوجىلار كىرىپ كەلگەندە ئۆينىڭ تۆرىگە سېلىنىغان قېلىن كۆرپە ئۈستىدىكى بۆرە تېرىسىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا ئىككى خوجا خۇددى خۇنتەيجىنى كۆرگەندەك بېشىنى ئېگىپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

— بۇياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ساغا نويان قېرى قۇرغۇيىنىڭ كۆزىدەك پالىلداپ تۇرغان كۆزى بىلەن سول تەرەپتىكى كۆرپىنى شەرەت قىلدى ۋە ئاندىن، — دانىيال خوجا بىزگە سادىق ۋە ياۋاش ئادەم ئىدى، — دەپ سۆز باشلىدى، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ياقۇپ خوجىلارغا كۆڭۈل ئېيتقىنى ئىدى، — «ئاتىنىڭ ئىزىنى تاي باسىدۇ» دېگەندەك، ئاتاڭلارنىڭ ئورنىنى سىلەر

باستىغىلار. ئاتاڭلارغا ئوخشاش بىزگە سادىق ۋە ياۋاش بولۇڭلار، — ئۇ گېپىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ بىر پەس تۇردى ـ دە، يۇسۇپ خوجىغا قاراپ، — بۇ يىگىت دانىيال خوجىنىڭ بايىنبۇلاقتىن تېپىۋالغان بالىسى ئەمەستۇ؟ — دېدى.
— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى ياقۇپ خوجا.
— توۋا، بايا كۆرۈپلا كۆڭلۈم تۇيغاندەك قىلىۋىدى، كۆزلۈك بىلەن ئاۋۇ قىرلىق بۇرنۇڭ ئاتاڭغىلا ئوخشاپتۇ، — ساغا نويان يۇسۇپ خوجىنىڭ ئوردا ئىچىدىكى نويان ـ زايسانلار بىلەن قەشقەرىيەدىن كەلگەن مەۋلانە ھەزرەت باشلىق ئادەملەر ئارىسىدا ئالتە ـ يەتتە ياشلىق بالىنىڭ ئۆزىنى دانىيال خوجىنىڭ قۇچىقىغا تاشلىغان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى بولغاي، — شۇ چاغدا رەھمەتلىك ئەمرچىمىز چىۋاڭ رابدانىڭمۇ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكەنىدى، — دېدى، ئاندىن يۇسۇپ خوجىغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىز بىزگە جىيەن بولىسىز، ئاپىڭىز تىنچلىقمۇ؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۇسۇپ خوجىنىڭ بەدىنى جىمىرلاپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بايىنبۇلاقتىكى بالدىن دەمچىنىڭ قولىدا يۈرگەن چاغلىرى كەلدى ـ دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئىنىسىنىڭ روھىي ھالىتىنى بايقىغان ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەردى:
— كىچىك ئانام تىنچلىق، ئۇ كىشىنى ئەسكە ئالغانلىرىغا رەھمەت.
— بىزگە ئەكەلگەن بالىلىرىڭلار بىلەن قېرىنداشلىرىڭلاردىن ۋايىم قىلماڭلار، — دېدى ساغا نويان خۇنتەيجىنىڭ گەپلىرىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، — ئۇلار قىشلىقى ئاتاڭلارنىڭ تار ئۆتكەلدىكى ئۆيىدە، يازلىقى قوبىدىكى ئۆيىدە تۇرىدۇ. كېيىن مۇنۇ ياقۇپ خوجىغا ئوخشاش بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلىدىغان خانلاردىن بولىدۇ.
ئۆيگە يارۇغچى كىرىپ كەلدى. بۇمۇ ياشىنىپ قالغان، لېكىن

ساغا نوياندىن بەش ـ ئالتە ياش كىچىك بولغىنى ئۈچۈنمۇ چاققان ۋە تېتىك ئىدى.

— بۇ خوجىلارغا يېڭى دەستەكتىن يىگىرمە دانە ئەكىرىپ بېرىڭ، — دېدى ساغا نويان. يارۇغچى بۇرۇلۇپ ئۆيدىن چىقتى.

— يەنە نېمە دەيمەن ـ ھە، — دېگىنىچە دەيدىغان گەپلىرىنى ئۇنتۇپ تۇرۇپ قالدى ساغا نويان، — ئاتاڭلارغا ئوخشاش بىزگە سادىق بولۇڭلار، — ئەتىمالىم خۇنتەيجىنىڭ گەپلىرى يادىغا كەلسە كېرەك، — بۇگۇن كەچ بولۇپ قالدى دېمەستىن قەشقەرىيەگە قايتساڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى.

شۇ ئەسنادا كىچىككىنە ماتا خالتىغا سېلىنغان دەستەكلەرنى كۆتۈرۈپ يارۇغچى نويان كىردى ۋە ئىككى قوللاپ ساغا نويانغا سۇندى.

— مۇنۇ دەستەكلەرنى ئىككىڭلار بۆلۈشۈپ، بىز ياقتا ئەۋەتىدىغان ئادەملىرىڭلارغا بېرەرسىلەر. بۇرۇنقى دەستەكلەر كۇزدىن تارتىپ ئىناۋەتسىز، — دېدى ساغا نويان.

ياقۇپ خوجىلار قايتىشقا تەرەددۇتلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، يارۇغچى نويان ساغا نويانىنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى، ئاندىن:

— ھە، راست، ئۇلۇغ ئەمرچىمىز ئەكەلگەن خىراجلىرىڭلار ئۈچۈن رەھمەت ئېيتتى. ئاتاڭلارغا ئوخشاش سادىق ۋە ياۋاش بولۇڭلار، — دېدى ـ دە، ئۇلارنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت بەردى.

## ئۈچىنچى باب

ياقۇپ خوجىلار شۇ كۈنى يولغا چىقىپ، كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن كىچىك خونخاي غولىغا چۈشۈۋالدى. ئۇلار بىلەن تەگرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى «شوتا» دېگەن ئۆتەڭگىچە ئۇزىتىپ بېرىش ئۈچۈن داندار دورغا باشلىق بىرنەچچە ھىراۋۇللار بىللە ئاتلاندى. ئوردىدىن چىققاندىلا ھەممىسىنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ

ماڭغان داندار دورغا يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى «قۇر» دەپ ئاتالغان يايلاقفا يېقىنلاشقاندا ئېتىنى توختىتىپ، كەينىدە كېلىۋاتقان ياقۇپ خوجىلارغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ماۋۇ يەردە، — ئۇ قامچا تۇتقان قولى بىلەن كۇنچىقىش تەرەپنى كۆرسەتتى، — تاغام تېكە زەڭگىنىڭ ئۆيى بار، شۇ يەرگە بېرىپ قونالغۇ قىلايلى.

— ياق، — دېدى ياقۇپ خوجا.

داندار دورغا غوجاش بەگ بىلەن ئابدۇۋاھاپ بەگلەرگە «سىلەرنىڭ قانداق پىكرىڭلار بار» دېگەندەك قارىدى.

— قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى، ياقۇپ خوجام، — دېدى غوجاش بەگ، — داندار دورغا دېگەندەك زەڭگىنىڭ ئۆيىدە قونالغۇ قىلساق، ئەتە يولغا چىقساقمۇ بولىدۇ. ئۇ زەڭگى مەرھۇم ئاتىلىرىنى كۆرگەن ئادەم، خۇش بولۇپ قالىدۇ.

ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنىمۇ رەت قىلدى.

— ھازىر قورساقىمۇ ئاچمىدى، ئاتلارمۇ ھارمىدى. كۇرە (بۇتخانا)نىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆتەڭگە بېرىپ، بىراقلا دەم ئالايلى.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى باشقىلارنىڭ ھەممىسى قۇۋۋەتلىدى. چالمىسى سۇغا چىلاشقان داندار دورغا رەللە بولغاندەك ئېتىنى دېۋىتىپ يولغا چۈشتى.

ياقۇپ خوجا سايىنىڭ ئاغزىدىن چىققاندا «خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋالايلى» دەپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سۇنىڭ ياقىسىغا بۇرىدى. يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى.

ئۇلار جۇڭغارلار بۇتخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ئۆتەڭدىن سەھەردىلا ئاتلىنىپ چىقتى. دىلمۇك تېغى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ ئارىسىدىكى ئۇزۇن يولنى گويا جىم - جىم ئوينىغاندەك ياكى بىر - بىرىدىن رەنجىشىپ قالغاندەك گەپ قىلىشماي، ھەركىم ئۆزىدىن باشقىلار بىلمەيدىغان ئوي - خىياللار ئىلكىدە بېسىپ ئۆتتى.

«مەھكۇملۇق دېگەن چىدىغىلى بولمايدىغان زۇلۇم ئىكەن -

ده، بۇ نېمىدېگەن خورلۇق، نېمىدېگەن تۈگمەيدىغان ئازاب. ئەي، ئۇلۇغ قۇدرەت ئىگىسى، بىزنىڭ ھەق يولدا چېكىك تۇرۇشىمىزغا مەدەت بەرگىن، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. بىزگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنى گۇمران قىلىپ، ئازاب تارتقۇچىلارغا ھىدايەت قىلغىن. ئەي، ئۇلۇغ ئاللا، ھەممە ھەمدۇسانالار (مەدھىيەلەر) پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىگىسى ساڭىلا خاستۇر...» دەپ ئۇنسىز نالە قىلدى. ئۇنىڭ كىرتەيگەن كۆزلىرى تېكەس ۋادىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە، يول بويلىرىدا توپ ـ توپ ئوتلاپ يۈرگەن مال ـ چارۋىلارغا، تەڭرىتېغىنىڭ بارغانسېرى ئېگىزلىشىپ كېتىۋاتقان قارلىق چوققىلىرىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن قارايتتى.

يۈسۈپ خوجا بىرنەچچە پەرسەڭ يول باسقۇچە، ياقۇپ خوجىغا ئوخشاش ئوي ـ خىياللارغا بېرىلىپ، ئاخىرىدا ئاتىسى دانىيال خوجىنىڭ ئۆلۈشىدىن بىر كۈن ئىلگىرى «... مەن بۇ جۇڭغارلارغا ئىنقىيات (بېقىنىش)، پەرمەنبەردارلىقتىن ئۆزگە چارە تاپالمىدىم، ئۇلارغا تىغ كۆتۈرۈپ قارشىلىق كۆرسىتەلمىدىم، نە چارە؟ شۇ ئارزۇ بىلەن ئاخىرەتكە كېتىۋاتىمەن، ئەمما سىلەر بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسىلەر... » دېگەن سۆزلىرى يادىغا كەلدى ـ دە، رەھمەتلىك ئاتام بۇ جۇڭغارلارنىڭ زۇلمى بىلەن خورلۇقنى تارتىپ دۇنيادىن ئۆتۈپتىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدى ۋە قەشقەرىيەدىكى نەچچە مىليونلىغان، يەنە كېلىپ، شەھەر ـ يېزىلاردا توپلىشىپ ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ مەزھەپلەر پېشۋالىرىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن جۇڭغار كۆچمەنلىرىگە يەم بولۇپ قالغىنىغا قاتتىق ئېچىندى ـ دە، ساۋاقدىشى ئەمەت ئاخۇن خەلپەتنىڭ: «ئەگەر ھىدايىتۇللا ئىشان ئۆز مەزھىپىنى تەشۋىق قىلىپ بىرقانچە مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقىنى بۇزماي، رەسۇلىللانىڭ ‹ۋەتەننى سۆيۈش — ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر› دېگەن ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلغان

بولسا، بۇ جۇڭغار كۆچمەنلىرى تۇرماق، ئۇنىڭدىن يوغانلىرىمۇ يۇرتىمىزغا ئاياغ باسمىغان بولاتتى» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى. ئاندىن «خەير، ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات، ئەمدى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بۇ جۇڭغارلار تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ. ئابدۇكېرىم بەگنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇلار قازاقلارنىڭ نەچچە تائىپىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ يېرىنى ئىشغال قىپتۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەقىللىق ئادەملەر تائىپىگە بۆلۈنگەن قازاقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بەزى يەرلىرىدىن جۇڭغارلارنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ، ــ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، ــ ئۇلارنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، بىزنىڭمۇ ‹ئاق تاغلىق›، ‹قارا تاغلىق› بولۇپ پارچىلانغان خەلقىمىزنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك ئوخشايدۇ. شۇنداق قىلساق، بۇ جۇڭغارلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىمىز ئاسان بولىدۇ...»

سارى مانجى بىلەن سىپتەن نويانلارنىڭ ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىنغان يەكەن ھاكىمى ــ غازى بەگ، ئۇچ ھاكىمى ــ غوجاش بەگ، ئەردەۋىل ھاكىمى ــ ئابدۇۋاھاپ بەگ، قەشقەر خانىنىڭ ئىشىكئاغىسى ــ خۇدايار بەگلەرنىڭ كاللىسىدىكى ئوي ـ خىياللار ئاساسەن ئوخشىمايتتى. «جۇڭغارلار بۇ خوجاملارنى قەشقەرىيەدىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئۇزاقتىن بېرى تەسىرى بار دەپ تەختكە ئولتۇرغۇزغان. بۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى خانىقانىڭ ئۇممىچىنى ئىچىپ، زىكىر ـ جەرە قىلىپ، خەلقلەر بەرگەن سەدىقە ـ ئېھسان بىلەن جېنىنى باققان. شەھەر سوراش بۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇلار كۆرۈنۈشتە ‹خان› بولغىنى بىلەن، خانلىقنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قىلىدىغانلار ــ بىز. جۇڭغارلارغا بېرىدىغان خىراجىنىمۇ، ئۆشرە ـ زاكات، پىتىر ـ سەدىقە، سودا ـ سېتىق

www.uyghurkitap.com

باجىلىرىنىمۇ يىغىدىغانلار — بىز. بۇلارنىڭ قولىدىن خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇش بىلەن كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشتىن باشقا نەرسە كەلمەيدۇ. ئەگەر سارى مانجى بىلەن سېپتەن نويانلار دېگەندەك ئۆزىمىزنىڭ جۇڭغار خانلىقىغا بولغان ساداقىتىمىزنى كۆرسىتەلىسەك، بۇ خوجىلار ئولتۇرغان تەختكە ئۆزىمىز مۇشەررەپ بولىمىز...»

ئادەتتە شەخسىي مەنپەئەت، ئاتاق ـ ئابرۇي ئۈچۈن تۈرلۈك شەكىلگە كىرەلەيدىغان، تۇتامى يوق شامالدەك بىر دەم ئۇياقتىن ـ بىر دەم بۇياقتىن چىقىدىغان ۋە ئۆز يېرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەيدىغان بۇ ئادەملەر جۇڭغار نويانلىرىنىڭ قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار ئىگىلىگەن مەنسەپ ـ ئەمەللىرىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن قەشقەرىيەگە كەلگەندە ئۇ يەردىكى خانلارنىڭ، خۇنتەيجى ئوردىسىغا بارغاندا جۇڭغارلارنىڭ رايىچە بولۇپ، خۇشامىتىنى قىلاتتى.

بۇلارنىڭ ئارىسىدا يالغۇز خۇش كېپەك ھاكىملا ياقۇپ خوجا ۋە يۈسۈپ خوجىلار بىلەن مەسلەكداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيتتى. ئۇ «مۇشۇ خوجىلارنى سەردار قىلىپ، خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرسە، جۇڭغارلاردىن قۇتۇلۇش مۇمكىن» دەپ ئويلايتتى.

ئۇلار پېشىن مەزگىلىدە خۇددى تەڭرىتېغىنىڭ ئەمچىكىدىن ئېتىلىپ چىققان سۈتكە ئوخشاش ئاپپاق سۇ ئېقىۋاتقان ئېقىن بويىغا كەلدى. بۇ تېكەس دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ئاقسۇ ناملىق چوڭ ئېقىن ئىدى.

— پېشىن نامىزىنى مۇشۇ يەردە ئوقۇۋالايمىزمۇ؟ — دېدى خۇش كېپەك ھاكىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۈگىمەس خىياللار ئىلكىدە كېتىۋاتقان ياقۇپ خوجا:

— ئاقسۇغا كەپتىمىزغۇ، — دېدى، ئاندىن، — بوپتۇ، —

دەپ رازىلىق بىلدۈردى.

پېشىن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغان بولسىمۇ، ياقۇپ خوجا خېلى ۋاقىتچە جايىنامازدىن تۇرمىدى ۋە قىبلىگە قاراپ ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن پېتىچە: «جىمى ھەمدۇسانالار پۈتكۈل ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى ئالللاتائالاغا خاستۇر. ئەي رەببىم، بىزنى رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرگىن. ئىشلىرىمىزنى ياخشى يولغا سالغىن، بىزنى بەخت ـ سائادەتلىك بەندىلەرنىڭ قاتارىغا قوشقىن. بۇ دۇنيادىن ئىمان ۋە ھىدايەت بىلەن كېتىشكە مۇۋەپپەق قىلغىن، بەرگەن نېمەتلىرىڭگە، قىلغان مەرھەمەتلىرىڭگە تەشەككۈر ئېيتىمىز. سېنىڭدىن باشقا خۇدا يوق، مۇھەممەد بولسا بەرھەق پەيغەمبىرىڭدۇر، دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتىمىز» دەپ دۇئا قىلدى.

ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىپ يولغا چۈشتى. كەچقۇرۇنلۇقى «شوتا» دېگەن ئۆتەڭگە كېلىپ قونالغۇ قىلدى.

ئەتىسى داندار دورغا ھىراۋۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەينىگە قايتتى. ياقۇپ خوجىلار بولسا «شوتا»نىڭ غولىغا كىرىپ ئۆرلەشكە باشلىدى. تەڭرىتېغىدىكى بۇ غولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قارىغايلىق قاپتاللار ئىنتايىن ئېگىز بولغىنى بىلەن غولنىڭ ئىچى تار بولۇپ، ئۇ يەردىكى يولدا ئاتلىق ئادەم قاتارلىشىپ ماڭالمايتتى. غولنىڭ ئىچىدىكى بەزى يەرلەرگە كۈننىڭ نۇرى بىرنەچچە سائەتلا چۈشەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ يورۇقلۇقى كۈن ئولتۇرغۇچە ئۆز تەسىرىنى يوقاتمايتتى. ھەممىنىڭ ئالدىدا سەپەرگە كېرەكلىك نەرسىلەر ئارتىلغان ئاتلارنى يېتىلەپ غوجاش بەگنىڭ مەھرەملىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرى، ئۇلارنىڭ كەينىدە ياقۇپ خوجا بىلەن يۈسۈپ خوجىلار، ھەممىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ باقاۋۇللىرى بىلەن مەھرەملىرى سەپ تارتىپ مېڭىشتى. يول بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا ئايلىناتتى. ھەربىر ئايلانغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىدا يېڭى مەنزىرىلەر پەيدا بولاتتى. بىر چاغدا

www.uyghurkitap.com

غولنىڭ ئىچى كېڭىيىپ قالدى. شۇ چاغدا غازى بەگنىڭ ئارقىسىدا كېلىۋاتقان خۇش كېپەك ھاكىم ياقۇپ خوجا كەلگۈچە، ئېتىنى توختىتىپ ئۇنىڭ بىلەن قاتارلاشتى ـ دە:

ـــ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ، قولىنى ئىسسىتىدىغان بۇ جوڭغارلارنىڭ يۈرىكى سۇنىڭ تېگىدە ياتقان تاشتەك ھارارەتسىز، ئادەمگەرچىلىكى بولسا ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنىڭ بالىسىنى يۇتۇۋېتىدىغان ئەجدىھاغا ئوخشايدىكەن، ـــ دېدى.

ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ:

ـــ تازىمۇ ئادىل باھا بەردىلە، ـــ دېدى.

ـــ ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس، ـــ سۆزىنى داۋام قىلدى خۇش كېپەك، ـــ بۇرناكۇندىن بېرى بايقاپ كېلىۋاتىمەن. روھىي ھالەتلىرى تولىمۇ زەئىپلەشكەندەك سېزىلىدۇ. يۇسۇپ خوجامنىڭمۇ شۇنداق. مەنمۇ يول بويى مىڭبىر خىيال، ئوي ـ پىكىرلەر ئىلكىدە بولۇپ كەلدىم. ئاخىر بۇ دۇنيادا ياشىغان ئادەملەر ئەجەل شەربىتىنى ئىچكەندە بىر قېتىم قىينىلىدىكەن ـ دە، مەھكۇملۇققا دۇچار بولسا، تىرىك تۇرۇپ دوزاختا چۆشكەندەكلا قىينىلىدىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.

ئۇنىڭ گېپىنى ياقۇپ خوجامۇ، يۇسۇپ خوجامۇ ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ـــ بىز مەھكۇملۇق بالاسىغا مەپتۇن بولساقمۇ، ئۆز ماكانىمىزدا، ئۆز پۇقرالىرىمىزنىڭ ئارىسىدا، ـــ دېدى بىر چاغدا ياقۇپ خوجا، ـــ جوڭغارلار ھۆكۈمران بولغىنى بىلەن، شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن توپىغا ئوخشايدۇ. ئۆزلىرى بىلىدىلا، توپا ئاسماننىڭ قەيېرىگە چىقىۋالسىمۇ بەرىبىر توپا.

ـــ ئۇغۇ شۇنداق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ھەرقايسىلىرى دىيارىمىزدىكى پۇقرالارنىڭ پاسىبانلىرى، زىراكى بىر تال شام بىر ئېغىز ئۆينى يورۇتقاندەك، پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇپ جاسارەت ئاتا قىلىش پاسىبانلارغا خاس ئىشتۇر.

— بىزلا ئەمەس، ئۆزلىرىمۇ شۇ پاسىبانلارنىڭ بىرسى، — دېدى يۈسۈپ خوجا گەپ قىستۇرۇپ.

— يۈسۈپ خوجام توغرا ئېيتتى. سىلىمۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپلەرنى قىلدىلا، — دېدى ياقۇپ خوجا ئۆزىنىڭ جۇڭغار ئوردىسىدىن مەيۈسلىنىپ قايتقىنىغا خىجىل بولۇپ، — سىلىدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، بۇ قېتىم بويۇنغا باغلانغان يىپنى چىڭ تارتسا، نەپەس بوغۇلۇپ، روھى چۈشكەن ئاتتەك ھالەتكە دۇچار بولدۇق ـ دە.

يول يەنە بىر تۇمشۇققا كېلىپ ئوڭغا بۇرۇلدى، غولنىڭ ئىچى تېخىمۇ كېڭىيىپ كەتكەندەك بىلىندى.

— بۇ جۇڭغارلار، — دېدى يۈسۈپ خوجا ئەلەم بىلەن، — گۆرۈگە ئەكەلگەن پەرزەنتلىرىمىز بىلەن خوشلىشىشقىمۇ رۇخسەت قىلمىدا.

— ھەي ئۇكام، مۇنداق ئۇسۇل بۇلاردىلا ئەمەس، بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ھەممىسىدە بولغان، — دەپ تەسەللى بەردى ياقۇپ خوجا، — ئۇلار مۇنداق قىلىشنى بېقىندى خانلارغا ئۆز دېگىنىنى قىلدۇرۇشقا، باش كۆتۈرمەي بويسۇنۇشقا، ياۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ.

خۇش كېيەك ھاكىم بىلەن بولغان قىسقا سۆھبەتنىڭ تەسىرى بولدىمۇ ياكى بۇ زېمىننى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتقان تەڭرىتېغىنىڭ خۇش پۇراق ھاۋاسى بىلەن قارىغايلىرى ئادەملەرنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىدىغان گۈزەل مەنزىرىلىرى مەھلىيا قىلدىمۇ، ياقۇپ خوجىلارنىڭ كۆڭلىدىكى مەيۈسلۈك تارقىغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئىرادىلىك ئادەملەرگە خاس تەمكىنلىك پەيدا بولدى. تاغلار ئارىسىدىكى ئەگرى ـ توقاي يوللار، ئۈستىدىن مەڭگۈ قار كەتمەيدىغان ئېگىز چوققىلار، مۇزلۇق ـ قارلىق داۋانلار يەنە ئارقىدا قالدى، ياقۇپ خوجىلار داۋاندىن پەسلەپ، ئېگىز

تاغلارنىڭ ئارىسىدىكى جىلغىغا چۈشتى. بۇ يەر قەشقەرىيەگە ئۆتىدىغان تەبىئىي قاپقا ئىدى. ئۇلار مۇشۇ يەردە قونالغۇ قىلدى. ئەتىسى ئەردەۋىلگە يېتىپ كەلدى ۋە بۇ يەردە بىرنەچچە كۈندەك دەم ئېلىپ سەپىرىنى يەنە داۋام قىلدى.

※ ※ ※

بەزى چاغلاردا ئادەمنىڭ كاللىسىغا ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى يەر ـ جاھاننى ھەم يورۇتۇپ، ھەم ئىسسىتىپ كېلىۋاتقان قۇياش تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغا قارىغاندا جەنۇبىغا ھارارەتلىك نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكەمدۇ، قانداق، دېگەن ئوي كېلىدۇ. ئۇنداق بولغىنى ئىلى تەرەپتىكى خەلقلەر ئىشلەتكەن «ئالتە ئاي ياز، ئالتە ئاي قىش» دېگەن سۆزنى قەشقەرىيەدىكى ئادەملەر ئىشلەتمەيدۇ. بۇ ياقلاردا قىش قىسقا بولۇپ، ياز ئۇزۇن بولىدۇ. ھازىر سۇمبۇلە (ئاۋغۇست) ئېيىنىڭ باشلىرى بولغاچقىمۇ، كۈن بۆلەكچىلا ئىسسىپ كەتكەنىدى.

ياقۇپ خوجىلار ئەتىگەن بىلەن كەچنىڭ سالقىنىدا ئۇزاقراق يول مېڭىپ، كۈننىڭ ئىسسىقىدا دەم ئېلىپ، بىرنەچچە كۈندە قەشقەرىيەگە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان شەھەر مۆتىۋەرلىرى ئەتىگەندىلا ئوردا ئالدىدىكى مەيداندا پەيدا بولۇشتى.

— شەھىرىمىزدە بىرەر ھەپتە تۇرارلا؟ — دەپ سورىدى خۇش كېيىپەك ھاكىم يۇسۇپ خوجىنىڭ سالقىن مېھمانخانىسىدا ناشتا قىلىۋاتقان ياقۇپ خوجىدىن.

— ئۇنچىلىكقۇ تۇرالماسمەن، ھەرھالدا بىر ـ ئىككى كۈن بولىمەن، — دېدى ياقۇپ خوجا.

— «كېلىش مېھماندىن، قايتىش ساھىبخانىدىن» دېگەن گەپ بار، ھاكىم جانابلىرى، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى يۇسۇپ خوجا، — ئاكام بىز رۇخسەت قىلغاندا كېتىدۇ.

ئۇلار ناشتىدىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ ياقۇپ خوجىلار ئۈچ كۈن تۇرىدىغان بولدى. شۇ چاغدا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل كىرىپ ساتىراشنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئۇلار داستىخانغا دۇئا قىلىپ، ھويلىغا چىقىشتى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنىڭ بۇرۇتلىرى چېكىلىپ، كىچىككىنە ساقاللىرى تاراشلاندى ـ دە، يۈزلىرى بىلەن ئېڭەكلىرى پارقىراپ ياشىرىپ كەتكەندەك بولدى. ھويلىغا خۇدايار بەگ كىرىپ خوجاملارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن شەھەر مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. يۈسۈپ خوجا:

— بىز ھازىر بارىمىز. ئۇ كىشىلەرنى قوبۇلخانىغا تەكلىپ قىلسىلا، — دېدى.

ئوردىنىڭ قوبۇلخانىسى بىردەمدىلا ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتتى. قەشقەرىيەدىكى مۆتىۋەر ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى دېگۈدەك باشلىرىغا ئاق سەللە، ئاق ۋە ناۋات رەڭ چۇچۇنچىدىن تىكىلگەن يېپىنك پەشمەت ـ پەرىجىلەرنى، بەزىلىرى يەكتەكلەرنى كىيگەنىدى. شۇلارغا ئوخشاشلا يېپىنك كىيىنگەن ياقۇپ خوجىلار كىرىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەرگەن ھالدا قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇشتى. ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار بىلەن خۇش كېپەك ھاكىم ئۆزلىرىگە كۆرسىتىلگەن ھۆرمەتتىن رازى بولۇپ، خۇش چىراي بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلىدى.

— بۇ كىشى، — يۈسۈپ خوجا ئوڭ تەرەپتىكى پەگاھدىن باشلاپ كەلگەنلەرنى تونۇشتۇردى، — شەھىرىمىزدە يېڭىدىن ئېچىلغان مەرىپەت مەكتىپىنىڭ خەلپىتى — ئەمەت ئاخۇن.

— تولا ئوبدان، سالامەت تۇردىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— بۇ ياق «چاسا» مەدرىسىسىنىڭ مۇدەررىسى ئالىم ئاخۇنۇم... — شۇ تەقلىدتە بىرنەچچە ئادەمنى تونۇشتۇرۇپ

قوبۇلخانىنىڭ تۆرىگە يېقىن جايغا كەلگەندە، — بۇ ھەزرەت شەھەرىمىزدىكى ئىشانلارنىڭ پېشىۋاسى باقى ئاخۇن جانابلىرى، — دېدى يوغان باش ئىشاننى تونۇشتۇرۇپ.

— ئۆزلىرىنى كۆرگەنگە تولىمۇ خۇرسەنمەن، — دېدى ياقۇپ خوجا.

— بۇياق بولسا موللا سابىر قازى جانابلىرى.

ياقۇپ خوجا بۇ ئادەمنى ئۇزۇن ئاق ساقاللىق، بويى ئېگىز ۋە تەمبەللىك ئادەممىكىن دەپ ئويلاپ يۈرگەچكە، ئالدىدا تۇرغان بوي - تۇرقى ۋىجىك، ئېڭىكىنىڭ ئۇچىدا ئۇزۇنلۇقى ئىككى ئىلىك چار ساقىلى بار ئادەمنى كۆرۈپ ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك:

— موللا سابىر قازى دېگەن سىلى بولىدىكەنلا - دە، جانابلىرى، — دېدى گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇلاقاتتا بولۇشنى خېلىدىن بېرى ئويلاپ يۈرەتتىم. ئاللاتائالا بۇ كۈنلەرگىمۇ نېسىپ قىپتۇ، قانداق ئەھۋاللىرى، ياخشىمۇ؟

يۈسۈپ خوجا قوبۇلخانىنىڭ سول تەرىپىنى ياقىلاپ يەنە بىرقانچە مۇدەررىس - مۇھەددىس، ئىشانئوئاكابىر، تۇججارلارنى تونۇشتۇردى. سول تەرەپتىكى پەگاھقا كەلگەندە، ياقۇپ خوجىنىڭ كۆزى ئەدەن قېچىرغا چۈشتى - دە:

— ئەدەنباي ئاكامۇ كەپتۇغۇ؟ — دەۋەتتى خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە يېقىنلىقىنى ئىپادىلەپ كۆرۈشتى.

— بۇگۈن سەپەرگە ماڭماقچىدىم، ئۆزلىرىنى كېلىۋاتقۇدەك دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ توختاپ قالدىم، — دېدى ئەدەن قېچىر.

«بۇ ئادەم ياقۇپ خوجا بىلەن قاچاندىن بېرى تونۇشۇپ ئۈلگۈرگەنكىنە؟» دەپ ئويلىدى خۇدايار بەگ. يوغان باش ئىشان بولسا «تۇججار خەق دېگەننىڭ تونۇمايدىغان ئادىمى، بارمايدىغان بازىرى يوق، دېگەن راست گەپ ئىكەن - دە» دېگەنلەرنى

كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈش تاماملانغاندىن كېيىن ياقۇپ خوجىلار قوبۇلخانىنىڭ تۆرىگە قويۇلغان كۇرسىلارغا ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلىشتى.

— ھارماي ـ چارچىماي كېلىشتىلىمۇ؟ — دەپ ھال سورىدى موللا سابىر قازى كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يوغان باش ئىشان:

— تىنچ ـ ئامان كېلىشكەنلىرىدىن خۇشالمىز، — دېدى.

— مۇشۇ ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قەشقەر شەھىرىدىكى ئەللامە ـ پازىل زاتلار بولۇپ، خانلىقىمىزنىڭ يۆلەنچۈكى، تۈۋرۈكى ۋە بۇ يەردىكى پۇقرالارنى بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىققا، ئۆملۈككە دالالەت قىلىدىغان ئۆتكۈر زەبانلىق ئادەملەردۇر، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — قەشقەر شەھىرى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى بولۇپ دۇنياغا تونۇلغان قەدىمىي شەھەردۇر. مەن يەكەن شەھىرىنىڭ بۈگۈنكى خانى ۋە مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئاكام ياقۇپ خوجامنىڭ شەھىرىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئۆلىما ـ پازىللىرىمىز بىلەن دىدارلاشقىنىدىن ناھايىتى مەمنۇنمەن. قەدەملىرىگە ھەسەنات !

ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇلخانىدا ئولتۇرغانلار باشلىرىنى لىڭشىتىپ ماقۇللاشتى. ياقۇپ خوجا بولسا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئولتۇرغانلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

— بىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان قەشقەر ئەھلى، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى موللا سابىر قازى، — مەرھۇم دانىيال خوجامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇغا چۆمدۇق. شۇڭا، چوڭقۇر تەزىيە ئىزھار قىلىمىز. ئارىدىكى مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن خوجامنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا داخىل بولالمىدۇق، — ئۇ بىرپەس تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — بىز ئۆزلىرىنىڭ يەكەن تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن جارى

www.uyghurkitap.com

قىلغان پەرمانلىرىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇرسەن بولدۇق. سىلىدىن ئۆلگە ۋە ئىبرەت ئالغان ئىنىلىرى يۈسۈپ خوجام شەھىرىمىزگە خان بولۇپ كەلگەندىن بېرى كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلدى. ئادىل پەرمانلارنى جاكارلىدى. شەھىرىمىزنىڭ تارىخى ئۇزۇن، بىشىدىن كەچۈرگەنلىرى كۆپ، كېيىنكى دەۋردە زالىم خانلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلىنىپ ئەزىيەت چەككەن بولسىمۇ، لېكىن خەلقىمىزنىڭ كۆڭلى ئاق، قوينى كەڭ، سىلىدەك ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىغان ئەمەلدارلارنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ. شۇڭا، بىرنەچچە زامان مەشەدە بولسىلا، سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇشنى بەخت ـ سائادەت دەپ بىلىمىز.

— موللا سابىر قازى جانابلىرى بىزنىڭ ئەينى مۇددىئالىرىمىزنى ئېيتتى، — دەپ سۆز باشلىدى يوغان باش باقى ئەشان، — شۇ ياشقا كەلگۈچە تازغۇننىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمىگەن بولسامۇ، بۇگۈن ئۆزلىرىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئەزىز ئەۋلىيالارنىڭ مۇبارەك مازارلىرى بار يەكەن دىيارىنى كۆرگەندەك بولدۇم. باياتىن يۈسۈپ خوجام ئېيتقاندەك، قەشقەر زېمىنىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۇچىنچى ئەۋلاد خاقانى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندەك ئۇلۇغ ئادەملەر ياتقان مۇقەددەس جايلار بار، — ئۇ ئاپاق خوجىنىڭ مازارىنى دىمەكچى بولۇپ يالتىيىپ قالدى ـ دە، گېپىنى موللا سابىر قازىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى، — بىرنەچچە زامان مەشەدە تۇرسىلا، خىزمەتلىرىدە بولايلى.

بۇنداق چاغلاردا كۆپچىلىك ئادەم ئۆزلىرىدىن يېشى چوڭ، مەرتىۋىسى، بىلىمى ئۈستۈن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سۆزلىگەندىن كۆرە، ئەدەپ ساقلاپ، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇ ئادەت بويىچە قوبۇلخانىدا ئولتۇرغان ئادەملەر گەپ قىلماي، مەسلىھەت قىلىۋالغاندەك ياقۇپ خوجىغا قاراشتى.

— ئەللىك نەچچە يىلدىن بېرى پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن ۋە تېخىچە داۋام قىلىۋاتقان قىرسىقتىن (جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان خىراجنى دېمەكچى) بۇ يىلچە قۇتۇلۇپ قالدۇق، — دەپ سۆز باشلىدى ياقۇپ خوجا. ئۇلتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى قىزىقىپ، بەزىلىرى جانلىنىپ ئۇنىڭغا قاراشتى، — باشقا خەلقلەرگە بۇرۇن ئۆتكەن سۇلتانلار بىلەن خانلىرىدىن تاجۇتەخت، دۇنيا - دەپىنە، مەسچىت - مەدرىسە ۋە تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن مال - چارۋىلار قالسا، بىزنىڭ خانلىقىمىزدىن ۋەيران بولغان مەسچىتلەر بىلەن مەدرىسلەر، ئۇنۇمسىز يەرلەر، سۇسىز قالغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنى ئاز دېگەندەك، ھەر يىلى جۇڭغارلارغا تۆلەيدىغان خىراجمۇ بوينىمىزدا. بىز ھۆرمەتلىك قەشقەر ئەھلى ئەنە شۇنداق قىرسىقلارغا مۇپتىلا بولغان زېمىندا ياشاۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن يەكەن تەختىدە ئولتۇرۇشۇم بىلەنلا قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا كىرىشتىم. مەرھۇم ئاتامنىڭ ۋاقتىدا ھەپسىگە ئېلىنغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە ئازادلىق بەردىم. ئاتامغا قاراشلىق ۋەخپە يەرلەردىن ئېلىنىدىغان ھوسۇلنىڭ تەڭ يېرىمىنى شۇ يەردە ئىشلەيدىغان دېھقانلارغا قالدۇرۇشقا پەرمان بەردىم. خوجىلار بىلەن ئىشانلارغا ھەپتىسىگە بىرنەچچە كۈندىن ھەقسىز ئىشلەش ۋە ئۇلارغا ھەربىر ھوسۇلنىڭ باش - بۇرنىنى ھەدىيە قىلىش تۈزۈملىرىنى كۈچىدىن قالدۇردۇم. مەكتەپ، مەدرىسلەردىن «سېنىڭ ئاتاڭ ئىشقىيەچى ئىكەن» دەپ قوغلانغان باللارنىڭ ھەممىسىنى قايتىدىن ئوقۇتۇشقا يارلىق بەردىم. مەكتەپلەردە يولغا قويۇلغان «زەرۇرى ئىسھاقىيە» (بۇ ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكى ئىشانلارنىڭ باللىرىغا خەت يېزىشنى ئۆگەتمەسلىك ھەققىدىكى كۆرسەتمىسى) دېگەن تۈزۈمنى بىكار قىلدىم. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان ئادەملەرنى خەلپەتلىكتىن بوشاتتىم. بىرمۇنچە مەدرىسلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا خانلىق

تەرىپىدىن تارتتۇۋېلىنغان ۋەخپە يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بەردىم، ــ ياقۇپ خوجا ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، گېپىنى يۆتكىدى، ــ بۇ يەردىمۇ سىلەرگە خان بولۇپ بەلگىلەنگەن يۇسۇپ خوجا خۇددى ماڭا ئوخشاشلا ئىشلارنى قىپتۇ. پەرمانلارنى چىقىرىپتۇ. زىراكى، بۇ پەرمانلارغا يەكەن بىلەن بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ قارىشى ئوخشاش ئەمەس. يەكەندىكى خوجا ـ ئىشانلار ۋە ئوردا ئەركانلىرى ماڭا ئوخشاش ئۆز ۋەخپىلىرىدە ئىشلەۋاتقان دېھقانلارغا ئۇ يەردىن چىققان ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى قالدۇرسا، ئۇلار «بۇنداق قىلساق خوجاملارنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايمىز» دەپ قورقۇپ، ئالغان ھوسۇلىنى قايتۇرۇۋاتىدۇ. بۇ يەردە بولسا يۇسۇپ خوجامنىڭ شۇ خىل پەرمانىغا بەزى ئىشانلار قارشى چىقىپتۇ. مەسىلەن، كالتە ساقال دېگەن ئىشاننىڭ ۋەقەسى ئېسىڭلاردا بولسا كېرەك. يەنە بىر ئەھۋال ئۆزىنى «قارا تاغلىق» مەن دەپ ھېسابلايدىغان يەكەنلىك دالىم دېگەن خوجىنىڭ قاتىللىقى. ئۇ خوجا بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل مۇقەددەم «ئاق تاغلىق» بىر دېھقانغا تەگكەن سىڭلىسىنى ئېرىدىن: «سەن مېنىڭ سىڭلىمنى توي قىلماي ئېلىۋاپسەن، شۇڭا پالانى تەڭگە تۆلىشىڭ كېرەك» دەپ كۆكەرمىلىك قىپتۇ. ئۇ بىچارە قولىدا بار مېلىنى سېتىپ ئالدىغا پۇل قويسا، ئۇنى ئاز كۆرۈپ، ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. مېنىڭ ئاڭلىغىنىم شۇنداق، راستمۇ؟ ــ ئۇ كۆپچىلىككە قارىدى.

ــ ئارى راست.

ــ توپتوغرا ئېيتتىلا، ــ دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

ــ مېنىڭ رازى بولغان يېرىم شۇكى، موللا سابىر قازى بىلەن باقى ئىشانغا ئوخشاش قەشقەرىيەنىڭ ئۆلىما ئادەملىرى بۇ جىنايەتچىلەرگە ئاللانىڭ كالامى ۋە رەسۇلۇللانىڭ شەرىئىتى بويىچە جازا بېرىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك

قىلىنغان ئىشلارنىڭ توغرىلىقىغا يەنە بىر قېتىم كۆز يەتكۈزدى.

— مېنىڭچە، — دېدى ياقۇپ خوجا سۆزىنى داۋام قىلىپ، — يۈسۈپ خوجام باشلىق سىلەرمۇ، مەن باشلىق يەكەندىكى ئۆلىما - پازىللارمۇ خۇدا مەدەت بەرسە، خەلقىمىزنى توغرا يولغا باشلىغاندەك تۇرىمىز. لېكىن، ئۇزاق يىللار تۇرلۇك مەزھەپ - سۇلۇكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان خەلقىمىزنىڭ روھىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ تەسىرنى يوقىتىش ئاسان ئەمەستەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر شەھەردىكى سىلەرگە ئوخشاش ئۆلىما - پازىللار، مەرىپەتپەرۋەر ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن ياردەم بەرسە، شۇ چاغدىلا نەتىجە ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. «ئاللا ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ... »①، «ئاللا (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر...»②، «... ئاللا ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»③، «ئى ئىنسانلار! سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار...»④ ، — ئۇ ئۆز پىكرىنى جانلاندۇرۇش ۋە تەسىرلىك قىلىش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم »دىكى مەزكۇر ئايەتلەرنى ئوقۇپ مەنىسىنى شەرھلىدى. ئاندىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنۇ ھەدىسلىرىنى ئېيتىپ بەردى، — رەسۇلۇللا «سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار چوپانغا ئوخشايسىلەر، ئۆز قول ئاستىڭلاردىكىلەرگە مەسئۇلسىلەر. پادىشاھ ئۆز پۇقرالىرىغا، ئەر ئەھلى ئاياللارغا، خاتۇن كىشى — ئېرىنىڭ

---

① «قۇرئان كەرىم»: «نەھل» سۈرىسىنىڭ 90 - ئايىتى.
② «قۇرئان كەرىم»: «ئەنكە بۇت» سۈرىسىنىڭ 5 - ئايىتى.
③ «قۇرئان كەرىم»: «ئەنكە بۇت» سۈرىسىنىڭ 69 - ئايىتى
④ «قۇرئان كەرىم»: «ئەئراف» سۈرىسىنىڭ 3 - ئايىتى.

ئۆيگە، خادىم — ئۆز خوجايىنىنىڭ مىلىغا، پەرزەنت — ئاتىسىنىڭ مۈلكىگە مەسئۇلدۇر. دېمەك، ھەربىرىڭلار مەسئۇلسىلەر»①، شۇنىڭدەك «ئاللاتائالا مەن ئۇچۇن ئۆزئارا دوستلاشقانلارغا، بىللە ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشكەنلەرگە، بىر-بىرىگە خەير - ئېھسان قىلغانلارغا ۋە زىيارەت بېرىشىپ تۇرغانلارغا مۇھەببىتىم ھەقتۇر»، «تەڭرى رەھىمدىل بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر، سىلەر يەر يۈزىدىكى ئادەملەرگە مېھرىبان بولۇڭلار، سىلەرگە ئۇلۇغ تەڭرى مېھرىبان بولىدۇ...» دېگەن.

ياقۇپ خوجىنىڭ ئاغزىدىن خۇددى ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك ياكى ئاشقلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىترىتىپ چىققان نىداسىدەك ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ئولتۇرغانلارغا شۇنچىلىك تەسىر قىلدىكى، گويا ئۇلار سېھىرلىنىپ قالغاندەك بولدى. پەگاھ تەرەپتە ئولتۇرغان بىر ئۆلىما: «بۇ خوجام بۆلەكچىلا ناتىق ئىكەنغۇ» دەپ پىچىرلىدى يېنىدىكى ساقاللىق ئىشانغا. «شۇنى دېسىلە، بۇ خوجام ھەممەيلەنگە ياقىدىغان گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ» دېدى ساقاللىق ئىشان .

— قىممەتلىك ۋاقتىڭلارنى ئېلىپ جىقراق سۆزلەپ كەتتىم، — دېدى ياقۇپ خوجا سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، — بىزنىڭ ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت، تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم.

قوبۇلخانىدا بىر دەقىقىدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ جىمجىتلىق ئولتۇرغانلارنىڭ ياقۇپ خوجا ئېيتقان سۆزلەرنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

— ھەزرىتى ياقۇپ خوجام جانابلىرىغا تەشەككۇر. مەن بۇ كىشىنىڭ زەبانىنى ئاڭلاپ تولىمۇ تەسىرلەندىم، — دېدى «چاسا» مەدرىسىسىنىڭ مۇدەررىسى، ئاندىن موللا سابىر قازى، يوغان باش ئىشانلار ئولتۇرغان تەرەپكە قاراپ، — تەخىر قىلماي

① «مىڭ بىر ھەدىس» كىتابىدىن ئېلىندى.

سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئېغىز ئاچقىنىمنى كەچۈرگەيسىلەر. ماڭا ياقۇپ خوجامنىڭ سۆزلىرى ئاللانىڭ ئاسماندىن چۈشكەن يامغۇرى قاغجىرىغان يەرلەردىن مايسا ئۈندۈرۈۋەتكەندەك تەسىر قىلدى، — ئۇ خېلى بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرسىمۇ، لېكىن خانلار بىلەن ئۆلىمالار ئالدىدا ھودۇقۇپ، دەيدىغان گەپلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى بولغاي، — رەھمەت، خوجام! — دېگىنىچە جايىغا ئولتۇردى.

— ھۆرمەتلىك ئەھلى جامائەت! — دېدى خۇش كېپەك ھاكىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — ياقۇپ خوجام جانابلىرى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ چارچاپ كەلسىمۇ، دەم ئېلىشنى ئىختىيار قىلماي، چۈشتىن كېيىن پايناپ تەرەپكە بېرىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەزرەتلىرىنىڭ مازارىنى زىيارەت قىلىشنى جەزم قىلدى. شۇڭا، بۇ زىيارەتكە بىللە بېرىشنى خالىغۇچىلار پېشىن نامىزىدىن كېيىن ئوردا ئالدىغا كەلسۇن.

ياقۇپ خوجىلار ئورنىدىن تۇرۇشتى.

※ ※ ※

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسلىي مازارى تۇمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ قوشۇلغان يېرىگە جايلاشقانىدى، كېيىنكى دەۋرلەردە كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكتىن سەئىدىيە خانلىقى بۇ مازارنى ئەسكىسار قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى پايناپ دېگەن جايغا يۆتكەپ، دەرۋازا، گۈمبەز، نەقىشلىك مەسچىت ۋە تىلاۋەتخانا قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردىن تەركىب تاپقان مەشھۇر زىيارەتگاھ ياساتقانىدى[1]. بۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن يۈسۈپ خوجا بىلەن خۇش كېپەك ھاكىملار ياقۇپ خوجىغا ئۇستىدە سايىۋەن ۋە يۆلىنىپ

---

① ھاجى نۇراجى: «يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»دىن ئېلىندى.

ئۇلتۇرىدىغان ئورۇنلىرى بار ئىككى ئاتلىق ھارۋا تەييارلىغانىدى، لېكىن ياقۇپ خوجا ئۇنىڭغا چۈشۈشكە ئۇنىمىدى.

— بۇنداق سەلتەنەتنىڭ كېرىكى يوق، بىكار ئاۋارە بوپسىلەر، ئەتراپىنى كۆرگەچ ئاتلىق بېرىۋېرىمەن، — دېدى ياقۇپ خوجا يۈسۈپ خوجىغا قاراپ، — بۇ ھارۋىغا بالىلارنى سېلىۋالايلى، ئۇلارمۇ بىز بىلەن بىللە بېرىپ زىيارەت قىلىپ كەلسۇن.

ئۇلار كۈن قىيامدىن ئۆتۈپ دەل - دەرەخلەرنىڭ سايىسى ئۇزىراشقا باشلىغاندا ئۈستىنى ياتاقلار بىلەن ئوت - چۆپلەر بېسىپ كەتكەن قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى ۋە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ دۇئا قىلىشتى - دە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازارىغا ماڭدى.

ئاپاق خوجا قەشقەرىيەگە باشلاپ كەلگەن جوڭغارلار شەھەر - يېزىلارنىلا ۋەيران قىلماي، ئۇلارنىڭ قەدىمى بۇ قەبرىستانلىقىمۇ يەتكەنىدى. كۆپلىگەن قەبرىلەرنىڭ توپىلىرى جوڭغار ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدا دەسسىلىپ يەر بىلەن يەكسان بولغان، مەسچىت بىلەن تىلاۋەتخانىنىڭ ئىشىك - پەنجىرىلىرى سۇنۇپ، نەقىشلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى، كۆپلىگەن گۈمبەزلەرنىڭ، شۇ قاتاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ياسالغان گۈمبەزنىڭمۇ ئۈستى ئۆيۈلۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەرگە كۈندە دېگۈدەك ئاللانىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن بالىچاقىلىرىدىن كېچىپ، تەركىدۇنيا بولغان سوپى - ئاشىقلار توپ - توپى بىلەن كېلىپ تۇراتتى ھەمدە ئاپاق خوجا بەرگەن تەلىماتلارغا رىئايە قىلغان ھالدا تاۋكا قورۇپ نەشە چېكىشەتتى - دە، مەست بولۇپ خۇدىنى بىلەلمەي ھوشىدىن كەتكۈچە ساماغا چۈشەتتى.

مۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ياقۇپ خوجىلاردىن ئىككى سائەت بۇرۇن قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلگەن مىرشەپلەر چوڭ - كىچىك گۈمبەزلەر بىلەن



www.uyghurkitap.com

تىلاۋەتخانا، مەسچىتلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇ يەرلەردە رىيازەت چېكىشۋاتقان، مەست ھالەتتە يەر بېغىرلاپ ياتقان، قىمار ئويناپ بىر ـ بىرى بىلەن جاڭجاللىشىۋاتقان، ياماق خۇرجۇنلىرىنى ئېچىپ تىلەمچىلىك بىلەن تاپقان نانلىرىنى يەۋاتقان ئون نەچچە ئاشىق ـ سوپى ۋە قەلەندەر ـ دەرۋىشلەرنى قوغلىشۇەتتى ھەم باشقىلارنىڭ كەلمەسلىكى ئۈچۈن قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپىنى كۆزىتىپ تۇرۇشتى.

خۇش كېپەك ھاكىم چىرايىنى مەيۈسلىك ئىگىلەپ، ئېغىر ۋە سالماق قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان ياقۇپ خوجىغا:

ـــ مۇشۇ يەردە ئولتۇرساق بولامدىكىن؟ ـــ دېدى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ جەستى كۆمۈلگەن مازارنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى تاقىر يەرگە كەلگەندە.

ـــ بولىدۇ.

شۇ ھامان ئۇلارغا سوغدىشىپ كېلىۋاتقان ئوردا خىزمەتچىلىرى قولتۇقلىرىغا قىسىۋالغان پاياندازلارنى تاقىر يەرگە سېلىشتى.

ـــ قېنى، ئولتۇرۇشسىلا، ـــ دېدى ياقۇپ خوجا موللا سابىر قازى بىلەن باقى ئىشانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

ـــ ياق، ياق، ئالدى بىلەن سىلى ئولتۇرسىلا، ـــ دېيىشتى ئۇلار.

شۇنداق قىلىپ، بۇ مازارغا زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن ئادەملەر بىرنەچچە سەپ بولۇپ پاياندازلار ئۈستىگە ئولتۇرۇشتى. خۇش كېپەك ھاكىم قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن قەشقەر بويىچە مەشھۇر بولغان بىر قارىينى ئالغاچ كەلگەن ۋە ئۇنى ياقۇپ خوجىلارنىڭ قاتارىغا ئولتۇرغۇزغانىدى. بىراق، ئۇنىڭغا قارىماي، ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆزى تىلاۋەت قىلدى. ئۇ قۇرئان سۈرىسىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قىرائەت ئۇسۇلى بويىچە خېلى ئۇزاق ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى ـ دە:

— يا، ئۇلۇغ رەببىم، بىزنىڭ تىرىكلىرىمىزنى، ئۆلگەنلىرىمىزنى، بارلىرىمىزنى، يوقلىرىمىزنى، كىچىكلىرىمىزنى، چوڭلىرىمىزنى، ئەركەكلىرىمىز بىلەن ئاياللىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يا رەببىم، بىزلەردىن كىملەرنى ھايات قىلساڭ، ئىسلام دىنى ئۈستىدە تۇرغۇزغىن. بىزلەردىن كىمنى ۋاپات قىلساڭ، ئىسلام دىنى ئۈستىدە ۋاپات قىلغىن، يا پەرۋەردىگارىم، بارلىق ھەمدۇسانا ساڭىلا خاستۇر. دىيارىمىزدىكى خەلقلەرنىڭ شان - شۆھرىتىنى جاھانغا يايغىن. بۇ دۇنيادىكى ئىلىم ئەھلىنى ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن قايىل قىلغان، مەپتۇن ئەيلىگەن ئۇلۇغ ئەجدادىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ روھىغا ئاتاپ قىلغان دۇئايىمىزنى قوبۇل قىلغايسەن، — ئۇ دۇئاسىنىڭ بىرىنى ئەرەبچە تەلەپپۇز قىلىپ، يەنە بىرىنى ئۆز تىلىمىزدا دەپ يۈزىنى سىيىپىدى.

زىيارەتچىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ۋەيرانچىلىقتا ئۇچرىغان مەسچىت بىلەن تىلاۋەتخانىنى كۆرۈشتى.

— بىز قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى نۇرغۇن ئىكەن، — دېدى ياقۇپ خوجا ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ، — يېڭى مەسچىتلەرنى ياساشقا ئىمكانىيىتىمىز بولمىسىمۇ، مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەيران بولغانلىرىنى، ئۇلۇغ ئادەملىرىمىزنىڭ مازارلىرىنى تەمىر قىلىپ ئاسرىشىمىز كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەزرەتلىرىنىڭ جەسىتىنى بۇ يەرگە يۆتكەپ تولىمۇ ساۋابلىق ئىش قىلغانىكەن. بولمىسا ئىككى دەرياغا كەلگەن كەلكۈن سۇلار ئاللىقاچان ئۆز قەھرىگە يۇتقان بولاتتى.

— ئەپسۇسكى، بىز ھازىر شۇ سەئىدىيە خانلىرىدەك مۇستەقىل ئەمەس - دە...

— توغرا دەيدىلا، خوجام، — ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى بۆلدى ياقۇپ خوجا، — بىر قولى يوق ئادەم يەنە بىر قولى بىلەن، بىر پۇتى يوق ئادەم قولتۇق تاياق بىلەن روزغارىنى

تەۋرەتكىنىڭگە ئوخشاش، بىز بىيقىنىدى خان بولساقمۇ، چامىمىزنىڭ كېلىشىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىز لازىم.

— مېنىڭ بىلىشىمچە، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى مولla سابىر قازى گېپىنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكەپ، — ھەزرىتى يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئەسىرىنى قەشقەردە تاماملاپ، شۇ چاغدىكى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى، ئىلىم ئەھلىنى ياخشى كۆرىدىغان تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇئېلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان، ھەسەن بۇغراخان مۇئەللىپكە خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى بەرگەنىكەن. زىراكى، بۇ ئەسەرنىڭ نۇسخىسى كىمنىڭ قولىدا قالغانلىقى مەلۇم ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى ئەللامىلىرىمىز يازغان كىتابلار ئاپاق خوجا دەۋرىدە كۆيدۈرۈپ تاشلانغانىكەن.

— بىراق، — دەپ ساچىيە مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى گەپكە ئارىلاشتى، — خەلق دېگەن ھەرقانداق زالىم پادىشاھلار زۇلمىغا دۇچار بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىنى ئۇنتۇمايدىكەن، ھازىر مۇشۇ دەۋردە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئەللامىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان ئايرىم بابلار بىلەن پارچىلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قاراخانىيلار ئوردىسىدا قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەندە ① ئامان قالغان بارسغان شەھىرىدە ئەمىرى شەپ، يەنى ھاكىم بولغان ھۇسەين دېگەن كىشىنىڭ مەھمۇد ئىسىملىك ئوغلى پامىردىكى مۇق يولى ئارقىلىق چەت ئەلگە چىقىپ، باغداد دېگەن شەھەردە ئۇزاق يىللار ئىلىم تەھسىل قىپتۇ. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپتۇ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردە ئالتە ـ يەتتە پەرسەخچە كېلىدىغان ئازىغ دېگەن يەرگە جايلىشىپ مۇدەررىسلىك قىپتۇ، توقسان يەتتە

① قاراخانىيلارنىڭ خانلىق تەختىنى تالىشىش جەريانىدىكى قىرغىنچىلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ياشقا كىرگەندە دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. قەشقەر بىلەن يەكەندىكى ئۆلىمالار ئۇ ئادەمنى «ھەزرىتى موللام»، «ئىلىمگە ھۆددىگە پىرىم» دەپ ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىشاتتىكەن. مەدرىسىلەرنى ئوقۇپ تۈگەتكەن تالىپلار شۇ «ھەزرىتى موللام»غا بېرىپ دۇئا ئالاتتىكەن. ئۇنداق قىلمىسا، ئۇلارنىڭ ئىلمى ئالغا باسمايدىكەن، دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇخىل گەپ ـ سۆزلەر بار. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ ئادەمنىڭمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش كاتتا ئىلىم ساھىبى ئىكەنلىكى مەلۇم.

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، — ئۇنىڭ سۆزىنى تولۇقلىدى ياقۇپ خوجا، — مەنمۇ شۇ دەۋردە ئەرەب دۇنياسىدا مۇھاجىرەتتە بولغان قەشقەرلىك بىر ئالىم «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، ئۇنى ئاباسىي خەلىپىلىرىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچىسى بولغان ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرىللاغا تەقدىم قىلغانىكەن، دەپ ئاڭلىغانىدىم.

— مۇدەررىس جانابلىرى ئېيتقان گەپلەرنى مەنمۇ ئوپاللىق بىر شەيختىن ئاڭلىغان، — قوشۇمچە قىلدى موللا سابىر قازى، — مەسىلەن، شەيخنىڭ گېپىگە قارىغاندا، تەبىئىتى گۈزەل بۇ يەر قاراخانىيلار جەمەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئوخشايدۇ. ئۇ يەردە ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ «سۇلتان بېغى» ياكى «سۇلتانباغ»، «تەكىيە گاھ»[①] دېگەن جاي ئىسىملىرى ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭدەك، ئۇ يەردە «قاراخان پادىشاھ مازارى»، «ھەزرىتى پاشايىم مازارى» ۋە قاراخانىيلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان «سۇپ تېگىن» (سەبۇك تېگىن) مازارى، «ئۇپ تېگىن» (ئالىپ تېگىن) مازارى، «قىلىچ بۇغراخان» مازارى دېگەنگە ئوخشاش مازارلارنىڭ جايلاشقانلىقى مەلۇم.

يۈسۈپ خوجا ئاكىسى بىلەن قەشقەرىيەدىكى ئالىم ـ ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان بۇ گەپلەرنى ھەم قىزىقىپ،

---

① تەكىيە گاھ — چەت ئەل ئەلچىلىرىنى كۈتىدىغان ئورۇن.

ھەم زوقلىنىپ ئاڭلىسىمۇ، لېكىن ياقۇپ خوجىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان زىياپەتنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— تارىخىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل گەپلەرنى ئاڭلاش ھەممىمىزنىڭ روھىنى كۆتۈرىدۇ. شۇڭا، بۇ گەپلەرنىڭ داۋامىنى ئوردىغا بارغاندا داۋاملاشتۇرساق، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئوردىدا زىياپەت بولىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بار ياقۇپ خوجىمۇ ۋە باشقىلارمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاتلىرى تەرەپكە مېڭىشتى.

※ ※ ※

ياقۇپ خوجىلار ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن سەھەرنىڭ سالقىنىدا ئاتۇشقا — يا توپىغا، يا تاشقا ئايلىنالماي كۆنگە قاقلىنىپ ياتقان قۇما تېغىنى كېسىپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسى جايلاشقان مەشھەتكە قاراپ ماڭدى.

بۇ قېتىم ئۇلارغا بەشكېرەم، پەيزاۋاتنىڭ بەگلىرى بىلەن ئەدەن قېچىر ۋە باشقىلار قوشۇلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا خۇش كېپەك بىلەن موللا سابىر قازىدىن باشقىسى ئاتۇشقا نەچچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، سۇلتان سۇتۇقنىڭ مازارىنى كۆرمىگەنىدى.

ئۇلار كۈن ئۆرلەپ نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە ئاتۇشنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان مازارغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. مازارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كىچىككىنە مەسچىتكە كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشتى، ئاندىن مەسچىتكە يېقىن سېلىنغان پاكارغىنە ئۆيدە تۇرىدىغان قېرى شەيخنى ئەگەشتۇرۇپ مازار تەرەپكە ماڭدى.

— بۇ قەبرە، — دەپ چۈشەندۇردى ئۇچىسىغا كىرلەشكەن، يەڭلىرىگە ياماق چۈشكەن يەكتەكلىك، چار ساقاللىرى ئۆسۈپ

چاڭگىلاشقان، پۇتىغا سوڭى يوق كۆن كەش كىيىۋالغان قېرى شەيخ، — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ مۇسۇلمان قىلغان ئادەم ئەبۇ نەسىر سامانى دېگەن ئەۋلىيانىڭ قەبرىسى.

قەبرىنىڭ چۆرىسى سوقما تام بىلەن تورىلىپ، يان تەرىپىدە كىچىككىنە كىرىپ ـ چىقىدىغان ئىشىكى بار ئىدى. غەرب تەرىپىدە بىرنەچچە تۈپ يۇلغۇن ئۆسۈپ چىققانىدى. ئۇلار ئاتۇش بېگى ئابدۇساتتارنىڭ خىزمەتچىلىرى سالغان يېكەندازلاردا ئولتۇرۇشتى. ياقۇپ خوجا قۇرئان تىلاۋەت قىلدى.

ئۇلار بۇ قەبرىنى زىيارەت قىلىپ تالاغا چىققاندا قېرى شەيخ ئۇدۇلدىكى پاكارراق ئۆينى كۆرسىتىپ، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىلىرى ئاۋۇ يەردە» دەپ زىيارەتچىلەرنى باشلىدى.

ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىلىرى ئارىسىدىكى بوش يەرلەردە چوقچىيىپ تۇرغان بىرنەچچە تال سوزۇنچاق قەبرىلەر بار ئىدى. شۇلارغا كۆزى چۈشكەن ياقۇپ خوجا:

— بۇلارچۇ؟ بۇلار كىملەرنىڭ قەبرىلىرى؟ — دەپ سورىۋىدى، قېرى شەيخ:

— بۇلار ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ساھابىلىرى ياتقان قەبرىلەر، — دېدى.

ياقۇپ خوجا شەيخنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ «بۇ بىچارە چالنىڭ بىلگىنى شۇنچىلىك ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى. شەيخ زىيارەتچىلەرنى ئۈستى يېپىلغان چوڭراق ئۆيگە باشلاپ كىردى. شۇ ئارىدا زىيارەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قەبرىنىڭ چۆرىسىگە كېلىپ تۇرۇشتى. قەبرىنىڭ شەرق تەرىپىگە بىرنەچچە پاياندازلار سېلىنىدى. بۇ يەردىمۇ ياقۇپ خوجا قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. دۇئادىن كېيىن بىرمۇنچىلار تالاغا چىقىپ كېتىشتى. ياقۇپ خوجىنىڭ كۆزى پەنجىرە تەكچىسىدىكى تۇلۇقتا ئوخشاش

سوزۇق تاشقا چۈشۈپ سوئال سورىدى:
— بۇ تاشتا نېمە خىسلەت بار؟
شەيخ ئۇنىڭ سوئالىنى ياقتۇرمىغاندەك ياكى شۇنىمۇ بىلمەيدىكىنە دېگەندەك سوغۇقلا جاۋاب بەردى:
— بۇ دېگەن سۇتتۇق بۇغراخان بېشىنى قويۇپ ياتقان مۇقەددەس تاش ـ دە.
— ئاۋۇ ئوتتۇرىسى تۆشۈك، دۈگىلەك تاشچۇ؟
— ئۇنى سەللە تاش دەيدۇ، يەنى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ سەللىسىدۇر.
ياقۇپ خوجا تاشلارنىڭ قىششىغا خاتىرە ئۈچۈن قويۇلغان نەقىشلىرى بار ساپال سۇنۇقلىرى ھەققىدە بۇ شەيختىن سوراشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ھېسابلىدى ئەتىمالىم، ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە تالاغا چىقايلى دېگەندەك ئىشارە قىلدى. شەيخمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ چىقىپ بىر چەتتە تۇردى ۋە ياقۇپ خوجىلارغا تەمەگەرلىك بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىغان ياقۇپ خوجا پەشمىتىنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ بىرمۇنچە پۇل ئالدى ـ دە، شەيخكە بەردى.
— رەھمەت، بالام، — دېدى شەيخ قەددىنى ئېگىپ.
ھېچبىر زىيارەتچىدىن بۇنچىلىك پۇل ئېلىپ كۆرمىگەن قېرى شەيخنىڭ قورۇقلار قاپلىغان چىرايى پارقىراپ كەتكەندەك بولدى ۋە ئۆرە تۇرغان پېتىچە ئىككى ئالىقىنىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.
ياقۇپ خوجىنىڭ قېرى شەيخكە پۇل بېرىشى ئەتراپتىكىلەرگە تۇسۇلۇپ قالغان سۇنىڭ ئېقىش يولىنى ئېچىۋەتكەندەك تەسىر قىلدى ئەتىمالىم، ئۇلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قېرى شەيخكە پۇل تۇتقۇزدى. شەيخ بولسا: «خۇدايىمنىڭ بۇنداقمۇ كۆنلىرى بولىدىكەن» ياكى «بۇ پۇللارنى چۈشۈمدە كۆرۈۋاتىمەنمۇ يا ئوڭۈمدىمۇ؟» دېگەندەك، بىردەم پۇل

تۇتقان قولىغا، بىردەم ئۇنى بەرگەن ئادەملەرگە قارايتتى.

ياقۇپ خوجىلار پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، مەسچىت تەرەپكە ماڭدى. ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا قېرى شەيخنىڭ: «رەھمەت، باللىرىم، رەھمەت» دېگەن تىترەك ئارىلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى.

نامازدىن كېيىن ئاتۇش بېگى ئابدۇساتتارنىڭ تەكلىپىگە ياقۇپ خوجا دەسلەپ ئۆزرە ئېيتقان بولسىمۇ، كېيىن زىيارەتكە كەلگەنلەرنىڭ قورسىقى ئېچىپ قالغانلىقىنى ۋە خۇش كېپەك ھاكىمنىڭ بۇ چۈشلۈك تاماقنى تۈنۈگۈن ئابدۇساتتار بەگكە خەۋەر قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئويلاپ رازىلىق بەردى.

بەستى يوغان، ئەكسىچە ئاۋازى ئىنچىكە چىقىدىغان ئابدۇساتتار بەگ ساقالغا قارىغاندا بۇرۇتقا ھېرىسمەن ئادەم چېغى، ئۇنىڭ يىرىك بۇرۇتىنىڭ ئۇچى قۇلىقىنىڭ ئاستىغىچە يېتىپ بارغاندى. ساقاللىرىنى قىرىپ چۈشۈرۈۋەتكەچكە، ئېڭەكلىرى پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئۇ تەكلىپ قىلغان مېھمانلارنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازارىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئەنجۈرلۈك باغقا ئەكەلدى. باغنىڭ ئىچىدىكى چوڭ ئېرىقتا ئاغۇنىڭ يالىڭاچ تاغلىرىدىن چىققان سۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى.

ياقۇپ خوجىلار باغنىڭ ئىچىگە كىرگەندىلا ئۇلارنىڭ دىماقلىرىغا كاۋاپنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى. ئابدۇساتتار بەگ چوڭ ئېرىقنىڭ بويىدىكى ئەنجۈر دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىغا كىگىز بىلەن گىلەملەرنى يايدۇرۇپ، داستىخان سالدۇرغانىكەن.

ياقۇپ خوجىنىڭ ئوڭ يېقىغا موللا سابىر قازى، سول يېقىغا يوغان باش ئىشان ئولتۇردى. ئۇلاردىن كېيىن باشقا ئادەملەر دەرىجىسىگە قاراپ ئورۇن ئېلىشتى. شۇ ئەسنادا داستىخاننىڭ ئەڭ تۆۋىنىدە ئولتۇرغان ئەدەن قېچىرغا كۆزى چۈشكەن يۇسۇپ خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سىلىنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغانلىرى قانداق؟ — دەپ ئەدەن قىچىرنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى ـ دە، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى. ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا رازى بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. خۇش كېپەك هاكىم بولسا ناهىيە بەگلىرىنىڭ يۇسۇپ خوجىغا هۆرمەتسىزلىك قىلىپ، يېرىم ـ يارتىسى قۇمغا كۆمۈلگەن تاشتەك ئولتۇرغىنىغا ئىچى پۇشۇپ:

— سىلى قوزغىلىپ، ئورۇنلىرىنى يۇسۇپ خوجامغا بەرسىلە، — دەۋەتتى پەيزاۋات بېگىگە قاراپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ بەگنىڭ يۈزى هۇپپىدە قىزاردى ـ دە، ئورنىنى بوشاتتى، يۇسۇپ خوجا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى.

«خۇش كېپەك هاكىم بىر هېسابتا توغرا ئىش قىلدى، — دەپ ئويلىدى موللا سابىر قازى، — ئۆزىنى بىلمىگەنگە جۇۋالدۇرۇز دېگەن مۇشۇ.»

ياقۇپ خوجا بۇ هالنى كۆرۈپ، بىر تۈرلۈك ئوڭايسىزلىق هېس قىلىپ ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن يوغان باش ئىشانغا سۆز قاتتى:

— تەخسىر، ئۆزلىرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازارىغا نەچچە قېتىم كەلدىلە؟

يوغان باش ئىشان دەرهال جاۋاب بەرمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى ـ دە:

— مەن بۇ يەردە مۇنداق مازارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ كۆرگەن بولسامۇ، هالا شۇ كۈنگە قەدەر زىيارەت قىلىشقا ئۆزلىرىگە ئوخشاش بۈگۈن مۇيەسسەر بوپتىمەن، — دەپ راستىنى ئېيتتى.

— بىز خەقتە شۇنداق بىر ئادەت بار. بەزىلەر يەكەن شەهىرىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىدا ئېقىۋاتقان دەريانى كۆرمەي يۈرۈۋېرىدۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى ياقۇپ خوجا.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق ئادەملەر بىزدىمۇ بار، تەخسىر، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى موللا سابىر قازى، — مېنىڭ بىر تاغام بار، بۇ يىل توقسان ئىككى ياشقا كىردى. شۇ كەمگىچە قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى قىزىل دەرياسى بىلەن تۈمەن دەرياسىنى كۆرمەپتۇ.

— ئۇنداق ئادەملەر ھەممە شەھەردە بار. لېكىن، ئۇلار شەھەر ئەتراپىنى، يىراق - يېقىندىكى شەھەرلەرنى كۆرمىگەچكە، دۇنيانىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەر دەپ قارايدۇ، — دېدى بىر ئۆلىما.

بولۇۋاتقان گەپلەر يوغان باش ئىشاننى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويغىنىنى بايقىغان ياقۇپ خوجا ئەدەن قېچىرغا قاراپ:

— ئەدەنباي ئاكا، سىلى يانپىشى يەرگە تەگمەيدىغان جاھانكەزدى ئادەمغۇ، بۇ مازاردا ياتقان كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى بىلەمدىلا؟

— بۇنداق ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ كىملىكىنى بىلسەم، تۈججارلىق بىلەن ئاۋارە بولماي، بىرەر مەكتەپكە بېرىپ خەلپەتلىك قىلاتتىم. تەخسىر، — دېدى ئۇ، — بۇ مازارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسىلىرىدەك دانا - ئۆلىما ئادەملەرنىڭ ۋاقىت بۆلگىنىگە قاراپ، بۇ يەردە ياتقان مەرھۇملارنى ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، ئەۋلىيالارنىڭ ئەۋلىياسى ئىكەن، دېگەن ئويغا كەلدىم.

ياقۇپ خوجا يالغۇز ئەدەن قېچىرلا ئەمەس، زىيارەتچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى «سۇلتان سۇتۇقنىڭ مازارى» دېگەن ئاتالغۇدىن باشقا ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى بايقاپ، موللا سابىر قازىغا:

— سىلى چۈشەندۇرۇپ بەرسىلىچۇ؟ — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

— مېنىڭ بۇغراخانلار ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرىلەردىن بىلىشىمچە، — دېدى موللا سابىرقازى، — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بۇ كەڭ زېمىندا قۇرۇلغان ۋە تۆت يۈز يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى پادىشاھى

بولۇپ، بىز خەقنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلغان ئادەمدۇر. بۇ كىشى ھىجرىيە 328 ـ يىلى (مىلادىيە 920 ـ يىلى) تەختكە ئولتۇرۇپ، ھىجرىيە 364 ـ يىلى (مىلادىيە 956 ـ يىلىغىچە)، يەنى ئۆلۈپ كەتكۈچە بۇ يېقى خوتەن، ئۇ يېقى تۇرپان ۋە يەتتىسۇدا ياشىغان ئادەملەرنى دىنىي ئىسلامغا دەۋەت قىلغان، ئۇ كىشىنى سامانىيلار پادىشاھلىرىنىڭ شاھزادىسى، باياتىن بىز قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان ئەبۇ نەسىر سامانى دېگەن كىشى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان. ئۇ كىشى يەتمىش كىشىلىك سودا كارۋىنى بىلەن شۇ دەۋرلەردە «مىگيول» دەپ ئاتىلىدىغان يولنىڭ (يىپەك يولىنىڭ) تۈگۈنىگە جايلاشقان شەھەرلەرنىڭ بىرى قەشقەرگە كېلىپ، مۇشۇ ئاتۇشنىڭ «باقۇ» دېگەن يېرىدە سۇلتان سۇتۇق بىلەن مەخپىي ئۇچراشقان ۋە ئۇنى ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ قىلغان. بۇ چاغلاردا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلاتتىكەن. سۇلتان سۇتۇق قاراخانىيلار تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئۇلۇغ، سەلتەنەتلىك ۋە قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان «قاراخان» دېگەن نامنى، «باتۇر، قەھرىمان، جەسۇر، شىجائەتلىك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «بۇغرا» دېگەن ئۇنۋاننى قوشۇپ، ئۆزىنى «سۇلتان سۇتۇق بۇغرا قاراخان» دەپ ئاتىغان. قەشقەر شەھىرىنى ئۆزىگە پايتەخت قىلغان، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا قەشقەرىيە بىلەن يەتتىسۇدا ئىسلام دىنىنى تارقاتقىنى ئۈچۈن خۇشال بولغان سامانىيلار پادىشاھى بۇ دىننىڭ يەنىمۇ كەڭ تارقىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەشمىر، ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراسانلاردىن بىرقانچە ئىسلام ئۆلىمالىرىنى ئەۋەتكەن. بۇ ئۆلىمالار «سۇلتان سۇتۇق»قا ئەرەبچە «ئابدۇلكېرىم» دەپ ئىسىم قويغان. سۇلتان سۇتۇق بۇ ئىسمىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم «قاراخان سۇلتان ئابدۇلكەرىم» دەپ ئاتالغانىكەن.

مولـلا سابىر قـازى ئۇلتۇرغـانلارغا نەزەر تـاشلاپ، ئۇلارنىـڭ خۇددى چۆچەك ئاڭلاۋاتقان بالىلاردەك قىزىقىپ تىڭشاۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شۇنىڭدىن كېيىن سۇتۇق بۇغراخان ھىجرىيە 341 ـ يىلى قۇمۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپتۇ. بىراق، شۇ چاغدا ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كېلىپ، قەشقەرگە قايتىپتۇ. كېلەر يىلى ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ئوغلى ئابۇلپەتتا بىلەن ئويلىغان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماق بوپتۇ. بىراق، بۇ جايلاردىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەملەر قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن جەڭ ئۇزاققا سوزۇلۇپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھىجرىيە 343 ـ يىلى (مىلادىيە 954 — 955 ـ يىللىرى) كېسەل بولۇپ قەشقەرگە كېلىدۇ ـ دە، بىر يىلدىن كېيىن ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن مۇشۇ مەشھەت دېگەن يەرگە، يەنى ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ قېشىغا قويۇلغان. تەزكىرىلەردە يېزىلىشىچە، بۇ ئادەم تەخمىنەن ئوتتۇز ئالتە يىل ئۆمۈر كۆرگەن، بۇ جەرياندا ئالتاي تاغلىرىدىن ئامۇ دەريا ۋادىلىرىغىچە، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىن كۆك مەنزىل (كۆكنۇر كۆلىگىچە) بولغان يەرلەردە قىلىچ ئوينىتىپ قاراخانيلارنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن①.

— ياقۇپ خوجامنىڭ بۇ مازارنى زىيارەت قىلايلى دېگىنىدە گەپ بار ئىكەن ـ دە، — دېدى موللا سابىر قازىنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تەسىراتىنى ئىزھار قىلىپ خۇش كېيپەك ھاكىم، — تۈنۈگۈندىن بېرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى خۇشنۇد قىلدۇق. ئۆزىمىزمۇ ئۇلىما ـ پازىللىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن ئۇلارنىڭ مۇبارەك تارىخلىرىنى ئاڭلاپ

① «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»دىن ئېلىندى. 1988 ـ يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.

خۇرسەن بولدۇق. كۆزلىرىمىزمۇ ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى.

— يەرنىڭ تېگىدە ياتقان بۇنداق ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ قەشقەرىيەدىكى ھەربىر شەھەر - يېزىلاردا قەبرىسى بار، — دېدى ياقۇپ خوجا، — ۋاھالەنكى، كېيىنكى ئەسىرلەردە يېرىمىزگە قەدەم باسقان مەزھەپ پېشۋالىرى خەلقىمىزنى جاھالەت گىردابىغا تاشلىدى. تارىخىمىزدىكى مۇشۇنداق ئۇلۇغ سىمالارنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ ئەۋلىيا، مۇسۇلمانلارنىڭ پاسىبانى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتى. ئىلىم - مەرىپەتنى خاراب قىلدى...

ياقۇپ خوجا دېگەن سۆزلەرنىڭ مېغىزىنى چېقىشقا ئىقتىدارى يەتمىگەن يوغان باش باقى ئىشان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— تۇنۇگۇن پايناپتىكى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ، بۇگۇن بۇ يەردىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كۆرۈمسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغان مازارلىرىنى زىيارەت قىلدۇق. ئەمدى ئاپاق خوجامنىڭ مازارىنى زىيارەت قىلسىلا تولىمۇ بەلەن بولاتتى.

ئولتۇرغانلار بۇ ئىشاننىڭ پەمسىزلىك بىلەن قىلغان تەكلىپىگە قانداق جاۋاب بېرەركىن دېگەن ئويدا ياقۇپ خوجىغا قارىدى.

— خۇدا نېسىپ قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ مازارىنىمۇ زىيارەت قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، ئارقىدىنلا، — بىزنىڭ ئۇ كىشى بىلەنمۇ، ئاتىسى بىلەنمۇ تۇغقانچىلىقىمىز بار - دە، — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

ئۇلار ئابدۇساتتار بەگنىڭ چۈشلۈك زىياپىتىگە رەھمەت ئېيتىپ، قەشقەرگە قايتتى.

※ ※ ※

ياقۇپ خوجىنىڭ «ئىشقىيە» سۇلۇكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان

نوپۇزلۇق ئادەم يوغان باش باقى ئىشانىنىڭ تەكلىپىگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتىكى مەقسىتى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ھېچقانداق مەزھەپنى تەن ئالمايدىغانلىقىنى، «ئىشقىيە» ۋە «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىگە مەنسۇپ ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا بولغان ئاداۋىتىنى، ئۆچمەنلىكىنى يوقىتىشنى، ئەڭ بولمىغاندا سۇسلاشتۇرۇشنى ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەشكە زېمىن ھازىرلاش ئىدى.

بىراق، تۇرلۇك تاسادىپىي ئەھۋاللار سادىر بولۇپ تۇرىدىغان بۇ دۇنيانىڭ غەم - تەشۋىشلىرى ياقۇپ خوجىنى بۇ مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى. ئۇ ئاتۇشتىن كېلىپ خۇش كېپەك ھاكىمنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان كەچلىك زىياپەتتىن بۇرۇن ئازراق دەم ئالماق بولۇپ، ئەمدىلا سوزۇلۇپ يېتىۋىدى، ئابدۇللا باقاۋۇل يەكەندىن چاپارمەن كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— باشلاپ كىرسىلە، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

باقاۋۇل دەرھال قايتىپ كىردى - دە، ياقۇپ خوجىغا كىچىككىنە لېپاپنى سۇندى. ئۇ لېپاپنى ئېچىپ ئىچىدىكى خەتنى ئوقۇدى:

*«ھۆرمەتلىك يۇسۇپ خوجام ۋە جەمىلە ئاغىچا! يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ئولتۇرغان بولساڭلار قوپۇڭلار، تۇرغان بولساڭلار مېڭىڭلار! بايان ئاغىچا زەھەرلىنىپ قالدى، ئەھۋالى ئېغىر، نامە تامام، نىسا بېگىم»*

ياقۇپ خوجا ئېسەنگىرەپ قالغاندەك بىرپەس تۇرۇپ قالدى - دە:

— غازى بەگ بىلەن خۇش كېپەك ھاكىمغا خەۋەر بەرسىلە، دەرھال يېتىپ كەلسۇن، — دېدى باقاۋۇلغا قاراپ.

ئۆيگە ئاق پەشمىتىنى كىيىپ كىرىۋاتقان يۇسۇپ خوجا ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ:

— باقاۋۇل ئەكىرگەن نامەدە بىرەر مۇھىم خەۋەر بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — قىسقىلا جاۋاب بەردى ياقۇپ خوجا ۋە يەكەندىن كەلگەن خەتنى بېرەيمۇ، بەرمەيمۇ دەپ، ئاخىر بەرمەيدىغان قارارغا كەلدى - دە، — ھازىر يەكەنگە ماڭىدىغان بولدۇق، — دېدى.

— يەكەنگە؟ — يۈسۈپ خوجا خاتا ئاڭلاپ قالغاندەك قايتا سورىدى، — چۈشەندۈرۈپ ئېيتسىلىچۇ، ئۇ يەردە بىر ۋەقە سادىر بوپتۇمۇ؟

— شۇنداق، — ياقۇپ خوجا ئەمدى ئېيتمىسام بولماس دېگەندەك ئويغا كېلىپ، — ئۆزلىرىنى چىڭ تۇتسىلا، ئۇكام، كىچىك ئانام كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلاش ئالدىدا تۇرغان ئادەمدەك تىترەپ چىقتى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يۈسۈپ خوجا:

— ئانام بىچارە يوق ئىكەن - دە، ئاكا! — دەپلا ياقۇپ خوجىغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى ۋە ،— بۇ چاپارمەن شۇ خەۋەر يېزىلغان نامەنى ئەكەپتۇمۇ؟— دېدى.

ئۆزىنى قانچە تەمكىن تۇتقىنىغا قارىماي، ياقۇپ خوجىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى.

ئىككى خوجا شۇ تەقلىدتە بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ پەرىشان كۆڭۈللىرىگە ئارام بەرگەندەك غەم - قايغۇلىرىنى ئورتاقلاشقاندىن كېيىنلا، ياقۇپ خوجا ئىسا بېگىم يازغان خەتنى ئۇكىسىغا بەردى ۋە:

— بۇ خەتكە قارىغاندا، كىچىك ئانامنىڭ ئەھۋالى خېلى ئېغىر ئوخشايدۇ، — دېدى ياقۇپ خوجا ئېغىر تىنىپ، — ھەرەملىرىگە كىرىپ جەمىلە ئاغىچىغا خەۋەر بەرسىلە. يولنىڭ تەييارلىقىنى كۆرسۇن، ھازىر خۇش كېپەك ھاكىم بىلەن غازى بەگلەر كەلسە يولغا چىقىمىز.

ئاڭغىچە ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالغان يۈسۈپ خوجا قولىدىكى خەتنى يانچۇقىغا سېلىپ ھەرەمخانىغا ماڭدى. ياقۇپ خوجا بولسا ئۇستىگە كۆرپە سېلىنغان كۇرسىتا ئولتۇرۇپ، خەتتىكى

«زەھەرلىنىپ قالدى» دېگەن سۆزنى ئۈن چىقارماي پىچىرلىدى. كۆڭلىگە «كىچىك ئانام قانداقلارچە زەھەرلىنىپ قالغاندۇ؟ ئۆزىنى ئۆزى زەھەرلىگەنمىدۇ ياكى باشقا بىرسى زەھەر بەرگەنمىدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار كېلەتتى ۋە بۇ سوئاللارغا كىچىك ئانام ئۆزىنى ئۆزى زەھەرلەيدىغان ئەخمەق خوتۇنلاردىن ئەمەس، ئۇ باشقا ئادەملەر قەست قىلىدىغان ھاكىم ياكى مەنسەپدار ئەمەس، بەلكى نىسا بېگىم بىزنى ئىلدامراق كەلسۇن دەپ شۇنداق سۆزنى قىستۇرۇپ قويغاندۇر، دېگەنگە ئوخشاش جاۋابلار بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. شۇ ئەسنادا ئۆيگە خۇش كېيپەك ھاكىم بىلەن غازى بەگ كىرىپ كەلدى.

— ھازىر.يەكەنگە قايتىدىغان بولدۇق، — دېدى ياقۇپ خوجا، — سىلىنىڭ زىياپەتلىرىگە داخىل بولالمايدىغان بولدۇم. غازى بەگ جانابلىرى تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلارغا ئۆزرەمنى يەتكۈزۈپ قويار. يەكەندىن كەلگەن چاپارمەن تەشۋىشلىك خەۋەر ئەكەپتۇ.

ئۇلار يەكەندىن چاپارمەن كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ياقۇپ خوجىنىڭ مەيۈس چىرايىنى كۆرۈپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى.

— كىچىك ئانىمىز، — ياقۇپ خوجا تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان «زەھەرلىنىپ قاپتۇ» دېگەن سۆزنى يۇتۇۋېتىپ، بىرئاز تۇرۇپ قالدى ـ دە، — بىتاپ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ خوجام ئىككىمىز دەرھال يەكەنگە مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتىمىز، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇش كېيپەك ھاكىم بىلەن غازى بەگ تۇنجۇقۇپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى ـ دە:

— مەنمۇ سىلى بىلەن بىللە قايتىمەن، — دېدى بىر چاغدا غازى بەگ.

— ياق، — ئېتىراز بىلدۈردى ياقۇپ خوجا، — ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، سىلىمۇ يەكەن خانلىقىنىڭ بىر ئەركانى.

— مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە باراي، — دېدى خۇش كېيەك، — زىياپەتنى كەينىگە توختىتىپ قويساممۇ بولىدۇ.
— ياق، — ئۇنىڭغىمۇ ئېتىراز بىلدۈردى ياقۇپ خوجا، — سىلىنىڭ بۇ زىياپەتلىرى كۆرۈنۈشتە سىلىنىڭ بولسىمۇ، ماھىيەتتە قەشقەرىيەنىڭ شەنىگە مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا بۇ زىياپەتنى ئۆتكۈزۈپ، شەھەردىكى ئۆلىما - پازىللارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشلىرى لازىم. ئەگەر يەكەنگە بېرىشنى ئىختىيار قىلسىلا، غازى بەگ جانابلىرى بىلەن ئەتە يولغا چىقسىلىمۇ بولىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، كۆڭۈللىرى غەم - ئەندىشە بىلەن تولغان، چىرايىنى مەيۈسلۈك قاپلىغان ئىككى خوجا ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولغان باقاۋۇللار ۋە مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن يەكەنگە ئاتلاندى.

## تۆتىنچى باب

«يولغا چىققان ئادەملەرنىڭ دەردىنى ئۆيدە قالغانلار تارتىدۇ» دېگەندەك، خىراج ئەكەتكەن ياقۇپ خوجىلار كېچىككەنسېرى بايان ئاغىچا بىلەن سىدىق خوجا تەشۋىش قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، بايان ئاغىچا ئۆز تەشۋىشىنى بىلدۈرمەي، ھەربىر نامىزىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلىپ ئۇلارنىڭ سالامەت كېلىشىنى خۇدادىن تىلەيتتى. سىدىق خوجا بولسا «ئاتاملارنىڭ كېلىدىغان قەرەلىدىن بۈگۈن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى» دەپ ئارامسىزلىناتتى. ياش چاغلىرىدا مەكتەپ - مەدرىسلەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي، ئاتىسىنىڭ قولىدا ساۋات چىقارغان سىدىق خوجا گۆرۈدە تۇرغان چاغلىرىدا ياقۇپ خوجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆز ئۆيىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ، خۇددى مەدرىسىدە ئوقۇغان تالىپلاردەك بىلىمگە ئىگە بولغانىدى، ھەتتا ئوقۇغان كىتابلىرى ھەققىدە ياقۇپ خوجا بىلەن

بەس ـ مۇنازىرە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشى يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن بۇ يەردىكى ئالىم ـ پازىللار بىلەن تونۇشۇپ تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى. بىكار ۋاقتىنى تۈرلۈك كىتابلارنى، شېئىرىي دىۋانلارنى ئوقۇپ ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە ئۆزىمۇ ئوقۇغان غەزەللىرىگە تەقلىد قىلىپ غەزەللەرنى يازاتتى.

ئۇ قايسى كۈنى بىر ئاغىنىسىنىڭ رايىچە، بازارنىڭ چېتىدىكى بىر ئاشخانىغا كىرگەندە خۇش خەت بىلەن:

«ئاللادىن باشقا خۇدا يوق،
ئاتا ـ ئانىدىن باشقا مازار يوق.
دائىم ئەستە تۇتۇڭلار،
نەپسىڭدىن باشقا بالا يوق...»

دەپ يېزىلغان شېئىرنى ئوقۇغانىدى. شۇ ئارىدا ئاشخانىنىڭ شېتىلە خىزمەتچىسى:

سېكىلەكا سېكىلەك، باغقا كىرەي يېتىلەپ،
ھەمراھ بولاي ئۆزۈڭگە مەيلى كۈندۈز ـ كېچىلەپ...

دېگەن بېيىتنى دىمىقىدا ئېيتقان پېتى يېنىغا كەلگەنىدى.

ئۇ ھازىر شۇ بېيىتنى يادىغا ئېلىپ مېيىقىدا كۈلگەن پېتى قولىغا قەلەم ئالدى. بىراق، شۇ چاغدا ئاتىسى ياقۇپ خوجا يادىغا كەلدى ـ دە، ئانىسىنىڭ يېنىغا چىقتى. ئايشەم ئاغىچا بولسا ئانىسى ئىززەت ئاغىچا ۋە يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان يەنە بىر ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىدى. سىدىق خوجا ئۇلارنى كۆرۈپ سالام بەردى ـ دە، ئانىسىغا قاراپ:

— ئاتاملار كېچىكىپ كەتتىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتىڭىز يولغا چىققان بولسا چاپارمەن ئەۋەتمەمدۇ، —

ئايشەم ئاغىچا ئۇنىڭ سوئالىنى ياقتۇرماي ۋە ئىززەت ئاغىچىغا قاراپ دېدى، ــ بۇ نەۋرىلىرى بىر بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ تۇرۇپمۇ، كىچىك بالىدەك ئاتىسىنىڭ تەشۋىشىنى قىلىدۇ قارىسىلا. خۇددى مەن غايىبنى بىلىدىغاندەك سورىغان سوئالىنى قارىسىلا.

ئانىسىنىڭ مۇنداق جاۋابىنى كۈتمىگەن سىدىق خوجا خاپا بولغان هالدا هويلىغا چىقتى.

ــ نېمە بولدىلا خوجام؟ ئاتىلىرىنى سېغىنىپ قالدىلىمۇ؟ ــ دېدى شۇ چاغدا هويلىغا چىققان بايان ئاغىچا.

ــ بۈگۈن ئۇلارنىڭ كېلىدىغان قەرەلىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى چوڭ ئاپا، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ تەشۋىش قىلمىسىلا، بالام. ئەتە ـ ئۆگۈن بىرەر خەۋىرى كېلىپ قالار، ــ دېدى بايان ئاغىچا ۋە گېپىنى يۆتكەپ، ــ راستىنلا، بۈگۈن كىچىك خوجامنى كۆرسەتمىدىلىغۇ؟

ــ ئۇ يىغلاۋېرىپ كېچىچە يىغلاپ، ئارام بەرمىۋىدى، هازىر ئانىسى بىلەن ئۇخلاۋاتىدۇ.

ــ ئۇنداق دېمىسىلە، كۆزى قارا بولىدىغان باللار يىغلاڭغۇ بولىدۇ.

بايان ئاغىچىنىڭ گەپلىرى سىدىق خوجىنىڭ خاپىلىقىنى يوقىتىۋەتكەندەك بولدى.

شۇ كۈنى كەچتە ياقۇپ خوجىلار ئەۋەتكەن چاپارمەنمۇ كەلدى. ئۇنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ياقۇپ خوجىلار قەشقەردە بىر ـ ئىككى كۈن هايال قېلىپ، ئاندىن كېلەتتى.

بۇ خەۋەر ئائىلىسىنىڭ بىلەن ئوردا ئىچىدىكى خىزمەتچىلەرگە قارىغاندا، هەرەمدىكىلەر كۆپرەك پايپېتەك بولۇشۇپ كەتتى.

ــ ئەتىدىن قالساق كېچىكىپ قالىمىز، خان قىزىم، ــ دېدى ئىززەت ئاغىچا.

ــ ياق، ئاپا، ئۇنداق ئالدىراپ كەتمەيلى، ــ ئېتىراز

بىلدۈردى ئايشەم ئاغىچا، — خۇماخان ئاچامنىڭ كېيىنكى قارىغاندا، ئۇ دورىنىڭ بىر چەمدىمى پىلنىمۇ ئۆلتۈرىدىكەن. ئەتە مەن ئىجازەت سورىغان بولۇپ، جۇڭغار خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كىرەي، ئاندىن كېيىن مېھمانلارغا خەۋەر قىلايلى.

— ئۇنىڭدىن ئىجازەت سوراپ، خورىكىنى ئۆستۈرگىنىڭىز ماڭا ياقمايدۇ، خان قىزىم.

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئاپا، بۇ ئىشنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن قىلايلۇقكى، سۇدىكى بېلىقنىڭ ئىزىنى تاپالمىغاندەك، ھېچكىم بىلەلمەي قالسۇن. مەن ئۇ جۇڭغار خوتۇن بىلەن مېھمانلارغا تەييارلايدىغان تاماقلارنىڭ تۈرلىرىنى كېلىشكەن بولىمەن. ئەتە، ياق، ئۆگۈنلۈككە ھەرەمدىكى خىزمەتكار خوتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى شامالباغقىمۇ ياكى ھەيدەرباغقىمۇ ئەۋەتىۋېتىمەن. تاماق تەييارلاشقا شەھەردىكى ئۇستا ئاشپەزلەرنى تەكلىپ قىلىمەن، شۇ چاغدا ھېچكىمدە ھېچقانداق گۇمان بولمايدۇ.

— ۋاي، ئەقىللىق خان قىزىم، ۋاي، پاراسەتلىك بوتام! — دەپ خۇشاللىقىنى بىلدۈردى ئىززەت ئاغىچا، — مەن كاللىسى ئىشلىمەيدىغان خوتۇن تاش سانايلا ئۆزۈمگە تەمەننا قىلىپ يۈرۈپتىمەن. سىز بولسىڭىز قۇم ساناپ مېنى يولدا قويدىڭىز. بارىكاللا، خان قىزىم. ھەممە ئىش سىز دېگەندەك بولسۇن، مەن بۈگۈن ئازراق پۇلنى بېشىڭىزدىن ئۆرۈپ گادايلارغا بېرىۋېتەي.

دانىيال خوجا ئۆلۈپ ئۇنىڭ بالىلىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش بولمىدى، ئۇنىڭدىن قالغان مىراسنى ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆزى بىر تەرەپ قىلدى. ئۇنىڭغا غوجىزادىلەرنىڭ ھېچقايسىسى نارازىلىق بىلدۈرمىدى. لېكىن، ئايشەم ئاغىچا قېيىنئانىسى دۇردۇن ئاغىچىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىلا «ئەمدى چوڭ ئاغىچا مەن بولىمەن» دېگەن ئويىنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاپ يۈرگەنىدى. كېيىن دانىيال خوجا ئۆلۈپ، ئېرى ياقۇپ خوجىنىڭ يەكەن خانى بولغىنىنى

ئاڭلىغاندا، يۇقىرىقى ئويىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئويلاپ، تەڭرىتېغىنىڭ ئېگىز داۋانلىرىدىن ئېشىپ، بىرنەچچە مىڭ چاقىرىمغا سوزۇلغان ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك يوللارنىڭ قانداق تۈگەپ كەتكىنىنى سەزمىگەنىدى.

يۈسۈپ خوجا يەكەنگە كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قەشقەرگە كۆچكەندە، بايان ئاغىچىنىڭ دانىيال خوجىنىڭ يىلى توشقۇچە يەكەندە قالماقچى بولغىنىنى ئاڭلىغان ئايشەم ئاغىچا موللا ئىبراھىم مەشھۇر ۋە ئەدەن قېچىرلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ياقۇپ خوجىغا: «خوجا ئاتام بولمىغاندىكىن، پۇتۇمغا پۇتلىشىپ، ئۇ خوتۇنغا بۇ يەردە نېمە بار؟ !» دەپ ھۆرپەيگەن ۋە «ياقۇپ خوجا ئېرىم تۇرۇپ مېنى ياقلىمىدى» دېگەن ئاچچىق بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا بايان ئاغىچا ياقۇپ خوجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئايشەم ئاغىچىنىڭ ھەرەمخانىغا يېنىپ كېلىشىگە ۋاستىچىلىك قىلغانىدى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن قۇيرۇقىنى قىسىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يەكەن ئوردىسىدا بىردىنبىر ئاغىچا بولۇش ئارزۇسى كۆلگە كۆمۈلگەن چوغدەك يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتەيتتى ۋە قانداق قىلىپ بولسۇن، بايان ئاغىچىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇ ھەرەم ھويلىسىدا ئۇچرىشىپ قالسا كۆرمەسكە سالاتتى. بايان ئاغىچا بار ئۆيگە كىرمەيتتى. بىر داستىخاندا ئولتۇرمايتتى، سالاملاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانىسى ئىززەت ئاغىچا قىزىنىڭ ئىچىنى ئۆرتىگەن ئۆچمەنلىك ئوتىنى سوۋۇتۇپ ئۆچۈرۈشنىڭ ئورنىغا پۈۋلەپ تېخىمۇ ياندۇرۇۋەتتى. ئۇ ھەر قېتىم ھەرەمخانىغا كەلگەندە، يەكەندىكى ئاغىچا ـ ئاپپاقلارنىڭ بىر گېپىگە ئىككىنى قوشۇپ: «تۇنۇگۇنلا مۇسۇلمان بولغان قالماق مەتۇنى دانىيال خوجام بار چاغدا شۇ كىشىنىڭ يۈزىنى دەپ ھۆرمەت قىلىشىدۇق، ئەمدى ياقۇپ خوجام خان، ئايشەم ئاغىچا خان ئاغىچا بولغاندا، ئۇ خوتۇننىڭ نېمە كېرىكى بار؟

دېيىشىۋاتىدۇ، — دەيتتى ۋە، — ئۇلار دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ؟ قەشقەردە يۈسۈپ خوجىغا ئوخشاشلا خان بولۇۋاتقان بالىسى بار. ئەقلى بولسا شۇ يەرگە كەتمەمدۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا دانىيال خوجامنى مەپتۇن قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن بۇ قالماق سەتەڭنىڭ خىيالىدا نېمە بار دېسىڭىزچۇ، ھەرھالدا خان قىزىم ئۇنىڭغىمۇ، خان بالامغىمۇ كۆز قىرىڭىزنى سېلىپ قويۇڭ» دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئىچىگە قىل سىغمايدىغان ئايشەم ئاغىچىنىڭ خىيالىنى مىڭ شاخقا بۆلۈپ، ئۇيقۇسىنى قاچۇراتتى.

ئۇ ياقۇپ خوجىلار خىراج تاپشۇرۇشقا كېتىپ بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىلا «ئەمدى بۇنى سوزۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن قارارغا كەلدى ـ دە، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇمۇ قىزىنىڭ يارىسىنى تاتىلىغاندەك:

— ھېلىقى قالماق خوتۇن ساقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يۈرىدۇغۇ، — دېدى ئايشەم ئاغىچا، — ئۇ خوتۇننى ئەجەب سوراپ كەتتىلىغۇ؟

— سورىغىنىم، — دەپ چۈشەندۈردى ئىززەت ئاغىچا، — قايسىبىر كۈنى خۇماخان ئاچام كېيىن تەگكەن ئېرى بىلەن كەپتىكەن. ئۇلارنىڭ قاراقاش مىرشەپخانىسىدا ئىشلەيدىغان بالىسى «ھەپسىدە ياتقان ‹ئاق تاغلىق› لارنى پارا ئېلىپ بوشاتتى» دېگەن ئەيىب بىلەن ئىشتىن چىقارغانىكەن. خۇماخان ئاچامنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ كېيىن تەگكەن ئېرىنىڭ تىلىدا قوناقتەك مەڭ بولۇپ، قارغىشى خاتا كەتمەيدىغان داخان ئىكەن. ئۇ كىشى پۈتكەن تۇمارنى بويىنىغا ئاسقان ئادەمگە جىنمۇ تەگمەيدىكەن. دەم سالغان سۈيىنى ئىچسە، پالەچ بولۇپ قالغان ئاغرىقلار ساقىيىپ كېتىدىكەن ۋە ئەر ـ خوتۇنلارنى ئادا ـ جۇدا قىلىدىغان، بىر ـ بىرىگە ئىسسىق ئۆتكۈزىدىغان ئىشلارمۇ قولىدىن كېلىدىكەن. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، جېنىم خۇدايىم، تىلىكىمنى ئىجابەت قىلغىن، دەپ بىر تاقا (ئۈچ

يېرىم مېتىر چامىسىدا) ئەتلەسنى قولتۇقۇمغا قىسىپ، ھېلىقى داخاننىڭ قېشىغا كىردىم ـ دە: «مۇشۇنداق بايان ئاغىچا دېگەن ئىمانى سۈس خوتۇن بار. شۇنىڭ ئەجەل شەربىتىنى ئىچىشىگە ياردەملەشسىلە؟» دەپ ئىلتىجا قىلدىم. ئۇ كىشى تىلىكىمنى قوبۇل كۆرۈپ: «ئەتە چۈشتىن كېيىن كەلسىلە» دېدى. شۇ كۈنى ئاسماندىكى قۇياشنى تاياق بىلەن ئىتتەرگەندەك ئاران ئولتۇرغۇزۇپ، ئەتىسى ئەتىگەن دېگەن ۋاقتىدا بارسام، قولۇمغا كىچىككىنە قىزىل لاتىغا ئورالغان بىر نەرسىنى بەردى ـ دە: «مۇنۇ نەرسىنى ‹تەتۈر قەبرە› گە (سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە نامىزىنى چۈشۈرمەي كۆمىدىغان خانلارنىڭ قەبرىستانلىقى) ئاپىرىپ كۆمسىلە. نېرىسى يەتتە كۈندە ھېلىقى ئىمانى سۈس خوتۇن يورۇق دۇنيانى تەرك قىلىدۇ» دېدى. مەن شۇ كۈنلا مەپە قوشتۇرۇپ «تەتۈر قەبرە» گە باردىم ـ دە، يۇلغۇننىڭ تېگىنى كولاپ كۆمۈۋەتتىم. بۈگۈن مانا ئۇن بىر كۈن بولدى. ئىمانى سۈس خوتۇننى ساقمۇ دەپ سورىغىنىمنىڭ سەۋەبى شۇ، خان قىزىم.

ئايشەم ئاغىچا ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بايان ئاغىچىغا ئۆزىدىن نەچچە باراۋەر ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلىقىدىن خۇشال بولسىمۇ، لېكىن ساددىلىقىغا ئېچىنىپ:

— ھەي، سادىغاڭ كېتەي ئانا، شۇنچە ياشقا كەلسىلىمۇ «موللا ئوقۇپ يەيدۇ، قاغا چوقۇپ يەيدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىماپتىلا ـ دە، — دېدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ بايان ئاغىچىنى يوقىتىش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ پىلانى ياقۇپ خوجىلار ئىلى تەرەپتىن كەلگۈچە، بايان ئاغىچىنى زەھەرلەپ، ئالتۇنلۇققا كۆمۈۋېتىش ئىدى.

بۇ چاغلاردا شۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆز رەقىبلىرىنى يوقىتىش يېقىن شەرق ئەللىرىدىكى پادىشاھ ـ سۇلتانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، «ئاق تاغلىق» لار بىلەن «قارا تاغلىق»لار ئارىسىدىمۇ ئەۋج ئالغانىدى. بۇنداق قان ئالغۇچى دورا «بىر

كۆنى بولمىسا، بىر كۆنى لازىم بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئويدا ئىچى قارا ئىشانلار بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيىدە ساقلىناتتى.

قىزىنىڭ پىلانىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتكەن ئىززەت ئاغىچا نىياز بەگنىڭ مۇنداق دورىنى خېلىدىن بېرى ساقلاپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئايشەم ئاغىچىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي ئاپىسىنى قۇچاقلىۋالدى. بىراق، ئۇ ئاپىسىدەك خەقلەردىن ئاڭلىغان گەپلەرگە ئىشىنىدىغان ساددا بولماي، كۆزى كۆرگەن نەرسىگە ئىشىنىدىغان ئاياللار جۈملىسىگە كىرەتتى. شۇڭا، نىياز بەگ ساقلاپ يۈرگەن دورىنى سىناپ كۆرمەك بولدى ـ دە، ئۇنىڭدىن بىر چىمدىم ئېلىپ، يالاقا قويۇلغان سۇغا ئارىلاشتۇردى. ئاندىن گىردە ناننىڭ يېرىمىنى چىلاپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن لاخشىگىر بىلەن قىسىپ، كوچىدا يۈرگەن بىر ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە خەقلەرنىڭ يۈندىلىرىنى يالاپ يۈرگەن بۇ ئىت ئالدىغا تاشلانغان ناننى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەۋەتتى ۋە قورسىقى تويمىدى بولغاي، يېپىق دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدا تۇرغان ئايشەم ئاغىچىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. بىرپەستىن كېيىن خۇددى مەست ئادەمدەك تەمتىلەپ ئىككى غۇلاچ يەرگىچە ماڭدى ـ دە، يىقىلىپ چۈشتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولغان ئايشەم ئاغىچا ئۆيگە كىرىپ: «ۋاي، ئانا، ئاتام ئىككىڭلار نېمىدېگەن ياخشى!» دەپلا ئىززەت ئاغىچىنى قۇچاقلىدى ۋە بايىقى دورىدىن بىرەر قوشۇقتەك ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

شۇنىڭدىن بېرى ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت ئۆتسىمۇ، ئايشەم ئاغىچا ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئۇنىڭغا بايان ئاغىچا بىلەن نىسا بېگىملەرنىڭ ھوشيارلىقى يول قويمىدى. بايان ئاغىچا يۈسۈپ خوجىلار قەشقەرگە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ قازىنىنى ئايرىۋالغانىدى. نىسا بېگىم ئىككىسىگە تولۇقىنا كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئاشپەزلىك قىلاتتى. شۇ چاغدا بايان ئاغىچىنىڭ بۇ ئىشىنى قوللاپ ياقۇپ

خوجا: «تولىمۇ توغرا ئىش قىپتىلا» دېگەندى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر كىمگە قەست قىلىشمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئوخشايدۇ. مۇنداق ئىشقا بەل باغلىغان ئادەمنىڭ يۈرىكى ئادەم قېنىغا تەشنا قىلىچى قان بىلەن سۇغۇرۇلغان جاللاتنىڭ يۈرىكىدەك ياكى ياش ـ قېرى، ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىماي ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئەزرائىلدەك رەھىمسىز بولۇشى كېرەك. ئۆمرىدە توخۇمۇ ئۆلتۈرۈپ كۆرمىگەن ئايشەم ئاغىچىنىڭ تېخى سىن ـ سىپاتى كەتمىگەن نازۇك بەدىنىدە جاللاتلارنىڭكىگە ئوخشاش يۈرەكمۇ، ئەزرائىلنىڭكىدەك رەھىمسىزلىكمۇ يوق ئىدى. ئۇنى بۇنداق كويغا سالغان بايان ئاغىچىغا بولغان ئىچى تارلىق بىلەن كۆرەلمەسلىك ئىدى. «ئەگەر بايان ئاغىچا بولمىسا، يەكەن خانلىقىدا مېنىڭدىن ئەتىۋارلىق ۋە ھۆرمەتلىك ئاغىچا بولمايتتى» دېگەن ھەسەتخورلۇق كېسەللىكى ئىدى. بۇ خىل كېسەللىكگە مۇپتىلا بولغان ئادەملەر مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال بولسۇن، پەيتى كەلگەندە ئۆزلىرىدىنمۇ بالدۇر ئەجىلى توشمىغان ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئېلىشقا، جاللاتلاردىن بۇرۇن قىلىچ چېپىشقا تەيياردۇر.

ئايشەم ئاغىچا ياقۇپ خوجىنىڭ كېلىشۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەن جىددىي ھەرىكەت قىلىپ، ئويلىغان ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى. شەھەردىكى ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئاغىچا ـ ئاپپاقلىرىنى زىياپەتكە چاقىرىپ، شۇ باھانىدە بايان ئاغىچىنى زەھەرلەشنى جەزم قىلدى. بىراق، بايان ئاغىچا بۇ زىياپەتكە قاتنىشامدۇ؟ ئۇ ئويلاپ ـ ئويلاپ «بۇ خوتۇن ئەگەر ئالدىغا كىرسەم، چوقۇم قاتنىشىدۇ» دېگەن قارارغا كەلدى. ئۇ مۇشۇنداق خۇلاسىگە كېلىپ ئۇستىبېشىنى تۈزىدى ـ دە، بايان ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە كىردى ۋە ئارىدا ھېچنېمە بولمىغان ئارتىسلاردەك خۇش چىراي بىلەن كۆرۈشتى.

ـــ ئەتە يەكەنگە كەلگەندىن بېرى ھۆرمىتىمنى قىلىپ

زىياپەتكە چاقىرغان ئاغىچا ـ ئاپپاقلارنى چايغا چاقىرىپ قويۇۋىدىم، ــ دەپ سۆز باشلىدى ئايشەم ئاغىچا. ئەسلىدە ئۇنى ھېچبىر ئاغىچا زىياپەت بېرىپ، مېھمانغا تەكلىپ قىلمىغانىدى، ــ شۇڭا سىلىنى ئۆيۈمنىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ بەرسىلە دەپ ئالدىلىرىغا كىردىم.

ــ تولا ئوبدان، ئاۋارە بولۇپ ئۆزلىرى كىرگۈچە، باللارنىڭ بىرەسىدىن ئېيتقۇزۇپ قويسىلىمۇ بوپتىكەن، ــ دېدى بايان ئاغىچا.

ــ ۋايىەي، ماۋۇ كىچىك ئانامنىڭ گېپىنى، ــ دېدى بايان ئاغىچىنىڭ رازىلىق بەرگىنىگە خۇشال بولغان ئايشەم ئاغىچا، ــ سىلى دېگەن رەھمەتلىك خوجا ئاتامنىڭ تاھارىتىگە سۇ بەرگەن ئانىمىز تۇرسىلا، ئالدىلىرىغا ئۆزۈم كىرمىسەم، خوجا ئاتامنىڭ روھى قورۇنۇپ قالامدۇ.

ــ بولىدۇ. خۇدا بۇيرۇسا قاتنىشىمەن.

ــ ئەمىسە مەن چىقاي. ئىسا بېگىم بۇ يەردە يوق ئىكەن، ئۇ كىشىنىمۇ ئېيتىپ قويارلا، قاتنىشىپ بەرسۇن، ــ ئايشەم ئاغىچا ئەمدى ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق دېگەن ئويغا كېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

※ ※ ※

بۈگۈن سەھەردىلا ھەرەمخانىنىڭ ھويلىسى سۈپۈرۈلۈپ تازىلانغاندىن كېيىن خىزمەتچىلەرنىڭ بىرسى مەپە قوشۇپ ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئايال خىزمەتچىلىرىنى نەگىدۇر ئەكەتتى. بىرسى شەھەردىكى قولى ئەپچىل ئاشپەز خوتۇنلارنى ئەكەلدى. يەنە بىرلىرى ھويلىغا سۇ چېچىپ، يەنە بىرلىرى قوي سويۇپ دېگەندەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدى.

چۈشكە يېقىن ھەرەمخانىنىڭ ھويلىسىنى تۆرلۈك تائاملارنىڭ خۇش پۇراقلىرى قاپلاپ كەتتى. يەكەن ئاسمىنىغا

كۆتۈرۈلگەن قۇياش ھەممە نۇرىنى مۇشۇ يەرگە تۆكۈۋاتقاندەك ئەتراپنىڭ ھەممىسى، ھەتتا دەرەخلەرنىڭ سايىسى چۈشۈۋاتقان سالقىن يەرلەرمۇ ئىسسىپ كەتكەن، ھاۋامۇ تىنچىق ئىدى. چېڭقى چۈش مەزگىلىدە مېھمانلارنىڭ ئالدى كېلىشكە باشلىدى. ھەرەمخانىنىڭ ھويلىسى بىردەمدىلا قىممەتلىك رەختلەردىن تىكىلگەن پۆپۈكلۈك سايىۋەنلىرى بار مەپىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. بۇلاردىن چۈشكەن ئەمەلدارلارنىڭ ئاغىچىلىرى، ئاخۇن - ئاكابىرلارنىڭ ئاپپاقلىرى قىممەت باھالىق كۆزلەر قويۇلغان ئالتۇن ئۈزۈكلۈك قوللىرى بىلەن تەر تەپچىرىگەن يۈزلىرىنى يەلپۈپ، ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئارقىسىدىن مېھمانخانىغا مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ توزنىڭ قۇيرۇقىدەك ھەر خىل رەڭدە تاۋلىنىپ تۇرغان كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن ئورۇق - سېمىز بەدەنلىرىدىن چىققان خۇش پۇراقلار ئاشخانا تەرەپتە تەييارلىنىۋاتقان تاماقلارنىڭ ئىشتىھا قوزغايدىغان پۇراقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەندى.

— مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى. سىلىنى كۈتۈشۈۋاتىدۇ، — دېدى بايان ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن مۇبارەكخان، بۇ ئايالمۇ تويغا ماڭغان چوكانلاردەك ياسىنىۋالغانىدى. ئۇنى شۇ تەرىقىدە ئايشەم ئاغىچىنىڭ مەتتاشىسى دېيىشكە ھېچكىمنىڭ تىلى بارمايتتى.

— مانا، بىزمۇ ماڭدۇق، — دېدى بايان ئاغىچا.

— سېغىزخاندەك ساق بولسىلا جۇما، — دېدى نىسا بېگىم، — ياراتقان ئاللا «ساقلانغاننى ساقلايمەن» دەپتىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بايان ئاغىچا كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە، ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇنى مېھمانخانىدا ئولتۇرغانلار دۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كۈتۈۋالدى ۋە تېخىچە دانىيال خوجىنىڭ قارىسىنى تۇتۇپ ئۈچىسىغا ئۇزۇن قارا كۆڭلەك كىيىپ، قارا ياغلىق تاڭغان بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى ئاقىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن بايان ئاغىچىغا سىنچى نەزىرى بىلەن قاراشتى.

قىزىنىڭ ئۆيىدە ئۆزىنى ساھىبخانا ئورنىدا ھېسابلاپ يەڭگاھ تەرەپتە ئۆرە تۇرغان ئىززەت ئاغىچا:

— مانا بۇياققا، يۇقىرىغا ئۆتۈپ كەتسىلە، — دەپ تۆر تەرەپنى كۆرسەتتى.

— كەلسىلە، بايان ئاغىچا. مېنىڭ يېنىمغا ئولتۇرسىلا، — دەپ تەكلىپ قىلدى مەۋلانە ھەزرەتنىڭ قوشناچى. ئۇ ھازىر قېرىلىق يېتىپ، بېشىغا كۆك جىيەكى بار داكا ياغلىق، ئۇچىسىغا يېڭى بىلەن ئېتىكى ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك، ئاق تاۋاردىن تىكىلگەن يالاڭ كەمزۇل كىيىۋالغاچقا، خۇددى ئاق تۇكىدىن ئايرىلمىغان قوشنىڭ بالىسىغا ئوخشايتتى. بايان ئاغىچا بۇ قېرى قوشناچىنىڭ تەكلىپىنى يەردە قويماي، يېنىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا مېھمانلار ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قارىي قوشناچ گۆشىدىن ئاجراپ ئاردەك بولۇپ قالغان قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

خىزمەتكە بەلگىلەنگەن ئاياللارنىڭ بىرسى بوينى ئىنچىكە، جۇمىكى ئۇزۇن مىس ئاپتۇۋا بىلەن ئۇستى كەڭ مىس چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ قويدى. مەتتاشە مۇبارەكخان ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھۆرمەتلىك دۇردۇن ئاغىچىنىڭ ساندۇقىدا ساقلانغان، لېكىن بىر قېتىممۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا سېلىنمىغان تىللا زەرلىك، كۆمۈش رەڭلىك داستىخانلارنى يايدى ـ دە، كۆمۈش پەتنۇسلارغا راسلاپ قويۇلغان قەنت ـ گېزەكلەرنى، نان ـ توقاچلارنى قويدى.

قائىدە بويىچە مېھمانلارغا بېرىلىدىغان چاي باشقا ئۆيدە قۇيۇلۇپ، ئاندىن پەتنۇس بىلەن كەلتۈرۈلۈپ سۇنۇلاتتى. مېھماننىڭ كۆزىچە چاي قۇيۇش ئەدەپسىزلىك ھېسابلىناتتى. «بۇنداق قىلىش بايان ئاغىچىدا گۇمان تۇغدۇرۇشى مۇمكىن» دېگەن ئويغا كەلگەن ئايشەم ئاغىچا ئاپىسى ئىززەت ئاغىچىنىڭ سۆزىگە كىرمەي، خىزمەتچى ئاياللارغا مېھمانلارنىڭ كۆز

ئالدىدا چاي قۇيۇشنى تاپشۇرغانىدى.

چاي قۇيۇلۇشى بىلەن زىياپەتمۇ باشلىنىپ كەتتى. مۇشۇ باھانىدە ئۆزىنىڭ يەكەندىكى بىردىنبىر «خان ئاغىچا» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ مېھمانلارنى تاڭ قالدۇرۇشنى ئويلىغان ئايشەم ئاغىچىنىڭ قولى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. داستىخانغا قويۇلغان نەرسىلەر ئازدەك، بىردەم تەخسە ـ تەخسىلەردە پەرمۇدىلەر، سامسىلار، بىردەم پاقلان گۆشى بىلەن ئۇلار گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپلار، دورا ـ دەرمەكى تېتىلغان ھەر تۈرلۈك قورۇمىلار كەلتۈرۈلەتتى.

ـــ ئۆزلىرىنىڭ سالامەتلىكلىرى ئوبدانمۇ؟ ـــ دېدى بايان ئاغىچا قولىدىكى چىنىنى داستىخان ئۈستىگە قويۇپ، ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان قېرى قۇشناچقا قاراپ.

ـــ خۇداغا شۈكۈر، بالام. ئۆتكەن كېچىسى مەۋلانە ھەزرەت چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن، بىر ھەپتىگىچە ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ يۈردۈم. مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ كىچىككىنە ياغ پۇراتتىم. ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، ـــ دېدى، ـــ ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ سىلىنىمۇ پات ـ پات يوقلاپ تۇرالمىدىم. بۇ قېرىلىق دېگەن ئاتنىڭ پۇتنى باغلاپ قويغان تانىدەك، ئادەمنىڭ پۇتنىمۇ چامداتمايدىكەن...

ـــ خۇداغا شۈكۈر، ياخشى، ـــ دېدى بايان ئاغىچا گەپ قىلسا ئېقىن سۇدەك توختىمايدىغان قۇشناچنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ـــ كۆڭۈللىرىگە ئالغانلىرىغا رەھمەت.

ـــ بايان ئاغىچىنىڭ ئۈچىنىسدىكى قارا كۆڭلىكىنى دېمىسە، چىرايى بىر ئوبدان تۇرۇپتۇ، ـــ دەپ سۆز قاتتى مۇپتىنىڭ ئاپپىقى.

ـــ تىلىم تەگمىسۇن، ـــ دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى غازى بەگنىڭ ئاغىچىسى، ـــ بايان ئاغىچا مېنىڭ كۆزۈمگە رەھمەتلىك دانىيال خوجامنىڭ ئىلىكىگە چۈشكەن چاغلىرىدىكىدەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— سىلىمۇزە مۇبالىغە قىلىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىلا، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى قازىنىڭ ئاغىچىسى، — بايان ئاغىچىنىڭ بىرنەچچە نەۋرە كۆرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟

— شۇنى دېسىلە، — ئۇنى قۇۋۋەتلىدى ئىززەت ئاغىچا، — ھېلىمۇ بۇ خېنىم بايان ئاغىچىنى باكىرە قىزلارغا ئوخشاتمىدى. تىل دېگەن سۆڭەكى يوق نەرسە بولغاچقا، ھەرقانداق گەپلەر چىقىۋېرىدىكەن.

ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى كۇلۇۋەتتى، بەزىلىرى بېشىنى لىڭشىتتى. بەزى ئايالالار باشلىرىنى بىر - بىرىگە يېقىن ئەكىلىپ پىچىرلاشتى. ئايشەم ئاغىچا بولسا ئاپىسىغا يامان كۆزى بىلەن قاپىقىنى تۇرۇپ قارىدى.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلار، — دېدى بايان ئاغىچا، — ئاپپاق ئاچام مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساش ئۇچۇن شۇنداق دەۋاتىدۇ. ئاپپاق ئاچامنىڭ بۇ گېپى كۆڭلى تارتقان ئادەمنى گۈلگە ئوخشاتسا، تىكەنگە ئايلىنىپ قالمىغاندەكلا بىر ئىش.

مېھمانلار ئىچىدە بۇ گەپكە ئېتىراز بىلدۈرگەن ھېچكىم بولمىدى. بەلكى ھەممىسى باشلىرىنى لىڭشىتىپ ماقۇللاشتى، پەقەت پەرمانقۇل ئىشاننىڭ ئاپپىقىلا:

— ئەمدى، بايان ئاغىچا، بىكار ئولتۇرغۇچە، گەپ قىلغاچ تۇرايلى دېگەندەك بىر گەپ - دە، — دېدى.

شۇ ئارىدا ئورنىدىن تۇرغان ئايشەم ئاغىچىنىڭ:

— قېنى، مېھمانلار، داستىخاندىكىلەردىن ئالغاچ تۇرۇڭلارچۇ؟ تەخسىلەردىكى تائاملار يېيىلمەپتۇغۇ، كاۋاپلارمۇ سوۋۇپ كەتكەندۇ. ھەي، مۇبارەكخان، مېھمانلارغا ئىسسىق چاي ئەكەلسىلە ! — دېگەن سۆزلىرى ئاڭلاندى. مېھماندارچىلىققا بارغاندا يېيىشتىن كۆرە، كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئالىي تەبىقىدىكى ئايالالار ھال تارتىشىپ، يەمگە تويۇۋالغان سېمىز بايتاللاردەك ئوقۇرىدىكى بېدىنى كالپۇكى بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا ئىتتىرىپ قويغاندەك داستىخاندىكى تاماقلارغا ئۆزىنى

ئۈرۈپ كەتمىدى.

مۇبارەكخان ئايشەم ئاغىچىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆگرە ئاشنىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

— داستىخاندىكى ئۇشۇق نەرسىلەرنى يىغىۋېتىپ، ئاندىن ئەكىرىڭلار، — دېدى ئايشەم ئاغىچا.

هاجىتى قىستىغان مومايلارنىڭ بىرسى:

— ئۆگرىنى بىرقۇر تالا - تۈزگە چىقىپ، ئاندىن ئىچمەيمىزمۇ، — دېدى.

— ئاشنى چىنىلەرگە ئۇسۇپ قويۇشتى، — دېدى ئىززەت ئاغىچا.

شۇ ئارىلىقتا مېھمانخانىدىن چىققان ئايشەم ئاغىچا ئىككى پىيالىگە قۇيۇلغان ئۆگرىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان مۇبارەكخانىنىڭ قولىدىن پەتنۇسنى ئالدى - دە، ياندىكى ئۆيگە كىردى ۋە يېنىدىكى زەھەرنىڭ جىقراقىنى ئالمىگۆللۈك كۆك پىيالىگە، قالغىنىنى ئىككىنچى پىيالىگە تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. كەپتەر تۇخۇمىدەك دۈگىلەك قىيما، چاچتەك كېسىلگەن ئۆگرە ئاش قۇيۇلغان پىيالىلەرنىڭ شورپىسىدا ئۇششاق توغرالغان ئاشكۆكىلەر لەيلەپ تۇراتتى. ئايشەم ئاغىچا بۇ ئىشنى شۇنداق تېز بېجىردىكى، مۇبارەكخان باشلىق باشقا خىزمەتچىلەر پىيالىلەرگە ئۇسۇۋالغان ئۆگرىلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگۈچە، ئۇ قولىدىكى پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ مېھمانخانىغا كىردى ۋە ئۇدۇل بايان ئاغىچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— قېنى كىچىك ئانا، ئۆگرىگە باقسىلا، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

بايان ئاغىچا ئۆزىگە سۇنۇلغان پىيالىنى ئېلىپ قېرى قۇشناچىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئۆزلىرىگە قويسىلا، ئاغىچا، — دېدى ئۇ.

— ياق، سىلى تۇرغاندا مەن ئالسام بولماس، — دەپ پەتنۇستىكى ئىككىنچى پىيالىنى ئېلىپ، مۇپتىنىڭ ئاپپىقىغا

www.uyghurkitap.com

سۇنۇۋىدى، ئۇ ئايال ئالغىلى ئۇنىماي، شۇ ئارىدا ئالدىغا كەلگەن مۇبارەك خېنىمنىڭ قولىدىكى پەتنۇسقا قولىنى سۇندى.

ئايشەم ئاغىچىنىڭ يۈرىكى پۇلاڭلاپ، تارىمۇشى تارتىلىپ كەتكەندەك تۇرۇپ قالدى ـ دە، دەرھال مېھمانخانىدىن چىقتى ۋە ياندىكى ئۆيگە كىرىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى، ئىشىكى ئوچۇق مېھمانخانىدىن ئىززەت ئاغىچىنىڭ:

— قېنى، مېھمانلار ئۇگرىگە بېقىشسىلا ! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

«خۇداغا شۈكۈر، — دەپ ئويلىدى ئايشەم ئاغىچا، — ئۇ قالماق ئالمىگۈللۈك پىيالىنى قۇشناچىمغا بەرگەن بىلەن ئۆزى ئالغان پىيالىدىمۇ بىر ئادەمنىڭ ئەجىلى بار. ئەي خۇدايىم، ئۆزۈڭ يار بول!» ئۇ خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك كۈلۈپ ـ ئېچىلىپ مېھمانخانىغا كىردى ۋە ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ، ئالدىدىكى پىيالىگە قول سۇندى.

— تولىمۇ تەملىك ئۇگرە بوپتۇ، — دېدى غازى بەگنىڭ ئاغىچىسى ئۆزىدىن يۇقىرى ئولتۇرغان مۇپتىنىڭ ئاپىقىغا قاراپ.

— دېمىسىلىمۇ تازا ئوخشاپتۇ. مەن مۇنداق ئۇگرىنى قىز ۋاقتىمدا بىر ئىچىۋىدىم، — دېدى ئۇ.

— شۇنى دېسىلە، — دەپ ئۇلارغا قوشۇلدى سېمىز بىر ئايال.

— خان ئاغىچا قىزىم ھەرقايسىلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلاي دەپ شەھەردىكى قولى ئۇز ئاشپەزلەرنى ئەكەلدى ـ دە، — دەپ ماختىنىۋالدى ئىززەت ئاغىچا.

بايان ئاغىچا ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغاچ پىيالىدىكى ئۇگرىدىن ئۇچ ـ تۆت قوشۇق ئىچىۋەتتى. شۇ چاغدا ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان قېرى قۇشناچ ئۆزىگە ئىگە بولالماي، بېشىنى بايان ئاغىچىنىڭ كۆكسىگە، كېيىن قۇچىقىغا تاشلىۋەتتى ـ دە، نەپىسى بوغۇلغاندەك خىرىلداشقا باشلىدى. بۇ

ھال ھەممە ئاياللارنى پايپېتەك قىلىۋەتتى. بەزىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ قېرى قۇشناچىنىڭ يېنىغا كەلدى. شىرەم بولسىمۇ، تۇغقانچىلىقى بار پەرمانقۇل ئىشاننىڭ ئاپىقى ئولاشقان ئاياللارنى بىر چەتكە سۈرۈپ، قېرى قۇشناچىنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى. ئۆز ۋاقتىدا «قارا تاغلىق» ئىشانلارنىڭ پېشۋاسى بولغان ۋە دانىيال خوجىنىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بىرى مەۋلانە ھەزرەتنىڭ بۇ ئايالى ھازىرمۇ ئالىي تەبىقىدىكى ئاياللار ئىچىدە ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، غازى بەگنىڭ ئايالى ھەرەمخانىنىڭ ھويلىسىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ مەپىكىشىنى تېۋىپقا، ھويلىنىڭ سالقىن يېرىگە قويغان شىرەدە ئۈگرە ئىچىۋاتقان سىدىق خوجىنى ئوردىغا خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا يەنە بىرمۇنچە ئاياللار بايان ئاغىچىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانىدى. ئىسا بېگىمنىڭ «ھاي، مۇبارەكخان، بىر چىنە سۈت ئەكەلسىلە، مەن ياتىدىغان ئۆيدىكى تەشتەكتە سۈت بار» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ئۇ بايان ئاغىچىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىغان پېتى: «يېقىن كەلمەڭلار، ئاغىچىنىڭ دىمى قىسىلىۋاتىدۇ» دەپ، ئولاشقان ئاياللارغا مۇراجىئەت قىلاتتى.

ئانچە كېچىكمەي مۇبارەكخانمۇ كىرىپ كەلدى. ئىسا بېگىم ئۇنىڭ قولىدىكى سۈتنى ئېلىپ، بايان ئاغىچىنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى ـ دە:

— مۇنۇ سۈتنى ئىچىۋەتسىلە، بىرئاز بولسىمۇ ئارام بېرىدۇ، — دەپ يېرىم چىنە سۈتنى ئىچۈردى.

ئاڭغىچە ھەرەمخانىغا ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ يېتىپ كەلگەن سىدىق خوجا ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ مېھمانخانىغا كىردى ـ دە، پەگاھدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان ئاپىسىغا قاراپ:

— بەگ ئاتام بىلەن دېۋانبېگى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى. شۇ ئارىدا كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگىلا قەي قىلىۋەتكەن بايان

ئاغىچىغا كۆزى چۈشۈپ: «چوڭ ئانا، سىلىگە نېمە بولدى؟» دەپلا ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ئۇنىڭ ئاۋازى بايان ئاغىچىنىڭ قۇلىقىغا سۇنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك سۇس ئاڭلانسىمۇ، لېكىن بارلىق كۈچىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچقاندەك قىلدى ـ دە، قايتىدىن قەي قىلىشقا باشلىدى.

— خۇدايىم شىپالىق بەرسە، ياخشى بولۇپ قالىدىلا، مۇنۇ سۇتنى يەنە ئازراق ئىچىۋەتسىلە، — دەپ يالۋۇردى نىسا بېگىم.

بايان ئاغىچا يەنە ئازراق سۇتنى ئىچتى. ھويلا تەرەپتىن «نىياز بېگىملەر كەلدى!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. مېھمانخانىدىكى ئاياللار مىلتىقنىڭ ئۇننى ئاڭلىغان چىشى كەكلىكلەردەك ياغلىقلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ياندىكى ئۆيلەرگە كىرىپ كېتىشتى. مېھمانخانىدا ئاللىقاچان جېنىنى تاپشۇرۇپ، دارىلباقىيغا كەتكەن قېرى قۇشناچ دۇنيادىن بىغەم پۇت ـ قولىنى تۈگۈپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بولسا كۆز ياشلىرىنى ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ پەرمانقۇل ئىشانىنىڭ بايىلا كۈلۈپ ـ ئېچىلىپ ئولتۇرغان ئاپپىقى ئۇن چىقارماي ھازا تۇتۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بېرىسىدە بايان ئاغىچىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئولتۇرغان نىسا بېگىم نېمە قىلارىنى بىلەلمەي پەرۋانە بولۇۋاتاتتى. ھەرەمخانىدا يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن سادىر بولغانلىقىغا ئەقلى يەتمىگەن سىدىق خوجا بولسا بايان ئاغىچىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىغا چىدىماي بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. مەتتاشە مۇبارەكخان نامەھرەملىكىنى ئۇنتۇپ، يالاڭباش پېتى پەگاھ تەرەپتە ئۆرە تۇراتتى. شۇ چاغدا بۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلگەن نىياز بەگ بىلەن دىۋانبېگى بىرنەچچە مىنۇت يۈز بەرگەن ئەھۋالنى سۈرۈشتە قىلدى ـ دە، نىياز بەگ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تېۋىپ ئەكىلىش ئۈچۈن شەھەرگە ماڭدى. دىۋانبېگى قېرى قۇشناچىنىڭ مۇزلاشقا باشلىغان جەسىتىنى ئاستىدىكى كۆرپىسى بىلەن سۆرەپ مېھمانخانىنىڭ بىر چېتىگە ئا-

پاردى، ئاندىن ئۇ مەرھۇمنىڭ يۈزىنى بېشىدىكى ئاق ياغلىق بىلەن يېپىپ قويدى.
ئارىدىن يېرىم سائەتتەك ئۆتكەندە نىياز بەگ بىلەن ھوشۇر قازى ۋە يەكەن بويىچە ھەممە ئادەم بىلىدىغان ھەمرا تېۋىپ ھەرەمخانىدا پەيدا بولدى. غازى بەگنىڭ ئاغىچىسى ئەۋەتكەن مەپىكەش تېۋىپنى تاپالماي، ھوشۇر قازىغا خەۋەر قىلدى. ئىككىسى بىر بولۇپ تېۋىپنى تاپتى ـ دە، ھەرەمخانىغا ماڭدى. يولدا نىياز بەگ ئۇچرىشىپ قالدى.
مۇنداق ۋەقەلەرنىڭ نەچچىسىنى كۆرگەن ھەمرا تېۋىپ يولدا كەلگۈچە، مەپىكەش بىلەن ھوشۇر قازىدىن بۇ ۋەقەنىڭ زىياپەت ئۈستىدە سادىر بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. شۇڭا، ئۇ يۈزىنى ھەم كۆرسىتىپ، ھەم تونۇپ تۇرىدىغان نېپىز ياغلىقنى بېشىغا ئورىۋالغان نىسا بېگىمگە مۇراجىئەت قىلىپ:
— ئاغىچا قانداق غىزا يېگەندىن كېيىن بۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى؟ — دەپ سورىدى.
— يېرىم پىيالىدىنمۇ ئاز، بىرنەچچە قوشۇق ئۈگرە ئىچكەنىدى، — دەپ جاۋاب بەردى نىسا بېگىم.
— ھەزرەتنىڭ قۇشناچىچۇ؟
— بىر پىيالە، — دېدى پەرمانقۇل ئىشاننىڭ ئاپپىقى.
شۇ چاغدا بايان ئاغىچا يەنە قەي قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇيۇغان سۈتتەك، لېكىن رەڭگى سۈتكە ئوخشىمايدىغان قۇسۇقلار چۈشتى.
— سۈت بەرگەنمىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى تېۋىپ.
— ھەئە، ئاغىچىغا ئىككى نۆۋەت سۈت ئىچۈرگەنىدىم.
— ناھايىتى توغرا ئىش قىپتىلا، — تېۋىپ بايان ئاغىچىنىڭ تومۇرىنى تۇتماق بولۇپ داكا سورىدى.
شۇ چاغقىچە ئۆرە تۇرغان مەتتاشە مۇبارەكخان ياندىكى ئۆيگە كىرىپ، ئايالىلارنىڭ بىرسىدىن ياغلىق سوراپ، بېشىغا

ئارتىۋالدى - دە، ئۆزىنىڭ داكا ياغلىقىنى تېۋىپقا سۇندى. بىراق، بۇ چاغدا نىسا بېگىم نېپىز ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن بايان ئاغىچىنىڭ بىلىكىنى يېپىپ ئۈلگۈرگەنىدى. ھەمرا تېۋىپ بايان ئاغىچىنىڭ ئىتتىك - ئىتتىك سوقۇۋاتقان تومۇرىنى خېلى ئۇزاق تۇتتى. بۇ جەرياندا تومۇرغا تەگكەن بارماقلىرىنى بىرنەچچە قېتىم يۆتكەپ قويدى - دە:

— ئاغىچا خېلى ئېغىر زەھەرلىنىپتۇ، — دېگىنىچە ھوشۇر قازى بىلەن نىياز بەگكە قارىدى، — بۇنىڭ دورىسى — تەرياق. دەرھال شۇ دورىنى تېپىش لازىم.

— تەرياق دەمدىلا؟ — قولىقىغا ئىشەنمەي يېنىپ سورىدى نىسا بېگىم ۋە تېۋىپنىڭ جاۋابىنى كۈتمەي، — ئۇ دورا ئۆزىمىزدە بار، — دېدى.

— ئەكەلسىلە.

نىسا بېگىم ئۇچقان قۇشتەك ئىلدام ئۆيگە كىرىپ، ئاق قەغەزگە ئوراپ شىشە قۇتىدا ساقلانغان دورىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ھەمرا تېۋىپ قۇتىنى ئېچىپ، قەغەزگە ئورالغان كۇمىلاچ دورىنى كۆزدىن كەچۈردى - دە:

— ياخشى، پاكىز تەييارلانغان دورا ئىكەن، — دېدى ۋە بىر چىنىدە قايناق سۇ ئەكىلىشنى بۇيرۇدى. مەتتاشە مۇبارەكخان بۇ ۋەزىپىنى دەرھال بەجا كەلتۈردى. تېۋىپ كۈمۈش قوشۇق بىلەن تەرياقتىن بىزەچە ئېلىپ پاكىز پىيالىگە سالدى - دە، ئۈستىگە قايناق سۇدىن ئازراق قۇيۇپ ئەزدى. ئاندىن نىسا بېگىمگە قاراپ:

— ئاغىچىغا ئىچۈرسىلە، — دېدى پىيالىنى سۇنۇپ.

نىسا بېگىم پىيالىدىكى دورىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىچۈردى. تېۋىپ:

— ئەمدى ئاغىچىنىڭ بېشىغا ياستۇق قويۇپ ياتقۇزۇڭلار، — دېدى. نىسا بېگىم:

— ئۆزىنىڭ ياتىقىغا ئاچىقىپ ياتقۇزساق بولامدۇ؟ — دەپ

سورىۋىدى، ھەمرا تېۋىپ:
— بىرەر سائەتتەك مۇشۇ يەردە ياتقاي، — دېدى ــ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ قېرى قۇشناچىنىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۇنىڭ كىندىكى مۇجۇپ كەتكەن ئادەمدەك تۈگۈلۈپ ياتقىنىغا، چىرايىنىڭ ئۆرتىلىپ كەتكەندەك قارا بېغىر رەڭ بولۇپ كەتكىنىگە بىرھازا قارىدى، — بۇ مەزلۇممۇ زەھەرلىنىپتۇ، — دېدى، — بىچارە ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، ئازراقمۇ چىداشلىق بېرەلمەي، ھەققە بويۇن سۇنۇپتۇ.
ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندە كۆرپىنىڭ تۆت بۇرجىكىدىن تۆت ئادەم تۇتۇپ، بايان ئاغىچىنى ئۆز ياتىقىغا ئاچىقتى ــ دە، قىرمىلىق كەڭ كارىۋىتىغا ياتقۇزدى.
— بۇ تازىمۇ كۈتۈلمىگەن پاجىئە بولدى ــ دە، — دېدى ھوشۇر قازى ھويلىدىكى سالقىن جايدا ئولتۇرغان نىياز بەگنىڭ قېشىغا كېلىپ.
— شۇنى دېسىلە، بۇ ئىشنى قايسى بەتبەخت قىلغاندۇ؟ — دېدى ئۇ ۋە جاۋابىنى كۈتمەي، — كىملا بولسۇن، تولىمۇ ئىچى قارا، گەدىنى جاللاتنىڭ قىلىچى سىغمىغان بەتبەخت ئىكەن ــ دە، خان ئاغىچا قىزىمىنىڭ زىياپىتىنى بۇزۇپ، ئابرۇيىنى تۆكتى. مەرھۇم مەۋلانە ھەزرەتنىڭ ئايالىنى قەبزى روھ قىلدى. مەرھۇم دانىيال خوجامنىڭ ئايالىنى بولسا... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى.
شۇ ئارىدا سىدىق خوجا بىلەن ھەمرا تېۋىپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەلدى. ھەمرا تېۋىپ بىر قولىدا قانداقتۇر بىر لاتىنى تۇتۇۋالغانىدى.
— بۇ بايان ئاغىچا بىلەن قۇشناچىمىنىڭ ئالدىغا سېلىنغان داستىخان ئىكەن، — دەپ قولىدىكى پۇرلەشكەن لاتىنى ئېچىپ كۆرسەتتى ھەمرا تېۋىپ.
ھوشۇر قازى ئالتۇن رەڭ زەرلىرى كۆن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان داستىخاننى دەرھال تونۇدى. ئۇ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى دۇردۇن ئاغىچا هايات مەزگىلدە، هىندىستانلىق بىر تۇججاردىن سېتىۋېلىپ دانىيال خوجىغا هەدىيە قىلغانىدى.

— سىدىق خوجام بىلەن ئىككىمىز، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى تېۋىپ، — مېھمانلارنىڭ ئالدىغا سېلىنىغان داستىخانلارنى يىغدۇرۇپ، بىرمۇبىر كۆرۈپ چىقتۇق. پەقەت مۇشۇ داستىخانغىلا زەھەر سېلىنغان ئۈگرە ئاش تۆكۈلۈپتۇ. مەتتاشە ئايالنىڭ گېپىگە قارىغاندا، بۇ داستىخان ئاغىچا بىلەن قۇشناچىملارنىڭ ئالدىغا سېلىنىغانىكەن. ئۈگرىگە سېلىنىغان زەھەر تولىمۇ ئۆتكۈر ئىكەن، تۆكۈلگەن ئاشنىڭ سۈيىدىن مانا بۇ يەرلەر تېشىلىپتۇ، مانا بۇ يەرلەردە داغلار پەيدا بوپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ ئىككى مەزلۇمنىڭ زەھەرلەنگەنلىكى يەنە بىر كەررە ئېنىق بولدى.

— ياپىرىم، — دەۋەتتى دېۋانبېگى، — بۇ زەھەر دېگەن بەجايىكى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا ئوخشاش نەرسە ئىكەن ـ دە.

— شۇنىڭ ئۈچۈن زەھەر دەيدۇ ـ دە.

شۇ ئارىدا ھەرەمخانىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ ھويلىغا سايىۋىنى كۆك، پۆپۈكلىرى قىزىل مەپە كىرىپ كەلدى.

— قۇشناچىنىڭ جەسىتىنى ئاچىقىڭلار، — دېدى نىيازبەگ مەپىكەش بىلەن شۇ ئەتراپتا يۈرگەن خىزمەتكارلارغا، ئاندىن سىدىق خوجىغا قاراپ مۇراجىئەت قىلدى، — سىلى بۇ ئادەملەرنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىرسىلە.

ئۇلار بىردەمدىلا قۇشناچىنىڭ جەسىتىنى كۆرپىگە ئوراپ ئاچىقتى ـ دە، مەپىگە سالدى. شۇ چاغدا جەسەتنى ئۆيىگە ئاپىرىش ئۈچۈن پەرمانقۇل ئىشاننىڭ ئاپپىقى باشلىق ئىككى ـ ئۈچ ئايال مېھمانخانىدىن چىقتى.

— بىز مېيىت بىلەن مەۋلانە ھەزرەتنىڭ ئۆيىگە بارايلى، — دېدى ھوشۇر قازى، ئاندىن ھەمرا تېۋىپقا قاراپ، — سىلىچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن مەشەدە بولايمىكىن، — دېدى ئۇ.

— تولا ئوبدان، سىدىق خوجام، بۇ كىشىنى ئۆيىگە باشلىسىلا، بىز كەچرەك يەنە كېلەرمىز، — دەپ ھوشۇر قازى، نىياز بەگ ۋە دىۋانبېگىلەر ھەرەمخانىنىڭ مەپىسىگە ئولتۇرۇشتى.

بىرپەستىن كېيىن ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە كۈلۈپ كېلىشكەن مېھمانلار چۆشكۈن، روھسىز ھالدا قايتىشتى. ھەرەمخانىنىڭ ئىچىنى قانداقتۇر كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سۈكۈنات باستى.

※ ※ ※

ياقۇپ خوجىلار ھەرەمخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا ئاتلىرىدىن چۈشتى ـ دە، ھويلىغا كىردى. ئۇلارنى كۈرۈپ لۆڭگە ـ داستىخانلارنى يۆيۈۋاتقان ئايالللارنىڭ بىرسى بايان ئاغىچىنىڭ، يەنە بىرسى ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى. بايان ئاغىچىنىڭ ئۆيىدىن نىسا بېگىم بىلەن سىدىق خوجا چىقتى ـ دە، ياقۇپ خوجىلار پېشايۋانغا يەتكۈچە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. نىسا بېگىم:

— ۋاي، جېنىم بالام، — دەپلا يۈسۈپ خوجىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى، — كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدەك قارا كۈنلەرگە ئۇچرىدۇق، بالام. بايان ئاغىچا بايىلا سىلىنى ئەسلىگەنىدى، ياراتقان ئىگەم تىلىكىنى ئىجابەت قىلغان ئوخشايدۇ.

— كەلگىنىڭلار بەكمۇ ياخشى بولدى، ئاتا، — دېدى سىدىق خوجا ياقۇپ خوجىنى قۇچاقلاپ، — چوڭ ئانامنىڭ ئەھۋالى ئېغىر. ئۇ كىشىگە كىمدۇر بىرسى زەھەر سالغان غىزا بېرىپتۇ.

— قەيەردە؟ — دەرھال سورىدى ياقۇپ خوجا.

— ئاپام قايسى كۈنى ئاغىچا ـ ئاپپاقلارنى چاقىرىپ زىياپەت

بەرگەندى.

هويلىدىكى بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، قاتاردىكى ئۆيلەردىن ھەمرا تېۋىپ چىقتى ۋە دەرھال ياقۇپ خوجىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ سالاملاشتى. ئۇ خوجىلارنىڭ كۆڭدە كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەن غەمكىن چىرايىنى كۆرۈپ:

— قورققۇدەك ئىش يوق، ئاغىچىنىڭ ئەھۋالى كۆڭدىكىگە قارىغاندا بۈگۈن خېلى ياخشى، — دېدى.

«ھە، دېگەن بىر مەدەت» دېگەندەك، ھەمرا تېۋىپنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ياقۇپ خوجىنىڭ تەشۋىشى سەل يېنىكلەشكەندەك بولسىمۇ، لېكىن يۇسۇپ خوجا ئانىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئالدىراپ پېشايۋان تەرەپكە ماڭدى.

— كىچىككىنە سەۋر قىلسىلا خوجام، — دېدى تېۋىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — بايان ئاغىچىغا بايىلا دورا بەردىم. ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ. ئازراق دەملىرىنى ئالسىلا.

بۇ گەپ يۇسۇپ خوجىنى بىرئاز سەۋر قىلدۇردى بولغاي، ئۇ پېشايۋاننىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئايشەم ئاغىچا تۇرىدىغان ئۆي تەرەپتىن ياقۇپ خوجىنىڭ يەھيا خوجا ئىسىملىك ئوغلى بىلەن ئۇيۇقىزىم ئىسىملىك قىزى چىقىپ ئاتىسى، يۇسۇپ خوجا ۋە جەملە ئاغىچىلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئاناڭلار ئۆيدە يوقما؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن ئايشەم ئاغىچىنىڭ تېخىچە كۆرۈنمىگىنىگە ھەيران بولغان ياقۇپ خوجا.

— ئانام ئۇخلاۋاتىدۇ، — جاۋاب بەردى يەھيا خوجا.

— سىلى نېمانداق توختىماي يىغلايدىلا؟ — دەپ جەملە ئاغىچىغا قارىدى ھەمرا تېۋىپ.

دېمىسىمۇ، بۇ ئاغىچا ھەرەم ھويلىسىغا كىرىپلا كۆز ياشلىرىغا ئىگە بولالماي، ئۇنىنى چىقىرىشقا ياقۇپ خوجىلاردىن ئەيمىنىپ، ئېسەدەپ، بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىغانىدى. ھازىر بولسا نىسا بېگىم ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆز ياش

تۆكۈۋاتاتتى. بۇ گەپتىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان نىسا بېگىم ھەرەم خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىپ، ياقۇپ خوجىلارنىڭ يۈز ـ قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن سۇ تەييارلاشنى تاپشۇردى ـ دە، ئۆزى بايان ئاغىچىنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئانچە كېچىكمەي ياقۇپ خوجىلارغا بايان ئاغىچىنىڭ ئويغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

باياتىن بېرى ئانىسىنى كۆرۈشكە تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغان يۈسۈپ خوجا پېشايۋان ئۈستىگە ئىرغىپ چىقتى ـ دە، ھەممىدىن بۇرۇن بايان ئاغىچىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ــــ ئاپا ! ــــ دېدى كارىۋاتتا ياتقان ئانىسىنى قۇچاقلاپ ۋە يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياشلار بايان ئاغىچىنىڭ يۈزىگە چۈشەتتى. ئانىلىق مېھرى قوزغىلىپ كەتكەن بايان ئاغىچا يۈسۈپ خوجىنى قۇچاقلىۋالدى ـ دە، كۆز ياشلىرىغا ئىگە بولالماي قالدى.

ــــ شۇنچە يىراق يەردىن كەپسىز ـ دە، بالام، ــــ دېدى بايان ئاغىچا بىر چاغدا سەل دېمىنى ئېلىپ، ــــ خېلى ياخشىمەن، ياراتقان ئىگەم شىپالىق بېرىۋاتىدۇ.

ــــ ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن، ــــ دېدى يۈسۈپ خوجا كارىۋاتنىڭ بىر چېتىگە سۈرۈلۈپ ، ــــ ياقۇپ خوجام بىلەن جەمىلە ئاغىچىلارمۇ كەلدى.

بايان ئاغىچىنىڭ قېشىغا كەلگەن ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ جۈدەڭ ۋە مەيۈس چىرايىنى كۆرۈپ شۇنداق ئېچىندىكى، بۇ ئېچىنىش يۈسۈپ خوجا بىلەن كېلىنى جەمىلە ئاغىچا بولمىغان بولسا، ياش بالىدەك يىغلاپ ئىزھار قىلغان بولاتتى. لېكىن، ئۆزىنى ئاران دېگەندە تۇتۇپ:

ــــ ئەھۋاللىرى قانداق كىچىك ئانا؟ ــــ دېدى. لېكىن، شۇ چاغدا كۆز چانىقىدا پەيدا بولغان بىرنەچچە تامچە ئىسسىق ياشنىڭ قانداقلارچە چىقىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى.

ــــ خۇداغا شۈكۈر، خوجام، ــــ كۆڭلى بۇزۇلغان بايان ئاغىچا بۇنىڭدىن باشقا قىلىدىغان گەپلىرىنى كۆزىدىن چىققان

ياشلىرى بىلەن بىلدۈردى.

— ئىشقىلىپ ياخشى ئىكەنلا، خۇدايىم شىپالىق بىرەر، — ياقۇپ خوجا ئورنىدىن قوزغىلىپ پېشايۋانغا چىقتى ۋە قول ياغلىقنى كۆزىگە سۈرتۈپ ئىڭىر نەپەس ئالدى. شۇ ئەسنادا:

— جېنىم ئاپا، ئەجەب بىر بالا ـ قازالارغا يولۇقۇپتىلىغۇ، — دېگەن جەملە ئاغىچىنىڭ يىغا ئارىلاش ئاۋازى ئاڭلاندى.

— هاي قىزىم، ئۇنداق يىغلىسىلا بولمايدۇ، سەۋر قىلسىلا، — دېدى ھەمرا تېۋىپ.

بۇ چاغدا ئۆزى قۇرغان قاپقانغا كېيىك چۈشمەي، ئۆزى چۈشۈپ قالغان ئايشەم ئاغىچا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئىچ ـ قارنىغا قانداقتۇر بىر نەرسە كىرىۋېلىپ ئۆتكۈر چىشى، بىگىزدەك تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاۋاتقاندەك تولغىنىپ ياتاتتى. ئاخىر ئۇنىڭ قان تومۇرلىرىغا ئورنىشىپ، يۈرىكىگە ھەسەت ئوتىنى ياققان شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىسى يەنە غالىب كەلدى ـ دە، «شۇنچە يىل قويىنىدا يېتىپ ئەر قىلغىنىمغا يارىشا سۆزۈمگە كىرمەي، قالماق خوتۇنىنىڭ تەرىپىنى ئالغان بۇ خوجىنىڭ ئالدىغا چىققاندىن، مۇشۇ يەردە ئۇنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتكىنىم مىڭ ياخشى» دېگەن قارارغا كەلدى ـ دە، پۈركىنىپ يېتىۋالدى.

## بەشىنچى باب

ياقۇپ خوجا بىلەن يۈسۈپ خوجا ھەرەمخانىدا يۈز بەرگەن پاجىئەنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇققاندىن كېيىن، يۈسۈپ خوجا ھۇجرا قىلغان ئۆيگە كىرىپ شامنىڭ يورۇقىدا خېلىغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— سىلى قانداق ئويلىدىلا؟ — دېدى يۈسۈپ خوجا، — ئانام بىلەن مەۋلانە ھەزرەتنىڭ قۇشناچىغا كىممۇ قەست قىلغاندۇ؟

ياقۇپ خوجا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىدى. ئالدىرىمىغىنى ئايشەم ئاغىچىنىڭ بايان ئاغىچىغا بولغان مۇناسىۋىتى يادىغا كەلگەنىدى. يۈرىكى بولسا بايان ئاغىچىغا قەست قىلغان ئادەمنىڭ ھەرەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سېزەتتى. ھەرەمخانىدىكى مەتتاشە ۋە مۇلازىم ئاياللار كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئۆزلىرىنى كۇتۇۋالغاندا، ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئۆيدىن چىقماي، كۇرۇك توخۇدەك يېتىۋېلىشى ياقۇپ خوجىنىڭ كۆڭلىگە گۇمان سالغانىدى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايدىلا؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ خوجا.

— بۇ سوئاللىرىغا دەرھال جاۋاب بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇغۇ شۇنداقتۇ، لېكىن...

— ئۆزلىرى قانداق ئويلايدىلا؟ — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— مېنىڭچە، ھەرەمخانىدىكى ئاشپەزلەر ئاتام رەھمەتتى بار چاغلاردا ھەرقانداق كاتتا ـ ئۇلۇغ ئادەملەرگە تاماق پىشۇرۇپ ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئالغان قولى ئۇز ئايالار ئىدى، ئاغىچا يەڭگەم بولسا ئۇ ئايالارنى ياراتماي، شەھەرلىك ئاشپەزلەرنى ئەكەپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، قەست قىلغان ئادەم ئاشۇ شەھەرلىك ئاشپەزلەر ئارىسىدىمىكىن؟

ياقۇپ خوجا ئۇزاقىچە ئويلىنىپ قالدى. «يۇسۇپ خوجامنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا. ئاتامنىڭ مېھمانلىرىنى ئۇزىتىپ بەرگەن ھەرەم ئاشپەزلىرى نېمە ئۇچۇن ئايشەم ئاغىچىغا ياقماي قالدى؟ نېمە ئۇچۇن بۇ زىيابەتنى مەن بار چاغدا ئەمەس، يوق چېغىمدا ئۆتكۇزدى؟ — دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۇزدى، — شەھەر ئاشپەزلىرى بايان ئاغىچا بىلەن قۇشناچىنى كۆرمىسە، بىلمىسە، بىكاردىن ـ بىكار قانداقلارچە ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ؟ بەلكى ئۇلارنى كىمدۇر بىرى يالللىۋالدىمۇ؟ بەلكى ئاشۇ ئاغىچا...» ياقۇپ خوجىنىڭ خىيالى يەنە ئايشەم ئاغىچىغا يۆتكەلدى. لېكىن، بۇ خىيالنى ئېيتىشقا ئالدىرىمىدى ـ دە:

www.uyghurkitap.com

— بۇ توغرۇلۇق كېيىن گەپلىشەيلى، — دېدى ۋە ئۆزلىرىگە چاي قۇيۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان سىدىق خوجىنى نىسا بېگىمنى چاقىرىشقا چىقاردى. بىراق، سىدىق خوجا ئىككىيلەننىڭ قېشىغا جەملە ئاغىچىنى باشلاپ كىردى.

— نىسا بېگىم نەچچە كۈندىن بېرى ئانامغا قاراپ چارچىغان چېغى، كىچىككىنە كۆز يۇمۇۋالاي دەپ، ھېلىلا ئۇخلاپ قېلىۋىدى، مەن چىقتىم. نېمە خىزمەت باركىن؟ — دېدى جەملە ئاغىچا.

— ھېچقانداق خىزمەت يوق. كىچىك ئانامنىڭ ئەھۋالىنى بىلەيلى دېۋىدۇق، — دېدى ياقۇپ خوجا.

— ئانامىۇ ئۇيقۇغا كەتتى.

— بوپتۇ، سىلىگە رۇخسەت.

ياقۇپ خوجا ئۆز ئۆيىگە چىقماي، مۇشۇ يەردىلا ئۇخلاپ قالدى.

※ ※ ※

ئەتىسى ئەتىگەندىلا مىرشەپبېگى كاتىپى بىلەن ياقۇپ خوجىنى زىيارەت قىلدى. چۈشتىن كېيىن خۇش كېپەك ھاكىم بىلەن غازى بەگ ۋە ئەدەن قىچىرلار يېتىپ كېلىشتى.

ئادەتتە يۇقىرى لاۋازىمدىكى ئابرۇيلۇق ئادەملەر دائىم خەقلەرنىڭ دىققەت ـ نەزىرىدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا، ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىش مەيلى خۇشاللىق، مەيلى قايغۇلۇق بولسۇن، شۇ ھامان خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ياقۇپ خوجىنىڭ ھەرەمخانىسىدا يۈز بەرگەن پاجىئەمۇ يەكەن خەلقىگە ئاڭلىنىپ كەتتى.

ياخشى خەۋەرگە قارىغاندا يامان خەۋەر تېز تارقىلىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ خەۋەر ئەتىسىلا يەكەن ئەتراپىدىكى يېزا ـ قىشلاق ۋە ناھىيەلەرگە يېتىپ باردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئادەملەر

ئۇنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغان سۈرۈشتۈرمەيتتى، بەزىلىرى «توۋا» دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇتسا، بەزىلىرى ئاڭلىغان خەۋەرنىڭ قاش - كۆزىگە ئوسما قويۇپ جانلاندۇرۇۋېتەتتى. بولۇپمۇ ياقۇپ خوجىنىڭ يەكەن تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن يۈرگۈزگەن ئىشلىرىغا نارازى بولغان بەزى خوجا - ئىشانلار مېيىقىدا كۈلۈپ، ئېپى كەلگەن يەرلەردە تۈرلۈك پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: «ياقۇپ خوجا ئاتىسىنىڭ ۋاقتىدا ھەپسىگە سولانغان ‹ئىشقىيە› سۇلۇكىدىكى ئادەملەرنى ئازاد قىلىۋېدى، خۇدايىتائالا ئۆز قۇدرەت كامالى بىلەن ئۇنىڭغا جازا بەردى» دېسە، بەزىلىرى: «ياقۇپ خوجا يەكەن دىيارىنىڭ مولچىلىقىنى، بەرىكىتىنى تۇتۇپ تۇرغان خوجا - ئىشانلارنىڭ دۇئاسىغا ئېتىبار قىلماي، ئۇلارنىڭ رىزقى - نېسىۋىسىنى كېمەيتىش ئۈچۈن چىقارغان ئەمر - پەرمانلىرىغا نارازى بولغان ئۇلۇغ پىرلارنىڭ روھى پاكلىرى غەزەپكە كەلدى» دېيىشتى.

بۇنداق پىتنە - ئىغۋالار «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنى ياقلايدىغان سوپى - دەرۋىشلەر ئارقىلىق خەلق ئارىسىغا تارقالاتتى. بۇنداق پىتنە - ئىغۋالارغا ھەرەمخانىدا يۈز بەرگەن پاجىئەنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەيدىغان، ئۆزلىرىنى «بىز ‹قارا تاغلىق› لار، ئۆز زامانىدا مىنىڭ ئاتام ياكى بوۋامنى ‹ئاق تاغلىق› لار ئۆلتۈرگەن ياكى جازالىغانىكەن» دەپ يۈرگەن ئادەملەر ئاسانلا ئىشىنەتتى.

جاراھەتنى شايى - ئەتلەس بىلەن يېپىپ ساقايتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان ياقۇپ خوجا ئۆزىنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەن مىرشەپبېگى بىلەن خېلى ئۇزاق سۆزلەشكەندىن كېيىن ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئالىم - پازىللارنى ئوردىغا چاقىرىپ، ھەرەمخانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ تەپسىلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش قارارىغا كەلدى - دە، ئابدۇللا باقاۋۇلنى چاقىرىپ، ئەتە چۈشكە يېقىن ئوردا ئەركانلىرىنى، ئالىم - پازىللارنى

ئوردىغا چاقىرىشنى تاپشۇردى.

ئەتىسى چاقىرىلغان ئادەملەر دېگەن قەرەلدە جەم بولدى.

— ھۆرمەتلىك ئوردا ئەركانلىرى ۋە ئۆلىما ـ پازىللار، — دەپ سۆز باشلىدى ياقۇپ خوجا، — مەن بۇ يەردە يوق چاغدا ھەرەمخانىمىزدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك ۋەقەلەر يۈز بېرىپتۇ. ئەنە شۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتىدىن ھەرقايسىڭلارنى خەۋەردار قىلىشنى لايىق كۆردۈم. ھازىر شۇ ۋەقەلەر سادىر بولغاندا ئۇنىڭ باش ـ قېشىدا بولغان ئادەملەر — دىۋانبېگى بىلەن ئىشىكئاغا نىياز بەگ جانابلىرى، ھەمرا تېۋىپ بىلەن ھوشۇر قازى ۋە مىرشەپبېگى جانابلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرسە.

بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەن نىياز بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ھەرەمخانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى سىدىق خوجىدىن ئاڭلاپ دەرھال ئۇ يەرگە يېتىپ بارغانلىقىنى ۋە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ گېپىنى دىۋانبېگى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى. ھوشۇر قازى بىلەن ھەمرا تېۋىپ كەم يەرلىرىنى تولۇقلىدى.

ئولتۇرغانلار ھەرەمخانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ، ھەيران بولغان ھالدا بىر ـ بىرىگە قاراشتى. بەزىلىرى «تــوۋا، بۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەنە؟...» دېگەندەك ياقىلىرىنى تۇتۇشتى. مىرشەپبېگى زەھەرلىك ئاش تۆكۈلگەن داستىخاننى ئېچىپ كۆرسىتىۋىدى، ئولتۇرغانلار قولدىن ـ قولغا ئېلىپ، داستىخاندىكى زەھەر تەسىرىدە تېشىلگەن ۋە داغ چۈشكەن يەرلەرنى كۆرۈشتى.

— بۇ ئىشنى سادىر قىلغان بەتبەختنىڭ كىملىكى ئېنىقلاندىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇقادىر مۇپتى. بىراق، ئۇنىڭ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. مىرشەپبېگى ياقۇپ خوجىغا قارىۋىدى، ياقۇپ خوجا كۆزىنى سەل يۇمغاندەك قىلىپ، بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى. شۇ ئەسنادا:

— مېنىڭ ئويلىشىمچە، — دەپ ئۆز پىكرىنى بىلدۈردى نىياز بەگ، — خان خوجا بالامنىڭ ھەرەمخانىسىدا بۇ قىلتاقنى سادىر قىلغان ئادەم بوينى جاللاتنىڭ قىلىچىنى سېغىنغان قارا يۈرەك ئەبلەختۇر. زىراكى، ئۇ ئەبلەخ خان ئاغىچا قىزىم بەرگەن زىياپەتتىن تولىمۇ ئۈستىلىق بىلەن پايدىلانغان.

ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى نىياز بەگنىڭ گەپلىرىنى ماقۇللىغاندەك باشلىرىنى لىڭشىتتى.

— ئەگەر، — دەپ سۆز قاتتى ھوشۇر قازى، — بۇ ۋەقە سادىر بولغاندا غازى بېگىمنىڭ ئاغىچىسى ئۆز مەپىكىشىنى تېۋىپ چاقىرىشقا ئەۋەتمىگەن بولسا، مەرھۇم دانىيال خوجامنىڭ ئاغىچىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان بولاتتۇق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆز بەدىنىنى كېڭىيىپ كەتكەندەك سەزگەن غازى بەگ چۈچۈنچە پەشمىتىنىڭ يۇقىرىقى تۈگمىلىرىنى پەتلىسىدىن چىقىرىۋەتتى.

— بۇ خانلىقىمىزنىڭ شەنىنى چۈشۈرىدىغان تولىمۇ ئۈياتلىق ئىش بوپتۇ، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ئابدۇقادىر مۆپتى، — بۇنداق پەسكەشلىك ئىشلارنى ئۆز دەۋرىدە «ئىشقىيە»چىلەر بىلەن، — ئۇ «ئىسھاقىيە»چىلەر دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى، — يەنى ئاپاق خوجىنىڭ ئىشانلىرى قوللانغانىدى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە...

— مۆپتى ھەزرەتلىرى ئېيتقان سۆزلەر ئارى راستتۇر، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى نىياز بەگ، — بايا دەيمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلار خان خوجا بالام بىلەن بىزدىن ئۆچ ئېلىشنى نىيەت قىلغان «ئىشقىيە» سۇلۇكىدىكى ئادەملەردۇر.

— نىياز بەگ جانابلىرى مەن ئويلىغان گەپلەرنىلا قىلدى، — دەپ سۆز قاتتى خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ساۋۇر ئاخۇن، — بۇنداق ئىشنى قىلىشقا «ئاق تاغلىق» لاردىن باشقا ھېچقانداق ئادەم جۈرئەت قىلالمايدۇ.

شۇ چاغدا:

— ئۇ «ئاق تاغلىق» ئادەم كىم؟ — سوئال قويدى سالىھ خەلپە.

ئۇنىڭ سوئالىغا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سۈكۈت قىلىپ، ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىدى.

— بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قۇرۇق گۇمان بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ، — سۆزىنى داۋام قىلدى سالىھ خەلپە، — بەلكى دەلىل - ئىسپات تەلەپ قىلىدۇ.

ياقۇپ خوجا مىرشەپبېگىگە قارىدى.

— دەلىل - ئىسپاتلار يېتەرلىك، — دېدى ئورنىدىن تۇرغان مىرشەپبېگى، — ھەتتا بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغان ئادەممۇ ئۆز قىلمىشىغا ئىقرار قىلدى.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىدە قىزىقىش پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— مەرھۇم دانىيال خوجامنىڭ ئاغىچىسى بىلەن مەرھۇم مەۋلانە ھەزرەتنىڭ قۇشناچىنى زەھەرلىگەن ئادەم نىياز بېگىم پەرەز قىلغاندەك «ئاق تاغلىق» لار بولماي، ھەرەمخانىنىڭ ئىچىدىكى ئادەم ئىكەن، — دېدى مىرشەپبېگى.

تاقىتى تاق بولغان نىياز بەگ سوئال قويدى:

— ئۇ بەتبەخت قايسى خۇنخور ئىكەن؟

مىرشەپبېگى «ئۇ سىلىنىڭ قىزلىرى ئىكەن» دەپ جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا:

— ئۇ خۇنخور ھەزرىتى ياقۇپ خوجامنىڭ زەئىپىسى ئايشەم ئاغىچا ئىكەن، — دېدى.

بۇ گەپ ئولتۇرغانلارغا ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك تەسىر قىلدى.

— بەتبەخت ! — دەۋەتتى ئابدۇقادىر مۇپتى.

نىياز بەگ بولسا قولىقى خاتا ئاڭلاپ قالغاندەك:

— هە ! — دېدى ـ دە، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك بىر مىنۇتچە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن، — تۆھمەت ! مېنىڭ خان ئاغىچا قىزىم ھېچقاچان بۇ خىل رەزىللىكنى قىلمايدۇ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئادەم قىزىنىڭ خان ئاغىچا بولغىنىغا مەستخۇش بولۇپ كېرىلىپ يۈرگىنى بىلەن، ئۇنىڭ بۇنداق ياۋۇزلۇق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىدىن مۇتلەق خەۋەرسىز ئىدى. ياقۇپ خوجا ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۆي تۇتۇپ، بىرنەچچە بالا تاپقان ئايالىنىڭ ھېچبىر كۈتۈلمىگەندە زەھەرلىك يىلانغا ياكى دۆ ـ چايانغا ئايلىنىپ قالغىنىدىن ئەپسۇسلىناتتى، نادامەت چېكەتتى، سورۇنخانىدا بولسا قانداقتۇر بىر كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سۈكۈنات ھۆكۈم سۈردى. ئولتۇرغانلار بىردەم ياقۇپ خوجىغا، بىردەم نىياز بەگكە كۆز تاشلاپ، ئارىدىكى جىمجىتلىقتا تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس بېرەتتى.

— بىز بۇ جىنايەتنى ئايشەم ئاغىچىنىڭ سادىر قىلغانلىقىنى ئېنىقلىدۇق، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى مىرشەپبېگى ۋە بۇ سۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن ئىقرارنامىسىنى ئوقۇپ بەردى.

ئولتۇرغانلار يەنە بىرھازاغىچە شۈككىدە بولۇپ قېلىشتى. يۈز بەرگەن جىنايەتنى «بۇ خانلىقىمىزنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرىدىغان ئۇياتلىق ئىش» دەپ تەرىپلىگەن ئابدۇقادىر مۇپتىنىڭمۇ، «بۇ قاتىللىقنى سادىر قىلغان ئادەم قىلمىشىنىڭ بىسىنى سېغىنغان قارا يۈرەك بەتبەختتۇر» دېگەن نىياز بەگنىڭمۇ، دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ قىلغان سالىھ خەلپىنىڭمۇ، ئىشقىلىپ، ھەممىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەگەر ئۇلار جىنايەتچى ئايشەم ئاغىچىدىن باشقا كىشى بولغان بولسا تەرەپ ـ تەرەپتىن سۆز قىلىپ، ئۇ جىنايەتچىنى قەتلىئام قىلىش لازىم ! دەپ چۇرقىراپ كەتكەن بولاتتى. بىراق، جىنايەتچىنىڭ ئايشەم ئاغىچا بولۇپ چىققىنى ئۇلارنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويغانىدى.

www.uygurkitap.com

ــــ هۆرمەتلىك ئوردا ئەركانلىرى، ئۆلىما ـ پازىللار، ــــ دەپ سۆز باشلىدى بىر چاغدا ياقۇپ خوجا، ــــ سىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېغىز ئاچماي جىم ئولتۇرغىنىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، شۇ بائىستىن ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشنى لايىق كۆرۈۋاتىمەن. ئاللانىڭ كالامىدا: «ئى مۆمىنلەر ! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، بالىلىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار...»① دېگەن كەلىمە بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللاردىن زىيانلىق پىتنە بولمايدۇ. ئايال كىشى ئېرى بار چاغدا ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز روزا تۇتۇشى دۇرۇس ئەمەس. ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇنىڭ مېلىدىن خەير ـ ئېھسان قىلسا، ساۋابىنىڭ يېرىمى ئېرىنىڭ بولىدۇ»② دېگەنگە ئوخشاش ھەدىسلىرى بار. مۇشۇ مۇقەددەس سۆزلەرگە ئاساسلانغاندا، مېنىڭ زەئىپەم مەن يوق چاغدا مېنىڭدىن رۇخسەتسىز زىياپەت بەرگەن ۋە شۇ زىياپەتتە ماڭا دۈشمەنلىك قىلىپ، پىتنە ئۇيۇشتۇرغان، يەنى خىش ـ ئەقرىبالىرىمىزنى زەھەرلىگەن. ئەگەر مۆپتى ھەزرەتلىرى باشلىق ئوردا ئەركانلىرى ۋە ئۆلىما ـ پازىللىرىمىز ئىجازەت بەرسە، لايىق كۆرسە، ئايشەم ئاغىچىغا قانداق چارە كۆرۈش مېنىڭ ئىختىيارىمغا بېرىلسە.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، باياتىن بېرى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ كەتكەن ياكى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قىسىلىپ قالغاندەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئادەملەر دۇمبىسىدىكى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغان ھامالدەك يېنىك دەم ئېلىشتى. بىراق، ئۇلار ياقۇپ خوجىنىڭ كۆز چانىقىدا لىغىرلاپ تۇرغان يېشىنى ياغلىقى بىلەن

---

① «قۇرئان كەرىم»: «تەغابۇن» سۈرىسى 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «سەھىھۇلبۇخارى»: 360 ـ، 376 ـ ھەدىسلەر.

سۈرتكەنلىكىنى كۆرۈپ، روھىي جەھەتتىن ئېغىر ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى پەملەشتى.

— ئەلۋەتتە، سىلى دېگەندەك قىلىمىز، — دېدى بىر چاغدا ئابدۇقادىر مۇپتى، — بۇ خىل مۇشكۈل ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە ئۇنى ھەل قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش بۈرۈندىنلا خانلارنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولغان.

— مۇپتى ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزىگە بىزمۇ قوشۇلىمىز، — دەپ قۇۋۋەتلەشتى باشقا ئۆلىمالار.

«بۇ خوجام ھەممىمىزنىڭ يەلكىسىنى باسقان يۈكنى ئۆز يەلكىسىگە ئارتىپ، ئەقىل - پاراسىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى - دە» دەپ ئويلىدى سالىھ خەلپە.

— سىلەرنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىشتىكى يەنە بىر مەقسەت، — دېدى ياقۇپ خوجا، — ھەرەمخانىدا يۈز بەرگەن مەزكۇر جىنايەتنى ئاڭلاپ، پۇقرالار ئارىسىدا تۈرلۈك پىتنە - ئىغۋالارنىڭ تارىلىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا، ئۇنداق ئىشلارغا يول قويماي، ھەرەمخانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئۆز ئەينى بويىچە پۇقرالارغا يەتكۈزۈ - شۈشلارنى ئىلتىماس قىلىمەن.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىمىز، — دېدى شەھەر ھاكىمى غازى بەگ، — مەن بۈگۈنلا خۇتبىگە چىقىپ، مەسچىتكە كەلگەن ئەھلى جامائەتكە چۈشەندۈرىمەن. باشقىلىرىمىزمۇ ئۆز تەۋەيىمىزدىكى مەسچىتلەردە شۇنداق قىلايلى.

ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قوللاپ كەتتى. شۇ ئەسنادا خانلىق مەسچىتنىڭ پېشتىقىدىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ياقۇپ خوجا باشقىلار بىلەن مەسچىت تەرەپكە ماڭماي، ئابدۇللا باقاۋۇلنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇل ھەرەمخانىغا كەلدى - دە، ھارۋىلارنى قوشتۇرۇپ ئايشەم ئاغىچىنى «توقۇزكەنت»كە كۆچۈرۈۋەتتى ۋە نەچچە كۈندىن بېرى ۋۇجۇدىغا ئورنىشىۋالغان روھىي ئازابتىن قۇتۇلغاندەك بولدى.

※ ※ ※

ياقۇپ خوجىنىڭ ئايشەم ئاغىچىنى ھەرەمخانىدىن قوغلىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئەدەن قىچىر:

— بۇ قانداق بولغىنى، خوجام؟ — دەپ سورىدى.

— سۇنغۇسى كەلگەن پىيالە تاشقا سوقۇلىدىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى ياقۇپ خوجا.

يۈسۈپ خوجىلار قەشقەرگە كۆچىدىغان كۈنى ئايشەم ئاغىچىنىڭ ياقۇپ خوجىلارغا تەلۋىلەرچە ھۆرپەيگەنلىكىنى كۆرگەن ئەدەن قىچىر «بۇ ئاغىچىمۇ ياقۇپ خوجام تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن مەست بولغان مۈشۈك يولۋاسقا ھەيۋە قىلغاندەك خۇدىنى بىلەلمەي قاپتىكەن، بىر ھېسابتا ئوبدانمۇ بوپتۇ» دەپ ئويلىدى.

ئەتىسى يەكەنگە كەلگىنىگە تۆت كۈن بولغان خۇش كېپەك ھاكىم بىلەن ئەدەن قىچىرلار ياقۇپ خوجىنىڭ قېشىغا كىرىپ، قايتىشقا ئىجازەت سورىدى.

— خۇدا بۇيرۇسا، بايان ئاغىچىغا يەنىمۇ شىپالىق بېرەر. ئەمدى بىز قايتساق، — دېدى ئەدەن قىچىر.

ئۇنىڭ سۆزىگە خۇش كېپەك ھاكىم قوشۇمچە قىلدى.

— ئىلاھىم ئېيتقانلىرىڭلار كەلسۇن، شۇنچە يىراق يەردىن كۆڭلىمىزنى ئىزدەپ كەلگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت. ئاللا نىسىپ قىلسا، ياخشى كۈنلەردە كۆرۈشەرمىز، — دېدى ياقۇپ خوجا ۋە يۈسۈپ خوجىغا قارىدى، — سىلى سىدىق خوجامغا ئېيتسىلا، مېنىڭ ئورنۇمدا خۇش كېپەك ھاكىملارنى دىۋانبېگىم بىلەن پەيزاۋاتقىچە ئۇزىتىپ قويسۇن.

※ ※ ※

زەھەرلەنگەندىن بېرى دورىدىن بۆلەك ھېچ نەرسە يېمەي،

ھالسىزلىنىپ ياتقان بايان ئاغىچا بۇگۇن ئەتىگەن يېرىم پىيالە چاي ئىچتى، ئىككى ـ ئۈچ بۇردا نان يېدى.

ـــ خۇداغا شۈكۈر، ـــ دەۋەتتى ھەمرا تېۋىپ ۋە ياراتقان ئاللاغا: «ئى ئۇلۇغ رەببىم، سېنىڭدىن ئۆزگە رەببىمىز يوق، بەندىلەرنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلىش سېنىڭلا قولۇڭدىن كېلىدۇ. بايان ئاغىچىنىڭ دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا بەرگىن» دەپ ھەمدۇسانا ئوقۇدى.

ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ «ئاغرىق پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقىدۇ» دېگەن سۆزى راست ئوخشايدۇ. كۆرىدىغان كۈنى تۈگىمىگەن بايان ئاغىچا بۆكتۇرمىدىن چىققاندەك، رەللە قىلغان زەھەرنىڭ تەسىرىدىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلۇشقا باشلىدى. ئون يەتتە كۈن دېگەندە ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئولتۇرىدىغان دەرىجىگە كەلدى. بۇ ھال ھەرەمخانىدىكى بىر ـ بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىدىغان، ئايىغىدىن شەپە چىقارماي مېڭىشقا تىرىشىدىغان، ئوقۇغان نامازلىرىدا ياراتقان خۇدادىن بايان ئاغىچىغا شىپالىق تىلەپ دۇئا قىلىدىغان خىزمەتكارلارنىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. بولۇپمۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئانىسىنى خۇش قىلىشقا ئادەتلەنگەن يۇسۇپ خوجىنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى. ئۇنىڭ مۇڭلۇق چىرايى ئېچىلىپ، غەمكىن يۈزىدە بۇرۇنقىدەك خۇشاللىق جىلۋە قىلدى. «ئەگەر ھەمرا تېۋىپ ماقۇل كۆرسە، ئانامنى قەشقەرگە ئەكىتىمەن» دەپ ئويلايتتى يۇسۇپ خوجا. بىراق، ھەمرا تېۋىپ ئۇنىڭ بۇ ئويىنى بىلىپ قالغاندەك، بىر كۈنى تاماق يەۋېتىپ:

ـــ بايقىشىمچە، بايان ئاغىچىنىڭ تېنىگە تارقالغان زەھەرنىڭ تەسىرى تۈگىگەندەك، ئەمما ئۇنىڭ جىسمى تولىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى. شۇڭا، بىر مەزگىل ئۇ كىشىگە ماغدۇر ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىدىغان دورا بىلەن تاماقلارنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، ـــ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ يۇسۇپ خوجىنىڭ ئاپىسىنى يېقىن ئارىدا ئەكىتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي

«ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ جۇڭغارلارغا خىراج ئېلىپ بارغاندىن تارتىپ ھېسابلىغاندا ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى. خانلىقىمىزنىڭ ئىشلىرى توختاپ قالغانغىمۇ ئىككى ئاي بولدى. قايسى كۈنى خۇش كېپەك ھاكىمغا ‹مەنمۇ كېچىكمەي، ئانامنى ئېلىپ بارارمەن› دېگەنىدىم. قانداق قىلسام بولار؟ جەمىلە ئاغىچىنى قالدۇرۇپ، ئۆزۈم كەتسەم ئانام رەنجىپ قالارمۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ ئەسنادا ئۆيگە سىدىق خوجا كىرىپ كەلدى.

— بۈگۈن سىلىنىڭ يانلىرىدا قوناي دېدىم، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا.

— تولا ئوبدان بوپتۇ، — دەپ قارشى ئالدى يۈسۈپ خوجا، ئاندىن، — ئاكام تېخىچە ئوردىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئاتام ئۇ يەردىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كەلگەنىدى. كۈن پاتارغا يېقىن غازى بەگ بىلەن ئىككى - ئۈچ ئادەم كېلىپ، ھازىر شۇلار بىلەن مۇلاقاتتا بولۇۋاتىدۇ.

سىدىق خوجا ئانىسى «توققۇزكەنت»كە كەتكەندىن كېيىن ئۆز ئۆيىگە چىقىۋالغان ياقۇپ خوجا بىلەن بىللە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ ھويلىغا چىقتى - دە، بىرپەستىن كېيىن قايتىپ كىردى ۋە ئۆزلىرىگە راسلاپ قويغان ئورۇنلارغا يېتىشتى.

— خوجا تاغا، — دېدى بىر چاغدا سىدىق خوجا يېڭىدىن كۆزى ئىلىنىشقا باشلىغان يۈسۈپ خوجىغا مۇراجىئەت قىلىپ.

— خوش، نېمە دەيسىز؟ — دېدى يۈسۈپ خوجا.

— ئەتە «توققۇزكەنت»كە بېرىپ زەئىپەم بىلەن ئوغلۇمنى ھەرەمخانىغا ئەكىلىۋالسام دەۋاتىمەن، قانداق دەيدىلا؟

— نېمىشقا؟

— شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم، — سىدىق خوجا بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — قايسى كۈنى ئانىلارنى كۆچۈرۈپ «توققۇز كەنت»كە بارغىنىمدا ئۇ يەردە قالماي قايتىپ كەلسەم،

ئاتام قاتتىق تەنبىھ بەردى، — ئۇ گېپىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، يەنە بىر پەس تۇرۇۋالدى ـ دە، ئاندىن داۋام قىلدى، — مەنزە، ئاتامغا بايان كىچىك ئاپام بىلەن مەۋلانە ھەزرەتنىڭ قۇشناچىغا زەھەر بەرگەن ئانامنىڭ قېشىدا تۇرغۇم كەلمىدى دېۋىدىم، ئاتام: «يىلان ياكى ئەجدىھا بولسىمۇ، ئۇ سىزنى تۇغقان ئانىڭىز» دېدى. شۇنداق دېسىمۇ بۇ يەردىن كەتمەي تۇرۇۋاتىمەن. ئاتاممۇ باشقا گەپ قىلمىدى.

يۈسۈپ خوجا ئۇنىڭ سوئالىغا:

— زەئىپىڭىز بىلەن ئوغلىڭىزنى بۇ يەرگە ئەكىلىۋېلىش ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. بۇ ھەقتە ئاكام بىلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلارسىز. ئەگەر قەشقەردە بولسىڭىز، باشقىچە مەسلىھەت بېرەر ئىدىم، — دېدى. سىدىق خوجا باشقا گەپ قىلمىدى ۋە بىر پەستىن كېيىنلا پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى.

يۈسۈپ خوجىنىڭ ئۇيقۇسى بولسا چايدەك ئېچىلىپ كەتتى. «ھە، ئاكامنىڭ ئۆز زەئىپىسىنى ئۇياققا كۆچۈرۈپ قويغىنىدا گەپ بار ئىكەن ـ دە؟ مەن تېخى بۇ ئاغىچا يەڭگەمنى كۈننىڭ ئىسسىقىدا ھەرەمدە تۇرغاندىن كۆرە، يېزىدا بىرنەچچە زامان تۇرسۇن دەپ كۆچۈرگەن چېغى دېگەن ئويدا يۈرۈپتىمەن. باياتىن بۇ يەردە ماڭا مەلۇم بولمىغان سىر بار ئىكەن ئەمەسمۇ. بۇ خوتۇننىڭ ئانامىلارغا زەھەر بەرگىنى راست ئىكەن ـ دە. ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭغا جازا بەرمەي ئۇياققا كۆچۈردى؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە ماڭا ئېغىز ئاچمىدى؟ — ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەنە شۇنداق سوئاللار پەيدا بولدى. لېكىن ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب تاپتى، — ئاكام بۇ ئايالغا جازا بەرسە ئۆز زەئىپىسىنى، باللىرىنىڭ ئانىسىنى جازالىغان بولۇپ قالامدۇ. بۇنداق ئىش خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ شەنىنى بۇلغاپ، ئابرۇيىنى چۈشۈرمەمدۇ؟ ئۇنىڭ ماڭا بىرنەرسە دېمىگىنى يۈرەك يارىسىنى كۆرسىتىپ، مېنىمۇ بىئارام قىلىشنى خالىمىغانلىقىدۇر... — ئۇ تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ئۇھسىنىپ قويدى، — بەلكى ئاكام بۇ ئىشنى

قىلىشتىن بۇرۇن ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۆرگەندۇ ياكى ئەتراپىدا يۈرگەن دانىشمەن ئادەملەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلىغاندۇ، ئۇ يەتتە ئۆلچەپ، بىر قېتىم كېسىدىغان ئادەم، ھەرھالدا خانلارغا لايىق، كەڭ قورساقلىق قىپتۇ...» يۈسۈپ خوجا مۇشۇنداق ئويلار ئىلكىدە ئۇخلاپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى.

※ ※ ※

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە يۈسۈپ خوجا ئاپىسىنىڭ يېنىغا كىرىۋىدى، چۆرىسىگە كۆرپىلەر سېلىنغان شىرە ئەتراپىدا بايان ئاغىچا، نىسا بېگىم ۋە ياقۇپ خوجىلار چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— قېنى بالام، — دېدى بايان ئاغىچا خۇشال بولۇپ، — ياقۇپ خوجىنىڭ قېشىغا ئولتۇرۇڭ.

يۈسۈپ خوجا ئەتىگەندە كىرىپ ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىنىغا قارىماي، يەنە ھال سورىدى.

— ياخشى مەن، بالام. خۇدانىڭ مۇشۇ كۈنلەرگە يەتكۈزگىنىگە مىڭ قەتلە شۈكۈر، — دېدى بايان ئاغىچا.

يۈسۈپ خوجا نېمە ئۈچۈن كىرگىنىنى ئېيتالمىغان ئادەمدەك ئاپىسىغا نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭ بۇلاق سۈيىدەك تىنىق كۆزلىرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ قالغىنىنى، ئېڭەكلىرىدىكى ئەتلەر قېچىپ ئۇستىخانلىرى دومبىيىپ قالسىمۇ، تاتىرىپ كەتكەن يۈزىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزىللىق پەيدا بولغىنىنى بايقىدى.

نىسا بېگىم بىر پىيالە چاي قۇيۇپ، ئىچىگە ئۇشۇقتەك ئىككى پارچە ناۋات تاشلىدى ـ دە، يۈسۈپ خوجىغا ئىككى قوللاپ سۇنۇپ:

— چايغا باقسىلا، خوجام، — دېدى، ئاندىن شىرە ئۈستىدىكى مۇراببا قويۇلغان قاچىلارنىڭ بىرنەچچىسىنى ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

— يۈسۈپ خوجىنى مۇنداق كۈتسىلە قەشقەرگە بارماس، —

دەپ چىقىشتى بايان ئاغىچا ئۇنىڭ باللىق چاغلىرىدىكى مۇرابباغا ئامراقلىقىنى ئەسلەپ.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ مۇراببانى ئالدىغا سۇرۇپ قويدۇم - دە، — دېدى نىسا بېگىم.

— نىسا ئاچام توغرا دەيدۇ، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى يۇسۇپ خوجا، — قايناتقان مۇراببالىرىڭلارنى تۈگەتمەي قەشقەرگە كەتمەيمەن.

ئولتۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا:

— سىلى ماڭماقچى بولۇۋاتامدىلا؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— شۇنداقراق ئويۇم بار، لېكىن ئانام رۇخسەت قىلامدىكىن؟ — دېدى يۇسۇپ خوجا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز بالام؟ مېنىڭ رۇخسىتىمنى سىز ئەمەس، نەۋرىلەر سورىسىمۇ يېتىدۇ، — بايان ئاغىچا سەل قاتتىقراق كەتتىمۇ دېگەن ئويغا كېلىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى، — ئەگەر گەپ مۇرابادا بولسا، خۇرجۇنلىرىغا توشتۇرۇپ سېلىپ بېرەيلى، — دېگەن سۆزلەر بىلەن تۈگەتتى.

ئولتۇرغانلار يەنە كۈلۈشتى.

— ھېلىمۇ مېنى دەپ خانلىقنىڭ ئىشلىرىنى تاشلاپ شۇنچە يىراق يەردىن كەپسىلەر، — بايان ئاغىچىنىڭ ئاۋازى تىترەپ، كۆز چاناقلىرى ياشتىراپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۆزىنى توختىتىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — سىلەردىن رازىمەن. ماڭا ياراتقان ئىگەم شىپالىق بەرگەن بولسىمۇ، سىلەرنىڭ كېلىشىڭلار كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ سىھەت تېپىشىمغا سەۋەب بولدى. ئاڭلىشىمچە، قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئاكىڭىز ياقۇپ خوجامغا ئوخشاش بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىپسىز. ياراتقان ئىگەم قىلغان ئىشلىرىڭىزغا بەرىكەت بەرسۇن، بالام. مېنىڭدىن قىلچە ۋايىم قىلماي، يولغا چىقىڭ.

ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان بۇ سۆزلەر ھەر ئىككى

www.uyghurkitap.com

خوجىنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەندەك قىلدى.

— «يەردىن يەرگە سائەت» دېگەندەك، — دېدى بىر چاغدا يۈسۈپ خوجا ۋە بۇ يەرگە كىرىشتىكى مۇددىئاسىنى ئېيتتى، — بۇ قېتىم سىلىنى قەشقەرگە ئالغاچ كەتسەم، ئۇياقلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ ياخشى بولۇپ قالار دەپ ئويلىغۇدىم، بىراق بۇ ئويۇمغا ھەمرا تېپىۋىپ: «بايان ئاغىچا خۇدا بۇيرۇسا، كۆزگە تارتىپ بۇرۇنقى ئەسلىگە كېلىدۇ، شۇنىڭغىچە بۇ يەردىن قوزغىمىسىلا» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن كېلىنلىرى جەملە ئاغىچا: «ئاپامنىڭ قېشىدا خىزمىتىنى قىلغاچ كۆزگىچە مەن تۇراي» دېۋىدى، بوپتۇ، دېدىم.

— بالىلارچۇ؟ ئۇلار ئانىسىنى سېغىنىپ كېتىدۇ، بالام، — بايان ئاغىچا ئۇنىڭ كېيىنى بولۇپ ئېتىراز بىلدۈردى، — بۇ يەردە مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان ئاكىلىرى ياقۇپ خوجام... — ئۇ بوغۇزىغا كېلىپ قالغان يەڭگىگىز ئايشەم ئاغىچا دېگەن سۆزنى يۇتۇۋېتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — خىزمىتىمدە بولىدىغان نىسا بېگىم ۋە باشقىلار بارغۇ. جەملە ئاغىچىمۇ سىز بىلەن كېتىۋەرسۇن.

يۈسۈپ خوجا ئاپىسىنىڭ گېپىگە ئېتىراز بىلدۈرەلمىدى. شۇ چاغدا:

— بۇ گەپلىرىمۇ توغرا، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ياقۇپ خوجا، — بىز بۇياققا ماڭغاندا يۈسۈپ خوجامنىڭ باللىرى: «بىزنى يەكەنگە ئاپارمىغاندىكىن، چوڭ ئاپامنىڭ قېشىدا ھەربىرىمىز ئۇچۇن بىر ئايدىن تۇرۇڭلار» دەپ ئۆتۈنگەندى. ئۇلارنىڭ بۇ تاپشۇرۇقىنى يۈسۈپ خوجام ئورۇنلىيالمىغاندىن كېيىن، كېلىنلىرى بولسىمۇ ئورۇنلىسۇن ـ دە.

— بوپتۇ، — دەپ رازىلىق بىلدۈردى بايان ئاغىچا، — سىلى دېگەندەك بولسۇن.

يۈسۈپ خوجا شۇ كۈننىڭ ئەتىسىلا قەشقەرگە قايتتى.

# ئالتىنچى باب

ئادەمنىڭ بەدىنىگە تارقالغان زەھەرنى تەرياق دېگەن دورا قايتۇرغىنى بىلەن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلغان قايغۇ ـ ھەسرەتنى قايتۇرالمايدىكەن. چۈنكى، ئۇنى داۋالايدىغان دورا ــ ۋاقىت ئىكەن. ياقۇپ خوجا مۇپتىلا بولغان قايغۇ ـ ھەسرەتلەر ئۆز پېتىچە تۇرماي ۋاقىت ئۆتكەنسېرى پەسىيىشكە، كونىراشقا باشلىدى.

ئۇ بىر چاغدا ئۆزىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى:

«ماڭا بىر گۆشەپ[1] پەقىر پانا[2] بەس،
پەراش[3] ئورنىدا يىرتىق بورىيا بەس.»

«ۋا، دەرىخا، ئالەم ئىچرە ئاشىنايى تاپمادىم،
بىر باقىپ كۆڭلۈم ئالۇرغا دىلرابايىم تاپمادىم.
مەن ۋاپا قىلغانسېرى ئارتار جاپاسى ئانىڭ،
دەردىمە نۇشى[4] لەبىدىن بىر داۋايى تاپمادىم...»

دەپ باشلىنىدىغان غەزەللەر بىلەن ئىپادىلىگەن بولسا:

«جىلۋىگەر بولدى ماڭا بىر كەنىزەكى نازۇككىنە،
كوكۇلى ھەريان ساچىلغان قاپقارا كۆزلۈككىنە...»

«قىيا بېقىپقىنا بىر كۆزى قارا،
قىيا باشلىدى كۆڭلۈمنى نە چارە ...»

---

① گۆشەپ ــ خىلۋەت.
② پانا ــ كۈلبە.
③ پەراش ـ پالاس.
④ نۇشى ــ شېرىن، تاتلىق.

www.uyghurkitap.com

دىگەنگە ئوخشاش ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ھەم تەسكىن بېرىدىغان، ھەم ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان لىرىك غەزەللەرنى يېزىپ ئۆزىنى بەزلىگەندەك بولاتتى. ياش چاغلىرىدا شەرق ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپ، بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان ياقۇپ خوجا شۇلارغا تەقلىد قىلىپ شېئىر ـ غەزەللەرنى يېزىپ قويىدىغان شائىر تەبىئەتلىك ئادەم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، خانلىق ئىشلىرى بىلەن بىر قاتاردا خەلقىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپىتىنى كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ خەلقىنىڭ ھال ـ ئوقىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن سۇ قۇرۇلۇشى، مەكتەپ، مەدرىسە ئېچىشقا ئوخشاش بىر يۈرۈش ئىشلارنى قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغانىدى. ئۇ يەكەنگە كەلگەندىن كېيىنلا ئۆزلىرىگە قاراشلىق «توققۇز كەنت»كە بېرىپ، ئۇ يەرلەرنى ئارىلاپ كېلىشنى نىيەت قىلغانىدى. لېكىن، ھەرەمخانىدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ۋەقە تۈپەيلى بۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدى. بۈرناكۈن دىۋانبېگى بىلەن بولغان سۆھبەتتە «توققۇزكەنت»تە تۇرۇۋاتقان دېھقانلارنىڭ غېمىنى يەپ چىقارغان پەرمانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنمىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولدى. چۈنكى، ئۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى: «بىزنىڭ كارىمىز چاغلىق. ھەزرىتى خوجاملار مەئىشەتتىن قىسىلمىسۇن» دەپ، يەردىن ئالغان ھوسۇلىنىڭ ھەممىسىنى بۇرۇنقىدەك ئوردىغا تاپشۇرغان، ئۇلارغا قانچە چۈشەندۈرسىمۇ: «ئاچ قالساق قالىمىزكى، خوجامنىڭ نەزىرىدىن قېلىشنى خالىمايمىز» دەپ ئۇنىمىغانىدى. بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان ئادەم: «بۇنى ھاجىتىڭلارغا ئىشلىتىڭلار، ياقۇپ خوجامغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن» دەپ، ھەربىر ئۆيگە بەش ـ ئالتە تاغاردىن غەللە قالدۇرغانىدى. كېيىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسە، بۇ ئادەملەر

ئۆزلىرىگە قالدۇرۇلغان غەللىنىڭ يېرىمىنى ئۆزلىرى مۇرىت بولغان ھېدىل سوپىغا ئوخشاش ئىشانلارغا ھەدىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ. بەزى كەنتلەردىكى ئىشانلار: «خوجامنىڭ پەرمانى ھەرقايسىڭلارغا قىلىنغان خەير ـ ساخاۋەت. لېكىن، شۇ پەرمان بويىچە ھوسۇلنىڭ تېڭىنى ئالمەن دېسەڭلار، بىرىنچىدىن، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ دۇنيانىڭ ھالاۋىتىگە خىرىس قىلغان بولىسىلەر. ئىككىنچىدىن، خوجام ھەزرەتلىرى ئۆزۈڭلارغا مەلۇم، جۇڭغارلار خۇنتەيجىسىگە ھەر يىلى پالان مىڭ تەڭگە خىراج تۆلەيدۇ. ئەگەر سىلەر خوجام پەرمان بەردى دەپ، ھوسۇلنىڭ تېڭىنى ئېلىۋالساڭلار، ئۇ خوجام جۇڭغارلارغا نېمىنى تۆلەيدۇ؟ بۇ دېگەن خوجامنىڭ نەزىرىدىن قالدى دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ تەرغىبات يۇرگۈزگەنىدى...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ياقۇپ خوجا ئابدۇللا باقاۋۇل بىلەن دىۋانبېگىنى ئەگەشتۇرۇپ شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا «توققۇز كەنت» تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار چەتلىرىدە يانتاق ۋە يۇلغۇنلار ئۆسۈپ كەتكەن هارۋا يولى بىلەن بىر مەھەللىگە كەلدى ـ دە، چاي ـ تۇز ساتىدىغان دۇكاننىڭ ئالدىدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان ئادەملەرنى كۆرۈپ ئاتلىرىدىن چۈشتى. بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى ئابدۇللا باقاۋۇلنى تونۇغاچقا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالاملاشتى، ئاندىن ياقۇپ خوجىغا سالام بېرىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن خىجىل بولغان باقاۋۇل:

— سىلەرمۇزە، كىچىككىنە كۆلچەكتىكى سۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئېقىۋاتقان چوڭ سۇنى كۆرمەيدىغان كەپتەر مىجەز بولۇپ كېتىپسىلەر ـ دە، ئالدى بىلەن مەھەللەڭلەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغان ياقۇپ خوجام ھەزرەتلىرىگە سالام بەرمەي، ماڭا سالام بەرگىنىڭلار نېمىسى؟ — دەپ ئاغرىندى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سايىدا ئولتۇرغان ئادەملەر ناھايىتى چوڭ

سەۋەنلىككە يول قويغانلىقىنى چۈشىنىپ خىجىل بولۇشتى.

— ئابدۇللامنىڭ سۆزىگە خىجىل بولماڭلار، — دېدى ياقۇپ خوجا، — بەزىدە مەنمۇ كۆرمىگەن، تونۇمىغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا تونۇشلىرىم ئۇچراپ قالسا، ئالدى بىلەن شۇ ئادەمگە سالام بېرىپ كۆرۈشىمەن. قانداق ئەھۋالىڭلار؟ ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر؟

— خۇداغا شۈكۈر، — دېيىشتى ئۇلار.

— مۇنۇ ئۇدۇلدىكى ئۆي سىلىنىڭ بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا چار ساقال ئېگىز ئادەمدىن.

— يوقسۇ، تەخسىر. بۇ مۇنۇ مەتقاسىم ئاخۇنىنىڭ ئۆيى، — ئۇ سول تەرىپىدە تۇرغان ئۆزى دېمەتلىك كەتمەن ساقال ئادەمنى كۆرسەتتى.

— سىلىنىڭ ئۆيلىرى بۇ ئۆپچۆرىدە ئەمەس ئىكەن ـ دە، — دېدى ياقۇپ خوجا چار ساقال ئادەمگە.

— يوقسۇ تەخسىر، مېنىڭ ئۆيۈم ئاۋۇ، — ئۇ قولىنى سوزۇپ ئىشكى ئالدىدا ئېشەك تۇرغان ئۆينى كۆرسەتتى. شۇ چاغدا:

— باقاۋۇل جانابلىرى مەھەللىمىزگە تەشرىپ قىپتۇغۇ، — دېگەن پېتى ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرلەشكەن شاپاق دوپپا كىيىۋالغان ئادەم دۈكاندىن چىقتى ـ دە، باقاۋۇلغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سالام بەردى ۋە ئۇنىڭ جاۋاب سالىمىنى كۈتمەي، — يەنە قايسىسىنى باشلاپ كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— ھەزرىتى ياقۇپ خوجام جانابلىرىنى، — دېدى ئۇ.

— ھە؟ ! — يا ئىشىنىشىنى، يا ئىشەنمەسلىكىنى بىلەلمەي، سەرپۇش تۇماقلىق ياقۇپ خوجىغا قارىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن باقاۋۇل:

— شۇنداق، شېرىپباي، سىلىمۇزە مۇنۇ خالىق ئاخۇنىدەك، — دېدى چار ساقال ئادەمگە قاراپ، — ئۆيدىكى بالىلىرىنىڭ ئېتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدىغان ئۇنتۇغاق بولۇپ قاپتىلا ـ دە. ياقۇپ خوجام ھەزرەتلىرىنى ئەتىيازدا كەلگەندە

كۆرگەنتىلىغۇ.

بۇ گەپ باشقىلارغا قىزىق تۇيۇلۇپ كەتسە كېرەك، پىخىلداپ كۈلۈشتى. شۇ ئارىدا دۇكاندارمۇ ياقۇپ خوجىغا ئىككى قولىنى سۇنۇپ:

— كەچۈرسىلە خوجام، تونۇيالماي قاپتىمەن، — دەپ كۆرۈشتى.

— مېنىڭ بۇياقتا كېلىشىم، — دەپ كۆپچىلىككە سۆز قاتتى ياقۇپ خوجا، — «مەن قىلارمەن ئوتتۇز، بېگىم قىلار توققۇز» دېگەندەك، ھەربىرلىرىنىڭ يەيدىغان نېنى پۈتۈن بولسۇن، دېگەن ئوي بىلەن ئالغان ھوسۇلىنىڭ يېرىمىنى ئۆزۈڭلەرگە قالدۇرۇش ھەققىدە پەرمان بەرسەم، نېمىشقا ئەمەل قىلمىدىڭلار؟ يا ئۇ پەرماننى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟

— ئاڭلاشنىغۇ ئاڭلىدۇق، — دېدى كەتمەن ساقاللىق ئادەم، — بىراق ئۆگىنىپ قاپتىكەنمىز - دە.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابى باشقا دېھقانلارنى رىغبەتلەندۇرۇۋەتتى بولغاي:

— پەرمانلىرىنى ئاڭلىغان بولساقمۇ، لېكىن كۆڭلىمىز ئۇنىمىدى، — دەپ سۆز قاتتى مەتقاسىم دېگەن ئادەم، — ئۆزلىرىمۇ ئاتىلىرى دانىيال خوجامدەك جۇڭغارلارغا خەج تۆلەيدىكەنلا، قىسىلىپ قالمىسۇن، دېدۇق.

— مەنمۇ ھە دېگەندە پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، بىزەچە غەللىنى ئېلىپ قالغاندىم. كېيىن پىرىمىنىڭ قارغىشىغا ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئۇنىمۇ ھېدىل سوپىغا تاپشۇرۇپ بەردىم.

— مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشتىن قورقتۇم.

— مەنمۇ خوجام، سىلىنىڭ پەرمانلىرى بويىچە ئالغان ھوسۇلۇمنىڭ يېرىمىنى، يەنى ئون ئۈچ تاغار داننى بەرمەي ئېلىپ قېلىۋىدىم، ئۆتكەن ھەپتىدە ئۇنىمۇ تاپشۇرۇۋەتتىم، — دېدى خالىق ئاخۇن دېگەن ئادەم.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— ئۇنداق بولغىنى، قايسى بىركۈنى كەنجى ئوغلۇم ئېشەكتىن يىقىلىپ چۈشۈپ قولىنى چىقىرىۋاپتۇ. ئۆيدىكىلەر: «سىلى ئالغان ھوسۇلنى تولۇق بەرمىگەچكە، بىزنى پىرلار قارغىۋەتكەن ئوخشايدۇ. دەرھال ئۆيدە ئايرىپ قالغان دانلارنى تاپشۇرۇۋەتسىلە، بولمىسا بۇنداق بالا - قازالاردىن قۇتۇلالمايمىز» دەپ تۇرۇۋالدى. ئويلاپ كۆرسەم توغرىدەك. شۇنىڭ بىلەن ئاچ - توق ياشىساقمۇ كۈنىمىز كېتەر دېگەن ئويغا كەلدىم - دە، ئېلىپ قالغان ئاشلىقىمىنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇۋەتتىم.

— كىمگە؟ — دەپ سورىدى باقاۋۇل.

— سىلىمۇزە، باقاۋۇل جانابلىرى، پىرىمىز ھېدىل سوپىنى بىلمەيدىغاندەك سورايدىكەنلا، — دېدى خالىق ئاخۇن ئۇنىڭ سوئالىدىن رەنجىگەن ئاھاڭدا.

«يەنە ھېدىل سوپى» دەپ ئويلىدى ياقۇپ خوجا.

— مەنمۇ خالىق ئاخۇندەك ئىككى تاغار داننى ئېلىپ قېلىۋىدىم، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى دۇكاندار، — ماڭا ۋەخپىدىن بېرىلگەن يەر ئازراق ئەمەسمۇ؟ قايسى كۈنى ھېدىل سوپىدىن خوجامنىڭ ئاغىچىسىنى كۆچۈپ كەلدى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇ ئاغىچىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن زەئىپەمنى ئەۋەتتىم. ئۇنى قۇرۇق قول بارمىسۇن دەپ، ھارۋىغا ھېلىقى ئىككى تاغار داننى، ئۇنىڭغا قوشۇپ ئاز - تولا قەنت - گېزەكلەرنىمۇ سېلىپ قويدۇم.

بۇ گەپلەر دىۋانبېگى بەرگەن ئىنكاسلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇنداق بولسىمۇ ياقۇپ خوجا:

— باشقا كەنتلەردىكى دېھقانلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش قىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى مەتقاسىم، — ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش «قارا تاغلىق» لار - دە، خوجام. ئۇلارمۇ ھەيدەر ئىشاننىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى يەردە قويمايدۇ.

— بۇ گەپلىرىگە قارىغاندا، ئۆزلىرىنى «قارا تاغلىق» دەپ ھېسابلىغان ئادەملەر خاننىڭ پەرمانىغا ئەمەل قىلماسلىقى كېرەكمۇ؟

ياقۇپ خوجىنىڭ بۇنداق سوئالىنى كۈتمىگەن مەتقاسىم پېشانىسىنى ئىشكىنىڭ ماڭلىيىغا سوقۇۋالغاندەك تۇرۇپ قالدى. باشقىلارمۇ «بۇنداقمۇ سوئال بولىدىكەن» دېگەندەك بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ھازىر تۇغقانلار، — دەپ سۆز باشلىدى ياقۇپ خوجا، — بىزنىڭ مەن «قارا تاغلىق»، سەن «ئاق تاغلىق» دەپ بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر ھەممىمىز بىر مۇسۇلمان. يەنە ئاللانىڭ بىرلىكىگە، بارلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان، دىنىي ئىسلام بۇيرۇغان ئەمەللەرنى قىلىدىغان مۆمىن مۇسۇلمانلار بىز. بۇرۇنقىدەك ئىسلام دىنىنى پارچىلاپ تۈرلۈك سۇلۇكلەرگە، مەزھەپلەرگە بۆلۈنىدىغان ئىشلارغا يول قويمايمىز. خۇدانىڭ جەننىتىگە ئىشانلار بىلەن پىرلارنى رازى قىلىش بىلەن ئەمەس، خۇداغا قىلغان تائەت ـ ئىبادەتلىرىمىز بىلەن داخىل بولىمىز. بۇ ھەقتە سىلەر قول بېرىپ مۇرىت بولغان پىرۇئىشانلار ئەمرىمەرۇپ قىلمىدىمۇ؟

— ياق، — دېدى ئۇزاق سۈكۈناتتىن كېيىن ئەڭ چەتتە ئولتۇرغان يالاڭ ئاياغ بىر ئادەم، — بىز دېگەن تەخسىر، ئوقۇمىغان، قارىتۇرۇك ئادەملەر. مەسچىتكە كىم ئىمام بولسا، شۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيمىز. شۇڭا، پىرلار بىلەن ئىشانلار نېمە دېسە، شۇنى دەپ ئەگىشىۋېرىمىز.

ياقۇپ خوجا ئېغىر خورسىندى ـ دە، «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ تەلىماتلىرى ھۆجەيرىلىرىگىچە سىڭدۈرۈلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ بىرەر سۆھبەت بىلەن تۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— سىلەر «پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ» دېگەن گەپنى

ئاڭلىغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقان گەپ، — دېيىشتى ئۇلار.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ ئەمرىمنىمۇ ئورۇنلاش ۋاجىپتۇر. بۇنىڭدىن كېيىن ھېدىل سوپىغا ئوخشاش ئىشانلارنىڭ ئەمرىنى ئەمەس، مېنىڭ ئەمرىمنى ئورۇنلاڭلار، — دېدى - دە، خوشلىشىپ ئاتلىرى تەرەپكە ماڭدى.

ياقۇپ خوجىلار ھېدىل سوپى تۇرىدىغان كەنت بىلەن ئايشەم ئاغىچا تۇرۇۋاتقان كەنتتىن باشقا مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، ئەڭ چەتتىكى بىر كەنتتە قونۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھەممىلا يەردىكى دېھقانلاردىن ئاڭلىغان گەپ - سۆزلىرى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى.

— مانا ئابدۇللام، — دېدى ئۇ دەرد تۆككەندەك، — بىزنىڭ ئۆشنىمىزگە ئارتىلغان يۈكلەرنىڭ جىقلىقىنى كۆردىڭمۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنى چۈشۈرگەندەك خۇش بولساق، يەنە بىرى يەلكىمىزنى باسىدۇ. سىلى بىلەن بىز مۇشۇنداق ئېغىر يۈكلەردىن قۇتۇلالماي ئۆتۈپ كەتمىسەك بولاتتىغۇ.

— پۇقرا دېگەن شۇ، خوجام، — دېدى باقاۋۇل، — ئۇلار سىلى چىقارغان پەرمانلارغا قارىغاندا ئۆز مەھەللىسىدىكى پىرلار بىلەن ئىشانلارنىڭ ئېيتقىنىغا كۆپرەك ئەمەل قىلىدۇ.

— بۇ مۇلاھىزىلىرىمۇ توغرا، — ياقۇپ خوجا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

※ ※ ※

ياقۇپ خوجىنىڭ ھەرەمخانىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كېيىن ئوردا ئەركانلىرى ئارىسىدا ھەر خىل ئويلار، مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.

— بۇ خوجامنىڭ ئاغىچىسىنى ھەرەمخانىدىن بەدەرغە

قىلغىنى تولىمۇ ئادىل چارە بولدى، ــ دەپ ئۆز پىكرىنى ئىزھار قىلدى ئابدۇقادىر مۇپتى، ــ ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، دانىيال خوجامنىڭ ئاغىچىسى بىلەن مەۋلانە ھەزرەتنىڭ قۇشناچىغا زەھەر بەرگەن بۇ ئايال ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆزىنىمۇ زەھەرلەشتىن يانمايتتى.

ــ توغرا مۇلاھىزە قىلدىلا. بىراق، ياقۇپ خوجامنىڭ بۇ جىنايەتكار ئايالنىڭ تالاق خېتىنى قولىغا تۇتقۇزماي بۇنداق قىلغىنى قانداق؟ ــ دېدى ھوشۇر قازى، ــ مېنىڭچە، بۇ ئايالنى باشقىلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن قەتل قىلىش لازىم ئىدى.

ــ شەرىئەتتە: «ئەي مۆمىنلەر، ئۆلتۈرۈلگەن ئازاد ئادەم بەدىلىگە ئازاد ئادەمنى؛ قۇل بەدىلىگە قۇلنى، خاتىن بەدىلىگە خاتىننى ئۆلتۈرمەك سىلەر ئۈچۈن پەرز قىلىندى»[1] دەپ كۆرسىتىلگەن. لېكىن، بۇ ئايالغا بېرىلگەن جازا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېغىردۇر. ھالا ئۇنى قەتلىئام قىلسا، بىردەم قىينىلىپ جان تەسلىم قىلىدۇ ـ دە، تۇپراققا كۆمۈلۈپ يېتىۋېرىدۇ. تىرىك يۈرسە، تاكى ئۆلگۈچە ھەر كۈنى ئازابلىنىدۇ، ــ دېدى ئابدۇقادىر مۇپتى.

ھوشۇر قازى مۇپتىنىڭ گېپىگە قوشۇلسىمۇ، يەنە سوئال قويدى:

ــ ئەمىسە ياقۇپ خوجام بۇ خوتۇننى نېمە ئۈچۈن ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرىدۇ؟

ــ بۇنىڭ بائىسى شۇكى، ياقۇپ خوجام يەكەندەك چوڭ شەھەرنىڭ خانى بولغاچقا، تۆت پەرزەنتىنىڭ ئانىسى بولغان بۇ ئايالنىڭ تالاق خېتىنى بېرىشنى ــ ئۇنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىش بولىدۇ، ــ دەپ ئويلىغاندۇ.

ــ بىر ھېسابتا بۇ دېگەنلىرىمۇ ئەقىلگە سىغىدۇ.

[1] «ئىشىنەرلىك ھەدىسلەر توپلىمى» 317 ـ بەت.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرگەن خىزمەتكار شەھەر هاكىمى غازى بەگنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. هوشۇر قازى دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ هاكىمنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى ۋە ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئۆينىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزدى.

— كېچىكىپ قالغىنىم، نىياز بەگنى كۆرۈپ كېتەي دەپ، شۇ يەردە كىچىككىنە ئولتۇرۇپ قالدىم، — دېدى غازى بەگ پاتىھەدىن كېيىن.

— ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ئابدۇقادىر مۇپتى.

— بىر ئاز شامالدىغاندەك تۇرىدۇ.

— تۈنۈگۈن كۆرگىنىمدە ئۇ ئادەمگە قىزىنىڭ ھەرەمخانىدىن قوغلانغانلىقى خېلى ئېغىر كەلگەندەك تۇراتتى، — دەپ سۆز قىستۇردى هوشۇر قازى، — گەپ ئارىسىدا: «بالا دېگەننىڭ كىچىك چاغدىكى دەردىدىن چوڭايغاندىكى دەردى ئېغىر بولىدىكەن» دېگەندى.

— سىلى نېمە دېدىلە؟ — ئالدىراپ سورىدى غازى بەگ.

— نېمە دەيتتىم، بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر قىلسىلا، ھېلىمۇ ياقۇپ خوجام تولىمۇ كەڭ قورساقلىق قىپتۇ. ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق جازا بەرسە قانداق قىلاتتىلە، — دېدىم.

— مېنىڭچە، نىياز بەگ قىزىنىڭ ھەرەمخانىدىن قوغلانغانلىقىغا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئوردىدىن قوغلىنىشىنى ئويلاپ، بىتاپ بولىدىمىكىن، — دېدى مۇپتى.

— ھەي تاڭەي، ياقۇپ خوجام تولىمۇ ئىنسانپەرۋەر ئادەم.

— تاپنى تەپتى دەپ بايتالغا ئازار بەرمەس، — دېدى غازى بەگ.

ئۇلارنىڭ گەپلىرى شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىپ، داستىخانغا تاماق كەلگەندە باشقا ماۋزۇغا يۆتكەلدى.

— ياقۇپ خوجامنىڭ بويتاق يۈرۈۋاتقىنىغىمۇ ئۈچ ئايدەك بولۇپ قالدى، ئەمدى بۇ ئادەمنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويساق

قانداق دەيسىلەر؟ ــــ دېدى ئابدۇقادىر مۇپتى.

بۇ غازى بەگ بىلەن ھوشۇر قازىلارنىڭ خېلىدىن بېرى كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن، لېكىن تېشىغا چىقىرالماي يۈرگەن ئويلىرى ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياقۇپ خوجىنى ئۆزلىرىگە كۈيۈ ئوغۇل قىلىۋېلىشنى ئويلايتتى. غازى بەگنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى بولمىسىمۇ، لېكىن ئېرى تەركىدۇنيا بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن سىڭلىسى بار ئىدى. يېشى يىگىرمە بەشلەردىن ئاشقان بۇ چوكان پەرزەنت كۆرمىگەچكىمۇ، سىن ـ سىپاتىنى يوقاتمىغان، گۈزەل بولمىسىمۇ، سەت دېگۈدەك ئەمەس، لېكىن پاراسەتلىك ئىدى. غازى بەگنىڭ نەزىرىچە، يېشى ئەللىككە يېقىنلاشقان ياقۇپ خوجىغا بۇنىڭدىن ئارتۇق لايىق يوق ئىدى.

ھوشۇر قازىنىڭ بولسا ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك قۇدا تاپالماي، ئىشىكىنى ئاچقان ئادەملەر بىلەن قۇدا بولغىلى ئۇنىماي، ئون سەككىز ياشقا كىرىپ قالغان قىزى بار ئىدى. بۇ قىزى بالىلارنىڭ كەنجىسى بولغاچقىمۇ ياكى باياشات تۇرمۇشتا ياشىغاچقىمۇ، خەۋپسىز جايدا يۈرگەن كېيىك بالىسىدەك ئەركىن ۋە تولىمۇ ئەلتەك ئىدى. بۇ قىز بالىغا كۆزى چۈشكەن ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ گۈزەل جامالىنى، كۈلكە يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرسە ئۆيلەنگەنلىكىنى ياكى بالىچاقىسى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ھوشۇر قازى «ئەگەر ياقۇپ خوجام ئاتىسى رەھمەتلىك ئۆزىنىڭ بالىسىدىنمۇ كىچىك بايان ئاغىچىنى نىكاھىغا ئالغاندەك، مېنىڭ قىزىمغا ئۆيلەنسە نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ياقۇپ خوجىنىڭ مىجەزىمۇ، دۇنيا ئىشلىرىغا بولغان كۆزقاراشلىرىمۇ دانىيال خوجىغا ئوخشىمايدىغانلىقى يادىغا كەلسە، ئۇنىڭ ئۆزىگە كۈيۈ ئوغۇل بولۇشىغا كۆزى يەتمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ:

ــــ مۇپتى ھەزرەتلىرى بۇ نۆۋەت يەنە ياقۇپ خوجامغا بولغان

www.uyghurkitap.com

قەدىردانلىقىنى ئىپادە قىلدى ـ دە، ــ دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قوللىغاندەك بولدى ھوشۇر قازى، ــ مەن ئەخمەق. شۇ چاغقىچە ياقۇپ خوجامنىڭ بويتاق يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېسىمگە كەلتۈرمەپتىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇ كىشىنى ئۆيلەپ قويۇشىمىز لازىم.

ــ «قورسىقى توق، قولى بىلەن ئىشى يوق» دېگەندەك، ئۆزلىرىنىڭ يەكەندىن باشقا شەھەردە بىردىن ئاغىچىلىرى بولغاچقا، خوجامنىڭ بويتاقلىقى يادىلىرىغا كەلمەپتۇ ـ دە، ــ دەپ چېقىشتى غازى بەگ، ــ مەن بولسام ھەرەمخانىدىكى ۋەقەدىن كېيىنلا ئۇردا ئەركانلىرىدىن ياكى باشقا يۇقىرى رۇتبىلىك (دەرىجىلىك) ئادەملەردىن كىمنىڭ ئۆيىدە ياقۇپ خوجامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ خىزمىتىنى قىلىشقا يارايدىغان لايىق باردۇ دەپ ئويلاش بىلەن بولۇۋاتىمەن.

ــ سىلىمۇ ماڭا ئوخشاش ئويلاپتىلا، ــ دېدى مۇپتى، ــ ئاۋام خەلقنىڭ ئىچىدىغۇ كىمنىڭ ئىشىكىنى ئاچساق، بىر قىزنى ئايىمايدۇ. زىراكى، ئۇلارنىڭ قىزلىرى تەربىيە كۆرمىگەچكە، ياقۇپ خوجامنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يېتەلمەيدۇ.

ــ بۇ دېگەنلىرى تولىمۇ توغرا. مېنىڭچە، ئالدى بىلەن ياقۇپ خوجام بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈش لازىم، ــ دېدى ھوشۇر قازى، ــ ئۇ كىشى نېمە دەيدۇ، ئەگەر ئۆيلىنەي دېسە، ئۆز تەبىقىمىزدىكى ئادەملەر ئارىسىدىن سۈرۈشتۈرسەك، ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلالايدىغان لايىق تېپىلىپ قالار.

ــ سىلىچە قانداق، ھاكىم جانابلىرى؟ ــ دەپ سورىدى مۇپتى.

ــ ھوشۇر قازى جانابلىرىنىڭ پىكرىگە مەنمۇ قوشۇلىمەن، ــ دېدى غازى بەگ مۇپتىغا قاراپ، ــ سىلى ياقۇپ خوجامنىڭ ئاتىسى دېمەتلىك ئادەم بولغانلىرى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرسىلە. ئەگەر ئۆيلىنىۋالاي دېگەن ئويى بولسا، تەرەپ ـ تەرەپتىن لايىق ئىزدەيلى.

— بولىدۇ، — رازىلىق بىلدۈردى ئابدۇقادىر مۇپتى.

※ ※ ※

«توققۇزكەنت»كە بېرىپ روھىي جەھەتتىن پۈچىلىنىپ قايتقان ياقۇپ خوجا ئوردىغا كەلگۈچە بىرمۇنچە ئوي - خىياللاردا بولدى: «ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىغا مەزھەپچىلىكنىڭ تەسىرى تازىمۇ سىڭىپ كېتىپتۇ - دە، ھېلىقى مەتقاسىم دېگەن ئادەمنىڭ ئۆزى يالاڭ ئاياغ، قورسىقى ئېچىپ كېرىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق بىز ‹قارا تاغلىقلار - دە، خوجام› دەپ گىدىيىپ يۈرگىنىنى قارا. ھېلىقى خالىق ئاخۇن دېگەن داخاننىڭ بالىسى ئېشەكتىن يىقىلىپ، قولى چىقىپ كەتسە ‹بىزنى پىرلار قارغىۋەتتى› دەپ، ئون ئۈچ تاغار ئاشلىقنى ھېدىل سوپىغا بىكاردىن - بىكار بېرىۋەتكىنىنى قارىمامدىغان، شۇ چاغدا مېنىڭ پەرمانىمغا ئۆزىمىزگە قاراشلىق ۋەخپىلەردىكى ئادەملەر ئەمەل قىلمىسا، باشقىلارنى ئەمەل قىلدۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ھېلىقى ‹مەن قارا تاغلىق› دەپ گىدىيىپ يۈرگەن ئادەملەرنى ئوقۇمىغان قارىتۇرۇك دەيلى، ھېدىل سوپى بىلەن ھەيدەر ئىشانلار نېمە ئۈچۈن پەرمانىمنى ئورۇنلىمايدۇ؟ ئۇلاردا ئادەمگەرچىلىك، ئىنساب دېگەن نەرسىلەر يوقمۇ؟...»

ئەنە شۇنداق ئوي - خىياللارغا بېرىلگەن ياقۇپ خوجا ئەتە پېشىن نامىزىدىن كېيىن ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئۆلىما - پازىللارنى ۋە شەھەردىكى بارلىق ئىشان - پىرلارنى چاقىرىپ مەجلىس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا «توققۇز كەنت» تىكى ھەيدەر ئىشان بىلەن ھېدىل سوپىلارنى قاتناشتۇرۇش قارارىغا كەلدى. مەجلىسنى ئويۇشتۇرۇشنى دىۋانبېگى بىلەن ئابدۇللا باقاۋۇلغا تاپشۇردى.

شۇ كۈنى كەچتە سىمىلداپ ياغقان يامغۇر تاڭغا يېقىن توختىدى. ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. دەرەخلەرنىڭ ھۆل

يوپۇرماقلىرى كۈن نۇرىدا پارقىراپ جىلۋىلىنەتتى. يەكەن ئاسمىنى توپا ـ چاڭدىن تازىلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ياقۇپ خوجا ئوردىغا كېلىشى بىلەن ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان پەرمانقۇل ئىشاننى كۆردى ـ دە:

— يۇرسىلە، سىلىگە تاپشۇرىدىغان ۋەزىپە بار، — دېگەن پېتى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى.

ئۇنىڭ ئىلتىپاتىدىن مەمنۇن بولغان ئىشان كۇرسىغا ئولتۇردى ـ دە، دەيدىغان گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— يۇسۇپ خوجام جانابلىرى، — دەپ گەپ باشلىدى، — قەشقەردە «مەرىپەت مەكتىپى» دېگەن مەكتەپ ئېچىپتۇ...

— خەۋىرىم بار، — دېدى ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— بىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەكتەپ ئاچساق.

— بۇنى، تەخسىر، كېيىن مەسلىھەتلىشەرمىز، پېشىندىن كېيىن مەجلىس قىلماقچىمەن. ئۇنىڭغا خانىقالاردىكى ئىشانلارمۇ قاتنىشىشى لازىم. شۇلارنى خەۋەردار قىلسىلا.

ياقۇپ خوجا تەختكە ئولتۇرغاندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم ۋەزىپە تاپشۇرغانغا خۇشال بولغان پەرمانقۇل ئىشان:

— بولىدۇ، خوجام، — دېدى ـ دە، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

«ئەمدى بۇ ئىشانىمۇ ئىشقا سالىدىغان ۋاقىت كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى ياقۇپ خوجا پەرمانقۇل ئىشان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — يۇسۇپ خوجام بەزى ئىشلارنى خېلى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ‹مەرىپەت مەكتىپى› نى تامامەن چىققان ئادەملەر مەدداھ قىياپىتىگە كىرىپ خەلقنى بىرلىك ـ ئىتتىپاققا چاقىرىدىكەن. ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىقنىڭ مەزھەپلەر سۇلۇكى بويىچە ئەمەس، ‹قۇرئان كەرىم› ۋە شەرىئەت بويىچە بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىدىكەن. مۇنۇ پەرمانقۇل ئىشانغا يۇسۇپ خوجام دېگەندەك ئاشۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرسام بولىدىكەن. ئاتام رەھمەتلىك: ‹پەرمانقۇل ئىشاننىڭ تەربىيەسىنى ئالغان مەدداھلار پۈتۈن

قەشقەرىيەگە تارىلىپ كەتكەن، دەيدىغان. بايا ئاتام رەھمەتلىك ئۆز سۆلۆكىنى تەشۋىق قىلىشتا مۇشۇنداق ئادەملەردىن پايدىلانغانىكەن ـ دە ...»

ئۇنىڭ يادىغا «توققۇز كەنت»تىكى دېھقانلارنىڭ ئايشەم ئاغىچىنى يوقلاپ، تاپقان ـ تەرگەنلىرىنى ئۆزلىرى يېمەي سوۋغا قىلىۋاتقانلىقى كەلدى ـ دە، «ئۇ بىچارە ئادەملەرنى ئەيىبلەشنىڭ هاجىتى يوق. ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ خوجىلار بىلەن ئىشانلارنى رازى قىلىپ دۇئاسىنى ئېلىپ ياشاشقا ئۆگىنىپ كەتكەن. بۇ ئادەملەر ئۇ خوتۇننى ‹ياقۇپ خوجامنىڭ ئاغىچىسى› دەپ هۆرمەت قىلىدۇ. ئۇلار تاشتىنىمۇ قاتتىق يۈرىكى بار بۇ خوتۇننىڭ تەلۋىلەرچە ئىش قىلىپ ئاتامدىن قالغان هەرەمخانىنى شەرمەندە قىلغىنىنى نەدىن بىلسۇن؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ياقۇپ خوجا كاللىسىدىكى بۇ خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تالاغا چىقىپ، ئوردىنىڭ ئارقىسىدىكى گۈللۈكنى ئايلىنىشقا باشلىدى.

※ ※ ※

پېشىندىن كېيىن تەكلىپ قىلىنغان ئادەملەر ئوردىغا كېلىشكە باشلىدى.

— نىياز بەگ ئاتاممۇ كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ياقۇپ خوجا.

— ياق، — دېدى باقاۋۇل.

— دەرهال ئادەم ئەۋەتسىلە، — ياقۇپ خوجا بۇ ئادەمنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئۆزىنى چەتكە تارتىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. ئوردىغا كەمرەك كېلەتتى. كەلسىمۇ ياقۇپ خوجا بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىققا تىرىشاتتى. ئۇ دائىم دېگۈدەك «ئايشەم ئاغىچىنىڭ كاساپىتى تەگمىسە بولاتتىغۇ» دېگەن ئەندىشىدە

يۈرەتتى. ياقۇپ خوجىنىڭ «ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ» دېگەن چۈشەنچە بويىچە مۇئامىلە قىلىشىغا ئاتقىنىغا ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن نىياز بەگمۇ يېتىپ كەلدى. ئەزەلدىنلا ئورۇق، يېگەن ـ ئىچكىنى چىرايىغا چىقماي رەڭگى تاتىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەم ھازىر تېخىمۇ جۇدەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— كەلسىلە، سىلىگە قاراپ مەجلىسىمىزنى ئاچماي تۇراتتۇق، — دېدى ياقۇپ خوجا. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سورۇندىكىلەرنىڭ نىيازغا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، نىياز بەگكە ھۆرمەت كۆرسەتكەندەك بولدى. دىۋانبېگى بولسا ئۆزىنىڭ يۇقىرىسىغا قويۇلغان كۇرسىغا تەكلىپ قىلدى.

— مۆھتەرەم ئوردا ئەركانلىرى، ئۆلىما ـ پازىللار، ھۆرمەتلىك ئىشانۇمۇرشىدلار، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ياقۇپ خوجا، — مەن بۇ يىل ئەتىيازدا رەسۇلىللا ئەكرەمنىڭ: «كىمكى بىر مۆمىننى شۇ دۇنيانىڭ تەشۋىشلىرىدىن خالاس قىلسا، تەڭرى ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى تەشۋىشلىرىدىن خالاس قىلىدۇ. كىمكى بىچارە ھال كىشىگە ياردەم بەرسە، تەڭرى ئۇنىڭغا ئىككى دۇنيادا ياردەم بېرىدۇ. كىمكى بىر مۆمىننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، تەڭرى ئۇنىڭ ئىككى دۇنيادىكى ئەيىبىنى ياپىدۇ. كىمكى بىراۋغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىكەن، تەڭرى ھەم ئۇنىڭغا ياردەمدە بولىدۇ» دېگەن ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىپ، «خانلىقىمىز ئىختىيارىدىكى ۋەخپە يەرلەردىن چىققان ھوسۇلنىڭ يېرىمى شۇ يەرلەردە ئىشلىگەن ئادەملەرگە قالدۇرۇلسۇن» دېگەن پەرماننى چىقارغانىدىم. مېنىڭ بۇ پەرمانىمنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئۆلىما ـ ئىشانلارمۇ ئۆزلىرىگە قاراشلىق ۋەخپىلەردە ئىشلەيدىغان ئادەملەرگە خۇددى ماڭا ئوخشاش پەرمان بەرگەنىدى، — ئۇ گېپىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ ئوردا

ئەركانلىرىغا مۇراجىئەت قىلدى، — شۇنداققۇ دەيمەن.

— شۇنداق، — دېيىشتى ئۇلار.

— ۋاھالەنكى، سىلەر بەرگەن پەرمانلارنىڭ قانچىلىك ئورۇنلانغىنىنى بىلمەيمەن. ئەمما، مېنىڭ پەرمانىم ئورۇنلانماپتۇ. بۇنىڭ بائىسى مېنىڭ پەرمانىم «توققۇز كەنت»تىكى دېھقانلارغا ياخشى چۈشەندۈرۈلمەپتۇ. ئەكسىچە ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئىشانلار، — ياقۇپ خوجا ئۇ ئىشانلارنىڭ ئىسمىنى ئاتايمۇ، ئاتىمايمۇ دەپ بىرپەس تۇردى - دە، ئاندىن ئاتاشنى جەزىم قىلدى، — مەسىلەن، ھەيدەر ئىشان بىلەن ھېبدىل سوپىلار ئاۋام خەلققە «خوجامنىڭ پەرمانىغا ئەمەل قىلمىز دەپ، ھوسۇلنىڭ تېگىنى ئېلىۋالساڭلار نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرگەن بولىسىلەر. ئىككىنچىدىن، بۇنداق قىلساڭلار ياقۇپ خوجام جۇڭغارلارغا نەنىڭ پۇلىنى تۆلەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىپتۇ. بۇرناكۇن دېۋانبېگى جانابلىرى بىلەن ئابدۇللام ئۇچىمىز «توققۇزكەنت»كە بېرىپ، كۆپلىگەن دېھقانلار بىلەن مۇلاقاتتا بولۇپ كەلدۇق. ئۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى پەرمانىمغا ئەمەل قىلىپ ئاز - تولىدىن غەللە ئېلىشىپتۇ. لېكىن، پىرلارنىڭ قارغىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارغا ئاپىرىپ دۇئا ئاپتۇ. يەنە بىر كىشى ئۆزى ئالغان ئاشلىقىنى بىرەر ئايدەك ئۆيىدە ساقلاپ، ئۇمۇ پىرىنىڭ قارغىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاپىرىپ بېرىپتۇ، — ياقۇپ خوجا ئېغىر تىنىپ نەپەس ئالدى، — بىز كىچىككىنە كۆلىمىزگە كىرىۋاتقان سۇنىڭ يېرىمىنى يېزا - كەنتلەردە تۇرۇۋاتقان دېھقانلار بەھرىمەن بولسۇن دەپ شۇلارنىڭ كۆلگە ئېچىپ قويساق، بەزى ئىشانلار ئۇ سۇنى ئۆزلىرىنىڭ كۆلگە باشلىۋاپتۇ، — ئۇ ھېبدىل سوپىغا قاراپ، — شۇنداق بولدىغۇ دەيمەن، سوپىم؟ — دەپ سورىدى. بۇ سوئال ھېبدىل سوپىنى مەڭدىتىۋەتتى. ئۇ زۇۋانى تۇتۇلۇپ گەپ قىلالمىدى. شۇ چاغدا يەكەندىكى چوڭ خانىقالارنىڭ بىرىدە ئىستىقامەت قىلىدىغان مۆيدىن خوجا

دېگەن ئىشان ئورنىدىن تۇرۇپ ياقۇپ خوجىغا سوئال قويدى. ياش جەھەتتىن ياقۇپ خوجىدىن ئۈچ ـ تۆت ياش كىچىك بولسىمۇ، بوي ـ تۇرقى يوغان، پالۋان قامەت بۇ ئادەمنىڭ چىرايى خورازنىڭ تاجىدەك قىزىل بولۇپ، قاپقارا يىرىك ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

— سىلىنىڭ گەپلىرىدىن، ھۆرمەتلىك ياقۇپ خوجام، — دېدى ئۇ، — پەرمانلىرىنى بەجا قىلمىغان شۇ يەردىكى ئاۋام خەلق ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇۋاتىدۇ. سىلى بولسىلا مۆمىنلەرگە ھىدايەت قىلىدىغان تەرىقەت پېشۋالىرىنى ئەيىبلەۋاتىدىلا. بۇ قانداق بولغىنى؟

تېخىچە ھېچكىم، ھەتتا ئوردا ئەركانلىرىدىمۇ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان سوئالنى بۇ ئىشاننىڭ ياقۇپ خوجىغا قويۇشى مەجلىس ئەھلىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. چۈنكى، ياقۇپ خوجا چىقارغان پەرمانلار ئۇلارنىڭمۇ دىتىغا سىغمايتتى، مەنپەئەتىگە تاقىشاتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، خوجا كۆرسۈنگە بولسىمۇ ئۇ پەرمانلارنى قوللىغان بولاتتى ـ يۇ، لېكىن ئەمەل قىلمايتتى.

ياقۇپ خوجا مۆيدىن خوجىنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى ـ دە، ياندۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆزىگە سوئال قويدى:

— سىلى «تەرىقەت پېشۋالىرىنى ئەيىبلەۋاتىدىلا» دېدىلە، شۇ چاغدا تەرىقەت ۋە تەرىقەت پېشۋالىرى دەپ قانداق ئادەملەرنى ئاتايمىز؟

— تەرىقەت دېگەن «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ يولىدۇر. تەرىقەت پېشۋالىرى دېگىنىمىز، شۇ سۇلۇكنى داۋاملاشتۇرغۇچى سوپى ـ ئىشانلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى بەندە مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمەت قىلىشى مەتلۇبتۇر، — دېدى مۆيدىن خوجا.

ئۇنىڭ ئۆزىگە تەمەننا قىلغان ھالدا بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ سالىھ خەلپە ۋە بىرنەچچە ئادەملەر ياراتمىغاندەك باشلىرىنى

ئىرغىتىپ قويدى. ياقۇپ خوجا بولسا سەللىسى يوغان بولغىنى بىلەن بىلىمى ئاز بۇ ئىشاننىڭ جاۋابىغا ئەپسۇسلاندى ۋە ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسىنىڭ چولتىلىقىنى بايقىدى. باشقا ئۆلىمالار بىلەن ئىشانلار بولسا مۆيدىن خوجىنىڭ جاۋابىنى ئورۇنلۇق كۆردىمۇ ياكى ياقۇپ خوجىنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتتىمۇ سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇشتى.

— سىلى تەرىقەت دېگەن سۆزنىڭ «ئۇسۇل»، «مەسلەك» ياكى «سوپىلىق يولى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى، يەنى ئاللاغا بولغان مۇھەببەت ھەققىدىكى بىلىم ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدىلا، — دېدى ياقۇپ خوجا، — تەرىقەت پېشۋالىرى ھەققىدە گەپ قىلساق، پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئالىمىگە مەشھۇر پېشۋالار خېلى كۆپ بولۇپ، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر بولغىنى خوجا باھائىددىن نەقشىبەندىدۇر①. بۇ ھەزرەتنىڭ تەرىقىتى (تەلىماتى، سۇلۇكى) بويىچە بەندە مۇسۇلمانلار ئۆز كۈچى بىلەن لوقما تېپىپ يېيىشى، كۆڭلىدە ئاللانى ياد ئېتىشى لازىم. ئۇ كىشىنىڭ «ئادىل بايارۇ دوست بايار»، يەنى كۆڭۈل يار(ئاللا) يادى بىلەن، قول بولسا ئىش بىلەن بەند بولسۇن، دېگەن شوئارى پۈتۈن مۇسۇلمان ئالىمىگە مەشھۇردۇر. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ ئالىي زات ئۆز سۇلۇكىگە (تەرىقىتىگە) «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شېرىپنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تەرىقەت پېشۋاسىغا ئابدۇراخمان جامى، ئەلىشىر نەۋائى، مىرزا بابۇرغا ئوخشاش كۆپلىگەن مەشھۇر زاتلار ئېتىقاد قىلىپ مۇرىت بولۇشقان، — ياقۇپ خوجا سۆزىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ «داۋام قىلايمۇ، بولدىمۇ» دېگەندەك بىرپەس تۇرۇۋالدى. مۆيدىن خوجا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ:

---

① خوجا باھائىددىن نەقشىبەندى — 1318 ـ يىلىدىن 1389ـ يىلىغىچە ياشىغان، ئاسىيادا كەڭ تارقالغان «نەقشىبەندىيە» تەرىقىتىنىڭ پېشۋاسى.

— سىلىنىڭ مۇنۇ گەپلىرىگە قارىغاندا «ئىسهاقىيە» تەرىقىتى توغرا ئەمەس ۋە بۇ تەرىقەتنىڭ رەۋناقى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان ئىشانۇ پىرلارنىڭ ئىشلىرىدا نۇقسانۇ قۇسۇرلار بار ئىكەن ـ دە؟ — دېدى.

— ناھايىتى توغرا چۈشىنىپتىلا، — ياقۇپ خوجا دەرھال جاۋاب بەردى.

— بىزنىڭ مەقسىتىمىز «ئىسهاقىيە» تەرىقىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ئەمەس، دىنى ئىسلامغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز يول قويغان نۇقسانلارنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت.

بۇ گەپ مۆيدىن خوجىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويىدى ئەتىمالىم، ئىككىنچىسى جۆرئەت قىلالمىدى، لېكىن ياقۇپ خوجىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن سالىھ خەلپە:

— بىزنى ياقۇپ خوجا ھەزرەتلىرى مەسلىھەتكە چاقىرغانىكەن، ھەرقايسىمىز ئۆز مەسلىھەتىمىزنى بېرەيلى. خوجامنىڭ سۆزىدىن مەلۇم بولدىكى، خانلىقىنىڭ ۋەخىپسىنى باشقۇرۇۋاتقان ئىشانلار ئۇ يەردە پەرمانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ياردەملەشمەي توسالغۇلۇق قىپتۇ. بۇنداق قىلىش پەرمانىنىلا ئەمەس، خانىمۇ كۆزگە ئىلمىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوجام بىلەن ئوردا ئەركانلىرىغا توغرا كەلسە «توققۇزكەنت»تىكى پىر ـ ئىشانلارنى ئۆز رۇتبىسىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئورنىغا پەرمانبەردار ئادەملەرنى قويۇش لازىم.

— سالىھ خەلپەمنىڭ پىكرىگە مەنمۇ قوشۇلىمەن، — دېدى ئۆمەر باقى دېگەن ئۆلىما، — تەرىقەت مەيدانىدا ئۆزىنى پېشۋا دەپ ئاتىۋالغان ئىشانلار ئالدى بىلەن خانىنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىشى ۋە ھالال لوقما يەپ، مۆمىنلەرگە ئۈلگە كۆرسىتىشى لازىم. رەسۇلى ئەكرەمنىڭ: «تاغدىن ئوتۇن تېرىپ، ئۇنى سېتىپ يېگەن ۋە سەدىقە قىلغان ئادەم تىلەمچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرگەندىن ياخشىدۇر» دېگەن ھەدىسى بار. شۇڭا، ئىسلام ئالىمىدە مەشھۇر بولغان تەرىقەت پېشىۋالىرىدىن شەيخۇل

ماشايىق ئەبۇ سەئىدى غەرراز مەسە تىكىپ، شەيخۇلئىسلام خوجا ئابدۇللا ئۆتۈك تىكىپ، شەيخ مۇھەممەد سەككاكى پىچاقچىلىق قىلىپ، شەيخ ئابدۇلپەيزى ھەجدات تۆمۈرچىلىك قىلىپ ۋە ئۆز زامانىسىنىڭ قۇتبى ھەم غەۋسى (قۇتۇلدۇرغۇچى) ھېسابلانغان شەيخ ئابدۇللا ئاببـاس ھامماـلچىلىـق قىلـىـپ تىرىـكچىلـىـك قىلغان. ئۇلاردا ھارام تاماقلىق، تەمەگەرلىك بولمىغان.

— ھەتتا داۋۇد ئەلەيھىسسالامـمۇ، — قـوشۇمچە قـىلـدى بىـر ئۆلىما ، — مەن ئاللاتائالانىڭ پەيغەمبىرى دېمەي، تۆمۈرچىلىك قىلىپ كۈن كەچۈرگەن.

— ئارى راسـت ! — دەپ جـانلىـنـىـپ كـەتـتـى ئابـدۇقـادىـر مۇپتى، — ھالا شۇنداق ئىكەن، «توققۇزكەنت»تىكى ئىـشانلارنىـڭ خانىنىڭ ئەمرىنى ئەزىزلىمەي، مۇرىتـلىرىـنىـڭ بىرقـانچە تاغـار غەللىسىنى دۇئا بىلەن ئېلىۋېلىشى، يەنى نەپسىنى خار قىلىشى شەرىئەت قانۇنلىرىغىمۇ توغرا ئەمەستۇر. مەنمۇ ئـۇ ئادەملەرنـى ئىشانلىق رۇتبىسىدىن مەھرۇم قىلىش تەرەپدارى.

ئـۇنىڭدىـن كېيىـن شەھەر ھاكـىمـى غـازى بـەگ ئورنـىـدىـن تۇردى.

— ئىشـانلارغا قويـۇلـىدىغـان شەرتلەر نۇرغۇن، شۇلارنىـڭ بىرى، ئۇلار پەيغەمبىرىمىز ۋاجىپ قىلغان يولنى تۇتۇپ بايلىق تـوپلاش، مەرتـىۋە ھەم ھاۋايى - ھـەۋەسلەردىن خـالىي بولـۇش لازىم. ئۆمەردارلاس تانـى دېگەن مـەشـھۇر ئىـشـان ئۆز ئوغـلـى خەۋەندى تاھـورغا: «موللا بـولما، شەيـخ(ئىشـان) بـولما، سـوپـى بولـما، مۇسۇلـمان بول» دەپ نەسـىھەت قـىـلغانـىكەن. بۇنـىـڭ مەنىسى شۇكى، مۇسۇلـمان بولۇش — پۇقرالارنىڭ مـەنپەئەتـى ئۈچۈن ياشاش ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلىش دېـگەنلىـكتۇر. ياقـۇپ خوجام ئەنـە شۇنداق ئۇلـۇغ پىركـامـىللار كـۆرسـەتكەن تـوغـرا نىشانلارغا ئەمەل قىلىپ، پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى، مەئىشەتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن پەرمان بەرگەنىدى. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ئىجـرا قىلىنىشى تولىمۇ ناچار بوپـتۇ. ئەگەر خـوجامغا تـوغرا كەلسـە

پەرمانغا بويسۇنمىغان بۇ ئادەملەرنى مۇپتى ھەزرەت ئىپتقانىدەك ئىشانلىق ماقامىدىن (دەرىجىسىدىن) مەھرۇم قىلىش لازىم.

بۇ مەجلىستە ھوشۇر قازى «مېنىڭ كەسپىم تۇججار. بۇ ئىشلارغا ئارىلىششىمنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن ئويغا كېلىپ گەپ قىلمىدى. نىياز بەگ بولسا ياقۇپ خوجىنىڭ بۇ مەجلىسنى ئۆزى كەلگۈچە ئاچماي تۇرغانلىقىدىن خۇشال بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە تېگىشلىك ۋەخپە يەرلەرنىڭ ھوسۇلىنى بۇرۇنقىدەك ئېلىۋالغىنى، غازى بەگ بىلەن بىللە قەشقەردىكى يۇسۇپ خوجىغا قاتىل دالىم خوجىنى جازالىماي، يەكەنگە ئەۋەتىپ بېرىشنى سوراپ خەت يازغىنى يادىغا كېلىپ، ئىغىز ئىچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ھەتتا غازى بەگنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ «بۇ ئادەم يۇسۇپ خوجامدىن ئەپۇ سورىدىمىكىنە؟» دېگەن گۇماندىمۇ بولدى... بىراق ئۇنىڭ ئاغزىنى ئىچىشقا ياقۇپ خوجا سەۋەب بولدى، ئۇ:

— بەگ ئاتامنىڭ مەسلىھەتى قانداق ئىكىن؟ — دېدى.

— مېنىڭ مەسلىھەتىم، — دېدى نىياز بەگ ياقۇپ خوجىنىڭ مەجلىس ئەھلى ئالدىدا «بەگ ئاتام» دەپ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلغىنىدىن خۇرسەن بولۇپ، — مەنمۇ مۇپتى ھەزرەتلىرى بىلەن ھاكىم جانابلىرىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. خاننىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرمەي، دېھقانلارنى غەلەت يولغا باشلىغانلارنى دەرھال رۇتبىسىدىن مەھرۇم قىلىش لازىم، — ئۇ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن، — مەنمۇ خوجا بالامغا ئوخشاش ئەتىلا ئۆز ۋەخپىلىرىمگە بېرىپ، پەرماننىڭ قانداق ئىجرا قىلىنغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرىمەن، — دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ قويدى.

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ۋەخپە يەرلىرى بار ئادەملەرگە ياقمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار: «بىزمۇ نىياز بەگكە ئوخشاش تەكشۈرۈپ كۆرمىسەك بولمايدىغانغا ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزلەرنى قىلىشتى.

ياقۇپ خوجا بۇ مەجلىستە كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى. شۇ يەردىلا ھەيدەر ئىشان بىلەن ھېدىل سوپىلارنى ئىشانلىق مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى جاكارلىدى. مەجلىس تۈگىگەندىن كېيىن بۇ يېڭى پەرماننى «توقۇز كەنت» خەلقىگە ئۇقتۇرۇش ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى پەرمانىغا ئەمەل قىلىشنى چۈشەندۈرۈش ھەم لاۋازىمدىن ئايرىلغان ئىككى ئىشان بىلەن خانلىق ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن دىۋانبېگى، سالىھ خەلپە ۋە ئابدۇللا باقاۋۇللارنى بەلگىلەش قارار قىلىندى.

## يەتتىنچى باب

ئادەم بالىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى چەكسىز بولىدىكەن. بىرسىگە يەتسە، يەنە بىرسىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ھوشۇر قازىنىڭ ئارزۇسى پۇل تېپىپ باي بولۇش ئىدى. بۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن كىچىكىدىنلا تۇججارلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، قىرىق ياشقا كىرگەندە يەكەندىكى چوڭ بايلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. كېيىن دانىيال خوجا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈپ، ئوردا ئەركانلىرىنىڭ بىرسى بولدى.

ياقۇپ خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن ھوشۇر قازى «دانىيال خوجام رەھمەتلىك پۈتۈن قەشقەرىيەگە خان ئىدى. ياقۇپ خوجا بولسا پەقەت يەكەنگىلا خان بولدى. شۇنىڭغا بېقىپ مېنىڭ ئوردا ئەركانلىقىمۇ ‹ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق› نامغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر شەھەرنىڭ، ئەڭ بولمىغاندا بىر ناھىيەنىڭ ھاكىملىقىنى قولغا كەلتۈرگىنىم ياخشىدەك تۇرىدۇ» دەپ ئارزۇ قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان خىراجنىڭ مەلۇم قىسمىنى بېرىشكە تەييارلىقىنى بىلدۇرۇۋىدى، ياقۇپ خوجا: «بۇ ئىلتىپاتلىرىغا چوڭ رەھمەت، يېتىشمەي قالسا، مۇراجىئەت

قىلارمەن» دېدى ـ يۇ، لېكىن مۇراجىئەت قىلمايلا خىراجىنى تۆلەپ كەلدى. قارىغاندا، ياقۇپ خوجىنىڭ تىلىنى دانىيال خوجىدەك دەپىنە ـ دۇنيا بىلەن تاپقىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ...

ئۇ مۇشۇنداق ئويلارغا بېرىلىپ تۇراتتى، قېشىغا ئايالى ئايگۈل ئاغىچا كىرىپ كەلدى ـ دە:

— سىلىگە بىر يېڭىلىق ئېيتايمۇ؟ — دېدى.

— يېڭىلىق؟ — ئۇ ئايالىنىڭ خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا قارىدى.

— ھەئە.

— خوش، — ھوشۇر قازى ئاغىچىسىنىڭ يۇمشاق بىلىكىنى تۇتۇپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

— ياقۇپ خوجام ئايشەم ئاغىچىنى ھەرەمخانىسىغا ئەكەلمەسمىشقۇ؟

— بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلىدىلا؟

— ئىززەت ئاغىچىدىن، ئۇ خېنىمنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ياقۇپ خوجىنىڭ يەنە بىر بالىسىمۇ «توققۇزكەنت»تىن قايتىپ ھەرەمخانىغا كېلىۋالغان ئوخشايدۇ. شۇ غوجىزادە ياقۇپ خوجىغا: «ئانامنى قايتۇرۇپ كېلەيلى» دەپتىكەن. ئۇ خوجام: «ئانىڭىز ئەمدى بۇ يەرگە كەلمەيدۇ. شۇ يەردە تۇرغىنىغا شۈكۈر قىلسۇن» دەپتۇدەك.

ھوشۇر قازى ئايالىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، نە ۋاقىتتا ئابدۇقادىر مۇپتىنىڭ «ياقۇپ خوجام ئۈچ ئايدىن بېرى بويتاق يۈرۈۋاتىدۇ. ئۆيلەپ قويساق بولاتتى» دېگەن سۆزلىرى يادىغا كېلىپ:

— ھازىر، بەلكى ياقۇپ خوجامنى كۈيۈ ئوغۇل قىلىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقان ئادەملەرمۇ باردۇ؟ — دېدى.

— بولمامدىغان، بۇنداق ئادەمنى كىمنىڭ قولدىن چىقارغۇسى كېلىدۇ؟ — دېدى ئاغىچا دەرھاللا.

— سىلىدىمۇ شۇنداق ئوي بارمۇ؟

ئايگۈل ئاغىچا جاۋاب بېرىشتىن بالدۇر ئېرىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرمەك بولدى ئەتىمالىم:

— سىلىدىچۇ؟ — دەپ ھوشۇر قازىغا سوئال قويدى ۋە، — مەن دېگەن سىلىنىڭ رايىلىرىچە ئىش قىلىدىغان ئادەم، — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

ھوشۇر قازى بىرپەس تۇرۇپ قالدى - دە:

— سىلى قوشۇلسىلا، مېنىڭ ياق دېگۈم يوق، — دېدى.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — دەپ ئۇنىڭ بۇرنىنى چىمدىپ قويدى ئايگۈل ئاغىچا، — شۇنچە يىللاردىن بېرى سىلىنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلغان تۇرسام، ئەمدى قوشۇلماسمەنما؟

— سىلىنىڭ مۇشۇنداق سۆزلىرىگە قۇل بولۇپ كېتىمەن - دە، ئاغىچا، — دېدى ھوشۇر قازى ۋە ئاغىچىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ باغرىغا باستى.

ئېرىنىڭ ئويلىغانلىرى ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىققاچقا، ئايگۈل ئاغىچا ئۇنىڭ باغرىغا چاپلىشىپ، خۇددى مۇرادىغا يەتكەن ئاشىقتەك راھەتلىنىپ بىر دەقىقىدەك تۇردى - دە، ئاندىن:

— ئەجەبمۇ تاش يۈرەك ئادەم - دە سىلى. تۇنجۇقۇپ ئۆلەي دېدىمغۇ، — دېگىنىچە ناز قىلىپ ئېرىنىڭ باغرىدىن بوشاندى.

— بىراق، ئاغىچا، قىزىمىز بۇ يىل ئون سەككىزدىن ئازراق ئاشتى. ياقۇپ خوجا بولسا ئەللىككە تاقاپ قالغان ئادەم. بۇ يېقى قانداق بولار؟ ئەگەر ئۇ خوجامنىڭ ئۆزى ئېشىكىمىزنى ئاچسا، باشقا گەپ ئىدى.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ — ئېرىنىڭ سۆزىنى ياقتۇرمىدى ئايگۈل ئاغىچا، — «چۈجەمېكىيانىنى كۆرسە، قانات سۆرىمەيدىغان خوراز بولماس» دېگەندەك، ئاينۇر قىزىمىنى كۆرسە، ياقۇپ خوجامنىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ يېشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالار، شۇ چاغدا خانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئىشىكىمىزنى ئۆزى كېلىپ ئاچىدۇ دېسىلە.

«ئوهوي، بۇ خېنىمنىڭ ماڭا باققاندا ياقۇپ خوجىنى كۆيۈپ ئوغۇل قىلىش ئىشتىياقى خېلى كۈچلۈك ئىكەنغۇ؟» دەپ ئويلىدى هوشۇر قازى.

— ئەتە كۈنگە جۈمە ئىكەن، ياقۇپ خوجام ئوردىغا كەلمەي بەلكى دەم ئالار، رۇخسەت قىلسىلا، ئاينۇر قىزىمنى ئېلىپ، بايان ئاغىچىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاچ ھەرەمخانىغا بېرىپ كەلسەك، بەختىمىزگە ئاينۇر قىزىم خوجامنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

«مۇنۇ خوتۇننىڭ مۇنداق پاراستىنى بۇرۇن نېمىشقا بايقىمىدىم؟» دەپ ئويلىدى يەنە هوشۇر قازى ۋە ئۇنىڭ تاپقۇرلۇقىغا قايىل بولۇپ رازىلىق بەردى.

— بولىدۇ، ئاغىچام. سىلى ئويلىغاندەك بولسۇن. مېنىڭ قوشۇپ قويىدىغىنىم مۇشۇ باھانىدە خوجامنىڭ كۆزىگە چۈشكۈدەك سوۋغا ـ سالام ئېلىشنى ئۇنتۇمىسىلا.

— ۋىيەي، ئەر خەق تۇرۇپ شۇنداق ئىشلارغىمۇ چېپىلامدىلا، — دېدى ئايگۈل ئاغىچا رەنجىگەن ئاۋازدا.

— خوپ، خوپ، ئاغىچا. گېپىمنى ياندۇرۇۋالدىم. ئىلاھىم، ئىش سىلى دېگەندەك بولغاي!

※ ※ ※

ئىككى ئات قوشۇلغان مەپە چۈشكە يېقىن ھەرەمخانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن ياقىلىرى بىلەن ئېتەكلىرىگە چىلتەك تۇتۇلۇپ، قىممەتلىك رەختتىن تىكىلگەن يېنىك پەرەنجە يېپىنغان، يۈزلىرىگە قارا قىلدىن توقۇلغان چۈمبەل تارتقان ئايگۈل ئاغىچا بىلەن قىزى ئاينۇر خېنىم ۋە ئادەتتىكى قارا رەختتىن تىكىلگەن پەرەنجە ئارتىپ، يۈزىنى تور ياغلىق بىلەن توسقان خىزمەتچى ئايال چۈشتى.

ئايگۈل ئاغىچا ھەرەم ھويلىسىغا كىرىپلا، قىزىغا قاراپ:

«خوجامنىڭ ھەرىمىدە پەرەنجىگە ئورىلىۋالساق بولماس، قىزىم» دەپ، بېشىدىكى پەرەنجە بىلەن يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئېلىۋەتتى. ئاينۇر خېنىم بىلەن خىزمەتچى ئايالمۇ شۇنداق قىلدى ۋە ئۆزلىرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ھويلىغا چىققان نىسا بېگىم، جەملە ئاغىچىلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن ئۇلارنى جەملە ئاغىچا بايان ئاغىچىنىڭ مېھمانخانىسىغا باشلىدى. شۇ چاغدا ئايگۈل ئاغىچا ئۆزلىرىنى كۈتۈپ پېشايۋاندا تۇرغان بايان ئاغىچىنى كۆردى ـ دە، خۇددى ئۇزاق يىللار ئايرىلىپ كەتكەن قېرىندىشى بىلەن كۆرۈشكەندەك قۇچاقلىدى، قەدىردانلىق بىلدۈرۈپ ئەھۋاللاشتى ۋە:

— خۇدايىتائالاغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، بايان ئاغىچا، — دەپ گەپ باشلىدى، — ئۆزلىرىگە ياراتقان ئىگەم شىپالىق بەردى، دېسىلە، ئايشەم ئاغىچىنىڭ بۇنداق زىتمانلىق قىلىشىنى كىم ئويلىغان دەيدىلا. بىچارە قۇشناچىمنىڭ جېنى شۇ زامانلا كۆككە پەرۋاز قىلدى. ياراتقان ئىگەمگە مىڭ قەتلە شۈكۈر. شۇنىڭ بۇياقى ئاشۇ كۈندىكى ۋەقەلەر يادىمغا كەلسە، قورققىنىمدىن نەچچە كۈنگىچە ئۆزۈمگە كېلەلمەي قالىمەن...

بايان ئاغىچا ئايگۈل ئاغىچىنىڭ بۇنداق گەپلەر بىلەن ھەرەم ھويلىسىدا بىر مەزگىل تۇرسام، ھويلىغا قارايدىغان دېرىزىلەرنىڭ بىرسى ئارقىلىق ياقۇپ خوجامنىڭ كۆزى قىزىمغا چۈشۈپ قالار، دېگەن مۇددىئا بارلىقىنى بىلمەي، گېپىنى بۆلدى:

— قېنى، ئاغىچا، ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا.

— ۋىيەي، ۋىيەي، دەرۋازىدىن مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە پۇتلىرىمدا جان قالمىدا، ئۇھ! — دېدى ئايگۈل ئاغىچا ئوڭ تەرىپىدىكى تامنىڭ قېشىدا تۇرغان ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، — جىنىدەك دېمىمنى ئېلىۋالاي، — ئۇ نىسا بېگىمگە قارىدى، — كۆز ئايلىرى بولسىمۇ، ھاۋانىڭ ئىسسىپ كەتكىنىنى قارىسىلا، يېرىم پىيالە سۇ بەرسىلىچۇ؟

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بايان ئاغىچا:

— ئىنسا بېگىم، ئايگۈل ئاغىچىغا ئانارنىڭ شەربىتىدىن قۇيۇپ چىقسىلا، — دېدى.

— پاھ، پاھ، پاھ، — دەپ بەش بارمىقىنىڭ تۆتىگە ئۈزۈك سېلىنغان ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى يەلپۈگەچ يەنە سۆزلەپ كەتتى ئايگۈل ئاغىچا، — ھېلىمۇ ياقۇپ خوجام تولىمۇ كەڭ قورساق ئادەم ئىكەن. يەكەندىكى خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىچى مەرەز بىلەن تولغان بىشەم ئاغىچىنى سەنگسار (چالما كېسەك) قىلىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك ئىدى. ئۇ قانجۇق ئۆزىنىڭلا ئەمەس، يەكەندىكى ھەممە ئاياللارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈۋەتتى، دېيىشىۋاتىدۇ. يېقىندا خوتەن تەرەپتىن ئۆيدىكىلەرنىڭ تۇججار ئاغىنىلىرىدىن بىرنەچچىسى كېلىپ بىر كېچە قونۇشتى. ئۇ تەرەپتىكى پۇقرالارمۇ ئايشەم ئاغىچىنىڭ بۇ جىنايىتىنى ئاڭلاپ قاتتىق نەپرەتلىنىپتۇ...

شۇ چاغدا پەتنۇس كۆتۈرۈپ كىرگەن ئىنسا بېگىم:

— قېنى مەرھەمەت قىلسىلا، ئاغىچا، — دەپ پىيالىگە قۇيۇلغان شەربەتنى سۇندى.

ئايگۈل ئاغىچا «رەھمەت» دەپ پىيالىنى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر ئوتلاپ «پاھ، پاھ، قەۋەتلا سوغۇق ئىكەنغۇ؟» دېگەن باھانە بىلەن قالغان شەربەتنى ئىچمەي ياكى پىيالىنى قايتۇرماي، يەنە گەپ باشلىدى.

— ھوشۇر قازى ئاكىلىرى پات ـ پاتلا جۇمە نامىزىدىن كېچىكىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. قارىسىلا، «نېمانداق قىلىق چىقاردىلا؟ سىلىگە قاراپ چۈشلۈك قىلماي ئولتۇردۇق» دېسەم: «مەرھۇم دانىيال خوجام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن. ئالتۇنلۇقتا چىقىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ كەلدىم» دەيدۇ. دېمىسىمۇ، ئۇ رەھمەتلىك خوجام بىلەن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر قەۋەتلا يېقىن ئۆتكەن ئادەملەر ئىدى ... — ئۇ قولىدىكى شەربەتنى يەنە بىر قېتىم ئوتلىغاندىن كېيىن، — شەربەت تازا

بەلەن بوپتۇ، ــ دەپ پىيالىنى قۇرۇقدىدى ـ دە، ئەگەر ياقۇپ خوجام ئۆيدە بولسا بۇ چاغقىچە بىزنى كۆردى، دېگەن ئويغا كېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

بايان ئاغىچا ھوشۇر قازىنىڭ بۇ ئايالىنى باشقا ئاغىچىلارغا قارىغاندا كەم گەپ قىلىدىغان، مىجەزى ئېغىر ئاغىچا دەپ ئويلايتتى. بۇگۇن بولسا ئۆيگە كىرمەي تۇرۇپ شۇنچە كۆپ سۆزلەرنى قىلغىنىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

جەمىلە ئاغىچا ھەش ـ پەش دېگۇچە داستىخان سېلىپ، چاي قۇيدى. نىسا بېگىم:

ــ سىلىنى تاتلىققا ئامراق ئىكەن دەپ ئاڭلىۋىدىم، ــ دەپ ئىككى پارچە ناۋاتنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئايگۇل ئاغىچىنىڭ پىيالىسىگە سېلىۋەتتى. بايان ئاغىچا بولسا:

ــ قېنى، ئاغىچا، چايغا باقسىلارا، ــ دەپ تەكلىپ قىلدى.

چاي ئىچىلگۇچە، ئايگۇل ئاغىچا بايىقىدەك كۆپ گەپ قىلماي، بايان ئاغىچىنىڭ رەڭگى بۇرۇنقى ئەكسىگە كېلىپ قالغىنىغا خۇشال بولغانلىقىنى، ئاندىن جەمىلە ئاغىچىغا قەشقەرنىڭ ھاۋاسى يېقىپ قالغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگەن بولدى.

ــ ئەمدى بىزگە رۇخسەت بەرسىلە، ــ دېدى چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئايگۇل ئاغىچا.

ــ بۇ قانداق گەپلىرى؟ ــ دەرھال نارازىلىق بىلدۇردى بايان ئاغىچا، ــ تاماق يېمەي كەتسىلە رەنجىپ قالىمەن.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى نىسا بېگىم بىلەن جەمىلە ئاغىچىلارمۇ تەكرارلىدى. ئايگۇل ئاغىچا ساھىبخانىلارنىڭ بۇنداق خېرىدارلىق قىلىۋاتقىنىغا خۇشال بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قىيالمىغان ھالەتتە رازىلىق بەردى ـ دە:

ــ ئۇنداق بولسا پېشايۋانغا چىقىپ ئولتۇرايلىچۇ، ئۆينىڭ ھاۋاسى تولىمۇ ئىسسىپ كەتتى، ــ دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ساھىبخانىلار دەرھال ئورۇن راسلاشقا كىرىشتى. شۇ ئەسنادا پېشايۋانغا چىققان ئايگۈل ئاغىچا قىزى بىلەن خىزمەتكار ئايالغا ئالغاچ كەلگەن سوۋغىلارنى مەپىدىن ئەكىلىشكە تاپشۇردى. ئۇلار دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكىدىن سۇنۇپ بېرىلگەن بىرنەچچە سېۋەتنى (ئىچىگە ئالما ـ ئانار ۋە شاپ ئۈزۈملەر قاچىلانغان) پېشايۋانغا ئەكىلىپ، يەنە دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. بۇ قېتىم ئاپپاق خالتىلارغا بىردىن سېلىنغا كۆزلۈك قوغۇنلاردىن يەتتە ـ سەككىزنى توشۇدى.

— قۇرۇق كېلىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، — دېدى ئايگۈل ئاغىچا، — ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلسىلا.

— كۆڭلىمىزنى سوراپ كەلگەنلىرىنىڭ ئۆزى يەتمەمدۇ. جوۋاپ كېتىپتىلا، — دېدى بايان ئاغىچا.

بۇ رەسمىيەت تۈگىگەندىن كېيىن مېھمانلار داستىخانغا تەكلىپ قىلىندى. شۇ چاغدا ياقۇپ خوجىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەك بولغان ئايگۈل ئاغىچا:

— ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى ئىسسىق كۆرۈپ بۇ يەرگە چىقىۋالدۇق. ياقۇپ خوجام ھەرەمخانىدا يوقتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ خوجام يوق، خاتىرجەم ئولتۇرۇشسىلا، — دېدى بايان ئاغىچا، — ئۇ كىشىنى سىلەر كېلىشتىن سەل ئىلگىرى ئوردىغا چاقىرىپ كەتكەن.

— ئۇ خوجام جۈمە كۈنى دەم ئالامدۇ؟

— دەم ئالاتتى. بۈگۈن ئىش چىقىپ قالسا كېرەك.

«ئاپلا، باياتىن بېرى قىلغان ھەممە ئەجىرلىرىم بىكارغا كېتىپتۇ ـ دە؟ ئەمدى قانداق قىلارمەن» دەپ سالپىيىپ قالدى ئايگۈل ئاغىچا. ئۇ ھەرەمخانىدىكى ئاشپەزلەر تەييارلىغان تاماققا ئېغىز تېگىپلا قايتىش قارارىغا كەلدى. شۇ ئەسنادا ھويلىنىڭ يان ئىشىكىدىن ياقۇپ خوجا كىرىپ كەلدى ۋە پېشايۋاندا ئولتۇرغان ناتونۇش ئاياللارنى كۆرۈپ، ئۇدۇل ئۆز ئۆيى تەرەپكە

مېڭىۋىدى، بايان ئاغىچىنىڭ كۆڭلىگە «ئايگۈل ئاغىچا ياقۇپ خوجام بىزنى كۆرۈپ كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلدى دەپ ھوشۇر قازىغا شىكايەت قىلىپ يۈرمىسۇن» دېگەن ئوي كەلدى ـ دە:

ـــ ياقۇپ خوجام ! ـــ دەپ خوجىنى توختىتىۋالدى، ـــ بۇ ياق ھوشۇر قازى جانابلىرىنىڭ زەئىپىسى ئايگۈل ئاغىچا بولىدۇ. كۆڭلۈمنى سوراپ كەلگەنىكەن.

ياقۇپ خوجا دەرھال پېشايۋاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئايگۈل ئاغىچا بىلەن ئەھۋال سوراشتى. «خۇدا دېگەن قۇلىغا چىقىرىپ بېرەر ، دېگىنى مۇشۇ ئىكەن ـ دە. مۇنۇ بايان ئاغىچا ئىچىمگە كىرىپ چىققاندەك ئەجەب ياخشى ئىش قىلدى» دەپ ئويلىغان ئايگۈل ئاغىچا ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى سالاپەتلىك ئانىلاردەك ئۆزىنى تۇتۇپ سۆزلەپ كەتتى.

ـــ ھوشۇر قازى ئاكىلىرى: «بۈگۈن دانىيال خوجام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. ئاينۇر قىزىم بىلەن ھەرەمخانىغا بېرىپ، بايان ئاغىچىنى يوقلاپ كېلىڭلار» دەپ ئەتىگەندىلا مەپە قوشتۇرۇپ قويۇپتىكەن. تەلىيىمىزگە بايان ئاغىچا بۈرۈنقى ئەكسىگە كېلىپ قاپتۇ. خۇدايىم بۈنىڭدىن كېيىن بالا ـ قازادىن ساقلىغاي...

ـــ كۆپ رەھمەت، قېنى پەھۇزۇر ئولتۇرۇپ مېھمان بولۇشسىلا، ـــ دېدى ياقۇپ خوجا ۋە بۇرۇلۇپ ئۆز ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

ئاينۇر بولسا ياقۇپ خوجىنى كۆرۈپ، ھە دېگەندە قىزلارغا خاس ئۇياتچانلىق بىلەن يەرگە قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، كېيىن ئانىسى ئېيتقان سۆزلەر يادىغا كېلىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ياقۇپ خوجامغا بىرنەچچە قېتىم قاراپ ئۆلگۈردى. كۆڭلىدە بولسا «ئەجەب قاملاشقان بەستى بار ئادەمكىنە. چىرايىغا قارىغاندا، بۇ ئادەمنى ھېچكىم قىرىقنىڭ ئۇستىدە دېمەيدۇ...» دېگەن ئويلار پەيدا بولدى.

ـــ ئەمىسە، بايان ئاغىچا، بىزگە رۇخسەت قىلسىلا، ـــ دەپ

ئورنىدىن تۇردى بۇگۈن ئويلىغان ئىشلىرى ئەمەلگە ئېشىپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولغان ئايگۈل ئاغىچا، — خۇدايىم بۇيرۇسا، ياخشى ئىكەنلا. ئاللا نېسىپ قىلسا يەنە كۆرۈشەرمىز.

ئۇ بايان ئاغىچىلارنىڭ: «تېخى ئەتىگەنغۇ. يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ مېهمان بولسىلا» دەپ خېرىدارلىق قىلغىنىنىغا ئۇنىماي پەرەنجىگە قول سۇندى. بىراق، ئۇنى دەرۋازىغا بارغۇچە هېچقايسىسى بېشىغا ئارتماي كۆتۈرۈۋالدى ۋە ئۆزىنى ئۇزىتىپ كەلگەن بايان ئاغىچىلار بىلەن يەنە بىر قېتىم خوشلاشتى ـ دە، يان ئىشىكتىن چىقىپ مەيگە يېقىنلاشقاندا، پەرەنجىلىرىگە ئورالدى.

— خۇدا بۇيرۇسا يولىمىز بولدى، بالام، — دەپ پىچىرلىدى ئايگۈل ئاغىچا قىزىنىڭ قۇلىقىغا، — ئاتىڭىزمۇ خۇشال بولىدىغان بولدى.

ئايگۈل ئاغىچا شەهەر ئىچىگە كىرگەندە، بىرىنچى بولۇپ ئۇچرىغان قەلەندەرگە قىزىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ سەدىقە بېرىشنىمۇ ئۇنتۇمىدى.

※ ※ ※

ئۇزاق يىللاردىن بېرى دانىيال خوجا تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاپ ئىشانلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن پەرمانقۇل ئىشان ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆزىگە ئېتىبار بەرمىگىنىگە ئىچى پۇشۇپ يۈرەتتى ۋە «ياقۇپ خوجام يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغاچقا، هۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئاتىسىدەك ماهىر ئەمەس ئىكەن. خان دېگەن دانىيال خوجىدەك ئۆز تەۋەسىدىكى پۇقرالار ئارىسىدا كىملەرنىڭ ئۆزىنى قوللاپ ، كىملەرنىڭ قوللىمايۋاتقانلىقىنى؛ چىقارغان پەرمانلىرىغا كىملەر خۇش، كىملەر نارازى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇشى لازىم ـ دە، بۇنداق بىپەرۋالىق قىلىپ، پۇقرانى ئۆز مەيلىگە تاشلاپ قويسا،

خانلىقنىڭ نېمە ئېتىبارى بولىدۇ...» دەپ ئويلايتتى.

دانىيال خوجا دەۋرىدە ئاز - تولا ۋەخىپىلەرگە ئىگە بولۇپ، قولى ئۈزۈراپ قالغان بۇ ئىشان «قارا تاغلىق»لار ھاكىمىيىتى-نىڭ داۋاملىق ھۆكۈم سۈرۈشىنى خالايتتى. بىراق، شەھەر ۋە ناھىيەلەردىكى ئەمەلدارلاردەك بىرەر ھوقۇقتا ئىگە بولمىسىمۇ، ئۆزىگە بەيئەت قىلغان مۇرىت - مۇخلىسلىرىنى قەشقەرنىيەنىڭ ھەممە شەھەرلىرىگە ئەۋەتىپ، خەلق ئارىسىدا بولۇۋاتقان ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆزلەردىن دانىيال خوجىنى خەۋەردار قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلايتتى. ياقۇپ خوجا بولسا بۇ ئادەمگە ئاتىسىغا ئوخشاش مۇناسىۋەتتە بولمى-دى. ئۇ «بىز تەرىقىچىلىك تۈپەيلى مەھكۇملۇقتا دۇچار بولغان خەلق» دەپ چۈشەنگەچكە، «قۇرئان كەرىم» بىلەن شەرىئەت يو-لىنى جارى قىلىپ، ئادەملەرنى تەرىقىچىلىككە باشلايدىغان تە-رىقەت (سوپىزم) يولىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ يولىنى ئۆزلىرىنى «قارا تاغلىق» بىز دەپ ھېسابلاي-دىغان ئوردا ئەركانلىرىمۇ ۋە باشقا خوجا - ئىشانلارمۇ ياقتۇر-مايتتى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە ياقۇپ خوجىنى قوللىغاندەك قىلاتتى - يۇ، ئەمەلىيەتتە بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالاتتى.

پەرمانقۇل ئىشانمۇ ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن، ياقۇپ خوجىنىڭ ھەربىر ئىشى پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىگە قارىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ مەجلىس - مۇلاقاتلاردا دېگەن گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، «ئەمدى بۇ خوجىنىڭ رايىغا باقماي بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئويغا كېلەتتى. تۈنۈگۈنكى مەجلىستە ئۆز پەرمانىغا ئەمەل قىلمىغان ئىككى ئادەمنى ئىشانلىق رۇتبىسىدىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، «ئەمدى بۇ خوجامنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇش لازىم» دېگەن قارارغا كەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ياقۇپ خوجا كېلىشتىن يېرىم سائەت بۇرۇنراق ئوردىغا كېلىپ كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— يۇرسىلە، — دېدى ياقۇپ خوجا ۋە پەرمانقۇل ئىشاننى

قوبۇلخانىسىغا باشلاپ كىردى ـ دە، ــ تۈنۈگۈن بولغان مەجلىستە سىلىنىڭ پىكىرلىرىنى سوراشقا ۋاقىت بولمىدى، ــ دەپ گېپىنى داۋام قىلدى، ــ ئاتام رەھمەتلىكنىڭ سىلىنى ئىلمى چوڭقۇر، تولىمۇ دانا ئادەم دېگەنلىكىنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا، سىلى بىلەن مۇلاقاتتا بولۇپ، خانلىقىمىزدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىشلار ھەققىدە پىكىر ـ مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاشنى لايىق كۆردۈم.

پەرمانقۇل ئىشان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ياقۇپ خوجىنىڭمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش ئۆزىنى خانلىقتا كېرەكلىك ئادەمنىڭ بىرسى دەپ قارايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ــ سىلى ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئاتام رەھمەتلىكنىڭ خىزمەتلىرىنى ساداقەتلىك بىلەن بېجىرىپ كەلدىلە. ئۈيلايمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خانلىقىمىزغا بولغان شۇ ساداقەتلىكلىرىنى داۋام قىلىدىلا، شۇنداقمۇ دەيمەن؟

ــ ئەلۋەتتە، شۇنداق، خوجام.

ــ تۈنۈگۈن مۆيدىن خوجىنىڭ ماڭا بەرگەن سوئاللىرىنىمۇ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋابلارنىمۇ ئاڭلىدىلا، سىلىنىڭ نەزەرلىرى بويىچە ئۇ كىشىگە بېرىلگەن جاۋابلاردا كەم قالغان ياكى ئارتۇق كەتكەن يەرلىرى بارمىدۇ؟

ــ ناھايىتى توغرا جاۋاب بەردىلە، ــ جانلىنىپ كەتتى پەرمانقۇل ئىشان، ــ مۆيدىن خوجا ئىشان بولغىنى بىلەن دىنىي بىلىملەردىن ئانچە خەۋىرى يوق ئادەم. ئەمما، ئۆز مۇرىتلىرىنى يىغىپ جەرره ـ ساما سېلىشقا ئۇستا. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى باشلىرى قېيىپ ھوشىدىن كەتكۈچە، ياپىرىم، ھۇم ـ ھۇم، ئاللاھۇ، ئاللا ھۇم ـ ھۇم ! دەپ بىر ئىزىدا ئالدى ـ ئارقىسىغا تەڭ قايرىلىپ ۋارقىرىشىپ، يىغا ـ زار بىلەن دۇئا قىلىشىدۇ. ئۇ مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مازارلارنى چۆرگىلەيدۇ. ئۇلاردىن ئالىدىغان نەرسىنى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن يۇلۇۋالىدۇ. مۇرىتلىرىنى تىرىكچىلىك قىلماي،

تەركىدۇنياچىلىقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە مەرھۇم دانىيال خوجامغا خەۋەر بەرگىنىمدە، ئۇ كىشى: «مەيلى ئەمەسمۇ؟ كىرەك بولغاندا بۇ ئادەمنىڭمۇ پايدىسى تېگىدۇ» دېگەنىدى، — ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆز گېپىنى دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولغان پەرمانقۇل ئىشان قوبۇلخانىدا ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەم بولمىسىمۇ، ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — پۇرسىتى كەلگەندە شۇ نەرسىدىن خەۋەر قىلايكى، ئۆزلىرى ئىشانلىق ماقامىنى ئېلىۋەتكەن «توقۇز كەنت»تىكى ھەيدەر ئىشان بىلەن ھېيدىل سوپىلار ئاشۇ مۆيدىن خوجىنىڭ تەسىرىدىكى ئادەملەر. ئۇلارنىڭ بەزى مۇرىتلىرى يەتكۈزگەن خەۋەرگە قارىغاندا، بۇ ئىككى ئىشان ھەر يىلى بىرنەچچە مەرتەم يەكەنگە كېلىپ مۆيدىن خوجىنىڭ ئۆيىگە غەللە قوي ۋە باشقا نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. ئۇلار بۇرناكۇن كەچقۇرۇنلا ھارۋىلىرىغا ئىككىدىن قوي، ئىككى تاغاردىن غەللە بېسىپ، مۆيدىن خوجىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە شۇ يەردە قونۇپتۇ.

— مۇنداقمۇ ئىشلار بار دېسىلە؟ — دەۋەتتى ھەيران بولغان ياقۇپ خوجا.

— شۇنداق، خوجام، سىلىنىڭ «توقۇز كەنت» خەلقىگە بەرگەن پەرمانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان ئىشانلارغا يەل بېرىۋاتقان ۋە ئۆزىنىڭ قازىنىقىنى غەللىگە، ئېغىللىرىنى مال - چارۋىغا توشتۇرۇۋاتقان ئادەم ئاشۇ مۆيدىن خوجىدۇر.

— چۈشىنىشلىك، — دېدى ياقۇپ خوجا ۋە سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكىدى، — تۈنۈگۈن يۈسۈپ خوجامنىڭ «مەرىپەت مەكتىپى» ئاچقانلىقىنى دېۋىدىلە.

— يۈسۈپ خوجام ئاچقان بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان تالىپلارنىڭ كۆپرەكى كەسپىي مەدداھلار ئىكەن. ئوقۇش مۇددىتىمۇ ئانچە ئۇزاق ئەمەس ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى ھەممە خىراجىتىنى يۈسۈپ خوجام خەزىنىدىن

بەرمەكچى بوپتۇ. خىزمەتكە...

— ئۇلار مەكتەپنى تۈگەتكەندە نېمە خىزمەت قىلىدىكەن؟

— مېنىڭ ئۇقۇشۇمچە، بۇ تالىپلارنىڭ ئاساسى ئىشى خەلقنى بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىققا دالالەت قىلىش، مۇسۇلمانچىلىقنى «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئەمەس، ئاللاتائالا بىلەن پەيغەمبىرىمىز بۇيرۇغان ئەمەللەر بويىچە جارى قىلىشنى تەشۋىق قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

ياقۇپ خوجا ئۆز پىكرىنى ئېيتىشتىن ئاۋۋال بۇ ئىشانىنىڭ قارىشىنى بىلمەك بولۇپ:

— يۈسۈپ خوجامنىڭ بۇ ئىشىغا سىلى قانداق قارايدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— راستىمنى ئېيتسام، ئىنىلىرىنىڭ بۇ ئىشىغا تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. ئەگەر ئىجازەت قىلىسىلا، بىز ھەم يەكەندە ئەينى شۇنداق مەكتەپ ئېچىپ مەدداھلارنى ئوقۇتساق، ئۇلار شەھەر ـ قىشلاقلارغا چىقىپ، ئۆزلىرى چىقارغان پەرمانلارنى خەلققە يەتكۈزسە، چۈشەندۈرسە تولىمۇ ئوبدان بولاتتى. ھېدىل سوپىدەك دۇئاگۈي ئىشانلارنىڭ ئاغزى يېپىلاتتى.

ياقۇپ خوجام پەرمانقۇل ئىشانغا يەنە سوئال قويدى:

— مېنىڭ ئۇقۇشۇمچە، يۈسۈپ خوجامنىڭ «مەرىپەت مەكتىپى»نى تاماملىغان تالىپلار، ئۆتمۈشتىكى مەزھەپ پېشۋالىرىنىڭ پۇقرالارنى تەپرىقچىلىككە سالغانلىقىنى؛ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانچىلىقنى قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زاھىتلىق بىلەن تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنى «پىر رازى — خۇدا رازى» دەپ، مۇھەممەد پەيغەمبەردىنمۇ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرغانلىقىنى دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن پۇقرالارغا چۈشەندۈرىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى ئەمەسمۇ؟ — پەرمانقۇل ئىشان تېخىمۇ جانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — بىز خەقنىڭ

جوڭغارلارغا بېقىندى بولۇپ قالغانلىقىمىزنىڭ ئەسلىنى ئالغاندا، مۇشۇ تەپرىقىچىلىكنىڭ كاساپىتى ـ دە. خەلقنى ئىككى قاشقا بۆلۈۋەتكەنلەر ئاشۇ مەزھەپ پېشۋالىرىغۇ.

ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ھەيران بولۇپ تىڭشىدى ۋە «بۇ ئادەم شۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كېتىپتۇغۇ؟ نېمە تەسىر قىلغاندۇ؟ نېمە مۇددىئاسى باردۇ؟» دېگەن ئويغا كېلىپ ئۆز ئويىنى ئېيتتى:

— بۇ ئىش، يەنى مەزھەپلەرنى يوقىتىش، خەلقنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقىنى قولغا كەلتۈرۈش مېنىڭچە، ئوڭاي ئىش ئەمەس، ئۇنىڭدىن نەتىجە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تىنماي، ئۇزاق ۋاقىت ھەرىكەت قىلىش لازىم.

— توغرا دەيدىلا، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى پەرمانقۇل ئىشان، — دۇنيادا تاشتىن قاتتىق، سۇدىن يۇمشاق نەرسە يوق. ھالا يۇمشاق سۇ توختىماي تامچىلاۋەرسە، قاتتىق تاشنىمۇ تېشىپ قويىدۇ.

— توغرا دەيدىلا. بىزدە يۇسۇپ خوجام ئوقۇتۇۋاتقان ئادەملەردەك مەدداھلىق سەنئىتى بىلەن پۇقرالارنى جەلپ قىلالايدىغان سۆزگە چېچەن ئادەملەر بارمۇ؟

— بولمامدىغان. يۇسۇپ خوجامنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ تولىسى بىزنىڭ مەشەدىكى مەدداھلاردىن تەلىم ئالغانلار دېيىشىدۇ، — ئۇ بۇ گېپىنى ماختىنىش ئۈچۈنلا ئېيتتى.

— بىراق، بۇ يەردىكى مەدداھلار «قارا تاغلىق»لارنى ماختاپ، «ئاق تاغلىق»لارنى يامانلاپ ئۆگىنىپ كەتكەن ـ دە.

— توغرا دەيدىلا، خوجام، بىراق «موللامنىڭ ئىشىكىنى سۇغار، پۇلىنى ئال» دېگەندەك، بۇ مەدداھ دېگەن خەق كۆڭ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كىم قانداق ۋەزىپە تاپشۇرسا، شۇنى قىلىدۇ ـ دە.

ياقۇپ خوجام بىرپەس ئويلىنىپ تۇردى ـ دە:

— مەن ئوقۇغان بىر ھەدىس كىتابتا رەسۇلۇللانىڭ: «مەدداھلارنىڭ (ئادەملەرنى يۈزتۇرا ماختايدىغانلارنىڭ) يۈزىگە تۇپراق چېچىڭلار»① دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەنىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان مەدداھلاردىن رايىم قايتىپ قالغانىدى. بۇ خەق ئادەمنىڭ كۆزىنى پارقىرىتىپ قويۇپ ماختايدىغان ئادەتنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغانىكەن. ئەتىيازدا ئابدۇللام بىلەن بىر مەدرىسىگە بارسام، بىر مەدداھنىڭ شۇ يەردە ئوقۇۋاتقان تالىپلارغا مېنى «قۇتبىل ئەقتاب» دەپ ماختىغىنىنى ئاڭلاپ، مەدرىسىگە كىرمەي كېتىپ قالدىم. ئادەملەرنى ماختاپ، ئىلاھلاشتۇرىدىغان بۇنداق مەدداھلارنىڭ يۈزىگە توپا چېچىش لازىم. مېنىڭچە، بىزگە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بېقىندى ئەھۋالغا دۇچار بولغىنىمىزنى، نېمە ئۈچۈن پۇقرالارنىڭ ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى، بۇنىڭغا نېمىلەر سەۋەب بولغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن مەزھەپ پېشۋالىرىنىڭ سۆزىگە كىرىپ ئەجدادلىرىمىز ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىدىن چەتنىمەسلىكىمىزنى چۈشەندۈرىدىغان مەدداھلار كېرەك. ئەگەر مۇشۇنداق ئىشلار قولىدىن كېلىدىغان ئادەملەرنى تەشكىللەپ خىزمەتكە سالسىلا، خانلىقىمىز ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەت بېرىدۇ، — دېدى.

بۇ گەپلەر پەرمانقۇل ئىشانىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى «ياقۇپ خوجا ماڭا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ، كۆڭلىدە بولغان ھەر تۈرلۈك گۇمانلارنى يېڭى سۈپۈرگىدەك پاكىز سۈپۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى، ھەتتا «بۇ خوجام مەرھۇم ئاتىسىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە چوڭقۇر ئويلايدىكەن ـ دە» دېگەن خولاسىگە كەلدى.

— ئەمدىكى ئىشلار، خوجام، ئۆزلىرى ئويلىغاندەك بولىدۇ. بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تىرىشىپ ئورۇنلاشقا ۋەدە بېرىمەن، —

① «ھەدىسلەر» كىتابىدىكى 43 ـ ھەدىس، تاشكەنت، 1991 ـ يىلى نەشرى.

دېدى پەرمانقۇل ئىشان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھازىرچە ئون نەپەر ئادەمنى تاللاپ تەربىيەلەشكە كېلىشتى. ئۇ ئادەملەرگە بېرىلىدىغان تەربىيەنى پەرمانقۇل ئىشان ئۈستىگە ئالدى. ياقۇپ خوجا بۇ ئون ئادەم بىلەن پەرمانقۇل ئىشاننىڭ بىر ئايلىق خىراجىتىنى تۆلەيدىغان بولدى، ئاندىن يۈسۈپ خوجامغا ئوخشاش ئوقۇش تۈگىگەندە ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىنىدىغان، ئۇنىڭدىن ئۆتكەنلەرگە شاھادەتنامە بېرىپ خىزمەتكە قويىدىغان بولۇشتى.

پەرمانقۇل ئىشان ياقۇپ خوجىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ چىقتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن رەھمەتلىك دانىيال خوجىنىڭ: «پەرمانقۇل ئىشان تولىمۇ بىلىملىك، دانا ئادەم» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغماي قالدى. ياقۇپ خوجا بولسا بىكار بولسىلا ئوردىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان، گەپ قىلسا، بىر ئېغىز سۆزنى تۈرلۈك مۇبالىغىلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ خەقنى كۇلدۇرىدىغان بۇ ئىشاننى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىش بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولدى. بەزىدە كىچىككىنە خۇشاللىقمۇ ئادەمنىڭ روھىنى يېنىكلىتىپ، غەم ـ غۇسسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئەنە شۇنداق كەيپى چاغ بولۇپ قالغان ياقۇپ خوجا ھەرەمخانىنىڭ ھويلىسىغا كىردى ـ دە، ناتونۇش ئاياللارنى كۆرۈپ، ئۇلارنى قىسىلمىسۇن دېگەن ئوي بىلەن ئۇدۇل ئۆيىگە ماڭغانىدى. بىراق، بايان ئاغىچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاياللارنىڭ قېشىغا كېلىشكە، ئەھۋاللىشىشقا توغرا كەلگەنىدى.

«بەزىدە ئاياللارنى ‹شەيتاننىڭ قىلتىقى، ئۇلار بىر غەمزە (ناز ـ كەرەشمە) بىلەن ھەرقانداق تەقۋانى يولدىن ئازدۇرىدۇ› دەيدىكەن. شۇ گەپ راستقا ئوخشامامدۇ؟ ـــ دەپ ئويلىدى ياقۇپ خوجا ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، ـــ ئايگۇل ئاغىچىنىڭ قىزى

ئۆيلىسىپ، ئۆزىنى يوشۇرىدىغان يەر تاپالمىغاندەك قىلدى ـ يۇ، قىيا بېقىپ يەنە غەمزە قىلدى.» ئۇ دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان دۇۋەت ۋە قەلەمنى ئېلىپ شىرەگە قويدى ـ دە، ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى قۇرلارغا چۈشۈردى:

جىلغۇنگەر بولدى ماڭا بىر كېنىزەكى نازۇككىنە،
كوكۇلى ھەريان ساچىلغان قاپقارا كۆزلۈككىنە.
ياشلىق ئەيلەرمۇ ۋە يا شوخلۇق قىلۇرنى بىلمەدىم،
لابەلەپ كۆرگۈزمىش ئول لەھزە يۇز تۇزلۈككىنە.①

## سەككىزىنچى باب

بايان ئاغىچا ئايشەم ئاغىچىنى «توقـقۇز كەنت»كە كۆچۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. چۈنكى، بۇنداق ئىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەمنى قەتل قىلىش كېرەك ئىدى. بىراق، ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپلا بۇ ئويىدىن يالتايدى. بۇنداق بولغىنى ياقۇپ خوجا بۇ ئايالنى قەتل قىلسا، جىنى چىقىپ دۇنيادىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى كۈندە دېگۈدەك ئازابلىنىپ دۇنيادىن ئۆتسۇن دېگەن ئويدا ياقۇپ خوجا مۇشۇ جازانى بەرسە كېرەك، دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇنىڭ بۇ ئويىغا نىسا بېگىممۇ قوشۇلدى.

— شۇ كۈنى ئۇنىڭ زىياپىتىگە كىرمەيدىغان ئىش ئىدى، — دېدى نىسا بېگىم رەنجىگەن ئەلپازدا، — مەن شۇ چاغدا ئۇ خوتۇننىڭ ئۇشتۇمتۇت زىياپەت قىلماقچى بولۇپ، ھېچقاچان كىرمەيدىغان ئۆيگە ناياقلاپ كىرىپ، ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلغىنىدىن گۇمانلانغانىدىم.

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 21 ـ سانىدىن ئېلىندى.

— شۇنداق قىلسامۇ بوپتىكەن. بىراق، ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئاغىچا ـ ئاپپاقلىرى شەھەردىن كەلسە، بىر هويلىدا تۇرۇپ كىرمىسەم سەت بولاتتى، — دېدى بايان ئاغىچا، — ئۇنىڭ ئۇستىگە ياقۇپ خوجامنىمۇ ئايىدىم، «ئۆگەيلىك قىلىپ، ئالدىغا كىرسەممۇ چىقمىدى» دەپ، ئۇ كىشىنىڭ بېشىنى ئاغرىتمىسۇن دېگەن ئويدىمۇ بولدۇم. ئايشەم ئاغىچىنىڭ بۇنداق رەزىللىكىنى كىم بىلسۇن.

— ھەرھالدا خۇدا ساقلاپ، بىرىنچى پىيالىنى ئۆزلىرىگە قويماپتىلا.

— شۇنى دېسىلە. بىچارە قۇشناچىنى ھۆرمەت قىلىمەن دەپ، ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبكار بولدۇم.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە. سىلىنىڭ ساقىيىپ قېلىشلىرىغا ئاشۇنداق چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەمگەرچىلىكلىرى سەۋەب بولدى.

ئارىدىن بىرەر ئايلاردەك ئۆتكەندە:

— نىسا بېگىم ! — دەپ چاقىردى بايان ئاغىچا ۋە ئۇ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، — بۈگۈن ئاخشام دانىيال خوجام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، — دېدى.

— ئىلاھىم خوجامنىڭ روھى يۆلىگەي ! — دېدى نىسا بېگىم.

— رەھمەتلىك پېشايۋانغان سېلىنغا كۆرپىدە يېتىپ: «دېمىم بەك سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. نىسا بېگىم ئىككىڭلار يۆلەپ قويساڭلارچۇ؟» دېگۈدەك. ئىككىمىز يەلپۈشكە باشلاپتۇق. بىر چاغدا: «جېنىم ئەجەبمۇ ئارام ئالدى، قولۇڭلاردا سېھىر بارمۇ نېمە؟» دەپتۇدەك. كەينىدىن: «ياقۇپ خوجىنىڭمۇ دېمى سىقىلىپ يۈرىدۇ. لېكىن، سىلەردىن يوشۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىمۇ يەلپۈپ قويساڭلارچۇ؟» دېگۈدەك. مەنزە: «ئايشەم ئاغىچا بارغۇ؟» دەپ نارازىلىق بىلدۈرسەم، «ئۇ ئاغىچىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن...» دېگۈدەك.

— چۈشلىرى چۈش بولغاي، — دەپ تەبىر بەردى نىسا بېگىم. — خوجامنىڭ روھى خۇدا بۇيرۇسا سىلىدىن نىمۇ، مېنىڭدىنمۇ رازى ئىكەن. «ياقۇپ خوجامنىڭ دېمى سىقىلىپ يۈرىدۇ. سىلەردىن يوشۇرۇۋاتىدۇ» دېگىنى ئايشەم ئاغىچىنىڭ رەزىللىكىنىڭ خوجامغا تازىمۇ ئېغىر كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «ئۇنى يەلپۈپ قويۇڭلارچۇ» دېگىنى — ئىككىمىزگە «ئانا ئورنىدا بولۇپ، ياقۇپ خوجامنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار» دېگىنى. ئايشەم ئاغىچىنى ئۇنتۇپ قالغىنى بولسا، ئۆز ئەۋلادىغا قارا داغ چۈشۈرگەن بۇ خوتۇن بىزنىڭ تائىپىمىزدىن ئەمەس دېگىنىدۇر.

— ئېيتقان تەبىرلىرى توغرا كەلسۇن، — دېدى بايان ئاغىچا، ئاندىن، — بۈگۈن كۈنگە نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— چارشەنبە.

— ھەرھالدا جۈمە كۈنى ئەتىگەندە خوجامنىڭ قەبرىسىگە چىقىپ زىيارەت قىلايلى. چۈشتىن كېيىن ياغ پۇرىتىپ، ياقۇپ خوجامغا قۇرئان ئوقۇتۇۋېتەيلى.

— تولا ئوبدان ئويلاپتىلا.

ئۇلار جۈمە كۈنى سەھەردىلا ئالتۇنلۇققا يېتىپ باردى. ئۇلارنى ئەكەلگەن مەپىكەش قىرى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ مەپىدىن چۈشتى - دە، قەبرىستانلىق تەرەپكە ماڭدى ۋە دانىيال خوجامنىڭ قەبرىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئايەت ئوقۇپ ئولتۇرغان «قارا تاغلىق» سوپىلار بىلەن مۇرىتلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن خوجامنىڭ زەئىپىسى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان سوپى - مۇرىتلار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، بىردەمدىلا غايىب بولۇشتى. ئاندىن مەپىكەش ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان بايان ئاغىچىلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، قەبرە تەرەپكە بېرىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۈستىگە قارا پەرەنجە ئارتىۋالغان بايان ئاغىچىلار سۈكۈت قىلغان ھالدا قەدەم تاشلىدى.

بايان ئاغىچا قورئاننى ئۆزى ئوقۇماق بولۇۋىدى، ئۆپكىسى ئۆرلەپ ئوقۇيالمىدى ـ دە، نىسا بېگىمگە:

ــ سىلى ئوقۇسىلا، ــ دەپ ئىلتىماس قىلدى.

بۇ ئايال بىرنەچچە سۈرىلەرنى يادقا ئوقۇيالايدىغان، قۇرئان ساۋاتى بار بولسىمۇ، دانىيال خوجىنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد› سۈرىسى قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ، دېگەن ھەدىسى بويىچە ئەگەر سىلەرگە قۇرئان ئوقۇشقا توغرا كەلسە، شۇ سۈرىنى ئوقۇساڭلارمۇ بولىدۇ» دېگەن سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىپ «قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد» سۈرىسىنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. شۇنداق قىلىپ، پەرەنجە يېپىنغان بۇ ئىككى ئايال روھىي جەھەتتىن ئارام ئالغاندەك ئۆزلىرىنى يېنىك سېزىشىپ مەيىگە ئولتۇردى.

※ ※ ※

ــ ئاپام خۇدا بۇيرۇسا، بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالدى، ــ دەپ سۆز قاتتى جەمىلە ئاغىچا چۈشلۈك غىزا ئۈستىدە نىسا بېگىمگە قاراپ، ــ بۇ چاغقىچە يولىمىزغا قاراپ يۈسۈپ خوجا بىلەن بالىلارنىڭ كۆزلىرى تۆت بولۇپ كەتكەندۇ.

نىسا بېگىم «جەمىلە ئاغىچىنىڭ بۇ گېپىگە بايان ئاغىچا بىرنېمە دەر» دېگەن ئويغا كېلىپ ئۈنچىقمىدى. بايان ئاغىچا بولسا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. «جەمىلە ئاغىچىنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ، ــ يۈسۈپ خوجام بىلەن نەۋرىلىرىم مېنى قاچان كېلىدىكىن دەپ تاقىلداپ كېتىۋاتىدىغاندۇ. بىراق، ياقۇپ خوجام تېخىچە دۇم يېتىپ دۇم قوپۇپ يۈرىدۇ. كاشكى، بۇ خوجام بېشىنى ئوڭلىۋالسا، ‹ئۆلۈكتىن تىرىك ئەۋزەل› دېگەن قائىدە بويىچە دانىيال خوجىنىڭ يىلىنى كۈتمەي كېتىۋېرەتتىم. خوجامنىڭ يىلى

توشقاندا يۈسۈپ خوجا بىلەن كېلىپ، زىيارەت قىلار ئىدىم. قانداق قىلسام بولىدىكىنتاڭ؟» ئۇ مۇشۇنداق خىياللارغا بېرىلىپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدى ـ دە، جەملە ئاغىچىغا قاراپ:

— يۈسۈپ خوجامغا ھەممىمىز تىنچلىق، ئامانلىق دەپ نامە يېزىۋەتسىلە، — دېدى، ئاندىن، — نامەنىڭ ئاخىرىدا چاپارمەن ئەۋەتىمىز دەپ ئەسكەرتىپ قويسىلا، — دەپ قوشۇپ قويدى.

بايان ئاغىچا شۇ كۈنى كەچتە نىسا بېگىمنى يېنىغا چاقىرىپ:

— قايسى كۈنى كۆرگەن چۈشۈمگە بەرگەن تەبىرلىرى بويىچە ئىش قىلىپ، ياقۇپ خوجامنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويمايمىزمۇ؟ بىر شەھەرگە خان بولۇپ، ھۆكمىنى يۈرگۈزۈۋاتقان ئادەمنىڭ ئۈچ ئايدىن بېرى بويتاق يۈرۈشى ئۆزى ئۈچۈنمۇ، بىز ئۈچۈنمۇ ياخشى ئەمەس، — دېدى.

— ئۇغۇ شۇنداققۇ، بىراق ياقۇپ خوجامنىڭ باللارىنىڭ يۈزىنى قىلىپ تۆت ـ بەش زاماندىن كېيىن ئايشەم ئاغىچىنى ئەكىلىۋېلىش ئويى بارمىكىن؟

— بۇنداق بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، — كېسىپ ئېيتتى بايان ئاغىچا، — ياقۇپ خوجام باللىرىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئايشەم ئاغىچىنى قەتل قىلمىدى. ئۇ خوتۇنغا شۇ شەپقىتىمۇ يېتەر.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، ئۇ خوجام ئۆزى ئۆيلىنىمەن دېمىسە، بىرنېمە دېمەك تەسمىكىن دەيمەنا.

— تەس بولسىمۇ، ياقۇپ خوجامنى ئۆيلىنىشكە تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك. مەن بىلەن سىلى ئۇ خوجامنىڭ ئانىسى ئورنىدىكى ئادەملەر.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، ئۇ خوجامغا تاپقان لايىقىمىز يوق ـ دە.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا. ياقۇپ خوجام سىلى بىلەن مەن

لايىق تاپىدىغان ياش بالىمىدى؟ لايىقنى ئۆزى تاپىدۇ. بىز بولساق ئۆيلەپ قويىمىز.
— ئەگەر ياقۇپ خوجام ماقۇل دېسە، مېنىڭ تاپقان لايىقىم بار، — دېدى نىسا بېگىم مۇغەمبەرانە كۈلۈپ.
— باياتىن مۇشۇ گەپنى دېمەمدىلا. كىم ئۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى بايان ئاغىچا.
— هوشۇر قازىنىڭ قىزى.
— قايسى كۈنى ئايگۈل ئاغىچا بىلەن كەلگەن قىز بالىما؟
— هەئە.
بايان ئاغىچا يەنە كۈلۈپ كەتتى ـ دە:
— سىلىنىڭ شىپتىلىلىكلىرى تۈگىمەيدىكەن ـ دە، — دېدى، — ئۇ قىز بالا ياقۇپ خوجامنىڭ يېرىم يېشىغا كەلمىگەن هاۋانچا تېشىدەك تۇرسا، بۇ لايىقلىرىنى قانداقمۇ ئېغىزغا ئالارمىز.
— سىلى ئايگۈل ئاغىچىنىڭ يوقلاپ كەلگىنىگە خۇش بولۇپ، دىققەت قىلمىدىلا، ئەمما مەن ئۇ ئاغىچىنىڭ گەپ ـ سۆزىگە، قىلىقلىرىغا باشتىن ـ ئاخىر سەپسېلىپ تۇردۇم. ماڭا ئۇلار سىلىدىن هال سوراشنى باهانە قىلىپ، قىزىنى ياقۇپ خوجامغا كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەندەك تۇيۇلدى. ئۇلارنىڭ هويلىغا كىرىپلا پەرەنجىلىرىنى ئېلىۋەتكىنىنى، ئۆينى ئىسسىق دەپ پېشايۋانغا داستىخان سالدۇرغىنىنى كۆردىلىغۇ، ئۇ كۈنى نەدە هويلىدا ئولتۇرغۇدەك ئىسسىق بولدى؟
— هەيتاڭەي، مەن ئۇ كۈنى ئايگۈل ئاغىچىنىڭ يوقلاپ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ، كۆڭلىدە قانداق غەرەز بارلىقىغا دىققەت قىلماپتىمەن. هەرهالدا، مەن ياقۇپ خوجامنىڭ ئۆيلىنىشنى خالايمەن. كىمگە ئۆيلىنىش خوجامنىڭ ئۆز ئىشى.
— ئۇنداقتا ياقۇپ خوجامنىڭ ئالدىغا كىرىمىزمۇ ياكى بۇ

يەرگە چاقىرىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى نىسا بېگىم.
— ئالدىغا كىرسەكمۇ، چاقىرساقمۇ بولىدۇ.
ئۇلار مۇشۇنداق پاراڭلار بىلەن تېخى بىر قارارغا كېلەلمەي تۇراتتى. سىدىق خوجا بالىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. كۆندە نەچچە قېتىم بايان ئاغىچا بىلەن نىسا بېگىمنىڭ قولىغا ئېلىپ ئەركىلىتىشكە كۆنۈپ قالغان بالا ئۇلارنى كۆرۈشى بىلەن كۈلۈپ، تەلپۈنۈشكە باشلىدى. بىراق، ئۇلارغا بۇ نارەسىدە بالا بىلەن مەلىكە بولۇش نېسىپ بولمىدى. ئۆيگە ياقۇپ خوجا كىرىپ كەلدى.
سىدىق خوجا ئاتىسىنىڭ يېنىدا بالىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن ئىزا تارتىپ دەرھال سىرتقا چىقىپ كەتتى. نىسا بېگىم ياقۇپ خوجا ئولتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا شىرە قويۇپ ئۈستىگە داستىخان سالدى ـ دە، چاي ئەكىرىش ئۈچۈن ئاشخانا تەرەپكە چىقتى. ياقۇپ خوجا:
— قانداق ئەھۋاللىرى؟ — دەپ بايان ئاغىچىدىن ھال سورىدى.
— ياخشى. ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى ياخشى كېتىۋاتامدۇ؟ — دېدى بايان ئاغىچا.
— ھازىرچىغۇ يامان ئەمەس. ياخشى ئىشلارنى باشلاش ئاسان ئىكەن، بىراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىندەك تۇرىدۇ. ھەرھالدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ كېتىۋاتىمىز.
— ياخشى ئىش قىلىشنى باشلىغان ئادەمگە ھەرقاچان ياراتقان ئىگەم مەدەت بېرىدۇ. مەرھۇم ئاتىلىرى دائىم شۇنداق دەيدىغان.
— شۇنداق، ئاللاتائالا ھەرقاچان ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا شاپائەت قىلغان.
— مەنمۇ سىلىنىڭ بىر ياخشى ئىش قىلىشلىرى ئۈچۈن ئالدىلىرىغا كىرەي دەپ تۇراتتىم، — دېدى بايان ئاغىچا نىسا بېگىم بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتنى ئېسىگە ئېلىپ.

— خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، كىچىك ئانا، بۇيرۇسىلا، — دېدى ياقۇپ خوجا.
— سىلىگە ئوخشاش شەھەر سوراپ، ئەل باشقۇرغان ئادەمنىڭ بويتاق يۈرۈشى بىزنى تەشۋىش...
— بولدى، گەپلىرىگە چۈشەندىم، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ياقۇپ خوجا، — بايىراقتا مۆپتى ھەزرەتلىرىمۇ مۇشۇ ھەقتە گەپ قىلىشۇدى، ئۇ كىشىگە سىلىنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئېلىپ جاۋاب بېرەي دېدىم.
— مۆپتى ھەزرەتلىرىگە ماقۇل دېسىلە، ئاتىلىرى ئۇ كىشىنى تولىمۇ پاراسەتلىك ئادەم دەيدىغان.
— بىراق، ئاتامنىڭ يىلى توشماي بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلسام ...
— ھەرگىز ئۇنداق خىيالدا بولمىسىلا، ئاتىلىرى ھايات ۋاقتىدا «ئۆلۈكتىن تىرىك ئەۋزەل» دېگەن گەپنى كۆپ تەكرارلايدىغان. شۇنىڭغا قارىغاندا، باشلىرىنى ئوڭلىۋالغانغا ئۇ مەرھۇمنىڭ روھى خۇشال بولسا بولىدۇكى، قورۇنمايدۇ.
ياقۇپ خوجا ماقۇللىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ تۇردى. بايان ئاغىچا ئېيتقان سۆزىنىڭ تەسىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن قوشۇمچە قىلدى:
— ئاتىلىرى ۋاپات بولۇشتىن ئىككى يىل بۇرۇنغۇ دەيمەن، ئازنا مەسچىتىنىڭ ئىمامى زەئىپسى ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئىماملىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرغانىكەن. ئاتىلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بويتاق ئىمامغا قاتتىق كايىغانلىقىنى ۋە: «بۈگۈندىن باشلاپ ئىمامەتچىلىكنى توختىتىپ، بۇ ئىشنى نائىب ئىمامغا ئۆتكۈزۈپ بەرسىلە، قايسى كۈنى ئۆيلىنىدىكەنلا، شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ئىمامەتچىلىك قىلسىلا» دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، سىلىغۇ خان، ئادەتتىكى بىر مۆمىنىڭمۇ بويتاق يۈرۈشى مۇسۇلمانچىلىققا توغرا كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.
بايان ئاغىچىدىن مۇنداق گەپلەرنى كۈتمىگەن ياقۇپ خوجا

ئۇنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ بەرگەن پىكىر ـ مەسلىھەتلىرىگە قايىل بولدى. ھەتتا «ئاتام رەھمەتلىك باشقا ئىشلاردا تەلەيلىك بولمىسىمۇ، ئايال تاللاشتا تەلەيلىك بولغانىكەن» دېگەن ئويغا كەلدى.

— بەرگەن مەسلىھەتلىرىگە رەھمەت، كىچىك ئانا، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ياقۇپ خوجا، — مەن ھازىرلا مۇپتى ھەزرەتلىرىگە خەۋەر قىلاي. ئۇ كىشىمۇ ئىككى مۆمىنىنىڭ بېشىنى قوشۇپ ساۋاب تېپىشقا مۇيەسسەر بولسۇن.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ گېپى بۆلۈنۈپ كەتمىسۇن دېگەن ئوي بىلەن ئىشىك سىرتىدا تۇرغان نىسا بېگىم پىيالىلەر بىلەن چەينەك سېلىنغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كىردى ـ دە، ياقۇپ خوجىغا قاراپ:

— سىلى تۇرۇۋاپتىلىغۇ، خوجام. بىر پىيالە بولسىمۇ چاي ئىچسىلە بولاتتى، — دېدى.

— رەھمەت، — دېدى ياقۇپ خوجا.

※ ※ ※

دېھقانلار «ئۆز بەرگىدە ئېچىلغان گۈلنىڭ شۇ بەرگىدە غازاڭ بولغىنى ياخشى» دېگىنىگە ئوخشاش، بايان ئاغىچىمۇ دەسلەپكى كۆڭۈل خۇشلۇقىنى كۆرگەن بۇ ئۆينى تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى. «بۇ ئۆي، — دەپ ئويلاپ كەتتى ئۇ، — ماڭا ياراتقان ئىگەمدىن كېيىن باشپاناھ بولغان، ئەڭ يېقىن ئادىمىم دانىيال خوجام يېتىپ ـ قوپقان ۋە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان ئۆي. بۇ ئۆي گۈلدەك ياشلىقىم ئۆتكەن، دىنىي ئىسلامنى قوبۇل قىلغان مۇقەددەس ئۆي. بۇ ئۆي يۈرەك پارىلىرىم — يۈسۈپ خوجام چوڭ بولغان ئۆي، ئۇلۇغ ئەزىزىم تۇغۇلۇپ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن يىغىسى، ۋىلىقلاپ كۈلگەن ئاۋازى تاملارغا سىڭىپ كەتكەن ئۆي. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئۆينى

تەرك قىلىش ئىنسابتىن ئەمەس.»

بىراق، هايات دېگەن ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل خاھىشى بىلەن ھېسابلاشمايدىكەن. يۈسۈپ خوجا قەشقەرگە خان بولۇپ ماڭغاندا بايان ئاغىچىنىڭ بۇ ئويلىرى قاتتىق بوران سوققان كۆلنىڭ سۈيىدەك چايقىلىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ «بىر ھېسابتا ئايشەم ئاغىچىنىڭمۇ توغرا، دانىيال خوجام بولمىغاندىكىن، بۇ ئۆيدە تۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ لېكىن، ئۇ مەرھۇمنىڭ يىلى توشماي تۇرۇپ قەشقەرگە كەتسەم، خوجامنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. ئۆزۈمنىڭ ۋىجدانىممۇ ئازابلىنىدۇ، — دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ، ئۆزىگە خاس تەمكىنلىك ۋە ئەپۇچانلىق بىلەن يۈرىۋەرگەنىدى. بىراق، ئايشەم ئاغىچىنىڭ ئىككىنچى ھەملىسىدىن كېيىن قەشقەرگە كەتمىگىنىگە پۇشايمان قىلدى، — شۇ چاغدا يۈسۈپ خوجام بىلەن كەتكەن بولسام، بۈگۈنكىدەك كېسەل بولۇپ ياتمايتتىم. قېرى قۇشناچمۇ ئۆلمەيتتى. ياقۇپ خوجىمۇ بالىلىرىنى تىرىك يېتىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئانىسىنى بۇ يەردىن بەدەرغە قىلمايتتى. ئەمدى بۇ يەرگە چاپلىشىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. خۇدا شىپالىق بېرىپ ساقىيىپ كەتسەم، دەرھال يۈسۈپ خوجامنىڭ قېشىغا كېتىمەن.» ھازىر بولسا ئۇنىڭ بۇ قارارىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

— يۈسۈپ خوجامغا يەنە بىر نامە يېزىڭ، بالام، — دېدى بايان ئاغىچا، — بىرئاز كېچىكىپ ماڭىدىغان بولدۇق. ئاكىلىرى ياقۇپ خوجام ئۆيلىنىدىغان قارارغا كەپتۇ. شۇڭا، ئۇ كىشىنىڭ توينى تۈگىتىپ كەتمىسەك ئۇيات بولار.

بۇ گەپ جەملە ئاغىچا ئۈچۈن پۈتۈنلەي يېڭىلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ:

— خوجا ئاكام قاچان ئۆيلىنىدىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— تېخى نامەلۇم.

جەملە ئاغىچىنىڭ: «خوجا ئاكام كىمنى ئالىدىكەن؟» دېگەن

سوئالى تىلىنىڭ ئۇچىدا تۇرسىمۇ، ئەدەپ دائىرىسىدىن چىقىپ سورىمىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ياقۇپ خوجىنىڭ ھەرەمخانىسىدا چاققانغىنا توي زىياپىتى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭغا ئوردا ئەركانلىرىدىن باشقا ئۆمەر باقى ئاخۇن، سالىھ خەلپەتلەر قاتناشتى. نىكاھنى ئابدۇقادىر مۇپتى ئوقۇدى.

كونىلارنىڭ «يۈگۈرگەن قالدۇ، بۇيرۇغان ئالدۇ» دېگەن گەپلىرى راست ئىكەن، ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆيلىنىشىگە نىيەت قىلغىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئوردا ئەركانلىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلىما ـ ئىشان، شەھەر بايلىرىنى پايىپىتەك قىلىۋەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن قىزغانغان ھالدا ئۆز ئائىلىسىدىن، كېيىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارىسىدىن لايىق ئىزدەشتى. شۇ باھانىدە ياقۇپ خوجىنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدىغان پەرىشتە سۈپەت باكىرە قىزلارنى تېپىپ خانىنىڭ قېيىنئاتىسى ياكى قېيىنئاغىسى دېگەن ھۆرمەتلىك ئاتاققا ئىگە بولۇشنىڭ كويىدا بولۇشتى. بىراق، ياقۇپ خوجىنىڭ جابىر[1]غا ئوخشاش باكىرە قىزغا ئەمەس، بالىلىرىغا ئانا بولالايدىغان ئايالغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قىزى بارلار بىلەن قىز ئىزدىگەنلەرنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى. ئەمدىكى نۆۋەت ئەردىن چىققان ۋە ئېرى ئۆلۈپ تۇل قالغان قىزلىرى بار ئادەملەرگە كەلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ بىردىن، ئىككىدىن بالىلىرى بولۇپ، «ياقۇپ خوجام ئۇنىمامدىكىن» دېگەن ئەندىشىدە بولدى. شۇ چاغدا ئۆمەر باقى ئاخۇننىڭ يادىغا سىڭلىسىنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بېرى تۇل بولۇپ قالغان شەرىپەخان ئىسىملىك قىزى كەلدى. بۇ قىزنىڭ

① بىر ھەدىستە جابىر ئىبنى مالىك دېگەن ساھابىنىڭ سىڭىللىرىغا ئانىلىق قىلغان ئايالغا ئۆيلەنگەنلىكى يېزىلغان. پەيغەمبىرىمىز «ئاللا مۇبارەك قىلسۇن» دەپ دۇئا قىلغان.

ئىرى تۇرمۇش قۇرۇپ بىر يىلدىن كېيىنلا باقىي دۇنيانىڭ راھىتى ئۇچۇن، پانىي دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىدىن قول ئۈزۈپ، زاھىتلىقا بەل باغلاپ، تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقان، قۇرئان ساۋاتى بار، كىتاب ـ رىسالىلەرنى كۆپ ئوقۇيدىغان شەرىپەخان تۆت ـ بەش يىلدىن بېرى شەھەردىكى بويىغا يەتكەن قىز باللارغا (ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بەرگەن ئاز ـ تولا ھەق ھېسابىغا) ئۆي تۇتۇش، ئائىلە باشقۇرۇش، ئەر ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشقا ئوخشاش تەلىم ـ تەربىيەلەرنى بېرەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن شەرىپەخاننىڭ ئاتىسى غازى بەگنىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئۇ ئادەم بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كەشمىر تەرەپكە سودا بىلەن بېرىپ ، شۇ ياقتا قاراقچىلار تەرىپىدىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى غازى بەگ ئىنىسىنىڭ بۇ قىزىغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ، قاراقاشتا تۇرىدىغان «قارا تاغلىق» بىر ئىشانغا چېتىپ قويماق بولغاندا شەرىپەخان ئۇنىمىغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيان چوڭ دادىسى غازى بەگنىڭ نەزىرىدىن قېلىپ، تۇغقانچىلىقى ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى.

«بەلكى ياقۇپ خوجامنىڭ ئۆيلىنىشتە جابىرنىڭ يولىنى تۇتقانلىقى غازى بەگكە ئاياندۇر» دەپ ئويلىدى ئۆمەر باقى ئاخۇن. ئۇ يەكەندىكى ئاخۇن ـ ئاكابىرلار ئىچىدە ئىززەت ـ ھۆرمىتى بار ئادەم ئىدى ۋە ياقۇپ خوجا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىشلارنى چىن دىلىدىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيتتى. ئۇ بىرنەچچە كۈن قورساق تىنگشاپ يۈردى ـ دە، ئاخىر ئابدۇقادىر مۇپتىغا بېرىپ ياقۇپ خوجامغا لايىق تېپىلغان ـ تېپىلمىغانلىقىنى بىلىشكە بەل باغلىدى.

— مانا قارىسىلا، ئۆمەر باقى ئاخۇن جانابلىرى، — دېدى مۇپتى، — خوجامغا ئىككى ـ ئۈچ يەردىن لايىق تاپقاندەك

بولدۇق، زىراكى، بۇ لايىقلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسى ياقمىدى. خوجام ئۇلار بىلەن بىرنەچچە مىنۇتلا مۇلاقات قىلىپ، كۆڭلى سۇ ئىچمىگەنلىكىنى ئىزھار قىلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئىممىن تاپقان ئۆمەر باقى ئاخۇن:

— غازى بېگىمنىڭ ھېلىقى يىلى كەشمىردە ئۆلۈپ كەتكەن ئىنىسى بارغۇ، شۇ كىشىنىڭ بىر قىزى بار، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ ۋە: «ئۇ قىز مېنىڭ سىڭلىمدىن تۇغۇلغان» دېمەكچى بولۇپ، دېيەلمىدى، — بۇ قىز ئوتتۇز ئىككىگە كىردىغۇ دەيمەن. بۇ ھەقتە غازى بېگىم ھېچ نەرسە دېمىدىمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان مۇپتى:

— ياق، — دېدى ۋە ئەجەب غازى بەگنىڭ يادىغا كەلمەپتا، دەپ تېڭىرقاپ قالدى، ئاندىن، — ئۇ ئايالنىڭ بالىسى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوقسۇ.

ئابدۇقادىر مۇپتى بۇ ئايالنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورۇشتۇرگەندىن كېيىن، «بىر بولسا مۇشۇ ئايال ياقۇپ خوجىغا توغرا كېلىدىكەن» دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە:

— ئەگەر بۇ ئىشىمىز ئەپلىشىپ قالسا، ساۋابىنىڭ چوڭىغا مۇيەسسەر بولىمىز جۇمۇسىلا، — دېدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئابدۇقادىر مۇپتى كىشى ئەۋەتىپ ئۆمەر باقى ئاخۇننى چاقىرتىپ كەلدى ـ دە، ئىشلىرىنىڭ ئەپلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— سىلىنىڭمۇ سىر ساقلايدىغان مىجەزلىرى بار ئىكەن ـ دە، غازى بەگنىڭ ئىنىسىنىڭ قىزى دەپ بىر تەرىپىنى ئاشكارا قىلىپ، مېنىڭ سىڭلىمنىڭ قىزى دېگەن يەنە بىر تەرىپىنى

يوشۇرۇپ قاپتىلا، — دېدى.

— ئەمدى ھەزرەتلىرى، ئۆزلىرىدىن ئاشىدىغان گەپ يوق، سۆڭەك ئىگىسى شۇلار ـ دە، — دېدى ئۆمەرباقى ۋە قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغالدى:

— ئالدىرىمىسىلا، — دېدى مۇپتى، — ئۇستا ئاشپەزلەر بىر قوشۇق ئىچىپ قازاندىكى شورپىنىڭ تۇزى تېتىغان ـ تېتىمىغانلىقىنى بىلگەندەك، ياقۇپ خوجام ئۇ ئايال بىلەن ئون مىنۇتتەك مۇلاقات قىلىپلا كېلىشىپ قاپتۇ. ئۆگۈنلۈككە، جۈمەدىن كېيىن ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇيدىغان بولدۇق.

شۇنداق تېز باشلىغان ئىشنىڭ مۇنداق تېز نەتىجە بەرگىنىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقان ئۆمەر باقى ئاخۇننىڭ خۇشاللىقىدىن تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. كۆڭلىدە بولسا «بىچارە شەرىپەخان قىزىمغا ئاللانىڭ ئىچى ئاغرىپتۇ ـ دە» دېگەن ئوي ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى.

— نىكاھ قەيەردە ئوقۇلىدىغان بولدى؟ — دەپ سورىدى سىڭلىسىنىڭ تار ئۆيىنى ئەسكە ئېلىپ.

— ئوردىنىڭ ھەرەمخانىسىدا، — دېدى مۇپتى، ئاندىن، — ئۇلار بىز يىگىتلىك ۋە قىزلىق دەۋرىنى تۇگەتكەن ئادەملەر بولغىنىمىز ئۈچۈن ئانىمىز بىلەن باشقا تۇغقانلارنى ئاۋارە قىلماي، بەش ـ ئون ئادەمگىلا توي داستىخىنى سېلىپ تۇگىتىشكە كېلىشكەن ئوخشايدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى.

— تولا ئوبدان ئىش بوپتۇ. قايسى كۈنى دېگەنلىرىدەك، خۇدا بۇيرۇسا، ساۋابىنىڭ چوڭىغا مۇيەسسەر بولىدىكەنمىز، — دېدى ئۆمەر باقى ئاخۇن.

شۇنداق قىلىپ، قەۋس ئوقيا (نويابىر) ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياقۇپ خوجىنىڭ ھەرەمخانىسىغا شەرىپە ئىسىملىك يېڭى ئاغىچا پەيدا بولدى.

«ياقۇپ خوجام ئۇياقتىن ئۆيلىنىپ، بۇياقتىن كېتىمەن

دېسەم توغرا بولماس، — دەپ ئويلىدى بايان ئاغىچا، — ئاز بولغاندىمۇ يەنە ئىككى ھەپتە تۇرۇپ، ئاندىن كېتەرمەن.»

ساناقلىق كۈن دېگەن تولىمۇ تېز ئۆتىدىكەن. شەرىپەخاننىڭ ھەرەمخانىغا كەلگىنىگە ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇمۇ شۇ كۈنلەر ئىچىدە بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ھەممە ئادەم بىلەن تونۇشۇپ بولدى، ھەتتا نىسا بېگىم، جەملە ئاغىچا ۋە سىدىق خوجامنىڭ ئاغىچىلىرى بىلەن ئىچەركىشىپ كەتتى. بايان ئاغىچىغا بولسا تولىمۇ كىچىك پېئىللىق ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت قىلاتتى. ئۇ كۆرۈنۈشتە كېتىۋاتقان ئادەملەر توختاپ قارىغۇدەك گۈزەل بولمىسىمۇ، ھەرھالدا سەت دېيىشكە تىل بارمايدىغان ئاياللار تائىپىسىگە كىرەتتى. يوغان قارا كۆزلىرى، نېپىز لەۋلىرى، ئويماقتەك ئاغزى، بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى ھېچقاچان قايغۇ ـ ئەلەم كۆرمىگەندەك ياكى خۇشاللىقتا چۆمگەن ئادەملەردەك كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا كىيىۋالغان ئالما گۈللۈك قوڭۇر كۆڭلەكنى بىلەن قارا مەخمەلدىن تىكىلگەن جىلىتكىسى ئېگىزرەك بويىنى زىلۋالاشتۇرۇپ كۆرسىتەتتى. قويۇق ئۆسكەن قارا چېچىنىڭ ئىككى ئۆرۈمىسى بېلىگە چۈشسە، قۇلىقىدىكى سۆكسىگىچە ساڭگىلاپ ئۇچى قايرىلغان سېكىلەكلىرى ئېڭىكىنىڭ بىر قىسمىنى يېپىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ھەرەمخانىغا كەلگىنىگە بەش كۈن بولغاندا، بىرىنچى بولۇپ باھا بەرگەن نىسا بېگىم بولدى.

— بۇ كېلىنلىرى، — دېدى ئۇ بايان ئاغىچىغا، — ئانچە گۈزەل بولمىسىمۇ، ئەقىل ـ ھوشى بار ئايالدەك تۇرىدۇ. بۇنداق ئايالالار ئۇستىلار تەرىپىدىن سەيقەل بېرىلمىگەن ياقۇتقا ئوخشايدۇ. بۇمۇ ياقۇپ خوجامنىڭ تەلىيى دېسىلە.

— ئىلاھىم سىلى ئېيتقاندەك بولسۇن، رەھمەتلىك خوجام جەملە ئاغىچىنى يۇسۇپ خوجامغا ئېلىپ بېرىدىغان چاغدا:

«يۈسۈپ خوجام يارانقاندىكىن بوپتۇ، يۈرىكى پاك، ھالال قىز بولسىلا بولىدى، ھالاللىق ــ گۈزەللىكتىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق» دېگەنىدى. ئايال دېگەن ئېرىنىڭ ئابرۇيلۇق بولۇشىغىمۇ، ئۇياتقا قېلىشىغىمۇ سەۋەبكار بولىدۇ. شەرىپە ئاغىچىنىڭ دىلى پاك بولسىلا، ياقۇپ خوجامنىڭ بەختلىك بولغىنى شۇ.

ھەپتىنىڭ ئالتىنچى كۈنى:

ــ ۋاي، ئاپا، ــ دەپلا ئۆيگە كىرىپ سۆزلەپ كەتتى جەمىلە ئاغىچا، ــ يۈرسىلە، خوجا ئاكامنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ چىقسىلا، ئاغىچا ھەددەم ئۆينى تونۇمىغۇدەك قىلىۋېتىپتۇ.

ــ نېمە قىپتۇ؟ زىلچىلارنى يۆتكەپ، پەردىلەرنى ئالماشتۇرۇپتۇمۇ؟ ــ دېدى جەمىلە ئاغىچىغا.

ــ ياق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جايىدا تۇرۇپتۇ، ــ دېدى جەمىلە ئاغىچا، ــ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بۇ ھەدىمىز موللا ئايال ئوخشايدۇ. خوجا ئاكامنىڭ ئىلى تەرەپتىن ئارتىپ كەلگەن كىتابلىرىنى دەمدىلا، ئۆيدە خوجا ئاتامدىن قالغان كىتابلارنى دەمدىلا ھەممىسىنى ئېتىكاپخانىدىكى تاختىلار بىلەن ئويۇقلارغا رەت ـ رېتى بىلەن تىزىپ قويۇپتۇ. ئۇ يەرلەرگە پاتمىغانلىرىنى ئۆزلىرى ياتىدىغان ئۆيدىكى تاختاپۇشلار بىلەن ئويۇقلارغا قويۇپتۇ. بايا سىدىق خوجامنىڭ ئوغلىنى كۆرگىلى كىرسەم: «كىچىك ئانامنىڭ ئالدىغا تېخىچە سالاملاشقىلى چىقالمىدىم، قارىسىلا. ئەتىگەندىن بۇيان خوجامنىڭ كىتابلىرىنى رەتلەپ تۈگىتەلمىدىم. ھازىر ئاز قالدى. ئاخشام خوجا ئاكىلىرى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بىر كىتابىنى ئىزدەپ، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. شۇڭا، بۈگۈن ئەتىگەندە خوجام ئوردىغا كېتىشى بىلەنلا مۇشۇ كىتابلارغا تۇتۇش قىلىپ، غەزەل كىتابلارنى بىر بۆلەك، تارىخي كىتابلارنى بىر بۆلەك، تېببىي كىتابلارنى بىر بۆلەك قىلىپ ئايرىشقا كىرىشىپ كەتتىم.

ئەمدى خوجا ئاكىلىرى قانداق كىتابلارنى كۆرمەن دېسە، ھېچقانداق تېنىمەيلا تېپىپ ئالدىغا قويىمەن، يۇرسىلە، قانداق رەتلىگىنىمنى كۆرسىتەي» دەپ، ئىككى ئۆيدىكى كىتابلارنى رېتى بويىچە كۆرسەتتى.

«بۇ گەپلەرگە قارىغاندا، شەرىپە ئاغىچا ياقۇپ خوجىنىڭ غەم ـ غۇسسە بىلەن تولغان كۆڭلىنى ئاياللىق مېھرى بىلەن يۇمشىتىپ، ئاندىن مۇھەببەت ئۆيى بىلەن ئىسسىتىشنى مەقسەت قىپتۇ ـ دە، — دەپ ئويلىدى بايان ئاغىچا، — ئەسلىدىمۇ بىلگەن ئادەمگە ئايال خەقنىڭ ۋەزىپىسى شۇ، لېكىن قارىماققا ئاساندەك كۆرۈنگەن بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش كۆرگەنلا ئاياللارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئىشقىلىپ، نىسا بېگىم دېگەندەك، بىزگە ياقۇپ خوجام بەختلىك بولسىلا بولدى. ياراتقان ئىگەم ئاقىۋىتىنى ئاۋات قىلسۇن...»

ئىككىنچى ھەپتىمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. بايان ئاغىچا قەشقەرگە مېڭىش ھەققىدە ياقۇپ خوجا بىلەن سۆزلەشمەك بولۇپ ئالدىغا كىردى.

— كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەكلا كىرىپتىلا، كىچىك ئانا، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن ھازىر شەرىپە ئاغىچىنى ئېلىپ قاشلىرىغا چىقاي دەپ تۇراتتىم. يۇقىرى ئۆتسىلە، سىلىگە سالىدىغان مەسلىھەتىمىز بار ئىدى.

— خوش، — دېدى بايان ئاغىچا «بۇ نېمە توغرۇلۇق مەسلىھەتتۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن.

— دەلۋە (يانۋار) ئېيىمۇ كىرىپ قالدى. ئاتامنىڭ ۋاپات بولغىنىغا يىلمۇ توشاي دەپ قاپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن نەزىر بېرىۋەتسەكمىكىن دېۋىدۇق.

«راست، ئۇ رەھمەتلىك بولتۇر مۇشۇ ۋاقىتلاردا كېسەل ئەمەسمىدى؟ — بايان ئاغىچا ئېغىر تىنىپ، ئۇھ تارتىۋەتتى، — ۋاقىتمۇ شۇنچە تېز ئۆتىدىكىنە، ماڭا تېخى ئالتە ئاي بولغاندەك

تۇردا. خوجامنىڭ جەستى يەر ئاستىدا ياتقىنى بىلەن، روھى ئەتراپىمىزنى ئايلىنىپ يۈرگەن چېغى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ماكانىمدىن قوزغىلالماي يۈرۈپتىمەن ـ دە، ئەي، ياراتقان ئىگەم! مۇشكۇللىرىمنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن! شاپائىتىڭنى ئايىمىغايسەن...» دەپ نالە قىلدى ئىچىدە ۋە:

— بوپتۇ، — دېدى بىر چاغدا سۇنۇق ئاۋاز بىلەن، — ئاتىلىرى خان ئاچام (دۇردۇن ئاغىچا) ۋاپات بولغاندا شەھەردىكى كەمبەغەل ئادەملەرگە پۇل تارقىتىپ، خەير ـ ئېھسان قىلغانىدى. بىزمۇ مۇشۇنداق قىلىمىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى ياقۇپ خوجا، — بىزمۇ خەير ـ ئېھسان قىلىمىز ۋە ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئۆلىما ـ پازىللارنى ئۆيگە چاقىرىپ قۇرئان ئوقۇتىمىز. نەزىر ئېشى بېرىمىز.

— خەير ـ ئېھسان دېگەنلىرى تولىمۇ ساۋابلىق ئىش، — دەپ سۆز قىستۇردى شەرىپە ئاغىچا.

— «نەزىر ئېشى» دېگەنلىرى قانداق؟ ئەل بۇخارىنىڭ ھەدىس كىتابىدا: «نەزىر قىلىش — شەرىئەتتە يوق ئىبادەتنى قىلىمەن دەپ ئۈستىگە ئېلىۋېلىش» دەپ يېزىلغانىكەنغۇ؟

— ناھايىتى توغرا دەيدىلا، — ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلدى، — ئۇنىڭدىن باشقا «نەزىر بالانىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ، ئۇ ئارقىلىق پۇقرالاردىن بىرنەرسە ئۇندۇرۇۋېلىنىدۇ. نەزىر بىرنەرسىنى تېزلىتەلمەيدۇ ھەم كېچىكتۈرمەيدۇ...» دېگەنگە ئوخشاش ھەدىسلەرمۇ بار. زىراكى، بىز رەسۇلىللانىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلغان ھالدا ئىش قىلىمىز، يەنى بىز مۆمىنلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلىش مەقسىتىدە نەزىر قىلىمىز.

ئۇلار دانىيال خوجىنىڭ يىل نەزىرىنى بېرىدىغان كۈنى بەلگىلەنگەندىن كېيىن بايان ئاغىچا ئۆيىگە قايتىپ چىقتى ـ دە:

— قەشقەرگە پات ئارىدا بارالمايدىغان بولدۇق، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى جەمىلە ئاغىچا ھەيران بولۇپ.

— ياقۇپ خوجام ئۇنىمىدىمۇ؟ — دېدى نىسا بېگىم.

— ئۇ ھەقتە گەپ قوزغىمىدىم، — دەپ چۈشەندۈردى بايان ئاغىچا، — دانىيال خوجامنىڭ تۈگىگەن كۈنى يېقىنلاپ قاپتۇغۇ، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ بىرھازاغىچە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — يەنە بىر ئايدىن كېيىن يىلى توشىدىكەن. ياقۇپ خوجاممۇ شۇ ھەقتە مەسلىھەتلەشكىلى كىرمەك بولۇپ تۇرغانىكەن. نەزىرنى قايسى كۈنى، قانداق ئۆتكۈزۈشنى كېلىشكەن بولدۇق. ئەمدى خۇدايىم بۇيرۇسا، رەھمەتلىك خوجامنىڭ نەزىرىنى ئۆتكۈزۈپ يولغا چىقىمىز - دە.

※ ※ ※

— بايا دېگەن گەپلىرىنىڭ جېنى بار، — دېدى ياقۇپ خوجا بايان ئاغىچىنى ئۇزىتىپ كىرگەندىن كېيىن شەرىپە ئاغىچىغا، — بىراق ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئادەملەرنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بەزى ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئاز - تولا بولسىمۇ رىئايە قىلىش لازىم ئوخشايدۇ. «نەزىر قىلىش — شەرىئەتتە يوق ئىش» دەپ بۇ ئىشنى قىلمىسا، ئاۋام خەلق تۇرماق ئۇردا ئەركانلىرى بىلەن ئۆلىما - پازىللارنىڭمۇ تاپا - تەنىسىگە قېلىپ، ئۆزىمىزدىن قاچىدىغان قىلىپ قويىمىز. شۇڭا، بۇ ئىشنى سىلى دېگەندەك «خەير - ئېھسان قىلىش» دېگەن ئاساستا ئۆتكۈزىمىز، — ياقۇپ خوجا نەزىر دېگەن گەپنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك سەل ئويلىنىپ يەنە گېپىنى داۋام قىلدى، — بۇنداق نەزىر قىلىش ئىشلىرى بۇ زېمىندىكى ئەھلى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۇزاق يىللاردىن بېرى

شەكىللىنىپ، ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن، بۇنىڭدىن ئىككى يۈز نەچچە يىل بۇرۇن ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرى ۋاپات بولغاندا شۇ چاغدىكى ھۆكۈمدارلار شەھەر ئىچىدىن خەلقلەر پاتقۇدەك جاي تاپالماي، ھىرات شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان ھېيتگاھ يېنىدىكى ھەۋزىمەئىيان دېگەن جايغا نەچچە مىڭ خەلقنى يىغىپ ئاش تارتقان ۋە خۇش ئاۋازلىق ھاپىزلارغا ئايەتلەرنى خەتمىقۇرئان قىلدۇرغانىكەن. ھازىدارلارنى ئۈچىسىدىكى ماتەم لىباسىدىن خالاس قىلىپ، قىممەت باھالىق لىباسلار كىيدۈرۈپ سەۋرلىك بولۇشنى تىلىگەنىكەن. گەرچە بىزنىڭ ئاتىمىز ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرىدەك ئىسلام دۇنياسىغا تونۇلغان ئادەم بولمىسىمۇ، خانلىقىمىزمۇ خۇراسانلىقلارغا ئوخشاش مۇستەقىل بولمىسىمۇ، ئۆز ھالىمىزغا تۇشلۇق، يەنى مەرھۇم ئاتامنى كۆرگەن، بىللە ئىشلىگەن ئادەملەرنى، يەكەندىكى ئۆلىما ـ پازىللارنى چاقىرىپ خەتمىقۇرئان قىلدۇرمىساق بولماس. ئەمدى سىلىگە دەيدىغان گېپىم، ــ دېدى يەنە شەرىپە ئاغىچىنىڭ يۈزىدە پەيدا بولغان قىزىللىقنى بايقاپ، ــ بۇرۇنلاردىغۇ ھازىدار بولغانلارنىڭ ماتەم لىباسىنى يەتتە نەزىرنى بەرگەن كۈنىلا يەشكۈزۈپ، باشقا لىباس كىيدۈرەتتىكەن. كىچىك ئانىمىز بولسا ماتەم لىباسنى تېخىچە كىيىپ يۈرىدۇ. ئۇ كىشىگە تەقلىد قىلىپ، نىسا بېگىم، جەملە ئاغىچا ۋە ئۇلۇغ ئەزىزىمۇ شۇنداق لىباستا. شۇ باھانىدە ئۇلارنىڭ ئۈچىسىغا لايىق يېڭى لىباسلارنى تەييارلاپ قويسىلا. نەزىرگە تەشرىپ قىلغان ئاغىچا ـ ئاپپاقلار ئۇلارنىڭ ماتەم لىباسلىرىنى يەشتۈرۈپ، سىلى تەييارلىغان يېڭى لىباسلارنى كىيدۈرۈپ قويغاي.

شەرىپە ئاغىچا ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

دانىيال خوجىنىڭ يىل نەزىرى ياقۇپ خوجا ئويلىغاندەك بولماي قالدى. كۈتۈلمىگەن يەردىن چوڭقىيىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئەردەۋىل ھاكىمى ئابدۇۋاھاپ: «ھەزرىتى دانىيال خوجام دارىلباقىيغا رەھلەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ھېچقانداق مۇراسىمغا داخىل بولمىدىم. يىل نەزىرىگە بولسىمۇ بارارمەن دەپ ئويلىۋىدىم، پۇتۇمغا جاراھەت چىقىپ، بۇ مەقسەتكىمۇ يېتەلمىدىم» دەپ، ئۆز ئورنىدا خەزىنىچى قاسىم بەگنى ئون نەچچە ئۇلاغ گۈرۈچ بىلەن ئەۋەتتى.

قەشقەر ھاكىمى خۇش كېپەكمۇ «دانىيال خوجامنىڭ روھى خۇش بولسۇن، مۇشۇ باھانىدە يەكەندىكى غېرىب - مۇساپىرلارغا نەزىرى - ئېھسان قىلىپ دۇئا - تەكبىر قىلدۇراي» دېگەن ئوي بىلەن ئۈچ ھارۋىغا گۈرۈچ - ياغ بېسىپ كەلدى.

ياقۇپ خوجىنىڭ شەرىپەخانغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي «خۇدانىڭ بۇنداقمۇ خىلۋەتتە قالغان ياخشى كۈنلەرنى كۆرسەتكىنىگە مىڭ مەرتەم شۈكۈر. ئۇلۇغ ئىگەم ياقۇپ خوجىنى نىياز بەگنىڭ قولىدىن چىقىرىپ، مېنىڭ قولۇمغا تاپشۇرۇپتۇ. خۇددى شاھمات تاختىسىدىكى پەرزىننى مۇقامىغا يەتكەن پىيادىدەك بەختكە مۇيەسسەر بولدۇم...» دەپ ئويلىغان غازى بەگ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بەش كالا، يىگىرمە قوي ھەيدىتىپ، ئىككى ھارۋىدا گۈرۈچ، سەۋزىلەرنى قاچىلاپ ئوردىغا كەلدى.

غازى بەگنىڭ بۇ ئىشىغا ياقۇپ خوجا ئېتىراز بىلدۈرۈپ قوبۇل قىلمىۋىدى:

— مەن بۇ نەرسىلەرنى سىلىگە ئەمەس، دانىيال خوجامنىڭ روھى پاكلىرىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئەكەلدىم. مېنى

رەنجىتمىسىلە، ئاتىلىرى بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى مەسلەك، بىر مەقسەتتە بولغان ۋە ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى كۆپ كۆرگەن ئادەممەن. نەزىرگە ئىشلەتمىسىلە، كەمبەغەللەرگە ئېھسان قىلىۋەتسىلە، — دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئىلاجسىز ئۇنىمۇ قوبۇل قىلدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوردا ئەركانلىرى ئىچىدە «سېنىڭدىن مەن قالىمەنمۇ» دېگەندەك كۆزگە كۆرۈنمەس مۇسابىقە باشلىنىپ كەتتى. بۇنداق بولغىنى ياقۇپ خوجا بۇ يىل جۇڭغارلارغا تۆلەيدىغان خىراجنى ئاتىسىغا ئوخشاش باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول سالماي، خەزىنىدىكى دەپىنە - دۇنيالار بىلەن تۆگىتىپ كەلگەنىدى.

غازى بەگدىن كېيىن ھوشۇر قازىنىڭ ياغ - گۇرۇچ باسقان ھارۋىلىرى بىلەن ھەيدىتىپ كەلگەن ماللىرى كەلدى. بۇ ئادەممۇ خۇددى غازى بەگ بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك: «دانىيال خوجامنىڭ ياخشىلىقىنى مېنىڭدەك جىق كۆرگەن كىشى يوق. بۇ نەرسىلەرنى شۇ كىشىنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئەكەلدىم» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ، ياقۇپ خوجىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئابدۇقادىر مۇپتى، پەرمانقۇل ئىشانلارمۇ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ بىرنەچچىدىن قوي، كالا ئەكەلگەن بولدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كېيىن قالغىنى نىياز بەگ، بۇ ئادەم قىزى ئايشەم ئاغىچىنى ياقۇپ خوجا قەتل قىلماي، «توقۇز كەنت»كە كۆچۈرۈۋەتكىنىنى ئاڭلىغاندا خۇشاللىقىدىن «خۇداغا شۈكۈر» دەپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆيلەنمەي يۈرۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ «خوجا بالامنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، بالىلىرىنى ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا سارغىيىپ قالمىسۇن دەپ ئۆيلىمىسا كېرەك. بەلكى، بىرنەچچە زاماندىن كېيىن ئاغىچا قىزىمنى ياندۇرۇپ ئەكىلىۋالار، ئاخىر تالاق خېتىنى بەرمىدىغۇ» دېگەن ئويلار بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ يۈرەتتى.

www.uyghurkitap.com

ياقۇپ خوجىنىڭ مۇشۇ يېقىندا ئۆيلىنىۋېلىشى، يەنە كېلىپ غازى بەگنىڭ ئىنىسىنىڭ تۇل قىزىغا ئۆيلىنىشى نىياز بەگنى ئېسەنگىرىتىپ قويدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئىززەت ئاغىچا بولسا خۇددى نىياز بەگ ئۇستىگە خوتۇن ئالغاندەك خۇدىنى يوقىتىپ، بىرنەچچە مىنۇت ھوشىدىن كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆتكەن كۈنلەردە نىياز بەگنىڭ غەمكىن كۆڭلىگە ياقۇپ خوجىنى ھەر قېتىم كۆرگەندە ئارىدا ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، «بەگ ئاتا» دەپ مۇراجىئەت قىلىشى جىنچىراغدەك شولا چۇشۇرۇپ تۇراتتى. بىراق، مۇنۇ غازى بەگ باشلىق ئوردا ئەركانلىرىنىڭ دانىيال خوجامنىڭ يىل نەزىرى مۇناسىۋىتى بىلەن خىلمۇخىل نەرسىلەرنى تۆھپە قىلىشى ئۇنى يەنە ئېسەنگىرىتىپ قويدى. ئۇ دەسلەپتە: «بۇ ئەخمەقلەر مايلىق ئۇچەيگە ماي تىققاندەك ياقۇپ خوجىغا نېمانچە خۇشامەت قىلىدىغاندۇ؟» دەپ جىلە بولدى. كېيىن مىرشەپبېگى بىلەن دىۋانبېگىلەرنىڭمۇ بىر نەرسىلەرنى تۆھپە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، خوتەن ھاكىمى ئۆمەر بەگ ۋە ئۇنىڭ تائىبەسىدىكى ئالتە ناھىيەنىڭ بەگلىرى بىلەن «ئىسھاقىيە»چى ئىشانلارنىڭ «دانىيال خوجامنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۇچۇن» ئەكەلگەن ماللىرىنىڭ — قوتاز، كالا ۋە قويلارنىڭ سانىنى ئاڭلىغاندا، بىر تەرەپتىن ئىچ ـ قارنى ئېچىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ھەممىدىن كېيىن قالغىنىنى ئويلاپ، دەرھال خىزمەتكارلىرىنى چاقىردى ـ دە، ۋەخپىسىدە بېقىلىۋاتقان كالىدىن بىرنى، قويدىن ئىككىنى ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىززەت ئاغىچا ئاچچىقلاپ كەتتى:

— ھوي ئادەم! — دېدى ئۇ جەھلى تۇتۇپ، — «ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر» دېگەندەك بۇ نېمە قىلىقلىرى، ئۇ خوجىنىڭ ئۆلگۈر قىزلىرىنى بەدەرغە قىلغىنىغا خۇش بولۇپ شۇنچە مالنى بىرەمدىلا؟

— ئەخمەق! — دەپ دېۋەيلىدى نىياز بەگ، — ئانا بولغىنىڭغا يارىشا قىزىڭغا هاي بەرمەي يەتكەن يېرىڭ مۇشۇ. ئەمدى مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىپ، ئوردىدىن چەتلەتكۈزمەكچىمۇسەن؟

شۇ كەمگىچە «سىلى» دېگەن سۆز بىلەن مۇراجىئەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئېرىنىڭ بىردىنلا «سەن» دەپ ئاتىشى ئىززەت ئاغىچىنىڭ يۈرىكىگە مىختەك سانجىلدى. «هە!» دېگەن پېتى سۇرمە ياققان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىردەم تۇردى ـ دە، هوشىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىق ـ ئادىتىنى بىلىدىغان نىياز بەگ ئۆيىنىڭ بىر تەكچىسىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان كونا سىركىنى ئېلىپ، كىچىككىنە پاختىغا تېمىتتى ـ دە، بۇرنىغا پۈرىتىپ، هوشىغا كەلتۈردى.

نىياز بەگ ئەتىسى ياقۇپ خوجامنىڭ ئالدىغا كىرىپ «دانىيال خوجامنىڭ روهىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن» ئەكەلگەن ماللىرىنى مەلۇم قىلدى.

— ئاۋارە بولمىسىلا بوپتىكەن، — دېدى ياقۇپ خوجا، — ئاتامنىڭ روهى ئۇلارسىزمۇ سىلەردىن رازىدۇر، — ئۇ نىياز بەگنىڭ كېيىنكى يىللاردا پۈچىلىنىپ قالغان رەڭگىرويىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىدى بولغاي، «رەهمەت» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، دانىيال خوجىنىڭ يىل نەزىرى كۈتۈلمىگەندە ئۇ يېقى خوتەن، بۇ يېقى ئەردەۋىلگىچە بولغان يەرلەردىكى ئەمەلدارلار، ئىشانلار ئەكەلگەن تۆهپىلەر هېسابىغا يوغىناپ كەتتى. ياقۇپ خوجىنى هەيران قالدۇرغان يەنە بىر نەرسە چەرچەن، چاقىلىق ۋە ئازغانسالغىچە (تاشقورغانغىچە) بولغان جايلاردىن، كوئېنلۈن تاغلىرى بىلەن قاراقۇرۇم جىلغىلىرىدىن «ئۇلۇغ پىرىمىز دانىيال خوجا ۋەلىيگە، خوجا ئىسهاق ۋەلىيۇللانىڭ نەسەبلىرىگە قول بەرمەي، ئۇلاردىن دۇئا ئالماي ئۆلگەن هەرقانداق ئەهلى ئۈممەت دوزىخىدۇر، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلى، ۋەكىلى بولغان بۇ زاتلاردىن تەلىم ئېلىپ بەيئەت قىلمىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىككى ئالەملىكى قارىدۇر»، «پىرلار ئاللانىڭ تىلى، ئۆزى ۋە جامالىدۇر»، «پىرلاردىن قارغىش ئالغان، پىرنى ئۇنتۇغان، پىرسىز يۈرگەنلەر دوزاخقا مەھكۇمدۇر»[1] دېگەن مەزھەپ تەلىماتلىرىنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرگەن سوپى - مۇخلىسلارنىڭ قىشنىڭ سوغۇقىغا قارىماي، يالاڭ كىيىملەر بىلەن رىيازەت چېكىپ، نەچچە كۈنلۈك يوللارنى بېسىپ، نەق مۇشۇ نەزىر پەيتىدە توپ - توپى بىلەن يەكەنگە كېلىشى ئىدى.

پەرمانقۇل ئىشاننىڭ كېيىنگە قارىغاندا، ئۇلار كەلىمەھۇللا[2] پىر دانىيال خوجىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى كېچىكىپ ئاڭلىغىنى ۋە جىنازا نامىزىنى ئوقۇش نېسىپ بولمىغىنى ئۈچۈن يىل نەزىرىگە قاتنىشىپ بولسىمۇ روھىنى خۇش قىلىش بىلەن مۇرىتلىق ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

ياقۇپ خوجا «بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەت تۇپەيلى ئوتقا كىرىپ، سۇدا ئاققان، ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن كەچكەن قىز - يىگىتلەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلەتتى ۋە ئۇلارنى ھەرقانداق ئادەم ياشلىق دەۋرىدە ھېسسىياتچان بولىدۇ، ئۇلار ئەقىلگە قارىغاندا ھېسسىياتقا كۆپرەك بېرىلىپ كېتىدۇ » دەپ ئويلايتتى، شۇنىڭدەك مەنسەپ - ئەمەلگە يېتىش ئۈچۈن ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، دوستلىرىنى ساتقان ئادەملەرنىمۇ بىلەتتى ۋە ئۇلارنى مەنسەپ - ئەمەل ئىشقىدا يۈرىكى كۆيگەنلەر، ئىنسانچىلىقنى يوقاتقان مەخلۇقلار دەيتتى. ئەمدى مۇنۇ قىشنىڭ سوغۇقىدا مىڭلاپ چاقىرىم يوللارنى بېسىپ يەكەنگە كەلگەن مۇرىت - مۇخلىسلارنى نېمە دېسە بولار؟

ياقۇپ خوجا ئويلاپ - ئويلاپ «بۇ ئادەملەر ئاللا بىلەن ئۇنىڭ

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1989 - يىللىق 1 - سانىدىكى «تارىختىن كەلگەن نەسلىك» دېگەن ماقالىدىن ئېلىندى.

② كەلىمەھۇللا — ئاللا بىلەن سۆزلەشكۈچى.

ئەلچىسى كۆرسەتكەن توغرا يولدىن ئازغىنىپ، تەرەققىيپەرۋەر پىشقەدەملەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ جاھالەت گىردابىغا پاتقان بىچارىلەر» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

ئۇ نەزىر بېرىشتىن بىر كۈن بۇرۇن يۇسۇپ خوجا باشلىق غوجىزادىلەر ۋە كۆڭلى يېقىن ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، ئابدۇللا باقاۋۇل كىرىپ كەلدى ـ دە:

— چىرا، كېرىيە تەرەپلەردىن كەلگەن بىرنەچچە ئادەم خوجاملارغا تەزىيە بىلدۈرەتتۇق دەپ كەپتۇ، — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

— باشلاپ كىرسىلە، — دېدى ياقۇپ خوجا.

بىرپەستىن كېيىن قوبۇلخانىغا ئون نەچچە ئادەم كىرىپ كەلدى. باشلىرىغا كىرلەشكەن مۇغەمبەر تەلپەك، مويى قىرچىلىپ كەتكەن كونا تۇماق، سەللە ئورنىدا ئاق ماتانى ئوراپ بېشىغا تېڭىۋالغان، ئۇچىسىدىكى كونا چاپان، پەشمەتلىرىنىڭ بەللىرىنى باغلاپ، چەندازىلىرىنى ئېسىۋالغان ھەر خىل ياشتىكى ئۇزۇن ـ قىسقا ساقاللىق بۇ ئادەملەر ياقۇپ خوجا باشلىق ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چار ساقاللىق بىرسى:

— ھەزرىتى كەلىمەھۇللا خوجامنىڭ روھىنى ياراتقان ئاللا مۇقەددەس قىلسۇن، — دەپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈۋەتتى. باشقىلارنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ مۇرىلىرى سىلكىنىدى.

قوبۇلخانىدا بىر دەقىقە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— قېنى ئولتۇرۇشسىلا، مەرھەمەت، — دېدى ياقۇپ خوجا تام ياقىلاپ قويۇلغان كۇرسىلارنى كۆرسىتىپ.

ئۆزلىرىنى قانداقتۇر بىر ئىلاھىي كۈچ بىلەن ياسالغان مۇقەددەس جايغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ ئەيمەنگەن، ھودۇققان بۇ ئادەملەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بىر ـ بىرىگە قاراشتى. بىراق بايىقى چار ساقال ئادەم:

— قېنى ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلايلى، — دېدى ۋە بىرىنچى

بولۇپ كۆرسىغا ئولتۇردى، ئاندىن قولىنى كۆتۈرۈپ پاتىھە قىلدى. قالغانلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

— ئارىلىق يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپالمىغاچقا ۋاقتىدا كېلەلمىدۇق، — دېدى يەنە بىر ياشانغان ئادەم ۋە تامىقىنى قىرىپ، قىرائەت قىلىشقا باشلىدى، دۇئادىن كېيىن خۇددى مۇھىم بىر ئىشنى تۈگىتىپ ئۆيىگە ئالدىرىغان ئادەملەردەك ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— ئەمدى بىزگە ئىجازەت قىلسىلا، خوجام، — دېدى ياقۇپ خوجىغا مۇراجىئەت قىلىپ.

— بىردەم ئولتۇرۇشسىلا، چاي ـ پاي ئەكىرسۇن، — دېدى ياقۇپ خوجا خېرىدار بولۇپ.

— رەھمەت، بىزنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر بار ئىدى.

— ئۇلارنىمۇ چاقىرىپ كېلەيلى.

— ياق، ياق، ئۇلار ئالتۇنلۇقتا، بىز بۈگۈنكى كېچىنى ئۇلۇغ پىرىمىز دانىيال خوجامنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتكۈزمەكچىدۇق.

ياقۇپ خوجىلار ئۇلارنى ئوردا دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. شۇ كۈنى مۇشۇ خىلدىكى مۇرىت ـ مۇخلىسلاردىن بىر نەچچە تۈركۈم ئادەم ئوردىغا كېلىپ ياقۇپ خوجىغا تەزىيەت بىلدۈرۈپ كەتتى.

«مانا بىزنىڭ ئەھۋالىمىز، — دەپ ئويلىدى ياقۇپ خوجا ئېغىر تىنىپ، — مەن تېخى پەرمانىمنى ئورۇنلىمىغان ‹توققۇزكەنت›تىكى ئادەملەردىن رەنجىپ يۈرۈپتىمەن. بۇ مەزھەپچىلىكنىڭ شۇنچە يىراق يەرلەردىكى ئادەملەرنىمۇ ئۆزىگە بۇنچىلىك رام قىلىۋالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماپتىمەن.»

ياقۇپ خوجا ئەتىكى ئىشلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن قوبۇلخانىغا كىرىپ غوجىزادىلەر بىلەن يېقىن كۆرگەن ئادەملىرىنى يىغدى ـ دە:

— خەلق ئارىسىدا ئۇزاق يىللاردىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان

ئۇدۇملاردىن ئاتلاپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، ـــ دېدى ئۇلارغا، ـــ ئەمدى بىر ـ ئىككى كۈن ئۇدۇم بويىچە ئىش قىلماي ئىلاج يوق. خەلقنى ياخشى يولغا دالالەت قىلىمىز دەپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتامنىڭ روھىنى خۇش قىلىشنى باھانە قىلىپ ئوردىغا كەلگەن نەرسىلەرنى خەلققە ئېھسان تەرىقىسىدە تارقىتىپ بەرسەك دېگەن ئويۇم بار. قانداق دەيسىلەر؟

ـــ ئاكامنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، ـــ دېدى يۈسۈپ خوجا.

ـــ مەنمۇ ياقۇپ خوجىنىڭ پىكرىنى قوللايمەن، ـــ دېدى دىۋانبېگى.

ـــ سىلچۇ؟ ـــ سورىدى ياقۇپ خوجا چەتتە ئولتۇرغان پەرمانقۇل ئىشانغا قاراپ.

ـــ مەن ھەم قوللايمەن، ـــ دېدى ئۇ، ـــ بىراق ھەرقايسىلىرىغا مۇۋاپىق كەلسە يەكەندىكى خانىقالاردا، مەدرىسە، مەكتەپلەردە قازان قايىنىتىپ ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئادەملەرنى بىر قېتىم بولسىمۇ تويدۇرۇپ، دانىيال خوجىنىڭ روھىي پاكلىرىغا ئاتاپ دۇئا ـ تەكبىر قىلدۇرساق، بۇنداق قىلىشنىڭ يەنە بىر ئەھمىيىتى شۇكى، مۇشۇ باھانىدە بايىقىدەك يىراق جايلاردىن كەلگەن خوجامنىڭ مۇخلىسلىرىنىمۇ شۇ يەرلەردە تەييارلانغان تائاملاردىن بەھرىمەن قىلساق.

ـــ توغرا مەسلىھەت، ـــ دېدى ياقۇپ خوجا، ـــ ئەگەر شۇنداق قىلساق، ئۇ يەرلەردە تائام تەييارلايدىغان ئادەملەرگە مالاللىق يېتىپ قالماسمۇ؟

ـــ ھەرگىز، ئۇلار ئىشنى ساۋابلىق دەپ بەجانىدىل بېجىرىدۇ.

ـــ ئوردىغا كەلگەن نەرسىلەر بۇلاردىن ئېشىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ ـــ دەپ سورىدى دىۋانبېگى.

ـــ مۇبادا شۇنداق بولسا، ـــ دەپ سۆز قىستۇردى يۈسۈپ خوجا، ـــ يەكەندىكى ھەممە ئادەم خانىقالار بىلەن مەدرىسىلەرگە

بارمايدۇ. شۇڭا، ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان يېتىم - يېسىر ۋە قولى قىسقا ئادەملەرگە تارقىتىپ بېرىش لازىم.

— يۇسۇپ خوجامنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە قوشۇلىمەن، — دېدى ياقۇپ خوجا، — دەرھال تۇتۇش قىلمىساق بولمايدۇ، — ئۇ دىۋانبېگىگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلى پەرمانقۇل ئىشان جانابلىرى بىلەن ئابدۇللام ئۇچىڭلار مەسئۇل بولۇپ بۇ ئىشلارنى بېجىرىڭلار، يېتىشەلمىسەڭلار، خالىغان ئادىمىڭلارغا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئىشقا سېلىڭلار.

※ ※ ※

ئۆتكەن كېچە ياغقان قار توختىغان بىلەن ھاۋا ئېچىلىپ كەتمىگەنىدى. يەكەن ئاسمىنىدا بىرتۇتاش ئاقۇچ بۇلۇتلار قېلىن پەردە ھاسىل قىلىپ كۈننىڭ يۈزىنى توسۇۋالغاچقا، ھاۋامۇ ئانچە سوغۇق ئەمەس، خانىقالار بىلەن مەدرىسىلەرنىڭ ھويلىلىرىغا ئېسىلغان قازانلاردا چۇچۇگەن ياغنىڭ ئاچچىق پۇرىقى ھاۋاغا تارقىلاتتى. ئوچاقلاردا كۆيۈۋاتقان توغراق، جىگدىلەردىن چىققان تۇتۇنلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بۇلۇتلارغا قوشۇلاتتى.

مەھەللە - كويلاردىكى ئىمام - مەزىنلەر تارازىدا ئۆلچەنگەن قوي - كالىلارنىڭ گۆشلىرىنى، گۈرۈچ - ياغلارنى ئۆيمۇئۆي كىرىپ تۇرمۇشى ناچار ئائىلىلەرگە تارقىتاتتى. كوچىلار بىلەن گۇزەرلەردە جاكارچىلارنىڭ: «ئەي، ئەھلى مۇسۇلمانلار! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، بۇگۈن ھەزرىتى ياقۇپ خوجام باشلىق غوجىزادىلەر مەرھۇم دانىيال خوجامنىڭ ۋاپاتىغا بىر يىل توشۇشى بىلەن قىلىۋاتقان خەير - ئېھسانلارغا داخىل بولۇڭلار، ئۇ ھەزرەتنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا - تەكبىر قىلىڭلار!» دېگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى...

بۇ كۈنى ئالتۇنلۇق مازاردا دانىيال خوجىنىڭ روھىغا ئاتاپ

كېچــچه دەۋرە قۇرۇپ دۇرۇت ئـوقـۇغان، جەررە قـىلـىپ سـامـا سىلىشقان مۇرىت ـ مۇخلىسلار تاڭغا يېقىن ھەپتە مۇھەممەدـىن[1] ياكى چىلتەنلىرىم[2] دەپ ئاتالغان مازارنىڭ قېشىدىكى تۇنەكخانا بىلەن ئۇنـىڭ يېنـىدىكى مـەسچىتـكە كىرىـپ داش قازانلاردىكـى ئاشتىن ئۇلۇغ مازاردىن مۇشـكۇللىـرىگە ئاسـان، ئاغرىقـلىرىغـا شىپالىق تىلەپ كەلگەن زىيارەتچىلەرمۇ بەھرىمەن بولۇشتى.

ھەرەمخـانـىدىكـى چـوڭ مېھـمـانخانـىغا يـىغىلـغـان ئـوردا ئەركانلـىرى، ئۆلـىمـا ـ پازىـللار، ئاخۇن ـ ئـىشانلار مـەرھـۇم دانىيال خوجىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى، ئېيتقان گەپ ـ سۆزلىرىنى ئەسكە ئېلىشىپ نەزىر ئېشىغا ئېغىز تېگىشتى. بەزىلەر ئۆزىنىڭ دانىيال خوجىغا يېقىنلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇچىسىدىكى تون ۋە سەللىلىرىنى كۆرسىتىپ: «مانا بۇلارنى پالانى يىلى رەھمەتلىك دانىيال خوجام ئۆز قولى بىلەن ھەدىيە قىلغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى تەۋەررۈك ئورنىدا ساقلاپ يۈرىمەن» دەپ ماختىنىشتى.

ھەرەمخانىدىكى دانىيال خوجا «ئېتىكاپخانا» دەپ نام بەرگەن ئۆيدە يەكەندىكى خۇش ئاۋاز ھاپىزلاردىن يەتتە كىشى بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك رېھلىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان قۇرئان سىپارىنى (پارچىلىرىنى) خەتمە ئەھزاب (بىرنەچچە كىشى قۇرئاننى بۆلۈپ ئوقۇپ، تامام قىلىش) قىلىشتى.

چۈشتىن كېيىن ھەرەمخانىنىڭ ئالدى ئاغىچا ـ ئاپپاقلار چۈشۈپ كەلگەن ياسىداق مەپىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. شىرەلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلغان سەندەللەردىن چىققان ئىسسىقلىق ئۆينىڭ ئىچىنى ئىسسىتىۋەتكەنىدى. مېھمانخانا ئاياللار بىلەن تولدى. شىرەلەر ئۈستىگە داستىخانلار سېلىندى.

شۇ چاغدا ئابدۇقادىر مۇپتىنىڭ ئاپپىقى، غازى بەگنىڭ

---

① مۇھەممەد ئىسىملىك يەتتە ئادەم كۆمۈلگەن مازار — «تارىخى ئەمنىيە»دىن، ئۇنى يەرلىك خەلق «چىلتەنلىرىم» دەپمۇ ئاتايدۇ.

② قىرىق تەن دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

ئاغىچىسى ۋە شەرىپە ئاغىچىلار مېھمانخانىدىن چىقىپ بايان ئاغىچىنىڭ ئالدىغا كىردى.

— كېلىشىسلە، — دېدى بايان ئاغىچا، — مېھمانلار يىغىلغان بولسا بىزمۇ...

— مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىپ بولدى، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى لالىگۈل ئاغىچا، — بىز سىلىنى ئاچىقايلى دەپ كىرىۋىدۇق.

— ھەربىرلىرى ئاۋارە بولۇشمىسىلا بوپتىكەن. بىزمۇ چىقايلى دەپ تۇراتتۇق.

— سىلىنىڭ ئىنسابلىرىغا كۆپ رەھمەت، بايان ئاغىچا، — دېدى مۇپتىنىڭ ئاپپىقى، — ھالال جۇپلىرى ئۇچۇن شۇ چاغقىچە ماتەمدار بولغانلىرىغا مەرھۇم دانىيال خوجاملا ئەمەس، ئۇ كىشىنىڭ ئەۋلادى، شۇنىڭدەك بىزمۇ ئىنتايىن رازى بولدۇق. ئاتا - بوۋىلار ئاياللارنىڭ ئۇچىسىدىكى ماتەم لىباسىنى مەرھۇمىنىڭ يەتتە نەزىرىنى بەرگەن كۈنىلا يەشتۇرۇپ، يېڭى لىباس كىيدۈرىدىغان قائىدە - يوسۇن بار ئىدى. لېكىن، سىلىنىڭ مىسكىن كۆڭۈللىرىنى ئاياپ، ياقۇپ خوجامىمۇ، بىزمۇ بۇ قائىدىنى قىلماي، خوجامنىڭ يىلىغا قالدۇرغانىدۇق. ھازىر لالىگۈل ئاغىچا ئىككىيلەن شۇ قائىدە - يوسۇنىمىزنى قىلىش ئۇچۇن ئالدىلىرىغا كىردۇق. سىلىنى نەزىرگە كەلگەن ئاياللارغا ماتەم لىباسى بىلەن ئەمەس، خوجامنىڭ روھىغا ئاتاپ بېرىلىۋاتقان مۇشۇ نەزىرنىڭ ساھىبى (ئىگىسى) سۈپىتىدە ئاچىقماقچىمىز.

ئاپپاقنىڭ بۇ گەپلىرى بايان ئاغىچىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ، كۆز ئالدىنى تۇمانلاشتۇرۇۋەتكەندەك بولدى.

— شۇنداق قىلسىلا، — دەپ قوشۇمچە قىلدى لالىگۈل ئاغىچا، — ئاپپاق ئاچام دېگەندەك...

بايان ئاغىچىنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى ئاڭلانمىدى - دە، يېنىدا ئۆرە تۇرغان جەمىلە ئاغىچىغا يۆلىنىپ

بىرپەس ئۆزىنى يوقاتقاندەك بولدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى بايقىغان نىسا بېگىم دەرھال چەينەكتىكى سوغۇق چايدىن بىر پىيالىگە قۇيۇپ كەلدى. باشقىلار بىئارام بولغاندەك ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— مۇنۇ چايدىن بىر ئوتلىۋالسىلا، — دېدى نىسا بېگىم.

بايان ئاغىچا بىر ئەمەس، بىرنەچچە يۇتۇم سوغۇق چاي ئىچىپ ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى ـ دە:

— ماقۇل، ئاپپاق ئاغىچا، — دېدى، — مېنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىممۇ دانىيال خوجام بىلەن ئىدى. مەن ئۇچۇن ئۇ كىشى تېنىمدىكى جاندەك ياكى دىلىمدىكى ئىماندەك مۇقەددەس ئىدى. شۇڭا، مەن ئۇ كىشىنى رازى قىلىشنى ئۆزۈم ئۇچۇن ناھايىتى چوڭ بەخت دەپ بىلەتتىم ...

— باركاللا، — دېدى ئاپپاق، — خۇدايىم بۇيرۇسا سىلىنىڭ بۇ دىيانەتلىرى ئۇچۇن دانىيال خوجامنىڭ روھى ھەرقاچان مەدەتكار بولىدۇ، — ئۇ شەرىپە ئاغىچىغا قاراپ، — تۇگۇنلەرنى يېشىپ، بايان ئاغىچىغا تىكتۇرگەن لىباسلىرىنى ئالسىلا، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

ئاپپاق بىلەن لالىگۇل ئاغىچا بايان ئاغىچىنىڭ ئۇچىسىدىكى ماتەم لىباسىنى يەشتۇرۇپ، بېغىر رەڭ دۇخاۋىدىن تىكىلگەن يېڭى كۆڭلەكنى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئويما ياقىلىق، پەشلىرىگە چىلتەك تۇتۇلغان كۆك لاسكاتنى كىيدۇرۇپ، بېشىغا چۇچىلىق كەشمىر ياغلىق سالدى، ئاندىن جەملە ئاغىچا بىلەن نىسا بېگىمنىڭمۇ ماتەم لىباسلىرىنى يەشتۇرۇپ، يېڭى ئۈستىباشلار كىيدۇردى. ئۇنىڭغىچە ھويلىغا چىقىپ كەتكەن شەرىپە ئاغىچا ئۇلۇغ ئەزىزەمنى باشلاپ كىردى. ئۇ ئاپىسى بىلەن يەڭگىسى ۋە نىسا بېگىمنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولغاندەك تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەن بايان ئاغىچا:

— سىزمۇ بىزگە ئوخشاش مۇشۇ نەزىرنىڭ ساھىبى، قىزىم، مۇنۇ ماتەم لىباسىنى يېشىپ بىزگە ئوخشاش كىيىنىڭ، —

دېدى ـ دە، ئۇنىڭ كۆزىدىن چىققان ياشلارنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ بۇقۇلداپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ماتەم كىيىملىرىدىن ئايرىلغان ئاغىچىلار پەرلىرى ھەر خىل كۆرۈنىدىغان قۇشلاردەك تاۋلىنىپ، كۆرگەنلەر زوقلىنىپ قارىغۇدەك قەدەم تاشلاپ مېھمانخانىغا كىرىشتى. ئاپپاق بىلەن لالىگۈل ئاغىچا بايان ئاغىچىنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ ئۆينىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزدى.

شەرىپە ئاغىچا بىلەن جەملە ئاغىچا خىزمەتچى ئاياللارنى ياخشى ئۈيۈشتۇرغانىكەن. ئۇلار بىردەمدىلا قولغا سۇ ئېلىپ، داستىخانلارنى قەنت ـ گېزەكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. شۇ ئەسنادا غازى بەگنىڭ ئاغىچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ دالانغان چىقتى ـ دە، داستىخانغا ئورالغان بىرنەچچە تۈگۈننى ئەكىردى ۋە ئۇ تۈگۈنلەردىن چىققان تاتلىق ـ تۇرۇم، مېۋە ـ چىۋە، تېخى سوۋۇپ ئۈلگۈرمىگەن بىرنەچچە تاۋاق پەرمۇدە، سامسىلارنى ۋە بايان ئاغىچا باشلىق ئۇنىڭ قىز ـ كېلىنلىرىگە دەپ ئالغان قىممەت باھالىق رەختلەرنى شىرە ئۈستىگە قويدۇردى.

لالىگۈل ئاغىچىنىڭ ئادىمەتچىلىكى ئاياغلىشىشى بىلەن نەزىرىگە كەلگەن باشقا ئاغىچا ـ ئاپپاقلار ئالغاچ كەلگەن ئادىمەتچىلىكلىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قويۇپ شىرە ئۈستىنى توشتۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك بايان ئاغىچىغا قاراپ: «ئازراق بولسىمۇ كۆڭلىمىز، كۆپكە تەۋە قىلسىلا» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى.

ئاياللارنىڭ بۇ خىل قائىدە ـ رەسىملىرى تۈگىگەندىن كېيىن مۇپتىنىڭ ئاپىقى دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ھەممىلىرىگە رەھمەت، — دېدى بايان ئاغىچا، — بىز ئۇچۇن ئۆيىمىزگە تەشرىپ قىلىشقانلىرىنىڭ ئۆزى يېتىپ ئاشاتتى. تولىمۇ جوۋاپ كېتىپسىلەر.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، بىز دانىيال خوجامنىڭ روھى

پاكلىرىنى قولىمىزدىن كېلىشىچە خۇش قىلايلى، — دېدى پەرمانقۇل ئىشاننىڭ ئاپپىقى.

شىرە ئۈستىدىكى نەرسىلەر يىغىشتۇرۇلۇپ، مېھمانلارغا چاي قۇيۇلدى. ھەممىسىگە بىر خىل چىنە تاۋاقلاردا ئاش تارتىلدى.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇپتىنىڭ ئاپپىقى ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان بىر ئايالغا مۇراجىئەت قىلىپ:

— زاھىدە بۇۋى، قىرائەت قىلىشۇەتسىلىچۇ؟ — دېدى.

يوغان ئاق ياغلىققا ئورىلىپ، كىچىككىنە ھېقىق تەسۋىنى سىيرىپ ئولتۇرغان جۈغى كىچىك بۇ ئايال خۇددى ئاپپاقنىڭ گېپىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دەرھال قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. ئولتۇرغانلار زاھىدە بۇۋىنىڭ قۇرئاندىكى قايسى سۈرىنى ئوقۇۋاتقىنىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇڭلۇق، غەمكىن ئاۋازىغا سېھىرلىنىپ قالغاندەك شۈككىدە بولۇپ قېلىشتى. بىرمۇنچىلىرى كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئۈنسىز ھالدا زىكرى سېلىۋاتقاندەك مىدىرلايتتى. بايان ئاغىچا بولسا ئارىلاپ - ئارىلاپ قولىدىكى كىچىككىنە ياغلىقنى كۆزىگە باساتتى. بىر چاغدا زاھىدە بۇۋى قىرائەتنى تۈگىتىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

شۇنىڭ بىلەن دانىيال خوجىنىڭ يىل نەزرىمۇ ئاياغلىشىپ مېھمانلار تارقىلىشقا باشلىدى.

※ ※ ※

نەزىر تۈگىشى بىلەن يىراق - يېقىندىن كەلگەن كىشىلەر قايتماقچى بولۇۋىدى، ياقۇپ خوجا ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن يەنە بىر كۈن تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغىنىدىن خەۋىرى بار يۈسۈپ خوجا ئاكىسىنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى قۇۋۋەتلىدى.

تۈنۈگۈن كەچتە ياقۇپ خوجا ئىنىلىرى بىلەن شۇنچە يەردىن يول ئازابى تارتىپ كەلگەن بۇ ئادەملەرگە زىياپەت بېرىشنى، شۇ

باھانىدە ئوردا ئەركانلىرى بىلەن يەكەندىكى ئۆلىما ـ پازىللارنى تونۇشتۇرۇشنى مەسلىھەت قىلغانىدى. شۇ مەسلىھەت بويىچە بۇگۈن ئەتىگەندىلا ئوردا ئاشخانىسىدا پەشتاما تارتقان ئاشپەزلەر ئىشقا كىرىشتى. ياقۇپ خوجا بۇ مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى دىۋانبېگى بىلەن ئابدۇللا باقاۋۇلغا تۇنۇگۈن كەچتىلا تاپشۇرغانىدى. بۇگۈن ئەتىگەن ئوردىغا كېلىپ قارىسا، ھەممە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىلگەنىدى. ئاڭغىچە يۇسۇپ خوجمۇ ئوردىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئەمدى ئوردا پېشايۋىنىغا يېقىن كېلىۋىدى، ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئوڭ تەرىپىگە بۇرۇلدى ۋە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان غازى بەگنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

— سىلىدىن ئۆزرە سوراي دەپ توختىۋالدىم، — دېدى غازى بەگ سالاملاشقاندىن كېيىن، — لايىق پۇرسەتنى تاپالماي خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويدۇم.

بۇ گەپتىن يۇسۇپ خوجا سەگەكلىشىپ قالدى.

— ھېلىقى دالىم خوجا مەسىلىسىدە نىياز بەگنىڭ رايىچە سىلىگە يېزىلغان نامەگە قول قويغىنىمغا تېخىچە ئەپسۇسلىنىپ يۈرىمەن.

— ئۇ ئىشتا ھېچ گەپ يوق، بېگىم. مەن ئۇ ئىشنى شۇ چاغدىلا ئېسىمدىن چىقىرىۋەتكەن.

— بۇنداق كەڭ قورساقلىق قىلغانلىرىغا كۆپ رەھمەت.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىغا پەرمانقۇل ئىشان كېلىپ سالاملاشتى. غازى بەگ دەرھال پېشايۋانغا كۆتۈرۈلدى.

— ھەزرىتى ياقۇپ خوجام سىلىگە ئوخشاش بۇ يەردىمۇ «مەرىپەت» مەكتىپى ئېچىشنى لايىق كۆردى، — دېدى پەرمانقۇل ئىشان.

— تولا ئوبدان بوپتۇ، — دېدى يۇسۇپ خوجا.

— ئۇنى بىر دېمىسىلە، ئەمدى بۇ مەكتەپتە ئىلىم تەھسىل قىلغان ئادەملەر مەزھەپ پېشۋالىرىنى مەدھىيىلىمەي، خوجامنىڭ

ئەمر - پەرمانلىرى بىلەن رەئىيەتنى بىرلىك - ئىتتىپاقلىققا چاقىرىدىغان ۋەز - نەسىھەتلەرنى سۆزلەيدىغان بولىدۇ.

— يۈسۈپ خوجا ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان سالىھ خەلپە بىلەن ئۆمەر باقى ئاخۇننى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدى ۋە سالاملاشقاندىن كېيىن ئوردىغا تەكلىپ قىلدى.

— بۈگۈن سوغۇقنىڭ خېلى جېنى بارمۇ نېمە، خەلپەم؟ — دېدى ئۆمەر باقى ئاخۇن پېشايۋانغا كېلىۋېتىپ.

— يوقسۇ. ئۆزلىرى تۈنۈگۈنكىگە قارىغاندا يېلىڭراق كىيىنىۋاپتىلا، — دېدى سالىھ خەلپە.

سالىھ خەلپە دېمىسىمۇ، بۇ ئادەم يېلىڭ پەشمەتنىڭ ئۈستىدىن پەرىجە كىيىپ، مەخمىلى ئۆڭۈپ قالغان تۇمىقىنى سەللىسىزلا كىيىۋالغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك:

— ئادەم دېگەن ياش ۋاقتىدا قېرىلىقنى ئارمان قىلىدىكەن. قېرىلىققا يەتكەندە بولسا خاتىرىسى ئاجىزلاپ، ئۇنتۇغاق بولۇپ قالىدىكەن. بايا سەللەمنى كىيىۋالاي دەپ ئويلىدىم - يۇ، ئۇنتۇپ تۇماق بىلەنلا كەپتىمەن، — دېدى.

— تولا ئوبدان بوپتۇ، — چېقىشقان بولدى يۈسۈپ خوجا، — «ئورۇق ئۇينىڭ مۈڭگۈزى يوغان، سامان قورساق موللىنىڭ سەللىسى» دېگەن گەپ بار ئىكەن، سىلى دېگەن بىلگەنسېرى ئاز بىلىمەن دەيدىغان كىچىك پېئىل ئادەم - دە.

ئۇلار مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن سورۇنخانىغا كىرىشتى ۋە ئەمدىلا ئولتۇرماق بولۇپ تۇراتتى، خۇش كېپەك ھاكىم باشلىق موللا سابىر قازى، يوغان باش باقى ئاخۇن ئىشانلار كىرىپ كېلىشتى. ياقۇپ خوجىلار قىزغىن سالاملىشىپ، ئۇلارنى ئۈستىگە كىچىكرەك پەي ياستۇقلار قويۇلغان كۆرسىلارغا تەكلىپ قىلدى.

— بۇ يەر بىزنىڭ قەشقەرگە قارىغاندا ئىسسىقراقمۇ قانداق؟ — دېدى يوغان باش ئىشان پېشانىسىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ.

— سىلىدەك قېلىن كىيىنگەن ئادەمگە ھەممە يەر

ئىسسىقتۇر، ــ دەپ چىقىشتى مولا سابىر قازى.
ــ مەنمۇ باقى ئاخۇن ھەزرەتتەك قىلىن كىيىندىم، ــ سۆزگە ئارىلاشتى خۇش كېپەك ھاكىم، ــ لېكىن تەرلەپ كەتكۇدەك ئىسسىپ كەتكىنىم يوق.
ــ ئۇنداق بولغىنى سىلىنىڭ يۇرەكلىرىدە ھەزرىتىمدەك ھارارەت يوق ـ دە، ــ دېدى ياقۇپ خوجا.
ــ ئۇ دېگەنلىرى راست، ــ ئىقرار قىلدى خۇش كېپەك، ــ ئەگەر ئۇنداق بولغاندا ئىككى تەرەپتىن يەلپۇشكە مۇيەسسەر بولاتتىم.
بۇ گەپكە ئولتۇرغانلار بىرقۇر پىنىككىنە كۇلۇشۇپ قويدى. ئۆزىنىڭ قوش خوتۇنلۇق ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان يوغان باش ئىشان بولسا مەغرۇرانە جىلمىيىپ قويدى. سورۇنخانىغا ھوشۇر قازى بىلەن ئەردەۋىلىنىڭ خەزىنىچىسى قاسىم بەگ، ئۇلارغا سوڭدىشىپ خوتەن ھاكىمى ئۆمەر بەگ، يەنە «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ ئىككى ئىشانى كىرىپ كەلدى. سالاملىشىش، كۆرۈشۇشلەردىن كېيىن ئۇلارمۇ كۇرسىلارغا ئولتۇرۇشتى.
ــ كېچىكىپ قالمىغاندىمىز؟ ــ دېدى خىجىل بولغان ئۆمەر بەگ پاتىھەدىن كېيىن.
ــ يوقسۇ، دەل ۋاقتىدا كەلدىلە...
ياقۇپ خوجىنىڭ زىياپىتى پېشىنغىچە داۋام قىلدى. ئارىلىقتا يېرىم سائەتچە دەم ئالدى. بۇ چاغدا ھەركىم خالىغان ئادەملىرى بىلەن سورۇنخانىدا، ئۇنىڭغا يانداش ئۆيلەردە، دەھلىز ـ پېشايۋاندا سۆھبەتلەشكەن بولدى.
ــ سىلىنى مۇشۇ يېقىندا ئىككى ئادەمنى ئىشانلىق ماقامىدىن مەھرۇم قىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق، ــ دېدى موللا سابىر قازى ياقۇپ خوجىغا قاراپ.
ــ شۇنداق بولدى، ــ دەپ جاۋاب بەردى ياقۇپ خوجا ۋە ھەيدەر ئىشان بىلەن ھېدىل سوپىلارنىڭ ناتوغرا ئىش ـ

ھەربىكەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەردى، ئاندىن بۇ ئىشانلارنىڭ بىرى دېھقانلاردىن يىغىۋالغان نەچچە يۈز تاغاردەك غەللىگە ئوت قويۇپ، مال ـ ۋارانلىرىنى ھەيدەپ، بالىچاقىسى بىلەن يۈك ـ تاقلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ نەگىدۇر غايىب بولغانلىقىنى؛ ئىككىنچىسى بولسا ئۆز تەۋەسىدىكى دېھقانلارغا ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۇلاردىن ئالغان غەللىنى قايتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ياقۇپ خوجىنىڭ گېپىگە چەتتىن قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان يوغان باش ئىشان بىلەن خوتەن تەرەپتىن كەلگەن ئىككى ئىشان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا يېقىنلاشتى.

— شۇنداق دېسىلە، — دېدى ئېغىر تىنىغان موللا سابىر قازى، — بىز تەرەپلەردىمۇ شۇنداق. بۇ مەزھەپ پېشۋالىرى پۇقرالارنى جۇۋازچىنىڭ چۆرىسىدە پىرقىراۋېرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان.

— تولىمۇ ياخشى ئوخشاتتىلە، — دەپ قايىل بولدى ياقۇپ خوجا، — بايىقىشىمچە، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بۇ روھىي كېسەللىكنى داۋالاپ، پۇقرالارنى ئاللا بىلەن ئۇنىڭ ئەلچىسى كۆرسەتكەن يولغا سېلىش ئاسان ئەمەس ئوخشايدۇ.

ياقۇپ خوجا ئۆزلىرىنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقان ئىشانلارغا قاراپ:

— يېقىنراق كېلىشسىلە، — دېدى ئىلتىپات بىلدۈرۈپ ۋە خوتەندىن كەلگەن ئىككى ئىشاننى سابىر قازىغا يەنە بىر قېتىم تونۇشتۇردى، — بۇ ئىككى كىشى بولسا «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ مەشھۇر پېشۋالىرى، بۇياق بولسا، — يوغان باش ئىشاننى كۆرسەتتى، — ئۆزلىرى بىلىدىغان «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ قەشقەردىكى مەشھۇر ئىشانى، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاللانىڭ بىرلىكىگە، مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە شەك كەلتۈرمەيدۇ، — ياقۇپ خوجا ئىشانلارغا

مۇراجىئەت قىلدى، ــــ شۇنداققۇ دەيمەن.

ــــ ئەلۋەتتە شۇنداق.

ــــ شۇنداق بولماي.

ــــ دېمەك، شۇنداق ئىكەن، «قۇرئان كەرىم» بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى كۆرسەتكەن مۇسۇلمانچىلىقنى ئالغا سۇرمەي، «ئىشقىيە»، «ئىسھاقىيە» دېگەن تەرىقەت پېشۋالىرىنىڭ سۆلۈكلىرىنى ئالغا سۈرسەك بولامدۇ؟

ــــ بەلكى ئۇ تەرىقەت پېشۋالىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغاندۇر، ــــ دېدى موللا سابىر قازى كۈلكە ئارىلاش.

ــــ سىلىمۇزە، قازى ھەزرەتلىرى، تولىمۇ ئاشۇرۇۋەتتىلە، ــــ دېدى خوتەنلىك قىرى ئىشان، ــــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان مۆمىن مۇسۇلمان دۇنيادا يوقتۇر.

ئۇنىڭ گېپىنى يوغان باش ئىشان بىلەن يەنە بىر ئىشان قوللاپ كەتتى.

ــــ ئۇنداق بولسا مۇسۇلمانچىلىقنى ياراتقان ئاللا بىلەن شۇ پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتكەن يولى بىلەن ماڭماي، نېمە ئۈچۈن تەرىقەت پېشۋالىرى ئويلاپ چىقارغان يول بىلەن ماڭىمىز؟

بۇ سوئالغا ئۈچ كىشىنىڭ ھېچقايسىسى جاۋاب بەرمىدى.

ــــ مېنىڭچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شەرىئەتتۇر، ــــ دەپ سۆز باشلىدى موللا سابىر قازى، ــــ ئىسلام ئالىمىدە مەشھۇر بولغان شەيخ ۋائىز كاشىپى① نىڭ يېزىشىچە: «شەرىئەت ھۆكۈملىرى روشەن ۋە ئېنىق رىسالىدۇر. مۆمىن بەندىلەر ئۇنى ھۆرمەتلىشى، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇشى ۋە ئەمەل قىلىشى لازىمدۇر. تەرىقەت (سوپىزم) بولسا قىدىرىشقا، ئىزدىنىشكە

---

① 15 ـ ئەسىردە ھىراتتا ياشىغان ئالىم ھۇسەيىن ۋائىز كاشىپى.

توغرا كېلىدىغان نەرسىدۇر.»[1] شۇڭا، شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە تەلتۆكۈس ئەمەل قىلمىغان ئادەم تەرىقەتنى چۈشەنمەيدۇ. تەرىقەتكە ئۆتۈش ئۈچۈن شەرىئەت بىرىنچى پەلەمپەي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تەرىقەت يولىغا كىرگۈچىلەر مىڭدىن بىر ھېسابلىنىدۇ ...

ياندىكى دېۋانبېگىنىڭ ئىشخانىسىدا ئابدۇقادىر مۇپتى باشلىق بىرقانچە ئادەم ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆز بېشىنى ئوڭلاشتا شەرىپە ئاغىچىغا ئۆيلەنگەنلىكىنى «نەپسى لەززىتىدىن ۋاز كەچكەنلىك، ھەقىقىي تەقۋادارلىق» دەپ تەرىپلىشىۋاتاتتى.

— ياقۇپ خوجام بۇ ئىشتا تولىمۇ دانالىق قىپتۇ، — دېدى خۇش كېپەك ھاكىم.

— شۇنداق، — دېدى ئابدۇقادىر مۇپتى، — بۇ ئادەمنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن باكىرە قىزلىرىنى ھەدىيە قىلىش خاھىشىنى بىلدۈرگەن ئادەملەرمۇ چىقىۋىدى، بىراق بۇ ئادەم باللارغا ئانا بولغۇدەك ئايالغا ئۆيلىنىش خاھىشىنى بىلدۈردى.

گەپكە ئەدەن قېچىر ئارىلاشتى.

— ئۇ خوجام ھەر خىل رەڭدە بويالغان تۇخۇملارنىڭ تەمى بىر خىل دېگەن ئويغا كەپتۇ ـ دە. توغرا ئىش قىپتۇ. ئەگەر كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ باكىرە قىزلاردىن بىرىگە ئۆيلەنسە، ئاتاق ـ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكەن بولاتتى، — ئۇ ھوشۇر قازىغا قاراپ، — قانداق دېدىم؟ — دەپ سورىدى.

— توغرا دېدىلە، خان دېگەن ئۆز تۇرمۇشىدىمۇ پۇقرالارغا ئۈلگە بولۇشى لازىم.

بۇ چاغدا يۇسۇپ خوجامنى پېشايۋاننىڭ بىر چېتىگە باشلاپ كەلگەن نىياز بەگ:

— ئەتىيازدا دالىم خوجىنى سوراپ نامە يازغىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈۋەتسىلە، خوجام، — دېدى، — شۇ چاغدا ئۇ ئىشاننىڭ

① كاشىپىنىڭ «خوتۇۋۋەتنامە سۇلتانى ياكى مەردلىك تەرىقىتى» ناملىق ئەسىرى، 1993 ـ يىلى تاشكەنت نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپپىقى ئالدىمغا كىلىپ يىغلاپ - قاقشىسا ... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي توختاپ قالدى.

— ئۇنىڭدا ھېچ گەپ يوق، بەگ ئاتا، — دېدى يۈسۈپ خوجا، — مەن ئۇ نامەلىرنى شۇ ۋاقتىدىلا ئۇنتۇپ قالغان.

— ئىشقىلىپ، ئۇنتۇپ قالسىلا، خوجام. ئادەمنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن.

ئۇلارنىڭ گېپى سالىھ خەلپىنىڭ كېلىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. دەھلىزدىكى بۇلغارى تۇتۇلغان كۇرسىدا ئولتۇرغان نىياز بەگ:

— سىلىنىڭ مەرھۇم ئىنىم پازىل ئاخۇننىڭ روھىنى خۇشنۇد قىلغانلىرىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، — دېدى يېنىدا ئولتۇرغان ئۆمەر باقى ئاخۇنغا، — مەن ياقۇپ خوجامغا شەرىپەخاننى لايىق كۆرگەن بولسامۇ، ئۆيلىپ جۈرئەت قىلمىغانىدىم. سىلى بولسىلا بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەممىمىزنى مەمنۇن قىلدىلا.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، بېگىم، — دېدى ئۆمەر باقى ئاخۇن كەمتەرلىك بىلەن، — ئاللاتائالا شەرىپەخاننىڭ پېشانىسىگە بۇ نىكاھنى يېزىپ، ھەممىمىزنى خۇرسەن قىلدى.

شۇ ئەسنادا دىۋانبېگىنىڭ تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن ئادەملىرىنى زىياپەتخانىغا تەكلىپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممەيلەن سورۇنخانىغا كىرىپ ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى. خىزمەتچىلەر داستىخانلارغا يېڭى تائاملارنى كەلتۈردى. لېكىن، بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەپ - ئىچكەنلىرىنى ھەزىم قىلىپ ئۈلگۈرەلمىگەن مېھمانلار كەلتۈرۈلگەن تائاملارغا توق - بېسىنقلىق بىلەن قاراپ، بايا ئاخىرلاشماي قالغان سۆزلىرىنى داۋام قىلىشتى.

— بايا دېگەن گەپلىرىگە مەنمۇ بەجانىدىل قوشۇلىمەن، — دېدى خوتەنلىك قېرى ئىشان، — «زامانى ئەۋۋەلدە، يەنى ھىجرىيەنىڭ 614 - يىلىدا (مىلادىيە 1217 -، 1218 -

يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ) نايمان قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغى تاياڭ خان (تايانخان) چىڭگىزخان بىلەن ئۇرۇشۇپ تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ تارمار بولغانىكەن، ئوغلى كۈچلۈكخان ئۆز ئېلى ئىچىدە تۇرالماي بىرمۇنچە ئادەملىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنى بويسۇندۇرۇپ قولىغا كىرگۈزۈپتۇ... كۈچلۈكخان ئۆزى ئاتەشپەرەس، ئايالى ناسارا (خىرىستىيان دىنى) دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇ ئۆزى ئېتىقاد قىلىغان دىنىنى تەشۋىق قىلىپ، شۇ دىنغا كىرگەنلەرگە ئامانلىق بېرىپتۇ. كىرمىگەنلەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ... شۇ چاغدا مەۋلانە ئالائىددىن مۇھەممەد ئىسىملىك بىر ئۆلىما بىلىگە راستلىق كەمىرىنى باغلاپ، كۈچلۈكخاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن سۆزلەپتۇ. كۈچلۈكخان گەپ تاپالماي، پەيغەمبىرىمىزنى ھاقارەت قىپتۇ... مەۋلانە ئالائىددىننى تۇتقۇزۇپ، ئىسلام دىنىدىن يېنىپ، ئاتەشپەرەسلىكنى قوبۇل قىلىدۇ دېگەن خاتا ئوي بىلەن زىندانغا تاشلاپتۇ. لېكىن، بۇ زات دىنىي ئىسلامدىن زادى يانماپتۇ. بۇنىڭغا غەزىپى كەلگەن كۈچلۈكخان مەۋلانە ئالائىددىن مۇھەممەدنى ئۆزى ياساتقان مەدرىسىگە تۆت مىخ بىلەن مىخلاپ قىيناپتۇ. شۇ چاغدا جېنى قىينالغان مەۋلانە ئالائىددىن يىغىلغان خەلقلەرگە: ‹بۇ دۇنيانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن قورقۇپ دىنىي مۇھەممەدنى، ئاخىرەتنى قولدىن بەرمەڭلار› دەپ نەسىھەت قىلغانىكەن.»① زىراكى، بىز دىنىي مۇھەممەدكە شۇ ئەجدادلىرىمىزدەك سادىق بولالماي، تەرىقەت پېشۋالىرىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتۇق.

ئولتۇرۇشقانلار بۇ ئادەمنىڭ گېپىگە ياقۇپ خوجام نېمە دەيدىكىن دېگەن ئوي بىلەن تۆر تەرەپكە قاراشتى. شۇ چاغدا سالىھ خەلپە:

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە» 415 ـ، 416 ـ بەتلەر.

— مەن خېلى يىللاردىن بېرى بىر سوئالغا جاۋاب تاپالماي يۈرۈۋاتىمەن، ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ دىيارىمىزدا پەيدا بولغان تەرىقەت پىشۋالىرىنىڭ ئىچىدە خوجا باھائىددىن نەقشبەندى①، خوجا ئۇبەيدۇللا ئەخرار②غا ئوخشاش تەرىقەت پىشۋالىرى بولغانمۇ ـ يوق؟ مەسىلەن، نەقشبەندى تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى خوجا باھائىددىنىنىڭ كەسپى ماتاغا نەقىش سېلىش ئىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھېرات شەھىرىنىڭ پادىشاھى خوجا باھائىددىنىنىڭ ھۆرمىتىگە زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇ داستىخاندىكى ناننىڭ ئۇۋۇقىنىمۇ ئېلىپ ئاغزىغا سالماپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، خوجا باھائىددىن: «جانابلىرىنىڭ كەسپى نېمە؟» دەپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ: «ھەزرەت، مەن شاھىنشاھمەن، كەسپىم شۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇ چاغدا خوجا باھائىددىن: «شاھلىق كەسىپ ئەمەس، داۋۇد ئەلەيھىسسالام تۆمۈرچىلىك قىلىپ كۈن كەچۈرەتتى. داستىخىنىڭىزدىكى تائاملار پېشانە تەرى بىلەن تېپىلغاندا ئىدى، ھالال ھېسابلىناتتى. ئۆزرە بىزگە، بۇ داستىخاندىن تاماق يېيىش جايىز ئەمەس»③ دەپ زىياپەتتىن چىقىپ كەتكەنىكەن. ئالاھازەل ئۇ تەرىقەت پىشۋاسى ئۆز مۇرىتلىرىغا بىرەر كەسىپنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلغانىكەن.

سالىھ خەلپىنىڭ سۆزلىرى ئولتۇرغانلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇنىڭدىن روھلانغان خوتەنلىك قېرى ئىشان:

— ئەمدى خوجا ئۇبەيدۇللا ئەخرار دېگەن تەرىقەت پىشۋاسى بولسا ئۆز ئىختىيارىدىكى يەر ـ مۈلۈكتىن كېلىدىغان دارامەتلەرنى پۇقرالارغا چۈشكەن سېلىقلارنى تۆلەشكە، مەدرىسە ـ

---

① خوجا باھائىددىن نەقشبەندى (1318 ـــ 1389) «نەقشبەندىيە» تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى.

② خوجا ئۇبەيدۇللا ئەخرار (1404 ـــ 1494) مەشھۇر تەرىقەت پىشۋاسى.

③ سەدىرىدىن سەلىم بۇخارى ـــ «دىلدا يار» 14 ـ، 15 ـ بەتلەر.

مەسچىت ۋە باشقا قۇرۇلۇشلارنى بەرپا قىلىشقا سەرپ قىلغانىكەن. مەسىلەن، ئۆمەر شەيخ مىرزا شاش (تاشكەنت) ئاھالىسىدىن ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ دىنار ھەجمىدە سېلىق تەلەپ قىلغاندا، خوجا ئەخرار سېلىقنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى تۆلەپ، يەنە يەتمىش مىڭ دىنارنى سېلىق يىغقۇچىلارغا تاپشۇرۇپ قويغانىكەن ...

— ئۇنداق پېشۋالار بىزدە بولمىغان، — دېدى بىر چاغدا يوغان باش ئىشان، — ئۆزىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى دەۋالغان ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا) «ئىشقىيە» سۇلۇكىنى تەرغىب قىلىپ، بىر قەشقەرنىڭ ئۆزىدىلا توقسان مىۋىلىك باغنى، يىگىرمە ھويلا - ئارامنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى ۋە ئۇنى ئاز كۆرگەندەك، لاسادىكى جۇڭغار لاماسى بىلەن ئىلىدىكى جۇڭغار خۇنتەيجىسىگە بېرىپ، دىيارىمىزنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭغارلارغا بېقىندى قىلىپ قويدى.

ئۇنىڭ بۇ خىل گەپلىرىنى كۈتمىگەن ئادەملەر ھەيران بولۇشتى.

— باقى ئىشان ھەزرەتلىرى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتتى، — دەپ قوشۇمچە قىلدى موللا سابىر قازى، — ھىدايىتۇللا ئىشان: « پىر دېگەن پەيغەمبەرگە ئوخشاش، مۇرىتلار پەيغەمبەرنىڭ ئۇممەتلىرىگە ئوخشاش. پەيغەمبەرگە ئاللادىن قانداق ۋەھىي كەلسە، پىرغىمۇ شۇنداق ۋەھىي كېلىدۇ. ماڭا ئىنكار قىلغۇچىلار، ئەگەشمىگەنلەر مۇناپىقلاردۇر»[1] دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنى مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز بىلەن تەڭ قويغاندى. ئۇنىڭ خۇشامەتچىلىرى بولسا: «پەيغەمبىرىمىز ھىرا غارىدا ئاللا بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا بىزنىڭ پىرىمىزنىڭ روھىمۇ پەيغەمبىرىم بىلەن بىللە ئاللانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان»[2]

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىللىق 2 -، 3 - سانىدىن.

② «تەزكىرەئى ھىدايەت» ناملىق رىسالىدىن ئېلىندى.

دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى تارقىتىپ، دىنى ئىسلامنىڭ ئورنىغا خوجا ئىشانلارنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنى مەيدانغا چىقارغان.

— ھىدايىتۇللا ئىشاندىن ئىلگىرى دىيارىمىزدا پەيدا بولغان ئۆزىنى «مىللىي ئەۋلىيا» دەپ ئاتىغان خوجا ئىسھاق ۋەلىمۇ ئۆز تەرىقىتىنى (ئىسھاقىيە مەزھىپىنى) دىنى ئىسلامنىڭ ئورنىغا قويۇشقا ھەرىكەت قىلغان تەرىقەت پېشىۋاسىدۇر، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى سالىھ خەلپە، — ئۇ ئادەم «سەئىدىيە خانلىقى»نىڭ ئورنىغا «ئىسھاقىيە خانلىقى»نى تىكلەش ئۈچۈن ئۆزىگە سادىق مۇرىتلىرى ئوبۇل ۋە مۇھەممەد دېگەن كىشىلەر ئارقىلىق بارچۇقتا (ھازىرقى مارالبېشىدا) شىكاردا يۈرگەن ئابدۇكېرىم خان①نى پىچاقلاپ ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ يەنە بىر مۇرىتى قۇرەيشنى (بەزى مەنبەلەردە قۇرەيىش سۇلتان دېيىلىدۇ) تەختكە چىقىرىپ، قەشقەر ھاكىمىيىتىنى بىر مەزگىل ئۆز تەسىرىگە ئالغان ۋە «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ يۇقىرى قاتلام ئىشانلىرى ئۆزى بەگ ـ ئۆزى خان بولۇپ «زەرۇرى ئىسھاقىيە» دېگەن دىنىي قائىدىنى يولغا قويغان. بىراق، ئۇلارنىڭ مۇنداق جاھالەتپەرەسلىك ئىشلىرىغا قارشى قوزغالغان خەلق كەسكىن كۈرەشكە ئاتلانغان. ئەردەۋىل خەلقى بۇ يەردە پىر بولۇۋالغان ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى شاھباز خوجىنى ئۇر ـ ئۇر قىلىپ ئۆلتۈرگەن. قەشقەرگە قويغان باش خەلپىسى ئوشتۇر خەلپىنى، يېڭىسار، خوتەن، يەكەنلەرگە قويغان قاسىم، يۈسۈپ، شادى دېگەن خەلپىلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. مۇنداق زەربىگە ئۇچرىغان خوجا ئىسھاق ۋەلى سەمەرقەنتكە قېچىپ كەتكەن. قەشقەردە ئابدۇرېشىتخاننىڭ يەنە بىر ئوغلى مۇھەممەدخاننىڭ (خاقانى ئەزىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھاكىمىيىتى ئورناپ، تىنچلىق ئورنىتىلغان بىر مەزگىلى «ئىسھاقىيە»چى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ھەرىكىتى توختىغان.

---

① ئابدۇكېرىم خان — ھىجرىيەنىڭ 977 ـ يىلى(مىلادىيە 1569 — 1570) سەئىدىيە تەختىدە ئولتۇرغان.

— بىزدىكى تەرىقەت پېشۋالىرىنىڭ ئىچىدە ئاللانىڭ كالامى بىلەن ھەدىس شېرىپىنىڭ سىرتىغا چىقمىغان ئادەملەرمۇ بولغان، — دېدى بىر چاغدا ئۆمەر باقى ئىشان، — مەسىلەن، سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۇستازى مەھدۇمى نۇرانى① ھەزرەتلىرى. بۇ كىشى سۇلتان سەئىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئالتە - يەتتە يىللىق ئۆمرىنى كەيپ - ساپا بىلەن ئۆتكۈزۈپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن چاغلاردا، ئۇ كىشىنى «مەسىھ» قىلىدىغان ھەممە ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ توۋا قىلىشقا دەۋەت قىلغانىدى. شۇنىڭدەك مەھدۇمى نۇرانى ھەزرەتلىرى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەخلاقىنى تۈزەش ئۈچۈن خانلاردا قانداق شەرتلەر بولۇش ھەققىدە رىسالە يازغانىكەن.

شۇ چاغدا بۇ ئۆلىما - پازىللارنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ كېتىۋاتقان سۆھبىتىنىڭ يەنىمۇ داۋام قىلىشىنى خالىسىمۇ، لېكىن ئەسىر نامىزى بولغۇچە قىلىدىغان ئىشلارنى تۈگىتىۋېلىشنى ئويلىغان ياقۇپ خوجا:

— مۆھتەرەم مېھمانلار ! — دەپ ئولتۇرغانلارغا مۇراجىئەت قىلدى، — ھەربىرىڭلارنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن چىققان قىممەتلىك زەبانىڭلارنى تولىمۇ قىزىقىش بىلەن ئاڭلىسامۇ، لېكىن ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن بۆلۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۆزرەمنى قوبۇل قىلىشىڭلارنى سورايمەن. بۈگۈنكى زىياپىتىمىز ھەرقايسىڭلارنىڭ لايىقىدا بولمىسىمۇ، لېكىن بولۇنغان گەپ - سۆزلەر سۇنىڭ باش تەرىپى سۈزۈلۈشكە باشلىغانلىقىدىن دالالەت بېرىۋاتقاندەك كۆڭلىمىزنى خۇشاللىققا چۆمدۈرمەكتە. دېمىسىمۇ، سىلەر بىلەن بىز ۋە قەشقەرىيەدىكى بارلىق مۇسۇلمان ئەھلى ئەڭ ئالدى بىلەن ئاللانىڭ قۇلى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتىدۇرمىز. بىزنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىمىزنى

① مەھدۇمى نۇرانى — شۇ چاغدىكى مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى بولۇپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ پىرى ئىدى.

ئىككى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان تەرىقەت پېشىۋالىرى نەچچە شاخقا (مەزھەپكە) بۆلۈپ، پۇقرالارنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆلدىكى سۇنى قىلىچ بىلەن بۆلگىلى بولمىغاندەك، خەلقىمىزنى ھېچقاچان بۆلۈۋەتكىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، بىزنىڭ ھازىرقى دۈشمىنىمىزنىڭ بىرسى خەلقىمىز مۇپتىلا بولغان نادانلىقتۇر. نادانلىققا گىرىپتار بولغان خەلقنى يولدىن ئازدۇرۇش، بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇش تولىمۇ ئاساندۇر. شۇڭا، ئالدى بىلەن پۇقرالارنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچايلى. بايا سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۇستازى مەھدۇمى نۇرانى ھەققىدە گەپ بولدى. شۇ ھەزرەتنىڭ سۇلتان سەئىدخانغا ئاتاپ يازغان رىسالىسىدە «پۇقرالارنىڭ پادىشاھتا ھەققى بار ... بۇ ھەق شۇكى، پۇقراغا سىلىق، يۇمشاق بولغاي، تەكەببۇرلۇق قىلمىغاي، خۇدا ئۆزىنى يوغان تۇتقۇچىلارنى، جەبىر قىلغۇچىلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر يېزىلغان، — ياقۇپ خوجا ئارقىسىغا كېلىپ توختىغان يۇسۇپ خوجىنى بايقىدى ئەتىمالىم، — جىقراق سۆزلەپ ۋاقىتىڭلارنى ئالدىم، — دېدى ئۆزرە بىلدۈرۈپ، ئاندىن گېپىنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكىدى، — ھەرقايسىڭلارنىڭ شۇنچە يىراق يەرلەردىن مەرھۇم ئاتىمىزنىڭ يىل نەزىرى مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگىنىڭلارغا غوجىزادىلەر نامىدىن تەشەككۇر ئىزھار قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەشەككۇرىمىزنىڭ كۆڭۈللىرىدە ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن تەييارلىغان ئاز ـ تولا ھەدىيەلىرىمىزنى خاتىرە ھېسابىدا قوبۇل قىلىشلىرىنى سورايمەن، — ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ يۇسۇپ خوجا سۇنغان سۇلەيسۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن تون بىلەن كۈمۈش رەڭ كۇلاغا ئورالغان زەرلىك سەللىنى قولىغا ئېلىپ، — باقى ئاخۇن ئىشان ھەزرەتلىرى، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ يوغان باش ئىشانغا تەقدىم قىلدى ـ دە، — كۆپكە تابىئە قىلىسىلا، —

دېدى.

ياقۇپ خوجا شۇ تەرىقىدە قەشقەر، ئەردەۋىل ۋە خوتەن تەرەپتىن كەلگەن ھەممە مېھمانلارغا سۆلەيسۇندىن، كالاۋاتۇندىن تىكىلگەن قىممەت باھالىق تونلار بىلەن سەللىلەرنى، گەردىشىگە قاما ـ قۇندۇز تېرىلىرى تۇتۇلغان تۇماقلارنى، ئىككى ـ ئۈچ مېھرابلىق جايناماز لارنى تەقدىم قىلدى.

«ئىنسان ـــ ئېھساننىڭ قۇلى» دېگەندەك، ياقۇپ خوجىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغان ئادەملەرنىڭ چىرايلىرى پارقىراپ كەتتى. «چوڭ ئادەملەرنىڭ ئىلتىپاتىمۇ چوڭ بولىدۇ، دېگەن گەپ راست ئىكەن ـ دە، ـــ دەپ ئويلىدى ئەدەن قېچىر، ـــ بۇ ئىككى خوجام ئۆزلىرىنى قوللايدىغان ئادەملەرنى رىغبەتلەندۇرۇپ، ئارىدا قالغانلارنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۆزىنى قوللىمايدىغانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ جاھان ئىش قىلدى ـ دە ...»

شۇ ئەسنادا:

ـــ مەن، ھۆرمەتلىك ياقۇپ خوجام، ـــ دەپ سۆز باشلىدى قاراقاش ناھىيەسىدىن كەلگەن داۋۇت ئىشان، ـــ ھۆرمەتلىك ئوردا ئەركانلىرى، ئۆلىما ـ پازىللار، سىلەر تۇرغاندا مېنىڭ گەپ قىلىشىم ئاتىكارچىلىق بولسىمۇ، لېكىن تاقەت قىلالمىدىم، كەچۈرۈشسىلە. مەن راستىمنى ئېيتسام، نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى كۆك ئاسمانغا قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك قاراپ يۈرگەنىكەنمەن. ھازىر بولسا قۇدۇقتىن چىقىپ، ئاسماننىڭ كەڭلىكىنى كۆرۈۋاتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالدىم. خۇدا بۇيرۇسا، بۈنىڭدىن كېيىن ئۆزۈم تۇرغان، بارغان يەرلەردىكى ھەممە خەلققە ئاللا بۇيرۇغان، پەيغەمبىرىمىز كۆرسەتكەن يولدىن باشقا يولغا مېڭىشنىڭ خاتالىقىنى چۈشەندۈرىمەن. ئۇلارنىمۇ ئۆزلىرى چۈشۈپ قالغان قۇدۇقتىن چىقىشقا ياردەملىشىمەن.

ئۇنىڭ گېپىنى ھەممە ئادەملەر قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى قىسىم

## بىرىنچى باب

دۇنيادىكى مەشھۇر ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى — ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتۇر. شۇڭا، ئادەتتىكى قۇرت - قوڭغۇزلاردىن تارتىپ ئادەمگىچە بولغان ھەممە جانلىقلار ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مەسىلەن، قىش پەسلىدە جان بېقىشى قىيىن بولغان قوڭغۇزلار بىلەن چاشقانلار يازچە ئۇۋىسىغا توپلىغان نەرسىلىرىنى يەپ قىشنى چىقىرىدۇ. ئوت - چۆپلەرنىڭ قار ئاستىدا قېلىشىنى بىلگەن بەزى ھايۋانلار قار چۈشەرگە يېقىن قار ياغمايدىغان، ياغسىمۇ توختىماي ئېرىپ كېتىدىغان يەرلەرگە كېتىشىدۇ ... ئادەملەر بولسا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئانا يەر باغرىدا دېھقانچىلىق قىلىپ ياكى چارۋا - مال بىلەن كۈن كەچۈرسە، بەزىلىرى ھۈنەر - كەسىپ ياكى سودا - سېتىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئەمما، ئادەم بالىلىرىنىڭ ئىچىدە بۇنداق ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى بىلەن شۇغۇللانماي قاراقچىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە ئوغرىلىق بىلەن ئۆز ھاياتىنى ئۆتكۈزىدىغانلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ، ھەتتا بۇ دۇنيادا ئۆز ماكانلىرىدىكى رىزقى - نېسىۋىسىگە قانائەت قىلماي، يىراق - يېقىندىكى قوشنا ئەللەرنىڭ تاپقان - تەرگىنىنى تارتىۋېلىش ۋە ئۇلارنى قۇل ئورنىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى يۈرگۈزگەن تاجاۋۇزچى پادىشاھلارمۇ ئۆتكەن. خۇنتەيجى غالدان سېرىن ئەنە شۇنداق پادىشاھلارنىڭ بىرى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ زېمىندا 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەنە شۇنداق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلار بىلەن

باش كۆتۈرگەن ئۇنىڭ ئاتىسى ـــ چىۋاڭ رابدان شەرقتىكى بەزى جايلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالاپ، قازاق ـ قىرغىزلارنىڭ يەرلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشنى باشلىغان بولسا، غالدان سېرىن بۇ تاجاۋۇزچىلىقنى تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن داۋاملاشتۇرغانىدى. ئۇ يەتتىسۇ تەۋەسىنى قاچانلا بولسا مېنىڭ قارىمىقىمدا دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى قازاقلارنىڭ ئوتتۇرا يۈز تائىپىسى تۇرىدىغان يەرلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى.

بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، خۇنتەيجى غالدان سېرىننىڭ سەرۇ دېگەن ئىنىسىنى بىر سوقۇشتا ئابلەيخان دېگەن قازاق باتۇرى ئۆلتۈرگەنىكەن. بۇنىڭغا چىدىمىغان غالدان سېرىن ئابلەيخاننى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن سۈزەكە دېگەن باتۇرى باشلىق لەشكەر ئەۋەتىپ: «ئابلەينى تىرىك تۇتۇپ كەلگىنىڭلەرگە ئايۇكە①دىن تۇغۇلغان توپىش دېگەن قىزىمنى قېلىن مالسىز ‹پۇلسىز› بېرىمەن، دېگەنىكەن. جۇڭغار لەشكەرلىرى ئۇلۇغتاغ دېگەن يەردە بۇركۇت سېلىپ، كېيىن ئۇخلاپ قالغان ئابلەينى تۇتۇۋالغانىكەن»② دەپ يازسا، چوقان ۋەلىخانوۋ «ئابلەي» دېگەن ماقالىسىدە: «ئۇ ‹خۇنتەيجىنىڭ› ئوغلى شارىشىنى يەكمۇيەك ئۆلتۈرۈپ، جۇڭغارلارنىڭ قازاقلاردىن قەتئىي ھالدا تەلەپ قىلىشى بىلەن قولغا چۈشكەن» دەپ يازىدۇ. يەنە بىر تارىخچى سارباس ئاقتايېۋ دېگەن كىشى: «غالدان سېرىننىڭ جېنىدەك ياخشى كۆرىدىغان جىيەنى شارىشنى ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن ئابلەينى تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار، شارىشنىڭ ئورنىغا ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرىمەن دەپ، ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن جالبى دېگەن باتۇرنى ئاتلاندۇرىدۇ. ئۇلۇغتاغدا شىكار قىلىش ئۈچۈن چىققان ئابلەي

---

① ۋۇلگا بويىدىكى جۇڭغارلار خانىنىڭ قىزى.

② مەشھۇر جۇسۇپ كۆپەي ئوغلى يازغان «ئابلەيخان»، نامىلىق ئەسەر، ئالماتا، 1992 ـ يىلى نەشرى.

www.turkitap.com

چۇمۇلىدەك مىغىلدىغان دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا ئۇخلاپ قېلىپ تۇيۇقسىز چۇشۇپ قالىدۇ» دەپ يازىدۇ.

بۇلارنىڭ قايسى توغرا، قايسىسى خاتا، بۇ تارىخچىلار بىلەن تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە باغلىق ئىش. لېكىن، ئابلەيخاننىڭ تۇتقۇن بولۇشى غالىدان سېرىننىڭ تۇمشۇقىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە جۇڭغار لەشكەرلىرى تاشكەنت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئىشغال قىلىپ، ئوتتۇرا يۈزگە تېگىشلىك بىرقانچە يەرلەرنى بىسىۋالغانىدى. ئۈچ تائىپىگە بۆلۈنگەن قازاق خانلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە قوشۇلماي، ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشى جۇڭغارلار ئۈچۈن پۇرسەت بولدى.

قازاقلارنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئورۇس پادىشاھى قازاق دالاسىغا جۇڭغارلاردەك بېسىپ كىرمىسىمۇ، بۇ چاغدا ئۇلار شۋېتلار بىلەن تۈركلەرگە قارشى سوقۇشۇپ ھالسىراپ قالغانىدى. لېكىن، قازاقلارغا چېگراداش يەرلەرگە قورغانلار سېلىپ، قازاقلار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ ئۆزئارا سوقۇشۇپ ئاجىزلىششىنى كۈتەتتى.

جۇڭغارلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتكەن تاجاۋۇزچى لەشكەرلىرى قوقەنت ھاكىمى ئابدۇكېرىم تەرىپىدىن قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچرىدى. بۇ ھال ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىگە چوڭ ئىلھام بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇكېرىم بەگنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى ۋە جۇڭغارلارغا قارشى يۈز مىڭدەك ئەسكىرىي كۈچ پەيدا بولدى. نەتىجىدە جۇڭغارلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاندى. ئابدۇكېرىم بەگنى بويسۇندۇرالمىغان غالىدان سېرىن قول ئاستىدىكى قازاق سۇلتانلىرىدىن ياردەم قىلىشنى سورىدى. لېكىن، ئۇلار خۇنتەيجىنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلدى.① قازىبەك بىي دېگەن كىشى كۆكجېلەك دېگەن يەردە قازاقلارنىڭ ئۈچ

---

① س. ۋ. تېمچىنكونىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ جۇڭغار فېئوداللىرىغا قارشى كۈرىشى» ناملىق ماقالىسىدىن.

تائىپىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملىرىنى يىغىپ مەجلىس ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا جۇڭغارلارغا قارشى سوقۇشلاردا تونۇلغان قابانباي، بۆگەنباي، نەۋرۇزباي دېگەن باتۇرلار، سۇلتانلار قاتناشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ئابدۇكېرىم بەگنى قوللاشتى.①

شۇنىڭغا قارىماي، جۇڭغارلار بىرنەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردا بۇ ئەتراپتىكى تاغلار بىلەن دالىلارنى قازاق ـ قىرغىزلاردىن بۇلىۋالغان چارۋىلارغا توشتۇرۇپ تاشلىغانىدى.

بىراق، بۇ پانىي دۇنيادا مەڭگۈ ياشايدىغان ئادەم يوق ئىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيانى قانغا بويىغان جۇڭغار خۇنتەيجىسى غالدان سېرىن دۇنيادىن ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىراسخورلىرىغا پۈتمەس ـ تۈگىمەس مال ـ دۇنيا بىلەن پۈتمەس ـ تۈگىمەس ماجىرالارنىمۇ قالدۇرۇپ كەتتى...

قائىدە بويىچە غالدان سېرىنىنىڭ تەختىگە چوڭ ئوغلى لاما تاجى (بەزى مەنبەلەردە لاما دورجى دەپمۇ ئېلىنغان) لايىق بولسىمۇ، ئۇنى «دېدەك خوتۇندىن تۇغۇلغان» دەپ، تېخى بالاغەت يېشىغا تولمىغان ئەجىن (بەزى مەنبەلەردە چېۋاڭ دورجى دەپمۇ ئېلىنىدۇ) ئىسىملىك بالىسى ئولتۇردى. «غالدان سېرىن ئاغرىپ ياتقىنىدا ئۆزى تەختىگە مىراسخور قىلىپ ئەجىننى بەلگىلىگەن. بارلىق نويانلار بىلەن تەيجىلەردىن (ئۇنىڭغا سادىق بولۇش ھەققىدە) قەسەم ئالغان ۋە ئۇلارنى ئىككى ـ ئۈچ ئاي كۆزى يۇمۇلغۇچە ئوردا ئەتراپىدا تۇتۇپ تۇرغانىدى.»② بۇ چاغدا ئوتتۇز مىڭ لەشكەرگە سەردار بولۇپ قوقەنت خانلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان سىپتەن نويان خۇنتەيجىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ تولىمۇ مەيۈسلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەختىگە كىچىككىنە ئەجىنىنىڭ

① ② جانىبەك تاۋاسار ئوغلى: «ئاتا ـ بوۋامدىن ئۆزۈمگىچە»، ئالمۇتا، 1993 ـ يىلى نەشرى. 320 ـ، 323 ـ بەتلەر.

ئولتۇرغانلىقىغا قاتتىق نارازى بولغان. «بۇ كىچىك بالىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزلىرى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزمەكچى» دېگەن ئويغا كەلگەن ـ دە، جاپانسۇ دېگەن يەردە تۇرۇۋاتقان جوڭغار لەشكەرلىرىنىڭ سەردارى لاما تاجىغا: «ئاتاڭنىڭ تەختىگە سەن ئولتۇرساڭ بولاتتى. لېكىن، ئەجىن ئولتۇرۇۋاپتۇ. ھېلىمۇ سەن مۇشۇ ئىشنى قولۇڭغا ئال. مەن ساڭا ياردەملىشىمەن ...» دېگەن مەزمۇندا خەت يازدى. لېكىن، سىپتەن نويانىنىڭ بۇ خېتى لاما تاجىغا ئەمەس، ئوردا نويانلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار يېڭى خۇنتەيجى نامىدىن سىپتەن نويانغا «دەرھال قايتىپ كەلگىن» دەپ خەت يېزىپ چاپارمەن ئەۋەتتى ۋە سىپتەن نويانىنى يولدا ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ماجالى دېگەن كىشى باشلىق بىر توپ لەشكەرلەرنى ئۇنىڭ يولىغا پىستىرما قىلىپ قويدى. يېڭى خۇنتەيجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلاپ، بىرەر يۇقىرىراق مەنسەپكە يېتىشنى ئويلىغان ماجالى يالغۇز سىپتەن نويانىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئادەملىرىنىمۇ قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

غالدان سېرىنىنىڭ تەختى ئۈچۈن بولغان كۈرەش بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. «خانىنىڭ (خۇنتەيجىنىڭ) ئىپتىلا خان ئىكەن، ــ دەپ خاتىرىلەيدۇ ئۇنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان قازاق تارىخچىسى جانىبەك تاۋاسار ئوغلى، ــ ئۇنىڭ ئوردىسىنى لام بايان دېگەن ئىبگىچىسى سورايدىكەن. ئەجىنىنىڭ قىز قوغلاشتىن قولى بوشىمايدىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىغا نوموس قىلغان كۆن بېي، ئوروس نويان دېگەن كىشىلەر چىۋاڭ دورجىغا (ئەجىنگە) زەھەر بەرمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ باياشار دېگەن چوڭ ئىبگىچىسى تۇيۇپ قېلىپ خان ئامان قالدى. ئوردىدا تەقىب قىلىنىشلار باشلاندى. ئوغا بىرىشكە مۇناسىۋەتلىك نويانلار ئۆلتۈرۈلدى.»

يېڭى خۇنتەيجى «ئەجىنىنىڭ غۇلام بىيە (لام بايان) ئىسىملىك بىر ئىبگىچىسى بار ئىدى. ئۇ نەمكۇ جىرغال دېگەن

جوٚڭغارغا تەگمەكچى بولۇپ ۋە ئۇنى تۆرە قىلماقچى (تەختكە ئولتۇرغۇزماقچى) بولغاندا، ئەجىن خەۋەر تېپىپ، ئېگىچىسى بىلەن نەمكۇ جىرغالنى تۇتۇپ، كۆزلىرىگە مىل تارتىپ (ئويۇپ) زىندانغا سالدۇردى.»[1] بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان لاما تاجى جاپانسۇ دېگەن يەردىن ئوردىغا باستۇرۇپ كەلدى ۋە ئەجىنىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ كوچاغا پالىۋەتتى ـ دە، ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى.

غالدان سېرىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ماجىرالار جوٚڭغارلارنىڭ باشقا ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. غالدان سېرىن هايات چاغلاردا ئۇنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلدۈرمەي، ئوردا ئىشلىرىنى تەۋرىتىپ تۇرغان ساغا نويان، يارغۇچى نويانغا ئوخشاش تەجرىبىلىك ئادەملەر ئىككى ـ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كۆن بېي، سېپتەن نويان، ئورۇس نويان ۋە نەمكۇ جىرغال دېگەنگە ئوخشاش نويانلار كەلگەنىدى. جوٚڭغارلارنىڭ ھەر خىل قەبىلىلىرىگە ۋاكالىتەنلىك قىلىدىغان بۇ نويانلار ئۆزلىرىنى ئەقىل ـ پاراسەتتە غالدان سېرىندىن كەم ھېسابلىمايتتى. لېكىن، ئۇلار غالدان سېرىن ئۆلۈشى بىلەن باشلانغان تەخت تالاشتا مىراسخورلىرىدىن بىرنەچچىسىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولۇپ، ئۆزلىرىمۇ ئۆلۈپ توگىگەنىدى.

قىسقىسى، 1640 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قوبۇقساردا (تارباغاتايدا) باتۇر خۇنتەيجى تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ بىر ئەسىردەك داۋام قىلغان جوٚڭغار خانلىقى هازىر ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ قەشقەرىيەگە تۇتقان سىياسىتىدە بىر خىللىق يۈز بەرگەنىدى. ئۇلار قەشقەرىيەدىكى خانلارنىڭ مۇشۇ

---

[1] مۇھەممەد سادىق كاشغەري: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرمىگىنىدىن ياكى خىراج تۆلەشتىن باش تارتمىغىنىدىن خۇشال ئىدى. ئۇلار «ئەگەر قەشقەرىيەدىكى خانلار قارشىلىق بىلدۈرۈپ باش كۆتۈرسە، باشقا ئەللەرگە بۈگۈنكىدەك ئۇرۇش قىلالماي قالاتتۇق» دەپ ئويلىشاتتى. قەشقەرىيەدىكى خانلار بولسا ئادەت بويىچە ھەر يىلى تۆلەيدىغان خىراجنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭغار ئوردىسىغا بىر قېتىم كېلەتتى ـ دە، خۇنتەيجى غالدان سېرىنگە، ئەگەر ئۇ يوق بولسا باشقا نويانلارغا كۆرۈنۈش قىلىپ قايتىشاتتى ۋە ئۆزلىرى باشلىغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن بەند بولۇپ يۈرۈشەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭغارلارنىڭ قازاق ـ قىرغىزلارغا قىلىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ خوجا ـ ئىشان، سوپى ـ دەرۋىش ۋە قەلەندەر ـ مەدداھ شەكىللىرىگە كىرىپ، يەتتىسۇ، تاشكەنتتىن بەدەخشانغىچە بولغان يەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرگەن ئايغاقچىلىرى تۈرلۈك ـ تۈمەن خەۋەرلەرنى يەتكۈزەتتى.

※ ※ ※

يۇسۇپ خوجا جۇڭغار خانلىقى ئوردىسىدا ئەنە شۇنداق تەخت تالاشلار كېتىۋاتقان بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچكى ماجىرالىرى بىلەن تاشقى سىياسەتلىرىنى بىلىش ئويىدا، گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان بالىلىرىنىڭ ھالىنى بىلىش باھانىسىدە ئىلى تەرەپكە كەلگەنىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان داندار دورغا يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرۇپ خۇنتەيجى بولغان لاما تاجىغا خەۋەر قىلىۋىدى، ئۇ دەرھال يۇسۇپ خوجىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ ھۇزۇرىغا چاقىردى.

يۇسۇپ خوجا ئوردىغا كىرىشى بىلەن يېڭى خۇنتەيجىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سالاملاشتى ۋە:



www.uyghurkitap.com

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتى مۇستەھكەم بولغاي، — دەپ تىلەك بىلدۈردى.

ئۇنىڭ بۇ تەنتەنىلىك گەپلەرنى جۇڭغار تىلىدا ئېيتقىنى لاما تاجىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان نويانلارنى ھەيران قالدۇردى ئەتىمالىم، ئۇلار سوئال نەزىرى بىلەن خۇنتەيجىگە قاراشتى.

— بۇ كىشى قەشقەر شەھىرىنىڭ خانى يۈسۈپ خوجا، بىزگە جىيەن بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى لاما تاجى ۋە يۈسۈپ خوجىنىڭ بوۋىسى چىۋاڭ رابداننىڭ ۋاقتىدا تا ئۆلۈپ كەتكۈچە قەشقەرىيەگە خان بولۇپ، ئۆزلىرىگە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان دانىيال خوجىنىڭ جۇڭغار ئايالىدىن تۇغۇلغان ۋە ئالتە ـ يەتتە ياشلارغىچە جۇڭغارلار قولىدا يۇرگەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭغار تىلىنى ئۇيغۇر تىلىدەك بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يۈسۈپ خوجىغا ئەتراپىدىكى نويانلارنى تونۇشتۇردى، — بۇ كىشى سايىن بۆلەك، ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز، بۇ كىشى شاھدار تەيجى، ئۇنىڭ قېشىدىكى ئۇباشى دېگەن نويان بولىدۇ.

يۈسۈپ خوجا ئوردا ئادىتى بويىچە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بېشىنى ئەگكەن ھالدا ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇنىڭغا ياش قۇرامى بىلەن رەڭگىروىي بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئوردىنىڭ بۇ يېڭى ئەمەلدارلىرى بولتۇرقى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى نويانلاردەك تەكەببۇر ئەمەستەك تۇيۇلدى.

— ئىشلىرىمىز ناھايىتى جىق، — دېدى خۇنتەيجى، — نەمكۇ جىرغال بىلەن ئوروس نويانلار تۇلكىدەك قۇۋلۇق بىلەن بىر مەزگىل ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۆزلىرى بىلگەن ئىشلارنى قىپتۇ. نەچچە يىللاردىن بېرى خانلىقىمىزغا توپلانغان نەرسىلەرنى تالان ـ تاراجغا ئۇچرىتىپتۇ.

يۈسۈپ خوجىنىڭ كۆڭلىگە «بۇ لاما تاجى ھەدەپلا ھال ئېيتىشقا باشلىدىغۇ؟» دېگەن ئوي كەلدى.

— ئۇغۇ چاغلىق. ئاتامنىڭ توپلىغان مال ـ دۇنياسى ئۇ بۇلاڭچىلارنىڭ ئالغىنىغا تۇگەپ قالمايدۇ، — دەپ سۆزىنى

داۋام قىلدى لاما تاجى، — بۇ تۇلكىلەرنىڭ خانلىقىمىزغا كەلتۈرگەن چوڭ زىيىنى شۇكى، ئۆز ۋاقتىدا چىڭگىزخاننىڭ مەشھۇر باتۇرى سۇبەتەيدەك ۋە نەۋرىسى باتۇخاندەك چېچەن سەركەردىمىز سىپتەن نويانىنى ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ.

— بىزدە «ئۆتكەن ئىشقا ئۆكۈنگەن بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ» دېگەن گەپ بار، — دېدى يۈسۈپ خوجا، — سىلىدەك دانا ئەمىرچى، مۇنۇ نويانلاردەك پاراسەتلىك، باتۇر ئادەملەر جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ ئوردىسىدا ئولتۇرغانىكەن، ئويلايمەنكى، ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشلار ئاسان بولىدۇ.

بۇ گەپ لاما تاجىغىمۇ يېقىپ كەتتى بولغاي، ھەممىسى باشلىرىنى لىڭشىتىپ ماقۇللاشتى.

— خوجا توغرا دەۋاتىدۇ، — دەپ سۆز قاتتى سۆيىن بۆلەك، — جۇڭغارلارنىڭ بەختىگە ئۇلۇغ خۇنتەيجىمىزنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسۈپ، تەلىمىنى ئالغان ئۇلۇغ ئەمرچىمىز لاما تاجى تەختكە ئولتۇردى. ئەمدى بۇرھان قوللىسا، ھەممە ئىشلىرىمىز يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا شەك يوق.

— شۇنداق، — ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاشتى باشقا نويانلار.

— بۇياقتا خېلى تۇرامسىز؟ — دەپ سورىدى لاما تاجى يۈسۈپ خوجىغا قاراپ.

— باللىرىغۇ ياخشى تۇرۇۋېتىپتۇ. بىراق، قېرىندىشىم ئايۇپ خوجام① بىتاپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر - ئىككى ئايدىن كېيىن نۆۋەتتىكى يىللىق خىراجنى تاپشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. قانداق قىلسام بولىدىكىن؟

— يىللىق خىراجنى قەشقەر ھاكىمى جۆندەپ كېلەلەمدۇ؟

يۈسۈپ خوجا يېڭى خۇنتەيجىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرمەكچى بولۇپ:

— ئۇ كىشى بەلگىلەنگەن خىراجنى تەلتۆكۈس ئەكىلەلەمسىكىن؟ — دېدى.

---

① بەزى مەنبەلەردە ئىزامىددىن خوجا، خامۇش خوجا دەپمۇ ئېلىنىدۇ.

ئارىدا بىر مىنۇتتەك سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى.

— سىلەر تەرەپتىكى خەلقلەر بىزدىن رەنجىمەيدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى بىر چاغدا لاما تاجى ۋە بۇ پىكرىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، — ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاۋاتقان ئامبۇنلىرىمىز سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلارغا ئارىلىشىپ، يەرلىك خەلقلەرگە خوجايىنلىق قىلمايدىغاندۇ؟ — دېدى.

— ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغۇدەك ئىش بولمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى يۈسۈپ خوجا، — لېكىن بۇ خەلقىمىزنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاۋاتقان ئامبۇنلار بىلەن ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك تەمىنلىيەلمەيۋاتىمىز.

— نېمىشقا؟

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىزدىن يوشۇرىدىغان سىرىمىز يوق. بىز تەرەپتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرگەچكە، بەزى يىللىرى سۇ ئاز بولۇپ، قۇرغاقچىلىق بولسا ئۆزلىرى تويغۇدەك ھوسۇل ئالالمايدۇ - دە، خانلىقىمىزنىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالىدۇ.

— ئۇياقنىڭ ئادەملىرى مال - چارۋا تۇتمامدۇ؟ — دەپ سورىدى شاھدار تەيجى.

— چارۋا - مال ئۇچۇن ئوتلاق - يايلاق كېرەك، بىز تەرەپتە بولسا ...

— خوجا راست گەپنى دەۋاتىدۇ، — دېدى خۇنتەيجى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سىلەرنىڭ ھېچقايسىڭلار تەڭرىتېغىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كۆرمىگەن. مەن ئاشۇ يىلى يەتتە - سەككىز يىل بولدىغۇ دەيمەن، ئامبۇنلارنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۇ تەرەپلەردە ئىككى ئايدەك يۈرۈپ كەلگەنىدىم. ئۇ تەرەپلەردە بىز تۇرغان يەرلەردىكىگە ئوخشاش قارىغايلىق تاغلار، ياپيېشىل يايلاقلار بولمايدىكەن. چارۋا - مال چىشلەپ ئۈزگۈدەك كۆك چۆپلەر ئۆسمەيدىكەن. ئۈستىبېشىنى قىپقىزىل، قاپقارا تاشلار

قاپلىغان تاغلار، قۇش ئۇچسا قانىتى كۆيىدىغان چۆللەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ياز كۈنلىرى چىدىغۇسىز ئىسسىپ كېتىدىكەن. ئۆتەڭلەردە بىر سىقىم كۆك چۆپنى ھارغۇچە پۇلغا ساتىدىكەن.

نويانلار: «تووۋا، خۇدانىڭ كۆك چۆپىنىمۇ ساتىدىغان يەرلەر بولىدىكەن» دېيىشىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ئەمىسە خوجىنىڭ ۋاقتىنى ئالمايلى، — دېدى لاما تاجى گېپىنى يۆتكەپ، — يەنە كۆرۈشەرمىز.

بۇ ئۇنىڭ «ئەمدى قايتساڭمۇ بولىدۇ» دېگىنى ئىدى. يۇسۇپ خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئېگىپ خوشلاشتى ـ دە، ئوردىدىن چىقتى. ئۇ تېخى ئەللىك قەدەم يەرگە بېرىۋىدى، ئوردا تەرەپتىن ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا قارىدى. ئوردا ئىشىكىدە خۇنتەيجى لاما تاجى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. يۇسۇپ خوجا دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

— ئەڭ مۇھىم گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى لاما تاجى، — قەشقەر دېگەن بىر كۈنلۈك يەردىكى شەھەر ئەمەس. بېرىپ ـ كېلىشىڭىزگىلا بىر ئايدەك ۋاقىت كېتىدۇ. خوش كېپەك ھاكىمغا نامە يېزىپ ئەۋەتىڭ. بۇ يىل تۆلىنىدىغان خىراجنى قانچىلىك ئورۇندىيالىسا، شۇنچىلىك ئەكەلسۇن. ئاڭغىچە ئاغرىق قېرىندىشىڭىزمۇ ئوڭلىنىپ قالار.

يۇسۇپ خوجا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ بۇ كەڭچىلىكىنى ھېچقاچان ئېسىمدىن چىقارمايمەن، — دېدى.

— قېرى خوجا بىلەن بوۋاممۇ، ئاتاممۇ ناھايىتى ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتكەنىدى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى لاما تاجى، — بىزمۇ شۇ ئادەملەرنىڭ يولىدا ماڭايلى.

— رەھمەت، ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ شۆھرىتى دۇنياغا تارالغاي.

لاما تاجى ئوردىغا ماڭدى. «بۇنىڭدىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قۇۋلۇق ــ شۇملۇق بار ئىكەن، ــ دەپ ئويلىدى يۇسۇپ خوجا يولدا كېتىۋې. تىپ، ــ مۇشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن بىزگە ياخشى كۆرۈنۈپ تەۋرىنىپ تۇرغان ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىمەكچىكەن ــ دە. قېنى كۆرەرمىز، بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن دەرھال ياقۇپ خوجام بىلەن خۇش كېپەك ھاكىملارغا نامە يېزىپ، ئۇلارنى خۇنتەيجىنىڭ مەرھەمىتىدىن ۋاقىپ قىلاي.»

يۇسۇپ خوجا دىگەر نامىزىغا يېقىن تار ئۆتكەلگە يېتىپ كەلدى ــ دە، ھويلىغا كىرىپ ئېتىدىن چۈشتى. ئۇنى كۆرۈپ سول تەرەپتىكى لەمپىنىڭ ئاستىدا قوينىڭ ئۆپكىسىنى قانسىرىتىۋاتقان كېلىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئاتا، ئۆيدە مېھمان بار، ــ دېدى.

ــ كىم؟

ــ ئەدەنباي دېگەن ئادەم.

ــ ئەدەنباي؟ ــ دەپ تەكرارلىدى يۇسۇپ خوجا خۇشاللىقىدىن ۋە دەرھال مېھمانخانىغا ماڭدى.

※ ※ ※

ــ سىلى بۇياققا قاچان كەلگەن؟ ــ دەپ سورىدى ئەدەن قېچىر يۇسۇپ خوجا بىلەن كۆرۈشۈپ جايىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا سۆزلەپ كەتتى، ــ ئەتە ماڭماقچىدىم. بوگۈن غوجىزادىلەرنىڭ تىنچلىق ــ ئامانلىقىنى بىلگەچ كېتەي دەپ بۇ يەرگە كەلسەم، ئابلا خوجام سىلىنىڭ بۇياققا كەلگەنلىرىنى ئېيتتى.

ــ كەلگىنىمگە ئۈچ ــ تۆت كۈن بولدى، ــ دېدى يۇسۇپ خوجا.

ــ ئەل ــ يۇرتىمىز تىنچلىقتۇ؟

ــ تىنچلىق، ئۆزلىرىنى نەدىن سورايمىز.

www.uyghurkitap.com

— بۇ قېتىم مەغرىب بىلەن مەشرىقتە ئايغىم تەگمىگەن يەرلەر قالمىدى دېسىلە. بۇلتۇر كۈزدە ئۆزلىرى بىلەن مۇلاقاتتا بولغاندىن كېيىن ئەنجانغا كېتىۋىدىم. شۇ كەتكەنچە تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرنى ئايلىنىپ قىشنى تاراز (بۇرۇنقى جامبۇل) غا كېلىپ چىقاردىم.

— ئوھۇي، بۇ قېتىم سۇرمە قۇشتەك پەرۋاز قىپتىلا.

— شۇنداق، لېكىن نېرىسىغا — ئورۇسلار تۇردىغان يەرلەرگە بارالمىدىم.

— نېمىشقا؟ ئۇلار تۇردىغان يەرلەر يىراقمىكەن؟

— ماڭغان ئادەمگە يول توشامدۇ، خوجام؟ يىراق، ھېلىقى ساۋۇت يانتاق: «بالىلىرىمنى سېغىنىپ كەتتىم، قايتايلىلا» دەپ، قۇلىقىمنى يەپ ئارامىمنى قويمىدى دېسىلە.

— ساۋۇت يانتاقنى نېمىشقا ئالغاچ كەلمىدىلە؟

— ئۇلاغلار بىلەن مالغا كىم قارايدۇ؟

— ئۇ كىشى ھازىر قەيەردە قالدى؟

— مۇشۇ ئەتراپتا.

— بۇ ئىشلىرى توغرا بولماپتۇ، — دېدى يۈسۈپ خوجا رەنجىگەن ئەلپازدا، — ساۋۇت يانتاقنىڭ بار يېرىنى دەپ بەرسىلە، بالىلار بېرىپ باشلاپ كەلسۇن.

ئەدەن قېچىر قىسىلىپ قالدى. ئۇ يۈسۈپ خوجىلارنىڭ بالىچاقىلىرى گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان بۇ يەرگە ساۋۇت يانتاقنى باشلاپ كېلىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، چوڭ يولنىڭ تۈۋىنىدىكى چۆپلۈك بىر جىلغىدا ئۇلاغلارنى ئوتلاتقاچ كۈتۈپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، ئۆزى كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ يۈسۈپ خوجىنىڭ «بۇ ئىشلىرى توغرا بولماپتۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— سىلىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكلىرىنى بىلگەن بولسام، شەھەردىكى سارايۋەنلەرگە پۇل تۆلىمەي، مەشەددىلا تۇراتتۇق ئىكەن ـ دە، — دېدى، — ئۇ ساۋۇت يانتاقتا بىرەر سائەتتىلا

قايتىپ كېلىمەن دېگەنىدىم. ھازىر كۈن ئولتۇراي دەپ قاپتۇ. ھەرقاچان ئۇنىڭ كۆزلىرى تۆت بولۇپ كەتتى. سىلى شام نامىزىغا تاھارەت ئالغۇچە مەنمۇ يېتىپ كېلىمەن.

— سىلى ئاۋارە بولمىسىلا، — ئېتىراز بىلدۈردى يۇسۇپ خوجا، — ساۋۇت يانتاقنىڭ بار يېرىنى دەپ بەرسىلە، ئابدۇللا خوجام بېرىپ باشلاپ كېلىدۇ.

— ماقۇل دېسىلە، خوجام، — ئۆز دېگىنىدە چىڭ تۇردى ئەدەن قېچىر، — ساۋۇت يانتاق يوغان بولغىنى بىلەن سىمابتەك مىدىرلاپ بىر يەردە تۇرمايدىغان نېمە. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئابلا خوجام ئۇنى تونۇمايدۇ. شۇڭا، دىككىدە ئۆزۈم بېرىپ كېلەي، ماقۇل دېسىلە.

— ئەمىسە سىلى بىلەن ئابدۇللا خوجام بىللە بارسۇن، — دېدى يۇسۇپ خوجا.

— مەيلى ئەمىسە.

ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىشى بىلەن ھويلىدا پەيدا بولغان كېلىنى:

— ئاتا، سىلىنى خوجا ئاتام سوراۋاتىدۇ، — دېدى.

تورۇسى پاكار، بىر دېرىزىلىك يوغان ئۆيدە ئۇلۇغ ئايىم دېگەن ئايال بىلەن تۇرۇۋاتقان ئايۇپ خوجا يانپاشلاپ ياتقان ھالدا شامنىڭ يورۇقىدا قانداقتۇر بىر كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى. يۇسۇپ خوجىنى كۆرۈپ كىتابنى بىر چەتكە قويدى ـ دە، پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇردى.

— قانداق ئەھۋاللىرى؟ كىتاب كۆرگەنلىرىگە قارىغاندا خېلى ئوڭلىنىپ قالغان ئوخشىمامدىلا؟ — دېدى يۇسۇپ خوجا.

— بۈگۈن خېلى تۈزۈكمەن، خوجام، — دېدى ئۇ، — يېڭى خۇنتەيجىگە بېرىپ كەلدىلىمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئەجدادلىرىغا ئوخشاش «يەنە جىققىراق بېرىڭلار» دەپ قولىنى سۇنۇپ تۇرامدۇ؟

www.uyghurkitap.com

— «پادىشاھنىڭ خەزىنىسى، قەلەندەرنىڭ خۇرجۇنى توشقان نەدە بار» دەيدىغان گەپلىرى ئەسلىرىدىن چىقىپ قالدىمۇ، نېمە؟

ئايۇپ خوجا كۈلۈۋەتتى ۋە:

— ئۇ دېگەنلىرى راست. پادىشاھ بىلەن قەلەندەر ئىككىسى ماھىيەتتە ئوخشاش. ئۇلار قولىنى قاپارتماي، باشقىلار ئىشلەپ تاپقان نان بىلەن گۆشنى يېيىشكە ئۆگىنىۋالغان تائىپىدىكى ئادەملەر. بۇ جۇڭغارلارنىڭ خۇرجۇنىنى تولدۇرالماي ئاتام رەھمەتلىك دۇنيادىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزمۇ تولدۇرالماي كېلىۋاتىمىز. زاماننىڭ پەيلى مۇشۇنداق بولسا، بالىلىرىمىزمۇ مۇشۇلارغا ئىشلەپ ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق ئۈمىدسىزلەنمىسىلە. بۇ جۇڭغارلار دۇنيادىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندەك، چىڭگىزخاندەك جاھانگىر پادىشاھلارمۇ زاۋاللىققا ئۇچراپ، ئانا يەر باغرىغا يوشۇرۇنغانىكەن. ئاللاتائالا بۇ جۇڭغارلارغىمۇ بىر كۈنى زاۋاللىق بېرەر.

— بۇ دېگەنلىرى دەر ھەقىقەت. لېكىن، مېنىڭ ئارمىنىم بۇ جۇڭغارلارنىڭ زاۋاللىققا ئۇچراپ، دىيارىمىزدىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىن نەپەس ئالغان كۈنلىرىنى كۆرۈش ئىدى ـ دە ...

— مېنىڭچە، سىلى ئارمان قىلغان ئۇ ياخشى كۈنلەر ئانچە يىراق ئەمەس. ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمىسىلە.

— ئىلاھىم ئېيتقانلىرى كەلسۇن. مەن ھازىر ئۇنداق كۈنلەرنى بىز كۆرەلمىسەكمۇ، بالىلىرىمىز كۆرسە بولاتتى دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم، — ئايۇپ خوجا ئېغىر خورسىنىپ مۇڭلاندى.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ، پەگاھ تەرەپتە ئولتۇرغان ئۇلۇغ ئايىم يۇسۇپ

خوجىغا دەردىنى تۆكتى:

— بۇ ئاكىلىرى ئۆزىنىڭ سىھەت تېپىشىنى ئويلىماي كىچىككىنە تۇزۇلۇپ قالسا، يا كىتاب ئوقۇيدۇ، يا «بۇ جۇڭغارلارنىڭ زۇلمىدىن قاچانمۇ قۇتۇلارمىز» دەپ ھەسرەت چېكىدۇ - دە، كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالىدۇ. سىلى كەلگەندىن بېرى تېۋىپلار بەرگەن دورىلارنىمۇ ئىچمەيدىغان بولۇۋالدى. زورلاپ ئىچۈرمەكچى بولسام: «مېنىڭ كېسىلىمگە تېۋىپلارنىڭ دورىسى ئەمەس، يۇرتىمىز جۇڭغارلاردىن ئازاد بولدى دېگەن سۆزنى ئاڭلاش پايدا قىلىدۇ» دەپ تەتۈرلۈك قىلىدۇ.

— ئۇلۇغ ئايىمنىڭ گەپلىرىگە چىنپۇتمىسىلە، — دېدى ئايۇپ خوجا، — بەزىدە ئويلاپ - ئويلاپ ئۆزۈمنى ئادەملەر سىياقى ئەمگەك قىلىپ بىر پارچە نان تاپماي، يەردىن چىققان ئوت - چۆپنى يۇلۇپ يەيدىغان ھايۋانلارغا ئوخشىتىمەن. بەزىدە خەقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ كۈن كەچۈرىدىغان جۇڭغارلاردىن نېمە پەرقىم بار؟ دەپ كېتىمەن. ئەپسۇسكى، بۇنداق چۈشەنچىگە بۇرۇنراق كەلگەن بولسام، غوجىزادىلىقتىن قول ئۈزۈپ، تارىمنىڭ بويىدا قوناق ئۆستۈرۈپ جېنىمنى باقاتتىم.

ئايۇپ خوجىنىڭ يۈرەك قاتلاملىرىدىن چىققان بۇ گەپلەر يۈسۈپ خوجىنىڭ قەلبىنى تىترىتىۋەتكەندەك بىرھازاغىچە تۇرۇپ قالدى.

— سىلىگە قاياشىم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى دەپ سالدىم، — دېدى ئايۇپ خوجا گېپىنى داۋام قىلىپ، — ماڭا قارىغاندا ياقۇپ خوجام ئىككىڭلارنىڭ سالامەتلىكى ياخشى. ئەقىل - پاراسىتىڭلارمۇ ئۈستۈن. بىرەر پۇرسەت بولغاندىلا بۇ جۇڭغارلارنى قوغلاپ ياشاۋاتقان يېرىمىزنى پاكلاڭلار، — ئۇ يەنە بىرپەس توختاپ، گېپىنى يۆتكىدى، — ئادەملەر بىر كۈنى بولمىسا، يەنە بىر كۈنى دارىلباقىيغا سەپەر قىلغۇسىدۇر. ياخ-

شى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، مېنىڭ سەدىقە جارىيە قىلـ-
مىغىنىمنى مەسچىت، مەدرىسە، كۆۋرۈك ياسىتىپ، ئىلىم ئۆ-
گەنمىگەنلىكىمنى ۋە پەرزەنت كۆرمىگەنلىكىمنى ئېتىبارغا ئې-
لىپ، بىساتىمدا بار نەرسىلەرنى ئاللا يولىدا پېقىرلەرگە سەرپ
قىلغايسىلەر. ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغىنى بىلەن يەكەنگە بىر
مەدرىسە بىنا قىلدۇرۇڭلار ۋە يەنە قېرىندىشىم خوجا جاھان پا-
دىشاھ (ياقۇپ خوجا) ماڭا ئاتا تەربىيەسىدىنمۇ كۆپ تەربىيە
بەرگەن، ئىلتىپاتىنى كۆپ كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ ھەققى بەدە-
نىمدىكى مويلاردىنمۇ زىيادە ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنىمۇ ئادا قىلالـ-
مىدىم. مەندىن رازى بولسۇن①.

— بۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىلا. تۇپراققا جان بەرگەن ئاللا ئۇچۇن سىلىنىڭ كىسەللىرىگە شىپالىق بېرىش ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى يۈسۈپ خوجا.

— بۇ ئاكىلىرى شۇنداق. كىچىككىنە زۇكامداپ قالسىمۇ، مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىمىزنى پەرىشان قىلىۋېتىدۇ، — دەپ ئېرىگە رەنجىدى ئۇلۇغ ئايىم.

— ھەرھالدا كۆڭۈلگە كەلگەن گەپلەرنى دەپ قويغىنىنىڭ زەرىرى يوق، — دېدى ئايۇپ خوجا، ئاندىن ئايالىغا قاراپ، — يۈسۈپ خوجامنىڭ ئالدىغا داستىخان سالماي، گەپ بىلەن مېھمان قىلغىنىمىز قانداق؟ — دېۋىدى، ئايالى دەرھال ئوڭ تەرەپتىكى تامغا يۆلەكلىك تۇرغان شىرەگە قول سۇندى.

— ئاۋارە بولمىسىلا، ئۆيدە مېھمان بار، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى يۈسۈپ خوجا.

— كىم ئۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى ئايۇپ خوجا.

— ئاتامنىڭ ھېلىقى تۇججار ئاغىنىسى ئەدەنباي ئاكام.

— خەپ ... ئۇ ئادەم بىلەن بىرىپەس مۇلاقاتتا بولسام بولاتتى. بىراق ...

① مۇھەممەد سادىق كاشغەريي:«تەزكىرەئى خوجگان»دىن ئېلىندى.

— ئۇنداق خىجىل بولمىسىلا. ئەدەنباي ئاكام ئالدىلىرىغا كىرمەك بولۇۋىدى، مەن كەچ بولۇپ قالدى، ئەتىگەندە كىرسىلە دەپ ئۇنىمىدىم.

شۇ چاغدا ئابدۇللا خوجا كىرىپ دادىسىنى چاقىردى.

※ ※ ※

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ساۋۇت يانتاق يۇسۇپ خوجىنىڭ شۇنچە تۇتقىنىغا ئۇنىماي: «ھاۋا ياخشى ئىكەن، قەشقەر پەدىسىدە ئۆگزىدە ياتاي» دەپ، مېھمانخانىدا قونۇشقا ئۇنىمىدى.

— بولاپتۇ دېسىلە، خوجام، — دەپ ئۇنىڭ يېنىنى ئالدى ئەدەن قېچىر، — بۇ يانتاق ئەتىگەندە تۇرۇپ: «بەشكېرەم كۆرۈنەرمىكىن؟» دەپ قارىماقچى ـ دە.

— ئەدەن تاغام قېرىسىمۇ چاقچاقنى قولدىن بەرمەيدۇ ـ دە، — دەپ غودۇڭشىدى چىراي ھۆپپىدە قىزارغان ساۋۇت يانتاق.

— بوپتۇ، — ئۇنىڭ رايىغا باقتى يۇسۇپ خوجا، ئاندىن ئابدۇللا خوجىغا قاراپ، — ساۋۇت يانتاققا جاي تەييارلاپ بەرسىلە، بالام، — دەپ بۇيرۇدى.

— سىلىگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى، — دەپ سۆز باشلىدى ئەدەن قېچىر يۇسۇپ خوجىغا، — تۆت كۈننىڭ ئالدىدا سەمەرگە(ھازىرقى ياركەنت تەۋەسى) كېلىپ بىر سارايغا چۈشسەم كۆكباراق دېگەن بىر قازاق كىرىپ كەلدى. ئۇياق ـ بۇياقتىن پاراڭلىشىپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەم قازاق قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ بېيلىرى جۇڭغارلارغا قارشى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەگەر ئۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئۇيغۇر خانلىرى بىلەن بەگلىرىنىڭ ئوروس پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىسا، ئەھلى مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم سېلىۋاتقان جۇڭغارلاردىن ئوڭاي قۇتۇلىدىغانلىقىنى سۆزلىدى. مەن: «سىلەرنىڭ يەرلىرىڭلار

www.uyghurkitap.com

ئورۇسلارغا يېقىن ۋە چېگراداش ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ئۇلاردىن ياردەم سورىمايسىلەر؟» دېسەم، ئۇ ئادەم: «بىزدىكى ئۈچ تائىپىنىڭ (يۈزنىڭ) خانلىرى بىلەن بېيلىرى بۈنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئىلگىرى ـ ئاخىر ئورۇس پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىغانىدى...» دېدى.

— ئورۇس پادىشاھى قازاق قوشىنلىرىغا ياردەم بەرمەپتۇمۇ؟

— بۇ ھەقتە ئۇ كىشىدىن سورىماپتىمەن، — خىجىل بولدى ئەدەن قېچىر، — ئەمما شۇنى پەملەشكە بولىدۇكى، ئورۇس پادىشاھى ياردەم بەرگەن بولسا، بۇ جۇڭغارلار قازاقلارنىڭ شۇنچە كەڭ زېمىنىدا چېپىپ يۈرمەيتتى، جۇما.

«ئەدەنباي ئاكامنىڭ بۇ پەرىزىمۇ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن، — دەپ ئويلىدى يۇسۇپ خوجا، — بۇ جۇڭغارلار ئەللىك ـ ئاتمىش يىلدىن بېرى قازاق يەرلىرىگە باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلارنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىرنەچچە گۇرۇھلارغا بۆلۈنمەي، بارلىق كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ تاقابىل تۇرسا، جۇڭغارلار بۇنچىلىك كۆرەڭلەپ كەتمەيتتى. بىز خەق تەرىقەت پېشۋالىرىنىڭ كاساپىتىدىن ‹ئاق تاغلىق›، ‹قارا تاغلىق› دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۆز ئىچىمىزدىن دۈشمەن ئىزدەپ، ئاخىر جۇڭغارلارغا يەم بولغان بولساق، قازاقلار قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ گۇرۇھۋازلىقى تۈپەيلىدىن ئۈچ تائىپىگە بۆلۈنۈپ جۇڭغارلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراۋاتىدۇ...»

— ھېلىقى كۆكباراق دېگەن ئادەمنىڭ گېپىگە قارىغاندا، — دەپ يۇسۇپ خوجىنىڭ خىيالىنى بۆلدى ئەدەن قېچىر، — مۇنۇ يېڭى خۇنتەيجى ئاتىسى غالدان سېرىنىدىنمۇ يامان قاقباش ئىمىش. ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، تەختكە چىققان ئادەمدىن ھېچكىمگە ياخشىلىق كەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلايدىكەن.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق. چايانىنىڭ بالىسىمۇ ئانىسىغا ئوخشاش يىرتقۇچ بولىدۇ، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — مېنىڭچە، ھازىر جۇڭغارلارنىڭ زۇلمى ھەممە يەردىكى خەلقلەرنىڭ تاقىتىنى تاق

قىلدى. ھەممە خەلق بۇلارنى قانداق يوللار بىلەن يوقىتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىمەكتە. جۇڭغارلار بىز خەقنىڭ ئىككى تائىپىگە، قازاقلارنىڭ ئۈچ تائىپىگە بۆلۈنگىنىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزۈپ تالان ـ تاراج قىلغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ تۆت قەبىلىدىن ئىبارەت خەقتۇر. نەچچە يىللاردىن بېرى جۇڭغار دېگەن قەبىلىگە مەنسۇپ ئادەملەر باشقا قەبىلىلەرنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇپ كەلدى. ھازىر، يەنى غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان تەخت تالاشلار بۇ خەقنىڭمۇ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەكتە، — ئۇ گېپىنى يۆتكەپ، — سىلى قەشقەرگە قاچان ماڭماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ئەتە.

— تولا ئوبدان، — خۇشاللىقىنى بىلدۈردى يۈسۈپ خوجا. ئۇنىڭ بىردىنلا بۇنداق خۇشال بولۇشىنى چۈشەنمىگەن ئەدەن قېچىر ھەيران بولدى.

— باشقا چاغ بولسا سىلىنى ئەڭ بولمىغاندا بىر ھەپتىگىچە قويۇپ بەرمەيتتىم، — دەپ چۈشەندۈردى يۈسۈپ خوجا ۋە ئۆزىنىڭ بۈگۈن يېڭى خۇنتەيجى بىلەن بىر سائەتتىن ئوشۇق مۇلاقاتتا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ قەشقەرىيەدىكى خانلارنىڭ بۇ يىلقى خىراجىنى تولۇق تاپشۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولماي، تاپقىنىنى ئەكەلسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىكىنى، بۇ ھەقتە ئۇلارغا خەۋەر بېرىشنى تاپشۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ـ دە، — يېڭى خۇنتەيجىنىڭ بۇ مەرھەمىتىنى خۇش كېپەك ھاكىمغا نامە يېزىپ مەلۇم قىلاي دېسەم، جۇڭغار ئايغاقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالارمۇ دەپ ئېھتىيات قىلىپ تۇراتتىم. ئاللا مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلىپ ئۆزلىرىنى يولۇقتۇردى، — دېدى.

ئەدەن قېچىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇنتەيجىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قالدى ـ دە:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— بۇ دەۋاتقانلىرى راستمۇ ياكى چېقىشىپ دەۋاتامدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ گەپتە ھېچقانداق چاقچاق يوق.

— شۇنداقتىمۇ، بۇ جۇڭغار خانىنىڭ بۇنداق كەڭچىلىك قىلغىنىغا ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭ تېگىدە بىرەر يامان غەرەز يوشۇرۇنمىغاندۇ؟

— ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇنىڭمۇ بىر ئىلاجىنى قىلارمىز، — دېدى يۈسۈپ خوجا، ئاندىن ئەدەن قىچىرىغا قەشقەرگە بارغان كۈنلا خۇش كېپەك ھاكىمغا، ئۇنىڭدىن كېيىن يەكەنگە بېرىپ ياقۇپ خوجىغا يولۇقۇپ، بۇ يىل تۆلەيدىغان خىراجىنىڭ يېرىمىنى تەييارلاپ، يىلدىكىدەك سۇنبۇلە(ئاۋغۇست) ئېيىدا ئەمەس، ئەسەد (ئىيۇل) ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە يەتكۈزۈپ كېلىشنى ئۇقتۇردى.

— بۇنداق يۇقىرالارنىڭ پايدىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولسا ئەدەنباي ئاكىلىرىنىڭ بىقىنىدىن قانات چىقىدۇ دېسىلە، خوجام. «كۆكىنەك» داۋىنىدىن سالامەت ئۆتۈۋالساق، ئۇ يېقىغا ئۆتتۈر يول بىلەن ئىككى ـ ئۈچ بېكەتتە بىر توختاپ...

— بۇ گەپچە كۆچا ئارقىلىق ماڭىدىغان ئويلىرى بار ئىكەن ـ دە.

— شۇنداق. كۈنەس بىلەن باينبۇلاقتىكى جۇڭغار بايلىرى نەچچە يىلدىن بېرى «ئورۇس ساماۋرى تېپىپ بەرسەڭ» دەپ يالۋۇرۇپ يۈرگەنىدى. بۇ قېتىم قازاق شەھەرلىرىدە يۈرگەن ئورۇس تۇجارلىرىدىن ئۈچ ئۇلاغ ساماۋار ئالغانىدىم. ئۇلار جۇڭغار ئارىسىغا يەتسە، قونغان يەردىلا سۇ بولۇپ كېتىدۇ.

— كۆچاغا بارسىلا ئۇ شەھەرنىڭ ھاكىمى ئابدۇكېرىم بەگنىمۇ خۇنتەيجىنىڭ بايا دېگەن ئىلتىپاتىدىن خەۋەردار قىلىپ قويسىلا، ئۇ كىشىگە يۈسۈپ خوجام ئۆزلىرىنى بالدۇرراق كەلسۇن دېدى، دەپ ئېيتسىلا.

— تولا ئوبدان.

— ئاندىن كېيىن، ئەدەنباي ئاكا، ئۆزلىرىمۇ ئىش -

كۆشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن خىراج ئەكىلىدىغان ياقۇپ خوجىلار بىلەن بىللە كەلسىلە. ئۆزلىرى بايا يەتكۈزگەن خەۋەرگە ئاساسەن جۇڭغارلارغا قارشى قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ كۆرەش قىلىش ۋە ئورۇس پادىشاھىدىن ياردەم سوراشقا ئوخشاش ئىشلار ھەققىدە مەسلىھەت قىلىپ قازاق خانلىرىنى خەۋەردار قىلارمىز.

— بولىدۇ، خوجام.

شۇ چاغدا ھويلا تەرەپتىن خورازلارنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كېچىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئوخشايدۇ. قالغان گەپ - سۆز بولسا ئەته قىلىشارمىز، — دېدى يۇسۇپ خوجا.

※ ※ ※

ئەدەن قېچىرلار بامدات نامىزىدىن كېيىن ناشتا قىلىپلا يولغا چىقتى. ئۇلارنى يۇسۇپ خوجا ئۆنىمىغىنىغا قويماي چوڭ يولغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن كۈن ئىلى ۋادىسىنى ئىللىق نۇرلىرى بىلەن يۇركىدى. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان لەرزان شامال ئارىلاپ - ئارىلاپ قەيەردىدۇر ئۆسكەن جىگدىلەرنىڭ پۇرىقىنى دىماققا ئۇراتتى.

— مەشەدە قالسىلا، خوجام، — دېدى ئەدەن قېچىر چوڭ يولغا كەلگەندە، — ئايۇپ خوجامغا ئۆزرىخاھلىقىمنى ئېيتىشنى ئۇنتۇمىسىلا. خۇدا بۇيرۇسا بۇدا كەلگىنىمدە ئالدى بىلەن شۇ خوجامنى يوقلايمەن.

— ئوبدان، سەپەرلىرىڭلار بىخەتەر بولسۇن، — يۇسۇپ خوجا ئېتىنىڭ بېشىنى ئۆي تەرەپكە بۇرىدى. ئۇنىڭ بىر پەرسەڭدەك يەردىكى چوڭ يولغا ئۇزىتىپ كېلىشى ئەدەن قېچىرغا تونۇگۇن ئۆز ھۆرمىتى ئۈچۈن سويۇلغان قوي، قۇيۇلغان ئۆپكە - ھېسىپلاردىنمۇ ئارتۇق تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ ئۇزاق ۋاقىت سەپەردە يۈرۈپ تارتقان يول ئازابى ئېسىدىن

كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. «بۇ خوجامنىڭ رەڭگىرويى ئاتىسىغا ئوخشىغىنى بىلەن مىجەز - خۇلقى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىكەن - دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئاكىسى ياقۇپ خوجامۇ شۇنداق. بۇ ئىككى خوجا ئەتراپىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان شامغا ئوخشاش. خەقلەر ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ غېمىنى قىلمايدىغان نەدىكى بىر ئىشانلار بىلەن پىرلارنى ‹ئەۋلىيا، غەۋس①، باگەردەن②، قۇتبىل ئەقتاب› دېگەن ناملار بىلەن كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكۈچە، مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىزىدىن ماڭسا مەئىشىتى ئوبدان، كۆڭلى خاتىرجەم هايات كەچۈرمەمدۇ. بىراق، بۇ دۇنيادا ئادەملەر جىق بولغىنى بىلەن بۇنداق ئادەملەر ناهايىتى ئاز بولىدىكەن - دە ...» ئۇ يۈسۈپ خوجىنىڭ: «قىبلىگە قاراپ ئىبادەت قىلىش بىلەن جۇڭغارلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. بەلكى ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىش لازىم. ئەدەنباي ئاكا، شۇ چاغدىلا بىز خەق ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى يادىغا ئېلىپ، كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە «دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ؟ دارىلباقىيغا بارغاندا ‹مەن ئۆز دىيارىمدىكى ئەهلى مۇسۇلمانلارنى خەيرلىك كۈنلەرگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بۇتپەرەسلەر بىلەن كۈرەش قىلدىم› دېسەك، ياراتقان ئاللا هېچقاچان دوزاخقا سالمايدۇ. بەلكى جەننەتنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئەدەن قېچىر مۇشۇنداق ئويلار ئىلكىدە ئىچ - قارنى يورۇپ، بىر - بىرىگە چېتىلغان ئۈچ ئاتنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ساۋۇت يانتاقنىڭمۇ يۈسۈپ خوجىدىن كۆڭلى سۇ ئىچكەنلىكىنى ياكى بۇ خوجىغا نىسبەتەن كۆزقارىشىنى بىلمەك بولغاندەك مۇراجىئەت قىلدى:

— ساۋۇتباي، بالام، ئاخشام نېمىشقا ئۆگزىگە چىقىپ

① غەۋس — قۇتقۇلدۇرغۇچى.
② باگەردەن — بالا - قازانى قايتۇرغۇچى.

يېتىۋالدىڭ؟ يا يۈسۈپ خوجامدىن كۆڭلۈڭ قالغۇدەك بىر ئىش ئۆتتىمۇ؟

ساۋۇت يانتاق خۇددى بىركىم بىقىنىغا بىگىز تىقىۋەتكەندەك تولغىنىپ، ئەدەن قېچىرغا قارىدى:

— سىلىمۇزە، ئەدەنباي ئاكا، نەدىكى بىر گەپلەرنى ئويلاپ تاپىدىكەنلا، — دېدى نارازى بولغان هالدا، — بۇ خوجامدىن رەنجىسەم، مازارغا تاش ئاتقاندەك بولمامدۇ؟

— ئەمىسە نېمىشقا ئۆيدە ياتمىدىڭ؟

— ئەمدى، هەرقايسىلىرىنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ نېمە قىلاي دېدىم - دە.

— دېتىڭ بار جۇما، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدىڭ. توڭۇپ قالماي، ياخشى ئۇخلىغانسەن؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، چەكمىنىمنى غېرىبچە يېپىنىپ، ئۇيقۇغا بىر تېگىپتىكەنمەن، مەزىننىڭ ئەزان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرگەندە بىراق ئويغىنىپتىمەن.

— يوتقان - كۆرپە ئاچىقىپ بەرمىدىما؟

— بەردى. لېكىن، ئۇلارنى قاتلاپ بىر چەتكە قويۇپ قويدۇم.

— نېمىشقا؟

— ئەستا ! سىلىمۇ كوچىلاپ سوراۋېرىدىكەنلا. مەن دېگەن شايى يوتقانغا يۆگىنىپ ياتىدىغان سىلىگە ئوخشاش تۇججار ياكى يۇرتنىڭ بېگى بولمىسام.

— تولىمۇ كىچىك پېئىللىق قىپسەن جۇما.

— كىم، مەنما؟

— هەئە.

— خاتالاشتىلا، ئەدەنباي تاغا. كىچىك پېئىل دەپ يۈسۈپ خوجامنى دېسىلە. ئۇ ئادەم قەشقەردەك چوڭ شەهەرنىڭ خانى تۇرۇپ، ئىككىيلەننى بىر كېچە مېهمان قىلغاننى ئاز دەپ چوڭ يولغىچە ئۇزىتىپ قويدى. مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخى ئېگىلىپ

تۇرىدۇ دېگىنى شۇ ئىكەن ـ دە.

— توغرا دەيسەن، مەن راستتىنلا خاتالىشىپتىمەن، — دېدى ئەدەن قېچىر مۇغەمبەرانە. ئۇنىڭ «خاتالىقى»غا ئىقرار بولۇشى ساۋۇت يانتاقنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈۋەتتى بولغاي:

— مەن بۇ خوجامنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىلا قايىل بولغاندىم، — دەپ سۆزلەپ كەتتى ئۇ، — ئەسلىرىدە بارمۇ؟ ھېلىقى پاختەكلىدىكى كالتە ساقال ئىشان مۇرىتلىرى ئارقىلىق پىچاقلاتقاندا قەشقەردىن تېزۈپ ئەۋەتىپ، جېنىمغا ئارا بولغان، ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئەرز قىلىپ ئالالمىغان بەشكېرەمدىكى جايىمىزنى ئېلىپ بەرگەن مۇشۇ خوجام ئەمەسما. بەزى كۇنلىرى بۇ خوجامنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قانداق قىلىپ قايتۇرۇشۇمنى بىلەلمەي، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قېتىپ كېتىدۇ دېسىلە.

— توغرا دەيسەن، — دېدى ساۋۇت يانتاقتىن رازى بولغان ئەدەن قېچىر، — ئادەملەرنىڭ نوچىسى ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان كىشىنى ئۇنتۇمىغان ئادەمدۇر.

ئۇلار ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ ياماتۇ دېگەن يەردە چۈشكۈن قىلىشتى.

## ئىككىنچى باب

يۇسۇپ خوجا قەشقەردىكى چاغدىلا موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن كۆرۈشۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. لېكىن، بۇياققا كەلگەندىن بۇيان ئۇنى زادى ئۇچرىتالمىدى. خۇنتەيجى ئوردىسىدا يۈرىدىغان ئادەملەردىن سوراشقا ئېھتىيات قىلدى. چۈنكى، جۇڭغار خانلىقى تەۋرىنىپ تۇرغان چاغدا بۇ ئادەمنى سۈرۈشتە قىلىش ئوردا ئەمەلدارلىرىدا گۇمان پەيدا قىلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدى. بۈگۈن بولسا موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن كۇتۇلمىگەن يەردە ئۇچرىشىپ قالدى. يۇسۇپ خوجا جۈمە

نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىت تەرەپكە ماڭدى. ئادەتتىكى كۈنلىرى يىگىرمە - ئوتتۇزدەك ئادەم پېشىن نامىزىنى ئوقۇيدىغان تار ئۆتكەلدىكى بۇ مەسچىت جۈمە كۈنلىرى يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللە - كەنتلەردىن كەلگەن ئادەملەر بىلەن تولۇپ، ئۇلار سىنىپ كەلگەن ئۇلاغلار ئېقىن بويىدىكى سۆگەتلەر سايىسىغا باغلىنىپ كەتتى. يۈسۈپ خوجىلار سەل كېچىكىپ كەلدى. مەسچىتنىڭ ئىچى تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى سەپتىكى بوش ئورۇنلارغا كېلىپ تۆت رەكەت سۈننەت نامىزىنى ئوقۇدى. شۇ چاغدا مەسچىتنىڭ ئىمامى ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبە مۇنبىرىگە كەلدى ۋە نامازخانلارغا: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللا» دەپ قايتىدىن جايىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ قارشىسىدا تۇرغان مەزىن ئىككىنچى ئەزاننى ئېيتتى. ئەزاندىن كېيىن ئىمامئاخۇن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنبەرگە كەلدى - دە، ئىككى قېتىم خۇتبە ئوقۇدى. ئۇ خۇتبىسىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئاللا - تائالاغا ھەمدۇسانالار ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالاۋاتلار يوللاپ، ئەھلى مۇسۇلمانلارنى تەقۋادار بولۇشقا چاقىردى. خۇتبىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا بولسا يەنە ئاللاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەرگە سالاۋات ئېيتىپ، ياراتقان خۇدادىن مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشىنى ئۆز رەھمىتىگە ئېلىپ، زالىملار زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى - دە، مېھرابقا ئۆتۈپ ئىككى رەكەت جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا قۇلاق قاقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن نامازخانلار يەنە تۆت رەكەت سۈننەتنى ئوقۇپ جۈمە نامىزىنى تامام قىلدى.

يۈسۈپ خوجىلار ئارقا سەپتە ئولتۇرغاچقا، ھەممىدىن بالدۇر چىقىپ، ئەھلى جامائەت بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سۆگەت سايىسىدا كۈتۈپ تۇردى. مەسچىتتىن چىققان ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ سالام - سەھەت قىلىشتى. بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يىگىرمە - ئوتتۇزدەك ئادەم ئولىشىۋالدى. شۇ چاغدا ھەممىدىن كېيىن

چىققان ۋە خېلىدىن بېرى گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان ئىمام تۆمۈرخان ۋە ئەركىنخانلار بىلەن موللا ئىبراھىم مەشھۇر سۆگەت سايىسىدا تۇرغان يۈسۈپ خوجىنى كۆرۈپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى ـ دە:

— يۈسۈپ خوجا قاچان كېلىۋىدى؟ — دەپ سورىدى تۆمۈرخاندىن.

— تېخىچە خەۋەرلىرى يوقمىدى؟ — دېدى تۆمۈرخان ۋە، — بىر ھەپتىدىن ئاشتىغۇ دېيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

موللا ئىبراھىم مەشھۇر يۈسۈپ خوجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتى.

— سىلىنى كۆرگىنىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن، — دېدى يۈسۈپ خوجا.

— مەنمۇ ھەم، — دېدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر، — قانداق، ئۇياقتىكى خانلىرىمىز بىلەن بەگلىرىمىز ھەممىسى سالامەتتۇر.

— ئىنشائاللا، — يۈسۈپ خوجا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بۇنىڭدىن ئوشۇق ئەھۋاللىشىشنى خالىماي، — يۈرسىلە، ئۆي تەرەپكە بارايلى، — دېدى، ئاندىن تۆمۈرخان بىلەن ئەركىنخانلارغا قاراپ، ئۇلارنىمۇ تەكلىپ قىلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جۇمەدىن كېيىن مۇشۇ ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ بىرىدە بولۇۋاتقان نىكاھ تويىغا بارماق بولغان ئىمام تۆمۈرخان بىلەن ئەركىنخانلار ئۆزرە بىلدۈردى.

— توۋا، سىلىنىڭ كەلگەنلىرىدىن شۇ چاغقىچە خەۋەر تاپماپتىمەن، — دېدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر يۈسۈپ خوجىلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، — ھېلىقى داندار دورغىمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدا. «ئوردىدىن كەتكەن قېرى تىلماچنىڭ ئەمدى كىمگە كېرىكى بار» دەپ ئويلىغان چېغى.

— نېمە، سىلى ئوردىدىن كەتتىلىمۇ؟ — خاتا ئاڭلاپ

قالغاندەك سورىدى يۈسۈپ خوجا.

— ئەجىن خۇنتەيجى بولغاندا ئىلتىماس قىلىۋىدىم. ئۇنىڭ ئاچىسى بىلەن نەمكۇ جىرغالىلار: «بىزنىڭ ئوردىدا ئىشلىگەن ئادەملەر ئاخىرقى نەپىسىنى مۇشۇ ئوردىدا ئېلىشى لازىم» دەپ ئۇنىمىغانىدى. لاما تاجى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن بۇ ئادەمگە خۇدا ئىنساب بەردىمۇ ياكى بوۋام بىلەن ئاتاملارنىڭ شىرنىسىنى سىقىپ ئىچكەن بۇ قىرسىق مۇسۇلمانلارنىڭ زەبانىنى بىلىدىغان ئادەم ئۆز ئارىمىزدىن تېپىلىدۇ دەپ ئويلىدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئوردىدىكى ئىشلاردىن ئازاد قىلدى.

— شۇنداق دېسىلە، هازىر قەيەردە تۇرۇۋاتىدىلا؟

— قاينۇقنىڭ قېشىدىكى سايباغدا. قايسى كۈنى مەشەگە يېقىن بىر كەنتتە تۇرىدىغان بىر بۇرادىرىم بار ئىدى. شۇ ئادەم ئات تەرلىتىپ قىزىنىڭ تويىغا قىچقىرىپ كەلگەنىكەن. تۇنۇگۈن كەچتە كېلىۋىدىم. بۇ يەرگە جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن كەلمىگەن بولسام، سىلىنىمۇ كۆرەلمەس ئىكەنمەن.

ئۇنىڭ بۇرادىرىم دېگىنى ئاشۇ بىر يىلى ئەدەن قېچىرغا يولدا ئۇچرىشىپ، بىر كېچە سۆھبەتتە بولغان قاسىم نەيچى ئۇچ (تۇرپان) شەھىرىدىن قېچىپ كەلگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ خۇش ئاۋازلىق ناخشىلىرى، مۇڭلۇق سازلىرى بىلەن ئىلىدا كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارغا تونۇلۇپ كەتكەن دىلكەش ئادەم ئىدى.

يۈسۈپ خوجا ئويلىنىپ قالدى ـ دە:

— بۇرادەرلىرى رەنجىپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن. تويى تۈگىگەندە مۇشۇ يەرگە كېلىپ قونسىلا، — دېدى.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىمەن. بىراق، سىلىمۇ بىللە بارسىلا، — دېدى ئۇ يۈسۈپ خوجىنىڭ ئېتىراز بىلدۈرمەسلىكى ئۈچۈن، — ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توينىمۇ كۆرۈپ باقسىلا. ئوغۇل تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى، يەنى ئېرەن قابۇرغىدا تۇرۇۋاتقان هىدايىتۇللا ئىشاننىڭ نەۋرىسى — ئەخمەت خوجامنىڭ باللىرىمۇ نىكاهقا ئۇلگۈرۈپ كېلەرمىش.

— ھېلىقى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خان خوجا دېگەن كىشىلەرمۇ؟
— ھەئە.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈسۈپ خوجا رازىلىق بىلدۈردى. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا «ئىشقىيە» تەرىقىتىنى تارقىتىپ خەلق ئىچىدە ئەۋلىيادەك شۆھرەت قازانغان ۋە ھاكىمىيەت ئۈچۈن جوڭغار لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئىسمايىلخاننى ئاغدۇرۇپ، قەشقەرىيەنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ نەۋرىسى ئەخمەت خوجا جوڭغارلارغا بوۋىسىغا ئوخشاش بېقىندى بولۇشنى خالىماي، ئۇلارغا خىراج تۆلەشتىن باش تارتقىنى ئۈچۈن، خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدانىنىڭ يەنە بىر قېتىم تالاپەت قىلىشىغا ئۇچراپ، ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئىلىنىڭ ئېرەن قابۇرغا دېگەن يېرىگە نەزەربەند قىلىنغانىدى.
يۈسۈپ خوجا ئۆتكەندە بىر قېتىم خىراج ئەكەلگىنىدە شۇ ئەخمەت خوجىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئىلى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلاردىن بىرنەچچە مىڭ ئادەم قاتناشقانلىقىنى ئاڭلاپ، «بۇ ئادەمنىڭمۇ خەلق ئىچىدە خېلى ھۆرمىتى بار ئىكەن» دەپ ئويلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، موللا ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ «ئەخمەت خوجامنىڭ بالىلىرىمۇ كېلەرمىش» دېگەن گېپى ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەخمەت خوجىنىڭ بالىلىرىنى كۆرۈش ۋە ئۇلار بىلەن مۇلاقاتتا بولۇش ئىشتىياقىنى پەيدا قىلدى.
— ئۆتكەن يىلدىكىگە باققاندا ياخشى تۇرۇپتىلا، — دېدى يۈسۈپ خوجا ئۆزى بىلەن قاتار كېلىۋاتقان موللا ئىبراھىم مەشھۇرغا، ئاندىن گېپىنى يۆتكىدى، — ئەخمەت خوجامنىڭ بالىلىرى بۇ يەردىكى تويلارغا كەلگۈدەك بولغىنىغا قارىغاندا يېڭى خۇنتەيجى نازارىتىنى سەل بوشاتقان ئوخشىمامدۇ.
— سەل ئەمەس، خېلىلا بوشاپ كەتتى. ئۇلار ھازىر ئۆز

ئۆيدە كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈش بىلەن ئاۋارە. يېقىندا ئوردىغا ئارىلىشىپ يۈرىدىغان بىر نوياندىن ئاڭلىشىمچە، لاما تاجى: «ئاتام مەرھۇمنىڭ ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن ئەمەلدارلار سىلەرگە بولغان نازارەتنى كۈچەيتىپ، خانلىقىمىزنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزگەندى. مەن ئۇلارغا تېگىشلىك جازا بەردىم. ئەمدى سىلەرنىڭ نىلقىدىن سەمەرگىچە بولغان يەرلەرگە بېرىپ كېلىشىڭلارغا، ئىلى دەرياسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدىكى ساھىللاردا شىكار قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىشىڭلارغا رۇخسەت قىلىمەن» دەپتۇ.

— بۇ گەپلىرىچە، خۇنتەيجىلەر ئىچىدىمۇ ياخشىلىرى بولىدىكەن ـ دە ...

— ھەي، بالام، — دەۋەتتى قېرى تىلماچ، — قوي يېمەيدىغان بۆرە بولمىغاندەك، ئۆزگىلەرنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالغان ئادەملەرنىڭ ياخشىسى بولامدۇ؟ بۇلارنىڭ كەڭچىلىكى «پالتىنى كۆتۈرسە، كۆتەك دەم ئاپتۇ» دېگەندەكلا بىر ئىش. راستىنىلا، — ئۇ بىرپەس تۇرۇۋېلىپ، — ياقۇپ خوجام بۇ يىل خىراج تۆلىگىلى كېلىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كەلمەيچۇ؟ ! — دېدى يۇسۇپ خوجا ۋە «بۇ ئادەم ئاكامنى نېمىشقا سوراپ قالدىكىنە؟» دېگەن ئويغا كېلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىماقچى بولدى.

— ياقۇپ خوجامنى سورىغىنىم، — دەپ چۈشەندۈردى تىلماچ يۇسۇپ خوجىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، — ئۇ ئادەم گۆرۈدە تۇرغان يىللاردا لاما تاجى بىلەن تولىمۇ يېقىن ئىدى. ياز كۈنلىرى ئاغىياز تاغلىرىغا بېرىپ شىكار قىلىشاتتى. شۇڭا، ياقۇپ خوجام كەلسە، لاما تاجىدىن ئەردەۋىلگە قايتىشىمغا رۇخسەت ئېلىپ بېرەمدىكىن دەيمەنا.

— يۇرتلىرىنى سېغىنىپ قاپتىلا ـ دە؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، بالام؟ ئادەم دېگەن قېرىغان چېغىدا ياشاۋاتقان يېرى گۈلىستان بولسىمۇ، كىندىك قېنى بىلەن ئاتا ـ

بوۋىلىرىنىڭ تەرى تۆكۈلگەن يەرلىرىنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىشنى سېغىنىپ قالىدىكەن، ــ ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتكەندەك بولدى.

يۇسۇپ خوجا ئۇنىڭغا قارىدى. ئەللىك يىلغا يېقىن جۇڭغار ئوردىسىدا تىلماچلىق قىلىپ چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان بۇ ئادەم ھازىر قېرىپ قالغان بولسىمۇ، ياش ۋاقتىدىن تارتىپ ۋۇجۇدىغا سىڭگەن ئېھتىياتچانلىقنى يوقاتمىغانىدى. «موللا ئىبراھىم ئاكام دىيارىمىزنىڭ جۇڭغارلاردىن ئازاد بولۇشىغا كۆزى يەتمەي، ئەمدى سۆزىنىم بولسىمۇ ئۆزۈم تۇغۇلغان يەردە قالسۇن دېگەن قارارغا كەپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىغان يۇسۇپ خوجا ئۇنىڭ كۆڭلىگە مەدەت بەرمەكچى بولۇپ:

ــ دىيارىمىز بۇلاردىن خالىي بولغاندا ھېچكىمدىن رۇخسەت سورىماي، خالىغان يەرگە بېرىپ كېلىدىغان زامانلار بولىدۇ، موللا ئىبراھىم ئاكا، ــ دېدى.

ــ ئۇ دېگەنلىرى توغرا، بالام، ــ دېدى ئۇ بىردىنلا جانلىنىپ، ــ بىراق بىرلىك ـ ئىتتىپاقى يوق خەلق بىزلا ئەمەس، مۇنۇ يان قوشنىمىز قازاقلارمۇ شۇنداق ئىكەن. ئۇلارمۇ نەچچە تائىپىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىكەن. «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەندەك، بۆرىلەر بوزەك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ھەممىمىز بىرلىشىپ، بىرىمىز ئالدىدىن، بىرىمىز كەينىدىن، يەنە بىرىمىز يېقىنىدىن زەربە بەرسەك، ئاللىقاچان جۇڭغارلاردىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم كۆڭلىرگە مۇشەررەپ بولاتتۇق.

«بۇ ئادەمنىڭمۇ قازاق ـ قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ جۇڭغارلارغا قارشى تۇرۇش ئويى بار ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى يۇسۇپ خوجا.

ــ «قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىغانما؟ ــ دېدى بىر چاغدا قېرى تىلماچ.

ــ ھەئە، ــ دېدى يۇسۇپ خوجا.

ــ مېنىڭ بايقىشىمچە، بۇ جۇڭغار خۇنتەيجىلىرى

قولىدىكى كىچىككىنە پىچاق بىلەن تۆگىنىمۇ، قۇشقاچنىمۇ سويالايدىغان قاسساپلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلار قولىدىكى پىچاقنى ئىشقا سېلىپ قوۋۇرغا بىلەن ئومۇرتقىسىنى، قول بىلەن پۇتنى بىر - بىرىگە چېتىپ تۇرغان ئۇگىلەرنى ئاجرىتىشنى بىلىدۇ. بىز بولساق بۇلارنىڭ بىرنەچچە قەبىلە خەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پانا ئۇرۇشنى بىلمەيمىز.

— چۈنكى، بىزدە ئۇلارغا ئوخشاش بۇلاڭچىلىق بىلەن هايات كەچۈرۈشكە دەۋەت قىلىدىغان هارام قان يوق - دە.

— مۇشۇنداق دەپ يۈرۈپ ئۇزاق يىللاردىن بېرى بوسۇنچۇق بولۇپ كېلىۋاتىمىز. هالا بۇگۈنكى كۈندە بىز پانا ئۇرمىساقمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا دەز كەتتى. بەزى ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە قارىغاندا، تارباغاتاي تاغلىرىدا تۇرىدىغان داباجى ۋە ئالۇرسانا دېگەن تەيجىلەر لاما تاجىغا چىشىنى بىلەپ يۈرۈۋاتقان ئوخشايدۇ.

بۇ گەپلەر يۈسۈپ خوجا ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى. «بۇ لاما تاجىنىڭ بىزگە خىراج تۆلەشتە، ئەخمەت خوجىنىڭ تۆلەكتىكى بالىلىرىغا بولغان نازارىتىنى ئېلىپ تاشلىغىنىدا گەپ بار ئىكەن - دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئەگەر موللا ئىبراھىم ئاكىنىڭ گەپلىرى راستقا ئايلىنىپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا تەخت ئۈچۈن يەنە جېدەل باشلانسا، بىزمۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك، بولمىسا ئېزىلگىنىمىز ئېزىلگەن ...»

— مانا يېتىپمۇ كەلدۇق، — دېدى موللا ئىبراھىم مەشهۇر كىچىككىنە بەلگە كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا، غول ئاغزىدا كۆرۈنگەن دەرەخلىك كەنتنى كۆرسىتىپ.

ئۇلار توي بولۇۋاتقان ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە نىكاھ ئوقۇلۇپ، مېهمانلارغا تاماق تارتىلىۋاتقانىكەن. هويلىغا كىرىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈۋاتقان ئادەملەرنى كۆرگەن قاسىم نەيچى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆزى تونۇيدىغان موللا ئىبراھىمنىڭ ئېتىنى ئالدى. يۈسۈپ خوجا بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتكارىنى تونۇمىسىمۇ،

سەمىمىي سالاملىشىپ: «خۇش كەپتىلا» دېدى.

— بۇياق قەشقەرنىڭ خانى يۇسۇپ خوجام بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى موللا ئىبراھىم ئۇنىڭدىن بالدۇر ئۆزىنىڭ ئىتىنى ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن قاسىم نەيچىگە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاسىم نەيچى بىرپەس تېڭىرقاپ قالغاندەك بولدى ـ دە:

— مۇبارەك قەدەملىرىگە ھەسەنات، خوجام ! — دېدى، — ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكلىرىدىن بىخەۋەر ئىكەنمەن، كەچۈرسىلە. خەۋەر تاپقان بولسام، ئالدىلىرىغا بېرىپ باشلاپ كېلەتتىم، — ئۇ خۇددى چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك خىجىل بولۇپ كەچۈرۈم سورىدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، تويلىرىغا مۇبارەك بولغاي ! — دېدى يۇسۇپ خوجا.

قاسىم نەيچى قىزىنىڭ تويىغا قەشقەرنىڭ خانى داخىل بولغىنىدىن خۇشال بولۇپ:

— قىزىمنىڭ بەختى ئېچىلىدىغان ئوخشايدۇ. موللا ئىبراھىم ئاخۇن، — دېدى تىلماچقا، — بۇ ئۇلۇغ خوجامنى مەرىكەمگە باشلاپ كەلگەنلىكلىرى ئۈچۈن ساندۇقنىڭ تېگىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان، رەھمەتلىك ئانام ئۆز قولى بىلەن تىكىپ بەرگەن بادام دوپپامنى بېرىۋېتىدىغان بولدۇم ـ دە.

— ھازىرچە دوپپىنىڭ گېپى بىلەن كۆڭۈلنى خۇش قىلماي، تويىنىڭ تامىقىنى بېرىپ، قورساقنى خۇش قىلسىلا، — دەپ چاقچاق قىلدى موللا ئىبراھىم.

— خوجامنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن ئادەمنىڭ تاماق ھەققىدە گەپ قىلغىنى قىزىق بولدى ـ دە، — دېدى قاسىم نەيچى.

— موللا ئىبراھىم ئاكام توغرا دەۋاتىدۇ، — دېدى يۇسۇپ خوجا ئۇلارنىڭ چاقچىقىغا ئارىلىشىپ، — ھازىر خوجاملارنىڭ قازىنىنى ئۇزاق يىللاردىن بېرى مۇنۇ جۇڭغار ناجىلارنىڭ قۇرۇقداپ كېلىۋاتقىنىنى بىلمەمدىلا.

— ھا ـ ھا ـ ھا ! — قاسىم نەيچى ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى ۋە ئۆزىنى مەھەللىسىدىكى تەڭتۇشلىرى بىلەن چىقىشىۋاتقاندەك سەزدى، كېيىن بۇلارنىڭ بىرى — قەشقەرنىڭ خانى، ئىككىنچىسى — جۇڭغار ئوردىسىنىڭ سابىق تىلماچى ئىكەنلىكى يادىغا كېلىپ، — پەمسىزلىكىمنى كەچۈرۈۋەتسىلە، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭلار، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تارلىقىنى بىلىدىغان موللا ئىبراھىم:

— بۇرھانىدىن خوجاملار كەلدىما؟ قاياقتا؟ — دەپ سورىدى.

— كەلدى، باغدا، — دېدى قاسىم نەيچى.

— ئەمىسە بىزمۇ شۇ ياققا چىقايلى.

ئۇلار باغ تەرەپكە ماڭدى. قاسىم نەيچىنىڭ بېغى ھويلىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بولۇپ، تويغا كەلگەن ھەممە مېھمانلار كۆك چىمەننىڭ ئۈستىگە سېلىنغان كىگىزلەردە ئولتۇرۇشاتتى. موللا ئىبراھىم مەشھۇر بىلەن يۈسۈپ خوجىلار باغقا كىرىپ كەلگەندە ئۇلار تاماق يەۋاتاتتى.

— بەھۇزۇر ئولتۇرۇڭلار، — دېدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر ئۆزلىرىنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرماقچى بولغان مېھمانلارغا،— بىز مانا مۇنۇ يەردە ئولتۇرساقمۇ بولىدۇ، — دەپ قازان ئېسىلغان يەردىكى سېدىنىڭ تۈۋىگە سېلىنغان كىگىز تەرەپكە ماڭدى.

— ئاپلا، تازىمۇ سەت بولدى ـ دە، — دەپ ئۆكۈندى قاسىم نەيچى.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە. ئەيىب كىچىككىپ كەلگەن ئۆزىمىزدە، — دېدى يۈسۈپ خوجا.

ئۇلار ئولتۇرۇشى بىلەن كونا يەكتىكى ئۈستىدىن كۆك پوتا باغلىۋالغان چاشقان بۇرۇت بىر يىگىت قەلەي چۆگۈن كۆتۈرۈپ كەلدى ـ دە، قولغا سۇ قۇيدى، ئاندىن ئىككى يېرىگە ياماق چۈشكەن، لېكىن پاكىز يۇيۇلغان سەرگەز داستىخاننى يايدى.

بۇ چاغدا ئون قەدەمدەك يەردىكى چوڭ داستىخاندا ئولتۇرغان

خان خوجا دېگەن ئادەم ئاغزىنى ئىمام تۆمۈرخاننىڭ قۇلىقىغا يېقىپ:

— ئاۋۇ موللا ئىبراھىم ئاكام بىلەن ئولتۇرغان يېشىل سەللىلىك كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قەشقەرنىڭ خانى يۈسۈپ خوجام، — دېدى تۆمۈرخان ۋە، — يېنىدىكى ئادەم مەھرىمى بولسا كېرەك، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— يۈسۈپ خوجام؟ — دەپ ئىشەنمىگەندەك تەكرارلىدى خان خوجا ۋە ئۆتكۈر قارا كۆزى بىلەن يۈسۈپ خوجىنىڭ قەددى - قامىتىگە، چىراي - شەكلىگە سىنچىلاپ كۆز يۈگۈرتتى - دە، سول تەرىپىدە ئولتۇرغان بۇرھانىدىن خوجىغا:

— ئاكا، ئاۋۇ يېشىل سەللىلىك ئادەم يۈسۈپ خوجا ئىكەن، — دېۋىدى، بۇرھانىدىن خوجا:

— ئۇ ئادەم خىراج تۆلەيدىغان ۋاقىت بولمىسا، بۇياقتا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دېدى.

— ئىشەنمەيۋاتامدىلا؟ — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى ئىمام تۆمۈرخان، — يۈسۈپ خوجام گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان بالىلىرى بىلەن خامۇش (ئايۇپ) خوجىلارنى يوقلاپ كەلگەنىكەن.

بۇرھانىدىن خوجا «شۇنداقمۇ» دەپلا يۈسۈپ خوجىغا قايتىدىن كۆز تاشلىدى.

بىرپەستىن كېيىن چوڭ داستىخانىدىكىلەر، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا يۈسۈپ خوجىلار تائامغا دۇئا قىلىشتى. مۇھىم ئىشلىرى بار بىرنەچچە ئادەم قاسىم نەيچىگە رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن قوزغالدى. شۇ چاغدا موللا ئىبراھىم مەشھۇر يۈسۈپ خوجىغا:

— يۇرسىلە، بۇرھانىدىن خوجاملار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەيلى، — دەپ ئالىمنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان ئادەملەر قېشىغا كەلدى - دە، سالام بېرىپ بىر چەتتىن كۆرۈشۈپ چىقتى. ئاڭغىچە چاققانغىنا ئورالغان يېشىل سەللىلىك

ئادەمنىڭ قەشقەر خانى يۈسۈپ خوجا ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولدى. ئۇلار ئەزىزانە قەشقەردەك كاتتا شەھەرنىڭ خانى تۇرۇپ قاسىم نەيچىنىڭ تويىغا ھېچقانداق داغدۇغىسىز، ئادەتتىكى ئادەمدەك قەدەم تەشرىپ قىلغان يۈسۈپ خوجىغا ھەم قىزىقىپ، ھەم ھەيران بولۇپ قاراشتى.

— بۇياق مەرھۇم ئەخمەت خوجامنىڭ چوڭ ئوغلى — بۇرھانىدىن خوجام بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى موللا ئىبراھىم مەشھۇر ئۇچىسىغا زەرباب پەرىجە كىيىپ، بېشىغا ئاق دەستار ئورىۋالغان ئورا كۆزلۈك، ساقىلىغا ئاق سانجىلغان ئورۇقراق ئادەمنى كۆرسىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان كىچىككىنە قارا ساقىلى بار بۇغداي ئۆڭلۈك ئادەمنى كۆرسەتتى، — بۇياق بولسا بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئىنىسى خان خوجام بولىدۇ، — ئاندىن يۈسۈپ خوجىنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى.

— تولا ئوبدان، — دېدى خان خوجا، — ئۆزلىرىنىڭ تەرىپاتلىرىنى ئاڭلاپ يۈرگەن بولساقمۇ، دىدارلىشىش بۈگۈن نېسىپ بوپتۇ.

— «توي دېسە قۇرۇق كاللا يۈملاپتۇ» دېگەندەك، بايا جۈمە نامىزىدىن كېيىن موللا ئىبراھىم ئاكام: «بۈگۈن يېقىن بىر بۇرادىرىمنىڭ تويى بار. نىكاھقا ئۇلگۇرۇپ ھەزرىتى ئەخمەت خوجامنىڭ باللىرى كېلىپ قالارمىكىن؟» دېۋىدى، باھانىدىن باھانىگە ھەرقايسىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قالارمەن دەپ كەلگەنىدىم، — دېدى يۈسۈپ خوجا، ئاندىن ئاكا - ئۇكا خوجىلارغا قاراپ، — ھەزرىتى ئەخمەت خوجام بەندىچىلىك قىپتۇ، — دەپ كۆڭۈل ئېيتتى.

— شۇنداق، ئاتا - ئانا دېگەن ھېچكىمگە باقىي ئەمەس ئىكەن، — دېدى خان خوجا، — ھەزرىتى دانىيال خوجاممۇ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

شۇ چاغدا ئىككى يىپنىڭ ئۇچىنى باغلىغۇچى بولغاندەك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

مولللا ئىبراھىم مەشھۇر تۆمۈرخان ئىمامغا قاراپ:

— ۋاپات بولغان ئۇلۇغ خوجىلىرىمىزغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىۋەتسىلىچۇ؟ — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

تۆمۈرخان ئىمام دەرھال تىزلىنىپ قۇرئان ئوقۇشقا باشلىدى. «بۇ تىلماچ تولىمۇ مەككار ئادەم ـ دە، — دەپ ئويلىدى بۇرھانىددىن خوجا، — ئۆزىچە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىزنى (يەنى ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنى) ياراشتۇرۇپ قويماقچى.» بۇنداق ئوي ئىرەن قابۇرغىدىن كەلگەن، ئۆزلىرىنى «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ مۇخلىسلىرى دەپ ھېسابلايدىغان ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىمۇ پەيدا بولدى.

دۇئادىن كېيىن چاي تارتىلدى. قاسىم نەيچىنىڭ بىغىدىكى بالدۇر پىشىدىغان ئۆرۈكلەر چوڭ ـ كىچىك جاملار بىلەن داستىخانغا قويۇلدى.

مولللا ئىبراھىم مەشھۇر داستىخان چۆرىسىدە ئولتۇرغانلار ئىچىدە ئىرەن قابۇرغىدا تۆلەكتە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ يۈسۈپ خوجىنى «قارا تاغلىقلارنىڭ پىشۋالىرىدىن بىرى» دەپ، مۇشۇ كەنت بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كەنتلەردىن كەلگەنلەرنى بولسا «قەشقەرنىڭ خانى» دەپ، ئېھتىيات بىلەن تەپ تارتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ئولتۇرۇشنىڭ كەيپىياتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قاسىم نەيچىگە چاقچاق قىلدى:

— بۇ ئۆرۈكلەرنى بىدىگە يۆگەپ پىشۇرمىغانلا؟

— ئەستاغپۇرۇللا، ما ئادەمنىڭ گېپىنى، ئۆزلىرى «ئۈزۈمنى يە، بېغىنى سورىما» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانما؟

— ئۇنىڭغۇ ئاڭلىغان. بىراق، ئۆرۈكلەرنىڭ بىر تەرىپى قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، بىدىنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە كۈن تۇنجۇقۇپ ياتقانمىكىن دەيمەنا.

— بەلكى بۇ ئۆرۈكلەر قاسىم ئاخۇن ئاكامدەك «ئۇياتچى» بولغىنى ئۈچۈن قىزىرىپ كەتكەندۇ، — دەپ سۆز قىستۇردى خان خوجا. ئۇ قاسىم نەيچىنىڭ گەپكە كەلگەندە ھېچكىمدىن

ھېيىقمايدىغانلىقىغا ئىشارە قىلدى.

بۇ گەپلەرگە ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى يېنىككىنە، بەزىلىرى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

شۇ چاغقىچە ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان لاي سۇدەك ياكى زېمىننىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدە نېمە بارلىقىنى ئويلاپ باش قاتۇرۇۋاتقان مۆتەپەككۇردەك ئويغا بېرىلىپ ئولتۇرغان بۇرھانىدىن خوجىنىڭ بىرەر ئېغىز سۆز قىلماي ئولتۇرغىنىغا ئىچى پۇشقان يۇسۇپ خوجا بۇ يەرگە كەلمىسەمۇ بوپتىكەن دېگەندەك ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. لېكىن، بۇرادىرىنىڭ توي داستىخىنىنى كۆڭۈللۈك قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈكلەرنى باھانە قىلىپ قاسىم نەيچىگە قىلغان چاقچىقى كۈتكەندەك نەتىجە بەرمىگەن موللا ئىبراھىم مەشھۇر باشقىچە ئۇسۇل قوللاندى، ئۇ:

— توي دېگەن داپ - دۇمبىقى بىلەن دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانما، قاسىم ئاخۇن؟ — دېدى.

— ئاڭلىمامدىغان، تەخسىر.

— ئەمىسە بىرپەس بولسىمۇ نەغمە قىلىپ، غەزەل ئوقۇپ بەرمەمدىلا؟

— ئەستا ... ما ئادەمنىڭ گېپىنى، — قاسىم نەيچى چۆچۈپ كەتكەندەك بولدى، — بۇرھانىدىن خوجاملارغۇ غەزەل بىلەن قوشاقلارنى ئاڭلاپ ئۆگىنىپ قالغان، يۇسۇپ خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىدا بىئەدەپلىك بولمامدۇ؟

— موللا ئىبراھىم ئاكام توغرا دەيدۇ، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى يۇسۇپ خوجا، — مەنمۇ بۇرھانىدىن خوجاملاردەكلا ئادەم. ئۇلاردىن ھېچبىر ئارتۇقچىلىقىم يوق، توي دېگەننىڭ داپ - دۇمبىقى، غەزەل - قوشىقى بولمىسا، ھازىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

بۇ گەپ قاسىم نەيچىنىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇۋەتكەندەك بولدى.

— ماڭغۇ ساھىبخانا بولغاندىكىن بولماس، كەنتىمىزگە يۆلتۈر كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان قۇمۇللۇق بىر ئاغىنەم بار.

غەزەلگە بەك ئۇستا، ــــ دېدى ۋە باغنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئالدىغا يۈگۈلىرى چۇشۇرۇلگەن تېرە پەشتاما تارتىۋالغان رەڭگى قارا بىر ئادەمنىڭ قېشىغا باردى، ــــ كاۋاپلىرىنى تەۋەككۇل ئاخۇن پىشۇرسۇن. مېھمانلار زېرىكىپ قالدى. بىرىپەس غەزەل ئوقۇپ بەرسىلە.

ــــ بۇ خوجاملارغا قايسى غەزەلنى ئوقۇپ بەرسەم بولار؟

ــــ ھېلىقى «يالغۇز تويۇن»، «ياچىبەگ» دېگەن قوشاقلىرىنى ئېيتىپ بەرسىلىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنى بۇ كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئاڭلىمىغان.

ھەمدۇل بىلىدىكى پەشتامىنى يېشىپ ئالمىنىڭ ئاچىسىغا قويدى ـ دە، چوڭلۇقى تەخسىچىلىك دېپىنى ئالدى، ئاندىن مېھمانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ سالام بەردى ۋە كىگىزنىڭ چېتىگە تىزلىنىپ، ئادىتى بويىچە قولىدىكى داپنى بىر ـ ئىككى قېتىم ئايلاندۇرۇپ، ئولتۇرغانلار ئاڭلىمىغان بىر ئاھاڭدا ناخشىسىنى باشلىدى:

ئۆتكەن ئىكەن ياچىبەگ،
بۇلاڭ ـ تالاڭ زاماندا.
جۇڭغار بىلەن جەڭ قىلىپ،
كەتتى ئاخىر ئارماندا.
ۋاي پالگىنىم نەدە سىز؟
ئەسلەپ قالدۇق سىزنى بىز.

ياچىبەگنىڭ ئۆيلىرى،
تورۇك تېغى ئەلتى①دە.
ھېيلە تاما يوق ئىدىدە،
ياچىبەگنىڭ ئەپتى.

① ئەلتى ــــ يەر ئىسمى.

ياچىبەگنى كۆرگەنلەر،
سۆمباتلىقكەن دەر ئىدى.
گۆرزى، بازغان قوللىرى،
يولۋاس كەبى ئەر ئىدى.

— بۇ ئادەم، — دەپ سۆزلەپ كەتتى ھەمدۇل ناخشىدىن توختاپ، — جۇڭغارلارنىڭ خۇنتەيجىسى قۇمۇلنى ئىشغال قىلغاندا مانجۇ خانلىقى دېگەن كۇنچىقىشتىكى پاشانىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاستانا، سۇمقاغا، توغۇچى، لاپچۇق، قارىدۆۋە قاتارلىق يەرلەرگە نۇرغۇنلىغان تۇر (ھەربىي گازارما) ۋە ئۇسقۇرۇل (قاراۋۇللار تۇرىدىغان جاي) ياساتماق بولۇپ، خەلقنى بىكارغا ئىشلەتكەنىكەن. بۇ يەرلەردە تۇرىدىغان جۇڭغار لەشكەرلىرى پۇقرالارنى كۈندە بۇلىغانلىقىنى ئاز دەپ، يىلىغا ئۈچ قېتىم قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىدىكەن. بۇنداق زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق كۈندۈزى قازان ـ قومۇچلىرىنى كۆمۈپ تاشلاپ ئادەم بارماس باياۋانلارغا كېتىدىكەن ـ دە، كېچىلىرى كېلىپ يوشۇرۇن ھالدا تاماق پىشۇرۇپ يەيدىكەن. خەلقنىڭ بۇ خىل پاراكەندىچىلىككە دۇچار بولغىنىغا چىدىمىغان بىر قىسىم ۋىجدانلىق ئادەملەر جۇڭغارلارغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپتۇ. شۇ ئادەملەرنىڭ بىرى ياچىبەگ دېگەن كىشى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمگە باش بولۇپ شىددەتلىك جەڭلەرنى باشلاپتۇ.

ھەمدۇل بىرئاز توختىۋېلىپ، يەنە ناخشا ئېيتتى:

خۇنتەيجىنىڭ لەشكىرى،
قىلدى خەققە سورۇقلۇق.
سار[1] سېلىشتى خالايىق،
ئۆي ـ ماكانى تۇرۇقلۇق.

---

① سار — كەپە.

يېمەك ـ ئىچمەك، نەرسە يوق،
قاپلاپ كەتتى قۇرۇقلۇق.
ھالىدىن كەتتى خالايىق،
تېپىلمىغاچ ئۇرۇقلۇق.

شۇڭا چىقتى ياچىبەگ،
ئوڭ قولىغا نەيزە ئەپ.
تاغلار ئارا جەڭ قىلدى،
پالگانلارنى ئارقىغا سەپ.
ۋاي، پالگىنىم نەدە سىز،
ئەسلەپ قالدۇق سىزنى بىز.

ـــ شۇنداق قىلىپ، جۇڭغارلارنىڭ خۇنتەيجىسى ياچىبەگنى جەڭدە يېڭەلمەي، ھىيلە بىلەن يېڭىشنىڭ ئامالىنى قىپتۇ.

جۇڭغار خانىنىڭ خېتىدە،
تۇتسۇن دەپتۇ ياچىنى.
تۇغام ـ تۇغام يول توسۇپ،
لەشكەر قويدى بارچىنى.

كىمكى تۇتسا ياچىنى
مالدار قىلاي مەن ئۇنى
ئۆزۈم بىلەن تەڭ قىلىپ
ھاكىم قىلاي مەن ئۇنى...

دەپ پەرمان بېرىپتۇ.
جۇڭغار بۇنداق ئۇسۇل بىلەنمۇ ياچىبەگنى تۇتالمىغاندىن كېيىن، مال ـ دۇنيا ۋە مەنسەپنى دەپ ۋىجدانىنى يوقاتقان ئوسمانبەگ دېگەن كىشىنى ئىشقا ساپتۇ.

جۇڭغار كېلىپ چىللىدى،
ئوسمان بەگنى قېشىغا.
ئوسمانبەگمۇ سېتىلدى،
سەككىز مىسقال ئالتۇنغا.

ئۇيان ئويلاپ ئوسمانبەگ،
بۇيان ئويلاپ ئوسمانبەگ.
سامانچىنى ئالداشقا،
تۇتۇش قىلدى ئوسمانبەگ.

سامانچى دېگەن ياچىبەگنىڭ كۈيۇ ئوغلى، يەنى سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئىكەن.

سامانچىمۇ سېتىلدى،
ئوسمانبەگكە قېتىلدى.
كەينىگە چۈشۈپ ياچىنىڭ،
تۇتماق بولۇپ ئېتىلدى.

سامانچى ئۇنى ئىزدەپ،
ئۇندىن - بۇندىن سوراقلاپ.
تاغمۇتاغ ئاراسىدا،
يۈردى ئىتتەك ماراقلاپ.

شۇ ئەسنادا ياچىغا،
ئۇچراپ قالدى سامانچى.
تىنچ كەلدىڭمۇ دەپ ئۇنى،
ئىززەت قىلدى سامانچى.

بەلگە بەردى جۇڭغارغا،
كۆرگەن هامان سامانچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى تارقىتىش

مىڭلاپ جۇڭغار ئاتلاندى،
تۇتماق ئۇچۇن ياچىنى.

جۇڭغار كېلىپ شۇ زامان،
قورشاپ ئالدى ياچىنى.
سالما تاشلاپ بوينىغا،
تۇتۇۋالدى ياچىنى.
ۋاي، پالگىنىم نەدە سىز،
ئەسلەپ قالدۇق سىزنى بىز.

دۇنيادا ۋىجدان، ئار ـ نومۇسنى سېتىپ خائىنلىق قىلىدىغان ئادەملەر ئازمۇ؟ بۇنداق ئادەملەر بەربىر خەلقنىڭ شەپقەتسىز جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. سامانچىنىڭ كەينىدە خۇنتەيجىدەك قۇدرەتلىك ھامىيچىسى بولسىمۇ، خەلق ئۇنىڭغا قارىماي، كۇنلەرنىڭ بىر كۇنى ئىت ئۆلۈمىدە ئۆلتۈرۈپتۇ.

ھەسرەت بىلەن خالايىق،
دۇئا بەردى دوستىغا.
سامانچىنى ئۆلتۈرۈپ،
سامان تىقتى پوستىغا.

قۇمۇللۇق ھەمدۇل ياچىبەگ ھەققىدە توقۇغان بۇ قوشاقلارنى گويا قاسىم نەيچىنىڭ بېغىدا ئەمەس، بەلكى قۇمۇل تاغلىرىدا ياچىبەگ بىللە بىللە جۇڭغارلارغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقاندەك ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئېيتىپ تۇگەتتى ـ دە، ئېغىر ئۇھ تارتىپ، يىغى بىلەن كۆزىدە پەيدا بولغان ياشلىرىنى سۈرتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىر ھازاغىچە شۈككىدە بولۇپ قېلىشتى.

— بىزنىڭ ئەھۋالىمىزمۇ قۇمۇلدىكى خەلقلەردىن ئانچە قېلىشمايدۇ، — دېدى بىر چاغدا يۇسۇپ خوجا.
— بىزنىغۇ بۇلار(جۇڭغارلار) 1678 - يىلى بېسىۋالغانىكەن. ئۇ تەرەپلەرنى قايسى يىللاردا بېسىۋالغانىكىنە؟ — دەپ كۆپچىلىككە سوئال قويدى خان خوجا.
بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدىغان باشقا ئادەملەر باردۇ، دەپ ئويلىغان يۇسۇپ خوجا ئۆپچۆرىسىدىكىلەرگە قارىدى. لېكىن، خېلىغىچە خان خوجىنىڭ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى.
— بۇلار قۇمۇل تەرەپلەرنى بىزدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى، يەنى 1668 - يىللاردا [1] بېسىۋالغانىكەن، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — شۇنىڭغا قارىغاندا، بايىقى ئادەم ئوقۇغان قوشاقلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇياقنىڭ خەلقلىرى رەسۇلۇللانىڭ «ھۇببەتۇل ۋەتەن مىنەل ئىمان»[2] دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلغان ئوخشايدۇ.
— توغرا دەيدىلا، — ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر، — «ئۆيىنىڭ ساھىبى ياۋاش بولسا، ئۆيىنىڭ ئىچىنى مېھمان بىيلەيدۇ» دېگەندەك، بىز تەرەپنىڭ خەقلىرى تولىمۇ ياۋاش - دە.
— بەلكى شۇنداقتۇر. مېنىڭ ئويلىشىمچە، بىز تەرەپتىكى خەلقلەرنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقى يوق، — دەپ قوشۇمچە قىلدى خان خوجا، — ئۇلار سىرتتىن كەلگەن دۈشمەنگە بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن جېدەل قىلىشىدۇ.
— ئارى راست، — ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى يۇسۇپ خوجا، — بىز خەقنىڭ پاجىئەسى خان خوجام جانابلىرى ئېيتقاندەك، بىرلىك - ئىتتىپاقلىقىمىزنىڭ يوقلۇقىدا ۋە

---

① بەزى مەنبەلەردە جۇڭغارلار تۇرپان، قۇمۇللارنى 1679 - يىلى بېسىۋالغان ۋە شۇ يىلى دالاي لاما غالدانغا «بوشۇقتۇ» دېگەن ئۇنۋان بەرگەن دەپ ئېلىنغان.
② ۋەتەننى سۆيۈش — ئىمان جۈملىسىدىندۇر.

ئۆزئارا ماجىرالارغا پېتىپ قالغىنىمىزدا، ئۆتمۈش تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، خەلقىمىزنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقى تۈپەيلى قۇرۇلغان يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقى ــ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى (يەكەننى مەركەز قىلغان)نى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تاشقىرى، ئىلى ۋادىسى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئىسسىق كۆل رايونى، پەرغانە ئويمانلىقى، بەدەخشان ۋە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ۋاھان رايونى، كەشمىر ۋە تىبەتنىڭ بىر قىسمى قاتارلىق جايلارنىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئالغانىكەن①. بۇ چاغلاردىكى پۇقرالار راھەت ـ پاراغەتتە ياشاپ «قۇمۇلدىن بەدەخشانغا بارغۇچە ئوزۇق ـ تۈلۈك ئالماي، ئۆيدىن ـ ئۆيگە مېھمان بولۇپ باراتتىكەن.»② چۈنكى، بىز ياشاۋاتقان زېمىندا بارلىققا كەلگەن شۇ خانلىقنى كېيىنكى چاغلاردىكى ئەجدادلىرىمىز تائىپىلەرگە بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ ھالاكەتكە ئۇچرىتىپتۇ. پۇقرالار مەھكۇم، خانۇبەگلىرىمىز بېقىندى، ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرى گۆرۈدە تۇرۇشقا مۇپتىلا بولۇپ ھايات كەچۈرۈۋاتىمىز.

ئۇنىڭ گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» غوجىزادىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ بېشىنى ئۇزاقتىن بۇيان قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەر خىل ئوي ـ خىياللارنى يىغىنچاقلاپ، بىر شەكىلگە سېلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشى ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى قايىل قىلدى. ئۇلار باشلىرىنى لىڭشىتىشىپ ماقۇللاشتى. خان خوجا بولسا «بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قەشقەرگە خان بولغانلىقىغىمۇ نارازىمىكىنە؟» دېگەن ئويغا كەلدى. ئۆزىنى «ئاق تاغلىق»لارنىڭ پېشۋاسى دەپ ھېسابلايدىغان بۇرھانىدىن خوجا بولسا «بۇ خوجامۇ ئاتىسىغا ئوخشاش ماراپ چىشلەيدىغان ئوخشىمامدۇ. خەلقنىڭ بۈگۈنكى

---

① ھاجى نۇراجى: «يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ بەت.

② مىرزا ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابتىن.

مەھكۇملۇقىغا، ئۆزىنىڭ بىقىندى خان بولۇپ، بىزنىڭ گۆرۈگە چۈشۈپ قالغىنىمىزغا ئەجدادلىرىمىز ئەيىبكار دەپ چوڭ بۇۋىمىزنى (ئاپاق خوجىنى) ئەيىبلىمەك بولۇۋاتىدۇ، يەنى شۇ ئادەم جۇڭغارلارنى قەشقەرىيەگە باشلاپ كەلمىسە، بۇگۈنكىدەك كۈنلەرنى كۆرمەيتتۇق دېمەكچى. شۇ چاغدا ئۆز ئاتىسىنىڭ چىۋاڭ رابدان خۇنتەيجى يەكەنگە كېلىش بىلەن قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولغىنىنى، مېنىڭ ئاتام (ئەخمەت خوجا) تەسلىم بولماي بىرنەچچە كۈن سوقۇشۇپ ئەسىرگە ئېلىنغانلىقىنى نېمىشقا دېمەيدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش خىياللاردا بولدى.

— دىگەر ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ، — دېدى بىر چاغدا تۆمۈرخان ئىمام.

دېمىسىمۇ، كۆك ئاسماندىكى قۇياش غەربكە ئۆتۈپ دەرەخلەرنىڭ سايىسىمۇ ئۇزىراپ قالغاندى.

— راست، — دېدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر.

شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغانلار داستىخانغا كەلتۈرۈلگەن كاۋاپلارغا ئانچە - مۇنچە ئېغىز تېگىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، تاھارىتى سۇنغانلار تاھارەت يېڭىلىدى - دە، ئۈستى سۇپۇرۇلۇپ تازىلانغان كىگىزلەرنىڭ ئۈستىدە سەپ تۈزۈشتى. بىرىنچى سەپتە يۈسۈپ خوجا، بۇرھانىدىن خوجا، خان خوجىلار بىلەن تۆمۈرخان ئىمام، ئەركىخان ۋە ئىبرەن قابۇرغىدا تۆلەكتە تۇرۇۋاتقان ئۈچ نەپەر ئادەم، ئىككىنچى سەپتىمۇ شۇنداق «ئاق تاغلىق»لار بىلەن «قارا تاغلىق»لارغا مەنسۇپ ئادەملەر، ئۇلاردىن كېيىن قاسىم نەيچى بىلەن ھەمدۇلغا ئوخشاش يۇقىرىلار سەپ تۈزدى. لېكىن، ئىمام بولىدىغانغا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. بۇنداق بولغىنى «يۈسۈپ خوجام بار بولغاندىكىن ھەممىمىز شۇ ئادەمگە ئىقتىدا قىلىشىمىز كېرەك» دەپ ئويلىدى تۆمۈرخان ئىمام. يۈسۈپ خوجا «ئىمامەتچىلىكنى بۇرھانىدىن خوجام ياكى خان خوجام قىلسا بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى. بۇرھانىدىن خوجا بولسا «ھازىر ئامەت مۇشۇ ‹قارا تاغلىق›لاردا، يۈسۈپ خوجىغا

ئىقتىدا قىلماي ئىلاج يوق» دېگەن ئويدا ئىدى. لېكىن، تەكبىر ئېيتىلىشى بىلەن يۇسۇپ خوجا يېنىدا تۇرغان بۇرھانىدىن خوجىنى: «سىلى ئىمامەتچىلىك قىلسىلا» دەپ، سەپنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ قويدى. شۇ ئەسنادا ئىككىنچى سەپتە تۇرغان موللا ئىبراھىم مەشھۇر دەرھال ئۇنىڭ ئورنىغا يۆتكىلىپ سەپنى تولۇقلىدى. باياتىن بىرى «يۇسۇپ خوجىغا ئىقتىدا قىلىپ، ناماز ئوقۇيدىغان بولدۇم» دەپ، قىينىلىپ تۇرغان بۇرھانىدىن خوجىغا ئويلىمىغان يەردىن ئىمامەتچىلىك قىلىشقا توغرا كەلدى. ئۇ تەكبىر ئاياغلىشىشى بىلەن «ئاللاھۇ ئەكبەر !» دەپ قولاق قاقتى. ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان ئادەملەر بۇرھانىدىن خوجىغا ئىقتىدا قىلىپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇشتى.

ئادەملەر قىزىق بولىدىكەن. يۇسۇپ خوجا كەلگەندىن بېرى يا كىيمەي، يا ئىچمەي بۇرۇقتۇرما بولۇپ، ئەل قاتارى بىرەر ئېغىز سۆز قىلماي ئولتۇرغان بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئىمامەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن بىر تال قوناق دېنى يېسە، پوكىنى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغان خورازدەك چېھرى ئېچىلىپ قالدى.

— ئەمدى بىزگە رۇخسەت قىلسىلا، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى يۇسۇپ خوجا قاسىم نەيچىگە، ئاندىن بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خان خوجىلارغا قاراپ، — توي باھانىسىدە ھەرقايسىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ قالدۇق. ئۆيگە باشلاپ باراي، بىرەر كېچە قونۇپ كېتىشسىلە، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

— خۇدا بۇيرۇسا، يەنە بىر قېتىمدا بارارمىز، — ئۆزرە ئېيتتى خان خوجا.

— بىز تەرەپلەرگىمۇ كەلسىلە، — دېدى بۇرھانىدىن خوجا.

يۇسۇپ خوجىلار ھويلىغا چىقىپ، ئاتلىرىغا مىنىشتى.

※ ※ ※

«بۇ خوجام تۆلەكتە تۇرۇۋاتقان غوجىزادىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلغان ھالدا غۇرۇرىغا

تەگمەي، تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ۋەتەننى سۆيۈش — ئىمان جۈملىسىدىندۇر» دېگەن ھەدىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، توغرا يول كۆرسىتىپ قويغان بولدى - دە، — دەپ ئويلىدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر، — بولمىسا بۇۋىسى ئاپاق خوجىنىڭ نامى بىلەن مەغرۇرلىنىپ «ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي» يۈرگەن بۇ غوجىزادىلەر خۇسۇمەت قىلىپ، بەس - مۇنازىرە قىلغان ياكى تاكاللاشقان بولاتتى. «مۇساپىر بولمىغۇچە، مۇسۇلمان بولماپتۇ» دېگەندەك، ئۇزاق يىللار گۆرۈدە يۈرۈش بۇلارنىڭمۇ ئۆز يۇرتىغا بولغان ئىشتىياقىنى، جۇڭغارلارغا بولغان نەپرىتىنى كۈچەيتكەن ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ خان خوجىنىڭ گەپلىرىدىن شۇنداق مەنە چىقىدۇ ... »

— ھە، موللا ئىبراھىم ئاكا، — دېدى بىر چاغدا يۈسۈپ خوجا ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈپ، — سۇغا چۈشكەن تاشتەك جىمىپ كەتتىلىغۇ؟

— بۇنداق بولغىنى جىسمىم ئۆزۈم بىلەن كېلىۋاتسىمۇ، پىكىر - خىيالىم تېخىچە ئېرەن قابۇرغىدىن كەلگەن غوجىزادىلەر بىلەن بەند، — دېدى يۈسۈپ خوجىغا قاراپ، — بايا ئىمامەتچىلىككە بۇرھانىدىن خوجىنى تەكلىپ قىلىپ تولىمۇ بەلەن ئىش قىلدىلا - دە. ماڭا ئۇ خوجامنىڭ كەيپىياتى شۇنىڭدىن كېيىن بىزە ئوڭلانغاندەك تۇيۇلدى.

— بىز خەقنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئادەملەردە مېنىڭ نامىمنى پالانچىدىن كېيىن يېزىپتۇ، دەپ سالام خەتتىمۇ تۆر تالىشىدىغان ئادەتنىڭ بارلىقى يادىمغا كېلىپ، ئەگەر بۇ خوجامدىمۇ شۇنداق ئادەت بولسا «تۆرگە چىقىرىپ قوياي، ئىمامەتچىلىك قىلىپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالسۇن» دەپ ئويلىدىم.

— توغرا ئويلاپتىلا، بۇرھانىدىن خوجامنىڭ كىبىرى چوڭ، مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئېرەن قابۇرغىدا تۆلەكتە تۇرۇۋاتقان ئادەملىرىگە: «بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمىز پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەبۇجەھىل قاتارلىق ئادەملەرنىڭ قىساس ئېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆز ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغىنىغا ئوخشاشتۇر. ۋاقىت ـ سائىتى كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلىشقا بارغاندەك، بىزمۇ قەشقەرىيەنى ئۆز ئىلكىمىزگە ئېلىش ئۈچۈن بارىمىز» دەپ ۋەز ئوقۇپتىكەن. خان خوجام ئاكىسىنىڭ ئۆزلىرىنى پەيغەمبىرىمىزگە تەققاسلىغىنىغا نارازى بولۇپ: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا مەككىدىكى مۇشرىكلارنىڭ تەقىپ قىلىشى سەۋەب بولغان. بىزنى بولسا جۇڭغارلار تۇتقۇن قىلىپ بۇ يەرگە نەزەربەند قىلدى. بۇنى قانداقلارچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا ئوخشىتىدىلا؟» دەپتۇ. ئۇكىسىنىڭ بۇ گېپىنى ياقتۇرمىغان بۇرھانىدىن خوجا: «سىلى كىچىك بولغاچقا ئېسىلىرىدە قالماپتۇ. ئاپاق خوجا بوۋىمىزنىڭ يېقىن سەپدىشى ساقىلاخۇن ھەزرەتلىرى ھەربىر ساۋىقىدا: ‹بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمىز رەسۇلىللانىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغىنىغا ئوخشاش، جۇڭغارلار قولىدا تۇرۇۋاتقان ئازابىمىز ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىگە چۈشكەن قۇرتلارنىڭ ئازابىغا ئوخشاش› دەپ ئوقۇتقانلىرى ئۇ قۇلاقلىرىدىن كىرىپ، بۇ قۇلاقلىرىدىن چىقىپ كېتىپتۇ» دەپ بىرمۇنچە كايىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى خوجىنىڭ ئارىسى ياخشى بولماي، بىر مەزگىل قېيىدىشىپ يۈرۈپتۇ. كېيىن ئىنايىتۇللا خوجىنىڭ (بەزى مەنبەلەردە كارامىتۇللا خوجا دەپ يېزىلغان) چەۋرىسى[1] تۇردى خوجا دېگەن ئادەم ئارىغا چۈشۈپ ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويغانىكەن.

— تۇردى خوجا دەمدىلا؟

---

[1] ئاپاق خوجىنىڭ نەسەبنامىسىنى تەتقىق قىلغان ئالىم ئامانبەك جېلىل «مۇلاقات» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 5 ـ، 6 ـ سانلىرىدا شۇنداق دەپ يازغان.

— ئۇ خوجام هازىر بۇ يەردە يوق ئوخشايدۇ. ئاڭلىشىمچە، لاما تاجىنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان نازارىتىنى بوشاتقىنىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

— ئاشۇ بىر يىلى خان خوجىنى شۇ كىشىنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلىنىپتۇ دەپ ئاڭلىغۇدىم.

— شۇنداق، خان خوجام ئۇ كىشىنىڭ مەختۇمەخان دېگەن سىڭلىسىنى ئالغانىكەن.

«خېلى ئىدراكى بار ئادەم ئىكەن ـ دە، — دەپ ئويلىدى يۇسۇپ خوجا تۇردى خوجىغا غايىبانە ھەۋەس قىلىپ، — جۇڭغارلارنىڭ قولىدا مەھكۇم بولۇپ يۈرگەندىن كۆرە، ئەركىن يۇرۇشنى ئەلا كۆرۈپتۇ ـ دە. بەلكى خان خوجىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭغا ئاشۇ قېيىنئاغىسىنىڭ تەسىرى ئۆتكەن بولۇشى كېرەك.»

— ئۆزلىرىمۇ بايقىغانلا،— دېدى موللا ئىبراھىم مەشھۇر، — ئەخمەت خوجامنىڭ بۇ باللىرىنىڭ مىجەزىمۇ ئىككى خىل. نىمە ئۈچۈندۇر خان خوجامنى بۇياقتىكى خەقلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى كۆرۈپ، ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇرھانىدىن خوجامنى بولسا ئانچە ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۇرۇشتۇرسەم، بۇرھانىدىن خوجام ئۆزى گىرىپتارلىقتا تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي، تولىمۇ تەكەببۇر ئىكەن. پۇقرالارنى كۆزگە ئىلمايدىكەن. خان خوجام بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە، يەنى يۇسۇنى، كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىر قومۇشتىن بورىيا توقۇلۇپ، يەنە بىرىدىن شېكەر چىققانغا ئوخشاش.

— مەيلى ئەمەسمۇ، بىر ئانىدىن تۇغۇلغان باللارنىڭ بىرى شېكەر چىقىدىغان قومۇشتەك بولسا، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىمۇ بەھرىمەن بولىدۇ.

— شۇنداق، ئەمما ئىككىلىسى شۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى ـ دە.

— قېنى، ئۇنداق بولسا، ئالەم گۇلىستان.

ئۇلار مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن تار ئۆتكەلگە يېتىپ كەلگىنىنى سەزمەي قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

بىرنەچچە كۈندىن بېرى بەزىدە سىمىلداپ، بەزىدە شارىلداپ ياغقان يامغۇر بۈگۈن چۈشلەر بىلەن توختىغاندەك قىلدى ـ دە، بىرپەستىن كېيىن يەنە يېغىپ كەتتى. سەرەتان (ئىيۇن) ئېيىنىڭ باشلىرىدا بۇنداق يامغۇر ـ يېشىنلىق بولۇشىنى بەزى مۇنەججىملەر قۇياش جەۋزا (ماي) بۇرجىدىن سەرەتان بۇرجىغا يۆتكەلگەن بولۇشى كېرەك دەپ تەخمىن قىلىپ، بۇ يىل ياز ئىسسىق ۋە قۇرغاقچىلىق بولامدىكىن دەپ يورۇشتى. لېكىن، مۇنەججىملىكتىن خەۋىرى يوق ئادەتتىكى ئادەملەر «شەنبە ياغسا، جۈمە ئېچىلار، جۈمە ياغسا، قاچان ئېچىلار» دېگەن تەمسىلنى يادىغا ئېلىپ، بۇ يامغۇر جۈمە يېغىپ شەنبە توختىمىدى، يەنە بىر جۈمە كەلمىگۈچە توختىمايدۇ، دەپ يورۇشتى. دېمىسىمۇ، تاغ ـ ئېدىرلارنى كۆرسەتمەي يەر ـ جاھاننى قاپلىغان بۇلۇتلارنىڭ ئەلپازىغا قارىغاندا، بۇ يېقىن ئارىدا ھاۋا ئېچىلىدىغاندەك قىلمايتتى. لېكىن، «ھاۋانىڭ يامىنى كېتەر» دېگەن گەپ راست ئىكەن. يۇسۇپ خوجا تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تالاغا چىقىۋىدى، ئاسمان شېشىدەك سۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇ بامدات نامىزىنى تۈگىتىپ، ئەمدى ئورنىدىن تۇرماق بولۇۋىدى، ھويلا تەرەپتىن ئايال كىشىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئابدۇللا خوجا:

— ئۇلۇغ ئايالمنىڭ ئۈنىغۇ! — دېگەن پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. يۇسۇپ خوجىنىڭ كۆڭلىگە «ئايۇپ خوجام بىرنېمە بولمىغاندۇ؟» دېگەن ئوي كەلدى. ئاڭغىچە ھويلىدىن قايتىپ كىرگەن ئابدۇللا خوجا:

— خوجا دادام بەندىچىلىك قىپتۇ، — دېدى كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— ھەي، ئاخشام بىر ئوبدانلا ئىدىغۇ؟ — يۇسۇپ خوجا ئىشەنمىگەندەك ۋە كۆڭلى يېرىم بولۇپ: «قالۇ ئىننە لىللاھى ۋە

ئىنىنە ئىلەيھى راجىئۇن» دەپ دۇئا قىلدى ـ دە، ئۇغلىغا قاراپ، — سىلى دەرھال مەسچىتكە بېرىپ تۆمۈرخان ئىماملارنى خەۋەردار قىلسىلا، — دېگىنىچە ئۆزى ئايۇپ خوجامنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

كەڭ ھويلىنىڭ ئازگال يەرلىرىدە يامغۇر سۈيىدىن پەيدا بولغان كۆلچەكلەر يالتىراپ، ئۇلۇغ ئايالمنىڭ پۈتىدىكى ئۆكچىلىك كەشىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنەتتى. ئۇلۇغ ئايالم يۇسۇپ خوجىنى كۆرۈشى بىلەن كۆز ياشلىرىغا ئىگە بولالماي ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. يۇسۇپ خوجا تەسەللى بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ يىغلىدى.

— سەۋر قىلسىلا، يەڭگە، — دېدى ئۇ بىر چاغدا ئۆزىنى تۇتۇپ، — ئاللا سەۋر قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر.

ئۇلۇغ ئايالم ئاسانلىقچە سەۋر قىلىدىغان ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ:

— رەھمەتلىك جورامنىڭ ئىچ ـ قارنى تولغان دەرد ـ ئەلەم بىلەن كەتتىغۇ، يۇسۇپ خوجام، — دەپ پەرياد چېكىشكە باشلىدى، — قايسى كۈنى ئۆزلىرىگە: «تىرىكىمدە بۇ جۇڭغارلارغا خار بولغىنىم يېتەر. جەسىتىمنى بولسىمۇ بۇلارنىڭ ئاتلىرى چەيلىمەيدىغان يەرگە ئاپىرىڭلار. لەھەتتە بولسىمۇ ئارامىمچە ياتاي» دېسە، خاپا بولۇپ جېمىلەپ كېتىپتىمەن. بايا رەھمەتلىكنىڭ كۆڭلى تۇيغانىكەن. ئاھ، جېنىم خۇدايىم، ئۆزۈڭ قوشقان ھالال جۈپتۈمدىن ئايرىلىپ قالدىمغۇ، ئۆزۈڭدىن كېيىنكى باشپاناھىم مۇشۇ ئايۇپ خوجام ئەمەسمىدى. بۇ بىۋاپا دۇنياغا يىغلاپ كەلگەنىكەنمەن. كۆلۈپ ياشىماي يىغلاپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، يۇسۇپ خوجام، ۋاي جورام، ۋاي جۈپتۈم ...

— سەۋر قىلسىلا، يەڭگە، — دېدى يەنە يۇسۇپ خوجا، — تەقدىر شۇنداق ئىكەن، ئىلاج يوق.

ئېرى ئۆلگەن ئاياللار كۆڭلىنى ئېچىشتۇرغان جۇدالىق دەردىنى ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈۋەتسە بىرئاز ئارام ئالامدۇ

www.uyghurkitap.com

ياكى كۆڭلىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق كۆز ياشلىرىنى تۆكەمدۇ، ئىشقىلىپ، ئۇلۇغ ئايلام يۇسۇپ خوجىنىڭ ئىككىنچى قېتىم بەرگەن تەسەللىسىدىن كېيىن بىرئاز توختىغاندەك بولدى.

ئاڭغىچە تۆمۈرخان ئىمام بىلەن ئەركىخانلارمۇ يېتىپ كەلدى. بىرنەچچە ئاتلىق ئادەملەر ئەتراپتىكى مەھەللە ـ كەنتلەرگە خەۋەر قىلغىلى كەتتى. ئايۇپ خوجىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاشنى ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىق بۇرچى دەپ ھېسابلىغان يۇسۇپ خوجا ئۇنىڭ جەسىتىنى ئەردەۋىلگە يۆتكەش ئۈچۈن خۇنتەيجىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماق بولۇپ ئوردىغا ئاتلاندى. ئۇ شۇنداق شىددەت بىلەن ماڭدىكى، تېخى چۈش بولمايلا ئوردىغا يېتىپ كەلدى. بىراق، خۇنتەيجىنىڭ قويلار ئارىسىغا كىرىۋالغان تۆگىدەك يوغان ئوردىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نويانلار بىلەن ئەمەلدارلار ۋە ئوردا ھىراۋۇللىرى تۇرىدىغان ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى يالىڭاچلىنىپ، بەزىلىرىنىڭ كېرىگىلىرى، يۈك ـ تاقلىرى ئۇيلارغا ئارتىلىۋاتقانىدى.

«ئاپلا، بۇلار كۆچۈۋېتىپتۇ. لاما تاجى يوق ئوخشىمامدۇ؟» دېگەن ئويغا كەلگەن يۇسۇپ خوجا ئېتىنىڭ بېشىنى داندار دورغا تۇرىدىغان ئۆي تەرەپكە بۇراپ، ئېگەرلىك بىرنەچچە ئات باغلانغان مومىنىڭ قېشىغا كەلدى. دەل شۇ چاغدا بايىقى ئېگەرلىك ئاتلارنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن بىر ھىراۋۇل يۇسۇپ خوجىنى تونۇپ قالدى بولغاي، «ئەۋرەنتى» دەپ سالام بەردى.

— دورغا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ خوجا.

— بار، — دېدى ئۇ ۋە ئېگەرلىك ئىككى ئاتنى يېتىلەپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى. شۇ ئەسنادا ئالتە قانات ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ داندار دورغا بىلەن دانچىن دورغا چىقىپ كەلدى. ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەن، كەيپىياتى ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار يۇسۇپ خوجىنى كۆرۈپ ياقتۇرمىغان ئەلپازدا قارىدى.

— خوجام نېمە ئىش بىلەن كەلدى؟ — دەپ سورىدى داندار دورغا، ئارقىدىنلا، — بىزنى ئۇلۇغ ئەمىرچىمىز كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى.

— بۈگۈن سەھەردە قېرىندىشىم ئايۇپ خوجام دۇنيادىن ئۆتكەنىدى. بۇ خەۋەرنى ئۇلۇغ ئەمىرچىمىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ...

— شۇنداق بولدىمۇ؟ — يۈسۈپ خوجىنىڭ سۆزىنى بۆلدى دانچىن دورغا، ئاندىن بىر پۈتىنى ئۈزەڭگىگە سالدى ـ دە، — خوجا بىز بىلەن بىللە بارسۇن، — دېدى.

خۇنتەيجى لاما تاجى ئۆز ھۇزۇرىغا كەلگەن يۈسۈپ خوجىنىڭ مەيۈس چىرايىنى كۆرۈپ « بۇ خوجا پۇچۇلۇپ قاپتۇغۇ» دېگەن خىيالغا كەلدى. يۈسۈپ خوجا ئوردا ئادىتى بويىچە خۇنتەيجىگە سالام بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— قايسى كۈنى ئۆزلىرىگە بىتاپ دېگەن قېرىندىشىم دۇنيادىن ئۆتتى، — دېدى سۇنۇق ئاۋازدا.

— ئۇ كىشى ساقىيالماپتۇ ـ دە، — دېدى لاما تاجى ۋە بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن يېنىدا ئولتۇرغان شاھدار تەيجى (بۇ ئادەم خۇنتەيجىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان يارۇغچى نويان)غا قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى، — سەن خوجىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۈزىتىشقا قاتناشقان ئادەملەرگە سويۇش ئۈچۈن ھازىرلا بەش كالا، يىگىرمە قوي ئەۋەتىپ بېرىشكە يارلىق بەرگىن، — ئاندىن يۈسۈپ خوجىغا قارىدى، — ئوردىدىن نويانلىرىمىزنىڭ بىرسى بېرىپ، قېرىندىشىڭىزنىڭ ئۆلۈمىگە قاتناشسا بولاتتى. لېكىن، ئىشلىرىمىز ناھايىتى ئالدىراش، ھازىر قاينۇقتىكى قىشلىق ئوردىغا بارماقچى بولۇۋاتاتتۇق.

— ئۇلۇغ ئەمىرچىمىزنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا رەھمەت، — دېدى يۈسۈپ خوجا، — قېرىندىشىم ئايۇپ خوجا ۋاپات بولۇشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى: «مېنىڭ جەسىتىمنى ئۆز يۇرتۇمغا ئاپىرىپ قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى.

— شۇ چاغدا ئۇ خوجىنىڭ جەسىتىنى يەكەنگە ئاپارماقچىمۇ

سىلەر؟

— شۇنداق، لېكىن ھازىر ئەردەۋىلگە ئاپىرىپ دەپنە قىلىمىز. كېيىن يەكەنگە يۆتكەيمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان لاما تاجى ۋە باشقا نويانلار ھەيران بولۇشتى. ھەممىسىنىڭ كاللىسىدا «بۇلارنىڭ ئادەتلىرى قىزىق ئىكەن؟» دېگەن ئوي پەيدا بولدى.

— ئۇ خوجىنىڭ جەسىتىنى يۈسۈپ خوجىنىڭ ئۆزى ئېلىپ بارامدۇ؟ — دەپ سورىدى خۇنتەيجى.

— ئەسلىدە مەن ئېلىپ بارسام بولاتتى. بىراق، ئۇ كىشى ۋاپات بولغان يەردە قىرىق كۈنگىچە تۇرمىسام بولمايدىكەن. شۇڭا، قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنى زەئىپەسى، ئوغلۇم ئابدۇللا خوجام، ئەركىخان ۋە موللا ئىبراھىم مەشھۇرلاردەك ئاقساقاللارنىڭ ئېلىپ بېرىشىغا ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ ئىجازەت قىلىشىنى سورايمەن.

خۇنتەيجى بىرپەس ئويلانغاندەك تۇرۇپ قالدى ـ دە:

— بوپتۇ، ئابدۇللا خوجا بىلەن ئەركىخان ئەردەۋىلدىن قايتىپ كېلىشى كېرەك. قالغانلىرى كەلمىسىمۇ بولىدۇ، — دېدى ۋە يۈسۈپ خوجىغا قاراپ، — جەسەتنى قاچان ئېلىپ ماڭماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆلگۈرەلىسەك بۈگۈن كەچتە، بولمىسا ئەتە سەھەردە.

— بوپتۇ.

يۈسۈپ خوجا خۇنتەيجىگە رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى.

※ ※ ※

— ياش ۋاقىتلىرىمدا بوۋام رەھمەتلىك (ئۇ خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدانىنى دېمەكچى) بىلەن ساغا نويانلارنىڭ ئارىسىدا بولغان پاراڭلارنى تولا ئاڭلايتتىم، — دەپ چۆرىسىدە ئولتۇرغان نويانلارغا قارىدى لاما تاجى، — ئۇلار: «ھەربىر خەلقنىڭ ئېتىقاد

قىلىدىغان دىنى بىلەن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، قەشقەرىيەگە لەشكەر باشلاپ بارغىنىمدا شۇ نەرسىگە ھەيران قالدىمكى، ئۇ يەردىكى خەلقلەر شەھەر ـ كەنتلەرگە يېقىن ياشايدىكەن. ئۆلگەن ئادەملىرىنى ئۆزلىرى تۇرغان يەرنىڭ ئەتراپىغا كۆمىدىكەن. ئۇ يەرنى قەبرىستانلىق دەپ ئاتايدىكەن. ھەر يىلى بولىدىغان ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى شۇ قەبرىستانلارغا بېرىپ تاۋاپ قىلىدىكەن. بىز بولساق مال ـ ۋارانلىرىمىزغا ئوتلاق ئىزدەپ، كۆچۈپ يۈرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز خەقتە شەھەرمۇ، كەنتمۇ، ئۆلگەن ئادەملىرىمىزنى تاۋاپ قىلىدىغان قەبرىستانلىقمۇ يوق» دەيدىغان. مەن ئاشۇ بىر يىلى قەشقەرىيەگە بارغىنىمدا بوۋامدىن ئاڭلىغان بۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى سايىن بۆلەك دېگەن نويان، — بۇنداق ئادەت ھەممە مۇسۇلمانلاردا بار ئوخشايدۇ. قازاقلاردىمۇ ئۆلگەن ئادىمىنىڭ جەسىتىنى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قەبرىسى بار يەرگە ئاپىرىپ كۆمىدىكەن. لېكىن، ئەمرچىمىزنىڭ خوجىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان بىرنەچچە ئادەمگە ئىجازەت بەرگىنىنى چۈشەنمىدىم.

— «باتۇرلار ئاڭقاۋ (ساددا) بولىدۇ» دېگەن گەپ راست ئىكەن ـ دە، — دېدى لاما تاجى كۈلۈپ، — گۆرۈدە تۇرۇۋاتقانلاردىن يۈسۈپ خوجىنىڭ بالىسى ئابدۇللا خوجا بىلەن ئەركىخان ئەردەۋىلدىن يېنىپ كېلىدۇ. قېرى تىلماچقا كەلسەك، ئۇ ئادەم ئەتىيازدا ئالدىمغا كىرىپ، يۇرتىغا قايتىشقا ئىجازەت سورىغاندا ئۇنىمىغانىدىم. ھازىر ئويلاپ باقسام، بوۋامنىڭ (چىڭگىز رابداننىڭ) ۋاقتىدىن تارتىپ شۇ كۈنگىچە ئىشلەپ قېرىغان بۇ ئادەمدە ھەققىمىز قالماپتۇ. شۇڭا، ئۇنى مۇشۇ باھانىدە يۇرتىغا قايتۇرساق، ئەردەۋىلدىكى خەقلەرمۇ بىزدىن رازى بولىدۇ. چۈنكى، بۇ تىلماچ خوجا ئەۋلادى بولمىسىمۇ، ئۇزاق يىللار

ئوردىدا ئىشلىگىنى ئۇچۇن ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە، — ئۇ گېپىنى مەشەدە توختىتىپ «جە» دېدى - دە، ئورنىدىن تۇردى.

※ ※ ※

يۇسۇپ خوجا نامازدىگەر بىلەن تار ئۆتكەلگە يېتىپ كەلدى. ئايۇپ خوجىنىڭ ھويلىسىدىكى سالقىن جايلاردىن بۆلەك كوچىدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى ئۇنىڭ نامىزىغا كەلگەن ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتتى. موللا ئىبراھىم مەشھۇر ۋە قاسىم نەيچى قاتارلىق بىرنەچچە ئادەم ئاتتىن چۈشۈۋاتقان يۇسۇپ خوجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىيە بىلدۈرۈشتى.

— خۇنتەيجىدىن ئىجازەت ئەكەلدىم، — دەپ ئۇقتۇردى يۇسۇپ خوجا پېشايۋاندا ئولتۇرغان تۆمۈرخان ئىمام باشلىق ئادەملەرگە قاراپ، — ئايۇپ خوجامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، ئۇ كىشىنىڭ مېيىتىنى ئەردەۋىلگە ئاپىرىدىغان بولدۇق، — ئۇ موللا ئىبراھىمغا قاراپ، — سىلىگىمۇ مېيىتنى ئۇزاتقاچ بېرىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشقا ئىجازەت ئالدىم، — دېدى، ئاندىن مېيىت بىلەن بىللە بارىدىغان ئادەملەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى - دە، تۆمۈرخان ئىمامغا، — كەلگەن خەلقنى ساقلاتماي مېيىتنىڭ نامىزىنى ئوقۇۋېتەيلى، — دېگىنىچە ئۇلۇغ ئايالمىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى. ئارىدىن بىرئاز ئۆتۈپ تار ئۆتكەلدىكى مەزىنىنىڭ:

— سالاتى جىنازا !(جىنازا نامىزىنى ئوقۇشقا ئالدىراڭلار !) — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

جىنازا نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يۇسۇپ خوجا كۆپچىلىككە قاراپ:

— ھۆرمەتلىك جامائەت، مۆھتەرەم ئەل - يۇرت ! يىراق - يېقىن دېمەي ئاكامنىڭ جىنازا نامىزىغا كەلگىنىڭلارغا كۆپتىن -

كۆپ رەھمەت. ئايۇپ خوجامنى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، مېيىتىنى ئەردەۋىلگە ئاپىرىپ دەپنە قىلىدىغان بولدۇق ... — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نامازغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى قايتىشتى. بىر قىسمى ئايۇپ خوجىنىڭ مېيىتىنى ئەكەتكۈچە، تار ئۆتكەلدە قېلىشتى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە ئايۇپ خوجىنىڭ مېيىتى ئارتىلغان تۆگىنى يېتىلىگەن ئابدۇللا خوجا، ئۇلۇغ ئايىم، ئەركىخانلار ۋە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بارىدىغان خىزمەتچىلەر ئات ـ ئۇلاغلارغا مىنىشىپ ھويلىدىن چىقىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن چوڭ يولغىچە بولسىمۇ ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇپ يۇسۇپ خوجا، تۆمۈرخان ئىمام باشلىق بىرنەچچە ئادەم ماڭدى.

جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ ئۆيىگە قايتقان موللا ئىبراھىم مەشھۇر يۇسۇپ خوجىدىن خۇنتەيجىنىڭ رۇخسەت قىلغىنىنى ئايالىغا ئېيتىپ، ئۇنىڭغا دەررۇ يۈك ـ تاقلارنى يىغىشتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئۇلارنى ئارتىدىغان ئات ـ ئۇلاغلارنى تەييارلاپ توخۇ چىللاش بىلەن تەڭ يولغا چىقتى. ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان قاسىم نەيچى بىلەن يەنە بىرنەچچە ئادەم جاغىستاي تېغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆگۈنى كەچتە تېكەس دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئۆتەڭدە ئايۇپ خوجىنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ ماڭغان ئادەملەرگە قوشۇلدى.

※ ※ ※

بۇرھانىدىن خوجا ئايۇپ خوجىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاۋرال تېغىنىڭ قايسىدۇر بىر يەرلىرىدە مالنىڭ تۇيىقى تېگىپ، توخۇمدەك تاشنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكىنىدەك بىپەرۋالىق بىلەن ئاڭلىدى، ھەتتا ئىچى قارىلىق بىلەن ھېلىقى جان ئالغۇچى ئەزرائىل دېگەن پەرىشتە بۇ «قارا تاغلىق» خوجىلاردىن

خامۇش خوجىنىڭ جىنىنى ئالغۇچە، باشقىلىرىنىڭكىنى ئالسا بولمامدۇ؟ دەپ نارازىمۇ بولدى. ئۇ بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى قاسىم نەيچىنىڭ تويىدا يۇسۇپ خوجىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ دانالىقىغا، كۆزقارىشىنىڭ توغرىلىقىغا، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە كۆزى يەتكەن، ئۆزىنى «ئاق تاغلىق» دېمەي ئىمامەتچىلىككە تەكلىپ قىلغىنىدىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ھەۋەس قىلىشىنىڭ ئورنىغا ھەسەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ كىچىك چېغىدىن تارتىپ ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇلگەن «ئاق تاغلىق»لارنىڭ پېشۋاسى دېگەن غۇرۇر يۇسۇپ خوجىنى ھۆرمەت قىلىشىنىڭ ئورنىغا ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتىۋەتكەنىدى.

لېكىن، ئايۇپ خوجىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى خان خوجىغا باشقىچە تەسىر قىلدى. ئۇ مەزكۇر خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش «قالۇ ئىننە لىللاھى ...» دەپ دۇئا قىلىپ، «ئارىلىق خېلى بار، ئەپسۇسكى، ئۇ خوجامنىڭ جىنازا نامىزىغا ئۇلگۇرەلمەيمىز» دەپ ئويلىدى ۋە ئايۇپ خوجىنىڭ يەتتە نەزىرىگە بارغاچ، يۇسۇپ خوجىغا كۆڭۈل ئېيتىشنى، شۇ باھانىدە يەنە بىر قېتىم سۆھبەتتە بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. چۈنكى، يۇسۇپ خوجا بىلەن قاسىم نەيچىنىڭ تويىدا تونۇشقاندا «بۇ خوجامنىڭ خېلى دىتى بار ئىكەن» دەپ ھەۋەس قىلغانىدى. دېمىسىمۇ، شۇ چاغدا يۇسۇپ خوجىنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەر خان خوجىغا بۆلەكچىلا تەسىر قىلغانىدى. «بۇ خوجام ‹قارا تاغلىق›لارنىڭ پېشۋاسى، دانىيال خوجىنىڭ بالىسى ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ خانى بولغىنى بىلەن، — دەپ ئويلىغانىدى ئۇ، — گەپ ـ سۆزلىرىگە قارىغاندا، خەلقنىڭ مەھكۇم، خانۇبەگلەرنىڭ بېقىندى، ئۇلارنىڭ بالىۋاقىلىرىنىڭ گۆرۈدە تۇرۇۋاتقانلىقىغا ماڭا ئوخشاشلا نارازىمىكىنە؟ ‹كېيىنكى چاغلاردىكى ئەجدادلىرىمىز تائىپىلەرگە بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ كەتتى› دېگەن سۆزلىرىنىڭمۇ جېنى بار. ھەرھالدا

بۇ خوجام بىلەن يەنە بىر قېتىم مۇلاقات قىلىشىم كېرەك.»

بۇنداق ئوي ـ پىكىرلەر ئېرەن قابۇرغىدا تۇرۇۋاتقان باشقا ئادەملەردىمۇ پەيدا بولغانىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئايۇپ خوجىنىڭ نامىزىغا بارالمىدى. تۇنۇگۇن بولسا، بۇ يەرگە يەنە بىر ئاتلىق ئادەم كېلىپ يۇسۇپ خوجىنىڭ كېلەر جۈمە كۈنى بولىدىغان ئايۇپ خوجىنىڭ يەتتە نەزىرىگە تەكلىپ قىلىغان خېتىنى تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاكىسىنىڭ يېنىغا كىرگەن خان خوجا:

— قانداق قىلىمىز؟ نەزىرگە بارغاچ يۇسۇپ خوجامغا كۆڭۈل ئېيتمىساق سەت بولارمىكىن؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى.

— سەت بولىدىغان ئۇ «قارا تاغلىق» خوجا قېيىنئاتىمىزمىدى؟ — دەپ خاپا بولدى بۇرھانىدىن خوجا.

— بارمىسىلىمۇ ئۇنداق دېمىسىلە، ئاكا، مۇسىبەت يەتكەن ئادەمگە كۆڭۈل ئېيتىش ئادەمگەرچىلىك ئەمەسمۇ؟

— بۇنداق ئەقىلىلىرىنى خامغا (ماتاغا) ئوراپ ساقلاپ قويسىلا، — يەنە قوپاللىق بىلەن جاۋاب بەردى بۇرھانىدىن خوجا، — مەن ئاتا ـ بوۋامنىڭ روھى قورۇنىدىغان ئىشنى قىلمايمەن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ ئۆتكەن دەپ، بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ — خان خوجا يەنە ئېتىراز بىلدۈردى، — مېنىڭچە، بۇ مۇلاھىزىلىرى توغرا ئەمەس. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى يۇسۇپ خوجامغا كۆڭۈل ئېيتىش ئۈچۈن بارغىنىمىزغا خۇشال بولسا بولىدۇكى، ھەرگىز قورۇنمايدۇ، بەلكى سىلى بىلەن بىزنىڭ جۇڭغارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىمىزدىن قورۇنىدۇ.

بۇرھانىدىن خوجا بۇ گەپكە جاۋاب بېرەلمەي ياكى بېرىشنى خالىماي ئۇسكەك بۇقىدەك ھومىيىپ قارىدى ـ دە:

— مەن سىلىگە ئوخشاش ئۇ «قارا تاغلىق» خوجىغا

ئېگىلىدىغان شوينا بەل ئەمەس. سايە قىلمىسىلا. بارىمەن دېسىلە يوللىرى ئوچۇق، — دېدى.

— ئاكا، — دېدى خان خوجا ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئېرەن قىلماي، — يۇسۇپ خوجىغا كۆڭۈل ئېيتىش ئۇنىڭغا ئېگىلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئادەمگەرچىلىك.

— ئەستا ! ... — دېدى بۇرھانىدىن خوجا جىلە بولۇپ، ئاندىن، — تۇخۇم توخۇغا ئەقىل ئۆگىتىدىغان زامانغا داخىل بولدۇمۇ نېمە؟ — دەپ غودۇرىغان پېتى چىقىپ كەتتى.

ئاكىسىنىڭ قوپاللىقى دىلىغا تەگكەن خان خوجا چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ بىردەم ئولتۇردى ـ دە، ئاندىن ئۆيىگە يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆرگەن ئايالى مەمۇرە ئاغىچا:

— ئاكام بىلەن يەنە بىر نېمە بوپتىلا، ھە؟ — دەپ سورىدى ئەنسىرەش ئارىلاش.

— يۇسۇپ خوجامنىڭ ئاكىسىغا بەرگەن نەزىرىگە بېرىپ كېلەيلى دېسەم ئۇنىمىدى، — دېدى خان خوجا.

— ئۇنىمىسا ئۆزلىرى بېرىپ كەلمەمدىلا.

— ئەمدى شۇنداق قىلىمەن ـ دە.

خان خوجا ئۆزىگە يېقىن ئىككى ئادەم بىلەن شۇ كۈنى كەچتىلا يولغا چىقتى.

※ ※ ※

خان خوجىلار تار ئۆتكەلگە كەلگەندە كۈن ئۆرلەپ، ھاۋا ئىسسىپ قالغانىدى. ئايۇپ خوجىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلغان يۇسۇپ خوجا ئۇنىڭ ئىختىيارىدا بولغان مال ـ ۋاران، ماتا ـ چەكمەن، توپ ـ توپى بىلەن ساقلانغان شايى ـ شاتىۋارلارنى نەزىرگە كەلگەن كەمبەغەل، پېقىر ئادەملەرگە سەدىقە ئورنىدا تارقىتىپ يىغىلا ئۆيگە كىرىۋىدى، ئۇنىڭ كەينىدىن دەرۋىش باقاۋۇل (بۇ ئادەم ئايۇپ خوجا بىلەن ئۇنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىنى



www.uyghurkitap.com

باشقۇرۇپ بىللە تۇراتتى) كىرىپ كەلدى ـ دە:
— ئېرەن قابۇرغىدىكى مېھمانلار كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

يۇسۇپ خوجا دەرھال ھويلىغا چىقىپ ئاتلىرىدىن چۈشكەن خان خوجا باشلىق ئىككى ئادەمنى كۆردى ـ دە «خان خوجام كەپتۇ ـ دە، ئۆزۈممۇ شۇنداق ئويلىغۇدىم» دېگەن خىيال بىلەن پېشايۋاندىن چۈشۈپ، خان خوجىلارنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ سالاملاشتى.

— ئايۇپ خوجام بەندىچىلىك قىپتۇ، — دەپ كۆڭۈل ئېيتتى خان خوجا.

— دۇنيا دېگەن كارۋان ساراي دەپتىكەن، — دېدى يۇسۇپ خوجا ئۇھ تارتىپ، — ئۇ خوجاممۇ بۇ سارايدىن باقىي دۇنياغا كەتتى.

— ئارىلىق يىراق بولغاچقا، رەھمەتلىك خوجامنىڭ نامىزىغا داخىل بولالمىدۇق، — ئۆزرە ئېيتتى خان خوجا.

— ھېلىمۇ چوڭ رەھمەت، نەزىرگە بولسىمۇ كەپسىلەر.

— بۇرھانىدىن خوجام زۇكامداپ قېلىپ كېلەلمىدى، — خان خوجا ئاكىسىنىڭ كەلمىگىنىنى ئاشۇ سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلدى.

— ياراتقان ئىگەم ئۇ كىشىگە سىھەتلىك ئاتا قىلغاي، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلىشسىلا.

ئۇلار كىگىز ـ كۆرپىلەر سېلىنغان پېشايۋانغا چىققاندا: «مۇشۇ يەرمۇ سالقىن ئىكەن، مۇشۇ يەردە ئولتۇرساقمۇ بولىدۇ» دېۋىدى، يۇسۇپ خوجا ئۇنىمىدى.

ئايۇپ خوجىنىڭ مېھمانخانىسى قېلىن سوقما تام بىلەن ياسالغىنى ئۈچۈنمىكىن، سالقىن ئىدى. خان خوجىلار كۆرپىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئايۇپ خوجىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇدى. دۇئادىن كېيىن دەرۋىش باقاۋۇل قولىغا سۇ بېرىپ داستىخان سالدى. بۇ جەرياندا خان خوجا ئۆزى بىلەن بىللە

www.uyghurkitap.com

كەلگەن ئادەملەرنى تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ بىرسى، يەنى ئۇچلۇق ساقىلىغا ئاق كىرگىنى ئاتىسى ئەخمەت خوجا بىلەن بىر نەۋرە پەرسا خوجا دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى كاھىش خوجا بولۇپ، ئۆزىگە قېيىنئاغا ئىدى. بۇ ئادەم بىر چاغدا قاسىم نەيچىنىڭ قىزىنى كەنجى ئوغلىغا ئېلىپ بەرگەنىدى. ياشراقى بولسا، يەنە بىر قېيىنئاغىسى تۇردى خوجىنىڭ ئوغلى ئىدى.

— رەھمەتلىك ئايۇپ خوجام: «ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ جۇڭغارلارنىڭ خۇرجۇن - قاچىسىنى تولدۇرۇش بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى. ئەمدى بىز تولدۇرۇۋاتىمىز. بىزدىن كېيىن بالىلىرىمىز بىلەن نەۋرىلىرىمىز ئۇلارغا بېقىنماي ئۆتسە بولاتتىغۇ. دۇنيادا ئۆز يېرىگە ئۆزى ئىگە بولالماي ئەلەم چەككەندىن ئارتۇق زۇلمەت بولمايدىكەن - دە» دېگەن سۆزلەرنى پات - پات تەكرارلايتتى، — دەپ مەيۇس ئاۋازدا ھەسرەت چەكتى يۇسۇپ خوجا، — دېمىسىمۇ، بۇلارنىڭ زۇلمى چېكىدىن ئاشتى - دە، مەرھۇمنىڭ مېيىتىنى ئەردەۋىلگە ئاپىرىش ئۈچۈنمۇ ئۇلاردىن ئىجازەت ئېلىشقا توغرا كەلدى.

— بۇ گەپلىرىگە قارىغاندا، ئايۇپ خوجام بۇ يەرگە دەپنە قىلىنماپتۇ - دە؟ — دەپ سورىدى خان خوجا.

— شۇنداق، ئايۇپ خوجا ھايات ۋاقتىدا: «مۇبادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولسا، جەسىتىمنى جۇڭغار ئاتلىرىنىڭ تۇيىقى تەگمەيدىغان يەرگە، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىمگە دەپنە قىلساڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. شۇڭا، خۇنتەيجىدىن رۇخسەت ئالغان كۈنى كېچىلەپ ئوغلۇم ئابدۇللا خوجام بىلەن موللا ئىبراھىم مەشھۇر قاتارلىق ئادەملەر خوجامنىڭ مېيىتىنى ئەردەۋىلگە ئەكەتتى.

خان خوجا خۇنتەيجىنىڭ كەڭچىلىكى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك:

— ئوغۇللىرى بىلەن موللا ئىبراھىم ئاكاملار ئەمدى بۇياققا قايتىپ كەلمەيدىكەن - دە؟ — دەپ سورىدى.

— خۇنتەيجى موللا ئىبراھىم ئاكامنىڭ ئۆز يۇرتىدا قېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئەمما، ئابدۇللا خوجام بىلەن ئەركىخانلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۇقتۇردى.

ئۇلار نەزىر تامىقىغا ئېغىز تەگكەندىن كېيىن ھويلىغا چىقىپ سۆگەت سايىسىغا ياسالغان بۇگلۇكتە ئولتۇرۇشتى. بۇ چاغدا ھويلا ئىچىمۇ يىراق - يېقىندىن كەلگەن ئادەملەردىن خالىي بولۇپ قالغانىدى.

دانىشمەنلەرنىڭ: «دوست - يارەنلىرى كۆپ ئادەمنىڭ غەم - قايغۇسى ئاز بولىدۇ» دېگەن سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان يۇسۇپ خوجا باغ تەرەپكە سىلىنغان قازان تەرەپكە كېتىۋېتىپ، ئۇ يەردىكى دەرۋىش باقاۋۇلغا دەرھال كېپە (باش ئەتىيازدا تۇغۇلغان) قوزىلاردىن بىرىنى سويۇپ قازان كاۋىپى بىلەن چۆپ تەييارلاشنى بۇيرۇدى. شۇ ئارىدا مەسچىت تەرەپتىن پېشىن نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. خان خوجا بىلەن كاھىش خوجىلار تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن چۆگۈن كۆتۈرۈپ باغ تەرەپكە مېڭىشتى.

— پېشىننى ئۆيدىلا ئوقۇيلى، — دەپ تەكلىپ بەردى يۇسۇپ خوجا. ئۇنىڭ پىكرىگە باشقىلارمۇ قوشۇلدى. يۇسۇپ خوجا كىچىككىنە بىر مېھرابلىق جايىنامازنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ مېھرابلىق جايىنامازنى قىبلىگە قارىتىپ سالدى - دە، «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ئىمام بولۇشنى ئۆزىگە ھاۋالە قىلغانلىقىنى چۈشەنگەن خان خوجا بىر مېھرابلىق جايىنامازغا كېلىپ قۇلاق قاقتى.

— ئەمدى بىزگە ئىجازەت قىلسىلا، — دېدى خان خوجا نامازدىن كېيىن يۇسۇپ خوجىغا مۇراجىئەت قىلىپ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، خوجام؟ — نارازىلىق بىلدۈردى ئۇ، — شۇنچە يەردىن كېلىپ بىر كېچە مېھمان بولماي، كېتىمىز دېگەنلىرى قانداق؟ ھەرقايسىلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قوزا سويۇۋاتىمىز.

خان خوجا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن باغ تەرەپكە چىققاندا ئىككى ئادەمنىڭ قوي سويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۈسۈپ خوجىنىڭ ئۆزلىرىنى قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى سەزگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىغا بۇرۇتى يېڭىدىن خەت تارتىپ قالغان، بۇغداي ئۆڭلۈك، بېشىغا بادام دوپپا كىيىۋالغان بىر يىگىت كىرىپ سالام بەردى ـ دە:

— خوجا ئاتا، — دېدى يۈسۈپ خوجىغا قاراپ، — باغنىڭ ئىچىگە جاي تەييارلاپ قويدۇق.

— بولىدۇ، بالام، — دېدى ئۇ، ئاندىن خان خوجىغا، — بۇ يىگىت ئاكام ياقۇپ خوجىنىڭ ئوغلى، ماڭا كۈيۈ ئوغۇل مەھەممەت خوجا بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى.

— بۇ گەپلىرىگە قارىغاندا، بۇلار سىلىنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىزلىرىنى گۆرۈدە تۇتۇۋېتىپتۇ ـ دە؟

— شۇنداق، قېنى، باغ تەرەپكە چىقايلى.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ باغقا چىقىشتى. ئىككى تەرىپىگە چۈنەكلەر تارتىلىپ كۆكتات تېرىلغان يول بىلەن مېڭىپ ئالمىلار سايىسىغا ياسالغان بۇگىلۈك ئۈستىدىكى كۆرپىلەرگە ئولتۇرۇشتى. ئاڭغىچە ئۇلارغا سوغدىشىپ كەلگەن مەھەممەت خوجا داستىخان سېلىپ، ئۈستىگە پەتنۇس بىلەن قەنت ـ گېزەكلەرنى قويدى، ئاندىن چاي دەملەنگەن چەينەك بىلەن چىنىلەرنى ئەكەلدى.

— بۇ باغنى رەھمەتلىك ئايۇپ خوجام بىنا قىلغانىدى. ئاشۇ بىر يىلى كەلگىنىمدە مۇنۇ ئالمىلارنى، — دېدى يۈسۈپ خوجا قولى بىلەن سول تەرەپتىكى ئالمىلارنى كۆرسىتىپ، — «مۇخۇر بىلەن تەلكە تاغلىرىدىن ئەكەلدۇردۇم» دەپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ چاغدا بۇ ئالمىلارنىڭ غولى قامچا سېپىدەك بولۇپ، بويىمۇ پاكار ئىدى. ئۇزاقى يىلى كەلگىنىمدە بولسا: «يۇرسىلە، باغقا چىقىپ ئولتۇرايلى، بۇگىلۈك ياساپ قويدۇم» دەپ، ياقۇپ خوجا ئىككىمىزنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كەلگەنىدى. شۇ چاغدا گەپتىن ـ

گەپ چىقىپ: « بۇ ئالما كۆچەتلىرى مۇشۇ ھالغا كەلگۈچە تالاي بوران ـ چاپقۇنلارنى، شىۋىرغانلىق قىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ مېۋە بېرىشكە باشلىدى. لېكىن، بىز ئادەم بالىسى تۇرۇپ تېخىچە مېۋە بېرەلمەي كېلىۋاتىمىز» دېگەنىدى، ـــ يۇسۇپ خوجا ئېغىر تىنىپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، ـــ رەھمەتلىك خوجامنىڭ ئىچ ـ قارنى ئاجايىپ ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن تولغانىدى. لېكىن، بۇ ئارزۇلىرىغا يېتىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغانىكەن ...

ـــ مەرھۇم ئايۇپ خوجامدەك بۇنداق ئارزۇ ـ ئارمانلار كىمدە يوق دەيسىلا، ـــ دېدى خان خوجا، ـــ بىراق ئارزۇ قىلىش ئاسان بولغىنى بىلەن ئۇنىڭغا يېتىش بەسى مۇشكۈل ئىكەن ـ دە.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلى خۇش بولغان يۇسۇپ خوجا:

ـــ مەن ئاتام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ ئادەم ساقلاپ يۈرگەن خەتلەر ئىچىدە ئەخمەت خوجام يازغان بىر خەتنى ئۇچراتقانىدىم، ـــ دېدى.

بۇ گەپ خان خوجىنى شۇنداق قىزىقتۇردىكى، ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق سالدى.

ـــ ھەزرىتى ئەخمەت خوجام جانابلىرى ئۇ خەتنى خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدان ئاتام مەرھۇمنى قەشقەرىيەگە خان قىلىپ ئەۋەتكەن مەزگىلدە يازغانىكەن. ياقۇپ خوجامنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مەزكۇر خەتنى ساقىلاخۇن دېگەن كىشى ئەكەلگەنىكەن.

ـــ ساقىلاخۇن دەمدىلا؟

ـــ ھەئە، ھەزرىتى ئەخمەت خوجام: «بۇ جۇڭغارلارنىڭ قولىدا ئىقامەتتە تۇرۇپ شۇ نەرسىنى چۈشەندىمكى، ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ نادانلىقلىرىنى تەكرارلىغان ئادەملەرنىڭ ئىستىقبالى ياخشى بولمايدىكەن. دىيارىمىزنىڭ خانلىق تەختى جانابلىرىغا نېسىپ بولغان بۈگۈنكى كۈندە تەپرىقىچىلىككە خاتىمە بەرسىڭىز ئىكەن ...» دەپ ئالاھىدە تەكىتلەپتۇ. بۇ ئىلتىماسنى ئاتام رەھمەتلىك قەشقەرىيەدە بىزگە ئوخشاش

جۇڭغارلارغا بېقىندى خان بولۇپ تۇرغان يىللاردا ئەمەلگە ئاشۇرالماي دۇنيادىن ئۆتتى. ھازىر ياقۇپ خوجام ئىككىيلەن ئابا-ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەرىقىچىلىككە خاتىمە بېرىشنى بىردىنبىر ۋەزىپىمىز دەپ ھېسابلىدۇق، — دەپ كېلىپ، ياقۇپ خوجا ئىككىسىنىڭ خان بولغاندىن بېرى قەشقەرىيەدە قىلغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، — بىراق بىزنىڭ بۇ ئىشلىرىمىز ھازىرچە كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم بەرمەيۋاتىدۇ. «سەمىرىمەيدىغان مالنى شەيتان قوغلاپ ئوتلاتمايدۇ» دېگەندەك، مەزھەپلەر تەسىرىگە ئۇچرىغان خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن چىقارغان ئەمىر-پەرمانلىرىمىزغا ئېتىبارسىز قاراپ، بۇرۇنقىدەك خوجا-ئىشانلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشنى، ئۇلارنىڭ نەزىرىگە چۈشۈشنى ياكى قارغىشىغا ئۇچرىماسلىقنى ئەلا كۆرمەكتە. كىمنىڭ سەللىسى يوغان بولسا، شۇنى ئۆلىما-ئەۋلىيا ھېسابلاپ پېشىنى تۇتماقتا...

— ياقۇپ خوجام بىلەن ئىككىڭلارنىڭ قەشقەرىيەدىكى پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق بۇياقلارغا كەلگەن سوپى-دەرۋىشلەردىن بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى لاپ ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي يۈرەتتۇق، — دېدى خان خوجا، — بۇ ھەقتە ئۆزلىرىدىن ئاڭلىغىنىمىز تولىمۇ ياخشى بولدى، مېنىڭچە، نادانلىق دېگەن نەرسە خەلقىمىزنىڭ تەبىئىتىگە شۇنچىلىك سىڭىپ كەتكەنكى، ئۇنى بىرنەچچە يىلدا ئادالاش بەسى مۈشكۈلدۇر. ئۇلارنىڭ مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ بىر-بىرىگە تىغ كۆتۈرۈشىمۇ نادانلىق تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن. بىز نېمىشقا ئۆز دىيارىمىزدا تۇرۇپ ئازاب تارتىمىز؟ نېمە ئۈچۈن جۇڭغارلارغا مەھكۇم بولۇپ ياشايمىز؟ دېگەن سوئاللار كاللامغا كېلىپ، بۇنىڭ باھانىسى شۇ نادانلىقىمىزدا دېگەن خۇلاسىگە كېلىمەن.

— خۇددى ماڭا ئوخشاش خۇلاسىگە كەپتىلا، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى يۈسۈپ خوجا، — ھاياتنىڭ ئەڭ مەشھۇر

ھەقىقەتلىرىنىڭ بىرى ــ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتۇر. ياشاشنىڭ مۇھىم شەرتى ــ ئۆز دىيارىدا ياشاشتۇر. مەسىلەن، كۆز ئۆزىنىڭ قارىقىدا، چىش ئۆزىنىڭ مىلىكىدە بولغىنىغا ئوخشاش. ئاللاتائالا ھەربىر جان ئۈچۈن دىيار ياراتقان. جاننىڭ دىيارى بەدەندۇر. دىيار زەربىگە ئۇچرىسا، ئۇنىڭدىكى جانمۇ چوقۇم زەربىگە ئۇچرايدۇ.

ــ توغرا دەيدىلا، قۇش چىغىدا ئۆزى سۆيگەن گۈلدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ.

ــ بىراق، كۆلدىكى سۇنى ھەركىم ئۆز چېلىكى بىلەن ئالغىنىغا ئوخشاش، ئادەملەرنىڭ ئۆز دىيارىغا بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ھەر خىل بولىدىكەن، ــ شۇنداق دەپ سۆزگە ئارىلاشتى باياتىن بېرى گەپكە ئارىلىشالماي ئولتۇرغان كاھىش خوجا، ــ بىراق تۇرلۇك قۇۋۇلۇق ـ شۇملۇق ۋە ساتقۇنلۇق بىلەن يەتكەن ئەمەل ـ رۇتبىلىرىنى خۇدانىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتى دەپ، دىيارىنىڭ غېمىنى قىلمايدىغان ئەمەلدارلار قانچە دېسىلىچۇ.

ــ شۇنداق، ــ دېدى يۇسۇپ خوجا، ــ ئادەم ئاتىنىڭ زامانىدىن بېرى يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل ناپاك ئىش ـ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەمەلدارلار دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. قاچانكى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە دىيارىنىڭ گۈللىنىشى ئەمەل ـ رۇتبىگە قارىغاندا مىڭ مەرتەم ئارتۇق دېگەن چۈشەنچە ھۆكۈمران بولغاندا، ھەممە ئىشلار روياپقا چىقىدۇ.

ــ يۇسۇپ خوجام توغرا مۇھاكىمە قىلدى، ــ دەپ قوشۇلدى خان خوجا، ــ دىيار دېگەن خۇددى ئانىغا ئوخشاش، بەزىدە كۆز ياش تۆكۈپ يىغلىشى، بەزىدە غەم ـ ئەندىشىگە سېلىشى مۇمكىن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرت يېگانە بولىدۇ. ئايىغىنىڭ ئاستىدا جەننەت تۇرغان ئانىغا ۋاپاسىزلىق قىلىش پەرزەنت ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر گۇناھ بولسا، ئانا يۇرتقا ۋاپاسىزلىق قىلىشمۇ شۇنداق گۇناھدۇر. بابا رەھمەتلىك ئاتامنىڭ

ھەزرىتى دانىيال خوجىغا تەپرىقىچىلىككە خاتىمە بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ نامە ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە گەپ قىلدىلا، گەرچە مەن ئۇ چاغلاردا كىچىك بولساممۇ، لېكىن ئاتام رەھمەتلىك: «بىشىمىزغا كەلگەن بۇ پاجىئەلەرنىڭ ھەممىسى تەپرىقىچىلىكتىن بولدى. ئەجدادلىرىمىز بىر ئاسمانغا ئىككى ئاي، بىر قىنىغا ئىككى قىلىچ سىغمايدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى» دېگەن سۆزلەرنى پات ـ پات تەكرارلايدىغان.

شۇ چاغدا پەتنۇس كۆتۈرۈپ مەھەممەت خوجا كەلدى ـ دە، ئىككى تەخسىگە سېلىنغان دۇمبىجىگەرنى داستىخانغا قويدى ۋە چاي ئەكىلىش ئۈچۈن چەينەكلەرنى قايتۇرۇپ كەتتى. ئۇلار ياپىلاق توغرىلىپ بىر ـ بىرىگە يېپىشتۇرۇلغان قوزىنىڭ جىگىرى بىلەن قۇيرۇق مايغا قول سۇنۇشتى. ئاڭغىچە ئاچچىق دەملەنگەن ئىسسىق چايمۇ كەلدى.

ــ چەينەكنى ماڭا بەرسىلە، بالام، ــ دېدى يۇسۇپ خوجا، ئاندىن مېھمانلارنىڭ چىنىسىگە چاي قۇيدى.

خېلىدىن بېرى خان خوجا بىلەن سۆھبەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن يۇسۇپ خوجا بۇ ئادەمنىڭ كۆپلىگەن ئىشلاردا ئۆزىگە ئوخشاش كۆزقاراشتا ئىكەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى. ئۇنداق بولغىنى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن ئىككىسىنىڭ قەشقەرىيەدە ئۆزلىرىنى «ئاق تاغلىق» دەپ ھېسابلايدىغان كۆپلىگەن ئادەملەر ئارىسىدا مەلۇم دەرىجىدە نوپۇزى بار ئىدى. ئۇلار گەرچە بۇ ئىككى خوجىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى، شۇ تۆپەيلىدىن جۇڭغارلار قولىدا گۆرۈدە تۇرۇپ ئەزىيەت چېكىۋاتقانلىقىنى بىلىپ غايىبانە ھۆرمەت قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، يۇسۇپ خوجا خان خوجىنىڭ تومۇرىنى يەنە بىر قېتىم تۇتۇپ كۆرۈشنى مەقسەت قىلىپ:

ــ مېنىڭ بابا دېگەن سۆزلىرىم كۆڭۈللىرىگە كەلمىگەندۇ؟ ــ دېدى.

— قايسى سۆزلەرنى دەيدىلا؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۆڭلىگە كەلگۈدەك ھېچبىر سۆزنى ئېسىگە ئالالماي. يۇسۇپ خوجا:

— ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى دەيمەنا، — دېدى.

خان خوجا ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى - دە:

— ئەگەر ياقۇپ خوجام ئىككىمىزلارغا كەلگەن پۇرسەت ماڭىمۇ كەلگەن بولسا، مەنمۇ شۇنداق قىلاتتىم، — دېدى، — ھەرقانداق بالىنىڭ ۋەزىپىسى ئاتا - بوۋىلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش، خاتا، ناتوغرا ئىشلىرى بولسا تۈزىتىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. باشقىلاردىن يوشۇرساقمۇ سىلىدىن يوشۇرمايمەن، بەزى چاغلاردا ئاكام بۇرھانىدىن خوجام بىلەنمۇ مۇنازىرىلىشىپ قالىمەن. ئۇ كىشى: «بىز دېگەن پالان - پوكۇنىلارنىڭ ئەۋلادى بولىمىز» دەپ مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ. مەن بولسام بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىلەن مەغرۇرلانماي، ئۆزىمىز مەغرۇرلانغۇدەك ئىشلارنى قىلايلى دەپ ئېتىراز بىلدۈرىمەن. بىر چاغدا ئەلىشىر نەۋائى دېگەن كىشىنىڭ بىر كىتابى قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. شۇ كىتابتا ئۇ ئادەم يامغۇرى يوق بۇلۇتنى تۇتۇنگە، مېۋىسى يوق دەرەخنى ئوتۇنغا ئوخشىتىپتۇ. بابا سىلى مەرھۇم ئايۇپ خوجامنىڭ: «تىككەن كۆچەتلىرىم تالاي جۇدۇن - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ، مېۋە بەردى. بىز بولساق ئادەم بالىسى تۇرۇپ، تېخىچە مېۋە بېرەلمەي كېلىۋاتىمىز» دېگەن سۆزلەرنى ئېيتقاندا ئىختىيارسىز ئويلىنىپ قالدىم.

— بۇنداق ئويلىنىپ قالىدىغان چاغلار مېنىڭدىمۇ پات - پات بولۇپ تۇرىدۇ.

— خان تۇرۇپ سىلىنىڭ ئويلىنىپ قالىدىغانلىرى قىزىق ئىكەن.

— مەن ئويلىنىپ قالغاندا قانداق قىلىپ تەختتە ئۇزاق ئولتۇرۇشنى ئەمەس، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېنى بىلەن ماڭلاي تەرى تۆكۈلگەن دىيارىمىزنىڭ تەقدىرى ھەق-

قىدە ئويلىنىمەن. بەزىدە: «ئۇ سەرھەددىن (تەرەپ، چېگرا) بۇ سەرھەدىگىچە ئۇچ ئايلىق يەردە يۇرگەن بۇ جۇڭغارلارنىڭ ئىزىدى يوق. بۇلارغا قانداق قىلىپ تەڭ كەلگىلى بولار» دەپ ئۈمىدسىز-لىنىمەن. بەزىدە بىزنىڭ خەلقىمىز سىپھىر بىلەن كوزىنىڭ ئىد-چىگە سولىنىپ قالغان دىۋىگە ئوخشاش، ئەگەر شۇ كوزىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ دىۋىنى چىقىرالىساق، ئۇنىڭ كۇچ - قۇدرىتىگە ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ، دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بېرد-مەن.

— مەنمۇ شۇنداق. بەزى چاغلاردا سىلىگە ئوخشاش جۇڭغارلار دېگەن — سۇ. بىز بولساق سۇنىڭ تېگىدىكى تاش. سۇ بىر كۇنى بولمىسا بىر كۇنى ئېقىپ ياكى سىڭىپ تۈگەيدۇ. تاش بولسا ئۆز جايىدا قېلىۋېرىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

شۇ چاغدا مەھەممەت خوجا پەتنۇس كۆتۈرۈپ يەنە كەلدى - دە، داستىخانغا ئىككى تەخسە قازان كاۋىپى قويدى.

«سۆھبەت ئادەملەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ» دېگەن سۆزلەر راست ئىكەن. ئاددىي خەلقلەرنىڭ ئاغزىدا بىرسى «ئاق تاغلىق»لارغا، يەنە بىرسى «قارا تاغلىق»لارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ ھېسابلىنىدىغان بۇ ئىككى خوجا بىرنەچچە سائەت سەمىمىي سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن بىر - بىرىنى تەلتۆكۈس چۈشەنگەندەك بولدى.

خان خوجا ئىبرەن قابۇرغىدا يۇرگەندە ئۆزىنى خېلى جىق نەرسىلەرنى بىلىدىغان پاراسەتلىك ئادەملەر قاتارىدا ھېسابلايتتى. لېكىن، يۇسۇپ خوجا بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن بەزى ئىشلارغا يۈزە قارايدىغانلىقىنى سەزدى. يۇسۇپ خوجا ئېيتقان بەزى سۆزلەر ئۆز كۆڭلىدە جىنچىراغدەك شولا چىقىرىپ تۇرغان ئۇچقۇننى لاۋۇلدىتىۋەتكەندەك ياكى تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان قانلىرىنى قىزىتىۋەتكەندەك تەسىر قىلدى. ئۆز نۆۋىتىدە يۇسۇپ خوجىمۇ «موللا ئىبراھىم ئاكامنىڭ بۇ خوجىنى شېكەر چىقىدىغان

قومۇشقا ئوخشىتىشى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە» دېگەن خىيالغا كېلىپ، خان خوجىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرى بىلەن مۇلاھىزىلىرىگە قايىل بولدى. بىراق، بۇرھانىدىن خوجا بىلەن سۆھبەتلىشەلمىگىنىگە، ئۇنىڭ ۋارىقى ئېچىلمىغان كىتابتەك يېپىق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئەپسۇسلاندى.

مومىسى ئاپاق خوجىنىڭ قىزى بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بىلەن ئېرەن قابۇرغىغا كىچىك چېغىدا كەلتۈرۈلۈپ، شۇ چاغقىچە نەزەربەندتە تۇرۇۋاتقان كاھىش خوجا ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە ئارىلاشماي ئوتتۇز تاشلىق تەسۋىسىنى سىيرىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گەپلەر ئۇنىڭغىمۇ ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزگەندى. ئۇ سىڭلىسى مەمۇرە خېنىم خان خوجا بىلەن تۇرمۇش قۇرمىغان چاغلاردىمۇ ئۇلار بىلەن قويۇق ئارىلىشاتتى. بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خان خوجا ئوتتۇرىسىدا بولغان بەس ـ مۇنازىرىلەرگە قاتنىشاتتى. كۆپ چاغلاردا خان خوجىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى قوللايتتى. بۇنىڭغا خاپا بولغان بۇرھانىدىن خوجا: «سىلى خۇشامەت قىلمىسىلىمۇ خان خوجامغا سىڭىللىرىنى ئېلىپ بېرىمىز» دەپ سىلكىۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كاھىش خوجا بۇ ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويغانىدى. كېيىن خان خوجا مەمۇرەخاننى ئېلىپ، ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇپ قالغىنىدىن كېيىن مۇناسىۋىتى يەنە تۇرۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇرھانىدىن خوجىنى رەندە سېلىنمىغان ياغاچتەك قوپال ۋە ھاكاۋۇر ئادەم دەپ ياقتۇرمايتتى. خان خوجىنى بولسا ھەرقانداق ئۇسكەك ئىنەكنىمۇ ئېمەلەيدىغان ئاغزى يۇمشاق، ھەرقانداق جاھىل ئادەم بىلەنمۇ تىل تاپالايدىغان دىتى بار ئادەم دەپ ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، خۇداغا قۇلچىلىق قىلىپ، تائەت ـ ئىبادەتتىن باشقا ئىشلار بىلەن كارى يوق بۇ ئادەم ئادەتتىكى ئادەمگەرچىلىكى بىلەن يۇسۇپ خوجىغا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا «بۇلارنىڭ گەپ ـ

www.uyghurkitap.com

سۆزلىرىنى ھېلىقى بۇرھانىدىن خوجا ئاڭلىسا نېمە دەركىن؟» دېگەن سوئال پەيدا بولۇپ، خېلىغىچە جاۋاب تاپالماي، ئاخىر خان خوجىغا قاراپ:

— بۇرھانىدىن خوجامنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئەكەلسەكمۇ بولغانىكەن، — دەۋەتتى.

— بۇ قانداق گەپلىرى؟ ئۇ ئادەم زۇكامداپ قالمىغان بولسا ئۆزى كېلەتتى.

خان خوجا كاھىش خوجىنىڭ گېپىگە رەندە سېلىپ سىلىقلىغان بولدى.

بۇ گەپلەردىن بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئەتەي كەلمىگەنلىكىنى چۈشەنگەن يۈسۈپ خوجا ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە ئېتىبار قىلمىغان بولۇپ:

— مۇنۇ قاپتالغا چىقىپ بىرپەس ئايلىنىپ كەلمەيلىمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق قىلايلى، — دەپ قوشۇپ قويدى خان خوجا.

ئۇلار باغنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى سوقما تامنىڭ پاكار يەرلىرى بىلەن سىرتقا چىقىپ، تېۋىلغا بىلەن ئازغانلار ئۆسكەن قاپتالغا ماڭدى. شۇ كۈنى خان خوجىلار قونۇپ قالدى.

## تۆتىنچى باب

يۈسۈپ خوجا بىلەن ياقۇپ خوجىلارنىڭ گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان باللىرى خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدانىنىڭ ۋاقتىدىكى ئادەت بويىچە، ئايۇپ خوجىنىڭ يەتتە نەزىرىنى بەرگەندىن كېيىن تېكەس دەرياسىنىڭ بويىدىكى قابا دېگەن يەرگە كۆچۈپ كەلدى.

دەرۋىش باقاۋۇل، مەھەممەت خوجا باشلىق قارا خىزمەتچى-لەر ھويلا بىلەن ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە ئۆسۈپ كەتكەن ئوت - چۆپ ۋە قورايلارنى يۇلۇپ تازىلىدى. خىزمەتكار ئاياللار بىلەن غوجىزادىلەرنىڭ ئاغىچىلىرى ئۆي ئىچىنى رەتلەپ،

ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى سۈرتۈشتى. يازلىق ئاشخانىدىكى ئو-چاقلارنى سۈۋاپ، تەرتىپكە سالدى.

يۈسۈپ خوجا كۆندىكى ئادىتى بويىچە، سول قولتۇقىدا ئايۇپ خوجىدىن قالغان بىر كىتابنى قىسىپ، ئوڭ قولىدا تېرە پوستەكنى كۆتۈرۈپ هويلىغا چىقىۋىدى، دەرۋازا تۈۋىگە كېلىپ توختىغان ئىككى ئاتلىق ئادەمگە كۆزى چۈشتى ۋە «بۇلار كىمكىنە؟» دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا قورۇدىكى خىزمەتكارلارنىڭ بىرسى دەرۋازىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭدى، شۇ ئەسنادا:

— يۈسۈپ خوجام بارمۇ؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— بار، هازىر، — دېدى خىزمەتچى ۋە دەرۋازىنىڭ لوكدانىنى چىقىرىپ، بىر قانىتىنى ئېچىۋەتتى.

هويلىغا كىچىككىنە گەردىشلىك تۆپە كىيىپ، جىگەر رەڭ پەرىجىسىنىڭ پەشلىرىنى تېقىمىغا باستۇرۇۋالغان چار ساقال، تەمبەللىك ئادەم بىلەن يەنە بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

«هوي، بۇ ئابدۇكېرىم ئاكامغۇ ...» دەپ پىچىرلىغان يۈسۈپ خوجا قولتۇقىدىكى كىتاب بىلەن قولىدىكى پوستەكنى يەرگە قويدى ـ دە، ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتى ۋە:

— خۇش كەپتىلا، — دەپ خۇشاللىقىنى بىلدۈردى.

ئۇلار قويۇق ئامانلىق سوراشتى، ئاندىن هويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى ياغاچ ئۆيگە كىرىشتى. پاتىهەدىن كېيىن ئابدۇكېرىم بەگ ئايۇپ خوجىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇدى ـ دە: «ئاللاتائالا قالغانلارنىڭ ئامانلىقىنى بەرسۇن» دەپ تىلەك بىلدۈردى.

— بەندىچىلىك ئىكەن، — دېدى يۈسۈپ خوجا مەيۈسلەنگەن هالدا.

— شۇنداق، بۇ قىسمەتتىن هېچقايسىمىز قۇتۇلالمايمىز، — دېدى ئابدۇكېرىم بەگ.

شۇ ئارىدا مەهەممەت خوجا كىرىپ مېهمانلارغا سالام بەردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيدى ۋە دۇگىلەك شىرەگە

داستىخان سالدى.

— ھارماي - چارچىماي كەلدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپ خوجا.

— سەپەر قىلىش بىز ئۈچۈن دەم ئالغاندەك بىر ئىش دېسىلە، — دېدى ئابدۇكېرىم بەگ كۈلۈپ.

ئۇلار ئىككى پىيالىدىن چاي ئىچىپ بولدى قىلدى.

— سىلىچۇ، سونۇر قارىي، — دېدى ئابدۇكېرىم بەگ دۇئادىن كېيىن يېنىدىكى ھەمراھىغا قاراپ، — ياسىن قارىيلارنى قوغلاپ يەتسىلە. ماۋۇ تاغنىڭ ئىچىدىكى بۇلتۇر قونغان ئەگمىنىڭ ئۈستىدىكى دەپسەك بارغۇ، ھە شۇ يەردە قونالغۇ قىلىمىز.

خېلى يىللاردىن بېرى كۈچا شەھىرىگە ھاكىم بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەم جۇڭغارلارنى كۆرگەندە ھۆرمەت قىلغاندەك بولسىمۇ، لېكىن ئىلاج بار ئۇلارنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى باشقا شەھەرلەرنىڭ بەگ - ھاكىملىرىدەك تەرلەپ - پىشىپ ئورۇنلىمايتتى. بەلكى، بىر ئامال قىلىپ ئورۇنلىماسقا ياكى كېچىكتۈرۈشكە تىرىشاتتى. شۇڭا، ئۇ ئەدەن قېچىردىن يۈسۈپ خوجا ئېيتىپ بەرگەن گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئانچە - مۇنچە تەييارلىنىپلا يولغا چىققانىدى.

ئۇلار ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان شەھەرلەردىكى خەلقلەرنىڭ مەئىشىتى ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرى ھەققىدە بىر - بىرىنى خەۋەردار قىلغاندىن كېيىن جۇڭغار ئوردىسىدا يۈز بەرگەن تەخت تالاشلار ئۈستىدە پاراڭلاشتى.

— سىلىنى «ئىلاج بار بالدۇر كەلسۇن» دەپ ئېيتىپ بىرىشىمدىكى سەۋەب، — دېدى يۈسۈپ خوجا چېقىشىپ، — يېڭى خۇنتەيجى لاما تاجىنىڭ زەئىپىسى يەنە سىزىك ئوخشايدۇ. قوغۇن قېقىدىن بىرەر قاپ ئالغاچ كەلگەنلا؟

ئابدۇكېرىم بەگ ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

بۇنداق بولغىنى ھەر قېتىم خىراج ئەكەلگەندە خۇنتەيجى

غالدان سىرىننىڭ بالىچاقىسىغا سوۋغا تەرىقىسىدە بىرەر قاپ قۇرۇق مېۋە ئالغاچ كېلىدىغان ئابدۇكېرىم بەگ ئاشۇ بىر يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا بىر قاپتەك قوغۇن قېقى ئەكەلگەنىدى. ئۆمرىدە بۇنداق نەرسىنى كۆرمىگەن خۇنتەيجىنىڭ ئايالى ھەيران بولۇپ، ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، خىزمەتكارلىرىنىڭ بىرسى ئارقىلىق ئابدۇكېرىم بەگنى چاقىرىپ سورىغاندا، ئۇ: «ئۇلۇغ ئەمىرچىمىزنىڭ كۆڭۈل ئاچارى، جۇڭغار ئاياللىرىنىڭ ئىچىدىكى تەڭدىشى يوق گۈزەل ئاۋغايىنىڭ ئايدەك چىرايىغا قورۇق چۈشمىگەي، ھەمىشە يايلاقتىكى سېمىز مارالدەك قىيغىتىپ يۈرگەي، — دېگەن تەنتەنىلىك سۆزلەردىن كېيىن، — بۇ يىل ئەتىيازدا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، كۈچادىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈششۈپ كەتتى، شۇڭا ئۇلۇغ ئەمىرچىمىزنىڭ ئوردىسىغا قۇرۇق كېلىشكە يۈزۈم چىدىماي مۇشۇ نەرسىنى ئالغاچ كەلدىم. سەمرىگەن ئاتنى سويۇپ، ئۇنىڭ قېزىسى بىلەن گۆشلىرىنى ياغاچقا ئېسىپ سۇرلىگەندەك، بۇ ھەم بىرنەچچە كۈن قاقلاپ سۇرلىگەن قوغۇننىڭ قېقىدۇر. بۇنى ھەربىر تاماقتىن كېيىن بىر تال يېسە، قىمىز بىلەن ئەركىنىمۇ تېز سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ چىرايىنى قىزارتىپ، ئۆزلىرىنى خۇشخۇي قىلىۋېتىدۇ» دېۋىدى، خۇنتەيجىنىڭ ئايالى بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي: «ئۆزۈڭ يەپ كۆرسەتكىن» دېگەنىدى.

ئابدۇكېرىم بەگ دەرھال ئاغزى ئېچىلغان قاپقا قول سېلىپ بىر چاڭگال ئېلىپ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېگەنىدى.

شۇ چاغدا: «جە ! » دېگەنىدى گۇمانى تارقىغان خۇنتەيجىنىڭ ئايالى.

كېلەر يىلى كۆكىنەك داۋىنىدىن بىرىنچى بولۇپ ئۆتكەن جۇڭغار ھىراۋۇلى كۇچاغا كېلىپ، ئۆزىنى خۇنتەيجىنىڭ چوڭ ئوغلى لاما تاجىنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئايالى قوغۇن قېقىغا سېزىك بولۇپ قالغىنىنى ئېيتىپ، بىر خۇرجۇن قوغۇن

www.uyghurkitap.com

قېقى ئەكەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇكېرىم بەگ ھەر
قېتىم كەلگىنىدە بۇرۇنقىدەك قۇرۇق مېۋە ئەكەلمەي قوغۇن
قېقى ئالغاچ كېلەتتى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى بىر چاغدا كۆلكىسى توختىغان
ئابدۇكېرىم بەگ، — لاما تاجى تەختكە ئولتۇرغاندا ئۇنى
ئەكەلمىسەم بولامدۇ؟ — ئۇ گېپىنى مەشەدە توختىتىپ يۈسۈپ
خوجىدىن سورىدى، — بۇ يېڭى ئەمرچى ئەدەنبايىنىڭ گېپىگە
قارىغاندا خېلى كەڭچىلىك قىپتۇغۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا،
ئىلگىرىكىلەردىن تۈزۈكرەكمۇ نېمە؟

— قىش پەسلىدە ھاۋانىڭ بىر كۈن ئىسسىپ قالغىنى
قىشنىڭ تۈگىگىنى ئەمەس - دە، — دېدى يۈسۈپ خوجا، —
لاما تاجى بىر قېتىم كەڭچىلىك قىلىش بىلەن بىزنىڭ كۆڭ-
لىمىزنى خۇش قىلىپ، ئۆز تەختىنى مۇستەھكەملىمەكچى بو-
لۇۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ بۇ زېمىنىدا ياشاۋاتقان ئەھلى مۇسۇل-
مانلار بىلەن بىرلىشىپ كېتىشىمىزدىن قورقۇۋاتىدۇ. بۈگۈن
بەش كۈن بولدىغۇ دەيمەن، لاما تاجىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى-
دىن بىرى جارغال باتۇر دېگەن نويان يۈلتۇز تەرەپكە ماڭغانى-
كەن. مۇشۇ ئۆيدە تاماق يېدى. شۇ چاغدا ئۇ: «بىز سىلەرگە يەنە
چېقىلمايمىز. سىلەردە بۆز بىلەن ئاشلىقتىن باشقا نەرسە يوق.
قازاق، قىرغىزلاردا بىزگە كېرەك ھەممە نەرسە بار. ئۇلارنىڭ
ماللىرىنى ھەيدەپ، ئۆيلىرىنى ئارتىپ كېلىمىز. قىسقىسى،
چاي قاينىتىدىغان ئۈچ پۇتلۇق ياغاچلىرىنىمۇ قويمايمىز. سى-
لەردە ھەيدەپ كېلىدىغان توپ - توپ مال - چارۋىلار يوق.
ئۆيلىرىڭلار بىلەن ئوچاقلىرىڭلارغىچە توپىدىن، تامدىن ياسال-
غان. ئۇلارنى ئۇلاغقا ئارتىپ كەلگىلى بولمايدۇ. يەرلىرىڭلارنىڭ
تولىسى چۆل - جەزىرە، مال - ۋاران باققىلى بولمايدۇ. بىزگە
قارشى چىقماي ئىتائەت قىلىۋاتقىنىڭلار ئۈچۈن ئۇلۇغ ئەمىر-
چىمىز بۇ يىل تۆلەيدىغان خىراجلارنىڭ يېرىمىغا كەڭچىلىك
قىلدى. ئەگەر مۇشۇنداق ياۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلساڭلار،

كىلەر يىلى يەنە كەڭچىلىك قىلىدۇ» دېگەن گەپلەرنى قىلدى.

— ۋاي، بۇ مۇتتەھەم بۇلاڭچىلار، — دەۋەتتى ئابدۇكېرىم بەگ جىلە بولۇپ، — بۇ كىسىپاڭلار بىزنى ئۆمۈر بويى ئۆزلىرىگە بويسۇنۇپ ئۆتىدۇ دەمدىكىنە؟ ياۋاش ئادەمنىڭ پەيتى كەلگەندە باتۇرغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەمدىكىنە؟

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، ئابدۇكېرىم ئاكا، ئاڭلىشىمچە، قازاق يەرلىرىدىكى خانلار بىلەن سۇلتانلار رۇسىيەگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلاردىن ياردەم سوراپتۇ، ھەتتا ئۇلارنى جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا دەۋەت قىپتۇ. مەن ئىلىغا كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا قازاق خانلىرى ئەۋەتكەن بىر ئادەمنىڭ بىزنىڭمۇ ئورۇس پادىشاھىدىن ياردەم سوراپ ئەلچى ئەۋەتىشىمىزنى ۋە بۇ زېمىندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان قىلىش ئارقىلىق جۇڭغارلارنىڭ كۈچىنى پارچىلىشىمىزنى تەشەببۇس قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم، مۇبادا ياقۇپ خوجام بىلەن قەشقەرىيەدىكى ھاكىم - بەگلەر بۇ تەشەببۇسنى قوللىسا، مۇشۇنداق بىر ھەرىكەت قىلمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابدۇكېرىم بەگ جانلىنىپ كەتتى.

— مەن بۇ تەشەببۇسنىڭ ئىككىلىسىنى قوللايمەن. ھازىر ھەممە يەردە خەلقلەرنىڭ تاقىتى تاق بولدى. ئۇلارنى جۇڭغارلارغا قارشى قوزغاش ئانچە قىيىن ئەمەس. جۇڭغارلارغا قارشى ئاتلانغان ئادەم كىم ياردەم بەرسە رەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئورۇس پادىشاھىغىمۇ ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىشىمىز لازىم.

— دېگەنلىرى ئىنتايىن توغرا. لېكىن، خەلقنى قوزغاشمۇ، ئورۇس پادىشاھىدىن ياردەم سوراشمۇ مۇنداقلا قىلىدىغان ئاسان ئىش ئەمەس. بۇنىڭ باھانىسى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئالتاي تاغلىرىدىن باشلانغان كەڭ زېمىندا ئات چېپىپ يۈرگەن جۇڭغارلار سەل چاغلىغىلى بولىدىغان خەق ئەمەس. ھازىر

www.uyghurkitap.com

ئۇلاردا يۈز مىڭ ئەتراپىدا ئاتلىق لەشكەر بارمىش، يەنى ئات مىنىپ چاپالايدىغان جۇڭغارلارنىڭ ھەممىسىنى لەشكەر دېيىشكە بولىدۇ. بىزدە بولسا ئۇنداق ئەمەس. ئوردىلار بىلەن ھاكىم ـ بەگلەر تۇرىدىغان مەھكىمىلەردىكى بىرقانچە ئونلىغان سىپاھلاردىن باشقا قورال تۇتۇپ ئاتقا مىنگەن لەشكەر يوق. ئىككىنچىدىن، ئورۇس پادىشاھىدىن ياردەم سوراشقا كەلسەك، ئۇلار ئۆزى بىلەن يېرى بىرتۇتاش قازاق خانلىرىغا ياردەم بەرمەيۋاتقاندا بىزگە ياردەم بېرىشى ناتايىن. ھەرھالدا دىيارىمىز بىلەن ئومۇمىي خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىشنى ياقۇپ خوجاملار كەلگەندە ئەتراپلىق ئويلاپ كۆرۈشىمىز لازىم.

— ياقۇپ خوجاملار قاچان كېلىدۇ؟

— ئۇلارمۇ كېچىكمەي كېلىپ قالار.

※ ※ ※

شۇ كۈنى كەچتە ئايۇپ خوجىنىڭ مېيىتىنى ئەردەۋىلگە ئەكەتكەن ئابدۇللا خوجا بىلەن ئەركىخانلار قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئايۇپ خوجىنىڭ مېيىتىنى بارغان كۈنىلا شاھباز خوجىنىڭ مازارىغا «ئامانەت دەپنە① قىلغانلىقىنى» سۆزلەپ بەردى.

— سىلىگە ماقۇل كەلسە ياقۇپ خوجاملار كەلگۈچە ئىبرەن قابۇرغىغا بېرىپ كەلسەك، قانداق دەيدىلا؟ — دېدى ئابدۇكېرىم بەگ ناشتىدىن كېيىن.

— ناھايىتى ياخشى، مەن ئۇ يەردىكى خوجاملار بىلەن تونۇشۇپ، مۇلاقاتتىمۇ بولدۇم.

— قاچان؟ ئىبرەن قابۇرغىغا باردىلىمۇ؟ — قىزىقىپ

① ئۆلگەن ئادەمنىڭ سۆڭىكى قالغۇچە بىر مەزگىل دەپنە قىلىنىشى «ئامانەت دەپنە» دېيىلىدۇ.

سورىدى ئابدۇكېرىم بەگ.

يۈسۈپ خوجا ئۇ يەردىكى بۇرھانىدىن ۋە خان خوجىلار بىلەن قەيەردە ئۇچراشقانلىقىنى سۆزلەپ:

— بۇرھانىدىن دېگەن خوجىنىڭ بويىنى قاتتىقراق كۆرۈندۇ، — دېدى، — كاھىش خوجىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئۇ ئادەم ئايۇپ خوجىنىڭ يەتتە نەزىرىگە كەلگەچ تەزنىيە بىلدۇرۇشنى «ئاق تاغلىق، خوجىلارنىڭ غۇرۇرىغا توغرا كەلمەيدۇ» دەپ ئويلىغان ئوخشايدۇ.

— بۇرھانىدىن خوجا يارىلىشىدا شۇنداق، — دېدى ھەر كەلگىنىدە ئېرەن قابۇرغىغا بېرىپ گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان تۇغقانلىرىنى يوقلايدىغان كۈچا ھاكىمى، — ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بويىنىدىكى ھەممە خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تارىغان. ئۇ ماڭا بىر قېتىم: «مەن دېگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى ئەۋلادى بولىمەن» دەپ ماختانغانىدى. خان خوجا بولسا پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەم، رەھمەتلىك ئەخمەت خوجامنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بۇ ئىككى خوجىنىڭ تىكىنى — بۇرھانىدىن خوجا بولسا، گۈلى — خان خوجىدۇر.

— مەنمۇ شۇنداقراق خۇلاسىگە كەلدىم.

— بىراق، خوجا، سەپەرگە چىققان ئادەملەر يول ياقىسىدا ئۈسكەن تىكەنلەرگە ئېتىبار قىلماي ماڭغىنىغا ئوخشاش، بىز ياقۇپ خوجام ئېيتقاندەك، كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكۈچە، تاپىنىمىزغا كىرىدىغان تىكەنلەرگە پەرۋا قىلماسلىقىمىز لازىم. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق.

— ئەمىسە تەييارلىنىپ تۇرسىلا، مەن غاچچىدە ياسىن قارىيلار قونالغۇ قىلغان يەرگە بېرىپ، ئۇلارغا ئىككى - ئۈچ كۈن ھايال بولىدىغىنىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قوياي.

يۈسۈپ خوجا:

— ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشقا ئابدۇللا خوجام بارسىمۇ

www.uyghurkitap.com

بولىدۇغۇ؟ ـــ دېدى.

ـــ ئۆزۈم بارمىسام بولمايدۇ، ـــ دېدى كوچا ھاكىمى ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئابدۇكېرىم بەگ قايتىپ كەلگۈچە چۈشمۇ يېقىنلىشىپ قالدى.

ئابدۇللا خوجا دادىسى بىلەن ئابدۇكېرىم بەگنىڭ بىر ياققا بارىدىغىنى ئۈچۈن دەرھال تاماق تەييارلاشنى بۇيرۇغانىكەن. ئۇلار تاماق يەپ، پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ ئەمدى ماڭماق بولۇپ تۇراتتى، بىر قانىتى ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن ياقۇپ خوجا باشلىق بىرنەچچە ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇلار ياغاچ ئۆيگە كىرىپ پاتىھە قىلىشتى ۋە يۇسۇپ خوجىلار بىلەن ئامانلىق سورىشىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلدى.

ـــ ئابدۇۋاھاپ بەگ بىلەن غوجاش بەگلەرمۇ كەلدىمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى يۇسۇپ خوجا.

ـــ ھەئە. بىز «خانيايلاق»قا كەلگەندە ئىلگىرىلەپ كەتتۇق. ئۇلار ئابدۇللام، شاھاۋۇدۇن باقاۋۇللار ھەممىسى خىراج ئارتىلغان كارۋان بىلەن كېلىشىۋاتىدۇ.

※ ※ ※

يۇسۇپ خوجا خان بولۇپ بىرنەچچە قېتىم خىراج ئەكەلگىنىدە، ئوردا نوياڭلىرىنىڭ غازى بەگ، ئابدۇۋاھاپ ۋە غوجاش بەگلەرنى ئايرىم قوبۇل قىلىپ كۈتكىنىدىن گۇمانلانغانىدى. شۇ چاغدا ياقۇپ خوجا:

ـــ گۇمانلانغانلىرى ئورۇنلۇق. جۇڭغارلار ئۆزلىرىگە يېقىندى بولغان ئەللەرنى باشقۇرۇشتا ئۆزلىرى خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزغان ئەمەلدارلارنىڭ قىلمىۋاتقان ئىش - ھەرىكەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن شەھەر ھاكىملىرى بىلەن بەگلەردىن پايدىلىنىدۇ. ئوچۇقراق ئېيتسام، بۇ ئادەملەرنىڭ

ئۆزى ئەمـەلـىنى سـاقلاپ قېلىش ياكى ئـۇنىڭدىن يۇقىـرىـراق لاۋازىمغا يېتىش ئۈچۈن جۇڭغارلارغا «كۆز ـ قـۇلاق» بولۇشنـى خالايدۇ. ئەمما، مىللىي ھېسسىياتى كۈچلـۈك بەزى ئەمەلـدارلار جۇڭـغارلارغا «كۆز ـ قـۇلاق» بولۇپ ئـەمـەل تۇتۇشـنـى خەلقـقـە ۋاپاسىزلىق قىلىش دەپ قارايدۇ. ۋاھـالەنكى، بـۇنداق ئادەملـەر ئاز بولسىمۇ بار. ھازىرقى شارائىتتا بىردىنبىر ۋەزىپە «كۆز ـ قـۇلاق» بولىدىغان ئادەملـەردىن ئېھتىيات قـىلىش لازىم، ـــ دېگەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن تالاي يىللار ئۆتسىمۇ، يۇسۇپ خوجىنىڭ يەكەن، ئەردەۋىل ۋە ئۈچ شەھەرنىڭ ھاكىم بەگلىرىگە بولغان كۆزقارىشى ئۆزگەرمەي، بـۇ ئادەملەر پـۇرسەت تاپسـىلا بىـزنـى جۇڭغارلارغا سېتىۋېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسـا كىـيرەك، جۇڭغـارلارغا قارشى تـۇرۇشتا بۇ زېمىندىكى ئەھلـى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىش ۋە ئورۇس پادىشاھىدىن ياردەم سوراشتەك مۇھىم ئىشلارغا بۇلارنى ئـارىلاشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەيتتى. بىراق، ياقۇپ خوجىنىڭ غازى بـەگ جۇڭغارلارغا تۆلىنىدىغان خىراجدىن باشقا ئورۇس پادىشاھىغا ئەۋەتىش ئـۈچۈن ئۈچ ئۇلاغ سـوۋغا ـ سالام ئەكـەلدى، دېگەن گـېپىنـى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى چۈشەندى، شۇڭا ئۇ:

ـــ گەپلىرىگە باققاندا، غازى بـەگ جانابـلىرى ھـەمـمـە ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەن ـ دە، ـــ دېدى.

ـــ شۇنداق، مەن ئۇ كىشىگە ئەدەنباي ئاكامدىن ئـاڭلىغان ھەممە گـەپلەرنى سـۆزلەپ بەردىم، ـــ دېدى ياقۇپ خـوجـا، ـــ مېنىڭ گەپلىرىم تەسىر قىلدىمۇ ياكى يۈرىكىدە دىيار تۇيغۇسى پەيدا بولدىمۇ، بىلمەيمەن. «بۇنـداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭغارلاردىن قۇتۇلمىساق، بۇ ئالەمدە ئەھلى مۆمىنلەرنىڭ، ئۇ ئالەمدە ئـاللاتائالانىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولىمىز...» دەپ جان پىدالىق كۆرسىتىۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىشنىڭ ھاجىتى نېمە؟

— مېنىڭچە شۇنداق. غازى بەگ جانابلىرى ھەتتا «رۇسىيە پادىشاھىغا ياردەم سوراپ يېزىلىدىغان نامەگە، ھەر ئېھتىمالغا قارشى يەكەن خانلىقى نامىدىن مەنلا قول قوياي، سىلى دالدىدا تۇرسىلا» دېگەن مەسلىھەتنى بېرىۋاتىدۇ.

— بۇ گەپچە رۇسىيە پادىشاھىدىن ياردەم سوراش ياكى سورىماسلىق ھەققىدە بولىدىغان سۆھبەتكە سىلى قاتناشمامدىلا؟

— مېنىڭچە بولغاندا، مەن غازى بەگنىڭ دىيارپەرەسلىك تۇيغۇسىنى قوللاپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگىنىمدەك، سىلىمۇ خۇش كېپەك جانابلىرىغا ئىشەنچە بىلدۈرسىلە، — ياقۇپ خوجا بىر - پەس توختاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىزنىڭ بۇ مەسىلىدە جۇڭغارلارنىڭ كۆزىگە چۈشمەي، دالدىدا تۇرغىنىمىز ياخشى. ئاندىن كېيىن ھاكىم ئابدۇۋاھاپنىمۇ بۇ ئىشقا جەلپ قىلىش لازىم.

— ئۇ كىشى ئۇنارمۇ؟

— ئەگەر ئۇ كىشى بۇ مەسىلىدە پىكرىمىزگە قوشۇلسا، ئۆز ئىچىمىزدىكى بىرلىك - ئىتتىپاق مۇستەھكەملەنگەن بولىدۇ. مۇبادا، ئۇنداق قىلماي جۇڭغارلارنىڭ پېشىنى تۇتۇشنى ئەۋزەل كۆرسە، ئۇ چاغدا ئۆز ئۆيىدە ياكى يۇرتىدا خاتىرجەم ياشىمىغان ئادەمنىڭ ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. مېنىڭچە، جۇڭغارلارغا بېقىندى ئەمەلدار بولۇش ئۇ كىشىنىڭمۇ جېنىغا تەگكەن بولسا كېرەك.

— ھەرھالدا چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويمىساق.

— بۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى ئۇ يۇسۇپ خوجىنىڭ ئەردەۋىل ھاكىمىغا بولغان ئىشەنچسىزلىكىنى تارقىتىش ئۈچۈن، — ئۇنىڭ كۆزىدىكى چاپاقنى بىز ئەمەس،

غازى بەگنىڭ قولى ئارقىلىق ئىلىشنىڭ چارىسىنى قىلىمىز.

— بۇ ئىشتىمۇ يەنە دالدىدا تۇرىمىزكەن ـ دە؟ — دېدى يۈسۈپ خوجا كۈلۈپ.

— شۇنداق، دەرەخكە چىققان ئادەم يىقىلىدىغىنىنى ئۇنتۇپ قالسا، شۇ چاغدا يىقىلغانغا ئوخشاش. بۇ ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش تولىمۇ هوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، كۆپلىگەن ئەمەلدارلار ھەقىقەتنىڭ كىم تەرەپتە ئىكەنلىكىگە ئەمەس، كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىگە قاراپ، شۇ تەرەپكە ئۆتىدۇ.

يۈسۈپ خوجىغا ئاكىسىنىڭ ئۆزلىرى بىۋاسىتە ئارىلاشماي، ھاكىم ـ بەگلەر ئارقىلىق ئىش قىلماق بولغىنى يېقىپ قالدى. «بەلكىم بىر ھېسابتا ياقۇپ خوجامنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ توغرا، — دەپ ئويلىدى يۈسۈپ خوجا، — ھازىر جۇڭغارلارنىڭ تەختى چايقىلىپ تۇرغان بىر پەيتتە ئابدۇۋاھاپ ھاكىملارمۇ ئارىسالدا قالغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىز ئويلىغان ئىشلارنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىسە، ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ، بىز ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىش قىلغان بولاتتى. قېنى، بۇنى ئۇلار كەلگەندە كۆرەرمىز. ئەمما، ئەدەنباي ئاكامنى دەرھال قازاق خانلىرى ئەۋەتكەن ئادەم بىلەن ئۈچرىشىشى ئۈچۈن يولغا سېلىش لازىم...»

## بەشىنچى باب

خۇنتەيجى غالدان سېرىن دەۋرىدە ئۇنىڭ نەزىرىدىن قالغان بىر قىسىم ئادەملەر (نويانلار) لاما تاجىدىن بۇرۇن تەختتە ئولتۇرغان ئەجىنىنىڭ ئوردا ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تىزگىنىنى ھەدىسى لام بىيانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغىنىغا نارازى بولۇپ يۈرگەن نويانلار لاما تاجىنىڭ تەختكە ئولتۇرغىنىنى توغرا دەپ ئويلىشاتتى. بۇلارنىڭ

نەزىرىچە، لاما تاجى غالدان سىرىن ھايات ۋاقتىدىلا ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، قازاق يەرلىرىگە بولغان ئۇرۇشلارغا قاتناشقان تەجرىبىلىك ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇلار لاما تاجىنىڭ دېدەك خوتۇنىدىن تۇغۇلغىنىغا ئېتىبار قىلماي، غالدان سىرىنىڭ چوڭ ئوغلى بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالاتتى.

ئۆز نۆۋىتىدە لاما تاجمۇ تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن ئۆزىنى قوللىغان بۇ نويانلارغا ئوردىدىكى يۇقىرى لاۋازىملارنى بەردى. بىراق، ئوردا ئىشىنى باشقۇرۇپ كۆرمىگەن بۇ ئادەملەر «قولۇڭدىن كەلگەندە قونچۇڭنى باس» دېگەندەك، ئوردىدىكى كونا ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنى بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىرىنى، قەبىلىداشلىرىنى قويدى. ئوردىدىكى چىۋاڭ رابدان دەۋرىدە شەكىللىنىپ، غالدان سىرىن دەۋرىدە تېخىمۇ كېڭەيتىلگەن يوسۇن ـ قائىدىلەر بارا ـ بارا بوشاپ كەتكەندەك بولدى. بۇ ھالەتنى بايقىغان داندار دورغا لاما تاجىغا:

— ئۇلۇغ ئەمىرچىمىزگە ئېيتىدىغان بىر سۆزۈم بار، — دەپ كېلىپ، لاما تاجىنىڭ ئۆزىگە ئېتىبار قىلماۋاتقىنىنى كۆرۈپ گېپىنى يۇتۇۋەتتى. شۇ چاغدا:

— ئارباتۇ خوجىلاردىن خەۋەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى لاما تاجى.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەلدى، ئەمىرچىم، — دېدى داندار دورغا، — بىراق خىراج ئارتىلغان كارۋان ئەتە ـ ئۆگۈن كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇ ئارباتۇلارغا خەۋەر قىل، ئۆگۈنلۈككە قوبۇل قىلىمەن.

لاما تاجىنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرغىنىغا خۇشال بولغان داندار دورغا قايتماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا:

— ئاندىن كېيىن، — دەپ سۆز قاتتى خۇنتەيجى، — دانچىن دورغىغا ئېيتقىن، ھېلىقى ماجالى دېگەننى ئۆگۈنلۈككە

ئوردىغا كەلتۈرسۇن.

— ماقۇل، ئۇلۇغ ئەمرچىم.

— ئەمدى كەتسەڭمۇ بولىدۇ.

※ ※ ※

خۇتەيجىنىڭ ئوردىسى كۆكتۆپە دېگەن دۆڭنىڭ جەنۇبىدىكى تېكەس دەرياسىغا يېقىن تۈزلەڭلىكتە ئىدى. خىراج ئەكەلگەن خوجا ـ هاكىملار ئۈچۈن تىكلىگەن ئۆيلەر ئوردا ۋە نويانلار تۇرىدىغان ئۆيلەردىن ئىككى چاقىرىمدەك يىراق دەريانىڭ بويىدا ئىدى. ئۇۋىسىدىن ئەتىگەندىلا چاراقلاپ چىققان قۇياش يەر ـ جاهاننى شۇنچىلىك ئىسسىتىۋەتتىكى، دەريا بويىدىن سوقۇۋاتقان شامالمۇ ئۆز سالقىنلىقىنى يوقىتىپ ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئىسسىققا چىدىمىغان خوجا ـ هاكىملار ئۆز مەهرەملىرىگە كەرگىلەرگە يېپىلغان كىگىزلەرنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە شامال كىرىپ بىرئاز سالقىنلىق پەيدا بولدى. بىراق، چۈشكە يېقىن بايىلا كۆپكۆك تۇرغان ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ كەتتى. يەر بېغىرلاپ سوققان شامال كىگىز ئۆينىڭ ياغاچلىرىنى غىچىرلىتىۋەتتى ـ دە، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بايا كۈننىڭ ئىسسىقىغا چىدىماي كۆڭلەكچان بولۇۋالغان ئادەملەر پەشمەت ـ پەرىجىلىرىنى كىيىۋېلىشتى. كىگىز ئۆيگە ئۇرۇلغان يامغۇر بىردەم ئاستىلاپ، بىردەم ئىتتىكلەيتتى. گۈركىرەپ چىقىۋاتقان شامال بىردەم كۈچىيىپ، بىردەم پەسىيەتتى.

— ئۆينى ئۇچۇرۇپ كەتمىسە بولاتتىغۇ، — دەپ ۋايىم قىلدى ئابدۇللا باقاۋۇل.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى ياقۇپ خوجا، — ئۆينىڭ ئۈستىدىكى كىگىز يامغۇر بىلەن ئېغىرلىشىۋالدى. بۇ

شامااللار ئانچە تەسىر قىلالمايدۇ.
— شۇنداقتىمۇ، ئۆيىنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىرقۇر ئارغامچا باغلاپ قويساق.
— ئۇنىڭغۇ زىيىنى يوق، بىردەم تەخىر قىلايلى. يامغۇر سەل توختىسۇن.
لېكىن، يامغۇرنىڭ توختايدىغان تۈرى يوق. بىر چاغدا ھاۋانىڭ گۈلدۈرى كۈنچىقىش تەرەپتىن ئاڭلاندى. يامغۇر يەنە شارىلداپ يېغىشقا باشلىدى ـ دە، بىردىنلا توختاپ قالدى. قۇياشنىڭ يۈزى پاللىدە قىلىپ كۆرۈندى. كۆك ئاسماندا بار ـ يوقى يېرىم سائەتتەك ھۆكۈمران بولۇپ، شامااللىرى ئارىلاش يامغۇرلىرىنى تۆكۈۋەتكەن بۇلۇتلارنىڭ بىر قىسمى ئاغىياز، بىر قىسمى ئاتنىڭ تېغىغا سىلجىپ كەتتى. تېكەس ئاسمىنى قايتىدىن مۇسەپپا (پاكىز) بولۇپ قالدى.
— بۇگۈن يەنە قوبۇل قىلالامدىكىنە؟ — دەپ غوتۇلدىدى تاقىتى تاق بولغان يۈسۈپ خوجا، — بۇلارنىڭ ئالدىدا خەسچىلىكمۇ ئېتىبارىمىز بولمىسا.
ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق پىكىر بولسىمۇ، ھېچقايسىسى تېشىغا چىقارماي، تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭغا قارىماي ياقۇپ خوجا:
— دېگەنلىرى توغرا، خوجام، لېكىن سەۋر قىلىشتىن ئۆزگە چارىمىز يوق، — دېدى.
— سەۋر؟ بۇ سۆزگە ئۆمۈر بويى ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتىمىزغۇ.
— يۈسۈپ خوجامنىڭ سەۋر كاسىسى تولۇپتۇ ـ دە، — دېدى خۇش كېيپەك ھاكىم.
— شۇنداق، مېنىڭ سەۋر قاچامنىڭ تۈۋى ھەرقايسىلىرىنىڭكىدەك تۆشۈك ئەمەس.
شۇ چاغدا كىگىز ئۆيىنىڭ قېشىغا بىركىمنىڭ ئاتلىق كېلىپ توختىغان شەپىسى ئاڭلاندى. شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل

ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ:
— داندار دورغا كەپتۇغۇ، — دېدى.
ئۆيدىكىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ مىدىرلىشىپ كەتتى. چۈنكى، بۇ دورغا خان ئوردىسىدىن ياكى نويانلاردىن بىرەر پەرمان بولمىسا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلمەيتتى.
— هازىر ئوردىغا بارىسىلەر. ئۇلۇغ ئەمىرچىمىز كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى داندار دورغا ئۆيگە كىرىپ.
ياقۇپ خوجا باشلىق ئادەملەر دەرهال كىيىنىشكە باشلىدى.
— خىراجىنى قاچان تاپشۇرىمىزكەن؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپ خوجا.
— شۇمۇ گەپمۇ؟ — ئۇنىڭ گېپىنى ياراتمىغاندەك جاۋاب بەردى داندار دورغا، — ئۇ نەرسىلەرنىڭلار تەڭرىتېغىنىڭ بۇ يېقىغا ئۆتكەندىن كېيىن بەربىر ئەمىرچىمىزنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ - دە.
ئۇلار ئۆيدىن چىققاندا باياتىن يەر - جاهاننى مالىمان قىلىپ ياغقان يامغۇر يەرگە سىڭىپ، ئېگىز ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر يالتىراپ، يەلپۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارغا يول باشلاپ ماڭغان داندار دورغا ئېتىنىڭ بېشىنى خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسى تەرەپكە بۇرىماي، دەرياغا يېقىنراق تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەر تەرەپكە ماڭدى ۋە سەككىز كەرگىلىك ئىككى ئۆينىڭ ئارىسىدىكى مەيدانغا توپلانغان بىرەر يۈزدەك جۇڭغارنى كۆرۈپ ئېتىنى دېۋەتتى - دە، ئۇلارغا قاراپ غەزەپلىنىپ ۋارقىرىدى:
— بۇنىڭغا تېخىچىلا قاراپ تۇرىسىلەرغۇ، دورجا؟ مەن بۇنىڭ بويىنىغا تاش باغلاپ دەرياغا تاشلىۋېتىڭلار دېگەنغۇ؟ نېمىشقا دېگەننى ئورۇنلىمىدىڭلار؟
«بۇ نېمە ئالامەت؟» دەپ ئويلاشتى خوجىلار بىلەن هاكىملار، چۈنكى بۇ يەرگە توپلىنىپ تۇرغان جۇڭغارلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆمۈرچىلەر ئات تاقىلايدىغان دارغا ئوخشاش ياغاچتا بىر ئادەم ئېسىقلىق تۇراتتى. بۇ رەهمەتلىك يوغان، گەۋدىلىك ئادەم

ئىدى. قىزىل ئۆتۈك كىيگەن پۇتى يەردىن بىر غېرىچتەك ئېگىزلىكتە پۇلاڭلايتتى.

«بۇ كىمكىنە؟» دېگەن ئويغا كەلگەن ياقۇپ خوجا ئېتىنى دېۋىتىپ، دارغا يېقىنراق كېلىپ قارىسىمۇ، بويىنىنى قىل ئارغامچا بوغۇپ كەتكەچكە، ئېڭىكى گەۋدىسىگە تاقىشىپ، يۈزى تۆۋەنگە قاراپ قالغان جەسەتنى تونۇيالمىدى. بۇ جازالانغان جۇڭغارنىڭ يەڭلىرىدىن، قونچىنىڭ تېشىغا چىقىرىۋەتكەن پۇچقىقىدىن تامچە چۈشۈۋاتقىنىغا قارىغاندا، ئۇنى بايىقى يامغۇرنىڭ ئالدىدا ئېسىپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

دانىدار دورغىنىڭ غەزەپ بىلەن ئېيتقان گەپلىرىنى ئاڭلىغان بىر جۇڭغار ھىراۋۇلى بېلىدە ساڭگىلاپ تۇرغان قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ دار ياغىچىنىڭ يۇقىرىغا باغلانغان ئارغامچىنى كېسىپ، جەسەتنى يەرگە چۈشۈردى. يەنە بىر ھىراۋۇل دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ جەسەتنى سۆرەپ، دەريا تەرەپكە ماڭدى. شۇ چاغدا بايىقى قىلىچى بار جۇڭغارغا قارىغان دانىدار دورغا:

— دورجا، سەن نېمىشقا قاراپ تۇرىسەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغىن، بويىنىغا تاش باغلاشنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن، — دېدى. ياقۇپ خوجا دانىدارغا قاراپ:

— بۇ كىم بولىدۇ، دورغا؟ تونۇيالمىدىمغۇ؟ — دېدى.

— بۇ مەرھۇم سىپتەن نوياننى ئۆلتۈرگەن ماجالى دېگەن قاتىل، — دېدى ئۇ.

«ئاشۇ بىر يىلى ساغا نويانىنىڭ توقىلى بىلەن دانىلىشىپ يۈرىدۇ دەپ گېپى چىققان ماجالى باتۇر ئەمەستۇ، — دەپ ئويلىدى ياقۇپ خوجا، — ئەگەر شۇ ماجالى بولسا سىپتەن نويانىنى ئۆلتۈرگۈدەك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نېمە ئىش ئۆتكەندۇ؟ ئۇلار ئارىسىغا قىل سىغمايدىغان كۆڭلى يېقىن ئادەملەر ئىدىغۇ ...»

— مەشەدە ئاتتىن چۈشەيلى، — دېدى دانىدار دورغا.

ئىككى - ئۈچ ئات باغلاقلىق تۇرغان كەرمىنىڭ قېشىغا

كېلىپ، ئۇلار كەرمىگە ئاتلىرىنى باغلىغاندىن كېيىن داندار دورغىنى سوڭداپ ئوردا تەرەپكە ماڭدى.

※ ※ ※

ئادەتتە ئاتىسىدىن قالغان قورۇ ـ جايغا مىراسخور بولغان بالا ئۇ جاينىڭ ئۆز پىسەنتىگە توغرا كەلمىگەن جايلىرىنى بۇزۇپ ياكى تەمىر قىلىپ باشقىچە ياسىغىنىغا ئوخشاش، خۇنتەيجى غالدان سىرىندىن قالغان بۇ ئوردىنى بىر مەزگىل ئىگىلىگەن ئەجىن ئاتىلىرىمدىن مىراس قالغان ئۇلۇغ يادنامە دەپ ئەتىۋارلاشنىڭ ئورنىغا، نويانۇ زايسانلارنىڭ قىزلىرى، چىرايلىق چوكانلىرى بىلەن ئويناپ ـ كۈلىدىغان، ئەركە هارىقىنى ئىچىپ ۋىسال دەملىرىنى ئۆتكۈزىدىغان جىن ئويناققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بۇ بالا خۇنتەيجىنىڭ ئېگىچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاشنىلىرى بىلەن كۆڭۈل خۇشلۇقى قىلاتتى. هاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئېگىچىلىرى ياخشى كۆرگەن نويانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

لاما تاجى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن جۇڭغار ئوردىسىنىڭ بۇرۇنقى هەيۋىسىنى ئەكسىگە كەلتۈرۈشنى ئويلىسىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى هاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كۆرمىگەن نويانلار ئورىۋالغانىدى. ئۇلار بىلەپ تۇرمىسا كەسمەيدىغان پىچاققا ياكى بۇيرۇپ تۇرمىسا ئۆزى بىلىپ ئىش قىلمايدىغان يالقاۋ چاكارلارغا ئوخشايتتى.

«بىر هېساپتا ئۇلارنىڭ مۇنداق بولغىنىمۇ ياخشى، ـــ دەپ ئويلايتتى لاما تاجى، ـــ لېكىن هاكىمىيەت ئىشى دېگەن كەڭ كۆلەملىك مۇرەككەپ ئىش بولۇپ، ئۇنى بىر ئادەمنىڭ بېجىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن ـ دە. ‹ئولىشىپ كۆتۈرگەن يۈك يېنىك› دېگەندەك، هاكىمىيەت ئىشلىرىنىمۇ بىر

مەسلەكتىكى بىرنەچچە ئادەم ئولىشىپ ئىشلىسە نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. بىراق، شۇ بىرنەچچە ئادەم قېنى؟ شاھدارمۇ؟ ئۇباشمۇ؟ سايىن بۆلەكمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يۇغۇرسا سانى نوياندەك بىر ئادەم بولمايدۇ. لېكىن، ھازىرچە بارىغا قانائەت قىلىش كېرەك. بەزى ئادەملەر گال پىچاقنى بىلەپ ئۆتكۈر پىچاقىقا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بەزى ئاتۋازلار قاتراشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئاتلارنى يۈتىغا يىپ باغلاپ مۇزنىڭ ئۈستىدە يۇقىرى - تۆۋەن ماڭدۇرۇپ يورغا ئاتلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ...»

ئوردىغا كىرگەن داندار دورغا ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئۇلۇغ ئەمرچىم، ئارباتۇ خوجىلار بىلەن ھاكىم - بەگلەر كەلدى.

— باشلاپ كىر، — دېدى خۇنتەيجى.

ياقۇپ خوجا ئوردىغا كىرىپلا ئۇنىڭ ئىچىدىكى جاھازلارنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بايقىدى. ھەممىشە تەختىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرىدىغان يوغان قارا ساندۇقلار ئىشىكتىن كىرگەندىكى سول تەرەپكە قويۇلغانىدى. تەختكە ھەيۋەت بېرىش ئۈچۈن تۆر تەرەپتىكى كەرگىگە كېرىپ قويۇلغان بىر جۈپ يولۋاس تېرىسى ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى تال كۆك بۆرىنىڭ تېرىسى سېلىنغانىدى.

— خوجىلار بىلەن ھاكىملار سالامەت كەلگەندۇ؟ — دەپ سورىدى لاما تاجى غالدان سىرىنگە ئوخشاش كىبىرى بىلەن.

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ شان - شۆھرىتى ئاشقاي، — دېدى ياقۇپ خوجا بىر قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، — ھەممىمىز ئەمرچىمىزنىڭ غەمخورلۇقىدا چارچىماي كەلدۇق.

— قېنى، ئولتۇرۇڭلار، — خۇنتەيجى سول تەرەپتىكى كۆرپىلەرگە ئىشارەت قىلدى ۋە شاھدار تەيجىگە قاراپ، — سىز مۇنۇ تەرەپكە، سايىن بۆلەكنىڭ قېشىغا يۆتكىلىڭ، — دېدى.

ئاندىن تېخىچە بوسۇغىدا ئۆرە تۇرغان داندار دورغىغا، — مېھمانلارغا قىمىز كەلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى ۋە ياقۇپ

خوجىلارغا قاراپ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان نويانلارنى تونۇشتۇردى. شۇ ئارىدا ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن ھىراۋۇل قىزىل يوللۇق داستىخاننى ياقۇپ خوجىلارنىڭ ئالدىغا يايدى - دە، قايتىپ چىقىپ گىرۋىكى بىلەن بىقىنلىرىغا كۈمۈش يالىتىلغان بىر دەستە ئاياقنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇنىڭغا سوغدىشىپلا يوغان ئىككى تورسۇق كۆتۈرگەن سېمىز ھىراۋۇل كىرىپ بايىقى ئاياقلارغا قىمىز قۇيۇشقا باشلىدى. ئۇ ھەربىر ئاياققا قىمىز قۇيۇشتىن ئىلگىرى قولىدىكى تورسۇقنى چايقاپ قوياتتى. خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىدا بۇنداق ھۆرمەتكە ئىگە بولىمىز دەپ ئويلىمىغان بېقىندى ئەمەلدارلار «بۇ ھۆرمەتنىڭ تېگىدە نېمە غەرەز باردۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ سۈكۈت قىلىشتى.

ياقۇپ خوجا ئۆزىگە سۇنۇلغان ئاياقنى ئورنىدىن تۇرۇپ خۇنتەيجىگە سۇندى.

— خوجىنىڭ ئۆزى ئىلتىۋەرسۇن، — دېدى ئۇ.

— سىزدىن بۇرۇن ئالسام ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ - دە، — دېدى ياقۇپ خوجا.

— ئۇلۇغ ئەمىرچىمىزگە قىمىز قۇيىدىغان ئاياق مانا، — دېدى داندار كۈمۈش ساپلىق يوغانراق ئاياقنى قىمىز قۇيۇۋاتقان ھىراۋۇلغا سۇنۇپ.

— «ئاسقاق قوي چۈشتىن كېيىن مەرەيدۇ» دېگەندەك بولدى - دە، — دېدى خۇنتەيجى ۋە ھىراۋۇلغا قارىدى، — ماڭا ئۆزۈمنىڭ ئايىقىمغا، ئاندىن مۇنۇ نويانلارغا قۇي.

سېمىز ھىراۋۇل نويانلارغىمۇ كۈمۈش ساپلىق ئاياقلارغا قىمىز قۇيۇپ ئۇزاتتى، ئاندىن بېقىندى ئەمەلدارلارغا قىمىز قۇيۇلغان ئاياقلارنى سۇندى.

— قېنى قىمىز ئىچىڭلار، — دېدى خۇنتەيجى كۈمۈش ساپلىق ئاياقنى ئاغزىغا ئاپىرىپ، ئاندىن باشقىلارمۇ ئالدىدىكى ئاياقلارغا قول سۇنۇشتى، — ئۆزۈڭلارنىڭمۇ خەۋىرى باردۇ، — دېدى بىر چاغدا خۇنتەيجى ئىچىدىكى قىمىزنى يېرىملاشقان

ئاياقنى يېنىغا قويۇپ، — بىزدە «ھوشى بار بالا ئاتىسىدىن قالغان مىراسنى ئالايدۇ، ھوشى يوق بالا بۇزۇپ - چاچىدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاتامدىن قالغان تاجۇتەختىنىڭ سەلتەنەتىنى كىچىك ئانىمىزدىن تۇغۇلغان باللار ساقلاپ قېلىشنىڭ ئورنىغا بۇزۇپ - چاچتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى نويانلار ئەگرى قولىرى بىلەن خەزىنىمىزنى قۇرۇتقداشقا كىرىشتى. خانلىقىمىزنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى. بۇ ھالغا تاقەت قىلالماي ھاكىمىيەت ئۈستىگە ئۆزۈم چىقتىم - دە، مۇنۇ باتۇر نويانلار بىلەن جۇڭغار خانلىقىنى ئاتام بار چاغدىكىدەك ئەھۋالغا كەلتۈرمەك بولۇۋاتىمەن، — ئۇ قولىدىكى ئاياقتىن يەنە ئىككى يۇتۇم ئىچىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — «ئوتنىڭ يورۇقى قاراڭغۇدا كۆرۈنىدۇ» دېگەندەك، خانلىقىمىزنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە، ئۇنىڭ شان - شۆھرىتىنى ساقلاپ قېلىشقا كۈچ چىقارغان ئادەملەرنىڭ بىرسى سېپتەن نويان ئىدى. ئۇنى نەمكۇ جىرغال، كۈنبېي ۋە ئورۇس نويان دېگەنلەر ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى، بىراق بىز، يەنى مۇنۇ ئولتۇرغان ساين بۆلەك، ئۇباشى، شاھدار تەيجىلەر ئاتامدىن قالغان مۇبارەك تەختنى ئىگىلەپ، خانلىقىمىزنىڭ سەلتەنەتىنى ساقلاپ قالدۇق. خانلىقىمىزنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرگەن نويانلارنى يەر بىلەن يەكسەن قىلدۇق. بايا بۇياققا كېلىۋېتىپ كۆرگەن بولۇشۇڭلار كېرەك، مەرھۇم سېپتەن نويانىنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرگەن ماجالىسىنى ئۇ دۇنياغا يولغا سالدۇق. سىلەردىن رازى بولغىنىمىز شۇكى، ئاشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ئۆز قاياشىمىز دەپ يۈرگەن نويانلاردەك بىزدىن يۈز ئۆرۈمىدىڭلار. بۇۋام چىۋاڭ رابدانىنىڭ زامانىسىدا بارلىققا كەلگەن دوستلۇقىمىزنى ساقلاپ كەلدىڭلار. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇنۇ نويانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سىلەردىن ئالىدىغان خىراجىتنىڭ يېرىمىنى كەچۈرۈۋەتتىم. ئەگەر مۇشۇ دوستلۇقىمىز مۇشۇنداق داۋام

قىلسا، كۆزگە تارتىپ قەشقەرىيەنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان ئامبۇنلار بىلەن لەشكەرلەرنىڭ سانىنى ئازايتىمەن، — ئۇ گېپىنى مەشەدە توختىتىپ نويانلارغا قارىدى، — سىلەرنىڭ گەپ - سۆزۈڭلار بارمۇ؟

— مېنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىم بار، — دېدى سايىن بۆلەك ياقۇپ خوجىغا قاراپ، — ئۇلۇغ ئەمرچىمىز سىلەرگە خىراجىنىڭ يېرىمىنى كەچۈرۈم قىلىپ، تاپقان ئاتاڭلارنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ياخشىلىقنى قىلدى. بۇ «خىراجىنىڭ يېرىمى يانچۇقۇڭلاردا قالسۇن» دېگەن سۆزدۇر. ئەمرچىمىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى ئېسىڭلاردا تۇتۇپ، خانلىقىمىزغا يار - يۆلەك بولۇشنى بىر سائەتمۇ ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار.

— مېنىڭ قوشۇمچە قىلىدىغىنىم، — دېدى شاھدار تەيجى، — ئەمرچىمىزنىڭ بۇ كەڭچىلىكى جۇڭغارلارنىڭ يېقىن كۆرگەن ئادىمىگە ئات مىندۇرۇپ، تون كىيدۇرگىنىگە ئوخشاشتۇر. بۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئۇلۇغ ئەمرچىمىزگە ھەر دائىم پەرمانبەردار بولۇڭلار.

— سىلەرچۇ، — دەپ سورىدى خۇنتەيجى ياقۇپ خوجىلارغا قاراپ.

— سىلى گەپ قىلسىلا، — دېيىشتى ئۇلار ياقۇپ خوجىغا.

— بوپتۇ، گەپ قىلسام قىلاي، — دېدى ياقۇپ خوجا، — ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر ئېيتىمىز. يىللىق خىراجىنىڭ يېرىمىنى كەچۈرۈم قىلىش دېگەن سۆز قەشقەرىيەدىكى نەچچە مىڭلىغان پۇقرالار يەيدىغان ناننىڭ يېرىمىنى سۇندۇرۇۋالماسلىق دېگەن سۆزدۇر. بۇ كەڭچىلىكتىن كۆپلىگەن پۇقرالار خۇشال بولىدۇ. ئاندىن كېيىن بىزنىڭ ئاتىلىرىمىز بۇ دۇنيادىن ئۆتكۈچە جۇڭغار خانلىقىنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. خۇدا خالىسا بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز. ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ دىيارىمىزنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن قويۇلغان ئامبۇنلار بىلەن لەشكەرلەرنىڭ سانىنى

www.uyghurkitap.com

قىسقارتىشنى ئويلىغانلىقىمۇ دانالىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. دانىشمەنلىكى چەكسىز ئۇلۇغ ئەمرچىمىزدەك ۋە سايىن بۆلەك، ئۇباشى ھەم شاھدار تەيجىلەردەك ئەقىل ـ پاراسەتتە تېگى يوق نويانلار باشقۇرۇۋاتقان جۇڭغار خانلىقى مەۋجۇت ئىكەن، بىزگە ھېچبىر ئەل، ھېچبىر ئايماق نەيزە كۆتۈرۈپ كېلەلمەيدۇ.

— ئەمىسە بۇ كىشىلەرنى ئاشخانىغا ئاپىرىپ مېھمان قىلىڭلار، — دېدى خۇنتەيجى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى قوبۇل مۇراسىمىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

※ ※ ※

«مېنىڭ بۇ نويانلىرىمدا مۇنۇ ئارباتۇ خوجىدەكمۇ پاراسەت يوق ئىكەن ـ دە ، — دەپ ئويلىدى خۇنتەيجى، — يىلىلىق خىراجىنىڭ يېرىمىنى كەچۈرگىنىمنى سايىن بۆلەك ‹خىراجىنىڭ يېرىمى يانچۇقۇڭلاردا قالىدۇ› دەپ چۈشەندۈردى. شاھدار تەيجى: ‹جۇڭغارلارنىڭ تامىرىغا (ئاغىنىسىگە) ئات مىندۈرۈپ، تون كىيدۈرگىنىگە ئوخشاش› دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ گېپى سايىن بۆلەككە قارىغاندا سىلىق ـ سىپايە بولسىمۇ، لېكىن ياقۇپ خوجا: ‹بۇ ئىلتىپاتىڭىز قەشقەرىيەدىكى نەچچە مىڭلىغان پۇقرالارنى خۇشال قىلىدۇ› دېدى. ئاتام رەھمەتلىك: ‹ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ئادەملەردە شۇ ھاكىمىيەتنىڭ سەلتەنەتىگە لايىق سالاھىيەت بولۇشى لازىم› دەيدىغان. بايا مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا ئىچى پۇشۇپ دېگەنىكەن ـ دە. ئۇلارغا قارىغاندا شىلتىگەن قول، ئاتقان ئوقتا ئوخشاش ۋەزىپىنى ئورۇنلايدىغان دورغىلار بىلەن ھىراۋۇللاردىن رەنجىشنىڭ ھاجىتى يوق. خۇدايىم بۇلارنى ياراتقاندا بېشىنىڭ ئىچىگە ئارپىنىڭ دېنىچىلىك ئەقىل سېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان. بولمىسا ئۇلار مەن بىلەن ئوردا نويانلىرى تۇرغاندا ئارباتۇ

خوجىلارغا قىمىزنى بالدۇر قۇيامدۇ؟ بۇلارغا قارىغاندا ياقۇپ خوجا دانالىق قىلىپ ھۆرمىتىمنى قىلدى. ئۇ ئادەم قانچە دېگەن بىلەن بىرنەچچە يىل ئارىمىزدا يۈرۈپ ئوردا تەربىيەسىنى ئالغان ــ دە...»

ــــ ئۇلۇغ ئەمرچىم، ــــ دېدى شاھدار تەيجى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، ــــ خوجىلار ئەكەلگەن خىراجنى شۇ يەرگە بېرىپ تاپشۇرۇۋالايمۇ؟ ياكى...

خۇنتەيجى ئۇنىڭغا يامان كۆزى بىلەن قارىدى ــ دە:

ــــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سەن دېگەن خانلىقىمىزدىكى مەندىن كېيىن ئۈچىنچى ئادەم. شۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ يوغان بېشىڭنى كىچىك قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغىنىڭ ئۇيات ئەمەسمۇ؟ «خىراجنى تاپشۇرۇڭلار !» دەپ بۇيرۇق بەرسەڭ، شۇنچە يىراق يەرلەردىن خىراج ئەكەلگەن ئارباتۇ خوجىلار ئالدىڭغا ئەكەلمەمدۇ؟ ــــ دېدى.

ــــ ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ دېگىنى توغرا، ــــ دېدى سايىن بۆلەك، ــــ ئۇلارغا ھۆكۈم قىلالمىساق، ھۆكۈمران بولالمايمىز.

ــــ سايىن بۆلەك توغرا دەيدۇ. بىراق، ھۆكۈمران بولۇشنىڭمۇ تۈرلۈك قوپال، يۇمشاق شەكىللىرى بار. بىز ھازىر ئۇلۇشكۇنى كېلىشكىنىمىزدەك يۇمشاق شەكىلنى قوللىنىشىمىز كېرەك. شۇڭا، ھازىر ئۇلارغا دورغىلارنىڭ بىرسىنى ئەۋەتىڭ. ئارباتۇلار تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن خىراجنى تاپشۇرسۇن.

※ ※ ※

خىراج ئارتىلغان ئۇلاغلارنى ئوردىنىڭ غەربىي تەرىپىدە توختىتىپ، داندار دورغا شاھدار تەيجىنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ تېخىچىلا ئۆيگە بارماي خۇنتەيجىنىڭ قېشىدا ئىدى.

ــــ خىراجنى ئەكەلدىم، ــــ دېدى دورغا ئوردىغا كىرىپ

سالام بەرگەندىن كېيىن شاھدار تەيجىگە، — قەيەرگە چۈشۈرۈشنى بىلمەيۋاتىمەن.

— نېمىشقا؟ بۆرۈن قەيەرگە چۈشۈرەتتىڭلار؟ — دەپ سورىدى خۇنتەيجى.

— بۆرۈنلاردىمۇ خىراج كېلەرگە يېقىن ئىككى ـ ئۈچ يەرگە ئالاھىدە ئۆي تىكىلەتتى.

— نېمىشقا شۇ ئۆيلەرنى تىكمىدىڭلار؟

— تىكىشنىغۇ تىككەن، ئۇلۇغ ئەمىرچىم، ئۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىسىگە بورتالادىن ئۇباشى نويانىنىڭ كۆچى (يۇك ـ تاقلىرى) يېتىپ كەلمەي، شۇ كىشىنىڭ بالىچاقىسى ئورۇنلاشقانىدى. يەنە بىرسىگە ئۇ كىشىنىڭ ئۆي خىزمىتىنى قىلىدىغان ئادەملەر جايلاشقانىدى.

بۇ گەپتىن كېيىن خۇنتەيجى باشلىق ھەممەيلەن بىر دەقىـقە جىمىپ قالدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېلىنغان خىراجنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەيتتى. غالدان سېرىننىڭ ۋاقتىدا ھەر يىلى كەلگەن خىراجنى يارۇغچى نويان قۇمغا سىڭگەن سۇدەك بىردەمدىلا مەخسۇس ئۆيلەرگە چۈشۈرۈۋېتەتـتى، ھەتتا ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇ خىراجلارنىڭ قەيەرگە چۈـشۈرۈلگەنلىكىنى بىلمەي قالاتتى.

— قانداق قىلساق بولىدىكىنتاڭ؟ — دېدى بىر چاغدا ئامالسىز قالغان شاھدار تەيجى خۇنتەيجىگە تەلمۈرۈپ.

— ھازىرچە ئوردىنىڭ ئەتراپىغا چۈشۈرۈڭلار، ئاندىن مەخسۇس ئۆي تىكىپ، شۇ يەرگە يۆتكەڭلار، — دېدى خۇنتەيجى.

— خوپ، ئۇلۇغ ئەمىرچىمىز، — دەپ داندار دورغا ئوردىدىن چىقتى ـ دە، خىراج ئارتىلغان ئۇلاغلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇلارنى خان ئوردىسىنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ، — تولا ۋاڭ ـ چۇڭ قىلماي مەشەگە چۈشۈرۈڭلار، — دېدى.

※ ※ ※

تۈنۈگۈن خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىدا بولغان گەپ - سۆزلەر ھەركىمگە ھەر تۈرلۈك تەسىر قىلدى. «بۇ خۇنتەيجىنىڭ پۇت - قولىمىزنى باغلىغان ئارغامچىنى بىرئاز بوشىتىپ بىزنىڭ غېمىمىزنى قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ تېگىدە بىزگە نامەلۇم سەۋەبلەر بولسا كېرەك. بولمىسا تاجۇتەخت ئۈچۈن ئۆز قاياشلىرىنى ئۆلتۈرگەن لاما تاجى نېمە ئۈچۈن بىزگە بۇنداق كەڭچىلىك قىلىدۇ؟...» دەپ ئويلايتتى ياقۇپ خوجا. لېكىن، بەزى ئەمەلدارلار «بۇ ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ كەڭچىلىكى» دەپ خۇشال بولۇشتى. بەزىلىرى «خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى قىلىپ كېلىۋاتقان نالە - زارى ياراتقان ئىگەمنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ جورىشتى. ئابدۇۋاھاپ بەگ بىلەن غوجاش بەگلەر سايىن بۆلەكنىڭ: «ئەمرچىمىزنىڭ بۇ كەڭچىلىكى — خىراجىنىڭ يېرىمى يانچۇقۇڭلاردا قالسۇن دېگەن سۆزدۇر» دەپ ئېيتقىنىنى ئاڭلىغاندا، خۇددى قارۇننىڭ خەزىنىسىگە يولۇقۇپ قالغاندەك خۇشال بولۇشتى. لېكىن، بۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر - بىرىگە چىش يېرىپ ئېغىز ئاچمىدى. ياقۇپ خوجا بىلەن يۈسۈپ خوجىلار مەھرەملىرى بىلەن بىر ئۆيدە ياتقان بولسىمۇ، ئۆز خىياللىرى بىلەن بولۇپ پاراڭلاشمىدى. پەقەت ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن داندار دورغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ كۇچا ھاكىمىنى ئەكەتكەندىن كېيىنلا:

— بۇ دورغا ئابدۇكېرىم بەگنى نېمىشقا بۇنچە ئالدىراش ئېلىپ ماڭغاندۇ؟ — دېدى ياقۇپ خوجا.

— مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران، — دېدى يۈسۈپ خوجا.

— دورغىنىڭ قاپىقى بۆلەكچىلا تۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ھەر - ھالدا ياخشىلىق بولسا بولاتتىغۇ.

يۈسۈپ خوجا گەپ قىلمىدى - دە، ياتىقىدىن چىقىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا كېلىۋاتقان خۇش كېپەك ھاكىمنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

— دورغىنىڭ ئەلپازى بۆلەكچىلىغۇ؟ — دېدى ئۇ يۇسۇپ خوجا بىلەن سالاملىشىپ.

— مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران، — دېدى ئۇ.

※ ※ ※

ئابدۇكېرىم بەگنى داندار دورغىنىڭ ئۆگسۈلى يوق ھالدا ھەيدەپ دېگۈدەك ئەكىتىشى بېقىندى ئەمەلدارلارنى ھەر تۈرلۈك ئوي - خىياللارغا سېلىۋەتتى. «بۇنىڭمۇ قاپىقى يېرىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغان، — دەپ ئويلىدى ئابدۇۋاھاپ بەگ ، — ھە دېسىلا بۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، ئاغزىدا شەھەر ئالاتتى.» غازى بەگ بولسا «ئىگەمنىڭ ئارغامچىسى ئۈزۈن بولىدۇ. بەزىدە ئۇنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىدۇ - دە، بەزىدە يىغىپ تارتىۋالىدۇ، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا دۇچار بولۇشتىن خۇدا ساقلىسۇن. ئابدۇكېرىم بەگ خۇنتەيجىنىڭ ئەنە شۇنداق ئارغامچىسىنى تارتقان ۋاقتىغا ئۇچراپ قالدىمىكىن؟» دەپ ئويلىدى.

بەزى ئەمەلدارلار تېخى بىرەر قارارغا كېلەلمەي تۇراتتى، ئوردا تەرەپتىن كۆلگىنىچە ئابدۇكېرىم بەگ قايتىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ بېقىندى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا مەھرەملىرىگىچە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— دورغا بىللە كەلمەپتۇغۇ؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ خوجا.

— بىللە كەلگەن، ئۇ ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇكېرەم بەگ.

— ئەمرچىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا بولدىلىمۇ؟

— ياق، شاھدار تەيجىنىڭ ئالدىدا بولدۇم.

— بۇ گەپلىرىگە باقاندا، ئەكەلگەن خىراجلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەن - دە.

— شۇنداق. يەنە شۇ «قوغۇن قېقى» چاتىقى، — دېدى كۈلۈپ.
— ئۇنىمۇ ئالغاچ كەلدىم دېگەندەك قىلىۋېدىلىغۇ.
— شۇنداق، ئالغاچ كېلىۋېدىم. بىراق، گۆش بىلەن سۈت ـ قېتىقتىن بۆلەك نەرسىنى كۆرمىگەن شاھدار تەيجى گۇمانلىنىپ، ئازراق قاقنى ئۆزۈمگە يېگۈزۈپ كۆردى.
بۇنداق بولغىنى شاھدار تەيجى ئابدۇكېرىم بەگ ئەكەلگەن خىراجلارنىڭ ئىچىدە بىقىنىغا «خۇنتەيجى جانابلىرىنىڭ كۆڭۈل ئاچارىغا» دەپ يېزىلغان خۇرجۇننى ئېچىپ قارايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاق ماتاغا ئوراپ سېلىنغان بىرمۇنچە قوغۇن قېقىنى كۆرۈپ ھەيران بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، داندار باشلىق بىرنەچچە كىشىدىن سورايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۆمرىدە بۇنداق نەرسىنى يېيىش بۇياقتا تۇرسۇن، تۇتۇپ كۆرمىگەن شاھدار تەيجىدە گۇمان پەيدا بولىدۇ ۋە داندار دورغىغا: «دەرھال ئابدۇكېرىم بەگنى چاقىرىپ كەلگىن» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. بۇنداق ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا ئالدىغا ئادەم سالىسىنى ئۆتكۈزمەيدىغان داندار دورغا ئابدۇكېرىم بەگنى چىغ تۇۋىدە ياتقان توشقانغا چاڭگال سالغاندەك تۇتۇپ، شاھدار تەيجىنىڭ ئالدىغا يەتكۈزىدۇ. «بۇ خۇرجۇندىكى نېمە؟ » دەپ سورايدۇ شاھدار تەيجى ئۇنىڭ سالىمىنىمۇ ئىلىك ئالماي.
— «قوغۇن قېقى» دەيدۇ ئابدۇكېرىم بەگ. «بۇنى نېمە قىلىدۇ؟ نېمىشقا ئەكەلدىڭ؟» «بۇ قوغۇن دېگەن نەرسە بولۇپ، بىزنىڭ خەق بۇنى تېرىپ، ئۆستۈرۈپ يەيدۇ. بازارغا ئاپىرىپ ساتىدۇ. ئېشىپ قالغىنىنى گۆشىنى بوجىلىغاندەك تىلىپ ئاپتاپقا يېيىپ قاق سالىدۇ. بۇنى ئالغاچ كەلگىنىم ئاشۇ بىر يىلى ئەمرچىمىزنىڭ ئۆزى كۇچاغا بىر ئاتلىق ئادەم ئەۋەتىپ مۇشۇ قاقتىن ئالدۇرغانىدى. بۇنى بىزدە سېرىك بولغان خوتۇنلار يەيدۇ. بۇنى يەپ سېرىكى قانغان خوتۇنلار قوچقاردەك

ئوغۇللارنى تۇغىدۇ ...»

«جە، ماۋۇنى ئۆزۈڭ يەپ كۆرسەت» دەيدۇ شاھدار تەيجى.

ئابدۇكېرىم بەگ ئۇنىڭ قولىدا بىر ئۇچى ساڭگىلاپ تۇرغان قوغۇن قېقىنى ئېلىپ يېيىشكە باشلايدۇ. شاھدار تەيجى باشلىق جۇڭغارلار ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ مىدىرلىشىغا قاراپ تۇرۇشىدۇ.

«جە ! — دەيدۇ بىر چاغدا شاھدار تەيجى، ئاندىن داندار دورغىغا قاراپ بۇيرۇق قىلىدۇ، — بۇنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قوي.»

داندار دورغا ئابدۇكېرىم بەگنى ئەكەتكەندىن كېيىن شاھدار تەيجى قوغۇن قېقىدىن بىر پارچىنى ئاغزىغا سېلىپ تېتىپ كۆرىدۇ ۋە ئۆمرىدە كۆرمىگەن بۇ نەرسىنىڭ تەمىدىن ھۇزۇرلىنىپ «توۋا، دۇنيادا بۇنداقمۇ شېرىن نەرسىلەر بولىدىكەنە. بۇنى لاما تاجىنىڭ كۆڭۈل ئاچارىلا ئەمەس، مېنىڭ كۆڭۈل ئاچارىمۇ يەپ كۆرسۇن» دېگەن ئويغا كېلىپ، بىر چاڭگال قوغۇن قېقىنى ياغلىقىغا ئوراپ خۇرجۇنىغا سېلىۋالغانىدى.

— بۇ گەپلىرىچە، شاھدار تەيجى سىلى ئەكەلگەن قوغۇن قاقلىرىغا زەھەر ئارىلاشتۇرغانمىكىن دېگەن ئويغا كەپتۇ - دە، — دېدى يۇسۇپ خوجا.

— شۇنداق. بۇلار بىزدىن قۇسۇر ئىزدەپ، جازالاشقا ئۆگەنگەن خەققۇ ...

شۇ كۈنى كەچتە داندار دورغا بېقىندى ئەمەلدارلار تۇرغان ئۆيگە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشى ئۈچۈن خۇنتەيجىنىڭ رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

— دورغا، — دەپ ئۇنى بىر چەتكە ئېلىپ باردى ياقۇپ خوجا، — مېنىڭ ئۇلۇغ ئەمرچىمگە ئېيتىدىغان ئىلتىماسىم بار ئىدى. قوبۇل قىلارمۇ؟

— ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ، مەن بۇ تىلىكىڭىزنى ھازىرلا يەتكۈزىمەن.

شۇ چاغدا ئۆلارنىڭ قېشىغا كەلگەن يۇسۇپ خوجا داندار دورغىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— مەنمۇ سىز بىلەن ئوردىغا بارسام. ئەمىرچىمىزگە ئىلتىماسىم بار ئىدى.

— بوپتۇ. لېكىن، ئۇ كىشىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى بىلمەيمەن.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما مېنىڭ خاھىشىمنى يەتكۈزسىڭىز.

— بولىدۇ.

ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنىڭ ئۆزىگە ھاجىتى چۈشكىنىدىن خۇشال بولغان داندار دورغا ئۆلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىغا ماڭدى ۋە ئۆلارنىڭ ئىلتىماسىنى خۇنتەيجىگە يەتكۈزدى. ھەر ئىككى خوجا خۇنتەيجىنىڭ ئالدىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا قايتىپ چىقتى. لاما تاجى ياقۇپ خوجىغا گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان بالىچاقىلىرىنىڭ قېشىدا ئىككى كۈن بولۇشقا، يۇسۇپ خوجىغا ئاكىسىنىڭ قىرىق نەزىرىنى ئۆتكۈزۈپ قايتىشقا رۇخسەت قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ بېقىندى ئەمەلدارلارنىڭ بىر قىسمى مەھرەملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كۈنچىقىش تەرەپكە، يەنە بىر قىسمى تېكەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، كۈنپېتىش تەرەپكە ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى قىسىم

## بىرىنچى باب

يامغۇرنىڭ كۆپ يېغىشى ياكى كۈننىڭ ئىسسىشى بىلەن ئېگىز تاغلاردىكى قارلارنىڭ ئېرىشى سەۋەبلىك دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ سۈيى كۆپىيىپ ئۆز قىنلىرىغا سىغماي قالىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق پەيتتە ئېقىن ياكى دەريا گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ نەزەر سالسىڭىز، چۈشتىن بۇرۇن دەريا ئېقىمىنىڭ سول قىرغىقىنى يالاپ ئېقىۋاتقان سۇلار چۈشتىن كېيىن ئوڭ قىرغىقىنى يالاپ ئاققىنىنى، ئەتىسى بولسا پۈتۈنلەي باشقا يەردىن ئېقىن پەيدا قىلغىنىنى كۆرىسىز.

تەبىئەتتە بولىدىغان بۇنداق ھالەتلەر يەر چاناپ، سۇ تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ھەممە ئادەملەرگە مەلۇم. لېكىن، جەمئىيەتتە يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللارنى مۆلچەرلەش كۆرگەنلا ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن. مەسىلەن، خۇنتەيجى غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئەھۋاللارغا ئوخشاش، ھازىر جۇڭغار تەختىدە ئولتۇرغان لاما تاجىمۇ بۇ تەختتە مەڭگۈ ئولتۇرىمەن دەپ ئېيتالمايتتى. ئۇ جۇڭغار قەبىلىلىرىنى ئاتىسىدەك باشقۇرۇپ كېتىشكە ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى نويانلار ئەمدى خۇنتەيجىلىك نۆۋىتى بىزگە تېگىشلىك دەپ ئويلىشاتتى. بۇ ھال بولۇپمۇ خويت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى ئامۇر سەنا ۋە يەنە بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى بەنچۇرلار بىرلىشىپ چىۋاڭداش دېگەن كىشىنى تەختكە ئولتۇرغۇزماق بولغاندا روشەن كۆرۈندى. بۇنىڭغا چىدىمىغان لاما تاجى چىۋاڭداش بىلەن داش داۋا دېگەن

كىشىلەرنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ باشقا تەيجىلىرى لاما تاجىغا قارشى پىتنە ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئىشتا جىددىي پائالىيەت ئېلىپ بارغانلار ئاساسەن غالدان سېرىنىنىڭ جىيەنلىرى داباچى بىلەن ئامۇر سەنا① دېگەن تەيجىلەر بولدى.

جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان بۇ خىل ئىچكى زىددىيەتلەر بۇ خانلىقنىڭ يىلتىزى كۆندىن ـ كۈنگە بوشاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنى خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان خۇنتەيجى لاما تاجى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نويانلار ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار جۇڭغار قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۆزلىرىگە قارشى باش كۆتۈرگەنلەرنى ئايىماي باستۇرۇش، قارشى چىقمىغانلىرىغا تەگمەسلىك سىياسىتىنى قوللانسا، قەشقەرىيەگە ئوخشاش بېقىندى جايلارغا كەڭ قورساقلىق، يۇمشاق سىياسەت قوللاندى. ئەگەر بۇنداق قىلمىساق، بۆلگۈنچى قەبىلىلەرنىڭ تەيجىلىرى بېقىندى جايلارنىڭ خان ـ بەگلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشى مۇمكىن، دەپ ھېسابلىشاتتى.

ياقۇپ خوجىلار «قايىقنىڭ تۈزى» دىن ئۆتكۈچە، گويا قىلىشىدىغان گەپلىرى تۈگىگەن ئادەملەردەك يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئوتلاقلارغا قاراپ مېڭىشتى. ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى ھايۋاناتقا ئوزۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىدا چەيلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئوت ـ چۆپلەر تۇنۇگۈنكى يامغۇردىن كېيىن گويا ئۆمۈر بويى باغۋەنلەرنىڭ كۈتۈمىدە ئۆسۈۋاتقاندەك پۇچۇلماي، يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

— بۇلارنىڭ (جۇڭغارلارنى دېمەكچى) ئارغامچىسى خېلى بوشاپ قالغانمۇ نېمە؟ — دېدى ئابدۇكېرىم بەگ ياقۇپ خوجىغا.

— پادىشاھ دېگەن ئارغامچىنى بىردە چىڭىتىپ، بىردە

---

① بەزى تارىخىي كىتابلاردا «ئامۇرسىنا» دەپمۇ ئېلىنغان.

www.uyghurkitap.com

بوشتىپ تۇرىدىكەن، ــــ دېدى ياقۇپ خوجا.

ــــ ئۇ دېگەنلىرى توغرا، بىراق ماڭا بۇ خۇنتەيجى تولىمۇ بوشتىشۋەتكەندەك سېزىلدى.

ــــ بۇنىڭ باھانىسى ئۆزىگە مۇخالىپ كۈچلەرنى كۆپەيتىشنىڭ پايدىسى يوق دېگەن بولۇشى كېرەك.

ــــ شۇ چاغدا بۇ خۇنتەيجىگە بىزدىن باشقىمۇ قارشى تۇرىدىغان كۈچلەر بار ئىكەن ـ دە.

ــــ ئەلۋەتتە. بۇ تۆت قەبىلىدىن تەركىب تاپقان جۇڭغارلار غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن بۇرۇنقى بىرلىك ـ ئىتتىپاقىدىن ئايرىلغاندەك تۇرىدۇ ...

ئۇلار ئۆز تەسىراتلىرىنى ئورتاقلىشىپ يولىنى داۋام قىلدى. ئۇلاردىن ئارقان بويى ئارقىدا كېلىۋاتقان يۈسۈپ خوجا خۇش كېيپەك ھاكىمغا:

ــــ سىلى قەشقەرگە بارغاندىن كېيىنلا شەھەر سېپىلىنىڭ قوختىلىرىنى جۆندەپ، ئوردا سىپاھلىرىدىن باشقا ئىككى ـ ئۈچ يۈزدەك ئادەمنى سەرۋازلىققا (ئەسكەرلىككە) جەلپ قىلسىلا، مېنىڭ ئويۇمچە، بۇ ئىشنى ئەمەت ئاخۇن خەلپەتكە تاپشۇرسىلا. ئۇ ئادەم بەجانىدىل ئورۇنلايدۇ.

ــــ سىلى قاچان قايتىدىلا؟ ــــ دەپ سورىدى خۇش كېيپەك.

ــــ مېنىڭ قايتىشىم سىلىنىڭ ئىشلىرىغا باغلىق. راستىنىلا سىلى قەشقەرگە بېرىپ بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن «تاغ قىرغىزلىرىنىڭ قەشقەرگە بېسىپ كىرىش ئېھتىمالى بار، دەرھال قايتىپ كېلىپ شەھەرگە ئىگىدارچىلىق قىلمىسىلا بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن مەزمۇندا نامە يېزىپ ئەۋەتسىلە. مەن شۇ نامەنى خۇنتەيجىگە كۆرسىتىپ قايتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىمەن.

ــــ بۇ گەپلىرىگە قارىغاندا، نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن پۇرسەت كەلگەن ئوخشايدۇ.

ــــ شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ. ئەمدىكى گەپ پۇرسەتتىن

پايدىلىنىش ئۆزىمىزگە باغلىق.

ئۇلار شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرارغا يېقىن قاباغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ياقۇپ خوجا بىلەن خۇش كېيىپ ھاكىملار ئىككى كۈن تۇرۇپ، ئۈچىنچى كۈنى يولغا چىقتى. ئۇلارنى يۇسۇپ خوجا بىلەن ئابدۇكېرىم بەگ بىر پەرسەڭدەك يەرگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

— ئەمدى سىلى بىلەنمۇ خوشلىشىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى يۇسۇپ خوجا كەينىدىن، — بۇ خوشلىشىشىمىز ئايرىلىش ئۈچۈن ئەمەس، پات پۇرسەتتە يەنە كۆرۈشۈش ئۈچۈندۇر.

— بۇ گەپلىرىگە تازا چۈشەنمىدىم، — دېدى ئابدۇكېرىم بەگ.

— ئەمدى «قوغۇن قېقىسىز» كۆرۈشىمىز دېگىنىم - دە، — دېدى يۇسۇپ خوجا كۈلۈپ.

— قېنى، ياراتقان ئىگەم شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزسە، «قوغۇن قېقى» توشۇغان چاغلار كونا تارىخ بولۇپ قالار ئىدى.

— چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىزدىن بالدۇر ئاتقا مىنىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قاينۇققا يېقىن مەھەللىلەردە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭغارلار ئارىسىدا بولۇۋاتقان ماجىرالاردىن پايدىلىنىپ، ئىلى تەۋەسىدە گۇرۇۋدە تۇرۇۋاتقان خوجىلار بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇ قوزغىلاڭغا ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەردە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ قاتناشماقچى بوپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئىلاھىم ئېيتقانلىرى كەلسۇن، — دېدى ئابدۇكېرىم بەگ خۇشال بولۇپ، — كونىلار: «خىزىر ئەلەيھىسسالام خەلقنىڭ يىلىكى ئۈزۈلگەندە ياردەمگە كېلىدۇ» دېگەنىكەن. شۇ خىزىرنىڭ ئىلتىپاتى بىز خەققە چۈشكەن ئوخشىمامدۇ؟

— ھەرھالدا « قىشنىڭ غېمىنى يازدا قىل » دېگەندەك، ئەتىكى كۈنلەرنىڭ غېمىنى بۈگۈندىن تارتىپ قىلمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— بۇ يېقىدىن خاتىرجەم بولسىلا، خوجام، قەشقەر تەرەپلەرنى بىلمەيمەن. لېكىن، بىز تەرەپتىكى خەلقلەر كوزىغا سالغان دىۋىگە ئوخشاش، كوزىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتسەكلا ئېتىلىپ چىقىدۇ، ھەممىسى ئەركىنلىككە شۇنچىلىك تەشنا.

— مېنىڭ ئويلىشىمچە، پۇقرالارنىڭ ھەممىسى شۇنداق، ئەركىنلىككە تەشنا. گەپ شۇلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىدىن پايدىلىنىشىمىزدا.

— ئەلۋەتتە ...

ئابدۇكېرىم بەگ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان مەھرەملىرى بىلەن كۈچا تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

※ ※ ※

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە يۇسۇپ خوجىنىڭ ئىچى پۇشۇپ يۈردى. يا خۇنتەيجى ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىككى كۈن بالدۇر ئورۇس پادىشاھىدىن ياردەم سوراپ نامە ئەكەتكەن ئەدەن قېچىردىن، يا ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا قەشقەرگە قايتقان خۇش كېپەك ھاكىمدىن خەۋەر يوق. ئاتۇشنىڭ شىمالىدىكى تاغدا تۇرىدىغان قىرغىزلارنىڭ باشلىقى ئۆمەر بەگ مىرزىمۇ دېرەكسىز كەتتى. بىراق، شۇنىڭغا قارىماي، يۇسۇپ خوجا كېيىنكى بىر ھەپتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. شەنبە كۈنى ئىلىنىڭ شىمالىدىكى بورغاسۇن بەگلىكىنىڭ بېگى بىلەن ئىلىنىڭ جەنۇبىدىكى قاينۇق ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېگى مەمتىمىن دېگەن كىشىلەر كېلىپ بىر كۈن سۆھبەتتە بولدى. بۇ بەگلەر جوڭغارلارنىڭ زۇلمى، ئۆز تەۋەسىدە ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ تاقىتى تاق

بولغانلىقى، شۇڭا جۇڭغارلارغا قارشى قوزغىلىش ئويى بارلىقىنى سۆزلەشتى.

— ھازىرقى خۇنتەيجى نويانلار بىلەن ئەمەلدارلارنى شۇنداق مەيلىگە قويۇۋەتتىكى، ئۇلار بىر توپ ئادەملىرى بىلەن مەھەللىلەرگە كېلىپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان بولدى. جۇڭغار لەشكەرلىرى ئېتىزلىرىمىزغا ئاتلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ باقىدىغان، نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى قامچا بىلەن ساۋايدىغان بولدى، ھەتتا بەزى ئادەملەرگە نەيزىمۇ سانجىدى. ئەگەر تەقدىرىمىز مۇشۇ ئىكەن دەپ يۇرىۋەرسەك، بۇ جۇڭغارلار خوتۇن - بالىلارغىمۇ ئىگە قىلمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۆزلىرىدىن بىرەر مەسلىھەت ئالايلى دەپ قالدۇق، — دېيىشتى.

— بىزمۇ ئات مىنىپ، قىلىچ چېپىشنى، نەيزە سانجىشنى بىلىمىز، — دەپ قوشۇمچە قىلدى قاينۇق ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېگى، — ھازىر مېنىڭ قارىمىقىمدىكى يەرلەردە جۇڭغارلارغا قارشى مۇشتۇمىنى تۈگۈۋالغان بىرەر مىڭدەك ئادەم بار. ئۆز ۋاقتىدا قەشقەرىيەدىكى خانلار «غۇلچا گەدەنكەش»لىرى دەپ جۇڭغارلارغا سوۋغا قىلغان تۆت يۈزگە يېقىن ئادەممۇ بار، ھەممىسىنىڭ مىنىدىغان ئېتى كىشنەپ تۇرىدۇ. قوراللىرى بولسا تەخ. پەقەت بىزگە يول كۆرسىتىغان ئادەملا كېرەك.

— ھەممە گەپلىرىڭلار ئورۇنلۇق، — دەپ تۇرۇپ قالدى يۈسۈپ خوجا، ئاندىن بورغاسۇنلۇق بەگكە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلى بۇ ھەقتە ئېرەن قابۇرغىدا تۇرۇۋاتقان خوجاملار بىلەن سۆزلىشىپ كۆرمىدىلىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، سۆزلىشىپ كۆردۈم، — دېدى ئۇ، — بۇرھانىدىن دېگەن خوجام: «بۇلار بىلەن بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز كۈچ ئېلىشالمىغان. سىلەرنىڭ بۇ ئويۇڭلار يولۋاسنىڭ بېشىدىن پىت ئىزدىگەندەك بىر ئىش. ئەڭ ياخشىسى، تەقدىرگە بويسۇنۇپ، تىرىكچىلىكىڭلارنى قىلىڭلار»

دېدى... خان خوجا دېگەن ئادەم بولسا، بىزنى ئۇزاتقىلى چىقىپ: «سىلەر ئىبرىنمەستىن يۇسۇپ خوجىغا بېرىڭ، شۇ كىشى بىلەن مەسلىھەت قىلىڭلار. بىزگە باققاندا ئۇ كىشى جۇڭغارلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىشنى بىلىدۇ» دېدى. شۇ سەۋەبتىن سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كەلدۇق.

— كەلگىنىڭلار تولىمۇ ئوبدان بوپتۇ، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — مېنىڭچە، ھەربىر قىلىدىغان ئىشنىڭ ۋاقىت - سائىتى بولىدۇ. شۇنداق پەيتنى كۈتۈش لازىم. ئۆزۈڭلارمۇ بىلىسىلەر، ئەتراپنى يورۇق قىلىمەن دەپ چۈش مەھەلدە چىراغ ياندۇرسا، ئۇنىڭ يورۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئاتا - بوۋىلىرىمىز چىراغنى كەچتە يېقىپ ئۆي ئىچىنى يورۇتۇپ كەلگەن. ھازىر قەشقەرىيەدىكى خەلقلەرنىڭمۇ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس. تاپقان - تەرگىنىنىڭ تولىسى مۇشۇلارنىڭ خالتىسىغا چۈشۈپ، ئۆزلىرى سىرىق تال ھايات كەچۈرمەكتە. مېنىڭچە، ئىككى تەرەپتە تەڭ دېگۈدەك ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك بولار.

— ئۆزلىرىدە شۇنداق ئوي بارمۇ؟

— بۇنداق ئوي يالغۇز مەندىلا ئەمەس، پۈتۈن قەشقەرىيە خەلقىدە بار.

— خۇداغا شۈكۈر، خۇدايىم ئىبتىقانلىرىنى راست قىلغاي، — دەپ ئىككى بەگ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد - ئىشەنچ بىلەن خۇشاللىقىنى بىلدۈردى.

— ئۆزىنى دالدىغا ئالمىغان ئوۋچى كېيىك تۇرماق، توشقانىنىمۇ ئاتالمايدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى يۇسۇپ خوجا، — بىز ئەتراپىمىزنى تىمىسقىلاپ يۈرگەن جۇڭغارلار ئارىسىدا يۈرۈۋاتىمىز. ئۆز ئىچىمىزدە ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇپ كۆن كۆرۈشنى ئەلا بىلىدىغان ئادەملەرمۇ بار. ھەرقانداق ئىشتا شۇنداق ئادەملەردىن ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك. ھوشيارلىقنى بىر كۈن ئۇنتۇپ قالساق، شۇ كۈنى پۈتلىكاشاڭغا يولۇقىمىز.

— توغرا دېدىلە، — دەپ قوشۇلدى ئىككى بەگ.

— بۇ ياقتىكى سىلەرگە ئوخشاش دىيارپەرەس ئادەملەرگە خان خوجامدىن باشقا سەردار بولۇشقا لايىق ئادەم يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ خوجام بەئەينى چاقلاپ قويغان شەمشەرگە ئوخشاش. ئۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشسەڭلا ھەرقانداق جاڭگالدىن يول تېپىپ مەنزىلگە يېتەلەيسىلەر.

يۈسۈپ خوجىنىڭ مەسلىھەتى كۆڭلىگە يېقىپ كەتكەن ئىككى بەگ:

— مۇشۇ پىكىرلىرىنى بىر پارچە قەغەزگە پۈتۈپ بەرسىلە، بىز خان خوجامغا يەتكۈزسەك، — دېدى.

— بۇنىڭ ھاجىتى يوق، مەنمۇ ئەتە ياكى ئۆگۈن ئۇ كىشى بىلەن مۇلاقات قىلىش ئۈچۈن ئىبرەن قابۇرغىغا باراي دەۋاتىمەن. شۇ چاغدا ھەممە گەپنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىمىز. ئەگەر ۋاقتىڭلار بولسا، سىلەرمۇ ئۇ كىشىنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇڭلار.

— تولا ئوبدان.

ئىككى بەگ كېچىنى يۈسۈپ خوجىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى سەھەر بىلەن يولغا چىقتى.

※ ※ ※

يۈسۈپ خوجىنىڭ ئىبرەن قابۇرغىغا بارىمەن دېگەن ئويى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى بەگ كەتكەن كۈنى كەچتە جۇڭغار ئوردىسىدىكى ھىراۋۇللارنىڭ باشلىقى كېلىپ يېڭى خۇنتەيجىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى...

— يېڭى خۇنتەيجى دېگىنىڭىز كىم؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى يۈسۈپ خوجا.

— داباچى دېگەن كىشى. بۇ ئادەم ئىلگىرى ئىمىل (دۆربىلجىن) تەرەپتە تەيجى بولۇپ تۇرغان. مەرھۇم خۇنتەيجى

www.uyghurkitap.com

غالدان سىرىننىڭ جىيەنى ــــ يەنى ھەدىسىنىڭ بالىسى بولىدۇ.

«يەنە ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى بوپتۇ - دە» دەپ ئويلىغان يۈسۈپ خوجا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلغا ئاتلارنى تەييارلاشنى بۇيرۇدى.

ــــ ئۇ كىشى قاچاندىن بېرى تەختتە ئولتۇردى؟

ــــ ئون كۈندەك بولىدىغۇ دەيمەن.

ــــ لاما تاجىچۇ؟ قېچىپ كەتتىمۇ؟

ــــ ياق، ئۆلتۈرۈلدى.

ــــ شۇنداقمۇ؟ ــــ يەنە ھەيران بولدى يۈسۈپ خوجا.

ــــ شۇنداق، بۇنىڭغا ھەيران بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ــــ دەپ چۈشەندۈردى ھەمراۋۇللارنىڭ باشلىقى، ــــ ئەسلىنى ئالغاندا غوما (دېدەك) خوتۇندىن تۇغۇلغان لاما تاجى تەختكە ئولتۇرۇشقا لايىق ئەمەس ئىدى. بۇرھان ئۇنى ئامۇرسەنا ئارقىلىق جازالىدى.

ــــ ئامۇرسەنا دەمسىز؟ ئۇ كىشى كىم بولىدۇ؟

ــــ ئۇ كىشىمۇ مەرھۇم غالدان سىرىننىڭ جىيەنلىرىدىن بىرى. لاما تاجىنى ئوردىنىڭ ئىچىدە مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن شۇ كىشى.

يۈسۈپ خوجا يول بويى ھەمراۋۇللار باشلىقىنى گەپكە سېلىپ شۇ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىكى، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ــــ داباچى دېگىنى تەلكىدىن ئۆتۈپلا ئىلىغا، ئۇ يەردىن خۇنتەيجىنىڭ قىشلىق ئوردىسى جايلاشقان قاينۇققا كېلىپ، ئۇ يەرلەرنى قورۇقدىغاندىن كېيىن تېكەس ۋادىسىغا كەلگەنىدى. ئامۇرسەنا بولسا خونخاي مازارىنىڭ غولى ئارقىلىق ئۆرلەپ، لاما تاجىنىڭ ئوردىسىغا جايلاشقان «كۆكتۆپە» دېگەن يەرگە كېلىپ، داباچى كەلگۈچە لاما تاجىنى ئۆلتۈرۈپ ئوردىنى بېسىۋالغانىدى.

ــــ ئوردىغا ئارىلىشىپ يۈرگەن بەزى ئادەملەرنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ــــ دەپ داۋام قىلدى ھەمراۋۇللارنىڭ باشلىقى، ــــ

داباچى خۇنتەيجىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئامۇرسەنانى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: «بىر قازانغا ئىككى باش پاتمىغاندەك، بىر تەختكە ئىككى ئادەم ئولتۇرمايدۇ. سەن تارباغاتاي بىلەن ئالتاي تەرەپتىكى خەلقنى باشقۇرغىن» دەپتىكەن، ئامۇرسەنا ئۇنىماپتۇ. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن داباچى: «سەن لاما تاجىنى ئۆلتۈردۈم دەپ ئانچە كېرىلىپ كەتمىگىن. مەن سېنىڭدىن ئوردىدىكى خەزىنىنى سۈرۈشتە قىلمىدىمغۇ؟ بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان تۇغقانچىلىقىم ئەمەسمۇ؟» دەپ كايىپتۇ. بۇ گەپ ئامۇرسەناغا ئېغىر كېلىپ: «مەن لاما تاجىنى ئۆلتۈرگەچكە، سەن بۇ تەختكە ئىگە بولدۇڭ» دەپتۇ ـ دە، قامچىسىنى قونچىغا قىستۇرۇپ، ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بەزىلەرنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئامۇرسەنا بىرقانچە يۈز ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ مانجۇ خانلىقى[1]دىن ياردەم سوراش ئۈچۈن كۆنچىقىش تەرەپكە كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ۋايتوۋۋا، — دېدى يۈسۈپ خوجا ئۆزىنى ساددىلىقتا سېلىپ.

— سىزگە راستىمنى ئېيتسام، غالدان سېرىننىڭ كۆزى يۇمۇلغاندىن كېيىن خانلىقىمىزنىڭ پەركايى كەتتى. ئۇنى ئۆز ئەكسىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن غالداندەك ئەقىللىق ۋە جەسۇر ئادەم كېرەك. پەمىمچە، بۇنداق ئادەم ھازىرغا كۆرۈنمەيدۇ. داباچى تەختكە چىققاندىن بېرى ئاغزى تاي گۆشى بىلەن ئەركە ھارىقىدىن، قۇچىقى ئۇزۇن چاچ ئاۋغايلاردىن خالىي بولمايۋاتىدۇ.

— ھازىر ئوردىدا بۇرۇنقى نويانلاردىن كىملەر بار؟

— ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يوق، ھېلىقى داندارنى بىلەمسىز؟

---

① مانجۇ — جۇرجىت ۋە تۇنگۇس تىلى سىستېمىسىدىكى خەلق بولۇپ، 1636 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىنى قۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— داندار دورغىنىما؟
— ھەئە، ئۇ ھازىر دورغا ئەمەس، نويان.
— شۇنداقمۇ؟
— داباچى ئۇنىڭ ئۆزى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغىنى ۋە كېچىك خونخاي غولىدىن لاما تاجىنىڭ ئوردىسى بار يەرگە باشلاپ كەلگىنى ئۈچۈن رازى بولۇپ، نويانلىق مەنسىپىنى بەردى.

※ ※ ※

داباچىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنى غەم - ئەندىشە بىلەن باشلاندى دېسىمۇ بولىدۇ. بولۇپمۇ ئامۇرسەنانىڭ يامانلاپ كېتىشى ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. چۈنكى، ئۇ ئۇسال ياۋ ئەمەس، جۇڭغار قەبىلىلىرى ئارىسىدا يۆلەكچىلىرى نۇرغۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە قارشى كۈچ توپلاش ئۈچۈن ئالتاي - ئېمىل تەرەپلەرگە ماڭماي، شەرق تەرەپتىكى مانجۇ خانلىقىدىن ياردەم سوراپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بېشى قېيىپ قالغان ئادەمدەك بىر - ئىككى كۈن ئېسەنگىرەپ يۈردى ۋە «ھېلىمۇ ئەركە بار ئىكەن. خەقلەر بۇ ھاراقنى خۇشاللىقىدىن ئىچىپ كۆڭلىنى كۆتۈرسە، مەن غەم - ئەندىشىلىرىمنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىچىۋاتىمەن» دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى. ئامۇرسەنا كېتىشى بىلەنلا ئەركە ئىچىشنى باشلىغان داباچى بەش كۈنگىچە كېچە - كۈندۈز توختىماي ئىچىش بىلەن بولدى. ئالتىنچى كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەن داندار نويان يەنە بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، «خانيايلاق»تا كۆزەتتە تۇرغان لەشكەرلەر قەشقەرىيەدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇرنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇنىڭدا خۇنتەيجى ئوردىسىدىن بېرىلگەن دەستەك يوق ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار ھېلىقى ئۇيغۇردىن گۇمانلىنىپ، چاپىنىنىڭ ئەستىرىگىچە تەكشۈرۈپ تۇمارچە قاتلانغان ئىككى پارچە خەت تېپىۋاپتۇ. خەتنىڭ بىرى يۇسۇپ خوجىغا

يېزىلغانىكەن. يەنە بىر خەتنى تەرجىمانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئوقۇيالماپتۇ. يۈسۈپ خوجىغا يېزىلغان خەتتە: «ئەتراپىمىزدىكى قىرغىزلار ئىتتىپاق قىلىپتۇلەركى، پالان كۈندە تۆت تەرەپتىن قەشقەرگە چاپاۋۇل قويۇپ، تاراج ئەيلەپ(بۇلاپ)، گەردىنى (تۇپىسىنى) ئاسمانغا سورۇيمىز دەپ بولجاق (تەھدىت) قىلىپتۇرلەر. بىز پېقىرلارغا مەدەت يەتكۈزمىسىلە، ھالىمىز مۈشكۈلدۇر① ... نامە تامام» دەپ، خەتنىڭ ئاخىرىغا قەشقەر بەگلىرى خۇش كېپەك ھاكىم بىلەن مۆمىن خوجا قول قويۇپتۇ.

بۇ خەتكە يېزىلغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ داباچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نويانلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىگە قاراشتى. بىر چاغدا ئۆزىنىڭ سول تەرىپىدە ئۈچىنچى بولۇپ ئولتۇرغان داندار نويانغا قارىغان داباچى:

— بۇ ئىشتا سېنىڭ مەسلىھەتىڭ قانداق؟ — دەپ سورىدى.

يېڭى خۇنتەيجىنىڭ ئۆزىدىن مەسلىھەت سورىغىنىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان داندار دورغا:

— مېنىڭچە بولغاندا، قەشقەرىيەدىكى قىرغىزلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى تىنچىتىش ئۈچۈن خېلى يىللاردىن بېرى بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىپ كېلىۋاتقان يۈسۈپ خوجىنى ئەۋەتسەك دەيمەن.

— يۈسۈپ خوجا؟ — بىرنەچچە ئادەم بۇ ئىسىمنى تەڭلا تەكرارلىدى.

— ئۇ كىم؟ نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ كىشى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە بولغان، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلۇغ خۇنتەيجى چىۋاڭ رابدان ۋە ئۇنىڭ ئەقىلدارى ساغا نويانلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغان دانىيال خوجا دېگەن كىشىنىڭ بالىسى. شۇنىڭ بىلەن

---

① مۇھەممەد سادىق كاشغەري: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

بىزنىڭ جىيەنىمىزدۇر، — دېدى.
داندار نويانىنىڭ ئاخىرقى گېپى ئولتۇرغانلارنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.
— قانداقسىگە جىيەنىمىز بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى داباچى.
بۇنداق پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان داندار يۇسۇپ خوجىنىڭ جۇڭغار قىزىدىن تۇغۇلغان بالا ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى ـ دە:
— ئۇ چاغلاردىكى ئەمرچىلىرىمىز بۇگۈنكى كۈنلەرنى بىلگەندەكلا دانىيال خوجا ئۆلگەندىن كېيىن شۇ جىيەنىمىز يۇسۇپ خوجىنى قەشقەرگە خان قىلىپ بەلگىلىگەن.
داباچى باشلىق ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ گېپىنى كىچىك بالىلار چۆچەك ئاڭلىغاندەك قىزىقىپ تىڭشىدى. بىر چاغدا:
— ئۇ يۇسۇپ خوجا دېگەن ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى داباچى.
— مۇشۇ يەردە، مەرھۇم ئەمرچىمىز گۆرۈلۈكتە تۇتۇپ تۇرغان بالىلىرىنىڭ قېشىدا تۇرۇۋاتىدۇ.
— ئۇ خوجىغا دەرھال خەۋەر بېرىڭلار. ئوردىغا كەلسۇن، — دېدى داباچى.

※ ※ ※

يۇسۇپ خوجا ئوردىغا كىرىپ تەختنىڭ ئەتراپىدا پۇتلىرىنى سۇنۇپ، بىقىنلىرىغا تەكيەلەرنى يۆلەپ ئولتۇرغان بەش ـ ئالتە ئادەمنى كۆردى. تەختتە بولسا يوغان، ئۇچلۇق باش، سالپاڭ قۇلاق، ئۇچىسىغا ئېتەك، يەڭلىرى كەڭ سىرىق كۆڭلەك كىيىۋالغان ئادەم ئولتۇراتتى. «يېڭى خۇنتەيجى مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى يۇسۇپ خوجا ۋە ئوردا ئادىتى بويىچە بىر قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى.
— ئۇلۇغ ئەمرچىمىز داباچى دېگەن كىشى مۇشۇ بولىدۇ، —

دەپ تونۇشتۇردى داندار نويان تەختتە ئولتۇرغان ئادەمنى.

— ئەمرچىمىزنىڭ ئورنى مۇبارەك بولغاي ! — دېدى يۇسۇپ خوجا. ئۇنىڭغا خۇنتەيجى بىلەن بىللە ئولتۇرغان يېڭى نويانلار سىناق كۆزلىرى بىلەن نەزەر تاشلىدى. ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدە «بۇ ئادەم راستتىنلا بىزگە جىيەن ئوخشىمامدۇ؟ بىزچە گەپنى ھېچقانداق قۇسۇرسىز سۆزلەۋاتىدۇغۇ» دېگەن ئوي پەيدا بولدى.

— سىزگە قەشقەر ھاكىمى خەت ئەۋەتىپتۇ، — دېدى داباچى، — ئوقۇپ كۆرۈڭ. ئۇ تەرەپلەر ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئوخشايدۇ، — ئۇ تۇمارچە قاتلانغان خەتنى يۇسۇپ خوجىغا سۇندى.

يۇسۇپ خوجا خەتنى ئېچىپلا، ئۇنى خۇش كېپەك ھاكىمىنىڭ يازغانلىقىنى چۇشەندى. ئوقۇغاندىن كېيىن خۇش كېپەك ھاكىمىنىڭ ئۆزى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرگەنلىكىنى، قىرغىز ئۆمەر مىرزىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغانلىقىدىن خۇش بولدى.

— بىز بۇ خەتنى ئوقۇپ، ئوردا نويانلىرى بىلەن خېلى مەسلىھەت قىلىپ، — دېدى داباچى، — لاما تاجىدىن تارتىۋالغان ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىمەي تۇرۇپ، ئۇ ياقتىكى قىرغىزلارنىڭ ماجىراسىنى تىنچىتىشقا لەشكەر ئەۋەتىشنىڭ ھازىرچە ئىلاجى يوق. بۇ ماجىرانى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن سىزنى قەشقەرگە ئەۋەتىش قارارىغا كەلدۇق. ۋاھالەنكى، ھازىر ئۆزىمىزنىڭ ئىچىمۇ ئەنسىز، — ئۇ «ئامۇرسەنا دېگەن ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىپ كۇنچىقىشتىكى دۈشمىنىمىزدىن ياردەم سورىغىلى كېتىپتۇ» دېگەن گەپنى ئېيتماق بولۇپ، يالتىيىپ قالدى ـ دە، گېپىنى داۋام قىلدى، — شۇڭا سىز قەشقەرگە بېرىپ ئۆزىڭىزنىڭ مۇسۇلمانلىرىڭىزنى توپلاپ قىرغىزلارغا قارشى تۇرسىڭىز ... — دېدى.

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ پەرمانىنى خۇشاللىق بىلەن بېجىرىمەن، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — بىراق قىرغىزلارنىڭ بۇ ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئوغلۇم ئابدۇللا خوجا

بارسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قولىدىن كەلمىسە، ئۆزۈم بارارمەن.

ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى يېڭى خۇنتەيجىمۇ، يېنىدا ئولتۇرغان نويانلارمۇ قوللىدى. «بۇ خوجىنىڭ پىكرىمۇ توغرا، — دەپ ئويلاشتى ئۇلار، — ئەگەر ئەتە ـ ئۆگۈن ھېلىقى ئامۇرسەنا دېگەن مانجۇ خانلىقىدىن ياردەم ئەكەلگۈدەك بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قەشقەردىكى مۇسۇلمانلاردىن لەشكەر توپلاشقا، بۇ خوجىدىن پايدىلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ ... بۇ خوجىنىڭ قولىدىن خېلى ئىشلار كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ‹تورپاققا لايىق يۇكىنى تورپاققا، ئۆكۈزگە لايىق يۇكىنى ئۆكۈزگە›، ئارتقىنىمىز تۈزۈك.»

شۇنداق قىلىپ، يېڭى خۇنتەيجى قەشقەردىكى «قىرغىزلار ماجىراسى»نى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۇياققا ئابدۇللا خوجىنىڭ بېرىشىغا ماقۇل بولدى. يۈسۈپ خوجا قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغالدى:

— ئەمدى مۇنۇ خەتنى ئوقۇپ بېرىڭ، — دېدى خۇنتەيجى تۇمارچە قاتلانغان بىر خەتنى سۇنۇپ.

يۈسۈپ خوجا ھەم ئەندىشە، ھەم قىزىقىش بىلەن قاتلانغان قەغەزنى ئېچىپ كۆز يۈگۈرتتى. خەتنىڭ باش تەرىپى «بىسمىللا» بىلەن باشلىنىپ، ئاندىن «ئايەتەلكۇرسى» دېگەن ئايەت يېزىلغانىدى. ئۇ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ كەتتى ـ دە:

— ئۇلۇغ ئەمرچىم، بۇ خەتنىڭ سىرتىغا ئورالغان كىچىككىنە لاتا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، — دېدى ئۇ.

— ئۇ لاتىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنراق بىر بوغقۇچ بارمۇ؟

— بار، — دېدى يەنە خۇنتەيجى.

— بۇ ئايەت يېزىلغان تۇمار ئىكەن.

— ئايەت دېگەن نېمە؟

— ئۇ بىزنىڭ دىنىي كىتابىمىزدىكى ئەرەبچە سۆزلەر، بىز مۇسۇلمانلاردا مۇشۇنداق ئايەت يېزىلغان خەتنى تۇمار دەپ ئاتايدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى يۈسۈپ خوجا، — بۇنداق ئايەت يېزىلغان قەغەزنى نارەسىدە بالىلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويسا، ئۇلارغا كۆز تەگمەيدۇ، چوڭ ئادەملەر بوينىغا ئېسىۋالسا، تۈرلۈك بالا - قازالاردىن ئامان قالىدۇ. ئۇخلىغاندا قارا باسمايدۇ، دېگەن چۈشەنچە بار. بۇنداق ئايەت يېزىلغان تۇمار ھەربىر مۇسۇلماننىڭ يېنىدا بولىدۇ، ھەتتا مېنىڭ نەۋرىلىرىمنىڭمۇ بوينىدا بار.

— ئۇنداق بولسا بىزدىكى تىلماچلار نېمىشقا ئوقۇيالمىدى؟

— ئۇنداق بولغىنى بۇ خەت ئەرەب تىلىدا يېزىلغان. ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ئەرەب تىلىنى بىلىدىغان موللا ئادەم بولمىسا، مەنىسىنى ئېيتالمايدۇ.

— ۋايتوۋا، — دەپ ھەيران بولدى بىر نويان.

يېڭى خۇنتەيجى بولسا «بۇنداق خاسىيىتى بار خەتنى ساقلاپ قويۇشنىڭ زىيىنى يوق» دېگەن ئويغا كېلىپ خەتكە قولىنى سۇندى.

يۈسۈپ خوجا قولىدىكى خەتنى قايتىدىن ئۈچ بۈرجەك قىلىپ خۇنتەيجىگە بەردى - دە:

— مېنىڭ ئۇلۇغ ئەمرچىمىزدىن بىر ئىلتىماسىم بار، — دېدى.

— قېنى، سۆزلەڭ.

— قەشقەردە «ماجىرا تۇغدۇرغان» قىرغىزلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بىزدە ئوردا سىپاھلىرىدىن باشقا ئادەم يوق. شۇڭا، ئوغلۇم ئەردەۋىلگە بارغاندا ئۇ يەردىكى خەلقتىن لەشكەر ئېلىشقا ئىجازەت بەرسىڭىز؟

— بولىدۇ. بۈگۈن ئەردەۋىلگە ماڭىدىغان ئادەملەر بار. مەن شۇلاردىن ئەردەۋىل ھاكىمىغا خەت يېزىپ بېرەي. ئۇ كىشى ئوغلىڭىزنىڭ لەشكەر ئېلىشىغا ياردەم بەرسۇن.

www.uyghurkitap.com

— چوڭ رەھمەت، — دېدى يۈسۈپ خوجا بىر قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

يۈسۈپ خوجا شۇ كۈنىلا قاباغا قايتىپ كەلدى ـ دە، ئوغلى ئابدۇللا خوجىغا يېڭى خۇنتەيجىنىڭ نېمە ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنى ھەققىدە توختىلىپ:

— ئەمدى مېنىڭ ئۈچۈن قەشقەرگە سىز بارىدىغان بولدىڭىز. ئەگەر مەن بارسام، سىزنىڭ بۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇياققا بېرىشىڭىز بەسى مۈشكۈل بولىدۇ. قەشقەرگە بېرىپلا، بىر كىشى ئارقىلىق ماڭا دەرھال خەت ئەۋەتىڭ. ئۇ خەتتە: «قىرغىزلار ھۇجۇم قىلىپ يۇرتىمىزنى تالان ـ تاراج قىپتۇ. ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش قولىمىزدىن كەلمەيۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى يېزىشنى ئۇنتۇماڭ. ئىنشائاللا، مۇشۇ تەدبىر بىلەن مەنمۇ قەشقەرگە بېرىپ قالارمەن. ئاندىن كېيىن ئەردەۋىلگە بېرىشىڭىز بىلەن ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، خانلىقىمىزدا خىزمەت قىلىشنى خالايدىغان ئادەملەردىن لەشكەر ئېلىڭ. ئۇلارنى نىزامىدىن خوجامنىڭ يىلقىسىدىكى ئاتلاردىن مىندۈرۈپ قەشقەرگە ئاپىرىڭ، — دېدى.

— بۇنداق قىلىشقا ئەردەۋىل ھاكىمى يول قويامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇللا خوجا.

— ئۇ يېقىندىن خاتىرجەم بولۇڭ، بەلكى ئابدۇۋاھاپ بەگ سىزگە ياردەم قىلىشى مۇمكىن.

※ ※ ※

ئابدۇللا خوجا كېتىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە يۈسۈپ خوجىلارنىڭ دەرۋازىسىنى كىمدۇر بىرى تاقىلداتتى.

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ.

— ماڭا يۈسۈپ خوجام كېرەك ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى

كەلگەن ئادەم سالامدىن كېيىن، — مېنىڭ ئىسمىم ساۋۇت يانتاق. قەشقەردىن كېلىشىم، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— مانا هازىر، — شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل ئۆيگە كىرىپ يۇسۇپ خوجىغا خەۋەر بەردى.

— باشلاپ كىرسىلە، — دېدى يۇسۇپ خوجا ۋە باقاۋۇلغا سوغدىشىپ، ئۆزىمۇ هويلىغا چىقتى.

دەرۋىشانە كىيىنىۋالغان پالۋان قامەت بايىقى ئادەم ئېتىنى يېتىلەپ هويلىغا كىرگەندە يۇسۇپ خوجا تونۇپ قالدى ـ دە:

— كەلسىلە، ساۋۇت ئاخۇن، — دەپلا ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى.

يۇسۇپ خوجىنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇماي تونۇغىنىغا خۇشال بولغان ساۋۇت يانتاق ئەيمەنگەن هالدا ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى.

— قانداق ئەهۋاللىرى، ياخشى تۇردىلىمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، ئۆزلىرىنى بۇياقلارغا قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— بۇياققا كېلىش ئويۇمدا يوق ئىدى. قايسىبىر كۈنى ئەدەنباي ئاكامنىڭ زەئىپىسى ئۆيگە كېلىپ ئاتام بىلەن ئانامغا: «ئېخچە ئەدەنبايىنىڭ خەۋىرى يوق. چۈشلىرىم بىرقىسىملا بولۇپ كەتتى. ساۋۇت ئاخۇن ئىلى تەرەپكە بارسا، بىرقۇر سۈرۈشتە قىلىپ باقسىمىغۇ؟» دەپ ئىلتىماس قىلغانىكەن. ئەتىسىلا خۇش كېپەك هاكىم جانابلىرى چاقىرىپ كىشى ئەۋەتىپتۇ. بارسام، — ساۋۇت يانتاق بېشىدىكى مۇغەمبەر تۇمىقىنى ئېلىپ تەتۈر ئۆرۈدى ـ دە، ئۇنىڭ ئىچكى جىيەكىدىكى تىككىشنى سۆكۈپ، بىر ئىلىكتەك كەڭلىكتە قاتلاپ لاتىغا ئورالغان خەتنى ئېلىپ يۇسۇپ خوجىغا سۇندى ۋە، — مۇشۇ خەتنى سىلىگە يەتكۈزۈشۈمنى سورىدى، — دەپ گېپىنى تۈگەتتى.

خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالغان يۇسۇپ خوجا:

www.uyghurkitap.com

— قېنى، ئۆيگە كىرىلى، ساۋۇت ئاخۇن، — ئۇ شاھاۋۇدۇن باقاۋۇلغا قاراپ، — بىزگە دەرھال چاي ئەكىرسىلە، — دېدى.

ساۋۇت يانتاق ئەكەلگەن خەتكە ئابدۇللا خوجا تەرىپىدىن: «دادا، قىرغىزلار قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، يۇرتىمىزنى تالان - تاراج قىپتۇ. ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش قولىمىزدىن كەلمەيۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى.

— خۇش كېپەك ھاكىم باشقا سۆز قىلمىدىمۇ؟

— ھەممە ئىشلار خوجام تاپشۇرغاندەك كېتىۋاتىدۇ. خاتىرجەم بولسۇن، — دېدى دەپ جاۋاب بەردى ساۋۇت يانتاق.

— سىلى خاتىرجەم يېتىپ دەم ئالسىلا، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — قالغان گەپ بولسا، مەن كەلگەندىن كېيىن پاراڭلىشارمىز، — دەپ شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل بىلەن ئوردا تەرەپكە ئاتلاندى.

※ ※ ※

يېڭى خۇنتەيجىنىڭ كەيپىياتى يەنە ياخشى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئاتۇشتا تۇرىدىغان ئامبۇن چاپارمەن ئەۋەتىپ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى مەلۇم قىلغانىدى. چاپارمەننىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئاتۇشنىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغدا تۇرىدىغان قىرغىزلار لەشكەر توپلاپ، ئاتۇشقا بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان، ئاتقورۇدىكى كۆزەتچىلەرنى باغلاپ، قارىمىقىدىكى ھەممە ئاتلارنى ھەيدەپ كەتكەنىدى. ھازىر ئۇ يەردىكى «ئامانلىق ساقلاش لەشكەرلىرى» پىيادە قالغانىدى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بارچۇقتا تۇرۇۋاتقان لەشكەرلەردىن ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلار بېقىۋاتقان ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ كەتكەنىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئاشلىق ئارتىپ كېلىۋاتقان ئۇلاغلارمۇ بۇلاپ كېتىلگەنىدى.

— ھەربىر ئامانلىق ساقلاش ئورۇنلىرىدا نەچچىدىن لەشكەر بار؟ — دەپ سورىدى داباچى.

— بۇرۇن خېلى بار ئىدى. لاما تاجى ئۇلارنىڭ سانىنى تەخمۇتەك قىسقارتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆچمەن قالغان قېرى ئادەملەر، قازاقلار بىلەن بولغان جەڭلەردە پۇت - قولىرىغا قىلىچ - نەيزە تېگىپ ناكار بولغانلار.

— لاما تاجى ئۇياقلاردىكى ئامبۇن ۋە ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى لەشكەرلەرنىڭ تولىسىنى بوشىتىپ، ئورنىغا ئۆزىگە يېقىن نويانلارنىڭ ئادەملىرىنى قويغانىدى، — دەپ قوشۇمچە قىلدى داندار نويان.

— جە ! — دەپ قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپ سىلكىۋەتتى داباچى.

شۇ چاغدا ئوردا ھىراۋۇللىرىنىڭ باشلىقى كىرىپ يۇسۇپ خوجىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— باشلاپ كىر، — دېدى ئۇنىڭغا تېرىكىپ تۇرغان داباچى.

يۇسۇپ خوجا بوسۇغا ئاتلاپ ئوردا رەسمىيىتىنى ئۆتىدى - دە، ئابدۇللا خوجىدىن كەلگەن خەتنى خۇنتەيجىگە سۇندى. ئۇ تىلماچ ئارقىلىق خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن يۇسۇپ خوجىغا قاراپ:

— دەرھال قەشقەرگە بارغايسىز. قىرغىزلارنىڭ ئىلاجىنى سىز قىلمىسىڭىز باشقا ئىلاج يوق[1] — دېدى.

يېڭى خۇنتەيجىنىڭ بۇ پەرمانىدىن خۇشال بولغان يۇسۇپ خوجا ئوردىدىن چىقىپلا قاباغا ماڭدى.

※ ※ ※

ئاتلارنى يەڭگۈشلەپ مىنگەن يۇسۇپ خوجا بىلەن شاھاۋۇدۇن

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

باقاۋۇل ئەتىسى يەنە يولغا چىقتى. ئۇلارنى مەھەممەت خوجا بىلەن ساۋۇت يانتاق ئۇزىتىپ ماڭدى.

— سىلى بىر ياققا كەتمەي مۇشۇ يەردە مەھەممەت خوجام بىلەن تۇرۇۋەرسىلە. ئەدەنباي ئاكام سەپەردىن قايتسا، بۇ يەرگە چۇشمەي باشقا ياققا بارمايدۇ، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — مەن قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن بەشكېرەمگە ئادەم چىقىرىپ، بالىچاقىلىرىغا ئامانلىقلىرىنى يەتكۈزىمەن. سىلىمۇ، خوجا، — دەپ ئۇ كۆيۈ ئوغلىغا قارىدى، — ساۋۇت ئاخۇن بىلەن مۇلاقاتتا بولۇپ، ھېچقانداق غەم - قايغۇغا بېرىلمەي كۇنۇڭلارنى ئۆتكۈزۈڭلار. خۇدا بۇيرۇسا، ياخشى كۇنلەرنىڭ بىرىدە دىدارلىشىپ قالارمىز.

ئۇلار تەخمىنەن ئىككى پەرسەڭدەك يول ماڭغاندىن كېيىن خوشلاشتى.

— سەپەرلىرى بىخەتەر بولسۇن، خوجام، — دېدى ساۋۇت يانتاق.

— كۆرۈشكۇچە ئامان بولۇڭلار، — دېدى يۇسۇپ خوجا.

قابادىن تېكەس دەرياسىدىكى كېمىگىچە تەخمىنەن يۈز چاقىرىم بولسىمۇ، لېكىن يولدا يا داۋان، يا جاڭگال يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى ئاتلار قىزىغانسېرى تىزگىن سىيرىپ مېڭىشقا باشلىدى. سۇنبۇلە (ئاۋغۇست) ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولغاچقا، ھاۋامۇ سالقىن تارتىپ قالغانىدى. كۆز باغلىنارغا يېقىن كىچىككىنە سۇ سىرغىپ ئېقىۋاتقان يەرگە كەلگەندە شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل:

— شام نامىزىنى مەشەدە ئوقۇۋالمايمىزمۇ؟ — دېۋىدى، يۇسۇپ خوجا:

— كېمىچىلەر يېتىپ قالغۇچە دەريا بويىغا بېرىۋالايلى، دەريادىن ئۆتكەندە خۇپتەنگە قوشۇپ بىراقلا ئوقۇساقمۇ بولىدۇ، — دېدى.

يۇسۇپ خوجىلار شىددەت بىلەن مېڭىپ مۇزارتتىن ئۆتتى - دە،

بىر كۈندىن كېيىن باي ناھىيەسىدىن ئۆتىدىغان مۇزارت دەرياسىنىڭ بويىدا ئۈچ ھاكىمى غوجاش بەگ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئادەم يېڭى خۇنتەيجى داباچىنى مۇبارەكلىگىلى ماڭغانىدى. يۇسۇپ خوجا: « ھازىرچە ئۇنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى تولىمۇ پاراكەندە » دەپ يالتايتماق بولۇۋىدى، غوجاش بەگ ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلماي، يولىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ ئادەمنى بۇرۇندىنلا جۇڭغارپەرەس دەپ گۇمانلىنىپ يۈرگەن يۇسۇپ خوجا «بۇ يېڭى خۇنتەيجىنى مۇبارەكلىگەن بولۇپ، چوقۇم بىرەر پىتنە ئۇيۇشتۇرىدۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ، ئۆز يولىنى تېخىمۇ شىددەت بىلەن داۋام قىلىپ، تۆتىنچى كۈنى دېگەندە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەر تاپقان خۇش كېيەك ھاكىم باشلىق ئادەملەر «دۆلەتباغ» دېگەن يەرگە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

بۇ كۈنى خۇنتەيجىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ داباچىنى تەبرىكلىگەن غوجاش بەگمۇ يولدا يۇسۇپ خوجىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ:

— ئۇ خوجىنى قەشقەرگە بىكار قايتۇرۇپسىز. يۈرتىڭىز ئىچىدە بۇنداق ئەنسىزچىلىك بار ۋاقىتتا يۇسۇپ خوجىنىڭ قېشىڭىزدا بولغىنى خوپ ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دەرھال كىشى ئەۋەتىپ بۇياققا قايتۇرۇپ كېلىڭ. بولمىسا، يەكەن بىلەن قەشقەردىن ئۈمىد ئۈزۈڭ، — دېدى.

بۇ گەپ داباچىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى: «بۇ ئارباتۇ بەگنىڭ گېپىدە جان بار. ئەتراپلىق ئويلىماي ئىش قىپتىمەن - دە. يۇسۇپ خوجا قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئۆزلىرى بىلەن دىنىي قېرىنداش قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، بىزدىن يۈز ئۆرۈشىمۇ مۇمكىنغۇ. ئۇزاق يىللاردىن بېرى خىراج تۆلەپ كېلىۋاتقان بۇ ئارباتۇ خوجىلارغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ئەجەب كالتە پەملىك قىپتىمەنا؟...»

— بۇ خوجىلارغا سىز تۇرماق ئەردەۋىل ھاكىمى ئابدۇۋاھاپ بەگ بىلەن مەنمۇ ئىشەنمەيمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پىكىر - خىيالى سىلەردىن ئايرىلىپ قەشقەرىيەنى ئۆزلىرى سوراش. بەزى ئايغاقچىلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا، يۈسۈپ خوجا بىلەن ياقۇپ خوجا ئىككىسى پۇقرالاردىن جۇڭغار خانلىقىغا تۆلەيمىز دەپ نۇرغۇنلىغان دەپنە - دۇنيانى ۋە بۇزلەرنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزلىرى ئېلىۋالىدىكەن.

غوجاشنىڭ بۇ گېپى خۇنتەيجىنىڭ ئىچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەندەك تەسىر قىلدى بولغاي، دەرھال چارە كۆرۈشنى لايىق تاپتى - دە، ئەتراپىدا ئولتۇرغان نويان - دورغىلارغا قاراپ:

— يۈسۈپ خوجىنى قوغلاپ بېرىپ تۇتۇپ كېلىدىغان كىم بار؟ — دېدى جىددىي تەلەپپۇزدا.

— مەن تۇتۇپ كېلىمەن! — دېدى پالۋان قامەت دانچىن دورغا. ئۇ چىۋاڭ رابداننىڭ ۋاقتىدا قەشقەرىيەنىڭ ئامانلىق ساقلاشقا دائىر ئىشلارنى بېجىرىپ، غالدان سېرىننىڭ ۋاقتىدا دورغىلىق مەنسەپكە يەتكەن، لاما تاجى خۇنتەيجى بولغاندا ئۇيغۇر تىلىنى بىلگىنى ئۈچۈن تىلماچىلارغا باشلىق بولغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئەمدىكى ئويى مۇشۇ باھانىدە بىر خىزمەت كۆرسىتىپ يېڭى خۇنتەيجىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇش، يوروق دۇنيادىن دورغا بولۇپ ئۆتۈپ كەتمەي، داندارغا ئوخشاش نويان دېگەن نامغا ئىگە بولۇش ئىدى. ئۇنىڭ خۇنتەيجى دېگەن ئىشنى قىلىشقا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ماقۇل بولۇشى داباچىغا يېقىپ قالدى ئەتىمالىم:

— بوپتۇ، — دېدى رازىلىق بىلدۈرۈپ، كەينىدىن، — ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۈچ يۈز ئاتلىق لەشكەر بېرىمەن. يۈسۈپ خوجا ئەگەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېلىشكە ئۇنىمىسا، زورلاپ بولسىمۇ ئەكەلگىن. ھازىرلا يولغا چىق، — دەپ تاپىلىدى.

يېڭى نويانلارنىڭ بىرسى ئوردىدىن چىقىپ ئۈچ يۈز لەشكەرنى دانچىن دورغىنىڭ ئىختىيارىغا بەردى.

غانجۇغىلىرىغا تورسۇقلارنى باغلىغان بۇ لەشكەرلەر قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى ئېسىپ يولغا چىقىشتى. دانچىن دورغا شۇنداق شىددەت بىلەن ماڭدىكى، پەيزاۋاتقا يېقىنلاشقاندا، يۈسۈپ خوجىنىڭ مەسچىت دېگەن مەنزىلدىكى كېمىدىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئۇقۇپ، دەريانىڭ قەشقەر تەرەپتىكى قىرغىقىدا نەيزە كۆتۈرۈپ ، قىلىچ ئاسقان بىرنەچچە يۈز ئادەمنى كۆرۈپ مەيۈسلەنگەن ھالدا ئەردەۋىلگە قايتتى ۋە ئابدۇۋاھاپ بەگ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر ئادەم ئارقىلىق يۈسۈپ خوجىغا خەت ئەۋەتتى. خەتكە تۆۋەندىكى سۆزلەر يېزىلغانىدى: «يۈسۈپ خوجام، سىزنى تۆرە (خۇنتەيجى) چىرلايدۇ. ئامۇرسەنا ئېغىر لەشكەر بىلەن كېلىۋر ئىمىش. ئۇل كەلگۇنچە پاتراق ئىلاغا يەتكەيسىز. بۇرادەرلىك قىلادۇرغان مەھەل ئۇشبۇدۇر. ئەگەر بۇ سۆزنى قوبۇل تۇتماسىڭىز، جانىڭىزغا خەبەردار بولۇپ، جەڭگە ئامادە (تەييار) تۇرغايسىز.»①

يۈسۈپ خوجا بۇ خەتنى ئوقۇپ، پۈتۈم مۇپاسىل② كېسىلى بىلەن ئاغرىۋاتىدۇ. سىھەت تاپقاندا بارارمەن دەپ، خەت ئەكەلگەن ئادەمنى ئەردەۋىلگە قايتۇردى.

دانچىن دورغا يىلى چىققان تۈپتەك سولتىيىپ يېنىپ كەلدى ـ دە، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان خۇنتەيجى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كەتمىدى. مۇشۇنىڭ ئۆزى دورغىنىڭ كۆڭلىنى نويانلىق مەنسىپىنى بەرگەندەك خۇش قىلىۋەتتى.

## ئىككىنچى باب

يۈسۈپ خوجا شۇنچە ئۇزۇن يولدىن كەلگۇچە ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي، ئەتىگەندە كەلگەن خۇش كېپەك ھاكىمغا:

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.
② مۇپاسىل ـــ رېماتىزم.

— خۇدانىڭ بۇ كۈنلەرگە يەتكۈزگىنىگە مىڭ قەتلە شۈكۈر ئېيتساق بولىدۇ، — دېدى.

— قايسى كۈنلەرگە دەيدىلا؟ — دەپ سورىدى خۇش كېپەك ئېنىق بىر نەرسىنى چۈشەنمەي. ئۇ يۇسۇپ خوجىنىڭ ئىلىدىكى چاغدا دېگىنى بويىچە شەھەر سېپىلىنىڭ قوختىلىرىنى جۆندەپ، دەرۋازىلىرىنى تەمىر قىلىپ، ئوردا سىپاھلىرىنى يېڭى قوراللار بىلەن چەمبەرچاس تەمىنلىگەن بولسىمۇ، قىرغىزلارنىڭ ئاتۇشنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا قوشۇن تولاپ شاۋقۇن كۆتۈرگەنلىكىنى، ئابدۇللا خوجىنىڭ نىمە ئۈچۈن ئەردەۋىلدىن ئۈچ يۈزدەك لەشكەر ئەكەلگەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى.

— قىرغىزلارنىڭ سەردارى ئۆمەر بەگ دېگەن كىشىنى بىلىدىلىغۇ، — دېدى يۇسۇپ خوجا ئۇنىڭ خىيالىدا تۇمانلىشىپ تۇرغان نەرسىلەرنى تارقاتماقچى بولغاندەك، — مەن ئىلىدىكى چاغدا ئۇ كىشى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھېچقاچان جۇڭغارلارغا بويسۇنمىغانلىقى، ھازىر ئۇلاردىن قۇتۇلۇش پۇرسىتى كەلگەنلىكى ھەققىدە مۇلاقاتتا بولدۇم. ئۇ كىشى مېنىڭ گەپلىرىمگە قوشۇلۇپ، جۇڭغارلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئويى بارلىقىنى ئېيتتى.

— بۇ ئۆمەر بەگ مىرزا دېگەنلىرى ئاشۇ بىر يىلى ئوردا نويانلىرى ئۇيۇشتۇرغان چېلىشتا جۇڭغارلارنىڭ ئۈچ پالۋىنىنى ئارقا - ئارقىدىن يىقىتقان بۆكە قىرغىز ئەمەستۇ؟ — دەپ سورىدى خۇش كېپەك.

— شۇنىڭ نەق ئۆزى.

— خۇدايىتائالا ئۇ ئادەمگە يالغۇز كۈچنىلا ئەمەس، ئەقىل - پاراسەتنىمۇ بەرگەنىكەن.

شۇ چاغدا شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل كىرىپ كەلدى - دە:

— سابىر قازى بىلەن ئەمەت خەلپەتلەر قوبۇلخانىدا كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى.

— ھازىر چىقىمىز، — دېدى يۇسۇپ خوجا ۋە ئورنىدىن تۇردى.

— ئىچىمگە سىغمايۋاتقان خۇشاللىقنى بىلگەندەكلا كەپسىلەر، — دېدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن كۇرسىدا ئولتۇرۇپ، — بۇ ھەقتە خۇش كېپەك ھاكىمغىمۇ تېخى ئېيتقۇدەك بولمىۋىدىم.

ئولتۇرغانلار «بۇ نېمە خۇشاللىقتۇ؟» دېگەندەك، يۇسۇپ خوجىغا قىزىقىپ قاراشتى.

— مېنىڭ ئويۇمچە، بۇنىڭغا قەشقەرىيە زېمىنىدا خۇشال بولمايدىغان ئادەم يوقتۇر، — دېدى ئۇ، — مەن ئەتە شەھەر خەلقىنى «دۆلەتباغ»قا يىغىپ جۇڭغارلاردىن قۇتۇلۇشنى ئېلان قىلماقچىمەن. سەكسەن يىلدەك قولىمىزدىن چىقىرىپ قويغان زېمىنىمىزنى جۇڭغارلاردىن قايتۇرۇۋالماقچىمەن.

— باركاللا خوجام! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇشتى ئولتۇرغانلار، — خۇدايىتائالا نىيەتلىرىڭگە يەتكۈزگەي، — دېدى خۇش كېپەك ھاكىم.

— ئاللانىڭ مەرھەمىتى چەكسىز. بۇنداق ياخشى ئىشلارغا ھەرقاچان نۇسرەت بېرىدۇ، — دېدى سابىر قازى.

بۇلارغا ئەمەت خەلپەتمۇ قوشۇلدى.

— ھازىر جۇڭغارلار زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت، — دېدى يۇسۇپ خوجا، — جۇڭغارلارنىڭ ئۆزئارا تەخت تالىشىشى غالدان سېرىنىڭ بىرنەچچە بالىسى بىلەن ئاياغلىشىپ، ھازىر ئۇنىڭ جىيەنلىرى ئارىسىغا ئۆتتى. خۇنتەيجى لاما تاجى ئالتاي - ئېمىل دېگەن يەرلەردە تۇرىدىغان ئامۇرسەنا، داباچى دېگەنلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ جۇڭغار تەختىگە داباچى دېگىنى ئولتۇردى. ئامۇرسەنا دېگىنى بولسا ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ، بەش يۈزدەك ئادىمى بىلەن كۇنچىقىشتىكى خاقانى چىندىن ياردەم سورىماق بولۇپ كېتىپتۇ. خۇنتەيجى بولغان داباچى يۇمشاق تەختتە ئەمەس، خۇددى مىخنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرغاندەك بولۇۋاتىدۇ. ھازىر جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىگە دەز كەتتى. شۇڭا، مۇشۇ

www.uyghurkitap.com

پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇلارغا قارشى ئاتلانمىساق، بەندىلەر بىلەن ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا قارا يۈز بولىمىز.

— خوجامنىڭ ئېيتقانلىرىغا يۈز پايىز قوشۇلىمەن، — دېدى سابىر قازى، — بۇ يورۇق دۇنيادا مەڭگۈ قالىدىغان ھېچ نەرسە يوق. ۋاقىت - سائىتى كەلگەندە ھۆكۈمرانلاردىكى كۈچ - قۇۋۋەتمۇ ئاستا - ئاستا توزۇپ تۈگەيدۇ. ئۇلار بۇرۇنقىدەك باشقىلارنى ئىستېلا قىلىش ۋە بويسۇندۇرۇش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ - دە، ئۆزىنى ھىمايە قىلىشقا باشلايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانىڭ بىر قىسمىنى بويسۇندۇرغان ھۆكۈمران پادىشاھلار ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، چىڭگىزخانلارمۇ ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇنداق تەقدىرگە مۇپتىلا بولغان، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تارىخىنى ۋاراقلىساق، بۇنداق مىساللارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز.

— ئارى راست، — ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى ئەمەت خەلپەت.

ئۇلار ئىككى سائەتتەك مەسلىھەتلىشىپ، ئەتە شەھەر خەلقىنى «دۆلەتباغ»قا يىغىپ، شۇ يەردە جۇڭغارلارغا قارشى ئاتلىنىشنى ئېلان قىلىشقا كېلىشتى. خۇش كېپەك ھاكىم بىرنەچچە ئىسلام بۇيرۇقىنى تەييارلاپ ئوردا دەرۋازىسىغا، شۇنىڭدەك بازاردىكى كۆرۈنەرلىك يەرلەرگە، ئۆزىنىڭ مەھكىمىسىگە، قازىخانا دەرۋازىسىغا چاپلايدىغان بولدى. شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل شەھەردىكى ئۆلىما - پازىللارنى، مەدرىسە - مەكتەپلەردىكى مۇدەررىس - تالىپلارنى، مەسچىتلەردىكى ئىمام - مەزىنلەرنى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيەلەرنىڭ بەگلىرىنى بۇ قۇتلۇق كۈنگە تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتىدىغان، ئوردا جارچىلىرىنى كوچىلارغا چىقىرىپ، شەھەر خەلقىنى خەۋەردار قىلىدىغان بولدى. ئەمەت خەلپەت بولسا «مەرىپەت مەكتىپى»نى تاماملىغان ھەممە شاگىرتلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى يېزا - قىشلاقلاردىكى خەلقلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ:

— ياراتقان ئىگەمنىڭ بۇ كۆنلەرگە يەتكۈزگىنىگە مىڭ كەررە شۈكۈر، — دېدى ئۇ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز بۇنداق خۇشاللىق كۈننى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئەمەسمىدۇق، — دەپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈۋەتتى.

ئادەم باللىرىنىڭ كۆز يېشى بىر ەر مۇسىبەتكە ئۇچراپ، غەم ـ قايغۇغا چۆمگەندىلا چىقماي، خۇشاللىققا چۆمگەندىمۇ چىقىدىكەن. بۇنى ئەمەت خەلپەتلا ئەمەس، يۇسۇپ خوجا بىلەن سابىر قازىمۇ، خۇش كېپەك هاكىممۇ، شاهاۋۇدۇن باقاۋۇلمۇ بىرىنچى قېتىم ئۆز باشلىرىدىن كەچۈردى. ئۇلارنىڭ هەممىسى يانچۇقلىرىدىن ياغلىقلىرىنى چىقىرىپ ياشلىرىنى سۈرتۈشتى.

※ ※ ※

ئەتىسى هاۋانىڭ سالقىن بولغىنىغا قارىماي، چۈشكە يېقىن «دۆلەتباغ»نىڭ ئىچى ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتتى. كوچىلاردىن قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغان مەپىلەر، ئۇلاغلارغا مىنگەن ۋە پىيادە ماڭغان ئادەملەر كېلىشكە باشلىدى. هەممە خەقنىڭ ئاغزىدا «جوڭغارلار زۇلمىدىن قۇتۇلۇپتىمىز، ئاه ـ زارىمىز خۇداغا يەتكەن ئوخشايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر ئاڭلىناتتى.

چۈشكە يېقىن مەزگىلدە بۇگۇنكى تەنتەنىگە ئاتاپ ياسالغان سەهنىنىڭ ئۈستىدە خۇش كېپەك هاكىم بىلەن يۇسۇپ خوجا پەيدا بولدى. خۇش كېپەك هاكىم قولىنى كۆتۈرۈپ، يىغىلغان خەقنى تىنچلىق ساقلاشقا دەۋەت قىلدى. باياتىن بىرى خەلق ئارىسىدا بولۇۋاتقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىلىپ، باغ ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىدى.

— هۆرمەتلىك ئەهلى جامائەت، قەدىرلىك قېرىنداشلار! — دەپ خىتاب قىلدى يۇسۇپ خوجا، — بىز، يەنى ئەزىزانە قەشقەردە تۇرۇۋاتقان ئادەملەر بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزىمىزنى ئازاد ـ ئەركىن دەپ هېسابلايمىز! مەن سىلەرگە بۈگۈندىن باشلاپ

www.uyghurkitap.com

دىيارىمىزدا ھۆكۈم سۈرگەن جۇڭغارلار زۇلمىدىن خالىي بولغىنىمىزنى تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلايمەن! بىز ئەمدى جۇڭغارلارنىڭ بېقىندىسى ئەمەس. بىزگە ئەۋۋەلەن خۇدا، ئاندىن قالسا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى مەدەت بەرگۈسىدۇر.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى بەلگىلەنگەن ئادەملەر كانايلار ئارقىلىق ھەممىگە يەتكۈزۈپ تۇردى.

— مەن بۈگۈن بارلىق قەشقەر خەلقىنى قۇتلۇق كۈن بىلەن تەبرىكلەيمەن! كۈتكەن خەيرلىك كۈنلىرىمىزگە مۇبارەك بولغاي. بىز ئەمدى جۇڭغارلارغا بويسۇنماي، ئۆز ئەركىمىز بىلەن ياشايمىز ...

يۈسۈپ خوجىنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن باغ ئىچىدە يەنە بىرپەس جىمجىتلىق پەيدا بولدى. چۈنكى، بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلايمىز دەپ ھېچكىم ئويلىمىغانىدى. خۇشال بولغان خەلقنىڭ، ھەتتا ئۆلىما ـ پازىللارنىڭمۇ ئاغزىغا گەپ كەلمەي تۇتۇلۇپ قالدى.

— ھەربىرىمىزنىڭ تېنىدە بىر جان بار، — دېدى بىر چاغدا سەيناغا يېقىن يەردە تۇرغان چار ساقال بىر ئادەم، — ئەگەر مىڭ جان بولسىمۇ پىدائىي بولغاي. ئەمدى ئۆلسەك ئارمىنىمىز يوقتۇر، — دەپ يېنىدا تۇرغان ئادەمنى قۇچاقلىۋالدى. خەلق بىر ـ بىرىنى مۇبارەكلىشىپ يەنە چۇرقىرىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا سەيناغا چىققان ئەلەم قەشقەر ئاخۇن موللا مەھمۇد دېگەن كىشى يىغىلغانلارغا تەۋپىق تىلەپ دۇئا قىلدى.

※ ※ ※

ئۇچار قۇشلارنىڭ ئىچىدە شەپەرەڭ بىلەن ھۆۋقۇش ئىككىسى يورۇقلۇقنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. ئۇلار كۈندۈزى قاراڭغۇ جايلاردا، تامنىڭ يوچۇقلىرىدا ياكى پورلاشقان دەرەخلەرنىڭ كامارلىرىدا يېتىپ، تىرىكچىلىكنى كېچىسى قىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارغا يەر ـ جاھاننىڭ يورۇق بولغىنىنى ياقمايدىكەن.

شۇنىڭغا ئوخشاش، قەشقەردىكى نەچچە يۈز مىڭلىغان ئادەملەر كۈتكەن كۈنلەرگە يەتتۇق دەپ يار ۋىسالىغا يەتكەن ئاشىقلاردەك خۇشال بولۇۋاتسا، قەشقەر ئوردىسىدا ئىشىك ئاغا بولۇپ ئىشلەيدىغان خۇدايار بەگ قاتارلىق بىر قانچە ئادەم نارازى بولدى. خۇنتەيجى غالدان سىبىرىنىڭ ۋاقتىدا «ئىشىك ئاغىلىق» مەنسىپىگە يەتكەن بۇ ئادەم ئىنتايىن جۇڭغارپەرەس ۋە ئىمانى سۇس بولۇپ، يۈسۈپ خوجا ئېلىپ بارغان ئىشلارغا ھەر دائىم نارازىلىق قىلاتتى. بولۇپمۇ يۈسۈپ خوجا قۇتلۇق كۈننى ئېلان قىلغاندىن كېيىن جۇڭغارلارغا مېھىر قويغان بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى تىترەپ كەتتى. ئۇ بىرنەچچە كۈن نېمە قىلىپ، نېمە قويارىنى بىلەلمەي يۈردى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتۇش ھاكىمى نىياز بەگ دېگەن كىشى ئەردەۋىل ھاكىمى ئابدۇۋاھاپ بەگ، ئۇچ ھاكىمى غوجاش بەگلەر تەرىپىدىن يېزىلغان بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. «خۇدايار بەگ باشلىق قەشقەر بەگلىرىگە، — دەپ يېزىلغاندى خەتتە، — خاقانى چىنغا ئامۇرسەنا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ھەر نېچۈك بولسا، يۈسۈپ خوجىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرسۈنلەر. ئەگەر جۇڭغارلار دۈررىچە بولسا، بۇ خىزمەتنى ھەرگىز ئۇنتىماس. ئۇنداق بولمىسا ھەم يۇرتنى خالىي قىلىپ ئۆز ئىختىيارىڭلارچە سوراپ تۇرغايسىزلەر»① دەپ خەتنىڭ ئاخىرىغا ئۇلارنىڭ مۆھۈرلىرى بېسىلغانىدى.

خۇدايار بەگ ئۆزى بىلەن كۆڭلى يېقىن بىرنەچچە ئادەمنى ئۆيىگە يوشۇرۇن چاقىرىپ مەسلىھەت قىلىشتى، ئۇلار بۇ خەتكە يېزىلغان سۆزلەرنى ماقۇل كۆرمىدى. بەزىلىرى: «يۈسۈپ خوجا بىسيار مەرد، ئاق كۆڭۈل كىشىدۇر. (ئۇنى) بۇ تۇزاققا چۈشۈرگىلى بولماس. ئەگەر خەۋەر تاپسا ھەممىمىزنىڭ بېشى كېتىدۇر. باشقىچە بىر ئىش قىلغايسىلەر»② دەپ ئېتىراز بىلدۈردى. ئەمما، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە بېرىلگەن،

---

①② مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى خوجىگان» دىن ئېلىندى.

كاللىسىغا يۈسۈپ خوجىنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ئوي ـ خىيال كەلمىگەن خۇدايار بەگ ئاغا ـ ئىنى شاھبەگ ۋە مۇبارەكشاھ دېگەن ئىككىيلەننى چاقىرىپ، ئۇلارغا: «بىرنەچچە مىلتىقلىق ئادەملەرنى تەييارلاپ ئازنا مەسچىتتىكى تەختىنىڭ تۆپىسىگە قويۇڭلار، (ئۇلار) يۈسۈپ خوجا جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كىرىپ نامازغا تۇرغاندا نىشانغا ئېلىپ ئاتقاي. شاھبەگ سىز يۈز كىشى بىلەن مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى توسقايسىز. سىز مۇبارەكشاھ ئاتۇشقا بېرىپ مۇنۇ خەتنى ئابدۇساتتار بەگكە يەتكۈزۈڭ. ئۇ كىشى تۆت يۈز ئادەم بىلەن كېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغاي، شەھەردە قاراخان بولۇپ تۇرۇۋاتقان جۇڭغارلار بىزگە ياردەمدە بولىدۇ ... »① دەپ تاپشۇرۇق بەردى ۋە مەزكۇر تاپشۇرۇقنى خەتكە يېزىپ، مۆھرىنى بېسىپ مۇبارەك شاھقا تۇتقۇزدى.

«كىمكى باشقىلارغا ئورا كولىسا، شۇ ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ» دېگەندەك، شاھبەگ بىلەن مۇبارەكشاھ تالاغا چىققاندىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ، «بۇ خۇدايار بەگنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلاپ، ۋەدىسى بويىچە ئاتۇشقا ھاكىم بولغاندىن كۆرە، بۇ خەتلەرنى يۈسۈپ خوجىغا بەرسەك، ئۇ كىشى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق مەنسەپ بەرمەمدۇ. مۇبادا خۇدايار بەگنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلىمىساق، بېشىمىز چوقۇم كېتىدۇ» دېگەن قارارغا كەلدى ـ دە، خۇپتەن مەزگىلدە يۈسۈپ خوجىنىڭ ئوردىسىغا باردى ۋە خۇدايار بەگنىڭ تاپشۇرۇقىنى سۆزلەپ، بەرگەن خەتلىرىنى تاپشۇردى. يۈسۈپ خوجا بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكىغا ئىلتىپاتلار بىلدۈرۈپ، خادىملىرىغا مۇبارەكشاھنى پىنھاندا ساقلاشنى تاپشۇردى. ئاندىن ئوردىدىكى ئەمەلدارلارنى تەلتۆكۈس جەم قىلدى. ئۆز نۆۋىتىدە خۇدايار بەگمۇ ئۆز ھويلىسىنى مەھكەملەپ، ئۆزىگە تەئەللۇق ۋە تەرەپدار ئادەملەرنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى قوراللاندۇردى.

---

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى خوجگان»دىن ئېلىندى.

يۇسۇپ خوجا ئازنا كۈنى جۈمە نامىزىغا بارمىدى. بۇ ھال خۇدايار بەگنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇ «خۇدايار بەگنى تۇتمىغۇچە خاتىرجەملىك بولمايدۇ» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، قىرغىز ـ قىپچاقلار ئارىسىدىن بىرقانچە پالۋانلارنى سورۇنخانىغا يىقىن ئۆيگە يوشۇرۇپ قويىدى ۋە ئۇلارغا ۋاقتى كەلگەندە ئوغلۇمغا: «باباق، تاقاڭنى تەييارلا دەيمەن، سىلەر شۇ چاغدا كىرىپ خۇدايار بەگنى تۇتقۇنغا ئالىسىلەر» دىدى. لىكىن، خۇدايار بەگدىن تىخىچە دىرەك يوق ئىدى. يۇسۇپ خوجا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تۇغقىنىنى: «مەسلىھەت قىلىدىغان ئىش بار، چارلاپ كىلىڭ» دەپ ئەۋەتتى. خۇدايار بەگ بۇ كىچە خەتەرلىك چۈش كۆرگەنىدى. ھەمشىرىسى بارماسلىقنى ئىيتتى. لىكىن، ئەجەل ياقىسىنى تۇتقان خۇدايار بەگ يۇسۇپ خوجىنىڭ مىنىڭدە نىمە ھەددى بار، دەپ ئىتىغا مىندى. سورۇنخانىغا كىرىپ كۆردىكى، يۇسۇپ خوجا غەزەپ بىلەن ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ خۇدايار بەگنىڭ بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى.

— ئەي خۇدايار بەگ، مەن سىزگە نىمە يامانلىق قىلغان؟ سىز ماڭا پالانى ۋاقىتتا مانداق، پۈستانى ۋاقىتتا ئۇنداق خىيانەتلىك ئىشلارنى قىلدىڭىز، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈپ كەلگەنىدىم. ئەمدى سەۋرى پەيمانىم تولۇپ تاشتى. لەيلىنىڭ نۆۋىتى ئۆتۈپ، مەجنۇنىنىڭ نۆۋىتى كەلدى، ھەي باباق، تاقاڭنى تەييارلا ! — دىدى يۇسۇپ خوجا. ئۇنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇ گەپ چىقىشى بىلەن توقال ئىسىملىك قىرغىز پالۋان سورۇنخانىغا پەيدا بولدى ـ دە، خۇدايار بەگنى يەردە ياتقان ئالمىنى ئالغاندەك كۆتۈرۈپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ داد ـ پەريادىغا ھىچكىم قۇلاق سالمىدى.

سورۇنخانىدا ئولتۇرغانلار ھىچ نەرسىنى چۈشەنمەي تىڭىرقاپ قىلىشتى. بەزىلىرىنىڭ بەدىنى كۈيۈشكەندەك بولۇپ، رەڭگى سارغىيىپ كەتتى. يۇسۇپ خوجا سورۇن ئەھلىدە پەيدا بولغان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

— ھۆرمەتلىك بەگلەر، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، دۈشمەن بىر كىشى ئىدى. جازاسىنى يېدى، — دەپ يانچۇقىدىن خۇدايار بەگنىڭ مۆھرى بېسىلغان خەتنى مۇنشىغا (كاتىپقا) بەردى - دە، — بۇ خەتنى ئوقۇپ بېرىڭ، كۆپچىلىك ئاڭلىسۇن، — دېدى.

مۇنشى خەتنى ئوقۇپ ئاڭلاتقاندىن كېيىن:

— بۇنداق ئۆز خوجىسىغا قارا سانىغان ئادەمنى نېمە قىلماق كېرەك؟ — دەپ سورۇن ئەھلىگە مۇراجىئەت قىلدى.

— ئۇنىڭغا ئۆلۈم لايىقتۇر! — دەپ چۇرقىراشتى سورۇنخاندىكىلەر.

يۈسۈپ خوجا خۇدايار بەگنى قەتل قىلىشقا بۇيرۇق بەردى - دە:

— دۈشمەن بىر كىشى ئىدى، جازاسىنى يېدى، — دەپ تەكرارلىدى، — قالغانلىرىمىز ھېچ نەرسىدىن تەشۋىش قىلماي ئۆز دىيارىمىزغا سادىق بولايلى. ئادەم بالىسى دېگەن ئۆز دىيارىغا سادىق بولغاندىلا يۈزى يورۇق، ئابرۇيى ئۈستۈن بولىدۇ. ئۆز دىيارىنىڭ قەدرىگە يەتمەي، جۇڭغارلارنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ياشايمەن دېگەن ئادەم ئەڭ يامان ئادەمدۇر، — ئۇ گېپىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، سورۇنخاندىن چىقتى.

## ئۈچىنچى باب

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە جۇڭغار خانلىقى سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشايتتى.

تاغىسى غالداندىن قالغان ئاق ئوردىدا ئەركە ئىچىپ، گۆش يەپ، چىشىنى كولاپ، ھېلىدىن - ھېلى كېكىرىپ ئولتۇرغان داباچىنغا كۈندە دېگۈدەك كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر كېلەتتى. بالا ۋاقتىدىن تارتىپ كاللىسىغا ئورناپ كەتكەن «خۇنتەيجى بولغان ئادەم راھەت - پاراغەت كۆرىدۇ. پۈتمەس - تۈگىمەس مال - دۇنياغا ئىگە بولىدۇ» دېگەن چۈشەنچە ھازىر پۈتۈنلەي يوقاپ كەتكەنىدى. ئۇ ھازىر قوزۇقتەك ئۇچلۇق بېشىنى سىلاپ

«خۇنتەيجى بولماقمۇ تەس ئىكەن - دە» دېگەن سۆزنى پات - پات تەكرارلايتتى. مانجۇ خانىدىن ياردەم سوراپ كەتكەن ئامۇرسەنا بۇياقتا قاراپ تۇرغۇن لەشكەر بىلەن يولغا چىققانىدى. قازاق دالالىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان لەشكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆيلىرىگە تارقاپ، قالغانلىرى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان يەرلەردىكى ئاھالىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلماقتا ئىدى. ئامۇرسەنانىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان بەزىبىر تەيجىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، لەشكەر توپلاشتىن باش تارتماقتا. بۇلارنى ئاز دېگەندەك، تەڭرىتېغىدا يايلاپ، قىشلاپ يۈرۈۋاتقان قىرغىزلار ئەل - ئايمىقى بىلەن كۈنگەي تەرەپكە (جەنۇبقا) كۆچۈپ كەتمەكتە. قازاق خانلىرى بارغانچە كۈچىيىپ، جۇڭغارلارنى كۈنپېتىشتىكى بەزى يەرلەردىن چېكىندۈرمەكتە ئىدى. داباچى مۇشۇلارنى ئويلاپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ھىراۋۇلغا «ئەركە كەلتۈرۈلسۇن !» دەپ ۋارقىرىدى. ئەتىگەننىڭ بۇياغى مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ ياندىش ئۆيدە ئولتۇرغان داندار نويان ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى - دە، ھىراۋۇللارنىڭ بىرىگە تورسۇقتىكى ئەركىنى كۆتۈرتۈپ، ئۆزى چۆرىسىگە كۈمۈش تۇتۇلغان ئاياقلارنى كۆتۈرۈپ كىردى.

داباچى بىر ئاياق ئەركىنى دەم ئالماي ئىچىۋېتىپ، يوغان ئالقىنى بىلەن جاۋغايلىرىنى سىلاپ تۇراتتى، ئوردىغا ھىراۋۇللارنىڭ باشلىقى كىرىپ:

— ئۇلۇغ ئەمرچىمىزگە ئەردەۋىل بېگىدىن نامە ئەكەلدۇق دەپ ئىككى ئارباتۇ كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— باشلاپ كىر، — دېدى خۇنتەيجى.

ئوردىغا ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنىڭ ئىككى ئۇچى ئېڭىكىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان ئابدۇساتتار بەگ بىلەن بوي - تۇرقى ۋىجىككىنە بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ خۇدايار بەگنىڭ ئوغلى ئىدى. ئابدۇساتتار بەگ يانچۇقىدىن كىچىككىنە قەغەز چىقىرىپ

خۇنتەيجىگە سۇندى. ئۇنىڭغا «ئەي، ئۇلۇغ ئەمرچى، يۇسۇپ خوجا قەشقەر بىلەن يەكەننى ئېلىپ، خۇدايار بەگنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بىز بۇ خوجىلار ئاخىر بىر كۈنى تىغ كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، سىلەردىن يۈز ئۆرۈيدۇ، دەپ ھەرقاچان ئېيتىپ كەلگەنىدۇق. بىراق، سىلەر بۇ گەپلىرىمىزگە باۋەر قىلماس ئىدىڭىزلەر. ھالا ئەمدى قەشقەر بىلەن يەكەن قولدىن كەتتى»[1] دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى.

داباچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاياقتىكى ئەركىنى بىر سۇمۇرۇشتىلا ئىچىۋەتتى. شۇ ئەسنادا:

— بىزنىڭ ئابا ـ ئەجدادىمىز سىلەرگە خىزمەت قىلىپ كەلگەن، باج ـ خىراجنىمۇ زىيادە ئەيلىگەن. ئاتام خۇدايار بەگنى سىزلەر قەشقەرگە ئىشىكئاغا قىلىپ ئىدىڭىزلەر. «سەن جۇڭغارغا كۆڭۈللۈك» دەپ، ئاتامنى بىگۇناھ ئۆلتۈردى. بىزنى ھەم ئۆلتۈرگۈچە، مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن قېچىپ كەلدۇق. ئاتامنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەرگەيسىز؟[2] — دېدى خۇدايار بەگنىڭ بالىسى كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ.

داباچى يۇسۇپ خوجىنى قەشقەرگە ئەۋەتكەنلىكىگە مىڭبىر پۇشايمان قىلدى. بىر تۈرۈپ ئۇياقتا ئابدۇۋاھاپ بەگ، غوجاش بەگ، بۇرۇتلۇق ئابدۇساتتار بەگ ۋە مونۇ كۆز يېشىنى تۆكۈپ تۇرغان خۇدايار بەگنىڭ بالىسىغا ئوخشاش ئۆزلىرىگە سادىق ئادەملەرنىڭ بارلىقىدىن خۇشال بولدى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتىلا ئوردا نويانلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت قىلدى ـ دە، ئامۇرسەنا ئېغىر لەشكەر بىلەن كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، شۇڭا قەشقەرىيەگە لەشكەر ئەۋەتىشنىڭ ئىلاجى يوق. ھازىرچە تەدبىرلىك بىر ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتەيلى، ئۇ ئادەم تەگرىتېغىدىن كۆچۈپ كەتكەن قىرغىزلارنى قايتۇرۇپ كېلىش، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەنلەر تۆلەشكە تېگىشلىك باج ـ خىراجلارنى يىغىپ

---

[1][2] مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

كېلىشنى باھانە قىلىپ ئۈچ يۈز ئاتلىق لەشكەر بىلەن يولغا چىقسۇن. ئاندىن كېيىن قەشقەر ھاكىمى خۇش كېپەك، يەكەن ھاكىمى غازى بەگ، ئىشىكئاغا نىياز بەگكە قارىتىپ ئۇلۇغ ئەمرچىمىزنىڭ نامىدىن يۈسۈپ خوجا بىلەن ياقۇپ خوجىنى تۇتقۇن قىلىپ، ئەھلى ئاياللىرى بىلەن ئىلىغا ئەۋەتىپ بېرىڭلار. ئەگەر مۇشۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقساڭلار. خانلىقىمىزنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇپ، خوجىلار ئولتۇرغان خانلىق تەختكە ئىگە بولىسىلەر، دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ ئەلچىنىڭ قولىغا بېرەيلى ... دېگەن قارارغا كېلىشتى.

داباچى ئەتىسى ئەتىگەندە يېزىلغان خەتلەرگە مۆھۈر بېسىپ، ئۈچ يۈز ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئەلچى بولۇپ بارىدىغان ھەراۋۇللار باشلىقى مارجىنى يولغا سالدى ۋە:

— نويان بولۇش مۇشۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىڭغا باغلىق، — دېدى مارجىنى يېنىغا چاقىرىپ.

## تۆتىنچى باب

جۇڭغار خانلىقىدىن ئەلچى كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كېلىش بىلەن يۈسۈپ خوجا دەرۋىش باقاۋۇل دېگەن ئادەم باشلىق بەش كىشىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ۋە دەرۋىش باقاۋۇلغا:

— ئەلچىنىڭ ئۆزايىغا بېقىڭ، ياخشى نىيەت بىلەنمۇ ياكى يامان نىيەت بىلەن كېلىۋاتامدۇ؟ ھەرھالدا ماڭا دەرھال خەۋەر بېرىڭ، — دېدى.

دەرۋىش باقاۋۇل پاراسەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ جۇڭغار ئەلچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ ئۆزايىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى بايقىدى ـ دە، يۈسۈپ خوجىغا خەت يېزىپ مەلۇم قىلدى.

يۈسۈپ خوجا دەرھال تەييارلىنىپ بىرەر مىڭ يىگىتنى جەڭگىۋار ھالەتكە كەلتۈردى. ئەلچى شەھەرگە يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىش ئۈچۈن خەلقنى چىقارغاندەك

بولـدى. ئەلچى شـەھەرگە كـىـرىشى بـىـلەن پۇتـۇن خـەلقـنـىـڭ جەڭگىۋار ھالەتتە قورال ـ ياراغ بىلەن تۇرغانلىـقىنى كـۆردى. ئەلچى ئوردىغا كېلىپ بۇ يەردىمۇ قوراللانغان ئادەملـەر توپىنى كۆردى. ئاخىـر ئۇلار ئەلـچىنى بـىرنەچچە جايدا تـوخـتـىتـىـپ تەكشۈرۈپ، سورۇنخانىغا، ئاندىن يۇسۇپ خوجىنـىـڭ ھۇزۇرىغا ئەكىردى.

يۇسـۇپ خـوجا ئەلـچـىگە مـۇراجـىـئەت قـىـلـىـپ ياخشى كەلگەنلىكىنى، ئـاندىن ئىلىنىڭ ئـەھـۋالىنى سـورىغان بولـدى ـ دە، خۇش كېپەك ھاكىمغا قاراپ:

ـــ مېھماننىڭ ئىززىتىنى قىلماق سۈننەتتۇر. « مېـهـمانغا ئىكرام (ھۆرمەت) قىلىڭلار. ئەگەرچەندە يات دىندىكـىـلەر بولسا ھەم ...» دېگەن ھەدىس بار، ـــ دېدى.

خۇش كېپەك ھاكىم ئەلچىنى سۇدەرۋازىسىغا يېقىن يـەردە تـەيـيارلانغـان ھـويلـىـغـا ئورۇنـلاشـتـۇردى. ئۇلارنىـڭ ئـات ـ ئۇلاغـلىـرىـنـى بـېقـىـش ئـۈچۈن شەھـەر سـىـرتـىـغـا ئەكـەتـتـى. كەچقۇرۇنلۇقى جۇڭغار ئـەلـچـىـسـى خـۇش كېپـەك ھـاكـىـمـنـى چاقىرىپ خۇنتەيجى داباچىنىـڭ مەخسۇس خېتـىـنـى تاپشۇردى. ئۇ خەتـنى ئوقۇپ چـىـققانـدىن كـېيـىن ئەلـچـىگە قـاراپ: «مـەن مۇسـۇلـماندۇرمـەن. تـۆرەدىن (خۇنـتـەيجـىـدىـن) قورقـۇپ بـىـر مۇسۇلـمـانغا ئـازار يـەتكـۈزسـەم، خـۇدا راۋا كۆرمـەس. ئـاتـا ـ بوۋامدىن تارتىـپ بۇ ئاستـانىنـىـڭ تۇزىنى يـەپ كېلىـۋاتىمىـز. بـۇنداق ۋاپاسـىـزلىق قـىـلسام، قـىـيامەت كـۈنـى خۇدا بـىـلـەن رەسۇلـىـللانىڭ ئـالـدىدا قارا يـۈز بـولارمەن. بۇنـداق بـەتنامـىـغا قالغاندىن كۆرە، تۆرەمنىڭ قولىدا ئۆلگىنىـم ياخشىـدۇر ...»[1] دەپ رەت قـىلدى ۋە ئەلـچـىـنـى: «يـۇسۇپ خوجام بـىـسيـار دانـا كـىـشـىدۇر. سىلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكرىڭلارغا ئىلىنمايدۇ ...» دەپ ئاگاھلاندۇردى. بىراق، بەشكېرەم ھاكـىـمى بەھـرەم بەگ بـىـلـەن

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

پەيزاۋات ھاكىمى نىياز بەگلەر ئەلچى چۈشكەن ھويلىغا يوشۇرۇن كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ جۇڭغارلارغا ئۆلگۈچە سادىقلىقىنى ئىزھار قىلدى ۋە جۇڭغار ئەلچىسىگە: «بىزگە خوجا كېرەك ئەمەس. بۇ يۇرتلارنى خوجىلار خاراب قىلغاندۇر. بىزدىن مەسلىھەت شۇكى، يۈسۈپ خوجا ناھايىتى زېرەك ئادەمدۇر. ئۇنى ئۆز ئوردىسىدا تۇتقىلى بولماس. ئۇشبۇ ھويلىغا مېھمان بولۇڭ دەپ چاقىرسىڭىز، ئىلاجىسىز كېلۇرلەر. شۇڭغىچە بىرنەچچە باتۇر كىشىلەرنى قازناقتا يوشۇرۇپ بەزىسىگە مىلتىق، بەزىسىگە شەمشەر بەرسەك، يۈسۈپ خوجا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندا ھالاك ئەيلىسە بولۇر. ئاندىن يەكەننى بىر كۈندە ئالۇرمىز. ياقۇپ خوجا ساددا كىشىدۇر ...»① دەپ مەسلىھەت بەردى.

بۇ ئىككى بەگنىڭ مەسلىھەتى جۇڭغار ئەلچىسىگە يېقىپ كەتتى ـ دە، مېھمان كۈتۈش تەييارلىقىنى باشلىۋەتتى. ئەلچى مارجىنىڭ ئۆزى كېلىپ، يۈسۈپ خوجىنى مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— خۇدا نېسىپ قىلسا، چوقۇم بارىمىز، — دېدى يۈسۈپ خوجا.

ئەلچى قۇرغان قاپقىنىغا يولۋاس چۈشىدىغان بولدى دەپ خۇشال ھالدا قايتتى.

— بۇ قانداق بولغىنى خوجام؟ — دېدى خۇش كېپەك ھاكىم، — بۇ جۇڭغار ئەلچىسىنىڭ قانداق نىيەت بىلەن مېھمانغا چاقىرغانلىقىنى بىلمەي، چوقۇم بارىمىز دەپ ۋەدە بەردىلىغۇ؟

يۈسۈپ خوجا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە:

— بىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، كۈچ ـ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بارىمىز. مەن ئەلچىنىڭ

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

شۇ چاغقىچە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى ھەققىدە بىر ئېغىز گەپ ئاچماي، بىزنى مېھمان قىلىش كويىغا چۈشۈپ قالغىنى نىيىتىنىڭ بۇزۇقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇ يەرگە مېھمان بولۇپ بېرىشنى بۇگۈن كەچتىلا باشلايمىز. ھازىر پۈقراچە كىيىنگەن يۈز نەپەر لەشكەر ئەلچى تۇرۇۋاتقان ھويلىغا بېرىپ: «بىزگە جۇڭغارلارنىڭ كېرىكى يوق...» دەپ قىيقاس ـ سۈرەن كۆتۈرسۇن. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوراللىق لەشكەرلەر بېرىپ: «سىلەر نېمە ئۈچۈن مۇنداق باشباشتاقلىق قىلىسىلەر؟ ئۇلۇغ خۇنتەيجى ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىشىمىز كېرەككقۇ؟» دەپ، ئۇلارنى تارقىتىۋەتسۇن ـ دە، ھويلىنى ئۆزلىرى مۇھاسىرىگە ئالسۇن. بايىقى پۈقراچە كىيىنگەن لەشكەرلەر بامدات نامىزىدىن كېيىن يەنە شۇ ئەتراپتا، ھەتتا ھويلىنىڭ ئۆگزىلىرىدە پەيدا بولسۇن، — دېدى.

— ھەممە گەپلىرىنى چۈشەندىم، — دېدى خۇش كېيىپەك ۋە ئىككى باقاۋۇلنى ئالدىغا چاقىرىپ، يۈسۈپ خوجا تاپشۇرغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

يۈسۈپ خوجا ئەتىسى دېگەن ۋاقىتتا جۇڭغار ئەلچىسى چۈشكەن ھويلىغا يېتىپ باردى. ئۇلارنى جۇڭغار ئەلچىسى ھويلىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ـ دە:

— خوجىنىڭ ئۆز شەھىرىگە كەلگەن ئەلچىگە مۇنداق كۈچ كۆرسەتكىنى توغرا ئەمەس، — دەپ نارازىلىق بىلدۈردى.

— بۇ كۈچ كۆرسىتىش ئەمەس. ئۇلۇغ خۇنتەيجىگە، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇ كىشىنىڭ ئەلچىسىگە كۆرسىتىلگەن ھۆرمەت، — دېدى يۈسۈپ خوجا، — بىزنىڭ خەلقىمىز سەكسەن يىلدەك جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئالۋان ـ ياسىقىنى تۆلەپ، يەۋاتقان نانلىرىدىن ئايرىلغان خەلق. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ۋايىم قىلىپ، سىلەرنى مۇشۇنداق ساقلاشقا توغرا كەلدى.

يۈسۈپ خوجا بىلەن خۇش كېيىپەك ھاكىملار ھويلىدىكى

چاغدا دەرۋىش باقاۋۇل باشلىغان بىرنەچچە ئادەملەر يۇسۇپ خوجىلار كىرىدىغان ئۆينى ۋە ئۇنىڭغا يانداش بۆلۈملەرنى تەكشۈرۈپ چىقتى. بىرنەچچە ئادەم ئىشىكلىرى ھويلىغا قارىتىپ سېلىنغان ھۇجرىلار بىلەن قازناقلارنى كۆزدىن كەچۈردى. بىر قازناق ئىچىدىن ئىككى نەپەر قوراللىق جۇڭغار بىلەن بەشكىرەم بېگى بەھرەمبەگ ۋە نىياز بەگلەر چىقىشتى ...

شۇنداق قىلىپ، جۇڭغار ئەلچىسىنىڭ ئۆيىدىكى مېھماندارچىلىق پايانىغا يەتتى. مېھماندارچىلىق بىلەن ئۆز غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرماق بولغان جۇڭغار ئەلچىسى مەقسىتىگە يېتەلمەي، بىرمۇنچە ئالاقزادىلىككە ئۇچرىدى ۋە شۇ كۈنى كەچتە قەشقەردىن ئۇمىدىنى ئۈزۈپ يەكەنگە ماڭدى.

يۇسۇپ خوجا دەرھال ئاكىسى ياقۇپ خوجىغا ۋە ئۇنىڭ سىدىق خوجا، يەھيا خوجا دېگەن باللىرىغا تۆۋەندىكىدەك خەت يېزىپ چاپارمەن ئەۋەتتى.

*«بۇ جۇڭغار ئەلچىسى بەتنىيەت بىلەن كەلگەنىكەن. قەشقەردە خېلى ھىيلە - مىكىر دامىنى قۇرۇپ كۆردى. لېكىن، ئاللا ساقلاپ، ئۇنىڭ دامىغا چۈشمىدۇق. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ شۇم قەدىمىنى يەكەنگە تاشلىدى. شۇڭا، سىلى ھازىر بولسۇنلەر. زىنھار ئۆزلىرىگە غەپلەتنى راۋا كۆرمىسۇنلەر. خۇسۇسەن غازى بەگ ھاكىم يۈز مىڭ تەكلىپ ئەتكەن بىرلە بارماسۇنلەر. ئاندىن سۆزىنى قوبۇل تۇتماسۇنلەر. ئوردا خەلقلىرى ھەممەلەرى ياراغ - جابدۇقلارنى راست قىلىپ، ئوردىنى پاسىبانلىق قىلسۇنلەر.»*①

سىدىق خوجا بىلەن يەھيا خوجىغا يازغان خېتىدە: «ئەي، ئىنىلارىم، ئاگاھ - دانا بولۇڭلار. دەۋران ھادىسەلىرىدەن ئەمىن

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

بولماڭلار، دۈشمەننى كىچىك چاغلىماڭلار. خەس (ئەخلەت) كىچىك بولسىمۇ، كۆزگە كىرسە، ئۇنى بۇلغار، دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن پۇشايمان پايدا بەرمەس. ئاكا پادىشاھىم (ياقۇپ خوجا) بىسيار دەرۋىش، ساددەدۇرلەر، دىلى تولىمۇ يۇمشاقتۇر ۋە راستگۆيدۇر. شۇ سەۋەبتىن بەزى دۈشمەنلەرنىڭ سېجىلىكىنى راست دەپ گۇمان قىلادۇر ۋە ھەر ئىشنى تاۋاككەلگە سالادۇر. تاۋاككەل گەرچە ھەق بولسىمۇ، ئۆز جايىدا كارغا كېلەدۇر. ئەگەر غازى بەگنىڭ سۆزىنى خوجام قوبۇل تۇتسالەر، سىلەر مەنئى قىلىڭلار، ئوردادىن تاشقىرى چىقماڭلار. نامە تامام ۋەسسالام ...»① دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى.

بۇ خەتلەر ياقۇپ خوجىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلار ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈپ، ئوردىنى مۇستەھكەملىدى. جۇڭغار ئەلچىسى يەكەن ئوردىسىنى كۆرۈپ، بۇ يەرنىڭ قەشقەردىنمۇ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئوردىنىڭ ئىچى ــ تېشىدا يۈرگەن شىرغەرران سىپاھلارنى كۆرۈپ «بۇ خوجىلار ھەقىقەتەن بىزدىن يۈز ئۆرۈپتۇ» دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇ ياقۇپ خوجىنىڭ قوبۇلىدا بولۇپ، خۇنتەيجىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى ۋە ئۇنىڭ خوجا بىلەن دىدارلاشماق ئويى بارلىقىنى ئېيتىپ، ئىلىغا تەكلىپ قىلدى. ياقۇپ خوجا بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلسىمۇ، ئۇياققا كېيىنرەك بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ياقۇپ خوجا مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن غازى بەگكە:

ـــ خەۋەرلىرى بار، يۈسۈپ خوجام قەشقەردە جۇڭغارلارغا قارشى قوزغىلىپتۇ. ھازىر جۇڭغارلارنىڭ ئىچى تەپرىقە بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى ئاۋارە بولۇپ، بىز تەرەپكە لەشكەر تارتىشقا چارىسىز ئىكەن. شۇڭا، بىز ھەم ئۆز

① مۇھەممەد سادىق كاشغەري: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

يۇرتىمىزدا قوزغالساق، جوڭغارلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلساق، خۇدايىم بىزنى دىنىي ئىسلامدىكى خەلق قىلىپ يارىتىپتۇ ۋە ئۇنى بىلگۈچىلىك ئەقىل ـ ھوش ئاتا قىپتۇ، — دېدى.

— بۇ دېگەنلىرى ئەينى مۇددىئا. ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ئوچۇقراق ئىزھار بولغۇچە، يەنە بىرمەھەل سەۋر قىلساق، مۇنۇ ئەلچىنىڭ كەلگىنىگە قارىغاندا، جوڭغار خانلىقىنى ئۆزى بىلەن ئۆزى ئاۋارە دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى غازى بەگ

ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى توغرا تاپتى.

شۇ كۈنى جوڭغار ئەلچىسى غازى بەگ ۋە نىياز بەگلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچرىشىپ، خۇنتەيجى داباچىنىڭ تامغىسى بېسىلغان خەتنى بەردى. بۇ خەت غازى بەگ بىلەن نىياز بەگكە بىقىنىدىن قانات چىقىرىپ، ئۇچۇرغاندەك تەسىر قىلدى. بۇ ئىككى بەگ شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئۇزاق يىللاردىن بېرى بىر ـ بىرىگە بولغان خۇسۇمەتلىرىنى، كۆرەلمەسلىكلىرىنى ئۇنتۇپ، خۇددى كىچىكىدىن بىر ئۆي، بىر مەسىلەكتە بولۇپ كەلگەن كونا ئاغىنىلەردەك قەدىردانلىق بىلەن كۆرۈشتى ـ دە، ئەلچى چۈشكەن ئۆيگە بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ پىكىر ـ مەسلىھەتلىرىنى بەردى.

ئۇلار جوڭغار ئەلچىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ: «ياقۇپ خوجىنى ئۆز ئوردىسىدا تۇتقۇن قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يەرنى ھەر كۈنى بىرەر مىڭدەك لەشكەر مۇھاپىزەت قىلىدۇ. شۇڭا، جوڭغار ئەلچىسى غازى بەگنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلسە ۋە شۇ يەردە ئاغرىغان بولۇپ بىرنەچچە كۈن ياتسا، ياقۇپ خوجا ئەلچىنى كۆرگىلى كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان جوڭغارلار ئوڭايلا تۇتقۇن قىلىدۇ» دېگەن رىجىگە كېلىشتى. رىجە بويىچە جوڭغار ئەلچىسى غازى بەگنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بېرىپ شۇ يەردە ئاغرىپ قالغان بولۇپ، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى. بۇ جەرياندا بۇرۇنقى قاراخانىنىڭ ئورنىدا

تۇرۇۋاتقان جۇڭغارلارنى يوشۇرۇن هالدا غازى بەگنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن غازى بەگ ياقۇپ خوجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بۈگۈن مېنىڭ كۆلبەمگە بېرىپ سورۇن تۈزىسىلە، ئەلچى قاتتىق كېسەل بولۇپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزايىدىن سىھەت تاپىدىغان نىشان يوق. «ياقۇپ خوجام بىلەن كۆرۈشسەم ياخشى بولاتتى. ئۇ كىشىگە ئېيتىدىغان مەخپىي سۆزلىرىم بار ئىدى» دەپ ئىزتىراپ قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن نورۇزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن مەرىكە ئۆتكۈزمەكچىدىم، — دەپ ئۆتۈندى. ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ۋەدە بەردى.

غازى بەگ ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىن ئوردىدىكى ئەمەلدارلار بىلەن غوجىزادىلەر ياقۇپ خوجىنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «غازى بەگنىڭ سۆزىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇ تولىمۇ مەككار ئادەم» دېيىشتى.

غازى بەگ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن جۇڭغار ئەلچىسىگە بىرنەچچە جام ئانار شەربىتى ئىچۈرۈپ، كۆرپە ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويدى ۋە ئابدۇللا باقاۋۇلنى چاقىرىپ «كېسەل» بولۇپ ياتقان ئەلچىنى كۆرسەتتى. جۇڭغار ئەلچىسى راستتىنلا ئاغرىپ قالغاندى. ھەر قېتىم يۆتەلگىنىدە ئاغزىدىن ئوچۇم - ئوچۇم قان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرنەرسىلەر چىقاتتى. بىئارام بولۇپ تىنچىقىپ ياتالمايتتى. «ياقۇپ خوجام ئىلدامراق كەلسە بولاتتى، — دەپ سۆزلىدى ئەلچى يۆتىلى توختىغاندا، — مۇنۇ كېسەل ھالىمنى قويماي ۋاتىدۇ، بېرىپ ئۇ كىشىگە مەلۇم قىلىسىڭىز.» ئۇلارنىڭ بۇ ھىيلىسىنى چىن ئەقىدە دەپ چۈشەنگەن ئابدۇللا باقاۋۇل ياقۇپ خوجىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ جۇڭغار ئەلچىسىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ۋە ئېيتقان سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. ياقۇپ خوجا بۇ قېتىم ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن غوجىزادىلەرنىڭ نارازى بولغىنىغا ئۇنىماي، يەھيا خوجا ئىسىملىك ئوغلىنى ۋە بىرنەچچە خادىملىرىنى ھەمراھ قىلىپ

غازى بەگنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇلارنى غازى بەگ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ياقۇپ خوجا كۆردىكى، جۇڭغار ئەلچىسى راستتىنلا بىئارام بولۇپ، كېسەل كۆرپىسىدە ياتاتتى. بىرپەستىن كېيىن تەۋەككۇل خۇدا، دەپ ئولتۇرغان ياقۇپ خوجىلارغا چاي كەلتۈرۈلدى. شۇ ئەسنادا بىرمۇنچە جۇڭغارلار ئۆيىگە كىرىپ ياقۇپ خوجا بىلەن يەھيا خوجىنى «خۇنتەيجىنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق» دەپ قورالسىزلاندۇردى، يەنى ئۇلارنىڭ خەنجەرلىرىنى تارتىۋالدى - دە، ئۆزلىرىنى غازى بەگنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيلىرىنىڭ بىرىگە ئەكىرىپ كەتتى. بىللە كەلگەن خادىملارمۇ تۇتقۇن قىلىندى. غازى بەگنىڭ تاشقىرىقى دەرۋازىسى بېكىتىلدى.

بۇ چاغدا سىدىق خوجا باشلىق غوجىزادىلەر ئاتىسىنىڭ «تەۋەككۇل خۇدا» دەپ كەتكىنىدىن ئەنسىرەپ، ئوردا سېپىلىنىڭ ئۈستىدە غازى بەگنىڭ ھويلىسىغا قاراپ تۇرغانىدى. بۇ يەردىن غازى بەگنىڭ ھويلىسى ئالىقاندا تۇرغاندەك ئوچۇق - ئاشكارا كۆرۈنەتتى. مەلۇم بولدىكى، بۇ ھويلىدا قانداقتۇر بىر ماجىرا يۈز بېرىۋاتقاندەك ئىدى. سىدىق خوجا دەرھال ئوردا دەرۋازىلىرىنى تاقىتىپ، قوراللىق لەشكەرلەرنى جەڭگىۋار ھالەتكە كەلتۈردى. شۇ چاغدا ئۈچ يۈز جۇڭغار لەشكىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوردىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇلارنىڭ ئوردا دەرۋازىسىغا يېقىن كەلگەنلىرىنى يۇقىرىدا تۇرغان لەشكەرلەر ئېتىپ ئۆلتۈردى. يەكەن شەھىرى بىرپەستىلا ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى.

سىدىق خوجا ئۆزلىرىگە قەشقەردىن خەت ئەكەلگەن باقاۋۇل بىلەن ئوتتۇز - قىرىق ئادەمنى باشلاپ خوتەن تەرەپكە ماڭدى. ئوردا خادىملىرىدىن مۇھەممەد مىراخور[1] دېگەن ئادەمنى يۇسۇپ

---

① مىراخور — ئەسلىدە پادىشاھلارنىڭ ئاتلىرىنى باقىدىغان مالچىلارنىڭ باشلىقى دېگەن مەنىدە بولۇپ، كېيىن باج - سېلىق، كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدىغان باش ئەمەلدار دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن.

خوجىغا خەۋەر بىرىش ئۈچۈن قەشقەرگە ماڭدۇردى.

سىدىق خوجىلارنى جۇڭغار ئەلچىسى بىلەن بىللە كەلگەن ئۈچ يۈز لەشكەر قوغلاپ ماڭدى. لېكىن، شاھاۋۇدۇن باقاۋۇل ئاتقان بىر تال ئوق ئۇلارنىڭ باشلىقىنى يەر چىشلەتكەندىن كېيىن، قالغانلىرى يەنە قوغلاشقا جۈرئەت قىلالماي ئارقىسىغا ياندى. سىدىق خوجا ئۆز ئادەملىرى بىلەن خوتەنگە يېقىنلاشقاندا غازى بەگنىڭ خوتەندىن يانغان خادىملىرىدىن بىرسىنى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭغا: «غازى بەگكە تاپشۇرغىن» دەپ مۇنۇ خەتنى بەردى: «ئەي، غازى بەگ دېگەن ۋاپاسىز، ئاتامنىڭ بىر تال مويىغا ئازار يەتكۈزسەڭ، مەن خوتەندىكى ئەھلى ئاياللىرىڭنى ۋە ئۇرۇق - قاياشلىرىڭنى تۇتقۇن قىلىپ يەكەنگە ئاپىرىپ، يەكەن دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا قويدەك بوغۇزلاپ، قېنىدا تۈگمەن ماڭدۇرۇپ ئۇن تارتىمەن. ئەگەر شۇنداق قىلمىسام، سىدىق خوجا بولمىغايمەن» دەپ خەتنىڭ ئاخىرىغا مۆھرىنى باستى.

سىدىق خوجىنى خوتەن خەلقى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇ شەھەرگە كىرگەندە شەمشىدىن خوجا بىلەن مۇلاقاتتا بولۇپ، دەرھال غازى بەگنىڭ ئوغلى ــ خوتەن ھاكىمى ئۆمەر بەگنى ئۇرۇق - قاياشلىرى بىلەن تۇتقۇنغا ئالدى. بار - يوقى ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە بىرنەچچە مىڭ ئادەمنى لەشكەرلىككە قوبۇل قىلدى ۋە تەڭرىتېغىدىن كېلىپ بۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قالغان ئۆمەر بەگ مىرزا باشلىق قىرغىزلار بىلەن قوشۇلۇپ يەكەنگە قايتتى.

※ ※ ※

پەيشەنبە كۈنى يولغا چىققان مۇھەممەد مىراخور كېچىچە يول مېڭىپ، ئەتىسى ئازنا كۈنى چاشكا مەزگىلىدە قەشقەرگە كېلىپ يۈسۈپ خوجىغا يەكەندە بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدى.

مىراخور يەتكۈزگەن خەۋەر يۈسۈپ خوجىغا شۈنچىلىك تەسىر قىلدىكى ۋە شۈنچىلىك غەزىپىنى كەلتۈردىكى، بەدىنىدىكى مويلار نەشتەرگە ئايلىنىپ كىيىملىرىنى تېشىۋەتكەندەك سېزىلدى. بۇنداق ئاچچىق ئۈستىدە بىرئاز يېنىچە يېتىپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئادەتلەنگەن يۈسۈپ خوجا ئارامخانىسىغا كىرىپ كۈرسى ئۈستىدە بىرئاز قىڭغىيىپ ياتتى ـ دە: «ئەي، غازى دېگەن خۇشامەتچى، ئاگاھ بولغىنكى، ئەگەر ئاكا پادىشاھىمىنىڭ بىر تال مويىغا ئازار يەتكۈزىدىغان بولساڭ، تامام ئەۋلاد ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئىزدەپ تېپىپ، قاباتقۇ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا قويدەك بوغۇزلىمىسام، يۈسۈپ خوجا بولمىغايمەن» دەپ سىياسەتنامە يېزىپ مۇھەممەد مىراخورغا بەردى ـ دە:

— بۇ نامەنى ھېلىقى غازى بەگ دېگەن ساتقۇنغا بەرسىلە، — دېدى. مۇھەممەد مىراخور ئىككى كۈن دېگەندە يەكەنگە كېلىپ غازى بەگنىڭ ئۆيىگە باردى. جۇڭغار ئەلچىسى مارجى، ئىشىكئاغا نىياز بەگلەر بىلەن ئولتۇرغان غازى بەگنىڭ ۋۇجۇدى يۈسۈپ خوجىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ، يەنە تىترەپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى سىدىق خوجىنىڭ خوتەننىڭ چېتىدە ئۆز خادىمىغا ئۇچراپ، ئۇ كىشى ئەكەلگەن خەتنى ئوقۇغانىدى. بۇ خەتلەردە يېزىلغان سۆزلەر غازى بەگنىڭ بېشىغا مىختەك سانجىلىپ، ئارامىنى بۇزدى. ئارىدىن يەنە بىرپەس ئۆتكەندە ئۇنىڭ قولىغا خۇش كېپەك ھاكىم تەرىپىدىن يېزىلغان خەت تەگدى.

«ئەي، غازى بەگ، — دەپ يازغانىدى خۇش كېپەك، — سىزنىڭ شۇملۇقىڭىزدىن يەكەندە ئەقرىبالىرىڭىز نابۇت بولادۇر. ئىككى كۈنلۈك پانىي دۇنيا ئۈچۈن ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، غەيرىي دىندىكىلەرگە يارۋۇەرلىك قىلىپ، ئەۋلادى پەيغەمبەرگە خىيانەت يەتكۈزەرسىز. ھەزرەت يۈسۈپ قادىرخان غازىنىڭ ۋە ئىمامنىڭ جەڭلىرى ۋاقتىدىن تا بۇ ۋاقىتقىچە بىز

خوتەن خەلقىدىن بۇ بەتنام ئۆكسۇمەس ئەردى. ئاندىن ھەم سىزدەك ئىككى مەككارنىڭ شۇملۇقىدىن تا دەۋرى قىيامەتكىچە خوتەن خەلقىگە بۇ بەتنام ھەرگىز خالىي بولماس. مەن ھەم سىز بىرلە ھەمدىيار بولغىنىمدىن بىزاردۇرمەن ... ئالەمنىڭ خىجالىتى ماڭا يۈز كەلتۈردى. ھالا ھەم بۇ ئىشنى تۈزەتمەك بولۇپ، ھەزرەت خوجا جاھان خوجام (ياقۇپ خوجا)نى تەخت ـ سەلتەنەتتە ئولتۇرغۇزۇپ، گۇناھىڭىزنى تىلىسىڭىز خوجام، شايەت (بەلكى) گۇناھىڭىزدىن ئۆتەرلەر. نامە تامام، ۋەسسالام.»

غازىبەگ خەتنى ئوقۇپ قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلغاندەك، بەدىنىدىكى كۈچ ـ مادارى كېتىپ ھالسىزلىنىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىرەر ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ بۇ تۇيۇقتىن چىقىپ كېتىشكە چارە ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك، خوتەن تەرەپتىن كىشى كېلىپ «سىدىق خوجا غازى بەگنىڭ ئەھلى ـ ئايال، خىش ـ ئەقرىبالىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ پۇت ـ قولىنى زەنجىر بىلەن باغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇزايىدىن يەكەن دارۋازىسىنىڭ ئالدىدا قەتل قىلارمىش» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

غازى بەگ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن كېچىسى بىر شەمشەرنى ئوغلى ئارقىلىق ياقۇپ خوجىغا كىرگۈزۈپ بەردى ـ دە: «خوجام مۇشۇ شەمشەر بىلەن ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆيگە كىرمەكچى بولغانلارنى قەتل قىلغاي، بىز ھەم قاراپ تۇرمايمىز» دېگەن سۆزلەرنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن غازى بەگنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان جۇڭغار ئەلچىسى ۋە بېغىغا ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن ئانچە كارى بولماي قالدى. ئۇ ئەتىسى يېقىن يارۇبۇرادەرلىرىنى يىغىپ بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىدى.

— بىزچە بولغاندا، — دېيىشتى ئۇلار، — ياقۇپ خوجام كۆڭلى يۇمشاق، ئاللادىن قورقىدىغان تەقۋا كىشىدۇر. شۇڭا،

ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا كىرىپ «قۇرئان كەرىم»نى شىپىي كەلتۈرۈپ گۇناھىڭىزنى تىلىسىڭىز، گۇناھىڭىزدىن ئۆتكەيلەر.

بىرنەچچە يىللاردىن بۇيان ياقۇپ خوجا بىلەن بىللە ئىشلەپ، ئۇنىڭ نەپسى شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرمەيدىغان خۇداگۇي ئادەملىكىگە كۆزى يەتكەن غازى بەگ قۇرئاننى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردى ـ دە، كۆز يېشىنى تۆكۈپ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈندى. ياقۇپ خوجا قۇرئاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى. غازى بەگ خۇشاللىقىدىنمۇ ياكى ياقۇپ خوجىنىڭ ساددىلىقىدىن پايدىلانماقچى بولدىمۇ، يەنە كۆز يېشىنى تۆكۈپ:

— ھەزرىتى خوجامدىن ئىككى دۇنيا مىننەتدارمەن. غوجىزادىلەردىن كۆڭلۈم ئەمىن تاپمايۋاتىدۇ، — دېدى.

— سىلى «قۇرئان كەرىم»نى شىپىي كەلتۈردىلە، سىلىگە ئازار بەرگۈچىدىن مەن ھەرگىز رازى بولمايمەن، — دېدى ياقۇپ خوجا.

— بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قەستەن، يا سەۋەنلىك قىلىپ ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلمايمەن، — دېدى غازى بەگ «قۇرئان كەرىم»نى باغرىغا بېسىپ، — بۇنىڭدىن كېيىنكى باقىي ئۆمرۈمنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە ئۆتكۈزۈپ، دوستلىرىغا دوست، دۈشمەنلىرىگە دۈشمەن بولىمەن. بۇ ئەھدىمگە ۋاپا قىلمىسام، ئاللا تېگىشلىك جازايىمنى بەرسۇن.

ياقۇپ خوجا «قۇرئان كەرىم»نى قولىغا ئېلىپ:

— مەن ھەم سىزگە خىيانەت قىلمىغايمەن. مېنىڭ بۇ ئەھدىمگە مۇشۇ «قۇرئان كەرىم» گۇۋاھ بولسۇن، — دېدى.

غازى بەگ ھويلىغا چىقىپ ئۆز خادىملىرىغا يەكەندىكى بارلىق ئۆلىما ـ پازىللارنى چاقىرىشنى تاپشۇردى ـ دە، ئۆزى «مۇبادا خان بولۇپ قالسام ئولتۇرارمەن» دېگەن ئوي بىلەن ياسىتىپ قويغان ئېگىز تەختنى قازناقتىن چىقارتىپ

سورۇنخانىغا ئورناتتى. شۇ ئارىدا چاقىرىلغان ئادەملەرمۇ يېتىپ كەلدى. غازى بەگ ياقۇپ خوجىنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنى «ئىسلام پادىشاھى» دەپ ئاتىدى. سورۇنخانىدا ئولتۇرغانلارنىڭ خۇشاللىقى ئېچىگە سىغماي قېلىشتى. ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ياقۇپ خوجىنى مۇبارەكباد قىلىشتى. بالدۇر تەييارلاپ قويغان كانايچىلار بىلەن سۇنايچىلار، ناغرىچىلار بىلەن تەبىلچىلار ھەرىكەتكە كېلىپ يەكەن ئاسمىنىنى تىترىتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپ خوجىنى ئاتقا مىندۇرۇپ ئوردىغا ئېلىپ باردى. ئوردىنىڭ ئىچى ئۆلىما ـ پازىل، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە شەھەر خەلقى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئات ئۈستىدە كېلىۋاتقان ياقۇپ خوجىنى كۆرۈپ مۇبارەكباد قىلىشتى. ياقۇپ خوجا ئاتتىن چۈشۈپ، ئوردا پېشايۋىنىغا كۆتۈرۈلگەندە پەرەنجە ئارتىپ، يۈزىگە چۈمبەل تارتقان بىر توپ ئاياللار قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، باشلىرىنى ئېگىپ سالام بېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئايال چىقتى ـ دە، ياقۇپ خوجىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى.

— خۇدايىمنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، خوجام، — دېدى ئۇ، — ئۆزلىرىنى زالىمنىڭ زۇلمىدىن خالاس ئەيلەپ، دىدارلىشىشقا مۇيەسسەر قىلدى.

بۇ ئايال شەرىپە ئاغىچا ئىدى.

ياقۇپ خوجا پېشايۋانغا چىقىپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئادەملەرگە قاراپ:

— مۆھتەرەم جامائەت! ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىم، بىز قاچانغىچە بۇ جۇڭغارلارغا ئىتائەت قىلىپ ياشايمىز. ھەقتائالانىڭ ئالدىغا قايسى يۈزىمىز بىلەن بارىمىز. شۇڭا، بۈگۈندىن باشلاپ يەكەن خانلىقىنى ئۇلارغا بېقىنمايدۇ دەپ جاكارلايمەن! ھەممىمىزنىڭ ئەركىنلىكى مۇبارەك بولغاي!

— ئامىن!

— ئامىن!!!

— خۇدايىم ئىشلىرىمىزغا مەدەت بەرگەي.

كۆپچىلىك تەرەپ - تەرەپتىن چۇرقىرىشىپ، بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ كېتىشتى. بۈگۈن يەكەنلىكلەر ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز خۇشاللىق كۈن بولدى. ئۇلار ئۈچ خۇشاللىقنى بىر كۈندە كۆردى. بۇلار يىل بېشى — نورۇز بايرىمى، ياقۇپ خوجىنىڭ تۇتقۇندىن ئازاد بولۇشى ۋە يەكەن دىيارىنىڭ جۇڭغار زۇلمىدىن قۇتۇلغانلىقى ئىدى. بۇ يەردىكى خەلقلەرمۇ قەشقەرلىكلەرگە ئوخشاش خۇشاللىقتىن مەست بولۇپ، كېچىچە شادىيانە قىلىشتى. ھەتتا خانىقالاردا ھەق دىدارىغا يېتىش ئۈچۈن پەرياد چېكىشۋاتقان سوپى - دەرۋىشلەر تائەت - ئىبادىتىنى توختىتىپ ساماغا چۈشۈشتى. ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىگە كەلگەن زىيارەتچىلەر قۇرئان ئوقۇشىنىڭ ئورنىغا يەردە ياتقان مەرھۇملارغا يەكەن دىيارىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتى.

ھەرقانداق چاغدا ئۆز ھېسابىدىن يېڭىلمەيدىغان غازى بەگ يەكەن دىيارىدىكى بۇ خۇشاللىق پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ياقۇپ خوجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئاڭلىشىمچە، يۇسۇپ خوجام قەشقەردە قوزغىلىپتۇ. ئەمدى يەكەنگە لەشكەر تارتماقچى بولۇۋاتسا كېرەك. مېنىڭچە، بۇ ئاۋارىچىلىكنىڭ ھاجىتى يوق. شۇڭا، ئۇ خوجامغا بىزنىڭمۇ جۇڭغارلارغا قارشى قوزغالغانلىقىمىزنى خەۋەر قىلىپ ئادەم ئەۋەتسەك، ئاندىن كېيىن سىدىق خوجام بىلەن ئۆمەر بەگ دېگەن قىرغىزلار مېنىڭ ئەھلى ئايالىمنى، قاياشلىرىمنى تۇتقۇنغا ئېلىپ كۆپ ساندىكى لەشكەر بىلەن خوتەندىن كېلىۋاتسا كېرەك. شۇڭا، ئوردا ئۇلۇغلىرىدىن بىر كىشىگە يارلىق بېرىپ، ئۇلارغىمۇ يەكەندىكى خۇش خەۋەرنى يەتكۈزسەك، — دېدى.

ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ،

ئۆمەر خوجا دېگەن كىشىنى قەشقەرگە، ئابدۇللا باقاۋۇلنى خوتەن تەرەپكە ماڭدۇردى.

— يەنە بىر دەيدىغان گېپىم، — دېدى غازى بەگ، — ئەلچى بولۇپ كەلگەن جۇڭغارنى يېنىدىكى لەشكەرلىرى بىلەن ئۆلتەرسەكمىكىن دېۋىدىم.

— ياق، ياق، — ئېتىراز بىلدۇردى ياقۇپ خوجا، — يات دىندىكىلەرنى جەڭدىن باشقا ۋاقىتتا ئۆلتۈرۈش راۋا ئەمەستۇر. شۇڭا، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ، شەھەردىن چىقىرىۋەتكەيلا. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن لەشكەرلىرىمىز ھەم بارمىسۇن.

※ ※ ※

ئۆمەر خوجا قەشقەرگە كېلىشى بىلەنلا يۇسۇپ خوجىنىڭ قاراقىر دېگەن جايدا يەكەنگە لەشكەر ئەۋەتىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ـ دە، دەرھال شۇ يەرگە باردى ۋە ئۇنىڭغا ياقۇپ خوجىلارنىڭ يەكەندە قوزغالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. «خۇداغا شۈكۈر» دېدى يۇسۇپ خوجا، ئاندىن ئۆمەر خوجىغا ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرسىتىپ يولغا سالدى.

بۇ چاغدا تېز سۈرئەت بىلەن ماڭغان ئابدۇللا باقاۋۇل خوتەن يولىدا سىدىق خوجا بىلەن ئۇچرىشىپ، يەكەندە بولغان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن غازى بەگنىڭ ئەھلى ئايالىغا ئازار بەرمەسلىك توغرىسىدا يېزىلغان خەتنى كۆرسەتتى. بىراق، سىدىق خوجا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىدى، بەلكى ئۇنى مالامەت قىلىپ:

— بۇزرۇكۋارىمنى غازى بەگنىڭ ئۆيىگە ئالداپ ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇ ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغان سىلى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى ئۇنى ئاز كۆرۈپ، يالغاندىن خەت يېزىپ غازى بەگنىڭ ئەھلى ئايالىنى بوشىتىپ ئەكەتەي دېگەن ئويىغا كەلدىلىمۇ؟ — دېدى ـ دە، — ئابدۇللا باقاۋۇلنى بىر يېغىر ئاتقا مىندۈرۈپ،

لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن يالغۇز ماڭدۇرۇڭلار ! — دەپ پەرمان بەردى. گۇمىغا كەلگەندە ئۇ شەھەرنىڭ ئەلەمئاخۇنى ئۆمەرباقى دېگەن كىشى سىدىق خوجىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، يەكەندە بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلدى ۋە غازى بەگنىڭ ئەھلى ئايالىنى بوشىتىش توغرىسىدا يېزىلغان مۆھۈرلۈك خەتنى كۆرسەتتى.

سىدىق خوجا بۇ ئاخۇننىڭ گېپىگىمۇ پەرۋا قىلمىدى.

— بۇنداق چاغدا مۆھۈرنىڭ ئېتىبارى يوقتۇر، ئاخۇنۇم، — دېدى ئۇ، — بۇزرۇكۋارىم دۈشمەن قولىدا ئەسىردۇر. مۆھۈر ھەم دۈشمەننىڭ قولىدادۇر.

سىدىق خوجا يەكەن شەھىرىگە يېقىن كەلگەندە ئۆمەر مىرزىنى يەكەنگە ئەۋەتتى ۋە ئۇ ئادەم ياقۇپ خوجىنىڭ ئۆز تەختىدە ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىنلا كۆڭلى ئەمىن تاپتى. ئاندىن شەمشىدىن خوجا، ئۆمەر بەگ مىرزا باشلىق خوتەن لەشكەرلىرىدىن بەش يۈزدەك ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ياقۇپ خوجىنىڭ ئالدىغا باردى.

## بەشىنچى باب

شۇنداق قىلىپ، قەشقەر شەھىرىدە بارلىققا كەلگەن ئىشلار روناق تېپىپ تېز ئارىدا يەكەن بىلەن خوتەنگە يېتىپ باردى. بۇنىڭغا قەشقەرنىڭ ئىشىكئاغىسى خۇدايار بەگ، يەكەننىڭ ھاكىمى غازى بەگكە ئوخشاش خانلىق تەختىدىن تەمەسى بار ئەردەۋىلدىكى ئابدۇۋاھاپ بەگ، ئۈچتىكى غوجاش بەگكە ئوخشاش جۇڭغارپەرەس ئادەملەر نارازى بولمىسا، باشقىلارنىڭ ھەممىسى جۇڭغارلاردىن قۇتۇلدۇق دەپ خۇشال بولۇشتى. بۇ ئۈچ شەھەردىكى ئىمام - مەزىنلەر شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە تۇغۇلغان مىڭلاپ بوۋاقلارنىڭ ئىسمىنى: «ئاسماندىن چۈشكەن ئىسمىڭىز ‹ئىسلامئاخۇن›، ياكى ‹ئىسلامخان›، بولسۇن» دەپ جايناماز لاردا دوملاتتى.

www.uyghurkitap.com

— تاماقنى ئۇسۇۋېرەيمۇ، ئاپا؟ — دەپ سورىدى جەملە ئاغىچا.

— يۇسۇپ خوجام كىرسۇنمىكىن، — دېدى بايان ئاغىچا.

— ئۇ خوجام بايىراقتا ماڭا قارىماي غىزالىنىۋېرىڭلار دېگەنىدى.

— يەنە نامە يېزىۋاتامدۇ؟

— شۇنداققۇ دەيمەن.

دانىيال خوجىنىڭ يىلىنى ئۆتكۈزۈپ قەشقەرگە كەلگەن بايان ئاغىچا بىلەن نىسا بېگىم ھازىر بۇ شەھەرنىڭ كونا كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتكەن، ئۇلارنى خۇش كېپەك ھاكىمنىڭ ئاغىچىسى، موللاسابىر قازىنىڭ ئاپپىقى ئۆزلىرى ئارىلىشىپ يۈرىدىغان ئاغىچا ـ ئاپپاقلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ، بىرەر يىلغا يەتمەيلا ئۇلار بىلەن ئىچەركىشىپ كەتكەنىدى. يەكەندىكى يۇقىرى تەبىقىلىق ئاياللار بىلەن بۇ يەردىكى شۇ تەبىقىدىكى ئاياللارنىڭ تەبىئىتى كۆپ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېرىنىڭ مەنسەپ ـ دەرىجىسىگە، مال ـ دۇنياسىغا قاراپ كېرىلىپ ئولتۇرسا، بەزىلىرى چىراي ـ شەكلىنىڭ گۈزەللىكىگە تەمەننا قىلىپ ئولتۇراتتى.

— ھېلىقى ئوڭ تەرەپلىرىدە ئولتۇرغان ئايالغا سەپسالدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى نىسا بېگىم خۇش كېپەك ھاكىمنىڭ ئاغىچىسى دىلاۋەر خېنىمنىڭ ئۆيىدىكى چايدىن قايتقاندا.

— ئۆزىنى يوغان باش ئىشاننىڭ قۇشناچى بولىمەن دەپ تونۇشتۇرغان ئايالنى دەمدىلا.

— ھەئە. ئۇ قۇشناچ ئاپتاپتا قالغان لاتىدەك ئۆڭۈپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۆزىنى «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى» دەك تۇتۇپ، ھال تارتىپ ئولتۇرغىنىنى قارىمامدىلا.

— قويسىلارا، بىر ئوبدانلا ئايالغۇ.

— ئەگەر مېنىڭ قولۇمغا يېرىم سائەت چۈشسە، سۇ بويىدا

ئۆسكەن گۈلدەك تاۋلىنىپ كېتەتتى دېسىلە.
— سىلىمىزە، نىسا بېگىم، قاملاشتۇرۇۋېتىدىلا جۇمۇ. قولى بىلەن تايانمىسا تۇرالمايدىغان ئادەمگە پەردازنىڭ نېمە لازىمى بار؟
— توغرا دەيدىلا، بىراق ئايال خەق دېگەن ئەزرائىل جېنىنى ئالغىلى كەلسىمۇ، ئۆزىنى پەردازلاپ، ئاندىن جان تاپشۇرۇشى كېرەك - دە.
بايان ئاغىچا نىسا بېگىمنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بۇنداق گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئارىلىشىپ قوياتتى. ھازىر ئۇ ئەللىكتىن ئاشقان ئايال بولغاچقا، ھەر دائىم ئېتەك - يەڭلىرى ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيىپ يۈرەتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ بەللىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان توخۇ كۆزلۈك مەخمەل كۆڭلىكىنى كىيىپ، ئاق سانجىلغان چېچىنىڭ بىر ئۆرۈمىنى ئالدىغا ساڭگىلىتىپ قوياتتى. بۇنى كۆرگەن نىسا بېگىم:
— بۇگۈن ئاخشام رەھمەتلىك دانىيال خوجامنى چۈشەپ قاپتىلا - دە، — دەپ چېقىشاتتى.
— قانداق بىلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورايتتى بايان ئاغىچا ھەيران بولۇپ.
— ئۇنى بىلىشكە كۆپ ئەقىلنىڭ كېرىكى يوق، ئاغىچا، — دەيتتى نىسا بېگىم، — ئېرى ۋاپات بولغان ھەرقانداق ئايال ئېرىنى چۈشەپ قالسا، ئېرى بار چاغدا كىيىپ يۈرگەن كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۆزىنى ئېرى باردەك ھېس قىلىدۇ. مۇنۇ توخۇ كۆزلۈك مەخمەل كۆڭلەكلىرى خوجام رەھمىتى بار چاغدا ئۈچىلىرىدىن چۈشمەيتتى ئەمەسما؟ بۇنداق كىيىنگەنلىرىنى كۆرۈپ مەنمۇ خۇش بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئاۋۇ ياۋا قاشلىرىنى تېرىۋەتسەم، خوجامنى مەپتۇن قىلغان بايان ئاغىچىنىڭ ئۆزى بولىدىلا.
— قويسىلارا، باللار تۇرماق نەۋرىلەر ئېگەككە تاقاشقاندا قاش تەرگۈزۈپ نېمە بوپتۇ؟

www.uyghurkitap.com

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، سىلى كۆرمىگەن بىلەن دانىيال خوجامنىڭ روھى دائىم سىلىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ مەرھۇم: «مەن باقىي دۇنياغا كەتكەندىن كېيىن بايان ئاغىچا ئۆزىنى تاشلىۋېتىپتۇ؟» دەپ رەنجىپ قالمىسۇن.

— بۇ گەپلىرىنى قويۇپ، خوجامنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ياغ پۇرىتىپ قويايلى، يۇسۇپ خوجام چۈشلۈك قىلغىلى كەلگەندە قۇرئان ئوقۇپ قويار...

بىراق، يۇسۇپ خوجا ئوردىدىن كېلىپلا ئۆيدىكى خاس بۆلۈمىگە كىردى ـ دە، ئەنجان ۋىلايىتىنىڭ ھاكىملىرىغا، ئۇ يەردىكى قىرغىزلارنىڭ سەردارلىرىغا «قەشقەر، خوتەنلەردە جۇڭغارلارغا قارشى قوزغالدۇق، ئەمدى باشقا شەھەرلەردىكى خەلقلەرگىمۇ يار ـ يۆلەكتە بولسىڭىزلەر» دەپ خەت يازدى. ئاندىن ياقۇپ خوجىغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، ئاخىرىغا «مېنىڭ مۇشۇ يازغانلىرىمنى ئوردا ئەركانلىرىغا، يەكەندىكى ئۆلىما ـ پازىللارغا ئوقۇپ، ئۇقتۇرۇشلىرىنى سورايمەن» دېگەن جۈملىنى قوشۇپ قويدى. بۇنداق بولغىنى «ئۇزۇن قۇلاق»لاردىن يەكەندىكى ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئىچىدە «يۇسۇپ خوجا ھەممىدىن بالدۇر جۇڭغارلارغا قارشى قوزغالغاندىكىن شۇ كىشىگە بەيئەت قىلىشىمىز لازىم» دېگەن سۆزلەر ئېيتىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ بولسا ياقۇپ خوجىنى ئاتىسىدىنمۇ چارە كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈش ئادەمگەرچىلىكىمگە توغرا كەلمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى.

يۇسۇپ خوجا يازغان خەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى دەرۋىش باقاۋۇلدىن ئەنجانغا ماڭدۇرۇشنى ئويلاپ، يەنە بىر قىسمىنى ياقۇپ خوجىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن يەكەنگە بارماق بولغان خۇش كېپەك ھاكىم بىلەن سابىر قازىلارغا بېرىش ئۈچۈن يانچۇقىغا سېلىۋاتاتتى، ئىشىك ئېچىلىپ بايان ئاغىچا كىرىپ كەلدى ـ دە:

— سىزنى كۈتۈپ تۇرىمىزغۇ، خوجام، — دېدى رەنجىگەن ئاھاڭدا.

— مەن بايا جەمىلە ئاغىچىغا: «ماڭا قارىماي غىزالىنىۋېرىڭلار» دېگەنىۋ، — دېدى يۈسۈپ خوجا.

— ئاتىڭىزنىڭ روھىغا ئاتاپ يىت سېلىپ قويغانىدۇق. شۇنىڭغا قۇرئان ئوقۇپ قويسىڭىز بولاتتى.

يۈسۈپ خوجا ئاپىسىنىڭ چۈشىگە ئاتىسىنىڭ كىرىپ قالغىنىنى چۈشەندى ـ دە:

— بولىدۇ، — دەپ تاماق يەيدىغان ئۆيگە چىقتى.

نىسا بېگىم نان تاۋاقتا سېلىنغان يىتنى ئەكىرىپ داستىخانغا قويدى. يۈسۈپ خوجا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن بىرنەچچىسىنى ئوقۇپ دۇئا قىلدى ـ دە، يىتقا ئېغىز تەگدى. ئۇ ئورنىدىن قوزغالماقچى بولۇۋىدى، بايان ئاغىچا:

— ئولتۇرۇپ بىز بىللە بىللە تاماق يەڭ، — دېدى قاتتىقراق ئاۋازدا.

— ئىشلار كۆپ، ئانا، — دېدى ۋە جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — ئەمما ياخشى ئىشلار، — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

— قىلىمەن دېگەن ئادەمگە ياخشى ئىشلار جىق، بالام. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ۋاقىتتا قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

— توغرا دەيدىلا، ئالدى بىلەن شۇلارنىڭ مۇھىملىرىنى قىلىشىم كېرەك ـ دە.

— شۇنداق. قېنى ئاش يېگەچ پاراڭلىشايلى.

يۈسۈپ خوجا بىر كاپام ئاشنى ئاغزىغا سالدى ـ دە، ئايالىغا قاراپ:

— ئاشنى سىلى دۇملىدىلىمۇ، جەمىلە ئاغىچا، — دېدى.

— ھەئە، جەمىلە ئاغىچا دۇملىدى، — كېلىنى ئۈچۈن جاۋاب بەردى بايان ئاغىچا.

— تولىمۇ ئوخشاپتۇ، — دېدى يۈسۈپ خوجا ۋە يەنە بىر كاپام ئاشنى ئاغزىغا سېلىپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن چايناشقا

باشلىدى.
— قوللىرىنى قوشۇپ يەۋالمىسىلا، — دېدى چېقىشىپ نىسا بېگىم.
— مەيلى ئەمەسمۇ.
شۇ ئارىدا ھەرەم خىزمەتچىلىرىدىن بىرى ئۆيگە كىرىپ ئوردىدىن كىشى كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يۈسۈپ خوجىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.
— ئەمىسە ئاشنىڭ تاتلىقى سىلەر بىلەن بولسۇن، — دېدى يۈسۈپ خوجا قولىنى تىزىدىكى لۆڭگىگە سۈرتۈپ.

※ ※ ※

5 ـ ئاي كىرىشى بىلەن يۈسۈپ خوجىنىڭ ئايىغىدىكى مۇپاسىل كېسىلى كۈچىيىشكە باشلىدى. قەشقەردىكى تېۋىپلارنىڭ دورىلىرى ھېچقانداق نەپ بەرمىدى. سەرەتان (ئىيۇن) ئېيى كىرىشى بىلەن ئايىغى ئىششىقا باشلىدى. ئادەم ئاغرىغان چاغدا ئۇنىڭدىن سەھەت تېپىش ئۈچۈن نەزىر ـ سەدىقىلەر بېرىدۇ. ئالىم ـ ئۆلىمالارغا خەير ـ ئېھسانلار بېرىدۇ. يۈسۈپ خوجىمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇنىڭ خەير ـ ئېھسانلىرىنى ئالغان ئۆلىمالار ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ئوقۇپ ئاللادىن شىپالىق تىلىدى. بىراق، ئاغرىق كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ، ئاياغدا پەيدا بولغان ئىششىق يۇقىرىلاشقا باشلىدى. ئاخىر بۇ كېسەلدىن ساقىيىشقا كۆزى يەتمەي قالدىغان يۈسۈپ خوجا:
— ئەي، يارۇبۇرادەرلەر، بۇگۈن ئۇلۇغ ۋىدا كۈنىدۇر. كۆپ يىللاردىن بېرى سىلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ يۈرگەنىدىم. ئەمدى سىلەردىن ئىلتىماسىم شۇكى، مېنىڭدىن خاھى قەستەن، خاھى سەۋەنلىك ۋەجىدىن كۆڭلۈڭلار ئاغرىغان بولسا كەچۈرگەيسىزلەر. مېنىڭدىن رازى ۋە خۇشنۇد بولغايسىزلەر.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ بۇ كېيىن ساقىيىشقا ئۈمىدىم يوق. مەن ئۆز جەستىمنى ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ ئايىغىغا ئۆزۈم ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدىم. مېنىڭ ئورنۇمدا پەرزەنتىم ئابدۇللا خوجا قالدى، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى ۋە ئەتىسىلا يوپۇرغا ئارقىلىق يەكەنگە ماڭدى. بۇغراقۇم دېگەن يەرگە بارغاندا بىرئاز قىينالدى. بىللە ماڭغان تېۋىپلا ئەندىشە ئىچىدە قالدى. ئۇلار شۇ يەردە توختىدى. ئەتىسى بامداتتا بىرئاز ياخشى بولغاندەك قىلىۋىدى، يولنى يەنە داۋام قىلدى. يەكەنگە يېقىنلاشقاندا يۇسۇپ خوجىنى تەختىراۋان بىلەن ئېلىپ ماڭماق بولۇۋىدى، ئۇنىماي شاھانە لىباسلىرىنى كىيىپ، بېلىگە كۈمۈش كەمىرىنى باغلاپ، تەگرىتېغى بىلەن بۇ ئۇزۇن يوللارنى بىرنەچچە قېتىم بېسىپ ئۆتكەن ئېتىغا مىندى - دە، شەھەرگە تەنتەنە بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇنى ياقۇپ خوجا باشلىق بارلىق ئوردا خادىملىرى، ئۆلىما - پازىللار كۈتۈۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

بىزدە: « ۋاي، چالا قالغان ئالەم » دەيدىغان گەپ بار. بۇ گەپ يۈسۈپ خوجىغا ئوخشاش باشلىغان ئىشىنى ئاخىرىغا يەتكۈزەلمىگەن ئادەملەرگە قارىتىپ ئېيتىلغان بولۇشى كېرەك. ئۇ يەكەنگە كېلىپ ئۈچ ئاي ياتقاندىن كېيىن يورۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۈ خوشلاشتى. لېكىن، بۇ يورۇق دۇنيادىكى باشقا ئادەملەر ئۆزلىرى خالىغان ئىشلارنى ۋە ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. مەسىلەن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى جۇڭغار تەختىدە مىخنىدەك ئۇستىدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ كەلگەن داباچىنى خاقانى چىندىن ياردەم ئەكەلگەن ئامۇرسەنا ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىنى ئىگىلىدى. خۇنتەيجى داباچى يېقىن ئادەملىرى بىلەن ئۆزىنى تەڭرىتېغىنىڭ قوينىغا ئاتتى. ئۇ مۇز داۋان ئارقىلىق ئەردەۋىلگە كېتىشىنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئامۇرسەنانىڭ بۇ يولغا پىستىرما قويۇشىدىن گۇمانلىنىپ يارالغاندىن بېرى ياۋايى هايۋانلاردىن باشقا ئادەمزاتنىڭ ئايىغى تەگمىگەن گېدەن① تاغلىرىنىڭ قارىغايلىق ساي ـ جىرالىرىنى، شامال ئۆكسۈمەيدىغان دۆڭ ـ قاپتاللىرىنى بېسىپ ئۈچ تەرەپكە ماڭدى.

ئۆمۈر بويى جۇڭغارلارغا يۆلىنىپ مەنسەپ ـ ئەمەلدىن ئايرىلماي كېلىۋاتقان غوجاش بەگ خۇنتەيجى داباچىنىڭ ئەمدى ئۆزىگە يۆلەك بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، خەنجىرىنى يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئۇنى قارشى ئالدى. ئۇنىڭ ئالدىغا تاۋاق ـ تاۋاق گۆش، مېيى چەلگىنىپ تۇرغان شورپىلارنى، بۆلاق سۈيىدەك مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان هاراقلارنى، سۈتلىگەن

---

① گېدەن ـــ سۈمبە دەرياسىنىڭ كۈنچىقىشىدىكى تاغلار.

چايدەك ئەركىلەرنى قۇيۇپ تويغۇچە يېگۈزۈپ، مەست بولغۇچە ئىچۈردى ـ دە، ئاندىن تۇتقۇنغا ئالدى.

تەبىئەتشۇناسلار بەزى ئۆسۈملۈكلەرنى، مەسىلەن، ئۆزىنىڭ سالمىقىنى كۆتۈرەلمەي يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى «يۆگىمەچ نەسىللىكلەر» دەپ ئاتايدىكەن. بۇنداق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ، ئۈچ تارتىش يولىدا قانداقلا نەرسە يولۇقسا شۇنىڭغا يۆگىشىپ ئۆسۈشكە ئامراق بولىدىكەن. غوجاش بەگمۇ ئەنە شۇنداق يۆگىمەچ مىجەز ئادەم ئىدى. لاما تاجى تەختىدىن ئايرىلىپ، ئورنىغا داباچى كەلگەندە ئۈچتىن ئۈچ تارتىپ كېلىپ ئۇنىڭ پۇتىغا يۆگەشكەنىدى. ئەمدى ئامۇرسەنانىڭ تەختكە ئولتۇرغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا يامىشىش ئۈچۈن داباچىنى تۇتقۇن قىلدى ـ دە، پۇت ـ قولىنى باغلاپ «ئۇلۇغ ئەمرچى» ئامۇرسەنانىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

ئامۇرسەنا «ئۆز خەلقىگە، شۇنىڭدەك ئۆزىگە مەنسەپ ـ ئەمەل بەرگەن داباچىغا ۋاپا قىلمىغان بۇ ئادەم ماڭا ۋاپا قىلامدۇ؟» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ جۇڭغار تەختىگە ئولتۇرۇشىغا ياردەملەشكەن مانجۇ قوماندانى سارۇنجاپنىڭ داباچىنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى ئۆز خانىغا كۆرسىتىپ، ماختانغۇسى كەلگەنلىكىنى بايقاپ، داباچى بىلەن غوجاش بەگنى بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا ئەۋەتىشكە كېلىشتى. ئامۇرسەنانىڭ جۇڭغار تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن كەلگەن ئابدۇۋاھاپ بەگ ئۇنىڭغا قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەنلەردىكى خوجىلارنىڭ قوزغىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ:

ـــ ھازىر ئۇلار ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىپ، جۇڭغارلارنىڭ ئىختىيارىدىن چىقىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭلىۋالغۇچە لەشكەر تارتىپ، جازالاش لازىم، ـــ دېگەن مەسلىھەتنى بەردى.

بۇنداق مەسلىھەتنى غوجاش بەگمۇ بەرگەنىدى. بۇ مەسلىھەت

www.uyghurkitap.com

يېڭى خۇنتەيجى ئامۇرسەناغا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇۋاتقان مانجۇ ئەمەلدارى سارۇنجاپقا يېقىپ قالدى. بىراق، ھازىرنىڭ ئۆزىدە قەشقەرىيەگە لەشكەر تارتىشنىڭ ئىلاجى يوق ئىدى. سارۇنجاپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن لەشكەرلىرىنىڭ ھېرىپ - چارچىغانلىقىنى، ئامۇرسەنا بولسا ئۆز خانلىقىنىڭ تېخى رەتكە چۈشمىگەنلىكىنى ئويلايتتى.

— ئۇ ئۈچ شەھىرىنى ئىشغال قىلماق ئاساندۇر، — دەپ يەنە مەسلىھەت بەردى ئابدۇۋاھاپ بەگ، — ئىلىدا گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان ئىككى خوجا بار. بۇلار ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى، ئەخمەت خوجىنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر، يەنى قەشقەرىيەنىڭ خوجىلىرىدۇر. ئەگەر بۇ خوجىلارنىڭ بىرسىنى ئىلى ۋادىسىدا تۆرە (خان) دەپ ئېلان قىلىپ، ئاندىن قەشقەرىيەگە ئاز - تولا جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن ئاز - تولا مانجۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ بارسا قەشقەر خەلقى ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇ يەرلەرنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن بۇ خوجىلارنىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىقىنى ھەرقايسىلىرى ئۆزلىرى بىلەرلا.

ئۇنىڭ بۇ پىكرى ئىككى ھۆكۈمدارغا — ئامۇرسەنا بىلەن سارۇنجاپقا ماقۇل كەلدى - دە، دەرھال ئېرەن قابىرغىغا ئادەم ئەۋەتىپ، بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خان خوجىنى چاقىرتىپ كەلدى. ئاندىن بۇرھانىدىن خوجىغا خانلىق مەنسىپىنى بېرىپ، ئۇنى بىرنەچچە مىڭ مانجۇ ۋە جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن قەشقەرىيەگە ئەۋەتتى. بۇرھانىدىن خوجا ئەردەۋىل شەھىرىنى، ئۈچنى ھېچقانداق قارشىلىقسىز ئىگىلىدى، بۇ خەۋەر تېز ئارىدا يەكەنگە ئاڭلاندى. ئوردا ئەركانلىرى ياقۇپ خوجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ: «ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا سۇستكەشلىك قىلىش ياخشى ئەمەس. شۇڭا، ئىجازەت بەرسىڭىز، بۇرھانىدىن خوجا لەشكەرلىرى بىلەن بۇياقلارغا كەلگۈچە، بىز لەشكەر توپلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارساق» دېگەن تەكلىپنى بەردى. ياقۇپ خوجا بۇ تەكلىپكە ئۈچ - تۆت كۈنگىچە جاۋاب بەرمىدى. پۈتىنىڭ

ئاغرىقى كۈچىيىپ كەتكەن يۈسۈپ خوجا ئۇلارغا قارشى لەشكەر ئەۋەتىشكە قوشۇلمىدى. «ئەگەر ئەۋەتكەن لەشكەرلىرىمىز مەغلۇپ بولسا، دۈشمەنلەر ئۇلارنى قوغلاپ بۇ يەرلەرگە كېلىدۇ. بۇ ئىش ئۇلارنى قىچقىرىپ كەلگەندەك بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز تەرمە بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر خىل ئايماقلارنىڭ ئادەملىرى بار. بۇنداق لەشكەرلەرگە دېگەندەك ئىشەنگىلى بولمايدۇ» دېدى. ياقۇپ خوجا ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. لېكىن، باشقىلار ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي لەشكەر توپلاشقا كىرىشتى. بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كۆپ ئادەم لەشكەرلىككە ئېلىندى. بۇلارنى يەھيا خوجا باشلاپ بارىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا قاغىلىق ھاكىمى مىرغوز بەگ، توختى بەگ، خۇدابەردى دېگەن ئادەملەر ھەمراھ بولۇپ قەشقەرگە ماڭدى. بۇلار مېڭىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە يۈسۈپ خوجا باقىي دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلى ئابدۇللا خوجا تەختكە ئولتۇردى. ئىنىسى مۆمىن خوجا قەشقەر لەشكەرلىرىگە سەردار بولۇپ بەلگىلەندى. ئۇنىڭغا بەشكېرەم ھاكىمى بەھرەم بەگ، پەيزاۋات ھاكىمى نىياز بەگلەر ياردەمچى بولدى. ئۇلار ئۈچ شەھىرىگە باردى. بۇلارنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان بۇرھانىدىن خوجا دەرھال ئۆز لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ تەييارلاندى.

ئەنە شۇ چاغدا ئۆز لەشكەرلىرىنى شاھمات سىياقى ئورۇنلاشتۇرغان مۆمىن خوجا بىلەن يەھيا خوجىلار: «ئاۋۋال بۇرھانىدىن خوجىغا ئەلچى كىرگۈزسەك، تەسلىم بولمىسا، ئۇرۇش باشلىساق» دېگەن ئويغا كېلىپ، بەشكېرەم ھاكىمى بەھرەم بەگنى، خەزىنىچى توختى بەگنى، ئۆمەر مىرزىنى، مۇنكى ئىسىملىك يەنە بىر ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ ماڭدۇردى. ئۇلار ئۈچ شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلدى ۋە بۇرھانىدىن خوجىنىڭ رۇخسىتى بىلەن شەھەرگە داخىل بولۇپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. بۇ يەردە بۇرھانىدىن

خوجىدىن باشقا مانجۇ لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى تورۇمتاي دارىن، جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى دانچىن جىسىڭ، شۇنىڭدەك ئۈچ شەھىرىنىڭ ھاكىمى غوجاش بەگ، ئۇنىڭ ئوغلى مۇزەپپەر بەگ ۋە سايرام، دولان ھاكىملىرى، يۈسۈپ خوجا قەتل قىلغان ئىشىكئاغا خۇدايار بەگنىڭ باللىرى (بۇلار ئاتىسى تۇتقۇنغا ئېلىنغاندا ئەردەۋىلگە قېچىپ كېلىپ، ئۇ يەردە بۇرھانىدىن خوجىنىڭ لەشكەرلىرى كەلگەندە، شۇلارغا قوشۇلۇپ ئۇچقا كەلگەنىدى)، ئاخۇنلاردىن مولاغوز ئاخۇن، موللا قۇتلۇق ئاخۇن، موللا بارات ئاخۇن، سوپىلاردىن مۇندى سوپى، رەھمەت سوپى، نىياز سوپى قاتارلىق ئادەملەر بار ئىدى.

كىرگەن ئەلچىلەرنىڭ بىرى بېشىغا قىستۇرۇلغان خەتنى ئېلىپ بەردى. سەرمۇنشى ئوقۇشقا باشلىدى: «ئەي، غوجاش بەگ! ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭكى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى زالىم جۇڭغارلارغا تەۋە بولۇپ كەلگەنىدۇق. ئاللانىڭ پەزلى - كەرىمى بىلەن يات دىندىكىلەردىن يۈز ئۆرۈدۇق. ئۈمىد باركى، ئاللاتائالا ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغاي، ئەمدى سىزگە سۆز شۇلكى، سىزمۇ يات دىندىكىلەردىن يۈز ئۆرۈپ ئىسلامغا يارى بەرگەيسىز. ئىسلامغا يارى بېرىپ بەيئەت قىلسىڭىز، بىز ئەردەۋىلدىكى ئابدۇۋاھاپ بەگنىڭ قېشىغا بارىمىز. ئۇ كىشى ھەم ئىسلامغا بەيئەت قىلسا، ئىتتىپاقلىشىپ ئۇشبۇ شەھەرلەرنى مەھكەم تۇتساق، ھەركىم ئۆز مەنسىپىنى قولغا ئېلىپ، ئىسلام تەرىقىسى (ئۇسۇلى) بىلەن يۇرتقا سەرەمجان بەرسەك. توغرا يول تۇتۇش بىرلە قارا يۈزىمىزنى ئاقارتساق، نەچچە يىلدىن بېرى ئەقلىمىزدىن ئازغىنىمىزغا توۋا قىلىپ، جەڭ ئەيلىمەك بىلەن ئۆلسەك شېھىتلىك مۇقامىغا يېتەرمىز. ئەي، غوجاش بەگ! سىز ھەم قوبۇلى ئىسلام ئەيلەپ جان - دىل بىلەن ئىتائەت قىلسىڭىز، سىزگە ھېچبىر دەخلى بەرمەي، ئۆز دىيارىڭىزدا ھاكىم بولۇپ تۇرىۋېرىسىز، بۇرادىرىڭىز ئابدۇۋاھاپ بەگكە ھەم ۋەدىمىز شۇلدۇر. ئەگەر قوبۇلى ئىسلام

بولمىسىڭىز، نەچچە گەرد (تۈركۈم) يەكەن لەشكىرى، نەچچە گەرد قەشقەر لەشكىرى، خوتەن لەشكىرى ۋە يەنە نەچچە مىڭ كىشى ئارقىمىزدىن كېلەدۇر. بۇ لەشكەرلەر بىلەن شەھىرىڭىزلارنىڭ گەردىنى (توپىسىنى) ئاسمانغا سورۇپ، خەلقنى ئەسىر ئەيلىگەيمىز. نامە تامام، ۋەسسالام.»①

بۇرھانىدىن خوجا خەتكە يېزىلغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇچلۇق بېشىنى سىلاپ قويدى ـ دە:

— «ئىسھاقىيە» خوجىلىرى خام خىيال بىلەن بۇ يەرگە كەپتۇ. ئامۇرسەنا خاقانى چىنغا بېرىپ ئۇ يەردىن نۇرغۇن لەشكەرلەر ئەكىلىپ، ئىلىدىكى خۇنتەيجىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. بۇرۇنقى خۇنتەيجىنى تۇتقۇن قىلىپ خاقاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ھازىر ئىلىنىڭ ئىچى خاتىرجەملىك تاپتى. چىڭ خاقانى چىن بىلەن ئامۇرسەنا بۇ يۇرتلارنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى بىزگە ئىلتىپات ئەيلىدى. ئەمدى «ئىسھاقىيە» خوجىلىرى بۇ يۇرتلارنى بىزگە قويۇپ بېرىپ ئىلىغا بارسۇن ـ دە، ئۇ يەردىكى ئۇلۇغلاردىن ئۆز گۇناھلىرىغا كەچۈرۈم تىلىسۇن. ھازىر بۇ يەرگە دانچىن جىسىڭ بىرەر مىڭدەك لەشكىرى بىلەن، تۇرۇمتاي دارىن ئەلچى ھېسابىدا تۆت يۈز لەشكىرى بىلەن كەلدى. بەش مىڭدەك تاغلىق لەشكەرلەر، يەنە ئون مىڭدەك جۇڭغار لەشكىرى ئەردەۋىلگە كەلدى. بىز ئۇ لەشكەرلەرنى جەملەپ بۇ خوجىلار تۇرماق، ئۇلارنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ بەچچىلىرىنىمۇ قويىدەك بوغۇزلايمىز. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلساق، خاقانى چىن بىلەن ئامۇرسەنانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايمىز، — دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئەلچىلەر ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويدى. بەھرەم بەگ بىلەن نىياز بەگلەر جۇڭغارلاردىن پاناھ تىلەپ شۇ يەردىلا قالدى. قالغانلىرى بۇرھانىدىن خوجىغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق

① مۇھەممەد سادىق كاشغەري: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

قىلىدىغان لەشكەر بىلەن بۇ تەرەپكە ئۆتۈشكە ۋەدە بېرىپ قايتتى. ئۆز تەرىپىگە كەلگەن ئەلچىلەر بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى يەھيا خوجا بىلەن مۆمىن خوجىلارغا يۈز ھەسسە ئاشۇرۇپ بايان قىلدى. ئەلچىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان غوجىزادىلەر:

— بىز ئاللانىڭ رىزاسى ئۈچۈن غەيرىي دىندىكىلەرگە تىغ كۆتۈردۇق، ئەگەر بىزنىڭ ئەجەل شاھادىتىمىز بۇلارنىڭ قولىدا بولسا بۇ ھەم ئىمام ھەسەن①دىن قالغان مىراسىمىزدۇر. بۇرھانىدىن خوجا غەيرىي دىندىكىلەرنى ھىمايە قىلماي بۇياقلارغا كەلگەن بولسا، قېرىنداشىمىز بولغىنى ئۈچۈن قايسى شەھەرنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى ئىختىيار قىلسا بېرەر ئىدۇق. بىز بۇ لەشكىرى غەيرىي دىندىكىلەرنى باشلاپ كەلگەن قېرىنداشىمىزدىن بىزاردۇرمىز. بىز بۇ يەرگە بۇرھانىدىن خوجىنىڭ قەدەم باسقىنىدىن بىخەۋەر ئىدۇق. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۇلارنى غەيرىي دىندىكىلەر قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. ئەمدى قازادىن ھەرنىمە كەلسە رىزادۇرمىز، — دېدى.

ئەسلىدە بۇلارنىڭ لەشكەرلىرى ياخشى قورallanغان ۋە ئاتلىرى سېمىز ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشىمىز دەپ ئويلىغانىدى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مانجۇ خانلىقىنىڭمۇ لەشكەرلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇسۇپ خوجىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، ئەلچىلىككە بارغانلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ يۈز ئۆرۈشى بۇنداق چوڭ ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى. شۇنىڭغا قارىماي، غوجىزادىلەرنىڭ لەشكەرلىرى جۇڭغار لەشكەرلىرىنى ئۈچ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بىرنەچچە قېتىم سۈرۈپ باردى. ئەنە شۇ چاغدا بۇرھانىدىن خوجىنىڭ: «بىز تەرەپكە يان بېسىپ، لەشكەرلىرىمىزگە قوشۇلساڭلار، تۆرەمگە خەت

① ئىمام ھەسەن — شىئە مەزھىپىدىكى ئون ئىككى ئىمامنىڭ بىرى بولۇپ، 875 ـ يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان.

سۇنۇپ دارخان[①]لىق مەنسىپىنى ئېلىپ بېرىمەن» دېگەن ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ئىمانى سۇس كىشىلەر، مەسىلەن، يەكەندە شاڭ بەگلىك خىزمىتىنى قىلىدىغان خۇدابەردى بەگ، قاغىلىق ھاكىمى مىرغوز بەگلەر ئۆزلىرىگە قاراشلىق لەشكەرلەر بىلەن جۇڭغارلارغا قوشۇلدى، نەتىجىدە جۇڭغار لەشكەرلىرى كۈچىيىپ كەتتى. غوجىزادىلەر قانچە غەيرەت قىلسىمۇ بولمىدى. ئۇلار سوقۇشا ـ سوقۇشا چېكىنىپ قەشقەرگە كەلدى.

مۆمىن خوجىنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قايتىپ كېلىشى يۇرت ئىچىدە تۈرلۈك پىتنە ـ پاساتلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى. بۇ چاغلاردا يۈسۈپ خوجا خەت يېزىپ ئەنجان تەرەپكە ئەۋەتكەن دەرۋىش باقاۋۇل دىنىي ئىسلامغا يار بەرمەكچى بولغان موللا مەسجىت ئاخۇن، موللا نورۇز ئاخۇن ۋە قىبات مىرزا دېگەن قىرغىزلارنىڭ سەردارىنى قەشقەرگە باشلاپ كەلگەنىدى. ئوردىدا موللا مىجىت دېگەن بىر ئاخۇن بولۇپ، ئۇنى يۈسۈپ خوجا ئوردىدىكى سىپاھلارنىڭ باشلىقى قىلغانىدى. شۇ كىشى قىبات مىرزىنىڭ ئالدىغا كىردى: «ئەمدى ئالەم ‹ئاق تاغلىق› خوجىلارغا باقتى. ‹قارا تاغلىق›لار ئەمدى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي قاچىدۇ. بۇرھانىدىن خوجام كەلسە سىلىنى قەشقەرگە ھاكىم قىلىدۇ» دەپ ۋەسۋەسە قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىبات مىرزا ئابدۇللا خوجىغا خادىملىرى ئارقىلىق: «بىز بۇ خوجامىلارنىڭ ھېچقايسىسىغا دۈشمەن ئەمەس. شۇڭا، ھېچكىمگە قارىتا ئوق ئاتمايمىز. خالىس تۇرىمىز» دېگەن جاۋابنى بەردى. ئابدۇللا خوجا بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ قاتتىق مەيۈسلەندى. «بىر ئۈمىد مۇشۇ قىبات مىرزا دېگەن كىشىدە ئىدى. ئۇ ھەم بۇزۇلۇپتۇ. ئەڭ بولمىغاندا بۇلار بىلەن بىر ـ ئىككى نۆۋەت جەڭ قىلىپ، ئاندىن شەھەرنى بوشىتىپ بەرسەك بولاتتى. ھازىر قېچىپ كەلگەن لەشكەرلەردە جۈرئەت يوق. قەشقەر خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇلارغا مۇرىت ـ

① دارخان ـــ يۇقىرى مەنسەپ.

مۇخلىستۇر. ئۇلار بەلكى بىزنى تۇتۇپ بېرىشتىنمۇ يانمايدۇ» دەپ ئويلىدى. شۇ ئەسنادا موللا مىجىت دېگەن سىپاھلارنىڭ باشلىقى: «ئابدۇللا خوجا ئەمدى تەختنى خالىي قىلسۇن. ئۇنىڭ ئىگىسى كەلدى. قەشقەر خەلقىنىڭ تەلىپى شۇدۇر. بولمىسا ئۆزىگە خەتەر بولىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى يەتكۈزدى.

بۇ چاغدا بۇرھانىدىن خوجىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا ماڭغان ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىمەكتە ئىدى. ئەمدى ئابدۇللا خوجىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشقا چامى يەتمەي قالدى ـ دە، خۇش كېپەك ھاكىمدىن مەسلىھەت سورىدى.

ـــ ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر، ـــ دېدى خۇش كېپەك، ـــ بۇرۇنقىدەك ئامەت ـ كامرانلىق يوقتۇر. مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، يەكەنگە بارمىسىلا. ئۇ يەردىمۇ جان قۇتقۇزغىلى بولماس. ئەگەر بىرەر تەقدىر بىلەن بۇلارنىڭ قولىغا چۈشسىلە قەتل قىلىشتىن يانمايدۇ. شۇڭا، ئەنجان تەرەپكە بارايلى. مەن ھەم بىللە بېرىپ خىزمەتلىرىدە بولاي. شۇ چاغدا بۇرھانىدىن خوجا بىزدىن ئېھتىيات قىلىپ، يەكەنگە لەشكەر تارتالماس.

ـــ ھەي خۇش كېپەك، مەسلىھەتىڭىز ناھايىتى توغرا، لېكىن قىبلىگاھىم باباقامنى تاشلاپ، ئۇياققا بېرىشىم توغرا ئەمەس. ئۇ كىشى بىزدىن رازى بولماس. ئۇ كىشىنى رازى قىلماي يەتتە ئىقلىمغا پادشاھ بولغاندىن كۆرە، ئۇ كىشىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۆلسەك ئابرۇيىدۇر، ـــ دېدى ئابدۇللا خوجا ۋە خۇش كېپەك بىلەن خوشلاشتى ـ دە، شۇ كېچىسى ئۆزىنىڭ خاس ئادەملىرى بىلەن يەكەن تەرەپكە ئاتلاندى. خۇش كېپەك ھاكىم ئەھلى ئايالى بىلەن ھويلىسىغا كىتىۋاتقاندا، ئۇردا سىپاھلىرىنىڭ باشلىقى موللا مىجىت بىر تۈركۈم ئادەملىرى بىلەن ئۇلارنى بۇلاپ ـ تالىدى. خۇش كېپەك ھاكىم ئاغىچىسى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن كىشى بىلەن قېچىپ ئەنجان تەرەپكە يول ئالدى. موللا مىجىت دېگەن سىپاھلارنىڭ باشلىقى خۇش كېپەك

هاكىمنىڭ غار ئىچىگە كىرىپ مۆكۈۋالغان ئەزىمشاھ ئىسمىلىك ئوغلىنى تۇتۇپ بۇرھانىدىن خوجىغا «تۆھپە» قىلدى. ئۇنى شۇ هامان قەتل قىلدى. موللا مىجىت بۇرھانىدىن خوجىنىڭ هۆرمىتىگە ناغرا ـ سۇناي چالدۇردى. بۇرھانىدىن خوجا قەشقەرگە كېلىپ تەخت ـ سەلتەنەتكە ئىگە بولدى.

ئەتىسى ئۈچ تەرەپتىن كەلگەن لەشكەرلەر توپ ـ توپ بولۇپ يەكەنگە ماڭدى. بۇلارغا بۇرھانىدىن خوجا تەرىپىدىن قەشقەرگە هاكىم بولۇپ بەلگىلەنگەن قىبات مىرزا ئۆز قارىمىقىدىكى لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەن ياقۇپ خوجا شەهەر سېپىلىنى پۇختىلاپ، ئىشلىرىنى ۋە لەشكەرلەرنىڭ هەربىي ياراغلىرىنى غازى بەگكە تاپشۇردى. بۇرھانىدىن خوجىنىڭ لەشكەرلىرىگە قارشى يەكەندىكى شاهزادىلەر ـ غوجىزادىلەر باشلىق ئۈچ مىڭ لەشكەر ئاتلاندى. ياقۇپ خوجا ئۇلارنى ئۇزىتىپ:

— ئۇلارغا زىنهار ئوق ئاتماڭلار، پەقەت شەرىئەتنىڭ رۇخسىتى بولغاندىلا ئوق راۋان قىلغايسىزلەر! — دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى جەڭگاهتا سەپ تۈزۈپ تۇردى. بىر كۈنى بۇرھانىدىن خوجىنىڭ لەشكەرلىرى قىيقاس سېلىپ، هەملە قىلىشقا باشلىدى. بۇ خەۋەر ياقۇپ خوجىغا يەتكەندە:

— ئۇلار ئاللانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ هەملە قىلسا، ئۇلارغا قارشى ئوق ئېتىش شەرىئەتكە توغرا كەلمەيتتى. ئەمدى جەڭدىن قول تارتماڭلار، ئۆلسەڭلار شېهىت، ئۆلمىسەڭلار غازى بولىسىلەر، — دەپ جەڭ قىلىشقا رۇخسەت بەردى.

بۇنى ئاڭلىغان يەكەن لەشكەرلىرى: «يا، ئاللا!»، «يا، رەسۇلىللا!» دەپ جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. بۇرھانىدىن خوجىنىڭ لەشكەرلىرىدە قورقۇنچ پەيدا بولدى. بۇ ئۇرۇشتا شاهزادىلەردىن ئابدۇللا خوجا، سىدىق خوجا، يەهيا خوجىلار شىجائەتلىك بىلەن جەڭ قىلدى. ئوردا ئەئيانلىرى

(ئەمەلدارلىرى) دىن ئابدۇللا باقاۋۇل، شاھاۋۇدۇن، دەرۋىش باقاۋۇللار بىلەن يۈسۈپ خوجا ھايات چاغدا ئۇنىڭ قەشقەردە قوزغالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەردەۋىلدىن كەلگەن ۋە خۇدايار بەگنىڭ ئورنىغا ئىشىكئاغىلىق خىزمىتىگە بەلگىلەنگەن قاسىم خەزىنىچى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ غەيرىتىنى كۆرسەتتى.

بۇرھانىدىن خوجىنىڭ يەكەننى قامال قىلىشى بىرنەچچە ئايغا سوزۇلۇپ كەتتى. يەنى مىزان (سېنتەبىر) ئېيىدا باشلىنىپ، جەدى (دېكابىر) ئېيىغىچە داۋام قىلىسىمۇ، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا يەكەنلىكلەرنىڭ ئادىمى نۇرغۇن، كۈچى بېسىم ئىدى. لېكىن، ئۇلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ جەڭگە سەپەرۋەر قىلىدىغان ئادەملەردە، يەنى غازى بەگ، نىياز بەگ، ھوشۇر قازىغا ئوخشاش يۇقىرى لاۋازىملاردىكى ئادەملەردە زامانىنىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئىش قىلىش خاھىشى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار «جۇڭغارلار بىلەن خاقانى چىنىنىڭ لەشكەرلىرىگە بۇگۈن تەڭ كەلگەن بىلەن ئەتە ـ ئۆگۈن تەڭ كېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ئۇ چاغدا تەقدىرىمىز قانداق بولىدۇ؟ مەنسەپ ـ ئەمەللىرىمىز، مال ـ مۈلكىمىز قولىمىزدا بولامدۇ ياكى ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىمىزمۇ؟ ھەرھالدا ئالدى ـ ئارقىمىزنى ئويلاپ ئىش قىلىشىمىز لازىم» دەپ ئويلايتتى. يەكەن، قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدە قوزغىلىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ پادىشاھى ھېسابلانغان ياقۇپ خوجىدا دىيارپەرەسلىك، مىللىي ۋە دىنىي ھېسسىيات، يەنى «مۇسۇلمان مۇسۇلمانلارنىڭ قاياشىدۇر» دېگەن چۈشەنچە كۈچلۈك بولۇپ، بۇرھانىدىن لەشكەرلىرىنى (جۇڭغارلار بىلەن مانجۇلاردىن باشقىسىنى) ئۆزىمىزنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرى، شۇڭا ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىش شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. بەزى شاھزادىلەر بىلەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوردا ئەمەلدارلىرى، سەردارلار بولسا: «قانداق قىلىپ بولسۇن، بۇرھانىدىن خوجىنى يوقىتىپ، تەسىر كۈچىمىزنى مۇز ـ داۋانغىچە بولغان

يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كېڭەيتىشىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا كۆتكەن مەقسەتكە يېتەلەيمىز» دەيتتى. بۇرھانىدىن خوجىلار بولسا: «بىزنىڭ ‹قارا تاغلىق›لاردىن ئۆچ ئالىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. بۇلار ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ‹ئاق تاغلىق›لارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولۇپ پۈتۈن قەشقەرىيەنى بۇلاپ ـ تالاپ كەلگەننىدى. ئۇلار ھازىر ‹ئىسلام ئاچىمىز› دېگەن باھانە بىلەن يەنە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئامۇرسەنادەك، خاقانى چىندەك يۆلەنچۈكلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى ھېسابقا ئالمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەرھۇم ئاپاق خوجامنىڭ تەرىقىتىگە ئەمەل قىلىپ ‹ئىشقىيە›، سۇلۇكى ئۈچۈن جان ـ مېلىنى پىدا قىلىدىغان نەچچە مىڭلاپ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىمىز يەنە بار. بىز ئەنە شۇلارغا يۆلىنىپ ئىش قىلساقمۇ بۇ ‹قارا تاغلىق› خوجىلارنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلايمىز» دەپ ھېسابلايتتى.

تۇرۇمتاي دارېن بىلەن دانچىن جىسىڭلار ئۇلارنىڭ بۇ خىل كۆزقارىشىنى قوللىسىمۇ، لېكىن قارىمىقىدىكى لەشكەرلىرىنى ئىلاج بار ئارقا سەپتە تۇتۇپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇلايلىق پەيتنى كۈتەتتى.

مەنسەپ ـ ئەمەل ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن كېچىپ ئۆگەنگەن غوجاش بەگ بىلەن ئابدۇۋاھاپ بەگلەر «بۇ ئۇرۇشتا يەكەن لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى لەشكەرلەرگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئادەملەرنى مەنسەپ ـ ئەمەل ۋەدە قىلىپ، ئۆزلىرىگە مايىل قىلىش» دېگەن پىكىرنى بەردى. بۇ پىكىرگە بۇرھانىدىن خوجا، تۇرۇمتاي دارېن ۋە دانچىن جىسىڭلارمۇ قوشۇلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلارغا ياقۇپ خوجىدىن سالىھ خەلپە باشلىق كەلگەن ئەلچىلەرنى بىر كېچە قوندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى غىياس دېگەن كىشى ئارقىلىق غازى بەگكە: «بىزنىڭ شەھەرنى ئېلىشىمىزغا ياردەملەشسىڭىز، ئۆزىڭىزگە شەھەرنىڭ

هاكىملىقىنى، ئوغلىڭىزغا يەنە بىر شەھەرنىڭ ھاكىملىقىنى بېرىمىز» دېگەن مەزمۇندا خەت چىقاردى. ئۇ خەتكە «ئەي نىياز بەگ، سىز بۇرۇندىن تارتىپ بىزنى ياخشى كۆرەتتىڭىز، ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم ئاتام ئەخمەت خوجىغا بەيئەت قىلغانىدىڭىز. ھالا بىر ئىلاج قىلىپ شەھەرنى بۇزۇپ بەرگەيسىز. بىز سىزنى يەكەن شەھىرىگە ھاكىم قىلغايمىز» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى.

بۇ خەتلەر ئۇنىڭسىزمۇ كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ دەپ قورساق تىڭشاپ يۈرگەن بۇ ئىككى ئادەمنى ئۆزلىرى سۇ ئىچمەيۋاتقان قۇدۇقتا تۇكۇرۇشكە رىغبەتلەندۈردى. ئۇلار بۇرھانىدىن خوجىغا دەرھال خەت يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياقۇپ خوجا ھاكىمىيىتىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، يار - يۆلەكسىز ئامۇرسەنا، بۇرھانىدىن خوجىغا خىزمەت قىلىش ئىشتىياقى بارلىقىنى بىلدۈردى.

نىياز بەگ بىرنەچچە يېقىن كىشىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىغىنىڭ بىر چېتىدىن سىپىلنىڭ تېشىغىچە لەخمە كولاپ، ئىككى ئادەم پاتقۇدەك نەقىپ (يەر ئاستى يولى) تەييارلاشقا كىرىشتى. نەقىپ تەييار بولدى دېگەندە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كىشى ئوردىغا بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى ياقۇپ خوجىغا مەلۇم قىلدى. ئۇ ئوردىدىن كىشىلەر بېرىپ نەقىپنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن نىياز بەگنى تۇتقۇن قىلىشقا پەرمان بەردى...

ياقۇپ خوجا ئۆزى تەربىيە قىلىپ تاغ بويىدىكى يۇرتلارغا ھاكىم قىلغان، كېيىن خان كېرەك - ياراق[1] مەنسىپىنى بەرگەن ھوشۇر قازى جۇڭغارپەرەس دەپ زىندانغا سولانغان بايپولات دېگەن كىشىدىن بۇرھانىدىن خوجىغا خەت چىقاردى. خەتكە: «مەن ئۆز خوجىلىرىمدىن ياندىم. خوجا بۇرھانىدىنغا دېدىم:

---

① ئوردىنىڭ ئەسۋاب ۋە باشقا كېرەك نەرسىلىرىنى باشقۇرىدىغان لاۋازىم.

پالانى كۆنى ئىككى كىشى ئاتلانسۇن، بىز تەرەپتىن ئەللىك ـ ئاتمىش ئادەم كەتمەن بىلەن سىپىلنى يىقىتىپ بېرۇرلەر. ئۇلار شەھەرگە كىرىپلا ئوردىغا يۈگۈرسۇن. ئاشخىچە مەن نەقارا (ناغرىغا) قويغان كىشىلەر ‹خاقان — ئامۇرسەنا› دەپ شادىيانەگە چالادۇر»[1] دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى.

كۇتۇلمىگەندە بايپولات ئەكەلگەن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان بۇرھانىدىن خوجا ھوشۇر قازى بەگكە يەكەننىڭ ھاكىملىقىنى بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلدى. ئەمما، ھوشۇر قازى بەگنىڭ سۇلتان خوجا دېگەن ئوغلى (بۇ ئوغۇل ياقۇپ خوجىنىڭ سىپاھلىرىدىن بىرى ئىدى) ئاڭلاپ قېلىپ: «ئەي، ئاتا، بۇ نېچۈن بەتخىيانەتلىكتۇر ... بۇ نېچۈن شەرمەندىچىلىكتۇر، بىز بۇ خوجىلاردىن ئىلتىپاتلار كۆرۈپ ماقام ـ مەرتىۋىسىگە يەتسەك، يەنە بۇلار ھەققىدە بەتخىيانەت قىلساق، خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ بۇنداق قىلىپ زېمىنغا پادىشاھ بولغاندىن كۆرە، راستلىق بىلەن ئۆلگەن ياخشىراقتۇر»[2] دېۋىدى، ھوشۇر قازى بەگ ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلماي غەزەپلەنگەن ھالدا قولىغا شەمشەر ئالدى.

ئوغلى ئۇنىڭدىن قېچىپ ئوردىغا كەلدى ـ دە، دادىسىنىڭ خىيانىتىنى ياقۇپ خوجىغا مەلۇم قىلدى. بىراق، ئۇ: «سەن ئاتاڭنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا بوھتان قىلىۋاتىسەن» دەپ ئىشەنمىدى. سۇلتان خوجا: «ئەي، ئۇلۇغ پادىشاھىم، يالغان ئېيتسام مەن ئۆلۈمگە لايىق. بايپولاتنى چاقىرىپ، سىياسەت قىلسىلا، ئۇ راستىنى ئېيتىدۇ» دېۋىدى، ياقۇپ خوجا بايپولاتنى چاقىرىپ بىرئاز سىياسەت قىلىۋىدى، ئۇ راستىنى ئېيتتى. ئاندىن ھوشۇر قازى بەگنى ئوردىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا ھەم بىرئاز سىياسەت قىلغاندىن كېيىن ئىقرار قىلدى. ئابدۇقادىر مۆپتى باشلىق يەكەن ئۆلىمالىرى شەرىئەت ھۆكمى بويىچە

---

①② مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

هوشۇر قازى بەگ بىلەن بايپولاتقا ئۆلۈم جازاسى بۇيرۇدى. بىراق، ئابدۇللا خوجا: «هوشۇر قازى بەگنىڭ بىر سەۋەبى باركى، ئۆلۈمگە لايىق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇنى ئۆلتۈرسە، بۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ خىيانىتىنى بالىسى، ئاغىسىنىڭ خىيانىتىنى ئىنىسى ئېيتمايدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈم گۇناھىنى ئوغلى تىلىۋالسا بولىدۇ»① دەپ ئىلتىماس قىلدى. بۇ ئىلتىماسقا ياقۇپ خوجا ماقۇل بولدى.

ئەتىسى قەتل قىلىش مەزگىلىدە ياقۇپ خوجا: «هوشۇر قازىنىڭ گۇناھىنى ئوغلى مېنىڭدىن تىلىۋالدى. مەن سىلەردىن تىلەيمەن» دەپ قەتلنى مەنئى قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆلىما ـ پازىللار: «بۇنداق ئىشلاردا بىر ـ ئىككى ئادەم ئۆلگەنگە هاكىمىيەت هېچ نەرسە بولمايدۇ» دېيىشىپ، بايپولاتنى ئاچقىپ دارغا ئاستى.

نىياز بەگ بىلەن هوشۇر قازىنىڭ ۋەدىسى ئورۇنلانمىغاندىن كېيىن بۇرهاندىن خوجىنىڭ كۆڭلى يەنە مالال بولدى...

«خانىقا» دەرۋازىسىدىن «مەسقىرە» دەرۋازىسىغىچە بولغان ئارىلىق غازى بەگنىڭ مەسئۇللۇقىدا ئىدى. ئۇ ئەنە شۇ دەرۋازىلاردىن جاسۇس چىقىرىپ، بۇرهاندىن خوجا ئەۋەتكەن جاسۇسلارنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەر تاپقان شاهزادىلەر بىلەن ئوردا ئەمەلدارلىرى ياقۇپ خوجىغا غازى بەگنىڭ بۇ ئىشىنى يەتكۈزۈپ: «بۇ غازى بەگ دېگەن هەددىدىن تاشقىرى مەككاردۇر، ئۇنى تۇتۇپ زىندانغا سېلىش لازىم. بولمىسا كۆڭلىمىز تەسكىن تاپمايدۇ. بۇ هيلىگەر بىزگە خىيانەت قىلىشى مۇمكىن. كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىمىز»② دېيىشتى. ئەمما، ياقۇپ خوجا: «سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار راستتۇر. مەن نەچچە قېتىم غازى بەگ بىلەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغان ئادەم. قەسەم ئەھدىگە ئۇ ۋاپا ئەيلىمەسە، مەن ۋاپا

①② مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

ئەيلەيمەن»① دەپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىدى.

ھېچبىر ھىيلە بىلەن شەھەرنى ئالالمىغان بۇرھانىددىن خوجا غازى بەگكە يەنە كىشى كىرگۈزۈپ: «بىز تولىمۇ مالال بولدۇق. بىر ئامال قىلىپ شەھەرنى ئېلىشقا ياردەم بەرسىلە، تۆرەمگە ئېيتىپ، سىلىگە يۇقىرى مەنسەپ ئېلىپ بېرەتتىم» دەپ ئىلتىماس قىلدى. غازى بەگ: «بۇنىڭ جاۋابىنى ئەتە بېرەي» دەپ جاسۇسنى قايتۇردى ــ دە، ئۆزى ياقۇپ خوجىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ:

ــ ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىمئالەم، بىز قاچانغىچە بۇنداق مەھبۇس بولغايمىز. شەھەر ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار تەڭلىك بولماقتا. بەزىلەر ئاچارچىلىقتا ئۇچراپ، قولىدىكى ماللىرىنى ئۆلتۈرۈپ يېمەكتە... شۇڭا ئون ئىككى ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە ئەر خەقلەرنى لەشكەرلىككە چىقىرىپ، بۇرھانىددىن خوجىغا ھەملە (ھۇجۇم) قىلساق، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى پايمال بولۇپ، غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ، ــ دەپ ئىلتىماس قىلدى.

بۇ ئىلتىماسنى توغرا كۆرگەن ياقۇپ خوجا: «ھەممە مۇسۇلمانلار لەشكەرلىككە ئېلىنسۇن. ئۆلسەڭلار شېھىت، ئۆلتۈرسەڭلار غازى بولىسىلەر. بۇ جەڭدىن قاچقانلار مۇناپىق، مۇرتەت بولۇپ غەزەپكە ئۇچرايسىلەر!» دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

شۇنىڭدىن كېيىن غازى بەگ بۇرھانىددىن خوجىغا ئەتە يەكەن شەھىرىدە كىشى قويماي جەڭ مەيدانىغا باشلاپ چىقىدىغانلىقىنى، بىر ـ ئىككى مەيدان ئېلىشقان بولۇپ ئۇنىڭدىن سولغا بۇرۇلۇپ قاچىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ خەت چىقاردى.

شۇ كۈنى كېچە يەكەندىكى خەلقلەرنى ئۇخلىمىدى دېيىشمۇ

---

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

بولىدۇ. ئاتا ئوغلى بىلەن، ئاغا ئىنىسى بىلەن ۋىدالىشتى ـ دە، سەھەر بىلەن شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، جەڭ مەيدانىغا مېڭىشتى (بەزى ھېساب ئەھلىلىرىنىڭ مۆلچەرىچە، شەھەردىكى قىرىق مىڭچە ئادەم سەپەرۋەر قىلىنغانىكەن). بۇلارنىڭ ئالدىدا بۇرھانىدىن خوجىنىڭ لەشكەرلىرى دەريانىڭ تارمىقىدەك ياكى ئاپتاپنىڭ زەررىسىدەك ئىدى. بۇرھانىدىن خوجا يەكەن لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزگەندەك ئەھۋالغا چۈشتى. شۇ چاغدا جەڭ مەيدانىدا ئات ئوينىتىپ يۈرگەن غازى بەگ بىر قىسىم لەشكەرلەرنى باشلاپ ۋەدە بويىچە بالدۇر ئوڭغا، كېيىن سولغا بۇرۇلۇپ تۇغ ـ ئەلەملىرىنى يۆگەپ قېچىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن بۇرھانىدىن خوجا تاللاپ قويغان لەشكەرلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. يەكەن لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ، ھەممىسى دىگۈدەك شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئابدۇللا خوجا باشلىق بىرنەچچە شاھزادىلەر قاچقان لەشكەرلەرنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىسىمۇ، نەتىجە چىقمىدى ...

قىسقىسى، شەھەر ئىچىگە كىرىپ ئۈلگۈرگەنلەر ئامان قالدى ـ دە. ئۈلگۈرمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇرھانىدىن خوجىنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. غازى بەگ ئوردىغا ئەمەس، ئۆز ئۆيىگە بېرىپ يېتىۋالدى. ئۇنى بىرنەچچە قېتىم چاقىرىپ ئوردىغا كەلتۈرەلمىدى. ئاخىر ياقۇپ خوجا: «ئۇل تۇز ھارامى غازىنى ئۆزى تۇتقان قۇرئانغا ۋە جەدى بۇزرۇكۋارىمغا تاپشۇردۇم. بىزنى كۆيدۈرگەن ئوت ئۇنى تېخىمۇ زىيادە كۆيدۈرەر»① دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى.

ئۇلار بىرنەچچە قېتىم «ئەمدى نىمە قىلىشىمىز كېرەك؟» دىگەن مەسىلە ئۈستىدە كېڭىشىپ، ئاخىر «بىزنىڭ نۆۋىتىمىز ئۆتتى، ئۇلارنىڭ نۆۋىتى كەلدى. تەخت ـ سەلتەنەتنى تاشلاپ

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

بۇ يەردىن كېتەيلى» دېگەن قارارغا كەلدى ـ دە، كېچىلەپ «مەسقىرە» دەرۋازىسىدىن چىقىپ قاغىلىق يولىغا چۈشتى.

ياقۇپ خوجىلارنىڭ شەھەرنى تاشلاپ كەتكىنىدىن خەۋەر تاپقان غازى بەگ شادىيانە ناغرىلىرىنى چېلىشقا بۇيرۇق بەردى، ئاندىن ئوغلىنى بۇرھانىدىن خوجىغا ئەۋەتىپ: «مەن بۇ خوجىلارنىڭ لەشكەرلىرىگە زەربە بېرىپ، ئۇركۇتۇپ شەھەردىن چىقاردىم. دەرھال ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن لەشكەر ئەۋەتىپ، ئالدۇرۇپ كەلگەيسىزلەر. ئۇلاردىن بىرسى قۇتۇلۇپ كەتسە، بۇ شەھەردە ئامان ئولتۇرغىلى بولماس»① دېگەن خەتنى يازدى. بۇ خەتنى ئوقۇغان بۇرھانىدىن خوجا راخمانقۇلى بەگ دېگەن كىشىنى بەش يۈز لەشكەر بىلەن قاچقان خوجىلارنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئوردا ئىچىگە نەزەربەند قىلىنغان ئىشكئاغا نىياز بەگ قىزى ئايشەم ئاغىچا بىلەن ھەرەمخانىغا كېلىپ، ئۇ يەردىكى جاھاز ـ مۈلۈكلەرنى ئۆيىگە توشۇش بىلەن بولدى.

مۇشۇ ۋەقەلەرنى بايان قىلغان شۇ دەۋرنىڭ تارىخچىسى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي دېگەن ئادەم «تەزكىرەئى خوجىگان (ئەزىزان)» دېگەن ئەسىرنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق شېئىرنى يېزىپتۇ:

كەلتۇر ساقىي ماڭا جامىڭنى پاتراق،  
كى بۇنداق سۆزدىن بىھوش ـ مەستلىكىم ياخشىراق.  
قالغان سۆزلەرنى يېزىشقا تاقىتىم يوقتۇر،  
بايان قىلىشقا كېكەچتۇرمەن، تىلىم يوقتۇر.

---

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى خوجىگان»دىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇئەللىپتىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، «ئېغىر تىنىقلار» رومانىنىڭ بىرىنچى كىتابى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكىنىگە خېلى يىللار بولدى. بۇ جەرياندا بەزى كىشىلەرنىڭ ماختاشلىرىنىمۇ، دادلاشلىرىنىمۇ ئاڭلاشقا توغرا كەلدى. بۇ يازغۇچى ئۈچۈن تەبىئىي ھالدۇر. چۈنكى، ھەرقانداق ئەسەر ھەممە ئادەمگە ماقۇل كېلىۋەرمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى — ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر بەزىلەرگە ياقسا، بەزىلەرگە ياقماي قېلىشى مۇمكىن.

مەن بىلىمىمنىڭ چەكلىك بولغىنىغا، تارىخىي ھۆججەتلەرنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، ئۇزاق يىللاردىن بېرى يىغىپ توپلاپ كەلگەن، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەنگە ئوخشاش شەھەرلەردە نەشر قىلىنغان ماقالىلەردىن، شۇنىڭدەك تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن ھەرقايسى دەۋرلەردە يېزىلغان تارىخىي كىتاب، رىسالە ۋە تەزكىرىلەردىن پايدىلىنىپ «ئېغىر تىنىقلار» رومانىنىڭ ئىككىنچى كىتابىنى يېزىشقا جۈرئەت قىلدىم. ئەسەرنى سەۋەنلىكلەردىن خالىي دەپ ئېيتالمايمەن. شۇڭا، قەلەم ئەھلىلىرىنىڭ مەن مۇراجىئەت قىلغان بۇ تېمىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولدۇرۇپ، قاراڭغۇ يەرلىرىنى يورۇتىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

ئەڭ ئاخىرىدا مەزكۇر رومانىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى كىتابلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەھرىرلەشكە قاتناشقان يولداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

# ئېغىر تىنىقلار (2)

**ئاپتورى:** يۇسۇپ ئىلياس (قازاقىستان)
**نەشرگە تەييارلىغۇچى:** ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەركىن شېرىپ
**مۇھەررىرى:** ئازات ئالماس
**مەسئۇل كوررېكتورلىرى:** سەنەۋەر، زەمىرە
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 23.375
**نەشرى:** 2010 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 4 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 10001 — 13000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 13501 - 1
**باھاسى:** 62.00 يۈەن